


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن
سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

تۇرغۇن ئالماس

## ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

# ئۇيغۇرلار

## قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى




دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى

SELENGE

# ئۈچ كتاب



تۇرغۇن ئالماس

# ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

# ئۇيغۇرلار

# قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى

| | |
|---|---|
| تۇرغۇن ئالماس | Turghun ALMAS |
| • هونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى | A bireif History of the Huns |
| • ئۇيغۇرلار | Uyghurs |
| • قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى | Ancient Uyghur Literature |
| نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلجېلىل تۇران | Prepared by Abduljelil TURAN |

İSBN: 978-605-4944-12-5

| | |
|---|---|
| دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشر قىلدى | Published By WORLD UYGHUR CONGRESS |
| 2017 - يىل 1 - ئاي، ميۇنخېن - گېرمانىيە | January 2017 I Munchen – Germany |

# مۇندەرىجە

يېڭى نەشرىگە ئىلاۋە ........ XI
نەشرىياتتىن ........ 0001

## هونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

### بىرىنچى قىسىم

قۇدرەتلىك هون تەڭرىقۇتلۇقى ........ 0005
بىرىنچى باب: هونلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ........ 0005
ئىككىنچى باب: باتۇر تەڭرىقۇت ........ 0016
ئۈچىنچى باب: كىيوك تەڭرىقۇت ۋە كونچىن تەڭرىقۇت ........ 0032
تۆتىنچى باب: هون تەڭرىقۇتلۇقى بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار ........ 0034
بەشىنچى باب: خەن سۇلالىسى ۋە غەربىي يۇرت ........ 0042
ئالتىنچى باب: پەرغانىگە يۈرۈش ........ 0049
يەتتىنچى باب: هونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ........ 0056
سەككىزىنچى باب: ئۇيسۇنلار ........ 0060
توققۇزىنچى باب: هون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى ........ 0069
ئونىنچى باب: دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتى ........ 0078

### ئىككىنچى قىسىم

غەربىي هونلار ۋە شەرقىي هونلار ........ 0083
بىرىنچى باب: غەربىي هونلار ........ 0083
ئىككىنچى باب: شەرقىي هونلار ........ 0095

### ئۈچىنچى قىسىم

هونلار جۇڭگودا ........ 0101
بىرىنچى باب: هونلارنىڭ جۇڭگوغا كۆچۈپ كېلىشى ........ 0101
ئىككىنچى باب: هونلارنىڭ جۇڭگودا قۇرغان دۆلەتلىرى ........ 0102

## تۆتىنچى قىسىم


هونلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى ۋە ھەربىي تۈزۈمى ........ 0112

بىرىنچى باب: هونلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى ........ 0112

ئىككىنچى باب: هونلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى ........ 0119


## بەشىنچى قىسىم


هونلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ........ 0123

بىرىنچى باب: هونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ........ 0123

ئىككىنچى باب: هونلارنىڭ مەدەنىيىتى ........ 0139


## ئالتىنچى قىسىم


تۈركىي خەلقلەرنىڭ ياۋروپادا قۇرغان دۆلەتلىرى ........ 0158

بىرىنچى باب: ياۋروپا هون ئىمپېرىيىسى ........ 0158

ئىككىنچى باب: ياۋروپا ئاۋار خاقانلىقى ........ 0169

ئۈچىنچى باب: هازار خاقانلىقى ........ 0176

تۆتىنچى باب: بۇلغارلار ........ 0181

بەشىنچى باب: ۋېنگرىيە دۆلىتى ........ 0191

قوشۇمچە: ........ 0199

ئۇلۇغ ياۋچىلار ........ 0199


# ئۇيغۇرلار

## I - بۆلۈم


ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى ........ 0215

بىرىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى ھەققىدە ........ 0215

ئىككىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ........ 0241

ئۈچىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنى قۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى ........ 0270

تۆتىنچى باب: ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تەشكىل تېپىشى ........ 0350

بەشىنچى باب: ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىسى ........ 0363

ئالتىنچى باب: ئۇيغۇر قاغانلىقى ۋە تىبەت خانلىقى ........ 0388

يەتتىنچى باب: شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى ........ 0394

سەككىزىنچى باب: ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ........ 0401

نەسەبنامە.......... 0424
سايىبلارنىڭ نەسەبنامىسى.......... 0428

## II بۆلۈم

قاراخانىيلار دۆلىتى.......... 0435
كىرىش سۆز.......... 0435
توققۇزىنچى باب: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە بايان.......... 0435
نەسەبنامە.......... 0477
ئونىنچى باب: قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەشكىل تېپىشى.......... 0479
ئون بىرىنچى باب: سامانىلار ۋە قاراخانىيلار.......... 0505
يىلنامە.......... 0517
ئون ئىككىنچى باب: غەزنەۋىلەر ۋە قاراخانىيلار.......... 0518
ئون ئۈچىنچى باب: ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسى.......... 0547
ئون تۆتىنچى باب: قىتانلار ۋە قاراخانىيلار.......... 0568
ئون بەشىنچى باب: قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈمى.......... 0588
ئون ئالتىنچى باب: قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت.......... 0611
قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مۇھىم تارىخي ۋەقەلەرنىڭ يىلنامىسى.......... 0645

## III بۆلۈم

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى.......... 0650
ئون يەتتىنچى باب: ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى.......... 0650
ئون سەككىزىنچى باب: قاراخانىيلار ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى.......... 0657
ئون توققۇزىنچى باب: ئۇيغۇ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.......... 0661
يىگىرمىنچى باب: ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ غەربىي قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قېلىشى.......... 0670
يىگىرمە بىرىنچى باب: موڭغۇللار ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى.......... 0673
يىگىرمە ئىككىنچى باب: ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يوقىلىشى.......... 0706
يىگىرمە ئۈچىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئوينىغان رولى.......... 0707
يىگىرمە تۆتىنچى باب: ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئىقتىساد.......... 0715
يىگىرمە بەشىنچى باب: ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت.......... 0721
نەسەبنامە.......... 0731

## IV بۆلۈم

ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى.......... 0733

يىگىرمە ئالتىنچى باب: ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ تەشكىل تېپىشى ........ 0733
يىگىرمە يەتتىنچى باب: ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ كۆچىيىشى ........ 0735
يىگىرمە سەككىزىنچى باب: ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى بىلەن تاڭغۇتلار ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ........ 0738
يىگىرمە توققۇزىنچى باب: ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ تاشقى سودا مۇناسىۋىتى ........ 0747

## قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئەپسانە ........ 0751
خەنزۇ خەلق ئەپسانىلىرى ........ 0752
كۇافۇنىڭ قۇياشنى قوغلىشى ........ 0752
پالۋان يى نىڭ توققۇز قۇياشنى ئېتىشى ........ 0753
تۆتىم ........ 0754
بۆرە تۆتىمى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر ........ 0754
سىيانپى ئەپسانىلىرى ........ 0758
رىۋايەت ........ 0766
«كۆچ» رىۋايىتى ........ 0767
«كۆچ» رىۋايىتى ھەققىدە ........ 0769
قوشاقلار ........ 0776
ھونلار ھەققىدىكى قوشاقلار ........ 0778
ئالپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى قوشاقلار ........ 0786
مەلىكە قوشىقى ........ 0788
قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ........ 0797
بەگ تولى ھەققىدىكى قوشاق ........ 0798
تۇرا قوشىقى ........ 0799
«شاھنامە» داستانى ھەققىدە ........ 0813
ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ۋە «شاھنامە» داستانىنىڭ يېزىلىشى ........ 0817
قوشۇمچە: نەسەبنامىلەر ........ 0835
«ئوغۇزنامە» داستانى ھەققىدە ........ 0837
ئورخۇن يادىكارلىقى ........ 0858
قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ........ 0872
دەسلەپكى دەۋرى ........ 0875
كۆچەيگەن دەۋرى ........ 0878
ئاخىرقى دەۋرى ........ 0908

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ........ 0928
يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ھەربىي تەدبىرلەر توغرىسىدا ........ 0934
3) ئۇرۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ........ 0942
4) قوماندان توغرىسىدا ........ 0951
مەھمۇد قەشقىرى ........ 0953
مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار ........ 0959
قاراخانىيلار خاقانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ........ 0978

## ماقالىلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە ........ 0983
ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئوينىغان رولى ........ 1000
يىپەك يولى ۋە خوتەن يىپىكى توغرىسىدا ........ 1009

# يېڭى نەشرىگە ئىلاۋە

تۇرغۇن ئالماس تەرىپىدىن يېزىلغان «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1986 - يىلى ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» 1987 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابى بولسا ئاپتورنىڭ قولىمىزغا چۈشكەن بىر قىسىم قول يازمىسىغا قارىغاندا، نەشرىيات ۋە مۇھەررىرلەر تەرىپىدىن نۇرغۇن يەرلىرى قىسقارتىلىپ، «ئەلگەك»تىن ئۆتكۈزۈلۈپ، 1989 - يىلى ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان. «ئۇيغۇرلار» تارقىتىلغاندىن كېيىن تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئالدىنقى يىللىرى نەشر قىلىنغان «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق كىتابلىرى بىلەن بىرگە، خىتاي «تارىخشۇناسلىرى» ۋە خىتاي «تارىخشۇناسلىرى»نىڭ سەنىمىگە ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئۇيغۇر «تارىخشۇناسلىرى» تەرىپىدىن شىددەتلىك تەنقىدكە ئۇچرىغان. مەزكۇر ئۈچ كىتابنى تەنقىت قىلىش بويىچە «مۇھاكىمە يىغىنلىرى» ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تارىخچىلىرى «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى تەنقىت قىلىش سەپەرۋەرلىكىگە ئويۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچ كىتابنى تەنقىت قىلىدىغان ماقالىلىرى بەس - بەستە يېزىلغان ۋە ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنغان. مەزكۇر ئۈچ كىتاب يىغىۋېلىنغان ۋە كۆيدۈرۈپ يوق قىلىنغان. ئۈچ كىتاب تەنقىت قىلىنغان ماقالىلەر ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللارا ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، كەڭ تەشۋىق قىلىنغانلىقى سىرتىدا، ئايرىم كىتاب قىلىپ تارقىتىلغان. ئەمما «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوقۇشى ۋە ئۆيلىرىدە ساقلىشى جىنايەت ھېسابلىنىپ، ئاپتور تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئەسەر يېزىش ۋە كىتاب نەشر قىلىش ھوقۇقى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئۆزى نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان ھەمدە 90 - يىللاردىن بۇرۇن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى توغرىسىدىكى دەرسلىك كىتابلاردا تۇرغۇن ئالماس ۋە ئۇنىڭ

ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلغان بولسا، مەزكۇر كىتابلارنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى نەشىرلىرىدە مەزكۇر ئەسەرلەر چىقىرىپ تاشلانغان.

«ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى تەنقىت قىلىشقا كۆپلىگەن خىتاي ئالىملىرى ئىشتىراك قىلغانلىقنىڭ سىرتىدا، ئۇيغۇر سايرانى، ئاۋۇت توختى، ئىبراھىم خالىق، سادىر قادىر، ئىبراھىم مۇتىئىي، سابىت ئەخمەت ۋە نىغمەت ياقۇپ.... قاتارلىق ئۇيغۇر ئالىملىرىمۇ بەس - بەستە ئىشتىراك قىلدى.

خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تارىخى ساختىلاشتۇرۇلۇپ، بۇرمىلانغان ئۇيغۇر «تارىخلىرى» كەڭ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابنىڭ زامانغا مۇناسىپ، سۈپەتلىك قايتا نەشىر قىلىنىشى ۋە مۇھاجىرەتتىكى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدە بىردىن بولۇشى دۇنيا ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى ۋە ئارزۇسى بولۇپ، بۇ ئارزۇ ۋە ئېھتىياجنى تەمىن قىلىش دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى.

بۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە كىتابنى زامانغا مۇناسىپ يېڭىدىن قايتا نەشىر قىلىپ تارقىتىش ئىشى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باش كاتىپى دولقۇن ئىيسانىڭ پىلانلىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قولغا ئېلىنغان بولۇپ، 2010 - يىلى «ئۇيغۇرلار» ئايرىم نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلغان ئىدى. بۇ قېتىم ئۈچ كىتابنى بىراقلا نەشىر قىلىپ تارقىتىش قايتا پىلانغا كىرگۈزۈلۈپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە كومپيوتېرغا ئېلىنىپ، ئىملاسى تەكشۈرۈلۈپ، نەشىر قىلىنىش باسقۇچىغا يېتىپ كەلدى.

مەزكۇر ئۈچ كىتابنى نەشىرگە تەييارلاش جەريانىدا، ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن قايتا - قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، كىتابنى قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدە نەشىر قىلىنغان نۇسخىسىدا يول قويۇلغان ئىملا خاتالىقلىرى ۋە قىسمەن جۈملە خاتالىقلىرى تۈزىتىلگەننىڭ سىرتىدا، كىتابنى ئەينەن نەشىر قىلىش، ھەتتا كىتابتا قوللىنىلغان ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى كىتابتا يېزىلغىنى بويىچە «شىنجاڭ» دەپ ئۆز ئەينى قوللىنىش (گەرچە بۇ ئىسىم يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەجبۇرى قوللىنىلىشقا باشلىغان ئاتالمىش ئىسىم بولۇپ، بۇ ئىسىمنى دۇنيا ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى قەتئىي ئېتىراپ قىلمىسىمۇ) قارار قىلىندى.

تۇرغۇن ئالماس ــ 1924 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى كونىشەھەر ناھىيەسى دۆلەتباغ يېزىسىنىڭ تاربوغوز كەنتىدە تىجارەتچى ئىمىن ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى (دەل ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن 11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسى كۈنى) ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇ، باشلانغۇچ ھەم ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يۇرتىدا تاماملاپ، 1937 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىرگە مۇز داۋان ئارقىلىق غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1942 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە، 1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1957 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە، لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇدى. ئۇ 40 ـ يىللاردىن باشلاپلا رۇس، فرانسۇز، ئىنگلىز كىلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادى پائالىيىتىمۇ ئاشۇ يىللاردا باشلانغان.

تۇرغۇن ئالماس چارەك كەم بىر ئەسىرگە يېقىن ئۆتكەن بۇ دۇنيادىكى ھايات مۇساپىسىدە، تۈرغۇ دىشۋارچىلىقلارغا، جۇملىدىن، سۈرگۈن ۋە سىياسىي بېسىمغا ئۇچرىغانىنىڭ سىرتىدا، 1940 ـ ۋە 1970 ـ يىللىرى ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىدە ياتتى.

تۇرغۇن ئالماس 1942 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى تاماملىغاندىن كېيىن، قارا شەھەر ناھىيىسىنىڭ دەنزىل يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر بولدى. 1943 ـ يىلى گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1946 ـ يىلى قويۇپ بېرىلدى. 1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئەخمەتجان قاسىمى، جاڭ جىجۇڭلار قەشقەرگە كەلگەندە، تۇرغۇن ئالماس ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان خەلق ۋەكىللىرى تەركىبىدە جاڭ جىجوڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ ھەققانى مەيدانىنى ئىپادىلىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كېچىسى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىننى قورشاپ، تۇرغۇن ئالماسنى تۇتقۇن قىلىپ، سابىق گومىنداڭ 42 ـ جۇننىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى ھەربىي قاماقخانىسىغا قامىدى. ئۇ سولاقتا ياتقان چاغلىرىدىمۇ «گۈزەللىم» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىقى بىلەن سۇناماس ئىرادىسىنى نامايان قىلدى. 1949 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تۈرمىدىن ئازات قىلىندى. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىدى. تۇرغۇن ئالماس شۇ يىلى 8 ـ ئايدا غۇلجىغا كېلىپ «ئالغا» گېزىتىدە تەھرىر بولدى. 1950 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە، قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىدە جامائەت خەۋپسىزلىك ساھەسىدە

مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلىدى. 1953 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن ئېتىبارەن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قارمىقىدا تەھرىرلىك، تەرجىمانلىق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى.

تۇرغۇن ئالماس 1970 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، چىدىغۇسىز ئاچلىق ۋە 300 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈر كولاشتەك ئېغىر جىسمانى ئەمگەك ئاستىدا 7 يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 1977 ـ 10 ـ ئايدا يورۇقلۇققا چىقتى.

تۇرغۇن ئالماس 80 ـ يىللاردىن بۇرۇن ئەدەبىي ئىجادىيەت (شېئىر، دراما ۋە پوۋېست ئىجادىيىتى) بىلەن شۇغۇللىنىپ «تۇتقۇن»، «غېرىپ موماي»، «جەمىلە»، «ئىككى تامچە ياش»، «چوپان» «تەنلىرىم ياپراق»، «ياشلىقىم»، «ئانا تۇپراق ئۇچۇن» قاتارلىق ئىنقىلابىي شېئىرلارنى يېزىپ، خەلق ئاممىسىنى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. ئۇنىڭ «تەنلىرىم ياپراق» ناملىق شېئىرى خەلق ئارىسىدا ناخشا قىلىپ ئېيتىلىپ، ۋەتىنىنىڭ ھەممە يەرلىرىگە تارالدى.

تۇرغۇن ئالماس ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەندىن بۇيان، ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ «تارىم شاماللىرى»، «تاڭ سەھەر» ناملىق شېئىر توپلاملىرى، «پىچاق» دراممىسى نەشر قىلىندى، تۇرغۇن ئالماس يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەردىن تاشقىرى، ئەدەبىيات ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا دائىر 40 پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى، بۇ ماقالىلەر «تارىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ مائارىپى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى »، «مىللىي يازغۇچىلار» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

تۇرغۇن ئالماس 1980 ـ يىللاردىن كېيىن، تارىخ تەتقىقاتىغا كىرىشكەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر 40 پارچە ئىلمىي ماقالە يازغانىنىڭ سىرتىدا، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇرلار»، «ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى»، «تۈركلەر» ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرلەرنى يازغان.

تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» قاتارلىق ئۈچ كىتابى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يازغان باشقا ئەسەرلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى چەكلەندى ھەمدە

ئۇ، ئېغىر سىياسىي ۋە روھىي بېسىملارغا ئۇچرىدى.

قولىڭىزدىكى «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇرلار» ۋە «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق ئۈچ كىتابنى ۋە تۇرغۇن ئالماسنىڭ ھەر قايسى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئۈچ پارچە ماقالىسىنى قوشۇپ يېڭىدىن قايتا نەشر قىلىپ تارقىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن، بۇ كىتاب ۋە ماقالىلەرنى يېزىش ئارقىلىق ۋەتەن ئىچىدە تۇرۇپ «بۇ ۋەتەن بىزنىڭ» دېگەن سادانى ياڭرىتىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان مەرھۇم ئالىم تۇرغۇن ئالماسنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىمىز.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشرىيات بۆلۈمى

# نەشرىياتتىن

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن بىر نەچچە مىڭ يىللىق يازما تارىخقا ئىگە، ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇن ھازىرقى جەنۇبىي سىبىرىيە، ئالتاي ئېتەكلىرى، موڭغۇل دالاسى، جۇڭغارىيە دالاسى ۋە تارىم ۋادىسى، يەتتەسۇ دەپ ئاتىلىدىغان جۇغراپىيىلىك دائىرىلەرگە يۇلتۇزلاردەك تارقالغان.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ناھايىتى سەلتەنەتلىك دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ مىللەت دەسلەپىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى ۋە قان قېرىندىشى بولغان ھونلارنىڭ ئۇلۇغ ئوغۇز - ھون تەڭرىقۇتلۇقى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 240 - يىلىدىن مىلادى 216 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقى (مىلادىنىڭ 551 - يىلىدىن 744 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) تەركىبىدە ياشىغان بولسا، كېيىن ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن 845 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، قاراخانىيلار دۆلىتى (850 - 1212)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (850 - 1335)، كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى (870 - 1036)، ياركەنت (سەئىدىيە) خانلىقى (1504 - 1678) قاتارلىق قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغان.

ئۇيغۇرلار مانا شۇ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي دەۋرلەردە، مەركىزىي ئاسىيادا قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچ بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، جۇغراپىيىلىك تارىخىنى ۋە پارلاق، مول مەھسۇلاتلىق مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتقان.

پېشقەدەم شائىر ۋە تارىخچى تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» دېگەن بۇ كىتابى مانا شۇ تارىخى جەرياننى خاتىرىلىگەن. تۇرغۇن ئالماس 50 - يىللاردىن باشلاپلا ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىغا كىرىشكەن ۋە ھەرخىل مەنبەلەردىكى مول تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاشقا كىرىشكەن. ئەستايىدىل ۋە مەسئۇلىيەتچان تۇرغۇن ئالماس تارىخقا تارىخچىلىق كۆز قاراش بويىچە ئىلمىي تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىپ، 30 يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش ۋە مۇشەققەتلىك ئەمگىكى ئارقىلىق، بۇ كىتابىدا

تارىخىمىزنىڭ قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھەقىقىي قىياپىتىنى يېزىپ چىقتى.

بۈگۈنكى دۇنيادا ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك. ئۆز ئەجدادى بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي يول بىلەن تونۇشۇش، ئۆز مىللىتىنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى بىلىش بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتى.

1989 ـ يىل، ئۈرۈمچى

# هونلارنڭ قسقچه تاريخى

## ون ئىمپېراتورلۇقى ( مىلادىدىن بۇرۇنقى 174 - يىلى )



# بىرىنچى قىسىم

# قۇدرەتلىك ھون تەڭرىقۇتلۇقى

## بىرىنچى باب: ھونلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى

### سۆز بېشى

ھونلار مىلادىدىن 1500 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 5 - ئەسىرلىرىگىچە (ئىككى مىڭ يىل) بولغان ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي مەزگىلدە ئاسىيا ۋە ياۋروپا تارىخىنىڭ سەھنىسىدە ئىنسانىيەت ئەۋلادىنىڭ يادىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان چوڭقۇر تەسىرلىك مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن. مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر كۈچ سۈپىتىدە دۇنيا تارىخىنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىققان. شۇندىن باشلاپ، تارىختا 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇلۇغ ھون ئىمپېرىيىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 207 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 216 - يىلىغىچە)، 170 يىل ھۆكۈم سۈرگەن غەربىي ھون ئىمپېرىيىسى (مىلادىدىن 46 - 216 - يىللار)، 95 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى (375 - 469 - يىللار) قاتارلىق ئۇلۇغ ئۈچ ئىمپېرىيىنى قۇرۇپ، ئاسىيا ۋە ياۋروپا خەلقلىرى تارىخىدا ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىن ئاجايىپ خاتىرىلەر قالدۇرغان.

ھونلار جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ قەدىمكى دۆلەتلەردىن يىن سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 1600 - 1200 - يىللار). جۇ سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 1200 - 300 - يىللار). چىن سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 246 - 207 - يىللار)، خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 207 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 220 - يىلىغىچە) قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەن. بۇ جەرياندا، ھونلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە نىسبەتەن خېلى زور بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ،

يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭگونىڭ قەدىمكى چاغدىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشقاچقا، ھونلار ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى جۇڭگو تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ھونلار جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرى ۋە تارىخىي يىلنامىلىرىدا ھەرخىل ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنغان. دۇنيادىكى ھونشۇناسلىقتا ئاساس سالغۇچى، ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن (مىلادىدىن 145 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن) ئۆزىنىڭ ئۆلمەس شانلىق ئەسىرى «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ «بەش پادىشاھنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن بابىدا خۇاڭدىنىڭ ھونلارنى شىمالغا قوغلىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن[1]. خۇاڭدى بولسا جۇڭگونىڭ باشلانغۇچ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە ئۆتكەن ئەپسانىۋى خان بولۇپ، ئۇنىڭ بۈنىڭدىن 5000 يىل بۇرۇن ئۆتكەنلىكى ھەققىدە رىۋايەت قىلىنىدۇ. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا، ھونلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ جۇڭگوغا خەۋپ سېلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

تۈركىي خەلقلەر ئەجدادلىرىنىڭ بىرى بولغان ھونلار ئەڭ قەدىمكى چاغدىن باشلاپ ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدا (تاشقى موڭغۇلىيىدە)، چوغاي تاغلىرى (ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى يىگشەن تاغلىرى) نىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا، ئالتاي، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدا ۋە جەنۇبىدا ياشىغان.

ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، «ھون» سۆزى «كۈن» سۆزىدىن كېلىپ چىققانلىقى مەلۇم.

قەدىمكى چاغدا ھونلارمۇ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاشلا قامان (شامان) دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، قامان دىنى كۆپ ئىلاھلىق دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، قامان دىنى بويىچە «كۈن تەڭرى»گە ئېتىقاد قىلىش مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا قەدىمكى چاغلاردا ھونلار ئۆزلىرىنى «كۈنلەر» دەپ ئاتاشقانىكەن. «كۈن» سۆزى كېيىنكى كۈنلەرگە كېلىپ «ھون» سۆزىگە ئايلىنىپ كەتكەنىكەن.

پروفېسسور ئا. زەكىي ۋەلىدى توغانمۇ «ھون» ئاتالغۇسىنى «كۈن» دەپ يازىدۇ[2]. يەنە باشقا تارىخىي مەنبەلەردىمۇ «ھون» سۆزىنىڭ ئورخۇن دەرياسىنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېيتىلىدۇ.

(1) سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر، بەش پادىشاھنىڭ تەرجىمىھالى» خەنزۇچە 5 – بەتكە قارالسۇن.
(2) ئا. زەكىي ۋەلىدى توغان (تۈركىيە تارىخچىسى): «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە 45 – بەتكە قارالسۇن.

قەدىمكى چاغدا ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنى شۇ دەريانىڭ نامى بىلەن «خۇن» دەپ ئاتاشقانىكەن. مانا شۇ «خۇن» سۆزى «ھون» سۆزىگە ئۆزگىرىپ كەتكەنىكەن. ھازىرغىچە يۇقىرىدىكى بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ قايسىسىنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە مۇقىم بىر خۇلاسە چىقىرىلمىدى.

قەدىمكى چاغلاردا ھونلارنىڭ ئالتاي تاغلىرى ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدا ۋە جەنۇبىدا ياشىغانلىقى ھەققىدە يۇقىرىدا ئېيتىلدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار نەتىجىسىدە ئالتاي تاغلىرىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى چاغلارغا دائىر نۇرغۇن ھون قەبرىلىرى تېپىلدى. بۇ قەبرىلەردىن چىققان ھونلارنىڭ جەسەتلىرى (قەبرىلەر سوغۇق قار چۇققىلىرىدا بولغانلىقى ئۈچۈن جەسەتلەر بۇزۇلمىغان) دىن قارىغاندا، ئۇلار ناھايىتى ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل، ئۇستىخانلىق، قاڭشارلىق، يۈزلىرى ئاق سۆزۈك بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىياپەتلىرى بىلەن ئىرقىي جەھەتتىن ئوخشاش. ھونلارنىڭ ئېگىز بوي، قاۋۇللۇقى، چىراي قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى قەدىمكى جۇڭگو تارىخىدىكى مەلۇماتلارمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«خەن يىلنامىسى. جىنمىدى ھەققىدە قىسسە» بابىدا، ھون شاھزادىسى جىنمىدىنىڭ بويى سەككىز چى ئىككى سۇڭ، چىرايى سۇرلۇك دېيىلگەن. بۇنى ھازىرقى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمىدىكى مېتىرغا سۇندۇرغاندا (خەن زامانىسىدىكى بىر چى ھازىرقى 27 سانتىمېتىر 65 مىللىمېتىرغا توغرا كېلىدۇ). ھون شاھزادىسىنىڭ بويى تەخمىنەن ئىككى مېتىر 30 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ پاكىت ئالتاي تاغلىرىدىكى ھون قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ھون جەسەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئېگىز بوي، قاۋۇل ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

شاھزادە جىنمىدى، مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن ھازىرقى گەنسۇدا خەن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ھون خانى قونشارخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇ ھون خانى شىئوت سوگاخاننىڭ ئوغلى ئىدى. جىنمىدى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەنۇۋدى ھوزۇرىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئاتلىرىنى ئۆستۈرۈپ كۆپەيتىش ئىشلىرى بويىچە مەنسەپدار بولغان. جىنمىدى ئۇنىڭ ھونچە ئىسمى ئەمەس. «جىنمىدى» دېگەن ئىسمنى ئۇنىڭغا خەنۇۋدى قويغانىدى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئىنىستىتۇتى تەرىپىدىن 1955 ـ ۋە 1957 ـ يىللىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ھازىرقى شىئەن شەھىرى ئەتراپىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت «شاڭلىنگفەن» دېگەن جايدىن ئالاھىدە

بىر قەبرە تېپىلغان. بۇ قەبرىگە دەپنە قىلىنغان جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك نەرسىلەر ئىچىدىن ئىككى پارچە تۆت چاسا مىس تاختاي چىققان. مىس تاختايغا ئىككى نەپەر ئادەم، ئىككى ئاتنىڭ سۈرەتلىرى نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈلگەن. ئىككى ئادەم بىر - بىرىنىڭ بېلى ھەم پاقالچىقىدىن تۇتۇشۇپ، چېلىشىۋاتقان قىياپەتتە تۇرۇشقان. ئۇلار قاڭشالىق، ياپماچاچ بولۇپ، پاقالچاقلىرى ئورالغان ئىشتان كىيىشكەن. ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى بۇ قەبرىدىن چىققان جەسەتلەرنى ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ياكى ئەلچىلەرنىڭ ھەمرالىرى دەپ، ھۆكۈم قىلىشقان. بۇ قەبرىدىن تېپىلغان نەرسىلەردىن ھونلارنىڭ چاچ قويۇش شەكلى، كىيىنىشلىرى، چىرايى، چېلىشىش ئادەتلىرى بىلەن قىياپەتلىرىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

قەدىمكى چاغدىكى ھونلار بىلەن ئۇيغۇرلار، تۈركلەرنىڭ تىلى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، چىراي - شەكلى دېگۈدەك ئوخشاش ئىدى. جۇڭگونىڭ «ۋېي يىلنامىسى»، «جۇ يىلنامىسى»، «سۇي يىلنامىسى» قاتارلىق قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا چاغدىكى تارىخىي ماتېرىياللىرىدا، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر ھونلارنىڭ ئەۋلادى دېيىلگەن. دېمەك، ئۇيغۇر تارىخىنى بىلىشتە، ھونلار تارىخىنى بىلىش ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ھونلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغدىكى ئەجدادى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى چاغدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىمۇ ئاساسلىق رول ئوينىغان.

## 1. ھونلار ۋە يىلى سۇلالىسى

تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە قارىغاندا، يەر يۈزىدە ئىنسانىيەت پەيدا بولۇپ ھايات كەچۈرۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچە ئۆز بېشىدىن بىرنەچچە ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆتكۈزدى. ئىنسانلار باشتا باشلانغۇچ جامائەت تۈزۈمىدە ياشىغان چاغلىرىدا چوڭ ھايۋانلارنى ئوۋلاش، ئورماندىكى دەرەخلەرنى كېسىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئېچىشتا ئايرىم ھالدا ئەمەس، ئۆملىشىپ ئىشلەشكە توغرا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى چاغلاردا قان - قېرىنداشلار تارقىلىپ كەتمەستىن، ھەممىسى بىر ئۇرۇق بولۇپ ياشايتتى. بۇنداق ئۇرۇقلار بىرنەچچە يۈز كىشىگە يېتەتتى. بۇ ئۇرۇقلار ئەمگەكنى (ئوۋ ئوۋلاش، بېلىق تۇتۇش، بوز يەرلەرنى ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىش) بىرلىشىپ قىلاتتى. ئەمگەك مېۋىلىرىدىن

تـەڭ پايدىلىناتتـى. قـورال ـ ئەسـۋابلاردىن تـەڭ پايدىلىناتتـى. بىـر ـ بىرىنـى ئىزىدىغـان، خۇسۇسـىي مۈلۈككـە ئىگـە بولىـدىغـان ئەھۋاللار يـوق ئـىدى. بىرنەچچـە قوشـنا ئۇرۇقلاردىـن قەبىلـە تۈزۈلەتتـى. بۇنـداق قەبىلىـدىكـى كىشـىلەر بىـر تىلـدا سۆزلىشـەتتى. ئۇلارنىـڭ ئـۆرپ ـ ئادەتلىرىمـۇ ئوخشـاش ئـىدى. قەبىلـە كېڭەشـلىرىدە سـايلانغان يولباشـچىلار قەبىلىگـە يېتەكچىلىـك قىلاتتـى.

ئىنسـانلار كـۆپ ئەسـىرلەر ئـۇرۇق ـ ئـۇرۇق ۋە قەبىلـە ـ قەبىلـە بولـۇپ ياشـىدى. هونلارمـۇ خـۇددى باشـقا جايـلاردا ياشـىغان ئادەملەرگـە ئوخشـاش ئۇرۇقدىـن قەبىلىگـە، قەبىلىدىـن قەبىلىلـەر ئىتتىپاقىغا ئۆتۈشـۈپ، باشـلانغۇچ جامائـەت تۈزۈمىنىـڭ مەلـۇم باسـقۇچىغا كەلگەنـدە دۆلەتنـى شـەكىللەندۈردى. قەدىمكـى چاغـلاردا ئوۋچىلىـق، چارۋىچىلىـق، دېھقانچىلىـق قىلىشـقا بولىدىغـان يەرلەرنـى تالىشـىپ قەبىلىلـەر بىلـەن قەبىلىلـەر ئوتتۇرىسـىدا ئـۇرۇش بولـۇپ تۇراتتـى. بىـرەر قەبىلـە ئۆزىگـە قوشـنا بولغـان كۈچلۈكـرەك قەبىلىلەرنـى يېڭىـش ئۈچـۈن قەبىلىلـەر ئىتتىپاقىنـى قۇرۇشـقا موھتـاج بولۇشـقان. شـۇڭا قـان ـ قېرىنداشـلىقى، تىـل ۋە باشـقا جەھەتتىـن بىـر ـ بىرىگـە يېقىـن كېلىدىغـان قەبىلىلـەر بىرلىشـىپ، تىـل ۋە باشـقا جەھەتلەردىـن ئۆزلىرىگـە يـات كېلىدىغـان قەبىلىلەرگـە قارشـى تۇرغـان. مانـا شـۇنداق قەبىلىلـەر ئىتتىپاقىنىـڭ قوراللىـق كۈچلىـرى بولغـان. هازىرقـى زامـان تىلـى بىلـەن ئېيتقانـدا، قوراللىـق قوشـۇن دۆلەتنىـڭ ئـەڭ ئاساسـىي، ئـەڭ مۇھىـم ئامىللىرىنىـڭ بىـرى بولغىنىـدەك، ئـەڭ قەدىمكـى چاغلاردىمـۇ قەبىلىلـەر ئىتتىپاقىنىـڭ قوراللىـق قوشـۇنلىرى ئـەڭ دەسـلەپكى دۆلەتنىـڭ ئاساسـىي مۇھىـم ئامىلـى ئـىدى.

مىلادىيىـن 1500 يىـل بـۇرۇن دۆلىتـى بولغـان هونـلار يـاڭ سۇلالىسـىنىڭ ئـەڭ ئەشـەددىي دۈشـمىنى ئـىدى. يـاڭ سۇلالىسـىنىڭ خانـى ئۇدىـڭ ھۆكۈمرانلىـق قىلغـان مەزگىلـدە (مىلادىيىـن بۇرۇنقـى 1324 ـ 1266 ـ يىلـلار) هونـلار بىلـەن يـاڭ سۇلالىسـى ئوتتۇرىسـىدا بولغـان ئـۇرۇش ئـۈچ يىلغـا سـوزۇلغان. شـۇ ئۇرۇشـتا هونـلار مەغلـۇپ بولغـان[1]. مانـا شـۇ پاكىتقـا قارىغانـدا، مىلادىيىـن 15 ئەسـىر بـۇرۇن هونلارنىـڭ دۆلىتـى بارلىقىـدا گۇمـان بولمىسـا كېـرەك. لېكىـن هونـلار مىلادىيىـن ئـۈچ ئەسـىر بۇرۇنقـى چاغقـا كەلگەنـدە، ئۇنىـڭ تارىختـا سىياسـىي سـەھنىگە چىقىـپ ھەرىكـەت قىلىشـى دۇنياغـا مەلـۇم بولۇشـقا باشـلىغان.

هونـلار دۆلىتىنىـڭ پايتەختـى تۇمـەن بالىـق (تۇمـەن شـەھىرى) بولـۇپ، ئۇنىـڭ

---

(1) «قەدىمكى چاغدا جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە 3 – بەتكە قارالسۇن.

ئورنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى ئوردوس رايونىدىكى ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.

## 2. هونلار ۋە جۇ سۇلالىسى

جۇڭگودا مىلادىدىن 11 ئەسىر بۇرۇن يىلى سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇ سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 1100 ـ 300 ـ يىللار) قۇرۇلغان. دەل مانا شۇ چاغدا هونلارمۇ كۆچىيىشكە باشلاپ، جۇ سۇلالىسىگە ھەر دائىم ھۇجۇم قىلىپ، خەلققە ناھايىتى ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن.

هونلار مىلادىدىن ئون ئەسىر بۇرۇن جۇ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، جۇ خەلقىنى ئۆز يۇرتىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. كېيىن جۇ خەلقى چىشەن تېغى (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى جىشەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) نىڭ ئېتىكىدىكى كەڭ، تۈز، ئۈنۈملۈك بولغان جۇچۈەن دېگەن جايغا كۆچكەن. خەنزۇ خەلقى مانا شۇ ۋەقەگە بېغىشلاپ مۇنداق بىر قوشاقنى توقۇغان:

ئۆي ماكاندىن، ئائىلىدىن قالدۇق ئايرىلىپ،
دەھشەت سېلىپ كەلگەن ۋەھشى هونلار دەستىدىن.
يۇردۇق كۆچۈپ تىنماي دائىم تېنەپ، تەمتىرەپ،
دەھشەت سېلىپ كەلگەن ۋەھشى هونلار ۋەھىمىدىن.

بۇ قوشاقنى مىلادىدىن ئون ئەسىر بۇرۇن ياشىغان بىر شائىر توقۇغان[1].

جۇ سۇلالىسىنىڭ خانى جۇمۇۋاڭ (مىلادىدىن ئون ئەسىر بۇرۇن) هونلار بىلەن ئۇرۇشقاندا تۆت ئاق بۆرە، تۆت ئاق بۇغا غەنىمەت ئالغانىكەن.

مىلادىدىن 883 يىل بۇرۇن هونلار بىلەن جۇ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولغان. بۇ ئۇرۇش سېرىق دەريانىڭ شىمالىدا بولۇپ، جۇ سۇلالىسى قوشۇنلىرى غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى چاغلاردا بولغان ئۇرۇشلاردا هونلار غالىب كېلىپ، ئاخىرى غەربىي جۇ سۇلالىسىنى يوقاتقان.

جۇ سۇلالىسىنىڭ خانى شۈەن ۋاڭ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 877 ـ 782 ـ يىللاردا) خان بولغان ۋاقتىدا، هونلار جۇ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خاۋچىڭ (هازىرقى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىدە)گە خەۋپ سېلىشقا باشلىغان. شۈەن ۋاڭ مىلادىدىن

(1) «قەدىمكى چاغدا جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە 3 – بەتكە قارالسۇن.

827 يىلى يۇرۇن ھونلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ھەرىكەت يۈرگۈزگەن. شەنشى ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشتا چىن جۇڭ ئاتلىق سانغۇن باشچىلىقىدىكى جۇ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ھونلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندا، ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە يولۇققان چىن جۇڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.(1)

جۇ سۇلالىسىنىڭ خانى يۇۋاڭ ھۆكۈمران بولغان مەزگىل (مىلادىدىن بۇرۇنقى 781 ـ 771 ـ يىللار) دا جۇ سۇلالىسى ناھايىتى ئېغىر تەبىئىي ئاپەتكە يولۇققان. مىلادىدىن 780 يىل بۇرۇن قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئەلدىكى ھەممە دەريالار، بۇلاقلار قۇرۇپ، تەگلىرى كۆرۈنۈپ قالغان. دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەر، زىرائەتلەرنىڭ ھەممىسى سولىشىپ، قۇرۇپ نابۇت بولغان. تېرىلغۇ ئېتىزلىرى يالىڭاچ ئاختامغا ئايلىنىپ كەتكەن. خەلق ئۆي ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ جان بېقىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ قاچقان. بۇنداق قورقۇنچلۇق ئاپەتنىڭ ئۈستىگە مىلادىدىن 779 ـ يىل بۇرۇن پايتەخت خاۋچىڭدا، سېرىق دەريانىڭ جىن، ۋېي، لو قاتارلىق غوللىرى (شەنشىدە) ئېقىپ ئۆتىدىغان ۋادىلاردا قاتتىق يەر تەۋرىگەن. تەبىئىي ئاپەتلەر كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەرگەن چاغدا يۇۋاڭنىڭ ۋەزىرى بەيياڭپۇ مۇنداق دېگەن: «بۇ دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولىدىغانلىقىغا بىشارەت. دەريالار قۇرۇپ كېتىپ، تاغلارمۇ ئۆرۈلۈپ كەتسە كېرەك. تەڭرى بىزنى تاشلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. مېنىڭچە، جۇ سۇلالىسى ئون نەچچە يىلغا بارمايلا ھالاك بولىدۇ.»

خۇددى بەيياڭپۇ ئېيتقاندەك شۇ يىلى ئۈچ دەريا (جىن، ۋېي، لو دەريالىرى) نىڭ سۇلىرى قۇرۇپ كېتىپ، جۇ خەلقىنىڭ بۆشۈكى بولغان جويۈەندىكى جىشەن تېغىدىن دەھشەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، تاغ ئۆرۈلۈپ كەتكەن...(2)

... كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ۋە قاتتىق يەر تەۋرەشلەر ئىشلەپچىقىرىشنى ئېغىر ھالدا ۋەيران قىلغان. جەمئىيەت قالايمىقانچىلىق ۋە داۋالغۇش ئىچىدە قالغان. ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان جويۇۋاڭ ئۇنداق ئىشلار بىلەن قىلچە كارى بولماي، كېچە ـ كۈندۈز ھاراق ـ شاراپ ئىچىپ، ئەيشى ـ ئىشرەت، كەيپى ـ ساپادا ئۆتۈۋەرگەن.

جۇ يۇۋاڭ خان بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، بوتسى ئاتلىق چىرايلىق بىر قىزغا كۆيۈپ قالغانىكەن. مەلىكە بوتسى خاندىن بەيپۇ ئاتلىق ئوغۇل تۇغقاندىن

(1) ۋاڭ يۈشىن: «غەربىي جۇ سۇلالىسى ھەققىدە قىسسە»، خەنزۇچە 172 – بەتكە قارالسۇن.
(2) ۋاڭ يۈشىن: «غەربىي جۇ سۇلالىسى ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە 182 ـ، 183 – بەتلەرگە قارالسۇن.

كېيىن، يۈۋاڭ قەدىناس مەلىكىسى شىن خۇنىڭ خانىشلىقىنى، خانزادە يىجۇڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىشنى بىكار قىلغان. ئۇلارنىڭ ئورنىغا بوتىسىنى خانىش، بەيپۇنى خانلىق تەختىگە ۋارىس قىلىپ تەيىنلىگەن.

يۈۋاڭنىڭ قىلمىشلىرىدىن غەزەپلەنگەن خانىش شىن خۇنىڭ ئاتىسى هونلارغا قىچقىرىپ، ئۇلارنى جۇ سۇلالىسىگە هۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتكەن. جۇ سۇلالىسىنىڭ ناهايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالغان هونلار پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، مىلادىدىن 771 يىل بۇرۇن جۇ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خاۋچىڭغا بېسىپ كىرگەن. هونلار يۈۋاڭنى ئۆلتۈرۈپ، مەلىكە بوتىسىنى ئەسىر ئېلىپ كەتكەن. مانا شۇ ئۇرۇشتا خاۋچىڭ شەھىرى خارابىزارلىققا ئايلانغان. هونلار شەنشى ئەتراپىنى بېسىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن 260 يىل هۆكۈم سۈرگەن جۇ سۇلالىسى مۇنقەرز بولغان. جۇ سۇلالىسى خانزادىلىرىدىن خىڭۋاڭ لوياڭنى پايتەخت قىلىپ، تارىختا شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەپ ئاتالغان سۇلالىغا ئاساس سالغان.

مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇن هونلار هازىرقى خېبېي، شەنشىنىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، لوياڭغا خەۋپ سېلىشقا باشلىغان. ھەتتا هونلار ئىككى قېتىم لوياڭغا بېسىپ كىرىپ، شەرقىي جۇ سۇلالىسىنىڭ خانى شىئاڭ ۋاڭ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 651 ـ 619 ـ يىللاردا خان بولغان)نى قوغلاپ چىقىرىپ، شەرقىي جۇ سۇلالىسىنى يوتىۋېتىشكە تاسلا قالغان.[1]

## 3. هونلار ۋە جاۋ بەگلىكى

شەرقىي جۇ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارايدىغان بەگلىكلەر كۈچىيىشكە باشلاپ، جۇ سۇلالىسى خانلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، بەلگىلەنگەن ئولپان (سېلىق)نى ئۆز ۋاقتىدا تۆلىمەيدىغان بولغان. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇ سۇلالىسى مالىيە جەھەتتە ناهايىتى نامرات بىر هالغا چۈشۈپ قالغان. شەرقىي جۇ سۇلالىسىنىڭ خانلىرى بولسا، ئىسمى بار، جىسمى يوق هۆكۈمدارغا ئايلىنىپ، دۆلەتنى تىزگىنلەشكە ئامالسىز قالغان. شۇندىن باشلاپ جۇ سۇلالىسىگە قارايدىغان بەگلىكلەر ئارىسىدا، بەزىلىرى بىر - بىرىنى يۇتۇپ كۈچىيىدىغان، بەزىلىرى ئاجىزلاپ كېتىدىغان، بەزىلىرى يوقىلىپ كېتىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. جۇڭگونىڭ قەدىمكى چاغدىكى تارىخچىلىرى

(1) رىنچۇ، ۋاڭتۇڭلىڭ: «جۇڭگونىڭ مىللىي تارىخى»، خەنزۇچە 20 - بەتكە قارالسۇن.

مانا شۇ دەۋرنى «يىلنامە دەۋر» (مىلادىدىن بۇرۇنقى 770 ـ 476 ـ يىللار) دەپ ئاتاشقان.

مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى چاغقا كەلگەندە جۇڭگونىڭ ئەسلى تېررىتورىيىسىدە، يەتتە بەگلىك پەيدا بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا تىنىماي ئۇرۇشۇپ تۇرغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى چاغدىكى تارىخچىلىرى مانا شۇ يەتتە بەگلىك ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرنى «ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى» (مىلادىدىن بۇرۇنقى 475 ـ 221 ـ يىللار) دەپ ئاتاشقان.

شۇ دەۋردىكى يەتتە بەگلىكتىن چى (سەندۇڭدا)، يەن (خېبېيدا)، جاۋ (سەنشىدە)، چىڭ (سەنشىدە) قاتارلىق تۆت بەگلىك سېرىق دەريا ۋادىسىدا بولۇپ، ئۇلار ھونلارغا قوشنا ئىدى. خەن، چۇ، ۋېيدىن ئىبارەت ئۈچ بەگلىك بولسا، ئاساسەن چاڭجياڭ ۋادىسىدا بولۇپ، ھونلار بىلەن بىۋاسىتە چېگراداش ئەمەس ئىدى. سېرىق دەريا ۋادىسىدىكى يەن، جاۋ، چىڭ بەگلىكلىرى ھونلارغا قوشنا بولغانلىقتىن، پات ـ پات ھۇجۇمغا ئۇچراپ تۇراتتى.

ھونلار «ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى» دە ئۆزلىرىگە ناھايىتى پايدىلىق بولغان (بەگلىكلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلىرى) شارائىتتا ناھايىتى جىددىيلىك بىلەن ھەربىي قوشۇنلىرىنى تولۇقلاپ، ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتكەن. ئالدى بىلەن ھون ئاتلىقلىرىنى ئوردوس يايلىقى. چۇغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە توپلاپ، شۇ يەردىن ئەتراپتىكى قوشنىلىرىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم باشلىغان.

مانا شۇنداق خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بەرگەندە، يەن، جاۋ، چىڭ قاتارلىق ئۈچ بەگلىك ھونلار ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ئۆز دۆلىتىنىڭ شىمالىي چېگراسىغا سېپىل سىلىشقان. شۇنداق بولسىمۇ ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش قىيىن بولغان.

بولۇپمۇ مىلادىدىن 310 يىل بۇرۇن ھونلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى يەن بەگلىكى (خېبېيدە)نىڭ شىمالىي رايونلىرىغا قىستاپ كىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھەيۋىسىنى كۆرسەتكەن بولسا، دەل شۇ چاغدا ھون ئاتلىقلىرى سېرىق دەريادىن كېچىپ ئۆتۈپ، ئوردوس يايلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى «دەريا جەنۇبىدىكى يەر» (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى ئىكىجاۋ ئايمىقى)نى بېسىۋېلىپ، چىڭ، جاۋ، يەن قاتارلىق ئۈچ بەگلىكنىڭ چېگرا رايونلىرىغا بېسىپ كەلگەن. ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا كۆپ ئۇچراپ ناھايىتى ئېغىر خەۋپتە قالغان جاۋ بەگلىكى ئۆزىنىڭ

شىمالىي رايونىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلىشقا ئامال تاپالمىغان. جاۋ بەگلىكى مىلادىدىن 265 يىل بۇرۇن پادىشاھ شاۋچىڭۋاڭ ئاتلىقلار سانغۇنى لى مۇنىڭ باشچىلىقىدا، ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇننى ھونلارغا قارشى ماڭدۇرغان. ھونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا لى مۇ يۈزمىڭ كىشىلىك ھون قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغان. شۇ چاغدىكى ھون تەڭرىقۇتى (بۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئىسمى نامەلۇم) ئالدىراش ھالدا چېكىنگەن[1].

## 4. ھونلار ۋە چىڭ سۇلالىسى

مىلادىدىن 228 يىل بۇرۇن چىڭ بەگلىكىنىڭ خانى يىڭجېن (چىڭ سىخۇاڭ) جۇڭگو تېررىتورىيىسىدىكى بەگلىكلەرگە ھۇجۇم باشلاپ، جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە كىرىشكەن. شۇ چاغدا يەن بەگلىكىنىڭ خانزادىسى دەن چىڭ بەگلىكىدە جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، يەن بەگلىكىگە قېچىپ كەلگەن يەن ئۇجى ئاتلىق ئەمەلدارنى تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ، ھونلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ چىڭ سىخۇاڭ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 259 ـ 209 ـ يىللار)غا تاقابىل تۇرۇشنى پىلانلىغان. لېكىن چىڭ بەگلىكىنىڭ تېز سۈرئەتتە قىلغان ھۇجۇمى نەتىجىسىدە بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمىغان.

چىڭ سىخۇاڭ مىلادىدىن 221 يىل بۇرۇن چى، يەن، جاۋ، خەن، ۋېي، چۇ قاتارلىق ئالتە بەگلىكنى يوق قىلىپ، جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

چىڭ سىخۇاڭ مىلادىدىن 215 يىل بۇرۇن مىنتىئان ئاتلىق سانغۇننىڭ باشچىلىقىدا 300 مىڭ كىشىلىك چىڭ قوشۇنلىرىنى ھونلارغا قارشى ماڭدۇرغان. بۇ چاغدا ھون تەڭرىقۇتى تۇمەنخان ئوت ـ چۆپلىرى، سۈيى مول بولغان ئوردوس يايلىقىدا بىخارامان يايلاۋاتقانىدى. مىنتىئان باشچىلىقىدىكى چىڭ قوشۇنلىرى ھونلارنىڭ ناھايىتى مەشھۇر يايلاقلىرىدىن بىرى بولغان ئوردوس يايلىقىغا بېسىپ كىرىپ، تۇمەن تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى ھون قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشقان. ئۇرۇشتا تەييارلىقسىز تۇرغان تۇمەن تەڭرىقۇت مەغلۇپ بولۇپ، سان ـ ساناقسىز چارۋا ـ ماللارنى ھەيدەپ، چېدىرلارنى ئۇلاغ ـ ئۇلمەككە ئارتىپ، ھون ئاھالىلىرىنى تۇمەنلىگەن ھارۋىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ، ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا ئوردوس يايلىقىدىن شىمالغا قاراپ چېكىنگەن. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ھونلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئوردوس يايلىقىنى ئالغان چىڭ سىخۇاڭ شۇ جايغا ئادەم

(1) سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر، لىمۇ ھەققىدە قىسسە» بابىغا قارالسۇن.

كۆچۈرۈپ 44 ناھىيە تەسىس قىلىپ، سېرىق دەريا بويلىرىنى مۇداپىئە لىنىيىسى قىلىپ بېكىتكەن. شۇنىڭ بىلەن ھونلارنىڭ يېقىندىن قورۇلغان چىڭ سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 ـ 207 ـ يىللار) نىڭ پايتەختى چاڭئەنگە سالىدىغان خەۋپى تۈگىگەن.

## 5. سەددىچىن سېپىلىنىڭ ياسىلىشى

مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ، يەن، جاۋ، چىن قاتارلىق ئۈچ بەگلىك ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆز تېررىتورىيىسىنىڭ شىمالىي چېگراسىغا سېپىل سېلىشقان. مانا بۇ سەددىچىن سېپىلىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

چىن سىخۇاڭ مىلادىدىن 215 يىل بۇرۇن ھونلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئوردوس يايلىقىنى ئېلىپ، ئۇ يەرگە ئادەم كۆچۈرۈپ ناھىيە تەسىس قىلىپ، مۇداپىئە ئىشلىرىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى يەن، جاۋ، چىن بەگلىكلىرىنىڭ شىمالىي چېگراسىغا سېلىنغان سېپىللارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، ئۇنى غەربكە قاراپ سوزۇشقا بەل باغلىدى. ئۇ بۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىلادىدىن 214 يىل بۇرۇن مىنىستىرغا يارلىق چۈشۈرۈپ، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى ئۇنىڭغا يۈكلىدى. ئۇ، يارلىققا بىنائەن دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن سېپىل سوقۇش ھاشاسىغا كەلگەن بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشىنى ئىشلىتىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەن، جاۋ، چىن بەگلىكلىرىنىڭ شىمالىي چېگراسىغا سېلىنغان ئۇزۇن سېپىللارنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ، ئۇنى شەرقتە شەنخەيگۇەندىن تارتىپ، غەربتە لىنتاۋ (ھازىرقى گەنسۇنىڭ مىنشەن ناھىيىسى) غىچە يەتكۈزدى. مانا بۇ مەشھۇر سەددىچىن سېپىلىدۇر.

سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەش مىڭ كىلومېتىر بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن سەككىز مېتىر، توغرىسى يەتتە مېتىر كېلىدۇ. بۇ قەدىمكى چاغدىكى ناھايىتى ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئەمگەكچان، چىدامىلىق خەنزۇ خەلقىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ جەۋرى ـ جاپالىق ئەمگەكلىرى، ئاققۇزغان قانلىرى، تەرلىرى بەدىلىگە قۇرۇلغان بولۇپ، جۇڭگو (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك) دىكى خەلقنىڭ ئامانلىقى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى قوغداپ، ھونلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى مۇداپىئە كۆرۈشتە مۇھىم روللارنى ئوينىغان ھەمدە مىلادىنىڭ 3 ـ ئەسىرىدىن باشلاپ مىلادىنىڭ 17 ـ ئەسىرىگىچە بولغان 14 ئەسىرنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان ئۇزۇن بىر تارىخىي مەزگىلدە سىيانپى، ئاۋارلار، تۈركلەر، قىتانلار، موڭغۇللار، تاتارلار، ئويراتلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەن سۇلالىسى، شىمالىي چى سۇلالىسى، شىمالىي جۇ سۇلالىسى، سۇي سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى، مىن سۇلالىسى قاتارلىق سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە سەددىچىن سېپىلى كۆپ قېتىم ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھ قىلىنىپ ياسىلىپ تۇرغان. يىغىپ ئېيتقاندا، سەددىچىن سېپىلى دۇنيا تارىخىدىكى ئۇلۇغ، كاتتا قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ خەنزۇ ئەمگەكچى خەلقىنىڭ يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتى ۋە چەكسىز ئىجادىي كۈچىنى مۇكەممەل گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## ئىككىنچى باب: باتۇر تەڭرىقۇت

### 1. باتۇرنىڭ تەڭرىقۇت بولۇشى

هونلار مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن مىسلى كۆرۈلمىگەن هالدا كۈچەيدى. شۇ چاغدا هونلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 216 - يىلىغىچە 500 يىل هۆكۈم سۈرگەن قۇدرەتلىك هون تەڭرىقۇتلۇقى (ئىمپېرىيىسى)نى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

قۇدرەتلىك هون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە، شىمالدا لىنا دەرياسى، بايكۆل (بالقاش كۆلى)، يەنسەي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنلىرىغىچە، جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىگىچە، غەربىي جەنۇبتا ھىندىستان (سىندۇ)نىڭ شىمالىغىچە؛ غەربتە كاسپى دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە سوزۇلغان.

مانا شۇ قۇدرەتلىك ئۇلۇغ هون تەڭرىقۇتلۇقىنى هونلار تارىخىدا ئۆتكەن ھەربىي ئىستىراتېگىيە تاكتىكا سەنئىتى جەھەتتە ئۆز زامانىسىدا تەڭدىشى يوق، سىياسىي دىپلوماتىيىدە ئاجايىپ تۇيغۇن، دۆلەت تەشكىللىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە مىسلىسىز تالانت ئىگىسى، جەڭگىۋارلىقتا كارامەت قەھرىمان، ئىززەت - ھۆرمەتتە ئۆزىنى تەڭرىنىڭ مەغرۇر ئوغلى دەپ ئاتىغان باتۇر تەڭرىقۇت ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

باتۇر تەڭرىقۇت تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ باشتا تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەنگەن. كېيىن تۈمەن تەڭرىقۇت ئۆز قارارىدىن

يىنىۋېلىپ، كىچىك ئالچىسى (كىچىك بىكەسى)دىن تۇغۇلغان كىچىك ئوغلىنى ئۆزىنىڭ تەختىگە ۋارىس قىلىپ تەيىنلەپ، باتۇرنى ۋارىسلىقتىن قالدۇرغان.

قەدىمكى چاغلاردىكى دىپلوماتىيە قائىدىسىگە بىنائەن، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە ئوغۇللىرىدىن بىرنى ئەۋەتىدىغان ئادەت بار ئىدى.

تومەن تەڭرىقۇت ئۆز نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تەخمىنەن مىلادىدىن 216 يىللار بۇرۇن باتۇرنى ئۇلۇغ ياۋچىلار خانلىقىغا گۆرەگە ئەۋەتىدۇ. بۇ ئىشقا باتۇر قاتتىق نارازى بولىدۇ.



«باتۇر تەڭرىقۇت» (ئوغۇزخان)

ئەڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ يېقىنقى چاغقىچە بولغان نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار بويىچە ھۆكۈم قىلغاندا، گۆرەگە ئەۋەتىلگەن خانزادىلەر ھاياتى پاجىئەلىك تەقدىرگە ئۇچرايتتى. تولا چاغلاردا ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىلەر بۇزۇلاتتى. شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە كۆرەگە ئەۋەتىلگەن خانزادىلەر ئۆلتۈرۈلەتتى. باتۇر مۇنداق پاجىئەلىك ئەھۋالنىڭ تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھونلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار مۇناسىۋىتىدىكى ئەھۋالنىڭ يۆزلىنىشىنى تىڭ - تىڭلاپ، ئەھدىنامىنىڭ بۇزۇلۇپ، ھونلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يامانلىشىپ، ئۇرۇش بولىدىغان پەيتنى بايقاپ، شۇنداق ۋەزىيەت تۇغۇلغان ھامان ئۇلۇغ ياۋچىلار خانلىقىدىن قېچىپ كېتىشكە تەييارلىنىپ تۇرغان.

ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەننىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، خۇددى باتۇر مۆلچەرلىگەندەك ھونلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىلەر بۇزۇلىدۇ. تومەن تەڭرىقۇت ئۇلۇغ ياۋچىلارنى تارمار كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوشۇن ماڭدۇرىدۇ. باتۇر ھون قوشۇنلىرى بېسىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ خانى مىنىدىغان تۇلپار ئاتنى مىنىپ، ياۋچىلاردىن قاچىدۇ. ئۇلۇغ ياۋچىلار يۈز بەرگەن ۋەقەنى

ۋاقتىدا سېزىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىغان بولسىمۇ، باتۇرنى قوغلاپ يەتمەك بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمەيدۇ.

باتۇر ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ پايتەختى ساندىبىل (هازىرقى گەنسۇدىكى جاڭيې ئەتراپىدا)دىن قېچىپ، بوران چىققاندا دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك قوزغىلىپ تۇرىدىغان خەتەرلىك تەڭرى قۇملۇقىدىن (هازىرقى نىڭشىيا)، سۇسىز چۆل - باياۋاندىن، چېتى ئۇيۇقتا تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان ياپيېشىل ئوت - چۆپلۈك يايلاقلاردىن ئۆتۈپ، هونلار پايتەختى تومەن بالىقتا (هازىرقى كۆكخوت شەھىرى ئەتراپىدا) قايتىپ كېلىدۇ. ئوغلىنىڭ ئاجايىپ هوشيار، قەيسەرلىكىنى كۆرگەن تومەن تەڭرىقۇت باتۇرغا قايىل بولىدۇ. ئۇنى هون ئاتلىق قوشۇنلىرىنى تەشكىللەپ، مەشق قىلدۇرۇپ جەڭگە تەييارلاشقا قويىدۇ. بۇنداق ياخشى ئىمكانىيەتكە ئىگە بولغان باتۇر دەرھال ئاۋازلىق ئوقيا كەشىپ قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى مەشق قىلدۇرۇپ ئۆرۈش قائىدىلىرىنى ئۆگىتىۋاتقان هون ئاتلىق جەڭچىلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەن مۇشۇ ئاۋازلىق ئوقيايىمنى نىمىگە قارىتىپ ئاتسام، سىلەرمۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن، شۇ نەرسىنى نىشانلاپ ئوقيادىن ئوق ئۈزۈڭلار. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىغان بولساڭلار، ھەممىڭلارنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن.»

بىر كۈنى باتۇر ئاۋازلىق ئوقياسىنى ئۆزى مىنىدىغان تۇلپار ئاتقا قارىتىپ ئاتىدۇ. ئۇنىڭ جەڭچىلىرى باتۇرنىڭ ياخشى كۆرىدىغان تۇلپار ئېتىنى نىشانلاپ ئېتىشقا كۆزى قىيمايدۇ. باتۇر قىلچە رەھىم قىلماستىن بۇيرۇقنى ئورۇنلىمىغان جەڭچىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. ئۇ يەنە يۇقىرىدىكى بۇيرۇقنى تەكرارلاپ، بۇندىن كېيىن خىلاپلىق قىلىدىغانلارنىڭ تەقدىرى ئۆلۈم بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئاتلىق جەڭچىلىرىدىن ۋەدە ئالىدۇ.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا باتۇر ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان گۈزەل ئالچىسى (بىكەسى) نى نىشانلاپ، ئاۋازلىق ئوقياسىنى ئاتىدۇ. بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ جەڭچىلىرى بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇلار كاللىسىدىن ئايرىلىدۇ. ئىككى قېتىملىق پاجىئەدىن ساۋاق ئالغان باشقا جەڭچىلەر باتۇرنىڭ قەتئىي ۋە غەزەپ بىلەن قىلغان ئاگاهلاندۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ، قەسەمىيات قىلىشىدۇ.

تومەن تەڭرىقۇت كۈنلەرنىڭ بىرىدە هون خانلىرىنى ۋە كىچىك ئالچىسى (بىكەسى) ئوغۇللىرىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىدۇ. باتۇر مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئاتىسى تومەن تەڭرىقۇتنى، ئۆگەي ئانىسى، ئۆگەي ئۇكىلىرىنى، ئۆزى

يامان كۆرىدىغان ھون خانلىرىنى قويماي ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇ قېتىم باتۇرنىڭ ئاۋازلىق ئوقياسى نېمىنى نىشانلاپ ئېتىلغان بولسا، ئۇنىڭغا سادىق بولغان بىر توپ ھون ئاتلىق جەڭچىلىرى ئوقيالىرىنى شۇنىڭغا قارىتىپ ئاتىدۇ. باتۇر مەقسەتكە يېتىدۇ. ئېھتىمال باتۇرغا قارشى بولغانلار بىلەن باتۇر تەرەپدارلىرى ئارىسىدا ناھايىتى قاتتىق قانلىق ئۇرۇشلار بولغان بولۇشى مۇمكىن. باتۇر مانا شۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ھون تەڭرىقۇتى بولىدۇ. بۇ ۋەقە مىلادىدىن 210 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن.

يۇقىرىدا باتۇرنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن ناھايىتى ئەپچىل ئۇسۇل قوللانغانلىقى، ئىنتايىن رەھىمسىزلىكى (ئۆز ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈۋشتىنمۇ يانمىغانلىقى) بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ناھايىتى ھوشيار، ئەقىللىقلىقى (ياۋچىلاردىن قېچىش پەيتىنى پايلاپ تۇرغانلىقى، ئاۋازلىق ئوقيانى ئىجاد قىلغانلىقى، ھاكىمىيەتنى ئېلىشتا قوللانغان ئۇسۇلى) ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

## 2. ھونلارنىڭ قوشنىلىرى

مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن (مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇن) «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇز خان نامى بىلەن ئاتالغان باتۇر ھونلارغا تەڭرىقۇت بولغان چاغدا، قەدىمكى ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ ئىتتىنىك مەنبەسى خېلىلا مۇرەككەپ ئىدى.

جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكە (خېيلۇڭجياڭ، لياۋنىڭ، جىلىن) ئىگىلىگەن تېررىتورىيىدە قەدىمكى چاغدا تۇڭگۇسلار (مانجۇ ۋە مۇڭغۇللارنىڭ ئەجدادلىرى) خانلىقى بار ئىدى. بۇلار ھونلارنىڭ شەرقىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قوشنىلار ئىدى. ھازىرقى بايكۆل (بايقال)نىڭ ئەتراپىدا، سىلىنگا دەرياسىنىڭ بويلىرىدا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ خانلىقى بار ئىدى. ئۇلار مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنلا تۆمۈر قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە باشلاپ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئولتۇراقلاشقان ھايات كەچۈرەتتى. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىدا مانا شۇ شەرقىي ئۇيغۇرلار «دىڭلىڭ» (تۇرالار) دەپ يېزىلغان.

بايكۆلنىڭ غەربىدە (يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا) قىرغىز خانلىقى بار ئىدى. سىماچيەن بىلەن بەنگۇ (مىلادى 32 ـ 92 ـ يىللار) قەدىمكى چاغدىكى قىرغىزلار ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىرەك مەلۇمات بەرمىگەن بولسىمۇ، قىرغىز خانلىقى ھەر ھالدا خېلى كۈچلۈك ئىدى.

هونلارنىڭ شىمالىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەرقىي ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قىرغىز خانلىقىدىن باشقا يەنە «چىپار ئاتلار» دەپ ئاتىلىدىغان خەلق ياشايتتى. ئۇلار ئالتاي تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. «چىپار ئاتلار» يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلار قاپلىغان تاغلار ئىچىدە ئات ئۈيىرلىرىنى باقاتتى. ئۇلار ئاسرايدىغان ئاتلارنىڭ رەڭگى كۆپىنچە سۇس نەشرەڭ بولۇپ، يايلىسى قارا ئىدى. «چىپار ئاتلار» دېگەن ناممۇ ئۇلار ئاسرايدىغان ئاتلارنىڭ رەڭگىگە مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك[1].

هونلارنىڭ غەربىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قوشنىسى ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىدى.

مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلىرىدە ئوردوسنىڭ غەربىدىكى يايلاقلاردا ياشايدىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىشكە باشلىغان. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئاساسەن ھازىرقى گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدا (چىلەنشەن)، «يەنچىژشەن - ئالچى تېغى» ئېتەكلىرىدە ياشىغان.

ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ شەرقىدىكى ئىرسىن ۋادىسىدا (ھازىرقى نىڭشىيانىڭ غەربىي شىمالىدا) ئۇيسۇنلار ياشىغان. ئۇلۇغ ياۋچىلار خانلىقىنىڭ پايتەختى سادىبىل بولۇپ، ئاھالىسى بىر مىليون ئۆيچۆرىسىدە ئىدى.

ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ غەربىي جەنۇبىدا (ھازىرقى كۆكنۇر، تىبەت ئەتراپىدا) چاڭلار (تىبەت خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى) ياشايتتى.

مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن جاڭ چەننىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇيسۇنلارنىڭ ياشىغان تېررىتورىيىسى دۇڭخۇاڭ بىلەن تىلەۋ تېغى (چىلەنشەن تېغى) ئارىسىدىكى جاي ئىدى. ئۇلۇغ ياۋچىلارمۇ قەدىمكى چاغلاردا شۇ ئەتراپتا ياشىغانىدى. مانا شۇ جايلاردا ئەينى ۋاقىتتا ئۆز ئالدىغا دۆلەتتى بولغان ئۇيسۇنلار بىلەن ياۋچىلارنىڭ ئارىلاش ياشىغان بولۇشى ناتايىن. «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، مانا شۇ تېررىتورىيىنى ئۇيسۇنلار بۇرۇن ئىگىلەپ تۇرغان بولسا، ئۇلۇغ ياۋچىلار كېيىن ئىگىلەپ ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىدىن 180 يىللار بۇرۇن ئۇلۇغ ياۋچىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان ئۇيسۇنلار ئەسلى ياشاپ تۇرغان جايلىرىدىن غەربكە قاراپ كۆچۈپ، ئىلى ۋادىسىغا بېرىپ ماكانلاشقان. ئۇيسۇنلارنى گەنسۇدىن قوغلىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۇلارنىڭ جايلىرىنى ئىگىلىۋالغان.

(1) «موڭغۇل تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار»، خەنزۇچە 21 - بەتكە قارالسۇن.

بۇندىن تاشقىرى، ھازىرقى چۆچەك، زايسان ئەتراپلىرىدا ئوغۇزلار، تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ئالتاينىڭ جەنۇبىدا تۈركلەر، جىمسار ئەتراپىدا ئارقا قوش بەگلىكى ياشايتتى.

تارىم ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قۇرغان ئالدى قوش بەگلىكى (تۇرپان)، لولان خانلىقى (لوپنۇردا)، قارا شەھەر خانلىقى، كۇچا خانلىقى، ئاقسۇ خانلىقى، قەشقەر خانلىقى، ياركەنت خانلىقى، خوتەن خانلىقى قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە بىرقانچە ئونلىغان بەگلىكلەر ياشايتتى. ئۇلارنىڭ غەربىدە بولسا پەرغانە، قاڭلى، ئالان قاتارلىق دۆلەتلەر بار ئىدى.

### 3. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 210 ـ يىلى ھونلار تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ بىر يىل بولدى. شۇ يىلى ھونلارنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان ئۇلۇغ ئىمپېراتور باتۇر تەڭرىقۇت 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇلۇغ قۇدرەتلىك ھون تەڭرىقۇتلۇقىنى (ئىمپېرىيىسىنى) قۇردى. ھونلارنىڭ جەنۇبىتىكى كۈچلۈك قوشنىسى چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چىن سىخۇاڭ ئۆلدى. ئارقىدىنلا مىلادىدىن 207 يىل بۇرۇن چىن سۇلالىسى دەھشەتلىك تۇس ئالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ شىددەتلىك زەربىسى ئاستىدا ئاغدۇرۇلدى.

دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسىدىن پايدىلانغان ليۇباڭ جۇڭگو تارىخىدا بەش ئەسىر (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلىدىن مىلادى 220 ـ يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن خەن سۇلالىسىنى قۇردى.

چىن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان خەن سۇلالىسىنىڭ تېخى مۇستەھكەملىنىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلىكى يېڭى قۇرۇلغان ھون تەڭرىقۇتلۇقى ئۈچۈنمۇ خېلى ئوڭۇشلۇق شارائىت ياراتقانىدى.

باتۇر تەڭرىقۇت ئىچكى جەھەتتىكى (ھون دۆلىتىنىڭ تەشكىلىنى مۇستەھكەملەپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئالغانلىقى، جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولغان 400 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەييارلاپ ئالغانلىقى) ۋە تاشقى جەھەتتىكى (جەنۇبىتىكى قوشنىسى خەن سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلىقى) ئوڭۇشلۇق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئەتراپتىكى قوشنىلىرىغا ھۇجۇم باشلاپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا كىرىشتى.

مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ھونلار بىلەن توڭگۇسلار ئارىسىدا رەسمىي چېگرا بەلگىلەنگەنىدى. بۇ چېگرانىڭ توغرىسى 1000 يولدىن ئۇزۇنراق ئىدى. مانا شۇ جاي «ئوتتۇرا» دەپ ئاتالغان بىتەرەپ رايون بولۇپ، شۇ جايدا ھەر ئىككى تەرەپ چارۋا ماللىرىنىمۇ باقمايتتى. ھونلار بىلەن توڭگۇسلار ئارىسىدىكى «ئوتتۇرا» دەپ ئاتالغان چېگرا ئۇزۇنلۇقى (شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ سوزۇلغان) بىرنەچچە مىڭ يول بولغاندىن تاشقىرى، غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان توغرىسىنىڭ 1000 يولدىن ئۇزۇن بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىرقىي جەھەتتىن (قان سىستېمىسى، تىل، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى) باشقا ـ باشقا خەلقلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ھونلار تۈرك ئىرقىغا، توڭگۇسلار مانجۇ، موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئىدى. ف. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆزى دائىم ياشايدىغان جايدىن تاشقىرى ئوۋ قىلىش ۋە بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن چوڭ جايغىمۇ ئىگە ئىدى. بۇنداق جاينىڭ چېگراسى تامام بولغاندىن كېيىن، كەڭ بىتەرەپ ئارىلىق باشلىنىپ ئەڭ يېقىن قوشنا بولغان قەبىلىلەرنىڭ مۇلۇكلىرىگىچە سوزۇلۇپ باراتتى. تىللىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولغان قەبىلىلەردە بۇ بىتەرەپ ئارىلىق تارراق بولاتتى. تىل جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يات بولغان قەبىلىلەردە بولسا كەڭرەك بولاتتى»[1].

ھونلار بىلەن توڭگۇسلارنىڭ قان قېرىنداشلىق جەھەتتە ھېچقانداق يېقىنچىلىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىللىرىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم بولغان. ئۇلار ئارىسىدىكى «ئوتتۇرا» دەپ ئاتالغان چېگرانىڭ توغرىسى 1000 يولدىن ئارتۇق بولۇپ، بىتەرەپ رايوننىڭ تار بولماي، ناھايىتى كەڭ بولۇشى خۇددى ئېنگېلسنىڭ يۇقىرىقى ھۆكمىگە ماس كېلىدۇ. ئېنگېلس يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ئەنە شۇنداق ئانچە مۇھىم بولمىغان چېگرالار بىلەن ئاجرىتىپ قويۇلغان تېررىتورىيە قەبىلىنىڭ ئومۇمىي ئىگىدارچىلىقىدىكى يەر ھېسابلىناتتى. شۇ قەبىلىگە قوشنا بولغان باشقا قەبىلىلەرمۇ شۇنداق دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. قەبىلىنىڭ ئۆزى بۇ يەرنى قوغداپ، باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلايتتى.»[2]

«تارىخىي خاتىرىلەر، ھونلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتلارغا

(1) ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ئۇيغۇرچە نەشرى 151 – بەتكە قارالسۇن.

(2) ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ئۇيغۇرچە نەشرى 151 – بەتكە قارالسۇن.

ئاساسلانغاندا، تۇڭگۇسلار ھونلار بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى بىتەرەپ جاينى بېسىۋېلىشنى نىيەت قىلغان. تۇڭگۇسلار خانى باتۇر تەڭرىقۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، شۇ جاينى بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بۇنداق يولسىزلىقتىن ناھايىتى قاتتىق غەزەپلەنگەن باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 205 يىل بۇرۇن تۇڭگۇسلار ئۈستىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئاسانلا تارمار قىلغان. ھونلار تۇڭگۇس خانلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، تۈپتۈز قىلىۋەتكەن. شۇندىن باشلاپ تۇڭگۇس خانلىقى ھون تەڭرىقۇتلۇقىغا قوشۇۋېلىنغان.

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 205 يىل بۇرۇن باشلىغان غەلىبىلىك ھەربىي يۈرۈشىدىن كېيىن، ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۈستىگە ماڭدى. جەڭگىۋار ئۇلۇغ ياۋچىلار ناھايىتى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. باتۇر تەڭرىقۇت ياۋچىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇيسۇنلارنى ئۆز يۇرتىغا (خېشى كارىدورىغا) كۆچۈرۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. شۇ ۋەقەدىن خېلى بۇرۇن ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ئۇيسۇنلار شەرققە قاراپ كۆچۈپ، باتۇر تەڭرىقۇتتىن پانا تىلىگەنىدى.

باتۇر تەڭرىقۇت ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن ئۇيسۇنلارنى ھون تەڭرىقۇتلۇقى تەركىبىگە كىرگۈزۈپ ئالغاندىن كېيىن، جەنۇبتىكى قوشنىسى خەن سۇلالىسىگە تىكلىشكە باشلىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، مىلادىدىن 215 يىل بۇرۇن چىن سىخۇاڭ ئوردوس يايلىقىنى ئالغان. باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 202 يىل بۇرۇن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، خەن سۇلالىسىدىن ئوردوس يايلىقىنى تارتىۋالدى.

### 4. بەيدىڭ مۇھاسىرىسى

ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ كۈچىيىشى يېڭىدىن قۇرۇلغان خەن سۇلالىسىگە ناھايىتى ئېغىر خەۋپ بولۇپ قالدى. باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 201 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىردى. ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى شاۋسەن ناھىيىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇ جاينى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ھەربىي ۋالىي خەن ۋاڭ شىڭ ھونلارغا تەسلىم بولدى. ھونلار يەنە ئىلگىرىلەپ سەنشىدىكى تەييۈەن، جىڭ ياڭ قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. مانا شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە، خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى ليۇباڭ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 205 ـ 195 ـ يىللار) ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلماقچى

بولدى. ئۇنىڭ ۋەزىرى لۇجياڭ هونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ليۇباڭنى ئاگاھلاندۇردى. شۇ مەزگىلدە يېڭى قۇرۇلغان خەن سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادى خاراب، بۆلۈنمە كۈچلەر مەۋجۇت بولۇپ، مەركىزىي هاكىمىيەت تېخى مۇستەهكەملىنىپ كەتمىگەنىدى. لېكىن ليۇباڭ لۇجياڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېتىبارغا ئالماي، ئۇنى نەزەر بەنت قىلدى. ئۆزى 325 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باش بولۇپ هونلارغا قارشى ماڭدى.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان باتۇر تەڭرىقۇت خىللانغان 400 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق هون قوشۇنلىرىنى فىڭچياڭ (هازىرقى داتۇڭ) شەهىرىنىڭ شەرقىدىكى بەيدىڭ تېغىنىڭ ئىدىرلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەن سۇلالىسى پادىشاهى ليۇباڭنىڭ كېلىشىنى پايلاپ بۆكتۈرمىدە تۇردى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ هەربىي تاكتىكا جەھەتتە قويغان يوشۇرۇن توزىقىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان ليۇباڭ ئالدىنقى قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، بەيدىڭ تېغىدا پۈتۈنلەي مۇهاسىرىگە ئېلىنىدى. سىماچيەننىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى قارا ئاتلىق، شەرقىي تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، جەنۇبىي تەرىپىنى قىزىل تورۇق ئاتلىق، غەربىي تەرىپىنى ئاق بوز ئاتلىق هونلار قورشاپ ئالغانىكەن. تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن خەن قوشۇنلىرى يەتتە كېچە - كۈندۈز قورشاۋدا قېلىپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ تۈگەشكە تاس - تاماس قالغان.

لۇ جىڭنىڭ گېپىگە كىرمەي هونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ مۇهاسىرىگە چۈشۈپ قالغان ليۇباڭ نېمە قىلىشىنى بىلمەي، بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ چېڭ پىڭ ئاتلىق ۋەزىرى مۇهاسىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ ئامالىنى تاپقان. چېڭ پىڭ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسى (چوڭ بىكەسى) ئالدىغا ئوغرىلىقچە بېرىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن بەرگەن. ئاندىن ئالچىدىن مۇهاسىرىنىڭ مەلۇم جايىدىن ئازراق يوچۇق ئېچىپ قويۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ يالۋۇرغان. ئالچى باتۇر تەڭرىقۇتقا دەرهال قايتىپ كېتىشنى، ئۇنداق بولمىغاندا كۆك تەڭرىنىڭ غەزىپىگە يولۇقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شامان تەڭرىسى نامى بىلەن ئۇنى قورقۇتقان. باتۇر تەڭرىقۇت ئالچىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، مۇهاسىرىنىڭ مەلۇم جايىنى بوشاتقان. ليۇباڭ شۇ جايدىن چىقىپ قېچىپ كەتكەن.

مەشهۇر بەيدىڭ مۇهاسىرىسى ئاخىرى ئەنە شۇنداق نەتىجە بىلەن تاماملانغان.

بۇنىداق مۇھاسىرە قەدىمكى چاغدىكى شەرق تارىخىدا بولۇپ باققان ئەمەس.
بەيدىڭ مۇھاسىرىسى ھەققىدە مۇنداق بىر قوشاق توقۇلغان:

فىنچىڭدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ ۋەقە،
كەلتۈردى دەھشەتلىك جاپا ـ مۇشەققەت.
يەتتە كۈن ئاچ قېلىپ كەتتۇق ماداردىن،
ئوقيانى ئېتىشقا يەتمىدى قۇۋۋەت[1].

بەيدىڭ مۇھاسىرىسى مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن بولغان.

**5. هون تەڭرىقۇتلۇقى بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامە**

ليۇباڭ بەيدىڭ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ چاڭئەنگە كەلگەندىن كېيىن، لۇجىڭنى نەزەربەنتتىن بوشاتقان. ئۇنىڭ هونلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە بەرگەن تەكلىپلىرىگە كۆنگەن. ليۇباڭ مىلادىدىن 198 يىل بۇرۇن لۇجىڭ باشچىلىقىدىكى خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى هون تەڭرىقۇتى باتۇرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى هون تەڭرىقۇتى باتۇر تەرىپىدىن قويۇلغان ئېغىر شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ، تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھدىنامىگە قول قويغان.

تۈزۈلگەن ئەھدىنامە بويىچە، خەن سۇلالىسى هونلارغا ھەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا كىمخاپ، تاۋار ـ دۇردۇن، شاراب، ئاشلىق، يېمەك ـ ئىچمەكلەر ئەۋەتىپ تۇرۇش، خەن پادىشاھلىرىنىڭ مەلىكە قىزلىرىنى هون تەڭرىقۇتلىرىغا ياتلىق قىلىپ قۇدىلىشىش، قۇۋۋەق سودىلىرىنى (سەددىچىن قۇۋۋىقلىرى ئالدىدا) يولغا قويۇش بەلگىلەنگەن.

خەن سۇلالىسى ئەھدىنامىگە بىنائەن مىلادىدىن 192 يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇتقا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 210 ـ 174 ـ يىللاردا تەڭرىقۇت بولغان). مىلادىدىن 174 يىل بۇرۇن كىيوك تەڭرىقۇتقا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 174 ـ 161 ـ يىللاردا تەڭرىقۇت بولغان). مىلادىدىن 156 يىل بۇرۇن كونچىن تەڭرىقۇتقا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 161 ـ 126 ـ يىللاردا تەڭرىقۇت بولغان) خەن مەلىكىلىرىنى ياتلىق قىلغان.

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، هونلار ھەققىدە قىسسە»، 11 – كىتاب خەنزۇچە 55 – 37 – بەتكە قارالسۇن.

باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان)غا ليۇباڭ ئۆز قىزىنى ياتلىق قىلغاندا، هونلارغا ئەۋەتكەن سوۋغا - سالاملار قاتارىدا مەڭ سەر ئالتۇننىمۇ قوشۇپ ئەۋەتكەن.

بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان مىللەتلەرنىڭ هۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىكى قۇدىلىشىش قەدىمكى چاغدىكى دىپلوماتىيە قائىدىسىگە كۆرە بىر تۈرلۈك ئۇسۇل ئىدى. ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ قالغان ئىككى تەرەپ ۋاقىتلىق بولسىمۇ تىنچ ئۆتۈش ئۈچۈن بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ هۆكۈمرانىغا ئۆز قىزلىرىنى ياتلىق قىلىشاتتى. شۇ چاغدا خەن سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى ئىلاجىسىزلىقتىن بولۇپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ، ئۆز دۆلىتىنىڭ هونلار تاجاۋۇزىغا ئۇچرىماسلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ هونلارغا هەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا ئەۋەتىپ تۇرىدىغان كىمخاپ، تاۋار - دۇردۇن، شاراب، ئاشلىق، يېمەكلىكلەر سوۋغا - سالام بولماستىن، ئەمەلىيەتتە شەكلى ئۆزگەرگەن ئولپان (سېلىق) تۆلەشنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇنداق ئەهۋال 70 يىل (مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 - 130 - يىللار) غىچە داۋام قىلغان.

ئەهدىنامىگە خەن سۇلالىسى تەرەپ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئەمەل قىلغان بولسىمۇ، هونلارنىڭ تەڭرىقۇتلىرى ئۆزلىرىنىڭ «قېيىن ئانا» ۋە «قېيىن ئانىسى»غا يۈز خاتىرە قىلىشماي (ئوغۇزخان قېيىن ئانىسى لۈيخۇغا يازغان مەكتۇبىدا ئۇنى ھاقارەتلىگەن) بەزىدە ئەهدىنامىنى بۇزۇپ، خەن سۇلالىسىگە هۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ، يولسىزلىق قىلىپ تۇرغان.

### 6. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىغا يازغان مەكتۇبلىرى

#### باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ لۈيخۇغا يازغان مەكتۇبى

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنى بەيدىڭدە مەغلۇپ قىلىپ، مىلادىدىن 192 يىل بۇرۇن تۈزۈلگەن ئەهدىنامە ئارقىلىق خەن سۇلالىسىنى ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر قىلغاندىن كېيىن، ناهايىتى مەغرۇرلىنىپ كەتتى.

خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى ليۇباڭ مىلادىدىن 194 يىل بۇرۇن ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلى خۇيدى پادىشاھ بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پادىشاھ ئۇنىڭ ئانىسى لۈيخۇ ئىدى. گۆدەك پادىشاھ خۇيدى مىلادىدىن 188 يىل بۇرۇن 13 يېشىدا ئۆلدى.

پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان باشقا بىر شاھزادە لۇيخۇغا (لىيۇباڭنىڭ ئايالى) ئۆگەي بولغاچقا، ئۇ مىلادىدىن 187 يىل بۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. شۇندىن باشلاپ لۇيخۇ خەن سۇلالىسىگە پادىشاھ بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 187 - يىلدىن 180 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇردى. ئەمەلىيەتتە بولسا لۇيخۇ مىلادىدىن 194 يىل بۇرۇن لىيۇباڭ ئۆلگەندىن باشلاپلا خەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ قالغانىدى.

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 192 يىل بۇرۇن تۆۋەندىكىدەك مەكتۇبنى يازغان:

«مەن يالغۇز قالدىم. مەن دەريالار ۋە كۆللەر (سازلىقلار) ئارىسىدا تۇغۇلدۇم. كالىلار ۋە ئاتلار ئارىسىدا، كەڭ داللاردا چوڭ بولدۇم. بىرنەچچە قېتىم جۇڭگونىڭ چېگرالىرىغا كەلدىم. ھازىر جۇڭگوغا كېلىپ سەيلە قىلىشنى خالايمەن. ئالىيلىرى يالغۇز قېلىپ، تۇل ئولتۇرىدىكەنلا، مەنمۇ يەككە - يېگانە قالدىم. بىز ئىككى پادىشاھ ئۇچۇن بەختمۇ قالمىدى. ئىككىمىز ئۇچۇن تەسەللىي بولغۇدەك، بىزگە زوق بېرىدىغان نەرسىمۇ يوق. بار - يوقىمىزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشنى خالايمەن.»[1]

باتۇر تەڭرىقۇت بۇ مەكتۇبىدا لۇيخۇنى كەمسىتىپ ئۇنى: «ماڭا ياتلىق بول» دەپ ھاقارەتلىگەن. ھون ئەلچىسى ئارقىلىق مەكتۇبنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقان لۇيخۇ قاتتىق خاپا بولۇپ، ۋەزىرلىرىنى، مەشھۇر سانغۇنلىرىنى يىغىپ قانداق قىلىش ھەققىدە ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىغان. يەن خۇي ئاتلىق سانغۇن 100 مىڭ كىشىلىك خەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. جىبۇ ئاتلىق سانغۇن يەن خۇينىڭ سۆزىگە قارشى چىقىپ: «يەن خۇينىڭ ئەل - يۇرتنى غالغۇيتىپ، ھونلار دۆلىتىگە بېسىپ كىرىمەن دېگىنى خام خىيال. قۇرۇق پودىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھونلار گويا يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتقان ياخشى سۆزىدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يامان سۆزىدىن خاپا بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق»[2]، دېگەن. لۇيخۇ جىبۇنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپ، باتۇر تەڭرىقۇتقا تۆۋەندىكى

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ھونلار ھەققىدە قىسسە»، 11 - كىتاب، خەنزۇچە 55 - 37 - بەتكە قارالسۇن.
(2) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ھونلار ھەققىدە قىسسە»، 11 - كىتاب، خەنزۇچە 55 - 37 - بەتكە قارالسۇن.

مەكتۇپنى يازغان:

«... ھون تەڭرىقۇتى دۆلىتىمنى يادىلىرىدىن چىقارماي، ئىلتىپات قىلىپ مەكتۇپ يوللاپلا. ھازىر دۆلىتىم ۋەيرانە ۋە دەھشەت ئىچىدە قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە ماغدۇرلانماقچى بولدۇم. ھازىر ياشىنىپ مادارىمدىن كەتتىم. چاچلىرىم چۈشۈپ، چىشلىرىم لىڭشىپ تۆكۈلۈپ كەتتى. راۋۇرۇس ماڭالمايدىغان بولۇپ قالدىم. سىلە ھون تەڭرىقۇتى ئالىيلىرى مىنىڭ ھەققىمدە باشقىچە بىر چۈشەنچىدە بولۇپ قالمىغايلا. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەندىن رەنجىپ قالمىغايلا. بۇ خۇسۇستا مىنىڭ دۆلىتىمدە ھېچقانداق گۇناھ يوق. سىلىگە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشنى لايىق كۆرىمەن. ئالىيلىرىنىڭ لايىقىدا بولمىسامۇ، ئىككى جۈپتىن ئات قوشۇلغان بىر شاھانە ھارۋا ئەۋەتتىم. لازىم قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن»[1].

باتۇر تەڭرىقۇت لۈيخۇنىڭ جاۋاب مەكتۇپىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ يازغان مەكتۇپىدا مۇنداق دېگەن:

«جۇڭگونىڭ شۇ قەدەر ئەدەب - قائىدىلىك، دىيانەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن. ئالىيلىرىنىڭ رەھىمدىل ئىكەنلىكلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن.»[2]

**باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ خەن ۋېندىغا يازغان مەكتۇپى**

لۈيخۇ مىلادىيىدىن 180 يىل بۇرۇن ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا خەن ۋېندى پادىشاھ بولدى. ئۇ پادىشاھ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 179 - 157 - يىللار) باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن 176 يىل بۇرۇن ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى مەكتۇپنى يازغان:

«كۆك تەڭرى» تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتى خەن پادىشاھىنىڭ سالامەتلىكىنى ئېھتىرام ئىلە سورايدۇ. بۇرۇن پادىشاھ ئالىيلىرى قۇدىلىشىش ھەققىدە سۆز ئېچىپ يازغان مەكتۇپلىرىدا ئىزھار قىلغان ئىكەنلا، ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، مەن خۇشال بولغان بولاتتىم.

ئەمما، خەن پادىشاھىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرىدىغان ئەمەلدارى

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ھونلار ھەققىدە قىسسە»، 11 - كىتاب، خەنزۇچە 55 - 37 - بەتكە قارالسۇن.
(2) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ھونلار ھەققىدە قىسسە»، 11 - كىتاب، خەنزۇچە 55 - 37 - بەتكە قارالسۇن.

بەگلىرىمدىن بىرى بولغان ئوڭ قول بىلگە خانغا ھۇجۇم قىپتۇ. ئوڭ قول بىلگە خانمۇ ئەھۋالنى ماڭا مەلۇم قىلماي ئىجازىتىمنى ئالمايلا، غويىرۇ نانجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ گېپىگە كىرىپ، خەن پادىشاھىنىڭ ئەمەلدارى بىلەن ئۆچەكىشىپتۇ. ئاقىۋەتتە ئىككى دۆلەت ھۆكۈمدارلىرى ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامە بۇزۇلۇپ، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىمىزگە ئارازلىق چۈشكەن. شۇ ۋەجىدىن ئاغرىنىپ يازغان مەكتۇبلىرى ماڭا ئىككى قېتىم يوللاندى. مەنمۇ ئەلچى ئارقىلىق جاۋاب مەكتۇبى يوللىدىم. لېكىن مەن ئەۋەتكەن ئەلچى قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن پادىشاھىنىڭ ئەلچىسىمۇ كەلمىدى. خەن پادىشاھى بىزگە دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ، قوشنىدارچىلىقنى بىجا كەلتۈرمىدى. ئەمدى مەن كىچىك بەگلەرنىڭ ئەھدىنامىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن ئوڭ قول بىلگە خاننى جازالىدىم. ئوڭ قول بىلگە خانغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا غەرب تەرەپتىكى ئۇلۇغ ياۋچىلارغا ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇدۇم. تەڭرىنىڭ ماڭا بەخت - سائادەت ئاتا قىلىشى بىلەن قوماندان، جەڭچىلىرىمنىڭ غەيرەت - شىجائىتى، ئاتلىرىمنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئۇلۇغ ياۋچىلارنى يەڭدىم. بەزىلەرنىڭ كاللىسىنى ئالدىم، بەزىلىرىنى تىز پۈكتۈردۇم.

لولان (پىچان خانلىقى - ئا). ئۇيسۇن خانلىقى، ئوغۇزلار (بۇلار شۇچاغدا چۆچەك ۋە زايسان ئەتراپلىرىدا ياشايتتى - ئا) نى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 خانلىقنى ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالدىم. شۇلارنىڭ ھەممىسى ھونلار دۆلىتى تەركىبىگە كىردى. ئوقيا كۆتۈرگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە بولۇپ بىرلەشتى. شىمالدىكى ئۆلكىلەر ھۆكۈمرانلىقىمغا ئۆتتى.

مەن شۇنى ئارزۇ قىلىمەنكى، قوشۇنلارنى ئۇرۇش قىلىشتىن توختىتىپ، ئارام ئېلىشقا چىقىرىپ، ئۇرۇش ئاتلىرىنى يايلاققا قويۇپ بېرىپ، كونا ئاداۋەتلەرنى ئەستىن چىقىرىپ، بۇرۇنقى ئەھدىنامىنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك، ئۇ چاغدا چېگرا ئەتراپىدا ياشايدىغان ئاھالە تىنچ، خاتىرجەم، ئامان خۇدا كۈن كۆرسە، گۆدەكلەر بىخارامان ئۆيناپ - كۈلۈپ چوڭ بولسا، ياشانغانلار غەم - ئەندىشىسىز ياشىسا، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تىنچ پاراۋان ئۆتسەك ياخشى بولاتتى.

... نەۋكىرىم ئارقىلىق مەكتۇپ يوللىدىم. ئۆزلىرىگە ئاتاپ بىر تۆگە، تۆتتىن ئات قوشۇلغان شاھانە هارۋىدىن بىر جۈپ ئەۋەتتىم. ئەگەر خەن پادىشاھى مۇندىن كېيىن ھونلارنىڭ چېگراسىغا يولىماسلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان بولسا، بەگلىرىمگە،

يۇقرالىرىمغا چېگرادىن يىراق تۇرۇشلىرى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەيمەن[1].

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇن غەربكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىدە كاسپى دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە بېرىپ،[2] يەتتە سۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرغان. مانا شۇ چاغدا ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقى ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر باسقۇچقا يېتىپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغا، غەربىي كاسپى دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە بارغان.

باتۇر تەڭرىقۇت غەربكە قىلغان غەلىبىلىك ھەربىي يۈرۈشىدىن قايتىپ كېلىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن (مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇن) خەن ۋىندىغا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەكتۇپنى يازغان.

باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ خەن ۋىندىغا يازغان مەكتۇپىدىن نېمىلەرنى چۈشىنىش مۇمكىن؟

مەزكۇر مەكتۇپتىن ئاجايىپ تارىخىي ۋەقەلەرنى چۈشىنىپ ئېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا:

(1) مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇت غەربكە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، سەپەرگە كەتكەندە ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن. ھونلارنىڭ ئوڭ بىلىگە خانى شەنشى ئۆلكىسىدىكى يۇلىك ئەتراپلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئەھدىنامىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان.

(2) مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇن كەڭسۇدا (ھازىرقى گەنسۇدا) ياشايدىغان ئۇلۇغ ياۋچىلارغا ھونلار جازا يۈرۈشى قىلغان. چۈنكى ياۋچىلار ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. جاڭ چەننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، شۇ قېتىم ھونلار تەرىپىدىن ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار مىلادىدىن 175 يىل بۇرۇن كەڭسۇدىن غەربكە قاراپ كۆچۈپ، ئىلى ۋادىسىغا بېرىپ ماكانلاشقان.

(3) باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ يازغان مەكتۇپىدا «لولان، ئۇيسۇن، ئوغۇزلارنى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 خانلىقنى ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالدىم» دېيىلگەن. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا، باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇن غەربكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىدە يەتتە سۇدىكى (ھازىرقى قازاقىستان) ئۇيسۇنلارنى، قاڭلىلارنى (بالقاش

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ھونلار ھەققىدە قىسسە»، 11 – كىتاب، خەنزۇچە 56 – 37 –، 57 – 37 - بەتلەرگە قارالسۇن.
(2) ئا. زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، تۈركچە 40 – بەتكە قارالسۇن.

كۆلى بىلەن ئارال كۆللىرى ئەتراپلىرىدا ـ ئا)، ئالانلارنى (كاسپى بويلىرىدا)، ئوتتۇرا ئاسىيانى (تارىم ۋادىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) تولۇق بويسۇندۇرغان.

(4) باتۇر تەڭرىقۇت خەن ۋىندىغا يازغان مەكتۇبىدا: «ئوقيا كۆتۈرگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە بولۇپ بىرلەشتى» دەپ خەن سۇلالىسىگە تەھدىت سالغان.

(5) باتۇر تەڭرىقۇت خەن ۋىندىغا يازغان مەكتۇبىدا تولىمۇ مەغرۇر قىياپەتتە تۇرۇپ، خەن سۇلالىسىگە تەھدىت سالغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن: «ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە تىنچ پاراۋان ئۆتسەك ياخشى بولاتتى» دېگەن خىتابنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ تىنچلىقنى سۆيىدىغان ئالىيجاناب خىسلىتىنى نامايان قىلغان.

خەن ۋىندى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ مەكتۇبىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ مەسلىھەت بېرىشىنى سورىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ھونلار بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن پايدا چىقمايدىغانلىقىنى، قۇدىلىشىشتىن ياخشىراق تەدبىر يوقلۇقىنى ئېيتقان. بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرگەن خەن ۋىندى باتۇر تەڭرىقۇتقا تۆۋەندىكى جاۋاب مەكتۇبنى يوللىغان:

«خەن پادىشاھى ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتىنىڭ سالامەتلىكىنى ئېھتىرام ئىلە سورايدۇ. ئالىيلىرى ئەلچى شىخۇجان (ھون ئەلچىسىنىڭ نامى ـ ئا) ئارقىلىق پېقىرگە ئەۋەتكەن مەكتۇبلىرىدا، قوشۇنلارنى ئۇرۇش قىلىشتىن توختىتىپ، ئارام ئېلىشقا چىقىرىپ، ئۇرۇش ئاتلىرىنى يايلاۋغا قويۇپ بېرىپ، كونا ئاداۋەتلەرنى ئەستىن چىقىرىپ، بۇرۇنقى ئەھدىنامىنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك، ئۇ چاغدا چېگرا ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان ئاھالە تىنچ، خاتىرجەم، ئامان خۇدا كۈن كۆرسە، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە تىنچ، پاراۋان ئۆتسەك ياخشى بولاتتى» دېگەن ئىكەنلا. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. بۇنداق قىلىش قەدىمكى چاغلاردا ئۆتكەن دانىشمەن پادىشاھلارنىڭمۇ ئۈمىدى ئىدى. خەن پادىشاھلىقى بىلەن ھون تەڭرىقۇتلۇقى ئارىسىدا بۇرۇن تۈزۈلگەن قېرىنداشلىق ئەھدىنامىسى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن تەڭرىقۇت ئالىيلىرىنى ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىپ كەلدىم. ئەھدىنامىدىن يۈز ئۆرۈپ، قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى بۇزغانلار دائىم ھونلار تەرەپتىن چىقتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئوڭ قول بىلگە خانىنىڭ ئەھدىنامىنى بۇزغانلىقىدىكى ۋەقە بۇرۇن كەچۈرۈم قىلىنغان. ئۇنى قايتىدىن سۈرۈشتە قىلمىغايلا. تەڭرىقۇت ئالىيلىرىغا مەكتۇبىمدا ئىزھار قىلىنغان ئارزۇيۇم ماقۇل كۆرۈلسە، بارلىق ھون بەگلىرىگە بۇندىن كېيىن ئەھدىنامىگە ۋاپاسىزلىق قىلماسلىق توغرىسىدا ئېنىق قىلىپ پەرمان چۈشۈرگەيلا. خۇددى ئۆزلىرىنىڭ

مەكتۇپىدا ئېيتىلغانىدەك، پەرمانلىرىغا ھۆرمەت قىلىنىپ، ئىناۋەت ساقلانسا ئىكەن. ئەلچىلىرى ئارقىلىق ماڭا مەلۇم بولۇشىچە، ئالىيلىرى ھونلار دۆلىتىنى قۇدرەتلىك، بىرلەشكەن ھالغا كەلتۈرۈشتە تۆھپە يارىتىپ، ئۇرۇشنىڭ جاپا - مۇشەققىتىنى ناھايىتى كۆپ تارتىپلا...»[1]

خەن ۋىندى مۇشۇ مەكتۇبى بىلەن بىللە باتۇر تەڭرىقۇتقا ئىپەك تون - چاپانلار، ئالتۇن توقا (كەمەرنىڭ توقىسى - ئا)، كىمخاب، تۈرلۈك رەڭدىكى شايى - ئەتلەسلەردىن بولۇپ ناھايىتى نۇرغۇن سوۋغا ئەۋەتكەن.

خەن ۋىندىنىڭ يازغان مەكتۇبىغا قارىغاندا: مىلادىدىن 175 يىل بۇرۇن ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

## ئۈچىنچى باب: كىيوك تەڭرىقۇت ۋە كونچىن تەڭرىقۇت

### 1. كىيوك تەڭرىقۇت

مىلادىدىن 174 يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) ئالەمدىن ئۆتتى. ھونلار باتۇر تەڭرىقۇتنى ئۆز ئادەتلىرى بويىچە ناھايىتى دەبدەبىلىك ھالدا دەپنە قىلغان. ھونلار باتۇرنىڭ ئوغلى كىيوكنى تەڭرىقۇت قىلىپ تەختتە ئولتۇرغۇزدى. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋىندى كىيوك تەڭرىقۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى تەبرىكلىدى. ئارقىدىنلا (مىلادىدىن 174 يىل بۇرۇن) خەن سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان بىر مەلىكە قىزىنى كىيوك تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلدى.

خەن ۋىندى مىلادىدىن 162 يىل بۇرۇن ئەلچى ئارقىلىق كىيوك تەڭرىقۇتقا تۆۋەندىكى مەزمۇندا مەكتۇب يازدى:

«خەن پادىشاھى ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتىنىڭ سالامەتلىكىنى ئېھتىرام ئىلە سورايدۇ»[2].

كىيوك تەڭرىقۇت خەن ۋىندىغا يازغان جاۋاب مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن:

«كۆك تەڭرى بىلەن يەر تەڭرى تەرىپىدىن ھايات بېرىلگەن، كۈن تەڭرى بىلەن ئاي تەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتى خەن

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ھونلار ھەققىدە قىسسە»، خەنزۇچە 11 - كىتاب، 58 - 37 - بەتكە قارالسۇن.
(2) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ھونلار ھەققىدە قىسسە»، خەنزۇچە 88 - كىتاب، 60 - 37 - بەتكە قارالسۇن.

پادىشاھىنىڭ سالامەتلىكىنى ئېھتىرام ئىلە سورايدۇ.»[1]

كىيوك تەڭرىقۇتنىڭ بۇ مەكتۇبىدىن، ئۇنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئۆز ئاتىسى باتۇر تەڭرىقۇتقا ئوخشاشلا ناھايىتى مەغرۇر بىر قىياپەتتە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ كىيوك تەڭرىقۇتلۇق قىلغان مەزگىلدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 174 ـ 161 ـ يىللار) خەن سۇلالىسى بۇرۇنقىدەكلا ھونلارغا ئولپان تۆلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ھەتتا مىلادىدىن 162 يىل بۇرۇن كىيوك تەڭرىقۇت خەن ۋىندىغا تەھدىت سېلىپ، ئۇنى ھەر يىلى ھونلارغا ئەۋەتىدىغان بەلگىلىك مىقداردىكى نەرسىلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە، ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە كىمخاب، ئەتىلالا، يىپەك شايى ئەۋەتىشكە مەجبۇر قىلغان.

كىيوك تەڭرىقۇت بۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن بۇرۇن، يەنى مىلادىدىن 166 يىل بۇرۇن 140 مىڭ كىشىلىك ھون ئاتلىق قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ، خەن سۇلالىسىگە ھۇجۇم باشلىغان. ھونلار غەربتە گەنسۇنىڭ بەزى جايلىرىدىن تارتىپ، شەرقتە شەنشىنىڭ بەزى جايلىرىغىچە بولغان رايونلارغا بېسىپ كىرىپ، خۇي جۇڭ ئوردىسىغا ئوت قويۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە يېقىنلاپ كەلگەن.

## 2. كونچىن تەڭرىقۇت

مىلادىدىن 161 يىل بۇرۇن كىيوك تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى كونچىن تەڭرىقۇت بولدى.

كونچىن تەڭرىقۇتلۇق قىلغان مەزگىلدە (161 ـ 126 ـ يىللار) ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەزىدە يامانلىشىپ، بەزىدە ياخشىلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا ئارىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى.

كونچىن تەڭرىقۇت مىلادىدىن 158 يىل بۇرۇن ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى لەييۈەن ناھىيىسىنىڭ ئەتراپلىرىغا، ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى توقتو ناھىيىسىنىڭ ئەتراپلىرىغا 60 مىڭ كىشىلىك ھون ئاتلىق قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ (ھەر قايسىغا 30 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن ئەۋەتىلگەن)، شۇ جايلارغا ھۇجۇم قىلغان. خەن ۋىندى ئۈچ ساغۇن باشچىلىقىدا نۇرغۇن قوشۇنلىرىنى

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ھونلار ھەققىدە قىسسە»، خەنزۇچە 88 – كىتاب، 60 – 37 – بەتكە قارالسۇن.

ئاتلانـدۇرۇپ، هونلارنـىڭ هۇجۇمىدىـن سـاقلىنىش ئۇچـۇن چېگـرا مۇداپىئەسـىنى كۈچەيتىشـكە ئەۋەتكـەن. مىلادىدىـن 156 يىـل بـۇرۇن ئۆلگـەن خـەن ۋىندىنىـڭ ئورنىغـا پادىشـاھ بولغـان خـەن جىڭدى (156 ـ 141 ـ يىلـلار) تاۋچىـڭ ئاتلىـق ئەمەلدارنـى هونلارغـا ئەلچـى قىلىـپ ئەۋەتىـپ، قۇدىلىشىشـنى دەرهـال ئەسـلىگە كەلتـۈرۈپ، مۇناسـىۋەتنى ياخشىلاشـقا كىرىشـكەن. خـەن ئەلچىسـى تاۋچىـڭ دەي ۋىلايىتىگـە (ۋىلايـەت مەركـىزى هازىرقـى خېبېـي ئۆلكىسـىدىكى يۈشـەن ناهىيىسـىنىڭ غەربىـي جەنۇبىـدا ـ ئـا) يېتىـپ كېلىـپ، ئىككـى ئوتتۇرىـدا ئېلىـپ بېرىلغـان سـۆھبەتلەردىن كېيىـن قۇدىلىشـىش ئەسـلىگە كەلتۈرۈلگـەن. مىلادىدىـن 152 يىـل بـۇرۇن خـەن سۇلالىسـى مەلىكىلىرىدىـن بىـرى كونچىـن تەڭرىقۇتقـا ياتلىـق قىلىنغـان.

## تۆتىنچى باب: هون تەڭرىقۇتلۇقى بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار

### 1. هونلارغا قارشى ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ تۈزۈلۈشى

خـەن جىڭـدى پادىشـاھلىق قىلغـان مەزگىلـدە (156 ـ 141 ـ يىلـلار) خـەن سۇلالىسـىنىڭ ئىقتىسـادى ئىنتايىـن گۈللەنگـەن باسـقۇچقا قـەدەم قويـدى. 17 ياشـلىق خـەن ۋۇدى پادىشـاھ بولغـان چاغنىـڭ دەسـلەپكى يىللىرىـدا پايتەخـت ۋە چېگـرا ئەتراپلىرىغـا يېقىـن بولغـان شـەهەرلەردىكى ئاشـلىق ئامبارلىـرى ئاشـلىققا تولـۇپ تاشـتى، خەزىنىگـە توپلانغـان بايلىـق يېتىـپ ئاشـاتتى. دۆلـەت ئۆسـتۈرۈپ كۆپەيتكـەن ئـۇرۇش ئاتلىرىدىـن باشـقا، پۇقرالارمـۇ ئـات بېقىـپ ئۆسـتۈرگەنىدى. شـۇ چاغـدا خـەن سۇلالىسـىنىڭ هاكىمىيىتىمـۇ مۇسـتەهكەملەنگەنىدى. هەربىـي جەهەتتىـن ئالغانـدا هونلارغـا تاقابىـل تۇرۇشـقا يارايدىغـان قوشـۇنلار تەشـكىللىنىپ، ياخشـى تەلىـم ئالغانىـدى.

جۇڭگونىـڭ قەدىمكـى تارىخىـدا ئۆتكـەن ئاتاقلىـق خانـلار ئىچىـدە، ئۆزىنىـڭ يۈكسـەك تالانتـى، قەهرىمانلىقـى، ئىرادىسـىنىڭ ناهايىتـى چىڭلىقـى بىلـەن مەشـهۇر بولغـان خـەن ۋۇدى يۇقىرىـدا تىلغـا ئېلىنغـان ياخشـى ئىمكانىيەتلەرنـى نـەزەردە تۇتـۇپ، هونلارغـا بولغـان قارامىلىقتىـن قۇتۇلۇشـقا بـەل باغلىـدى.

خـەن ۋۇدى مىلادىدىـن 138 يىـل بـۇرۇن (شـۇ چاغـدا ئـۇ 20 ياشـتا ئىـدى) پايتەختتىكـى ئوردىـدا خـەن سۇلالىسـىنىڭ تەجرىبىلىـك سىياسـىئونلىرى، دىپلوماتلىـرى، هەربىـي ئىسـتىراتېگلىرى بىلـەن كېڭىشـىپ، هونلارغـا قارشـى

ئۇرۇشىنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيىسىنى تۆۋەندىكىچە تۇرۇپ چىقتى:

غەرب تەرىپىدە بولسا ھونلار بىلەن كۆكنۇر (ھازىرقى چىڭخەي)دىكى تىبەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ھونلارنى غەرب تەرەپتىن ياردەم ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن غەربتىكى قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغان دۆلەتلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، شۇنداق دۆلەتلەر بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈپ (مەسىلەن، جاڭ چيەن غەرب ئەللىرىگە شۇ مەقسەت بىلەن ئەۋەتىلگەن)، ھونلارغا ئىككى تەرەپتىن (شەرق ۋە غەرب) ھۇجۇم قىلىپ زەربە بېرىش.

شەرق تەرەپتە بولسا، ھونلار بىلەن تۇڭگۇسلارنىڭ (قەدىمكى چاغدا ئۇلار ھازىرقى شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىدە ياشايتتى) ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش. ئۇندىن تاشقىرى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى لەييۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇنلارنى توپلاپ، سەددىچىن سېپىلىدىن شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ، ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ قاتتىق زەربە بېرىش.

تارىخىي پاكىتلار بويىچە قارىغاندا، قەدىمكى چاغدا ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلار مانا شۇ ئىستراتېگىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان[1].

بۇ ئىستراتېگىيە: «يىراقتىكى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، يېقىندىكى قوشنا دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىش، كۈچلۈكلىرىنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ بۆلۈپ تاشلاش، ئاندىن ئاجىزلىرىغا ياردەم بېرىپ كۈچلۈكلىرىنى يوقىتىش، كېيىن قالغانلىرىنى قويماستىن بىر - بىرلەپ يوقىتىش» تەدبىرىگە ئاساسلىنىپ تۈزۈلگەن.

بۇنداق تەدبىرنى مىلادىدىن 270 يىل بۇرۇن ۋېي بەگلىكى (ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدىكى بەگلىك - ئا) دىن چاڭلو دېگەن كىشى چىن بەگلىكىنىڭ خانى جاۋ شىياڭ ۋاڭغا تۇزۇپ بەرگەن.

چىڭ سىخۇاڭ مۇشۇ تەدبىرنى قوللىنىپ (246 - 221 - يىللار) جۇڭگودىكى لۇ، يەن، جاۋ، چۇ، ۋېي، خەن قاتارلىق ئالتە بەگلىكنى يوقاتقان.

شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگودا ھۆكۈم سۈرگەن خەنزۇ سۇلالىلىرى ئۆز دۈشمەنلىرىنى يوقىتىشتا ئاشۇ تەدبىرگە ئاساسەن، ئۇرۇشىنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە

(1) پەنۇتلەن: «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى»، تۈزىتىلگەن نۇسخىسى 21 – قىسىم، خەنزۇچە 82 – بەتكە قارالسۇن.

تاكتىكىسىنى تۈزۈپ، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان.

## 2. مايى ئەتراپىغا قويۇلغان تۇزاق



خەن ۋۇدى

خەن ۋۇدى مىلادىدىن 138 يىل بۇرۇن ھونلارغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ۋاڭ خۇي تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «تاكتىكا»نى ماقۇل كۆرۈپ، ھونلارغا قاتتىق زەربە بېرىشكە كىرىشتى.

ۋاڭ خۇي ئوتتۇرىغا قويغان تاكتىكا بويىچە: كونچىن تەڭرىقۇتنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ھونلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنى بىر يولىلا ئۈجۈقتۇرۇش ئىدى.

ۋاڭ خۇينىڭ تاكتىكىسى بويىچە، چوڭ سانغۇن خەن ئەنگو مايى شەھىرى (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى شاۋشەن ناھىيىسى) دىن بولغان يەنە بىر (ۋىنفۇ) ئەمەلدارنى كونچىن تەڭرىقۇتنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ مۇنداق دېگۈزدى: «مايى شەھىرىنىڭ ھاكىمىنى ئۆلتۈرۈپ شەھەرنى ئالىيلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى لايىق كۆردۇق. شەھەردىكى پۈتۈن بايلىقلارنى تاپشۇرۇپ ئالغايلا».

كونچىن تەڭرىقۇت ۋىنفۇنىڭ يالغاندىن تەسلىم بولغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ قىلغان تەكلىپىنى چۈشەنمەي ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن ۋە خۇش بولغان.

بۇ ئىشتىن كېيىن خەن ئەنگو كونچىن تەڭرىقۇتقا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن:

«مايى شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئۆلتۈرۈلدى. تەڭرىقۇت ئالىيلىرى يولغا چىقىپ كېلىۋەرسىلە بولىدۇ».

بۇ سۆزلەرگە ئىشەنگەن كونچىن تەڭرىقۇت 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ھون قوشۇنلىرىنى باشلاپ سەددىچىن سېپىلىدىن كىرىپ، شەنشىدىكى مايى شەھىرىگە قاراپ ماڭغان. تەڭرىقۇت مايى شەھىرىگە يېتىپ بېرىشتا يولدىكى ئۈجۈ دېگەن

شەھەرگە كەلگەن. دەل مانا شۇ چاغدا، ئۇرۇش هارۋىلىرى بىلەن تەمىنلەنگەن، تولۇق قوراللانغان، ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ 300 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى خەن ئەنگۇ، ۋاڭ خۇي قاتارلىق مەشھۇر سانغۇنلارنىڭ باشچىلىقىدا مايى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ - ئېدىرلارغا يوشۇرۇنۇپ، كونچېن تەڭرىقۇتنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ بۆكتۈرمىدە پايلاپ تۇرۇشقانىدى. ئەگەر كونچېن تەڭرىقۇت مايى شەھىرىگە يېقىنلاپلا كېلىدىغان بولسا، بۆكتۈرمىدە يوشۇرۇن پايلاپ تۇرغان خەن قوشۇنلىرى ئۇشتۇمتۇت هۇجۇمغا ئۆتۈپ، هونلارنى بىر يولىلا ئۇجۇقتۇرۇشقا تەييار ئىدى.

ئۇجۇ شەھىرىدىن مايى شەھىرىگە قاراپ يولغا چىققان كونچېن تەڭرىقۇت مايى شەھىرىگە كېتىۋېتىپ، يول ئەتراپلىرىدا ئوتلاپ يۈرگەن چارۋا - ماللارنى كۆرۈپ هەيران قالدى. چۈنكى بۇ چارۋا - ماللارنى بېقىۋاتقان بىرەر ئادەممۇ كۆرۈنمەيتتى. كونچېن تەڭرىقۇت مۇنداق سىرلىق ئەھۋالدىن گۇمانلىنىپ قالغاندا، ئۇجۇ شەھىرىنىڭ يولى ئاتلىق ئەمەلدارى مايى ئەتراپىغا قۇرۇلغان يوشۇرۇن تۇزاقنى كونچېن تەڭرىقۇتقا مەلۇم قىلغان.

كونچېن تەڭرىقۇت يوشۇرۇن هالدا ئىنتايىن خەتەرلىك تۇزاقنىڭ قۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ چۆچىگەن هالدا هون قوشۇنلىرىنى ناهايىتى تېز چېكىندۈرۈپ، سەددىچىن سېپىلىدىن چىقىپ كەتكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خەن ئەنگۇ، ۋاڭ خۇي هونلارنىڭ كەينىدىن قوغلىماقچى بولدى. لېكىن هونلار ئاللىقاچان يىراقلىشىپ كەتكەنىدى.

مايىدىكى تۇزاقنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىدىن ناهايىتى قاتتىق پەرىشان بولغان خەن ۋۇدى ۋاڭ خۇينى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان[1]. ۋاڭ خۇي نورغۇن پۇل تۆلەپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان.

مايى ۋەقەسى مىلادىدىن 133 يىل بۇرۇن بولغان.

### 3. ئوردوس ئۇرۇشى

ئوردوس يايلىقى ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ هونلار چارۋىچىلىق قىلىدىغان، مەنزىرىسى ناهايىتى چىرايلىق، ئوت - چۆپ ۋە سۇيى مول يايلاق ئىدى. ئوردوس يايلىقى جۇڭگونىڭ قەدىمكى پايتەختى چاڭئەننىڭ دەل شىمالىغا

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، هونلار هەققىدە قىسسە»، خەنزۇچە 11 - كىتاب 65 37 - بەتكە قارالسۇن.

جايلاشقان. چىڭ سىخۇاڭ مىلادىدىن 221 يىل بۇرۇن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنمۇ، يېڭىدىن قۇرۇلغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالىدىكى كۈچلۈك قوشنىسى هونلار چاڭئەنگە خەۋپ سېلىپ تۇراتتى. چىڭ سىخۇاڭ ئەپسانە گەپلەر بىلەن جان باقىدىغان هۆكۈمالارنىڭ: «هونلار چىڭ سۇلالىسىنى يوقىتىدۇ» دېگەن سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئوردوس يايلىقىنى بېسىۋېلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ شۇ مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇپ، مىلادىدىن 215 يىل بۇرۇن مىن تىيەن ئاتلىق سانغۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى هونلارغا قارشى ماڭدۇرۇپ، ئوردوس يايلىقىنى ئالغانىدى.

باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) تەختكە ئولتۇرۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوردوس يايلىقىنى يېڭى قۇرۇلغان خەن سۇلالىسىدىن تارتىۋالغان.

خەن ۋۇدى مايى ۋەقەسىدىن كېيىن هونلارغا قارشى هەربىي يۈرۈشلىرىنى باشلىدى.

خەن ۋۇدى مىلادىدىن 127 يىل بۇرۇن ۋېي چىڭ ئاتلىق چوڭ سانغۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملاردىن تەركىب تاپقان نۇرغۇن قوشۇننى هونلارغا قارشى ماڭدۇرغان، ۋېي چىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن هازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ توقتۇ ناهىيىسىدىن يولغا چىقىپ غەرب تەرەپتىن ئايلىنىپ كېلىپ، ئوردوس يايلىقىدا هون قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشقان. ئۇرۇشتا هونلار مەغلۇپ بولۇپ ئوردوس يايلىقىدىن چېكىنگەن. خەن ۋۇدى ئوردوس يايلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، چىڭ سىخۇاڭ ۋاقتىدىكى كونا قائىدىگە ئەمەل قىلىپ، ئوردوس يايلىقىدا شاۋ ياڭ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ، بۇ جايغا يېڭىدىن يۈزمىڭ ئادەمنى كۆچۈرۈپ كەلگەن. شاۋياڭ ۋىلايىتىنى چېگرانى مۇداپىئە قىلىدىغان مۇھىم جايغا ئايلاندۇرغان. چاڭئەننىڭ هونلار خەۋپىگە ئاسانلا يولۇقۇشى تۈگىتىلگەن.

هونلار ئوردوسنى قولدىن بېرىپ قويغاندىن كېيىن، مىلادىدىن 123 يىل بۇرۇن هازىرقى كۆكخوت شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى پايتەختىنى هازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئۆتۈكەنگە يۆتكەپ كەتكەن.

### 4. كەڭسۇنىڭ هونلارنىڭ قولدىن كېتىشى

مىلادىدىن 123 يىل بۇرۇن كونچىن تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۇكىسى ئىل چىسى تەڭرىقۇت بولدى.

ئىل چىسى تەڭرىقۇتلۇق قىلغان مەزگىللەردە (126 ـ 114 ـ يىللار) هون تەڭرىقۇتلۇقى بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا كۆپ قېتىم ئۇرۇش بولدى. شۇ ئۇرۇشلار ئىچىدە ئىككى قېتىملىقى ناهايىتى قاتتىق بولغان.

خەن ۋۇدى ئوردوس يايلىقىدا ئۆز كۈچلىرىنى جايلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، هونلار بىلەن تىبەت خانلىقى (كۆكنۇردىكى) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلاپ، هون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ غەربىدىكى تېررىتورىيىسى (ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا)غا بارىدىغان قاتناش يولىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن، كەڭسۇدىكى خېشى كارىدورىنى ئېلىشنى كۆزلىدى. خېشى كارىدورى كەڭسۇدىكى (هازىرقى گەنسۇ) تىلەن تېغى (هازىرقى چىلەنشەن) ۋە ئالچى تېغى (هازىرقى يەنجىشەن) ئېتەكلىرىدىكى بىر پارچە مۇنبەت يايلاق ئىدى.

ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن باشلاپ خېشى كارىدورى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش بولغان جايلاردا ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار ياشايتتى. ياۋچىلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ئۇيسۇنلار مىلادىدىن 180 يىل بۇرۇن خېشى كارىدورىدىن غەربكە قاراپ كۆچۈپ، هازىرقى ئىلى ۋادىسى، ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىغا بېرىپ ماكانلاشقانىدى. ئۇلۇغ ياۋچىلار بولسا، مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ جازا يۈرۈشىگە (ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن) ئۇچراپ ناهايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققاندىن كېيىن، مىلادىدىن 175 يىل بۇرۇن خېشى كارىدورىدىن غەربكە قاراپ كۆچۈپ كەتكەنىدى.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن هونلار خېشى كارىدورى ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش بولغان جايلارغا قونى ۋە شىئوت سوگا ئاتلىق ئىككى هون قەبىلىسىنى كۆچۈرۈپ كەلگەنىدى. شۇ ئىككى قەبىلىنىڭ خانلىرى شۇ قەبىلىنىڭ نامىلىرى بىلەن قونى خان، شىئوت سوگا خان دەپ ئاتىلاتتى.

«خەن يىلنامىسى. جۇغراپىيە بايانى» دىكى باياناتقا ئاساسلانغاندا، هازىرقى ۋۇۋېي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار شىئوت سوگا خانىنىڭ يايلىقى بولسا، هازىرقى جاڭيې ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار قونى خانىنىڭ بايلىقى ئىدى.

خەن ۋۇدى خېشى كارىدورىنى ئېلىش ئۈچۈن، مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن، خوچۇبىڭ ئاتلىق ياش، تالانتلىق سانغۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملاردىن تەركىب تاپقان بىرنەچچە يۈزمىڭ كىشىلىك قوشۇننى هونلارغا قارشى ماڭدۇردى. خوچۇبىڭ هونلارنى كەڭسۇنىڭ شىمالىغا قوغلىۋېتىپ، خېشى

كاربدورىنى ئالدى.

قونې خان ۋە شىئوت سوگا خانلارنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىل چىسى ئۇلارنى جازالىماقچى بولدى. بۇنى سېزىپ قالغان قويې خان چېگراغا ئادەم ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. قويې خان شىئوت سوگا خاننى ئۆلتۈرۈپ (شىئوت سوگا خان تەسلىم بولۇشقا ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن)، بىرنەچچە تۈمەن ھوننى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. خەن سۇلالىسى تەسلىم بولغان ھونلارنى ھازىرقى گەنسۇ، شەنشى، سەنشى قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى خەن سۇلالىسىگە قاراشلىق بەش بەگلىك دەپ ئاتىدى.

خەن ۋۇدى مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن ھونلاردىن خېشى كاربدورىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە ئىچكى جايلاردىن 200 مىڭ كىشىنى كۆچۈردى. كۆچمەنلەر يېڭى جايدا بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. خەن ۋۇدىنىڭ قارىشىچە: چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ـ چېگرا بويلىرىغا كۆپ مىقداردا ئادەم كۆچۈرۈش ئىدى. خەن ۋۇدى مىلادىدىن 119 يىل بۇرۇن شىمالىي چېگرا بويلىرىغا 700 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى كۆچۈرگەن. خەن ۋۇدى خېشى كاربدورىنى مەمۇرىي جەھەتتىن ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ۋۇۋېي، جۇچۈەن، جاڭيې، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى تەسىس قىلدى.

ھونلار خېشى كاربدورىدىن ئىبارەت مۇنبەت يايلاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ھەسرەتلىنىپ تۆۋەندىكى قوشاقنى توقۇغان:

ئايرىلىپ قالغاندا تىلەۋ تېغىدىن،  
ئاۋۇماس بوپقالدى چارۋا ـ مالىمىز.  
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تېغىدىن،  
مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز، ئايالىمىز.

خەن ۋۇدى خېشى كاربدورىنى ئېلىپ ئىككى يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا مىلادىدىن 119 يىل بۇرۇن ھونلارغا قارشى يەنە ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. چوڭ سانغۇن ۋېي چىڭ، خۇچۇبىڭ باشچىلىقىدىكى 100 مىڭ ئاتلىق، بىرنەچچە

يۈزمىڭ كىشىلىك پىيادە قوشۇن ھونلارغا قارشى يۈرۈش باشلىدى. بۇندىن تاشقىرى دۆلەتكە قاراشلىق ئاتلاردىن باشقا، خۇسۇسىيلارنىڭ ئاتلىرىمۇ ھەربىي سەپەرۋەرلىك ئۈچۈن ئېلىندى. يۈرۈشكە ماڭغان خەن قوشۇنلىرىدا 140 مىڭ زاپاس ئات بار ئىدى.

ۋېي چىڭ باشچىلىقىدىكى خەن قوشۇنلىرى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىغا تويلاندى. خوچۈبىڭ باشچىلىقىدىكى خەن قوشۇنلىرى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىغا توپلاندى. ۋېي چىڭ، خوچۈبىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار بىرلا ۋاقىتتا توپلانغان جايلىرىدىن (شىمالىي شەنشى بىلەن شىمالىي خېبېيدىن) شىمالغا قاراپ يۈرۈپ، سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ، ھونلار تېررىتورىيىسىگە كىردى. ئەھۋالدىن تولۇق، ئېنىق خەۋەر تاپقان ھونلارمۇ تەييار تۇرۇشقانىدى. ئىل چىسى تەڭرىقۇت ھون ئاتلىق قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ، موڭغۇلىيە چۆلىدە پايلاپ تۇردى. ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ يابغۇسى جاۋشىن تەڭرىقۇتقا مەسلىھەت بېرىپ: «خەن قوشۇنلىرى چۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن تەقدىردىمۇ ئۇلار ھېرىپ - چارچايدۇ. ھونلار ئانچە كۈچ سەرپ قىلماستىنلا خەن قوشۇنلىرىنى ئەسىر ئالىدۇ» دېگەن.

ۋېي چىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار ھونلار تېررىتورىيىسىگە مىڭ يولچە ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىنلا، ئىل چىسى تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى ھون قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشقان. شۇنىڭ بىلەن موڭغۇلىيە چۆلىدە قانلىق ئۇرۇشلار باشلانغان.

خەن قوشۇنلىرى ئىل چىسى تەڭرىقۇتنى مۇھاسىرىگە ئالغان. ئۇرۇش بولغان كۈنى ناھايىتى قاتتىق بوران چىقىپ، ئۇچۇپ تۇرغان قۇم، شېغىل تاشنىڭ دەستىدىن كۆز ئېچىشقا مۇمكىن بولمىغان. ئىل چىسى تەڭرىقۇت قاراڭغۇ چۈشكەن چاغدا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، بىرنەچچە يۈز ھون ئاتلىقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، چۆلنىڭ غەربىي شىمالىغا قاراپ قاچقان. خەن قوشۇنلىرى كېچىسى تەڭرىقۇتنى قوغلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يېتىشەلمىگەن. ۋېي چىڭ باشچىلىقىدىكى خەن قوشۇنلىرى مۇھاسىرىدىن چىقىپ چېكىنگەن ھون قوشۇنلىرىنى قوغلاپ ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى خاڭگەي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تۇمشۇقىدىكى ھون شەھىرى (جاۋشىن شەھىرى) گىچە بارغان. ئۇلار شەھەردىكى ئاشلىق ئامبارلىرىغا ئوت قويغان. ۋېي چىڭ ھونلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنى يوقىتىش مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتىپ كەلگەن.

خۇچۇبىنىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار ھونلارنىڭ شەرقىي تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىرىپ، سول قول بىلىگە خان باشچىلىقىدىكى 100 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ھون قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشقان. موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدە بولغان ئۇرۇشتا ھونلار ناھايىتى ئېغىر مەغلۇپ بولغان. شۇ ئۇرۇشتا 70 مىڭدىن ئارتۇق ھون ئۆلگەن ۋە ئەسىرگە چۈشكەن. سول قول بىلىگە خان شىمالغا قاراپ قېچىپ كەتكەن.

بۇ قېتىمقى قانلىق ئۇرۇشتا خەن قوشۇنلىرىدىن 100 مىڭ ئادەم، 120 مىڭ ئات ئۆلگەن. ھونلاردىن 90 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم، بىر نەچچە تۈمەن ئات چىقىم بولغان. ھونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ھالسىرىغان خەن قوشۇنلىرى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرالماي قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ھونلارمۇ ئۆلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرەلمىگەن. شۇ ئۇرۇشتا خەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سانغۇنلىرىدىن بىرى بولغان لى گۇاڭ بەلگىلەنگەن چاغدا ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئېغىر جازاغا تارتىلىشتىن قورقۇپ، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان.

قانداقلا بولمىسۇن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلار ئارقىلىق خەن سۇلالىسى بۇرۇنقى پاسسىپ ئورۇندىن ئاكتىپ ئورۇنغا ئۆتكەن. بۇرۇن ھونلار تاجاۋۇز قىلغۇچى، خەن سۇلالىسى مۇداپىئەدە تۇرۇپ ئۆزىنى قوغدىغۇچى ئورۇندا تۇرغان بولسا، مىلادىدىن 133 يىل بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ ئەھۋال ئۇنىڭ ئەكسىگە قاراپ ئۆزگەرگەن.

## بەشىنچى باب: خەن سۇلالىسى ۋە غەربىي يۇرت

### 1. غەربىي يۇرت

جۇڭگونىڭ قەدىمكى چاغدىكى تارىخچىلىرى ئۇ ز ئەسەرلىرىدە: «غەربىي يۇرت» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن. «غەربىي يۇرت» دېگەن بۇ ئۇقۇم باشتا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ (تيانشاننىڭ) جەنۇبىي، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالى، پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى تارىم ۋادىسىنى بىلدۈرگەن بولسا، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىن تارتىپ ياۋروپاغىچە بولغان بىپايان تېررىتورىيىسىنى بىلدۈرىدىغان بولغان.

جوڭگودا خەن سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە ئۇ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە خەنزۇلار بىلىدىغان تېررىتورىيىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چەكلىك ئىدى. شۇ چاغلاردا خەنزۇلار غەربتە تىبەت ئېگىزلىكىدىن تارتىپ، شەرقتە سېرىق دېڭىز بويلىرىغىچە، شىمالدا ئۆزلىرىگە قوشنا بولغان موڭغۇلىيە (تاشقى موڭغۇلىيە) دىكى چۆللەر، قۇملۇقلار، داللار، يايلاقلارنى، جەنۇبتا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ياپيېشىل، بوك - باراقسان ئورمانلىقلارنى بىلەتتى. شۇ چاغلاردا خەنزۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنى «دۇنيانىڭ مەركىزى» دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا «جوڭگو» (ئوتتۇرا يەر) دەپ ئات قويغان بولسا كېرەك.

«غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان جايلارنىڭ ئىچىدىكى تارىم ۋادىسى، جوڭغار ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ غەربىدە 36 دۆلەت بار ئىدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ بەزىسىنىڭ ئاھالىسى 600 مىڭدىن (ئۇيسۇنلارنىڭ) تارتىپ، بىرنەچچە تۈمەنگىچە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيسۇن، چارقىلىق، لولان، ئاقسۇ قاتارلىق دۆلەتلەر چارۋىچىلىق ئىقتىسادىنى ئاساس قىلغان بولسا، قارا شەھەر، كۇچا، قەشقەر، ياركەنت، خوتەن قاتارلىق دۆلەتلەر يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار شەھەرلىرى كۆپ، خېلى تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەر ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە باي، ياركەنت قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاھالىسى مېتال ئېرىتىپ (ئاساسەن تۆمۈر)، ئوقيا، نەيزە، قىلىچ، خەنجەر، دوبۇلغا، ساۋۇت (زەنجىر چاپان) قاتارلىق ھەربىي قوراللارنى ياسايتتى. بۇنداق قوراللار ھونلار ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا ئاسىيا (بولۇپمۇ تارىم ۋادىسى) ھونلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ئاشلىقنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى تەمىنلەپ تۇراتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى پەرغانە، قاڭلى، ئالان (كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي شىمالىدا) قاتارلىق دۆلەتلەر بىر قاتار چوڭ دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇلار چارۋىچىلىق، قىسمەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەرغانە دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى 300 مىڭ بولۇپ، ئوقيا ۋە نەيزە بىلەن قوراللانغان 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بار ئىدى. بولۇپمۇ دۇنياغا داڭقى كەتكەن ساماۋى ئاتلار پەرغانىدىن چىقاتتى. جاڭ چيەننىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا: «پەرغانىدە چوڭ - كىچىك 70 كە يېقىن شەھەر بار ئىكەن».

«جاڭ چەن تەرىپىدىن ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن 70 كە يېقىن چوڭ - كىچىك شەھەرلەر ھېسابىغا بىز قورغانلار تۈپىدىن ئىبارەت بولغان ۋە تام بىلەن ئورالغان

چوڭ يېزىلارنى ھەم كىرگۈزۈشكە ھەقلىقمىز. بۇنداق يېزىلار ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار نەتىجىسىدە خارەزمىدە، ئاياز قەلئەسىدە تېپىلغان يېزىلار تۈركچە كىرىدۇ».[1]

قاڭلى دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى 600 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە ئىدى. مانا شۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ھون تەڭرىقۇتلۇقىغا قارايتتى.

## 2. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولى

قەدىمكى چاغدا غەرب بىلەن شەرق ئارىسىدىكى قاتناش چاڭئەندىن باشلىناتتى. غەربكە قاراپ ماڭغاندا خېشى كارىدورى ئارقىلىق دۇڭخۇاڭغا باراتتى. ئۇ جايدىن يەنە غەربكە قاراپ ماڭغاندا يول ئىككى ئاچىغا بۆلۈنۈپ كېتەتتى. بۇ ئاچا يولنىڭ بىرى پىچان (لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن) ۋە خوتەن، ياركەنت قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، پامىر تاغلىرىدىن ھالقىپ، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېلىپ باراتتى.

يەنە بىرى بولسا تۇرپان، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئۆتۈپ، پامىر تاغلىرىدىن ھالقىپ پەرغانە (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىدە)، قاڭلى (ھازىرقى قازاقىستاندىكى بالقاش كۆلى بىلەن ئارال كۆلىنىڭ ئارىلىقىدا)، ئالان (كاسپىي دېڭىزىنىڭ غەربىي شىمالىدا) قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېلىپ باراتتى. ئالانلار دۆلىتىدىن چىقىپ، جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا، ئىران ئارقىلىق غەربكە مېڭىپ ئاندىن رۇما ئىمپېرىيىسىگە بارغىلى بولاتتى. بۇ يول تارىختا «جەنۇبىي يول» دەپ ئاتالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا قۇمۇلدىن غەربكە بارىدىغان بىر يول بولۇپ، ئۇ چۆچەكتىكى تىرەكتى (جۇڭغار دەرۋازىسى) ئارقىلىق يەتتە سۇغا (ھازىرقى قازاقىستان) ئېلىپ باراتتى. بۇ يول تارىختا «شىمالىي يول» دەپ ئاتىلاتتى.

مەيلى «جەنۇبىي يول» بولسۇن ياكى «شىمالىي يول» بولسۇن، ھەممىسىدە تولا چاغلاردا شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە بارىدىغان سودا كارۋانلىرى، ئەلچىلەر، سەيياھلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي مېڭىشىپ تۇراتتى. مانا شۇ خەلقئارا يولنىڭ ئەڭ ئاساسىي تۈگۈنى تارىم ۋادىسى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى چاغدا

(1) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى»، ئۆزبېكچە 1 – توم، 103 – بەتكە قارالسۇن.

ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئالتۇن كۆۋرۈك ئىدى. مانا شۇ «ئالتۇن كۆۋرۈك» ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىپ، بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلىپ، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ھونلار مانا شۇ خەلقئارا قاتناش يوللىرىنىڭ خوجايىنى ئىدى. ئۇلار مۇشۇ يول بويلىرىغا نۇرغۇنلىغان لەشكەر، سارايلارنى بىنا قىلىپ، يولۇچىلارنى سارايلىرىدا قونىدۇرۇپ، يول بويى ئۇلارنى قوغداپ، تاغ ـ داۋان، دەريا ـ ئېقىنلاردىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا كاپالەتلىك قىلاتتى. ھونلار شۇ ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن پايدىغا (باغ ۋە خىزمەت ھوقۇقىغا) ئىگە بولاتتى. لېكىن بەزى چاغلاردا، «جەنۇبىي يول» ياكى «شىمالىي يول» دىن بولسۇن، تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتى بىلەن سەپەرۋەر قىلىنغان تۇمەنلىگەن، يۈز مىڭلىغان قوشۇنلارمۇ، ئاددىي پۇقرا قىياپىتىگە كىرىۋالغان جاسۇسلارمۇ شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە ئۆتۈپ تۇراتتى. بۇنداق چاغدا بۇ يول «ئۇرۇش يولى» ياكى تاجاۋۇزچىلىق يولىغا ئايلىنىپ قالاتتى.

«يىپەك يولى» نامى بىلەن ئاتالغان ئەنە شۇ قەدىمكى يول ھەققىدە يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەزى كىشىلەر ماقالە يېزىپ، ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلدى. بىراق بۇ يەردە يىپەك يولى ھەققىدە توختالمايمىز.

### 3. جاڭ چەننىڭ غەربىي يۇرتقا تۇنجى قېتىم كېلىشى

خەن ۋۇدى ھونلارغا قارشى ھەربىي تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن تاشقىرى، يەنە بىر يۈرۈش سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە تەدبىرلىرىنى قوللاندى. ئۇ بۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق ھون تەڭرىقۇتلۇقى تەركىبىگە كىرگەن غەربتىكى دۆلەتلەرنى ھونلاردىن ئاجرىتىپ، ئۇلارنى خەن سۇلالىسى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا، ھەتتا ئۇلارنى خەن سۇلالىسى بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈپ ھونلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا ئۈندىمەكچى بولدى. ئەگەر خەن ۋۇدى شۇ مەقسىتىگە يېتەلىگەن بولسا، ئۇ چاغدا ھونلار غەرب تەرەپتىكى ئۆزىگە قاراشلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردىن، خەلقئارا قاتناش يولىغا بولغان خوجايىنلىق رولىدىن، غەربتىن كېلىدىغان (ئاساسەن تارىم ۋادىسى) ئاشلىق مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. خەن ۋۇدى دەل مۇشۇ مەقسەت بىلەن مىلادىدىن 138 يىل بۇرۇن جاڭ چەننى غەربىي يۇرتقا ماڭدۇردى.

خەن ۋۇدى ئەسىرگە چۈشكەن تاڭ يىخۇ ئاتلىق ھوندىن ئاجايىپ بىر ۋەقەنى

ئاگلىغانىدى. ئۇنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇرۇن كەڭسۇدا ياشايدىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار هونلار بىلەن چىقىشالماي غەربكە كۆچۈپ كەتكەن. ئۇلار بىلەن هونلار ئارىسىدا قاتتىق ئاداۋەت بار ئىكەن.

خەن ۋۇدى ئەنە شۇ ۋاقىتچە ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ مىلادىدىن 175 يىل بۇرۇن كەڭسۇدىن غەربكە كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. خەن ۋۇدى تاڭ يىخۇدىن ئۇلۇغ ياۋچىلار هەققىدە مەلۇمات ئالغاندىن كېيىنلا، ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، هونلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن.

مىلادىدىن 138 يىل بۇرۇن خەن ۋۇدىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئالغان جاڭ چەن هون تاڭ يىخۇ قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، ئەلچىلىك تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ غەربىي رايونغا قاراپ يولغا چىققان. ئۇ باشلىغان خەن سۇلالىسى ئەلچىلىكى خېشى كارىدورىغا كەلگەندە هونلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، تۇمەن بالىق (هونلارنىڭ پايتەختى)قا ئېلىپ كېلىنگەن. جاڭ چەن هونلار قولىدا ئون يىل نەزەربەنت ئىچىدە تۇرغان. ئۇ مىلادىدىن 128 يىل بۇرۇن ئۆز هەمراھلىرىدىن ساق قالغانلىرىنى ئېلىپ (بىر قىسمى ئۆلگەن ۋە قاچقان) هونلار پايتەختىدىن قاچقان ۋە غەربكە قاراپ يول ئېلىپ، پامىر تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، پەرغانە ئارقىلىق قاڭلى دۆلىتىگە كەلگەن. ئۇ بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن چىقىپ ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئالدىغا كەلگەن.

ئەسلىدە هونلار بىلەن چىقىشالمىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار مىلادىدىن 175 يىل بۇرۇن كەڭسۇدىكى خېشى كارىدورىدىن غەربكە قاراپ كۆچۈپ دەسلەپ كۇچاغا كەلگەن. ئاندىن ئىلى ۋادىسىغا ئۆتۈپ، ئۇيسۇنلارنى غەربكە قوغلاپ، ئىلى ۋادىسى، ئىسسىق كۆل بويلىرىغا ئۆزى جايلىشىۋالغان. هونلارنىڭ ياردىمىنى ئالغان ئۇيسۇنلار مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇن ئۇلۇغ ياۋچىلارنى ئىلى ۋادىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، يەنە شۇ جايلارغا ئۆزلىرى ماكانلاشقان.

ئىلى ۋادىسىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىسسىق كۆل تەرىپىگە سىلجىپ، قەشقەرگە كەلگەن. ئۇلار بۇ يەردىمۇ تۇرماستىن توخارىستان (شىمالىي ئافغانىستان) تەرەپكە ئۆتۈپ، پايتەختىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدە بەرپا قىلىپ، تارىختا «توخارىستان» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان دۆلەتنى قۇرغان.

جاڭ چەن ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئالدىغا بارغاندا، توخارىستان دۆلىتى قورۇلغىنىغا 22 يىل بولغانىدى. ئۇلۇغ ياۋچىلار جاڭ چەننى ياخشى قارشى ئالغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتى بولغان كەڭسۇغا كۆچۈپ بارمايدىغانلىقىنى، هونلار بىلەن قايتا دۈشمەنلەشمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خەن سۇلالىسى ئەلچىسى تەرىپىدىن قويۇلغان تەكلىپلەرنى رەت قىلغان.

جاڭ چەن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىلىدە بىر يىلدەك تۇرۇپ ئىتتىپاق تۈزۈش مەقسىتىگە يېتەلمەي ئۆز دۆلىتىگە قايتقان. ئۇ قايتىشىدا يەنە هونلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، بىر يىل (بەزى مەلۇماتلاردا قەشقەردە) نەزەربەنتتە تۇرغان.

جاڭ چەن مىلادىدىن 126 يىل بۇرۇن هونلار قولىدىن قېچىپ، چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ باشتا ئەگەشتۈرۈپ ماڭغان يۈزدىن ئارتۇق كىشىدىن پەقەت تاڭ يىخۇلا ئامان قالغان.

جاڭ چەن خەن ۋۇدى تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ئاساسىي ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى بويىچە پادىشاھ خەن ۋۇدىغا يىراقتىكى غەرب ئەللىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئىقتىسادى، مەهسۇلاتلىرى، شەهەر ـ يېزىلىرى، ئاھالىسى، هەربىي قوشۇنلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى هەققىدە ئاجايىپ مەلۇماتلارنى بەرگەن. ئۇنىڭ بەرگەن مەلۇماتىنى ئاڭلاپ هەيران بولغان خەن ۋۇدىدا غەرب ئەللىرىگە قارىتا تېخىمۇ كۈچلۈك قىزىقىش قوزغالغان.

خەن ۋۇدى جاڭ چەننىڭ ئىرادىسىگە تەن بېرىپ ئۇنىڭغا: «ئۈمىدۋار بەگ» دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن.

#### 4. جاڭ چەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئىككىنچى قېتىم كېلىشى

جاڭ چەن قايتىپ كەلگەن چاغدا، خەن ۋۇدى هونلارغا قارشى ئۇرۇش هەرىكەتلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن باشلاش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقانىدى.

جاڭ چەن مىلادىدىن 119 يىل بۇرۇن هونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا بولغان ناهايىتى دەهشەتلىك، قانلىق ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئۇ شەرقىي يۈنىلىشنىڭ باش سانغۇنى خوچۈبىڭنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. جاڭ چەن هەربىي يۈرۈشتە بەلگىلەنگەن جايغا بىر تۈمەن قوشۇننى باشلاپ ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن پادىشاھ خەن ۋۇدى ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان. لېكىن ئۇ

پـۇل تۆلـەپ ئۆلۈمدىــن قۇتۇلغـان بولســىمۇ، ئاددىـي پۇقراغـا ئايلاندۇرۇلغـان.[1]

جـاڭ چـەن شـۇ ھالغـا چۈشـۈپ قالغان بولســىمۇ، خـەن ۋۇدى ئۇنـى غەربىـي يۇرتقـا ئىككىنچـى قېتىـم ئەۋەتـىش قارارىغـا كەلگەن.

خـەن ۋۇدى مىلادىدىـن 115 يىـل بـۇرۇن جـاڭ چـەن باشـچىلىقىدا 300 كىشىدىن تەركىـب تاپقـان چـوڭ بىـر ئەلچىلـەر ئۆمىكىنـى ئۇيۇشـتۇردى. ئەلچىلـەر ئۆمىكىدىكى ھەربىـر كىشـىگە ئىككىدىـن ئـات بېرىلـدى. ئـۇلار بىـر تۈمـەن قـوي، كالا، قىممىتـى يـۈز مىليـون سـەرلىك كىمخـاب، تـاۋار، دۇردۇن قاتارلىـق ئېسـىل نەرسـىلەرنى ئېلىـپ يولغـا چىقتـى.

خـەن ۋۇدىنىـڭ جـاڭ چەننـى ئىككىنچـى قېتىـم غەربىـي يۇرتقـا ئەۋەتىشـتىكى ئاساسـىي مەقسـىتى مۇنـداق ئىـدى:

جـاڭ چـەن ئارقىلىـق ئۇيسـۇنلارغا نۇرغـۇن سـوۋغا ـ سـالاملارنى ھەدىيـە قىلىـپ، ئۇلارنـى خېشـى كارىدورىدىكـى ئەسـلى يۇرتلىرىغـا قايتىـپ كېلىشـكە ئۈنـدەش. خـەن مەلىكىلىرىنــى ئۇيســۇن خانلىرىغــا ياتلىــق قىلىــش، شــۇ ئارقىلىــق قۇدىلىشــىش قاتارلىـق ئۇسـۇللار بىلـەن ئۇيسـۇنلارنى ھونـلار ئىتتىپاقىدىن چىقىشـقا دەۋەت قىلىش، ئۇيسـۇنلار بىلـەن ئىتتىپاقلىشـىپ، ھونلارغـا بىرلىكتـە قارشـى تـۇرۇپ، ھونلارنىـڭ ئـوڭ قولىنـى (ھەربىـي ئىسـتراتېگىيە بويىچـە قارىغانـدا، ئۇيسـۇنلار ھونلارنىـڭ ئـوڭ قولـى بولـۇپ ھېسـابلىناتتى) كېسـىپ تاشـلاش ئىـدى.

خـەن ۋۇدىنىـڭ تاپشـۇرۇقىنى ئالغـان جـاڭ چـەن خـەن ئەلچىلىكىنـى باشـلاپ، ئۇيسـۇن خانلىقىغـا كەلگـەن. ئۇيسـۇنلار خـەن ۋۇدى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگـەن قىممەتلىك سـوۋغا ـ سـالاملارنى قوبـۇل قىلىـپ ئالغـان بولسـىمۇ، خـەن ئەلچىلىرىگـە خـۇددى ھـون تەڭرىقۇتلۇقىـدەك مەغـرۇر قىياپەتتـە مۇئامىلـە قىلىـپ، ئەلچىلەرنى ئانچە ياخشـى قارشـى ئالمىغـان. بـۇ ئەھۋالدىـن رەنجىگـەن جـاڭ چـەن ئەگـەر خـەن ئەلچىلىرىگـە ئـۆز لايىقىـدا ھۆرمـەت بىلدۈرمىسـە، سـوۋغا ـ سـالاملارنىڭ قايتـۇرۇپ ئېلىنىدىغانلىقىنـى ئېيتقـان. ئۇنـى ئاڭلىغـان ئۇيسـۇن خانـى ئورنىدىـن تـۇرۇپ ھۆرمـەت بىلدۈرگـەن. ئۇنىڭغـا ئەگىشـىپ ئۇيسـۇن بەگلىرىمـۇ ھۆرمـەت بىلدۈرۈشكەن.

جـاڭ چـەن ئۇيسـۇن خانـى بىلـەن رەسـمىي سـۆھبەت باشلاشـتىن بـۇرۇن، ئۆزىنىـڭ ياردەمچىلىرىنـى بـاش قىلىـپ، بىـر قانچىلىغـان ئەلچىلـەر ئۆمىكىنـى ئۇيۇشـتۇرۇپ، ئۇلارنــى غەربىـي رايوندىكـى پەرغانـە، قاڭلـى، ئۇلـۇغ ياۋچـى، باكتېرىيـە، پارفىيـە

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، جاڭ چەن، لى گۇاڭلى ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.

(ئىران)، ئالان قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەرگە، ھەتتا تارىم ۋادىسىدىكى دۆلەتلەرگە يولغا سالغان. ئۇيسۇن خانى ئۇلارغا تىلماچ (تەرجىمان) قوشۇپ بەرگەن.

جاڭ چيەن تەرىپىدىن غەربىي رايونغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئاساسەن شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، كۆرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

جاڭ چيەن ئۆز ھەمراھلىرىدىن كۆپچىلىكىنى ئەلچى نامى بىلەن غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەرگە يولغا سالغاندىن كېيىن ئۇيسۇن خانى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغان. ئۇيسۇن خانى خەن سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلمىگەنلىكى، ھونلاردىن قورقىدىغانلىقى ئۈچۈن جاڭ چيەن تەرىپىدىن قويۇلغان تەلەپلەرگە قوشۇلمىغان. بۇ قېتىم جاڭ چيەن ئۈستىگە يۈكلىگەن ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغان بولسىمۇ، غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەرگە ئەۋەتكەن ھەمراھلىرى توپلاپ كەلگەن ناھايىتى مۇھىم، قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇپ، مىلادىدىن 114 يىل بۇرۇن، ئۇيسۇنلاردىن ئۆز دۆلىتىگە قايتقان.

سىما چيەن «تارىخىي خاتىرىلەر غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە»، بەنگۇ «خەن يىلنامىسى، غەربىي يۇرت ھەققىدە قىسسە» بابلىرىنى يازغاندا، جاڭ چيەننىڭ خەن ۋۇدىغا بەرگەن مەلۇماتىدىن پايدىلانغان.

## ئالتىنچى باب: پەرغانىگە يۈرۈش

### 1. يۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى

خەن ۋۇدى مىلادىدىن بۇرۇنقى 133 ـ 110 ـ يىللاردا ھونلارغا ۋە جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى مىللەتلەرگە قارشى كۆپ قېتىم ئۇرۇش ئېلىپ باردى. مانا شۇ ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە ئۇ ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي بايلىقلارنى خوروتۇپ، ناھايىتى چوڭ زىيانلارنى كەلتۈردى. شۇ ئۇرۇشلاردا خەنزۇ ۋە باشقا خەلقلەردىن بولۇپ، بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى.[1]

مىلادىدىن 114 يىل بۇرۇن ھون تەڭرىقۇتى ئىل چىسى ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى ئۇۋېي تەڭرىقۇت بولدى. ئۇۋېي تەڭرىقۇتلۇق قىلغان مەزگىلدە

(1) «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» (جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن)، خەنزۇچە 166 ـ بەتكە قارالسۇن.

(114 ـ 105 ـ يىللار) هونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان ئۇرۇشلار بولدى.

خەن ۋۇدى جاڭ چيەننىڭ پەرغانە خانلىقىدىكى ئاجايىپ ئۇچقۇر، تەرلىسە قان تامچىپ تۇرىدىغان ساماۋى ئاتلار ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىغا ناھايىتى قىزىققان. شۇڭا ئۇ پەرغانىدىكى ساماۋى (تەڭرى) ئاتلارغا ئىگە بولۇش قارارىغا كەلدى. قەدىمكى چاغدىكى ئۇرۇشلاردا ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا، خەن ۋۇدىنىڭ پەرغانە ئاتلىرىغا ئىگە بولۇش خىيالىغا كېلىشىمۇ تەسادىپىي ئەمەس ئىدى. پادىشاھ ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال لولان بەگلىكى، ئالدى قوش بەگلىرى، لىبرى (تۇرپان ئويمانلىقىدا) قاتارلىق ئىككى بەگلىكنى ئۆزىگە قاراتماقچى بولدى. چۈنكى شۇ ئىككى بەگلىك غەربىي يۇرتقا بارىدىغان خەلقئارا يولنىڭ مۇھىم ئۆتكىلىدىكى جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ھونلارغا ناھايىتى سادىق ئىدى.

خەن ۋۇدىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن مىلادىدىن 108 يىل بۇرۇن جاۋ پۇنۇ ئاتلىق سانغۇن باشچىلىقىدىكى خەن قوشۇنلىرى يۇمىن قۇرۇلىدىن (قاشتېشى قوۋۇقىدىن) چىقىپ، غەربكە قاراپ يۈرۈپ، لولان بەگلىكى (لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىدە)گە ھۇجۇم قىلدى. لولان خانىنى ئەسىرگە ئېلىپ، بۇ بەگلىكنى بويسۇندۇردى. ئارقىدىنلا ئالدى قوش بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ بەگلىكنىمۇ بويسۇندۇردى.

مىلادىدىن 105 يىل بۇرۇن ئۇۋىي تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا ئۇنىڭ توققۇز ياشلىق ئوغلى ئۇيشىلار تەڭرىقۇت بولدى. تارىختا ئۇنى «بالا تەڭرىقۇت» دەپ ئاتايدۇ.

ئۇيشىلار تەڭرىقۇتلۇق قىلغان مەزگىل (مىلادىدىن بۇرۇنقى 105 ـ 102 يىللار)دە ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يامانلاشقان. شۇ چاغدا خەن سۇلالىسى پەرغانىگە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلغاندىن تاشقىرى، مىلادىدىن 103 يىل بۇرۇن جاۋپۇنۇ باشچىلىقىدا 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ھونلارغا قارشى ماڭدۇرغان. ئۇيشىلار تەڭرىقۇتنىڭ سول بىلگە خانى 80 مىڭ ھون ئاتلىقلىرىنى باشلاپ كېلىپ جاۋپۇنۇ بىلەن ئۇرۇشقان. ئۇرۇشتا ھونلار خەن قوشۇنلىرىنى تامامەن قىرىپ تاشلىغان. جاۋپۇنۇنى تىرىك تۇتۇۋالغان. جاۋپۇنۇ مىلادىدىن 93 يىل بۇرۇن (ئەسىر چۈشۈپ ئون يىلدىن كېيىن) ھونلاردىن قېچىپ

كېلىپ، سېھىرگەرلىك، پىرىخونلۇق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن خەن ۋۇدى تەرىپىدىن جازاغا تارتىلىپ، پۈتۈن ئائىلە جەمەتى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈلگەن.[1]

## 2. پەرغانىگە بىرىنچى قېتىملىق يۈرۈش

خەن ۋۇدى مىلادىدىن 108 يىل بۇرۇن لولان، ئالدى قوش بەگلىكلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، پەرغانىگە يۈرۈش قىلىشقا يول ئېچىلدى، دەپ تونىغان.

خەن ۋۇدى مىلادىدىن 105 يىل بۇرۇن ئۇۋسي تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتكەندە، بىر تەرەپتىن ھونلار پايتەختىگە تەزىيە ئەلچىلىرى ئەۋەتىپ ماتەم تۇتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پەرغانىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىشقا باشلىغان. خەن ۋۇدى ئاۋۋال ئۇيمىچى ئۇستىلارغا بۇيرۇتۇپ قۇيدۇرغان بىر دانە ئالتۇن ئات، 1000 جىڭ ئالتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ تەييارلاپ، چېلىك باشچىلىقىدا پەرغانىگە ئەلچى ماڭدۇرغان.

خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى پەرغانىگە يېتىپ بېرىپ، پەرغانە خانى ئۈگە بىلەن كۆرۈشكەن. چېلىك ئالتۇن ئات، ئالتۇن قاتارلىق قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى ئۈگە ئالدىغا قويغان ۋە خەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ پەرغانىدىكى ساماۋى ئاتلارنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتقان.

ئۈگە پەرغانە بەگلىرى بىلەن كېڭىشىپ، ساماۋى ئاتلارنى بەرمەسلىك قارارىغا كېلىپ خەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان.

دىپلوماتىيە قائىدىسىدىن ئانچە خەۋىرى بولمىغان چېلىك ئالتۇن ئات ۋە ئالتۇنلارنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ، پەرغانە خانىغا تىل سالغان. ئۇمۇ قىلچە يۈز خاتىرە قىلماستىن، خەن ئەلچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرىشقا يارلىق چۈشۈرگەن. ئۈگە بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، پەرغانىنىڭ شەرقىدىكى ئۆزگەنت بېگىگە ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپ، خەن ئەلچىلىرىنى يولدا توسۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇغان. ئۆزگەنت بېگى بۇيرۇقنى ئورۇنلىغان.

خەن ئەلچىلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغانلىرى چاڭئەنگە كېلىپ، ئەھۋالنى خەن ۋۇدىغا مەلۇم قىلغان. پادىشاھ پال سالدۇرۇپ كۆرگەن. ئوردىدىكى قۇرئى ئەنداز (پالچى) «قۇرئى نامە»نى قولغا ئېلىپ ۋاراقلاپ بېقىپلا، «ساماۋى ئاتلار غەرب تەرەپتىن كېلىدۇ» دەپ بىشارەت بەرگەن.

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ۋېي چىڭ، خوچۇبىڭ ھەققىدە قىسسە»، خەنزۇچە 2493 - بەتكە قارالسۇن.

پالچى خەن ۋۇدىنىڭ كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداقلا دەپ قويغان.

خەن ۋۇدى مىلادىدىن 104 يىل بۇرۇن پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ، ساماۋى ئاتلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن لى گۇاڭلى باشچىلىقىدا 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى يولغا سالغان. خەن قوشۇنلىرى دۇڭخۇاڭدىن چىقىپ لوپنۇر ئەتراپىغا كەلگىچە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن نۇرغۇنلىغان جەڭچى ۋە ئاتلار ئۆلۈپ ئەتكەن. لى گۇاڭلى ئۈزگەنت بەگلىكىگە يېتىپ كەلگەندە، چوڭ قوشۇندىن ئاران بىر نەچچە تۈمەن كىشىلا ئامان قالغان. ئۇرۇش قىلىشتىن ئانچە ساۋاتى بولمىغان لى گۇاڭلى تەييارلىق قىلماستىنلا ئۈزگەنت بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۈزگەنت بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى خەن قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغان.

ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان لى گۇاڭلى پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، روھى چۈشكۈن ھالدا ئارقىغا چېكىنىپ، قايتىپ كېتىشتىن باشقا يول تاپالمىغان.

### 3. ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك

لى گۇاڭلى ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ پەرغانىگە بارالماي، يېرىم يولدا ئۈزگەنت بەگلىكى تەرىپىدىن تارمار بولۇپ، دۇڭخۇاڭغا قايتىپ كەلگەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قوشۇنىدا بىرنەچچە مىڭ كىشىلا قالغان. لى گۇاڭلى دۇڭخۇاڭدىن پادىشاھ خەن ۋۇدىغا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن: «يولنىڭ ناھايىتى يىراقلىقى، ئاشلىقنىڭ كەمچىللىكىدىن ئۇرۇش قىلىشقا زادى ئىلاج تېپىلمىدى. جەڭچىلەر ئۇرۇش قىلىشتىن زادى قورقمايتتى، لېكىن ئاچ قورساق تۇرۇپ قانداقمۇ ئۇرۇش قىلغىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشۇننىڭ سانى ئازىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پەرغانىنى ئېلىشقا كۆز يەتمىدى. ھازىرچە چېكىنىپ تۇرۇپ، قوشۇنلارنى كۆپەيتكەندىن كېيىن، پەرغانىگە باشقىدىن ھۇجۇم قىلىشنى ئىلتىماس قىلىمەن». [1]

خەن ۋۇدى لى گۇاڭلى باشچىلىقىدىكى قوشۇنلارنى پەرغانىگە ماڭدۇرغاندىن باشلاپ ھەر كۈنى دېگۈدەك خۇشخەۋەرنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ لى گۇاڭلىنىڭ مۇنداق ھالەتتە قايتىپ كېلىشىنى ئۇخلاپ

(1) بەنگۇ «خەن يىلنامىسى، جاڭ چەن، لى گۇاڭلى ھەققىدە قىسسە»، خەنزۇچە 99 – بەتكە قارالسۇن.

چۇشىدىمۇ ئويلىمىغانىدى. ئەسلىدە ھەربىي قائىدە بويىچە ئۇرۇشتا ئۇنداق ئىغىر مەغلۇپ بولغان سانغۇننىڭ كاللىسى ئېلىناتتى. ھەربىي قائىدە بويىچە لى گۇاڭلىنىڭ كاللىسى ئېلىنىشى كېرەكمۇ - يوق دېگەن مەسىلىدە خەن ۋۇدى ناھايىتى قىينالدى. لى گۇاڭلى خەن ۋۇدىنىڭ ئامراق مەلىكىسى لى فۇرېنىڭ ئاكىسى ئىدى. ئۇ پەرغانىگە قىلغان يۇرۇشىدە غەلىبە قىلغان بولسا، پادىشاھ ئۇنىڭغا بەگلىك ئۇنۋانىنى بېرىپ، مەرتىۋىسىنى كۆتۈرمەكچى ئىدى. خەن ۋۇدى ئويلىغانسېرى زەردە گۆش بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالمىدى. ئاخىرى يۈمەن قوۋۇقىغا ئادەم ئەۋەتىپ، لى گۇاڭلىغا مۇنۇ يارلىقنى ئوقتۇردى: «ئەگەر قوشۇن قوۋۇقتىن كىرىشكە جۈرئەت قىلىدىكەن كاللىسى ئېلىنىدۇ».[1]

دەل شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە جاۋ پونۇ باشچىلىقىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ھونلار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىلىپ، جاۋ پونۇ ھونلارغا ئەسىر چۈشۈپ كەتكەن. مانا شۇ مەغلۇبىيەت ھەققىدىكى شۇم خەۋەر چاڭئەنگە يېتىپ كەلگەندە، ئوردىدىكى بىر قىسىم ۋەزىرلەر پۈتۈن كۈچنى توپلاپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلىشنى، پارغانىگە يۈرۈش قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

خەن ۋۇدى غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا خەن سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسىنى يوقاتماسلىق، ھونلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىشتا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇ ۋەزىرلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەگەر پەرغانىگە ھۇجۇم قىلمايدىغان بولساق، غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر خەن سۇلالىسىنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار ھونلار بىلەن تېخىمۇ ئاپاق - چاپاق بولۇپ، بىز بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ.»[2] دېگەن. خەن ۋۇدىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن ۋەزىرلەر قايىل بولىدۇ.

خەن ۋۇدى پەرغانىگە يۈرۈش قىلىشقا قارشى تۇرغان دىڭ ۋاڭ ئاتلىق ۋەزىرنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ.

خەن ۋۇدى پەرغانىگە قىلىنىدىغان ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە دۆلەت بويىچە ئومۇمىي ھەربىي سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزىدۇ. ئۇ مەملىكەتتىكى جىنايەتچىلەر ۋە قورامىغا يەتكەن ياشلاردىن قوشۇپ تەشكىل قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھەرقايسى جايلاردىن بولۇپ 310 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان ناھايىتى زور قوشۇن تەييارلايدۇ. بۇلاردىن 180

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، جاڭ چەن، لى گۇاڭلى ھەققىدە قىسسە»، خەنزۇچە 99 – بەتكە قارالسۇن.
(2) يۇخىڭ: «خەن سۇلالىسى قىزلىرى ئۇيسۇندا»، خەنزۇچە 12 – بەتكە قارالسۇن.

مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاجرىتىپ، ئۇلارنى جۇچۇەن، جاڭ يى (بۇ ئىككى جاي ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدە) قاتارلىق ۋىلايەتلەرنىڭ شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھونلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ، پەرغانىگە قىلىنىدىغان يۈرۈشنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشىدىن ساقلانماقچى بولىدۇ. بۇنىدىن تاشقىرى يەنە، پۈتۈن دۆلەتتىكى ئات، تۆگە، كالا، خېچىر، ئېشەكلەرمۇ پەرغانىگە قىلىنىدىغان يۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىنىدۇ.

خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ ھەربىي ھەرىكىتىدىن خەۋەر تاپقان ھونلار قوشۇن ئەۋەتىپ زەربە بەرمەكچى بولىدۇ. ھون قوشۇنلىرى مۇداپىئەدە تۇرغان 180 مىڭ كىشىلىك خەن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يېقىنلاپ كېلىدۇ. لېكىن ھونلار ئۇلارنىڭ سان جەھەتتىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

دۇڭخۇاڭدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرغان لى گۇاڭلى پادىشاھ تەرىپىدىن كاللىسى ئېلىنىپ كېتىشتىن قورقۇپ، كېچە ـ كۈندۈز دەككە ـ دۈككىدە ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ پەرغانىگە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىش توغرىسىدىكى يارلىقنى ئالغاندىن كېيىنلا كۆڭلى ئەمىن تاپىدۇ.

## 4. پەرغانىگە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش

مىلادىدىن 102 يىل بۇرۇن لى گۇاڭلى باشچىلىقىدىكى خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى پەرغانىگە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، غەربكە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە 60 مىڭ ئاتلىق، 70 مىڭ كىشىلىك پىيادە قوشۇن ماڭدى. بۇنىدىن باشقا نەچچە تۈمەن ئادەم، 30 مىڭ ئات، 100 مىڭ كالا، بىرنەچچە تۈمەن تۆگە، خېچىر، ئېشەكتىن تەشكىل تاپقان ناھايىتى چوڭ ترانسپورت قوشۇنى سەپەرۋەر قىلىندى.

لى گۇاڭلى دۇڭخۇاڭدىن يولغا چىقىپ قوشۇنلارنى ئىككى قىسىمغا بۆلدى. ئۇلارغا جەنۇبىي ۋە شىمالىي يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلەشكە يارلىق چۈشۈردى. شۇ ئىككى يۆنىلىش بويىچە ئالغا ماڭغان قوشۇنلار بەلگىلەنگەن چاغدا پەرغانىنىڭ پايتەختى مەرھەمەت شەھىرىگە يېتىپ بېرىش لازىم ئىدى.

خەن قوشۇنلىرى بۇ قېتىم پەرغانىگە بارغىچە ئانچە كۆپ قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. پەقەت بۈگۈرگە كەلگەندە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغان لى گۇاڭلى ئۇلارنى بىرنەچچە قېتىم تەسلىم بولۇشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، بۈگۈرلۈكلەر

ئۇنىمىدى. لى گۇاڭلى شەھەرنى بىرنەچچە كۈن قورشاپ قاتتىق ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى.

خەن قوشۇنلىرى مىلادىدىن 102 يىل بۇرۇن پەرغانە پايتەختى مەرھەمەتكە يېتىپ كەلگەن. ئۇلار شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، 40 نەچچە كۈن ئۈزلۈكسىز توختىماي ھۇجۇم قىلىپمۇ، شەھەرنى ئالالمىغان. شۇندىن كېيىن لى گۇاڭلى شەھەرگە ئېقىپ كىرىدىغان سۇ ئېقىنلىرىنى توسۇپ، باشقا تەرەپكە ئاققۇزۇۋەتكەن. ئەمما شەھەرنىڭ قەھرىمان ھىمايىچىلىرى ئىچىدىغان سۇنى ئۆزلىرى قازغان قۇدۇقتىن ئېلىپ ئىچىۋەرگەن.

ئۇندىن باشقا، پەرغانىلىقلار تەيىنلىگەن ئەلچىلەر مۇھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، غەربتىكى قوشنىسى قاڭلىلاردىن ھەربىي ياردەم ئېلىشقا ماڭغان.

پەرغانە بەگلىرى كېڭىشىپ مۇنداق قارارغا كېلىشكەن: «خان ئۇگە ساماۋى ئاتلارنى يوشۇرۇپ قويۇپ، خەن ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەن. بىز خاننى ئۆلتۈرۈپ ساماۋى ئاتلارنى چىقىرىپ بەرسەك، خەن قوشۇنلىرى مۇھاسىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى مۇمكىن. ئەگەر كېلىشەلمىسەك، يەنە ئۇرۇش قىلساقمۇ ئۈلگۈرىمىز.»[1]

ئېھتىمال پەرغانە خانى ئۇگە ساماۋى ئاتلاردىن بىرقانچە ئۇنىنى چىقىرىپ بېرىپ، سۈلھى قىلىشقا ئۇنىمىغان بولسا كېرەك. پەرغانە بەگلىرى شۇ قارار بويىچە ئۇگەنى ئۆلتۈرگەن. ئۇلار تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئەلچىلەر لى گۇاڭلى بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇنداق دېيىشكەن: «خەن قوشۇنى ھۇجۇمنى توختاتسا، بىز ساماۋى ئاتلارنى چىقىرىپ بېرىمىز، ئۆزەڭلار تاللاپ ئالىسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەن قوشۇنلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيمىز. ئەگەر گېپىمىزگە كىرمىسەڭلار ساماۋى ئاتلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايمىز. قاڭلىدىن بىزگە ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇنلارمۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز ئىچكى تەرەپتىن، قاڭلى قوشۇنلىرى تاشقى تەرەپتىن خەن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. قايسىسىنى تاللاپ ئالىسىلەر؟»[2] پەرغانىلىقلارنىڭ: «قاڭلىدىن ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇنلارمۇ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ» دەپ سالغان تەھدىدى لى گۇاڭلىغا خېلى تەسىر كۆرسەتكەن بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن كېڭىشىپ، پەرغانىلىقلار تەرىپىدىن قويۇلغان شەرتلەرگە كۆنىدۇ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىدۇ.

(1) يۇخىڭ: «خەن سۇلالىسى قىزلىرى ئۈيسۇندا»، خەنزۇچە 16 – بەتكە قارالسۇن.
(2) يۇخىڭ: «خەن سۇلالىسى قىزلىرى ئۈيسۇندا»، خەنزۇچە 16 – بەتكە قارالسۇن.

لــى گۇاڭلــى پەرغانىلىقــلار ئۆزىنىــڭ ئىپســىللىقى بىلــەن شــۆھرەت قازانغــان ساماۋى ئاتلاردىــن بىرقانچــە ئوننــى، ئادەتتىكــى ئاتلاردىــن 3 مىڭنــى بەرسىلا قايتىــپ كېتىدىغانلىقىنــى بىلدۈرىــدۇ. پەرغانىلىقــلار بــۇ تەلەپنــى ئورۇندايــدۇ. قەھرىمــان پەرغانىلىقــلار مۇســتەقىللىقنى ســاقلاپ قالىــدۇ.

لــى گۇاڭلــى مىلادىيىــن 101 يىــل بــۇرۇن باھــار پەســلىدە چاڭئەنگــە قايتىــپ كېلىــدۇ. شــۇ چاغــدا يۇرۇشــكە قاتناشــقان قوشــۇنلارنى كۆزدىــن كەچۈرگەنــدە پەرغانىگــە بارغــان 130 مىــڭ كىشــىلىك چــوڭ قوشــۇندىن ئــاران 20 مىــڭ كىشــىلا ئامــان ـ ئېســەن قايتىــپ كېلەلىگەنلىكــى ئېنىقلانغــان. چــوڭ قوشــۇندىن 110 مىــڭ ئــادەم ئۇرۇشــتا، ئاچارچىلىقتــا، ئۇسســۇزلۇقتا ئۆلــۈپ كەتكــەن. يەنــە پەرغانــە يۇرۇشــىگە ســەپەرۋەر قىلىنغــان 180 مىڭدىــن ئارتــۇق ترانســپورت ئۇلاغلىرىدىــن ئــون نەچچــە مىڭىــلا ئامــان قالغــان. ترانســپورت ئۇلاغلىرىنــى باشقۇرۇشــقا مەســئۇل بولغــان بىرقانچە تۈمــەن ئادەمنىــڭ قانچىلىكىنىــڭ ئامــان قالغانلىقى مەلــۇم ئەمــەس. بۇنىڭغــا پەرغانــە يۇرۇشــىگە ســەپەرۋەر قىلىنغــان ئاشــلىق، مالىيــە چىقىملىرىنــى قوشــقاندا خــەن سۇلالىســى ئۇچــۇن بولغــان زىياننىــڭ قانچىلىــك كــۆپ، نەقــەدەر ئېغىــر، دەھشــەتلىك ئىكەنلىكىنــى تەســەۋۋۇر قىلىــش مۇمكىــن. شــۇنىسى ناھايىتــى ئېنىقكــى، پەرغانىگــە قىلىنغــان ئىككــى قېتىملىــق يۇرۇشــتە ئــاز دېگەنــدە 200 مىڭدىــن ئارتــۇق ئــادەم ھــالاك بولغــان.

خــەن سۇلالىســى مانــا شــۇنداق ئېغىــر قۇربانلارنــى بېرىــش، ھــەددى ـ ھېسابســىز زىيانلارنــى تارتىــش بەدىلىگــە ئارانــلا پەرغانىنىــڭ ساماۋى ئاتلىرىدىــن بىرقانچــە ئونىغا، ئادەتتىكــى ئاتلاردىــن 3 مىڭغــا ئىگــە بولالىغــان.

## يەتتىنچى باب: ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

### 1. لى لىڭنىڭ ھونلارغا ئەسىرگە چۈشۈشى

ئويشــىلار تەڭرىقــۇت مىلادىيىــن 102 يىــل بــۇرۇن 12 يېشــىدا ئالەمدىــن ئۆتتــى. ئورنىغــا قۇلىغــۇ تەڭرىقــۇت بولــدى. بــۇ تەڭرىقــۇت بىــر يىــل ھۆكــۈم ســۈرۈپ (102 ـ 101 ـ يىلــلار) ئالەمدىــن ئۆتتــى. ئۇنىــڭ ئورنىغــا ئۇكىســى قۇتىغــۇ تەڭرىقــۇت بولــدى. بــۇ تەڭرىقۇتلــۇق قىلغــان مەزگىلــدە (101 ـ 96 ـ يىلــلار) ھونــلار بىلــەن خــەن سۇلالىســى ئوتتۇرىســىدا بىرقانچــە قېتىــم ئــۇرۇش بولــدى.

خەن ۋۇدى مىلادىدىن 100 يىل بۇرۇن ئۆز تۇغقانلىرىدىن بىرسىنىڭ قىزى جەيۇنى ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق قىلىپ، ئۇيسۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى خېلى چىڭىتىۋالغاندىن كېيىن، ھونلار ئۈستىگە يۈرۈش باشلىدى.

مىلادىدىن 99 يىل بۇرۇن لى لىڭ باشچىلىقىدا، 5000 كىشىلىك پىيادە قوشۇن ئېرسىن كۆلى (نىڭشيادا) بويىدىن يولغا چىقىپ، توپتوغرا شىمالغا قاراپ 30 كۈن ماڭغان، ئۇلار تۇغلا دەرياسىنىڭ (ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدە) بويىغا يېتىپ بارغاندا، قۇتىغۇ تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى ھون قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچراشقان. لى لىڭ ئۇرۇش ھارۋىلىرىنى قاتار تىزىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا پىيادە ئوقياچىلارنى تۇرغۇزغان. قۇتىغۇ تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى ھون ئاتلىقلىرى تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىنغان خەن پىيادە قوشۇنلىرى بىر كۈنلۈك ئۇرۇشتا ناھايىتى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئوقيادىن 500 مىڭ تال ئوق ئاتقان.[1] كېيىن لى لىڭ ئۇرۇش ھارۋىلىرىنى تاشلاپ، ئارقىغا قاراپ چېكىنگەن. چۈنكى خەن ۋۇدى لى لىڭنىڭ ئارقىسىدىنلا ماڭدۇرىدىغان ئاساسىي قوشۇننى ئەۋەتمىگەن. ئۇ خەن سۇلالىسى چېگراسىغا 100 يول يىراقلىقتىكى جايغا يېتىپ كەلگەندە، قۇتىغۇ تەڭرىقۇت خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغان. خەن قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇرۇشتا ئۆلگەن. لى لىڭ ھونلارغا تەسلىم بولغان. 5000 كىشىلىك قوشۇندىن پەقەت 400 كىشىلا قېچىپ قۇتۇلغان.

خەن ۋۇدى باشتا لى لىڭنى ئۇرۇشتا ئۆلدى دەپ ئاڭلاپ، ئائىلىسىگە ماتەم تۇتۇشنى بۇيرۇغان. كېيىن ئۇنىڭ ھونلارغا تەسلىم بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى غەزەپلەنگەن. ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن لى لىڭنى ئاقلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن خەن ۋۇدى تەرىپىدىن زىندانغا سېلىنىپ قاتتىق جازالانغان. سىماچيەن مىلادىدىن 96 يىل بۇرۇن كەچۈرۈم قىلىنغان.

قۇتىغۇ تەڭرىقۇت لى لىڭنى قىرغىزلارغا خان قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى ھون قىزىغا ئۆيلەندۈرۈپ قويغان. كېيىن لى لىڭ ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە قارشى قىلغان ئۇرۇشلىرىغىمۇ قاتناشقان.

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، لى گۇاڭ، سۇجەن ھەققىدە قىسسە»، خەنزۇچە 2454 – بەتكە قارالسۇن.

## 2. مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇش

خەن ۋۇدى مىلادىدىن 97 يىل بۇرۇن 180 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى (ئاتلىق ۋە پىيادە) سەپەرۋەر قىلىپ هونلارغا قارشى ئۈچ ئىلىش ئۇرۇشى باشلىدى.

لى گۇاڭلى باشچىلىقىدىكى 140 مىڭ كىشىلىك قوشۇن (70 مىڭ ئاتلىق، 70 مىڭ پىيادە) هازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى ئۇيەن ناهىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ، هونلار تېررىتورىيىسىگە كىردى.

گۇڭسۇنئاۋ باشچىلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن (بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۇمەن ئاتلىق بار ئىدى) سەنشىدىكى دەيشەن ناهىيىسىدىن يولغا چىقىپ شىمالغا قاراپ ماڭدى.

قۇتىغۇ تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ بىرنەچچە يۆنىلىش بويىچە يۈرۈش قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، 100 مىڭ كىشىلىك هون ئاتلىق قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ، تۇغلا دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا پايلاپ تۇردى. لى گۇاڭلى شۇ جايغا يېتىپ كېلىپ، قۇتىغۇ تەڭرىقۇت بىلەن ئون نەچچە كۈن ئۇرۇشتى. ئاخىرى لى گۇاڭلى چېكىنىپ كەتتى.

گۇڭسۇنئاۋ باشچىلىقىدىكى خەن قوشۇنلىرى هونلارنىڭ سول قول بىلگە خانى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئوڭۇشلۇق بولماي، ئاخىرى چېكىندى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ئېغىر تالاپەت كەلتۈردى.

## 3. لى گۇاڭلىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى

مىلادىدىن 96 يىل بۇرۇن قۇتىغۇ تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى غۇلىقۇ تەڭرىقۇت بولدى. بۇ تەڭرىقۇت (96 ـ 85 ـ يىللار) ناهايىتى تالانتلىق، هەربىي ئىستراتېگىك ئىدى. مىلادىدىن 99 ۋە 97 يىل بۇرۇن بولغان ئۇرۇشلاردا هونلاردىن مەغلۇپ بولغان خەن ۋۇدى مىلادىدىن 91 يىل بۇرۇن 140 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى هونلارغا قارشى ماڭدۇردى. بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ باش سانغۇنى لى گۇاڭلى بولۇپ، ئۇ 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باش بولۇپ، هونلارغا قارشى ماڭدى. غۇلىقۇ تەڭرىقۇت 50 مىڭ كىشىلىك هون ئاتلىق قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ لى گۇاڭلىغا قارشى ماڭدى.

غۇلىقۇ تەڭرىقۇت هازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى خاڭگەي تاغلىرىنىڭ

جەنۇبىي ئېتىكىگە كېلىپ قوشۇنلىرىنى ئۇرۇشقا تەييارلىدى. ئالدىنى جەنۇبقا قارىتىپ ئۇرۇن ۋە چوڭقۇر خەندەك قازغۇزدى. لى گۇاڭلى باشچىلىقىدىكى خەن قوشۇنلىرىمۇ هونلار قازغان خەندەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار بۇنداق خەندەكنىڭ قېزىلغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. غۇلىقۇ تەڭرىقۇت يېرىم كېچىدە خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم باشلىدى. ئارقا تەرەپتىن قاتتىق هۇجۇمغا ئۇچرىغان خەن قوشۇنلىرى ناهايىتى قالايمىقان هالدا ئالدىغا قاراپ قاچتى. ئۇلارنىڭ تولىسى هونلار تەرىپىدىن ئالدىن تەييارلانغان خەندەككە چۈشۈپ هالاك بولدى. ناهايىتى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان لى گۇاڭلى هونلارغا ئەسىر چۈشتى. هونلار شۇ ئۇرۇشتا تولۇق غەلىبە قازاندى. خەن قوشۇنلىرىنىڭ بىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

شاڭ چۇچىڭ باشچىلىقىدىكى 30 مىڭ كىشىلىك خەن قوشۇنلىرى هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى شى ناهىيىسىدىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ، هونلار تېررىتورىيىسىگە خېلى ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولسىمۇ، هونلارنى ئۇچرىتالماي كەينىگە يانغان.

ماڭ تۇڭ باشچىلىقىدىكى 40 مىڭ ئاتلىق قوشۇن گەنسۇدىكى جۇچۇەندىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ تۇرپانغىچە كەلگەن. هونلار ماڭ تۇڭغا قارشى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇن ماڭدۇرغان. ئىككى ئارىدا ئۇرۇش بولمىغان. ئاخىرى ماڭ تۇڭ تۇرپاننى تاشلاپ ئارقىغا چېكىنگەن. تۇرپان يەنە هونلار قولىدا قالغان.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا هونلارغا ئەسىر چۈشكەن بەختسىز ۋە شۆھرەتسىز لى گۇاڭلىنى غۇلىقۇ تەڭرىقۇت: «ئانامنىڭ ۋاپاتىغا قۇربانلىق قىلىمەن» دېگەن بانا بىلەن ئۆلتۈرگەن. بۇ ۋەقە مىلادىدىن 89 يىل بۇرۇن بولغان.

هونلارنىڭ مىلادىدىن 91 يىل بۇرۇنقى ئۇرۇشتا قازانغان غەلىبىسى دۇنيانىڭ ئۇرۇش تارىخىدا ناهايىتى مۇهىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

### 4. غولىقۇ تەڭرىقۇتنىڭ خەن ۋۇدىغا يازغان مەكتۇپى

مىلادىدىن 89 يىل بۇرۇن هون تەڭرىقۇتى غولىقۇ ئەلچى ئارقىلىق خەن ۋۇدىغا تۆۋەندىكى مەكتۇپنى يازغان:

«جەنۇبتا ئۇلۇغ خەن، شىمالدا بولسا قۇدرەتلىك هونلار ياشايدۇ. هونلار

تەگرىنىڭ مەغرۇر ئوغلانلىرىدۇر. ھونلار چاكىنا ئەدەب ـ قائىدە بىلەن ئۆزىنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندە خەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يېڭىدىن باشلاپ، خەن مەلىكىسىگە ئۆيلىنىشنى خالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى ئەھدىنامىدە بەلگىلەنگەندەك، خەن ھونلارغا ھەر يىلى بىر تۈمەن كۈپ ھاراق ـ شاراب، 5000 خو (ئىككى مىليون جىڭ ـ ئا) تېرىق، بىر تۈمەن توپ ئارىلاشما يىپەك شايىلار ئەۋەتىپ تۇرسۇن. شۇنداق بولسا چېگرالاردا بۇلاڭچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق يۈز بەرمەيدۇ.»[1]

خەن ۋۇدى ھونلارغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەن. غولىقۇ تەگرىقۇت خەن ئەلچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتۇرمەك ئۈچۈن بىرنەچچە كىشىنى تەييارلىغان.

ھون ئەلچىلىرى بىلەن خەن ئەلچىلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆھبەتتە، خەن ئەلچىسى باتۇر تەگرىقۇتنىڭ ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەگرىقۇت بولغانلىقى، ئۆگەي ئانىسىنى ئالغانلىقىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، «بۇنداق قىلىش يىرتقۇچ قۇشلار ۋە ياۋايى، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتى» دېگەن. بۇنىڭغا خاپا بولغان غولىقۇ تەگرىقۇت خەن ئەلچىلىرىنى تۇتۇپ قالغان. ئۇلارنى ئۈچ يىلدىن كېيىن ئاندىن قايتۇرغان.

## سەككىزىنچى باب: ئۇيسۇنلار

### 1. خەن مەلىكىلىرى ئۇيسۇندا

مىلادىدىن 115 يىل بۇرۇن ئۇيسۇنلارغا كېلىپ كەتكەن جاڭ چيەن خەن ۋۇدى تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىغان. لېكىن شۇندىن باشلاپ خەن سۇلالىسىگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان ئۇيسۇن ئەلچىلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ «ئادىمى كۆپ، بايلىقى مول»لىقىنى ئۇيسۇن خانىغا مەلۇم قىلغان، ئاخىرى ئۇيسۇن خانى بىلەن قۇدىلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مەلىكىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن 1000 تۇياق ئات ئەۋەتكەن.

خەن ۋۇدى شىجۇن ئاتلىق قىزغا مەلىكە نامىنى بېرىپ، ئۇنى نۇرغۇن سوۋغىلار بىلەن تېگىشلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇيسۇنلارغا ماڭدۇرغان.

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، غەرب ئەللىرى ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى «ئۇيسۇن تارىخى»غا قارالسۇن.

دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھونلارمۇ ھون بىكەلىرى (مەلىكە قىزى) دىن بىرىنى ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق قىلىش ئۈچۈن يولغا سالغان.

خەن مەلىكىسى شىجۈن خەن ۋۇدىنىڭ ئاكىسى لىيۇفېينىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئەسلىدە لىيۇفېينىڭ ئوغلى لىيۇجيەن (شىجۈننىڭ ئاتىسى)نىڭ خەن ۋۇدىغا قارشى سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى. خەن ۋۇدى لىيۇجيەننىڭ پادىشاھلىق تەختىگە بولغان ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ قىزى شىجۈننى ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ نەزەربەنت قىلغان. ئوغلىنى بولسا ئوردا قۇلى قىلىپ قويغان.

شىجۈن شۇندىن باشلاپ باشقا گۇناھكار قىزلار قاتارىدا خان جەمەتلىرىنىڭ (خانزادىلەر، مەلىكىلەر) ئازار بېرىشى، ھاقارەتلىشى، زاڭلىق قىلىشلىرىدىن بەكمۇ رەنجىپ خورلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا مۇڭلىنىپ تۇرىدىغان، يېتىمسىراپ، باشقىلاردىن چەتنەپ تۇرىدىغان مىجەز پەيدا بولغان. ئۇ ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا تۇرۇپلا قايغۇغا چۆمگەن، تۇرۇپلا خۇشاللانغان. شىجۈن چوڭ تاغىسى خەن ۋۇدىنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ پەرزەنتىنى يادىدىن چىقارمىغانلىقىدىن خۇشاللانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يىراقتىكى يات بىر ئەلنىڭ خانىغا ياتلىق بولۇپ بارغاندا، شۇ ئەلنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە كۆنەلمەي قىينىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ مۇڭلانغان. ئوردىدىكى خان قىزلار ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنى تەبرىكلەپ پادىشاھنىڭ ناھايىتى چوڭ شەپقەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن. لېكىن يىراقتىكى بىر ئەلنىڭ قانداقتۇر ئەپسانىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولغۇسى كىيۇسىنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ ئەلەملىك پىغانى تاشاتتى.

مەلىكە شىجۈننىڭ كەيپىياتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن كېتىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى چاپسانلىق بىلەن تەييارلىنىپ، مەلىكە ئۇيسۇنلارغا ئۇزىتىلغان.

بىرنەچچە ئون كۈنلەرگە سوزۇلغان ئۇزاق مۇشەققەتلىك سەپەر داۋام قىلغاندىن كېيىن، مەلىكە ئۇيسۇنلارنىڭ پايتەختى قىزىل قورغانغا (ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى ئىسسىق كۆلنىڭ بويىغا) يېتىپ كەلگەن. كۈنبەگ (ئۇيسۇن خانلىرى شۇنداق ئاتىلاتتى) شەھەر ئەتراپىغا چىقىپ مەلىكىنى قارشى ئالغان.

خەن مەلىكىسى شىجۈن گۈللۈك مەپىدىن چۈشكەندە يۈزلىرىنى قورۇق

باسقان، چاچلىرى ئاقارغان، 70 ياشلاردىن ئاشقان بىر بوۋايغا كۆزى چۈشىدۇ. ئەنە شۇ بوۋاي خەن مەلىكىسى ياتلىق بولىدىغان ئۇيسۇن خانى لاجۇمى ئىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن مەلىكە شىجۇننىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قېيىپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ كېتىشكە تاسلا قالغان. كېيىن ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بويىچە ئۆتەيدىغان رەسمىيەتلەرنى زورمۇ زور ئۆتىگەن.

مەلىكە شىجۇن ئۆزىنىڭ «سىياسىي ۋەزىپىسى»نى تونىمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلىكە ئۇيسۇنلارنىڭ تىلىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە كۆنەلمەي تېخىمۇ مۇڭلىنىپ قايغۇ ـ ئەلەم ئىچىدە قالغان. ئۇيسۇن خانى خەن مەلىكىسىنى ئوبدان ئىززەتلىگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ھونلاردىن ياتلىق قىلىنغان ھون بىكەسى چوڭ مەلىكە بولۇپ، خەن مەلىكىسى توقال ئورنىدا ئىدى. مانا مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغان مەلىكە شىجۇن گويا قۇش بولۇپ، ئۆز يۇرتىغا ئۇچۇپ كېتىشنى ئويلاپ «سېرىق لەگلەك قۇشى قوشىقى»نى توقىغان. بۇ قوشاق مۇنداق:

ئۇزاتتى يىراققا مېنى تۇغقانلار،
ياتلىق قىلىشىپ ئۇيسۇن خانىغا.
ئۆيلىرى يۇمىلاق كىگىز ئوتاۋكەن،
ئۇلارغا گۆش، قېتىق تائام ـ ئوزۇقكەن.
ئۆرلەيدۇ پىغانىم يۇرتنى ئەسلىسەم،
قۇش بولۇپ يۇرتۇمغا ئۇچۇپلا كەتسەم.

ئۇيسۇن خانى مەلىكە شىجۇن بىلەن مەلۇم مەزگىل جاھاندارچىلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بەكمۇ قېرىپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەلىكە شىجۇننى نەۋرىسى قۇنشۇمىغا چېتىپ قويىدۇ. شىجۇن قۇنشۇمىدىن بىر قىز تۇغىدۇ. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خەن ۋۇدى مىلادىدىن 100 يىل بۇرۇن ئۆز تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭ جەيۇ ئاتلىق قىزىنى قۇنشۇمىغا (لاجۇمى ئۆلگەندى) ياتلىق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.

18 ياشقا ئەمدىلا كىرگەن مەلىكە جەيۇ ئۇيسۇنلارغا يىتىپ كېلىپ، كۇنبەگ قۇنشۇمىغا ياتلىق بولىدۇ. بەختكە قارشى ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا قۇنشۇمى ئاغرىپ ساقىيالماي ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ھون بىكەسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى نىمى كىچىك بولغانلىقتىن، مەرھۇمنىڭ تۇغقىنى ئۇنغۇمى ۋاقىتلىق خان بولىدۇ. بۇ ۋەقە مىلادىدىن 99 يىل بۇرۇن بولغان.

ئۇيسۇنلارنىڭ ئادىتى بويىچە مەلىكە جەيۇ كۇنبەگ ئۇنغۇمىغا ياتلىق بولىدۇ. جەيۇ ئۇنغۇمىدىن ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغىدۇ. ئوغۇللارنىڭ تۇنجىسىنىڭ ئىسمى يانغۇمى ئىدى.

خەن ۋۇدى ئاخىرى قۇدىلىشىش ئارقىلىق ئۇيسۇنلارنى ھونلار ئىتتىپاقىدىن چىقىرىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە ھونلارغا قارشى تۇرغۇزۇش مەقسىتىگە يەتكەن.

## 2. ھونلارغا قارشى ئۇرۇش

مىلادىدىن 85 يىل بۇرۇن غۇلىقۇ تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا ئوغلى غۇياندى تەڭرىقۇت بولدى. ئۇ تەڭرىقۇتلۇق قىلغان مەزگىلدە (85 ـ 65 ـ يىللار) ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا كۆلىمى چوڭ بىر قېتىملىق ئۇرۇش يۈز بەردى.

مىلادىدىن 74 يىل بۇرۇن غۇياندى تەڭرىقۇت غەربىي يۇرتتىكى قوش بەگلىكى قاتارلىق بىرقانچە دۆلەتلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ، ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلدۇردى. بۇ چاغدا مىلادىدىن 87 يىل بۇرۇن ئۆلگەن خەن ۋۇدىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولغان خەن جادى (86 ـ 74 ـ يىللار)مۇ ئۆلۈپ، خەن شۈەندى پادىشاھ بولغانىدى.

غۇياندى تەڭرىقۇت دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇيسۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مەلىكە جەيۇنى ھونلارغا تۇتۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە مەلىكە جەيۇ بىلەن ئۇنغۇمى پادىشاھ خەن شۈەندىغا (74 ـ 49 ـ يىللار) يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن:

«ھونلار ئۇيسۇن ئېلىگە ئارقا ـ ئارقىدىن چوڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، چېيان (ئېھتىمال ھازىرقى قارا ماي بولسا كېرەك)، ئۇش (ئېھتىمال ھازىرقى

غۇلجا ئەتراپلىرى بولسا كېرەك) قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى بۇلاپ ئېلىپ كەتتى. هونلار يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ مەلىكىنى (جەيۈنى) دەرهال تۇتۇپ ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، تولىمۇ يولسىزلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇيسۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇيسۇنلار خىللانغان قوشۇنلىرىدىن يېرىمىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، هونلار بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىشنى خالايدۇ. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ياردەمگە قوشۇن چىقىرىپ مەلىكە بىلەن كۈنبەگنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز».[1]

خەن شۈەندى يۇقىرىدىكى مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، هونلارغا هۇجۇم قىلىپ ئۇيسۇنلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، مىلادىدىن 71 يىل بۇرۇن ھەربىي سەپەرۋەرلىك باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا خەن پادىشاھى چاڭخۇي ئاتلىق ئەمەلدارنى ئۇيسۇنلارغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ هونلارغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەملەشتۇردى.

خەن پادىشاھى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا 160 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ماڭدۇردى. خەن قوشۇنلىرى هونلارغا قارشى بەش يۆنىلىش بويىچە يۈرۈش باشلىدى.

تيەن گۇاڭمىڭ باشچىلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى لىشى ناھىيىسىدىن، پەن مىنيۇ باشچىلىقىدىكى 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭيې ناھىيىسىدىن، خەنزىڭ باشچىلىقىدىكى 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى توقتۇ ناھىيىسىدىن، جاۋ چۇڭگو باشچىلىقىدىكى 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جۇچۈەن ناھىيىسىدىن، تيەن شۈن باشچىلىقىدىكى 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھازىرقى باۋتۇ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن يولغا چىقىپ، شىمالغا قاراپ يۈرۈپ، هونلار تېررىتورىيىسىگە كىردى. دەل شۇ چاغدا ئۇيسۇن خانى ئۇنغۇمى 50 مىڭ ئاتلىق ئۇيسۇن قوشۇنلىرىغا ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، چاڭ خۇيىنىڭ ھەمراھلىقىدا غەربتىن شەرققە كېلىدۇ. ئۇ هونلارنىڭ ئۇلۇغ قول خان ئوردىسىغا قاراشلىق ماناستىن تارتىپ باركۆلدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان غۇيانىدى تەڭرىقۇت خەن قوشۇنلىرىنىڭ بەش يۆنىلىش بويىچە هۇجۇم باشلايدىغانلىقىنى بايقاپ هون ئاھالىسىدىن ياشانغانلار، كىچىك باللار، چارۋا –

(1) يۇقىرىقى: «خەن سۇلالىسى قىزلىرى ئۇيسۇندا»، خەنزۇچە 4142 – بەتكە قارالسۇن.

ماللارنى ھون تېررىتورىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن (سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىغا يېقىن بولغان جايلاردىن) يىراق شىمالغا كۆچۈرۈپ كەتكەن.

خەن قوشۇنلىرى سەددىچىن سېپىلىنىڭ قوۋۇقلىرىدىن ئۆتۈپ ھونلار تېررىتورىيىسىگە خېلى ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولسىمۇ، ھونلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنى ئۆچرىتالماي مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. چۈنكى غۇياندى تەڭرىقۇت ھونلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چېكىنىپ زەربە بېرىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، خەن قوشۇنلىرى بىلەن ئومۇميۈزلۈك، كەسكىن ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلانغان.

لېكىن غەرب تەرەپتىن كەلگەن ئۈيسۈن قوشۇنلىرى ھونلارنىڭ ئوڭ قول خانى ئوردىسىنى (ماناس بىلەن پوكاڭ ئارىلىقىدا ـ ئا) ۋەيران قىلىپ، 40 مىڭ ئادەم ۋە 700 مىڭ چارۋا ـ مال (ئات، كالا، توگە، قوي) نى ھەيدەپ كەتكەن.

غۇياندى تەڭرىقۇت ئۈيسۈنلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن شۇ يىلى قىشتا ئون مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنغا ئۆزى باش بولۇپ، ئۈيسۈنلارغا ھۇجۇم قىلغان، شۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا غۇياندى تەڭرىقۇت ئۈيسۈن ئاھالىسىدىن بىر قىسمىنى ئەسىر قىلىپ، نۇرغۇن چارۋا ـ ماللارنى غەنىمەت ئېلىپ قايتقان. لېكىن يولدا قايتىپ كېلىۋاتقاندا ناھايىتى قېلىن قار يېغىپ، ئەسىرگە ئالغان ۋە غەنىمەت ئالغان ئادەم، چارۋىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇزلاپ ئۆلۈپ كەتكەن.

### 3. مەلىكە جەيۇنىڭ ئۈيسۈندا ئېلىپ بارغان پائالىيىتى

مەلىكە جەيۇ ئۈيسۈنلار ئېلىدە 50 يىل (100 ـ 50 ـ يىللار) تۇردى. ئۇ شۇ مەزگىلدە ئۈيسۈنلارنىڭ كۈن بەگلىرىدىن قۇنشۇمى (102 ـ 99 ـ يىللار)، ئۇڭغۇمى (100 ـ 62 ـ يىللار)، نىمى (62 ـ 52 ـ يىللار) قاتارلىق ئۈچ خانغا ياتلىق بولغان. ئۇ شۇ مەزگىلدە ئۆزى ۋە ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ، خەن پادىشاھلىرى تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان سىياسىي ۋەزىپىلەرنى ساداقەت بىلەن ئورۇنلىغان.

ئۇڭغۇمى ئۆزىنىڭ خانلىق ئورنىغا مەلىكە جەيۇدىن تۇغۇلغان ئوغلى يانغۇمىنى ۋارىس قىلىپ تەيىنلەش قارارىغا كەلگەن. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىغا مەلىكە جەيۇ سەۋەب بولغان. مەلىكە جەيۇ بىلەن ئۇڭغۇمى شۇ ئىشنى سىر تۇتۇشقا، ۋاقتى كەلگەندىلا ئاشكارىلاشقا ئەھدىلەشكەن. ئۇلار بۇ ئىشنى ئۈيسۈن بەگلىرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئەندىشە قىلىشقان. چۈنكى مىلادىدىن

99 يىل بۇرۇن كۇنبەگ قۇنشۇمى ئالەمدىن ئۆتىدىغان چاغدا، ئوغلى نىمىنىڭ كىچىكلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇ چوڭ بولۇپ ئەقلى ـ ھوشىنى تاپقىچە جىيەنى (تاغىسىنىڭ ئوغلى) ئۇنغومىنى ئۇيسۇنلارغا قارانچۇق خان بولۇپ تۇرۇشقا كۆرسەتكەن. قۇنشۇمى شۇ ئىشنى ئۇيسۇن بەگلىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن جەيۇ بىلەن ئۇنغومى يوشۇرۇن ھالدا، نىمىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يانغومىنى ۋارىس قىلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئۇيسۇن بەگلىرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ناھايىتى ئەنسىرەشكەن. شۇ چاغلاردا خانزادە نىمى 30 ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنغومى ئۇنىڭغا خانلىق ئورنىنى بەرمىگەن. ئاخىرى جەيۇ بۇ يوشۇرۇن ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، خەن پادىشاھىنىڭ كاپالىتىنى ئېلىش ئۈچۈن مىلادىدىن 64 يىل بۇرۇن چاڭگۇي ئارقىلىق ئۇنغومىنىڭ نامىدىن خەن شۆەندىگە يازغان مەكتۇپىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«مەن خەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ جيەن نەۋرىسى مەلىكە جەيۇنىڭ تۇنجى ئوغلى يانغومىنى خانلىق تەختىگە ۋارىس قىلىپ تەيىنلەش قارارىغا كەلدىم. خانزادە يانغومىنىڭ خەن مەلىكىسىگە ئۆيلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇ ئارقىلىق ئۇيسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ تېخىمۇ يېقىن تۇغقانلاردىن بولۇپ كېتىشىنى، ئۇيسۇنلارنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە خەن سۇلالىسى تەرەپتە تۇرۇپ، ھونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئەگەر پادىشاھ مېنىڭ تەلىپىمنى ماقۇل كۆرسە، ئۇيسۇن خانى مىڭ تۇياق تۇلپار ئات، مىڭ تۇياق خېچىرنى ياتلىق بولغۇسى مەلىكىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن ئەۋەتىمدۇ...»[1]

بۇ مەكتۇپتىن ئىنتايىن خۇشال بولغان خەن شۆەندى مەلىكە جەيۇنىڭ ئۇكىسىنىڭ شاڭپۇ ئاتلىق قىزىنى يانغومغا ياتلىق قىلماقچى بولىدۇ.

شۇنىڭغا بىنائەن ئۇنغومى، يانغومغا ياتلىق بولغۇسى مەلىكىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن تۇلپار ئاتلاردىن 1000 تۇياق، خېچىردىن 1000 تۇياقنى تاللاپ، ئۇيسۇن بەگلىكىدىن 300 كىشىنى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن مەلىكە شاڭپۇنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە چاڭئەنگە ماڭدۇرىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا پادىشاھ خەن شۆەندى شۇ ئىشنى تېخىمۇ دەبدەبىلىك قىلىش، ئۇيسۇنلار بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن جىددىي

(1) يۇقىرىقى: «خەن سۇلالىسى قىزلىرى ئۇيسۇندا»، خەنزۇچە 49 – بەتكە قارالسۇن.

ھەم پۇختا تەييارلىقلارنى قىلغان.

مەلىكە شاڭپۇغا ھەمراھ بولۇپ ئۇيسۇنلارغا بارىدىغان ئەمەلدارلار ۋە مۇھاپىزەتچىلەر بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى تەيىنلىگەن. ئۇلارغا چاڭئەندە ئېچىلغان مەخسۇس مەكتەپتە ئۇيسۇن تىلى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆگەتكەن.

پادىشاھ ئەنە شۇنداق تەييارلىقلاردىن كېيىن، مىلادىدىن 62 يىل بۇرۇن مەلىكە شاڭپۇنى ئۇيسۇنلارغا يولغا سالغان. مەلىكە شاڭپۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى خىلمۇخىل ئېسىل بۇيۇملاردىن تەييارلانغان سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ، مەپە - ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ، ئۇلاغ - ئۇلمەككە مىنىپ، دۇڭخۇاڭغا يېتىپ كەلگەندە كۆڭۈلسىز بىر خەۋەرنى ئاڭلىغان. بۇ ئۇلار ئۈچۈن شۇم خەۋەر بولۇپ تۇيۇلغان، مىش - مىشلاردا ئۇنغۇمىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئۇيسۇن بەگلىرى مەرھۇم قونشۇمىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى نىمىنى ئۇيسۇنلارغا خان قىلغانلىقى مەلۇم بولغان.

شۇ سەۋەبتىن مەلىكە شاڭپۇ باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، ناھايىتى روھسىز ھالدا چاڭئەنگە قايتىپ كەتكەن. مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان مەلىكە جەيۇ نىمىغىمۇ ياتلىق بولۇشقا مەجبۇر بولغان. شۇ چاغدا مەلىكە 56 ياشتا بولۇپ، نىمى 38 ياشتا ئىكەن. مەلىكە جەيۇ مىلادىدىن 61 يىل بۇرۇن نىمىدىن چىمى ئاتلىق بىر ئوغۇل تۇغقان.

مەلىكە جەيۇ 3 - كىيوسى نىمى بىلەن چىقىشالمايدۇ. مەلىكە جەيۇ مىلادىدىن 53 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىدىن ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋې رۇي قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يانغۇمىنى ئۇيسۇنلارغا خان قىلىش ئۈچۈن نىمىنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇ ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ۋې رۇي نىمىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، شۇ سورۇندا ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ۋې رۇي نىمىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى ئىشەنچىلىك ئىككى خەنجەرۋازنى تەيىنلەيدۇ. زىياپەتتە خەنجەرۋازلار خەنجەرنى نىمىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە سالالماي، ئۇنىڭ مۈرىسىگە سالىدۇ. يارىدار بولغان نىمى زىياپەت ئورنىدىن بۆسۈپ چىقىپ ئېتىغا مىنىپ قېچىپ كېتىدۇ.

سۈيىقەستتە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ۋې رۇي ئۇيسۇن بەگلىرىنى ئالداش ئۈچۈن، «بۇنداق قىلىشىم خەن پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بولغان» دەپ كۆز بويىماقچى بولىدۇ. سىرنىڭ تېگى تەكتىنى بىلمىگەن ئۇيسۇن بەگلىرى ھەيران

بولۇشىدۇ.

سۈيىقەست يۈز بەرگەندىن كېيىن، نىمىنىڭ ئوغلى شىن شۇ قوشۇن تارتىپ كېلىپ ئۇيسۇنلار پايتەختى قىزىل قورغاندىكى مەلىكە جەيۇ ۋە سۈيىقەست پىلانلاشتا ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى قورشاپ ئالىدۇ. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايوندا تۇرۇشلۇق قاروچى بېگى جىڭجى ئۆزىگە يېقىن بولغان دۆلەتلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ كېلىپ، قورشاۋدا قالغانلارنى قۇتۇلدۇرۇپ ئالىدۇ. جىڭجى ئۆزىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى چېدىرغا (ھازىرقى بۈگۈردىكى چېدىر ـ ئا) غا قايتىپ كېتىدۇ.

بۇ سۈيىقەست ۋەقەسى خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن سوروشتە قىلىنىدۇ. ۋې رۇي قاتارلىقلار چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىلىپ، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. لېكىن مەلىكە جەيۇ ئۆزىنىڭ سۈيىقەست ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى بويىنىغا ئالمايدۇ.

شۇ سۈيىقەست ۋەقەسى يۈز بەرگەندە ئۇنغۇمىنىڭ ھون بىكەسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئۇيغۇت نىمىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇيسۇنلارغا خان بولىدۇ. ئۇ چاغدا جەيۇنىڭ تۇنجى ئوغلى يانغۇمى خانلىق تەختىنى تالىشىدۇ. ئاخىرى مەلىكە جەيۇغا ھەمراھ بولۇپ تۇرغان پىڭ لىياۋ دېگەن ئايال (ئۇ ئۇيسۇن بەگلىرىدىن بىرىگە ياتلىق قىلىنغان) ئۇيغۇتقا تەھدىت سېلىپ: «ھازىر خەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ قوشۇنى يولغا چىقتى. ئۇلار شىمالدىكى تاغقا (ئۇيغۇت جايلاشقان تەگرىتېغىنى دېمەكچى) يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا سىز ھايات قالارسىزمۇ؟» دەيدۇ؟[1]

تەھدىتتىن قورققان ئۇيغۇت يانغۇمىنىڭ خان بولۇشىغا رازى بولىدۇ. نەتىجىدە مىلادىدىن 53 يىل بۇرۇن بىر پۈتۈن ئۇيسۇن دۆلىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.

يانغۇمى چوڭ كۈنبەگ، ئۇيغۇت كىچىك كۈنبەگ بولىدۇ. يانغۇمىغا ئۇيسۇن ئاھالىسىدىن 60 نەچچە مىڭ ئائىلە (350 مىڭ كىشى)، ئۇيغۇتقا 50 نەچچە مىڭ ئائىلە (250 مىڭ كىشى) قارايدۇ. بۇ ئىككى خان ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جايلارنىڭ چېگراسىمۇ ئېنىق ئايرىتىلىدۇ.

مەلىكە جەيۇ 70 ياشقا كىرگەندە (مىلادىدىن 51 يىل بۇرۇن) چاڭئەنگە قايتىدۇ. ئۇ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلىدۇ. يانغۇمىمۇ شۇ يىلى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلىدۇ.

(1) يۇقىرىقى: «خەن سۇلالىسى قىزلىرى ئۇيسۇندا»، خەنزۇچە 59 – بەتكە قارالسۇن.

# توققۇزىنچى باب: هون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى

## 1. سىياسىي ئۆزگىرىش

مىلادىدىن 70 يىل بۇرۇن هونلار ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. شۇ چاغدا بايكۆل (بايقال) بويىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلار، ھىنگان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئوغانلار (تۇڭگۇسلارنىڭ بىر تارمىقى - ئا) ئىسيان كۆتۈردى. غەرب تەرەپتىن ئۇيسۇنلارمۇ هونلارغا هۇجۇم قىلدى. بولۇپمۇ مىلادىدىن 68 يىل بۇرۇن غۇياندى تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەھۋال يەنە ياماﻧﻼشتى. تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ (يامغۇر، قارنىڭ قاتتىق يېغىشى) ئارقىدىنلا ناھايىتى دەھشەتلىك قەھەتچىلىك كېلىپ چىقتى. خەلق ۋە چارۋا - ماللاردىن ئاز دېگەندە 60 پىرسەنت ئۆلۈپ كەتتى. جەمئىيەت ئىقتىسادى ۋەيران بولدى.

مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇن شۈلۈيقانقۈي تەڭرىقۇت (68 - 60 - يىللار) ئالەمدىن ئۆتكەندە ئەھۋال ناھايىتى ياماﻧﻼشقا قاراپ يۈزلەندى. مەرھۇمنىڭ چوڭ ئالچىسى (چوڭ خانىشى) جانقۇت بىكەنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشى بىلەنلا چوڭ بالايىئاپەت باشلاندى.

هونلارنىڭ ئادىتى بويىچە مەرھۇم شۈلۈيقانقۈي تەڭرىقۇتنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى تەڭرىقۇت بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنداق مۇھىم مەسىلىنى جىددىي ھەل قىلىش ئۈچۈن شۈلۈيقانقۈي تەڭرىقۇتنىڭ يابغۇسى (باش ۋەزىرگە تەڭ مەنسەپ - ئا) شىن مويان هون بەگلىرىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ دەرھال پايتەختتىكى ئوردىدا ئېچىلىدىغان قۇرۇلتايغا يېتىپ كېلىشىنى ئۇقتۇرغان. بەگلەر قۇرۇلتايدا كېڭەش قىلىپ، هونلار تەختىدە ئولتۇرىدىغان يېڭى تەڭرىقۇتنى سايلاپ چىقىشى لازىم ئىدى. دەل شۇ چاغدا يابغۇنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئالغان بەگلەر پايتەختكە يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ناھايىتى چوڭ ئابرۇي ۋە هوقۇققا ئىگە بولغان چوڭ ئالچى جانقۇي، ئۇكىسى سول قول ئۇلۇغ قۇتقۇ (بۇ مەنسەپ نامى) تاۋرۇنچى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئوڭ قول بىلگە خان تۇجۇتاننى تەڭرىقۇتلۇق تەختىگە چىقاردى. بۇ سىياسىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق تەختكە چىققان تۇجۇتان ئۇيانقۇتى تەڭرىقۇت دەپ ئاتالدى. ئۇ ھە دېگەندىلا يابغۇ شىن مويانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا تاۋرۇنچىنى يابغۇ قىلىپ تەيىنلىدى.

مەرھۇم تەڭرىقۇتنىڭ پەرزەنتلىرى، يېقىن تۇغقانلىرى ئىگىلەپ تۇرغان هوقۇقلىرىدىن

مەھرۇم قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى تەڭرىقۇتنىڭ پەرزەنتلىرى تەيىنلەندى.

## 2. ئىچكى ئۇرۇش

ئۇيانقۇتى تەڭرىقۇتقا بويسۇنۇشنى خالىمىغان باتىس خان (غەربىي خان) شەنشەنتەن غەربتە (كورلا ئەتراپىدا) ئىسيان كۆتۈردى. ئۇ بىرنەچچە تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. بۇنى ئاڭلىغان تەڭرىقۇت شەنشەنتەننىڭ ئۇكىسى بوشۇتاننى باتىس خان قىلىپ تەيىنلىدى.

ئۇ يانقۇتى تەڭرىقۇتتىن نارازى بولغان ھون بەگلىرى قوشۇن توپلاپ ئۆزلىرى تەڭرىقۇت بولۇش ئۈچۈن قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلىشقا تەييارلاندى. شۇلۇي قانقۇي تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى قوغۇشار (خوخەنىي دەپمۇ ئاتالغان) ئۇيانقۇتى تەڭرىقۇتنىڭ ئۆلتۈرۈشىدىن قورقۇپ، قېيىن ئاتىسى ئۇتانمۇنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى. ئۇتانمۇ ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئىدارە قىلىدىغان سول قول بىلگە خان ئىدى. ئۇ مىلادىدىن 58 يىل بۇرۇن كۆيئوغلى قوغۇشارنى تەڭرىقۇت قىلىپ كۆتۈردى. قوغۇشار 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن توپلاپ ئۇيانقۇتى تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ئۇيانقۇتى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى. شۇ مەزگىلدە غەرب تەرەپتىكى ئوڭ قول بىلگە خاننىڭ قېشىغا قېچىپ بارغان تاۋۇنچى باتىس خان بوشۇتاننىڭ تەڭرىقۇت بولۇشىنى قوللىدى. بوشۇتان ئۆزىنى تۇجۇ تەڭرىقۇت دەپ جاكارلىدى. ئۇ دەرھال 40 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن غەرب تەرەپتىن بېسىپ كىرىپ، قوغۇشار تەڭرىقۇتنى تارمار قىلدى، قوغۇشار پايتەختتىنى تاشلاپ قاچتى.

تۇجۇ تەڭرىقۇتنىڭ ھونلار پايتەختىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان قۇتىئۇش (قوغۇشارنىڭ ئاكىسى) شەرقتە باش كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ جاكارلىدى. ئۇ ئەسلىدە سول قول بىلگە خان ئىدى.

مىلادىدىن 57 يىل بۇرۇن غەربتىكى (چۆچەك، زايسان ئەتراپلىرىدا ـ ئا) ئۇيغۇر خان ئۆزىنى ئۇيغۇر تەڭرىقۇت دەپ جاكارلىدى. ئەينى ۋاقىتتا غەربتىكى ئوڭ قول بىلگەخان ئۆزىنى ئۇجى تەڭرىقۇت دەپ جاكارلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئوڭ قول ئۇقان خان ئۆزىنى چىلى تەڭرىقۇت دەپ جاكارلىدى. مانا بۇ تارىختا: «بەش تەڭرىقۇتنىڭ ھوقۇق تالىشىشى» دەپ ئاتالدى.

قۇتىئۇش تەڭرىقۇت 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنغا تايىنىپ، تۆت يىل

ئىچىدە (56 ـ 52 ـ يىللار) ھونلار تەختىنى تالىشىپ ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتاشقان قوغۇشار تەڭرىقۇت، تۇجۇ تەڭرىقۇت (58 ـ 56 ـ يىللار)، ئۇيغۇر تەڭرىقۇت (57 ـ يىل)، چىلى تەڭرىقۇت (57 ـ 56 ـ يىللار)، ئۇجى تەڭرىقۇت (57 ـ يىل) قاتارلىق بەش تەڭرىقۇتنى بىر ـ بىرلەپ تارمار قىلدى. مانا شۇ بىرنەچچە يىل داۋام قىلغان ئىچكى ئۇرۇشتا ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ، ھونلار ئىلى قان دەرياسىغا چۆمۈلگەن، جەسەت دۆۋىلىرى ئۈستىدە ئاغزى قانغا بويالغان يىرتقۇچ بۆرىلەر ھۇۋلىشىپ، ياۋايى، يىرتقۇچ قۇشلار چىقىرىشىپ، ناھايىتى قورقۇنچلۇق مەنزىرە پەيدا بولغان. ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يېشىل يايلاقلار، داللار، چۆللەر ئۈستىنى ئاقىرىپ تۇرغان ئادەم سۆڭەكلىرى قاپلاپ كەتكەن. چارۋا ـ ماللارنىڭ 90 پىرسەنتى ئۆلگەن. خەلق ئاچارچىلىق ئىچىدە قالغان. ھەتتا يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئۆزئارا بۇلاپ ـ تالاپ يەيدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىققان. مانا شۇ ئىچكى ئۇرۇشتا ھاكىمىيەت تالاشقان بەش تەڭرىقۇت تەرىپىدىن سەپەرۋەر قىلىنغان ئاتلىق قوشۇن 350 مىڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن 300 مىڭغا يېقىن ئادەم ئۆلگەن. ئىچكى ئۇرۇش باشلاشتىن بۇرۇن ھونلار ئاھالىسى 2 مىليون بولغان بولسا، ئۇرۇشتىن كېيىن بىر مىليون 700 مىڭغا چۈشۈپ قالغان.

### 3. قوغۇشار تەڭرىقۇت

ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان قۇتىئۇش ھون تەڭرىقۇتى بولدى. ئۆز ئاكىسى قۇتىئۇش تەڭرىقۇتتىن يېڭىلىپ جەنۇبقا قاراپ قاچقان قوغۇشار نېمە قىلىشىنى بىلمەي، بىر مەزگىل گاڭگىراپ يۈردى. ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن بەزىلىرى قوشۇن توپلاپ، قۇتىئۇش تەڭرىقۇتقا ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇس قىلسا ؛ بەزىلىرى «قۇتىئۇشقا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇ كۈچلۈك، ئەڭ ياخشىسى غەرب تەرەپكە قېچىپ بېرىپ، شۇ جايدا ئامان تېپىش لازىم» دەيتتى. يەنە بەزىلىرى: «خەن سۇلالىسىگە بېقىنىپ جان ساقلاپ تۇرۇپ، دەرمان يىغىۋالغاندىن كېيىن بىر ئامال تېپىش لازىم» دېيىشەتتى.

مانا شۇ مەسىلە ئۈستىدە قوغۇشارنىڭ يېقىنلىرى ناھايىتى كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلغان. ئاخىرى ئىل قۇجى ئاتلىق بىر خان خەن سۇلالىسىگە بېقىنىپ، شۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قۇتىئۇشنى يوقىتىپ، ھونلار تەختىنى ئىگىلەشنى تەشەببۇس قىلغان. بەزىلەر ئىل قۇجىغا قارشى چىقىپ: «ھونلار ئات مىنىشكە ئۇستا بىر خەلق بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئۇرۇش قىلىشتا ئاتاق چىقارغان. ئۇنىڭ

ئادىتى باتۇرلۇقنى ئىززەتلەش بولۇپ، باش ئېگىشنى پەسكەشلىك دەپ بىلىدۇ. ئۇرۇش قىلىپ ئۆلۈش باتۇرلۇقنىڭ خىسلىتى. ھازىر ئاكا - ئۇكىلار ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ھاكىمىيەت قېرىنداشلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. يات كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكىنى يوق» دېيىشكەن.[1]

قوغۇشار ئىل قۇجىنىڭ تەشەببۇسىنى ماقۇل كۆرگەن. ئۇ مىلادىدىن 53 يىل بۇرۇن بىرنەچچە تۈمەن كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ۋە ئۇزىگە ئەگەشكەن بىر قىسىم ھونلارنى باشلاپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىغا يېقىنلاپ كەلگەن. ئۇ ئوغلىنى چاڭئەنگە ئەۋەتىپ، تۇرغاق (گۆرە)تا تۇرغۇزغان.

قۇتىئوش تەڭرىقۇت قوغۇشارنىڭ تەسلىمچىلىكىنى ئاڭلاپ ناھايىتى قاتتىق غەزەپلەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇمۇ ئۆز ئوغلىنى چاڭئەنگە تۇرغاققا ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن دوستانە ئۆتۈشنى ئىزلىگەنىدى.

قوغۇشار مىلادىدىن 51 يىل بۇرۇن ئۆزى چاڭئەنگە بېرىپ، خەن سۇلالىسى خانى بىلەن كۆرۈشۈشكە بەل باغلايدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خەن شۇەندى خۇشاللىقنى باسالماي، ئەلچىلەر ئارقىلىق قوغۇشارغا تون، تەلپەك، ئالتۇن تامغا، سەدەپ ساپلىق قىلىچ، شاھانە مەپە، تۇلپار ئات، كۆپ مىقداردا ئالتۇن، يىپەك شايى ئەۋەتىدۇ. بۇ ئىشتىن مەمنۇن بولغان قوغۇشار چاڭئەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان خەن پادىشاھى مەشھۇر ۋەزىرلىرى، خانلىرى باشلىق بىرنەچچە تۈمەن ئادەمنى باشلاپ چاڭئەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ۋېي خې دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىگىچە كېلىپ قوغۇشارنى قارشى ئالىدۇ.

قوغۇشار مىلادىدىن 51 يىل بۇرۇن فېۋرال ئېيىدا چاڭئەندىن قايتىدىغان چېغىدا خەن شۇەندىگە: ئۆزىنىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدا تۇرىدىغانلىقىنى، ئەگەر قۇتىئوش ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا دەرھال سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە چېكىنىپ كىرىپ، شۇساڭ شەھىرىنى چىڭ ساقلاپ، خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي چېگراسىنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇنى ئاڭلىغان خەن پادىشاھى بىرقانچە سانغۇنلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى يولغا سېلىپ قوغۇشارنى ئۇزىتىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. يەنە بىر تەرەپتىن زۇرۇر تېپىلغاندا قوغۇشارغا قارشى چىققۇچىلارنى باستۇرۇشنىمۇ تاپىلىغان.

(1) يۇقىرىقى: «خەن سۇلالىسى قىزلىرى ئۇيسۇندا»، خەنزۇچە 71 - 72 - بەتلەرگە قارالسۇن.

## 4. قۇتىئۇش تەڭرىقۇت (56 ـ 36 ـ يىللار)

قۇتىئۇش تەڭرىقۇت قوغۇشارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، مىلادىدىن 49 يىل بۇرۇن ھونلار پايتەختىنى ئۇرۇشسىز تاشلاپ چىققان ۋە غەربكە قاراپ سىلجىپ ئۇيسۇنلارغا يېقىنلاپ كەلگەن. قۇتىئۇش ئۇيسۇن خانى ئۇيغۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلغان. ئۇيغۇت ھون ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، 8 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ قۇتىئۇش تەڭرىقۇتقا قارشى ماڭغان. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قۇتىئۇش تەڭرىقۇت ئۇيغۇتقا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تارمار قىلغان. قۇتىئۇش تەڭرىقۇت ئۇيسۇنلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شىمالغا قاراپ يۈرۈپ، ھازىرقى باي كۆل (بايقال) ئەتراپىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنى ئالتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى (ھازىرقى چۆچەك ۋە زايسان) ئۇيغۇرلار (ئوغۇزلار)نى، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشايدىغان قىرغىزلارنى بويسۇندۇرۇۋالغان ۋە پايتەختنى قىرغىز خانلىقى تېررىتورىيىسىدە بەرپا قىلغان.

قوغۇشار، قۇتىئۇش تەڭرىقۇت ھونلار پايتەختىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇرخۇن بويىدىكى ھونلار پايتەختىگە قايتىپ كېتىش تەرەددۇتىنى قىلغان. خەن پادىشاھى ئۇنىڭ قايتىپ كېتىشىگە ئۇنىمىغان. چۈنكى قوغۇشار قايتىپ كەتسە، ھونلار خەن سۇلالىسىگە بېقىنماي قالارمىكىن دەپ قورققان. لېكىن قوغۇشار مىلادىدىن 43 يىل بۇرۇن ئۇرخۇن بويىدىكى پايتەخت ئۆتۈكەنگە قايتىپ كەتكەن.

قتىئۇش ھونلار تارىخىدا، باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) تىنىلا قالسا، تالانتلىق ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك، قەيسەر، مەغرۇر، ۋەتەنپەرۋەر تەڭرىقۇت ئىدى. ئۇ يوقىرىدىكى خانلىقلارنى (بۇ خانلىقلار ئەسلىدە ھونلارغا تەۋە ئىدى) قايتىدىن بويسۇندۇرۇپ، كۈچلىنىۋالدى. بۇنى كۆرگەن غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر ھونلارنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا يەنە باش ئەگدى.

قۇتىئۇش تەڭرىقۇت ئوغلىنىڭ خەن سۇلالىسى پايتەختىدە داۋاملىق تۇرغاقتا (گۆرەدە) تۇرۇشىنى ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ھاقارەت دەپ بىلگەن. شۇڭا ئۇ چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوغلىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغان.

بۇچاغدا خەن شۈەندى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى خەن يەندى (48 ـ 33 ـ يىللار) پادىشاھ بولغانىدى. خەن يەندىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئالغان گۇچى ئاتلىق ئەلچى قۇتىئۇشنىڭ ئوغلىنى ئۆزىتىپ بېرىش ئۈچۈن ھون ئەلچىلىرى

بىلـەن بىللـە چاڭئەندىـن يولغـا چىققـان. قۇتىئـۇش تەڭرىقـۇت ئـۆز ئوغلىنـى چاڭئەندىـن يىراقتىكى قىرغىـزلار ئېلىگىچـە ئۇزىتـىپ كەلگەن گۇچى باشلىق خـەن ئەلچىلىرىنـىڭ بىرىنىمـۇ قويمـاي ئۆلتـۈرۈپ تاشـلىغان.

قۇتىئـۇش تەڭرىقـۇت قىرغىـزلار ئېلىدىـن يۆتكىلىـپ غەربكـە كەتمەكچـى بولغـان. دەل شـۇ چاغـدا قۇتىئـۇش تەڭرىقۇتنىـڭ داڭقىنـى ئاڭلىغـان قاڭلـى خانلىقـى ئەلچـى ئەۋەتـىپ، ئۇنىڭغـا بويسـۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگـەن. قاڭلـى ئەلچىلىرىدىـن بـۇ خەۋەرنـى ئاڭلىغـان قۇتىئـۇش تەڭرىقـۇت ناھايىتـى خۇشـال بولغـان.

قۇتىئـۇش تەڭرىقـۇت مىلادىدىـن 45 يىـل بـۇرۇن ئەلنـى ۋە قوشـۇنلىرىنى باشـلاپ، چېدىرلىرىنـى مىڭلىغـان ھارۋىلارغـا ئارتىـپ، چـارۋا ـ ماللىرىنـى ھەيـدەپ ئالـەمنى ئاسـتىن ـ ئۈسـتىن قىلىۋەتكىـدەك ھەيـۋە بىلـەن يەنسـەي دەرياسـىنىڭ بويىدىـن بالقـاش ـ ئـارال كۆللىرىنىـڭ بويىغـا قـاراپ كۆچكـەن. قۇتىئـۇش تەڭرىقـۇت 5000 يـول كېلىدىغـان ئـۇزۇن مۇسـاپىنى بېسـىپ، ئۆتۈشـتە تەبىئـىي ئاپەتكـە يولۇقـۇپ، چـوڭ بەختسـىزلىككە ئۇچرىغان. ھونلار قاڭلىغـا قـاراپ كۆچـۈپ كېتىۋاتقانـدا يولـدا ناھايىتـى قېلىـن قـار يېغىـپ، جاندىـن ئۆتىدىغـان ئاچچىـق سـوغۇق باشـلانغان. بىرنەچچـە كـۈن داۋام قىلغـان بورانلىـق شـىۋىرغاندا نۇرغـۇن ئـادەم، ھېسابسـىز چـارۋا مـۇزلاپ ئۆلگـەن. قۇتىئـۇش تەڭرىقـۇت قاڭلىغـا يېتىـپ كەلگەنـدە، بىرنەچچـە تۈمـەن ئادەمدىـن 3000 دىـن كۆپـرەك ئـادەم قالغـان.

قۇتىئـۇش تەڭرىقـۇت مىلادىدىـن 44 يىـل بـۇرۇن قاڭلـى خانلىقىنىـڭ پايتەختىگـە يېتىـپ كەلگەنـدە، قاڭلـى خانـى ھەممـە بەگلىرىنـى ۋە شـەھەر ئاھالىسـىنى باشـلاپ تەڭرىقۇتنىـڭ ئالدىغـا چىقىـپ قىزغىـن قارشـى ئالغـان ھەمـدە قۇتىئـۇش تەڭرىقۇتقـا بولغـان ئىـززەت ـ ھۆرمىتىنـى بىلـدۈرۈش ئۈچـۈن نۇرغـۇن سـوۋغا ـ سـالاملارنى تەقدىـم قىلىـپ، ئۇنىڭغـا ئـۆز قىزىنـى ياتلىـق قىلغـان.

قۇتىئـۇش تەڭرىقـۇت توققـۇز يىـل ئىچىـدە (49 ـ 40 ـ يىللار) شـەرقىي ئۇيغۇرلار، ئۇيسـۇنلار، قىرغىـزلار، پەرغانىلىقـلار، قاڭلىـلار، ئالانلاردىـن ئىبـارەت نۇرغۇنلىغـان دۆلەتلەرنـى بويسـۇندۇرۇۋالدى.

قۇتىئـۇش تەڭرىقـۇت مىلادىدىـن 59 يىـل بۇرۇنقـى چاغدىـن باشـلاپ ئـۆز دۈشـمەنلىرىنى ئارقـا ـ ئارقىدىـن تارمـار قىلىـپ، «يېڭىلمـەس قەھرىمـان» قىياپىتىـدە تارىـخ سەھنىسـىگە چىقتـى. ئـۇ قۇدرەتلىـك ھـون تەڭرىقۇتلۇقىنىـڭ غەربىـي تېررىتورىيىسـىگە ھۆكۈمـران بولۇۋالغاندىـن كېيىـن، قاڭلـى خانلىقىنىـڭ

پايتەختىدە تۇرۇشنى خالىمىدى. قۇتىئۇش تالاس دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى مۇۋاپىق بىر جايغا (ھازىرقى قازاقىستاندىكى جانبۇل رايونى ئەتراپىدا - ئا) «تەڭرىقۇت شەھىرى» ناملىق يېڭى شەھەرنى سالدۇرۇپ، ئۇنى پايتەخت قىلدى.

## 5. تالاس ئۇرۇشى

مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسى ھون تەڭرىقۇتلۇقىدا ھاكىمىيەت تالىشىش يۈز بېرىپ ئاپەتلىك ئىچكى ئۇرۇشلار قوزغالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي يۇرتقا جىڭ جى ئاتلىق ئەمەلدارنى قاروچى بەگ قىلىپ ئەۋەتتى.

بۇ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن تۇنجى قاروچى بېگى ئىدى. جىڭ جى بىرمىڭ نەچچە يۈز ئادەمنى باشلاپ، ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىدىكى چېدىرغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇ بىر تەرەپتىن شۇ يەردە بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەرگە بارىدىغان ئەلچىلىرى، سودىگەرلىرىنى ئوزۇق - تۈلۈك ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. يەنە كېلىپ تارىم ۋادىسىدىكى خانلىقلارنى ھونلاردىن ئايرىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ھونلارغا قارشى تۇرىدىغان قىلىپ قويدى. بۇ ئىشقا قوغۇشار تەڭرىقۇت سۈكۈت قىلدى.

خەن سۇلالىسى قوغۇشاردىن خاتىرجەم بولسىمۇ، لېكىن قۇتىئۇش تەڭرىقۇتنىڭ غەربىي تەرەپتىن بېسىپ كېلىپ، تارىم ۋادىسىدىكى خانلىقلارنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىشىدىن ناھايىتى بەك ئەنسىرىگەن.

خەن سۇلالىسى قاڭلىدىكى قۇتىئۇش تەڭرىقۇتقا ئۈچ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇتىئۇش تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن گۇچى قاتارلىق ئەلچىلەرنىڭ جەسەتلىرىنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان. قۇتىئۇش خەن سۇلالىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئەلچىلەرگە: «سىلەرنىڭ كاللاڭلارنى ئالمىغانلىقىم، خەن سۇلالىسىگە قىلغان شەپقىتىم ھېسابلىنىدۇ» دېگەن. ئۇ يەنە مىلادىدىن 36 يىل بۇرۇن پادىشاھ خەن يەندىغا يازغان مەكتۇپىدا: «قاڭلى دېگەن بۇ جاي ماڭا تارلىق قىلىپ قالدى. راستىنى ئېيتسام ناھايىتى قىيىنلىپ قالدىم. ياخشىسى قۇدرەتلىك خەن سۇلالىسىگە قايتىپ كەتمەكچىمەن»

دېگەن[1].

قۇتىئۇش تەڭرىقۇتنىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەن چېن تاڭ پادىشاھنىڭ تەستىقىنى ئالماي، ئاقسۇغا 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلىغان. بۇ قوشۇننىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تارىم ۋادىسىدىكى خانلىقلارنىڭ قوشۇنى ئىدى.

چېن جى مىلادىدىن 36 يىل بۇرۇن ياشىنىپ قالغانلىقىدىن پېنسىيىگە چىققانىدى. چېن تاڭ بولسا ئۇنىڭ ئورنىغا تەيىنلەنگەن قاراۋچى بەگ گەنيەنچۇننىڭ ئىزچىسى ئىدى. قەتئىي ئىرادىلىك، غەيرەتلىك چېن تاڭ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئىككى يۆنىلىشكە بۆلۈپ، قۇتىئۇش تەڭرىقۇتقا قارشى ماڭدۇردى. بىرىنچى يۆنىلىش بويىچە يولغا چىققان قوشۇن ئاقسۇ ئۇچتۇرپاندىن قارا قولغا ئۆتۈپ، تالاس دەرياسىنىڭ بويىدىكى تەڭرىقۇت شەھىرىگە بېرىش، ئىككىنچى يۆنىلىش بويىچە يولغا چىققان قوشۇن قەشقەر ئارقىلىق پەرغانىگە ئۆتۈپ، تەڭرىقۇت شەھىرى ئەتراپىدا بىرىنچى يۆنىلىش بويىچە يولغا چىققان قوشۇن بىلەن قوشۇلۇش لازىم ئىدى[2].

مىلادىدىن 36 يىل بۇرۇن گەن يەنجۇ، چېن تاڭ باشچىلىقىدىكى 40 مىڭ قوشۇن بەلگىلەنگەن چاغنىڭ ئۆزىدىلا تالاس دەرياسىنىڭ بويىدىكى تەڭرىقۇت شەھىرىنىڭ شەرقىدە بىر - بىرىگە قوشۇلدى. قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر ئارقىلىق قۇتىئۇش تەڭرىقۇتنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى ئىگىلىگەن گەنيەنجۇ، چېن تاڭلار قوشۇننى شەھەردىن 30 يول يىراقلىقتىكى جايغا باشلاپ كېلىپ توختاتتى.

قۇتىئۇش تەڭرىقۇت جىددى، خەتەرلىك پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بايقاپ، جەڭچىلىرىنى روھلاندۇرۇپ: «قاتتىق تۇرۇپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئەڭ ياخشى تەدبىر، شەھەردە ئاشلىق، يەم - خەشەك يېتەرلىك، شەھەرنىڭ سېپىلى ئېگىز ھەم قېلىن، قاتتىق تۇرغاندا مۇداپىئە قىلغىلى بولىدۇ. ئاز دېگەندە يېرىم يىل چىداشلىق بېرەلەيمىز، ئۇلار يىراقتىن كەلگەن، شەھەرنى ئۇزاققىچە قورشاپ تۇرالمايدۇ» دېگەن[3].

قۇتىئۇش تەڭرىقۇت قاڭلى خانلىقىدىن ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇن كەلگىچە ۋاقىتتا ئۇتۇۋېلىش ئۈچۈن چېن تاڭ شىتاۋغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى

(1) يۇخىڭ: «خەن سۇلالىسى قىزلىرى ئۇيسۇندا»، خەنزۇچە 75 - بەتكە قارالسۇن.
(2) بەنخۇا: «كېيىنكى خەن يىلنامىسى، گۇالىئودىنىڭ تەرجىمھالى»، «جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.
(3) لىن گەن: «ھون تارىخى»، خەنزۇچە 89 -، 90 - بەتلەرگە قارالسۇن.

ئالدىماقچى بولدى. لېكىن گەنيەنجۇ، چېڭ تاڭلار تەڭرىقۇتنىڭ ھىيلىسىنى سېزىپ قېلىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى قىلدى. ئىككىنچى كۈنى چېڭ تاڭ شەھەر سېپىلىدىن ئۈچ يول يىراقلىقتا قىستاپ كېلىپ، شەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى. ھونلارنىڭ ئاتلىقلىرى شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇشقان بولسا، پىيادە قىسىملىرى سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ ئوقيا ئېتىپ قارشىلىق قىلدى. ئۇرۇش كۈن پاتقىچە داۋام قىلدى. ھون ئاتلىقلىرى شەھەر ئىچىگە چېكىندى. قۇتىئۇش تەڭرىقۇت تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولدى. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە قاڭلىدىن بىر تۈمەندىن ئارتۇق قوشۇن ياردەمگە كەلدى. ئۇلار بىرنەچچە قىسىمغا بۆلۈنۈپ، چېڭ تاڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلارنى قورشىۋالدى. بۇ ئەھۋالنى ئېنىق بىلگەن ھونلار شەھەر ئىچىدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلدى. شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا يېقىلغان سان - ساناقسىز مەشئەللەر قاراڭغۇ كېچىنى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. قاڭلى قوشۇنلىرى بىلەن ھون قوشۇنلىرىنىڭ قىلغان بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇملىرى قايتۇرۇلدى. خېلى ئېغىر زىيان تارتقان قاڭلى قوشۇنلىرى ئارقىغا چېكىندى. ھونلارمۇ شەھەر ئىچىگە چېكىندى.

تاڭ ئاتقاندا چېڭ تاڭ شەھەرگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرگە بېسىپ كىردى. ئاخىرقى نەپەسى قالغىچە ئۇرۇشقان قۇتىئۇش تەڭرىقۇت باش ئەگمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

چېڭ تاڭ تالاس ئۇرۇشىدا قولغا چۈشكەن ئالتۇن - كۈمۈش، ھېسابسىز چارۋا - ماللارنى ئۇرۇشقا قاتناشقان 15 خانلىقنىڭ بەگلىرىگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن. «تالاس ئۇرۇشى» مىلادىدىن 36 يىل بۇرۇن بولغان.

چېڭ تاڭ غەربىي يۇرتتىكى 15 خانلىقنىڭ ئاچكۆز ھۆكۈمرانلىرىنى تەڭرىقۇت شەھىرىدىكى ھەددى - ھېسابسىز بايلىقلارغا قىزىقتۇردى. بايلىق ۋە مەنسەپكە بېرىلگەن بۇ ئاچكۆزلەر قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، قۇتىئۇش تەڭرىقۇتقا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغان. چېڭ تاڭ «تالاس ئۇرۇشى»دا «ياتلارنى ياتلارنىڭ قولى بىلەن بويسۇندۇرۇش ئەڭ ئەلا تەدبىر» دېگەن ئىستراتېگىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ غەلىبە قىلدى. قۇتىئۇش تەڭرىقۇت بولسا نۇرغۇن ئۇرۇشلاردا غالىپ چىقىپ، ئادەتتىن تاشقىرى مەغرۇرلىنىپ كېتىپ بىخەستە قالغانىدى. شۇڭا ئۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ بارمىغانلىقى بىلەن «تالاس ئۇرۇشى» دا پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە يولۇقتى.

# ئونىنچى باب: دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتى

## 1. ئەڭ ئاخىرقى قۇدىلىشىش

قوغۇشار تەڭرىقۇت مىلادىدىن 33 يىل بۇرۇن چاڭئەنگە كېلىپ بىرنەچچە ئاي زىيارەتتە بولدى. ئۇ شۇ چاغدا، پادىشاھ خەن يەندى بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. قۇتئىيوش تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن كېيىن، قوغۇشار ئۆزىنى ھونلارنىڭ يەككە ـ يېگانە تەڭرىقۇتى ھېسابلاپ، مۇستەقىل بولۇۋالغانىدى. سۆھبەت نەتىجىسىدە قوغۇشار تەڭرىقۇت ۋاڭ جاۋجۇن ئاتلىق قىزغا ئۆيلەندى بۇ ھونلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قۇدىلىشىش ئىدى.

ۋاڭ جاۋجۇن ئەسلىدە خەلقنىڭ چىرايلىق قىزلىرى ئىچىدىن تاللىنىپ ئوردىغا كەلتۈرۈلگەنىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ كېنىزەكلىرى نامزاتى تۇرىدىغان ئوردىدا بىرنەچچە يىل تۇرغانىدى. خەن پادىشاھلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە پادىشاھ كېنىزەكلىرىنى ھەر يىلى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن كېنىزەك بولۇشقا لايىقلىرىنى تاللايدىكەن. لېكىن كۆزدىن كەچۈرۈش قىزلارنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزدۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىقلا بولىدىكەن، شۇڭا قىزلار كېنىزەكلىك دەرىجىسىگە يېتىش ئۈچۈن، ئەسلىكتە يىققان پۇللىرىنى ئوردا رەسساملىرىغا پارا بېرىپ، ئۆز سۈرەتلىرىنى ئىلاجى بار چىرايلىق سىزدۇرۇشقا تىرىشىدىكەن. ۋاڭ جاۋجۇن ئۆزىنىڭ ئىنتايىن چىرايلىقلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئوردىنىڭ ئاتاقلىق رەسسامى ماۋيەنشۇنگە پارا بەرمىگەچكە، ئۇنىڭ سۈرىتىنى قەستەن سەت سىزىپ قويىدىكەن. شۇ سەۋەبكە ئاساسەن ۋاڭ جاۋجۇن كېنىزەكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەنىكەن.

خەن يەندى قوغۇشار تەڭرىقۇتنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلماقچى بولۇپ، ئوردا ئەمەلدارلىرى ئارقىلىق ئوردىدىكى قىزلارغا: «كىمكى ھونلارغا ياتلىق بولۇشنى خالىسا، شۇ قىزنى مەلىكە قىلىپ تەيىنلەيمەن» دېگەن. ۋاڭ جاۋجۇن ئوردا قەپىزىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھونلارغا ياتلىق بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

پادىشاھ خەن يەندى توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنىلا ۋاڭ جاۋجۇننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكىگە ھەيران قالغان، پادىشاھ ھەسرەت ئىچىدە ۋاڭ

جاۋجۈننى قوغۇشارغا ياتلىق قىلغاندا، تەڭرىقۇتنى ناھايىتى نۇرغۇن سوۋغا بىلەن (شاھانە كىيىم ـ كېچەك، كىمخاب، شايى، يىپەك قاتارلىق) ئۇزىتىپ قويغان. ئاندىن كېيىن پادىشاھ خەن يەندى ئوردا رەسسامى ماۋ يەنشۇنى ئۆلتۈرۈپ (ۋاڭ جاۋجۈننىڭ سۈرىتىنى قەستەن خۇنۇكلەشتۈرۈپ سىزغانلىقى ئۈچۈن) تاشلىغان.

قوغۇشار تەڭرىقۇت ۋاڭ جاۋجۈنگە ئۆيلىنىپ، ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن (مىلادىدىن 31 يىل بۇرۇن) ئۆلگەن. ھونلار ۋاڭ جاۋجۈننى ئالچى نىڭغۇ دەپ ئاتاشقان. ۋاڭ جاۋجۈن قوغۇشارنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، پادىشاھ خەن چىڭدىغا يازغان ئىلتىماسىدا ئۆزىنىڭ ئۆگەي ئوغلى پۈجۇلۇنۇتى (قوغۇشارنىڭ ئوغلى)غا ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن پادىشاھ خەن چىڭدى ۋاڭ جاۋجۈننىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىپ، ئۇنى ھونلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە بويسۇنۇپ، پۈجۇلۇنۇتى تەڭرىقۇتقا ياتلىق بولۇشقا بۇيرۇغان. ۋاڭ جاۋجۈن پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، پۈجۇلۇنۇتى تەڭرىقۇتقا ياتلىق بولغان.

## 2. نىسپىي دوستلۇق مۇناسىۋىتى

تارىختا، خوخەنيې تەڭرىقۇت نامى بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدىغان قوغۇشار تەڭرىقۇت مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىگە بېقىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى قۇتىئۇش تەڭرىقۇتنى ھونلار پايتەختىنى تاشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېتىشكە مەجبۇر قىلغاندىن كېيىن، تەڭرىقۇت بولۇشقا مۇيەسسەر بولالىغان. بولۇپمۇ مىلادىدىن 33 يىل بۇرۇن ۋاڭ جاۋجۈنگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدىكى نىسپىي دوستلۇق كۈچىيىشكە باشلىغان. بۇنداق نىسپىي دوستلۇق 60 يىل (مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 10 ـ يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن. شۇ دوستلۇقنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا 150 يىلغىچە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 ـ 36 ـ يىللار) داۋام قىلغان. تۇراقسىزلىق (گاھ تىنچلىق، گاھ ئۇرۇش) ھالىتىنى ئاياغلاشتۇرغان.

نىسپىي دوستلۇق مۇناسىۋىتى ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا ئالاقىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇنداق سودا ئالاقىسى ئىككى مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئالغا سۈردى. چۈنكى ئۆزئارا ئېلىپ بېرىلغان

سودا ئالاقىسى ئارقىلىق هونلار خەنزۇلاردىن ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرىنى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئالاتتى. خەنزۇلار بولسا هونلاردىن ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ئات ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئالاتتى. ئۇلار مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشكەندى.

نىسپىي دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشى، هون تەڭرىقۇتلۇقىدىمۇ، خەن سۇلالىسىدىمۇ بىر مەزگىل تىنچلىق، خاتىرجەملىك كەيپىياتىنى ياراتتى. ئىككى تەرەپنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، خەلقلەرنىڭ ئارام خۇدا هايات كەچۈرۈشى، ئاھالە سانىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.

قوغۇشار تەڭرىقۇت مىلادىيىدىن 43 يىل بۇرۇن هونلارنىڭ پايتەختىگە قايتىپ بارغاندىن باشلاپ، خەن سۇلالىسىگە بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئەمەلىيەتتە ئېتىراپ قىلمىغانىدى. شۇندىن باشلاپ هونلار ئىچكى ئۇرۇشلار، تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغان ئىقتىسادىنى (چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، هۈنەرۋەنچىلىك، ئوۋچىلىق، سودا) ئۆز هالىتىگە كەلتۈرۈۋېلىشقا ئىمكانىيەت تاپقانىدى. تاغ قاپتاللىرى، چەكسىز كەتكەن يايلاقلار، دالىلارنى چارۋا ـ ماللار رەڭمۇرەڭ بولۇتلاردەك قاپلاپ تۇرىدىغان ئاجايىپ بىر گۈللىنىش مەنزىرىسى ۋۇجۇدقا كەلدى. هونلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلىۋالغاندىن تاشقىرى، ئۆز دۆلىتىدە خاتىرجەملىك ئورناتتى. ھەربىي قوشۇنلىرىنى قايتىدىن تەشكىللەپ، ئۇنى تولۇقلىدى. قۇدرەتلىك هالەتكە كەلگەن هون تەڭرىقۇتلۇقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى بۇرۇنقى هۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن تىكلىۋالدى. ئىچكى ئۇرۇشلار يۈز بەرگەندە، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان سىيانپىلار، ئوغانلار (بۇلار ئاساسەن جۇڭگونىڭ هازىرقى شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىسىدە ياشايتتى ـ ئا) نى قايتىدىن بويسۇندۇرۇۋالدى.

پۇجۇلۇنۇتى، سۇجۇنۇتى، قىيانۇتى، ئۇجۇلۇنۇتى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 8 ـ يىلىدىن مىلادىيىنىڭ 13 ـ يىلىغىچە)، ئۇلۇنۇتى، غۇتۇئارشى تاۋغانۇتى قاتارلىق ئالتە تەڭرىقۇت هونلارغا 77 يىل هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 31 ـ يىلىدىن مىلادىيىنىڭ 46 ـ يىلىغىچە) هون تەڭرىقۇتلۇقى ناھايىتى كۈچەيدى.

## 3. ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىشى

ھون تەڭرىقۇتلۇقىدا گۈللىنىش يۈز بەرگەندە خەن سۇلالىسى ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ ئانا جەمەتىدىن بولغان ۋاڭ ماڭ دېگەن ئادەم مىلادىنىڭ 9 ـ يىلى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى. ئۇ ھونلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خەنزۇ رايونلىرىدىن ھونلارغا قېچىپ بېرىپ تەسلىم بولغۇچىلارنى قوبۇل قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ھونلار بۇ تەلەپنى رەت قىلدى.

ۋاڭ ماڭ خەن سۇلالىسىدىكى جېنىدىن تويغان جىنايەتچىلەر، ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلانغان كەمبەغەللەر، ياش يىگىتلەردىن بولۇپ 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىدى. ئۇلارنى مىلادىنىڭ 10 ـ يىلى 12 قىسىمغا بۆلۈپ، 12 سانغۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە 12 يۆنىلىش بويىچە، ھونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدۇردى. بۇ قوشۇنلار سەددىچىن سېپىلى ئەتراپىغا توپلىنىپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن تەييار تۇرۇشتى.

قىيانۇتى تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك ھون ئاتلىق قوشۇنى سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىغا توپلاندى. ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىشكە تاسلا قالدى، لېكىن چوڭ ئۇرۇش بولمىدى.

ۋاڭ ماڭنىڭ يولسىزلىقىدىن غەزەپلەنگەن ھونلار سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ ھۇجۇم باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن نىسپىي دوستلۇق ئورنىنى دۈشمەنلىك ئالدى.

ۋاڭ ماڭ ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ غەربىي تېررىتورىيىسىدىكى خانلىقلارغا ھۇجۇم قىلدى. مىلادىنىڭ 13 ـ يىلى ھونلارنىڭ ياردىمىنى ئالغان قارا شەھەر خانلىقى ۋاڭ ماڭ قوشۇنلىرىنىڭ دەن چىن باشچىلىقىدىكى بىر قىسمىنى تارمار قىلدى، دەن چىن ئۆلتۈرۈلدى. ۋاڭ ماڭ بۇنىڭغا چىدىماي، مىلادىنىڭ 16 ـ يىلى قارا شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، قارا شەھەر خانلىقى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. ۋاڭ ماڭنىڭ غەربىي يۇرتقا قىلغان ھۇجۇمى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تامامەن ئۈزۈلدى. چۈنكى ھونلار ۋاڭ ماڭغا يول قويمىدى.

ۋاڭ ماڭ ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، مىلادىنىڭ 19 ـ يىلى نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى چېگرا ئەتراپىغا توپلاپ، ھونلارغا يەنە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. بۇ ھۇجۇمى ئەمەلگە ئاشمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مىلادىنىڭ 24 ـ يىلى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. ئۆزى بولسا

قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

ۋاڭ ماڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، پادىشاھ جەمەتىدىن بولغان ليۇشۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسى ھېسابىغا پادىشاھ بولۇۋالدى. ئۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن قوشۇنلارنى ۋە بۆلۈنمە چوڭكىلەرنى بىر - بىرلەپ يوقىتىپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈردى.

پادىشاھ گۇاڭ ۋۇدى (ليۇشۇ) مىلادىنىڭ 25 - يىلى ھونلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇرۇنقى قۇدىلىشىش ئاساسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. غۇتۇئارشى تاۋغانۇتى تەڭرىقۇت خەن پادىشاھىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

خەن پادىشاھى گۇاڭ ۋۇدى (25 - 27 - يىللار) ھونلارنىڭ ناھايىتى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ھەرجەھەتتىن (تەسىر دائىرە بۆلۈۋالغان يەرلىك خانلارنىڭ بۆلگۈنچىلىكى، ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىق) ئاجىزلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھونلارغا قارىتا پاسسىپ مۇداپىئە يۈرگۈزۈش سىياسىتىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار ۋە يۈرگۈزۈش بويىچە خەن سۇلالىسى ھونلارغا قارىتا تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللاندى.

سىياسىي جەھەتتە: خەن پادىشاھى مىلادىنىڭ 30 - يىلى ھونلارغا ئەلچى ئارقىلىق ئالتۇن، يۇللارنى تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلانماقچى بولدى. لېكىن ئۆزىنى باتۇر تەڭرىقۇتقا ئوخشىتىدىغان ھون تەڭرىقۇتى غۇتۇئارشى تاۋغانۇتى (18 - 46 - يىللار) يۈز خاتىرە قىلماي، خەن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپلا تۇردى.

ھەربىي جەھەتتە: خەن سۇلالىسى چېگرا بويلاپ قوشۇن تۇرغۇزۇپ، مۇداپىئە قىلىشنىلا ئويلىدى. ئاكتىپلىق بىلەن ھونلارغا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمىدى. سەددىچىن سېپىلىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى ياساپ، تۇزەشتۈرۈپ قويۇش بىلەن قانائەتلەندى. يۇقىرىدىكى تەدبىرلەر ياخشى ئۈنۈم بەرمىدى[1].

(1) لىن گەن: «ھون تارىخى»، خەنزۇچە 103 - بەتكە قارالسۇن.

# ئىككىنچى قىسىم

# غەربىي ھونلار ۋە شەرقىي ھونلار

## بىرىنچى باب: غەربىي ھونلار

### 1. ھونلارنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشى

مىلادىنىڭ 18 ـ يىلى غۇتۇئارشى تاۋغانۇتى تەڭرىقۇت بولغاندا، ئۇ خانزادە بەينى (ئۈجۈلۈنۈتىنىڭ ئوغلى) ئوڭ قول باتىس خان قىلىپ تەيىنلىدى. بەي ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى خەن سۇلالىسىگە چېگرادىش بولغان جايلاردا ياشايدىغان ھون ۋە ئوغان (توڭگۇسلارنىڭ بىر قىسمى) قەبىلىلىرىنى ئىدارە قىلاتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى تەڭرىقۇتلۇق تەختىنى تارتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. شۇڭا خانزادە بەي تەڭرىقۇتنىڭ ئوردىسىدا بولىدىغان كېڭەشلەرنىڭ تولىسىغا قاتناشماي، قېيىداپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خانزادە بەي يېتەكچىلىكىدىكى سەككىز قەبىلە سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىنى بويلاپ كەتكەن جايلاردا ياشايتتى. بۇ جايلار خەنزۇلارغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ جايلاردا ياشايدىغان ھونلار خەنزۇلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە باشقا جايلاردىكى ھونلارغا قارىغاندا كۆپ ئۇچرايتتى[1].

مىلادىنىڭ 46 ـ يىلى غۇتۇئارشى تاۋغانۇتى تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئوغلى ئوداتقۇ تەڭرىقۇت بولغان بولسىمۇ، ئۇمۇ شۇ يىلى ئالەمدىن ئۆتۈپ،

(1) پەنۋىنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە 184 – بەتكە قارالسۇن.

ئۇنىڭ ئورنىغا خۇتۇئارشى تاۋغانۇتىنىڭ ئۇكىسى پانۇ تەڭرىقۇت بولغان. دەل شۇ چاغدا هونلار دۆلىتىدە ئېغىر تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، ئۇدا بىرنەچچە يىل قۇرغاقچىلىق هۆكۈم سۈرگەن. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا چېكەتكە ئاپىتى پەيدا بولۇپ، ئوت ـ چۆپلەر قۇرۇپ كەتكەن، چەكسىز كەتكەن يايلاقلار قېقىر چۆلگە ئايلىنىپ قالغان، ئادەملەر، چارۋا ـ ماللارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىكتە ئۆلۈپ تۈگىگەن.

بۇنداق دەهشەتلىك ئەهۋالغا دۇچ كەلگەن پانۇ تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ هۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، يۈياڭ ۋىلايىتىگە (هازىرقى بېيجىڭ ئەتراپىدا) ئەلچى ئەۋەتىپ، هونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدىكى كەسكىنلەشكەن مۇناسىۋەتنى يۇمشىتىش ئۈچۈن قۇدىلىشىش سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. پادىشاھ گۇاڭ ۋۇدى لىماۋ باشچىلىقىدا هونلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇدىلىشىش هەققىدە سۆهبەت باشلىدى.

كۈتۈلمىگەندە خانزادە بەي گۇخىنىڭ ئاتلىق بىر خەنزۇ ئارقىلىق هون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ خەرىتىسىنى خەن پادىشاھىغا ئەۋەتىپ بەردى. خانزادە بەي مىلادىنىڭ 48 ـ يىلى ئۆز ئەتراپىدىكى كۈچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنى خوخەنيى تەڭرىقۇت دەپ جاكارلىغان. تارىختا خوخەنيى 2 دەپ ئاتالغان بەي، قوغۇشار (خوخەنيى 1) نىڭ ئىزىنى بېسىپ، خەن پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خەن سۇلالىسىگە بېقىنىدىغانلىقىنى، شىمالدىكى هونلاردىن خەن سۇلالىسىنى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

خەن سۇلالىسى كۆڭلىگە ئۇزۇندىن بېرى پۈكۈپ كېلىۋاتقان ئارزۇيىنىڭ ئەمەلگە ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى خۇشاللىق بىلەن بىجانىدىل قوبۇل قىلدى. پانۇ تەڭرىقۇتنىڭ قۇدىلىشىش تەلىپىنى رەت قىلدى.

خەن پادىشاھى خو خەنيى 2 گە ئەگەشكەن هونلارنى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈپ كەلدى.

مىلادىنىڭ 48 ـ يىلى هونلار ئۈچۈن ناهايىتى كەسكىن بۇرۇلۇش يۈز بەرگەن بىر يىل بولدى. چۈنكى شۇ يىلى بىر پۈتۈن هون تەڭرىقۇتلۇقى يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شەرقىي (جەنۇبىي) ۋە غەربىي (شىمالىي) هونلاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

## 2. پانۇ تەڭرىقۇت (46 ـ 83 ـ يىللار)

غەربىي هونلار (شىمالىي) ئۆزىنىڭ تۇنجى تەڭرىقۇتى پانۇ ۋاقتىدا (46 ـ 83 ـ يىللار) ئۆز بېشىدىن ناهايىتى مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى كەچۈردى.

مىلادىنىڭ 49 ـ يىلى شەرقتىكى ئوغانلار، سىيانپىلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، غەربىي هونلارنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بىرلىشىۋالدى.

خەن سۇلالىسى هۆكۈمرانلىرى غەربىي هونلارنى پارچىلاش، قامال قىلىش، ئاخىرى يوقىتىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن بارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۇلار غەربىي هونلارنىڭ غەربىي يۇرتىدىكى خانلىقلار بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە ئۇرۇندى، لېكىن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىدى.

غەربىي هونلار ئۇدا بىرنەچچە يىل يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت ۋە شەرقىي هونلار (جەنۇبىي هونلار)، ئوغانلار، سىيانپىلارنىڭ هۇجۇملىرى سەۋەبىدىن شىمالىي تەرەپكە سىلجىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

پانۇ تەڭرىقۇت ئەھۋالنىڭ شۇنداق ئېغىرلىقىغا قارىماي، ئۆز تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى (ئوتتۇرا ئاسىيا، قازاقىستان) خانلىقلارنى تىزگىنلىۋالدى. پانۇ تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ هۇجۇم قىلىشىنى چەكلەش، ئۇلارنىڭ شەرقىي هونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى. پانۇ تەڭرىقۇت بۇ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 51 ـ، 52 ـ، 55 ـ، 64 ـ يىللىرى خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇدىلىشىش، ئۆزئارا سودىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى مىلادىنىڭ 64 ـ يىلى پانۇ تەڭرىقۇت ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، پەقەت ئۆزئارا سودىنى يولغا قويۇشقىلا رازىلىق بىلدۈردى. لېكىن سودا ئالاقىسى مىلادىنىڭ 72 ـ يىلى ئۆزئارا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتىن كېيىن ئۈزۈلۈپ قالدى.

پانۇ تەڭرىقۇت ئۆزىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئەھۋالىنى ياخشىلىۋالغاندىن كېيىن، شەنشى، سەنشى، خېبېي ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا هۇجۇم قىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەن سۇلالىسى غەربىي هونلارغا قارشى ئۇرۇش هەرىكەتلىرىنى باشلىدى.

خەن سۇلالىسى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا شەرقىي هون، ئوغان، سىيانپىلاردىن بولۇپ، بىرنەچچە تۈمەن ئاتلىق قوشۇننى ئاساس قىلىپ، تۆت يۆنىلىش بويىچە هونلارغا هۇجۇم باشلىدى.

بىرىنچى يۆنىلىش: دۇكۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن ھازىرقى گەنسۇدىكى جۇچۇەن ۋىلايىتىدىن يولغا چىقىپ غەربكە يۈرۈپ تەڭرىتېغىدا (تۇرپاننىڭ شىمالىدا) غەربىي ھونلارنىڭ غويان خانى يېتەكچىلىكىدىكى ھون قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. ئۇلارنى بارسكۆل (باركۆل) ئەتراپىغىچە قوغلاپ بېرىپ قۇمۇلنىمۇ ئالدى.

ئىككىنچى يۆنىلىش: گېڭ بىڭ باشچىلىقىدىكى ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھازىرقى نىڭشىيادىكى ئىرسىن كۆلىنىڭ بويىدىن شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ، قۇمۇلغا جايلىشىۋالغان دۇكۇ قوشۇنلىرى بىلەن قوشۇلدى. بۇ چاغدا پانىۇ تەڭرىقۇت سېرىق دەريادىن ئۆتۈپ، گاۋجۇ شەھىرى (ئوردوس يايلىقىنىڭ شىمالىدا) ئارقىلىق ھونلار تېررىتورىيىسىگە قاراپ ماڭغان 11 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ھازىرقى داتۇڭ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، ھونلار تېررىتورىيىسىگە كىرگەن دۈشمەن قوشۇنلىرىغا (بۇلار ئاساسەن شەرقىي ھون، سىيانپى، ئوغانلاردىن تۈزۈلگەن) كۆرۈنۈش بېرىپ، ئارقىغا چېكىندى. مانا شۇ ئۈچىنچى، تۆتىنچى يۆنىلىشتىن ھۇجۇم باشلىغان قوشۇنلار مەغلۇپ بولۇپ، ئارقىغا چېكىندى.

## 3. سىيانپىلار ۋە غەربىي ھونلار

مىلادىنىڭ 83 ـ يىلى غەربىي ھونلار تەڭرىقۇتى پانىۇ تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا سانمۇلۇ ئوتزى تەڭرىقۇت بولدى. بۇ ھونلار تەختىدە بىر يىل (83 ـ 84 ـ يىل) ئولتۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇلۇغ ئاتلىق خانزادە تەڭرىقۇت بولدى.

ئۇلۇغ تەڭرىقۇتلۇق قىلغان مەزگىلدە (84 ـ 87 ـ يىللار) غەربىي ھونلار سىيانپىلار تەرىپىدىن ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

سىيانپىلار ئەسلىدە تۇڭگۇسلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى. مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇن ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدىن تارتىپ ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە سوزۇلغان تېررىتورىيىدە ياشايدىغان تۇڭگۇسلارنى (ھازىرقى مانجۇ ۋە موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ـ ئا) بويسۇندۇرغان. ئوغۇزخان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان تۇڭگۇسلارنىڭ بىر قىسمى قىيدىرقان تاغلىرى (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى ـ ئا) نىڭ شىمالىي تىزمىسىدىكى سىيانپى تاغلىرىغا بېرىپ جايلاشقان. شۇندىن باشلاپ ئۆزلىرىنى شۇ تاغ نامى بىلەن «سىيانپى» دەپ

ئاتىغان.

بۇندىن باشقا، «سىيانپى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە، «ۋېي يىلنامىسى. پادىشاھلار تەرجىمىھالى، كىرىش خاتىرىسى»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، «سىيانپى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىدا باشقىچە بىر قاراشمۇ بار.

سىيانپىلار مىلادىنىڭ 49 ـ يىلى ئىسيان كۆتۈرۈپ ھونلارغا قارشى مەيدانغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار قېدىرقان تاغلىرىنىڭ شىمالىي تىزمىسىدىن خۇلۇنبىر كۆللۈك رايونىغا كۆچكەن، بۇ مىلادىنىڭ 60 ـ يىلى ئىدى. كېيىن خۇلۇنبىر كۆللۈك رايونىدىن غەربكە قاراپ كۆچۈپ، ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ قۇبدۇ رايونىغا جايلاشقان.

مىلادى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سىيانپى خانى قىيپان سىيانپى قەبىلىلىرىنى باشلاپ، قۇبدۇ رايونىدىن جەنۇبقا قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان. قىيپان سىيانپىلارنى باشلاپ، ئېيتقۇسىز مۇشەققەتلىك ئاجايىپ خەتەرلىك كۆچۈش سەپىرىگە قەدەم قويغاندا، سىيانپىلارغا قىياپىتى ئاتقا، ئاۋازى كالىغا ئوخشاپ كېتىدىغان «سايىبى» ناملىق ئىلاھىي ھايۋان يول باشلىغانىكەن. سىيانپىلار مانا شۇ ئىلاھىي ھايۋاننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئېگىز تاغلار، چوڭقۇر جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، قاتمۇقات توساقلارنى بۆسۈپ چىقىپ، بىر يىل بولدى دېگەندە كۆزلىگەن جايغا يېتىپ كېلىشكەن. شۇندىن باشلاپ سىيانپىلار «سايىبى» دېگەن ئىلاھىي ھايۋانغا چوقۇنىدىغان بولغان. يۇقىرىدىكى تارىخىي يىلنامىدە «سىيانپى» دېگەن نام «سايىبى» نامدىن كېلىپ چىققان دەپ بايان قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل قاراشنىڭ بىرىدە «سىيانپى» دېگەن نام تاغنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىرىدە «سىيانپى» دېگەن نام ئىلاھىي ھايۋان «سايىبى» نىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ قايسى بىرىنىڭ توغرىلىقى ھېلىغىچە بىر يەرگە توختىغان ئەمەس.

سىيانپىلار مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 300 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇزاق بىر مەزگىلدە ھون تەڭرىقۇتلۇقى تەركىبىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى

ئاساسەن تۈركلىشىپ كەتكەن. شۇڭا تارىخچىلار ئۇلارنى «سىيانپى تۈركلىرى» دەپ ئاتىشىدۇ.

سىيانپىلار مىلادىنىڭ 49 ـ يىلى ئىسيان كۆتۈرۈپ هونلار تەركىبىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ، غەربىي هونلارغا قارشى بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇشتى. غەربىي هونلار مىلادىنىڭ 85 ـ يىلىغا كەلگەندە، سىيانپىلارنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە يولۇقتى. شۇ يىلى بايكۆلنىڭ بويلىرىدا ياشايدىغان شەرقىي ئۇيغۇرلار، خىيلۇڭجياڭ، لياۋنىڭ، جىلىن قاتارلىق ئۆلكىلەردە ياشايدىغان سىيانپىلار، ئىلى ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇيسۇنلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، غەربىي هونلارغا هۇجۇم قىلىشتى. مانا مۇشۇنداق ئېغىر هال يۈز بەرگەندە غەربىي هون ئاهالىسىدىن 200 مىڭ كىشى خەن سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

مىلادىنىڭ 87 ـ يىلى ئورخۇن دەرياسى بويىدا سىيانپىلار بىلەن غەربىي هونلار ئوتتۇرىسىدا ناهايىتى دەهشەتلىك، قانلىق ئۇرۇش يۈز بەردى. ئۇرۇشتا غەربىي هون تەڭرىقۇتى ئۇلۇغ تەڭرىقۇت ئەسىرگە چۈشتى.

مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇت توڭگۇسلارنى بويسۇندۇرغاندا توڭگۇس خانلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تۈزلىۋەتكەنىدى. شۇ تارىخىي ئاداۋەتنى ئۇنتۇمىغان سىيانپىلار هونلاردىن قاتتىق ئۆچ ئالدى. سىيانپىلار ئەسىرگە چۈشكەن ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنى تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ ئۆلتۈردى. غەربىي هونلار بۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئورخۇن دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە قاراپ كۆچتى.

## 4. هونلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى

ئۇلۇغ تەڭرىقۇت (87 ـ يىل) ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا شىمالىي تەڭرىقۇت نامى بىلەن ئاتالغان هون خانزادىسى تەڭرىقۇت بولدى (بۇ ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنىڭ ئاتا بىر، ئانا باشقا قېرىندىشى بولۇپ، باشتا ئۇ ئوڭ قول بىلگەخان بولغان. تارىختا ئۇنىڭ نامى مەلۇم ئەمەس).

شىمالىي تەڭرىقۇت هونلارغا تەڭرىقۇتلۇق قىلغان چاغدا (87 ـ 91 ـ يىللار) خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي هونلار ئارىسىدا ئىككى قېتىم ئۇرۇش بولدى.

مىلادىنىڭ 89 ـ يىلى خەن سۇلالىسى 36 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن

تەشكىللەپ، ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ھونلارغا ھۇجۇم قىلدى.

دۇشەن، گىڭ بىڭ باشچىلىقىدىكى 18 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ئوردوس ياپلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىن يولغا چىقىپ غەربىي ھونلارغا قارشى ماڭدى. شەرقىي ھون تەڭرىقۇتى تۇنتوغى 10 مىڭ ئاتلىق ھون قوشۇنىنى باشلاپ ئوردوس ياپلىقىنىڭ شىمالىدىن يولغا چىقىپ غەربىي ھونلارغا قارشى ماڭدى. دىڭ خۇڭ باشچىلىقىدىكى سەككىز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن (بۇلارنىڭ ھەممىسى توبوت) ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ گوياڭ ناھىيىسىدىن يولغا چىقتى.

دۇشەن باشچىلىقىدىكى قوشۇن، ھونلار تېررىتورىيىسىگە ئۈچ مىڭ يولچە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى خاڭگەي تېغىنىڭ جەنۇبىي تېزىملىرىدا شىمالىي تەڭرىقۇت بىلەن ئۇچراشتى، ئۇرۇشتا ھونلار مەغلۇپ بولدى. شىمالىي تەڭرىقۇت غەربكە چېكىنىپ ئالتاي تاغلىرىغا يۆرۈپ كەتتى. غەربىي ھون ئاھالىسىدىن 200 مىڭ كىشى تەسلىم بولدى. دۇشەن بىر مىليون تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا ـ مال غەنىمەت ئالدى. دۇشەن شەرقىي ھون ۋە توبوتلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ غەربىي ھونلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنىڭ خاتىرىسىنى خاڭگەي تېغىدىكى بىر تاشقا ئويدۇرۇپ، كەينىگە ياندى[1]. غەربىي ھونلار مىلادىنىڭ 90 ـ يىلى ۋە 91 ـ يىلى يەنە مەغلۇپ بولدى.

## 5. سىيانپىلارنىڭ كۆچىيىشى

غەربىي ھونلار بىرنەچچە قېتىم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، غەربكە قاراپ يۆرۈپ كەتتى. ئۇلار ئەڭ ئەزەلدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن جايلارغا سىيانپىلار كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇ چاغلاردا غەربكە كۆچمەي ئۆز يۇرتىدا قېپقالغان ھونلاردىن 600 مىڭ كىشى سىيانپىلارغا تەسلىم بولدى.

مىلادىنىڭ 91 ـ يىلى شىمالىي تەڭرىقۇت ھونلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن قىسمىنى باشلاپ غەربكە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ مەركىزىي قىسمىدا (ھازىرقى تاشقى ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىدە) ناھايىتى چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى.

سىيانپىلارنىڭ كۆچىيىپ كېڭىيىشى ۋاقىتلىقىدىن چۈچۈگەن خەن سۇلالىسى 2 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ شەرقىي ھونلار، ئوغانلار بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ،

(1) پەنخۇا: «كېيىنكى خەن يىلنامىسى، بەنچاۋ ھەققىدە قىسسە»، خەنزۇچە 1556 – بەتكە قارالسۇن.

سىيانپىلارغا قارشى تۇرۇش يولىغا ئۆتتى.

مىلادى 2 ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىدا سىيانپىلاردىن تالانتلىق، باتۇر بىر تارىخىي شەخس مەيدانغا چىقتى. ئۇ تانشىخۇي ئىدى.

تانشىخۇي مىلادىنىڭ 147 ـ يىلى سىيانپىلارغا خان بولدى. ئۇ 20 يىل ئىچىدە (147 ـ 167 ـ يىللار) بايكۆل بويىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنى، ئەسلى ماكانلىرىدا قالغان هونلارنى، ئۇيسۇنلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇ شەرقىي كورىيىنىڭ غەربىي چېگراسى بىلەن ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە، شىمالىي بايكۆل، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرى، غەربىي يەتتە سۇ (هازىرقى قازاقىستان) دىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە، جەنۇبىي سەددىچىن سېپىلىغىچە سوزۇلغان ناهايىتى كەڭ تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنى (147 ـ 235 ـ يىللار) ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

تانشىخۇي 20 نەچچە يىلغىچە (156 ـ 178 ـ يىللار) خەن سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇش هەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇ سەنشى، شەنشىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىغا، گەنسۇنىڭ جۇچۈەن قاتارلىق جايلىرىغا بېسىپ كىرىپ، خەنزۇ خەلقىگە چەكسىز بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى.

سىيانپىلارغا 25 يىل ئىمپېراتور بولغان تانشىخۇي مىلادىنىڭ 183 ـ يىلى 43 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. تانشىخۇي ئالەمدىن ئۆتكەندىن، كېيىن سىيانپى شاهزادىلىرى ئوتتۇرىسىدا ناهايىتى ئۆزاققىچە هاكىمىيەت تالىشىش بولۇپ تۇردى. ئۇلاردا بۆلۈنۈش، قايتا بىرلىككە كېلىش، ئاخىرى بېرىپ هالاك بولۇش يۈز بەردى.

## 6. بەن چاۋ بىلەن بەن يۇن تارىمدا

خەن قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 73 ـ يىلى قۇمۇلنى غەربىي هونلار قولىدىن ئالغاندىن كېيىن، شەرق بىلەن (ئاساسەن جۇڭگو بىلەن) غەرب ئارىسىدىكى قاتناش ئۆز هالىتىگە كەلدى. بۇ ئالاقە مىلادىنىڭ 16 ـ يىلىدىن باشلاپ مىلادىنىڭ 73 ـ يىلىغىچە (60 يىل) ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. چۈنكى ۋاڭ ماڭنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن كېيىن خەن سۇلالىسى هالسىراپ قالغانلىقتىن، غەربىي هونلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ئۆزىنى چەتكە تارتقانىدى.

پادىشاھ خەن مىندى (58 ـ 75 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 73 ـ يىلى هەربىي

ئىستراتېگىيە ۋە خەلقئارا قاتناشتا ناھايىتى مۇھىم تۈگۈنلەرنىڭ بىرى بولغان قۇمۇلنى ئالغاندىن كېيىن، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى بىلەن غەربىي ھونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا كىرىشتى. پادىشاھ خەن مىڭدى شۇ مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇپ، مىلادىنىڭ 73 ـ يىلى بەن چاۋنى 36 ئادەم بىلەن تارىم ۋادىسىغا ئەۋەتتى.

بەن چاۋ تارىم ۋادىسىغا كېلىپ 31 يىل (73 ـ 102 ـ يىللار) پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇ شۇ جەرياندا ئەلچىلەرنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىپ، ئەڭ ئاۋۋال لولان خانلىقىغا كېلىپ، لولان خانلىقىدا تۇرىدىغان ھون ئەلچىسىنى، ئاندىن كېيىن خوتەن خانلىقىغا كېلىپ، ھونلار تەرىپىدىن قويۇلغان نازارەتچىسىنى كۆزدىن يوق قىلدى.

بەن چاۋ تارىم ۋادىسىدا ھونلارغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا، غەربىي ھونلار مىلادىنىڭ 77 ـ يىلى كۇچا خانلىقى بىلەن قارا شەھەر خانلىقىنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا جىمسار ئەتراپىدىكى ئارقۇش خانلىقى ۋە ئالدى قوش خانلىقى (تۇرپان) دىكى خەن قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، چوڭ بىر غەلىبىگە ئېرىشتى. پادىشاھ خەن جاڭدى (76 ـ 88 ـ يىللار) غەربىي ھونلارنىڭ قىستىشى بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەۋەتكەن بەن چاۋنى قۇمۇلدا بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان ھەربىي دېھقانلارنى قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. مىلادىنىڭ 73 ـ يىلىدىن 77 ـ يىلىغىچە تۆت يىل داۋام قىلغان خەلقئارا قاتناش يەنە ئۈزۈلدى. بۇنداق ئۈزۈلۈش 14 يىل (77 ـ 91 ـ يىللار) داۋام قىلدى. بەن چاۋ مىلادىنىڭ 77 ـ يىلى پادىشاھنىڭ يارلىقى بويىچە قايتىپ كېتىشكە ھازىرلانغان بولسىمۇ، خوتەن خانى ئۇنىڭ كەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. بەن چاۋ ئەلچى سۈپىتىدە قەشقەردە تۇرۇپ قالدى. ئۇ مىلادىنىڭ 80 ـ يىلى پادىشاھ خەن جاڭدىغا يازغان مەكتۇبىدا: «ياۋايى ياتلار ئارقىلىق ياۋايى ياتلارغا ھۇجۇم قىلىش جۇڭگو ئۈچۈن پايدىلىق»[1] دېگەن. ئۇ پادىشاھتىن ئازراق قوشۇن ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن. پادىشاھ خەن جاڭدى شۈي خان باشچىلىقىدىكى 1000 كىشىدىن تەركىب تاپقان كىچىك قوشۇننى بەن چاۋغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتكەن.

بەن چاۋ تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئۆزئارا زىددىيىتىدىن

(1) پەنۇنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» خەنزۇچە 192 – بەتكە قارالسۇن.

پايدىلىنىپ ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە (ھون تەرەپدارلىرى بىلەن خەن تەرەپدارلىرىنى) ئۇرۇشتۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان قانلارنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولغان. بەن چاۋ مىلادىنىڭ 87 ـ يىلى خوتەن، قەشقەر، ياركەنت قاتارلىق خانلىقلارنى غەربىي ھونلارغا سادىق بولغان كۇچا، قارا شەھەر خانلىقلىرىغا قارشى تۇرغۇزدى. ئۇلاردىن 25 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەر قىلدۇرۇپ، كۇچا، قاراشەھەر خانلىقلىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقۇزدى[1].

مىلادىنىڭ 90 ـ يىلى كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ (مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 420 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئىمپېراتورى قەنشىقا II (78 ـ 123 ـ يىللار) خەن مەلىكىسىگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئەلچى ئەۋەتكەن. كۇشان ئەلچىلىرى قاماقتا ئېلىنغان. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە ئىمپېراتور قەنشىقا II ئۆز ئۆكىسى x x x نىڭ باشچىلىقىدا كاتتا قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ پامىر ئارقىلىق غەربىي يۇرتقا ماڭدۇرغان.

كۇچا خانلىقى كۇشانلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قوشۇن ماڭدۇرغان. شۇنداق بولسىمۇ بەن چاۋ خوتەن، قەشقەر، ياركەنت خانلىقلىرىدىن توپلانغان قوشۇنلارغا يول كۆرسىتىپ، كۇشان قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات يولىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئاخىرى كۇشانلار مەغلۇپ بولدى[2].

مىلادىنىڭ 91 ـ يىلى غەربىي ھونلارنىڭ نۇرغۇن قىسمى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن, 77 ـ يىلىدىن 91 ـ يىلىغىچە ئۈزۈلۈپ قالغان قاتناش ئەسلىگە كەلدى. چۈنكى غەربىي ھونلار مىلادىنىڭ 91 ـ يىلى مەغلۇپ بولۇپ، قۇمۇلنى قولدىن بېرىپ قويدى. شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناش ئەسلىگە كېلىپ 91 ـ يىلىدىن 106 ـ يىلىغىچە (15 يىل) داۋام قىلدى. شۇ مەزگىلدە بەن چاۋ تارىم ۋادىسىدا ئۇگۇشلۇق پائالىيەت ئېلىپ باردى. كېيىن پادشاھ خەن خىدى (88 ـ 105 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 102 ـ يىلى بەن چاۋنى قايتۇرۇپ كەتتى.

غەربىي ھونلار ئۆزىنى ئۇگشىۋالغاندىن كېيىن مىلادىنىڭ 106 ـ يىلى خەن سۇلالىسىدىن قۇمۇلنى تارتىۋالدى. شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى. غەربىي ھونلار بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى خانلىقلار يەنە ئاپاق ـ چاپاق بولۇۋالدى.

(1) 2 رىينى گىمورەسىت (فرانسوز تارىخچىسى): «بوز قىر ئىمپېراتورلۇقى»، تۈركچە 62 – بەتكە قارالسۇن.
(2) پەنۇنىلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، خەنزۇچە 192 – بەتكە قارالسۇن.

مىلادىنىڭ 89 ـ يىلى ھونلاردىن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ئىككى يۈز مىڭ كىشى سەددىچىن سېپىلى ئىچىگە كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، شەرقىي ھونلارغا قوشۇۋېتىلگەن. ئۇلار شەرقىي ھون تەڭرىقۇتلۇقىغا بويسۇنماي ئىسيان كۆتۈرۈپ، سەددىچىن سېپىلىدىن چىقىپ شىمالغا قاراپ كەتكەن. خەن قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىغان بولسىمۇ مەغلۇپ بولغان. مانا شۇلار مىلادىنىڭ 94 ـ يىلى ھونلار يۇرتىدىن غەربكە كۆچۈپ كەتمىگەن قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، خانزادىسى پانغۇنى تەڭرىقۇت قىلىپ كۆتۈرگەن. پانغۇ تەڭرىقۇت (94 ـ 118 ـ يىللار) تارىم ۋادىسىنى تىزگىنلىۋالغان. ئۇ مىلادىنىڭ 104 ـ، 105 ـ يىللىرى خەن سۇلالىسىگە ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، تەلىپى رەت قىلىنغان.

پانغۇ تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى ھونلار خەن سۇلالىسى چېگرالىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، خېشى كارىدورىغا تەھدىت سېلىپ تۇرغان. پانغۇ تەڭرىقۇت مىلادىنىڭ 118 ـ يىلى سىيانپىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتكەن.

پانغۇ تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى ھونلار ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چۈنكى خەن سۇلالىسى ئۇلارنىڭ شەرقىي ھونلار بىلەن بىرلىشىۋېلىشىدىن قورقۇپ، شۇ جايغا كۆچۈرگەن.

پانغۇ تەڭرىقۇتتىن كېيىن (118 ـ يىلىدىن كېيىن) غەربىي ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ نامى تارىختا مەلۇم ئەمەس. شۇندىن بۇيان غەربىي ھونلارنىڭ ھەرىكىتىگە غۇيان خان نامى بىلەن ئاتىلىدىغان ھون خانلىرىنىڭ يېتەكچىلىك قىلغانلىقى تارىخىي يىلنامىلاردا تىلغا ئېلىنىدۇ.

مىلادىنىڭ 124 ـ يىلى غۇيان خان باشچىلىقىدىكى غەربىي ھونلار ئارقا قوش خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ، قۇمۇلدا تۇرىدىغان سۇبان باشچىلىقىدىكى خەن قوشۇنلىرىنى يوقاتتى. غۇيان خان شۇ غەلىبىدىن كېيىن ئالدى قوش (تۇرپان) خانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، شەرقتىن غەربكە بارىدىغان قاتناشنى تىزگىنلىۋالدى.

پادىشاھ خەن ئەندى (107 ـ 125 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 123 ـ يىلى بەن يۇن باشچىلىقىدا 500 كىشىلىك كىچىككىنە بىر قوشۇننى تارىم ۋادىسىغا ئەۋەتتى. مىلادىنىڭ 126 ـ يىلى بەن يۇن كۇچا قاتارلىق خانلىقلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، غۇيان خاننى مەغلۇپ قىلدى. مىلادىنىڭ 127 ـ يىلى خەن پادىشاھى خەن

شۇندى بەن يۇننى جىنايەت ئۆتكۈزدى دېگەن بانا بىلەن زىندانغا سالدى[1].

غەربىي ھونلارنىڭ قالغان قىسمى مىلادىنىڭ 90 ـ يىلىدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 150 ـ يىللىرىغىچە غۇيان خان ئاتلىق يېتەكچىلىرىنىڭ باشچىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. غۇيان خان باشچىلىقىدىكى غەربىي ھونلار غەربىي يۇرتتىكى (ھازىرقى شىنجاڭ) ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خەن سۇلالىسى بىلەن 60 يىلغىچە (مىلادىنىڭ 90 ـ يىلىدىن 150 ـ يىللىرىغىچە) ئۇرۇشقان. شۇ مەزگىلدە تالاش ـ تارتىشتا قالغان جاي قۇمۇل بولۇپ، ئاخىرى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى تىزگىنلىۋېلىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىغان. چۈنكى شەرقىي خەن سۇلالىسى دېھقانلار قوزغىلىڭى يەرلىك بۆلۈنمە كۈچلەرنىڭ بەرگەن زەربىسى ئاستىدا ھالاك بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تانشىخۇي باشچىلىقىدىكى سىيانپىلار خەن سۇلالىسىنىڭ قورقۇنچلۇق دۈشمىنىگە ئايلانغانىدى.

## 7. زابىندىر خانلىقى

مىلادىنىڭ 150 ـ يىللىرى غەربىي ھونلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاننىڭ غەربىي قىسمىغا قاراپ كۆچكەندە، ھونلارنىڭ ياشانغان ۋە ئاجىزلىرىدىن بولۇپ ئىككى يۈز مىڭ كىشى ھازىرقى كۇچانىڭ شىمالىدىكى جايلاردا تۇرۇپ قالغان. مانا شۇ ھونلار زابىندىر خانلىقى دەپ ئاتىلىدىغان دۆلەتنى قۇرغان. بۇ دۆلەت مىلادىنىڭ 150 ـ يىللىرىدىن 6 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

بۇ دۆلەت ھەققىدە: «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى، زابىندىر خانلىقى» بابىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن:

«زابىندىر دۆلىتى ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان... ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھونلار شىمالىي تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ قەبىلىلىرىدىن ئىدى. ھونلار خەن سۇلالىسىنىڭ دۈشمەن ئاتلىق سانغۇنى تەرىپىدىن قوغلانغاندا، شىمالىي تەڭرىقۇت ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ غەربكە يۈرۈپ قاڭلىغا كەتكەن. مانا شۇ ھونلارنىڭ ئاجىزلىرى يۈرۈشنى داۋام قىلالماي، كۇچانىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇلار جايلاشقان تېررىتورىيە بىرنەچچە مىڭ يولغا سوزۇلغان. ئاھالىسى

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ھونلار ھەققىدە قىسسە»، خەنزۇچە 11 – كىتاب، 3780 – بەتكە قارالسۇن.

200 مىڭدىن ئاشىدۇ. لىياڭجۇلۇقلار (جاڭيىلىقلار) ئۇلارنىڭ خانىنى «تەڭرىقۇت خان» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئىگىز ھارۇلىقلار (ئۇيغۇرلار ـ ئا) بىلەن ئوخشاش، ئۇلار ناھايىتى پاكىز، قىرقىمچاچ، قاشلىق كېلىدۇ. يۈزلىرىگە ئىرىمچىك سۈركەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى يالتىراپ تۇرىدۇ. ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم ئېغىزىنى چايقايدۇ. ئاندىن كېيىن تاماق يەيدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلىتىنىڭ جەنۇبىي چېگراسىدا يانار تاغ بار، تاغنىڭ ئەتراپىدىكى تاشلارنىڭ ھەممىسى ئېرىپ بىر نەچچە ئون يول جايغىچە ئېقىپ بارغاندىن كېيىن ئاندىن قېتىشىدۇ. كىشىلەر مانا شۇ قېتىشىمىدىن دورا ياسايدۇ»[1].

مىلادىنىڭ 420 ـ يىلى زابىندىر خانلىقىنىڭ خانى ئاۋار خانلىقى (394 ـ 551 ـ يىللار) نىڭ خاقانى تالان (414 ـ 431 ـ يىللار) بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بىر نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ ئاۋارخانلىقىنىڭ چېگراسىدىن ئۆتىدۇ. ئۇلار چېگرادىن ئۆتۈپ يۈز يولدىن كۆپرەك يول يۈرگەندىن كېيىن ئاۋارلارنى كۆرىدۇ. ئۇلار ئاۋارلارنىڭ كىيگەن چاپانلىرىنىڭ پاسكىنىلىقى، چاچلىرىنىڭ توقۇلۇپ كەتكەنلىكى، قوللىرىنى يۇمايدىغانلىقىنى كۆرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋار خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ يۇيۇلمىغان قاچا ـ قۇچىلارنى يالاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن زابىندىر خانى: «مەن مانا شۇنداق ئىتلار دۆلىتىگە كىرىپ قاپتىمەن» دەپ ئارقىغا قايتقان. ئاۋار خاقانى تالان ئاتلىق قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارنى قوغلىغان بولسىمۇ، ئۇلگۈرەلمىگەن. ئۇلارنىڭ توبا خانلىقى (386 ـ 534 ـ يىللار) بىلەن ئالاقىسى ياخشى بولغان. مىلادىنىڭ 443 ـ يىلى توبا خانى توباتاۋغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ھەتتا توبالار بىلەن بىرلىشىپ، ئاۋارلار بىلەن ئۇرۇشقانمۇ زابىندىرلار ئىدى.

غەربىي ھونلارنىڭ مىلادىنىڭ 150 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى پائالىيىتى ھەققىدە يېتەرلىك، ئېنىق مەلۇمات يوق.

## ئىككىنچى باب: شەرقىي ھونلار

### 1. شەرقىي ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسى ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمىتى

مىلادىنىڭ 48 ـ يىلى ھون تەڭرىقۇتلۇقى غەربىي ۋە شەرقىي ھوندىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، شەرقىي ھون تەڭرىقۇتى

(1) ۋېيشۇ: «ۋېي يىلنامىسى، غەرب ئەللىرى ھەققىدە قىسسە»، خەنزۇچە 2268 – بەتكە قارالسۇن.

مـەي (خوخەنيـى II) غەربـي هونـلار بىلـەن قارشىلىشـىش يولىغا ماڭـدى. شـەرقىي هونـلار (جەنۇبـي هونـلار) خـەن سۇلالىسـىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشـى بويىچـە سـەددىچىن سـېپىلىنىڭ ئىچىگـە كۆچـۈپ كـىردى. هونـلار هازىرقـى گەنسـۇنىڭ شـەرقىدىن تارتىـپ، سەنشى، سەنشـىنىڭ شـىمالىي قىسـمى بىلـەن ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى كۆكخوتتىـن تارتىـپ، باۋتـۇ ئەتراپىغىچـە بولغـان جايلارغـا ئورۇنلاشـتۇرۇلدى.

خـەن سۇلالىسـى ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى باۋتـۇ شـەھىرىنىڭ غەربىگە شـەرقىي هـون تەڭرىقۇتلۇقىنىـڭ ئوردىسـىنى قـۇرۇپ بـەردى. ئەينـى ۋاقىتتـا خـەن سۇلالىسـى شـەرقىي هونلارنـى غەربـي هونلارنـىڭ هۇجۇمىدىـن قوغـداش ئۈچـۈن شـەرقىي هـون پايتەختىگـە نۇرغـۇن قوشـۇن ئەۋەتتـى. شـەرقىي هونلارمـۇ خـەن سۇلالىسـىنىڭ چېگراسىنى مۇداپىئـە قىلىشـنى ئۈسـتىگە ئالـدى. خـەن سۇلالىسـى شـەرقىي هونلارغا هـەر يىلـى 190 مىليـون سـەر داچـەن پـۇل بېرىـپ تـۇردى. شـۇندىن باشـلاپ شـەرقىي هونلارنـىڭ ئاھالىسـى قـەدەممـۇ قـەدەم ئـاۋۇدى.

مىلادىنىـڭ 90 ـ يىللىرىغـا كەلگەنـدە شـەرقىي هونلارنـىڭ ئاھالىسـى 250 مىڭغـا يەتتـى. ئـۇلار 50 مـىڭ كىشـىلىك ئاتلىـق قوشـۇنغا ئىگـە ئىـدى.

«كېيىنكـى خـەن يىلنامىسـى»نىڭ «جەنۇبـي هونـلار هەققىـدە قىسـسـە»، «سـىيانپىلار هەققىـدە قىسـسـە»، «ئوغانـلار هەققىـدە قىسـسـە» بابلىرىدىكى مەلۇماتقـا ئاساسـلانغاندا، شـەرقىي هونلارنـىڭ ئەھۋالىنـى تۆۋەندىكىـدەك بايان قىلىـش مۇمكىن:

شـەرقىي هونـلار خـەن سۇلالىسـىنىڭ دۈشـمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشـتا ئاساسـلىق رول ئوينىـدى. بۇنـداق رولنـى ئىككـى تەرەپتىـن چۈشـەندۈرۈش مۇمكىن.

مىلادىنىـڭ 73 ـ يىلـى خـەن سۇلالىسـىنىڭ غەربـي هونلارغـا قىلغـان هۇجۇمىـدا شـەرقىي هـون ئاتلىـق قوشـۇنلىرى ئاكتىـپ قاتناشـتى. بولۇپمـۇ مىلادىنىـڭ 89 ـ يىلـى خـەن سۇلالىسـىنىڭ غەربـي هونلارغـا قىلغـان يۈرۈشـىگە قاتناشقان 36 مـىڭ كىشـىلىك ئاتلىـق قوشـۇننىڭ 20 مىڭـى هـون ئاتلىـق قوشـۇنى بولغـان بولسـا، 8 مىڭـى تىبـەت ئاتلىـق قوشـۇنى بولـۇپ، خەنزۇلاردىـن قاتناشـقىنى 8 مـىڭ ئىـدى. مىلادىنىڭ 90 ـ 91 ـ يىللىـرى خەنزۇلارنـىڭ غەربـي هونلارنـى ئېغىـر مەغلۇبىيەتكـە ئۇچرىتالىشـىدا شـەرقىي هونـلار هـەل قىلغـۇچ رول ئوينىـدى. بۇنـدىن تاشـقىرى شـەرقىي هونـلار مىلادىنىـڭ 50 ـ يىللىرىدىـن 150 ـ يىللىرىغىچـە پۇرسـەت تاپسـىلا غەربـي هونلارغـا هۇجـۇم قىلىـپ تـۇردى.

شـەرقىي هونـلار يەنـە خـەن سۇلالىسـىنىڭ سـىيانپىلارغا قارشـى ئېلىـپ بارغـان

ئۇرۇشلىرىغىمۇ قاتناشتى. تانشىخۇي ئىمپېراتورلۇق قىلغان مەزگىلدە ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن سىيانپىلار خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ناھايىتى قورقۇنچلۇق خەۋپ ئىدى. تانشىخۇي مىلادىنىڭ 177 ـ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالىي تېررىتورىيىسىگە 30 قېتىم ھۇجۇم قىلدى. خەن سۇلالىسى تانشىخۇينى كۆيئوغۇل قىلىپ، مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، تانشىخۇي خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلىۋەتكەن. خەن سۇلالىسى باشقا ئامال تاپالماي، مىلادىنىڭ 177 ـ يىلى 30 مىڭ ئاتلىق قوشۇن (بۇ قوشۇننىڭ زور كۆپچىلىكى شەرقىي ھون ئاتلىقلىرى ئىدى)نى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۈچ يۆنىلىش بويىچە سىيانپىلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. بۇ قوشۇن تانشىخۇي تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. بىرنەچچە مىڭ كىشىلا قېچىپ قۇتۇلدى. شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان شەرقىي ھون قوشۇنلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھالاك بولدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، شەرقىي ھونلار غەربىي ھونلارغا ۋە سىيانپىلارغا قارشى تۇرۇشتا خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى.

## 2. شەرقىي ھونلاردا داۋالغۇش

مىلادىنىڭ 140 ـ يىلىغا كەلگىچە شەرقىي ھونلارغا 14 كىشى تەڭرىقۇت بولدى. شەرقىي ھونلار مىلادىنىڭ 48 ـ يىلى بۆلۈنۈپ، ئۆز قېرىنداشلىرى غەربىي ھونلارغا قارشى ئۇرۇشۇپ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇلار سەددىچىن سېپىلىدىن چىقىپ، غەربىي ھونلارغا قوشۇلۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، خەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا يول قويمىدى.

مىلادىنىڭ 140 ـ يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلدى. ئاۋۋال شەرقىي ھونلارنىڭ سول قانىتىدىكى قۇلۇن خان ئۇش ئۇلۇغ قول بىلگە خان بىلەن بىرلىشىپ، خانزادە چىگيۇنى تەڭرىقۇت قىلىپ كۆتۈردى. شەرقىي ھونلارنىڭ پايتەختى (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى لىشى ناھىيىسىدە)دىكى خەن قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. قۇلۇن خان ئۇش يەنە شەرقتىكى ئوغان قەبىلىلىرى، غەربتە تىبەت قەبىلىلىرىدىن تۈزۈلگەن بىرنەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ شىئەنگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئالدى. ئاندىن شەنشى، سەنشى، خېبېيدىكى جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. خەن سۇلالىسى ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك باسقۇچقا

كېلىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىيجىڭ ئەتراپىدىكى ئوغانلار بىلەن خەنزۇلاردىن تۈزۈلگەن بىرنەچچە تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، جاڭجىن ئاتلىق سانغۇننىڭ باشچىلىقىدا قۇلۇن خان ئوشقا قارشى ماڭدۇردى. ھازىرقى سەنشىدىكى شاۋشەن ئەتراپىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا بىر قىسىم ئوغانلار ھونلار تەرىپىنى ئالدى.

مىلادىنىڭ 143 - يىلى شەرقىي ھونلار ئىچىدىكى ماشى بىر قىسىم خەنجەرۋازلارنى ئەۋەتىپ، قۇلۇن خان ئوش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم خانلارنى ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن خەنگە مايىل ھونلار ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ، ئۇرۇش ئاياغلاشتى. لېكىن خەن سۇلالىسى شەرقىي ھونلارنىڭ يەنە قارشى چىقىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنى شەنشى، سەنشى، خېبېي ئۆلكىلىرىنىڭ مەركىزى ۋە جەنۇبىدىكى جايلارغا كۆچۈردى.

مىلادىنىڭ 187 - يىلى شەرقىي ھونلارنىڭ شىرو قەبىلىسى بىلەن شىئوتسۇگا قەبىلىسىدىن 100 مىڭ كىشى ئىسيان كۆتۈرۈپ قانخۇي تەڭرىقۇت (179 - 188 - يىللار) نى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى تىجىشى سۇيغۇ تەڭرىقۇت بولدى. ئىسيان كۆتۈرگەنلەر ھونلارنىڭ شۇ قەبىلىسىدىن قۇتىغۇ دېگەن خاننى تەڭرىقۇت قىلىپ كۆتۈردى. تىجىشى سۇيغۇ تەڭرىقۇت (188 - 195 - يىللار) ئىسيانني باستۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزى لوياڭغا كېلىپ خەن پادىشاھىدىن ياردەم سورىدى. لېكىن مىلادىنىڭ 181 - يىلى كۆتۈرۈلگەن «سېرىق ياغلىقلار» دەپ ئاتالغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالغان خەن سۇلالىسى ناھايىتى چاپسان ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. شۇڭا تىجىشى سۇيغۇ تەڭرىقۇتقا قىلچە ياردەم بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. لوياڭدىن ئۈمىدسىز قايتقان تەڭرىقۇت بىرنەچچە مىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بىر تارمىقى بولغان بەيبۇ قوشۇنلىرىغا قوشۇلدى. ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تەييۈەن ئەتراپلىرىغا ھۇجۇم قىلدى.

دېھقانلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تىجىشى سۇيغۇ تەڭرىقۇت ۋاقىتلىق بولسىمۇ ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى لىڭ فىڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. ئاھالىسىنى شۇ جايلارغا ئورۇنلاشتۇردى.

شەرقىي ھونلارنىڭ ئەسلى پايتەختىدە (سەنشى ئۆلكىسىدىكى لىشى ناھىيىسى) تەڭرىقۇت بولغان قۇتىغۇ تەڭرىقۇت مىلادىنىڭ 189 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. شەرقىي ھونلارنىڭ ئەسلى پايتەختىدە مىلادىنىڭ 189 - يىلىدىن 195 -

يىلىغىچە تەڭرىقۇتلۇق تەختى بوش قالدى. شەرقىي ھون خانلىرى ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈپ تۇردى.

شەرقىي ھون ھۆكۈمرانلىرىدىن تىجىشى سۈيغۇ تەڭرىقۇت (188 ـ 195 ـ يىللار)، خۇجۇچۇەن تەڭرىقۇت (195 ـ 216 ـ يىللار) لار فېئودال مىللىتارىستلاردىن يەن شاۋ گۇرۇھى بىلەن ساۋساۋ گۇرۇھى ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارغىمۇ ئارىلىشىپ كەتتى.

شەرقىي ھون ھۆكۈمرانلىرى مىللىتارىستلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان چاغلىرىدا بارغانلا يېرىدە بۇلاڭچىلىق قىلدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى مەشھۇر ئالىم سەي سەينىڭ قىزى سەي ۋېنجى شەرقىي ھونلارنىڭ سول قول بىلگە خانى تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن.

### 3. شەرقىي ھونلارنىڭ يوقىلىشى

مىلادىنىڭ 202 ـ يىلى ساۋساۋ شەرقىي ھونلارنى بېقىندۇرۇۋالدى. ئۇ شەرقىي ھونلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا خەۋپ سالىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھونلارنى تارقىتىۋېتىش، ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ دائىرىسىنى چەكلەش، ئۇلارنى تىزگىنلەپ تۇرۇپ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئاخىرىدا تامامەن يوقىتىش تەدبىرىنى قوللانماقچى بولدى.

ساۋساۋ يۇقىرىدىكى مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 216 ـ يىلى خۇچۇچۇەن تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى ھون خانلىرىنى پايتەختكە چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارنى نەزەربەنت قىلدى. ساۋساۋ شەرقىي ھونلارنىڭ ئوڭ قول بىلگە خانى قوبېينى ھونلار پايتەختى فىڭياڭغا ئەۋەتىپ، ھونلارنى نازارەت قىلىشقا بۇيرىدى. ساۋساۋ يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھونلارنى بەش قىسىمغا ئايرىدى. ساۋ ساۋ بەش قىسىمغا بۆلۈنگەن ھونلارنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەربىر قىسىمغا ھون بەگلىرىنى يېتەكچى قىلىپ قويدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلىپ تۇرۇشقا سىما نامىدا ھەربىر قىسىمغا بىردىن ئەمەلدار قويدى. بەش قىسىمغا بۆلۈنگەن ھونلارغا يېتەكچى قىلىپ تەيىنلەنگەن ھون بەگلىرىنىڭ پۈتۈن ئائىلىلىرى جىڭ ياڭ (سەنشىدىكى تەييۈەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبى) دېگەن جايغا كۆچۈرۈپ كېلىنىدى. مانا شۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق، ھونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى سىمالار ئارقىلىق ساۋ ساۋنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

ساۋ ساۋ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىن ئوبلاستى (ئوبلاستقا سەنشىنىڭ كۆپچىلىك قىسمى، خىتاي رايونى، خېبېينىڭ بىر قىسمى، شەنشىنىڭ شىمالىي قىسمى كىرەتتى) نىڭ ۋالىسى لياڭ شى بىن ئوبلاستىدا ئولتۇراقلاشقان هونلارغا تۆۋەندىكىدەك كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى: (1) هونلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىكى بەگلەرگە يەرلىك هاكىمىيەت ئورۇنلىرىدىن مەنسەپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن هون ئائىلىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلىدى. (2) هونلارنىڭ قۇرامىغا يەتكەن ياشلىرىنىڭ هەممىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ، چېگرا مۇداپىئەسىگە ئەۋەتتى، بەزىدە ئۇلارنى ئۇرۇشلارغىمۇ ئېلىپ باردى. (3) هونلارنى خەنزۇ پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ دېهقانچىلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۇردى.

ساۋساۋ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەدبىرلەر ئارقىلىق شەرقىي هونلارنى مىلادىنىڭ 220 ـ يىلى يوقاتتى.

مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇن قۇرۇلغان ئۇلۇغ هون تەڭرىقۇتلۇقى 500 يىل هۆكۈم سۈرۈپ، مىلادىنىڭ 220 ـ يىلى يوقالدى.

# ئۈچىنچى قىسىم

# ھونلار جۇڭگودا

## بىرىنچى باب: ھونلارنىڭ جۇڭگوغا كۆچۈپ كېلىشى

### 1. غەربىي خەن دەۋرىدىكى كۆچۈش

مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشتا ھونلار مەغلۇپ بولۇپ، شۇ ئۇرۇشتا خەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سانغۇنى خوچۈبىڭ كەڭسۇنىڭ خىشى كارىدورىدىن ھونلارنى قوغلاپ چىقارغان. شۇ چاغدا ھونلارنىڭ قونى ئاتلىق خانى 50 مىڭ ھوننى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك تەسلىم بولغان ھونلار سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈلۈپ گەنسۇ (كەڭسۇ)، شەنشى، سەنشى قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ۋىلايەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

قوغۇشار تەڭرىقۇت ھاكىمىيەت تالىشىش يۈزىسىدىن بولغان ئۇرۇشتا قېرىندىشى قۇتىئۇش تەڭرىقۇت تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ مىلادىدىن 52 يىل بۇرۇن بىرىنچە تۈمەن ئادەمنى باشلاپ (بۇنىڭ 50 مىڭى ئاتلىق قوشۇن ئىدى) خەن سۇلالىسىگە بېقىنغان. قوغۇشار مىلادىدىن 49 يىل بۇرۇن قوتىئۇش تەڭرىقۇت ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى ھونلار پايتەختىنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن، مىلادىدىن 43 يىل بۇرۇن ھونلار پايتەختىگە قايتقان، قوغۇشار ھونلار پايتەختىگە قايتقاندا ئۆزىگە ئەگىشىپ جۇڭگوغا كەلگەن ھونلارنى باشلاپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر قىسىم ھونلار جۇڭگودا قېپقالغان.

## 2. شەرقىي خەن دەۋرىدىكى كۆچۈش

مىلادىنىڭ 48 ـ يىلى ھون تەڭرىقۇتلۇقى شەرقىي (ياكى جەنۇبىي)، شىمالىي (ياكى غەربىي) ھوندىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ شەرقىي ھون دەپ ئاتالغان قىسمى بەي تەڭرىقۇتنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭگوغا بېقىنغان. مانا شۇ شەرقىي ھونلار سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىرىپ، چېگرا بويىغا يېقىن بولغان ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ئورۇنلاشقان، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سانى 200 مىڭ بولسىمۇ، كېيىن كۆپىيىپ ئاۋۇپ كەتكەن.

شەرقىي ھونلار مىلادىنىڭ 48 ـ يىلىدىن 216 ـ يىلىغىچە (خەن سۇلالىسىگە قارام بولسىمۇ) ھەر ھالدا مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ياشىغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، شەرقىي ھونلار دۆلىتى مىلادىنىڭ 220 ـ يىلى ساۋساۋ تەرىپىدىن يوقىتىلغان بولسىمۇ، بەش قىسىم (سول، ئوڭ، شىمال، جەنۇب، ئوتتۇرا) غا بۆلۈنگەن ھونلارغا قوغۇشارنىڭ نەۋرە ـ ئەۋرىلىرى يېتەكچىلىككە قويۇلغان. ئۇلارغا خەن ئەمەلدارلىرى نازارەت قىلىپ تۇرغانلىقى، خەن سۇلالىسى بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن ھون بەگلىرى فامىلىسىنى ليۇغا ئۆزگەرتكەن. مەسىلەن، سول قانات ھونلارنىڭ يېتەكچىسى تىجىشى سونغۇ تەڭرىقۇت (188 ـ 195 ـ يىللار)نىڭ ئوغلى ليۇباۋ (216 ـ 279 ـ يىللار) ئىدى. ليۇباۋنىڭ ئوغلى ليۇ يەنمۇ سول قانات ھونلارغا 30 يىل (279 ـ 310 ـ يىللار) يېتەكچى بولغان.

سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىرگەن ھونلار 19 ئۇرۇقتىن ئىبارەت ئىدى. ھەربىر ئۇرۇق ئۆز ئالدىغا بىر قەبىلە ئىدى. مانا شۇ ئۇرۇقلار ئىچىدە تۇغا ئۇرۇقى ئەڭ ئېسىل ئۇرۇق ھېسابلىناتتى. تۇغالار نۇرغۇن ئۇرۇقلارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇلار ئەزەلدىن تارتىپ ئەنئەنىۋى ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ چاقىرىق كۈچى ناھايىتى چوڭ ئىدى. مىلادىنىڭ 280 ـ يىللىرى جۇڭگودىكى ھونلار ئاھالىسى بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشىدىن ئاشقان.

## ئىككىنچى باب: ھونلارنىڭ جۇڭگودا قۇرغان دۆلەتلىرى

جۇڭگو تېررىتورىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان ھونلار 4 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، 5 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ھون تۇغا دۆلىتى (304 ـ 329 ـ يىللار)، ھون دۆلىتى (319 ـ 350 ـ يىللار)، تۇبا ھون دۆلىتى (407 ـ 431 ـ يىللار)، ھون قۇتقۇ دۆلىتى (397 ـ 460 ـ يىللار)

قاتارلىق تۆت دۆلەت قۇرغان. تۆۋەندە بۇ دۆلەتلەرنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

## 1. ھون - تۇغا دۆلىتى

427 يىل ھۆكۈم سۈرگەن خەن سۇلالىسى مىلادىنىڭ 220 - يىلى تارىخ سەھنىسىدىن چۈشتى. شۇندىن باشلاپ جۇڭگودا ۋېي (220 - 260 - يىللار)، چۇ (221 - 265 - يىللار)، ۋۇ (222 - 280 - يىللار) دىن ئىبارەت ئۈچ پادىشاھلىق پەيدا بولدى.

مىلادىنىڭ 280 - يىلىغا كەلگەندە ۋېي پادىشاھلىقىدىكى سىما ئۇرۇقىدىن بولغان سىمايەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ پادىشاھلىقنى يوقىتىپ، جىن (265 - 420 - يىللار) سۇلالىسىنى قۇردى.

مىلادىنىڭ 291 - يىلى جىن سۇلالىسى ھۆكۈمران گۇرۇھى ئۆزئارا تەخت تالىشىپ ئىچكى ئۇرۇش باشلىدى. بۇ ئۇرۇش 16 يىل (291 - 306 - يىللار) داۋام قىلدى. سەككىزخان بىر - بىرى بىلەن ھايات - ماماتلىق ئۇرۇشلارنى قىلىپ، نۇرغۇن قانلارنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولدى.

مىلادىنىڭ 304 - يىلى ھون خانزادىسى لىيۇ يەن جىن سۇلالىسىدىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قوشۇن تارتىپ چىقتى ۋە ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. لىيۇيەن جىن سۇلالىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلدى. 308 - يىلى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى. فىڭ ياڭ 1 (فىڭ ياڭ - ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىن فىن ناھىيىسى تەۋەلىكىدە) شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. لىيۇيەن 309 - يىلى لىيۇ جىڭ باشچىلىقىدىكى ھون قوشۇنلىرىنى لوياڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار يەنجىڭ ناھىيىسىدە ئەر - ئايال بولۇپ، ئۈچ تۈمەندىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى.

310 - يىلى لىيۇيەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا لىيۇسۇڭ پادىشاھ بولدى. لىيۇسۇڭ 311 - يىلى لوياڭنى، 316 - يىلى چاڭئەننى بىسىۋالدى. جىن سۇلالىسى ھونلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. جىن سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىكى بىر قىسىم خانزادىلەر جەنۇبقا قاراپ قاچتى. ئۇلار 317 - يىلى جىنلىنىڭ (ھازىرقى نەنجىڭ)نى پايتەخت قىلىپ، تارىختا «شەرقىي جىن» دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇردى. باشتا ھونلار ئاغدۇرۇپ تاشلىغان جىن دۆلىتى تارىختا «غەربىي جىن» دەپ ئاتالدى. «غەربىي جىن» 52 يىل (265 - 316 - يىللار)، «شەرقىي جىن» 104 يىل (317 - 420 - يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن.

ليۇ سۇڭ مىلادىنىڭ 316 ـ يىلى پايتەختنى فىڭياڭدىن چاڭئەنگە يۆتكىدى. ئۇ چاڭئەنگە كېلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن (318 ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ليۇتىسەن پادىشاھ بولدى.

هونلار قۇرغان مانا شۇ دۆلەت 26 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ دۆلەتنى هونلارنىڭ تۇغا ئۇرۇقى باش بولۇپ قۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى «هون تۇغا دۆلىتى» دەپ ئاتىسا بولىدۇ. بۇ دۆلەتنى قەدىمكى چاغدىكى جۇڭگو تارىخچىلىرى ئۆز ئادەتلىرىگە يارىشا ھەرخىل نام بىلەن «خەن»، «ئالدىنقى جاۋ» دەپ ئاتاشقان.

## 2. هون دۆلىتى

سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىرگەن هونلارنىڭ 19 ئۇرۇققا بۆلۈنىدىغانلىقى باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنىدى. مانا شۇ ئۇرۇقلارنىڭ ئىچىدە قانقۇي دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇرۇق بار ئىدى. بۇ ئۇرۇق قەدىمكى جۇڭگو تارىخلىرىدا «جېي» دەپ يېزىلغان.

«جېي»لار ئۆزىنىڭ تالانتلىق باتۇر يېتەكچىسى غىجۇ باشچىلىقىدا كۈچلۈك دۆلەت قۇرغان. بۇ هون دۆلىتى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان هون ـ تۇغا دۆلىتى ئىچىدىن ئايرىلىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن.

غىجۇ باشتا هون ـ تۇغا دۆلىتىنىڭ سانغۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ليۇيەن قۇرغان هون دۆلىتىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشىغا كۆپ ھەسسە قوشقان. مىلادىنىڭ 318 ـ يىلى ليۇتىسەن پادىشاھ بولغان چاغدا غىجۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ هازىر خېبېيدىكى شۇندىنى پايتەخت قىلىپ مۇستەقىل بولۇۋالدى. غىجۇ 319 ـ يىلى ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. غىجۇ بىلەن ليۇتىسەن ئارىسىدا قاتتىق ئۇرۇشلار يۈز بەردى. غىجۇ مىلادىنىڭ 328 ـ يىلى هون ـ تۇغا دۆلىتىنىڭ خانى ليۇتىسەننى ئۆلتۈردى. غىجۇ بۇددىست بولۇپ، جۇڭگودا بۇددا دىنىنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ھىندىستاندىن كەلگەن بۇددا چىن ئاتلىق بۇددا «ئەۋلىياسى» بار ئىدى. غىجۇ بۇددا چىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى سالدۇرغان.

غىجۇ مىلادىنىڭ 333 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جىيەنى شىخو غىجۇنىڭ ھەممە ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى خان بولدى. ئۇ مىلادىنىڭ 349 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. شىخونىڭ ئاسراندى ئوغلى رەن مىن (خەنزۇ) هون

دۆلىتىنى يوقاتتى. جۇڭگو تارىخچىلىرى بۇ دۆلەتنى «كېيىنكى جاۋ دۆلىتى» دەپ ئاتىغان.

### 3. تۇبا - هون دۆلىتى

مىلادى 3 - ئەسىردىن باشلاپ 5 - ئەسىرگىچە بولغان ئۇزۇن بىر مەزگىلدە هونلار بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چېتىشىپ كېتىشىدىن «تۇبا - هون» دەپ ئاتىلىدىغان هونلار كېلىپ چىققان. تارىختا: «دادىسى هون، ئانىسى سايىبىلاردىن تۆرەلگەن» لەرنى، شىماللىقلار «تۇبا - هون» دەيدۇ، دېيىلگەن.

تۇبا - هونلارنىڭ خانزادىلىرىدىن بىرى غىران بور بور مىلادىنىڭ 407 - يىلى تۇبا - هون دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ دۆلەتنى جۇڭگو تارىخىدا: «شىيا دۆلىتى» دەپ ئاتايدۇ. غىران بور بور ناهايىتى شەپقەتسىز بىر زالىم ئىدى. ئۇ خەنزۇ تۆرەزادىلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى قىلغان ئۇرۇشلاردا دائىم دېگۈدەك غەلىبە قىلغان. مىلادىنىڭ 410 - يىللىرى تۇبا - هون دۆلىتى قۇدرەتلىك بىر دۆلەتكە ئايلانغان. غىران بور بور مىلادىنىڭ 413 - يىلى خەلقتىن 600 مىڭ ئادەمنى ئىشلىتىپ، تۇڭۋەنچىڭ (هازىرقى شەنشىنىڭ خىڭشەن ناهىيىسىدە) شەهرىنى سالدۇرۇپ، بۇ يەرنى پايتەخت قىلغان. بۇ يېڭى پايتەختنىڭ سېپىل هۇلىنىڭ قېلىنلىقى 30 قەدەم، ئېگىزلىكى 15 مېتىر كېلەتتى. شەهەر سېپىلىنى ياساشقا ئىشلەتكەن توپا پىشۇرۇلغان، سېپىل قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، سېپىل تېمىغا بېگىزنى تىقىپ كۆرۈشكەن. ئەگەر سانجىلغان تۆمۈر بېگىز تامغا بىر سۇڭ كىرگەنلا بولسا، سېپىلنى قوپارغانلار ئۆلتۈرۈلگەن. شەهەر ئىچىدىكى ئوردا سېپىلىنىڭ قېلىنلىقى سەككىز مېتىر كېلەتتى. ئوردا سېپىلىنىڭ پۇختا، چىڭلىقىدىن قىلىچ، پالتا قاتارلىق نەرسىلەرنى بىلەشكىمۇ بولاتتى. غىران بور بور پايتەختنى قۇرۇپ چىققۇچى ئىشچى ۋە ئۇستىلاردىن بولۇپ، ئاز دېگەندە بىرنەچچە مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرگەن[1].

مىلادىنىڭ 417 - يىلى شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ مەشهۇر سانغونى ليۇيۇ «كېيىنكى چىن دۆلىتى» (بۇ دۆلەتنى تىبەتلەر قۇرغان)نىڭ پايتەختى چاڭئەنگە بېسىپ كىرىپ، «كېيىنكى چىن دۆلىتى»نى يوقاتقان. ئۇ 12 ياشلىق ئوغلى ليۇيىجىڭنى نۇرغۇن قوشۇنغا باش قىلىپ چاڭئەننى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن نەنجىڭگە

(1) پەنۇتلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» خەنزۇچە، 337 - ۋە 338 - بەتلەرگە قارالسۇن.

كەتكەن. بۇ ئەھۋالنى بايقاپ يۈرگەن غىران بور مىلادىنىڭ 418 ـ يىلى چوڭ قوشۇننى باشلاپ چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلغان. لىيۇيۇنىڭ چاڭئەننى قوغداشقا قالدۇرغان سانغۇنلىرى ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى قىرىشقا كىرىشىپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋالدا قالغان لىيۇيىجىڭ قېچىپ قۇتۇلغان.

غىران بور چاڭئەننى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىغان. ئۇ مىلادىنىڭ 425 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئورنىغا ئوغلى غىران چان پادىشاھ بولغان.

غىران چان (425 ـ 427 ـ يىللار)، غىران تىن (427 ـ 431 ـ يىللار) لار پادىشاھ بولغان مەزگىلدە، توبا ـ ھون دۆلىتى بىلەن شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقى (386 ـ 534 ـ يىللار) ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز ئۇرۇشلار بولغان. 426 ـ يىلى شىمالىي ۋېي قوشۇنلىرى تۇڭۋەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان، چاڭئەننى بېسىۋالغان، 427 ـ يىلى تۇڭۋەننىمۇ بېسىۋالغان. غىران چان گەنسۇدىكى تيەنشۈي (تەڭرى سۇ) ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا قېچىپ كەتكەن. 428 ـ يىلى شىمالىي ۋېي قوشۇنلىرى غىران چاننى ئەسىر قىلغان. غىران چان ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، غىران تىن پادىشاھ بولۇپ، ئۇ گەنسۇدىكى فىڭياڭغا جايلىشىۋالغان. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ۋېي قوشۇنلىرى تارمار قىلىنغان. غىران تىن شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقى بىلەن بىرنەچچە يىل ئۇرۇشقان. ئۇ 431 ـ يىلى غەربىي چىن دۆلىتى (بۇ دۆلەتنى سايىپلار قۇرغان)نى يوقاتقان. ئۇ شۇ يىلى بىرنەچچە مىڭ ئادەمنى باشلاپ خېشى كارىدورىغا كەتمەكچى بولغان. ئۇ خېشى كارىدورىغا كېتىش ئۈچۈن دەرىيادىن ئۆتۈۋاتقاندا، شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقىغا بېقىنىدىغان تۈيغۇتلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان[1].

## 4. ھون ـ قۇتقۇ دۆلىتى

تارىخىي سەۋەبلەرگە كۆرە، ھازىرقى گەنسۇنىڭ بەزى جايلىرىدا قەدىمكى چاغلاردىن باشلاپ ھونلار ياشاپ كەلگەن. مىلادىنىڭ 90 ـ يىللىرى غەربىي ھونلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيانىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، يەنە شەرقتە بىر قىسىم ھونلار تۇرۇپ قالغان. تۇرۇپ قالغان ھونلارنىڭ «لۇشۈي ھونلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان قىسمى گەنسۇدا «ھون قۇتقۇ دۆلىتى»نى قۇرغان.

(1) پەنۋىنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» خەنزۇچە، 337 – ۋە 338 – بەتلەرگە قارالسۇن.

قەدىمكى چاغلاردا ھونلارنىڭ دۆلەت تەشكىللىدىكى قائىدە بويىچە سول قول، ئوڭ قول قۇتقۇ دەپ ئاتىلىدىغان مەنسەپدارلار بولاتتى. لۇشۇي ھونلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى سول قۇتقۇ مەنسىپىدە بولۇشقانىكەن. شۇڭا لۇشۇي ھونلىرىنىڭ خانلىرى «قۇتقۇ» دېگەن مەنسەپ ئاتالغۇسىنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىپ ئىلىشقان. لۇشۇي - ھازىرقى كۆكنۇر (چىڭخەي)دىكى شىنىڭ شەھرىنىڭ غەربىدىكى بىر دەريانىڭ نامى، تارىخچىلار مانا شۇ دەريانىڭ ئەتراپىدا ياشىغان ھونلارنى «لۇشۇي ھونلىرى» دەپ ئاتاشقان.

لۇشۇي ھونلىرىنىڭ مەشھۇر خانى قۇتقۇ مونسۇن مىلادىنىڭ 400 - يىلى گەنسۇدا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دەنىيە ئاتلىق سانغۇننى ئۆلتۈرۈپ، جاڭيىنى بىسىۋالىدۇ. قۇتقۇ مونسۇن خانلىق قىلغان مەزگىلدە (400 - 432 - يىللار) ھون قۇتقۇ دۆلىتى تازا كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى دائىرىسىگە گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورى، كۆكنۇرنىڭ بىر قىسمى، تارىم ۋادىسىنىڭ بىر قىسمى (لوپنۇر، تۇرپان ئويمانلىقى) كىرگەن.

قۇتقۇ مونسۇن مىلادىنىڭ 414 - يىلى گوزاڭ شەھرىنى بىسىۋالىدۇ. ئۇ 420 - يىلى غەربىي لياڭ خانلىقى (گەنسۇنىڭ غەربىدە) نى يوقىتىپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق يەتتە ۋىلايەتنى بىسىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇتقۇ مونسۇن قۇرغان دۆلەت بايلىقى مول بىر دۆلەتكە ئايلىنىدۇ. ئۇرۇش ھادىسىلىرى ئازىيىدۇ. دۆلەتتە بۇددا دىنى ئەۋج ئالىدۇ. قۇتقۇ مونسۇن گوزاڭ شەھرىنىڭ جەنۇبىدىن يۈز يول يىراقلىقتىكى تاغ قىيالىرىغا (بۈگۈنكى ۋۇۋېيدىكى تيەن تىشەن تېغى قىياسىغا) بۇددا ئەۋلىياسى ساكيامونىنىڭ چوڭ بۇتلىرىنى ياساتقۇزىدۇ. بۇنداق بۇتلار ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. قۇتقۇ مونسۇننىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقادى كۈچلۈكلۈكىنى ئاڭلىغان ھىندىستانلىق مەشھۇر بۇددىست دىھارماراكشا ھون قۇتقۇ دۆلىتىگە كېلىدۇ. ئۇ باشتا كەشمىر، كۇچا قاتارلىق دۆلەتلەردە تۇرغان، كېيىن لوپنۇر ئەتراپىدىكى لولان خانلىقىغا كەلگەن. بۇددا مۇخلىسى بولغان لولان خانى دىھارماراكشانى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، دىھارماراكشا لولاندا تۇرغان مەزگىلدە خاننىڭ سىڭلىسى بىلەن ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولغانىكەن. بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالغاندا، دىھارماراكشا لولاندىن ئوغرىلىقچە قېچىپ، قۇتقۇ مونسۇننىڭ قېشىغا كەلگەن. دىھارماراكشا قۇتقۇ مونسۇننىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغىنى ئۈچۈن

ئۆزىنى سىرلىق كۆرسىتىپ، جىن ـ ئالۋاستىلارنى ئىشقا سېلىپ، خىلمۇخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ھەم كۆپ ئوغۇل تۇغدۇرۇشنىڭ ھېكمەتلىرىنى بىلىمەن، دەپ تونۇشتۇرغان. قۇتقۇ مونسۇن دىھار ماراكشاغا قىزلىرى ۋە كېلىنلىرىگە ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا بولىدىغان ئالاقىنىڭ سەنئىتىنى ئۆگىتىشنى تاپشۇرغان. ئۆزىنى ئەۋلىيا قىلىپ كۆرسەتكەن دىھار ماراكشا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قۇتقۇ مونسۇننىڭ قىزلىرى ۋە كېلىنلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولغان. دەل شۇ مەزگىلدە شىمالىي ۋېي پادىشاھى توباتاۋ (424 ـ 451 ـ يىللار) ھون قۇتقۇ دۆلىتىدە دىھارماراكشا ئاتلىق ئەۋلىيانىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قۇتقۇ مونسۇنغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەلچىلەر يېتىپ بارغان ھامان دىھارماراكشانى ئۇلارغا قوشۇپ شىمالىي ۋېي پادىشاھلىقىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر تەلەپ ئورۇنلانمىسا، توباتاۋ ئۆزى قوشۇن تارتىپ قۇتقۇ مونسۇن ئۈستىگە بېسىپ بارىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ. لېكىن قۇتقۇ مونسۇن توباتاۋنىڭ تەلەپلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ، شىمالىي ۋېي ئەلچىلىرى قۇرۇق قول قايتىدۇ. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي دىھارماراكشانىڭ ئىپلاسلىقى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن ناھايىتى غەزەپلەنگەن قۇتقۇ مونسۇن دىھارماراكشانى يوغان كالتەك بىلەن ئۇرۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ.

قۇتقۇ مونسۇن مىلادىنىڭ 433 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئورنىغا ئوغلى قۇتقۇ مۇقان پادىشاھ بولىدۇ. قۇتقۇ مۇقان يەتتە يىل خانلىق تەختىدە ئولتۇرىدۇ. شىمالىي ۋېي پادىشاھى مىلادىنىڭ 439 ـ يىلى ناھايىتى چوڭ قوشۇننى باشلاپ ھون قۇتقۇ دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. قۇتقۇمۇقان باشچىلىقىدىكى ھون قوشۇنلىرى گوزاڭ شەھىرىنىڭ سىرتىدا بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ. قۇتقۇ مۇقان ئەسىرگە چۈشىدۇ. توباتاۋ 100 مىڭدىن ئارتۇق ھوننى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. قۇتقۇ مۇقان توباتاۋغا ئەسىرگە چۈشكەندە قۇتقۇ مونسۇننىڭ ئوغوي، ئارگۇ ئاتلىق ئوغۇللىرى بىر قىسىم ھونلارنى باشلاپ دۇڭخۇاڭغا چېكىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار 12 مىڭ كىشىنى باشلاپ دۇڭخۇاڭدىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ، قۇم چۆللىرىدىن ئۆتۈپ لولانغا كەلگىچە 6000 كىشى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلىدۇ. ھونلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان لولان خانى بىر قىسىم ئاھالىنى باشلاپ چەرچەنگە قېچىپ كېتىدۇ. ئوغوي بىلەن ئارگۇ لولاندا بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن تۇرپانغا كېلىدۇ. تۇرپان ھون قۇتقۇ دۆلىتىنىڭ بىر ۋىلايىتى بولۇپ، ئۇ يەردە قۇتقۇ مونسۇننىڭ ئوغلى قۇتقۇ پانتاي ۋالىيلىق قىلاتتى. مىلادىنىڭ 440 ـ

يىلىدىن باشلاپ ھون قۇتقۇ دۆلىتىنىڭ پايتەختى تۇرپان بولىدۇ.

ھون قۇتقۇ دۆلىتى تۇرپاننى پايتەخت قىلغاندىن باشلاپ ئاۋارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇردى. ئاخىرى ھون قۇتقۇ دۆلىتى مىلادىنىڭ 460 ـ يىلى ئاۋارلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

ھون قۇتقۇ دۆلىتىگە 440 ـ يىلىدىن 460 ـ يىلىغىچە ئوغوي، ئارگۇلار خان بولغان. ئارگۇ مىلادىنىڭ 460 ـ يىلى ئاۋارلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى 60 يىل (400 ـ 460 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن ھون قۇتقۇ دۆلىتىنى «شىمالىي لياڭ» دەپ ئاتاشقان.

ھونلار، جيەلەر، سيانپىلار، چاڭلار، دىيلار (بۇ ئىككىسى تىبەت)نىڭ جۇڭگودا دۆلەت قۇرۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى «بەش خۇلارنىڭ جۇڭگونى قالايمىقان قىلغانلىقى» دەپ ئاتاشقان.

تۆۋەندىكى ھونلارنىڭ جۇڭگودا قۇرغان دۆلەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە چۈشەندۈرىدىغان جەدۋەلدۇر.

| دۆلەت نامى | دۆلەت قۇرغۇچىسى | مىللىتى | پايتەختى | تېررىتورىيىسى | ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى | قايسى دۆلەت يوقاتقان |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ھون ـ توبا دۆلىتى | ليۇيەن | ھون | چاڭئەن | ھازىرقى خېبېي، سەنشى، خېنەن، شەنشىلەرنىڭ بىر قىسمى | 304 — 329 | ھون دۆلىتى |
| ھون دۆلىتى | شىجۈ | ھون | يە | ھازىرقى خېنەن، خېبېي، سەنشى، سەندۇڭ، شەنشى، ۋە جاڭسۇ، ئەنخۇي، گەنسۇ، لياۋنىڭ، خوبېي قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ بىر قىسمى | 319 — 350 | رۇەنۇېي |
| توبا ھون دۆلىتى | شىران بور ـ بور | ھون | تۇڭۋەن | ھازىرقى شەنشىنىڭ شىمالىي ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ بىر قىسمى | 407 — 431 | تۇيغۇتلار |
| ھون قۇتقۇ دۆلىتى | قۇتقۇ مونسۇن | ھون | جاڭيې | گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورى، كۆكنۇرنىڭ بىر قىسمى، لوپنۇر، تۇرپان | 400 — 460 | ئاۋارلار |

# تۆۋەندىكى 4 دۆلەت خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

## هون توغا خانلىرى

| | | |
|---|---|---|
| 1 | لىيۇيەن | 304 — 309 - يىللار |
| 2 | لىيۇسۇڭ | 410 — 417 - يىللار |
| 3 | لىيۇتسەن | 418 - يىلى |
| 4 | لىيۇباۋ | 418 — 428 - يىللار |
| 5 | لىيۇشى | 429 - يىلى |

## هون دۆلىتىنىڭ خانلىرى

| | | |
|---|---|---|
| 1 | غىجۇ ( شىل ) | 319 — 333 - يىللار |
| 2 | شىخۇڭ | 334 - يىلى |
| 3 | شىخۇ | 335 — 349 - يىللار |
| 4 | شىزۇن | 449 - يىلى |
| 5 | شىجەن | 450 - يىلى |

## هون توبا دۆلىتىنىڭ خانلىرى

| | | |
|---|---|---|
| 1 | غىران بور - بور | 407 — 424 - يىللار |
| 2 | غىران چان | 425 — 427 - يىللار |
| 3 | غىران تىن | 423 — 431 - يىللار |

## هون قۇتقۇ دۆلىتىنىڭ خانلىرى

| | | |
|---|---|---|
| 1 | قۇتقۇ مونسۇن | 400 — 432 - يىللار |
| 2 | قۇتقۇ موقان | 433 — 439 - يىللار |
| 3 | قۇتقۇ ئوغۇي | ؟ — 440 - يىللار |
| 4 | قۇتقۇ ئارگۇ | 460 — ؟ - يىللار |
| 5 | شىجەن | 450 - يىلى |

هونلارنىڭ بىر قىسمى تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە سەددىچىن سىپىلى ئىچىگە

كۆچۈپ كىرىپ، جۇڭگودا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىغا كېلىپ خەنزۇلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ كەتكەن.

# تۆتىنچى قىسىم

# ھونلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى ۋە ھەربىي تۈزۈمى

مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقى (ئىمپېراتورلۇقى) ۋاقتىدا ھونلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە ھېلىغىچە تالاش - تارتىش مەۋجۇت. بەزى تارىخچىلار: ھونلار قۇللۇق جەمئىيەتتە ئىدى، دېيىشسە، يەنە بەزى تارىخچىلار: ھونلار فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئىدى، دېيىشىدۇ. ھونلارنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى زادى قانداق؟ مېنىڭچە، ئۇ ھەرگىزمۇ قۇللۇق تۈزۈمدىكى جەمئىيەت ئەمەس، ئىپتىدائىي جەمئىيەت تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى يېرىم پاترىئارخاللىق تۈزۈمدىكى يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت...! «تەڭرىقۇت - پۈتكۈل دۆلەت بويىچە ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا فېئوداللىق، سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن»[1].

ھونلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى ۋە ھەربىي تۈزۈمىنىڭ خېلى مۇكەممەللىكىگە قارىغاندىمۇ، ھونلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى بەزى تارىخچىلار ئېيتقاندەك قۇللۇق تۈزۈمدە بولماستىن، فېئوداللىق تۈزۈمدە ئىدى. بۇنداق ئەھۋاللارنى ھونلارنىڭ ئۆز زامانىسىغا يارىشا خېلى مۇكەممەل بولغان ھاكىمىيەت تەشكىلى ۋە ھەربىي تۈزۈمى ئارقىلىق كۆرۈش مۇمكىن.

## بىرىنچى باب: ھونلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى

### 1. تەڭرىقۇتلۇق تەختىگە ۋارىسلىق تۈزۈمى

ھونلاردا تەڭرىقۇتلۇق تەختىگە تەڭرىقۇتنىڭ بىر تۇغقانلىرى ئەمەس،

(1) «ھونلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە، 223 - بەتكە قارالسۇن.

ئوغۇللىرى ۋارىسلىق قىلاتتى.

مىلادىدىن 210 يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈشى ھون ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىنىڭ دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ۋە پادىشاھ مۇستەبىتلىك سىياسىي تۈزۈمىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ قالماستىن، ھونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئاتىسى، ئۆگەي ئانىلىرىنى، ئۇكىلىرىنى، بويسۇنمىغان ھون ۋەزىرلىرىنى... ئۆلتۈرۈشى يېڭى تۈزۈم بىلەن كونا تۈزۈم ئارىسىدىكى كەسكىن كۈرەشنىڭ ئىنكاسى، باتۇرنىڭ تەڭرىقۇت بولۇشى ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ سايلاپ چىقىشى بىلەن ئەمەس، زورلۇق كۈچ بىلەن ھاكىمىيەت تارتىۋېلىپ، كونا تۈزۈمنى يوقىتىش ئارقىلىق بولغان. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ تەڭرىقۇت بولۇشى - ھونلارنىڭ جەمئىيىتى، سىياسىسىنىڭ ئالغا باسقانلىقى، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ روشەن بەلگىسى ئىدى. جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھاكىمىيەت تەشكىلى، ئەمەلدارلىق تۈزۈمى مۇكەممەللىشىپ، قانۇن يۈرگۈزۈلۈپ، دۆلەت ھاكىمىيىتى مۇستەھكەم بىر ھالغا كەلگەن[1].

ھونلاردا تەڭرىقۇتلۇق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىدە ئاتا ئورنىغا ئوغلىنىڭ تەڭرىقۇت بولۇشى باتۇر تەڭرىقۇتتىن باشلاپ مۇقىملاشقان. تارىخىي پاكىتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە: تۇمەن تەڭرىقۇتتىن (210 ـ 240 ـ يىللار) تارتىپ، باتۇر تەڭرىقۇت (210 ـ 174 ـ يىللار)، كىيوك تەڭرىقۇت (174 ـ 161 ـ يىللار)، كونچىن تەڭرىقۇت (161 ـ 126 ـ يىللار)، ئىل چىئىسى تەڭرىقۇت (126 ـ 114 ـ يىللار)، ئۇۋىي تەڭرىقۇت (114 ـ 105 ـ يىللار)، ئويىشلۇر تەڭرىقۇت (108 ـ 105 ـ يىللار)، قولىغۇ تەڭرىقۇت (102 ـ 101 ـ يىللار) غىچە بولغان سەككىز تەڭرىقۇتنىڭ ئىچىدە قولىغۇ تەڭرىقۇتتىن باشقا (ئويىشلۇرنىڭ تاغىسى ئىدى) ھەممىسى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەڭرىقۇت بولۇش تۈزۈمى بويىچە تەڭرىقۇت بولغان. كېيىنكى چاغلاردا ھونلار ئىچىدە يۈز بەرگەن ھاكىمىيەت تالىشىشتىكى ئاساسىي سەۋەب ئاتا ئورنىغا ئوغلىنىڭ تەڭرىقۇت بولۇش تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇن شۇلۇي قانقۇي تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن باشلانغان ئىچكى ئۇرۇشلار ئەنە شۇنىڭغا ناھايىتى ئوبدان مىسال بولىدۇ. چۈنكى شۇ چاغدا چوڭ ئالچى جانقۇي ئۇكىسى

(1) «ھونلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە، 214 - بەتكە قارالسۇن.

تاۋرۇنچى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئوڭ قول بىلگە خان توجۇتاننى ئويانغۇتى تەڭرىقۇت نامىدا تەختكە چىقارغان. ئەسلىدە ھونلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىي قائىدىسى بويىچە شولۇي قانغۇي تەڭرىقۇتنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى تەڭرىقۇت بولۇشى لازىم ئىدى.

## 2. ئەمەلدارلىق تۈزۈمى

باتۇر تەڭرىقۇت بولغاندا، ئەڭ ئاۋۋال دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە كىرىشكەن. ئۇ دۆلەتنى باشقۇرۇشتا 24 خىل دەرىجىگە بۆلۈنگەن ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئورناتقان.

تەڭرىقۇت ھونلاردا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ئىدى. تەڭرىقۇت دېگەن سۆز «خۇدانىڭ ئوغلى» ياكى «خۇدا بەرگەن بەخت» دېگەن مەنانى بىرەتتى. تارىخىي مەلۇماتلار («تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەن يىلنامىسى»)غا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن 265 يىل بۇرۇن «ھون تەڭرىقۇتى» دېگەن نام تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىسمى نامەلۇم بولغان بۇ تەڭرىقۇتنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ھونلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ئۆز خانلىرىنى «تەڭرىقۇت» دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم. سىماچيەن ھونلارنىڭ چوڭقۇي ئائىلىق خانى ئۇستىدە توختىلىپ، ئۇنى «ھونلارنىڭ بوۋىسى» دەيدۇ. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، چوڭقۇي مىلادىدىن 1766 يىل بۇرۇن ئۆتكەن[1]. شۇنداق بولغاندا، ھونلارنىڭ بوۋىسى ھېسابلانغان چوڭقۇي بۈنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن ياشىغانىكەن. بىرقەدەر ئىشەنچلىكرەك تارىخىي خاتىرىلەردە ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ نامى تۇمەن تەڭرىقۇت (210 ـ 240 ـ يىللار) دىن باشلاپ تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان.

باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) تەڭرىقۇتتىن باشقا يەنە 24 خىل دەرىجىگە بۆلۈنگەن ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن خانلار، بەگلەرنى تەيىنلىگەن. مەسىلەن:

(1) سول قول بىلگەخان. (2) ئوڭ قول بىلگەخان. (3) يابغۇ (باش ۋەزىر). (4) سول قول قۇتىغۇ. (5) ئوڭ قول قۇتىغۇ. (6) سول قول خان. (7) ئوڭ قول خان. (8) سول قول ئۇلۇغ سانغۇن. (9) ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇن. (10) سول قول ئۇلۇغ تۇتۇق بەگ. (11) ئوڭ قول ئۇلۇغ تۇتۇق بەگ. (12) سول قول

(1) «موڭغۇللار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار» خەنزۇچە، 10 - بەتكە قارالسۇن.

ئۇلۇغ خەزىنە بېگى. (13) ئوڭ قول ئۇلۇغ خەزىنە بېگى. (14) باتىس خان. (15) تومەن بېشى. (16) مىڭبېشى. (17) يۈز بېشى. (18) ئون بېشى... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تەڭرىقۇت ئالىي ھۆكۈمران سۈپىتىدە دۆلەتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ۋە تاشقى سىياسىتىدىكى بارلىق چوڭ ھوقۇقلىرىنى يابغۇ (باش ۋەزىر)، سول قول قۇتىغۇ، ئوڭ قول قۇتىغۇ (ۋەزىرلەر) ئاتلىق ۋەزىرلەرنىڭ ياردەمچىلىكىدە يۈرگۈزەتتى. قۇتىغۇلار بولسا ھونلاردا ئېسىل ئۇرۇق ھېسابلىنىدىغان غويان، لان، شابۇ قاتارلىق ئۈچ ئۇرۇقتىن تەيىنلىنەتتى. ھون تەڭرىقۇتلىرى ئوغۇللىرىنى مانا شۇ ئۈچ ئۇرۇقنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلەندۈرەتتى.

غويان ئۇرۇقىدىن تەيىنلەنگەن قۇتىغۇلار تەڭرىقۇتنىڭ سول تەرىپىدە، لان، شابۇ ئۇرۇقىدىن تەيىنلەنگەن قۇتىغۇلار تەڭرىقۇتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇراتتى.

باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ۋاقتىدا ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ پايتەختى ھازىرقى كۆكخوت شەھىرى (ئىچكى موڭغۇلدا)نىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تەڭرى بالىق ئىدى. كېيىنچە ھونلار پايتەختىنى ئورخۇن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى خوشو سايرام كۆلىنىڭ بويىغا يۆتكەپ كەتكەن. تەڭرىقۇت، ئالچى (خانىش) پايتەختتىكى ئوردىدا تۇراتتى.

باتۇر تەڭرىقۇت ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تېررىتورىيىسىنى تۆت قىسىمغا بۆلۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان. تەڭرىقۇت ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئۆزى بىۋاسىتە باشقۇراتتى. تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئوغۇللىرىدىن تەيىنلەنگەن سول قول بىلگە خان ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ شەرق قىسمىنى باشقۇراتتى. ئۇنىڭ ئايرىم ئوردىسى بولۇپ، ئورنى قورۇلۇن دەرياسى (ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدە) نىڭ يۇقىرقى ئېقىنىدا ئىدى. سول قول بىلگە خان باشقۇرىدىغان تېررىتورىيە شەرقىي ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغا سوزۇلغانىدى. ئۇ ئاساسەن بويسۇندۇرۇلغان توڭگۇسلار ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

ئوڭ قول بىلگەخان (بۇمۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغۇللىرىدىن تەيىنلىنەتتى) ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شەرقىي رايونلىرىنى باشقۇراتتى. ئۇنىڭ ئوردىسى ئولاستايدىكى خاڭگەي (تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ غەربىدە) تاغلىرىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ باشقۇرىدىغان جايلارنىڭ ئىچىگە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ ئالاشەن ئايمىقى، ئىرسىن ئايمىقى، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار دالىسى،

تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي قىسمى، سىلىنگا دەرياسى (تاشقى موڭغۇلىيىدە) نىڭ غەربىي قىسمىدىكى قوبرو قاتارلىق جايلار كىرەتتى.

سول قول، ئوڭ قول بىلگە خانلاردىن قالسا، باتىس خان دەپ ئاتىلىدىغان خانلار ناھايىتى چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئىدى. باتىس خان ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي رايونلىرىنى (شەرقىي تارىم ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىدىن تارتىپ غەربىي كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە) باشقۇراتتى. ئۇنىڭ ئوردىسى ھازىرقى كورلا ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ تەڭرىقۇتقا ۋاكالىتەن ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى.

ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا بولسا، تەڭرىقۇتتىن تارتىپ ئۇلۇغ خەزىنە بېگىگىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى قوشۇنلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى. تۈمەن بېشى، مىڭبېشى، يۈز بېشىلار بولسا نوقۇل ھەربىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى.

### 3. ھونلارنىڭ قانۇن - تۈزۈمى

دۇنيادا قانداق تۈزۈمدىكى دۆلەت بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان قوراللار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم قورالنىڭ بىرى قانۇندۇر. قەدىمكى چاغلاردا دۆلەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ، قانۇن - تۈزۈملەر ئورنىتىلىپ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇنىڭ ئورگانلىرى خەلق ئىرادىسى قوراللىرىدىن مۇستەقىل ئورگانلارغا، ھۆكۈمرانلىق ۋە زۇلۇم ئورگانلىرىغا، خەلقنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان ئورگانلارغا ئايلىنىدۇ»[1]. چۈنكى دۆلەت تۈپ ماھىيىتى جەھەتتىن بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئېزىش قوراللىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھونلار مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنلا سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرگەن.

ئۇلاردا سىنىپىي پەرقلەر ناھايىتى روشەن شەكىللەنگەن. 1924 - يىلى سوۋېت ئارخېئولوگى كوزلوۋ تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ھون خانلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنى تاپقان. شۇ قەبرىلەرنىڭ بىرىدىن ھون خانى بىلەن بىللە كۆمۈلگەن قۇللارنىڭ جەسەتلىرى چىققان. بۇ پاكىت مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا ھونلاردا سىنىپلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كۈچلۈك ھالدا ئىسپاتلايدۇ.

سىنىپىي جەمئىيەتتە، ھۆكۈمران سىنىپ ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى تۈرلۈك

(1) ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ئۇيغۇرچە، 276 - بەتكە قارالسۇن.

ئۇسۇللار بىلەن چەكلەش ئۇچۇن ئەلۋەتتە قانۇن ـ تۈزۈملەرنى بەلگىلەپ، ئۇنى ئىجرا قىلىدۇ.

سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر، ھونلار ھەققىدە قىسسە» ۋە يەنشىگو (7 ـ ئەسىردە ئۆتكەن)نىڭ «خەن يىلنامىسى» غا بەرگەن ئىزاھاتىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ھونلارنىڭ قانۇنى بويىچە:

1) پىچاق كۆتۈرۈپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى.

2) ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ ئائىلىسىدىكى مال ـ مۈلكى مۇسادىر قىلىناتتى.

3) جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەتلىرىگە (ئېغىر ـ يەڭگىللىكىگە) قاراپ جازا بېرىلەتتى. مەسىلەن، يەڭگىلرەك جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى (ئادەم ئۆلتۈرگەنلەردىن باشقىلارنى) باغلاپ، تاش ئۇستىدە يۇمۇلىتىپ، ئۇگە سۆڭەكلىرىنى غۇچ ـ غۇچ قىلىۋېتەتتى ياكى ھوشۇقىنى چېقىپ تاشلايتتى.

4) ھونلارنىڭ قاماقخانىسىغا قامالغانلار ئون كۈندىن ئارتۇق ياتمايتتى. دۆلەتتىكى قاماقخانىلارنىڭ بىردىكى جىنايەتچى بىرنەچچە ئوندىن ئاشمايتتى[1]. بۇنىڭغا قارىغاندا، ھونلاردا جىنايەتچىلەر ناھايىتى تېز بىر تەرەپ قىلىنىدىكەن.

تارىخىي يىلنامىلەردە ھونلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىگە دائىر ماتېرىياللار ئاز بولسىمۇ، يۇقىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھونلار قاماقخانىلارنى سالدۇرۇپ جىنايەتچىلەرنى قامىغان. ھونلارنىڭ جازا قانۇنلىرىغا دائىر بەزىبىر پاكىتلارنى ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى (375 ـ 365 ـ يىللار) دەۋرىدە قوللانغان بەزىبىر جازالاش تەدبىرلىرىدىنمۇ كۆرۈش مۇمكىن. ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى ئاتتىلانىڭ روما ئىمپېرىيىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىدىقۇت روما ئىمپېراتورىغا يالغاندىن سېتىلىپ، ئاتتىلانى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇ ئۆز ئېلىگە قايتىشىدا، ئۆزى بىلەن بىللە بىرنەچچە نەپەر رومالىق سۇيىقەستچى دىپلوماتلارنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. ئىدىقۇت ئاتتىلانىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ كەلگەن ھامان سۇيىقەستنى ئاتتىلاغا مەلۇم قىلىدۇ. روما ئىمپېراتورىنىڭ بۇنداق سۇيىقەستىدىن غەزەپلەنگەن ئاتتىلا ئۇزۇن بىر نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن: «ئەگەر كەچۈرمەيدىغان بولسام سىلەرنى (رومالىق سۇيىقەستچىلەرنى دېمەكچى ـ ئا) ھون ئادىتى بويىچە دالىغا ئېگىز موما ياغاچ تىكىپ موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا يالىڭاچلاپ باغلاپ قويۇپ، ياۋايى يىرتقۇچ قۇشلارغا يەم قىلىپ بېرىپ جازالايتتىم» دېگەن. شۇنىڭغا

(1) «ھون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە، 216 ـ بەتكە قارالسۇن.

قارىغانـدا، ھونـلاردا ئىغىـر جىنايـەت ئۆتكۈزگەنلەرنـى ئەنـە شـۇنداق ئۇسـۇل بىلـەن ئۆلتۈرىدىكـەن.

يۇقىرىدىكـى پاكىتلارغـا قارىغانـدا ھونـلاردا بـۇ چاغدىـن بىرنەچچـە ئەسـىر بۇرۇنـلا مۇكەممـەل دۆلـەت تەشـكىلىي تۈزۈمـى بولغانلىقتىـن، قانـۇن - تـۈزۈم ئورنىتىلغان. قاماقخانىلارمـۇ بولغـان. ئېنگلـس مۇنـداق دەپ يازىـدۇ: «دۆلەتنـى كونـا ئۇرۇقداشـلىق تۈزۈمـى بىلـەن سېلىشـتۇرۇپ كۆرگىنىمىـزدە، دۆلەتنىـڭ بىرىنچـى خۇسۇسـىيىتى - ئۇنىـڭ پۇقرالىرىنىـڭ تېررىتورىيىگـە قـاراپ بۆلۈنۈشـتىن ئىبـارەت ئىكەنلىكـى مەلـۇم بولىـدۇ... دۆلەتنىـڭ ئىككىنچـى خۇسۇسـىيىتى - ئۆزىنـى ئـۆزى قورالل‌ىـق كـۈچ قىلىـپ ئۇيۇشـتۇرىدىغان ئاھالىدىـن ئىبـارەت بولمىغـان ئىجتىمائىـي ھاكىمىيەتنىـڭ تەسـىس قىلىنىشـىدۇر... ئـۇ پەقـەت قوراللىـق كىشـىلەردىنلا ئىبارەت ئەمـەس، بەلكى ئۇرۇقداشـلىق جەمئىيىتىگـە مەلـۇم بولمىغـان ماددىـي قوشـۇمچىلار - قاماقخانـلار ۋە خىلمۇخىـل مەجبـۇر قىلغۇچـى ئورگانلاردىـن ئىبـارەت»[1]. ھونـلار دۆلىتـى مانـا مۇشـۇ ئىككـى خىـل خۇسۇسـىيەتكە تولـۇق ئىگـە بولغـان دۆلـەت ئىـدى.

## 4. ھونلارنىڭ دۆلەت كېڭەشى

ھونـلاردا زۆرۈر تېپىلغانـدا دۆلـەت كېڭەشـى ئۆتكۈزۈلەتتـى. باتـۇر تەڭرىقـۇت قەدىمكـى چاغدىـن تارتىـپ بـار بولغـان دۆلـەت كېڭەشـىنىڭ رولىغـا ناھايىتـى چـوڭ ئېتىبـار بەرگـەن ئىـدى. دۆلـەت كېڭەشـى ئاساسـەن ناھايىتـى چـوڭ ۋە جىددىـي ئىشـلارنى ھـەل قىلىـش زۆرۈرىيىتـى تۇغۇلغانـدا ئۆتكۈزۈلەتتـى. مەسـىلەن:

(1) تەڭرىقـۇت ئالەمدىـن ئۆتكـەن چاغـدا ئۆزىنىـڭ ئورنىغـا كىمنىـڭ تەڭرىقـۇت بولـۇش مەسىلىسـىدە تـالاش - تارتـىش بولـۇپ قالغانـدا، دۆلـەت كېڭەشـىنى ئۆتكـۈزۈپ، ھـەل قىلىشـقا توغـرا كېلەتتـى. بۇنـداق چاغـدا ھـون خانلىـرى پايتەختكـە چاقىرىلىـپ، ھـون تەڭرىقۇتىنىـڭ ئوردىسـىدا بىرنەچچـە كـۈن كەسـكىن تـالاش - تارتـىش ئارقىلىـق يىغىندىـن تەختكـە چىقىدىغـان تەڭرىقـۇت بەلگىلىنەتتـى.

(2) دۆلـەت جىددىـي ۋە ناھايىتـى خەتەرلىـك ئەھۋالغـا ئۇچرىغانـدا (بىـرەر دۆلـەت بىلـەن ئۇرۇشـىدىغان چاغـدا) دەرھـال دۆلـەت كېڭەشـى ئۆتكۈزۈلەتتـى. كېڭەشـتە ھـون خانلىـرى بىرلىكتـە كېڭىشـىپ، دۆلەتنىـڭ سىياسـىتى، ئومۇمىـي ھەربىـي سـەپەرۋەرلىكىدىن تارتىـپ، ئۇرۇشـىنىڭ ئىسـتراتېگىيە، تاكتىكىلىرىغىچـە بولغـان

(1) ف. ئېنگلـس: «ئائىلـە، خۇسۇسـىي مۈلـۈك ۋە دۆلەتنىـڭ كېلىـپ چىقىشـى» ئۇيغۇرچـە، 294 -، 295 – بەتلەرگـە قارالسـۇن.

مۇھىم مەسىلىلەرنى بەلگىلىشەتتى.

(3) ھونلار دۆلىتى باشقا بىر دۆلەت بىلەن ئەھدىنامە تۈزىدىغان چاغدا دۆلەت كېڭىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، تۈزۈلىدىغان ئەھدىنامىنىڭ مەزمۇنى، شەرتلىرى بەلگىلىنەتتى. بۇنداق كېڭەشنى ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇقىم بەلگىلەنگەن ۋاقتى يوق ئىدى، قاچان زۆرۈر تېپىلسا، شۇ چاغدا ئۆتكۈزۈلەتتى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھونلار يەنە ھەر يىلى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۈچ قېتىم كېڭەش ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. بۇنداق كېڭەشنىڭ بىرىنچىسى 1 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلۈپ، ھون خانلىرى، بەگلىرى تەڭرىقۇت ئوردىسىغا يىغىلىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەرۋاھىغا ئاتاپ ئەتىيازلىق نەزرە قىلىشاتتى. ئىككىنچى قېتىملىق كېڭەش 5 ـ ئايدا ھونلار پايتەختىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنىڭدىمۇ ھونلار كۆك تەڭرىگە، يەر تەڭرىگە، قۇياش، ئاي تەڭرىگە سىغىنىپ ئىبادەت قىلىشاتتى. نەزرە قىلىشاتتى. ئۈچىنچى قېتىملىق كېڭەش كۈزدە چارۋا ـماللار سەمرىگەن چاغدا ئورخۇن دەرياسىنىڭ تامىر دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىرمىقىنىڭ بويىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ كېڭەشتە ھونلار ئاھالە سانىنى، چارۋا ـ ماللار سانىنى ھېسابلاپ كۆزدىن كەچۈرۈشەتتى. مانا شۇ ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۈچ قېتىملىق كېڭەش ئىچىدە كۈزدە ئۆتكۈزۈلىدىغىنى ناھايىتى مۇھىم ئىدى، چۈنكى كۈزدىكى كېڭەشتە ھون ئاھالىسىنىڭ نوپۇسى، چارۋا ـ ماللارنىڭ سانى ئاۋۇغان ياكى ئاۋۇمىغانلىقى مەلۇم بولاتتى. بۇ كېڭەشلەرنىڭ ھەممىسىدە ھونلار يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلغاندىن تاشقىرى، بەيگە ئۇيۇشتۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىش قىلاتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، ھونلاردا ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمى خېلى مۇكەممەل ۋە كۈچلۈك ئىدى.

## ئىككىنچى باب: ھونلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى

### 1. ھون قوشۇنلىرىنىڭ خىللىرى

باتۇر تەڭرىقۇت تەرىپىدىن تېخىمۇ مۇنتىزىملاشتۇرۇلغان ھەربىي تۈزۈم بويىچە ھون قوشۇنلىرى ئاساسەن ئاتلىق، قىسمەن پىيادە قوشۇنلاردىن تەشكىللەنگەنىدى. ھونلارنىڭ ياشلىرى ۋە يىگىتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاتلىق قوشۇنغا كىرەتتى. ھون ئاتلىقلىرى ئاتلارنىڭ رەڭلىرى بويىچە تۈمەنلەرگە بۆلۈنۈپ تەشكىللەنگەن. باتۇر تەڭرىقۇت تەشكىللىگەن 400 مىڭ ئاتلىق قوشۇن كۆك، ئاق، بوز قارا، قىزىل تورۇقتىن ئىبارەت تۆت خىل رەڭدىكى ئاتلارغا

(ھەربىر رەڭدىكىسى 100 مىڭدىن) مىندۇرۇلگەن. بۇ 400 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننىڭ قوماندانلىق تەركىبىدە 44 مىڭ 440 كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن 40 نەپىرى تۈمەن بېشى، 400 نەپىرى مىڭبېشى، 4000 نەپىرى يۈز بېشى، 40000 نەپىرى ئون بېشى ئىدى. چۈنكى ھونلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى بويىچە قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەشتە تۆت خىل دەرىجە (تۈمەن بېشى، مىڭبېشى، يۈز بېشى، ئون بېشى) لىك يېتەكچىلەر ئاساسىي گەۋدە ئىدى.

ھون ئاتلىقلىرى ناھايىتى باتۇر، چىداملىق (ئىسسىق ـ سوغۇققا، ئاچلىققا، بوران ـ يامغۇرغا) ئىدى. چۈنكى ھونلار قەدىمدىن تارتىپ ئۆزى ياشىغان جايلارنىڭ تەبىئىي ئەھۋالىدىكى قىيىن شارائىتلارنى (قۇملۇق، سوغۇق، ۋاھاكازالار) يېڭىش ئۈچۈنمۇ ئۇلاردا باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك روھى بولۇشى زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھونلار ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قوشنىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى باش ئەگدۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئەسىرلەر بويى ئۇرۇشۇپ كەلگەن. مانا شۇنداق تەبىئىي ۋە تارىخىي شارائىتلار ھونلارنىڭ باتۇر ۋە قەيسەر، چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ھون ئاتلىقلىرىغا جەڭچى بولۇپ كىرگەنلەر كىچىكىدىن تارتىپ (قوشۇنغا كىرمەستىن بۇرۇن) ئوقيا ئېتىش مەشقىنى قىلىشتا ئىشنى توشقان ئوۋلاشتىن باشلىسا، ئات مىنىش مەشقىنى قويغا مىنىشتىن باشلايتتى. ياشلار ۋە يىگىتلەر قوشۇنغا كىرگەندىن كېيىن ناھايىتى قاتتىق جاپالىق ھەربىي مەشىق ئارقىلىق تەربىيەلىنەتتى. بۇنداق مەشىقلەرنىڭ بىرى ئوۋ ئوۋلاش ئىدى. ئوۋدا كۆكتە ئوقتەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شۇڭقارنى ئېتىپ چۈشۈرگەنلەر جەڭچى ھېسابلانسا، ئادەتتىكى مەشقتە ئۇچقۇر ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئوقيانى نىشانغا تەككۈزگەنلەر جەڭچى ھېسابلىناتتى. ھون ئاتلىقلىرى ئۈستىگە ساۋۇت (زەنجىر چاپان)، بېشىغا دۇبۇلغا (تۆمۈر قالپاق) كىيىشەتتى. ئۇلار نەيزە، ئەگرى قىلىچ، قالقان، ئوقيا بىلەن قوراللىناتتى.

## 2. ھون قوشۇنلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ھون قوشۇنلىرى بىرنەچچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇلار ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇرۇش قوشۇنى بولسا، تىنچلىق مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنى ئىدى. ھونلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى بىلەن ھەربىي تەشكىلى بىر تۇتاش گەۋدە ئىدى. ھەربىي قوشۇن ئەزاسى بولغان جەڭچى ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكچىسى ئىدى. ھون قوشۇنلىرى ئۇرۇشقا كەتكەن

چاغلاردا هون ئاھالىسىدىن ياشانغانلار، ئاياللار يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، چارۋا - ماللارنى بېقىش، دېھقانچىلىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى.

هونلاردا باتۇرغا هۆرمەت قىلىش ئومۇملاشقان ئادەت ئىدى. هون جەڭچىلىرى باتۇرلۇق كۆرسەتسە، پۈتكۈل ئەلنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولاتتى. ئۇندىن باشقا قولغا چۈشۈرگەن غەنىمەت باتۇر جەڭچىلەرگە هەدىيە ئورنىدا بېرىلەتتى. 5 - ئەسىردە شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ باتۇر خانى بەگ قۇلى هەققىدە مۇنداق قوشاق توقۇغان:

«ۋاي كەلدى بەگ قۇلى» دېگەندە ئانا،
توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇ ئان.
دېيىشەر ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا،
«يىگىتىم بولسىدى بەگ قۇلى سىمان».

يۇقىرىدىكى قوشاقمۇ بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇقنى ناهايىتى يۈكسەك هالدا قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. هونلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئىچىدە ئالىيجاناب بىر خىسلەت بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلارنىڭ جەسىتىنى ئۇرۇش مەيدانىدا قالدۇرماي ئېلىپ كېتىش هەربىر جەڭچىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ئىدى. شۇنىڭغا كۆرە ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلارنىڭ جەسىتىنى مەرھۇم تۇرغان قىسىمدىكى جەڭچىلەر ئۇرۇش مەيدانىدىن كۆتۈرۈپ ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ كېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن هونلار جەمئىيىتىدە بىر كىشىنى ئۆلچەشتە ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن ئۇرۇشتا ئوينىغان رولىنى ئۆلچەم قىلاتتى[1].

هون قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى هەققىدە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىي ئەنزارچى جاۋسۇ غەمكىنلىك بىلەن هەسرەتلىنىپ: هون ئاتلىقلىرى بوراندەك بېسىپ كېلىدۇ، قۇيۇندەك غايىپ بولىدۇ. خەن قوشۇنلىرى ئۇلارغا يېتىشەلمەيدۇ، دېگەن[2].

هونلار ئەسىرلەر بويى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ تەجرىبىسىدىن يەرنى

(1) لىن گەن: «هون تارىخى» خەنزۇچە، 156 - بەتكە قارالسۇن.
(2) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، چاۋسۇ هەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.

تىڭشاپ تۇرۇپ دۈشمەن قوشۇنلىرى كېلىۋاتقان جاي بىلەن ئۆزلىرى تۇرغان جاينىڭ ئارىلىقىدىكى مۇساپىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزاڭغا قاراپ دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ سانى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش سەنئىتىنى ئىگىلەپ ئالغانىدى.

# بەشىنچى قىسىم

# ھونلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

## بىرىنچى باب: ھونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى

### 1. چارۋىچىلىق

ھونلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا، ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت ساھەلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە رول ئوينايتتى.

ھونلار تېررىتورىيىسىدىكى قېدىرقان تاغلىرى (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى)، نويان تاغلىرى، خاڭگەي تاغلىرى (بۇ تاغلار ھازىر تاشقى موڭغۇلىيىدە)، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرى تاغلىرى، كەڭسۇ (گەنسۇ)دىكى تىلەۋ تاغلىرى، ئالچى تاغلىرى قاتارلىق تاغلار ۋە شۇ تاغلارنىڭ ئېتەكلىرىدىكى يايلاقلار، سىبىرىيىدىكى لېنا دەرياسى، ئانغارا دەرياسى، يەنسەي دەرياسى، موڭغۇلىيىدىكى سېلىنغا دەرياسى، قۇرۇلۇن دەرياسى، ئالتۇن ئۇنۇن دەرياسى، ئۇرخۇن دەرياسى، تۇغلا دەرياسى، ئالتايتىكى ئىرتىش دەرياسى بويىدىكى ياپىيېشىل يايلاقلار، خۇسۇسەن تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئۇتوكۇن يايلىقى، كۆكنۇر يايلىقى (چىڭخەي كۆلىنىڭ بويلىرى)، ئىرسىن يايلىقى (تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا)، بارىكۆل يايلىقى (قۇمۇلدا) قاتارلىق يايلاقلار چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ناھايىتى ئوبدان ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھونلاردا چارۋىچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مىليونلىغان ئاتلار، نەچچە ئون مىليون كالا ـ قوي، تۆگىلەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تاغلار، يايلاقلار، داللارنى رەڭمۇ رەڭ بولۇتتەك قاپلاپ تۇراتتى.

چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ھونلارنىڭ ئاساسىي بايلىقى بولۇپ، چارۋىچىلىق

ئۇلار ئۇچۇن تۇرمۇش ۋاستىسى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى ھېسابلىناتتى. چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئىنتايىن كۆپ سانىنى ئات، كالا، قوي، تۆگە ئىگىلەيتتى. ھونلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كېرەك بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تەمىنلەپ بېرەتتى. ھونلار ئات، كالا، قوي، تۆگىلەرنىڭ گۆشى بىلەن ئوزۇقلىناتتى. سۈت، قىمىز ئىچەتتى، قايماق، ئىرىمچىك چىقىراتتى، قوينىڭ تېرىسىنى ئاشلاپ جۇۋا كىيەتتى. تۆگە يۇڭلىرىنى ئىگىرىپ يۇڭ چەكمەن توقۇيتتى، قوي يۇڭلىرىنى ھەرخىل بوياپ يىپ ئىگىرىپ گىلەم توقۇيتتى، قوي يۇڭلىرىدىن چىرايلىق شىرداقلار، كىگىزلەرنى بېسىپ تۇرمۇشتا ئىشلىتەتتى، چىدىرلارنى ياسايتتى. كالا تېرىسىدىن كۆن (بولغارى) ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈك تىكەتتى، ئات جابدۇقلىرىنى (قىيىش، ئۈزەڭگە بېغى، قوشقۇن، نوختا، يۈگەن، بەل تاسما قاتارلىقلار) ياسايتتى.

ھونلار چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئات ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. چۈنكى ئاتنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ياكى ھەربىي ئىشلاردا بولمىسۇن، ئات ھونلارنىڭ قاتناش ۋە ھەربىي ساھەسىدىكى ئاساسىي قورالى ئىدى. ئات مىنىش، ھارۋىغا قوشۇش، يۈك ئارتىش قاتارلىق جەھەتلەرگە ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، ئەڭ مۇھىمى ئۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايتتى. ھونلار يۈز مىڭلىغان ئاتلىق قوشۇنغا تايىنىپ، ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ قۇدرىتىنى، ھەيۋىسىنى ئۆزىنىڭ قوشنىلىرى ئالدىدا نامايىش قىلاتتى. ھونلار ئات ئۆستۈرۈشكە شۇنچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنكى، ئاتنىڭ خىللىرىمۇ ئۆز جايىدا ئىدى. مىلادىدىن 200 يىللار ئىلگىرى باتۇر تەڭرىقۇت 400 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلغانىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۆت خىل رەڭدىكى 400 مىڭ ئاتنى بىرنەچچە مىليون ئاتنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ئېلىش مۇمكىن ئىدى. مانا شۇ پاكىت ھونلاردا چارۋىچىلىقنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئات ئۆستۈرۈشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ھونلارنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىدىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە سۇيۇرغاللىق (ئىكتا) تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. ھون خانلىرى تەڭرىقۇت تەرىپىدىن باشقۇرۇشقا بېرىلگەن رايونلاردا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈپ، سۇيۇرغال قىلىنغان تېررىتورىيىسىدە ئۆز چارۋىلىرىنى ئۆستۈرەتتى. سول قول، ئوڭ قول

بىلگە خانلاردىن تارتىپ ئۇن بېشىغىچە بولغان 24 خىل دەرىجىدىكى خانلار، بەگلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ سۇيۇرغاللىرى بار ئىدى. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بېقىندىنىڭ بېقىندىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىدى. مۇنداق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى ھەرقايسىنىڭ ئۆز ئالدىغا سۇيۇرغال قىلىنغان تەۋەلىكىنىڭ بولۇشى فېئوداللىق جەمئىيەتتە بولىدىغان ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت ئىدى.

بەزى تارىخچىلارنىڭ ھونلار جەمئىيىتىنى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت دېيىشى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن دەلىلى ھون خانلىرىنىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان قۇللارنىڭ جەسەتلىرى، ھون خانلىرى ئۆلگەندە بۇرۇنقى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى قامان دىنىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەسىر چۈشكەنلەردىن نەچچە ئوننى ياكى بىرنەچچە يۈزنى مەرھۇم خان بىلەن بىللە دەپنە قىلىش ئادىتى بار ئىدى. لېكىن ھونلار جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىدە قۇللار ئەمگىكى ھېچقانداق رول ئوينىمىغان. ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشۈپ قۇل قىلىنغانلار ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇلار ئائىلە قۇللىرىلا بولغان. ھونلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە قۇللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئەقىلگە سىغمىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇنى چارۋىچىلىقنىڭ ئالاھىدە بولغان ئىككى تۈرلۈك خۇسۇسىيىتى بەلگىلەنگەن. بىرىنچى خۇسۇسىيەت: چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ كۆچمە خاراكتېردە ئىكەنلىكى. يايلاق ھاياتىنى كەچۈرىدىغان ھون چارۋىچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى كۆچمە خاراكتېردە بولۇپ، «پۈتۈنلەي مۇقىم، تۇراقلىق بولغان ئەمەس، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق كۆچمە خاراكتېردىكى ئىشلەپچىقىرىشنى قۇللار ئەمگىكى بىلەن چەكلەپ قويۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى قۇللار ئاسانلا قېچىپ كېتەتتى. بۇ ئەمەلىي ئەھۋال بولۇپ، بۇنى ئىنكار قىلىشقا» بولمايدۇ. ئىككىنچى خۇسۇسىيەت: ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كوللېكتىپلىقى. يايلاقتىكى چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى دېھقانچىلىق، سودا ئەمگىكىگە ئوخشاش ئۇنداق يەككە - يېگانە (يالغۇز) ئېلىپ بارىدىغان ئىشلەپچىقىرىش بولماستىن، ناھايىتى چوڭ كوللېكتىپ ھەرىكەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. بىر توپ كىشىلەر بىرلىكتە تۇرۇپ، پادا - پادا قويلارنى ھەيدەپ يۈرۈپ باقاتتى. مانا شۇنداق كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشتا ئەگەر بىر توپ قۇللارنى يىغىپ ئۇلارنى ئەمگەككە سالىدىغان بولسا، قۇللار ناھايىتى ئاسانلا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى مۇمكىن... ئەگەر قۇللارنىڭ قولىغا تۆمۈر چېتىق، پۇتىغا كىشەن سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە سالماقچى بولسا، ئوت، سۇ

قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان چارۋىچىلىقنى قىلىش زادى مۇمكىن ئەمەس[1]. شۇڭا هونلار جەمئىيىتى «قۇللۇق تۈزۈمدە» دېيىشكە هېچقانداق ئاساس يوق. ئىككىلەنمەستىن تۇرۇپ فېئوداللىق جەمئىيەت ئىدى دېيىش ئەقىلگە ۋە تارىخىي پاكىتلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

هونلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تەبىئىي شەرت - شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاندىن تاشقىرى، شۇ چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇش قابىلىيىتى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇچۇن بەزى چاغلاردا بوران، يامغۇر، قار - شىۋىرغان ۋە قۇرغاقچىلىققا ئوخشاش تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىپ، چارۋا - ماللار كۆپ ئۆلۈپ كېتەتتى. ئىشلەپچىقىرىش ۋەيران بولاتتى. ئىقتىسادىي خارابلىق پەيدا بولۇپ، خەلق ئاچارچىلىققا يولۇقۇپ ئۆلۈپ كېتەتتى. «تارىخىي خاتىرىلەر، هونلار هەققىدە قىسسە»، «خەن يىلنامىسى، هونلار هەققىدە قىسسە» بابلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن 104 يىل بۇرۇن قىش مەزگىلىدە، مىلادىدىن 89 - 71 يىل بۇرۇن قىش مەزگىلىدە، مىلادىدىن 68 يىل بۇرۇن ۋە مىلادىنىڭ 46 - يىللىرى ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەھۋاللار (تەبىئىي ئاپەتلەر، ئاچارچىلىق، ئۆلۈم - يېتىم) يۈز بەرگەن. بەزىدە شۇنداق يامان ئەھۋاللار يۈز بەرسىمۇ، مۇتلەق كۆپ چاغلاردا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇردۇ.

## 2. دېهقانچىلىق

ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا «هونلارنىڭ بۇغداي ئامبىرى» دەپ نام ئالغان تارىم ۋادىسىدىكى ئەجدادلىرىمىز هازىرقى كۈندىن تەخمىنەن يەتتە مىڭ يىل بۇرۇن دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1981 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى»دە بىر پارچە تارىخىي ماقالە بېسىلغان. ماقالىدە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر ئىپتىدائىي قەبرىستانلىقتىن ئىككى جەسەت تاپقانلىقىنى ئېيتقان. جەسەتلەرنىڭ بىرى ياش ئايال، يەنە بىرى كىچىك بالا بولۇپ، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ كاربون 14 تەجرىبىخانىسى قەبرىستانلىقتىن قېزىپ

(1) ليۇباۋ: «شىمالىي جى يىلنامىسى، خورۇجىنا هەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.

ئېلىنغان ياغاچلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، جەسەتلەرنىڭ بۇندىن 6412 يىل بۇرۇنقى جەسەتلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇ جەسەتلەر دەپنە قىلىنغان قەبرىدىن چىغ سېۋەت ئىچىدە ئۆز پېتى بويىچە ساقلانغان بۇغداي چىققان.

لوپنۇردىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنغان ۋاقتى، قەبرىدىن ئۆز پېتىچە ساقلانغان بۇغدايلارنىڭ چىقىشى تارىم ۋادىسىدا بۇندىن تەخمىنەن يەتتە مىڭ يىل بۇرۇن ئەجدادلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

هونلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ئۆزىنىڭ ئاشلىقىغا بولغان ئېھتىياجىنى مەلۇم جەھەتتىن قامداش ئۈچۈن، تارىم ۋادىسىدىن چىقىدىغان ئاشلىقتىن پايدىلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا تارىم ۋادىسى هونلارنىڭ «بۇغداي ئامبىرى» دەپ نام ئالغان.

هونلار بۇغداينى تارىم ۋادىسىدىن كەلتۈرگەندىن تاشقىرى، ئۆزلىرىمۇ دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە ئەھمىيەت بەرگەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، هونلار مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇن (بۈگۈنكى كۈندىن 2 مىڭ 700 يىل بۇرۇن) دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. هازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە بايكۆلنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار ئارقىلىق هونلارنىڭ تۆت چاسا شەكىلدىكى تاش قەبرىلىرى تېپىلغان. بۇ قەبرىلەر ئىچىدىن تېپىلغان تاش چاناقلارنى مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇنقى ۋاقىتقا مەنسۇپ، دەپ هۆكۈم قىلىشقان. يەنە تاشقى موڭغۇلىيىدىكى نويان تاغلىرىدىن تېپىلغان هون خانلىرىنىڭ قەبرىسىدىن (23 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن) رەڭگى قارا زىرائەت ئۇرۇقى چىققان. ئارخېئولوگلار: بۇ زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى ۋاقىتقا مەنسۇپ، دېيىشكەن.

1944 ـ 1951 ـ يىللىرى هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بورىيات موڭغۇل ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسىنىڭ پايتەختى ئۇلان ئۇدەدىن تۆمۈر ئوغاق ۋە تۆمۈر چىشلار (بۇقۇسا چىشى) تېپىلغان[1].

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، تاش چاناق ئاشلىق يەنچىيدىغان، بۇقۇسا چىشى يەر ئاغدۇرىدىغان، ئوغاق پىشقان زىرائەتلەرنى (بۇغداي، شال، تېرىق،

(1) «هون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە 242 ـ بەتكە قارالسۇن.

ئارپا، زىغىر، قىچا، قوناق قاتارلىقلار) ئۆرىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، مانا شۇ پاكىتلارغا قارىغاندا، مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇن تاش چاناق قوللانغانلىقى (دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى)، مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن دېھقانچىلىقتا تۆمۈر چىش، تۆمۈر ئوغاق قاتارلىق سايمانلارنى ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم.

هونلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تارىخىي يازما مەلۇماتلارمۇ بار. مىلادىدىن 119 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سانغۇنى ۋېي چىڭ هونلارغا هۇجۇم قىلىپ، «خاڭگەي تېغىدىكى جاۋشىن (تاشقى موڭغۇلىيىدىكى خاڭگەي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە يېقىن) شەھىرىگە كىرىپ، هونلارنىڭ زاپاس سۆكلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، قوشۇننىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى تولۇقلىغان ۋە قوشۇن بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كەلگەن. شەھەردە قېپقالغان سۆكلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان»[1]. مىلادىدىن 88 يىل بۇرۇن هونلار ئېلىدە «هۆل - يېغىن توختىماي يېغىپ، بىرنەچچە ئاي قار ياغقانلىقتىن چارۋا ماللار ئۆلۈپ كەتكەن. خەلق ئارىسىغا كېسەللىك تارقالغان. زىرائەتلەر پىشمىغان»[2]. مەلىكە جەيۇ (ئۇ مىلادىدىن 100 يىل بۇرۇن ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق قىلىنغان) خەن پادىشاھى خەن جاۋدى (86 - 74 - يىللار)غا يازغان مەكتۇبىدا، هون تەڭرىقۇتىنىڭ بىر قانچە مىڭ هون ئاتلىقلىرىنى ئالدى قوش بەگلىكى (هازىرقى تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا) گە ئەۋەتىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندۇرغانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلىنغان[3].

«يۇقىرىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە يازما مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بىز دەسلەپكى قەدەمدە تۆۋەندىكى خۇلاسىغا كېلىمىز: بىرىنچى، ۋاقىت جەھەتتىن ئالغاندا، هونلار مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇنلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان. ئىككىنچى، رايون جەھەتتىن ئالغاندا، هونلار چۆلنىڭ شىمالىدىكى (تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئۇرخۇن بويلىرى) تېررىتورىيىسىدە دېھقانچىلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى غەربىي يۇرتتا، خەنزۇلارغا يېقىن بولغان چېگرانىڭ شىمالىدىمۇ زىرائەتلەرنى تېرىشنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرغان. ئۈچىنچى، زىرائەت ئۇرۇغلىرىنىڭ خىللىرى جەھەتتە، هونلار سۆك ۋە باشقا زىرائەتلەرنى تېرىشنى بىلگەن. تۆتىنچى،

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ۋېي چىڭ، خوچۈبىڭ ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.
(2) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، هونلار ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.
(3) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، غەربىي رايون ھەققىدە قىسسە» نىڭ «ئۇيسۇن تارمىقى» غا قارالسۇن.

تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ھەققىدە گەپ ئاچقاندا، ھونلار يەر ئاغدۇرۇش، ئۇرۇغ قالدۇرۇش، زىرائەتلەرنى تېرىش (ئۇرۇغ سېلىش)، يىغىم (زىرائەتلەر پىشقاندا ئۇنى ئورۇپ يىغىۋېلىش)، سۆكنى ئاقلاش ۋە ئاشلىقلارنى ساقلاش... بىلىملىرىنى ئاللىقاچان ئىگىلەپ ئالغان. بەشىنچى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى جەھەتتە، ھونلار تۆمۈردىن ياسالغان بۇقۇسا چىشلىرىنى ۋە ئوغاقلارنى ئىشلەتكەن. ئالتىنچى، تېرىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ قوللىنىلىشى دېھقانچىلىق ئەمگىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن قەدەممۇ قەدەم ئېھتىياجدىن ئارتۇق ئاشلىقلار ساقلىنىپ قالىدىغان بولغان. مانا شۇنىڭغا قاراپ ھۆكۈم قىلغاندا، يېزا ئىگىلىك ھونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىدا بەلگىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن»[1]. مىلادىدىن 198 يىل بۇرۇن ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىغا بىنائەن خەن سۇلالىسى ھەر يىلى ھونلارغا بەلگىلىك مىقداردا ئەۋەتىپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە ھاراق ئېچىتقۇسىمۇ بار ئىدى. بۇ ھونلاردا ھاراق ئىشلەپچىقىرىشقىمۇ كېتىدىغان ئاشلىقنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ھونلارنىڭ دېھقانچىلىققا جىددىي ئەھمىيەت بېرىشى يالغۇز ئاھالىنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باقما ھايۋانلارنىڭ (ئات، كالا، قوي، تۆگە، خېچىر قاتارلىقلار) يەم - خەشەك ۋە ئوت - چۆپكە بولغان ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن بولغان.

ف. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۇران ئۆلكىسىنىڭ ئىقلىمى شارائىتىدا ئوزۇق ۋە قاتتىق سوغۇق بولىدىغان قىش پەسلىگە يەم - خەشەك تەييارلىماستىن تۇرۇپ چارۋىچىلىق ھاياتىنى كۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك بۇ يەردە دېھقانچىلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە ھەرخىل دانلىق ئاشلىقلارنى تېرىش زۆرۈر شەرت ئىدى»[2]. شۇنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش لازىمكى، ئېنگېلسنىڭ «تۇران ئۆلكىسى» دېگىنى، تۈركلەرنىڭ «بوز قىر» دېگىنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قەدىمكى چاغلاردا شەرقتە قېدىرقان تاغلىرى (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى) دىن تارتىپ، غەربتە قارا دېڭىز بويىغىچە سوزۇلغان چەكسىز تېررىتورىيىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ شۇ تېررىتورىيىدە تۈركىي خەلقلەر ياشىغان

(1) «ھون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە، 243 - بەتكە قارالسۇن.
(2) ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ئۇيغۇرچە 276 - بەتكە قارالسۇن.

بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەدىمكى چاغدىكى ئورتاق نامى «تۇرا» بولۇپ، ياشىغان جايى «تۇران» دەپ ئاتالغان.

### 3. ئوۋچىلىق

ھونلارنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدا ئوۋچىلىقمۇ ئەزەلدىن تارتىپ خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ھونلار بالىلىرىنى كىچىكىدىن تارتىپ قويغا مىندۈرۈپ، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگىتىشتە توشقان، قۇش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئوۋلىتاتتى. بالىلار سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن تۈلكە، قىرغاۋۇل ئوۋلىتاتتى. ھونلاردا ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئوۋچىلىق ئۇلارنىڭ ماددىي يېمەكلىكلىرىنى تولدۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ئىدى. ھون تەڭرىقۇتلىرى ھەر دائىم قوشۇنلارنى باشلاپ ئورمانلىقلارغا، تاغلارغا بېرىپ ئوۋ قىلاتتى. تۇمەن تەڭرىقۇت (240 ـ 210 ـ يىللار)، باتۇر تەڭرىقۇت (210 ـ 174 ـ يىللار)، قۇتىغۇ تەڭرىقۇت (101 ـ 96 ـ يىللار) لارنىڭ ئۆتكەن تاغلىرى، سېلىنگا بويلىرى ـ بايكۆل ئەتراپلىرىغا ئوۋغا چىققانلىقى شۇنىڭدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئوۋچىلىق يەنە بىر تەرەپتىن قوشۇنلارنى دەم ئالدۇرۇش ۋە مەشىق قىلدۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ئىدى. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا، ئوۋچىلىق يالغۇزلا تۇرمۇشتىكى يېمەكلىكنى تولدۇرۇشنىڭ ۋاستىسىلا ئەمەس، بەلكى ھەربىي خاراكتېرگىمۇ ئىگە ئىدى.

### 4. قول ھۈنەرۋەنچىلىك

سوۋېت ئارخېئولوگىيە ئالىمى كوزلوۋنىڭ 1924 ـ يىلىدىن باشلاپ تاشقى موڭغۇلىيىدىكى نويان تاغلىرىدىن تېپىلغان ھون خانلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى كولاپ ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى[1] 1956 ـ 1960 ـ يىللىرىغىچە جۇڭگو ئارخېئولوگلىرىنىڭ ئىچكى موڭغۇلىيە رايونىدىن تېپىلغان ھون قەبرىلىرىنى كولاپ ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى[2] ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن ماددىي بۇيۇملار (تۆمۈر قوراللار، مىستىن ياسالغان تۈرلۈك بۇيۇملار، ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ ـ زىننەت ئەسۋابلىرى، يۇڭ، يىپەك توقۇلمىلىرى، گىلەملەر، پەردىلەر) نىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھونلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ خىلمۇخىل تۈرلىرى مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن خېلى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى مەلۇم.

(1) كوزلوۋ: «موڭغۇلىيە ۋە تىبەتنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە ھەققىدىكى دوكلاتى» (رۇسچە تەشرى)غا قارالسۇن.
(2) ماچاڭشۇ: «شىمالىي تۇرالار ۋە ھونلار» خەنزۇچە، «ھونلار مەدەنىيىتى» بابىغا قارالسۇن.

هونلاردا تۆمۈر قوراللىرى مەدەنىيىتى يەتكۈزۈپ بەرگەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياغاچچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، كۆنچىلىك (بولغارچىلىق)، بىناكارچىلىققا ئوخشاش تارماقلارنى مۇستەقىل كەسىپ سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ف. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۆمۈر تارىختا ئىنقىلابىي رول ئوينىغان... ئۇ كاسىپلارغا شۇنداق پۇختا ۋە ئۆتكۈر قوراللارنى بەردىكى، تاشلارنىڭ ھېچبىرى شۇ ۋاقىتتا مەلۇم بولغان قوراللارنىڭ ھېچبىرىگە تەڭ كېلەلمەيتتى.»[1] ئەمدى هونلارنىڭ قول - ھۈنەرۋەنچىلىكىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

1. مېتال قۇيمىچىلىق: هونلارنىڭ مېتال قۇيمىچىلىق ھۈنىرى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. چۈنكى، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا تاش قورال دەۋرىدىن تۇچ، مىس قوراللىرى دەۋرىگە، ئاندىن تۆمۈر قوراللىرى دەۋرىگە قەدەم قويغان. مانا شۇ تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىنى كۆزدە تۇتقاندا، هونلار تاش قوراللىرى دەۋرىدىن مىس قوراللىرى دەۋرىگە مىلادىدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن كىرگەن بولسا، تۆمۈر قوراللىرى دەۋرىگە مىلادىدىن مىڭ يىل بۇرۇن كىرگەن. بەزى تارىخچىلار هونلارنى مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن تۆمۈر قورال دەۋرىگە كىرگەن دېيىشىۋاتىدۇ. بۇنداق قاراش يېقىنقى يىللاردا ئارخېئولوگىيە ئىلمى قولغا كەلتۈرگەن مەدەنىي يادىكارلىقلار تەرىپىدىن ئۇزۇل - كېسىل رەت قىلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردا سوۋېت ئارخېئولوگلىرى ئالمۇتا ئەتراپىدا بىر تۈرك خانىنىڭ قەبرىسىنى تاپقان. قەبرىگە دەپنە قىلىنغان جەسەتكە ئالتۇن چاپان كىيدۈرۈلگەن. ئالىملار بۇ جەسەتنىڭ كۆمۈلگەن ۋاقتىنى مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن دەپ ھۆكۈم قىلىشتى[2].

بۇنىڭدىن تاشقىرى، 1972 - يىل قىشتا ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ ئوردوس يايلىقىدىكى ئاروست رايونىدىن تېپىلغان هونلار قەبرىستانلىقىدىن ئىنتايىن قىممەتلىك ئالتۇن، كۈمۈشتە ياسالغان مەدەنىي يادىكارلىقلار چىققان.

ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر ئالتۇن تاج بولۇپ، تاجنىڭ تۆپىسىگە پۈتۈن گەۋدىسى ئالتۇندىن ياسالغان قارچۇغا قوندۇرۇلغان، قارچۇغا ئالتۇن تاجنىڭ چېكىلىكىدىكى ئىككى جۈپ بۆرىنىڭ ئىككى جۈپ تېكەنى چىشلەۋاتقانلىقىغا نەزەر سېلىپ تۇرغان قىياپەتتە قانات قاقىدىغاندەك

(1) ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ئۇيغۇرچە، 280 – بەتكە قارالسۇن.
(2) يىلماز ئۆزتۇنا: (تۈركىيە تارىخچىسى) «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى» تۈركچە 1 – توم 85 – بەتكە قارالسۇن.

جانلىق كۆرۈنىدۇ.

جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى بۇ ئالتۇن تاجنى مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇنقى هونلار مەدەنىيىتىنىڭ يادىكارلىقى دەپ هۆكۈم قىلدى.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇن ئالتۇن ئىبرىتىپ، ئالتۇن چاپان، ئالتۇن تاج قاتارلىق نەفىس سەنئەتكە ئىگە بۇيۇملارنى ياسىغانلىقىغا قارىغاندا، هونلارنىڭ مېتالچىلىق دەۋرىگە (ئاساسەن تۆمۈر قوراللىرى دەۋرىگە) كەم دېگەندە مىلادىدىن مىڭ يىل بۇرۇن كىرگەنلىكىگە گۇمانلانمىسىمۇ بولىدۇ ياكى ئەجەبلىنىشنىڭ هاجىتى يوق.

هونلار تۆمۈردىن ئوقيا باشاقلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى، قىلىچ، خەنجەر، ساۋۇت، دۇبۇلغا، نەيزە، چىش (دېھقانچىلىق سايمانلىرى)، يۇگەن، ئۈزەڭگە، پالتا، هەرە، ئۇشكە، رەندە، ئىسكىنە، دەرەش، قازان، داڭقان قاتارلىق قوراللار ۋە سايمانلارنى ياسىغان.

تاشقى موڭغۇلىيىدىكى نويان تاغلىرىدىن تېپىلغان هون خانلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى هون قەبرىلىرىدىن بولۇپ، نۇرغۇن مېتال قورال بۇيۇملار چىققان، ئۇنىڭ ئىچىدە مىستىن ياسالغان ئوقيا باشاقلىرى، قىلىچ، خەنجەر، يۇگەن، ئوچاق، چۆمۈچ، چۆگۈن، داڭقان، قوڭغۇراق، ئەينەك، بىلەيزۈك، قالپاق، مىس ئات قاتارلىقلار بار. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەبرىلەردىن چىققان نەرسىلەر ئىچىدە يەنە مىستىن ياسالغان قوي، ئات، يولۋاس، بۇغا قاتارلىق هايۋانلارمۇ بار. مىستىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىغا جۈپ - جۈپ بىلەن چۈشۈرۈلگەن هايۋانلارنىڭ سۈرىتى ئالاهىدە ئىستىلغا ئىگە. هونلار يىرتقۇچ يولۋاسنىڭ قىياپىتىدە ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ هونلارنىڭ بىپايان يايلاقلار، قەدىمكى ئورمانلىقلار ئىچىدە هەر دائىم يولۋاس قاتارلىق يىرتقۇچ هايۋانلار بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلگەنلىكىدىكى ئەمەلىيەتنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن هونلارنىڭ يولۋاسقا ئوخشاش يىرتقۇچ هايۋانلارنى باش ئەگدۈرەلەيدىغان قەيسەرلىككە ئىگە مىللىي خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

هونلارنىڭ مېتال قۇيمىچىلىق هۈنەرۋەنچىلىكىدە ئالتۇندىن تۈرلۈك زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش، بۇتلارنى قۇيۇشمۇ ئالاهىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. نويان تاغلىرىدىن تېپىلغان هون خانلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن چىققان تاۋۇت ساندۇقلىرىنىڭ

ئۇستىگە يۇپقا (نىپىز) ئالتۇن گۈللەر قادالغان[1]. مىلادىدىن 21 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سانغۇنلىرىدىن بىرى گەنسۇدا ھونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان. ئۇ شۇ ئۇرۇشتا ھون خانى شىئۇت سوگانى يېڭىپ، ئۇنىڭدىن ئالتۇندىن ياسالغان بىر بۇتنى غەنىمەت ئالغان. بۇ ئالتۇن بۇت قامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھونلارنىڭ چوقۇنىدىغان تەڭرىسىنىڭ ئوبرازى ئىدى. مانا شۇ ئالتۇن بۇت ئۇز ۋاقتىدا پادىشاھ خەن ۋۇدىغا تەقدىم قىلىنغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئالتۇن بۇتنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى يېرىم مېتىر كېلىدىكەن. پادىشاھ خەن ۋۇدى ئالتۇن بۇتنى ئەتىۋارلاپ، پايتەخت شىئەندىكى گۇنچۇەن ئوردىسىغا قويدۇرغان. ھەتتا شۇ ئالتۇن بۇتقا ئاتاپ نەزرە - چىراق قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن نوكچا كۆيدۈرۈپ، بۇتقا ھۆرمەت بىلدۈرگەن[2].

يۇقىرىدىكى پاكىتلارغا قارىغاندا، ھونلاردا ئالتۇن ئېرىتىپ، تۈرلۈك زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش، ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان تەڭرىنىڭ ئوبرازىنى ئالتۇندىن قۇيدۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش ئادەتلىرىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى مەلۇم. شۇنىسى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەركى، ئاددىي بىر يەرلىك ھون خانىدا (شىئۇت سوگاخان كۆزدە تۇتۇلىدۇ) چوقۇنىدىغان ئالتۇن بۇتنىڭ بولغىنىغا قارىغاندا، ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇملار (ئېھتىمال ئالتۇن تەختلەر، ئالتۇن بۇتلار) نىڭ تۈرلىرى، سۈپىتى قانداق بولغىيتتى؟

2. ياغاچچىلىق: ھونلاردا ئوقيا، ھارۋا، ئائىئۆيىنىڭ چاڭقىراق، كەرەگەلىرى، قالقان، ئىگەر، تاۋۇت قاتارلىق قورال سايمانلارنى ياسايدىغان مەخسۇس ئۇرۇنلار بار ئىدى. بولۇپمۇ ياغاچچىلىق كەسپىدە ئوقيا، ھارۋا ياساش ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ھونلار بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدا پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان ئۇرۇشلاردا ئوقيا ناھايىتى كۆپ مىقداردا ئىشلىتىلەتتى. ئوقيانىڭ يالىرى، ئوقيا باشاقلىرىنىڭ ساپلىرىنى ياساش ئۇچۇن پۇختا ۋە كۆپ مىقداردا ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورمانلىق، رايونلاردا ياغاچچىلىق ئىشخانىلىرىنى قۇرغان. ئوقيا قەدىمكى چاغلاردىكى ئۇرۇشلاردا ئىشلەيدىغان مۇھىم قوراللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى جىددىي ئىدى. ئوقيا ياساش بەلگىلىك تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە تەجرىبىگە ئىگە ئۇستىلارنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنداق بولغاندا تەلەپكە لايىق كېلىدىغان ئوقيا

(1) «ھون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە، 277 – بەتكە قارالسۇن.

(2) لىن گەن: «ھون تارىخى» خەنزۇچە، 149 – بەتكە قارالسۇن.

بىلەن قوراللانغان ھون قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا جەڭگىۋارلىق رولىنى ئوينىيالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇقيا ياسايدىغان ئۇستىلارغا ناھايىتى ئوبدان ئېتىبار بېرىلەتتى.

ھونلارنىڭ پىيادە قوشۇنلىرى جەڭ ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ ئۇرۇشقا باراتتى. ھونلار ھاياتىدا، ھارۋا يالغۇز ھەربىي ترانسپورت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قاتناش قورالى ۋە مۇداپىئە قورالى سۈپىتىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايتتى. ھونلار ئۇرۇش ۋاقتىدا ھارۋىدىن مۇداپىئە توساقلىرىنى ياساپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇراتتى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھون ياغاچچىلىرى نەچچە يۈز مىڭلىغان ھون قوشۇنلىرى (ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملىرى) ئۈچۈن قالقان، ئىگەر قاتارلىق قورال - جابدۇقلارنى ياسايتتى. ھونلارنىڭ ھاياتىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق مۇھىم ئورۇندا ئىدى، ئۇلار ئاقئۆيلەردە ياشايتتى. ھون ياغاچچىلىرى ئاقئۆيلەر (كىگىز كۆيلەر) ئۈچۈن ياغاچتىن چاڭقىراق، كەرەگىلەر ياسايتتى.

ھونلارنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنەرۋەنچىلىكى مۇھىم ئورۇندا تۇرغاندىن باشقا، ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقىمۇ ئىگە ئىدى. بايكۆل ئەتراپلىرى، چوغاي تاغلىرى، خېشى كارىدورىدا ياغاچچىلىق ئورۇنلىرى كۆپ ئىدى. چۈنكى ئۇ جايلاردا ياپيېشىل ئورمانلىقلار بار ئىدى. مىلادىدىن 40 يىل بۇرۇن ئىشىك ئاغاسى خۇيىڭ پادىشاھ خەن يەندىگە يازغان مەكتۇپىدا: «چوغاي تاغلىرى ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ئورمانلار بىلەن قاپلانغان، ئۇچار قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ياشايدىغان يەر بولۇپ، بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇت شۇ يەردە ئۇقيا ياساتقۇزغان.»[1] دېگەن. مىلادىدىن ئالتە يىل بۇرۇن باش لەشكەر بېشى ۋاڭ گىڭ ئۇجىلۇنوتى تەڭرىقۇت (مىلادىدىن سەككىز يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 13 - يىلىغىچە تەڭرىقۇت بولغان)غا ئەۋەتكەن ئەلچى شاخۇيەن ئارقىلىق مۇنداق تەلەپنى قويغان: ھونلار باشقۇرۇپ تۇرىدىغان تېررىتورىيىسى ئىچىدە بىر جاي بولۇپ، بۇ جاي خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە تۇتىشىپ، جاڭيې ۋىلايىتى (ھازىرقى گەنسۇدىكى جاڭيې ئەتراپلىرى - ئا)گىچە سوزۇلىدۇ. مانا شۇ جايدىن ئاجايىپ ئېسىل ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە ياۋايى قۇشلارنىڭ پەيلىرى چىقىدۇ، شۇ نەرسىلەردىن ئوقيا باشاقلىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەن پادىشاھى ھون تەڭرىقۇتىدىن شۇ جاينى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دېگەن. بۇ تەلەپنى

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ھونلار ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە 11 - كىتاب، 3803 - بەتكە قارالسۇن.

ئاڭلىغان ئۇچىلۇنوتى تەڭرىقۇت خەن ئەلچىسى ئارقىلىق قايتۇرغان جاۋابىدا (مەكتۇبىدا) مۇنداق دېگەن: ھونلارنىڭ غەرب تەرەپتىكى خانلىرى ئۇچۇن لازىم بولىدىغان ئاقئۆيلەر ۋە هارۋىلارنى ياساشقا لازىم بولىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرى شۇ جايدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ جاي ئاتا - بوۋىمىزدىن بىزگە قالغان. شۇڭا ئۇ جاينى قولدىن بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ[1].

3. توقۇمىچىلىق: نويان تېغىدىكى ھون خانلىرىنىڭ قەبرىسىدىن چىققان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە توقۇلماماللار (يۇڭ، يىپەك توقۇلمىلار) ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

ھون خانلىرىنىڭ قەبرىلىرىنىڭ ئىچى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 15 مېتىر كېلىدىغان قەبرىلەرنىڭ تۆت تېمى ۋە قەبرە يوللىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملارغا خىلمۇخىل سۈرەتلەر كەشتىلەپ چۈشۈرۈلگەن يىپەك، شايى پەردىلەر تارتىلغان. يىپەك، شايى پەردىلەرگە كەشتىلەپ چۈشۈرۈلگەن قىياپەتلەر ئىچىدە خىلمۇخىل رەڭدىكى بۇلۇتلار، قۇشلار، ھايۋانلار، بۇغىغا مىنىپ بۇلۇتلار ئارا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پەرى قىزلار بار. بۇنداق يىپەك، شايى پەردىلەرنىڭ ئىچىدە ھونلارنىڭ ئۆزلىرى توقۇغانلىرىمۇ (خوتەندە توقۇلغان بولۇشى مۇمكىن) بار. خەن پادىشاھلىرى تەرىپىدىن ھون تەڭرىقۇتلىرىغا تەقدىم قىلىنغانلىرى ھەم بار.

يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدە گىلەم ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ھون خانلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن چىققان گىلەملەرنىڭ بىرىگە ئىككى باشلىق ئاجايىپ بىر جۈپ ھايۋاننىڭ بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان دەھشەتلىك ھالەت كەشتىلەنگەن. گىلەملەرنىڭ يەنە بىرىگە قىياپىتى مولۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاناتلىق ئاجايىپ بىر مەخلۇقنىڭ كىيىكنى باسىمداپ يەۋاتقانلىقى كەشتىلەنگەن. مانا شۇ گىلەملەرگە كەشتىلەپ چۈشۈرۈلگەن قىياپەتلەرنىڭ كەشتىلىنىش سەنئىتى سىيىكىفلەرنىڭ كەشتىلەش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ھونلار خوتەندە گىلەمچىلىككە ناھايىتى بەك ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا تۈرلۈك نۇسخىدىكى گىلەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھونلار تۆگىنىڭ تىۋىت يۇڭلىرىدىن يىپ ئىگىرىپ، يۇڭ چەكمەن، شالچە توقۇيتتى. ھون خانلىرى كىمخاب، شايىدىن چاپانلارنى كىيسە، ئادەتتىكى ھونلار يۇڭ چەكمەندىن چاپان كىيىشەتتى. ھون خانلىرى قىش پەسلىدە سۆسەر،

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ھونلار ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە 11 - كىتاب، 3810 - بەتكە قارالسۇن.

بولغۇن، تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىلارنى، خەلق بولسا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا كىيەتتى.

هونلاردا كىگىز بېسىش بەكمۇ تەرەققىي قىلغان. چۈنكى گۈللۈك شىرداق بىلەن كىگىز ئۇلارنىڭ هاياتىدا ناهايىتى مۇهىم ئورۇندا تۇراتتى. هونلاردا ئاقئۆيلەرنىڭ هەممە تەرىپى كىگىز بىلەن قاپلىنىپ ياسالغانلىقتىن، كىگىزگە بولغان ئېهتىياج ناهايىتى جىددىي ئىدى.

4. بولغارچىلىق: هونلاردا بولغارچىلىق (كۆنچىلىك)، سەرداچىلىق هۈنىرىمۇ خېلى راۋاجلانغانىدى. هونلار كالا تېرىسىدىن كۆن (بولغار)، تۆگە تېرىسىدىن، ئۆچكە تېرىسىدىن يۇمشاق، نېپىز بولغارلارنى ئىشلەپچىقىراتتى. مۇنداق ماتېرىياللاردىن ئۆتۈك كىيىشەتتى. هونلارنىڭ ئەرلىرى قونجى تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان ئۆتۈك كىيسە، ئاياللار ئىلمىي پوپۇچلۇق، پاشنىسى ئېگىز، بەكمۇ چىرايلىق ئۆتۈكلەرنى كىيىشەتتى.

بولۇپمۇ هونلار كالا تېرىسىدىن قېلىن، يۇمشاق، چىداملىق قېيىشلارنى ئىشلەپچىقىرىپ ئۇرۇش قوراللىرى، ئات جابدۇقلىرى (ئاتنىڭ بېشىغا كىيدۈرىدىغان نېقاب، قېيىش چاپان، قۇرامساق، نوختا، يۈگەن، ئۈزەڭگە، ئەيىل، تاسما، قۇشقۇن)، قىلىچ، خەنجەر غىلاپلىرى، بۆكتەرگىلىك ۋە قېيىق قاتارلىق نەرسىلەرنى ياسايتتى. هون ئاتلىقلىرى مىنگەن ئاتلارنىڭ بېشىغا قىلىچ، نەيزە، ئوقيادىن ساقلىنالايدىغان نېقابلارنىڭ كىيدۈرۈلۈشى هون ئاتلىقلىرىنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ساۋۇت كىيىپلا قالماي، ئۆز ئېتىنى دۈشمەننىڭ هۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈنمۇ كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. هونلار دەريادىن، ئېقىنلاردىن ئۆتۈش، ئىچكى دېڭىزلاردا ئۇرۇش ئۈچۈن ئات تېرىسىدىن قېيىقلارنى ياساشقىمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇلار ياسىغان قېيىقلار ناهايىتى پۇختا بولۇپ، قىلىچ ۋە ئوقيانىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان (مۇداپىئە قىلالايدىغان)، سۇ ۋە نەملىككە چىداملىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىدى.

5. كۇلالچىلىق: نويان تاغلىرىدىكى هون خانلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن سىغىمچانلىقى، شەكلى، رەڭگى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خىلمۇ خىل ساپال سايمانلار چىققان. بۇ نەرسىلەر مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن ياسالغان بولۇپ، تۈرلىرى ۋە مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى، شەكلى بىلەن گۈللىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ناهايىتى نەپىسلىكى قاتارلىق جەهەتلەردىن قارىغاندا، هونلارنىڭ كۇلالچىلىق (ساپالچىلىق) تېخنىكىسىمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. ئەگەر ناهايىتى

ئۇزاق چاغلاردىن تارتىپ توپلانغان تەجرىبىگە ئىگە كۆلالىچىلىق بولمىغان بولسا، كۆلالىچىلىق تېخنىكىسى مۇنداق يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولاتتى. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا، مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنلا كۆلالىچىلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە مۇستەقىل بىر ساھە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن.

ھونلار خىلمۇخىل شەكىلدىكى گۈللۈك تاۋاقلار، ئاپقۇرلار، كوزا، ياملار (تېرە ئاشلايدىغان)، كۆپلەرنى ئىشلەپچىقىراتتى.

## 5. سودا

ھونلاردا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك ئۆز زامانىسىغا يارىشا خېلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بارغانسېرى تېز سۈرئەت بىلەن ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى يېتەرلىك دەرىجىدە قامدىيالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەر بىلەن سودا مۇئامىلىسىنى يولغا قويغانىدى.

ھونلارنىڭ تاشقى سودا مۇئامىلىسىدە، ھونلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى سودا خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلار چارۋا مال (ئاساسەن ئات)، تېرە، يۇڭ توقۇلمىلارنى خەنزۇلارنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇپ، ئۆز ئېھتىياجىغا لازىم بولغان كەم نەرسىلەرنى (خۇسۇسەن ھون خانلىرىنىڭ زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى) قامدايتتى.

ھونلار خەنزۇلار بىلەن بولىدىغان چېگرا سودىسىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. ھونلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى چېگرا سودىسى مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن (مىلادىدىن 196 يىل بۇرۇن) باشلانغان قۇدىلىششتىن كېيىن قىزغىن بىر باسقۇچقا كىرگەن. شۇندىن باشلاپ ھونلار ھەر يىلى دېگۈدەك سەددىچىن سېپىلىنىڭ تۈۋىگە (قوۋۇق ئالدىغا) كېلىپ، خەنزۇلار بىلەن سودا قىلىشىدىغان بولغان. بۇنداق سودىغا ھون خانلىرى، ئاددى خەلقلەرمۇ جەلپ قىلىنغانىدى. بۇنداق سودا ھونلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدا دەھشەتلىك ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن چاغدىمۇ توختاپ قالمىغان.

مىلادىدىن 180 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 117 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان 60 يىل ئىچىدە چاڭئەن (شىئەن)دىكى خەنزۇ سودىگەرلەر ۋە شەھەر خەلقلىرىدىن ھونلارغا ھەر يىلى ھەربىي قورال ۋە تۆمۈر سېتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن خەن پادىشاھى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر 500

كىشىدىن ئاشقان[1]. نويان تاغلىرىدىكى ھون خانلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن چىققان ماددىي بۇيۇملار ئىچىدە، سودا ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلتۈرۈلگەن ساپال قاچا ـ قۇچىلار، ياغاچ سايمانلار، سىرلانغان سايمانلار، تاش قورالار، ئات جابدۇقلىرى، زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى (ئالتۇندىن ياسالغان)، يىپەك شايىلار ئاز ئەمەس. ھونلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى قىزغىن سودا مۇئامىلىسى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

ھونلار بىلەن خەنزۇلار ئارىسىدىكى سودا مۇئامىلىسى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. تارىخىي يازما مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇنداق سودا مۇئامىلىسى مىلادىدىن تۆت ئەسىر بۇرۇن باشلانغان[2]. نويان تاغلىرىدىكى ھون خانلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن «يۇڭدىن توقۇلغان، گۈللۈك كەشتىلىك ئاجايىپ پەردىلەر تېپىلغان. بۇ پەردىلەردە سەپ تارتىپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلار تەسۋىرلەنگەن، ئادەملەرنىڭ تېپىگە ۋە ئۇلارنىڭ ياۋچىلارچە كىيىم كىيگىنىگە قاراپ ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇلار پەقەت توخارىستان (ھازىرقى ئافغانىستان) تېررىتورىيىسىدىلا مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ياكى بىر ئەسىر بۇرۇن ئىشلەپچىقىلغان بولۇشى مۇمكىن»[3]. مانا شۇ پەردىلەرنىڭ ھون خانلىرى قەبرىسىدىن تېپىلىشى، ھونلارنىڭ ئاسىيادىكى توخارىستان دۆلىتى بىلەنمۇ سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ھونلار ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەتكىچە شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى سودا يولىنىڭ خوجايىنى سۈپىتىدە رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ئارقىلىق يىراقتىكى يونانىستان بىلەنمۇ سودا ئالاقىسىنى يۈرگۈزگەن. نويان تاغلىرىدىكى ھون خانلىرى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ماددىي بويۇملار ئىچىدە كەشتىلەپ توقۇلغان بىر يىپەك پەردە بار. ئالىملار بۇ پەردىنى «يۇنانلىقلار توقۇغان!» دەپ ھۆكۈم قىلىشقان. بولۇپمۇ ھون خانلىرىنىڭ قەبرىلىرى ئىچىدىكى ئالتىنچى نومۇرلۇق قەبرىدىن: «... يونانىستاندا ئىشلەنگەن يىپەك توقۇلمىلار ناھايىتى نۇرغۇن تېپىلغان.»[4] يۇقىرىدىكى پاكىتلار ھونلار بىلەن ياۋروپادىكى يونانىستان ئارىسىدىكى سودا مۇئامىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

(1) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، جىيىڭ ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.
(2) «ھون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە 250 – بەتكە قارالسۇن.
(3) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە 1 – توم، 105 - بەتكە قارالسۇن.
(4) «ھون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە 252 – بەتكە قارالسۇن.

# ئىككىنچى باب: هونلارنىڭ مەدەنىيىتى

## 1. تىل

هونلارنىڭ تىلى ـ ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈرك تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

قەدىمكى چاغدا ئۆتكەن جۇڭگو تارىخچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە بىرمۇنچە هونچە سۆزلەرنى خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئەينى ئاڭاهنى (هونچە ئاهىڭى) بويىچە يېزىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن. لېكىن خەنزۇ يېزىقى بىلەن باشقا مىللەتنىڭ سۆزىنى ئەينى ئاهىڭى بويىچە يېزىش قىيىن بولسىمۇ، هەرهالدا جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى يېزىپ قالدۇرغان هونچە سۆزلەرنى بايقاش ئانچە قىيىن ئەمەس. بۇنىڭ مىساللىرىنى تۆۋەندە كەلتۈرىمىز.

خەنزۇ يېزىقى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش مەلۇم ساندىكى هەرپلەردىن تەركىب تاپقان ئەمەس. خەنزۇ يېزىقى بويىچە قانداق نەرسىنى يازماقچى بولسا، شۇ نەرسىنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىدىغان سۈرەتنى سىزىدۇ. شۇڭا خەنزۇ يېزىقىنىڭ سانى باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش 30 نەچچە هەرپتىن ئىبارەت بولماستىن، بىرنەچچە مىڭ شەكىلنى كۆرسىتىدىغان سۈرەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇ يېزىقى ئارقىلىق ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ق»، «غ»، «ھ»، «ر» هەرپلىرى بىلەن يېزىلىدىغان سۆزلەرنى ئەينى ئاهىڭى بويىچە توغرا يېزىش زادى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا قەدىمكى چاغدىكى جۇڭگو تارىخچىلىرى هونچە (تۈركچە) ناملارنى خەنزۇ يېزىقى بىلەن يېزىشتا ناهايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان بولسىمۇ، لېكىن خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك «هون»نى «شيۇڭنۇ»، «تەڭرى»نى «چېڭلى»، «قۇت»نى «گوتۇ»نى «ئالچى»نى «يانجى»، «قىز»نى «جۇسى»، «ئوتتۇرا»نى «ئوتۇ»، «باتۇر»نى «مودۇن» دەپ يېزىشقان. يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر هەققىدە بىر ئاز چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

| هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئاتىلىشى | ئەسلى هونچە ئاتىلىشى | خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلىشى |
|---|---|---|
| هون | هون | 匈奴 Xiongnu |
| خۇدا | تەڭرى | 撑犁 Chengli |

| | | |
|---|---|---|
| 孤涂 Gutu | قۇت | بەخت ـ سائادەت |
| 头曼 Tuman | تۇمەن | تۇمەن |
| 阏氏 Yanzhi | ئالچى | خانىش (مەلىكە، رەڭ) |
| 冒顿 Modun | ماتۇر | باتۇر |
| 居穴 Juci | قىز | قىز |
| 瓯脱 Outuo | ئوتتۇ | ئوتتۇرا (چېگرا) |
| 径路 Chenlu | قىڭراق | قىلىچ |

ھونلار پادىشاھىنى «تەڭرىقۇت» (خۇدانىڭ ئوغلى، خۇدا بەرگەن بەخت) دەپ ئاتاشقان. قەدىمكى چاغلاردا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز «خۇدا»نى «تەڭرى» دەيتتى. بۇ سۆز ھازىرقى چاغدىكى ئۇيغۇرنىڭكىدىمۇ ساقلانغان، «تىيانشان تېغى» ئەسلىدە «تەڭرى تېغى» دەپ ئاتىلاتتى. قەدىمكى جۇڭگو تارىخچىلىرى «تەڭرى تېغى»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، «تىيەنشەن» دەپ يېزىشقان. كېيىنكى چاغدىكى ياۋروپا ئالىملىرى «تىيەنشەن» سۆزىنى «تىيانشان» دەپ يېزىشقان. ھازىر ئادەتتە «تەڭرى تېغى» نى «تىيانشان» دەپ ئاتىساقمۇ، ئۇنىڭ چوققىسى قەدىمكى چاغدىكى ئەينى نامى بويىچە ھازىرمۇ «خان تەڭرى چوققىسى» دېيىلىدۇ.

«قۇت» سۆزى ھەققىدە گەپ ئاچقاندا، ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ «قۇتلۇق بولسۇن»، «قۇتاتسۇن» دېيىشىدۇ. ھەتتا ئۆزلىرىگە قۇتلۇق دەپ ئىسىممۇ قويۇشىدۇ. مانا بۇ مىسال «قۇت» سۆزىنىڭ ھازىرمۇ ئىستېمالدىن قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ھونلار بىلەن تۇڭگۇسلار ئارىسىدا ئارىلىقى مىڭ يول (500 كىلومېتىر ـ ئا) كېلىدىغان جاي بوش قالدۇرۇلغان. مانا شۇ بوش قالدۇرۇلغان جايدا ھونلارمۇ، تۇڭگۇسلارمۇ چارۋا ماللىرىنى باقمايتتى. بۇ جاينى «ئوتتۇرا» دەپ ئاتىغان. بۇ «ئوتتۇرا» ئەمەلىيەتتە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى چېگرا ئىدى. قەدىمكى جۇڭگو تارىخچىلىرى ھونچە (تۈركچە) «ئوتتۇرا» (بىتەرەپ جاي. چېگرا مەنىسىدە ـ ئا) سۆزىنى خەنزۇ يېزىقى بىلەن «ئوتتۇ» دەپ يېزىشقان.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرىدىن پاڭ شۈەنلىڭ «جىن يىلنامىسى»دا

ئىككى مىسرا ھون قوشىقىنى خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئەينى ئاھڭى (ھون ئاھڭى) بويىچە يېزىپ قالدۇرغان. قوشاق مۇنداق:

فرانسۇز ئالىمى فىلىئوت بۇ قوشاقنىڭ ھونچە (قەدىمكى تۈركچە) ئوقۇلۇشى ئۈستىدە ئىزلىنىپ، ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

秀支替疾冈

Su gi ti lai gen

仆谷秃勾当

Pu gü tura qan

قوشاقنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى مۇنداق:

قوشۇن چىقتى يولغا،
فۇگۇ چۇشتى قولغا.

مىلادىنىڭ 90 ـ يىللىرى تۆرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە ھونلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە قاراپ كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئورخۇن ۋە سېلىنگا ۋادىلىرىدا قالغانلار ئاساسەن شەرقىي ئۇيغۇرلار ئىدى. مانا شۇ شەرقىي ئۇيغۇرلارنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى «تۇرالار» ۋە «ئېگىز ھارۋىلىقلار» (ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن) دەپ يېزىشقان. تارىخچى ۋېيشۇ (مىلادى 6 ـ ئەسىردە ياشىغان) مۇنداق دەپ يازغانىدى. «ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ تىلى ھونلارنىڭ تىلىغا ئوخشاش بولۇپ، بەزىدە ئازراق پەرق بار ئىدى»[1]. بۇ يەردىكى «ئازراق پەرق» مەھەللى سۆزلەرنى كۆرسەتسە كېرەك. مىلادىنىڭ 90 ـ يىللىرى ھونلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە قاراپ كۆچكەن مەزگىلدە غەربكە كېتمىۋاتقان ھونلارنىڭ بىر قىسمى كۇچانىڭ شىمالىدىكى كۆنەس، تېكەس يايلاقلىرىدا قېپقالغان. مانا شۇ ھونلار (200 مىڭ كىشى) مىلادى 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا «زابىندىرلار دۆلىتى»نى قۇرغان. تارىخچى لىيەنشۇ (8 ـ ئەسىردە ياشىغان): «زابىندىرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، تىلى ئېگىز ھارۋىلىقلار (شەرقىي ئۇيغۇرلار) بىلەن ئوخشاش ئىدى»[2]. دەپ يازىدۇ. تارىختا «ئېگىز ھارۋىلىقلار» دەپ ئاتالغانلار

(1) ۋېيشۇ: «ۋېي يىلنامىسى، ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە، 2307 - بەتكە قارالسۇن.
(2) لىيەنشۇ: «شىمالىي سۇلالىلەر يىلنامىسى، غەرب ئەللىرى ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.

ـ قەدىمكى چاغدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ (بايكۆل، ئۇرخۇن، تۇغلا دەريالىرىنىڭ بويىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار) دەل ئۆزى ئىدى. قەدىمكى چاغلاردا شەرقىي ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيىنىڭ ئالاھىدە بولغان جۇغراپىيە شارائىتىنى (يايلاق، دالا، چۆل، قۇم) ھېسابقا ئېلىپ، ئۆز ھاياتىدا ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى تارىخچىلارنىڭ بەزىلىرى ئۇلارنى «ئېگىز ھارۋىلىق تۇرالار» دەپمۇ يېزىشقان. كېيىنكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ھەۋەس قىلىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى تارىخنى ناھايىتى ئۈزەلا تەتقىق قىلىپ، «ئېگىز ھارۋىلىقلار»نى «قاڭقىللار» ياكى «قاڭلىلار» دەپ ئاتاشماقتا. بۇنداق تەتقىقاتچىلار تارىخ ئىلمىغا سەممىيەت، كەمتەرلىك، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەسئۇللۇق پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ، تارىخنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئۆگىنىشى لازىم. ياۋروپا ئالىملىرىمۇ ھونلارنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلىدا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا) سۆزلەشكەنلىكىنى ئالغا سۈرىدۇ. بۇنداق ئالىملار قاتارىغا فرانسۇز ئالىمى رىمۇسات، كىلافورت، نىكتا، لىۋگىرامماتىك گىئورگى (بۇلار فرانسىيە تارىخچىلىرى) لەر كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھونلار، تۈركلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى دېيىشسە، بەزىلىرى (ۋېنگىرلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ) ۋېنگىرلەر تىلىدىكى ئۇيغۇر سۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىسىملارنى مىسال كەلتۈرۈپ، ھونلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن: «ئونىغۇر»، «ئوتىغۇر»، «سارىغۇر» غا ئوخشاش.

يۇقىرىقى بىر قاتار پاكىتلار ھونلارنىڭ تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

## 2. يېزىق

يېقىنقى چاغلارغىچە شەرق ۋە غەرب ئالىملىرى ئارىسىدا، ھونلارنىڭ يېزىقى مەسىلىسى ھەققىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ھەرخىل قاراشلار ھۆكۈم سۈردى. بۇنداق قاراشلارنى ئاساسەن ئۈچ خىلغا ئايرىش مۇمكىن.

1) بەزى تارىخچىلار: «ھونلارنىڭ يېزىقى يوق ئىدى، تىل بىلەنلا چەكلىنەتتى»[1] دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ.

2) بەزى تارىخچىلار: «ھونلار خەنزۇ يېزىقىنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن»

(1) سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر، ھونلار ھەققىدە قىسسە» بابىغا قارالسۇن.

دېيىشىدۇ.

3) بەزى تارىخچىلار: «هونلار ئۆزلىرى ئەجداد قىلغان يېزىقنى قوللانغان ياكى باشقا ئىلغار مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى قوبۇل قىلغان، يىغىپ ئېيتقاندا، هونلار يېزىق قوللانغان»[1] دېيىشىدۇ.

تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قانۇنىيىتى ۋە جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدىكى پاكىتلار، يېقىنقى يىللاردا تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسلىنىپ هونلار مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇنلا يەنىسەي ئورخۇن يېزىقىنى قوللانغان، دەپ قەتئىي هۆكۈم قىلىش ئاساسىغا ئىگىمىز. شۇنداق ئىكەن، ئۇ چاغدا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل قاراشلارنى ئۇزۇل - كېسىل رەت قىلىش لازىم. ئەمدى پاكىتلارغا نەزەر سالايلى:

1) مەدەنىيەت بولسا جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. هونلار مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنلا فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان. ئۇلار شۇ چاغلاردىن باشلاپلا تۆمۈر، مىس، ئالتۇن قاتارلىق قارا ۋە رەڭلىك مېتاللاردىن ھەربىي قورال، سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىق تۈرلۈك نەرسىلەرنى ياساشتا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن. تۆمۈر قوراللارنىڭ ياسىلىشى (ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن، بۇنداق تەرەققىيات باسقۇچىدا ئاللىقاچانلا يېزىق قوللانغان. ف. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۆمۈر رودىسىنى ئېرىتىشتىن تارتىپ، ھەرپلىك يېزىقنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ يېزىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى ئارقىلىق مەدەنىيەتكە ئۆتىدۇ»[2]. تارىخىي تەرەققىيات قانۇنى بويىچە ئېيتقاندا، مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن مېتال ئېرىتىپ (مىس، تۆمۈر، ئالتۇن) تۈرلۈك قوراللار ۋە سايمانلار ياساشتا ئالاھىدە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن، قۇدرەتلىك ئۇلۇغ هون تەڭرىقۇتلۇقىنى قۇرۇپ، دۆلەتنىڭ تەشكىلى تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەتنىڭ خىلمۇخىل تۈرلىرىنى ياراتقان هونلارنىڭ يېزىق قوللانماسلىقى تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگىمۇ، ئەقىلغىمۇ زادى سىغمىسا كېرەك.

2) هونلارنىڭ يېزىق قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تارىخىي پاكىتلارمۇ ئاز

(1) «هون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە 213 – بەتكە قارالسۇن.
(2) ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ئۇيغۇرچە 38 ـ، 39 – بەتلەرگە قارالسۇن.

ئەمەس. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ مىلادىدىن 192 يىل بۇرۇن خەن قىرالچىسى (ئايال پادىشاھى) لۈيخۇغا، مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇن خەن پادىشاھى ۋىندىغا يازغان مەكتۇبلىرى، كىيوك تەڭرىقۇتنىڭ مىلادىدىن 162 يىل بۇرۇن خەن پادىشاھى ۋىندىغا يازغان مەكتۇبى، بۇلارنىڭ ھەممىسى دەلىل بولالايدۇ. مەكتۇبلارنىڭ بىرسىدە كىيوك تەڭرىقۇت خەن ۋۇدىغا مۇنداق دەپ يازغان: «كۆك تەڭرى بىلەن يەر تەڭرىسى تەرىپىدىن ھايات بېرىلگەن، كۈن تەڭرى بىلەن ئاي تەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتى خەن پادىشاھىنىڭ سالامەتلىكىنى ئېھتىرام بىلەن سورايدۇ». قامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھونلار ئاسمانغا، يەرگە، كۈنگە، ئايغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ يازغان مەكتۇبلىرى قامان دىنىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن تاشقىرى، بەدىئىي جەھەتتىمۇ ئۇيرازلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى.

3) ھونلار مىلادىدىن بۇرۇنلا ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خەرىتىلىرىنى سىزغان ۋە ئۇنى قوللانغان. مىلادىدىن 36 يىل بۇرۇن قۇتئۇش تەڭرىقۇت (56 ـ 36 ـ يىللار) ئۆلتۈرۈلگەندە خۇشاللىقىنى باسالماي قالغان خەن پادىشاھى يەندى (48 ـ 33 ـ يىللار) ۋەزىرلىرىگە بەرگەن زىياپىتىدە قۇتئۇش تەڭرىقۇت ھايات چېغىدا ئىشلەتكەن خەرىتىنى ئۆز ئەمەلدارلىرىغا كۆرسەتكەن ئىكەن، مانا شۇ خەرىتىگە ھونلار تېررىتورىيىسىدىكى تاغلار ۋە دەريالار چۈشۈرۈلگەن. شۇ خەرىتە قۇتئۇش تەڭرىقۇتنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان خەرىتىسى بولۇشى مۇمكىن. مىلادىنىڭ 48 ـ يىلى ھونلارنىڭ باتىس بەي خانى خەن پادىشاھى گۇاڭ ۋۇدىغا گۇخىنىڭ ئاتلىق خەنزۇ ئارقىلىق ھونلار دۆلىتىنىڭ خەرىتىسىنى مەخپىي ھالدا ئەۋەتىپ بەرگەن[1]. مانا بۇ خەرىتىنىڭ قۇتئۇش تەڭرىقۇتنىڭ خەرىتىسى بىلەن ئوخشاش خەرىتە بولۇشى تەبىئىي. ھونلار سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا خەرىتىلەرنى سىزىپ ئۇنى قوللانغان ئىكەن، ھونلارنىڭ ئۇ چاغدىكى خەرىتىلەردىكى شەرتلىك بەلگىلەرنى يېزىق ئارقىلىق ئىزاھلىغانلىقىدا شەك يوق.

4) مىلادىنىڭ 250 ـ يىللىرى جۇڭگو پادىشاھى (بۇ مەزگىل ئۈچ دۆلەت مەزگىلى ئىدى) كامبودژاغا ۋەكىللەر ئۈمىكى ئەۋەتكەن. ۋەكىللەر ئۈمىكىدىكى كاڭتەي ئاتلىق ئادەم دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندە، «كامبودژالىقلارنىڭ يېزىقى

(1) پەنخۇا: «كېيىنكى خەن يىلنامىسى. جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىسسە» بابىغا قارالسۇن.

ھونلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشايدىكەن»[1] دېگەن. شۇ چاغلاردا كامبودژالىقلار ھىندى يېزىقىنى قوللانغانىدى. ئەلچى كاڭتەي كامبودژالىقلار قوللانغان ھىندى سانسكرىت يېزىقى (ياكى كاروشتى يېزىقى) بىلەن قەدىمكى چاغلاردا ھونلار قوللانغان يەنسەي ئورخۇن يېزىقىنىڭ پەرقىنى تازا ئايرىيالماي، شۇنداق دېگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ مۇھىمى ھونلارنىڭ يېزىقى بارلىقىنى 3 ـ ئەسىردە ياشىغان خەنزۇلارمۇ بىلىدىكەن.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي يازما پاكىتلار (ھونلارنىڭ يازغان مەكتۇپلىرى، ھون خەرىتىلىرى، كاڭتەينىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى) ھونلارنىڭ يېزىقى بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا يارىسىمۇ، لېكىن ھونلارنىڭ زادى قانداق يېزىق قوللانغانلىقى ھەققىدە بىرنەرسە دېيىش قىيىن ئىدى. مانا شۇ ئەڭ قىيىن، ئەڭ جىددىي ھەل قىلغۇچ مەسىلە ھازىر ئۆزۈل ـ كېسىل ھەل بولدى. پاكىتى تۆۋەندىكىچە:

5) «كېيىنكى يىللاردا روسلار قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتادىن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئىسسىقكۆل ئەتراپىدا بىر قورغان خارابىسىنى قازدى. بۇ قېزىش ئىشلىرىدا ئارخېئولوگىيە تارىخىغا ‹ئالتۇن كىيىملىك ئادەم› دەپ يېزىلغان ۋە ياش ئۆلۈپ كەتكەن بىر تۈرك شاھزادىسىنىڭ مازىرى تېپىلدى. شاھزادىنىڭ يېنىدا تېپىلغان كۈمۈش تاۋاقتا كۆكتۈرك ئېلىپبەسىنىڭ دەسلەپكى شەكلى دەپ ھېسابلانغان ۋە تۈركچە ئىكەنلىكى ئالغا سۈرۈلگەن ئىبارىلار بار. بۇ تېپىلما مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى تارىخقا مەنسۇپ بولۇپ، تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىيلىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئەھۋال قەدىمكى تۈرك مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىياتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ»[2]. مانا بۇ ھونلارنىڭ قوللانغان يېزىقى يەنسەي ئورخۇن يېزىقى (كۆكتۈرك يېزىقى) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا رەت قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت. ھونلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ۋە ھونلارغا قېرىنداش بولغان تۈركلەرنىڭ يېزىقىنى ھونلارنىڭ قوبۇل قىلىپ، ئۇنى قوللىنالىقى زادى مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئەمەس. قىتانلار دۆلىتى (916 ـ 1211 ـ يىللار)، ئۇلۇغ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى (1209 ـ 1368 ـ يىللار) قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى دۆلەت يېزىقى سۈپىتىدە قوللانغان ئەمەسمۇ؟ تىببەتلەرمۇ موڭغۇللار ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر

(1) چىڭ شۇ: «ئۇچ دۆلەت باياننى»نىڭ «كامبودژا تارمىقى»غا ۋە «موڭغۇل تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار» خەنزۇچە 37 – بەتكە قارالسۇن.

(2) يىلماز ئۆزتۇنا: «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى» تۈركچە 1 – توم، 85 – بەتكە قارالسۇن.

يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ تاكى ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلمەكتە.

بەزىلەرنىڭ ئۇرخۇن بويلىرىدىن تېپىلغان كۆكتۈرك مەڭگۈ تاشلىرى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر مەڭگۈ تاشلارغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى 7 ـ ئەسىردىن باشلىنىدۇ، ئۇيغۇرلار 7 ـ ئەسىردىن باشلاپ يېزىققا ئىگە بولغان دېيىشلىرى ئەمدى ئوبيېكتىپ تارىخىي پاكىتلارغا يارىشا رەت قىلىنىشى كېرەك.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ھونلار مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنلا يەنسەي ئۇرخۇن يېزىقىنى قوللانغان.

### 3. ئەدەبىيات

ھازىرغىچە ھونلار ئەدەبىياتىنىڭ يازما يادىكارلىقى تېپىلمىغان بولسىمۇ، ھونلار تەرىپىدىن توقۇلغان قوشاقلار ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

ئايرىلىپ قالغاندا تىلەن تاغىدىن،<br>
ئاۋۇماس بوپقالدى چارۋا ـ مالىمىز.<br>
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تاغىدىن،<br>
مۆڭلىنىپ سارغايدى قىز، ئايالىمىز.

بۇ قوشاقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئانچە ـ مۇنچە چۈشەنچە بېرىشكە بولىدۇ.

باشتا توختىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەن سۇلالىسى ھونلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئۇزۇن مۇددەت پۇختا تەييارلىق كۆرگەن. خەن ۋۇدى پادىشاھلىق قىلغان چاغدا (140 ـ 87 ـ يىللار) ھونلارغا قارشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن. بۇنداق ئۇرۇشلارنىڭ بىرى مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن بولغان. شۇ ئۇرۇشتا مەشھۇر سانغۇن خۇچۈبىڭ باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە يۈزمىڭ ئاتلىق، پىيادىدىن تەركىب تاپقان خەن قوشۇنلىرى ھونلارنى ئىككى قېتىم گەنسۇنىڭ شىمالىغا قوغلاپ بېرىپ، خېشى كارىدورىنى تارتىۋالغان. گەنسۇدىكى تىلەۋ (چىلەنشەن)، ئالچى تېغى (يەنجىشەن) بوك ـ باراقسان، ئارچا ـ قارىغايلار قاپلاپ تۇرغان، ياپيېشىل ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، قىشتا ئىللىق، يازدا سالقىن، چارۋىچىلىققا ناھايىتى باب، يايلاقلىرى ئۇزۇندىن

- ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن تاغلار ئىدى. ھونلار مانا شۇ گۈزەل يايلاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا بېغىشلاپ يۇقىرىدىكى قوشاقنى توقۇغان. قوشاقتا ھونلار ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان چارۋىچىلىق بىلەن رېئال ھاياتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىرلەشتۇرۇلگەن. قوشاقتا «ئالچى تېغى» بىلەن «مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز، ئايالىمىز» دېگەن قۇرلارنىڭ باغلىنىپ تەسۋىرلىنىشى ناھايىتى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. چۈنكى ھونلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى رەڭگى سۈزۈك قىزىلغا مايىل بىر تۈرلۈك گۈلدىن ئۇپا ياساپ، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن يۈزىگە سۈركىشەتتى. ھونلار مانا شۇ ئۇپىنى ئالچى (قىزىلچى - ئا) ئۇپىسى دەپ ئاتىشاتتى. شۇنىڭدەك ھون تەڭرىقۇتىنىڭ رەسمىي بىكەسى (خانىش - ئا) ئالچى دەپ ئاتىلاتتى. ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھازىرقى رۇس تىلىدىكى «ئالى» (قىزىل - ئا) سۆزى ھون (تۈرك) لارنىڭ «ئالچى» سۆزىدىن كېلىپ چىققانىكەن.

ھونلار ئالچى تېغىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، ھون خوتۇن - قىزلىرىنىڭ گويا ئۇپا - ئەڭلىكتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئوخشىتىپ، بۇندىن كېيىن خوتۇن - قىزلىرىمىز چىرايى گۈزەل ئالچى بولالمايدىغان بولۇپ قالدى، دەپ ھەسرەتلەنگەن.

## 4. مۇزىكا

مىلادىنىڭ 89 - يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرىدىن بىرى دۆشەن غەربىي ھونلار (شىمالىي ھونلار) بىلەن ئۇرۇشقان چاغدا، ھونلارنىڭ ئوردىسىدىن چىقىۋاتقان نەي ئاۋازىنى ئاڭلىغان[1]. مىلادىنىڭ 200 - يىلى مەشھۇر ئەدىب، خەتتات سەي يۇڭنىڭ قىزى سەي ۋېنجى شەرقىي ھونلار (جەنۇبىي ھونلار) تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن. ئۇ شەرقىي ھونلارنىڭ سول قول بىلگە خانىغا ياتلىق قىلىنغان بولۇپ، ھونلاردا 20 يىل تۇرغان. مىلادىنىڭ 220 - يىلى ساۋساۋ تەرىپىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن. ئۇ «ھونلار نېيىگە 18 غەزەل» دېگەن شېئىرىي ئەسىرىدە: «كەچ كىرگەندىن تارتىپ تاڭ ئاتقانغا قەدەر داقا - دۇمباقنىڭ ئاۋازى ياڭراپ تۇرىدۇ»[2] دېگەن.

مانا شۇ يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن پاكىتلارغا قارىغاندا، ھونلاردا نەي، دۇمباق،

(1) پەنخۇا: «كېيىنكى خەن يىلنامىسى، دۆشەن ھەققىدە قىسسە»گە قارالسۇن.
(2) پەنخۇا «كېيىنكى خەن يىلنامىسى، سەيۋېنجى ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.

ناغرا قاتارلىق مۇزىكا (ساز) ئەسۋابلىرى بولغان. بۇ ھەقتىكى مەلۇمات مىلادىنىڭ 1 - ئەسىردە بېرىلگەن بولسىمۇ، ھونلارنىڭ مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنلا مۇزىكىلىرى بولغانلىقىغا گۇمانلانمىسىمۇ بولىدۇ.

## 5. سەنئەت

ھونلاردا سەنئەتنىڭ خىلمۇخىل تۈرلىرى (رەسساملىق، نەققاشلىق، ھەيكەلچىلىك) ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان.

1. رەسساملىق: نويان تاغلىرىدىكى قەدىمكى ھون خانلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە ھونلارنىڭ رەسساملىق سەنئىتىدىن گۇۋاھلىق بېرىدىغان پاكىتلار خېلى كۆپ. قاچىلار قىزىل، قارا سىرلار بىلەن سىرلانغان. قاچىلارنىڭ بىرىدە قارا سىرنىڭ ئۈستىگە كەينىنى مايمۇن تەرەپكە قىلىپ تۇرغان بىر شىرنىڭ سۈرىتى قىزىل رەڭ بىلەن سىزىلغان. ياغاچتىن ياسالغان تاۋۇتلارنىڭ سىرتى قارا سىر بىلەن سىرلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل، سېرىق، يېشىل، نەشرەڭدىن ئىبارەت تۆت خىل رەڭ بىلەن گۈزەل رەسىملەر سىزىلغان. بۇلار ئىچىدە بىر تۈرنىنىڭ بۇلۇت ئىچىدە پەرۋاز قىلىپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

2. نەققاشلىق: ھونلار مىسقا، سۆڭەككە ئادەملەرنىڭ، ھايۋانلارنىڭ خىلمۇ خىل ھالەتلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان قىياپەتلىرىنى نەفىس قىلىپ نەقىشلەپ (ئويۇپ) چۈشۈرۈشكە ئۇستا ئىدى. ئۇلار قاشتېشىدىنمۇ چىرايلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسىغان. نويان تاغلىرىدىكى قەدىمكى ھون خانلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن چىققان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە ياقۇت ئات، قاشتېشى تاقالغان كەمەرلەر بار. مانا شۇ كەمەرگە تاقالغان قاشتېشىغا بىر - بىرىگە قاراپ ئۇسسۇل ئويناپ تۇرغان بىر جۈپ ئەجدىھا نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈلگەن.

3. ھەيكەلتاراشلىق: ھونلار قامان ئەقىدىسىگە كۆرە ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان تەڭرىلىرىنىڭ (خۇدالىرىنىڭ) بۇتلىرىنى (ھەيكىلىنى) ئالتۇندىن، ياغاچتىن ياساشقان. مەسىلەن، مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن خەن سانغونى خۇچۇبىڭ گەنسۇدا ھونلارنى مەغلۇپ قىلغان ۋاقتىدا غەنىمەت ئالغان ئالتۇن بۇتنى ئەسكە ئېلىش شۇنىڭغا مىسال بولىدۇ. ھون قەبرىلىرىدىن خېلى كۆپ ياغاچ بۇتلارمۇ چىققان.

## 6. بىناكارلىق

1928 ـ ، 1929 ـ يىللىرى سوۋېت ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىدىن سوسنوۋىسكى، 1955 ـ، 1956 ـ يىللىرى ئوكلادنىكوۋ تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار نەتىجىسىدە، سېلىنگا دەرياسىنىڭ بويىدىن هونلارنىڭ بىر شەهەر خارابىسى تېپىلغان. بۇ خارابىنىڭ ئورنى هازىرقى بورىيات ئاپتونوم ئوبلاستىنىنىڭ پايتەختى ئۇلان ئۇدە شەهىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 16 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سېلىنگا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان، شەهەرنىڭ تۆت ئەتراپى سېپىل بىلەن ئورالغان، سېپىل بويلاپ كەتكەن چوڭقۇر خەندەكمۇ بار. شەهەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 348 مېتىر كېلىدۇ. شەرق تەرىپىدىكى سېپىلنى سېلىنگا دەرياسىنىڭ سۈيى يالاپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. شەهەرنىڭ شەكلى تۆت چاسا بولۇپ، ئۇنىڭدىن تېپىلغان ئۆيلەرنى ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچى خىلدىكى ئۆيلەر ئادەتتىكى ئۆيلەر بولۇپ، هەر بىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 20 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئۇلىغا تاشتىن ئىككى قەۋەت ئۇل قويۇلغان. ئۇل ئۇستىگە ناهايىتى نۇرغۇن ياغاچ تۈۋرۈكلەر ئورنىتىلغان. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىسى لاي، توپا بىلەن تولدۇرۇلۇپ، قاڭدالغان. ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى جەنۇب تەرەپكە قويۇلغان. ئارخېئولوگلار، بۇ ئۆيلەردە ئاددىي كىشىلەر هايات كەچۈرگەن، دەپ تونۇشقان.

ئىككىنچى خىلدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى بىرىنچى خىلدىكى ئۆيلەرگە قارىغاندا چوڭ بولۇپ، ياسىلىشىمۇ بىر قەدەر سىلىق. بۇنداق ئۆيلەردە هون ئاقسۆڭەكلىرى ياشىغان. بۇ خىل ئۆيلەر تۆت چاسا بولۇپ، ئىشىكى جەنۇب تەرەپكە قويۇلغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئادەتتىكى ئۆيلەردىن پەرقلىنىدىغان ئالاهىدىلىكى شۇكى، بۇنداق ئۆيلەرنى قىشتا ئىسسىتىش ئۈچۈن كاڭدىن پايدىلانغان[1].

بۇ شەهەردىن ساپالدىن ياسالغان ناهايىتى نۇرغۇن سايمانلار چىققان. بۇ ساپال سايمانلارنىڭ شەكلى، چوڭ ـ كىچىكلىكى هەرخىل بولۇپ، چېكىلگەن گۈللىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ساپال سايمانلار قول ۋە چاق بىلەن ياسىلاتتى. شەهەردىن ساپال سايمانلارنى ياسايدىغان چاقلارمۇ چىققان[2].

تاشقى موڭغۇلىيىدىكى قورولون دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن هونلارنىڭ بىر

(1) «هون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە 344 ـ بەتكە قارالسۇن.
(2) «هون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە 343 ـ ۋە 345 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

شەھەر خارابىسى تېپىلغان. خارابىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (ھەربىر تەرەپنىڭ) 767 مېتىر بولۇپ، شەرق ۋە غەرب تەرەپنىڭ ئۇزۇنلۇقى (ھەربىر تەرەپنىڭ) 360 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ ھازىرقى ساقلىنىپ قالغان خارابىسىنىڭ قېلىنلىقى 3.7 مېتىر، ئېگىزلىكى 0.7 مېتىر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ مەركىزىدە ناھايىتى چوڭ بىر قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇ «گوۋا ـ دوبۇ» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئېھتىمال بۇ قۇرۇلۇش ھونلارنىڭ ئىبادەتخانىسى بولسا كېرەك. بۇ شەھەر خارابىسىدىن ناھايىتى نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلار چىققان[1]. 1925 ـ يىلى سوۋېت ئارخېئولوگى ۋىلادىمىروۋ قورولۇن دەرياسىنىڭ دىرجىن ئېرماقىنىڭ سول قىرغىقىدىن يەرلىك خەلقلەر «خاسار» (ھازار؟) دەپ ئاتايدىغان بىر شەھەرنى تاپقان. ۋىلادىمىروۋ بۇ شەھەرنى «ھەربىي قورغان خارابىسى» دەپ تونىغان. شەھەر سېپىلىنىڭ كەڭلىكى 10 ـ 15 مېتىر، ئېگىزلىكى 30 ـ 50 سانتىمېتىر (ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى) كېلىدۇ. سېپىل ئەتراپىدىكى خەندەكنىڭ كەڭلىكى 3 ـ 6 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 30 ـ 70 ـ سانتىمېتىر كېلىدۇ. شەھەر ئىچىدە كۆلىمى ھەرخىل بولغان قۇرۇلۇشلار بار. ھون شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۈستى ساپال قىشلار بىلەن يېپىلغان[2]. مىلادىدىن 119 يىل بۇرۇن خەن سانغۇنى ۋېي چىڭ ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، تاشقى موڭغۇلىيىدىكى خاڭگەي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تىزمىسىدىكى جاۋشىن شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان ھون شەھىرىگە بېسىپ كىرگەن. بۇ يەردىكى ئاشلىق ساڭلىرىنى كۆيدۈرگەن. يۇقىرىدىكى بىر قاتار پاكىتلارغا قارىغاندا، ھونلاردا بىناكارلىقمۇ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان.

## 7. تىبابەتچىلىك

خەن ۋۇدى مىلادىدىن 100 يىل بۇرۇن سۇئۇ باشچىلىقىدا 100 كىشىدىن تەركىب تاپقان چوڭ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ھونلارغا ئەۋەتىدۇ. سۇئۇ ھونلار دۆلىتىگە يېتىپ كەلگەندە ھون تەڭرىقۇتى قۇتىغۇ سۇئۇنى ياخشى قارشى ئالمايدۇ. شۇ چاغدا، بۇرۇن ھونلارغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇلمىغان ۋۇچاڭ قاتارلىق خەن ئەمەلدارلىرى سابىق قۇنى خان (مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ھون خانى ـ ئا) نىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى

(1) «ھون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە 350 ~351 – بەتلىرىگە قارالسۇن.
(2) «ھون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە 356 –، 355 – بەتلىرىگە قارالسۇن.

غۇۋان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يوشۇرۇن سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. سۇيىقەستچىلەر تەڭرىقۇتنىڭ ئەقىللىق ۋەزىرى ۋېي لۈينى ئۆلتۈرۈپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسىنى بۇلاپ خەن سۇلالىسىگە قېچىشنى پىلانلايدۇ. سۇيىقەستچىلەردىن ۋۇچاڭ سۇ ئۇنىڭ ئورۇن باسارى جاڭشېنغا (ئۇنىڭ بىلەن كونا تونۇش ئىكەن) سۇيىقەستنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالىدۇ. جاڭشېن سۇيىقەستچىلەرنى قوللاپ، ۋۇچاڭغا مەدەت بېرىدۇ. سۇيىقەستچىلەر بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، قۇتنغۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوۋغا چىقىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 70 تىن ئارتۇق ئادەمنى تەييارلاپ ھەرىكەتنى باشلىماقچى بولىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى قېچىپ چىقىپ سۇيىقەستنى تەڭرىقۇتنىڭ ئوغۇللىرىغا مەلۇم قىلىدۇ. تەڭرىقۇتنىڭ ئوغۇللىرى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ھامان قوشۇن تارتىپ كېلىپ، غۇۋان باشچىلىقىدىكى سۇيىقەستچىلەرنى قىرىپ تاشلايدۇ. ئۇلاردىن ۋۇچاڭلا تىرىك قولغا چۈشىدۇ. جاڭشېن ئۆزى قوللاپ مەدەت بەرگەن سۇيىقەستنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىدۇ، ئەھۋالنى سۇئۇغا مەلۇم قىلىدۇ. ئۆز ئورۇن باسارى جاڭشېن قوللىغان سۇيىقەستنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىدىن قورققان سۇئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولىدۇ. سۇيىقەستتىن خەۋەر تاپقان قۇتنغۇ تەڭرىقۇت خەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىماقچى بولىدۇ. لېكىن تەڭرىقۇتنىڭ ۋەزىرى ئىل قىسەي خەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگەندىن كۆرە، ئۇلارنى تەسلىم قىلدۇرۇش پايدىلىق، دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. تەڭرىقۇت ۋېي لۈينى ئەۋەتىپ سۇئۇنى تەسلىم قىلدۇرماقچى بولىدۇ، سۇئۇ تەسلىم بولمايدۇ ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. شۇ چاغدا ۋېي لۈي قامان تېۋىپلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ سۇئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. قامان تېۋىپلىرى دەرھال يەرنى كولاپ بىر ئورا قېزىپ، ئوت قالاپ ئورىنىڭ تېگىنى ئىسسىتىدۇ، ئاندىن ئىسسىقلىق چىقىپ تۇرغان ئورىنىڭ ئاغزىغا سۇئۇنى ياتقۇزۇپ، قامان تېۋىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ قان چىقىرىدۇ. ئەسلىدە سۇئۇنىڭ نەپىسى توختاپ قالغان بولسىمۇ، يېرىم كۈندىن كېيىن سۇئۇ ھوشىغا كېلىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ھونلارنىڭ قامان تېۋىپلىرىنىڭ جىددىي كېسەللەرنى قۇتقۇزۇپ ئېلىش ۋە تىخ تېگىپ ياردار بولغان ئادەملەرنى ساقايتىشقا تاشقى ئوپېراتسىيە ئىشلىرى قولدىن كېلىدىكەن.

سۇئۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغاندىن كېيىنمۇ تەسلىم بولۇشقا ئۇنىمىغان، بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان ھون تەڭرىقۇتى ئۇنى بايكۆل (بايقال) بويىغا سۈرگۈن قىلغان.

سۇئۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە «ئۆز يۇرتۇمغا قاچان قايتىپ كېتىمەن» دەپ سورىغاندا، تەڭرىقۇت «قوچقار تۇغقان چاغدا قايتىپ كېتىسەن» دەپ ھاقارەتلىگەن. قەيسەر، قەتئىي ئىرادىلىك سۇئۇ قۇتىغۇ (101 ـ 96 ـ يىللار)، غۇلىقۇ (96 ـ 85 ـ يىللار)، غۇياندى (85 ـ 68 ـ يىللار) قاتارلىق ئۈچ تەڭرىقۇتنىڭ خورلاشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، مىلادىدىن 81 يىل بۇرۇن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەتكەن. خەن جاۋدى (86 ـ 74 ـ يىللار) مىلادىدىن81 يىل بۇرۇن ھونلار بىلەن بولغان قۇدىلىشىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشىلىنىشقا باشلىغان. خەن جاۋدى ئەلچى ئارقىلىق، ھونلاردىن سۇئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، غۇياندى تەڭرىقۇت (85 ـ 68 ـ يىللار) «سۇئۇ ئۆلگەن» دەپ جاۋاب قايتۇرغان، لېكىن بۇرۇن ھونلاردا قالدۇرۇلۇپ، ئۆز دۆلىتىگە ئەۋەتىلمىگەن چاڭ خۇي ئاتلىق ئەمەلدار كېچىسى ئوغرىلىقچە خەن ئەلچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسەتكەن. شۇ ئەقىل بويىچە تەڭرىقۇتقا مۇنداق دېگەن: «سۇئۇ ئۆلمىگەن، پادىشاھىمىز كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋ قىلىپ، بىر تۇرنىنى قولىغا چۈشۈرگەن. تۇرنىنىڭ پۇتىغا يىپەك رەختكە يېزىلغان خەت باغلانغان ئىكەن. خەتتە سۇئۇ ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر كۆلنىڭ بويىدا بارلىقىنى ئېيتقان»، مانا شۇنداق تەدبىر ئارقىلىق قۇتقۇزۇلغان سۇئۇ مىلادىدىن 81 يىل بۇرۇن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن[1].

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن پاكىت ھونلاردا تىبابەتچىلىكنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 8. دىن

ھونلار قامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. قامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھونلاردا ئاسمانغا، يەرگە، كۈنگە، ئايغا، يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش ئادىتى بار ئىدى. بۇنداق ئادەت ھونلار ھاياتىدىكى سىياسىي، ھەربىي ئىشلارغىچە سىڭىپ كەتكەن.

ھون تەڭرىقۇتلىرى چېدىرلىرىنى تىككەندە، ئىشىكىنى كۈن چىقىش تەرەپكە قارىتىپ ئاچاتتى. ھون تەڭرىقۇتلىرى تاڭ سەھەردە كۈنگە قاراپ چوقۇناتتى، كېچىسى ئايغا چوقۇناتتى. ھونلار ناھايىتى جىددىي مۇھىم ئىشلارنى قىلىشتا يۇلتۇز ۋە ئايغا قاراپ بىر تەرەپ قىلاتتى، ھونلار ئاي تولغاندا دۈشمەن ئۈستىگە

(1) «خەن يىلنامىسى، سۇئۇ ھەققىدە قىسسە» بابىغا قارالسۇن.

بېسىپ بېرىپ ھۇجۇم قىلاتتى، ئاي تولۇلغاندا قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتەتتى. ھون تەڭرىقۇتلىرى خەن پادىشاھلىرىغا يازغان مەكتۇپلىرىدا كۆك تەڭرى بىلەن يەر تەڭرى تەرىپىدىن ھايات بېرىلگەن، كۈن تەڭرى بىلەن ئاي تەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان «ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتى» دېگەن سۆزلەرنى قوللىناتتى. ھونلارنىڭ كۆك، يەر، ئاي، كۈنگە چوقۇنۇشى بۇتپەرەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يۇقىرىقى بابلاردا تىلغا ئېلىنغان ئالتۇن بۇت، ياغاچ بۇتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

قامان ئەقىدىسى بويىچە تۆت تۈرلۈك رەڭ ئارقىلىق شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمالدىن ئىبارەت تۆت تەرەپنى بەلگىلەيتتى. ياكى تۆت تۈرلۈك رەڭ شۇ تۆت تەرەپنىڭ ئالامىتى ئىدى. مەسىلەن:

1. كۆك رەڭ ـ شەرق تەرەپنى؛ 2. قىزىل رەڭ ـ جەنۇب تەرەپنى؛ 3. ئاق رەڭ ـ غەرب تەرەپنى؛ 4. قارا رەڭ ـ شىمال تەرەپنى كۆرسىتەتتى.

قامان دىنىدىكى ئېتىقاد كېيىنگە كېلىپ كىشىلەرنىڭ مەلۇم رەڭگە بولغان ئامراقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ خىلدىكى ئامراقلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ چېدىرلىرى، بايراق، كىيىم ـ كېچەكلىرى، ئات جابدۇقلىرىنىڭ رەڭگىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇت خەن گاۋزۇ (ليۇ باڭ) نى ھازىرقى داتۇڭ شەھىرى يېنىدا يەتتە كېچە ـ كۈندۈز قورشاۋغا ئالغان. خەن گاۋزۇ باشلىق بىرنەچچە يۈزمىڭ خەن قوشۇنلىرىنىڭ شەرق تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، غەرب تەرىپىنى ئاق بوز ئاتلىق، شىمال تەرىپىنى قارا ئاتلىق، جەنۇب تەرىپىنى قىزىل تورۇق ئاتلىقتىن ئىبارەت 400 مىڭ ھون ئاتلىقلىرى قورشىۋالغان.

قامان ئېتىقادىغا كۆرە ئاسماندىكى تەڭرى پەرىشتىلەر بىلەن يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋەت باغلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئالاقىنى باغلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قامانلار پەيدا بولغان. بۇنداق قامان (شامان)لار ئۇسسۇل ئويناپ ئاسماندىن چۈشىۋاتقان پەرى قىز قىياپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىناتتى. ھونلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىدا قامانلارنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى.

## 9. ئۆرپ ـ ئادەت

ھونلارنىڭ توي قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئۆزگىچە ئىدى. ئادەت بويىچە، بىر ئۇرۇقتىن بولغان قىز ئۆز ئۇرۇقىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىگە ياتلىق قىلىنمايتتى. بىر ئۇرۇقتىن بولغان قىز باشقا ئۇرۇقنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن توي قىلىشاتتى.

بۇندىن باشقا، تۇل قالغان ئۆگەي ئانىسىغا ئۆگەي ئوغۇل، تۇل قالغان يەڭگىسىگە مەرھۇمنىڭ ئىنىسى ئۆيلىنىدىغان ئادەتمۇ بار ئىدى. بۇنداق ئادەت ئاۋارلار، تۈركلەردىمۇ بار ئىدى.

ھونلار، ئىسكىت، تۈرك، ئۇيغۇرلاردا كىشى ئۆلسە، چېكىسىنى تىلىپ قان چىقىرىپ، پەرياد چېكىپ يىغلاش ئادىتى بار ئىدى. ھونلار مىللىي ۋە دىنىي بايراملارنى ئۆتكۈزەتتى، بۇنداق بايراملارنىڭ بىرى باش باھاردا، يەنە بىرى كۈز پەسلىدە بولاتتى. بۇنداق بايراملاردا ھونلار ئاتا ـ بوۋىلىرىغا نەزرە ـ چىراق قىلىشاتتى. ئەڭ مۇھىمى كۈز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرامدا، ئەل بويىچە خەلقنىڭ نوپۇسىنى، چارۋا ـ ماللارنىڭ سانىنى ھېسابلاپ كۆرەتتى. بۇنداق بايراملار ئورخۇن دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان تامىر دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆتكۈزۈلەتتى.

ھونلار باش كىيىملىرىگە (ئەر ـ ئايال) ياۋايى ـ يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى قادىۋالاتتى. ئۇلار ئاتىنىڭ كوكۇلىسىغىمۇ يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى قادايتتى. بۇنداق ئادەت ھازىر قازاق، قىرغىز قېرىنداشلاردا ساقلىنىپ قالغان.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش لازىمكى، ھونلار مەدەنىيىتى ياۋروپا ۋە ئاسىيا خاراكتېرىنى ئالغان مەدەنىيەت. ئۇ بوزقىر ئىستىلىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگو، يۇنانىستان، ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبلىرىدىن قوشۇلۇپ ۋۇجۇدقا كەلگەن دۇنياۋى مەدەنىيەت، نويان تاغلىرىدىكى قەدىمكى ھون خانلىرىنىڭ قەبرىلىرىدىن چىققان مەدەنىي يادىكارلىقلار شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

## ھون تەڭرىقۇتلىرى

| خانلار | مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللار |
|---|---|
| 1. جۇڭۋېي | 1200 |

بۇ ھونلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى بوۋىسى بولۇپ، ھازىرقى كۈندىن 3800 يىل بۇرۇن ياشىغان.

| | |
|---|---|
| 2. × × × × تەڭرىقۇت | 270 ـ 240 |

بۇ تەڭرىقۇتنىڭ نامى مەلۇم ئەمەس.

| | |
|---|---|
| 3. تۇمەن | 210 ـ 240 |
| 4. باتۇر (ئوغۇزخان) | 174 ـ 210 |
| 5. كىيوك | 161 ـ 174 |
| 6. كونچىن | 126 ـ 161 |
| 7. ئىل چىئىس | 114 ـ 126 |
| 8. ئوۋى | 105 ـ 114 |
| 9. ئويشىلۇر | 102 ـ 105 |
| 10. قولىغۇ | 101 ـ 102 |
| 11. قۇتىغۇ | 96 ـ 101 |
| 12. غۇلىقۇ | 85 ـ 96 |
| 13. غۇياندى | 68 ـ 85 |
| 14. شولۇي قانقوي | 60 ـ 68 |
| 15. ئۇيانقۇتى | 58 ـ 60 |
| 16. قوغۇشار (خوخەنيى 1) | 31 ـ 58 |
| 17. قۇتىئوش | 36 ـ 56 |
| 18. پوجولونوتى | 20 ـ 31 |
| 19. سوجىيەنوتى | 12 ـ 20 |
| 20. قىيانوتى | 8 ـ 12 |
| 21. ئوجولونوتى (مىلادىنىڭ 13 ـ يىلىغىچە) | 13 ـ 8 |
| 22. ئولونوتى | 18 ـ 13 |
| 23. غۇتو ئارشى داۋگانوتى | 46 ـ 18 |
| 24. ئۇداتغو | ؟ ـ 46 |

**شەرقىي ھون تەڭرىقۇتلىرى**

| | |
|---|---|
| 25. شىلوشىيۇتى (خوخەنيى 2) | 56 ـ 48 |

26. چىئو فويوتى 57 ـ 56

27. ئىلغا پولوتى 59 ـ 57

28. خىتوڭشى سۇيغۇتى 63 ـ 59

29. چىيوچوچىلىينىتى (بىر ئاي تەڭرىقۇت بولغان) 63

30. غوشى شىسۇقوتى 85 ـ 63

31. ئىلتو ئۇلوتى 88 ـ 85

32. شولان شىسۇقوتى 93 ـ 88

33. ئارگو 94 ـ 93

34. تىيىندور شىسۇقوتى 98 ـ 94

35. ژانچى شىسۇتى 124 ـ 98

36. ئوجىغۇ شىسۇتى 128 ـ 124

37. قۇتىنو شىسۇجوتى 140 ـ 128

مىلادىنىڭ 149 ـ يىلى قۇتىنو شىسۇجوتى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، 143 ـ يىلغىچە شەرقىي هونلارنىڭ تەختى بوش قالغان.

38. غولانىوشى سۇجو 14 ـ 143

39. ئىللىنىسى سۇجو 172 ـ 147

40. ئوتىينوشى سۇجو 178 ـ 172

41. غوجىن 179 ـ 178

42. قانقوي 188 ـ 179

43. چىرشىسىخۇ 195 ـ 188

44. خوچوچىئان 216 ـ 195

## غەربىي هون تەڭرىقۇتلىرى

45. پانو 83 ـ 46

46. سانمۇ لوئونزى 84 ـ 83

47. ئۇلۇغ 89 ـ 84

| | |
|---|---|
| 48. شىمالىي تەڭرىقۇت | 91 ـ 89 |
| 49. ئىچىگىن (ئىل تىكىن؟) | 93 ـ 91 |
| 50. پانقو | 118 ـ 93 |

مۇشۇ تەڭرىقۇتتىن باشلاپ غەربىي ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتلىرىنىڭ نامى تارىختا مەلۇم ئەمەس.

# ئالتىنچى قىسىم

# تۈركىي خەلقلەرنىڭ ياۋروپادا قۇرغان دۆلەتلىرى

## بىرىنچى باب: ياۋروپا هون ئىمپېرىيىسى

(374 - 468 - يىللار)

### 1. غەربىي هونلارنىڭ ياۋروپا هون ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى

ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك هون ئىمپېرىيىسى مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇن قۇرۇلۇپ، مىلادىنىڭ 216 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن، مىلادىنىڭ 48 ـ يىلى غەربىي ۋە شەرقىي (شىمالىي ۋە جەنۇبىي) هونلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. شەرقىي هونلار تارىختا كەچۈرگۈسىز جىنايى يولغا مېڭىپ، غەربىي هونلارنى مەغلۇپ قىلىشتا باشقىلار ئۈچۈن قان تۆكتى.

غەربىي هونلار مىلادىنىڭ 90 ـ يىللىرى شەرقىي هونلار بىلەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققاندىن كېيىن، شەرقتە بارىكۆلدىن تارتىپ، غەربتە ئارال دېڭىزى ئارىسىدىكى ناهايىتى كەڭ تېررىتورىيىگە بېرىپ جايلاشقان، شۇندىن باشلاپ غەربىي هونلار مىلادىنىڭ 150 ـ يىللىرىغىچە خەن سۇلالىسىگە تەھدىت سېلىپ تۇرغان. غەربىي هونلارنىڭ شۇ مەزگىلدىكى (مىلادىنىڭ 90 ـ يىلىدىن 150 ـ يىلىغىچە) ئەھۋالى ھەققىدە خەن سۇلالىسىنىڭ دۇڭخۇاڭدىكى ۋالىسى جاڭداڭ مىلادىنىڭ 132 ـ يىلى خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەن شۇندىگە) مىلادىنىڭ 126 ـ يىلىدىن 144 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) يازغان مەكتۇبىدا: «... شىمالدىكى ئەسىرلەر (غەربىي هونلارنى دېمەكچى) خانى غويان خان ھەمىشە بارىكۆلدىن تارتىپ، ئارال دېڭىزى ئارىسىدا

ئايلىنىپ يۈرىدۇ»[1] دېگەن.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شۇ چاغدىكى غەربىي هونلارنىڭ پايتەختى (مىلادىنىڭ 90 - يىللىرىدىن 150 - يىللىرىغىچە) هازىرقى كۇچانىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغلىرى ئېتەكلىرىدىكى تېكەس، كۈنەس ئەتراپلىرىدا بولغان.

جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدا، غەربىي هونلارنىڭ مىلادىنىڭ 150 - يىللىرىدىن كېيىنكى پائالىيىتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن مىلادىنىڭ 147 - يىلى قۇدرەتلىك سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان تانشىخۇي، مىلادىنىڭ 150 - يىللىرى ئۇيسۇنلارنى بويسۇندۇرۇۋالغانىدى. مانا شۇ ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغاندا، غەربىي هونلار سىيانپىلاردىن چۆچۈپ، مىلادىنىڭ 150 - يىللىرى باركۆلدىن تارتىپ ئارال دېڭىزىغىچە سوزۇلغان تېررىتورىيىنىڭ شەرقىدىن كۆچۈپ، تېخىمۇ غەربكە كېتىشكە مەجبۇر بولغان بولۇشى ئېھتىمال.

شۇ سەۋەبتىن غەربىي هون تەڭرىقۇتى مىلادىنىڭ 150 - يىللىرى قېرى، ئاجىز هونلارنى زابىندىر خانلىقىدا (مىلادىنىڭ 150 - يىللىرىدىن مىلادىنىڭ 6 - ئەسىرگىچە هۆكۈم سۈرگەن) قالدۇرۇپ، جەڭچى بولۇشقا يارايدىغان قاۋۇل كىشىلەردىن كۈچلۈك، جەڭگىۋار ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلغان. غەربىي هون تەڭرىقۇتى x x x هون ئاتلىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ قاڭلى خانلىقى (مىلادىدىن بۇرۇنقى x x x يىلدىن 12 - يىلغىچە هۆكۈم سۈرگەن) غا هۇجۇم قىلىپ، ئۇنى بېسىۋالغان. قاڭلى خانلىقى تېررىتورىيىسىگە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرى، بالقاش كۆلى بىلەن ئارال دېڭىزى ئارىسىدىكى جايلار كىرەتتى. قاڭلى خانلىقى ئەسلىدە هونلارغا بېقىنىدىغان دۆلەت بولسىمۇ كېيىنكى چاغلاردا هونلار بۆلۈنۈپ، تارىخىي دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا مەغلۇپ بولۇپ، ئاجىزلىشىپ كەتكەندە مۇستەقىل بولۇۋالغان.

پروفېسسور ئا. زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، «مىلادىنىڭ 216 - يىللىرى هونلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى هازىرقى قازاقىستاننىڭ غەربىي قىسمىدا، ئارال تەرەپلىرىدە ئىدى»[2].

يۇقىرىقى مەلۇماتمۇ، غەربىي هونلارنىڭ مىلادىنىڭ 150 - يىللىرىدىن كېيىن قاڭلىغا كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

(1) پەن خۇا: «كېيىنكى خەن يىلنامىسى، غەربىي رايون ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.
(2) ئا. زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش» تۈركچە 41 – بەتكە قارالسۇن.

قانداق بولمىسۇن، غەربىي هونلار هازىرقى قازاقىستاننىڭ غەربىدىن تارتىپ ۋۆلگا دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە سوزۇلغان چەكسىز تېررىتورىيىدە (دالا، يايلاق، ئورمانلاردا) بىرنەچچە ئەسىر ياشاپ (مىلادى 2 ـ ئەسىردىن 4 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە) دەرمان يىغدى. ئاۋۇدى، تارىختا «قىپچاق دالىسى» دەپ ئاتالغان تېررىتورىيىدە، يىراقتىن قارىغاندا، ياپيېشىل ئوتلاقلار ئىچىدە گويا غازنىڭ ئاپئاق تۇخۇمىدەك كۆرۈنگەن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئوتاۋلار (ئاق كىگىز ئۆيلەر) كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

غەربىي هونلار مىلادىنىڭ 90 ـ يىللىرى جەنۇبىي ئالتايدىن ئۆتۈپ شەرقىي ياۋروپاغا بارغىچە ئون مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن ناهايىتى ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مىلادىنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن 350 ـ يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلدە غەربىي هونلارنىڭ جەڭگىۋار پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان هون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ نامى تارىختا مەلۇم ئەمەس.

## 2. بالامىردىن ئاتتىلاغىچە (مىلادىنىڭ 375 ـ يىلىدىن 434 ـ يىلىغىچە)

غەربىي هونلار مىلادىنىڭ 350 ـ يىللىرىغا كەلگەندە دەهشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك قوزغىلىپ، ياۋروپاغا قاراپ يۈزلەندى.

شۇ چاغدا، هونلار ئىچىدىن بالامىر ئاتلىق بىر خان تارىخ سەهنىسىگە چىقتى. ئۇ باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) نىڭ ئون بەشىنچى، قۇتنىئۇش تەڭرىقۇتنىڭ توققۇزىنچى ئەۋلادى ئىدى. باتۇرلۇقتا، قەتئىي ئىرادىلىكتە، ئىستراتېگىيە، تاكتىكىدا ئۆز ئەجدادلىرىدىن زادى قېلىشمايدىغان بالامىر، مىلادىنىڭ 355 ـ يىللىرى كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىنى ئىشغال قىلدى. ئۇ، مىلادىنىڭ 374 ـ يىلى ۋۆلگا بويىغا بېسىپ كەلدى. بالامىر شۇ يىلى شەرقىي ياۋروپادىكى قارا دېڭىزنىڭ شىمالى بىلەن غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ئالانلار دۆلىتىنى يوقاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالانلارغا قوشنا بولغان شەرقىي گوتلار (شەرقىي گېرمانلار) دۆلىتىنى يوقاتتى. شەرقىي گوتلار دۆلىتىنىڭ خانى ئىرما ناريخ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈردى. بۇنداق خەتەرلىك ئەهۋالدىن قورقۇپ كەتكەن غەربىي گوتلار (غەربىي گېرمانلار) ئۆزىنىڭ خانى ئاتا تارىخنىڭ يېتەكچىلىكىدە دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، روما ئىمپېرىيىسىدىن پانا تىلىدى. بالامىر مىلادىنىڭ 378 ـ يىلى دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ تىراكىيە (هازىرقى رۇمىنىيە) گە بېسىپ كىردى

ۋە غەربىي گوتلارنىمۇ بويسۇندۇردى.

بالامىر دەل شۇ مەزگىللەرنىڭ ئۆزىدە بارسىق ۋە قۇرسىق ئاتلىق ئىككى نەپەر قوماندانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نۇرغۇن ھون قوشۇنلىرىنى ئوتتۇرا شەرققە ماڭدۇردى. بارسىق بىلەن قۇرسىق دون دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كاۋكاز تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كىچىك ئاسىياغا يۈرۈش قىلدى، ئۇلار قۇددۇسقىچە بېسىپ باردى. ئۇلار ئاندىن كېيىن پەلەستىندىن قايتىپ ئوتتۇرا ئانا دول، شەرقىي ئانا دول، ئەزەربەيجان ئارقىلىق كاۋكاز تاغلىرىدىن ئېشىپ، قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا كەلدى. ھونلارنىڭ بۇ يۈرۈشى 20 يىل داۋام قىلىپ، مىلادىنىڭ 398 ـ يىلى ئاخىرلاشتى.

دەل شۇ چاغدا (مىلادىنىڭ 395 ـ يىلى)، بىر پۈتۈن روما ئىمپېرىيىسى غەرب ۋە شەرقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى، ياۋروپادا بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى ھونلار ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى.

### 1) يولدۇز (400 ـ 410 ـ يىللار)

مىلادىنىڭ 400 ـ يىلى ئىمپېراتور بالامىر ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى يولدۇز ئىمپېراتور بولدى. يولدۇز ياۋروپادا ۋانداللار، بورگوندلار، ساكسونلار، ئالمانلارنى بويسۇندۇردى. يولدۇز مىلادىنىڭ 406 ـ يىلى غەربىي روما ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىتالىيىگە بېسىپ كىردى. شۇ يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا پاۋئىا مەيدانىدا (ئىتالىيىدە) يولدۇز قوماندانلىقىدىكى ھون قوشۇنلىرى بىلەن رادئاگىس قوماندانلىقىدىكى غەربىي روما قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى، ئۇرۇشتا ھونلار غەلىبە قازاندى. غەربىي روما قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى رادئاگىس ئۆلتۈرۈلدى. يولدۇز شۇ غەلىبىدىن كېيىن رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ غەربىي ياۋروپاغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ مىلادىنىڭ 405 ـ يىلىدىن 409 ـ يىلىغىچە قىلغان يۈرۈشلىرىدە دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا بېسىپ كىرىپ، شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ (395 ـ يىلدىن 1451 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) خېلى كۆپ ئۆلكىلىرىنى بېسىۋالدى. يولدۇز ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە (400 ـ 410 ـ يىللار) قازاقىستاندىن تارتىپ رېيىن دەرياسىغىچە سوزۇلغان ناھايىتى كەڭ تېررىتورىيىدىكى خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇ، بوۋىسى ئوغۇزخان (باتۇر تەڭرىقۇت) قۇرغان

ئىمپېرىيىگە تەڭ كېلەلەيدىغان ئۇلۇغ بىر دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

## 2 ) قارا تون (410 - 415 - يىللار)

مىلادىنىڭ 410 - يىلى يولدۇز غەربىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى رىمغا بېسىپ كىرىپ، شەھەرنى ئىنسانىيەتنىڭ يادىدىن چىقمايدىغان دەرىجىدە ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. ئۇ شۇ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئوغلى قاراتون ئىمپېراتور بولدى. قارا توننىڭ بونچوك (مونچوك)، ئوكتار، روگا (رويا)، ئايبارس ئاتلىق تۆت ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئوغۇللاردىن ئايبارس هونلار ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا، ئوكتار بولسا شەرقىي قىسمىغا ئىلىكخان قىلىپ تەيىنلەندى. قارا توننىڭ ۋاقتىدا (410 - 415 - يىللار) هونلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى يېتەكچىلىك قىلغان.

## 3. ئاتتىلا (434 - 453 - يىللار)

### 1) ئاتتىلانىڭ ئىمپېراتور بولۇشى

مىلادىنىڭ 415 - يىلى قاراتون ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، مىلادىنىڭ 415 - يىلىدىن 434 - يىلىغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە، ياۋروپا هون ئىمپېرىيىسىگە قارا توننىڭ بونچوك (415 - 422 - يىللار)، رويا ئاتلىق ئوغۇللىرى ئىمپېراتور بولدى. بونچوكنىڭ بىلدا ۋە ئاتتىلا ئاتلىق ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىلدا مىلادىنىڭ 395 - يىلى تۇغۇلغان، ئاتتىلا مىلادىنىڭ 400 - يىلى تۇغۇلغانىدى.

بونچوك مىلادىنىڭ 422 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە، هونلارغا ئۇنىڭ ئۇكىسى رويا ئىمپېراتور بولدى. رويانىڭ ۋاقتىدا (422 - 434 - يىللار) بىلدا هون ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىغا، ئاتتىلا شەرقىي قىسمىغا، ئىلىكخانلار نامى بىلەن هۆكۈمرانلىق قىلىشاتتى. ئاتتىلا هون ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا ئىلىكخان بولسىمۇ، ئۇ تاغىسى رويانىڭ قېشىدا تۇراتتى. رويا ئاتتىلانىڭ ھەربىي تالانتىغا ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ بىر قوماندان بولۇشىغا كۆزى يەتكەنىدى.

مىلادىنىڭ 434 - يىلى رويا ئالەمدىن ئۆتتى. قائىدە بويىچە بىلدا هون ئىمپېرىيىسىگە ئىمپېراتور بولۇشى لازىم ئىدى. چۈنكى، ئۇ ۋارىسلىق هوقۇقىغا ئىگە بولغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھەر جەھەتتە ئاكىسى بىلدادىن ئۈستۈن

تالانتقا ئىگە بولغان ئاتتىلا ئىمپېراتور بولدى. كېيىن بىلىدا مىلادىنىڭ 445 ـ يىلى 50 يېشىدا ئۆلتۈرۈلدى.

ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسىگە ئاتتىلا ئىمپېراتور بولغاندىن كېيىن ھونلار مىسلى كۆرۈلمىگەن دەھشەتلىك كۈچكە ئايلاندى. ئاتتىلا مىلادىنىڭ 447 ـ يىلى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم باشلاپ، ئۇنىڭ پايتەختى كونستانتىنپول (ھازىرقى ئىستانبول) غا قىستاپ كەلدى. روماللىقلار ئىستانبولنى ساقلاش ئۈچۈن، ھەر يىلى ئاتتىلاغا 2100 لىرا ئالتۇن ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. بىرىنىشتامىنىڭ ئىيتىشىغا قارىغاندا، ھونلارغا غەربىي روما ئىمپېرىيىسىمۇ ھەر يىلى 700 پۇنت ئالتۇن ياساق تۆلەپ تۇرغان. ھەر يىلى تۆلەيدىغان بۇنداق ياساقلاردىن ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىمۇ (224 ـ 650 ـ يىللار) چەتتە قالمىغان.

2) كاتالىيون ئۇرۇشى

ئاتتىلا مىلادىنىڭ 450 ـ يىلىغىچە شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بالقاندىكى روما شەھەرلىرىدىن 70 نى بېسىۋالدى. ئاتتىلا غەربىي ۋە شەرقىي روما ئىمپېرىيىلىرىنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاۋۋال غەربىي روما ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىپ، پۈتكۈل ياۋروپانى بويسۇندۇرۇشقا بەل باغلىدى. ئاتتىلا شۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 451 ـ يىلى 500 مىڭدىن ئارتۇق ناھايىتى چوڭ قوشۇننى باشلاپ، رېيىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ فرانسىيىگە بېسىپ كىردى. ئاتتىلا شۇ قېتىمقى يۈرۈشكە ماڭىدىغان چاغدا ناھايىتى تەنتەنىلىك، ياڭقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «بىز ئۇرۇشنى يات مىللەتلەرگە ئېلىپ كېتىۋاتىمىز، مىللىتىمىزنىڭ ھەيۋەتلىك نامى ئۇلارنى قورقۇتۇپ تىترىتىدۇ... ئېھتىمال بىز ئۆلۈپ كېتىشىمىزمۇ مۇمكىن، لېكىن يەر ئاسماننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئىشىمىز مەڭگۈ ياشايدۇ. بىزنىڭ ئەۋلادىمىز ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدۇ».

ئاتتىلا مىلادىنىڭ 451 ـ يىلى غەربىي ياۋروپاغا قاراپ قىلغان يۈرۈشىدە فرانسىيىدىكى مىتزى، رېيمىسى قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالدى. ئاتتىلا پارىژنىڭ جەنۇبىدىكى ئورلېئان شەھىرىگە قىستاپ كېلىپ ئىسپانىيىنىڭ شەرقىي قىسمىغا بېسىپ كىردى. بۇ چاغدا غەربىي روما ئىمپېراتورى ۋالىنتىن (423 ـ 455 ـ يىللاردا ئىمپېراتور بولغان) غەربىي گوتلار، فرانسۇزلار بىلەن

ئىتتىپاقلىشىپ ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇن توپلىدى. تارىخچىلار ئېيتقانىدەك: «ئەڭ ئاخىرقى، ئۇلۇغ رومالىق» نامىنى ئالغان ئايگىز (ئاتىيئوس) باشچىلىقىدىكى غەربىي روما قوشۇنلىرى (ئىتتىپاقچىلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئاتتىلاغا قارشى يۈرۈش قىلدى. ئاتتىلا ئىسپانىيىنىڭ شەرقىدىن چېكىنىپ فرانسىيىدىكى سىنا دەرياسىنىڭ ئىككى غولى ئوتتۇرىسىدىكى كاتالىيون دالىسىدا توختىدى. ئايگىز باشچىلىقىدىكى 600 مىڭدىن ئارتۇق غەربىي روما قوشۇنلىرى ئاتتىلانىڭ كەينىدىن قوغلاپ، كاتالىيون دالىسىغا يېتىپ كەلدى. قەدىمكى چاغدا يۈز بەرگەن مىللىي ئۇرۇشلار ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىك ئۇرۇشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان «كاتالىيون ئۇرۇشى» مىلادىنىڭ 451 - يىلى 24 - ئاپرېلدا باشلاندى. قەدىمكى تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، ئۇرۇش شۇنداق قاتتىق، دەھشەتلىك بولغانكى، سىنا دەرياسىنىڭ سۈيى قىپقىزىل قان بولۇپ ئاققان، كاتالىيون دالىسىنى ئادەم، ئات ئۆلۈكلىرى، ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كاردىن چىققان قالقانلار، سۇنغان نەيزىلەر، قىلىچلار، ئوق يالار، باشاقلار قاپلاپ كېتىپ، تىرىك ئادەملەر مېڭىشقا زادى مۇمكىن بولمىغان. چۈنكى ئۆز مۇستەقىللىقىنى باھاسىز، ئەزىز، جېنىدىنمۇ ئەۋزەل كۆرگەن ياۋروپالىقلار ھېچنېمىگە قارىماي جان تىكىپ ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەغرۇرلۇقى، جەڭگىۋارلىقى، باتۇرلۇقى بىلەن دۇنيانى تىترىتىپ، كۆپ چاغلاردا ئۆز دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، شان - شۆھرەت قازانغانلىقى بىلەن ياۋروپانى ۋەھىمىگە سالغان ھونلارمۇ ئادەتتىن تاشقىرى قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇشقان.

كاتالىيون ئۇرۇشىدا، بىرنەچچە يۈزمىڭ كىشى يارىدار بولغان بولسا، 165 مىڭ كىشى ئۆلگەن، غەربىي گوتلارنىڭ پادىشاھى تىئو دورىك ھونلار قولىدا ئۆلگەن. بۇنىڭغا چىدىمىغان غەربىي گوتلار شاھزادىسى ئاتىسى تىئودورىكنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، كەچتە ھونلارغا ناھايىتى شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان. ئاتتىلا ھون ھارۋىلىرىنى قاتار تىزىپ، مۇداپىئە توساقلىرىنى بەرپا قىلىپ، غەربىي گوتلارنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرغان.

ئۆز ئۆمرىدە مۇنداق قانلىق ئۇرۇشنى كۆرمىگەن ئاتتىلا ھون قوشۇنلىرىنى كاتالىيون دالىسىدىن چېكىندۈرۈپ، رېين دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئايگىز باشچىلىقىدىكى غەربىي روما قوشۇنلىرى ناھايىتى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ ھالسىراپ كەتكەنلىكىدىن، ھونلارنى قوغلاپ زەربە بېرىشكە ماغدۇرى يەتمىگەن.

### 3) غەربىي رومانىڭ قارام ھالغا چۈشۈرۈلۈشى

ئاتتىلا كاتالىيون ئۇرۇشى مەيدانىدىن قايتىپلا شىمالىي ئىتالىيىگە بېسىپ كىرىپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى ۋەيران قىلغان. ئۇ غەربىي رومانىڭ پايتەختى رىم شەھىرىنى بېسىۋېلىپ، غەربىي روما ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىشقا كىرىشتى، ئەندىشە ئىچىدە قالغان غەربىي روما ئىمپېراتورى ۋالىنتىن پاپالىئو 1 نى ئاتتىلا ئالدىغا ئەۋەتىپ سۈلھى قىلىشنى ئۆتۈندى ۋە قانداق تەلەپلەر بولسا غەربىي روما ئىمپېراتورىنىڭ شەرتسىز كۆندىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھونلار بىلەن غەربىي روما ئارىسىدا سۈلھى تۈزۈلدى. سۈلھىگە بىنائەن ۋالىنتىننىڭ ھونۇرىئان ئاتلىق قىزى ئاتتىلاغا ياتلىق قىلىنىدىغان ۋە ھەر يىلى ھونلارغا تۆلەيدىغان ئالتۇننىڭ مىقدارى مەلۇم چەكتە بۇرۇنقىدىن كۆپەيتىلىپ 2100 لىرا ئالتۇنغا يەتكۈزۈلىدىغان بولغان. مۇشۇ سۈلھىدىن كېيىن غەربىي روما ھونلارغا پۈتۈنلەي دېگۈدەك قارام بولۇپ قالغان.

### 4) ئاتتىلانىڭ ئۆلۈمى

ھونلار ۋەھىمىسىدىن ياپراقتەك تىترىگەن ياۋروپادىكى پادىشاھلار ئاتتىلاغا ئىلاجىسىزلىقتىن خۇشامەت قىلىشىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەر بىلەن سوۋغا ـ سالام يوللىغان. بەزى پادىشاھلار ئاتتىلاغا ئۆز قىزلىرىنى ياتلىق قىلىشقىچە بېرىپ يەتكەن. ئاتتىلا مىلادىنىڭ 453 ـ يىلى x x x پادىشاھىنىڭ ئىلدىكو ئاتلىق قىزىغا ئۆيلەنگەن. ئىلدىكو توي كېچىسى ئاتتىلاغا ئالتۇن قەدەھتە زەھەر سېلىنغان شاراپنى ئىچكۈزگەن، تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا ئاتتىلانىڭ ئېغىز ۋە بۇرنىدىن ئوقتەك قان ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىغان، ئىلدىكو قورقۇپ، ئەس ھوشىنى يوقاتقان. ئاتتىلا شۇ يوسۇندا قانغا بويىلىپ ئۆلگەن.

ھونلار بۇرۇنلا تەييارلاپ قويۇلغان ئالتۇن ساندۇقنىڭ ئىچىگە ئاتتىلانى ياتقۇزۇپ، ئاندىن كېيىن ئالتۇن ساندۇقنى كۈمۈش ساندۇققا، كۈمۈش ساندۇقنى پولات ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقلارنىڭ ئېغىزىنى مەھكەم بېكىتكەن. ھونلار بۇ ئىشنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن، دوناي دەرياسىنىڭ سۈيىنى توسۇپ باشقا تەرەپكە ئاققۇزۇپ، دەريانىڭ ئەسلى تەكتىنى چوڭقۇر كولاپ، ئاتتىلانىڭ جەسىدى سېلىنغان ئۈچ قات ساندۇقنى شۇ يەرگە كۆمۈپ دەريانىڭ سۈيىنى ئەسلى قېنى بويىچە ئاققۇزغان. دېمەك، ئاتتىلا دوناي دەرياسىنىڭ ئاستىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇ ھازىرغىچە ئۈچ خىل مېتالدىن ياسالغان ئۈچ قەۋەت ساندۇقنىڭ ئىچىدە ياتسا

كېرەك.

ئاتتىلا بۇۋىسى ئوغۇزخانغا ئوخشاش ئۇلۇغ ئىستىلاچى (بويسۇندۇرغۇچى) بولۇپ، ئۇ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشنى ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قويغانىدى.

## 4. ھونلارنىڭ ياۋروپادا ئويناغان رولى

ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى ئاتتىلانىڭ دەۋرىدە (434 ـ يىلىدىن 453 ـ يىلىغىچە) ناھايىتى كۈچەيدى. شۇ چاغدا ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچكىگە شەرقتە ئارال دېڭىزىدىن تارتىپ، غەربتە ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە، شىمالدا بالتىق دېڭىزىدىن تارتىپ، جەنۇبتا دوناي دەرياسىغىچە بولغان جايلار كىرگەن.

ئاتتىلا شەرقىي ۋە غەربىي روما ئىمپېرىيىسىگە بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.

ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى روياننىڭ ۋاقتىدىلا (422 ـ 434 ـ يىللار) غەربىي ۋە شەرقىي روما ئىمپېرىيىلىرى ھونلارغا قارام بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق قاراملىق ئاتتىلانىڭ ۋاقتىدا تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. شەرقىي رومانىڭ ھونلارغا ھەر يىلى تۆلەيدىغان سېلىقى 360 لىرا ئالتۇن بولغان بولسا، 435 ـ يىلىدىن باشلاپ 700 لىراغا، 443 ـ يىلىدىن باشلاپ 2100 لىراغا كۆپەيگەن. غەربىي روما ئىمپېرىيىسىمۇ ھونلارغا ھەر يىلى كۆپ مىقداردا سېلىق تۆلەپ تۇراتتى.

ئاتتىلا مىلادىنىڭ 450 ـ يىلىدىن باشلاپ غەربىي روما ئىمپېرىيىسىگە ناھايىتى ئېغىر تەھدىت سېلىپ، ئۇنىڭ پايتەختى رىمنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە تاسلا قالغان. غەربىي روما ئىمپېرىيىسى ھاقارەتلىنىپ، تولىمۇ يولسىز شەرتلەرگە ماقۇل بولۇش ئارقىلىقلا رىمنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراشتىن ساقلاپ قالدى.

ئاتتىلا ياۋروپانىڭ خېلى نۇرغۇن شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىپ دۇنيا تارىخىدا كىشى ئاڭلىسا قورققىدەك يامان تەسىر قالدۇرغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياۋروپادا «ئاتتىلانىڭ ئېتى ئاياغ باسقان يەرگە ئوت ئۈنمەيدۇ» دېگەن سۆز تارقالغان.

ھونلارنىڭ ياۋروپادا بىر ئەسىر (374 ـ 467 ـ يىللار) ئېلىپ بارغان پائالىيىتى ياۋروپا خەلقىنىڭ ھاياتىدا خىلمۇخىل روللارنى ئوينىغان. لېكىن ھونلارنىڭ ياۋروپادا ئوينىغان سەلبىي رولىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئوينىغان ئىجابىي رولى

ناھايىتى چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھونلارغا قارام بولۇپ ئىناۋەتتىن ئېقىپ، ھەيۋىسى يەر بىلەن يەكسان بولغان غەربىي روما ئىمپېرىيىسى ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالغانىدى. بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن قۇللار، قارام خەلقلەر غەربىي روما ئىمپېرىيىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئاتتىلا قۇللار، قارام خەلقلەرنىڭ قوزغىلىڭىنى قوللىدى. قوزغىلاڭچىلار ھونلارنى ئۆزلىرىنى قۇللۇقتىن، قاراملىقتىن قۇتقۇزغۇچى، دەپ تونۇشتى. شۇ سەۋەبتىن غەربىي روما ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدىكى قۇللار، قارام خەلقلەر ھونلارنىڭ غەربىي روما ئىمپېرىيىسىگە قىلغان ھۇجۇملىرىغا ياردەم بەردى.

بولۇپمۇ ئاتتىلانىڭ قىلغان ھۇجۇملىرى غەربىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپلا قالماي، بەلكى ياۋروپادىكى قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ھونلار ياۋروپا تارىخىدا ناھايىتى چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىجابىي رول ئوينىدى.

ھونلار بۇندىن باشقا، ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ چوڭ كۆچۈشىگىمۇ سەۋەب بولغان. روما ئىمپېرىيىسى ھونلارنىڭ قاتتىق زەربىسى ئاستىدا قالغانلىقتىن، گوتلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ رىم ئىمپېرىيىسى تېررىتورىيىسىگە كۆچۈپ كىرىشىنى توسىيالمىدى. روما ئىمپېرىيىسى تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئولتۇراقلاشقان گوتلار ۋە باشقا مىللەتلەرمۇ ياۋروپادا قۇللۇقتىن يىمىرىلىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىغا شەرت ـ شارائىت ھازىرلىدى.

### 5. ھونلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى

ئاتتىلانىڭ ئالتە ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئارقان ئاتلىق بىكەسىدىن ئىلىك، دىڭگىزىك، ئېرنىك ئاتلىق ئۈچ ئوغۇل تۇغۇلغان. بۇندىن باشقا يەنە ھېرناق، چىسابا، ئارتىك ئاتلىق ئوغۇللىرىمۇ بار ئىدى.

ئاتتىلانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلىك ئىمپېراتور بولدى. شۇ چاغدا گوتلار، گىغدلار ئىسيان كۆتۈردى. مىلادىنىڭ 454 ـ يىلى ھونلار بىلەن ئىسيانچىلار ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشتا ئىلىك ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۇكىسى دىڭگىزىك ئىمپېراتور بولدى. ئۇ مىلادىنىڭ 454 ـ يىلىدىن 469 ـ يىلىغىچە ھونلارغا باشچىلىق قىلدى. دىڭگىزىك مىلادىنىڭ 469 ـ يىلى شەرقىي روما

ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، دوناي دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا بولغان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بېشى كونستانتىنپولغا كەلتۈرۈلۈپ سازايى قىلىندى.

دىڭگىزىك ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى تۈگىدى. شۇندىن باشلاپ ھونلار بىرنەچچىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا، ئازوۋ دېڭىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ھونلارنىڭ قۇتۇرغۇر قەبىلىسى، دون دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا ئۇتۇرغۇر قەبىلىسى ماكانلاشتى. بۇ ئىككى ھون قەبىلىسى شەرقىي رومانىڭ كۈشكۈرتىشى نەتىجىسىدە بىر - بىرى بىلەن ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ تۇردى. مىلادىنىڭ 545 - يىلى شەرقىي روما ئىمپېراتورى يوستىنىئان (527 - 565 - يىللاردا ئىمپېراتور بولغان) ئۇتۇرغۇرخانى ساندىكلىنى قۇتۇرغۇرلارغا قارشى ئاتلاندۇردى. ساندىكلى قۇتۇرغۇرلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردىن كۆپىنى قىرىپ تاشلىدى. ئەمما قۇتۇرغۇرلارنىڭ خانى زابېرگان قىسقا مۇددەت ئىچىدە كۈچ توپلىۋالدى. ئۇ مىلادىنىڭ 558 - يىللىرى قىش پەسلىدە ھون قوشۇنلىرىنى باشلاپ مۇزلىغان دوناي دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كونستانتىنپولغا يېقىنلاپ كەلدى. لېكىن، رومالىقلار پايتەختنى ھونلاردىن ساقلاپ قالدى. زابېرگان دون دالىسىغا قايتىپ كېلىپ ساندىكلىغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. شۇ چاغدا تۈركلەردىن يېڭىلىپ، ئاسىيانىڭ شەرقىدىن (ھازىرقى موڭغۇلىيىدىن) ياۋروپاغا كەلگەن ئاۋارلار ئىككى ھون قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى.

ھونلار ئاتتىلانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بۆلۈنۈش، ئۆزئارا ئۇرۇشۇش، باشقىلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىلغان ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە ئاجىزلاپ، بۇرۇنقى قۇدرەتلىك ھالىتىنى يوقىتىپ كىچىك خانلىقلارغا ئايلىنىپ كەتتى.

ياۋروپا ھونلىرىنىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدا فرانسوز تارىخچىسى ۋە جۇغراپىيە ئالىمى فېرناند گىرنارد مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئۇ زامانغىچە ياۋروپالىقلارغا نامەلۇم بولغان ئىچ كىيىملەر، ئات جابدۇقلىرى، ھونلارنىڭ ئاتلارنى ئىگەرلەش ئۇسۇللىرى، ھەربىي ۋە ئاتلىق قوشۇنغا دائىر نۇرغۇنلىغان ئىشلار، كۆپلىگەن جۇغراپىيە ئىسىملىرى ۋە مەزمۇنلار... يونانلىقلار، رىملىقلار، گاللىلار ۋە گېرمانلارغا نامەلۇم بولغان ۋە ھون ئاتلىقلىرىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۈستۈنلۈكلەرنى بەرگەن. ئاتلارنى بېزەشكە ئائىت نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھونلاردىن ئۆگىنىپ قوبۇل قىلىنغانىدى. غەربىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىمپېراتورى

رومۇلۇس (475 ـ يىلىدىن 476 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) نامىدىن غەربىي روما ئىمپېرىيىسىنى ئىدارە قىلغان ئورىستى ئاتتىلانىڭ سابىق ئوفىتسېرلىرىدىن ئىدى. ئۇ ھەربىي تەلىمنى ھونلاردىن ئۆگەنگەنىدى. ئىتالىيىگە ھاكىم بولغان ئودوئاكرامۇ ئاتتىلانىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرسىنىڭ ئوغلى ئىدى»[1].

## ياۋروپا ھون ئىمپېراتورلىرى

| ئىمپېراتورلار | مىلادى يىللىرى |
|---|---|
| 1. بالامىر | 400 ـ 374 |
| 2. يولدۇز | 490 ـ 410 |
| 3. قاراتون | 415 ـ 410 |
| 4. بونچوك | 422 ـ 415 |
| 5. رويا | 434 ـ 422 |
| 6. ئاتتىلا | 453 ـ 434 |
| 7. بىلىدا (بۇ ئورتاق ئىمپېراتور) | 445 ـ 434 |
| 8. ئىلىك | 454 ـ 453 |
| 9. دىڭگىرىك | 469 ـ 454 |

ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى تىسا (ۋېنگىرىيىدە) دەرياسىنىڭ بويىدا ئىدى.

## ئىككىنچى باب: ياۋروپا ئاۋار خاقانلىقى

(565 - 835 - يىللار)

### 1. ئاۋارلارنىڭ ياۋروپاغا كېلىشى

مىلادى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، ھازىرقى موڭغۇلىيىدە ئاۋارلار (جۇجانلار) باش كۆتۈردى. ئۇلار ئۆزىنىڭ مەشھۇر خاقانى تولۇنخان 1نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاۋار خاقانلىقىنى قۇردى. ئاۋار خاقانلىقى (394 ـ 551 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 400

(1) يىلماز ئۆزتۇنا: «ئومۇمىي تۈركىيە تارىخى» تۈركچە 1 – توم 183 – بەتكە قارالسۇن.

- يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرغان بولسا، مىلادىنىڭ 430 - يىللىرى ئالتايدىكى كۆكتۈركلەرنى بويسۇندۇرغان.

ئاۋارلار شەرقىي ئۇيغۇرلار بىلەن كۆكتۈركلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، كۈچىيىشكە باشلىغان.

ئاۋار خاقانلىرى جەڭگىۋار ئۇيغۇرلارنىڭ قوراللىرىغا يەتكەن ياشلىرىدىن پايدىلىنىپ، كۈچلۈك قوشۇن تەشكىل قىلدى. ئۇرۇش قوراللىرىنى ياساشقا ئۇستا بولغان كۆكتۈركلەردىن پايدىلىنىپ، ئاۋار قوشۇنلىرىنى ئۆز دەۋرىگە يارىشا ياخشى قوراللار بىلەن قوراللاندۇردى. ئاۋار خاقانلىقى قۇدرەتلىك باسقۇچقا يەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ شەرقىي چېگراسى ھازىرقى چاۋشيەننىڭ غەربىي چېگراسىغىچە، شەرقىي جەنۇبىي چېگراسى قارا شەھەرگىچە سوزۇلغانىدى. ئاۋار خاقانلىقىنىڭ پايتەختى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭيېنىڭ شىمالىدا ئىدى.

مىلادىنىڭ 487 - يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي ئۇيغۇرلار ئاۋارلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. مانا شۇ ئىسيان كۆتۈرگەن شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن 600 مىڭ كىشى ئاي ئوجرو ۋە چونچى (بۇلار ئاكا - ئۇكا) ئاتلىق خانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە غەربكە قاراپ يۈرۈپ، ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي (تۇرپان، قارا شەھەر ئەتراپلىرى) غا كۆچۈپ كەلدى. ئۇلار شۇ جايدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، تارىختا «ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خانلىقى (487 - يىلدىن 546 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نى قۇردى. 60 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ماناس ئەتراپىغا توغرا كەلسە كېرەك. بۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شىمالدا ئالتاي، غەربتە ئىلى ۋادىسىنىڭ شەرقىغىچە، شەرقتە جايۇگۇەن، جەنۇبتا قارا شەھەرنىڭ غەربىي، شەرقىي جەنۇبتا لولان، چەرچەنگىچە سوزۇلغانىدى.

مانا مۇشۇ ئۇيغۇر خانلىقى مىلادى 487 - يىلى جەنۇبىي ئالتايدا بولغان ئۇرۇشتا ئاۋار خانى تولۇنخان II نى تارمار قىلغان. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئالتايدىن قاچقان تولۇنخان II نى (485 - يىلدىن 487 - يىلغىچە خاقان بولغان) ئاۋار ھۆكۈمرانلىرى ئۆلتۈرگەن. ئاۋارلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شەرقىي ئۇيغۇرلار مىلادى 498 - يىلىغا كەلگەندە، شۇقا ئاتلىق خاننى ئۆزىگە باش قىلىپ، توبالار (شىمالىي ۋېي خانلىقى) خانلىقىنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇندىن ئېتىبارەن شەرقىي ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

«ئىگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى» (高车王国) دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خانلىقى ئاۋارلار بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلارنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇنداق ئۇرۇشلار كۆپىنچە باركۆلنىڭ شىمالىدا بولۇپ، گاھىدا ئۇيغۇرلار، گاھىدا ئاۋارلار مەغلۇپ بولغان. لېكىن ئاۋارلار بۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش بوياقتا تۇرسۇن، ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە قانسىراپ ھالىدىن كېتىشكە باشلىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋارلار بىلەن توختىماي ئۇرۇشۇپ تۇرۇشى 430 - يىللىرى ئاۋارلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان كۆكتۈركلەرنىڭ قەددىمىنى قەدەم قۇدرەتلىنىپ، ئاۋارلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلۇغ كۆكتۈرك خاقانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە ئاساس يارىتىپ بەردى.

مىلادى 546 - يىلى ئالتايدىكى كۆكتۈركلەرنىڭ خانى تۇمەنخان ئۇيغۇر خانلىقىنى بويسۇندۇرۇۋالدى. ئارقىدىنلا ئالتايدىكى سۇرتاردوشلارنى بويسۇندۇردى. شۇندىن باشلاپ كۆكتۈركلەر ناھايىتى كۈچلۈك قوشۇن تەشكىل قىلىشقا كىرىشتى. ئاۋارلار تەرىپىدىن «تۆمۈرچى قۇللىرىم» دەپ ھاقارەتلەنگەن كۆكتۈركلەر قەددىنى رۇسلاپ، ئاۋار خاقانلىقىنى ئاغدۇرۇشقا بەل باغلىدى. تۈرك خانى تۇمەنخان مىلادى 550 - يىلى ئاۋار خاقانى ئايناغاي (522 - 551 - يىللار) غا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئاۋار بىكەلىرىدىن بىرىگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۈرك ئەلچىلىرىدىن بۇنداق تەلەپنىڭ قويۇلۇشىنى چۈشىدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئايناغاي ناھايىتى غەزەپلىنىپ، «ھە! تۆمۈرچى قۇللىرىمنىڭ بۇنداق تەلەپنى قويۇشقا نىمە ھەددى بار ئىكەن» دەپ، تۈرك ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

كۆكتۈرك خانى تۇمەنخان ئايناغاينىڭ تۈرك ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 551 - يىلى تۈرك قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئايناغاي ئۈستىگە ئاتلاندى. ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئايناغاي نۇرغۇن سانلىق ئاۋار قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا (سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدا) تۇمەنخان بىلەن بولىدىغان شىددەتلىك ئۇرۇشقا يېتىپ كەلگەن. تۇمەنخان بىلەن ئىستىمخان (بۇلار ئاكا - ئۇكا) يېتەكچىلىكىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى خۇددى ئالەمنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان ناھايىتى ھەيۋەتلىك قارا بوراندەك تېزلىكتە بېسىپ كېلىپ، ئايناغاي قوشۇنلىرىنى تىرە - پىرەن قىلىپ تاشلىغان. ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئايناغاي ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغان، بىر قىسىم ئاۋارلار ھازىرقى شەرقىي شىمالدىكى

(جىلىندىكى) موكرىدلار ئارىسىغا قاچقان بولسا، بەزىبىر ئاۋار بەگزادىلىرى بىر نەچچە مىڭ كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ (335 ـ 357 ـ يىللار) پايتەختى شىئەنگە قېچىپ كەتكەن. تومەنخان ئاۋارلار ئۈستىدىن قازانغان ئۇلۇغ غەلىبىسىدىن كېيىن، شەرقتە ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە، غەربتە قارا دېڭىز بويلىرىغىچە سوزۇلغان ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك كۆكتۈرك خاقانلىقىغا ئاساس سالغان.

ئاۋار خاقانلىقى ھالاك بولغاندا، ئاۋار بەگزادىسى بايانخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر قىسىم ئاۋارلار غەربكە قاراپ قاچقان. بۇلار مىلادى 558 ـ يىلى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا يېتىپ كەلگەن. ياۋروپالىقلار بېشىغا كۆك شايى قىيىقچە باغلىغان ئاۋارلارنىڭ قارا دېڭىز بويىدا پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان.

بايانخان باشچىلىقىدائاسىيادىن ياۋروپاغا كەلگەن ئاۋارلار مىلادىنىڭ 565 ـ يىلى قارا دېڭىزنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى بىلەن غەربىي قىرغىقىدىن ۋېيناغىچە سوزۇلغان كەڭ تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈچلۈك ياۋروپا ئاۋار خاقانلىقىنى قۇردى. بۇ خاقانلىق 270 يىل (565 ـ يىلىدىن 835 ـ يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن.

## 2. بايانخان (565 ـ 602 ـ يىللار)

بايانخان ئاۋار خاقانلىرىدىن بىرىنىڭ ئوغلى ياكى يېقىن تۇغقىنى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ناھايىتى ئۇستىخانلىق، قاۋۇل، سۇرلۇك، تولىمۇ غەيرەتلىك، چارچاشنى بىلمەيدىغان، باتۇر، ئەقىللىق ئادەم ئىدى.

بايانخان ياۋروپا ئاۋار خاقانلىقىنىڭ تەختىدە 37 يىل (565 ـ 602 ـ يىللار) ئولتۇردى. ئۇنىڭغا ئاسىيادىن ياۋروپاغا كەلگىچە ئۆتكەن سەككىز يىلنى قوشقاندا، بايانخاننىڭ 45 يىللىق ئۆمرى ئاساسەن ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپىلەردە، جەڭگىۋار قانلىق يۇرۇشلەردە ئۆتكەن.

بايانخاننىڭ مىلادىنىڭ 558 ـ يىلى ياۋروپاغا كەلگەن چېغىدىكى ئەھۋالى مۇنداق ئىدى.

مىلادىنىڭ 469 ـ يىلى ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ھونلار بۆلۈنۈپ كىچىك ـ كىچىك خانلىقلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مىلادىنىڭ 478 ـ يىلى غەربىي روما ئىمپېرىيىسى (395 ـ 478 ـ يىللار) ھالاك بولغاندىن كېيىن، غەربىي ياۋروپادا ئۇلۇغ فرانكلار ئىمپېرىيىسى (481 ـ 814 ـ يىللار)

قۇرۇلغانىدى. بۇندىن باشقا شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى (395 ـ 1451 ـ يىللار) گە ئوخشاش كۈچلۈك دۆلەتلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى.

بايانخان ياۋروپادىكى ئەنە شۇ ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىپ، مىلادىنىڭ 560 ـ يىلى رېيىن دەرياسى بىلەن دون دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا ماكانلاشقان ھونلارنىڭ قۇتۇرغۇر قەبىلىسى بىلەن ئۇتۇرغۇر قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇۋالدى. ئۇندىن باشلاپ ياۋروپا ئاۋارلىرى كۈچلىنىپ قالدى. بايانخان كۈچلۈك قوشۇن تەشكىللىۋالغاندىن كېيىن مىلادىنىڭ 565 ـ يىلى ئۆزىنى خاقان دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ خاقانلىق پايتەختىنى ھازىرقى ۋېنگرىيىدىكى سىيگىدىن شەھىرىنىڭ يېنىدا بەرپا قىلدى. مىلادىنىڭ 569 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاسىيا ئاۋار خانلىقىنى (369 ـ 551 ـ يىللار) ھالاكەتكە ئۇچراتقان كۆكتۈرك خانلىقى (551 ـ 744 ـ يىللار) دون دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئۇتۇرغۇر قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇۋالدى. ياۋروپا ئاۋار خاقانلىقى بىلەن كۆكتۈرك خاقانلىقىنىڭ چېگراسىنى دون دەرياسى ئايرىپ تۇراتتى.

بايانخان خاقان بولغاندىن باشلاپ ياۋروپادىكى فرانكلار ئىمپېرىيىسى ۋە شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر بىلەن توقۇنۇشۇشقا باشلىدى. بايانخان مىلادىنىڭ 566 ـ يىلى ۋېنگرىيىدىن يولغا چىقىپ، ئاۋستىرىيىدىن ئۆتۈپ گېرمانىيىنىڭ تور يېنگىن رايونىغا بېسىپ كىردى. بۇ چاغدا، ئۇلۇغ فرانكلار ئىمپېراتورى سىگىبېرت بايانخانغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. ئۇرۇشتا فرانكلار مەغلۇپ بولدى، ئىمپېراتور سىگىبېرت ئەسىرگە چۈشتى. بۇ غەلىبىدىن كېيىن ياۋروپا ئاۋار خاقانلىقى ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بايانخان مىلادىنىڭ 568 ـ يىلى شىمالىي ئىتالىيىگە بېسىپ كىرىپ، پانونىيىيا شەھىرىنى ئالدى. ئۇ مىلادىنىڭ 578 ـ يىلى شەرقىي روماغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. ئۇرۇشتا شەرقىي روما ئىمپېراتورى تىبېرىئوس قوماندانلىقىدىكى رىم قوشۇنلىرى تارمار قىلىندى. شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى بايانخان تەرىپىدىن قويۇلغان ئېغىر شەرتلەرنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر بولدى. شۇ غەلىبىدىن كېيىن ياۋروپا ئاۋار خاقانلىقى ئۆزىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك باسقۇچىغا يەتتى.

بايانخان بىلگىراتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 589 ـ يىلى شەرقىي روماغا يەنە ھۇجۇم باشلىدى.

ئاۋارلار يونانىستان ۋە مۇراۋىيىگە بېسىپ كىردى. سىلانىڭ شەھىرى (يونانىستاندا) بىلەن كونىستانتىنپولنى مۇھاسىرىگە ئالدى. لېكىن شەھەرنى ئالالمىدى.

ئـۆز ئۆمرىـدە قانلىـق مەغلۇبىيەتكـە يولۇقمىغـان بايانخـان مىلادىنىـڭ 601 ـ يىلـى شـەرقىي رومـا ئىمپېراتـورى ماۋرىچـۇس 1 (مىلادىدىـن 582 ـ يىلىدىـن 602 ـ يىلىغىچـە ئىمپېراتـور بولغـان) بىلـەن بولغـان ئۇرۇشـتا ناھايىتـى پاجىئەلىـك مەغلۇبىيەتكـە ئۇچرىـدى. شـۇ ئۇرۇشـتا بايانخاننىـڭ بـەش ئوغلىدىـن تۆتـى رومالىقلار قولىـدا ئۆلـدى، ئۇنىـڭ كىچىـك 5 ـ ئوغلىـلا ھايـات قالـدى.

### 3. بايانخاننىڭ ۋارىسلىرى

بايانخـان مىلادىنىـڭ 602 ـ يىلـى ئالەمدىـن ئۆتتـى. ئۇنىڭدىـن كېيىـن ياۋروپا ئـاۋار خانلىقىغـا بايانخـان II، تودونخـان 1، زودانخـان، تىئـودوروس، ئابراھـام، تودۇنخان II قاتارلىـق كىشـلەر خاقـان بولـدى.

بايانخـان II (مىلادىنىـڭ 602 ـ يىلىدىـن 626 ـ يىلىغىچـە خاقـان بولغـان) خېلـى ئـۇزۇن تەييارلىقلارنـى قىلغاندىـن كېيىـن، تـۆت ئاكىسـىنىڭ قىساسـىنى ئېلىـش ئۈچـۈن (ئـۇ، بايانخاننىـڭ 5 ـ ئوغلـى) مىلادىنىـڭ 616 ـ يىلـى شـەرقىي رومـا ئىمپېرىيىسـىگە ھۇجـۇم قىلـدى. ئـاۋارلار كونىسـتانتىنپول ئەتراپىغىچـە بېسىـپ كەلـدى. بايانخـان II مىلادىنىـڭ 625 ـ يىلـى ئىران ساسانىلار سۇلالىسـى شاھىنشـاھى خىسـراۋ پەرۋىـز 628 ـ 589) II ـ يىللار) نىـڭ ئالدىغـا ئەلچـى ئەۋەتىپ، شـەرقىي رومـا ئىمپېرىيىسـىگە قارشـى ئىتتىپـاق تـۈزدى. ئىـران ساسـانىلار سۇلالىسـى (224 ـ 651 ـ يىلـلار) نىـڭ ياردىمىگـە ئىگـە بولغـان بايانخـان II مىلادىنىـڭ 626 ـ يىلـى كونىسـتانتىنپول (ئىسـتانبول) نـى مۇھاسـىرىگە ئالـدى. لېكىـن شـەرقىي رومـا ئىمپېرىيىسـى ھـازار خاقانلىقـى (مىلادىنىـڭ 468 ـ يىلىدىـن 965 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سـۈرگەن) نىـڭ بەرگـەن ھەربىـي ياردىمـى ئارقىلىقـلا كونىسـتانتىنپول (ئىسـتانبول) نـى سـاقلاپ قالـدى.

مىلادىنىـڭ 736 ـ يىلـى ئـاۋارلار باۋارىيىگـە بېسىـپ كىـردى. بـۇ ئـۇرۇش 20 يىـل داۋام قىلـدى. ئۇرۇشـنىڭ ئاخىرىـدا ئاۋسـترىيىنىڭ ئـەڭ مۇھىـم بىـر قىسـمى (ۋېنـا بۇنىـڭ ئىچىـدە) ئاۋارلارنىـڭ قولىـدا قالـدى.

مىلادىنىـڭ 791 ـ يىلـى ئۇلـۇغ فرانكىـلار ئىمپېرىيىسـىنىڭ ئىمپېراتـورى كارلوماگنىنـى (768 ـ 814 ـ يىللار) ئاۋارلارنـى مەغلـۇپ قىلـدى. بـۇ مەغلۇبىيەتتىـن كېيىـن ئـاۋار خاقانـى تودونخـان 1 (مىلادىنىـڭ 791 ـ يىلىدىـن 803 ـ يىلىغىچـە خاقـان بولغـان) 796 ـ يىلـى ئۇلـۇغ فرانكىـلار ئىمپېرىيىسـىنىڭ پايتەختـى ئاچىـن (رېيىـن دەرياسـىنىڭ غەربىـدە) غـا بېرىـپ كارلوماگنىنـى زىيـارەت قىلـدى. شـۇندىن

كېيىن ئاۋارلار قامان دىنىنى تەرك ئېتىپ، خرىستىيان دىنىغا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. گەرچە ئاۋارلار خرىستىيان دىنىغا كىرگەن بولسىمۇ، ئۇلۇغ فرانكىلارنىڭ هۆكۈمرانلىرى ئاۋارلارغا بولغان دۈشمەنلىكلىرىدىن ۋاز كەچمىگەن. بۇنداق ئەھۋالغا چىدىمىغان ئاۋارلار 799 ـ يىلى خرىستىيان دىنىنى تەرك ئېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى دىنىغا قايتىدىن ئېتىقاد قىلغان. تودۇنخان 1 باراۋىيىگە بېسىپ كىرىپ، كارلوماگنىنىڭ قېيىن ئۇكىسى گىرالدىنى مەغلۇپ قىلغان ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، تودونخاننىڭ ۋارىسلىرى زودان (803 ـ 805 ـ يىللار) تىئۇدوروس ( ـ 805) لار مىلادىنىڭ 805 ـ يىلى خرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. تودۇنخان 2 (826 ـ 835 ـ يىللار) دىن باشلاپ ياۋروپا ئاۋار خاقانلىقى ئاجىزلىدى. مىلادىنىڭ 835 ـ يىلى فرانكىلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

ئاۋارلار خرىستىيان دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي باشقا قەۋملەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن.

هازىرقى داغىستاندىكى (شىمالىي كاۋكازدىكى) ئاۋارلار ئاشۇ ئاۋارلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولماي ياشاپ كېلىۋاتقان ئەۋلادىدۇر. كاۋكاز خەلقلىرىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 2 ـ يېرىمىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان شامىل داغىستان ئاۋارلىرىدىن ئىدى.

## ياۋروپا ئاۋار خاقانلىرى[1]

| خاقانلار | مىلادى يىللىرى |
|---|---|
| 1. بايان خاقان | 562 ـ 602 |
| 2. بايان خاقان2 | 602 ـ 626 |
| 3. تودون خاقان1 | 791 ـ 803 |
| 4. زودان خاقان | 805 ـ 805 |
| 5. تىئودوروس | 805 ـ ؟ |
| 6. ئابراهام | ........... |
| 7. تودون خاقان2 | 826 ـ 835 |

(1) يىلماز ئۆزتۇنا: «ئومۇمىي تۈركىيە تارىخى» تۈركچە 1 ـ توم 153 ـ بەتكە قارالسۇن.

# ئۈچىنچى باب: ھازار خاقانلىقى

## 1. ھازار خاقانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى (468 - 965 - يىللار)

ھازارلار مىلادى 5 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەريا بويلىرىدىن غەربكە قاراپ كۆچۈپ داغىستان، شىمالىي كاۋكاز، ئاستىراخان، قىرىم يېرىم ئارىلى، قارا دېڭىزنىڭ شىمالى قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئۇلار مىلادىنىڭ 468 - يىلى شەرقىي ياۋروپادا 497 - يىل (468 - يىلدىن 965 - يىلغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن ھازار خاقانلىقىنى قۇرغان.

ھازار خاقانلىقى تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغىچە، شىمالى يايىق ۋە ئىدىل دەريالىرىنىڭ باش ئېقىنلىرىغىچە، غەربى دىنىستىر دەرياسىغىچە، شەرقىي جەنۇبى ئاراس دەرياسى (ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدا) نىڭ جەنۇبىغىچە، جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغىچە سوزۇلغان. ھازار خاقانلىقىنىڭ پايتەختى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى بىلىنجىر (ھازىرقى ئاندىرۇۋ شەھىرى) شەھىرى ئىدى.

ھازار خاقانلىقىنى قۇرغان تۇنجى خاقانىنىڭ كىملىكى تارىخىي خاتىرىلەردە مەلۇم ئەمەس. بىز پەقەت ھازار خاقانلىقى مىلادىنىڭ 620 - يىلىغا كەلگەندە، ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىنى، شۇ چاغدىكى خاقانىنىڭ بولانخان ئىكەنلىكىنىلا بىلىمىز. بولانخاندىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى ھازار خاقانى يۈسۈپخان (931 - يىلدىن 965 - يىلغىچە خاقان بولغان) غىچە بولغان 14 خاقانىنىڭ ناملىرى مەلۇم بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان يىللىرى مەلۇم ئەمەس.

ھازارلار باشقا تۈرك خەلقلىرىگە ئوخشاش قامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلار شەرقىي ياۋروپادا دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەرگە كۆرە، ئىسلام، يەھۇدىي، خىرىستىيان قاتارلىق دىنلارغىمۇ ئېتىقاد قىلغان. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە بايان قىلىمىز.

ھازار خاقانلىقى بىر مەزگىل (552 - يىلدىن 630 - يىلغىچە) ئۇلۇغ كۆكتۈرك خاقانلىقىغا بېقىنغانىدى. مىلادىنىڭ 628 - يىلى غەربىي تۈرك خاقانى تونيابغۇ خاقان (619 - يىلدىن 630 - يىلغىچە ئىمپېراتور بولغان) بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئىرانغا ھۇجۇم قىلغاندا، ھازار قوشۇنلىرى ئىرانغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان.

## 2. ھازارلار ۋە شەرقىي روما

ھازار خاقانلىقى شەرقىي روما بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان. بۇنداق مۇناسىۋەت ئۇزاق داۋام قىلغان. شەرقىي روما قارا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي قىرغاقلىرىغا، ھازارلار بولسا شىمالىي قىرغاقلىرىغا ھاكىم ئىدى. قارا دېڭىز ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق دېڭىز ئىدى.

ھازارلار شەرقىي روما بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرىدە خىرىستىيان دىنىغا كىرگەن بولسا كېرەك. ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت قۇدىلىشىش ۋە ھازارلارنىڭ شەرقىي روماغا بىرنەچچە قېتىم بەرگەن ھەربىي ياردەملىرى ئارقىلىق تولۇق گەۋدىلىنىدۇ. شەرقىي روماللىقلار «تېئودورا» دەپ ئات قويغان ھازار بىكەسى (مەلىكىسى) مىلادىنىڭ 655 ـ يىلى شەرقىي روما ئىمپېراتورى يوستىئانIII (685 ـ يىلىدىن 741 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) غا ياتلىق بولغان. يەنە بىر ھازار بىكەسى مىلادىنىڭ 732 ـ يىلى ئىمپېراتور كونىستانتىن V كە (741 ـ يىلىدىن 775 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) ياتلىق بولغان. شەرقىي روماللىقلار «ئىرىنا» دەپ ئات قويغان. بۇ بىكەدىن ئىمپېراتور (775 ـ يىلىدىن 780 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) تۇغۇلغان.

ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 627 ـ يىلى شەرقىي رىمنىڭ پايتەختى كونىستانتىنپول (ئىستانبول) نى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، ھازار خاقانلىقى قوشۇن ئەۋەتىپ، ئىرانلىقلارنى چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. ئەرەب ئۇمەۋىلەر خەلىپىلىكى (661 ـ يىلىدىن 750 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ خەلىپىسى ئۇمەر II (717 ـ 720 ـ يىللار)نىڭ ۋاقتىدا ئەرەبلەر كونىستانتىنپولنى مۇھاسىرىگە ئالغان. بۇ مۇھاسىرە مىلادىنىڭ 718 ـ يىلى ھازارلارنىڭ شەرقىي روماغا بەرگەن ھەربىي ياردىمى ئارقىلىقلا بىكار قىلىنغان.

## 3. ھازارلار ۋە ئەرەبلەر

ئەرەب ئۇمەۋىلەر خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى يەزىد II (720 ـ 724 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 721 ـ يىلى ۋە مىلادىنىڭ 723 ـ يىللىرى ھازار خاقانلىقىنىڭ جەنۇبىدىن ھۇجۇم باشلىدى. ئەرەبلەر كاۋكاز تاغلىرىدىن ئۆتۈپ داغىستاننى ۋە بىلىنجىرنى بېسىۋالدى. ھازار خاقانلىقىغا 255 يىل (468 ـ يىلىدىن 723 ـ يىلىغىچە) پايتەخت بولغان بىلىنجىرنىڭ ئەرەبلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىشى

هازارلار ئۇچۇن ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلدى. ھازارلار ئىدىل دەرياسى بويىدىكى ساراي شەھىرىنى (ھازىرقى ئاستىراخان يېنىدا) پايتەخت قىلدى. شۇندىن باشلاپ ساراي 242 يىل (مىلادىنىڭ 723 ـ يىلىدىن 965 ـ يىلىغىچە) پايتەخت بولدى.

مىلادىنىڭ 732 ـ يىلى ئەرەب ئۇمەۋىلەر خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى ھىشام (724 ـ 743 ـ يىللار) 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئۆزى باش بولۇپ، ھازار خاقانلىقىغا ھۇجۇم باشلىدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا ئەرەبلەر داغىستاننى تولۇق بېسىۋالدى. خەلىپە ھىشام مىلادىنىڭ 737 ـ يىلى 150 مىڭ قوشۇننى باشلاپ شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. خەلىپە ھىشام ھازار خاقانلىقىنىڭ پايتەختى ساراي شەھىرىگە بېسىپ كەلدى ۋە شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ھازار خاقانى ھازار تارخان ئاتلىق قوماندانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەرەبلەرگە قارشى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ماڭدۇردى. ساراي شەھىرىنىڭ يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا ئەرەبلەر غالىپ كەلدى. ئۇرۇشتا ھازار تارخان ئۆلدى، ھازار قوشۇنلىرىدىن 10 مىڭى ئۆلدى، يەتتە مىڭى ئەسىرگە چۈشتى. ئون مىڭدىن ئارتۇقراقى يارىدار بولدى. ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ھازار خاقانى خەلىپە ھىشام ھوزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇندىن باشلاپ ھازارلار مۇسۇلمان بولدى. خەلىپە ھىشام ھازارلار ئىچىدە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن نۇھ ئىبنى ئەسئەت بىلەن ئابدۇرەھمان كولانى قاتارلىق كىشىلەرنى تەيىن قىلغان. ھازارلار 737 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، كاۋكازدىكى يەھۇدىيلارنىڭ تەشۋىقاتىغا ئاساسەن، مىلادىنىڭ 800 ـ يىلى ئىسلام دىنىدىن چىقىپ، يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان.

مىلادىنىڭ 787 ـ يىلى يۈز مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ھازار قوشۇنى شىمالىي كاۋكازدىن يۈرۈش قىلىپ، جەنۇبىي كاۋكازغىچە بېسىپ باردى. ھازارلار ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ (750 ـ يىلىدىن 1258 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) تەۋەلىكىدىكى ئەزەربەيجان ۋە ئەرمىنىيە ئۆلكىلىرىنى بۇلاپ ـ تالىدى. ھازارلار شۇ قېتىمقى يۈرۈشلىرىدە كاۋكازدىن نۇرغۇن بايلىق ۋە يۈز مىڭ كىشىنى ئەسىر قىلىپ ئارقىغا قايتتى.

ھازارلار يەھۇدىي دىنىغا بەكمۇ بېرىلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تۈركچە تىلغا تەرجىمە قىلغان تەۋراتلىرى بار ئىدى. يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «تەۋرات» ھازارلار ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ تارقالغانىدى. ئىسپانىيىدىكى

بىر يەھۇدىي ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەرەبلەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ھازار خانى ساراي شەھىرىدىكى بىر مۇسۇلمان مەسجىدىنىڭ مۇنارىسىنى ئۆرۈپ تاشلاشقا بۇيرۇق بەرگەن. شۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ئەرەب ئاببااسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى مۇقتەدىر (908 ـ يىلىدىن 932 ـ يىلىغىچە خەلىپە بولغان) مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى باغداتتىن ھازار خاقانلىقىنىڭ پايتەختى ساراي شەھىرىگە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن، ئەرەب ئەلچىلىرى ھازارلار ۋە كاسپىي كۆلى بىلەن ئارال كۆلى ئوتتۇرىسىدىكى ئوغۇزلار ئىلىدە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى مەلۇم. ئەرەب ئەلچىلىرى ئوغۇز خانلىرىغا باغدات خەلىپىسىنىڭ ئەۋەتكەن سوۋغا ـ سالاملىرى ۋە بىر پارچە مەكتۇبىنى ئېلىپ كەلگەن. «ھازار ئوغۇزلىرى» دەپ ئاتالغان ئوغۇزلار بىر مەزگىل (850 ـ يىلىدىن 965 ـ يىلىغىچە) ھازارلار خاقانلىقىغا بويسۇنۇپ كەلگەنىدى. ئوغۇزخانى سەلچۇق بەگ مىلادىنىڭ 915 ـ يىلى مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن، ئوغۇزلار ھازارلارنىڭ تەسىرىدە قامان دىنىدىن يېنىپ، يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. ئىسلام دىنى مىلادىنىڭ 920 ـ يىلىدىن باشلاپ ئوغۇزلار ئارىسىدا ئومۇمىي ھالدا تارقالغان.

ھازارلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاقانى يۇسۇپ (931 ـ 965 ـ يىللار) سىلاۋىيان (كىيوۋكىنەزلىكى)لارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا مۇسۇلمان ئەللىرىدىن ياردەم ئېلىپ، ھازار خاقانلىقىنى ھالاك بولۇشتىن ساقلاپ قېلىش نىيىتىگە كېلىپ، يەھۇدىي دىنىدىن چىقىپ مۇسۇلمان بولغان. شۇنداق بولسىمۇ، ھازار خانلىقى مىلادىنىڭ 965 ـ يىلى كىيوۋرۇس كىنەزى سىۋياتوسلاۋ ( X X X ـ يىلىدىن 973 ـ يىلىغىچە كىنەز بولغان) تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

سىۋياتوسلاۋ ناھايىتى باتۇر، ئۇرۇشقاق كىنەز بولۇپ، ھۇجۇم قىلماقچى بولغان دۈشمىنىگە ئادەم ئەۋەتىپ، «ئۈستىڭلارگە باستۇرۇپ كېتىپ بارىمەن» دەپ خەۋەر قىلاتتى. دوناي بۇلغارلىرى سىۋياتوسلاۋدىن ئەنسىرەپ شەرقىي روما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، سىۋياتوسلاۋغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. سىۋياتوسلاۋ 973 ـ يىلى دوناي بۇلغارلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، كىيوۋغا قايتىپ كېلىۋاتقان چېغىدا دنېپىر دەرياسىنىڭ شارقىراتمىلىرى يېنىدا پايلاپ تۇرغان فېچېنەكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا يولۇقتى. ئۇرۇشتا سىۋياتوسلاۋ ئۆلدى. فېچېنەكلەرنىڭ خانى ئوغۇزلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ باش سۆڭىكىدىن تاۋاق (ئالتۇندىن قاپلىتىپ) ياسىتىپ، زىياپەتلەردە ئىچىملىك ئىچىدىغان قەدەھ قىلىۋالدى.

## 4. ھازار تارىخىدىن قىسقىچە خۇلاسە

ھازارلار ناھايىتى جەڭگىۋار خەلق ئىدى. بىز يۇقىرىدا، شەرقىي روما ھازارلارنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ پايتەختى كونىستانتىنپولنى ئىرانلىقلار (627 - يىلى) ۋە ئەرەبلەر (786 - يىلى)نىڭ بېسىۋېلىشىدىن ساقلاپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەندۇق.

ھازارلار مەدەنىيەت جەھەتتە، رۇسلارغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلغان بولسا، شەرقىي روما ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە ئىستىھكام قۇرۇش سەنئىتىنى ھازارلاردىن ئۆگەنگەندى. ھازارلار مىلادىنىڭ 790 - يىللىرى ھازىرقى كىيىۋ (ھازارچە مىڭ كىرمان) شەھىرىنى بىنا قىلغانىدى.

ئەرەب تارىخچىلىرى كاسپىي دېڭىزىنى «ھازار دېڭىزى» دەپ يازغان بولسا، ئارال كۆلىنى «ھازار كۆلى» دەپ يېزىشقان. شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونىستانتىنپولدا ھازارلارنىڭ ئابرويى يۇقىرى ئىدى. بەزى مۇراسىملاردا شەرقىي روما ئىمپېراتورلىرى ھازارلارنىڭ مىللىي كىيىمىنى كىيىپ ئىشتىراك قىلاتتى.

شەرقىي ياۋروپادا تۇپ توغرا 5 ئەسىر (468 - 965 - يىللار) ھۆكۈم سۈرۈپ، تارىختا ئۆلگىلىك رولارنى ئوينىغان ھازار خاقانلىقى نېمە ئۈچۈن مىلادىنىڭ 965 - يىلى رۇسلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ھالاك بولدى؟

تارىختا بىرەر دۆلەتنىڭ ھالاك بولۇشىدا، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن بىرقانچە سەۋەبلەر رول ئوينايدۇ. بۇنداق ۋەقەدە ئىچكى سەۋەبنىڭ ئاساسىي رول ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدا مىساللار ناھايىتى كۆپ. بىزنىڭچە ھازار خاقانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب - ئىچكى بىرلىكنىڭ يوقلۇقى، بولۇپمۇ مەنىۋى بىرلىكنىڭ يوقلۇقى بولسا كېرەك.

بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ھازار خاقانلىقىدىكى خەلقلەر ئۆز تارىخىدا قامان، ئىسلام، خىرىستىيان، يەھۇدىي دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان. بەزى تارىخىي شارائىتتا، دىنىي روھ مىللىي روھنى بېسىپ چۈشىدىغان، گاھىدا، دىنىي روھ مىللىي روھقا بويسۇنۇپ، ئۇنى كۈچەيتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. ھازارلارنىڭ تۆرلۈك دىنلارغا بىرلا ۋاقىتتا ئېتىقاد قىلىشى، ئۇلاردا ئەزەلدىن تارتىپ ئەنئەنىگە ئايلانغان مىللىي روھنى ئاجىزلاشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. مانا شۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، ھازار خاقانلىقىنىڭ رۇسلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ھالاك بولۇشىدا مەنىۋى بىرلىكنىڭ يوقلۇقى ئاساسىي رولنى ئوينىغان.

## ھازار خاقانلىرى

1. پولان (مىلادىنىڭ 620 ـ يىلىدىن X يىلىغىچە)
2. ئوباچا
3. ئىزكىيا
4. مىناشى
5. خانۇكا
6. ئىسھاق
7. سابولون
8. مىناشى II
9. يىنىسى
10. ھارۇن
11. مىناھىم II
12. بىيامىن
13. ھارۇن II (931 ـ)
14. يۇسۇپ (965 ـ 931)

## تۆتىنچى باب: بۇلغارلار

### 1. دوناي بۇلغار دۆلىتى (584 ـ 1018 ـ يىللار)

پروفېسسور ئا. زەكى ۋەلىدى توغان «بۇلغار» دېگەن ئىسىمنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قەدىمكى بۇلغار تىلىدا، بەشنى بىل، سەككىزنى سىكىر، ئوتتۇزنى ئوتىر، قىزنى قىر ياكى ھىر دەپ ئاتايتتى. بۇنىڭغا كۆرە، بۇلغار دېگەن ئىسىم، بىل ـ گور ياكى بەش ئوغۇر ياكى بەش ئوغۇز دېمەكتۇر»[1].

مانا شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، «بۇلغار» دېگەن ئىسىم بىل ـ گور (بەش ئوغور)

(1) يىلماز ئۆز تۇنا: «ئومۇمىي تۈركىيە تارىخى» تۈركچە 1 – توم 200 – بەتكە قارالسۇن.

سۆزىدىن كېلىپ چىققان.

ئاتتىلا ۋاپاتىدىن كېيىن ئون ئوغور دەپ ئاتىلىدىغان ھون قەبىلىلىرى ئۇتۇرغۇر ۋە قۇتۇرغۇردىن ئىبارەت ئىككى قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ ھون قەبىلىلىرى مىلادىنىڭ 560 ـ يىلى ئاۋارلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەتكەن. مىلادىنىڭ 584 ـ يىلى ئاتتىلانىڭ ئوغلى ئىرنىكنىڭ نەۋرىسى كوبرات، ئۇتۇرغۇر ۋە قۇتۇرغۇر قەبىلىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا بۇلغار نامىنى بەرگەن. شۇ كۈندىن باشلاپ دوناي بۇلغار دۆلىتى شەكىللىنىشكە باشلىغان.

كوبراتخان (مىلادىنىڭ 584 ـ يىلىدىن 642 ـ يىلىغىچە خان بولغان) نىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئۇلار ئۈچ بۇلغار قەبىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى. تۇنجى ئوغۇل باتبايانخان (642 ـ 679 ـ يىللار) ھازار خاقانلىقىغا بويسۇناتتى. ئوتتۇرانچى ئوغۇل قوتراتخان بولسا، ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىدىغان بۇلغار قەبىلىسىنى باشلاپ، شىمالغا قاراپ كۆچۈپ ۋولگا بۇلغار خاقانلىقىغا ئاساس سالغان. كەنجى ئوغۇل ئاسپارۇخ بولسا، دوناي بۇلغار دۆلىتىنىڭ مەشھۇر ئىمپېراتورى سۈپىتىدە تونۇلغان. ئاسپارۇخ باشچىلىقىدىكى بۇلغارلار ھازارلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ دوناي دەرياسىنىڭ شىمالىغا كېلىپ جايلاشقان. دوناي بۇلغار دۆلىتى مىلادىنىڭ 659 ـ يىلىدىن باشلاپ كۈچىيىشكە باشلىغان. ئەرەبلەرنىڭ تەھدىتىگە يولۇققان شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى دوناي بۇلغارلىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە چەك قويالمىدى. ئاسپاروخخان (679 ـ 691 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 679 ـ يىلى ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن شەرقىي روما قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى. شۇ غەلىبىدىن كېيىن دوناي بۇلغارلىرى بالقان يېرىم ئارىلى بىلەن دوناي دەرياسىنىڭ ئارىسىدىكى جايلارنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى.

شەرقىي روما ئىمپېراتورى تېئو دوروس III مىلادىنىڭ 716 ـ يىلى تۈزۈلگەن ئەھدىنامىغا ئاساسەن دوناي بۇلغار دۆلىتىنى رەسمىي تونۇشقا مەجبۇر بولدى. مىلادىنىڭ 811 ـ يىلى شەرقىي روما ئىمپېراتورى نىفۇروس 1 (802 ـ 811 ـ يىللار) كۆپ سانلىق رىم قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ بۇلغارلار ئۈستىگە ماڭدى. قۇرۇمخان (803 ـ 814 ـ يىللار) باشچىلىقىدىكى بۇلغار قوشۇنلىرى شەرقىي روما قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. ئىمپېراتور نىكفۇروس 1 بۇلغارلار قولىدا ئۆلدى. قۇرۇمخان كونىستانتىنپولنى مۇھاسىرىگە ئالدى. 814 ـ يىلى قۇرۇمخان ۋاپاتىدىن كېيىنلا كونىستانتىنپول مۇھاسىرىسى ئەمەلدىن قالدى. ئومۇر تاغخاننىڭ ۋاقتىدا

(814 ـ 831 ـ يىللار) شەرقىي روما بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈلدى. ئەھدىنامىگە كۆرە، بۇلغارلار شەرقىي رومادىن تورغۇن جايلارنى تارتىۋالدى. ئومۇر تاغ ۋاقتىدا دوناي بۇلغار دۆلىتى ياۋروپادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتتى.

ئومۇر تاغخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى بالامىرخاننىڭ ۋاقتىدا (831 ـ 836 ـ يىللار) بۇلغارلار سىلاۋيانلىشىشقا باشلىدى. سىلاۋيانلىشىش بۇلغارلار ئارىسىدا خىرىستىيان دىنىنىڭ تارقىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. خىرىستىيان خانىنىڭ ۋاقتىدا (836 ـ 852 ـ يىللار) خىرىستىيانلىقنى تەشۋىق قىلىش كۈچەيدى. خىرىستىياننىڭ ئوغلى بوگورىسخان (852 ـ 889 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 864 ـ يىلى قامان دىنىدىن يېنىپ، خىرىستىيان دىنىغا كىردى.

دوناي بۇلغارلىرى مىلادىنىڭ 865 ـ يىلىدىن باشلاپ سىلاۋيانلىشىشقا باشلىدى. بۇ جەريان بىر ئەسىر ھۆكۈم سۈرۈپ، مىلادىنىڭ 965 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇلغارلار تۈركچىنى تامامەن ئۇنتۇدى. ئۇلارغا سىلاۋيان قېنى ئارىلىشىپ، سىلاۋيان تىلىدا سۆزلىشىدىغان بۈگۈنكى بۇلغارلار پەيدا بولدى.

بوگورىس (سىلاۋيانچە ئىسمى بورىس) مىلادىنىڭ 907 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋىلادىمىر 1 (889 ـ 893 ـ يىللار)، سىمۇن (893 ـ 927 ـ يىللار) لار خان بولدى. سىمۇن 1 مىلادىنىڭ 923 ـ يىلى تۈركچە «خان» ئۇنۋانىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە سىلاۋيانچە «تىسار» (چار) ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلدى. سىمۇن 1 مىلادىنىڭ 919 ـ يىلى شەرقىي رومانى تارمار قىلدى. شۇندىن باشلاپ دوناي بۇلغارلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى.

سىمۇن 1 بۇلغارلار، يۇنانلىقلار ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. بۇلغارلارنىڭ خىرىستىيان دىنىغا كىرىپ سىلاۋيانلىشىپ كېتىشى دوناي بۇلغار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىدە ياشىغان خەلقلەردىن سىلاۋيانلار، يۇنانلىقلارنىڭ سان جەھەتتىن بۇلغارلارغا قارىغاندا كۆپ بولغانلىقىدا بولسىمۇ، خىرىستىيان دىنىمۇ جىددىي رول ئوينىدى.

مىلادىنىڭ 971 ـ يىلىدىن باشلاپ دوناي بۇلغارلىرى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىگە قارام بولۇپ قالدى. ئۇندىن كېيىن دوناي بۇلغارلىرى قاراملىقتىن قۇتۇلۇپ بىر مەزگىل ياشىغان بولسىمۇ، شەرقىي روما ئىمپېراتورى ۋاسىلئوس (976 ـ 1025 ـ يىللار) تەرىپىدىن يەنە قارام ھالغا چۈشۈرۈلدى. ئاخىرى 434 يىل (584 ـ 1018 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن دوناي بۇلغار دۆلىتى 1018 ـ يىلى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

بۇلغارلارنىڭ تىلى (سلاۋيانلىششتىن بۇرۇن) هازىرقى چۇۋاش تىلىغا يېقىن ئىدى. ئۇلار باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاش 12 مۆچەل (ئون ئىككى هايۋان) كالېندارىنى قوللىناتتى. بۇلغارلار باشقا تۈرك خەلقلىرىگە ئوخشاش ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگۈپ قوياتتى. نەيزە ئۇچىغا شايىدىن چۇچىلار باغلايتتى. دوناي بۇلغارلىرىنىڭ پايتەختى فىلىسكادا ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار نەتىجىسىدە بۇلغارلارنىڭ قورۇلۇشلىرى، ئىستىھكاملىرى ۋە قورغانلىرى تېپىلغان. قورغان تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى توققۇز مېتىر بولۇپ، سىلىق تاش، خىشلاردىن قوپۇرۇلغان. قورغان دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە هەيكەللەر ئورنىتىلغان. ئوردىدا چوڭلۇقى 372 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان زال، چوڭلۇقى 444 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان هويلا بارىكەن، ئوردا تاملىرىنىڭ هازىر ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر 60 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ئىككى مېتىر 20 سانتىمېتىر كېلىدىكەن. ئوردىنىڭ پۈتۈن يەر مەيدانى 1428 كۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلەيدىكەن.(1)

## دوناي بۇلغار دۆلىتىنىڭ خانلىرى(2)

| خانلار | مىلادى يىللىرى |
|---|---|
| 1. كوبرات | 584 - 642 |
| 2. باتبايانخان | 642 - 679 |
| 3. ئاسپارۇخ | 679 - 691 |
| 4. تىرۋىلىخان | 691 - 719 |
| 5. تاۋرىمخان | 719 - 721 |
| 6. سىۋىرخان | 724 - 739 |
| 7. قورۇمۇشخان | 739 - 756 |
| 8. ۋىنىكخان | 756 - 761 |
| 9. تىلىتىزخان | 761 - 764 |
| 10. سابىنخان | 764 - 766 |

(1) يىلماز ئۆزتۇنا: «ئومۇمىي تۈركىيە تارىخى» تۈركچە 1 – توم، 207 – بەتكە قارالسۇن.
(2) يىلماز ئۆزتۇنا: «ئومۇمىي تۈركىيە تارىخى» تۈركچە 1 – توم، 207 – ۋە 208 – بەتلەرگە قارالسۇن.

| | |
|---|---|
| 11. توقتۇخان | 764 - 767 |
| 12. پاگانخان | 767 - 768 |
| 13. تىلىرىكخان | 768 - 777 |
| 14. قارادامخان | 777 - 803 |
| 15. قۇرۇمخان | 813 - 814 |
| 16. ئومۇر تاغخان | 814 - 831 |
| 17. بالامىرخان | 831 - 836 |
| 18. خىرىستىيانخان | 836 - 852 |
| 19. بوگوروس 1 | 852 - 889 |
| 20. ۋىلادىمىرخان | 889 - 893 |
| 21. سىمۇن1 | 893 - 927 |
| 22. چارفىتىر | 927 - 969 |
| 23. چاربورىسII | 969 - 972 |
| 24. چارساموئىل | 972 - 1014 |
| 25. چار جەبرائىل رودومىر رومانوس | 1014 - 1016 |
| 26. چارئىۋان ۋىلادىسلاۋ | 1016 - 1018 |

## 2. ئىدىل بۇلغار خانلىقى (770 - 1400 - يىللار)

### 1) ئىدىل بۇلغارلىرى

بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ھونلارنىڭ غەربىي سىبىرىيىدە ياشىغان ئون ئوغۇز قەبىلىسىدىن ئايرىلىپ چىققان قۇتۇرغۇر ۋە ئۇتۇرغۇر قەبىلىلىرى بۇلغارلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ئىدى. دەسلەپ بۇ ئىككى قەبىلىدىن قۇتۇرغۇرلار ئازۇو دېڭىزىنىڭ غەربىدە، ئۇتۇرغۇرلار شەرقتىكى كۇبان دەرياسىنىڭ بويىدا ياشىغانىدى. ئۇتۇرغۇرلار 6 ـ ئەسىردە قاما ۋە ئىدىل دەرياسىنىڭ بويلىرىغا كېلىپ يەرلەشتى. قۇتۇرغۇرلار بولسا دوناي ۋادىسىغا كېلىپ يەرلەشتى. ئۇتۇرغۇرلار ئىدىل بۇلغار خانلىقىنى

قۇرغان بولسا، قۇتۇرغۇرلار دوناي بۇلغار دۆلىتىنى قۇرغانىدى.

ئىدىل بۇلغارلىرى مىلادىنىڭ 770 ـ يىلىغا كەلگەندە توقىخان يېتەكچىلىكىدە 630 يىل (770 ـ 1400 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن ئىدىل بۇلغار خانلىقىنى قۇردى. ئىدىل بۇلغار خانلىقىنىڭ شىمالى ئارخانگېلسكىغىچە، غەربى موسكۋانىڭ شەرقىغىچە، شەرقى ئوپانىڭ شەرقىغىچە، جەنۇبى ئىدىل (ۋولگا) بويىدىكى ھازىرقى ساراتو شەھىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە يايىق (ئۇرال) دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنلىرىغىچە سوزۇلغانىدى. ئىدىل بۇلغار خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىدىل بويىدىكى بۇلغار شەھىرى ئىدى.

ئىدىل بۇلغارلىرى قامان دىنىدا ئىدى. ئۇلار مىلادىنىڭ 900 ـ يىلى مۇسۇلمان بولدى. لېكىن بۇلغار خانلىرى يەنىلا مۇسۇلمان بولماي قامان دىنىدا قالدى. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ قامان دىنىغا قارىغاندا ياخشىلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدىل بۇلغارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان بولغانىدى. دەسلەپ بۇلغار خانى سىلكايخان (900 ـ يىلى)نىڭ ئوغلى ئالماسخان (مىلادىنىڭ 900 ـ يىلىدىن 925 ـ يىلىغىچە خان بولغان) مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى ھازار مۇسۇلمانلىرىدىن ئابدۇللاھ باشچىلىقىدا ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ (750 ـ 1258 ـ يىللار) خەلىپىسى مۇقتەدىر (908 ـ 932 ـ يىللار)نىڭ ھوزۇرىغا ـ باغداتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بۇلغارلارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن ئالىملارنى ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. خەلىپە مۇقتەدىر ئالماسخاننىڭ ئەلچىلىرىنى ناھايىتى قىزغىن ۋە خۇشال ھالدا قارشى ئالدى. خەلىپە مۇقتەدىر سۇسۇن ئارراسى باشچىلىقىدا ئىدىل بۇلغار خانلىقىغا ئەلچىلەر ئەۋەتتى. باغدات ئەلچىلىرى خۇراسان، بۇخارا، خارەزمى قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، ئىدىل بۇلغار خانلىقىنىڭ پايتەختى بۇلغار شەھىرىگە كەلدى. ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئەلچىلىرى بۇلغار شەھىرىگە كىرىشكە بىر كۈنلۈك يول قالغاندا، ئالماسخاننىڭ ۋەزىرلىرى، ئوغۇللىرى ھەم قېرىنداشلىرى ئەلچىلەرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. ئەلچىلەرنى يېمەك ـ ئىچمەك، تۇز ۋە تارى بىلەن مېھمان قىلدى. بۇلغار شەھىرىگە 15 چاقىرىم يول قالغاندا، ئالماسخان ئۆزى ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئالماسخان ئاتتىن چۈشۈپ، ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا قاراپ سەجدە قىلدى. ئۇ يېڭىنى تۇرۇپ، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن، كۈمۈش پۇللارنى چاچتى ۋە مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى. ئەلچىلەر ناھايىتى

چوڭ شۆھرەت ۋە دەبدەبە بىلەن بۇلغار شەھىرىگە كىردى. ئالماسخان ئۇلار ئۈچۈن كىگىز ئۆي قۇرغۇزۇپ، شۇ ئۆيدە مېھمانلارغا زىياپەت بەردى. تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئالماسخان بۇلغار خانلىقىنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىكى مۆتىۋەر كىشىلەر، ئاتاقلىق خانلىرىنى يىغىپ ناھايىتى چوڭ دەبدەبە بىلەن دىنىي ئىسلامنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ناھايىتى چوڭ ۋە مۇقەددەس بولغان بۇ توي ئاجايىپ مۇھەببەت ۋە تەنتەنە بىلەن ئۆتتى. ئالماسخان پۈتۈن مۆتىۋەر كىشىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەلچىلەر ئالدىدا ئىمان ئېيتتى. ئىسمى ئالماسنى جەئپەرگە ئۆزگەرتتى ۋە مەسجىدلەر سالدۇرۇپ، خۇتبىدە ئىسمىنى ئوقۇشقا ئەمر قىلدى. بۇ ۋەقە ھىجرىيىنىڭ 310 - يىلى 16 - مۇھەررەمدە، مىلادىنىڭ 922 - يىلى 15 - مايدا بولدى.[1]

مىلادىنىڭ 922 - يىلى ئەرەب ئەلچىلىرىنىڭ كاتىبى ئەھمەد ئىبنى پەزلان ئىدىل بۇلغار خانلىقىدىن باغداتقا قايتتى. ئۇ ئىدىل بۇلغارلىرى ھەققىدە ياخشى مەلۇمات بېرىدىغان ساياھەتنامە يازدى. بۇ قىممەتلىك ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلغار، ھازار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ.

ئىدىل بۇلغار خانلىرىدىن ئالماس (جەئپەر) خاننىڭ ئوغلى ئەھمەدخان مىلادىنىڭ 944 - يىلى نۇرغۇن ئېسىل ھەدىيىلەرنى ئېلىپ ئەرەب خەلىپىسى مۇتتىقى (940 - 944 - يىللار) نى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن باغداتقا بارغان.

ئىدىل بۇلغارلىرى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى رۇسلار ئارىسىدا تارقىتىش ئۈچۈنمۇ ھەرىكەت قىلدى. ئىدىل بۇلغار خانى مۇھەممەدخان مىلادىنىڭ 986 - يىلى رۇس كىيېۋ دۆلىتىنىڭ مەشھۇر كىنىزى (خانى) ۋىلادىمىرغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلغان. شۇنىڭغىچە رۇسلاردا تېخى مەجۇسى دىنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇلار تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چوقۇنىدىغان. بوران، چاقماق، شامال، گۈلدۈرمامىلارنى خۇدا دەپ بىلەتتى. ئۇلار تاش ۋە ياغاچتىن شۇ خۇدالارنىڭ بۇتلىرىنى ياساپ، ئۇلارغا چوقۇناتتى.

ئىدىل بۇلغار خانى مۇھەممەدخاننىڭ رۇس كىيېۋ دۆلىتىنىڭ كىنىزى ۋىلادىمىرنى (980 - 1015 - يىللار) مۇسۇلمان بولۇشقا قىلغان دەۋىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. ۋىلادىمىرنىڭ شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى بىلەن مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. ئۇ

(1) ئەھمەد زەكى ۋەلىدى: «تۈرك - تاتار تارىخى» تاتارچە 17 - بەتكە قارالسۇن.

شەرقىي روما ئىمپېراتورى ۋاسىلئۇس II (976 ـ 1025 ـ يىللار) نىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەنىدى. ۋىلادىمىر خرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە شەرقىي روما ئىمپېراتورىغا قېرىنداش بولۇش ـ كىنەز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. ۋىلادىمىر شەرقىي رومانىڭ تەسىرى بىلەن 988 ـ يىلى خرىستىيان دىنىغا كىردى. ئۇ كىيېۋدىكى مەجۇسى دىنىنىڭ بۇتلىرىنى چېقىپ تاشلىدى. كىيېۋ ئاھالىسىنى دىنېپىر دەرياسىغا چۆمۈلدۈرۈپ يۇيۇندۇردى.

2) ئىدىل بۇلغارلىرىنىڭ دۇنيا سودىسىدا تۇتقان ئورنى

ئىدىل بۇلغارلىرى ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلاردا چارۋىچىلىقتىن تاشقىرى، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ سودا ئىشلىرى ئالاھىدە جانلانغان. بۇلغارلار ئىران، ئەرەب، يۇنان، رۇس، فىن خەلقلىرىنىڭ شەرق بىلەن ئالاقە قىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان قاتناش يوللىرى ئۆتىدىغان ئىدىل بىلەن دون دەريالىرىنىڭ ئارىسىدا ياشىغانىدى. مانا شۇنداق جۇغراپىيىلىك شارائىت ئىدىل بۇلغارلىرىنىڭ دۇنيا سودىسىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىشىگە سەۋەب بولغان.

بۇلغارلار سودا ئىشلىرىغا ئۇستا ئىدى. ئۇلار شىمالدا ئاق دېڭىزدىن تارتىپ، جەنۇبتا ھازار، ئارال ۋە خارازمىگىچە، ئىران، ئىراق، سۈرىيە، مىسىرغىچە بولغان مەملىكەتلەرگە بېرىپ سودا قىلاتتى. بۇلغارلارنىڭ مۇسۇلمان شەرقىگە ساتىدىغان ماللىرى سىلاۋىيانلارنىڭ ئىپسىل موينالىرى، تىرىك ھايۋاناتلىرى، قەھرىۋا، ھەسەل، بۇلغار خۇرۇملىرى، قىلىچ، نەيزىدىن ئىبارەت ئىدى.

بۇلغارلار دۇنيا سودىسىدا مۇھىم رول ئوينىغان چوڭ شەھەرلەرنى بىنا قىلدى. بۇلغارلارنىڭ پايتەختى بۇلغار شەھىرى غەربىي ۋە ئوتتۇرا ياۋروپانىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شەھەرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. بۇلغار شەھىرىدىن قالسا، ئەڭ مۇھىم شەھەر سىۋار شەھىرى ئىدى. بۇ شەھەر بۇلغار شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئىدى. بۇلغار بىلەن سىۋار شەھەرلىرىنىڭ نوپۇسى 200 مىڭغا يەتكەنىدى. شۇ چاغدىكى كونىستانتىنپولنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا خرىستىيان شەھەرلىرىدە مۇنداق كۆپ ئاھالە يوق ئىدى. بۇلغار شەھىرىنىڭ شەرقىدىن 50 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بىلىر شەھىرى بار ئىدى. بۇلغار شەھەرلىرىدە سارايلار، مەسجىدلەر، سودا بازارلىرى كۆپ ئىدى.

ئىدىل بۇلغار خانلىقىنىڭ پايتەختى بۇلغار شەھىرى ھازىرقى قازان

شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن 115 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئىدىل بويىدا ئىدى. رۇس ئارخېئولوگلىرى بۇلغار خارابىسىدىن خان ئوردىسى، ئىككى چوڭ مەسجىد، مۇنچا قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تاپقان. خان ئوردىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىنالىرى ئاق ئوردا ۋە قارا ئوردىدىن ئىبارەت بولۇپ، جۇلالاپ تۇرىدىغان مەرمەر تاشتىن ياسالغان.

ئىدىل بۇلغارلىرىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان گۈزەل بۇلغار شەھىرى مىلادىنىڭ 1236 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخان قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان.

رۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قىرالىچىسى (ئىمپېراتور تىسا) يېكاتېرىنا II نىڭ ۋاقتىدا رۇسلار بۇلغار شەھرىدىكى بىنالارنى يىقىتىپ، ئۇنىڭ تاشلىرىدىن خرىستىيان ئىبادەتخانىلىرى بىنا قىلغان.

3) ئىدىل بۇلغار خانلىقىنىڭ يوقىلىشى

ئىدىل بۇلغار خانلىقى 630 يىل (770 ـ 1400 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ خانلىقتا بۇلغارلاردىن تاشقىرى، باشقا قەبىلىلەرمۇ ياشىغانىدى. ئۇلار ئىدىل بۇلغار خانلىقىغا تەۋە ئىدى.

ئىدىل بۇلغار خانلىقى 195 يىل (565 ـ 770 ـ يىللار) ھازار خاقانلىقى (468 ـ 965 ـ يىللار)غا قىسمەن قارام بولغان بولسىمۇ، ئاساسەن مۇستەقىل ئىدى. بۇلغارلار 272 يىل (965 ـ 1236 ـ يىللار) تولۇق مۇستەقىل ھۆكۈم سۈرگەن بولسا، 63 يىل (1236 ـ 1300 ـ يىللار) ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا بېقىندى بولۇپ ياشىغان.

مىلادىنىڭ 1236 ـ يىلى باتوخان بۇلغار شەھرىگە بېسىپ كىرىپ ئۇنى بۇلاپ ـ تالاپ ۋەيران قىلدى. لېكىن ئىدىل بۇلغار خانلىقىنى يوقاتمىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇلغار شەھرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھمىيىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئالتۇن ئوردا خانلىقى (1223 ـ 1506 ـ يىللار)نىڭ پايتەختى ساراي شەھىرى ئالدى.

ئىدىل بۇلغار خانلىقىغا مىلادىنىڭ 1400 ـ يىلىغا كەلگىچە، توقىخاندىن تارتىپ ئابدۇللاخان II غىچە جەمئىي 23 كىشى خان بولدى. بۇ خانلارنىڭ ئىچىدە ئالماسخان، مىكائىلخان، ئەخمەتخان، تالىپخان، مۆمىنخان، ھەسەنخان ۋە مۇھەممەدخانلار مەشھۇر خانلار ئىدى. ئالماسخان مىلادىنىڭ 922 ـ يىلى

مۇسۇلمان بولۇپ، ئىدىل بۇلغارلىرىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشتە تارىختا داستان بولغۇدەك ئىشلارنى قىلغان. ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەدخان مىلادىنىڭ 944 ـ يىلى باغداتقا بېرىپ، خەلىپە مۇتتەقىنى زىيارەت قىلغان. مانا شۇ يۇقىرىدىكى خانلارنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتى نەتىجىسىدە ئىدىل بۇلغارلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. شۇ سەۋەبتىن ئىدىل بۇلغارلىرى خىرىستىيان دىنىغا كىرىپ رۇسلىشىپ كەتكەن دوناي بۇلغارلىرىدەك تەقدىرگە يولۇقماي، قىياپىتىنى، ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان. ئەگەر ئىدىل بۇلغارلىرى ئىسلام دىنىغا كىرمەي خىرىستىيان دىنىغا كىرگەن بولسا، ئاللىقاچان رۇسلىشىپ كەتكەن بولاتتى. بىر مىللەتنىڭ باشقا بىر مىللەتكە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشى، ئاساسەن شۇ مىللەتنىڭ مىللىي روھىنىڭ يوقىلىشىغا باغلىق ئىكەنلىكى تارىختىن بېرى مەلۇم. مىللىي روھنىڭ يوقىلىشى تۈرلۈك تارىخىي شارائىتلاردا تۈرلۈك كونكرېت سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىرەر مىللەتنىڭ ئۆز تارىخىنى ئۇنتۇشى، ئانا تىلىنى يوقىتىپ باشقا تىلنى ئانا تىل ئورنىغا دەسسىتىشى، ئېسىل مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن ۋاز كېچىشى ئارقىلىق بولىدۇ. ئىدىل بۇلغار خانلىقى مىلادىنىڭ 1400 ـ يىلى ئۇلۇغ ئىستىلاچى (ئۇلۇغ بويسۇندۇرغۇچى) ئاقساق تۆمۈر تەرىپىدىن يوقىتىلغان بولسىمۇ، ئىدىل بۇلغارلىرى ھېلىغىچە «تاتار» نامى بىلەن ياشاپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ باشقا مىللەتكە ئاسسىمىلياتسىيە بولماي ياشاپ كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ـ ئۇلارنىڭ مىللىي روھىغا سىڭىپ كەتكەن ئىسلام ئېتىقادىنىڭ خاسىيىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنىڭ مىللىي روھى سۇسلىشىپ، ئاخىرىدا مىللىي روھى يوقىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ باشقا مىللەتكە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

### ئىدىل بۇلغار خانلىرى[1]

| خانلار | مىلادى يىللار |
|---|---|
| 1. توقىخان | (770 ـ ؟) |
| 2. ئايدارخان | |
| 3. زوبىرخان | |
| 4. شىلقاسخان | (900 ـ ؟) |

(1) يىلماز ئۆزتۇنا : «ئۇمۇمىي تۈركىيە تارىخى» تۈركچە 17 – توم، 237 – بەتكە قارالسۇن.

5. ئالماسخان (مۇسۇلمانچە ئىسمى جەئپەر) (900 ـ 925)

6. مىكائىلخان (925 ـ 930)

7. ئەھمەدخان (930 ـ 948)

8. تالىپخان (948 ـ 958)

9. مۆمىنخان (958 ـ 980)

10. ھەسەنخان (980 ـ ؟)

11. مۇھەممەدخان

12. سىيىتخان

13. ئەبۇ ئىسھاقخان (؟ ـ 1015)

14. ئىسھاقخان (1015 ـ ؟)

15. باراجىخان

16. ئىبراھىمخان

17. سېلىمخان

18. ئىلىخان (؟ ـ 1230)

19. پولات ـ تۆمۈرخان (1230 ـ ؟)

20. ئابدۇللاخان I

21. ھەسەنخان (؟ ـ 1380)

22. مۇھەممەدخان (1380 ـ ؟)

23. ئابدۇللاخان II (؟ ـ 1400)

ئابدۇللاخاننى 1400 ـ يىلى ئاقساق تۆمۈر ئۆلتۈرگەن.

## بەشىنچى باب: ۋېنگرىيە دۆلىتى

### 1. ۋېنگرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

ۋېنگىرلار ياۋروپا ھونلىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋېنگر ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

مىلادىنىڭ 469 ـ يىلى ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى يىقىلغاندىن كېيىن، ۋولگا (ئىدىل) بويلىرىدا ياشايدىغان ھون قەبىلىلىرى دون دەرياسىنىڭ بويىغا كۆچۈپ كەلگەن. ھونلارغا ئاتتىلانىڭ ئوغلى ئىرنىك يېتەكچىلىك قىلغان. مانا شۇ ھونلار باشتا كۆكتۈرك خاقانلىقىغا، كېيىن ھازار خاقانلىقىغا بېقىنىپ ياشىغان. ھونلارنى فرانسوزلار ھونگىرى، نېمىسلار ھونگار، لاتىنلار ھونگارى، رۇسلار ۋېنگر دەپ ئاتاشقان. ياۋروپالىقلار ھونلارنى ئەنە شۇنداق ئاتىدى. ۋېنگر ئاتالغۇسى ھون قەبىلىلىرىنىڭ نامى بولغان ئون ئوغۇر سۆزىدىن كېلىپ چىققان. ياۋروپالىقلار ۋېنگرلارنى ماجارلار دەپمۇ ئاتىشىدۇ. «ماجار» ئاتالغۇسى «مىشگار» ئاتالغۇسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەسلى بەش ئوغۇز دېگەن سۆزدىن كەلگەنلىكى مەلۇم.

ۋېنگرلار دون دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كەلگەندىن باشلاپ ئۇرخۇن يەنسەي يېزىقىنى قوللانغان. ئېھتىمال، ئۇلار بۇ يېزىقنى ھازارلار ئارقىلىق بىلگەن بولسا كېرەك. ۋېنگرلار ئىدىل بويلىرىدىن دون دەرياسىنىڭ بويىغا كۆچۈپ كەلگەندە، ئۇلارغا ھازارلارنىڭ كابار ئاتلىق قەبىلىسى قوشۇلغان. ۋېنگرلار مىلادىنىڭ 830 ـ يىلى ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن فىچىنەكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، دون بويلىرىدىن كۆچۈپ دونتىس، دنىپىر، ئاقسۇ (بۇگ)، دېنىستر دەريالىرىدىن ئۆتۈپ بىسارابىيىگە، بىر ئازدىن كېيىن مولداۋىيىگە كەلگەن.

## 2. ۋېنگر دۆلىتىنىڭ تەشكىل تېپىشى

ۋېنگرلار مىلادىنىڭ 889 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم فىچىنەكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، يۇقىرىدىكى جايلاردىن كۆچۈپ دوناي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا (ھازىرقى ۋېنگرىيىگە) كېلىپ ماكانلاشتى. ئۇلار شۇ يىلى ئاتتىلانىڭ پەي نەۋرىسى ئالماسنىڭ ئوغلى ئاربادنى ھون ئەنئەنىسى بويىچە خان قىلىپ كۆتۈرۈپ، ۋېنگرىيە دۆلىتىنى قۇردى.

ۋېنگرىيە دۆلىتى (885 ـ 907 ـ يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن)، ئارپاد (889 ـ 907 ـ يىللاردا خان بولغان)، زولتان (907 ـ 945 ـ يىللار)، پالىجىس (945)، تاقسۇنۇ (950 ـ 970 ـ يىللار)، گىنرا (970 ـ 997 ـ يىللار)، ئىشتىۋان 1 (997 ـ 1038 ـ يىللار)، ئانداراس 1235 ـ 1205) II ـ يىللار)، يانۇش خۇنيادى (1446 ـ 1458 ـ يىللار)، ماتىئاس كورۋىن (1458 ـ 1490 ـ يىللار) قاتارلىق خانلار ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە كۈچىيىپ، سەلتەنەتلىك بىر دەۋرگە كىرگەندى.

زولتان مىلادىنىڭ 924 ـ يىلى گېرمان ساكسون ئىمپېرىيىسى (914 ـ 1024

- يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ ئىمپېراتورى ھېنرىخ 1 (919 - 936 - يىللاردا ئىمپېراتور بولغان) نى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ھەر يىلى سېلىق تۆلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان. ھېنرىخ 1 933 - يىلى سېلىق تۆلەشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، ۋېنگرلار ساكسونىيىگە بېسىپ كىردى. شۇ يىلى مېيربۇرگ يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا گېرمانلار ۋېنگرلارنى تارمار كەلتۈردى. زولتاننىڭ ۋاقتىدا ۋېنگرلار بىلەن گېرمانلار ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئۇرۇش بولدى. 955 - يىلى باۋارىيىگە بېسىپ كىرگەن ۋېنگر قوشۇنلىرىنى ھېنرىخ 1 نىڭ ئوغلى ئوتتو 1 (936 - 973 - يىللار) قوماندانلىقىدىكى گېرمان قوشۇنلىرى تارمار كەلتۈردى. بۇ ئۇرۇش ئاۋگوسبورگ دېگەن شەھەرنىڭ يېنىدا بولغان.

ۋېنگرلار (ھونلار) ئەزەلدىن تارتىپ قامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنىدى. گېزا (970 - 997 - يىللار) ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، رىمدىكى پاپا ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ خىرىستىيان پوپلىرىنى تەكلىپ قىلدى ۋە ۋېنگرلار ئارىسىدا خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىشقا باشلىدى. شۇندىن باشلاپ ۋېنگرلار قامان دىنىدىن چىقىپ، خىرىستىيان بولۇشقا باشلىدى. بۇنداق ئەھۋال ئىشتىۋان 1 نىڭ ۋاقتىدا (997 - 1038 - يىللار) كۆچەيدى. ئىشتىۋان مىلادىنىڭ 1000 - يىلى گېرمان ئىمپېراتورى ھېنرىخ 1024 - 973) II - يىللارغىچە ئىمپېراتور بولغان)نىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەن. ئۇ شۇ يىلى خىرىستىيان دىنىغا كىردى ۋە خىرىستىيان ئىبادەتخانىسى سالدۇردى. ۋېنگرلار بارا - بارا خىرىستىيانلىشىپ، ئەسلى مىللىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتتى. ئىشتىۋان 1 ۋېنگرلار تېررىتورىيىسىدە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. بۇنداق ئىش چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ۋېنگرلار ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ ئىلگىرىلەشنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئىشتىۋان 1 قېيىن ئاكىسى ھېنرىخ II نىڭ يۈز خاتىرىسىنى قىلماي، گېرمانلارغا قارشى ناھايىتى شىددەتلىك ھەربىي يۈرۈشنى باشلىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى يۈرۈشىدە گېرمانلارنى تارمار قىلىپ، سىلوۋاكىيىنى بېسىۋالدى. ئىشتىۋان كىيېۋرۇس دۆلىتىنىڭ كىنىزى باروسلاۋ مودىرى (1019 - 1054 - يىللارغىچە كىنەز بولغان) نىڭ ھوزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى.

ۋېنگرلار ئانداراس II نىڭ ۋاقتىدا (1205 - 1235 - يىللار) 5 - قېتىملىق ئەھلى سەلىپ يۈرۈشى (1221 - 1227 - يىللار) گە قاتنىشىپ مىسىرغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، مەغلۇپ بولغان. ئانداراس II راھەتپەرەست بولۇپ، تولا چاغلارنى

ئەيشى ـ ئىشرەت، كەيپى ـ ساپا بىلەن ئۆتكۈزگەن.

ۋېنگرلار 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياۋروپا خەلقلىرىگە ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر دۈشمەن سۈپىتىدە دەھشەت سېلىپ تۇردى. ۋېنگرلار شۇ مەزگىلدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، گېرمانىيىگە 20 قېتىم، ئىتالىيىگە يەتتە قېتىم، گوللاندىيىگە بىر قېتىم، فرانسىيىگە تۆت قېتىم، شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىگە بىر قېتىم قاخشاتقۇچ ھۇجۇملارنى قىلدى. نۇرغۇن ئولجىلارنى ئالدى. قۇل قىلىپ سېتىش ئۈچۈن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئەسىرلەرنى ئېلىپ كەتتى.

ۋېنگرىيە دۆلىتى تازا كۈچەيگەن مەزگىلدە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىگە ھازىرقى ۋېنگرىيىدىن باشقا، رومىنىيىنىڭ ئىردىل ۋە تامىشۋار ۋىلايەتلىرى، يۇگوسلاۋىيىنىڭ شىمالى قىسمىدىكى ۋويۇدىنا، بىلگىراد، خورۋاتىيە، سولوۋنىيە كىرگەن بولسا، شىمالدا سىلوۋاكىيە، كارپات، ئوكرائىنامۇ كىرگەن.

### 3. ۋېنگرىيە دۆلىتىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى

ۋېنگرخانى يانۇش خۇنيادى (1444 ـ 1450 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 1444 ـ ۋە 1443 ـ يىللىرى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى (1290 ـ 1922 ـ يىللار) تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ 1456 ـ يىلى بىلگىراد يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا ئوسمان تۈرك قوشۇنلىرى ئۈستىدىن چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتى. شۇ غەلىبىدىن كېيىن، ۋېنگرلار تۈركلەرنىڭ ياۋروپاغا كېڭىيىشىنى بىر مۇددەت توختاتتى. خۇنيادى ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ماتىئاس كورۋىيىنىنىڭ ۋاقتىدا (1458 ـ 1490 ـ يىللار) ۋېنگرلار يەنە كۈچىيىشكە باشلىدى. ماتىئاس كورۋىيىن ناھايىتى كۈچلۈك مۇنتىزىم قوشۇن تەشكىل قىلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ مۇكاپاتلاش تەدبىرىنى قوللاندى. ئۇ 1468 ـ يىلدىن 1478 ـ يىلغىچە چېخلار بىلەن ئۇرۇشۇپ مولداۋىيىنى بېسىۋالدى. 1485 ـ يىلى گېرمان ئىمپېراتورىنى تارمار قىلىپ، ئاۋستىرىيىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى بېسىۋالدى. ۋېنگرىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختىنى ۋىناغا يۆتكىدى.

13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى (1290 ـ 1922 ـ يىللار) ۋۇجۇدقا كەلدى. تۈرك سۇلتانى مۇرات (1362 ـ 1389 ـ يىلغىچە سۇلتان بولغان) 1389 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سېرۋىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كوسوۋۇ تۈزلەڭلىكىدە سېرۋىيە، بوسنىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى.

بىرلەشمە قوشۇننىڭ قوماندانى سىرۋىيە خانى ئەسىرگە چۈشتى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. تۈركلەر كوسوۋو غەلىبىسىدىن كېيىن سىرۋىيە ۋە ئالبانىيىنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئىگىلىۋالدى.

كوسوۋو ئۇرۇشىدىن 59 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ۋېنگىرلارنىڭ خانى يانوش (يۇنۇش) خۇنيادى گېرمانىيە، پولشا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئۇرۇش ئېلىپ باردى. يانوش خۇنيادىنىڭ ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئىتتىپاقىغا سىربىيە، رومىنىيە، مولداۋىيە، سىيىجىلىيە، ئالبانىيىلەرمۇ قاتناشتى.

خىرىستىيان دۇنياسىدىكى بىرقانچە دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغان يانوش خۇنيادى مىلادىنىڭ 1448 ـ يىلى يۈز مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە قوشۇنغا باش قوماندان بولۇپ، كوسوۋو تۈزلەڭلىكىگە قاراپ ماڭدى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان تۈرك سۇلتانى مۇرات II (1421 ـ 1451 ـ يىللار) تۈرك قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش قوماندان بولۇپ، دەرھال يولغا چىقتى.

سۇلتان مۇرات II يانوش خۇنيادىنىڭ هوزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇلھى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خۇنيادى سۇلھى تەلىپىنى رەت قىلدى.

1448 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇن كۈنى تاڭ سەھەردە ئىككى بۈيۈك قوشۇن كوسوۋو تۈزلەڭلىكىدە بىر ـ بىرىگە قارشى سەپ تارتتى. ئوتتۇرا ئەسىردە يۈز بەرگەن ئەڭ مەشھۇر، قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ بىرى بولغان ئىككىنچى كوسوۋو ئۇرۇشى باشلاندى. ئۇرۇش ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلدى. يانوش خۇنيادى باش قوماندانلىقىدىكى بىرلەشمە قوشۇن مەغلۇپ بولدى. يانوش خۇنيادى ئۇرۇشنىڭ 3 ـ كۈنى كېچىسى قېچىپ كەتتى. بىرلەشمە قوشۇندىن قالغانلىرى تەسلىم بولدى.

يانوش خۇنيادى ۋاپاتىدىن كېيىن، ماتىئاس كورۋىننىڭ ۋاقتىدا (1458 ـ 1490 ـ يىللار) ۋېنگىرلارنىڭ يەنە بىر مۇددەت كۈچەيگەنلىكىنى باشتا ئېيتقان ئىدۇق. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، سۇلتان مۇھەممەد II (1451 ـ 1481 ـ يىلىغىچە سۇلتان بولغان) مىلادىنىڭ 1451 ـ يىلى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونستانتىنپولنى ئىشغال قىلىپ، 1056 يىل هۆكۈم سۈرگەن شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تۈركلەر ناھايىتى كۈچىيىپ كەتكەن.

بولۇپمۇ سۇلتان سۇلايمان 1 نىڭ ۋاقتىدا (1520 1556 ـ ـ يىللار) ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن هالدا قۇدرەت تاپتى. تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ

تېررىتورىيىسى ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا قاتارلىق ئۈچ قىتئەنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

سۇلايمان 1 مىلادىنىڭ 1521 ـ يىلى ۋېنگرلاردىن بىلگىرادنى تارتىۋالدى. سۇلتان سۇلايمان 1 مىلادىنىڭ 1526 ـ يىلى ناھايىتى چوڭ قوشۇننى باشلاپ ۋېنگرلار تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىردى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا ۋېنگرىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ماخاجىس شەھىرىنىڭ يېنىدا تۈركلەر بىلەن ۋېنگرلار ئارىسىدا ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇشتا سۇلتان سۇلايمان 1 قوماندانلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى ۋېنگر قوشۇنلىرىنى تامامەن قىرىپ تاشلىدى. ۋېنگر خانى لودىۋىك 1 مۇ تۈركلەر قولىدا ئۆلدى.

ماخاجىس ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادا 630 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ۋېنگرىيە دۆلىتى يوقالدى. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ تەۋەلىكىدە تۇردى. 1683 ـ يىلى ۋېنا ئۇرۇشىدا تۈركلەر مەغلۇپ بولدى. ئاۋستىرىيە، ۋېنتسىيە، پولشا، رۇسىيە بىلەن بىرلىشىپ تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ۋېنگرىيىنى ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋالدى.

ۋېنگرىيە 230 يىل (1687 ـ 1918 ـ يىللاردا) ئاۋستىرىيىگە قارام بولۇپ ياشىدى. شۇ مەزگىل ئىچىدە ۋېنگرلار مۇستەقىل بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلدى. مۇنداق كۈرەشلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرى 1848 ـ يىلىدىكى ۋېنگرىيە ئىنقىلابى ئىدى. ۋېنگرلار مۇستەقىل دېموكراتىك رېسپۇبلىكا قۇرۇش ئۈچۈن 1848 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاۋستىرىيىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭغا ۋېنگرىيە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى كوشۇت (1802 ـ 1894) يېتەكچىلىك قىلغان. 1849 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرى ۋېنگرىيە ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بوداپېشتقا بېسىپ كىردى. كوشۇت يېتەكچىلىكىدىكى ئىنقىلابىي قوشۇن ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. 4 ـ ئايدا ۋېنگرىيە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. كوشۇت ۋېنگرىيە رېسپۇبلىكىسىنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلاندى.

دەل شۇ پەيتتە، چار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى نىكولاي1 (1831 ـ 1855 ـ يىللار) ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى فرانسىس يوزېف 1 نىڭ تەكلىپىگە كۆرە، ۋېنگرىيە ئىنقىلابىنى ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن پاسكېۋىچ قوماندانلىقىدا 160 مىڭ رۇس قوشۇنلىرىنى ۋېنگرىيىگە ماڭدۇردى. نىكولاي 1 پاسكېۋىچقا ئەۋەتكەن يوليورۇقىدا: «بەدبەخلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلما» دېگەن. رۇسىيە ۋە ئاۋستىرىيە

قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغان 23 مىڭ كىشىلىك ۋېنگرىيە قوشۇنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان. كوشوت ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۈركىيىگە قېچىپ كەتكەن.

1848 ـ يىلىدىكى ۋېنگرىيە ئىنقىلابىنىڭ ئاتاقلىق يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان قورقماس جەڭچى شائىر شاندور فىتىفى (1821 ـ 1849 ـ يىللار) پاسكىۋېچىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

شائىر شاندور فىتىفى قولىغا قورال ئېلىپ ئىنقىلابقا قاتناشقاندىن تاشقىرى، ئىنقىلابىي قوشۇنغا پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ بېغىشلايدىغان ئاجايىپ يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يازغانىدى.

ئۇنىڭ:

هاياتلىق راستىنلا ئېسىلدۇر قىممەت،
مۇھەببەت ئەلادۇر بەلكى ئۇنىڭدىن.
ئازادلىق ئۈچۈندۇر دېيىلسە ئەگەر،
تەخىرسىز كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن.

دېگەن شېئىرى ئىنقىلابتا مۆلچەرلىگۈسىز ئىنقىلابىي رول ئوينىغانىدى.

ۋېنگرىيە ئاۋسترىيە ئىمپېرىيىسى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، 1918 ـ يىلى مۇستەقىل بولدى.

**ۋېنگرىيە دۆلىتىنىڭ خانلىرى (889 ـ 1526 ـ يىللار)**

| خانلار | مىلادى يىللىرى |
|---|---|
| 1. ئارپاد (12) | (889 ـ 907) |
| 2. زولتان | (907 ـ 945) |
| 3. پالجىس | (945 ـ 950) |
| 4. توقسونو 1 | (950 ـ 970) |
| 5. گىزا 1 | (970 ـ 997) |

6. ئىشتىۋان (997 - 1038)
7. فېتېر (1038 - 1041)
8. ئاداسا مۇئىل (1041 - 1044)
9. ئانداراس 1 (1044 - 1060)
10. بېلا 1 (1060 - 1063)
11. سالامون (1063 - 1074)
12. گېزا II (1074 - 1077)
13. لاسزىلو 1 (1077 - 1095)
14. كالمان (1095 - 1116)
15. ئىشتىۋانII (1116 - 1131)
16. بېلاII (1131 - 1141)
17. گېزا III (1141 - 1161)
18. ئىشتىۋان III (1161 - 1172)
19. لاسزىلو II (1172 - 1173)
20. ئىشتىۋان IV (1173 - ؟)
21. بېلا III (1172 - 1196)
22. ئىمرى (1196 - 1204)
23. لاسزىلو III (1204 - 1205)
24. ئانداراسII (1205 - 1235)
25. بېلا IV (1235 - 1270)
26. ئىشتىۋان (1270 - 1272)
27. لاسزىلو IV (1272 - 1290)
28. ئانداراس III (1290 - 1301)

ۋېنگرىيە دۆلىتىگە ئارپاد نەسلىدىن (28 خان)، ئىتالىيان (بىر خان)، گېرمان

(ئۈچ خان)، فرانسۇز (تۆت خان)، لىتۋا (ئۈچ خان)، رومەن (ئىككى خان)، ئوسمانلى تۈركلەردىن (ئون خان) چىققان كىشىلەرمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

شەرقىي ياۋروپادا 11 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرلەرگىچە قىپچىنەكلەر، ئوغۇزلار، كومانلار، قىپچاقلار مەلۇم تارىختىي ئەھمىيەتكە ئىگە روللارنى ئوينىغان. ھازىرچە بۇ جەھەتتىن تەپسىلىي مەلۇمات بەرمەيمىز.

# قوشۇمچە:

## ئۇلۇغ ياۋچىلار

### كىرىش

تارىختا، تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى توخارىستان، كۇشان ئىمپېرىيىسى، ئاق ھونلار (ئېپتالىتلار) ئىمپېرىيىسى قاتارلىق قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرغانلىقى، يۈكسەك، باي مەدەنىيەت ياراتقانلىقى بىلەنمۇ مەشھۇر.

تۈركىي خەلقلەر قەدىمكى چاغلاردا دۈشمەننى (بۇ سۆز فارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن) «ياۋ» دەپ ئاتايتتى. بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بولغان ئۆزبېكلەر ھازىرمۇ دۈشمەننى «ياۋ» دېسە، قازاقلار «جاۋ» دەپ ئاتىشىدۇ. «ياۋچى» دېگەن ئىسىم ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئۇرۇشقاق، ئۆز قوشنىلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرىدىغان ناھايىتى جەڭگىۋارلىقىغا قاراپ قويۇلغانىكەن.

ئۇلۇغ ياۋچىلار ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن باشلاپ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي كارىدورىدا ياشاپ كەلگەن. ئۇلار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇلۇغ ياۋچىلار ھون ئىمپېرىيىسى ۋۇجۇدقا كېلىشتىن بۇرۇن (مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن) مۇستەقىل خانلىق بولۇپ، 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە ئىدى. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئاھالىسى بىر مىليونغا يېقىن بولسا كېرەك.

## 1. ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى

ئەزەلدىن تارتىپ ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن قېرىنداش بولغان هونلار، ئۇيسۇنلار بىر - بىرىگە يان قوشنا بولۇپ ياشايتتى. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۇيسۇنلار بىلەن خېشى كاربدوربدا ياشىسا، هونلار ئۇلارنىڭ شەرقىدە (هازىرقى تاشقى موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىدە) ياشايتتى.

مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۇيسۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانى ناندۇمىنى ئۆلتۈرگەن، يايلاقلىرىنى بېسىۋالغان. مەغلۇپ بولغان ئۇيسۇنلار شەرققە قاراپ قېچىپ، هونلار پاناهىغا كەتكەن. بۇ چاغدا، مىلادىدىن 209 - يىل بۇرۇن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۇلۇغ هون ئىمپېرىيىسى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ غەيرىتى ۋە شىجائىتى ئارقىسىدا كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. هونلار يېنىغا بارغان ئۇيسۇنلارنىڭ يابغۇسى (يابغۇ - مەنسەپ نامى) تۇغۇلغانىغا بىرنەچچە ئاي بولغان خانزادە زاغۇمىينى (ناندۇمىنىڭ ئوغلى) ئېلىپ قاچقان. باتۇر تەڭرىقۇت خانزادە زاغۇمىينى چوڭ قىلىپ ئۆستۈرگەن. زاغۇمى هونلار ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردا خىزمەت كۆرسەتكەن. باتۇر تەڭرىقۇت ئۇنى ئۇيسۇنلارغا خان قىلىپ تەيىنلەپ، پۈتۈن ئۇيسۇن ئاهالىسىنى ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىغا قايتۇردى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇيسۇن بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئارىسىدا يەنە ئۇرۇش يۈز بەردى. بۇ قېتىم ناهايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئۇيسۇنلار ئىرسىن ۋادىسىدىن (نىڭشىيادا)، خېشى كاربدوربدىن غەربكە قاراپ كۆچۈپ، ئىلى ۋادىسىغا بېرىپ يەرلىشىپ قالدى.

مىلادىدىن 175 يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇت ئوغلى قايۇق باشچىلىقىدا هون قوشۇنلىرىنى ئۇلۇغ ياۋچىلار (ياۋچىلار ئىسيان كۆتۈرگەنىدى) ئۈستىگە ماڭدۇردى. قايۇق باشچىلىقىدىكى هون قوشۇنلىرى ئۇلۇغ ياۋچىلارنى تارمار قىلدى. ئۇلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈردى. قانلىق جازا يۇرۇشىگە ئۇچرىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار مەرهۇم خانىنىڭ ئايالى باشچىلىقىدا غەربكە قاراپ كۆچۈپ، دەسلەپ كۈچاغا كەلگەن. بۇ يەردىن ئىلى ۋادىسىغا ئۆتۈپ، يېڭىدىن كېلىپ ئورۇنلاشقان ئۇيسۇنلارنى جايلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىلى ۋادىسىدا يەرلەشكىنىگە 25 يىل بولغاندا (مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇن)، هونلار ياردىمىنى ئالغان ئۇيسۇنلار ئۇلۇغ ياۋچىلارغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئىلى ۋادىسىدىن قوغلىغان. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىلى ۋادىسىدىن غەربىي جەنۇبقا سىلجىپ قەشقەرگە كەلگەن. بۇ يەردە ئانچە ئۇزۇن تۇرمايلا باكتېرىيىگە (هازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى) ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان.

## 2. توخارىستان (150 - 50 - يىللار)

ئۇلۇغ ياۋچىلار مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇن باكتىرىيىگە بېسىپ كىرىپ، گىرېك ماكېدون ھۆكۈمرانلىقى (ئىسكەندەر مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن ئىراننى بېسىۋالغاندىن باشلاپ توخارىستاندا گىرېك ماكېدون ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلغان) نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تارىختا «توخارىستان» دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇرغان. «توخار» سۆزىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ قانداق مەناغا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېلىغىچە ئېنىق بىر ئۇقۇم يوق.

مىلادىدىن 126 يىل بۇرۇن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئالدىغا بارغان جاڭ چيەن ئۇلارنىڭ ھونلارغا قارشى كۈرەشتە خەن سۇلالىسىگە ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. لېكىن ئۇلۇغ ياۋچىلار جاڭ چيەن تەرىپىدىن قويۇلغان تەلەپلەرنى رەت قىلغان.[1]

تاشقى موڭغۇلىيىدىكى «نويۇن تېغىدىكى ھون قەبرىستانلىقىدىن يۇڭدىن توقۇلغان كەشتە گۈللۈك پەردىلەر تېپىلغان. بۇ پەردىلەردە سەپ تارتىپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلار تەسۋىرلەنگەن. ئادەملەرنىڭ قىياپىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ توخارچە (ياۋچىلارچە - ئا) كىيىم كىيگىنىگە قاراپ، شۇنىڭدەك بۇ پەردىلەرنى زىننەتلىگەن... يوللارغا قاراپ ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇلار پەقەت توخارىستان تېررىتورىيىسىدىلا مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ياكى بىر ئەسىر بۇرۇن ئىشلەپچىقىلغان بولۇشى مۇمكىن.»[2] بۇ پەردىلەرگە قارىغاندا، توخارىستان دۆلىتىنى قۇرۇپ بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇلۇغ ياۋچىلار خېلى يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقان.

## 3. كۇشان ئىمپېرىيىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 50 - يىلدىن مىلادىنىڭ 420 - يىلىغىچە)

ئۇلۇغ ياۋچىلار قۇرغان توخارىستان دۆلىتى بەش يابغۇ (مەنسەپ نامى) تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بەش خانلىققا بۆلۈنەتتى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ۋاخان يابغۇسى (ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا)
2. ماستوج يابغۇسى (شىمالىي پاكىستاندىكى ماستوج)
3. كۇشان يابغۇسى (ۋاخاننىڭ غەربىدە)
4. فەرۋان يابغۇسى (كابولنىڭ شىمالىدا)

---

(1) خەن سۇلالىسى يىلنامىسى «پەرغانە ھەققىدە قىسسە» ۋە «جاڭ چيەن ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.
(2) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە 1 - توم، 105 - بەتلەرگە قارالسۇن.

## 5. كابول يابغۇسى

يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 150 ـ 50 ـ يىللار) توخارىستان دۆلىتى مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ بىرلەشكەن كۈچلۈك كۇشان ئىمپېرىيىسى بولۇپ قۇرۇلۇشقا باشلىدى. مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇن كۇشان يابغۇسى قەنشىقا 1 باشقا يابغۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، كۇشان نامى بىلەن ئاتالغان ئىمپېرىيىگە ئاساس سالدى. ئۇ، پارپىيە بىلەن ئۇرۇش باشلاپ پارپىيە قوشۇنلىرىنى ھىندوقۇش تاغلىرىنىڭ جونۇبىدا، كابول رايونى ئەتراپىدا تارمار قىلدى. شۇ ئۇرۇشتىن كېيىن قەنشىقا 1 پارپىيە تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىنى كۇشان ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋالدى.[1]

مىلادىدىن بۇرۇنقى 50 ـ يىلىدىن مىلادىنىڭ 420 ـ يىلىغىچە تەخمىنەن 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن كۇشان ئىمپېرىيىسىنى قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىش مۇمكىن. قادفىس (40 ـ 75 ـ يىللار) ۋە قادفىس1 (75 ـ 95 ـ يىللار) قاتارلىق كۇشان ئىمپېراتورلىرى ۋاقتىدا، كۇشانلارنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسىدە بولدى. شۇنداقتىمۇ قۇجۇلا قادفىس 1 (40 ـ 75 ـ يىللار) كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىنى خارەزمى، سوغدىيانادىن ھىندىستانغىچە، پامىردىن پارپىيىگىچە كېڭەيتتى، قادفىس II (75 ـ 95 ـ يىللار) ھىندىستاننى بانارىسقىچە بېسىۋالدى.

كۇشانلار ئۆزىنىڭ سىياسىي مەركىزىنى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى پىشاۋۇرغا كۆچۈرگەن. كۇشانلار قەنشىقا II (110 ـ 123 ـ يىللاردا ئىمپېراتور بولغان) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئىمپېراتور بولغان دەۋردە تازا كۈچەيگەن.

كۇشان ئىمپېرىيىسى «شاھلار شاھى» قەنشىقا II (بەزى تارىخچىلار ئۇنى 78 ـ 123 ـ يىللاردا ئىمپېراتور بولغان دېيىشىدۇ) ئىمپېراتورلۇق قىلغان مەزگىلدە ناھايىتى كۈچىيىپ، ئاجايىپ گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن.

قەنشىقا II دەۋردە شەرققە سىلجىش كۈچىيىپ، كۇشانلارنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقى كېڭەيتتۈرۈلگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەن. كۇشان ئىمپېرىيىسى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە دۆلەتكە ئايلانغان.

كۇشان ئىمپېراتورى قەنشىقا II 89 ـ يىلى خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، خەن مەلىكىسىگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. لېكىن پادىشاھ

(1) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە 1 ـ توم، 107 ـ بەتكە قارالسۇن.

خەن خىدى قەنشىقا II نىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، كۇشان ئەلچىلىرىنى قاماققا ئالغان. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان قەنشىقا II پامىر ئارقىلىق خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تەسىرى كۈچلۈك بولغان غەرب ئەللىرىگە (ئاساسەن تارىم ۋادىسى) 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھۇجۇم باشلىغان. بۇ چاغدا، خەن سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە تۇرغان ئەلچىسى بەنچاۋ خوتەن، ياركەنت، قەشقەر قاتارلىق خانلىقلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرىغا يول كۆرسىتىپ، كۇشان قوشۇنلىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 90 ـ يىلى يۈز بەرگەن. خەن سۇلالىسى 103 ـ يىللىرى ھونلارنىڭ بېسىم كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە بەنچاۋنى قەشقەردىن چاقىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا خەن سۇلالىسى بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن. قەنشىقا II غەرب ئەللىرىدىكى دۆلەتلەر بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەر ئېلىپ بارغان.[1] ئۇ ئىمپېراتور بولغان مەزگىلىنىڭ ئاخىرىدا خوتەن، ياركەنت، قەشقەر خانلىقلىرىنى ئۆز ئىمپېرىيىسى تەركىبىگە قوشۇۋالغان.

قەنشىقا II ئۆز ئىمپېرىيىسى تەركىبىدىكى تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ ھەرخىل دىنىي ئېتىقادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 100 ـ يىلى كەشمىردە بۇددىستلارنىڭ خەلقئارا قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. قۇرۇلتايدا كېيىنچە جۇڭگو، تىبەت، موڭغۇلىيە، ياپونىيىگە تارقالغان بۇددىزمنىڭ ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئەقىدىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئۇنى كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتۈن تېررىتورىيىسىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىلدى. قەنشىقا II بۇنداق قىلىشتا كۇشان ئىمپېرىيىسىدىكى تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ تۈرلۈك دىنىي ئېتىقادى بىرلىككە كەلگەندە (پەقەت بىرلا دىنغا ـ بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلغاندا) مەنىۋى جەھەتتە كۇشان دۆلىتىنىڭ بىرلىكىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە پايدىلىق بولىدۇ، دېگەن مەقسەتنى كۆزدە تۇتقان. بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىدا قەنشىقا II نىڭ تەشەببۇسى خېلى چوڭ رول ئوينىغان. قەنشىقا II 2 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەشھۇر بۇددىستلارنى ئېلىپ، ئۆزى خوتەنگە كېلىپ، بۇددا دىنىنى تارقىتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان.

قەنشىقا II ئىمپېراتور بولغان مەزگىلدە، ئۇ شەرق ئەللىرى بىلەنلا ئەمەس، غەرب ئەللىرى بىلەنمۇ ئالاقە ئورناتقان. مىلادىنىڭ 99 ـ يىللىرى كۇشان ئەلچىلىرىنىڭ رىمغا بارغانلىقى مەلۇم. 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان روما

(1) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە 1 – توم، 108 – بەتكە قارالسۇن.

يازغۇچىلىرى، 2 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا روما ئىمپېراتورلىرى ئادرىئان، ئانتونىن پىيى دەۋردە رىمدا پەيدا بولغان كۇشان ئەلچىلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىدە ناھايىتى كۆپ مىقداردا روما ئىمپېراتورى نىيرون (مىلادى 54 ـ 68 ـ يىللارغىچە ئىمپېراتور بولغان) تەڭگىلىرىنىڭ تېپىلىشىمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ. كۇشانلار رىم بىلەنلا ئەمەس، شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەر بىلەنمۇ ئالاقىدە بولغان.[1]

كۇشانلار تارىخىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ھەققىدە يېتەرلىك، ئېنىق مەلۇمات يوق. بەزىبىر تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، كۇشان ئىمپېرىيىسى مىلادى 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاق ھونلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

كۇشان ئىمپېرىيىسى دەۋردە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 50 ـ يىلىدىن مىلادىنىڭ 420 ـ يىلىغىچە) شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى سودا ئىشلىرى ناھايىتى راۋاجلانغان. كۇشانلار غەرب مەدەنىيىتى (ئاساسەن يونان مەدەنىيىتى) ئاساسىدا مەزمۇنى مول يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ يارىلىشىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. كۇشانلار دەۋرىدە مۇزىكا، ھەيكالتاراشلىق، رەسساملىق، بىناكارلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تىرمىز شەھىرىگە يېقىن بولغان «ئايرى تام»دىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىدىن تېپىلغان چالغۇچىلارنىڭ تاشتىن ياسالغان ھەيكەل شەكلىدىكى تەسۋىرى شۇنى ئىسپاتلايدۇ.[2]

كۇشان سەنئىتى ھىندىستان مەدەنىيىتىدە (ھىندىستاندىكى تاكسىلا ۋە مادورا شەھەرلىرىنىڭ يادىكارلىقلىرى)، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە (كۇچا ۋە قەشقەردىن تېپىلغان ھەيكەللەر) ۋە شەرقىي ياۋروپا مەدەنىيىتىدە (ئالانلار مۇھىتى ئارقىلىق) چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان.[3]

كۇشان ئىمپېرىيىسى تەركىبىدىكى خەلقلەر ھەر خىل تىللار (تۈركىي، پارس، ھىندى)دا سۆزلەشكەن بولسا، ئۇلار شۇ ۋاقىتتا خارەزمى يېزىقى، قاروشتى يېزىقى، كۇشان يېزىقى (بۇ يېزىق يونان يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن) قاتارلىق يېزىقلارنى قوللانغان.

كۇشان ئىمپېرىيىسى تەركىبىدىكى خەلقلەر ئاتەشپەرەست، قامانىزم، مانىخەي

(1) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە 109 – بەتكە قارالسۇن.
(2) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە 1 – توم، 114 – بەتكە قارالسۇن.
(3) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە 1 – توم، 116 – بەتكە قارالسۇن.

دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغاندىن تاشقىرى، بۇددا دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا، يەتتە سۇدىن تېپىلغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى شۇنىڭدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

كۇشانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارا - بارا سۇسلىشىپ (كۇشان دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا خارەزمى، سوغدىيانە مۇستەقىل بولۇۋالغان)، ھىندىستان مۇھىتىدا ياشىغانلىقتىن، كۇشان ئىمپېراتورلىرى ھىندى شاھلىرىغا، كۇشان تۈركلىرى ھىندىلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن.

## كۇشان ئىمپېراتورلىرىنىڭ نەسەپنامىسى

خاقانلار مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللار

1. قەنىشقا (50 - 30 - يىللار) تەخمىنەن 20 نەچچە يىل ئىمپېراتور بولغان.

2. خىۋىشقا (50 - 10 - يىللار) 40 يىل ئىمپېراتور بولغان.

3. ۋاسودىۋا (40 - 10 - يىللار) 30 يىل ئىمپېراتور بولغان.

4. قوجۇلا قادفىس1 (40 - 75 - يىللار) 35 يىل ئىمپېراتور بولغان.

(قوجۇلا 1 نى بەزى تارىخچىلار مىلادىنىڭ 5 - يىلىدىن 50 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان، ئۇ 70 ياشتىن ئارتۇقراق ئۆمۈر كۆرگەن دېيىشىدۇ.)

5. ۋىما قادفىس II (75 - 98 - يىللار) 20 يىلدىن ئارتۇقراق ئىمپېراتور بولغان.

بەزى تارىخچىلار ۋىما قادفىس II نى مىلادىنىڭ 51 - يىلىدىن 78 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان دېيىشىدۇ.

6. ۋىپىشقا (95 - 110 - يىللار) 15 يىل ئىمپېراتور بولغان.

7. قەنىشقا II (110 - 129 - يىللار) 10 يىلدىن ئارتۇقراق ئىمپېراتور بولغان.

ئىشەنچلىك تارىخي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا «شاھلار شاھى» نامىنى ئالغان ئىمپېراتور قەنىشقا II مىلادىنىڭ 78 - يىلىدىن 123 - يىلىغىچە 45 يىل ئىمپېراتورلۇق تەختىدە ئولتۇرغان. مۇشۇ قاراش پاكىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

8. ۋاسودىۋا II مىلادىنىڭ 250 - يىللىرى تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

9. كىتارا    بۇ مىلادى 5 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇغۇلغان.

ھېلىغىچە كۇشان ئىمپېراتورلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى تولۇق ئېنىقلاشقا ئاساس بولىدىغان ماتېرىياللار بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرچە شۇنچىلىك چۈشەندۈرۈلدى.

## 4. ئاق ھون ئىمپېرىيىسى (420 ـ 565 ـ يىللار)

# I

قەنىشقا II ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كۇشان ئىمپېرىيىسى ئاجىزلىششقا باشلىدى. كۇشانلار مىلادىنىڭ 3 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، باكتېرىيە (شىمالىي ئافغانىستان) بولكا ۋادىسى، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىنىلا ئۆز قولىدا ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ناھايىتى تېزلا بىرقانچە ئۇششاق خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى (226 ـ 651 ـ يىللار) كۈچىيىشكە باشلاپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھازىرقى ئافغانىستاننى بېسىۋالدى. 4 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ھىندىستاندىكى گۇپتا پادىشاھلىقى كۈچىيىپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىۋالدى. كۇشانلارنىڭ كىچىك خانلىقىنىڭ قالدۇقى ھىندوقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدىلا ساقلىنىپ قالدى.

مىلادى 5 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا (420 ـ يىلى) ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىن كەلگەن ئاق ھونلار باكتېرىيىنى بېسىۋېلىپ، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ كۇشانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتتى.

ئاق ھونلار ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايى ئاق سۈزۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، روما تارىخچىسى فروكوفىيىس ئۇلارنى «ئاق ھونلار» دەپ يازغان. 5 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەرمەن تارىخچىلىرى كۇشانلار بىلەن ئېپتالىتلارنى (ئاق ھونلار) «بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلمايدۇ» دېگەن.[1] چۈنكى كۇشانلار بىلەن ئېپتالىتلار (ئاق ھونلار) ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن ئىدى. بۇنى «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئېپتالىتلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتمۇ ئىسپاتلايدۇ. يىلنامىدا

(1) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە 1 ـ توم، 118 ـ بەتكە قارالسۇن.

مۇنداق دېيىلگەن: «ئېپتالىتلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن كېلىپ چىققان».

دېمەك، ئاق ھونلار ئىمپېرىيىسى (ئېپتالىتلار ئىمپېرىيىسى) ئۇلۇغ ياۋچىلار قۇرغان ئۈچىنچى دۆلەت ھېسابلىنىدۇ.

ئاق ھونلار ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ماراكەنت (ھازىرقى سەمەرقەنت) بولۇپ، ئۇنىڭ ئاق تۆت بۇرجەكلىك بايرىقىنىڭ غەربىي چېتىگە بەش قىرلىق ئۈچ يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن.

# II

ئاق ھونلار دۆلىتى ۋۇجۇدقا كېلىش بىلەنلا ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى (226 ـ 651 ـ يىللار) بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالدى. ئاق ھونلارنىڭ تۇنجى پادىشاھى ئاق سۇۋارخان ئىمپېراتور بولغان مەزگىلدە (420 ـ 450 ـ يىللار) ئىران ساسانىيلار شاھى بەھرام گور (418 ـ 438 ـ يىللار) ئاق ھونلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. مەرۋى شاھى جاھان يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا ساسانىيلار غەلىبە قىلدى. ئاق ھونلار بىلەن ساسانىيلار ئارىسىدىكى چېگرا تالقان شەھىرى (مەرۋى شاھى جاھان بىلەن بەلىغ ئارىسىدىكى شەھەر) يېنىدا بەلگىلەندى. ساسانىيلار شاھى يەزدىگىر II پادىشاھلىق قىلغان مەزگىلدە (438 ـ 457 ـ يىللار) ئاق ھونلار بىلەن ساسانىيلار ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش بالخان تېغى يېنىدىكى چال شەھىرىدە (ھازىرقى كىراسنوۋودىسكى يېنىدا) بولۇپ، ئاق ھونلار ئىمپېراتورى (بۇ ئېھتىمال ئاق سۇۋارخان بولۇشى مۇمكىن) ئۆلتۈرۈلدى.

ئاق ھونلار ئىمپېرىيىسى تورامان خان ئىمپېراتور بولغان مەزگىلدىن باشلاپ (450 ـ 502 ـ يىللار) ناھايىتى كۈچىيىپ كەتتى.

ئىران ساسانىيلار شاھى يەزدىگىر II مىلادىنىڭ 453 ـ، 454 ـ يىللىرى ئاق ھونلارغا قارشى ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش باشلىدى. بۇ يۈرۈش تورامان خان تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. ئىران ساسانىيلار شاھى پىروز ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (457 ـ 485 ـ يىللار) ئىران بىلەن ئاق ھونلار ئارىسىدا يەنە ئۇرۇش يۈز بەردى. بۇ ئۇرۇشتا ئاق ھونلار غەلىبە قىلدى. پىروز ئاق ھونلارغا ئەسىر چۈشتى. لېكىن پىروز ئىراننىڭ ئىتتىپاقدىشى شەرقىي روما (روما ئىمپېرىيىسى مىلادىنىڭ 390 ـ يىلى غەربىي ۋە شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن)

ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى زىيون تەرىپىدىن ئاق ھونلارغا ئەۋەتىلگەن ئولپان ھېسابىغا ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدى. مىلادىنىڭ 457 ـ يىلىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى ئاق ھونلارغا چېگرادىكى تالقان شەھىرىنى بېرىش ۋە بەھرام گور ۋاقتىدا بەلگىلەنگەن چېگرادىن ئۆتمەسلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، بۇ شەرتلەرنى ئورۇنلاشتىن باش تارتقان. پىروز شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىران ساسانىلار پايتەختىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئۇۋسىيۇ ھەمرالىقىدا (روما ئىمپېرىيىسى ئىرانغا ئالتۇن ياردەم قىلىپ، ئىراننى ئاق ھونلارغا قارشى كۈشكۈرتكەن) ئاق ھونلارغا قارشى ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش باشلىدى. بۇ قېتىممۇ توراماخان باشچىلىقىدىكى ئاق ھون قوشۇنلىرى ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، پىروزنى ئەسىر ئالدى. ئەسىرگە چۈشكەن پىروز كۈمۈش دىنار (ئىران پۇلى) بىلەن تولدۇرۇلغان قاپلار يۈكلەنگەن ئوتتۇز خېچىر بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 25 خېچىر كۈمۈش دىنارنى ئاران بېرەلىگەن. شۇڭا، قوباد ئاتلىق ئوغلىنى ئاق ھونلارغا گۆرەگە قويۇپ، ئىككى يىل خىراج تۆلەشكە مەجبۇر بولغان. پىروز بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئۆز سىڭىللىرىدىن بىرىنى توراماخان خانغا ياتلىق قىلىپ، ئاق ھونلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان. ئەمما پىروز ئالدامچىلىق قىلىپ، توراماخان خانغا ئۆز سىڭلىسى ئەمەس، بەلكى باشقا بىر يالغان مەلىكىنى ياتلىق قىلغان. بۇنداق ئالدامچىلىقنى سېزىپ قالغان توراماخان خان ئىراندىن كەلگەن ھەربىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە بىر قىسمىنى ئۇرۇپ ناكا قىلىۋېتىشكە بۇيرۇق بەرگەن.[1]

توراماخان خان ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى ئۈستىدىن قازانغان ئىككى قېتىملىق غەلىبىدىن كېيىن، ئىراننى ئاساسەن قارام ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

پىروز مىلادىنىڭ 484 ـ يىلى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ ياردىمىنى ئېلىپ، ئاق ھونلارغا قارشى ئۈچىنچى قېتىم يۈرۈش باشلىدى.

ئىران قوشۇنلىرى چېگرادىن ئۆتۈپ ئاق ھونلار تېررىتورىيىسىگە قەدەم قويغان ھامان تەييارلاپ قويۇلغان ئۈستى نىقاپلانغان چوڭقۇر ئۆرەكلەرگە چۈشۈپ ھالاك بولدى. ئاق ھونلار پىروز باشچىلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرىنى (پىروزمۇ ئۆلگەن) پاجىئەلىك يوسۇندا ھالاكەتكە ئۇچراتقاندىن كېيىن، ئىرانغا ناھايىتى ئېغىر

(1) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە 1 – توم، 121 – بەتكە قارالسۇن.

خىراج سالغان. مەرۋى شاھى جاھانىنمۇ بېسىۋالغان.

يۇقىرىدىكى غەلىبىدىن كېيىن، ئاق هونلار كابول ۋە هىندىستاننىڭ پەنجاپ ۋادىسىنى ئىگىلىدى. ئارقىدىنلا تورامان خان قارا قورۇمدىن ئۆتۈپ خوتەن، ياركەنت، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق خانلىقلارنى جۇجانلار قولىدىن تارتىۋالدى.[1] تورامان خان ئىمپېراتور بولغان چاغدا (450 ـ 502 ـ يىللار) ئاق هون ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىگە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى، هىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى، تارىم ۋادىسىنىڭ بىر قىسمى كىرگەن.

ئىران ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى قۇباد (484 ـ 530 ـ يىللار)، نوشىرۋان (530 ـ 580 ـ يىللار) ۋاقتىدا ئىران ئاق هونلارغا سېلىق تۆلەپ تۇردى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، مىلادىنىڭ 457 ـ يىلىدىن باشلاپ (پىروز پادشاھ بولغاندىن تارتىپ ) 554 ـ يىلىغىچە ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى ئاق هون ئىمپېرىيىسىگە قارام بولۇپ ياشىدى. 6 ـ ئەسىردە ياشىغان ئەرمەن تارىخچىسى لازار پاربىيىسكى «پىروزنىڭ ئىراننى ئىپتالىتلارغا (ئاق هونلارغا دېمەكچى) ساتقانلىقى ۋە قۇللۇقتىن ئۇنىڭ ھېچقاچان خالاس بولالمىغانلىقىنى غەمكىنلىك بىلەن قەيت قىلىدۇ».[2]

ئاق هونلار مېھرىگۇرا ئىمپېراتور بولغان مەزگىلدە (502 ـ 540 ـ يىللار) قارا شەھەرنىڭ غەربىدە ئۇيغۇر خانلىقى (487 ـ 546 ـ يىللار) بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇشقان. مېھرىگۇرا جۇجان خاقانى ئاي ناغاي (521 ـ 551 ـ يىللار) نىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلىنىپ، جۇجانلار بىلەن بولغان دۈشمەنلىك ھالىتىگە خاتىمە بەرگەن. بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىشىغا تولاراق جۇجانلار مەنپەئەتدار ئىدى.

بۇندىن تاشقىرى، مېھرىگۇرا مىلادىنىڭ 516 ـ يىلى چاڭجىياڭ ۋادىسىدىكى لياڭ سۇلالىسى (502 ـ 557 ـ يىللار)غا ئەلچى ئەۋەتىپ دوستلۇق ئورناتقان.[3]

ئىران پەقەت مىلادىنىڭ 554 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاق هونلارغا بولغان قاراملىقتىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل ياشاشقا ئىگە بولغان. بۇنىڭغا مىلادىنىڭ 551

(1) «لياڭ سۇلالىسى يىلنامىسى، ئىپتالىتلار ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.
(2) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە 1 - توم، 220 - بەتكە قارالسۇن.
(3) يۇتەيخىڭ : «غەربى يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» خەنزۇچە 28 - بەتكە قارالسۇن.

- يىلى قۇرۇلغان كۆكتۈرك خاقانلىقى (551 - 744 - يىللار) سەۋەب بولغان. چۈنكى كۆكتۈركلەر مىلادىنىڭ 554 - يىلى ئاق هونلارغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ناهايىتى ئېغىر هالغا چۈشۈرۈپ قويغان. ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى ئۆزى ئۈچۈن ئۆڭۈشلۈق بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاق هونلارغا بولغان قارامىلىقتىن قۇتۇلۇپ چىقىش بىلەن بىرگە، توخارىستاننى ئاق هونلار قولىدىن تارتىۋالغان. كۆكتۈركلەر ئىران بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، مىلادىنىڭ 560 - يىللىرى 140 يىل هۆكۈم سۈرگەن ئاق هون ئىمپېرىيىسىنى تارمار قىلىپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى كۆكتۈرك خاقانلىقىغا قوشۇۋالغان.

# III

ئاق هونلار تولاراق شەهەرلەردە ياشىغان. ئۇلار ئۇمۇت بىلەن قوراللانغان باتۇر ۋە شەپقەتسىز قوشۇنغا ئىگە ئىدى. ئاق هونلاردا ئاساسەن غەربىي هون تىلى يېتەكچى تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان[1]. ئاق هونلار ئىمپېرىيىسى تەركىبىدە تۈرلۈك خەلقلەر (تۈركىي، هىندى، پارس) ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار تۈرلۈك دىنلارغا (بۇددا، ئاتەشپەرەست، قامان، مانى) ئىشەنگەن.

ئاق هونلار ناهايىتى يۇقىرى مەدەنىيەت ياراتقان. بۇنىڭغا تۆۋەندە بىرلا پاكىتنى كەلتۈرۈش كۇپايە.

ئاق هونلاردا رەڭلىك شىشە ئىشلەش ناهايىتى تەرەققىي قىلغان. «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى، غەرب ئەللىرى هەققىدە قىسسە» بابىنىڭ «ئۇلۇغ ياۋچىلار» تارمىقىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ياۋچىلارنىڭ پايتەختىدە (توبالار خانلىقىنىڭ پايتەختى داتۇڭ شەهىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) سودىگەرچىلىك قىلىدىغان سودىگەرلىرى بىز تاشنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن هەرخىل رەڭدىكى شىشىلەرنى ئىشلەشنى بىلىمىز، دەپ جاكارلىغان. ئۇلار تاغلاردىن رودا كەلتۈرۈپ پايتەختتە (داتۇڭ شەهىرى - ئا) رەڭلىك شىشە قۇيۇش ئۈستىدە تەجرىبە قىلغاندا، نەتىجىلىك چىققان. ئۇلار ياسىغان شىشىلەر شۇنچىلىك پارقىراق چىققانكى، غەربىي مەملىكەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن شىشىلەردىنمۇ چىرايلىق چىققان. شۇڭا، پادىشاھ (توباخانى توباتاۋ - ئا) ئۇلار قۇيغان شىشىلەردىن ئوردىدىكى تەختلەرنى ياساشتا پايدىلىنىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەرگەن. يۈزدىن ئارتۇق ئادەم شىشە

(1) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە، 1 - توم، 127 - بەتكە قارالسۇن.

قوپۇشنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. شىشىلەر ناھايىتى پارقىراق بوياقلارغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى سۈزۈك ئىكەن. بۇنداق شىشىلەرنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران قېلىشىپ، بۇلارنى ئىلاھى شىشىلەر دەپ ھېسابلىغان»[1]. بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 424 - يىلى بولغان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان غەربىي مەملىكەتلەرنىڭ شىشىلىرى روما ياكى سۈرىيە شىشىسى بولسا كېرەك. چۈنكى شۇندىن بۇرۇن جۇڭگو رەڭلىك شىشىلەرنى روما ياكى سۈرىيىدىن ئالاتتى[2].

**ئاق ھونلار ئىمپېراتورلىرىنىڭ نەسەبنامىسى**

| خاقانلار | مىلادىي يىللىرى |
|---|---|
| 1. ئاق سىۋارخاقان | 420 ـ 450 |
| 2. تورامان خاقان | 450 ـ 502 |
| 3. مىھرىگۇراخاقان | 502 ـ 540 |

(1) «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى ـ ئۇلۇغ ياۋچىلار دۆلىتى» خەنزۇچە 275 - بەتكە قارالسۇن.
(2) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە 1 - توم، 229 - بەتكە قارالسۇن.

# ئۇيغۇرلار

## تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ۋە كۆچۈش يوللىرى



# I - بۆلۈم

# ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى

## بىرىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى ھەققىدە

قەتئىي ئۈزۈپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىيا.

بۇ مەسىلىنى تەپسىلىيرەك بايان قىلىشتىن بۇرۇن «ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن بۇ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم دائىرىسىگە كىرىدىغان جايلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك.

ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەن بۇ نام توغرىسىدا ھېلىغىچە شەرق ۋە غەرب ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرى بىردەك بولمىسىمۇ، لېكىن بىر قەدەر ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان قاراش بويىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىگە كىرىدىغان جايلارنىڭ كۆلىمىنى بەلگىلەش مۇمكىن.

جۇغراپىيە ئالىملىرى ئاسىيا قىتئەسىنى شەرقىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا قاتارلىق قىسىملارغا بۆلىدۇ.

مېنىڭچە، ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىگە شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ، غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ، جەنۇبتا ھىمالايا تاغلىرىغىچە بولغان جايلار كىرىدۇ. مانا شۇ «ئوتتۇرا ئاسىيا» دائىرىسىگە كىرىدىغان چەكسىز زېمىننىڭ مەركىزىي قىسمى شىنجاڭ، يەتتە سۇ، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپلا تەڭرىتاغلىرى بىلەن قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىلىقىدىكى تارىم ۋادىسىدا، تەڭرىتاغلىرى بىلەن ئالتاي تاغلىرى ئارىلىقىدىكى جۇڭغارىيە دالاسىدا، ئىلى دەريا ۋادىلىرىدا، ئېرتىش دەرياسى بىلەن

بالقاش كۆلى ئارىلىقىدىكى جايلاردا، جەنۇبىي سىبىرىيىدە، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى سېلىنگا، ئورخۇن، تۇغلا، قورۇلۇن دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىدا، كەڭسۇ (گەنسۇ) دا، ھازىرقى سەنشى، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشاپ كەلگەن.

بۇنىڭدىن 6000 يىل بۇرۇن (مىلادىدىن 4000 يىللار بۇرۇن)، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان مېسوپوتامىيىدە يېزىق ئىجاد قىلىندى. قەدىمكى يۇنان تارىخچىلىرى ھازىرقى ئىراقتىكى دەجلى ۋە فرات دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارنى «مېسوپوتامىيە» دەپ ئاتىغان. بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، «ئىككى دەريا ئارىلىقى» دېگەنلىك بولىدۇ. دەجلى ۋە فرات دەريالىرى ھازىرقى تۈركىيە چېگرىسىدىن باشلىنىپ، شەرققە قاراپ ئېقىپ پارس قولتۇقىغا قۇيۇلىدۇ. بۇ ئىككى دەريا بويىدىكى رايونلارنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بەكمۇ باب كېلەتتى. ئەينى زاماندا، ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاساسىي يەرلىك خەلق «سۇمېرلار» بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى يېزىقنى شۇلار ياراتقان. دەسلەپكى يېزىق ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، مىسىر ۋە يېقىن شەرقتىكى خەلقلەر تارىخ دەۋرىگە كىردى.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بولسا، مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن (بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇن) تارىخ دەۋرىگە كىردى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا، سۇمېرلار ئىجاد قىلغان يېزىق ئاساسىدا يارىتىلغان ئارامى يېزىقى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىغا كىرىپ كەلدى. سوغدى يېزىقى بىلەن كۆك تۈرك يېزىقى (ئۇيغۇر - ئورخۇن يېزىقى) نىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىشىپراق كېتىدىغانلىقى شۇ ئىككىلا يېزىقنىڭ ئارامى يېزىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ۋە قېرىنداشلىرىمىز تارىخ دەۋرىگە كىرگەندىن باشلاپ، مىلادىنىڭ XIV ئەسىرىگىچە بولغان ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي دەۋردە، ئۇلۇغ ئوغۇز ئىمپېرىيىسى - ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 220 - يىلدىن مىلادى 216 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى (مىلادى 375 - يىلدىن 468 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئاق ھون (ئىفتالىت) ئىمپېرىيىسى (مىلادى 420 - يىلدىن 565 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقى (مىلادى 551 - يىلدىن 745 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى (مىلادى 646 - يىلدىن 845 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (مىلادى 850 - يىلدىن 1335 -

يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى (مىلادى 850 يىلىدىن 1212 يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن،) غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (مىلادى 960 ـ يىلىدىن 1187 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇلۇغ سەلجۇقىلار سۇلتانلىقى (مىلادى 1040 ـ يىلىدىن 1157 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، خارەزىم شاھلار دۆلىتى (مىلادى 1172 ـ يىلىدىن 1231 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، سەئىدىيە خانلىقى (مىلادى 1514 ـ يىلىدىن 1678 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، باي، مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ، ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

تۆۋەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىكەنلىكىنى گېئولوگىيىلىك ۋە ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلايمىز.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ مەشھۇر ئالتۇن بۆشۈكىنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخچى مورگان: دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلۈكتۇر. بۇ ئاچقۇچ قاچان تېپىلىدىكەن، شۇ چاغدا دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلغۇسى»[1] دېگەنىدى.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئىنسان بالىلىرى ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ، ھايات كەچۈرۈشكە ئەپلىك بولغان دەريا، كۆل، دېڭىز بويلىرى، ئورمانلار، يېشىل دېڭىزلاردەك دولقۇنلىنىپ تۇرىدىغان چەكسىز يايلاقلار، ياپيېشىل قارىغايلار، ئارچىلار قاپلىغان تاغ قاپتاللىرىدا ياشىغان. ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشىغان جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىگە قاراپ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆچمەن ھەم مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ھايات كەچۈرگەن. گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا، ئىنسانلار ھايات كەچۈرۈشكە تولىمۇ ئەپلىك، تەبىئىي شارائىتقا ئىگە ئىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنىڭ نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تارىم ۋادىسىدا بولسۇن ياكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا بولسۇن، ناھايىتى كۆپ جايلاردا زاپىسىنىڭ كۆپلۈكى ۋە

(1) «ئۇلۇسال تارىخىمىزنىڭ ئانا خەتلىرى» ئۇيغۇرچە، 1 ـ بەت.

سوۋېتنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن دۇنيانى ھەيران قالدۇرغان نېفىتلىك تېپىلدى. بىر جۇملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان شىنجاڭ زېمىنىنىڭ ئاستى تۇرلۇك - تۈمەن بايلىقلار، ھەتتا دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ئۇران، رادى قاتارلىق ئېسىل تەبىئىي بايلىقلار خەزىنىسى، نېفىت دېڭىزى، كۆمۈر كانلىرى دۇنياسىدىن ئىبارەت.

شىنجاڭ زېمىنىدا نېفىتلىكلەر ۋە كۆمۈر كانلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئەڭ قەدىمكى چاغدا تارىم ۋادىسى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ناھايىتى چوڭ ئىچكى دېڭىز بولغانلىقى، تاغلارنىڭ ۋە تاغ ئېتەكلىرىنىڭ چەكسىز قېلىن ئورمانلار بىلەن قاپلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، تەبىئەتتە بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر (ناھايىتى دەھشەتلىك، قاتتىق يەر تەۋرەشلەر، قۇرغاقچىلىق ئاپەتلىرى) نەتىجىسىدە، شىنجاڭدىكى ئىككى چوڭ ئىچكى دېڭىز كىچىكلەپ، قۇرۇقلۇق يۈزى كېڭەيگەن، ھازىرقى سايرام، باغراش، لوپنۇر كۆللىرى قەدىمكى ئىچكى دېڭىز ئورنىدا قالغان قالدۇق كۆللەردۇر. دېڭىزلارنىڭ قۇرۇقلۇققا ئايلىنىشى نەتىجىسىدە، ھەددى - ھېسابسىز سۇ ھايۋانلىرى تۇپراق ئاستىدا قېلىپ، مىليون يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نېفىت ھاسىل بولغان. چەكسىز كەتكەن قارىغاي ئورمانلىرىمۇ تەبىئەتتىكى ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە تۇپراق ئاستىدا قېلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆمۈرگە ئايلانغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغدىكى تەبىئىي شارائىتىمۇ، خۇددى بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئەھۋالدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى.

گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى چاغلاردا ئاسىيا، ياۋروپا قىتئەلىرىنىڭ شىمالىي قىسمى مۇز بىلەن قاپلانغان. بۇنداق ئەھۋال ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىتىگە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. شۇ سەۋەبتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پامىر تاغلىرى، قاراقۇرۇم تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ چوققىلىرى ۋە قىيالىرى ھازىرقىغا سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە ناھايىتى قېلىن مۇز ۋە قارلار بىلەن قاپلانغانىدى. مەسىلەن: «پامىر مۇزلۇقلىرىدىن بىرىنىڭ ھازىرقى ئۇزۇنلۇقى 77 كىلومېتىر، قېلىنلىقى 500 مېتىر بولغان بولسا، قەدىمكى چاغدا شۇ مۇزلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 180 كىلومېتىرغا سوزۇلغان بولۇپ، قېلىنلىقى 1000 مېتىرغا يەتكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مۇزلۇقلارنىڭ تۆۋەن جايىدىكى چېگرىسى دېڭىز يۈزىدىن 1800 مېتىر ئېگىز ئىدى، ھازىرقى مۇزلۇقلارنىڭ تۆۋەن جايىدىكى چېگرىسى دېڭىز يۈزىدىن 3200

مىتىر ئېگىز بولۇپ، ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئەمەس.»[1]

يۇقىرىدىكى تەبىئىي ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى ۋاقىتتىن ئون نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىي ئىقلىمى ھازىرقىغا قارىغاندا نەم بولۇپ، ھۆل - يېغىن كۆپ ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، قەدىمكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاغلارنىڭ مۇزلۇق، قارلىق چوققىلىرى ۋە ئېگىز قىيالىرىدىن كۆن نۇرىدا ئېرىپ ھاسىل بولغان سۇلار ناھايىتى مول سۇلۇق دەريالارنى، چوڭ - چوڭ ئىچكى دېڭىزلارنى، كۆللەرنى پەيدا قىلغانىدى. بۇنداق تەبىئىي شارائىت ئوتتۇرا ئاسىيادا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەندىن تاشقىرى، ئورمانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ قولاي شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى (ئاساسەن تارىم ۋادىسى) ۋە غەربىي قىسمى (سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ناھايىتى مۇنبەت ۋە مول ھوسۇللۇق رايونلىرى ئىدى. شۇ چاغلاردا تارىم ۋادىسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى، جۇڭغارىيىدىكى قۇربان تۇڭغۇت (قازانقۇم) قۇملۇقى، تۈركمەنىستاندىكى زىلقۇم چۆللۈكى، ئۆزبېكىستاندىكى قاراقۇم قاتارلىق چۆللۈكلەر يوق ئىدى. ھازىرقى سايرام، باغراش، لوپنۇر، بارىكۆل (بارسكۆل)، بالقاش، ئارال كۆللىرى ناھايىتى چوڭ كۆللەر ئىدى. تارىم دەرياسى، ئىلى دەرياسى، سىر دەرياسى، ئامۇ دەرياسى، چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى قاتارلىق دەريالارنىڭ سۇلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارماق غوللىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى خۇددى ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك قاپلاپ تۇراتتى.

گېئولوگىيە ۋە ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرى ئارقىلىق چىقارغان توغرا ھۆكۈمگە ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن بۇنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىتىدە ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن. شۇ سەۋەبتىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئاسىيانىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي بۆلىكى بولغان تارىم ۋادىسىدا ياشايدىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئالتاي ئارقىلىق كۆچۈپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە ۋە بايقال كۆلى (قەدىمكى چاغلاردا «بايكۆل» دەپ ئاتالغان) ئەتراپلىرىغا كەتكەن. مىلادى 840 - يىلى موڭغۇلىيىدىن شىنجاڭغا كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار بولسا بۇنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇن تارىم ۋادىسىدىن

(1) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» 1 - توم، تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى، 13 - بەت.

موڭغۇلىيىگە ۋە بايقال كۆلى ئەتراپلىرىغا كۆچكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەۋلادى ئىدى.

بۇنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇنقى كۆچۈشتە تارىم ۋادىسىدىن لاداخ يولى ئارقىلىق شىمالىي ھىندىستانغا كۆچكەن ئەجدادلىرىمىز ھىندىستاننىڭ ئەسلى يەرلىك خەلقى بولغان دراۋىدلارنىڭ قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتىگە ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىنى كۆرسەتكەن. XX ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى هارافا (پەنجاپ شتاتىدا)، مۇھەنجودارا (پاكىستاننىڭ سىندى ئۆلكىسىدە) قاتارلىق قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرىنى تەكشۈرگەندە، تېپىلغان ھەيكەللەر ئارىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈرك (ئۇيغۇر) تىپىغا كىرىدىغان ۋە بېشىدىكى چاچلىرى قىيىقچە (لېنتا) بىلەن باغلانغان بىر ھەيكەل چىققان. بۇ ھەيكەل بۇنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇن تارىم ۋادىسىدىن شىمالىي ھىندىستانغا كۆچكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارىيانلار ھىندىستانغا كۆچۈپ كېلىشتىن بىر نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا ھىندىستاننىڭ ئاساسىي يەرلىك خەلقى دراۋىدلار بىلەن بىللە ياشىغان دەۋرىگە مەنسۇپ.

ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى 1971 ـ يىلى كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئىپتىدائىي قەبرىستانلىقتىن بىر ياش ئايال بىلەن بىر كىچىك بالىنىڭ جەسىتىنى تاپقان. نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتى كاربون 14 تەجرىبىخانىسى قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان ياغاچلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق جەسەتلەر (ياش ئايال بىلەن كىچىك بالا جەسىتى) نىڭ بۇنىڭدىن 6412 يىل بۇرۇن دەپنە قىلىنغان جەسەت ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلىغان. بۇ ھەقتىكى خەۋەر «خەلق گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ (ئۇيغۇرچە) 1981 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جەسەتلەر توغرىسىدا «شىنجاڭ گېزىتى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ جەسەتلەر يەر يۈزىدىن ئېگىزرەك بولغان قۇرغاق قۇم دۆۋىسىدىن قېزىۋېلىنغان. گۆرنىڭ ئىككى بېشىغا بىردىن ياغاچ قويۇلغان بولۇپ، يەر ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. گۆر تىك قىلىپ قېزىلغان. جەسەتلەر گۆردە ئوڭدا قىلىپ ياتقۇزۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچ تاختاي ۋە تاختاينىڭ ئۈستىگە قوي تېرىسى بىلەن چىغ توقۇلما يېپىلغان. جەسەت ناھايىتى قوپال توقۇلغان يۇڭ رەختكە ئورالغان بولۇپ، ئايال جەسەتنىڭ بېشىغا كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن.

ئۇنىڭ سېرىق، ئۇزۇن چاچلىرى دولىسىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. كۆزلىرى يوغان، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، قاڭشارلىق.... بۇ قەدىمكى جەسەتلەر بىلەن بىللە قېزىۋېلىنغان ئاخىرەتلىكلەر ئىچىدە ناھايىتى نەپىس توقۇلغان چىغ سېۋەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە زىرائەت دانلىرى سېلىنغان، ئەمما بۇ دانلار چىرىپ ئۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن. بالا جەسىتى بىلەن بىللە كۆمۈلگەن چىغ سېۋەتتىن ئۇزۇن يېتى ساقلانغان بۇغداي چىقتى.»[1]

بۇ ئىككى جەسەتنىڭ تېپىلغانلىقى بۇنىڭدىن 8000 يىللار بۇرۇنقى كۆچۈشتە باشقا جايلارغا كەتمەي تارىم ۋادىسىدا داۋاملىق ياشاپ قالغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېتنىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، ھۈنەر ـ سەنئەت) نى تەتقىق قىلىشتا بىباھا ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇنى ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى يەرلىك ئاساسىي خەلق سېرىق تەنلىكلەرگە مەنسۇپ بولماستىن (سېرىق تەنلىكلەر قاڭشارلىق، سېرىق چاچ بولمايدۇ) ۋە شۇنىڭدەك ئارىيان نەسىللىك خەلقمۇ بولماستىن (ئارىيانلار مىلادىدىن 1700 يىللار بۇرۇن ئىران ئېگىزلىكى ئارقىلىق ھىندىستانغا كۆچكەن)، دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى.

ھازىرقى گېرمان، پارس، ھىندى خەلقلىرىنىڭ ئەجدادى بولغان ئارىيانلار مىلادىدىن 1700 ـ 2000 يىللار بۇرۇن كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىدىن كۆچۈپ، ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشتىن بۇرۇن، ھازىرقى ھىندىستاندا ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىلدا سۆزلىشىدىغان، ئېتنىك كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن ئارىيان نەسلىگە مەنسۇپ بولغان ھازىرقى ھىندىلار ئەمەس، بەلكى ئاۋسترو ئاسىيا تىك ھىندونوز ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان، قاراچاچ، پاناق دراۋىدلار ياشىغانىدى. ئارىيانلار مىلادىدىن تەخمىنەن 2000 يىللار بۇرۇن ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ھىندىستاننىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاساسىي يەرلىك خەلقى بولغان دراۋىدلارنى قىستاپ، ھىندىستاننىڭ جەنۇبىغا قوغلىغان. ھازىرمۇ ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدا دراۋىدلار ياشىماقتا.

تارىم ۋادىسىنىڭ كۆكنۇر (چىڭخەي) غا (شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن)، تىبەتكە (جەنۇب تەرەپتىن) تۇتىشىدىغان يېقىن جايلىرىغا ھازىرقى تىبەتلىكلەرنىڭ ئەجدادى بولغان چاڭلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىز قالدۇرغانلىقى

(1) ھازىر كىرورەن گۈزىلى دەپ ئاتىلىۋاتقان جەسەت دەل مۇشۇ جەسەتتۇر.

تۇرلۇك سەۋەبلەرگە كۆرە (مۇھىمى ئۇرۇش نەتىجىسىدە)، مىلادى VII - VIII ئەسىرلەردە يۈز بەرگەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن دىن تارقاتقۇچىلار (بۇددا، ئاتەشپەرەسلەر دىنى، مانىي دىنى، نىستورىيان دىنى قاتارلىق دىنلارنى تارقاتقۇچىلار)، سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، ئاندا - ساندا ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدىلا تارىم ۋادىسىغا كەلگەن. ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ كېلىشىگە خەلقلەر ئارىسىدىكى تارىخىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، دىنىي مۇناسىۋەتلەر سەۋەب بولغان. مەسىلەن: كۇشان ئىمپېرىيىسى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 50 - يىلىدىن مىلادى 420 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئىمپېراتورى قەنىشقا II نىڭ ۋاقتىدا (مىلادى 78 - يىلىدىن 123 - يىلىغىچە) ھىندىستاندا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كېڭەيتكەن ۋە مۇستەھكەملىگەنىدى. قەنىشقا II كۇشان ئىمپېرىيىسىگە ئىمپېراتور بولغان دەۋرنىڭ ئاخىرىدا خوتەن، ياركەنت، قەشقەر خانلىقلىرىنى ئۆز ئىمپېرىيىسى تەركىبىگە قوشۇۋالغان. كېلىپ چىقىشى ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن بولغان قەنىشقا II بۇددىزمنىڭ سادىق ھىمايىچىسىلا ئەمەس، بەلكى بۇددا دىنىنىڭ كۇشان ئىمپېرىيىسىدە ياشىغان تۇرلۇك خەلقلەر ئارىسىدا ئاساسىي ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەشكەن. شۇ سەۋەبكە كۆرە، قەنىشقا II نىڭ ۋاقتىدا، ھىندىستاندىن كۆپلىگەن ھىندى بۇددىستلىرى تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەلگەن بولسا، تۇركىي ۋە ھىندى تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئەمەلدارلارمۇ تارىم ۋادىسىغا كەلگەن.

بۇنىڭدىن باشقا ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى ئېتالانوسنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ، ئاخىرقى ئاق ھون ئىمپېراتورى x x غىچە بولغان 87 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر دەۋردە (مىلادى 480 - يىلىدىن 567 - يىلىغىچە) خوتەن، ياركەنت، قەشقەر، ئاقسۇ، كوچا قاتارلىق ئۇيغۇر خانلىقلىرى ئاق ھون ئىمپېرىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغانىدى. مانا شۇ چاغدا، ھىندىستانغىمۇ ھۆكۈمران بولغان ئاق ھونلارغا ئەگىشىپ، ھىندىستاندىن بۇددىستلار، سودىگەرلەر، ئەمەلدارلار ۋە باشقىلار تارىم ۋادىسىغا كەلگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كۇشانلار ۋە ئاق ھونلار دەۋردە تارىم ۋادىسىغا ھىندىستاندىن كەلگەنلەر يەرلىك ئاساسىي خەلق بولغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەقەت ئاز سانلىق كىشىلەر ئىدى، خالاس.

يېقىنقى يىللاردا تارىم ۋادىسىدىكى تۇرلۇك جايلار (كۆنچى دەرياسى بويى،

چەرچەن، چارخىلىق ئەتراپلىرى) دىن تېپىلغان قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان كىشىلەرنىڭ (ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) بېشى شەرققە، پۇتى غەربكە قارىتىلىپ دەپنە قىلىنغان. بۇنداق ئەھۋال نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟

ئەجدادلىرىمىز ئەڭ بۇرۇنقى زامانلاردا شامان دىنىغان ئېتىقاد قىلغانىدى. شامانلار كۆنگە، ئايغا، كۆك (ئاسمان) كە، يەرگە ۋە سۇ ئىلاھلىرىغا چوقۇناتتى. مانا شۇ شامان ئېتىقادىغا كۆرە، ئەجدادلىرىمىز چېدىر ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكىنى كۈنچىقىشقا قارىتىپ ئاچاتتى. تۈركلەر ۋە شەرقىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانلىرى (ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىرى) بەزى مۇراسىملار (تەنتەنىلىك كۆكۆل ئىچىش، توي قاتارلىق مۇراسىملار) كۈنچىقىش (شەرق) قا قاراپ ئولتۇراتتى ۋە كۈنگە توققۇز قېتىم تەزىم قىلىپ چوقۇناتتى. ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىرىنىڭ ئىسىملىرىمۇ بۇنداق ئادەتنى ئەسلىتىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ قاغانى چوڭدىخان (مىلادىنىڭ 821 - يىلىدىن 824 - يىلىغىچە قاغان بولغان) كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ كۈچلۈك بىلگە قاغان (كۈن تەڭرىدىن ئۇلۇغ بولۇپ تۆرەلگەن كۈچلۈك دانا قاغان) دەپ ئاتالغان.

## تارىخىي يازما مەلۇماتلار

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى ۋە يۇنان، رىم، ئەرەب تارىخچىلىرى، سەيياھلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ياشىغان جايلىرى توغرىسىدا بىر قەدەر ئېنىق، ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بار.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخچىلىرىدىن سىماچيەن (مىلادىدىن 145 - يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن) «تارىخنامە هونلار هەققىدە قىسسە» دە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنى «دىڭلىڭ» دەپ يازغان بولسا، بەن گۇ (مىلادىنىڭ 32 - يىلى تۇغۇلۇپ 92 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى هونلار هەققىدە قىسسە» دە «دىلى» دەپ يازغان. سىماچيەن بىلەن بەن گۇنىڭ «دىڭلىڭ»، «دىلى» دەپ يازغانلىرى «تۇرا» دېگەن نامنىڭ خەنزۇچىغا قىلىنغان ئاھاڭ تەرجىمىلىرى ئىدى. مانا شۇ تۇرالار مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا هازىرقى بايقال بويلىرىدا ياشىغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىدى. سىماچيەن بىلەن بەن گۇ مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا ئېرتىش بويلىرىدىن تارتىپ بالقاش كۆلى ئەتراپلىرىغىچە بولغان جايلاردا ياشىغان غەربىي تۇرالار توغرىسىدا مەلۇمات بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز

ئەسـەرلىرىدە ئۇلار توغرىسـىدا بىـر نەرسـە دېمىگـەن.

لېكىــن شــۇنداق بولســىمۇ، ســىماچيەن بىلــەن بــەن گــۇ مىلادىدىــن كــۆپ ئەســىرلەر بــۇرۇن ھازىرقــى جۇڭغارىيىــدە ياشــىغان ئوغــۇزلار توغرىســىدا مەلۇمــات بەرگــەن. ســىماچيەن مانــا شــۇ ئوغۇزلارنــى «خۇجــې» (呼揭) دەپ يازغــان بولســا، بــەن گــۇ «ۋۇجــې» (乌揭) دەپ يازغــان. مانــا شــۇ ئوغــۇزلار مىلادىدىــن كــۆپ ئەسىر بۇرۇنــلا ھازىرقــى ئالتاينىــڭ غەربىــي جەنۇبــى ۋە چۆچــەك ئەتراپلىرىــدا ياشــىغان. تۈركشــۇناس، پروفېســور ماچاڭشــۇ ئەپەنــدى مۇنــداق دەپ يازىــدۇ: «سـۈي سۇلالىسـى ۋە تــاڭ سۇلالىســى قاتارلىــق ئىككــى سۇلالە دەۋردە ۋۇخــو ياكــى ۋۇخــې دەپ ئاتالغانــلار ئەســلىدە جۇڭغارىيــە ئويمانلىقىــدا ياشــىغان ‹ئوغــۇزلار› بولــۇپ، ئــۇلار خــەن سۇلالىســى دەۋرىــدە ۋۇجــې دەپ ئاتالغــان.»[1]

بــەن گۇنىــڭ «خــەن سۇلالىســى يىلنامىســى. ھونــلار ھەققىــدە قىســســە» بابىــدا بەرگــەن مەلۇماتىغــا ئاساسلانغاندا، ئۇلــۇغ ئوغــۇز ـ ھــون تەڭرىقۇتلۇقىنىــڭ مەشــھۇر تەڭرىقوتــى ئوغۇزخــان ــــ باتــۇر تەڭرىقــۇت مىلادىدىــن ئىلگىرىكــى 209 ـ يىلىدىــن 174 ـ يىلىغىچــە تەڭرىقــۇت بولغــان) مىلادىدىــن 200 يىلــلار بــۇرۇن بايقــال كۆلــى ئەتراپلىرىــدا ياشــىغان تۇرالارنــى بويســۇندۇرغان. ئوغۇزخــان مىلادىدىــن ئىلگىرىكــى 176 ـ يىلــى خــەن سۇلالىســىنىڭ (مىلادىدىــن ئىلگىرىكــى 220 ـ يىلىدىــن مىــلادى 207 ـ يىلىغىچــە ھۆكــۈم ســۈرگەن) پادىشــاھى خــەن ۋېندىغــا (مىلادىدىــن ئىلگىرىكــى 179 ـ يىلىدىــن 157 ـ يىلىغىچــە ھۆكــۈم ســۈرگەن) يازغــان مەكتۇبىــدا مۇنــداق دېگــەن: «لــولان (كــروران)، ئۇيســۇنلار، ئوغــۇزلار (ئوغــۇزلار شــۇ چاغــدا ئالتاينىــڭ غەربىــي جەنــۇب، چۆچــەك ۋە زايســان ئەتراپلىرىــدا ياشــايتتى) نــى ۋە ئۇلارنىــڭ ئەتراپىدىكــى 26 دۆلەتنــى ھۆكۈمرانلىقىمىغــا ئالدىــم. ئۇلارنىــڭ ھەممىســى (ئوتتــۇرا ئاســىيا ۋە غەربىــي ئاســىيادىكى دۆلەتلــەر كــۆزدە تۇتۇلــدۇ) ھونــلار دۆلىتــى تەركىبىگــە كىــردى. ئوقيــا كۆتۈرگــەن خەلقلەرنىــڭ ھەممىســى بىــر ئائىلــە بولــۇپ بىرلەشــتى. شــىمالدىكى ئۆلكىلــەر (بايقــال بويلىــرى كــۆزدە تۇتۇلــدۇ) ھۆكۈمرانلىقىمىغــا ئۆتتــى.»[2]

تۈركشــۇناس، پروفېســور ســىن جۇڭمىيــەن، ئاتەشپەرەســلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابــى « ئاۋەســتا » دىكــى خاتىرىلەرگــە ئاساســلىنىپ قەدىمكــى چاغــدا تۈركلەرنىــڭ «تــۇرا» ئاتىلىــق بوۋىســى ئۆتكەنلىكىنــى، شــۇڭا تــۈرك خەلقلىرىنىــڭ ئۆزلىرىنــى شــۇ

(1) ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك قاغانلىقى» خەنزۇچە، 5 ـ بەت.

(2) بەن گۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. ھونلار ھەققىدە قىسسە».

بوۋىسىنىڭ نامى بىلەن «تۇرالار» دەپ ئاتىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.[1]

ئۇلۇغ پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە، ئىرانلىقلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشقان ئۇلۇغ بوۋىمىز ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) پادىشاھلىق قىلغان دۆلەت «تۇران» دەپ ئاتالغان. «كۇشان سەنئىتى» ناملىق كىتابتا ئوتتۇرا ئاسىيا ساكلىرى «قەھرىمان تۇرالار» دەپ يېزىلغان.

جۇڭگونىڭ مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇن ياشىغان تارىخچىسى سىماچيەندىن تارتىپ مىلادى VII ئەسىرگىچە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان «تۇرالار» نى ئۆز ئەسەرلىرىدە «دىڭلىڭ» (丁零)، «تىېلې» (铁 勒)، «چىلې» (敕勒)، «دىلى» (狄力) قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىغان بولسىمۇ، شۇ ناملارنىڭ ھەممىسى «تۇرالار» دېگەن ئاتالغۇنىڭ خەنزۇچىغا قېلىنغان ئاھاڭ تەرجىمىسىدىنلا ئىبارەت.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى تۇرالارنىڭ ياشىغان جايلىرىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەھۋالىغا قاراپ، تۇرالارنى «غەربىي تۇرالار» ۋە «شەرقىي تۇرلار» دەپ ئىككىگە ئايرىغان.

شەرقىي تۇرالار شەرقتە بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىدىن تارتىپ غەربتە ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان جايلاردا ياشىغان. «تارىخنامە» بىلەن «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە يېزىلغان تۇرالار مىلادىدىن خېلى كۆپ ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردىن تارتىپ، شۇ جايلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۇرالارنى كۆرسىتىدۇ. سىماچيەن بىلەن بەن گۇ غەربىي تۇرالار توغرىسىدا بىر نەرسە دېمىگەن. غەربىي تۇرالار توغرىسىدىكى مەلۇمات III ئەسىردىن باشلاپ جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچراشقا باشلايدۇ.

غەربىي تۇرالار شەرقتە جۇڭغارىيە دالاسى ۋە ئېرتىش بويلىرىدىن تارتىپ غەربتە بالقاش كۆلىنىڭ غەربىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغان.

مىلادى III ئەسىردە ياشىغان (مىلادى 196 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 250 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) جۇڭگو تارىخچىسى يۈخۇەن «ۋېي خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» (魏略) ناملىق ئەسىرىدە، غەربىي تۇرالار ھەققىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئوغۇز دۆلىتى... ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىي شىمالىغا، قاڭلى خانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. ئۇلارنىڭ ھەربىي قوشۇنىدا 10 مىڭدىن ئارتۇق جەڭچى

(1) سىن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخى توپلىمى» II توم، خەنزۇچە، 663 ـ بەت.

بار. ئوغۇزلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرتىدىن ياخشى ئات چىقىدۇ. ياۋايى ھايۋانلاردىن يىلپىز بار. قىرغىزلار دۆلىتى (يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىكى قىرغىزلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) قاڭلى خانلىقىنىڭ (ئارال كۆلى ۋە بالقاش كۆللىرىنىڭ ئارىسىدىكى جايلاردا) غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، 30 مىڭ ئەسكىرى بار. ئۇلار چارۋىچىلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا يىلپىز كۆپ، ياخشى ئات چىقىدۇ. تۇرالار دۆلىتى قاڭلى خانلىقىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، 60 مىڭ كىشىلىك ھەربىي قوشۇنى بار. خەلقى چارۋىچىلىق قىلىدۇ... يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى قىرغىزلار دۆلىتىنىڭ مەركىزىدىن ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئوردىسىغا بېرىش ئۈچۈن 7000 چاقىرىم يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. قىرغىزلار دۆلىتىنىڭ جەنۇبىدىن ئارقا قوشۇ (   ) ۋە ئالتە دۆلەت (شەرقىي جۇڭغارىيىدىكى بەگلىكلەر) گە بېرىش ئۈچۈن 5000 چاقىرىم يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. قىرغىزلار دۆلىتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن قاڭلى خانلىقىنىڭ چېگرىسىغىچە بېرىش ئۈچۈن 3000 چاقىرىم يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. قىرغىزلار دۆلىتىنىڭ غەربىدىن قاڭلى خانلىقىنىڭ پايتەختىگە (ھازىرقى تاشكەنتنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان قەدىمكى كىش شەھىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) بېرىش ئۈچۈن 8000 چاقىرىم يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ.»[1]

يۇقىرىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردىن بىز غەربىي تۇرالارنىڭ III ئەسىردىكى ئەھۋالىنى خېلى ئېنىق چۈشىنەلەيمىز. III ئەسىردە، ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ بىر تارمىقى بولغان شەرقىي ئوغۇزلار ھازىرقى زايسان كۆلى، ئالتاي تېغى ئەتراپلىرىدا ياشىغان بولسا، قىرغىزلار ھازىرقى يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمى بىلەن ئوب دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدا ياشىغان. غەربىي تۇرالار بولسا بۈگۈنكى بالقاش كۆلىنىڭ غەربىدىن تارتىپ شەرقتە ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمى ئارىسىدىكى جايلاردا ياشىغان.

يۇقىرىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، مىلادى III ئەسىردە غەربىي تۇرالارنىڭ سانى 300 مىڭدىن كۆپ بولسا كېرەك. چۈنكى، غەربىي تۇرالارنىڭ ھەربىي قوشۇنىدا، 60 مىڭ جەڭچى بارلىقىنى نەزەردە تۇتساق، بەش كىشى ئىچىدىن بىر كىشى ھەربىي قوشۇنغا قاتناشقاندىمۇ ئۇلارنىڭ ئادەم سانى 300 مىڭدىن كەم بولۇپ چىقمايدۇ. شۇ چاغدا شەرقىي تۇرالارنىڭ سانىمۇ 300 مىڭدىن كەم ئەمەس

(1) يۇخۇەن: «ۋېي خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربىي رۇڭلار ھەققىدە قىسسە».

ئىدى. «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى» نىڭ «سۇۋۇ ھەققىدە قىسسە» بابىدا، مىلادىدىن ئەخمىنەن بىر ئەسىر بۇرۇن شەرقىي تۇرالارنىڭ ئاھالە سانىنىڭ بىر نەچچە تۈمەن ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بىر نەچچە ئەسىردىن كېيىن (مىلادىدىن بىر ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ III ئەسىرىگىچە) شەرقىي تۇرالارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىپ غەربىي تۇرالارنىڭ سانىغا يېقىنلاپ بارغان.

مانا شۇ پاكىتقا ئاساسلانغاندا، شەرقىي ۋە غەربىي تۇرالار دەپ ئاتالغان ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدا سان جەھەتتىن باشقا قېرىنداشلىرى (قاڭلى، قىرغىزلار) غا قارىغاندا ناھايىتى كۆپ بولغان.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تۇرالار ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتى تارىخىي جەھەتتىن خېلى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، تۇرالارنىڭ ياشىغان جايلىرىنىڭ دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كەڭ ئىكەنلىكىنى تولۇق بايان قىلالمىغان. بۇ بوشلۇقنى سوۋېت ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى تولدۇردى. سوۋېت ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ 1940 يىللىرى جەنۇبىي سىبىرىيىدە ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلىرىنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، تۇرالار مىلادىدىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار بۇرۇن شەرقتە بايقال كۆلىنىڭ بويىدىن تارتىپ غەربتە بالقاش كۆلىنىڭ شىمالىدىلا ياشاپلا قالماي، بەلكى غەربتە ئورال تاغلىرىدىن تارتىپ، شەرقتە ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان تېررىتورىيىدە ياشىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، تۇرالار مىلادىدىن مىڭ نەچچە يۈز يىللار بۇرۇنلا ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئارىسىدىكى جۇڭغارىيە دالاسىدىمۇ ياشىغان.[1]

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى شەرقىي ۋە غەربىي تۇرالار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك خۇسۇسىيىتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرەلمىگەن. سىماچيەن بىلەن بەن گۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىنى جاڭ چيەننىڭ پادىشاھ خەن ۋۇدى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 140 ـ يىلىدىن 87 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) غا يوللىغان مەلۇماتىدىن ئالغان. سىماچيەن بىلەن بەن گۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ كۆپرەك شەھەرلەردە ياشايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ۋە ئوتتۇرا

(1) «غەربىي يۇرت تارىخىي ھەققىدە ماقالىلەر» 1 ـ توپلام، خەلق نەشرىياتى نەشرى، خەنزۇچە، 5 ـ، 6 ـ بەتلەر.

ئاسىيادا بىر قانچە ئون خانلىق بارلىقى توغرىسىدىلا مەلۇمات بەرگەن. مانا شۇ تارىخچىلار «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ (تارىم ۋادىسىدىكى) ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك خۇسۇسىيىتى، تىل، ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بېرەلمىگەن. بۇنداق بولۇشى تەبىئىي ئىدى. چۈنكى، شۇ چاغدا جۇڭگو تارىخچىلىرى «غەربىي يۇرت» توغرىسىدا ئەلچىلەر، سودىگەرلەر ئارقىلىق ئىگىلىگەن يۈزەكى ماتېرىيالدىن باشقا ئەمەلىي خاتىرىلەنگەن، ئەتراپلىق، تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىدىن يىراق ئىدى.

VI ئەسىردە يېزىلغان «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى» نىڭ «ئېگىز هارۋىلىقلار هەققىدە قىسسە» بابىدا، شەرقىي تۇرالار (高车铁勒) دەپ يېزىلغان. قەدىمكى چاغلاردا شەرقىي تۇرالار (شەرقىي ئۇيغۇرلار) موڭغۇلىيىنىڭ ئالاهىدە بولغان جۇغراپىيىۋى شارائىتى (يايلاق، دالا، چۆل، قۇملۇق) نى هېسابقا ئېلىپ، ئېگىز چاقلىق هارۋىلارنى ئىشلەتكەن. مىلادى IV ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە بولغان دەۋردە: «چېگرىغا يېقىنراق جايلاردا ياشىغان خەنزۇلار تۇرالارنىڭ يايلاقلاردا (موڭغۇلىيە يايلاقلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ساياهەت قىلغاندا ياكى تۇرمۇشتا كېرەكلىك ماللارنى توشۇغاندا، دائىم بىر تۇرلۇك ئېگىز چاقلىق هارۋىلاردا ئولتۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ‹ئېگىز هارۋىلىقلار› دەپ ئاتىغان.»[1]

مىلادىنىڭ 150 - يىللىرى غەربىي هونلار ئىلى ۋادىسىدىن غەربكە كۆچۈپ بالقاش كۆلى، ئارال كۆلى تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن، ئۇلۇغ ئوغۇز- هون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ قەدىمكى يۇرتلىرىدا سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى (مىلادى 150 - 235) قۇرۇلدى. سىيانپىلار ئۆزىنىڭ مەشهۇر ئىمپېراتورى تانىشقۇي (مىلادى 147 - 181) ئۆلگەندىن كېيىن ئىچكى جەھەتتىن بۆلۈنۈپ كەتتى. غۇران (مىلادى 181 - 216)، بۇدۇكىن (مىلادى 216 - 233)، قىبەنىن (مىلادى 233 - 235) قاتارلىق خانلارنىڭ ۋاقتىدا (مىلادى 181 - 235) سىيانپىلار تانىشقۇي ۋاقتىدىكى قۇدرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى. مىلادىنىڭ 235 - يىلى قىبەنىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى تارقىلىپ كەتتى. مانا شۇ سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى ۋاقتىدا تۇرالار سىيانپىلارغا بېقىنغانىدى.

سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىدا توبا سىيانپىلار دۆلىتى قۇرۇلدى. توبا سىيانپىلار دۆلىتى (مىلادى -235 يىلىدىن

(1) يۇقىرىدىكى ئەسەر، 6 - بەت.

394 يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) مىلادىنىڭ 394 يىلىغا كەلگەندە كېلىپ چىقىشى سىيانپىلاردىن بولسىمۇ، خېلى دەرىجىدە تۈركلەشكەن ئاۋارلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى. مىلادىنىڭ 394 ـ يىلى «ئېگىز ھارۋىلىق تۇرالار» دەپ ئاتالغان شەرقىي تۇرالارنىڭ يۇرتىدا (ئاساسەن ھازىرقى موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇلدا) تۇبالار خانلىقى (مىلادى 394 ـ 535) ۋە ئاۋار قاغانلىقى (مىلادى 394 ـ 552) دېگەن ئىككى دۆلەت قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرالار، تۇبالار ۋە ئاۋارلارنىڭ ھۆجۇمىغا ئۇزلۇكسىز ئۇچراپ تۇردى.

مىلادىنىڭ 487 ـ يىلىغا كەلگەندە، شەرقىي تۇرالار ئاۋارلارنىڭ يولسىزلىقىغا چىدىماي بۆركلى قەبىلىسىنىڭ خانى ئاي ئوجرونىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىسيان كۆتۈردى. شەرقىي تۇرالاردىن 120 مىڭ ئائىلە (تەخمىنەن 600 ـ 700 مىڭ كىشى) موڭغۇلىيەدىن غەربكە كۆچۈپ، ئالتاي تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جۇڭغار دالاسىغا، ئىلى ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا ۋە تۇرپان، قارا شەھەر ئەتراپلىرىغا كەلدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئاۋار قاغانى تۇلۇنخان II (مىلادى 485 ـ يىلىدىن 492 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) ۋە ئۇنىڭ تاغىسى ناغايخانلار قوشۇن تارتىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا كۆچكەن «ئېگىز ھارۋىلىقلار»نىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. شەرقىي تۇرالار جەنۇبىي ئالتايدا بولغان ئۇرۇشتا تۇلۇنخان II نى تارمار قىلدى. مانا شۇ «ئېگىز ھارۋىلىقلار» تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدا ئەزەلدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرى غەربىي تۇرالار بىلەن بىرلىشىپ، تارىختا «ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى» (高车王国) دەپ نام ئالغان دۆلەتنى قۇردى. بۇ ئۇيغۇر خانلىقى 60 يىل (مىلادى 487 ـ 546) ھۆكۈم سۈردى.

مىلادىنىڭ 487 ـ يىلى شەرقىي تۇرالارنىڭ بىر قىسمىنىڭ موڭغۇلىيەدىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا كۆچكەنلىكى توغرىسىدا «ۋەي سۇلالىسى يىلنامىسى» نىڭ «ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا خېلى تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەندىن تاشقىرى، «جەنۇبىي چى سۇلالىسى يىلنامىسى» نىڭ «ئاۋارلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا مۇنداق دېيىلگەن: «شىڭمىڭنىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 487 ـ يىلى)... يىجۇ (ھازىرقى سى چۇەندىكى چىڭدۇ شەھىرى) ۋالىيسى لىيۇ جۇن ئۆزىنىڭ قۇدرىتى ۋە سەلتەنىتىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، تۇرالارغا جاڭ جىڭشۇنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئەلچى پىشامشان (ھازىرقى چارقىلىق)، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) غا بارماقچى ئىدى، لېكىن پىشامشاننى

تۇرالار بىيسۇالغان بولۇپ، خەلقى تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن. ئۇدۇنلۇقلار بۇددا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. تۇرالار ئۆزلىرىنى تەڭرىقۇت (تەڭرىنىڭ ئوغۇللىرى) دەپ ئاتايدىكەن. تۇرالار ئەلچى جاڭ جىڭشۇننى كۈتۈۋالغان ۋە ئۇنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان.»[1]

مانا شۇ خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئاي ئۇجىرو مىلادى 487 - يىلى ئاۋارلارنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى (تۇرپان، قارا شەھەر) جايلاردىن قوغلاپ چىقىرىپ، پىشامشاننى تىبەت خانلىقىنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان.

«سۇي سۇلالىسى يىلنامىسى» نىڭ ئاپتورى ۋېي جېڭ (مىلادى 580 - 643) تۇرالار توغرىسىدا ناھايىتى كەڭ، ئىنچىكە مەلۇمات بەرگەن.

ۋېي جېڭ «سۇي سۇلالىسى يىلنامىسى» نىڭ «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بابىدا، VI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، شەرقتە قىدىرقان تاغلىرى (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى) دىن تارتىپ، غەربتە قارا دېڭىزنىڭ بويىغىچە بولغان بىپايان تېررىتورىيىدە ياشىغان تۇرالارنىڭ قىرىقتىن ئارتۇق قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرى، شۇ قەبىلىلەر جايلاشقان جايلىرىنىڭ جۇغراپىيىۋى ئورنى، تۇرالارنىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادي ئەگىلىكى توغرىسىدا تارىخىي، جۇغراپىيىۋى، ئېتنىك قىممىتى توغرىسىدا ناھايىتى مۇھىم مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

«سۇي سۇلالىسى يىلنامىسى» نىڭ «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، تۇرالارنىڭ VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئەھۋالى مۇنداق: «تۇرالارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھونلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرى ناھايىتى نۇرغۇن.»[2]

شۇ يىلنامىگە ئاساسلانغاندا، تۇرالارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى، قەبىلە ناملىرى تۆۋەندىكىچە:

1. بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا تۇبا قەبىلىسى ياشىغان.

2. موڭغۇلىيىنىڭ سېلىنگا، تۇغلا، ئورخۇن دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا بۆگۈ، توڭرا، ئۇيغۇر، بايىرقۇ، بۆركلى قەبىلىلىرى ياشىغان. بۇلار «ئەركىن» دەپ ئاتالغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە موڭغۇلىيىدە مونچىن، تۇرۇغۇر، خوغۇرسۇر قاتارلىق قەبىلىلەر ياشىغان.

(1) «جەنۇبى چى يىلنامىسى»، 59 - جىلد، «ئاۋارلار ھەققىدە قىسسە».
(2) «سۇي سۇلالىسى يىلنامىسى. تۇرالار ھەققىدە قىسسە».

3. جۇڭغارىيىنىڭ شەرقىدىن تارتىپ ئىلى ۋادىسىغىچە بولغان رايونلاردا چىبىنلار، بۇرجىلار، ئازىلار، سىغىناقلار، ئوغۇزلار، قىرغىزلار، ئونغۇرلار ياشىغان.

4. ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا سۇرتاردۇشلار، جەرۇقلار، زابىندىرلار، تۇركەشلەر ياشىغان.

5. سەمەرقەندىنىڭ شىمالىدا (بالقاش، ئارال كۆللىرىنىڭ ئەتراپلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، ئىدىل دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ئادىزلار، هازارلار، بولغارلار، پىچىنەكلەر، قوغايلار، قىپچاقلار، سىۋارلار، بورتاسلار، يەمەكلەر ياشىغان.

6. يايىق(ئورال) دەرياسىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدە سارىغۇرلار، ساقسىنلار، موكشالار، چېركەسلەر ياشىغان.

7. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىدە، ئوغۇزلار، ئالانلار، باشقىردلار، خۇنلار... ياشىغان.

مانا شۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ نامى ھەرخىل بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئورتاق نامى «تۇرالار» دەپ ئاتىلاتتى. تۇرالار ئۆزلىرىنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرىغا قاراپ شەرقتىكىلىرى شەرقىي تۇركلەرگە، غەربتىكىلىرى غەربىي تۇركلەرگە قارىغان.

مىلادىنىڭ 551 ـ يىلى قۇرۇلغان ئۇلۇغ كۆك تۇرك قاغانلىقىنىڭ قاغانى تۇمەنخاننىڭ ئۇكىسى ئىستەمى يابغۇ مىلادىنىڭ 552 ـ يىللىرى شەرقتە قىدىرقان تاغلىرىدىن تارتىپ، غەربتە قارا دېڭىز بويلىرىغىچە سوزۇلغان بىپايان تېررىتورىيىدە ياشىغان تۇرا قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغان. مانا شۇ تۇرا قەبىلىلىرى مىلادىنىڭ 600 ـ يىللىرى تۇرك قاغانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي تۇرك قاغانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەندە، شەرقتىكىلىرى شەرقىي تۇرك قاغانلىقى، (مىلادى 600 ـ 744) غا، غەربتىكىلىرى غەربىي تۇرك قاغانلىقى (مىلادى 600 ـ 765) غا قارىغان.

«سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى» نىڭ «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بابىدا: «تۇرالارنىڭ غەرب تەرەپكە جايلاشقانلىرى كۆپىنچە باغۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق قىلاتتى. كالىسى كۆپ، يىلقىسى ئاز ئىدى» دېيىلگەن. ئەپسۇسكى «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى»نىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بابىغا يۇقىرىدىكى مۇھىم خاتىرە كىرگۈزۈلمىگەن. كونا يېڭى «تاڭ يىلنامىسى»نى يازغان تارىخچىلار كۆچمەنچىلىك ئاساسىدىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنىلا كۆرۈپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان غەربىي ئۇيغۇرلارنى

نەزەردىن چەتتە قالدۇرغان. «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى»دىكى «غەرب تەرەپ» دېيىلگەن رايون تارىم ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

«سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى»نىڭ «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بابىدا يەنە «تۇرالارنىڭ ئۆرپ ئادەتلىرى ئاساسەن تۈركلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دېيىلگەن.

«تۇرالار» دېگەن بۇ ئاتالغۇ VI ئەسىردىن كېيىن، جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدە «ئۇيغۇر» دېگەن نام بىلەن ئالماشتى. مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادى VI ئەسىرگىچە جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدە «تۇرالار»، «ئېگىز ھارۋىلىق تۇرالار» دېگەن نام بىلەن يېزىلىپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ «ئۇيغۇر» دېگەن نام بىلەن يېزىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام شەرقىي (موڭغۇلىيە، جۇڭغارىيە دالالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە غەربىي (تارىم ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى) تۇرالارنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ قالدى. شەرقىي ۋە غەربىي تۇرالار بىر قانچە قەبىلە ۋە ئۇرۇقلاردىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قانداشلىق، تىل ۋە ئۆرپ ئادەت جەھەتتىن ئاساسەن بىر خەلق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرا قەبىلىلىرى ئىچىدە «ئۇيغۇر» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان قەبىلە بار ئىدى. بۇ قەبىلە باشقا قېرىنداش قەبىلىلەرگە قارىغاندا سان جەھەتتىن كۆپ، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن قەبىلە ئىدى. شۇڭا تۇرالارغا مىلادى V ئەسىردىن باشلاپ، ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قەبىلە يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلىغان. مىلادىنىڭ 498 ـ يىلى شەرقىي تۇرالارنىڭ ئالتە قەبىلىسىدىن تەشكىل تاپقان بىر تارمىقى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ خانى شوقانى ئۆزىگە خان قىلىپ سايلاپ، توبالار خانلىقى (494 ـ 534) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بەل باغلىغانلىقى شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

VII ئەسىردە، ئۇيغۇرلار شەرقىي تۇرالارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنى قۇردى. ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى تەركىبىدىكى قەبىلىلەر «ئون ئۇيغۇر»، «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتالغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرا قەبىلىلىرى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىپ «ئۇيغۇر» دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتالدى.

VII ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر بۇددىست ۋە تەرجىمان شۈەنزاڭ (مىلادىنىڭ 602 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 664 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىردە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: « قەشقەر،

خوتەن، كۇچالىقلار ھىندى يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تىلى ھىندى تىلى ئەمەس»[1] دەپ يازغان.

دېمەك، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان چاغلىرىدا ھىندى يېزىقىنى قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىدا (ئۇيغۇر تىلىدا) سۆزلەشكەن. بۇنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلاش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە، شىنجاڭدىكى بەزىبىر يەر ۋە تاغلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى چاغلاردا ئۇيغۇر تىلىدا قانداق ئاتالغان بولسا، شۇ ناملار بىلەن خەنزۇچە ھەرپ بىلەن ئەسلى تەلەپپۇزى بويىچە يازغانلىقىنى ياكى مەنىسىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ خاتىرىلىگەنلىكىنى مىسالغا ئېلىش لازىم.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان قوشۇلار (姑师, 车师) مىلادىدىن بۇرۇن شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ غەربتە ماناسقىچە ۋە غەربىي جەنۇبتا تۇرپانغىچە بولغان رايونلاردا ياشىغان. مانا شۇلار مىلادىدىن بىر قانچە ئەسىر بۇرۇنلا ھازىرقى باركۆلنى«بارسكۆل» دەپ ئاتىغان. بارسكۆل «يولۋاس كۆل» (ئۇيغۇرلار قەدىمكى تىلىدا يولۋاسنى «بارس» دەپ ئاتايتتى) دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، بارسكۆلنىڭ شەكلى بۇرۇنقى چاغدا يولۋاسقا ئوخشىشىپ كەتكەن ياكى قەدىمكى چاغدا بارسكۆلنىڭ بويى قومۇشلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىدا يولۋاس ياشىغان بولۇشى مۇمكىن. مانا شۇ بارسكۆلنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ) «بوشىخەي» (婆悉海) دەپ يازغان. مانا شۇ «بوشى» بارس سۆزىنىڭ خەنزۇچە ھەرپ بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، خەي «كۆل» مەنىسىدە ئېلىنغان.

باركۆل قەدىمدىن تارتىپ، يېرى مۇنبەت، سۈيى مول، يېشىللىققا چۆمۈلگەن بىپايان يايلاق بولۇپ، تۇلپار ئاتلار، سېمىز قويلار، تۆگىلەر كۆپلەپ چىقىدىغان مەشھۇر چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق رايونى ئىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى باركۆلنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولغانلىقتىن، مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردىن تارتىپ ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى مانا شۇ مۇھىم رايوننى تالىشىپ، كۆپ قېتىم كەسكىن، قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى باركۆلنى ئۆز ئەسەرلىرىدە

(1) شۇمەنزاڭ: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» خەنزۇچە، 12 ـ جىلد، 294 ، 296 ـ بەتلەر.

ئالاھىدە خاتىرىلەشنى زادى ئۇنتۇپ قالمىغان.

خەن سۇلالىسى تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تەڭرىتاغلىرى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر تاغ ئەسلى ئۇيغۇرچىدىكى مەنىسى بويىچە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ «تيەنشەن» (天山) دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنە شۇ تارىخچىلار، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، ئالتاي تاغلىرى دەپ ئاتالغان تاغنى ئەسلى ئۇيغۇرچىدىكى مەنىسى بويىچە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئالتۇنتاغ مەنىسىنى بېرىدىغان خەنزۇچە ھەرپ بىلەن جىنشەن (金山) دەپ يازغان. قەدىمكى جۇڭگو تارىخچىلىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدىكى يىل بويى ئېرىمەيدىغان ئاپئاق قارلارنى ھېسابقا ئېلىپ، بەيشەن ( 白山 ئاق تاغ) دەپمۇ يازغان.

بۇنىڭدىن تاشقىرى جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى ھازىرقى قەشقەرنى قەدىمكى چاغلار (مىلادىدىن بۇرۇنقى چاغلار) دىلا ئۇيغۇرلارنىڭ «سۇلى» (سۇلۇق يەر) دەپ ئاتىغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، خەنزۇچە خەت بىلەن «سۇلې» (疏勒) دەپ يازغان بولسا، ئاقسۇ دەرياسىدا قۇم ئاقىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ ھازىرقى ئاقسۇنى خەنزۇچە خەت بىلەن «گۇمو» (姑墨) دەپ يازغان. «گۇمو» سۆزى ئۇيغۇرچىدىكى «قۇم» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىپ يېزىلىشىدىن ئىبارەت. يەنە شۇ تارىخچىلار ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسىنى «ۋېنسۇ» (温宿) دەپ يازغان، بۇ ئۇيغۇرچىدىكى «ئون سۇ» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن بىر قاتار مىساللار، جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا ۋە تارىم ۋادىسىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان تىل پاكىتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە تارىم ۋادىسىدا قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلار بولماستىن، باشقا تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشىغان بولسا كۆل، تاغ، دەريا، يەر ناملىرى ئۇيغۇرچە (تۈركچە) «بارسكۆل»، «تەڭرىتاغ»، «ئالتاي»، «قۇم»، «ئون سۇ»، «سۇلى» دەپ ئاتالمىغان بولاتتى.

قەدىمكى يۇنان، ئەرەبلەرنىڭ ئالىم ۋە سەيياھلىرىمۇ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا قىممەتلىك تارىخىي خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. يۇناننىڭ مىلادى II ئەسىردە ياشىغان جۇغراپىيە ئالىمى پىتولمى ئۆزىنىڭ ئون توملۇق «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىنىڭ «سېرىسلار دۆلىتى» (يىپەك دۆلىتى) دېگەن بابىدا، ھازىرقى تارىم

دەرياسى بويىدىكى خەلقنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى (ئۇ «ئۇيغۇر دىس» دەپ يازغان)، ئۇلارنىڭ پىلە بېقىپ يىپەك چىقىرىپ، يىپەكتىن نەپىس شايى - ئەتلەسلەرنى توقۇيدىغانلىقىنى بايان قىلغان. تارىم ۋادىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى (تاغلىرى، دەريالىرى قاتارلىقلار) ھەققىدىمۇ خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى، يۇنان ۋە رىم ئالىملىرىدىن كىتىسى (تەخمىنەن مىلادىدىن 400 يىل بۇرۇن ياشىغان)، سىترابون (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 64 - يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادى 19 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، پىلوروس (تەخمىنەن مىلادىدىن بىر ئەسىر بۇرۇن ياشىغان)، پومپونىوس مىلا (تەخمىنەن مىلادى I ئەسىردە ياشىغان) قاتارلىق ئالىملارمۇ تارىم ۋادىسىدىكى سېرىسلار دۆلىتى، بۇ دۆلەتتە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيىتى، ئىرقىي قىياپىتى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان.

ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ (مىلادى 750 - يىلدىن 1258 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) تۇنجى خەلىپىسى ئەبۇلئابباس ئابدۇللاھ (مىلادى 750 - يىلىدىن 754 - يىلىغىچە خەلىپە بولغان) مىلادىنىڭ 750 - يىلى تەمىم ئىبنى بەھر ئەلمۇتەۋۋى ئىسىملىك كىشىنى ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغدادتىن ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ قاغانى تەڭرىدە بولمىش ئېل ئېتمىش بىلگە بايانچۇر قاغان (مىلادى 747 - يىلىدىن 758 - يىلىغىچە قاغان بولغان) نىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى ئوردىسىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن.

مانا شۇ ئەرەب ئەلچىسى تەمىم ئىبنى بەھر ئەلمۇتەۋۋىنىڭ ساياھەتنامىسىدە بارىسخان (ئەينى زاماندا ئىسسىقكۆلنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر شەھەر) شەھىرىدىن تارتىپ، قەشقەر، ئاقسۇ، كوچا، قارا شەھەر، تۇرپانغىچە بولغان يوللار ۋە ئۇ يوللارنىڭ بويىدىكى تۇزلەڭلىكلەرنىڭ ھەممە جايىدا بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن يېزا- كەنتلەر ۋە شەھەر- مەھەللىلەرنىڭ جايلاشقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى، شۇ شەھەر - قىشلاق، يېزا - كەنتلەر ۋە مەھەللىلەردە كاپىر تۈركلەرنىڭ (بۇددا، شامان دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى ياشايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «بارىسخاندىن تارتىپ ئورخۇنغىچە بارىدىغان يولدا پەقەت تۈرك خانىنىڭ (ئۇيغۇر خانىنىڭ دېمەكچى) پوچتىسى مېڭىپ تۇرىدۇ.»

ئەرەب ئاببارسىيلار خەلىپىسى ئەبۇلئاببارس ئابدۇللاھ بۇ ئەلچىنى ئۇيغۇر قاغانى بايانچۇرغا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەنە ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن ئىتتىپاق

تۇرۇشىنى كۆزلىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھالبۇكى، بايانچۇر قاغان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان.

مىلادىنىڭ 821 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسى تاڭ مەلىكىسى تەيخۇنى ئۇيغۇر قاغانى كۈن تەڭرىدە بولمىش ئالىپ كۈچلۈك بىلگە قاغانغا ياتلىق قىلدى. شۇ چاغدا ئۇيغۇر قاغانى قوشنىسى تىبەت خانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى بۇ توي ئىشىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كۈچادىن 10 مىڭ، بەشبالىقتىن 10 مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ، تىبەتلىكلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشكە بۇيرۇق بەرگەن.

مانا شۇ ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، جۇڭغارىيە بىلەن تارىم ۋادىسىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى ئۇ جايلاردا نۇرغۇن ئاتلىق قوشۇن تۇرغۇزغان.

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى كۈچىيىپ ئىمپېرىيە باسقۇچىغا كىرگەن چاغدا (مىلادى 745 ـ 830) ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىگە ھازىرقى موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ بىر قىسمى، جۇڭغارىيە، تارىم ۋادىلىرى، پەرغانە، قىرغىزىستان، ئىلى ۋادىسى، بالقاش بويلىرى كىرگەن.

ئىشەنچلىك تارىخى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 751 ـ يىلى تالاس ئۇرۇشىدا ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى بىر نەچچە يىل داۋام قىلغان ئۆكلۈك ـ سۈيگۇم توپىلىڭى (مىلادى 757 ـ يىلىدىن 762 يىلىغىچە داۋام قىلغان) ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ ھۇجۇمى (مىلادى 765 ـ يىللىرى) نەتىجىسىدە تاڭ سۇلالىسى زاۋاللىق گىردابىدا قالغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى ناھايىتى تېزلىكتە يوقالدى. مانا شۇ ئەھۋالدىن پايدىلانغان ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى ئوتتۇرا ئاسىياغا (ھازىرقى شىنجاڭمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولغان تولۇق ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار خەلقئارا قاتناش يولىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. مىلادى 760 ـ يىللىرىدىن باشلاپ تىبەت خانلىقى گەنسۇنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى «ئۇيغۇرلار يولى» دەپ ئاتالغان خەلقئارا يول ئارقىلىقلا غەربتىكى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى غەربتىكى دۆلەتلەرگە بېرىشتا چاڭئەندىن شىمالغا يۈرۈپ،

سەددىچىن سىپىلىدىن چىقىپ، ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇنغا بارىدىغان، ئاندىن غەربكە بۇرۇلۇپ ئالتاي تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ جۇڭغارىيىدىكى بەشبالىققا كېلىدىغان بولدى. يول بەشبالىق توگۇنىدىن ئىككى تارماققا بۆلۈنەتتى. بىر تارمىقى بەشبالىقتىن غەربكە بۇرۇلۇپ ئىلى ۋادىسى ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە باراتتى. يەنە بىر تارمىقى بولسا، بەشبالىقتىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ، تەڭرىتاغلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تۇرپان، قارا شەھەر، كوچا، ئاقسۇ، قەشقەر ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە قاراپ كېتەتتى. مانا شۇ يول ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدە «ئۇيغۇرلار يولى» دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار مانا شۇ خەلقئارا يولنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن، تىبەت خانلىقى بىلەن ناھايىتى كەسكىن، قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

مىلادىنىڭ 795 - يىلى ئۇيغۇر قاغانى قۇتلۇق بىلگە ئايچۇر (مىلادى 790 - يىلىدىن 795 - يىلىغىچە قاغان بولغان) ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا قاغانلىق ئورنىغا ۋارىس بەلگىلىمىگەنىدى. قاغانلىق تەختىدە ئۇنىڭ باش ۋەزىرى قۇتلۇق ئولتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ قاغانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ياغلاقار قەبىلىسى قولىدىن ئادىزلار قەبىلىسى قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ياغلاقارلار شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلىرى ئىچىدە قاغانلار چىقىدىغان قەبىلە بولۇپ، سانى كۆپ، جەڭگىۋارلىقىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن قەبىلە ئىدى. ياغلاقارلار ئەنە شۇ ئالاھىدىلىكىگە تايىنىپ، مىلادىنىڭ 600 - يىللىرىدىن باشلاپ شەرقىي ئۇيغۇرلارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلىغان ۋە مىلادى 646 - يىلى ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنى قۇرغانىدى.

مىلادىنىڭ 795 - يىلىدىن باشلاپ مىلادىنىڭ 839 - يىلىغىچە، ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئادىزلار قەبىلىسىدىن ئۇيغۇر قاغانلىقىغا ئاي تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان (مىلادى 795 - 805)، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان (مىلادى 805 - 808)، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان (مىلادى 808 - 821)، كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ كۈچلۈك بىلگە قاغان (مىلادى 821 - 824)، ھازار تېكىن (مىلادى 824 - 832)، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان (832 - 839) قاتارلىق ئالتە قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى مىلادىنىڭ 795 - يىلىدىن باشلاپ مىلادىنىڭ

830 يىللىرىغىچە بولغان 40 يىل ئىچىدە ئادىزلاردىن چىققان قاغانلارنىڭ يىتەكچىلىكىدە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك، سەلتەنەتلىك دەۋرىدىكى شان - شەرىپىنى ساقلاپ قالدى، لېكىن ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ياغلاقارلار بىلەن ئادىزلار قاغانلىق تەختىنى تالىشىپ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. مىلادى 839 - يىلى، ياغلاقار قەبىلىسىدىن بولغان قارا بولۇق ساي تۇركلىرىدىن ھەربىي ياردەم ئېلىپ، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغانغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان قاغان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. قارا بولۇق ياغلاقار شاھزادىسى كىچىك تېكىننى قاغانلىق تەختىگە چىقاردى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە، ئادىزلار قەبىلىسىدىن بولغان ھەربىي ۋەزىر قۇلۇق باغا يەنىسەي (ئاناساي) دەرياسى بويىدىكى قىرغىزلار ئارىسىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئىسيان كۆتۈرۈپ، كىچىك تېكىننى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قۇتراتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، قۇلۇق باغا قىرغىزلاردىن ياردەم ئېلىپ، ئادىزلارنىڭ قاغانلىقتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولسا كېرەك.

يۇقىرىقىدەك جىددىي ۋەزىيەتتە (مىلادى 839 - يىلى) يەنە ئۇستىلەپ تەبىئىي ئاپەت (قار بەكمۇ قېلىن يېغىپ، جۇت ھۆكۈم سۈردى، ۋابا كېسەلى تارقالدى) يۈز بېرىپ، ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولدى. نۇرغۇن ئاھالە، ھەددى - ھېسابسىز چارۋا - مال قىرىلىپ كەتتى.

ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىدا يۈز بەرگەن ئېغىر ئەھۋاللار (ئىچكى ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت) دىن پايدىلانغان قىرغىزلار ئىسيان كۆتۈرۈپ (ئۇلار ئۇيغۇر- ئورخۇن قاغانلىقىغا بېقىنىدىغان خانلىق ئىدى)، قارابالغاسۇنغا بېسىپ كىردى. ئۇلار قارا بولۇق بىلەن قاغان كىچىك تېكىننى ئۆلتۈردى. پايتەخت قارابالغاسۇندىكى قاغان ئوردىسىغا ئوت قويدى. دۆلەت خەزىنىسىنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، كۆچەيگەن چاغلىرىدا 221 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە بولغان قۇدرەتلىك ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى مىلادىنىڭ 839 - يىلى ئۈزۈ بېشىغا كەلگەن مانا شۇنداق ناھايىتى ئېغىر، پاجىئەلىك قىسمەتلەر تۈپەيلى قىرغىزلارنىڭ ئىسيانىغا تاقابىل تۇرالمىدى.

نەتىجىدە، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى 840 - يىلى ئۇيغۇر- ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ شەرقىي تېررىتورىيىسى (ھازىرقى موڭغۇلىيە) دىن قاغانلىقنىڭ

غەربىي تېررىتورىيىسى (ئوتتۇرا ئاسىيا) گە كۆچتى. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى پان تېكىن باشچىلىقىدا دەسلەپ باركۆلگە، كېيىن تۇرپان، قارا شەھەر، كوچا قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ماكانلاشتى. بۇلارنىڭ سانى 200 مىڭدىن كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، جۇملىدىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئاھالىسىنىڭ سانى 1 مىليوندىن ئارتۇق ئىدى.

ھالبۇكى، ئەمەلىي ئەھۋاللارنىڭ يۇقىرىقىدەك بولۇشىغا قارىماي بەزىبىر تارىخچىلار يېقىنقى يىللاردىن بۇيان: «ئۇيغۇرلار مىلادى 840 - يىلى موڭغۇلىيىدىن ھازىرقى شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن، بۇ جايدا ئۇيغۇرلار ياشىغان ئەمەس، بەلكى ئارىيان نەسلىگە مەنسۇپ بولغان خەلقلەر ياشىغان» دەپ خاتا ھۆكۈم قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇقامىغا ئۇسسۇل ئويناتقۇچىلارنىڭ بىردىنبىر ئاساسلىنىدىغىنى خوتەن، كوچا، قارا شەھەر، تۇرپان رايونلىرىدىن تېپىلغان كۆپ مىقداردىكى سانسكرىت يېزىقى، قارۇشتى يېزىقى (بۇ يېزىقلارنى قەدىمكى چاغلاردا ھىندىلار قوللانغان) بىلەن ھىندى تىلىدا يېزىلغان بۇددا دىنىغا دائىر يازما ماتېرىياللاردىن ئىبارەت. ئەمما ئۇنداق يېزىقلاردا يېزىلغان بۇددا نوملىرى قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەرنىڭ ھىندى - ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئارىيان نەسلىگە مەنسۇپ خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا زادى يارىمايدۇ. مىلادىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە بۇددا دىنى ھىندىستان ئارقىلىق تارىم ۋادىسىدىكى خوتەن، قەشقەر، كوچا، قارا شەھەر، كېيىنرەك تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى ئېتىقادىغا ئايلانغان. ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا بۇددا راھىبلىرى سانسكرىت يېزىقى، ھىندى تىلى بىلەن يېزىلغان بۇددا نوملىرىنى ئوقۇپ ۋەز ئېيتقان. بۇنى خەلق چۈشەنمەيتتى، ئەلۋەتتە. بۇ خۇددى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دەستۇرى بولغان «قۇرئان» ۋە باشقا ئىسلام ئەقىدىلىرى يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلار ئەرەب، پارس تىللىرىدا بولۇپ، بۇنى ئاز سانلىق دىنىي ئۆلىمالار چۈشىنىدىغان بولسىمۇ، خەلق بىۋاسىتە ئوقۇپ چۈشىنەلمىگەنگە ئوخشاش بىر ئەھۋال ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىنىي ئۆلىمالارنىڭ مەسجىد، مەدرىسلەردە ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى ئىسلام ئەقىدىلىرى يېزىلغان كىتابلاردىن ۋەز ئېيتقانلىقى ۋە تالىپلارغا دەرس ئۆتكەنلىكىگە قاراپ ئۇلارنى ئەرەب دېيىشكە بولمىغىنىدەك، قەدىمكى زاماندىكى

ئۇيغۇر بۇددىستلىرنى ئىبادەتخانىلاردا سانسكرىت يېزىقى بىلەن يېزىلغان ھىندى تىلىدىكى بۇددا نوملىرىدىن ۋەز ئېيتقانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىمۇ ھىندى دېگىلى ھەرگىز بولمايدۇ.

ئۇزۇپ ئېيتىش كېرەككى، بۇ يەر (شىنجاڭ) دە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا شەھەرلەشكەنلىكى ھەممىگە مەلۇملۇق تارىخىي پاكىت، مانا شۇ ئۇيغۇرلار مىلادى 840 ـ يىلى موڭغۇلىيىدىن كۆچۈپ كەلگەن 200 مىڭچە شەرقىي ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا، سان جەھەتتىنلا كۆپ بولۇپ قالماستىن، مەدەنىيەتتىمۇ ئۈستۈن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە موڭغۇلىيىدىن كۆچۈپ كەلگەن شەرقىي ئۇيغۇرلار مانىي دىنى ئېتىقادىدا بولۇپ، بۇ يەردىكىلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان غەربىي ئۇيغۇرلار ئىدى.

ئەگەر بەزى تارىخچىلار ئېيتقاندەك، ئۇيغۇرلار مىلادى 840 ـ يىلى موڭغۇلىيىدىن ھازىرقى شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن، بۇ جايدا ئۇيغۇرلار ئەمەس، باشقا خەلقلەر ياشىغان بولسا، دىن ۋە مىللەت پەرقى، شۇنداقلا سان جەھەتتىنمۇ نەچچە ھەسسە پەرقنىڭ بولۇشىغا قارىماي قانداق قىلىپ شۇنداق قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ ئۇيغۇرلاشتۇرۇپ كېتەلەيدۇ؟ بۇ سوئالغا يۇقىرىقى بىمەنە كۆز قاراشتىكى تارىخچىلار كىشىنى قايىل قىلغۇدەك، ئەقىلگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاساس تېپىپ بېرەلمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى تارىخنى غەزەرلىك ھالدا بۇرمىلاش دەپ ئېيتالماي تۇرالمايمىز.

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، مىلادى 840 ـ يىلى موڭغۇلىيىدىن كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك دەسلەپ بارىكۆلگە، كېيىن تۇرپان، قارا شەھەر، كوچا قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ماكانلاشقان بولسا، يەنە بىر قىسمى يەتتە سۇغا كۆچكەنىدى. مانا شۇ ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان غەربىي ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلەشكەنلىكى ئۈچۈنلا قۇدرەت تېپىپ، تېز ئارىدىلا تىبەتلىكلەرنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ۋە دۇنياغا مەشھۇر بولغان، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقالىغان.

خۇلاسە شۇكى، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى» دېگەن باپتا مەن تىلغا ئالغان گېئولوگىيىلىك، ئارخېئولوگىيىلىك ئاساسلار، شۇنىڭدەك جۇڭگو ۋە چەت

ئەللەرنىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ياشىغان يۇرتلىرى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەسلى يۇرتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭ ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

## ئىككىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئاسىيا قىتئەسىدە ياشىغان خەلقلەر ئىچىدە دۇنيا تارىخىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر خەلقلەرنىڭ بىرى بولغان، ئەجدادلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاساسىي يەرلىك خەلقى بولۇپ، ئۇلار بارا - بارا كۆپىيىپ غەربتە قارا دېڭىز، شەرقتە ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە بولغان جايلاردا ياشىغان.

ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى زامانلاردا دۇنيانىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا ياشىغان بۆلەكلىرى قاتناش ئالاقىلىرىنىڭ ئەپسىزلىكى سەۋەبىدىن، ئۆز ئارا قويۇق ئالاقە قىلالماي، ئايرىلىپ ياشىغان. ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ياشىغان رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى (ھاۋاسى، تۇپراقلىرى، سۇلىرى، تاغلىرى ئورمانلىرى، ياپلاقلىرى، دالىلىرى قاتارلىقلار) مۇ ھەرخىل بولغان. تۈرلۈك جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇقلىنىشىمۇ بىر- بىرىدىن پەرقلىق بولغان. ئاسىيانىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىدىكى جايلارنىڭ كۆپچىلىك قىسمىدا ئاساسەن تۆت پەسىل بولىدۇ. ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئادەم ياشايدىغان جايلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى قىش پەسلىدە بەكمۇ سوغۇق بولۇپ، ياز پەسلىدە سالقىن بولىدۇ. ئاسىيانىڭ تروپىك بەلۋاغدىكى رايونلىرىدا تۆت پەسىل تازا ئېنىق بولمايدۇ. مەسىلەن: ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ئەنە شۇنداق بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەرگە كۆرە، ئىپتىدائىي دەۋرىدىن باشلاپلا، يەر يۈزىدە بىر- بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىرققا مەنسۇپ بولغان، خىلمۇ خىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان، تۈرلۈك دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئىرقلار ۋە خەلقلەر پەيدا بولغان. ئىنسان ئىرقلىرى ئىچىدىن ئەڭ مۇھىملىرى ئاق تەنلىك، سېرىق تەنلىك، قارا تەنلىك ئىرقلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىرقلار بىر - بىرىدىن، تېرىسىنىڭ رەڭگى، چېچىنىڭ قانداق رەڭدە ۋە قانداق ھالەتتە بولۇشى، چىراي شەكلى، تەن تۈزۈلۈشى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئاسىيادا ياشاۋاتقان ھازىرقى خەلقلەر قان سىستېمىسى ۋە ئىرقىي خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئاق تەنلىك،

سېرىق تەنلىك دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ھىندىلار، پاكىستانلىقلار، ئافغانلار، ئىرانلىقلار، تۈركلەر، ئەرەبلەر، ئۇيغۇرلار، تاجىكلار ۋە باشقىلار ئاق تەنلىككە كىرىدۇ. ئانتروپولوگىيە ئۆلچەملىرىگە ئاساسلانغاندا، ئاق تەنلىكلەرنىڭ تېرىسى ئاق، چاچلىرى قىزغۇچ ياكى سېرىق، ياپما ھالەتتە، (تىك ياكى بۇدۇر ئەمەس) بولىدۇ، بۇرنى قاڭشارلىق، كۆزلىرى چوڭقۇر بولۇپ كۆز رەڭگى تولىراق كۆك، قوڭۇر (قوي كۆز) كېلىدۇ. ھىندىلارنىڭ تېرىسى بۇغداي ئۆڭلۈك. ھىندى، ئىران، گېرمان خەلقلىرىنىڭ ئەجدادى بولغان ئارىئانلار مىلادىدىن 2000 ـ يىل بۇرۇن ھىندىستانغا كۆچكەندە، ئۇلارنىڭ تېرىسى ھازىرقى ھىندىلارنىڭكىدەك بۇغداي ئۆڭلۈك بولمىغان، ئۇلار ھىندىستاندا يەرلەشكەندىن كېيىن، شىمالى ياۋروپانىڭ كىلىماتىغا قارىغاندا خېلىلا دەرىجىدە ئىسسىق بولغان ھىندىستان كىلىماتىنىڭ تەسىرى بىلەن بۇغداي ئۆڭلۈك بولۇپ ئۆزگەرگەن.

ئاسىيا قىتئەسىدە ياشايدىغان سېرىق تەنلىكلەر خەنزۇلار، ياپونلار، چاۋشيەنلىكلەر، موڭغۇللار، مانجۇلار ۋە باشقىلار كىرىدۇ. سېرىق تەنلىكلەرنىڭ تېرىسى ساغۇچراق، چاچلىرى قارا ۋە تىك ھالەتتە بولۇپ، كۆزلىرى كىچىك ۋە قارا، بۇرنى پاناقراق كېلىدۇ.

گ. گرژىمايلو قەدىمكى چاغلاردا جەنۇبىي سىبىرىيە (بايقال ئەتراپلىرى) دە ياشىغان شەرقىي تۇرالار توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ: «تۇرالار تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە: ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا بوي كېلىدۇ، قىسمەنلىرى ئېگىز بويلۇق. ئۇلارنىڭ تېنى كۈچلۈك ـ ساغلام، پۇختا كېلىدۇ، يۈزلىرى سوزۇنچاق، رەڭگى قىزغۇچ ئاق بولۇپ، چاچلىرى ساغۇچراق، بۇرنى قاڭشارلىق، تۈز بولۇپ، كۆپرەكىنىڭ بۇرۇن ئۇچى ئىلمەك كېلىدۇ، كۆزلىرى كۆك ـ كۆكۈچ.»[1] تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ چىقىرىلغان بۇ ھۆكۈم كېيىنكى چاغلاردا ئارخېئولوگىيە جەھەتتىنمۇ ئىسپاتلاندى.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ئەتراپلىقلىراق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھونلار، ساكلار، تۈركلەر بىلەن بولغان قان قېرىنداشلىقى ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر

(1) گرژىمايلو: «موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە ئۇرانقاي چېگرا رايونى» I توم. لېنىنگراد 1926 ـ يىل نەشرى، رۇسچە 11 ـ بەت.

ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا يەھۇدىيلار، يۇنانلىقلار، ئىرانلىقلار، تۈركلەر ۋە جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرى ھەم داستانلىرىدا، بىر قاتار ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن.

ئەلۋەتتە ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرگە ئاساسلىنىپ تارىختىكى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر تارىخىي چىنلىقنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپمۇ بېرىدۇ. شۇڭا، بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىشنىڭ زىيىنى يوق.

يەھۇدىي رىۋايەتلىرىدە، نۇھ پەيغەمبەرنىڭ تۈرك دېگەن بىر ئوغلى بولۇپ، تۈركلەر شۇنىڭ ئەۋلادى دېيىلىدۇ. يەھۇدىيلار بۇ رىۋايەت ئارقىلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۆزلىرىگە باغلايدۇ. ئىرانلىقلارنىڭ رىۋايىتىدە، بىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادىمىز بولغان ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياب) نى ئىراننىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانى سىياۋۇش بىلەن تۇغقان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي قىممىتى يوق. چۈنكى يەھۇدىي ۋە ئىرانلىقلارنىڭ تۈركلەر توغرىسىدىكى بۇ رىۋايەتلىرى تەۋرات بىلەن شاھنامىدىكى قىلچە رېئال ئاساسى بولمىغان ئەپسانىلەرگە ئاساسلانغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ بىر قەدەر تارىخىي ھەقىقەتكە ئۇيغۇنراق كېلىدىغىنى «ئوغۇز نامە» داستانى بولسا كېرەك.

ھونلار ئىمپېرىيىسىنىڭ (مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 216 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئەڭ قۇدرەتلىك دەۋرى (مىلادىدىن 240 - يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتتىن تارتىپ مىلادىنىڭ 48 - يىلىغىچە) باتۇر تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 209 - يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 175 - يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) نىڭ دەۋرى بولدى. باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدە ھون ئىمپېرىيىسى مىسلىسىز دەرىجىدە قۇدرەت تاپتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈرك خەلقلىرى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھۆرمىتى ۋە شان - شۆھرىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە «ئوغۇزنامە» داستانىنى يارىتىپ، ئۇنىڭدا، باتۇر تەڭرىقۇتنى ئىلاھلاشقان بىر ئەپسانىۋى قەھرىمان دەرىجىسىگە كۆتۈردى. «ئوغۇزنامە» داستانىدا باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ جۇڭگو، ھىندىستان ۋە ياۋروپاغا قەدەر قىلغان يۈرۈشلىرى، ئاسىيانىڭ شىمالى قىسمىدىكى جايلارنى تامامەن ئىشغال قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. دېمىسىمۇ باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 177 - يىل بۇرۇن غەربكە

قىلغان يۇرۇشلىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويىغىچە بارغانىدى.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىر كۈنى ئاي خاننىڭ كۆزى يورۇدى. بىر ئوغۇل تۇغدى. ئوغۇلنىڭ چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى. كۆزلىرى كۆك، ئاغزى چوغدەك قىزىل ئىدى. ئۇ ھۆر - پەرىلەردىنمۇ چىرايلىق ئىدى... ئۇنىڭ پۇتى بوقىنىڭ پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى. ئۇ يىلقىلارنى باقاتتى، ئاتلارغا مىنەتتى، ئوۋ ئوۋلايتتى. كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەرمۇ ئۆتۈپ ئۇ يىگىت بولدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز خاقان تەڭرىگە سېغىنىۋاتاتتى، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشتى. بۇ نۇر كۈندىنمۇ نۇرلۇق، ئايدىن يورۇق ئىدى. ئوغۇزخاقان ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىز بارلىقىنى كۆردى. قىز تەنھا ئولتۇراتتى. ئۇ قىز ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە ئاتەشتەك نۇرلۇق بىر مېڭى بولۇپ، بۇ مېڭى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشىشايتتى. بۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، ئۇ كۈلسە كۆك تەڭرىمۇ قوشۇلۇپ كۈلەتتى. يىغلىسا كۆك تەڭرىمۇ بىللە يىغلار ئىدى.

ئوغۇزخان بۇ قىزنى كۆرۈپلا، ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدى. قىزنى ئالدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئارمانىغا يەتتى. قىز ھامىلىدار بولدى. كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كۆزى يورۇدى ۋە ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تۇنجىسىغا كۈن، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي، كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويدى.

بىر كۈنى ئوغۇزخان ئوۋغا چىقتى. ئۇ ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەرەخ كۆردى، دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ بەكمۇ چىرايلىق بىر قىز ئىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك، چېچى خۇددى دەريا سۈيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىدى.

ئوغۇزخان ئۇنى كۆرۈپلا، ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى. ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدى ۋە ئۇنى ئالدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ تىلىكىگە يەتتى. ئۇ قىز ئىككى قات بولدى. كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ ئۇنىڭ كۆزى يورۇدى ۋە ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تۇنجىسىغا كۆك، ئوتتۇرانچىسىغا تاغ، كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويدى....»

بۇ تەسۋىرلەردىن ئوغۇزخاننىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانىدىكى ئوغۇزخاننىڭ ئىككى ئايالىدىن تۇغۇلغان ئالتە ئوغلى ئۇيغۇرلارنىڭ قان قېرىنداشلىرى بولغان ئوغۇزلارنىڭ 24 ئۇرۇقىنىڭ ئەجدادى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ئىران تارىخچىسى رەشىدىددىننىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن ئوغۇزخان رىۋايىتىدە ئوغۇزلارنىڭ 24 ئۇرۇقىنىڭ ئەجدادى ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلى، دېيىلگەن.

«ئوغۇزخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق ۋەزىرى (ئۇلۇغ تۈرك) نىڭ ئاجايىپ بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇلۇغ تۈرك كۆنلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق بىر چۈش كۆردى: ئۇ چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كۆردى. بۇ ئالتۇن ياكى كۈن چىقىشتىن تاكى كۈنپېتىشقىچە تارتىلغان. ئۈچ كۈمۈش ئوق بولسا، شىمالنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇلۇغ تۈرك ئويغىنىپ چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئوغۇزخانغا ئېيتىپ بەردى. ئوغۇزخان بۇ چۈشكە ئۇلۇغ تۈركنىڭ بەرگەن تەبىرى ۋە مەسلىھەتىگە ئاساسلىنىپ، كۈن، ئاي، يۇلتۇز ئاتلىق ئۈچ ئوغلىنى شەرققە، كۆك، تاغ، دېڭىز ئاتلىق ئۈچ ئوغلىنى غەربكە ئەۋەتتى. ئالتە ئوغلى ئۆزى بارغان تەرەپلەردە ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ ئۆزلىرى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن نەرسىلەرگە ئۇچرىدى. كۈن ئاي، يۇلتۇز ئاتلىق ئوغۇللىرى يولدىن بىر ئالتۇن يانى تېپىۋالدى. ئالتۇن يانى ئاتىسى ئوغۇزخانغا ئەكىلىپ بەردى. كۆك، تاغ، دېڭىز ئاتلىق ئوغۇللىرى يولدىن ئۈچ كۈمۈش ئوق (ئوقيانىڭ ئوقى) تېپىۋالدى. ئۈچ كۈمۈش ئوقنى ئوغۇزخانغا ئەكىلىپ بەردى. ئوغۇزخان ئالتۇن يانى ئۈچكە بۆلۈپ، كۈن، ئاي، يۇلتۇز ئاتلىق ئوغۇللىرىغا بەردى. ئۈچ تال كۈمۈش ئوقنى كۆك، تاغ، دېڭىز ئاتلىق ئوغۇللىرىغا بەردى[1].

ئوغۇزلارنىڭ 24 ئۇرۇقى ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنىدۇ. بىرى بۇز ئوق تارمىقى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار، ئوغۇزخاننىڭ ئالتۇن يانى بۇزۇپ (سۇندۇرۇپ) ئۈچكە بۆلۈپ تەقسىملەپ بەرگەن ئۈچ ئوغلى (كۈن، ئاي، يۇلتۇز) نىڭ ئەۋلادى دەپ قارىلىدۇ. قالغان 12 ئۇرۇق ئۈچ ئوق تارمىقى دەپ ئاتىلىپ، ئوغۇزخاننىڭ ئۈچ تال كۈمۈش ئوقنى تەقسىملىۋالغان ئۈچ ئوغلى (كۆك، تاغ، دېڭىز) نىڭ ئەۋلادى دەپ قارىلىدۇ.

ئىران تارىخچىسى رەشىددىننىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق بۇ ئەسىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا (ئوغۇز داستانى بويىچە) ئوغۇزلارنىڭ 24 ئۇرۇقىنىڭ ناملىرى مۇنداق بولغان:

(1) «ئوغۇزنامە» داستانىدىن.



ئوغۇزخان
بوز ئوقلار
ئۈچ ئوقلار
كۈن
قاي
بايات
ئاق ئىۋلي
ئاي
يازگىر
دۇدۇرغا
دوگىر
ياپارلۇ
يۇلتۇز
ئاۋشار
بەگ دىلى
قارقىن
چارۇقلو
كۆك
بايىندىر
جۇۋۇلدۇر
چىبنى
پىچەنەك
تاغ
سالۇر
ئالايونتلو
ئەيمور
ئورىگىر
دېڭىز
ئاۋشار
بەگ دىلى
قارقىن
چارۇقلو

«بوز ئوقلار » ئوغۇزلارنىڭ ئوڭ قانىتىنى، «ئۈچ ئوقلار» ئوغۇزلارنىڭ سول قانىتىنى تەشكىل قىلاتتى.

بۇ شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر تارمىقى بولغان ئوغۇزلار توغرىسىدىكى مەلۇمات بولۇپ، شەرقىي ئوغۇزلار ئۇيغۇر قاغانلىقى تەركىبىدە ئىدى.

ھازىرقى زاماندىكى بەزى مەشھۇر تارىخشۇناسلار ئوغۇزخان رىۋايىتىدىكى ئوغۇزخاننىڭ دادىسى قاراخاننى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ دادىسى تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئۆزى دەپ ھېسابلايدۇ.

مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەندە، شەرقىي ئوغۇزلار ئېرتىش، بالقاش، ئارال كۆللىرىنىڭ بويىغا كۆچتى. مەھمۇد كاشغەرى مانا شۇ ئوغۇزلارنىڭ كۆچەيگەن چېغىدىكى (1040 ـ 1157) قەبىلىۋى ئەھۋالىنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ: «ئوغۇزلار ـ تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرىدۇر. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار 22 ئۇرۇقتا بۆلۈنىدۇ. ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار» دەيدۇ[1]. مەھمۇد كاشغەرى ئوغۇز قەبىلە ئۇرۇقلىرىنىڭ سانىنى 22 دەپ، ئۇ قەبىلىلەرنىڭ نامىنىمۇ بىر ـ بىرلەپ ئاتاپ ئۆتىدۇ. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان 24 ئۇرۇقنىڭ نامى مەھمۇد كاشغەرى ئاتىغان ئوغۇز قەبىلە ئۇرۇقلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. مەھمۇد كاشغەرى پەقەت ئىككى ئۇرۇقنىڭ نامىنى يازمىغان خالاس.

«ئوغۇزنامە» داستانى ھونلار، ئۇيغۇرلار، تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىران ۋە تۈرك رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلغان ئەفراسىياپ مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر قەھرىمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى ئەجدادلىرىمىز ئالىپ ئەرتۇڭا، دەپ ئاتىغان. ئالىپ ئەرتۇڭا مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇن ئەجدادلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيادىن قارا دېڭىز بويىغىچە سوزۇلغان كەڭ تېررىتورىيىدە قۇرغان ساك ئىمپېرىيىسىنىڭ مەشھۇر قاغانى بولغان. بۇ ئىمپېرىيىنى ئىرانلىقلار تۇران دەپ ئاتىغانىدى. بۇ دۆلەت مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ II ئەسىرىگىچە ھۆكۈم سۈرگەن. تۇران قاغانى ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى مەلۇمات ئەڭ ئاۋۋال ئاتەشپەرەسلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇ تۇران پادىشاھى

(1) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە I توم. 445 ـ بەت.

ئەفراسىياپ دەپ ئاتالغان. ئۇلۇغ پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋى (مىلادىنىڭ 997 ـ يىلىدىن 1030 ـ يىلىغىچە سۇلتان بولغان) نىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يازغان ئۆزىنىڭ «شاھنامە» ناملىق داستانىدا، تۇران خاقانى ئەفراسىياپنىڭ ئىران پادىشاھى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ جايدا توختالغان. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئالپ ئەرتوڭا ھاۋاسى ياخشى بولغان ئوردۇكەنت (قەشقەر) تە تۇرغانىكەن[1]. بۇ چاغدا، كۈچلۈك پارس ئىمپېرىيىسى ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇن، ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ پادىشاھى كەيخىسراۋ (مىلادىدىن 633 ـ يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 584 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە پادىشاھ بولغان) تۇران قاغانى ئەفراسىياپنى مەغلۇپ قىلغاندا، ئەفراسىياپ شەرققە چېكىنىپ ئالتاي ئەتراپلىرىغىچە كەلگەن. كېيىن ئەفراسىياپ ئۆز دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمىغا قايتىپ كېلىپ، مىلادىدىن 625 يىل بۇرۇن ئەزەربەيجاندا ئىرانلىقلار بىلەن يەنە تۇتۇشقان. ئۇ بىر جەڭدە، مۆكۈنۈپ ياتقان ئىران ئەسكىرىنىڭ ئوقيادىن ئاتقان ئوقى بىلەن ئۆلگەن.

ئالپ ئەرتوڭا توغرىسىدىكى تۈرك رىۋايىتى بولسۇن ياكى ئىران رىۋايىتى بولسۇن، بۇ رىۋايەتلەردە بىزگە ئېنىقلاشقا تېگىشلىك ئىككى مەسىلە يولۇقىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئالپ ئەرتوڭا تارىختا راستىنلا ئۆتكەن قەھرىمانمۇ ياكى ئەپسانىۋى قەھرىمانمۇ؟ دېگەن مەسىلە. يەنە بىرى، يۇنانلىقلار سىكىف دەپ ئاتىغان، ئىرانلىقلار ساك دەپ ئاتىغان خەلقلەر تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ خەلقمۇ ياكى ئىران نەسىللىك خەلقمۇ؟ دېگەن مەسىلە.

بىز ئالپ ئەرتوڭانىڭ تارىختا راستتىنلا ئۆتكەن قەدىمكى ئەجدادىمىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارغا ئىگە. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئالپ ئەرتوڭا توغرىسىدىكى ماتەم قوشاقلىرىنىڭ پارچىلىرى كەلتۈرۈلگەن:

«ئالپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
يامان دۇنيا قالدىمۇ،

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، I توم، 80 ـ بەت.

پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.
قاغان ئەفراسىياپ ئۆلدىمۇ؟ بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟

پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن زامانغا نەپرەتلىنىپ، يۈرەكلەر پارە - پارە بولماقتا.»[1]

«ئەل بۆرىدەك ھۇۋلاشتى،
يىرتىپ ياقا يىغلاشتى،
پەرياد چېكىپ دادلاشتى،
كۆزلەر ياشقا قاپلىنۇر.

ئادەملەر ئەفراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ بۆرىگە ئوخشاش ھۇۋلاشتى. ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى، بەزىدە مۇڭلۇق نەغمە ئاۋازىدەك ئۈن سېلىپ پەرياد چېكىشتى، كۆپ يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ كەتتى.»[2]

ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ماتىمىگە يېتىپ كەلگەن بەگلەرنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىگە بېغىشلانغان قوشاقتا مۇنداق دېيىلگەن:

«بەگلەر ئېتىنى ھارغۇزدى،
قايغۇ ئۇلارنى تۇرغۇزدى،
مەڭزى، يۈزى سارغايدى،
سۇرتۇلگەندەك زەپىران.

بەگلەر ئاتلىرىنى ھارغۇزۇپ كېلىشتى. ئۇلارنى قايغۇ باستى. يۈزلىرى زەپىرەڭدەك سارغايدى.»[3]

دىۋاندا كەلتۈرۈلگەن بۇ ئۈچ كۇپلېت قوشاق ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىدىن

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، كىرىش قىسمى 4 - بەت.
(2) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، I توم، 59 - بەت.
(3) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، I توم، 254 255 - بەتلەر.

يەتتە ئەسىر بۇرۇن ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلاپ ياراتقان تارىخىي داستانىنىڭ ساقلىنىپ قالغان پارچىلىرىدۇر.

ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى بۇ قوشاقلار ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەقىقىي تارىخىي قەھرىمان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئۇلۇغ قاغانلىرىمىزدىن بىرى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئالىپ ئەرتۇڭا مىلادىدىن 625 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تۇران دۆلىتى (ساكلار دۆلىتى) گە ئامورغ، تومارىس، «شۇ» ئاتلىق خانلارنىڭ يېتەكچىلىك قىلغانلىقى مەلۇم.

كەيخىسراۋ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېرىندىشى ئاستىياگ (555 ـ 584) پادىشاھ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەھمانىلار سۇلالىسىگە كەيكاۋۇس (يۇنانچە كىروس) پادىشاھ بولدى. كەيكاۋۇس (529 ـ 555) ساكلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ساكلارنىڭ خانى ئامورغنى ئەسىر ئالدى. يۇنان تارىخچىسى كىتسى (مىلادىدىن 400 يىل بۇرۇن ئۆتكەن) ساكلارنىڭ خانى ئامورغنىڭ ئايالى سىماپېترانىڭ ئەركەك ۋە ئاياللاردىن قوشۇن تەشكىللەپ ئىران بىلەن ئۇرۇشقانلىقى، ئۇرۇشتا ئۇنىڭ كەيكاۋۇسنى مەغلۇپ قىلىپ، ئامورغنى ئازاد قىلغانلىقىنى يازىدۇ. كىتسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، شۇنىڭدىن كېيىن ساكلار كەيكاۋۇس بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن، لېكىن كەيكاۋۇس بىتىمگە ئەمەل قىلماي (مىلادىدىن 529 يىل بۇرۇن) ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن. ھىرادوتنىڭ (مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن) بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ چاغدا ماساگىتلار (ئۇلۇغ ساكلار) غا مەلىكە تۇمارىس يېتەكچىلىك قىلاتتى. كەيكاۋۇس ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان باسقۇنچىلىق يۈرۈشىدە، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئارقىسىدىكى چۆللەرنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئارقا سەپىدىن ئايرىلىپ قالغان، كەيكاۋۇس مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ۋە جەڭدە ئۆلگەن. ھىرادوت بىزگە كەيكاۋۇسنىڭ بۇ يۈرۈشىنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى يېزىپ قالدۇرغان. ھىرادوت بۇ تەپسىلاتلىرىنىڭ تەسۋىرىنى تۇمارىس ھەققىدىكى رىۋايەتتىن ئالغان. تۇمارىس توغرىسىدىكى رىۋايەتتە، ئۇنىڭ بىر تۇلۇمغا قان تولدۇرۇپ، جەڭدە ئۆلگەن كەيكاۋۇسنىڭ بېشىنى: « قانغا تويماس قانخور قانغا تويسۇن» دەپ شۇ تۇلۇمغا تىققانلىقى ئېيتىلىدۇ[1].

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئانىسى ئەقىل، پاراسەتلىك، باتۇر يۈرەكلىك

---

(1) ئۆزبېكىستان «س س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە، I توم، 48 ـ بەت.

ۋەتەنپەرۋەر تۇران خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ شانلىق ئۆلگىسى بولغان تۇمارىسنىڭ ئالپ ئەرتۇڭانىڭ ئەۋرىسى ئىكەنلىكى ئېهتىمالغا ناهايىتى يېقىن. پاۋىل ۋىتتىكنىڭ هۆكمىچە، تۇمارىسنىڭ ئىسمى تۆمۈر بولۇپ، يۇنان تارىخچىلىرى تەرىپىدىن تۇمارىس، تۆمۈرىس، دەپ يېزىلغان.

بىز يۇقىرىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئالپ ئەرتۇڭاغا بېغىشلانغان داستان پارچىلىرىنى، ئالپ ئەرتۇڭا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى توغرىسىدا يۇنان، ئىران مەنبەلىرىدە ئېيتىلغان رىۋايەتلەرنى تىلغا ئالدۇق. تۆۋەندە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخچىلىرى يازغان يىلنامىلىرىدىنمۇ مىسال كەلتۈرىمىز.

مىلادىنىڭ 714 ـ يىلى ئېلتېرىش قۇتلۇق قاغانلىقى (كېيىن قۇرۇلغان شەرقىي تۈرك قاغانلىقى) نىڭ قاغانى قاپاغان قاغان (692 ـ 716) بەشبالىقنى تاڭ ئىمپېرىيىسىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئۆز ئوغلى توڭا تېكىن قوماندانلىقىدا بىر تۈركۈم تۈرك قوشۇنلىرىنى بەشبالىققا ماڭدۇرغان. توڭا تېكىن بەشبالىقنى مۇھاسىرىگە ئالغان. ئۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆزى ئاتلىق يالغۇز بەشبالىق شەھىرىنىڭ سېپىلى تۈۋىگە كېلىپ ئەھۋالنى كۆزەتكەن ۋە شۇ پەيتتە بۆكتۈرمىدە ياتقان دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن[1]. تۈركلەر شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر يىلى توڭا تېكىن ئۆلگەن كۈنى ئۇنى خاتىرىلەپ مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان بولغان. بۇ تۈركلەرنىڭ، ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى ئالپ ئەرتۇڭانىڭ نامى قويۇلغان توڭا تېكىننى خاتىرىلەش ئارقىلىق، ئالپ ئەرتۇڭانى خاتىرىلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مىلادىدىن 329 يىل بۇرۇن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندە، ئۇنىڭغا قارشى تۈرك قاغانىنىڭ قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا مەھمۇد كاشغەرى مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «ماڭا مۇھەممەد چاقىرتونقا خان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرايىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك قاغانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشىشىدىكەن. ئۇلار ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن ئۇلارنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ»[2].

مەھمۇد كاشغەرى تىلغا ئالغان بۇ رىۋايەت ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ

(1) سىماگۇۋاڭ: «يىلنامە» خەنزۇچە 211 ـ جىلد.
(2) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، I توم، 151 ـ بەت.

كىرگەن زاماندىكى تارىخىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئىسكەندەر مىلادىدىن 334 يىل بۇرۇن 30 مىڭ پىيادە ئەسكەر، 5000 ئاتلىق ئەسكەردىن تەركىب تاپقان قوشۇنغا تايىنىپ شەرققە يۈرۈش باشلىغان. ئۇ ئون يىل ئىچىدە (مىلادىدىن 334 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 324 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە)، كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، فىنىكا، مىسىر، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىنى ۋە ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇۋالغان.

ئىسكەندەر شۇ يۈرۈشلىرىنىڭ بىرىدە (مىلادىدىن 331 يىل بۇرۇن) ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دارا III (مىلادىدىن 338 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە پادىشاھ بولغان) نىڭ قوشۇنلىرى گاۋگامېل دېگەن جايدا ئۇرۇل - كېسىل تارمار قىلغان. دارا III شەرققە قاراپ قاچقان. ئۇنى ئۆز نەسلىدىن بولغان بېسسى (باكتىرىيە ۋە سوغدىياناغا قويۇلغان ئەھمانىلار ۋالىيسى) ئۆلتۈرگەن. بېسسى ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ كېلىپ ساكلاردىن ياردەم سورىغان. شۇ چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ساكلارنىڭ «شۇ» ناملىق خانى بار ئىدى. ئۇ، مەھمۇد كاشغەرى تىلغا ئالغان تۈرك قاغانى تۇمارىسنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى دەپ قىياس قىلىنغان «شۇ» نىڭ ئۆزى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندە، بېسسىنىڭ ئىلتىماسىغا كۆرە ئەمەس، بەلكى ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە 4000 كىشىلىك ئاتلىق ئۇيغۇر قوشۇننى ئىسكەندەرگە قارشى ماڭدۇرغان تۈرك قاغانى مانا شۇ «شۇ» ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ساكلار ئىسكەندەردىن مەغلۇپ بولغان ۋە غەربكە كۆچۈپ، ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىن قەشقەرگىچە كەلگەن. ساك دەپ ئاتالغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىرىنچى قېتىم غەربكە ئالتاي ئەتراپلىرىغا كۆچۈشى مىلادىدىن يەتتە ئەسىر ئىلگىرى ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ كەيخىسراۋدىن يېڭىلىپ قالغان دەۋرىدە بولغانىدى. يەنە بىر قېتىملىق كۆچۈش ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئاسىياغا باستۇرۇپ كىرگەن مانا مۇشۇ دەۋردە بولدى.

ساكلار ئەسلىدە قەدىمكى چاغلاردا غەربىي سىبىرىيەدە ياشىغان. ئۇلار مىلادىدىن ئون ئەسىر بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ شەرقتە ياشايدىغان قېرىنداشلىرى سارماتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. شۇ سەۋەبتىن ساكلار جەنۇبقا سۈرۈلۈپ قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا كۆچتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ساكلارنىڭ بىر قىسمى ئىران نەسىللىك خەلقلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ مەلۇم دەرىجىدە ئىرانلاشقان بولسىمۇ، ئەمما تۈرك ئىرقىغا خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساسەن ساقلاپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە، تۈركى

خەلقلەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قەبىلىلىرىدىن بىرى بولغان ياقۇتلار ھازىرمۇ ئۆزلىرىنى «ساك» دەپ ئاتىشىدۇ. ساكلارنىڭ دىنى ئېتىقادى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى ھونلار ۋە تۈركلەر بىلەن ئوخشاش ئىدى. ساكلار ھونلار ۋە تۈركلەرگە ئوخشاشلا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ساكلارنىڭ ئەخلاقى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا ھېپپوگراتنىڭ بەرگەن مەلۇماتى بىلەن ھونلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئەخلاقى، ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى ئوخشىشىدۇ.

ساكلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۇلارنىڭ ئاساسى ئوزۇقى گۆش، قىمىز ئىدى. ئۇلارمۇ ھونلار ۋە تۈركلەرگە ئوخشاش ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنى ئىچىملىك ئىچىدىغان قەدەھ ئورنىدا ئىشلىتەتتى. ساكلار ھونلار، تۈركلەر ۋە ئۇيسۇنلارغا ئوخشاش ئاتىسى ئۆلسە، ئۆگەي ئانىسىنى خوتۇنلۇققا ئالاتتى. ئۇلار ھونلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا، ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئوقيانى دېگەن نىشانغا تەككۈزەلەيتتى. ھونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار شامان ئەقىدىسى بويىچە كۈنگە، ئايغا چوقۇناتتى. ساكلارمۇ شۇنداق ئىدى. لېكىن ساكلار قوياش تەڭرىسىنى بەكرەك ئالىي بىلەتتى، ھونلار بولسا ئاي تەڭرىسىنى بەكرەك ھۆرمەتلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھونلار ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئاي تولغاندا ئېلىپ باراتتى، ئاي كىچىكلەشكە باشلىغاندا، قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرەتتى. ئۇيغۇرلار ئۆز ئىسىملىرىنىڭ بېشىغا كۈن، ئاي سۆزىنى قوشۇپ ئاتاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ 20 - ئەۋلاد قاغانى ئۆزىنى «كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش قۇچ كۇچلۇق بىلگە قاغان» دەپ ئاتىغانىدى. ئېل تېكىن (759 - 779) بولسا ئۆزىنى« ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئېل تۇتمىش قۇچ قۇلۇق بىلگە قاغان» دەپ ئاتىغان. بۇ مىسالاردىن ھونلار، تۈركلەر ئۇيغۇرلار بىلەن ساكلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ تومۇرداش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ساكلارنىڭ تارىختا گۈللەنگەن ۋاقتى مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇنقى چاغ بولغان. ئالىپ ئەرتۇڭا ئۇلارنىڭ مەشھۇر قاغانى ئىدى.

تارىختا بىزگە مەلۇم بولغانىدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيرات قەبىلىلىرى موڭغۇلىيەدە ياشىغان چاغلىرىدا موڭغۇللىشىپ كەتكەنىدەك، ساكلارنىڭ بىر قىسمىمۇ ئىلىشىپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن، بەزى ئالىملار ساكلارنىڭ تارىخىغا ئەتراپلىق، ئىنچىكىلەپ قارىماستىن، ئۇلارنى ئىران نەسىللىك خەلق دەيدىغان كۆز قاراشنى ئالغا سۈرگەن، بۇ توغرا ئەمەس، بۇنىڭغا بىزنىڭ مۇشۇنداق

ئاساسىمىز بار:

ئاتتالاتا مۇنداق دەپ يازغانىدى: «سىكىفلار (ساكلارنى دېمەكچى) بىلەن تۈركلەر بىر ئىرقتۇر.»[1] ئاتتالاتا مىلادىنىڭ I ئەسىردە ئۆتكەن روما تارىخچىسى.

## بۆرىنىڭ توتېم قىلىنىشى

دۇنيادىكى خەلقلەر يىراق ئۆتمۈشتە تۈرلۈك نەرسىلەرنى توتېم قىلىپ، شۇنىڭغا چوقۇنۇپ كەلگەن.

«توتېم» سۆزى ھازىرقى ئاۋستىرالىيەدە ياشايدىغان پاپائۇسلار (ياۋروپالىقلار ئۇلارنى ئىندىئان دەپ ئاتايدۇ) نىڭ تىلىدا «ئۇنىڭ ئۇرۇقى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

ئىنسانلار باشلانغۇچ جەمئىيەت (ئانىلىق دەۋرى)تە بىرەر ھايۋان ياكى دەرەخنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ بىلىپ، ئۇلارنى نەسىل - ئۇرۇق ۋە قان سىستېمىسىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىلىسى قىلغان. تۆتېم دېگىنىمىز ئەنە شۇنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى چاغلاردا، ئىنسانلار ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كۈننىڭ چىقىشى پېتىشى، كۈننىڭ ۋە ئاينىڭ تۇتۇلۇشى، يۇلتۇزلارنىڭ ئېقىشى، كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى، بوران ۋە يامغۇر، مۆلدۈر ۋە قار، دەريا تاشقىنلىرى، يەر تەۋرەش، پەسىل ئالمىشىشلىرى قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالغان. ئۇلار تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن قورققان ۋە كېيىن ئۇلارغا چوقۇنۇشقا باشلىغان.

«توتېم» ئىپتىدائىي دىنى ئېتىقادلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى خىلمۇ خىل بولغان جايلاردا ياشىغان ئادەملەر، خىلمۇ خىل تۆتېملارغا ئېتىقاد قىلغان.

مەسىلەن: بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۆرىنى توتېم قىلغان بولسا، ھىندىلار كالىنى، خەنزۇلار بولسا ئەجدىھانى توتېم قىلغان. خەنزۇ خەلقى ئۆز تارىخىدا ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانىلەرنى ياراتقان. مانا شۇنداق ئەپسانە، رىۋايەتلەر ئىچىدە ئەجدىھانى توتېم قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرمۇ بار.

ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردا خۇاڭخېنىڭ سۈيى تېشىپ كېتىپ خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرگەن. خەنزۇلار خۇاڭخې دەرياسىنى تىزگىنلەپ، دېھقانچىلىقنى

(1) «ئۇلۇسال تارىخىمىزنىڭ ئانا خەتلىرى» ئۇيغۇرچە، 21 - بەت.

يولغا سېلىپ خاتىرجەمرەك ياشاشنى كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە خۇاڭخې دەرياسىنى تىزگىنلەشكە مۇناسىۋەتلىك ئەپسانىۋى تۇس ئالغان قەھرىمانلار پەيدا بولغان. بۇنداق قەھرىمانلارنى خەلق مەدھىيىلىگەن، ھەتتا ئۇلارنى ئۇلۇغلاپ تەڭرى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. شۇنداقلارنىڭ بىرى يۈ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۈ دەريا تاشقىنلىرىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، خۇاڭخې دەرياسى قىستىلىپ ئۆتىدىغان ئىككى تاغ ئارىسىنى كېڭەيتمەكچى بولىدۇ. ئۇ تىك تاغنى چېپىپ‍ئېتىپ، تاغ ئىچىدىكى بىر چوڭقۇر غارغا كىرىپ قالىدۇ. غارنىڭ ئىچىدە، ئۇ ئادەم باشلىق يىلان تەنلىك ئىلاھى مەخلۇقنى ئۇچرىتىدۇ. ئۇ ئىلاھى مەخلۇق يۈگە قاشتېشىدىن ياسالغان بىر تال گەز بېرىدۇ. يۈ ئۇ ئىلاھى مەخلۇقنى يۈشى دەپ ئاتاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەجدادى دەپ بىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ خەنزۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قەبىلىسى بولغان شىيالار يىلاننى توتېم قىلىشقا باشلىغان. خەنزۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ توتېمىنى بارا ـ بارا تەسەۋۋۇردا يوغىنىتىپ، تۆت پۇتلۇق ئەجدىھاغا ئايلاندۇرغان. بۇنىڭ بىلەن، كېيىنچە خەنزۇلارنىڭ توتېمى يىلان ئەمەس، بەلكى ئەجدىھا بولۇپ قالغان.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بولسا قەدىمكى چاغلاردا بۆرىنى توتېم قىلغان.

قەدىمكى تارىخى خاتىرىلەردە، غەربىي جۇ خانلىقى (مىلادىيىدىن 1066 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىيىدىن 771 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ خانى جوموۋاڭنىڭ ھونلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ بىرىدە ھونلاردىن ئىككى ئاق بۆرە، ئىككى بۇغا غەنىيمەت ئالغانلىقى ئېيتىلىدۇ. بۇ ۋەقە مىلادىيىدىن 1000 يىللار بۇرۇن بولغان.

1972 ـ يىلى قىشتا ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئوردوس ڧايلىقىدىكى ئاروست رايونىدىن ھونلار قەبرىستانلىقى تېپىلدى. بۇ قەبرىستانلىقتىن ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان ئىنتايىن قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى چىقتى.

ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان بۇ يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر ئالتۇن تاج بولۇپ، تاجنىڭ تۆپىسىگە پۈتۈن گەۋدىسى ئالتۇندىن ياسالغان قارچىغا قوندۇرۇلغان. قارچىغا ئالتۇن تاجنىڭ چېكىلىكىدىكى ئىككى جۈپ بۆرىنىڭ ئىككى جۈپ تېكىنى چىشلەۋاتقانلىقىغا نەزەر سېلىپ قانات قېقىپ ئۇچۇۋاتقاندەكلا قىياپەتتە ناھايىتى جانلىق كۆرۈنىدۇ.

جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى بۇ ئالتۇن تاجنى مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇنقى هونلار مەدەنىيىتىنىڭ يادىكارلىقلىرى دەپ هۆكۈم قىلدى.

بۇ ئالتۇن تاجدىكى تەسۋىر هونلارنىڭ بۆرىنى ناهايىتى ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ تاج هونلارنىڭ مىتالچىلىق دەۋرىگە مىلادىدىن 1000 يىللار بۇرۇنلا كىرىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا، ئۇيغۇر قاغانى ئوغۇزخاننىڭ غەربكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىگە بىر كۆك يايلىلىق بۆرىنىڭ يول باشلىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇزخان بىلەن ئادەمگە ئوخشاش سۆزلەشكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا دۈشمەندىن يېڭىلىپ، بىر تاغ قاپتىلىدا توسۇلۇپ قېلىپ، ئۇلار ماڭىدىغان يول تاپالماي پۈتۈنلەي هالاك بولۇش خەۋپى ئاستىدا قالىدۇ. ئۇلار شۇنداق قىيىن ئەهۋالدا قالغان پەيتتە، ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇيغۇر خانى بىر نەچچە كىشىگە بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىدۇ. بۆرە تاغنىڭ تۆۋىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن چوڭ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بارغانلار ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا بۆرىنىڭ قايتىپ چىقىشىنى كۈتۈپ بىر نەچچە كۈن پايلايدۇ. بۆرە قايتىپ چىقمايدۇ. پايلىغانلار ئۆڭكۈرگە كىرىپ ناهايىتى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىغا يەتكەندە، بىر ئۇچۇقچىلىقنى كۆرىدۇ. تۈيۈق بولمىغان ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىدىن ئۇچۇقچىلىققا چىققان بۇ كىشىلەر ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۈپسۈزۈك سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، تورلۇك قۇشلار سايراپ تۇرغان، بۇغا ـ ماراللار قىيغىتىپ سەكرىشىپ ئويناپ تۇرغان ياپېشىل بىر يايلاقنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كېتىدۇ، ئۇلار دەرھال ئۆڭكۈر ئىچى بىلەن ئارقىغا يېنىپ ئوغۇزخاننىڭ ئالدىغا بارىدۇ ۋەئەهۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان ۋە خۇشاللانغان ئۇيغۇرلار بۆرە ماڭغان ئۆڭكۈر ئارقىلىق مېڭىپ ئەركىن ۋە كەڭتاشا دۇنيا بولغان يايلاققا چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار هالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس هايۋان دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشقا باشلايدۇ.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي يىلنامىلىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقىغا دائىر بىر قانچە رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. بىز مانا شۇنداق رىۋايەتلەردىن يەنە بىرقانچىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

«قەدىمكى چاغدا ھون تەڭرىقۇتىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىككى قىزى بار بولغان. بۇ قىزلار شۇنچىلىك چىرايلىق بولغانىكەنكى، تەڭرىقۇت ئۇلارنى ئىنسان باللىرىغا ياتلىق قىلسام زايە كېتىدۇ، دەپ ھېسابلاپ، تەڭرىلەرگە ياتلىق قىلماقچى بولغان. تەڭرىقۇت قىزلىرىنى ئىنسانلاردىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھونلار دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى ئىنسان قەدىمى تەگمىگەن بىر جايغا ئېگىز بىر قورغان سالدۇرۇپ، قىزلىرىنى شۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. قىزلارنىڭ ئانىسى قىزلىرىنى كۆرۈش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەنىكەن، تەڭرىقۇت: ‹ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. قىزلار ئىنسانلار بىلەن ئالاقە قىلسا زادى بولمايدۇ› دەپ ئۇنىماپتۇ. كېيىن، قورغاننىڭ تۈۋىدە بىر ئەركەك بۆرە پەيدا بوپتۇ. بۆرە قورغان تېمىنىڭ تۈۋىنى كولاپ شۇ يەرنى ماكانلاپ يېتىپتۇ. قىزلارنىڭ كىچىكى قورغاندىن چىقىپ بۆرىگە تەگمەكچى بولغانىكەن، ئاچىسى، بۆرە ھايۋان تۇرسا، ئۇنىڭغا تەگسەڭ قانداق بولىدۇ؟ بۇ قىلىقىڭ ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ شەنىگە ھاقارەت بولمامدۇ؟ دەپتۇ. سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ گېپىگە ئۇنىماي، بۇ بۆرە ئەمەس، بەلكى بۆرە قىياپىتىدە كەلگەن تەڭرى. مەن ئۇنىڭغا تېگىمەن، دەپ، قورغاندىن پەسكە چۈشۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھون تەڭرىقۇتىنىڭ كىچىك قىزى بۆرە بىلەن قوشۇلۇپتۇ. بۆرىدىن باللار تۇغۇلۇپتۇ، ئۇلار كېيىن بارا ـ بارا كۆپىيىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنچە ئېگىز ھارۋىلىقلار ‹ئۇيغۇرلار› دەپ نام ئاپتۇ. ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق پەيدا بولغانىكەن.»[1] شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا بىر رىۋايەتتە، ھون تەڭرىقۇتىنىڭ ئىككى قىزىنىڭ تەڭرى قىياپىتىدە كەلگەن ئىككى بۆرىگە تېگىپ، ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ناملىق باللارنى تۇغقانلىقى ئېيتىلىدۇ.

يەنە باشقا مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ بار:

«تۈركلەر ھونلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى، ئۇلارنىڭ فامىلىسى ئاسىنا بولۇپ، ئالاھىدە بىر قەبىلە ئىدى. تۈركلەر بىر زامانلاردا قوشنا ئەل بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن. پەقەت ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالىلا ئامان قالغان. غالىپ ئەلنىڭ لەشكەرلىرى بالىنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەي، پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ تۇرغان بىر سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويغانىكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، بالىنىڭ يېنىغا بىر ئۇرغاچى بۆرە كەلگەن. شۇنىڭدىن

(1) «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى. ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە».

باشلاپ، بۆرە بالىنى گۆش ئەكىلىپ بېرىپ باققان ۋە بالىغا يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭدىن قورساق كۆتۈرۈپ قالغان. ھېلىقى غالىپ ئەلنىڭ خانى تۈركلەر نەسلىدىن بولغان بىر بالىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، سازلىقتا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى ئاخىر ئۆلتۈرگۈزىۋەتكەن. بالىنى ئۆلتۈرگەنلەر بىر ئۇرغاچى بۆرىنىڭ چەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، بۆرە تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى تاغقا قاراپ قېچىپ كەتكەن. بۇ تاغدا ياپيېشىل ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان بىر جىلغا بار ئىدى. بۇ جىلغىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن بىر نەچچە يۈز چاقىرىم يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. جىلغىنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۆرە شۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغان. بۆرە شۇ جىلغىدا ئون ئوغۇل تۇغقان. ئوغۇللار چوڭ بولۇپ، تاشقىرى بىلەن ئالاقە قىلغان، ئۆيلىنىپ ئۆي - ئوچاقلىق بولغان. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھامىلىدار بولۇپ بالىلار تۇغۇلغان. ھەر بىر بالىنىڭ ئايرىم پامىلىسى بولغان. ئۇنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ پامىلىسى ئاسىنا ئىدى. مانا شۇ پامىلىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ئاۋۇپ تەدرىجىي ھالدا بىر نەچچە يۈز ئائىلىگە يەتكەن. بىر نەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار جىلغىدىن چىققان ۋە ئاۋارلارغا بېقىندى بولۇپ قالغان. ئۇلار ئالتاي تاغلىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇراقلىشىپ، ئاۋارلار ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك قىلىشقا باشلىغان.»[1]

يەنە مۇنداق بىر رىۋايەتمۇ بار: «تۈركلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى سۇ (ساك؟) دەپ ئاتالغان ئەلدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئەل ھونلارنىڭ شىمالىدا. تۈرك قەبىلە بېگىنىڭ نامى ئاپا بەگ ئىدى. ئۇلار ئاكا - ئۇكا 17 بىر تۇغقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ نامى ئېبل نىساتۇر بولۇپ بۆرىدىن تۇغۇلغانمىش، ئاپا بەگ قاتارلىقلارنىڭ مىجەزى غەلىتە بولۇپ، بەكمۇ دۆت ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئېلى ھالاك بوپتۇ. ئېبل نىساتۇر ناھايىتى سەگەك بولۇپ، ئەقىللىق ئىكەن. ئۇ شامال چىقىرالايدىكەن. يامغۇر ياغدۇرالايدىكەن. ئۇ ئىككى قىزغا ئۆيلەنگەنىكەن. بۇ قىزلارنىڭ بىرى ياز ئىلاھىنىڭ قىزى، يەنە بىرى قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىكەن. بۇنىڭ ئىككىلا ئايالى ھامىلىدار بولۇپ تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ ئوغۇللارنىڭ بىرى ئاق ھاڭغۇتقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئوغۇللارنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئېلى ئاباقان دەرياسى بىلەن قاما دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇلار قىرغىز دەپ ئاتىلىپتۇ. يەنە بىر ئوغلىنىڭ ئېلى رىزياگىل دەرياسىنىڭ بويىغا جايلىشىپتۇ. يەنە ئوغۇلنىڭ ئېلى شەنجۇجى

(1) «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

تېغىدا ياشايدىكەن. ئۇ تۆت ئوغۇلنىڭ تۇنجىسى ئىكەن. مانا شۇ تاغدا ئاپا بەگنىڭ ئەۋلادلىرى بار ئىكەن. ئەل ئوچۇقچىلىقتا مۇزلاپ قېيىنىلىپ قالغاندا، بۇ تۇنجى ئوغۇل ئوت چىقىرىپ، ئۇلارنى ئىسسىندۇرۇپ ئامان ساقلاپ قاپتۇ. ئۇلار بۇ تۇنجى ئوغۇلنى ھۆرمەتلەپ ئۆزلىرىگە خان قىلىپ سايلاپ، ئۇنىڭغا تۈرك دەپ نام بېرىپتۇ.»[1]

ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ تولىراقى جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخ يىلنامىلىرىدە خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭغا ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى تۇرانلار بىلەن خەنزۇلار زېمىن جەھەتتە بىر ـ بىرىگە قوشنا بولۇپ ياشىغان. جۇڭگودا ئۆتكەن خانلىقلارنىڭ ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى ھەر يىلى دېگۈدەك ھونلار، ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئەللىرىگە بېرىپ تۇرغان بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالى ۋە رىۋايەتلىرى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ئۇ ئەلچىلەر ۋە سودىگەرلەر بۇ قوشنا ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۆز خانلىقلىرىغا مەلۇمات يوللاپ تۇرغان.

يۇقىرىقى رىۋايەتلەر ئازراقلا پەرقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە بۆرە ئاتا سۈپىتىدە تەسۋىرلەنسە، تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە بۆرە ئانا سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ رىۋايەتلەر بىر ـ بىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان.

يۇقىرىدىكى رىۋايەتلەردە ئەجدادلىرىمىز بۆرىنى بىر ياۋايى ھايۋان تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى بۆرە قىياپىتىدە ئايان بولغان تەڭرى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىلاھىيلاشتۇرغان. بۇ رىۋايەتلەر ھون، ئۇيغۇر، تۈرك خەلقلىرى باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئانىلىق ۋە ئاتىلىق باسقۇچىدا ياشىغان دەۋرگە مەنسۇپ. تۈركلەرنىڭ ئاسىنا دېگەن بىر ئانا نامىنى ئۆز قەبىلىسىگە فامىلە قىلغانلىقى شۇنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرغان دەۋرىدە، تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاغانلىقلىرىنىڭ دۆلەت بايرىقى تۆت چاسا كۆك شايىدىن قىلىنىپ، بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن، بۆرىنىڭ بېشى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ. تۈركلەر، ئۇيغۇرلار قاغان ئوردىسىنى ساقلايدىغان قاراۋۇللارنىمۇ «بۆرە» دەپ ئاتىغان.

(1) «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

دېمەك يۇقىرىدىكىلەردىن مەلۇمكى، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۆرىنى قۇتقۇلدۇرغۇچى ئىلاھ (ئوغۇزنامىدە، ئۇيغۇر رىۋايىتىدە) ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھى بوۋىسى (ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى «ئېگىز هارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» دە)، ئىلاھى ئانىسى (جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە) دەپ بىلگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەجدادلىرىمىز بۆرىنى تۇتېم قىلغان. بۆرە تۇتېمىدا ۋە بۆرە ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە ھونلار، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر، قىرغىزلارنىڭ قان قېرىنداشلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.

## تارىخى يازما يادىكارلىقلار

ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا، جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا ئالاھىدە تارىخى ۋە ئىلمى قىممەتكە ئىگە مەلۇماتلار بار.

VI ئەسىردە ياشىغان جۇڭگو تارىخچىسى ۋېي شۇ بۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئېگىز هارۋىلىقلار (شەرقىي ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى) قەدىمكى چاغدىكى قىزىل تۇرالارنىڭ نەسلىدىن ئىدى. باشتا ئۇلار تۇرالار دەپ ئاتالغان. شىماللىقلار (شىمالى سۇلالىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئۇلارنى ئېگىز هارۋىلىق تۇرالار دەپ ئاتاشقان. ئۇلارنىڭ تىلى ھونلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بەزىدە ئازراق پەرقىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ھونلارنىڭ جىيەنى ئىدى.»[1]

قەدىمكى چاغلاردا شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشىغان جايلارنىڭ ئالاھىدە بولغان جۇغراپىيە شارائىتى (يايلاق، دالا، چۆل، قۇملۇق ئىكەنلىكى) نى ھېسابقا ئېلىپ، ئېگىز چاقلىق هارۋىلارنى ئىشلەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، VI ئەسىردە ئۆتكەن جۇڭگو تارىخچىلىرى ئۇلارنى ئېگىز هارۋىلىق تۇرالار دەپ يېزىشقان.

مىلادىنىڭ 90 ـ يىللىرى، ئۇزۇن ئارا داۋام قىلغان ئىچكى ئۇرۇشلار، دۈشمەن ئەللەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىلغان ھۇجۇملىرى نەتىجىسىدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان شىمالى ھونلار (غەربىي ھونلار) نىڭ خېلى كۆپ قىسمى ھازىرقى موڭغۇل دالاسىدىن غەربكە يۈزلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچتى. ئۇلار مىلادىنىڭ 90 ـ يىلىدىن 150 ـ يىللىرىغىچە باركۆلدىن تارتىپ بالقاش كۆلىگىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە پائالىيەت ئېلىپ باردى. كېيىن

(1) ۋېي شۇ «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى. ئېگىز هارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە».

ئۇلار سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 150 ـ يىلىدىن 335 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ ئىمپېراتورى تانشىقۇينىڭ ۋاقتىدا (148 181) غەربىي ئاسىيا تەرەپكە كۆچۈپ كەتتى. ئۇلار ئېھتىمال سىيانپىلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان بولسا كېرەك. ئۇلار مىلادىنىڭ 150 ـ يىلى غەربىي ئاسىيا تەرەپكە قاراپ كۆچۈپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كۆچمەي، ھازىرقى تېكەس، كۆنەس دالىلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. مانا شۇ كۆچمىگەن ھونلار ئۇ يەرلەردە بىر دۆلەت قۇردى. بۇ دۆلەت مىلادىنىڭ II ئەسىردىن تارتىپ IV ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ھۆكۈم سۈردى. بۇ دۆلەت تارىختا سابىرلار (سىۋارلار) دۆلىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

X ئەسىردە ياشىغان جۇڭگو تارىخچىسى لىيەن شۇ مانا شۇ سابىرلار دۆلىتى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سابىرلار دۆلىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ئېگىز ھارۋىلىقلار بىلەن ئوخشاش.»[1]

X ئەسىردە ياشىغان جۇڭگو تارىخچىسى لىيۇ جۈن مۇنداق دەپ يازغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ھونلارنىڭ ئەۋلادى. كېيىن ۋېي سۇلالىسى زامانىسىغا كەلگەندە (مىلادىنىڭ 386 ـ يىلىدىن 534 ـ يىلىغىچە) ئۇلار تۇرا قەبىلىسى دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ بوي تۇرقى ئانچە ئېگىز ئەمەس، ئەمما ناھايىتى كۈچلۈك ۋە قەيسەر. ئۇلار ئېگىز چاقلىق ھارۋىلار بىلەن يۈرىدۇ. تۇركلەرگە بېقىنىدۇ، كېيىنكە كېلىپ ئۇلار تۇرالار، دەپ ئاتالدى.»[2]

XI ئەسىردە ياشىغان جۇڭگو تارىخچىسى ئوۋياڭ شيۇ مۇنداق دەپ يازغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ھونلار ئىدى. ئۇلار كۆپىنچە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا چۈشۈپ يۈرۈشىدۇ. يەن ۋېي زامانىسىغا كەلگەندە (مىلادىنىڭ 386 ـ يىلىدىن 534 ـ يىلىغىچە) ئېگىز ھارۋىلىقلار دەپ ئاتالدى ياكى چېلى (敕勒)، تۇرالار دەپ ئاتالدى.»[3]

جۇڭگونىڭ VII ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسەتچىسى ۋە تارىخچىسى ۋېي جېڭ (مىلادىنىڭ 580 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 643 ـ يىلى ئۆلگەن) تۇرالارنىڭ VI ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۇرالارنىڭ ئەجدادلىرى ھونلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ،

(1) لىيەن شۇ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەرب ئەللىرى ھەققىدە قىسسە».
(2) لىيۇجۈن «كونا تاڭ يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
(3) ئوۋياڭ شيۇ «يېڭى تاڭ يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

ئۇرۇق ئايماقلىرى بەكمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار غەربىي دېڭىز(كاسپىي دېڭىزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.) نىڭ شەرقىدىن تارتىپ تاغ جىلغىلىرىنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان.»[1] مانا شۇ تۇرالار بايقال كۆلىدىن تارتىپ غەربتە قارا دېڭىزنىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلاردا ياشىغان.

مىلادىنىڭ 735 - يىلى ئېلتېرىش قۇتلۇق قاغانلىقى (كېيىنكى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى) نىڭ قاغانى بىلگە قاغان (مىلادىنىڭ 716 - يىلىدىن 734 - يىلىغىچە قاغان بولغان) نىڭ ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىغا قويۇلغان مەرمەر تاشتىن ئىشلەنگەن ئابىدىسىگە مۇنداق دەپ يېزىلغان: «توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ ئۆز خەلقىم ئىدى. جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋە ئىچىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە دۈشمەن بولدى.»[2] بۇ يادىكارلىقتا ئېيتىلغان توققۇز ئوغۇزلار دەل شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە شەرقىي ئۇيغۇرلار ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتالغان ئىككى تارماقتىن ئىبارەت بولغان.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن بىر قاتار تارىخى يازما مەلۇماتلار ئۇيغۇرلار هونلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئېتنىك جەھەتتىن بىر مەنبەلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار

چەت ئەل ۋە جۇڭگو ئارخېئولوگلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، ئالتاي تاغلىرىدىن، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىن، شۇنىڭدەك شىئەن ئەتراپلىرىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر قىسىم جەسەتلىرى ۋە باشقا يادىكارلىقلار تېپىلدى. هونلار ۋە تۈركلەرنىڭ ئالتاي پازىرىقتىن تېپىلغان جەسەتلىرىنىڭ ۋاقتى مىلادىدىن بۇرۇنقى چاغلارغا مەنسۇپ بولۇپ، ناهايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئالتاي پازىرىقتىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان جەسەتلەرگە قارىغاندا، هونلار، تۈركلەر ناهايىتى ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل، ئۇستىخانلىق ئادەملەردىن بولۇپ، بۇرنى قاڭشارلىق، يۈزلىرى ئاق - سۈزۈك ئىكەن.

هونلار، تۈركلەر بۇ جەسەتلەرنى ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئېگىز سالقىن جايلىرىغا دەپنە قىلغان. ئۇلار، تاغنىڭ ئېگىز سالقىن جايلىرىدىن قاتتىق تاشلىق بىر يەر جاينى تېپىپ، تەبىئىي تاش تاملىق، خوددى سارايغا ئوخشىشىدىغان گۆرلەرنى

---

(1) ۋېي جىك «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى. تۇرالار ھەققىدە قىسسە».
(2) «قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ شەرق يۈزى 29 - 30 - قۇرغىچە.

ياسىغان. گۆرنىڭ تاش ـ تاملىرىنى سېلىقلاپ، بۇ تاملارنى رەندىلەنگەن ياغاچلار بىلەن قاپلىغان، ئاندىن جەسەتنى ياغاچ تاۋۇتقا سېلىپ، گۆرگە قويغان، گۆرلەر بىر نەچچە خانىدىن ئىبارەت بولغان، يازكۈنلىرى چوقىلاردىكى قار- مۇزلار ئېرىگەندە سىرغىپ چۈشكەن سۇلار كىرىپ كەتمىسۇن دەپ، گۆرنىڭ ئېغىزى ناھايىتى پۇختا بېكىتىلگەن. مانا شۇنداق جايلاردىكى قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەر، قىشۇ ـ يازسالقىن بىر ھاۋا ئىچىدە تۇرغان، شۇنىڭ ئۈچۈن جەسەتلەر ئەينى قىياپىتى (ھەتتا رەڭگىنىمۇ) نى ئاساسەن ساقلاپ قالغان.

ھونلارنىڭ ئېگىز بويى، قاۋۇل ئادەملەردىن بولغانلىقىنى جۇڭگو تارىخىدىكى قەدىمكى مەلۇماتلارمۇ ئىسپاتلايدۇ.

مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن جۇڭگو بىلەن ھونلار ئارىسىدا بولغان بىر ئۇرۇشتا (ئۇرۇش ھازىرقى گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدا بولغان) ھونلار مەغلۇپ بولغان، شۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ھون شاھزادىلىرىدىن بىرى خەن سۇلالىسىنىڭ (مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 220 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) پادىشاھى خەن ۋۇدى (مىلادىدىن 140 بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 87 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە پادىشاھ بولغان) نىڭ ئوردىسىغا كەلتۈرۈلگەن. خەن ۋۇدى ھون شاھزادىسىگە جىڭ مىدى دەپ ئات قويغان ۋە ئۇنى جەڭ ئاتلىرىنى ئۆستۈرۈش ئىشىغا مەسئۇل ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلىگەن. مانا شۇ ھون شاھزادىسى جىڭ مىدىنىڭ بويى 8 چى ئىككى سوڭ كېلىدىكەن. بۇنى ھازىرقى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمىدىكى مېتىرغا سۇندۇرغاندا (قەدىمكى بىر چى، ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە 26 سانتىمىر كېلىدۇ) تەخمىنەن ئىككى مېتىر ئون سانتىمېتىر بولىدۇ[1]. بۇ بوي ئېگىزلىكى ئالتاي تاغلىرىدىكى ھون قەبرىلىرىدىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ بوي ئېگىزلىكىگە ماس كېلىدۇ. دېمەك، ھونلار ناھايىتى ئېگىز بويى، قاۋۇل ئادەملەر بولغان.

مىلادىنىڭ VI ئەسىردە ياشىغان شەرقى رىم تارىخچىسى فروكوپى ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىدە ياشىغان ھونلارنى چىرايىنىڭ ئاقلىقىغا قاراپ، «ئاق ھونلار» دەپ ئاتىغانىدى.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن 1955 ـ 1957 ـ يىللىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ھازىرقى شىئەن شەھىرى ئەتراپىدىكى

(1) بەنگۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. جىڭ مىدى ھەققىدە قىسسە».

شاڭلىڭفەن دېگەن جايدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت ئالاھىدە بىر قەبرە تېپىلغان. ئۇنىڭغا 140 ـ نومۇرلۇق قەبرە دەپ نام قويۇلدى. بۇ قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئۆلۈك بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك نەرسىلەر ئىچىدىن ئىككى پارچە تۆت چاسا مىس تاختاي چىققان. مىس تاختايغا ئىككى ئادەم بىلەن ئىككى ئاتنىڭ سۈرىتى نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈلگەن. تەسۋىردە ئىككى ئادەم بىر ـ بىرىنىڭ بېلى ھەم پاقالچىقىدىن تۇتۇشۇپ، چېلىشىۋاتقان قىياپەتتە تۇرىدۇ، ئۇلار قاڭشارلىق، ياپما چاچ بولۇپ، پاقالچاقلىرى ئورالغان ئىشتان كىيىشكەن. جۇڭگونىڭ ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى بۇ تەسۋىردىكى كىشىلەرنى ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى ياكى ئەلچىلەرنىڭ ھەمراھلىرى دەپ بېكىتكەن. بۇ يادىكارلىق ھونلارنىڭ چاچ قويۇش شەكلى، كىيىنىشلىرى، چىراي ـ قىياپىتى ۋە چېلىشىش ئادەتلىرىنى بىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

1972 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپان ناھىيىسىدىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن V ئەسىردىكى تۇرپان ۋالىيسى، ھون شاھزادىسى قۇتقۇ پانتاينىڭ قەبرىسىنى تاپتى.

قۇتقۇ پانتاي بۇ قەبرىگە مىلادىنىڭ 445 ـ يىلى دەپنە قىلىنغان. قەبرىدىن يەنە لايدىن ياسالغان تۆت دانە بۇت تېپىلغان. بۇ بۇتلار پىچاق بىلەن قىرىپ ياسالغان بولۇپ، ئاددىي، لېكىن كۆرۈنۈشى جانلىق. بۇ بۇتلار يۈزلىرى سوزۇنچاق، قاڭشارلىق ۋە ياپما چاچ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن[1]. بۇ بۇتلارنى ياسىغانلار بۇتلارنىڭ تەسۋىرىگە ئۆز قىياپەتلىرىنى سىڭدۈرگەن. براكسىفال تىپىغا كىرىدىغان ئەجدادلىرىمىز يۇقىرىقى تەسۋىرلەردىكىدەك سوزۇنچاق يۈز، ياخما باش، قاڭشارلىق، ياپما چاچ بولغان.

تارىختىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇم بولغانىدەك، قۇتقۇ پانتاي گەنسۇ (كەنسۇ) دا قۇرۇلغان ھون خانلىقى (مىلادىنىڭ 397 ـ يىلىدىن 460 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ مەشھۇر خانى قۇتقۇ مۇنسۇنىڭ ئوغلى ئىدى. قۇتقۇ مۇنسۇ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان چاغلاردا (400 ـ 432) كەڭسۇدىكى ھون خانلىقى تازا كۈچەيگەن بولۇپ، تېررىتورىيىسى دائىرىسىگە كەڭسۇنىڭ غېربىي كارىدورى، كۆكنۇر (چىڭخەي) نىڭ بىر قىسمى، شىنجاڭنىڭ شەرقى جەنۇبى

(1) 1977 ـ يىل 2 ـ ئايدا خەلق نەشرىياتى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلغان «شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدىكى ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتابنىڭ 47 ـ بېتىگە قاراڭ.

قىسمى (تۇرپانمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) مۇ كىرگەنىدى. قۇتقۇ مۇنسۇ ئوغلى قۇتقۇ پانتاينى تۇرپانغا ۋالى قىلىپ تەيىنلىگەن.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلاردىن تاشقىرى يەنە لوپنۇردىن تېپىلغان ئايال جەسىتى (هازىرقى كۈندىن 6400 يىل بۇرۇن دەپنە قىلىنغان) ۋە قۇمۇلدىن تېپىلغان ئايال جەسىتى (هازىرقى كۈندىن 3600 يىل بۇرۇن دەپنە قىلىنغان) نىڭ قىياپەتلىرى (قاڭشارلىق، سېرىق - قىزغۇچ چاچلىق) بىلەن موڭغۇلىيىدە ياشىغان شەرقىي ئۇيغۇرلار ۋە يەنسەي بويىدا ياشىغان قىرغىزلارنىڭ قىياپەتلىرى ئاساسەن ئوخشاش. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايى ئاق - سۆزۈك، بۇرنى قاڭشارلىق، چېچى قىزغۇچ رەڭدە بولغان. يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ قىياپىتىمۇ ئۇيغۇرلاردىن پەرقلىق بولمىغان[1].

VIII ئەسىردە ياشىغان جۇڭگو شائىرى لى رۇۋەن بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى:

لىياڭجۇنىڭ ئۇيغۇرلىرى قايناپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ،
ئىلمەك بۇرۇن، ئۆڭى ئاپئاق قاشتېشىغا ئوخشايدۇ.

## مۇزىكا ۋە قىيا تاش رەسىملىرى

جۇڭگونىڭ رۇياشىيوك ۋە جاڭ رۇي نامىلىق ئىككى مۇزىكشۇناسى، گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ناخشا ئاھاڭلىرى بىلەن ۋېنگىرىيىنىڭ خەلق ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ ئوپئوخشاشلىقىنى بايقاپ، شۇ مەسىلە توغرىسىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپلىگەن ئىلمى ماقالىلەرنى يازدى. بۇنىڭ ئىچىدە رۇياشىيوڭنىڭ ئىلمى ماقالىسى جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇزىكشۇناسلارنىڭ ئالاهىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى.

رۇياشىيوك جۇڭگودىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە مۇزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، جاڭ رۇي ۋېنگىرىيەدە ئوقۇغان. بۇ ئىككى مۇزىكشۇناس گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ خەلق ناخشا ئاھاڭلىرىنى تەكشۈرگەندە، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ناخشا ئاھاڭلىرى بىلەن ۋېنگىرىيە

(1) ئۇياڭ شۇ «يېڭى تاڭ يىلنامىسى. قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە».

خەلق ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ ئوپئوخشاشلىقىنى ئېنىق بايقىغان. ئۇلار، بۇ خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرىنى سېلىشتۇردى ۋە ئۇلارنى تارىخ، ئېتنولوگىيە، تىلشۇناسلىق جەھەتلەردىنمۇ ئىلمى يوسۇندا مۇھاكىمە قىلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تۇرالار بولۇپ، ئۇلار بۇرۇن هونلار بىلەن بىر زېمىندا ياشىغان بىر خەلق بولغان. ئۇلارنىڭ تىلى ئوخشاشلا ئالتاي تىلى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدىكەن. هونلارنىڭ بىر قىسمى مىلادىنىڭ I ئەسىردە ياۋروپاغا كۆچكەن. ھازىرقى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولسا IV ئەسىردە خېشى كارىدورى ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. سېرىق ئۇيغۇرلار تۇرالارنىڭ خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان. هونلارنىڭ مۇزىكىلىرى غەربكە كۆچكەن هونلار تەرەپتىن ۋېنگرىيەگە ئاپىرىلىپ ساقلاپ قېلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ۋېنگرىيىدىن شەرققە قاراپ قارا دېڭىز بويلىرىنى بويلاپ تاكى كاسپىي دېڭىزى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ ھازىرقى سېرىق ئۇيغۇرلار ماكانلىشىپ بولغان كەڭ ھەم ئۇزۇنغا سوزۇلغان رايون «بەش ئاۋازلىق كۆي سىستېمىسى رايونى» بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ «كۆي سىستېمىسى رايونى» نىڭ شەرقى ۋە غەربىتىكى خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشى تاسادىپىي بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى بىر بولغانلىقتىن بولغان[1].

«روياشيوڭ بىلەن جاڭ رۇينىڭ ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قارشى ۋېنگرىيە، ئامېرىكا، كانادا، ئارگېنتىنا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى تەرىپىدىن يۇقىرى باھاغا ئىگە بولدى، ئۇلار بۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىنى قايتىدىن تونۇشتىكى زور ئىش دەپ قاراشتى.»[2]

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى جايلاردا بىرنەچچە قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىپ ھېلىغىچە مەلۇم بولمىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپتى.

بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى ۋە ئالتۇنتاغ تىزمىلىرى ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان مۆلچەر دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇپ ئىشلەنگەن تۈركۈم - تۈركۈم قىيا تاش رەسىملىرى ئالاھىدە

(1) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1985 - يىلى 4 - سان 104 - 103 - بەتلەردە.
(2) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1985 - يىلى 4 - سان 104 - بەت.

قىممەتكە ئىگە. بۇ قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە، ھايۋانلار (ئات، تۆگە، بۇغا، تاغ تېكىسى، غۇلجا، ئارقار، ياۋا قوتاز، ياۋا كالا، جەرەن، كېيىك، بۆكەن، ئېيىق، ئىت، تۈلكە قاتارلىقلار)، ئادەم، قۇيرۇقلۇق ئادەم، نىقابلانغان ئادەم، ئۇسسۇلچى، ئوۋچى قاتارلىقلار)، ئوۋچىلىققا دائىر رەسىملەر، جەڭ تەسۋىرى (قەدىمكى چاغدىكى قەبىلىلەر ئارا بولغان جەڭلەر) قاتارلىق رەسىملەر بار. مانا شۇ قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ خىللىرى ۋە مەزمۇنىدىن، قەدىمكى چاغلاردا تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى ھاياتىنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس.

مۆلچەر دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇپ ئىشلەنگەن قىيا تاش رەسىملىرىدە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان بىر قانچە نۇقتا بار. ئۇنىڭ بىرى كىشىلەرنىڭ ئوۋچىلىق ھاياتىغا دائىر رەسىملەر. بۇنداق رەسىملەردە قۇيرۇقلۇق ئادەم، نىقابلانغان ئادەملەر كۆزگە چېلىقىدۇ. قەدىمكى چاغلاردا تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغاندىن تاشقىرى ئوۋچىلىق كەسپىنىمۇ ئۆز ھاياتىدىكى مەشغۇلاتلىرىنىڭ بىرى قىلغانىدى. رەسىمدىكى قۇيرۇقلۇق ئادەم بىلەن نىقابلانغان ئادەملەر ئوۋچىلارنىڭ ئوۋغا چىققاندا، ياۋايى ھايۋانلارنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ھايۋان قۇيرۇقلىرىنى بېكىتىۋالغانلىقىنى ئادەم قىياپىتىنى يوشۇرۇپ، ھايۋانلار تۈسىدە نىقابلانغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق ياۋايى ھايۋانلارنى بىخۇدلاشتۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى چاغلاردا، ئەجدادلىرىمىز ئوۋچىلىقتا ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللانغان. ئۇلار بەزىدە ياۋايى ھايۋانلارنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئوۋلىغان بولسا، بەزىدە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىرلىشىپ ياۋايى ھايۋانلارنى قورشاۋ چەمبىرىكى ئىچىگە ئېلىپ تۇرۇپ تۇتۇش ئارقىلىق ئوۋلىغان. يەككە ئوۋلاشمۇ بولغان، ئۆملىشىپ تۇرۇپ بىللە ئوۋلاشمۇ بولغان. ھايۋان قىياپىتىدە ياسانغان (قۇيرۇق بېكىتىلگەن، مۈڭگۈزلۈك نىقاب كىيگەن، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى يېپىنچا قىلىۋالغان) ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشاش ئاۋاز چىقارغان (ياۋا بوقىدەك ئازنىغان، ياۋا تۆگىدەك بوزلىغان، ياۋا قۇشلاردەك سايرىغان....) بۇنىڭدىن باشقا، گۆشخور يىرتقۇچ قۇشلار (بۈركۈت، شۇڭقار، قارچىغا، قورغۇي قاتارلىقلار) قولغا ئۆگىتىپ، ئۇلار ئارقىلىق كېيىك، جەرەن، قىرغاۋۇل، كەپتەر، كەكلىك قاتارلىقلارنى ئوۋلىغان. قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئىت ئوۋ ئىتى بولسا كېرەك.

قىيا تاش رەسىملىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك ئۇسسۇل ئويناۋاتقان

كىشىلەرنىڭ شوخ، خۇشال قىياپىتى. باشلانغۇچ جەمئىيەتتە ياشىغان كىشىلەر بىرەر خۇشاللىققا چۆمگەن چاغلاردا، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئاچقان. ئۇلار، ئاساسەن، ئوۋلىرىدىن غەلىبىلىك قايتقانلىرىدا، قەبىلىلەر ئارا بولغان ئۇرۇشلاردا ئۇتۇپ چىققانلىرىدا، ئىپتىدائىي شەكىلدىكى توي خۇشاللىقىغا چۆمگەندە ئۇسسۇل ئويناشقان.

قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە قەبىلىلەر ئارا بولغان جەڭلەرنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىملەرمۇ بار. قەدىمكى چاغلاردا، تىلى، ئۆرپ- ئادەتلىرى، قان سىستېمىسى بىر- بىرىگە ئوخشاشمايدىغان قەبىلىلەر، يايلاق تالىشىپ ئۇرۇشقاندىن تاشقىرى، تىلى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە قان سىستېمىسى بىر - بىرىگە ئوخشىشىدىغان قەبىلىلەرمۇ ئوت - چۆپ، سۇيى مول يايلاقلارنى تالىشىپ ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى قېرىنداش قەبىلىلەر ئارىسىدا بولغان جەڭلەرنى تەسۋىرلەيدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرى، قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسىدىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى - شەرقىي ئېتەكلىرى، ئالتاي تاغلىرى، چوغاي تاغلىرى (ئىچكى موڭغۇلدا)، خاڭگەي تاغلىرى (موڭغۇلىيەدە) ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرى مەيلى ئۇسلۇب جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن بولسۇن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، چۈنكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جايلاردا، قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپلا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ياشىغان.

قىيا تاش رەسىملىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى ھاياتىنى چۈشىنىشتە، ئېتنىك كېلىپ چىقىشىنى ئېنىقلاشتا، قەدىمكى چاغدىكى مەدەنىيەت ئەھۋالىنى مۆلچەرلەشتە ناھايىتى يۇقىرى تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

مۆلچەر تاغ دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىگە قاراپ ھۆكۈم قىلغاندا، ئەجدادلىرىمىز باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقى باسقۇچىدا ياشاۋاتقان چاغلىرىدا، قەدىمكى زامان سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولغان قىيا تاش رەسىملىرىنى ئىجاد قىلغان ۋە ئۇنى مەلۇم يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن. بۇ قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئويۇلغان ۋاقتى ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بۇنىڭدىن 8000 يىل بۇرۇنقى زامانغا توغرا كېلىدۇ. بۇ رەسىملەردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل قابىلىيىتىنىڭ ۋە ئېستېتىك زوقىنىڭ شۇ زامانلاردا خېلى دەرىجىدە ئۆسكەنلىكىنى

بىلمۇۋالالايمىز. بۇ قىيا تاش رەسىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چاغلاردا جەنۇبىي سىبىرىيە دالالىرى، سېلىنگا، ئورخۇن، قۇرۇلۇن ۋادىلىرى، ئوردوس يايلاقلىرى، چوغاي تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى ۋە مەركىزى ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشىغان خەلقلەر (تۇرالار، ھونلار، ساكلار، تۈركلەر) بىلەن ئېتنىك جەھەتتىن بىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

تۇرالار، ھونلار، ساكلار، تۈركلەر ياراتقان مەدەنىيەت تۈپ جەھەتتىن ئېيتقاندا بىر خىل مىللىي مەدەنىيەت بولۇپ، بۇنى ھازىرقى ئىلىم دۇنياسى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلدى.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، موڭغۇل نەسىللىك خەلقلەردىن سىيانپىلار، ئاۋارلار قىتانلار (مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ VI ئەسىرگىچە) بىلەن، XIII ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە بولسا موڭغۇللار بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئارىلىشىپ ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلدى. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئاق تەنلىك ئەجدادلىرىغا خاس بولغان خۇسۇسىيەتلەر (قاڭشارلىق، چوڭقۇر كۆزلۈك، قىزغۇچ چاچلىق قاتارلىق ئالامەتلىرى) نى ئاساسەن ساقلاپ قالدى.

قان سىستېمىسى ۋە تىل، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولغان ھونلار، تۇرالار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، قاڭلىلار، ساكلار، تۈركلەرنىڭ شەرقتە موڭغۇل نەسىللىك خەلقلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا مەلۇم دەرىجىدە ئارىئان نەسىللىك خەلقلەر بىلەن ئۆز ئارا سىڭىشىپ كېتىشىدىن تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان، قان قېرىنداشلىقى جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىن بولغان نۇرغۇنلىغان تۈركىي خەلقلەر كېلىپ چىقتى.

ئۇلار شەرقىي سىبىرىيىدىكى لېنا دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان ياقۇتلار، يەنسەي دەرياسىنىڭ بويىدا ياشىغان قىرغىزلار، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان بۇرياتلار، تۇۋالار، گەنسۇدىكى سالالار، سېرىق ئۇيغۇرلار، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار، غەربىي تۈركىستاندىكى قازاقلار، قىرغىزلار، ئۆزبېكلەر، باشقىرتلار، تاتارلار، تۈركمەنلەر، مورداۋالار، چۇۋاشلار، ئوكرائىنادىكى ئاغا ئوغۇزلار، كاۋكازدىكى چېركەسلەر، داغىستان تاتارلىرى، ئەزەربەيجانلار، ئاۋارلار، ئىراندىكى ئەزەربەيجانلار، تۈركمەنلەر، ئاغا ئوغۇزلار، ئافغانىستاندىكى ئۆزبېكلەر، تۈركمەنلەر، مۇغۇللار، ئىراقتىكى ئەزەربەيجانلار ۋە تۈركىيە تۈركلىرىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ تۈركىي خەلقلەر جۇغراپىيە جەھەتتىن ئالغاندا ئاسىيانىڭ شەرقىدىن غەربىگە ۋە غەربىي جەنۇبىغا قاراپ بىر تۇتاش ھالدا سوزۇلۇپ كەتكەن كەڭ زېمىندا ياشايدۇ.

بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھازىر ئىسلام دىنىغا (سۈننى مەزھىپى بويىچە) ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئاھالە سانى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 150 مىليوندىن ئارتۇقراق كېلىدۇ.

ھازىرغىچە رەسمىي بولۇپ كېلىۋاتقان ئىلمىي قائىدە بويىچە بۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرى ئالتاي تىلى سىستېمىسى تۈرك تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈلۈپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىرقى ئاق تەنلىكلەرنىڭ تۇران (ھون تۈرك) تىپىغا مەنسۇپ.

## ئۈچىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنى قۇرۇشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالى

### ھونلار ۋە ئۇيغۇرلار

ھونلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغدىكى ئەجدادى. ھونلار باشقا ھەممە تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىمۇ ئاساسلىق رول ئوينىغان.

ھونلار تەخمىنەن مىلادىدىن 1500 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ (ھازىرقى كۈندىن 3500 يىل بۇرۇن) مىلادىنىڭ V ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان 2000 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىلدە، ئاسىيا ۋە ياۋروپادا تارىخ سەھنىسىدە ئىنسانىيەت ئەۋلادىنىڭ يادىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان ناھايىتى چوڭ تارىخى رول ئوينىغان. ھونلار جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ قەدىمكى دۆلەتلەردىن شىيا سۇلالىسى (مىلادىدىن 21 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 16 ئەسىر بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، يىن سۇلالىسى (مىلادىدىن 16 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 11 ئەسىر بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، جۇ سۇلالىسى (مىلادىدىن 11 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 256 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، چىن سۇلالىسى (مىلادىدىن 221 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 207 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن 207 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 220 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن قوشنا دۆلەت مۇناسىۋىتىدە

بولۇپ ئۆتتى.

هونلار پات ـ پاتلا جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى كۆپ قېتىملاپ بالايىئاپەتكە ئۇچراتتى. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭگونىڭ قەدىمكى چاغدىكى ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، هونلارنىڭ ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرى جۇڭگو تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

هونلار مىلادىدىن سەككىز ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ، ناهايىتى قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە دۇنيا تارىخىنىڭ كەڭ سەھنىسىدە نامايان بولدى. بولۇپمۇ ئۇلار مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن ئۇلۇغ هونلار تەڭرىقۇتلۇقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەندىن باشلاپ، جۇڭگو ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بىر دۈشمەنگە ئايلاندى. هونلار تەخمىنەن 500 يىل هۆكۈم سۈرگەن ئۇلۇغ هون تەڭرىقۇتلۇقىدىن باشقا يەنە، 328 يىل هۆكۈم سۈرگەن غەربىي هون تەڭرىقۇتلۇقى (مىلادىنىڭ 46 ـ يىلىدىن مىلادىنىڭ 374 ـ يىلىغىچە)، 95 يىل هۆكۈم سۈرگەن ياۋروپا هون ئىمپېرىيىسى قاتارلىق ئۇلۇغ سۇلالىلەرنى قۇرۇپ، ئاسىيا ۋە ياۋروپا خەلقلىرى تارىخىدا ئاجايىپ خاتىرىلەرنى قالدۇردى.

هونلار جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرى ۋە تارىخى يىلنامىلىرىدە هەرخىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، جۇڭگو تارىخىدىكى «ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى» دەپ ئاتالغان مەزگىلدە (مىلادىدىن 475 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 221 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) هون دەپ (匈奴) ئاتالدى.

هونلار توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ يازما مەلۇمات قالدۇرغان جۇڭگو تارىخچىسى سىماچيەن (مىلادىدىن 145 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن) پادىشاھ خۇاڭ دىنىڭ هونلارنى شىمالغا قوغلىغانلىقى توغرىسىدا ئېيتىدۇ[1]. خۇاڭدى بولسا جۇڭگونىڭ باشلانغۇچ ئورۇقداشلىق جەمئىيىتى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان ئەپسانىۋى پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن 5000 يىل بۇرۇن ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا، هونلارنىڭ ناهايىتى قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ خەنزۇلار بىلەن قوشنا ياشاپ، ئۇلارغا خەۋپ سېلىپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

هونلار ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن باشلاپ ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويلىرى (هازىرقى

(1) سىماچيەن: «تارىخنامە. بەش بەگنىڭ تەرجىمھالى».

موڭغۇلىيە) دا، چوغاي تاغلىرى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى يىڭشەن تاغلىرى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشىغان.

ھونلار ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاشلا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، «كۆك تەڭرى» بۇ دىننىڭ ئەڭ چوڭ خۇداسى ئىدى. شۇڭا قەدىمكى چاغلاردا ھونلار ئۆزىنى «كۆنلەر» دەپ ئاتاشقانىكەن. كېيىنكى چاغلاردا، «كۆنلەر» سۆزى «ھونلار» سۆزىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن دېگەن سۆز بار. لېكىن بۇ قاراش ھېلىغىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپقا ئېرىشەلمىدى.

ئىنسانىيەت ھازىرغىچە ئۆز بېشىدىن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ بىرنەچچە خىل باسقۇچىنى ئۆتكۈزدى. ئىنسانلار باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمىدە ياشىغان چاغلىرىدا، چوڭ ھايۋانلارنى ئوۋلاش، ئورماندىكى دەرەخلەرنى كېسىپ تېرىلغۇ يەرلەر ئېچىش ئېھتىياجىدىن ئۇيۇشۇپ ئىشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمكى چاغلاردا، قان قېرىنداشلار تارقىلىپ كەتمەستىن ھەممىسى بىر ئۇرۇق بولۇپ ياشايتتى. بۇنداق ئۇرۇقلار بىر نەچچە يۈز كىشىگە يېتەتتى. بۇنداق ئۇرۇقلار ئەمگەكنى بىرلىشىپ قىلاتتى. ئەمگەك مېۋىلىرىدىن تەڭ پايدىلىناتتى، قورال - سايمانلارنىمۇ تەڭ ئىشلىتەتتى، بىر نەچچە قوشنا ئۇرۇقلاردىن قەبىلە تۈزۈلەتتى، بۇنداق قەبىلىدىكى كىشىلەر بىر تىلدا سۆزلىشەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ ئوخشاش بولاتتى، قەبىلە كېڭەشلىرىدە سايلانغان يولباشچىلار قەبىلىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى.

ئىنسانلار كۆپ ئەسىرلەر، ئۇرۇق - ئۇرۇق ۋە قەبىلە - قەبىلە بولۇپ ياشىدى. ھونلارمۇ خۇددى باشقا جايدا ياشىغان خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئۇرۇقتىن قەبىلىگە، قەبىلىدىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشۇپ باشلانغۇچ جامائە تۈزۈمىنىڭ مەلۇم باسقۇچىغا كەلگەندە دۆلەتنىڭ دەسلەپكى تۈرەلمىسى (قوراللىق كۈچ) نى شەكىللەندۈردى. قەبىلىلەر بىلەن قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا قەدىمكى چاغلاردا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق قىلىشقا بولىدىغان يەرلەرنى تالىشىپ ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى. بىرەر قەبىلە ئۆزىگە قوشنا بولغان كۈچلۈكرەك قەبىلىلەرنى يېڭىش ئۈچۈن قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى قۇرۇشقا موھتاج بولاتتى. شۇڭا، قان - قېرىنداشلىق تىل ۋە باشقا جەھەتتىن بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدىغان قەبىلىلەر بىرلىشىپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەشكىللەپ، تىل ۋە باشقا جەھەتتىن ئۆزلىرىگە يات كېلىدىغان قەبىلىلەرگە قارشى تۇرغان. مانا

شۇنداق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي ئامىلى بولغانىدى.

مىلادىدىن 1500 يىل بۇرۇنلا، ئۆزلىرىنىڭ قوراللىق كۈچىگە ئىگە بولغان هونلار يىن سۇلالىسىنىڭ دۈشمىنى ئىدى. يىن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدىڭ (مىلادىدىن 1324 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 1366 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان) نىڭ زامانىسىدا، هونلار بىلەن يىن سۇلالىسى ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇش ئۈچ يىل داۋام قىلغان. ئۇرۇشتا، هونلار مەغلۇپ بولغان[1].

هونلار جۇ سۇلالىسى زامانىسىغا كەلگەندە، كۈچىيىشكە باشلاپ، جۇڭگوغا هۇجۇم قىلىشقا باشلىغان.

هونلار، مىلادىدىن ئون ئەسىر بۇرۇن جۇ سۇلالىسىگە هۇجۇم قىلىپ، جۇ خەلقىنى ئۆز يۇرتىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. جۇ خەلقى چىشەن تېغى (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى جىشەن ناهىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا) نىڭ ئېتىكىدىكى كەڭ، تۈز ۋە ئۈنۈملۈك بولغان جۇيۈەن دېگەن جايغا كۆچكەن. خەنزۇلارنىڭ ئەجدادلىرى مانا شۇ ۋەقەگە بېغىشلاپ مۇنداق بىر قوشاقنى توقۇغان:

靡室靡家,

狁之故，猃

不遑启处,

تەرجىمىسى:

ئۆي ـ ماكانىدىن قالدۇق ئايرىلىپ،
هونلار دەستىدىن.
كۆچۈپ يۇردۇق تېنەپ ـ تەمتىرەپ،
هونلار دەستىدىن.

مىلادىدىن 883 يىل بۇرۇن، هونلار بىلەن جۇ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ناهايىتى

(1) «قەدىمكى چاغدا جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە 3 ـ بەت.

قاتتىق ئۇرۇش بولغان. بۇ ئۇرۇش خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، دەسلەپ جۇ سۇلالىسى قوشۇنلىرى غەلىبە قىلغان، كېيىنكى ئۇرۇشلاردا بولسا، هونلار غالىب كېلىپ غەربىي جۇ سۇلالىسىنى يوقاتقان.

هونلار، جۇ سۇلالىسىنىڭ خانى شۈەنۋاڭ (مىلادىدىن 827 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 782 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان) بىلەن ئۇرۇشۇپ، جۇ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خاۋچىڭغا (هازىرقى شىئەن شەھىرىنىڭ غەربىدە) خەۋپ سېلىشقا باشلىغان. شۈەنۋاڭ مىلادىدىن 827 يىل بۇرۇن هونلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك هەربىي هەرىكەت يۈرگۈزگەن. شەنشى ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشتا، سانغۇن چىن جوڭ باشچىلىقىدىكى جۇ سۇلالىسى قوشۇنلىرى هونلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان، چىن جوڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان[1].

جۇ سۇلالىسىنىڭ خانى يۇۋاڭنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىدىن 781 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 771 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ناهايىتى ئېغىر تەبىئىي ئاپەتكە يولۇققان. قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئەلدىكى دەريا - ئېقىنلار، بۇلاقلار قۇرۇپ، تەگلىرى كۆرۈنۈپ قالغان. دەل - دەرەخ ئوت - چۆپلەر، زىرائەتلەرنىڭ هەممىسى سولىشىپ، قۇرۇپ نابۇت بولغان. تىرىلغۇ ئېتىزلىرى يالىڭاچ ئاختارمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. خەلق ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ جان بېقىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە قاراپ قاچقان. بۇنداق قورقۇنچلۇق ئاپەتنىڭ ئۈستىگە، مىلادىدىن 779 يىل بۇرۇن پايتەخت خاۋچىڭدا ۋە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جىن ۋە لوبى قاتارلىق غوللىرى (شەنشىدە) ئېقىپ ئۆتىدىغان ۋادىلاردا قاتتىق يەر تەۋرىگەن[2].

جويۇۋاڭ خان بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، بۇتىسى ئاتلىق چىرايلىق بىر قىزغا كۆيۈپ قېلىپ ئۇنى ئەمرىگە ئالدى. بۇتىسى بەيپۇ ئاتلىق بىر ئوغۇل تۇغدى. جويۇۋاڭ قەدىناس مەلىكىسى شىن خۇدىدىن تۇغۇلغان ئوغلى يىجۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بەيپۇنى ۋارىس قىلىپ تەيىنلىدى.

يۇۋاڭنىڭ قىلمىشلىرىدىن غەزەپلەنگەن مەلىكە شىن خۇنىڭ دادىسى هونلارغا قېچىپ بېرىپ، ئۇلارنى جۇ سۇلالىسىگە هۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. جۇ

(1) ۋاڭ يۇشىن: «غەربىي جۇ سۇلالىسى هەققىدە قىسسە» خەنزۇچە 172 - ،81 - 82 بەتلەر.
(2) ۋاڭ يۇشىن: «غەربىي جۇ سۇلالىسى هەققىدە قىسسە» خەنزۇچە 172 - ،81 -، 82 - بەتلەر.

سۇلالىسىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالغان ھونلار پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، مىلادىيىدىن 771 يىل بۇرۇن، جۇ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خاۋچىڭغا بېسىپ بېرىپ، يۇۋاڭنى ئۆلتۈرۈپ مەلىكە بۇتىسىنى ئەسىر قىلىپ ئەكەتتى. ھونلار خاۋچىڭنى ۋەيران قىلىپ، شەنشى ئەتراپلىرىنى بېسىۋالدى. 250 يىل ھۆكۈم سۈرگەن جۇ سۇلالىسى ھالاكەتكە ئۇچرىدى. جۇ سۇلالىسى خانزادىلىرىدىن پىڭۋاڭ بىر بۆلۈم ئاقسۆڭەكلەر بىلەن لوياڭغا قېچىپ بېرىپ، لوياڭنى پايتەخت قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ تارىختا شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەپ ئاتالغان سۇلالە دەۋرى باشلاندى.

مىلادىيىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇن، ھونلار ھازىرقى خېبېي ۋە شەنشىنىڭ شىمالىدىن جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، لوياڭغا خەۋپ سېلىشقا باشلىدى. ھەتتا ھونلار لوياڭغا ئىككى قېتىم بېسىپ كىرىپ، شەرقىي جۇ سۇلالىسى (مىلادىيىدىن 770 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىيىدىن 221 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ خانى شىياڭۋاڭ (مىلادىيىدىن 651 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىيىدىن 619 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان) نى قوغلاپ چىقىرىپ، شەرقىي جۇ سۇلالىسىنى يوقىتىۋېتىشكە تاسلا قالدى[1].

جۇ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارايدىغان بەگلىكلەر كۆچىيىشكە باشلاپ، بەزىلىرى باشقا بەگلىكلەرنى يۇتۇپ كۆچىيىدىغان، بەزىلىرى يوقىلىپ، بەزىلىرى ئاجىزلاپ كېتىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. جۇڭگو تارىخچىلىرى مانا شۇ دەۋرنى «چۈنچيۇ دەۋرى» (مىلادىيىدىن 770 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىيىدىن 476 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەپ ئاتىغان. چۈنچيۇ دەۋرىدە جۇ سۇلالىسى خانلىرى ئىسمى بار، جىسمى يوق ھۆكۈمدارلارغا ئايلىنىپ قالغان.

مىلادىيىدىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى مەزگىلگە كەلگەندە، جۇڭگودا يەتتە دۆلەت پەيدا بولدى. بۇ دۆلەتلەر ئۆز ئارا تىنىماي ئۇرۇشۇپ تۇردى. جۇڭگونىڭ قەدىمكى چاغدىكى تارىخچىلىرى مانا شۇ يەتتە دۆلەت ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرنى «ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر (جەنگو) دەۋرى» (مىلادىيىدىن 475 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىيىدىن 221 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) دەپ ئاتاشقان.

شۇ دەۋردىكى يەتتە دۆلەتتىن چى (سەندۇڭدا)، يەن (خېبېيدا)، جاۋ (سەنشىدە) چىن (شەنشىدە) قاتارلىق تۆت دۆلەت خۇاڭخې ۋادىسىغا جايلاشقان

(1) «جۇڭگونىڭ مىللىي تارىخى» خەنزۇچە 20 ـ بەت.

بولۇپ، ئۇلار ھونلارغا قوشنا ئىدى. خەن، ۋۇ، ۋېيدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ئاساسەن چاڭجىياڭ ۋادىسىدا بولۇپ، ھونلار بىلەن بىۋاسىتە چېگرىداش ئەمەس ئىدى. خۇاڭخې ۋادىسىدىن چى، يەن، جاۋ، چىن قاتارلىق دۆلەتلەر پات - پاتلا ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇردى.

ھونلار «ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى» دىكى ئۆزلىرىگە ناھايىتى پايدىلىق بولغان شارائىتتا، ناھايىتى جىددىيلىك بىلەن ھەربىي قوشۇنلىرىنى تولۇقلاپ ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتتى. ئاندىن كېيىن، ھونلار ئاتلىقلىرىنى ئوردوس يايلىقى، چوغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگە توپلاپ، شۇ يەردىن ئەتراپلىرىدىكى قوشنىلىرىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم باشلىدى.

مانا شۇنداق خەتەرلىك شارائىتتا، يەن، جاۋ، چىن قاتارلىق ئۈچ دۆلەت ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا سېپىل سوقۇشقا باشلىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۇلار ئۈچۈن قىيىن بولدى.

مىلادىدىن 310 يىل بۇرۇن، ھون ئاتلىق قوشۇنلىرى يەن دۆلىتىنىڭ شىمالىي رايونلىرىغا قىستاپ كەلدى. ھون ئاتلىق قوشۇنلىرى خۇاڭخېدىن كېچىپ ئۆتۈپ، ئوردوس يايلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى «دەريا جەنۇبىدىكى يەر» (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى ئىكجاۋ ئايمىقى) نى ئىشغال قىلىۋېلىپ چىن، جاۋ، يەن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ چېگرا رايونلىرىغا بېسىپ كىردى. ھونلارنىڭ ھۇجۇمىغا كۆپ ئۇچراپ ئېغىر خەۋپتە قالغان جاۋ دۆلىتى ئۆزىنىڭ شىمالىي رايونىدا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئامالسىز قالدى. مىلادىدىن 265 يىل بۇرۇن سانغۇن لىمۇ باشچىلىقىدىكى جاۋ دۆلىتى قوشۇنلىرى 100 مىڭ كىشىلىك ھون قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. شۇ چاغدىكى ھون تەڭرىقۇتى (ئىسمى نامەلۇم) ئالدىراش ھالدا شىمالغا چېكىندى[1].

مىلادىدىن 221 يىل بۇرۇن چىن دۆلىتىنىڭ خانى يىن جىن (چىن شىخۇاڭ) قالغان ئالتە دۆلەتنى تارمار قىلىپ، جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈردى. چىن شىخۇاڭ مىلادىدىن 215 يىل بۇرۇن مىن تىيەن ناملىق سانغۇننىڭ باشچىلىقىدا 300 مىڭ كىشىلىك چىن قوشۇنلىرىنى ھونلارغا قارشى ماڭدۇردى. بۇ چاغدا، ھون تەڭرىقۇتى تۈمەنخان ئوت - چۆپى، سۈيى مول بولغان ئوردوس

(1) سىماچيەن: «تارىخنامە. لىمۇ ھەققىدە قىسسە».

يايلىقىدا بەخىرامان يايلاۋاتقانىدى. مىن تىيەن باشچىلىقىدىكى چىن قوشۇنلىرى هونلارنىڭ ناهايىتى مەشھۇر يايلىقى بولغان ئوردوس يايلىقىغا بېسىپ كىرىپ تۈمەن تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 240 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) باشچىلىقىدىكى هون قوشۇنلىرىغا هۇجۇم قىلدى. تەييارلىقسىز، خەۋەرسىز قالغان تۈمەن تەڭرىقۇت ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. ئەمما ئۇ سان - ساناقسىز چارۋا - ماللارنى هەيدىتىپ، چېدىرلارنى ئۇلاغلارغا يۈكلىتىپ، هون ئاهالىلىرىنى تۈمەنلىگەن هارۋىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ، ناهايىتى قېيىن ئەھۋالدا، ئۇلارنى ئوردوس يايلىقىدىن شىمالغا قاراپ يۆتكەپ كەتتى. شۇ قېتىم ئوردوس يايلىقىنى هونلاردىن تارتىۋالغان چىن شىخۇاڭ، بۇ يايلاقتا ئادەم كۆچۈرۈپ 44 ناهىيە تەسىس قىلدى ۋە خۇاڭخې بويلىرىنى مۇداپىئە لىنىيىسى قىلىپ بېكىتتى.

چىن شىخۇاڭ مىلادىدىن 215 يىل بۇرۇن، يەن، جاۋ، چىن دۆلەتلىرىنىڭ شىمالىي چېگرىغا سوققان سېپىللىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ، ئۇنى غەربكە سوزۇشقا بەل باغلىدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى سانغۇن مىن تىيەنگە تاپشۇردى. مىلادىدىن 214 يىل بۇرۇن مىن تىيەن بۇيرۇقنى بىنائەن، هەرقايسى جايلاردىن سېپىل سوقۇش هاشارسىغا كەلگەن بىرنەچچە يۈزمىڭ ئادەمنى ئىشلىتىپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەن، جاۋ، چىن دۆلەتلىرىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا سوقۇلغان ئۇزۇن سېپىللىرىنى ئۇلاپ، ئۇنى شەرقتە شەنخەيگۇەندىن تارتىپ غەربتە لىڭتاۋ (هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يىنشەن ناهىيىسى) غىچە يەتكۈزدى. مانا بۇ سېپىل تارىختا مەشھۇر سەددىچىن سېپىلى دەپ ئاتالدى.

سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5000 كىلومېتىر بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن سەككىز مېتىر، توغرىسى يەتتە مېتىر كېلىدۇ. سەددىچىن سېپىلى گەرچە چىن شىخۇاڭ دەۋرىدە ئەنە شۇنداق هالغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ جۇڭگو خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە يەنىلا هونلارنىڭ تاجاۋۇزى ۋە بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ تۇردى.

هونلار مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى ۋاقىتتىن باشلاپ مىسلى كۆرۈلمىگەن هالدا كۈچەيدى، هونلار مىلادىدىن 240 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 216 - يىلىغىچە 500 يىل هۆكۈم سۈرگەن قۇدرەتلىك هون تەڭرىقۇتلۇقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. قۇدرەتلىك هون تەڭرىقۇتلۇقى ئۆزىنىڭ مەشھۇر داھىيسى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 174

يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) ئۆزىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك شانلىق بىر دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈردى. مانا شۇ قۇدرەتلىك هون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە، شىمالدا سىبىرىيىدىكى لىنا دەرياسى، بايكۆل، يەنسەي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنلىرىغىچە، جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىغىچە، غەربىي شىمالدا ئالتاينىڭ غەربىدىن تارتىپ كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىغىچە، غەربىي جەنۇبتا ھىندىستاننىڭ شىمالىغىچە، غەربىي جەنۇبتا، ئۇلۇغ ئارشاكلار (ئىران) سۇلالىسىنىڭ شىمالىغىچە سوزۇلدى.

مانا شۇ قۇدرەتلىك هون تەڭرىقۇتلۇقىنى هونلار تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ قەھرىمان باتۇر تەڭرىقۇت ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

باتۇر تەڭرىقۇت هون تەڭرىقۇتى تۇمەنخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، باشتا، تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى. كېيىنگە كېلىپ، تۇمەن تەڭرىقۇت كىچىك ئالچىسى (كىچىك خانىشى) دىن تۇغۇلغان كىچىك ئوغلىنى ئۆز ئورنىغا ۋارىس قىلىپ تەيىنلەپ، باتۇرنىڭ ۋارىسلىقىنى بىكار قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باتۇرنى ئۇلۇغ ياۋچىلار ئېلىگە گۆرۈگە ئەۋەتىپ بەردى. قەدىمكى زامان دىپلوماتىيىسىدە، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامىنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە ئوغۇللىرىدىن بىرىنى گۆرۈگە ئەۋەتىدىغان ئادەت بار ئىدى. تەخمىنەن مىلادىدىن 216 يىللار بۇرۇن تۇمەن تەڭرىقۇت باتۇرنى ئۇلۇغ ياۋچىلارغا گۆرۈگە ئەۋەتتى. بۇ ئىشقا باتۇر ناھايىتى قاتتىق نارازى بولدى.

گۆرۈگە ئەۋەتىلگەن شاھزادىلەرنىڭ ھاياتى تارىختا ئادەتتە پاجىئەلىك تەقدىر بىلەن ئاياغلىشاتتى. تولا چاغلاردا ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن بىتىملەر بۇزۇلاتتى ـ دە، گۆرۈگە ئەۋەتىلگەن شاھزادىلەر ئۆلتۈرۈلەتتى. ناھايىتى ئەقىللىق، ھوشيار بولغان باتۇر شۇنداق پاجىئەلىك ئەھۋالنىڭ تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى سېزىپ، هونلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار مۇناسىۋىتىدىكى ئەھۋالنىڭ بۇزۇلۇشىنى كۆزىتىپ ئۇرۇش بولۇپ قالىدىغان پەيتتە قېچىپ كېتىشكە بەل باغلىدى. باتۇر بۇ مەقسىتىگە ئاخىر يەتتى. ئۇ ئۇلۇغ ياۋچىلار ئېلىدىن قېچىپ چىقىپ هون تەڭرىقۇتلۇقىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆزى تەربىيىلىگەن بىر قىسىم هون ئاتلىق جەڭچىلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئوۋ پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇت باشلىق بىر قىسىم هون بەگلىرىنى، ئۆگەي ئانىسىنى، ئۆگەي ئۇكىسىنى ئۆلتۈردى ۋە ئۆزى هونلار تەختىگە چىقتى. بۇ ۋەقە مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇن يۈز بەردى.

باتۇر تەڭرىقۇت ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تەختىگە چىققاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى ۋە ھەربىي تۈزۈمىنى خېلى مۇكەممەل دەرىجىدە رەتكە سالدى.

«تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى «ھونلار ھەققىدە قىسسە » دە مىلادىدىن 265 يىل بۇرۇن «ھون تەڭرىقۇتى» دېگەن نام تىلغا ئېلىنىدۇ. ھونلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ئۆز خانلىرىنى «تەڭرىقۇت » (تەڭرىنىڭ سائادىتى، تەڭرى ئوغلى مەنىسىدە) دەپ ئاتىغانلىقى بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇ. تارىخچى سىماچيەن ھونلارنىڭ چوڭۋىي ئاتلىق خانى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنى «ھونلارنىڭ بوۋىسى» دەيدۇ. تارىخى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، چوڭۋىي مىلادىدىن 1764 يىل بۇرۇن ئۆتكەن[1]. شۇنداق بولغاندا، چوڭۋىي بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 يىل بۇرۇن ياشىغان بولۇپ چىقىدۇ. بىر قەدەر ئىشەنچلىكرەك تارىخىي خاتىرىلەردە، ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ نامى تۇمەن تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 240 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 210 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) تىن تارتىپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

باتۇر تەڭرىقۇت دۆلەت تەشكىلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، 24 خىل دەرىجىگە بۆلۈنگەن ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن خانلار ۋە بەگلەرنى تەيىنلىگەن. بۇلار:

1 . سول قول بىلگە خان؛ 2 . ئوڭ قول بىلگە خان؛ 3 . يابغۇ (باش ۋەزىر)؛ 4 . سول قول ئىل قۇساي؛ 5 . ئوڭ قول ئىل قۇساي (بۇلار ۋەزىرلىك مەنسىپى)؛ 6 . سول قول قۇتىغۇ؛ 7 . ئوڭ قول قۇتىغۇ؛ 8 . سول قول خان؛ 9 . ئوڭ قول خان؛ 10 . سول قول ئۇلۇغ سانغۇن؛ 11 . ئوڭ قول ئۇلۇغ سانغۇن؛ 12 . سول قول ئۇلۇغ تۇتۇق بەگ؛ 13 . ئوڭ قول ئۇلۇغ تۇتۇق بەگ؛ 14 . سول قول ئۇلۇغ غەزنە بېگى؛ 15 . ئوڭ قول ئۇلۇغ غەزنە بېگى؛ 16 . باتىس خان؛ 17 . تۇمەنبېشى؛ 18 . مىڭ بېشى؛ 19 . يۈز بېشى؛ 20 . ئون بېشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ھون تەڭرىقۇتلىرى ئالىي ھۆكۈمران سۈپىتىدە، دۆلەتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ۋە تاشقى سىياسىتىدىكى بارلىق چوڭ ھوقۇقلىرىنى يابغۇ، سول قول قۇتىغۇ، ئوڭ

(1) «موڭغۇل تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار» نىڭ خەنزۇچە 1981 - يىل 7 - ئاي نەشرى، «19 - توپلىمى» 14 - بەت.

قول قۇتىغۇلارنىڭ يارىمچىلىكىدە يۈرگۈزەتتى. قۇتىغۇلار بولسا ھونلاردا ئىسىل ئۇرۇق ھېسابلىنىدىغان غويان، لان، شابو قاتارلىق ئۈچ ئۇرۇقتىن تەيىنلىنەتتى. ھون تەڭرىقۇتلىرى ئوغۇللىرىنى مانا شۇ ئۈچ ئۇرۇقنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلەندۈرەتتى. غويان ئۇرۇقىدىن چىققان قۇتىغۇلار تەڭرىقۇتنىڭ سول تەرىپىدە، لان، شابو ئۇرۇقىدىن چىققان قۇتىغۇلار تەڭرىقۇتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇراتتى.

باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ۋاقتىدا، ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ پايتەختى ھازىرقى كۆكخوت شەھىرى (ئىچكى موڭغۇلدا) نىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تەڭرىبالىق ئىدى. كېيىنچە ھونلار، پايتەختىنى ئورخۇن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى خوشو سايدام كۆلىنىڭ بويىغا يۆتكەپ كەتكەن. تەڭرىقۇت بىلەن ئالچى (تەڭرىقۇتنىڭ مەلىكىسى) پايتەختتىكى ئوردىدا تۇراتتى.

باتۇر تەڭرىقۇت ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تېررىتورىيىسىنى تۆت قىسىمغا بۆلۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان. تەڭرىقۇت ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئۆزى بىۋاسىتە باشقۇرغان. تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئوغلى بولغان سول قول بىلگە خان ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ شەرق قىسمىنى باشقۇرغان. ئۇنىڭ ئايرىم ئوردىسى بولۇپ، ئورنى قۇرۇلۇن دەرياسى (ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدە) نىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدا ئىدى. سول قول بىلگە خان باشقۇرىدىغان تېررىتورىيىنىڭ شەرقى ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغا سوزۇلغانىدى. ئۇ ئاساسەن بويسۇندۇرۇلغان توڭگۇسلار (مانجۇلارنىڭ ئەجدادى)، موڭغۇللار، پورومالار (ھازىرقى چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئەجدادلىرىدىن) ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

ئوڭ قول بىلگە خان (بۇمۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئوغۇللىرىدىن تەيىنلىنەتتى) ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ شەرقىي رايونلىرىنى باشقۇراتتى. ئۇنىڭ ئوردىسى قوبدۇ - ئولاستايدىكى خاڭگەي تاغلىرى (موڭغۇلىيىدە) نىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ باشقۇرىدىغان تېررىتورىيە ئىچىگە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئالاسەن ئايمىقى، ئىرسىن ئايمىقى، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار دالاسى، تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي قىسمى، سېلىنغا دەرياسى (موڭغۇلىيىدە) نىڭ غەربىي قىسمىدىكى قوبدۇ قاتارلىق جايلار كىرەتتى.

سول قول، ئوڭ قول بىلگە خانلاردىن قالسا، باتىسخان (كۈنپېتىش تەرەپتىكى خان) دەپ ئاتىلىدىغان خانلار ناھايىتى چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئىدى. باتىسخان ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي رايونلىرى (شەرقىي تارىم ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا، جەنۇبىي قىسمىدىن تارتىپ غەربىي كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە)

نى باشقۇراتتى. ئۇنىڭ ئوردىسى ھازىرقى كورلا ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ تەڭرىقۇتقا ۋاكالىتەن ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى.

ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا بولسا، تەڭرىقۇتتىن تارتىپ، ئۇلۇغ خەزىنە بېگىگىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى قوشۇنلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى. تۈمەنبېشى، مىڭ بېشى، يۈز بېشى، ئون بېشىلار بولسا نوقۇل ھەربىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى.

باتۇر تەڭرىقۇت تەرىپىدىن تېخىمۇ مۇنتىزىملاشتۇرۇلغان ھەربىي تۈزۈم بويىچە، ھون قوشۇنلىرى ئاساسەن ئاتلىق، قىسمەن پىيادە قوشۇنلاردىن تەشكىللەنگەنىدى. ھەربىي تۈزۈم بويىچە، ھونلارنىڭ ياش يىگىتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاتلىق قوشۇنغا كىرەتتى. ھون ئاتلىقلىرى ئاتلارنىڭ رەڭلىرى بويىچە تۈمەن دەپ ئاتىلىدىغان بىرلىككە بۆلۈنۈپ تەشكىللەنگەنىدى. باتۇر تەڭرىقۇت 400 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىدى. ئاتلىق قوشۇنلار كۆك، ئاق بوز، قارا، قىزىل تورۇق رەڭلىك ئاتلار بويىچە بۆلەكلەرگە ئايرىلدى. بۇ 400 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاتلىق قوشۇننىڭ چوڭ ـ كىچىك كوماندىرلىرى 44 مىڭ 440 كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن 40 نەپىرى تۈمەنبېشى، 400 نەپىرى مىڭبېشى، 4000 مىڭ نەپىرى يۈزبېشى، 40 مىڭ نەپىرى ئونبېشى ئىدى.

ھون قوشۇنلىرى ناھايىتى باتۇر، چىداملىق (ئۇلار ئىسسىق ـ سوغۇققا، ئاچلىققا، ئۇسسۇزلۇققا، بوران ـ يامغۇرغا ئانچىۋالا پىسەنت قىلماي كەتمەيتتى) ئىدى. چۈنكى ھونلار قەدىمدىن تارتىپ ئۆزى ياشىغان جايلارنىڭ تەبىئىي ئەھۋاللىرىدىكى قىيىن شارائىتلار (قۇملۇق، سوغۇق ۋە باشقىلار) نى يېڭىش ئۈچۈنمۇ ئۆزلىرىدە باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك روھىنى يېتىشتۇرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھونلار كۈچلۈك، ھاكاۋۇر قوشنىلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈنمۇ كۈچلۈك، باتۇر ۋە چىداملىق بىر قوشۇننىڭ بولۇشى لازىملىقىنى بىلەتتى. شۇنداق قىلىپ، باتۇر تەڭرىقۇت ئىشنى دۆلەت تەشكىللىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش ۋە جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى ئۈستۈن قوشۇن تەشكىل قىلىشتىن باشلىدى.

ھونلار ئۇ دەۋردە بەزى تارىخچىلار ئېيتقاندەك قۇللۇق تۈزۈمدە ياكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت تۈزۈمىدە ئەمەس، بەلكى يېرىم پاترىئارخال، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمىدە ئىدى. «تەڭرىقۇت پۈتۈن دۆلەت بويىچە ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا فېئوداللىق، سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى

يۇرگۈزۈلگەن.»[1]

ھاكىمىيەت تەشكىلى ۋە ھەربىي تۈزۈمىنىڭ خېلى مۇكەممەللىككە قارىغاندىمۇ ھونلار ئەلۋەتتە فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا ياشىغان.

ھونلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار خېلى كۆپ، ئۇلار مىلادىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى تۆمۈر تاۋلاشتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان، ئۇلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە يېزىپ ئەۋەتكەن مەكتۇپلىرىدىمۇ مەزمۇن ۋە بەدىئىي جەھەتتىن ناھايىتى يۇقىرى بىر سەۋىيە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ھونلار مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا يەنسەي - ئورخۇن يېزىقىنى قوللانغان[2].

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 207 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان يەتتە يىل ئىچىدە، تۆت تەرىپىدىكى قوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، شەرقىي ئاسىيانى ۋەھىمىگە سېلىپ قويىدى. باتۇر تەڭرىقۇت ئاۋۋال ئۆزىنىڭ شەرقىدىكى كۈچلۈك ۋە ھاكاۋۇر قوشنىسى بولغان تۇڭگۇسلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، تۇڭگۇسلارنى ۋە موڭغۇللارنى تامامەن بويسۇندۇرۇۋالدى. ئاندىن كېيىن، ھازىرقى گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدا ياشايدىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۈستىگە بېسىپ بېرىپ، ئۇلارنىمۇ تارمار قىلدى. باتۇر تەڭرىقۇت شەرق ۋە غەرب تەرەپكە قىلغان غەلىبىلىك يۈرۈشلىرىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جەنۇبىدىكى قوشنىسى جۇڭگوغا خەۋپ سېلىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا، جۇڭگودىكى چىن سۇلالىسى (مىلادىدىن 221 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىدىن 207 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئاغدۇرۇلۇپ، خەن سۇلالىسى قۇرۇلغانىدى. يېڭى قۇرۇلغان خەن سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادى خاراب، بۆلۈنمە كۈچلەر مەۋجۇت بولۇپ، مەركىزى ھاكىمىيەت تېخى مۇستەھكەملىنىپ كەتمىگەنىدى. باتۇر تەڭرىقۇت، جۇڭگونىڭ بۇ خىل ئىچكى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ مىلادىدىن 215 يىل بۇرۇن تارتىۋېلىپ قويغان ئوردوس يايلىقىنى جۇڭگودىن قايتۇرۇۋالدى. باتۇر تەڭرىقۇت بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى،

---

(1) «ھون تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» خەنزۇچە 223 - بەت.

(2) ھونلارنىڭ مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇن يەنسەي ئورخۇن يېزىقىنى قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار ئاز ئەمەس. يېقىنقى يىللاردا رۇس ئارخېئولوگلىرى ئىسسىقكۆلنىڭ بويىدىن بىر تۈرك شاھزادىسىنىڭ قەبرىسىنى تاپقان. قەبرىدىن تېپىلغان نەرسىلەر ئىچىدە بىر كۈمۈش تاۋاقمۇ چىققان. ئۇنىڭدا يەنسەي - ئورخۇن يېزىقىنىڭ دەسلەپكى شەكلى بىلەن يېزىلغان خاتىرىلەر كۆرۈلگەن. بۇ مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى چاغقا تەئەللۇق ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ھون تەڭرىقۇتلىرى خەن پادىشاھلىرىغا بىر نەچچە قېتىم مەكتۇپ يازغان، شۇ مەكتۇپلار ئەلۋەتتە يەنسەي - ئورخۇن يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئايتۇر.

ئۇ مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىرىپ، هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىدىكى شاۋشەن ناھىيىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇ جاينى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ھەربىي ۋالىي خەن ۋاڭشىنىڭ ھونلارغا تەسلىم بولدى. ھونلار يەنە ئىلگىرىلەپ، شەنشىدىكى تەييۈەن، جىنيالىڭ قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا، خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى خەن گاۋزۇ (مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 195 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە پادىشاھ بولغان) ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ ۋەزىرى لىيۇجىڭ ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئاقىۋەت ئەكېلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، لىيۇ باڭ (خەن گاۋزۇ) نى ئاگاھلاندۇردى. لېكىن لىيۇ باڭ لىيۇ جىڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېتىبارغا ئالماي، ئۇنىڭ ئۆزىنى نەزەربەند قىلدى، ئۆزى 320 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان قوشۇنغا باش بولۇپ ھونلارغا قارشى ماڭدى.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان باتۇر تەڭرىقۇت خىللانغان 400 مىڭ كىشىلىك ھون ئاتلىق قوشۇننى فىنچېڭ (ھازىرقى داتۇڭ شەھىرى) شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بەيدىڭ تېغىنىڭ ئېدىرلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ خەن سۇلالىسى پادىشاھى لىيۇ باڭنىڭ كېلىشىنى پايلاپ بۆكتۈرمىدە تۇردى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھەربىي تاكتىكا جەھەتتە ئورۇنلاشتۇرغان بۇ يوشۇرۇن تۇزىقىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان لىيۇ باڭ ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىنى باشلاپ كېلىپ، بەيدىڭ تېغىدا مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ قالدى. سىماچيەننىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ شىمال تەرىپىنى قارا ئاتلىق، شەرق تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، غەرب تەرىپىنى ئاق بوز ئاتلىق، جەنۇب تەرىپىنى قىزىل تورۇق ئاتلىق ھون قوشۇنلىرى قورشىۋالغان. تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن خەن سۇلالىسى يەتتە كېچە - يەتتە كۈندۈز قورشاۋدا قېلىپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ تۈگەشكە تاس - تاماس قالغان.

لىيۇ جىڭنىڭ گېپىگە كىرمەي، ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان لىيۇ باڭ نېمە قىلىشنى بىلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ چېڭ پىڭ ئاتلىق ۋەزىرى قورشاۋدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپتى. چېڭ پىڭ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسى (چوڭ بىكەسى) نىڭ خاس چېدىرىغا كېچىسى خۇپىيانە بېرىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن پارا بەردى. ئۇنىڭغا، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ ھەربىي غەلىبىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىگە ھېچبىر

ياخشىلىق ئەكەلمەيدىغانلىقىنى، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ قورشاۋدىكى قوشۇنلارنى ئەسىر قىلىپ، خەن دۆلىتىگە كەڭ كۆلەمدە باستۇرۇپ كىرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەغلۇپ بولغان خەن ئەمەلدارلىرى ۋە بەگلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل قىزلىرىنى تەڭرىقۇتقا تەقدىم قىلىشقا باشلايدىغانلىقىنى، ئۇ قىزلارنىڭ ئايىغاق يۈزلۈك، مامۇق بەدەنلىك ۋە ئىنتايىن نازاكەتلىك بولۇپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئۇلارغا قىزىقىپ كېتىپ، بىكەنى چوقۇم تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، چوڭ بىكەنى چۆچۈتۈپ قويىدى. ئۆز ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ قالغان چوڭ بىكەدىن قورشاۋنىڭ مەلۇم جايىدىن كىچىكرەك يوچۇق ئېچىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. ئالچى ئۇنىڭغا ۋەدە بەردى ۋە باتۇر تەڭرىقۇتتىن دەرھال ئارقىغا قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنداق بولمىغاندا، كۆك تەڭرىنىڭ غەزىپىگە يولۇقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ شامان تەڭرىسى نامى بىلەن باتۇر تەڭرىقۇتنى قورقۇتتى. باتۇر تەڭرىقۇت ئالچىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، قورشاۋنىڭ مەلۇم جايىدىن خەن قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنىپ كېتىشى ئۈچۈن بىر يوچۇق ئېچىپ بېرىشكە ئۇنىدى. ليۇ باڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ شۇ جايدىن چىقىپ قېچىپ كەتتى.

شەرقنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن مەشھۇر بەيدىڭ قورشاۋى ھون ئەلچىسىنىڭ خائىنلىقى سەۋەبىدىن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى.

بەيدىڭ قورشاۋى ھەققىدە ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇلاردا مۇنداق بىر قوشاق توقۇلغان:

فىنچېڭدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ ۋەقە،
كەلتۈردى دەھشەتلىك جاپا ـ مۇشەققەت.
يەتتە كۈن ئاچ قېلىپ كەتتۇق ماداردىن،
ئوقيانى ئېتىشقا يەتمىدى قۇۋۋەت[1].

مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن، مەغلۇپ بولغان خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئارىسىدا بىتىمنامە تۈزۈلدى. بىتىمنامىدە خەن سۇلالىسى ھەر يىلى ھونلارغا ناھايىتى نۇرغۇن مىقداردا كىمخاپ، تاۋار ـ دۇردۇن، ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئولپان تۆلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. قەدىمكى چاغدىكى جۇڭگو

(1) بەن گۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. ھونلار ھەققىدە قىسسە».

تارىخچىلىرى ھونلارغا ھەر يىلى ئەۋەتىپ بېرىلىدىغان بۇ ياساقنى «سوۋغا - سالام» دېگەن سۆز بىلەن پەردازلاپ يازغان. بىتىمنامىگە كۆرە، خەن سۇلالىسى يەنە مەلىكە قىزلىرىنى مول سەرەمجانلىرى بىلەن بىللە ھون تەڭرىقۇتلىرىغا ياتلىق قىلىپ تۇرۇشىمۇ لازىم ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، خەن سۇلالىسى ھونلار بىلەن قوۋۇق (سەددىچىن قوۋۇقلىرى) سودىسىنى يولغا قويدى. خەن سۇلالىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ياساق تۆلەش، مەلىكە قىزلىرىنى ياتلىق قىلىش، قوۋۇق سودىسىنى يولغا قويۇش قاتارلىق يول قويۇشلار ئارقىلىق ھونلارنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلانماقچى بولدى. مۇنداق ئەھۋال 70 يىل (مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 130 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) داۋام قىلدى.

بىتىمنامىگە خەن سۇلالىسى تەرەپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەمەل قىلغان بولسىمۇ ھون تەڭرىقۇتلىرىدىن باتۇر تەڭرىقۇت، كۆك تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 174 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 161 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان)، كۈن تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 161 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 126 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) لار ئانچە ئەمەل قىلىپ كەتمىدى، ئۇلار خەن زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇردى.

بەيدىڭ قورشاۋىدىن كېيىن خەن سۇلالىسىنى ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر قىلغان باتۇر تەڭرىقۇت ناھايىتى مەغرۇرلىنىپ كەتتى. مىلادىدىن 195 يىل بۇرۇن ليۇباڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلى خۇيدى پادىشاھ بولدى. ئەمەلىيەتتە پادىشاھ ئۇنىڭ ئانىسى مەلىكە لۈيخۇ ئىدى. گۆدەك پادىشاھ 13 يېشىدا (مىلادىدىن 188 يىل بۇرۇن) ئۆلدى. پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان باشقا بىر شاھزادە لۈيخۇغا ئۆگەي بولغانلىقى ئۈچۈن، مىلادىدىن 187 يىل بۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ لۈيخۇ خەن سۇلالىسىگە رەسمىي پادىشاھ (مىلادىدىن 187 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 180 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) بولدى. باتۇر تەڭرىقۇت ليۇ باڭنىڭ ماۋچۈن ئاتلىق قىزىغا ئۆيلەنگەنىدى. ئۇ پادىشاھ لۈيخۇغا مىلادىدىن 192 يىل بۇرۇن تۆۋەندىكى مەزمۇندا مەكتۇپ يازدى:

«مەن يالغۇز قالدىم. مەن دەريالار، كۆللەر (سازلىقلار) ئارىسىدا تۇغۇلغان. ئاتلار ۋە كالىلار ئارىسىدا، كەڭتاشا دالىلاردا چوڭ بولدۇم. بىرنەچچە قېتىم دۆلىتىڭىزنىڭ چېگرىلىرىغا كەلدىم. ھازىرمۇ دۆلىتىڭىزگە كېلىپ سەيلە

قىلىشنى خالايمەن، ئالىيلىرى يالغۇز قىلىپ تۇل ئولتۇرىدىكەنلا، مەنمۇ يالغۇز قالدىم. بىز ئىككى پادىشاھ ئۇچۇن تىرىكلىكتە بەخت ـ سائادەتمۇ قالمىدى. ئىككىمىز ئۈچۈن تەسەللى بولغۇدەك بىزگە زوق بېغىشلايدىغان نەرسىمۇ يوق. ئىككىمىز بار ـ يوقىمىزنى ئالماشتۇرۇپ ئۆتسەك دەيمەن.»[1]

باتۇر تەڭرىقۇت بۇ مەكتۇپىدا لۈيخۇنى كەمسىتىپ، ئۇنى «ماڭا ياتلىق بول» دەپ ھاقارەتلىگەن. ھون ئەلچىسى ئارقىلىق مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋېلىپ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقان لۈيخۇ قاتتىق خاپا بولۇپ، ۋەزىرلىرىنى، مەشھۇر سانغۇنلىرىنى يىغىپ ئۇلاردىن قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىغان. پەن خۇي ئاتلىق سانغۇن 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. جىبۇ ئاتلىق يەنە بىر سانغۇن پەن خۇينىڭ سۆزىگە قارشى چىققان. ئۇ: پەن خۇينىڭ ئەل ـ يۇرتنى قوزغاپ، ھونلار دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىمىز دېگىنى خام خىيال، قۇرۇق لاپتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھونلار گويا يىرتقۇچ ھايۋانغا ئوخشىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتقان ياخشى سۆزىدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يامان سۆزىدىن بولسا خاپا بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق.»[2]

لۈيخۇ جىبۇنىڭ مەسلىھىتىنى ماقۇل كۆرگەن. چۈنكى ئۇ چاغدا، خەن سۇلالىسىنىڭ ھونلارغا قارشى چىققۇچىلىك مادارى يوق ئىدى. لۈيخۇ باتۇر تەڭرىقۇتقا مۇنداق دەپ مەكتۇپ يېزىشقا مەجبۇر بولغان: «ھون تەڭرىقۇتى دۆلىتىمنى يادلىرىدىن چىقارماي ئەلچىپات قىلىپ مەكتۇپ يوللاپلا، ھازىر دۆلىتىم ۋەھىمە ۋە دەھشەت ئىچىدە قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە ماغدۇرلانماقچى بولدۇم. ھازىر ياشىنىپ مادارىمدىن كەتتىم، چاچلىرىم چۈشۈپ، چىشلىرىم لىڭشىپ تۆكۈلۈپ كەتتى. راۋۇرۇس ماڭالمايدىغان بولۇپ قالدىم. سىلى ھون تەڭرىقۇتى ئالىيلىرى مېنىڭ ھەققىمدە باشقىچە بىر چۈشەنچىدە بولۇپ قالمىغايلا. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەندىن رەنجىپ قالمىغايلا. بۇ خۇسۇسىدا، مېنىڭ دۆلىتىمدە ھېچقانداق گۇناھ يوق. سىلىگە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشنى لايىق كۆردۈم. ئالىيلىرىنىڭ لايىقىدا بولمىسامۇ ئىككى جۈپ ئات قوشۇلغان بىر شاھانە ھارۋا ئەۋەتتىم. لازىم قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن.»[3] لۈيخۇنىڭ باتۇر تەڭرىقۇتقا يازغان مەكتۇبى شۇ چاغدا خەن سۇلالىسىنىڭ ھونلارغا يالۋۇرۇشتىن

(1) بەن گۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».
(2) بەن گۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».
(3) بەن گۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

باشقا ئامالىنىڭ بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆكخان تەڭرىقۇت مىلادىدىن 166 يىل بۇرۇن 140 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان هون قوشۇنلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ جۇڭگوغا كەڭ كۆلەمدە هۇجۇم قىلدى. هون قوشۇنلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن 200 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايغىچە بېسىپ كىلىپ، خۇيچۇڭ ئوردىسىغا ئوت قويدى. پايتەخت خەۋپ ئاستىدا قالدى. خەن سۇلالىسى هونلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا ۋەدە بەرگەندىن كېيىنلا هونلار ئاندىن قايتىپ كەتتى.

كۆكخان تەڭرىقۇت مىلادىدىن 162 يىل بۇرۇن خەن ۋىندىگە تەهدىت سېلىپ، ئۇنى هەر يىلى هونلارغا ئەۋەتىدىغان نەرسىلەرنىڭ سانىنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپەيتىشكە، باشقا نەرسىلەرنى قويۇپ نوقۇل كىمخاپ، تەتىلا، يىپەك شايى قاتارلىق ماللارنىلا ئەۋەتىشكە مەجبۇر قىلدى[1].

خەن سۇلالىسى هون تەڭرىقۇتى كۆكخان تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 161 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 126 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) قا مىلادىدىن 156 يىل بۇرۇن ۋە مىلادىدىن 152 يىل بۇرۇن بولۇپ ئىككى قېتىم خەن مەلىكىلىرىنى ياتلىق قىلدى[2].

خەن سۇلالىسى بىلەن هونلارنىڭ مۇناسىۋىتى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك بولۇپ ئۆتكەن.

ئەمدى هونلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت هەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك هون تەڭرىقۇتلۇقى ۋۇجۇدقا كەلگەن چاغدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە ئۇلارغا قېرىنداش بولغان خەلقلەر قۇرغان بىر قانچە ئونلىغان خانلىقلار بار ئىدى. بۇ خانلىقلارنىڭ بەزىلىرى بايقال بويلىرىدا، كەڭسۇدا، بەزىلىرى بولسا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا ئىدى. بۇ خانلىقلارنىڭ ئىچىدىن مۇهىم راقلىرىنىڭ ئەهۋالىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ قەدىمكى چاغدا ئۆتكەن تارىخچىسى سىماچيەننىڭ «تارىخنامە. هونلار هەققىدە قىسسە» ۋە «تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى» دىن هەمدە بەن گۇنىڭ «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. غەرب ئەللىرى هەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەردىن پايدىلىنىشقا

(1) لىن گەن: «هونلار تارىخى» خەنزۇچە 53 ـ بەت.
(2) لىن گەن: «هونلار تارىخى» خەنزۇچە 53 ـ بەت.

توغرا كېلىدۇ.

مانا شۇ مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن، بايقال كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىدا شەرقىي ئۇيغۇر خانلىقى، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىملىرىدا قىرغىز خانلىقى، هازىرقى زايسان ۋە ئالتاي ئەتراپلىرىدا ئوغۇز خانلىقى، هازىرقى گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدا، نىڭشىيانىڭ ئىرسىن ۋادىسىدا ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن ئۇيسۇنلار خانلىقى بار ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تارىم ۋادىسىدا بولسا قارا شەھەر، كوچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەنت، خوتەن، لولان خانلىقلىرى بار ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدە بولسا پەرغانە خانلىقى، قاڭلى خانلىقى، غەربىي ئاسىيادا ئالانلار خانلىقى قاتارلىق دۆلەتلەر بار ئىدى. قاڭلى خانلىقى هازىرقى سەمەرقەنت ئەتراپلىرىدىن تارتىپ بالقاش كۆلى بىلەن ئارال كۆللىرى ئارىسىدا ئىدى. ئالانلار دۆلىتى كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمال تەرەپلىرىدە ئىدى.

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 202 يىل بۇرۇن بايقال بويىدىكى (شەرقىي ئۇيغۇرلار) خانلىقى بىلەن يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىملىرىدىكى قىرغىز خانلىقىنى بويسۇندۇرۇۋالدى.

باتۇر تەڭرىقۇت يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك كەڭسۇدىكى ئۇلۇغ ياۋچىلار ۋە ئۇيسۇنلارنى ليۇ باڭنى بەيدېڭدە قورشاۋغا ئېلىشتىن بۇرۇن (مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن) لا بويسۇندۇرۇۋالغانىدى. باتۇر تەڭرىقۇت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى بىلەن غەربىي ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەرنى مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا كەلگەندە بويسۇندۇردى.

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇن، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋېندى (مىلادىدىن 179 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 157 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە پادىشاھ بولغان) غا تۆۋەندىكى مەشھۇر مەكتۇبىنى يازدى:

«كۆك تەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ هون تەڭرىقۇتى خەن پادىشاھىنىڭ سالامەتلىكىنى ئېهتىرام بىلەن سورايدۇ. بۇرۇن پادىشاھ ئالىيلىرى يازغان مەكتۇبلىرىدا قۇدىلىشىش ھەققىدە سۆز ئاچقان ئىدىلە، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن خۇشال بولغان بولاتتىم.

ئەمما خەن پادىشاھىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرىدىغان ئەمەلدارى بەگلىرىمدىن بىرى بولغان ئوڭ قول بىلگە خانغا هۇجۇم قىلغان. ئوڭ قول بىلگە خانىمۇ

ئەھۋالنى ماڭا مەلۇم قىلىپ ماقۇللۇقۇمنى ئالمايلا، مېنىڭ غۇيرۇنانچى قاتارلىق كىشىلىرىمنىڭ گېپىگە كىرىپ، خەن پادىشاھىنىڭ ئەمەلدارى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئاقىۋەتتە، ئىككى دۆلەت ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامە بۇزۇلۇپ،قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىمىزگە ئارازلىق چۈشكەن. شۇ ۋەجىدىن ئاغرىنىپ يازغان مەكتۇبلىرى ماڭا ئىككى قېتىم يوللاندى. مەنمۇ ئەلچى ئارقىلىق جاۋاب مەكتۇبى يوللىدىم. لېكىن مەن ئەۋەتكەن ئەلچى قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەن پادىشاھىنىڭ ئەلچىسى كەلمىدى. خەن پادىشاھى بىزگە دوستانە بولمىدى، قوشنىدارچىلىقنى بەجا كەلتۈرمىدى. ئوڭ قول بىلگە خانغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا غەرب تەرەپتىكى ئۇلۇغ ياۋچىلارغا ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرۇدۇم. تەڭرىنىڭ ماڭا بەخت - سائادەت ئاتا قىلىشى بىلەن قوماندان، جەڭچىلىرىمنىڭ غەيرەت - شىجائىتى، ئاتلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئۇلۇغ ياۋچىلارنى يەڭدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئالدىم، بەزىلىرىنى تىز پۈكتۈردۈم.

لولان خانلىقىنى (لوپنۇر ئەتراپلىرىدا)، ئۇيسۇن خانلىقىنى، ئوغۇزلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 خانلىقنى ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھونلار دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىردى. ئوقيا كۆتۈرگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە بولۇپ بىرلەشتى. شىمالدىكى ئۆلكىلەر ھۆكۈمرانلىقىمغا ئۆتتى.

مەن شۇنى ئارزۇ قىلىمەنكى، قوشۇنلارنى ئۇرۇش قىلىشتىن توختىتىپ، ئارام ئېلىشقا چىقىرىپ، جەڭ ئاتلىرىنى يايلاققا قويۇپ بېرىپ، كونا ئاداۋەتلەرنى ئەستىن چىقىرىپ، بۇرۇنقى بىتىمنامىنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك. چېگرا ئەتراپىدا ياشايدىغان ئاھالە تىنچ، خاتىرجەم، ئارامخۇدا كۈن كۆرسە، گۆدەكلەر بەخىرامان ئويناپ - كۈلۈپ چوڭ بولسا، ياشانغانلار غەم - ئەندىشىسىز ياشىسا، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تىنچ پاراۋان ئۆتسەك ياخشى بولاتتى.

... نۆكىرىم ئارقىلىق مەكتۇپ يوللىدىم. ئۆزلىرىگە ئاتاپ بىر تۆگە، تۆتتىن ئات قوشۇلغان شاھانە هارۋىدىن بىر جۈپ ئەۋەتتىم. ئەگەر خەن پادىشاھى مۇندىن كېيىن ھونلارنىڭ ئۆز چېگرىسىغا يولىماسلىقىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولسا، بەگلىرىمگە، خەلقىمگە چېگرىدىن يىراق تۇرۇشلىرى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەيمەن.»[1]

(1) بەن گۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇن غەربكە قىلغان تارىخىي يۈرۈشىدە كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە بېرىپ(1) ئوتتۇرا ئاسىيا، يەتتە سۇ، غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇردى.... مانا شۇ چاغدا ئۇلۇغ هون تەڭرىقۇتلۇقى مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر قۇدرەتلىك بىر باسقۇچقا يېتىپ، ئاسىيا سەھنىسىدە شىردەك ھۆركىرەپ، ئەتراپىدىكى كۈچلۈك قوشنىلىرىنىمۇ ۋەھىمە ئىچىدە قالدۇردى. بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شۇ چاغدا ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقى ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغا، غەربىي كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە يەتكەنىدى.

باتۇر تەڭرىقۇت غەربكە قىلغان غەلبىلىك ھەربىي يۈرۈشىدىن قايتىپ كېلىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن (مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇن)، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋېندىغا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەكتۇپنى يازغان.

باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ خەن ۋېندىغا يازغان مەكتۇبىدىن نېمىلەرنى چۈشىنىش مۇمكىن؟

مەزكۇر مەكتۇبتىن ئاجايىپ تارىخىي ۋەقەلەرنى، هونلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب خىسلەتلىرىنى چۈشىنىۋېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس. مەكتۇبنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا:

1 . باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇن غەربكە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ئۇزۇن، مۇشەققەتلىك، قانلىق بىر سەپەرگە كەتكەندە، هونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن. هونلارنىڭ ئوڭ قول بىلگە خانى (باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى كۆك خان - ئا) خەن سۇلالىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرغان قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرىنىڭ يولسىزلىقىغا يول قويماي شەنشى ئۆلكىسىنىڭ پۇلىڭ ئەتراپلىرىغا هۇجۇم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامە بۇزۇلغان.

2 . مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇن كەڭسۇدا ياشايدىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تاپشۇرۇشى بويىچە ئۇنىڭ ئوغلى كۆكخان (مەكتۇبتا ئوڭ قول بىلگەخان دېيىلگەن) ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان. بەنگۇنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، ئوڭ قول بىلگە خان ئۇلۇغ ياۋچىلارنى ناھايىتى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان، ياۋچىلار خانىنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئۇنىڭ

(1) زەكىي ۋەلىدى توغان: «ئومۇمى تۈرك تارىخىغا كىرىش» تۈركچە 40 - بەت.

باش سۆڭىكىنى ئالتۇندىن ھەل بېرىپ شاراپ ئىچىدىغان قەدەھ قىلىۋالغان.

ئەزەلدىن تارتىپ ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ئۇلۇغ ياۋچىلار، ھونلار، ئۇيسۇنلار، بىر ـ بىرىگە قوشنا بولۇپ ياشايتتى. ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن ئۇيسۇنلار خېشى كاربدورىدا ياشىغان بولسا، ھونلار ئۇلارنىڭ شەرقىدە ھازىرقى موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇل دائىرىسىدە ياشايتتى.

مىلادىدىن ئۇچ ئەسىر بۇرۇن، ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانى ناندۇمىنى ئۆلتۈرگەن، يايلاقلىرىنى بېسىۋالغان، مەغلۇپ بولغان ئۇيسۇنلار شەرققە قاراپ قېچىپ، ھونلارنىڭ قانىتى ئاستىدا پاناھلانغانىدى. ھونلار يېنىغا بارغان بوجو ئاتلىق ئۇيسۇن يابغۇسى (يابغۇ ـ مەنسەپ نامى بولۇپ، باش ۋەزىرگە تەڭ) تۇغۇلغىنىغا بىر نەچچە ئاي بولغان خانزادە راغومى (ناندۇنىڭ ئوغلى)نى ئېلىپ قاچقان. باتۇر تەڭرىقۇت خانزادە راغومىنى چوڭ قىلىپ، تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن. راغومى ھونلار ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردا خىزمەت كۆرسەتكەن. باتۇر تەڭرىقۇت راغومىنى ئۇيسۇنلارغا خان قىلىپ تەيىنلەپ، پۈتۈن ئۇيسۇن ئاھالىسىنى ئۇزلىرىنىڭ يۇرتىغا قايتۇرغان. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇيسۇنلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئارىسىدا يەنە ئۇرۇش يۈز بەرگەن. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئۇيسۇنلار ئىرسىن ۋادىسى (نىڭشىيادا) ۋە خېشى كاربدورىدىن غەربكە قاراپ كۆچۈپ، ئىلى ۋادىسىغا بېرىپ يەرلەشكەن.

مەكتۇبتا ئېيتىلغانىدەك، مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى ئوك قول بىلگە خان ئىسيان كۆتۈرگەن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۈستىگە بېسىپ بېرىپ، ئۇلارنى قاتتىق جازالىغان. ئۇنىڭغا چىدىمىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ھونلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن خاننىڭ ئايالى باشچىلىقىدا، غەربكە قاراپ كۆچۈپ، ئىلى ۋادىسىغا كېلىپ، بۇ يەرگە يېقىندىن كېلىپ ئورۇنلاشقان ئۇيسۇنلارنى ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىلى ۋادىسىدا 25 يىل تۇرغان. مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇن، ھون تەڭرىقۇتى كۇنخاننىڭ ياردىمىنى ئالغان ئۇيسۇنلار ئۇلۇغ ياۋچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ئىلى ۋادىسىدىن قوغلىدى. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىلى ۋادىسىدىن غەربىي جەنۇبقا سىلجىپ، قەشقەرگە كەلدى ۋە بۇ يەردە ئانچە ئۇزۇن تۇرمايلا باكتىرىيە (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى) گە ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوك قىرغىقىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى.

3 . باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ مەكتۇبىدا: لولان، ئۇيسۇن، ئوغۇزلارنى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 خانلىقنى ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالدىم، دېيىلگەن. مانا شۇنىڭغا

ئاساسلانغاندا، باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇن غەربكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىدە، يەتتە سۇدىكى (ئىلى ۋادىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئۇيسۇنلارنى، سەمەرقەنت ۋە بالقاش كۆلى بىلەن ئارال كۆلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قاڭلىلارنى، كاسپىي بويىدىكى ئالانلارنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنى تولۇق بويسۇندۇرغان. ھونلارنىڭ بۇ يۈرۈشلىرىدە ئالاھىدە مۇھىم بولغىنى، ئۇلار مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى بويسۇندۇرغان. دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەربىي ئۇيغۇرلار شۇنىڭدىن باشلاپ ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ دۆلەت تەركىبىگە كىرگەن.

4 . باتۇر تەڭرىقۇت خەن ۋېندىغا يازغان مەكتۇپىدا: «ئوقيا كۆتۈرگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە بولۇپ بىرلەشتى» دەپ تەھدىت سالغان.

خەن ۋېندى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال جاۋاب مەكتۇپ يوللاپ مۇنداق دېگەن: «خەن پادىشاھى، ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتنىڭ سالامەتلىكىنى ئېھتىرام ئىلە سورايدۇ. ئالىيلىرى ئەلچى شىخوجان (ھون ئەلچىسىنىڭ نامى ئا) ئارقىلىق پېقىرغا يوللىغان مەكتۇپلىرىدا: قوشۇنلارنى ئۇرۇش قىلىشتىن توختىتىپ، ئارام ئېلىشقا چىقىرىپ، جەڭ ئاتلىرىنى يايلاققا قويۇپ بېرىپ، كونا ئاداۋەتلەرنى ئەستىن چىقىرىپ، بۇرۇنقى بىتىمنامىنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك، چېگرا ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان ئاھالە تىنىچ، خاتىرجەم، ئارامخۇدا كۈن كۆرسە، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تىنىچ، پاراۋان ئۆتسەك ياخشى بولاتتى، دېگەن ئىكەنلا، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم.»[1]

خەن ۋېندى ئۆز ئەلچىسى ئارقىلىق يوللىغان مەكتۇپى بىلەن بىللە باتۇر تەڭرىقۇتقا ئېسىل تون - چاپانلار، ئالتۇن توقا (كەمەرنىڭ توقىسى)، كىمخاپ، خىلمۇ خىل رەڭدىكى شايى - ئەتلەسلەردىن بولۇپ ناھايىتى نۇرغۇن سوۋغا ئەۋەتكەن.

ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆز ئارا يېزىشقان مەكتۇپلىرىغا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن 175 يىل بۇرۇن، ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈز تۇتقان.

خەن سۇلالىسى ھونلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادى، ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئۇزۇن مۇددەت (مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ

(1) بەن گۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. ھونلار ھەققىدە قىسسە».

مىلادىدىن 130 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) پۇختا تەييارلىق كۆردى. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدىنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىدىن 140 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 87 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە)، ھونلارغا قارشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتتى.

خەن ۋۇدىنىڭ ھونلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ بىرى مىلادىدىن127 يىل بۇرۇن بولدى. بۇ ئۇرۇشتا، قوماندان ۋېي جىڭ باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە مىڭ كىشىلىك ئاتلىق، پىيادە قىسىملاردىن تەركىب تاپقان خەن قوشۇنى ھونلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئوردوس يايلىقىنى بېسىۋالدى.

ئىككىنچى قېتىمقى چوڭ ئۇرۇش مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن يۈز بەردى. بۇ ئۇرۇشتا، قوماندان، خو چۈبىڭ باشچىلىقىدىكى بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق، پىيادە قوشۇن ھونلارنىڭ كەڭسۇدىكى، تەڭرىتېغى (ھازىرقى چىلەنسەن تېغى) ۋە ئالچى تېغى (ھازىرقى يەنجىشەن تېغى) ئېتەكلىرىدىكى يايلاقلىرىغا بېسىپ كىرىپ ھونلاردىن خېشى كارىدورىنى تارتىۋالدى. خېشى كارىدورى بىر پارچە مۇنبەت يايلاق ئىدى. خەن سۇلالىسى خېشى كارىدورىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، شۇ جايغا ئىچكى جايلىرىدىن 200 مىڭ كىشىنى كۆچۈردى. خەن كۆچمەنلىرى يېڭى جايدا بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. خەن ۋۇدىنىڭ قارشىچە، چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى چېگرا بويلىرىغا كۆپ مىقداردا ئادەم كۆچۈرۈش ئىدى. خەن ۋۇدى خېشى كارىدورىنى مەمۇرى جەھەتتىن ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ۋۇۋېي، جيۇچۈەن، جاڭيې، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى تەسىس قىلدى.

ھونلار خېشى كارىدورىدىكى يايلاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ھەسرەتلىنىپ تۆۋەندىكى قوشاقنى توقۇغان:

ئايرىلىپ قالغاندا تەڭرىتېغىدىن،
ئاۋۇماس بولۇپ قالدى چارۋا مالىمىز.
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تېغىدىن،
مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز، ئايالىمىز.

قوشاقتا: «ئالچى تېغى » بىلەن، «مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز، ئايالىمىز»

دېگەن قۇرنىڭ باغلىنىپ تەسۋىرلىنىشى ناھايىتى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. چۈنكى هونلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى قىزىل ھەم سېرىققا مايىل بىر تۈرلۈك گۈلدىن ئەڭلىك ياساپ، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن يۈزىگە سۈركىشەتتى. هونلار مانا شۇ ئەڭلىكنى ئالچى (قىزىل) ئەڭلىك دەپ ئاتىشاتتى. شۇنىڭدەك، هون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ چوڭ مەلىكىسى (خانىش) مۇ ئالچى دەپ ئاتىلاتتى.

هونلار ئالچى تېغىنىڭ قولدىن كېتىشىنى هون خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئەڭلىكىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئوخشىتىپ، خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ چىرايى گۈزەل ئالچى بولالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى، دەپ ھەسرەتلەنگەن.

خەن ۋۇدى خېشى كارىدورىنى بېسىۋېلىپ ئىككى يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، مىلادىدىن 119 يىل بۇرۇن، هونلارغا قارشى يەنە ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى.

قوماندان ۋېي چىڭ، خوچۈبىڭلار باشچىلىقىدىكى 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق (ھەر بىرىنىڭ قول ئاستىدا 50 مىڭ ئاتلىق بار ئىدى) بىر نەچچە يۈز مىڭ پىيادە قوشۇن هونلارغا قارشى يۈرۈش باشلىدى، خەن قوشۇنلىرىدا 140 مىڭ تۇياق زاپاس ئاتمۇ بار ئىدى. خەن قوشۇنلىرى سەددىچىن سېپىلىدىن چىقىپ هونلار تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىردى. هون تەڭرىقۇتى ئىل چىسى تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 127 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ 114 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) باشچىلىقىدىكى هون ئاتلىق قوشۇنلىرى ئۇلارنى موڭغۇلىيە چۆلىدە پايلاپ تۇردى. موڭغۇلىيە چۆلىدە بولغان ئۇرۇشتا خەن قوشۇنلىرى ئىل چىسى تەڭرىقۇتنى قورشىۋالدى. لېكىن، تەڭرىقۇت قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ، ئەسىرگە چۈشۈشتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

بۇ قېتىمقى قانلىق ئۇرۇشتا، خەن قوشۇنلىرىدىن 100 مىڭ ئادەم، 120مىڭ ئات ئۆلدى. هونلاردىن 90 مىڭ ئادەم، نەچچە ئون مىڭ ئات ئۆلدى. هونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ھالسىرىغان خەن قوشۇنلىرى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا پېتىنالماي، ئارقىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. هونلارمۇ خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرەلمىدى. شۇ ئۇرۇشتا خەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان لى گۇاڭ بەلگىلەنگەن جايغا ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئېغىر جازاغا تارتىلىشىدىن قورقۇپ، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى. قانداق بولمىسۇن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇش ئارقىلىق خەن سۇلالىسى بۇرۇنقى پاسسىپ ئورۇندىن ئاكتىپ ئورۇنغا ئۆتتى. بۇرۇن هونلار تاجاۋۇز قىلغۇچى، خەن سۇلالىسى بولسا مۇداپىئەدە تۇرۇپ ئۆزىنى

قوغدىغۇچى ئورۇنىدا تۇرغانىدى. مىلادىيىدىن 127 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، ئەھۋال يۇقىرىقىنىڭ ئەكسى بولۇپ ئۆزگەردى.

خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن 119 يىل بۇرۇن، ھونلار بىلەن ئۇرۇشقان چاغنىڭ ئۆزىدىلا، چېگرا بويلىرىغا 700 مىڭ ئادەم كۆچۈردى.

خەن ۋۇدى ھونلارغا قارشى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى، دىپلوماتىيە ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئېلىپ باردى. ئۇ يىراقتىكىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، يېقىن قوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ستراتېگىيىسىنى قوللاندى. ئۇ يىراقتىكى ئەللەردىن دوست تېپىپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ھونلارغا قارشى بىرلىك سەپ تەشكىل قىلىش ئۈچۈن، جاڭ چيەننى مىلادىيىدىن 127 يىل بۇرۇن بىر قېتىم، مىلادىيىدىن 115 يىل بۇرۇن بىر قېتىم غەرب ئەللىرىگە ئەۋەتتى. جاڭ چيەن ئىككى قېتىم بېرىپ غەرب ئەللىرىنى چارلاپ كەلگەندىن كېيىن، خەن ۋۇدى ئۇنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، سوۋغا - سالام يوللاپ ئالداپ قىزىقتۇرۇش، قىز بېرىپ قۇدىلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئالدى بىلەن ئۇيسۇنلارنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنى ھونلارغا قارشى قېلىپ قويدى. مىلادىيىدىن 104 يىل بۇرۇن، ئۇيسۇنلار ھونلاردىن يۈز ئۆرۈپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولۇپ قالدى.

خەن ۋۇدى ئۇيسۇنلارنى يېنىغا تارتىۋالغاندىن كېيىن، ھونلارغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى يەنە باشلىدى. لېكىن، بۇنداق ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىدە خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولدى.

مەسىلەن: خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن 100 يىل بۇرۇن، لى لىڭ باشچىلىقىدا 5000 مىڭ كىشىلىك پىيادە قوشۇننى ھونلارغا قارشى ماڭدۇردى. لى لىڭ باشچىلىقىدىكى خەن پىيادە قوشۇنلىرى ھونلار تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىرىپ، شىمالغا قاراپ 30 كۈن ماڭغاندىن كېيىن، توغلا دەرياسىنىڭ بويىدا قۇتىغۇ تەگرىقۇت تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. لى لىڭ ئەسىرگە چۈشتى. خەن ۋۇدى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاساسى قوشۇننى ئەۋەتمىدى.

خەن ۋۇدى مىلادىيىدىن 97 يىل بۇرۇن، لى گۇاڭلى باشچىلىقىدا 180 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇننى ھونلارغا قارشى ماڭدۇردى. ھونلار تېررىتورىيىسىگە خېلى ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىرگەن خەن قوشۇنلىرىنىڭ لى گۇاڭلى ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان 140 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى

(70 مىڭ ئاتلىق، 70 مىڭ پىيادە) توغلا دەرياسىنىڭ جەنۇبى قىرغىقىدا قۇتىغۇ تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 101 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 96 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) باشچىلىقىدىكى ھون قوشۇنلىرى بىلەن ئون كۈن ئۇرۇشقاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ئېغىر تالاپەت كەلتۈردى.

خەن ۋۇدى يۇقىرىدىكى ئىككى قېتىملىق مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، مىلادىدىن 91 يىل بۇرۇن ھونلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، لى گۇاڭلى باشچىلىقىدا ھونلارغا قارشى يەنە قوشۇن ماڭدۇردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان غولىقو تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 96 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 85 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنلىرىنى ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى خاڭگەي تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ئېتىكىگە باشلاپ كېلىپ، ئۇرۇشقا تەييارلاندى. غولىقو تەڭرىقۇت جەنۇبقا قارىتىپ ئۇزۇن ۋە چوڭقۇر خەندەك قازدۇردى. خەندەك ئۈستى نىقاپلاندى. لى گۇاڭلى باشچىلىقىدىكى 70 مىڭ كىشىلىك خەن قوشۇنى ھونلار قازغان خەندەكنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار نىقابلانغان خەندەكتىن خەۋەرسىز ئىدى. غولىقو تەڭرىقۇت يېرىم كېچىدە تۇيدۇرماستىن خەن قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۇشتۇمتۇت شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغان خەن قوشۇنلىرى ناھايىتى قالايمىقان ھالدا ئالدىغا قاراپ قاچتى ۋە نۇرغۇنى خەندەككە يىقىلىپ چۈشۈپ ھالاك بولدى. لى گۇاڭلى ناھايىتى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى ۋە ئەسىرگە چۈشتى، ھونلار شانلىق بىر غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، خەن ئەسكەرلىرىنىڭ بىرىمۇ ساق قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن بەختسىز ۋە شۆھرەتسىز لى گۇاڭلىنى (ئۇ پەرغانىگە قىلغان ئىككى قېتىملىق يۇرۇشىدە ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققانىدى) غولىقو تەڭرىقۇت مىلادىدىن89 يىل بۇرۇن « ئانامنىڭ ۋاپاتىغا قۇربانلىق قىلىمەن» دېگەن باھانە بىلەن ئۆلتۈردى.

ھونلارنىڭ مىلادىدىن 91 يىل بۇرۇنقى شۇ ئۇرۇشتا قازانغان غەلىبىسى دۇنيانىڭ ئۇرۇش تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

خەن سۇلالىسى، مىلادىدىن 104 يىل بۇرۇن ئۇيسۇنلارنى يېنىغا تارتىپ ھونلارغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغاندىن تارتىپ 74 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان 30 يىل ئىچىدە، ئۇيسۇنلارنىڭ كۈن بەگلىرىگە (كۇنمو - ) شىجۈن، جەيۇ ئاتلىق مەلىكە قىزلىرىنى ياتلىق قىلدى.

مىلادىدىن 104 يىل بۇرۇن ئۇيسۇن خانى راغومىغا ياتلىق بولغان مەلىكە شىجۈن ئۆزىنىڭ ئۇستىگە يۈكلەنگەن سىياسىي، ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىدى. راغومى ناھايىتى قېرىپ كەتكەنىدى، مەلىكە ئۇيسۇن تىلىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۇيسۇنلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە كۆنەلمىدى. شۇڭا، ئۇ دائىم مۇڭلىناتتى، ئۇ « مەلىكە قوشىقى » ناملىق بىر قوشاق توقۇغان، قوشاق مۇنداق:

ئۆزاتتى يىراققا مېنى تۇغقانلار،
ياتلىق قىلىشىپ ئۇيسۇن خانىغا.
ئۆيلىرى يۇمىلاق كىگىز ئوتاۋكەن،
ئۇلارنىڭ ئوزۇقى ئەكەن گۆش، قىمىز،
ئۆرلەيدۇ پىغانىم يۇرتنى ئەسلىسەم،
قۇش بولۇپ يۇرتۇمغا ئۇچۇپلا كەتسەم...

راغومى ئۆزىنىڭ بەكمۇ قېرىپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەلىكە شىجۈننى نەۋرىسى قۇنشۇمىغا چېتىپ قويىدۇ. مەلىكە قۇنشۇمىدىن بىر قىز تۇغىدۇ. ئۇزى ئانچە ئۇتمەيلا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خەن ۋۇدى، مىلادىدىن 100 يىل بۇرۇن ئۆز تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭ جەيۇ ئاتلىق قىزىنى قۇنشۇمىغا ياتلىق قىلىدۇ. بەختكە قارشى، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، قۇنشۇمى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ھون بىكەسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى نىمى كىچىك بولغانلىقتىن، مەرھۇمنىڭ تۇغقىنى ئۇڭغۇمى ۋاقىتلىق خان بولىدۇ.

ئۇيسۇنلارنىڭ ئادىتى بويىچە مەلىكە جەيۇ ئۇڭغۇمىغا ياتلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغىدۇ.

ئۇيسۇنلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن غەزەپلەنگەن غۇياندى تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 85 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 65 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) مىلادىدىن 74 يىل بۇرۇن، غەربىي ئۇيغۇرلاردىن قۇشۇ خانلىقى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. غۇياندى تەڭرىقۇت دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇيسۇنلارغا

ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن مەلىكە جەيۇنى ھونلارغا تۇتۇپ بېرىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە، مەلىكە جەيۇ بىلەن ئۇنغۇمى پادىشاھ خەن شۈەندىگە مەكتۇپ يېزىپ، ئۇنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

پادىشاھ خەن شۈەندى مەلىكە جەيۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، مىلادىدىن 71 يىل بۇرۇن 160 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى بەش يۆنىلىش بويىچە ھونلارغا قارشى ماڭدۇرىدۇ. خەن قوشۇنلىرى سەددىچىن سېپىلىنىڭ قوۋۇقلىرىدىن چىقىپ، ھونلار تېررىتورىيىسىگە خېلى ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولسىمۇ، ھونلارنىڭ ئاساسى كۈچلىرىنى ئۇچرىتالماي، ئارقىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. چۈنكى، غۇياندى تەڭرىقۇت ھونلارنىڭ ئاساسى كۈچلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چېكىنىپ زەربە بېرىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، خەن قوشۇنلىرى بىلەن ئومۇميۈزلۈك كەسكىن ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلانغانىدى.

لېكىن ئۇيسۇن قوشۇنلىرى ھونلارغا غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ھونلارنىڭ ئوڭ قول بىلگە خان ئوردىسىنى (ھازىرقى ماناس بىلەن فۇكاڭ ئارىلىقىدا بولغان) ۋەيران قىلىپ، 40 مىڭ ئادەم ۋە 700 مىڭ تۇياق چارۋا مالنى ھەيدەپ كېتىدۇ.

غۇياندى تەڭرىقۇت شۇ يىلى ئۇيسۇنلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ غەلىبە بىلەن قايتىدۇ. لېكىن قايتىشىدا، قېلىن قار، قاتتىق سوغۇقتا قېلىپ، ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادىدىن 71 يىل بۇرۇن، ھونلارنىڭ ئۈزۈكسىزلىكتا ئۇچرىغانلىقىدىن پايدىلانغان شەرقىي تۇرالار ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھونلارغا شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدۇ. دەل شۇ پەيتتە، ئوغانلارمۇ ھونلارغا شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدۇ. دېمەك، مىلادىدىن 71 يىل بۇرۇن، ھونلار غەرب تەرەپتە ئۇيسۇنلارنىڭ، شىمال تەرەپتە تۇرالارنىڭ، شەرقتە ئوغانلارنىڭ، جەنۇب تەرەپتە خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ[1].

شەرقىي تۇرالار مىلادىدىن 71 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھونلارغا بويسۇنمىدى. شەرقى تۇرالار شۇ مەزگىل ئىچىدە، مىلادىدىن 61 يىل بۇرۇن ھونلارغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. شۇلوي

(1) بەن گۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. ھونلار ھەققىدە قىسسە».

قانقـۇي تەڭرىقـۇت 10 مىڭدىن ئارتـۇق قوشـۇننى ئەۋەتىپ ئۇلاردىن ئۆچ ئالماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئانچە ياخشى نەتىجە چىقمىدى[1].

شـۇلوي قانقـۇي تەڭرىقـۇت مىلادىيىدىن 60 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھون ھۆكۈمرانلىرى تەڭرىقۇتلۇق دەۋاسى قىلىشىپ، بىر نەچچە يىلغا سوزۇلغان قانلىق ئىچكى ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. مىلادىيىدىن 60 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىيىدىن 52 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان سەككىز يىل ئىچىدە، قۇغۇشار، قۇتىئۇش، تۇجۇ، ئۇغۇز، چىلى قاتارلىق ھون شاھزادىلىرى ئۆزلىرىنى تەڭرىقۇت دەپ جاكارلىدى. بۇ تارىختا «بەش تەڭرىقۇتنىڭ ھوقۇق تالىشىشى» دەپ ئاتالدى.

شـۇلوي قانقـۇي تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى قۇتىئۇش تەڭرىقۇت 50 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاتلىق قوشۇنغا تايىنىپ، تۆت يىل ئىچىدە (52 ـ 56) ھونلار تەختىنى تالىشىپ ئۆزلىرىنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتاشقان قۇغۇشار تەڭرىقۇت، تۇجۇ تەڭرىقۇت (56 58)، ئۇغۇز تەڭرىقۇت (57 ـ )، چىلى تەڭرىقۇت (56 57) قاتارلىق تەڭرىقۇتلارنى بىر ـ بىرلەپ تارمار كەلتۈردى. مانا شۇ بىر نەچچە يىل داۋام قىلغان ئىچكى ئۇرۇشتا، ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ، ھونلار ئىلى قان دەرياسىغا چۆمۈلدى، جەسەت دۆۋىلىرى ئۈستىدە ئاغزى قانغا بويالغان بۆرىلەر ھۆۋلىشىدىغان، ياۋايى يىرتقۇچ قۇشلار چىرقىرىشىدىغان ناھايىتى قورقۇنچلۇق مەنزىرە پەيدا بولدى. ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن جايلاردا، يېشىل يايلاقلار، دالالار، چۆللەرنىڭ ئۈستىنى ئاقىرىپ تۇرغان ئادەم سۆڭەكلىرى قاپلاپ كەتتى. چارۋا ماللارنىڭ 90 پىرسەنتى قىرىلىپ، خەلق ئاچارچىلىق ئىچىدە قالدى. ئۆز ئارا بولغان ئۇرۇشتا سەپەرۋەر قىلىنغان قوشۇن 350 مىڭ كىشىلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن 300 مىڭغا يېقىن ئادەم ئۆلدى.

ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان قۇتسىئۇش تەڭرىقۇت ھونلارنىڭ پايتەختى ئۆتۈكەنكە كىرىپ تەنتەنە بىلەن تەختكە چىقتى. ئاكىسى قۇتىئۇش تەڭرىقۇتتىن يېڭىلىپ نىمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان قۇغۇشار تەڭرىقۇت يېقىنلىرىنى يىغىپ قانداق قىلىش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئىل قۇساي ئاتلىق ۋەزىرى خەن سۇلالىسىگە بېقىنىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قۇتىئۇش تەڭرىقۇتنى يوقىتىپ، ھونلار تەختىنى

(1) بەن گۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. ھونلار ھەققىدە قىسسە».

ئىگىلەشنى تەشەببۇس قىلدى. باشقا هون بەگلىرى ئىبىل قۇسايغا قارشى چىقتى، ئۇلار «هونلار ئات مىنىشكە ئۇستا بىر خەلق بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشتا دۇنيادا داڭقى بار. هونلار باتۇرلۇقنى ئىززەتلەيدۇ، باش ئېگىشنى پەسكەشلىك دەپ بىلىدۇ. ئۇرۇش قىلىپ ئۆلۈش باتۇرلۇقنىڭ خىسلىتى. هازىر ئاكا ـ ئۇكىلار ئارىسىدا هاكىمىيەت تالىشىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، هون هاكىمىيىتى يەنىلا قېرىنداشلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكىنى يوق»[1] دېيىشتى.

قۇغۇشار تەڭرىقۇت ئىبىل قۇسايىنىڭ تەشەببۇسىنى ماقۇل كۆردى. ئۇ مىلادىدىن 52 يىل بۇرۇن، بىرنەچچە ئون مىڭ ئاتلىق قوشۇن ۋە ئۆزىگە ئەگەشكەن بىر قىسىم هونلارنى باشلاپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ ئوغلىنى چاڭئەنگە ئەۋەتتى.

قۇتىئۇش تەڭرىقۇت قۇغۇشارنىڭ خائىنلىق يولىغا ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ، ناهايىتى قاتتىق غەزەپلەندى.

قۇغۇشار تەڭرىقۇت مىلادىدىن 51 يىل بۇرۇن، چاڭئەنگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇنى ئاڭلىغان خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن شۈەندى خۇشاللىقىنى باسالماي، مەشھۇر ئەمەلدارلىرى، خانلىرى باشلىق بىر نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى باشلاپ چاڭئەننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ۋېيخې دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىگىچە كېلىپ، قۇغۇشارنى قارشى ئالدى. قۇغۇشار خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ياردىمىنى ئېلىپ قۇتىئۇش تەڭرىقۇتقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا كېلىشتى. خەن سۇلالىسى ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولدى ۋە ئۇنى ۋاقىتىنچە تۇرىدىغان جايى بولغان باۋتۇنىڭ غەربىي جەنۇبىغا ئۇزىتىپ قويدى، ھەتتا قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنى قوغدىدى. خەن شۈەندى قۇتىئۇش تەڭرىقۇتنىڭ چاڭئەنگە گۆرۈگە ئەۋەتكەن ئوغلىنى قايتۇرۇۋەتتى. بۇ خەن سۇلالىسىنىڭ قۇتىئۇش تەڭرىقۇت بىلەن دۈشمەنلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى ئىدى.

قۇتىئۇش تەڭرىقۇت ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، مىلادىدىن 49 يىل بۇرۇن پايتەخت ئۇتۈكەننى تاشلاپ چىقىپ، شىمالغا قاراپ كەتتى. قۇتىئۇش تەڭرىقۇت ئەڭ ئاۋۋال چۆچەك ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان ئوغۇزلارنى بويسۇندۇردى. ئاندىن كېيىن ھەربىي قوشۇنلىرىنى تولۇقلاپ، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىكى قىرغىزلار ئۈستىگە ماڭدى

(1) يۇخېڭ: «خەن سۇلالىسى قىزلىرى ئۇيسۇندا» خەنزۇچە 71 ـ بەت.

ۋە ئۇلارنى بويسۇندۇردى، ئارقىدىن بايقال بويلىرىدىكى تۇرالارنى بويسۇندۇرۇۋالدى. قۇتىئۇش تەڭرىقۇت ئوغۇزلار، قىرغىزلار، تۇرالارنى بويسۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خېلى دەرىجىدە كۈچەيدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بۇ ئۈچ خانلىقنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇيسۇنلار قاتتىق قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدى. مىلادىدىن 71 يىل بۇرۇن، ھونلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە 20 يىل مۇستەقىل بولۇۋالغان تۇرالار مىلادىدىن 49 يىل بۇرۇن قۇتىئۇش تەڭرىقۇت تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ مىلادىنىڭ 85 - يىلىغىچە ھونلار دۆلىتىنىڭ تەركىبىدە تۇردى.

مىلادىدىن 49 يىل بۇرۇن، قۇتىئۇش تەڭرىقۇت ئۇتۇكەننى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن، قۇغۇشار تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، ئۇتۇكەنگە قايتىپ بېرىپ، ھونلار تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. ئۇ مىلادىدىن 33 يىل بۇرۇن چاڭئەنگە كېلىپ، چاڭئەندە بىر نەچچە ئاي زىيارەتتە بولدى. ئۇ شۇ چاغدا، پادىشاھ خەن يەندى بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ باردى. مىلادىدىن 36 يىل بۇرۇن، ئالاس ئۇرۇشىدا، قۇتىئۇش تەڭرىقۇت چىڭ تاڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قوغۇشار ئۆزىنى ھونلارنىڭ يەككە - يېگانە تەڭرىقۇتى دەپ ھېسابلىغانىدى. قۇتىئۇش تەڭرىقۇت ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۇرالار، قىرغىزلار، ئوغۇزلار، تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى ھون تەڭرىقۇتى قوغۇشارغا بېقىندى. قوغۇشار مىلادىدىن 33 يىل بۇرۇن، خەن مەلىكىسى ۋاڭ جاۋجۈنگە ئۆيلەندى. بۇ ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئاخىرقى قۇدىلىشىش بولۇپ قالدى.

قوغۇشار تەڭرىقۇتتىن تارتىپ خوتۇئارشى تاۋغانوتى تەڭرىقۇتقىچە بولغان 90 يىل ئىچىدە (مىلادىدىن 43 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 46 - يىلىغىچە)، ھونلار ئېلىدە ئاجايىپ بىر گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. مىلادىدىن 43 يىل بۇرۇن، قوغۇشار تەڭرىقۇت ھونلار پايتەختىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خەن سۇلالىسىگە بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھونلار ئىچكى ئۇرۇشلار، تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلى ۋەيران بولغان ئىقتىسادى (چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئوۋچىلىق، سودىلار) نى ئۆز ھالىتىگە كەلتۈرۈۋالدى. ھونلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادى

ئەھۋالىنى ياخشىلىۋالغاندىن كېيىن، دۆلىتىدە خاتىرجەملىك ئورناتتى. غەربىي قوشۇنلىرىنى قايتىدىن تەشكىللەپ تولۇقلىدى. قايتىدىن قۇدرەتلەنگەن ھون تەڭرىقۇتلۇقى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەربىي ئاسىيادىكى بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن تىكلىۋالدى.

ھون تەڭرىقۇتلۇقىدا گۈللىنىش يۈز بېرىپ، ھونلار يەنە قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانغان چاغدا، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ ئانا جەمەتىدىن بولغان ۋاڭ ماڭ دېگەن ئادەم مىلادىنىڭ 9 ـ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يامانلاشتى.

ۋاي ماڭ، جۇڭگودىكى جېنىدىن تويغان جىنايەتچىلەر، ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلانغان كەمبەغەللەر، ياش يىگىتلەردىن بولۇپ 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللىدى. مىلادىنىڭ 10 ـ يىلى، بۇ قوشۇننى 12 قىسىمغا بۆلۈپ 12 سانغۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە، 12 يۆنىلىش بويىچە ھونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدۇردى. بۇ قوشۇنلار سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن تەييار تۇرۇشتى.

قىيانوتى تەڭرىقۇت باشچىلىقىدىكى نەچچە يۈز مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان ھون ئاتلىق قوشۇنلىرى سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىغا توپلاندى. ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىشكە تاسلا قالدى. لېكىن چوڭ ئۇرۇش بولمىدى. ۋاڭ ماڭنىڭ يولسىزلىقىدىن غەزەپلەنگەن ھونلار سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلدى. بۇرۇنقى دوستلۇق ئورنىنى دۈشمەنلىك ئىگىلىدى. ۋاڭ ماڭ مىلادىنىڭ 13 ـ يىلى ھونلارنىڭ غەربىي تېررىتورىيىسىدىكى غەربىي ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلدى. ھونلارنىڭ ياردىمىنى ئالغان قارا شەھەر خانلىقى دەن چىن باشچىلىقىدىكى ۋاڭ ماڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىر قىسمىنى قىرىپ تاشلىدى. دەن چىن ئۇرۇشتا ئۆلدى. ۋاڭ ماڭ بۇ مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، مىلادىنىڭ 16 ـ يىلى قارا شەھەرگە يەنە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا قارا شەھەر خانلىقى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. ۋاڭ ماڭنىڭ غەربىي ئۇيغۇرلارغا قىلغان ھۇجۇمى تارمار بولغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قاتناش مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى. ھونلار، ۋاڭ ماڭغا يول قويمىدى.

ۋاڭ ماڭمۇ ھونلارغا بولغان دۈشمەنلىكىدىن يانماي، مىلادىنىڭ 19 ـ يىلى بىر نەچچە يۈزمىڭ كىشىلىك قوشۇننى جۇڭگونىڭ شىمالىي چېگرىسىغا توپلاپ،

هونلارغا هۇجۇم قىلماقچى بولدى. لېكىن، ۋاڭ ماڭنىڭ بۇ نىيىتىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مىلادىنىڭ 24 ـ يىلى جۇڭگودا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. ۋاڭ ماڭنىڭ ئۆزى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

مىلادىنىڭ 46 ـ يىلىغا كەلگەندە، هونلار ئىچىدە بۆلۈنۈش ئالامىتى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مىلادىنىڭ 46 ـ يىلى خوتۇ ئارشى تاۋغانوتى تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئۇداتقۇ تەڭرىقۇت بولدى. يېڭى تەڭرىقۇت شۇ يىلىلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا خوتۇ ئارشى تاۋغانوتى تەڭرىقۇتنىڭ ئۇكىسى پانۇ تەڭرىقۇت بولدى. دەل شۇ چاغدا، هونلار ئېلىدە ئېغىر تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، ئۇدا بىر نەچچە يىل قۇرغاقچىلىق هۆكۈم سۈردى. ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا، چېكەتكە ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئوت ـ چۆپلەر قۇرۇپ كەتتى. چەكسىز كەتكەن يايلاقلار تاقىر چۆلگە ئايلىنىپ كەتتى. ئادەملەر ۋە چارۋا ماللارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىكتە ئۆلۈپ كەتتى.

بۇنداق دەھشەتلىك ئەھۋال يۈز بەرگەندە، پانۇ تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ هۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، خەن سۇلالىسى بىلەن هونلار ئارىسىدىكى كەسكىن مۇناسىۋەتنى يۇمشاتماقچى، ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گۇاڭ ۋۇدىمۇ لى ماۋنىڭ باشچىلىقىدا هونلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن سۆھبەت باشلىدى.

كۈتۈلمىگەندە، هون بەگچىكى بەي، گۇ خېيڭ ئاتلىق خەنزۇ ئارقىلىق هون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ خەرىتىسىنى خەن پادىشاھىغا ئەۋەتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ خەن پادىشاھىدىن ياردەم ئېلىپ، پانۇ تەڭرىقۇتقا قارشى چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

خەن سۇلالىسى ئەسىرلەر بويى كۈتۈپ كەلگەن ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشۋاتقانلىقىدىن ناھايىتى خۇشاللىنىپ، بەينىڭ تەلىپىنى بەجانىدىل قوبۇل قىلدى. شۇڭلاشقا پانۇ تەڭرىقۇتنىڭ قۇدىلىشىش تەلىپىنى رەت قىلدى. بەي مىلادىنىڭ 48 ـ يىلى ئۆزىنى تەڭرىقۇت دەپ جاكارلىدى. مانا شۇ يىلى هونلار ئۈچۈن ناھايىتى كەسكىن بۇرۇلۇش يۈز بەرگەن بىر يىل بولدى. چۈنكى شۇ يىلى بىر پۈتۈن هون تەڭرىقۇتلۇقى شەرقىي (جەنۇبىي)، غەربىي (شىمالىي) هونلاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

غەربىي ھونلار (مىلادىنىڭ 48 ـ يىلىدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 350 ـ يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئۆزىنىڭ تۇنجى تەڭرىقۇتى پانۇ تەڭرىقۇتنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 48 ـ يىلىدىن 83 ـ يىلىغىچە تەڭرىقۇت بولغان) ئۆز بېشىدىن ناھايىتى مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى كەچۈردى.

مىلادىنىڭ 49 ـ يىلى شەرقتىكى ئۇغانلار سىيانپىلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، غەربىي ھونلارنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بىرلىشىۋالدى.

خەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى غەربىي ھونلارنى پارچىلاش، قامال قىلىش، ئاخىر بىرىپ يوقىتىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن بارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۇلار غەربىي ھونلارنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى خانلىقلار (ئاساسەن غەربىي ئۇيغۇرلار) بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادى ئالاقىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇندى، لېكىن بۇ ئەمەلگە ئاشمىدى.

غەربىي ھونلار ئۇدا بىر نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن تەبىئىي ئاپەت، شەرقىي ھونلار ئۇغانلار، سىيانپىلارنىڭ ھۇجۇملىرى سەۋەبىدىن غەربكە سىلجىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

پانۇ تەڭرىقۇت ئەھۋالنىڭ شۇنداق ئېغىرلىقىغا قارىماي، ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي قىسمى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان) نى تىزگىنلىۋالدى. پانۇ تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىنى چەكلەشكە، ئۇلارنىڭ شەرقى ھونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى. پانۇ تەڭرىقۇت بۇ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 51 ـ، 52 ـ، 55 ـ، 64 ـ يىللىرى تۆت قېتىم خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قۇدىلىشىشنى ۋە ئۆز ئارا سودىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. خەن سۇلالىسى مىلادىنىڭ 64 ـ يىلى پانۇ تەڭرىقۇتنىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، پەقەت ئۆز ئارا سودىنى يولغا قويۇشقىلا رازىلىق بىلدۈردى. لېكىن، سودا ئالاقىسى مىلادىنىڭ 73 ـ يىل ئۆز ئارا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتىن كېيىن ئۈزۈلدى.

پانۇ تەڭرىقۇت ئۆزىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئەھۋالىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، خەن سۇلالىسى غەربىي ھونلارغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى.

خەن سۇلالىسى شەرقىي ھونلار، ئۇغانلار، سىيانپىلار بىلەن بىرلىشىپ، بىر نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، بىر نەچچە يۆنىلىش

بويىچە هونلارغا هۇجۇم باشلىدى. گەنسۇنىڭ جيۇچۇەندىن يولغا چىقىپ غەربكە يۈرۈش قىلغان بىرلەشمە قوشۇن تۇرپاننىڭ شىمالى (جىمسار ئەتراپى) غەربىي هونلارنىڭ خانى غوياننى تارمار قىلىپ، قۇمۇلنى بېسىۋالدى. باشقا يۆنىلىشتىن هونلارغا قارشى ماڭغان قوشۇنلار هونلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنى ئۇچرىتالماي ئارقىغا چېكىنىدى.

خەن سۇلالىسى مىلادىنىڭ 73 ـ يىلى هەربىي ستراتېگىيە ۋە خەلقئارا قاتناشتا ناهايىتى مۇهىم بولغان قۇمۇلنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، تارىم ۋادىسىدىكى خانلىقلار بىلەن غەربىي هونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. تارىم ۋادىسى هونلارنىڭ ئاشلىق ئېھتىياجىنى قامدايدىغان ئەڭ ئاساسلىق بازىسى ئىدى. پادىشاھ خەن مىندى (58 ـ 75) بەن چاۋنى 36 ئادەم بىلەن تارىم ۋادىسىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

بەن چاۋ تارىم ۋادىسىغا كېلىپ، 30 يىل پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇ شۇ جەرياندا، ئەلچىلەرنىڭ هوقۇق دائىرىسىدىن چىقىپ، خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ئەرزىيدىغان بىر مۇنچە ئىشلارنى قىلدى.

بەن چاۋ تارىم ۋادىسىدا هونلارغا قارشى هەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا، پانۇ تەڭرىقۇت كوچا خانلىقى بىلەن قارا شەھەر خانلىقىنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا، قۇمۇل، ئارقا قوشۇ خانلىقى (جىمسار ئەتراپىدا) ئالدى قوشۇ خانلىقى (تۇرپاندا) دىكى خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، بىر چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتى. پادىشاھ خەن جاڭدى (76 ـ 88) پانۇ تەڭرىقۇتنىڭ قىستىشى بىلەن، بەن چاۋنى ۋە قۇمۇلدا دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان هەربىي دېھقانلارنى قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. مىلادىنىڭ 73 ـ يىلىدىن 77 ـ يىلىغىچە تۆت يىل داۋام قىلغان خەلقئارا قاتناش هونلار تەرىپىدىن يەنە ئۈزۈپ تاشلاندى. بۇنداق ئۈزۈلۈش 14 يىل (77 ـ 91) داۋام قىلدى. بەن چاۋ مىلادىنىڭ 77 ـ يىلى پادىشاھ خەن جاڭدىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېتىشكە تەييارلىنىپ يولغا چىققاندا، خوتەن خانى ئۇنىڭ كەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. بەن چاۋ ئەلچى سۈپىتىدە خوتەن خانلىقىدا يەنە تۇرۇپ قالدى. ئۇ مىلادىنىڭ 80 ـ يىلى خەن جاڭدىغا ئەۋەتكەن مەكتۇبىدا: «ياۋايى ياتلارنى ياۋايى ياتلار ئارقىلىق ئۇجۇقتۇرۇش جۇڭگو ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ»[1] دەپ يازدى. ئۇ

(1) بەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمى تارىخى» خەنزۇچە 192 ـ بەت.

پادىشاھتىن ئۆزىگە قوشۇن ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. پادىشاھ خەن جاۋدى ئۇنىڭغا شۈي خەن باشچىلىقىدا 1000 كىشىدىن تەركىب تاپقان كىچىك قوشۇن ئەۋەتىپ بەردى.

بەن چاۋ تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئۆزئارا زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن كاللا سوقۇشتۇرۇپ، ئۆز ئارا ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، كۆپلەپ قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولدى.

بەن چاۋ مىلادىنىڭ 87 - يىلى، غەربىي ھونلارنىڭ ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا سىيانپىلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق خانلىقلارنى، غەربىي ھونلارغا سادىق بولغان كوچا ۋە قارا شەھەر خانلىقلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا كۆشكۈرتۈپ، كوچا، قارا شەھەر خانلىقلىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقۇزدى[1].

خەن سۇلالىسى سىيانپىلار، تۇرالار (بۇلار مىلادىنىڭ 85 - يىلى ھونلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنىدى) ۋە جەنۇبىي ھونلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىنىڭ 85 -، 87 -، 90 -، 91 - يىللىرى غەربىي ھونلارنى بىر نەچچە قېتىم مەغلۇپ قىلدى. شەرقىي ھونلار ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان غەربىي ھونلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشتا خەن سۇلالىسى ئۈچۈن جان تىكىپ كەتمەن چاپقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىمۇ ئاخىر مىلادىنىڭ 216 - يىلى ساۋ ساۋ تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

غەربىي ھونلار مىلادىنىڭ 91 - يىلى ئۆز دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا قۇمۇلنى خەن سۇلالىسىگە تارتتۇرۇپ قويدى، 14 يىل ئۈزۈلۈپ قالغان خەلقئارا قاتناش يەنە باشلاندى. بۇنداق ئەھۋال 16 يىل داۋام قىلدى. مىلادىنىڭ 106 - يىلى خەن سۇلالىسى ئوردىسى بەن چاۋنى قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

غەربىي ھونلار مىلادىنىڭ 106 - يىلى قۇمۇلنى خەن سۇلالىسىدىن تارتىۋالدى، خەلقئارا قاتناش يولىنىمۇ تىزگىنلىۋېلىپ، تارىم ۋادىسىدىكى خانلىقلار بىلەن يەنە ئاپاق - چاپاق بولۇۋالدى.

خەن سۇلالىسى مىلادىنىڭ 123 - يىلى بەن يۇڭنى 500 كىشىلىك قوشۇن بىلەن تارىم ۋادىسىغا ئەۋەتتى. بەن يۇڭ لۈكچۈن ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، بەزى خانلىقلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ھونلارنىڭ تەسىرىنى تارىم

(1) رېنى گروسست (فرانسۇز تارىخچىسى): «بوز قىر ئىمپېراتورلۇقى» تۈركچە 62 - بەت.

ۋادىسىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئۇرۇندى، بەن يۇن قوشۇننى تارتقۇزۇپ، لېكىن مىلادىنىڭ 124 - يىلى غويان خان باشچىلىقىدىكى ھونلار ئارقا قوشۇ خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ، قومۇلدا تۇرىدىغان سۇبان باشچىلىقىدىكى خەن قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، سۇباننى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئالدى قوشۇ خانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، شەرقتىن غەربكە بارىدىغان قاتناشنى تىزگىنلىۋالدى. مىلادىنىڭ 127 - يىلى خەن پادىشاھى بەن يۇننى جىنايەت ئۆتكۈزدى، دەپ قايتۇرۇپ ئەكېتىپ زىندانغا تاشلىدى[1].

غەربىي ھونلار ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسەن تارىم ۋادىسى) دىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، خەن سۇلالىسى بىلەن 50 يىلچە (مىلادىنىڭ 70 - يىلىدىن 127 - يىلىغىچە) تىركەشتى. شۇ مەزگىلدە كۆپرەك تالاش - تارتىشتا قالغان جاي قومۇل بولدى. تۇرلۇك سەۋەبلەرگە كۆرە، خەن سۇلالىسىنىڭ تارىم ۋادىسىنى تىزگىنلىۋېلىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن ھونلار يول قويمىدى.

## سىيانپىلار ۋە ئۇيغۇرلار

سىيانپىلار ئەسلىدە تۇڭگۇسلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى. مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇن ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت ھازىرقى موڭغۇلىيە بىلەن ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىدىن تارتىپ، ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە سوزۇلغان تېررىتورىيىدە ياشايدىغان تۇڭگۇسلارنى ۋە موڭغۇللارنى بويسۇندۇرغان، شۇ چاغدا تۇڭگۇسلارنىڭ بىر قىسمى قىدىرقان تاغلىرىنىڭ شىمالىي تىزمىلىرىدىن سىيانپى تاغلىرىغا (ھازىرقى لياودۇڭ رايونىدا) بېرىپ جايلاشقان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇ تاغنىڭ نامى بىلەن «سىيانپى» دەپ ئاتىغان[2].

سىيانپىلار مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 48 - يىلىغىچە (تەخمىنەن 260 يىل) ھونلارغا بېقىنىپ ياشىغانىدى. مىلادىنىڭ 48 - يىلى ھونلار ئىككىگە شەرقىي ۋە غەربىي ھونلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەندە، سىيانپىلار ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋالدى. ئۇلار شۇنىڭدىن باشلاپ قىدىرقان تاغلىرىنىڭ شىمالىي تىزمىلىرىدىن خولونبىر كۆللۈك رايونى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىدىكى قارامۇرەن ۋادىسى) غا كۆچكەن. بۇ مىلادىنىڭ

---

(1) يەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمى تارىخى» خەنزۇچە 192 - بەت.

(2) «كېيىنكى خەن يىلنامىسى. سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە».

60 ـ يىلى ئىدى. كېيىن، قاراموren ۋادىسىدىن غەربكە قاراپ كۆچۈپ، ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ قوبدۇ رايونىغا كەلگەن.

مىلادى II ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، سىيانپى خانى قىپان سىيانپى قەبىلىلىرىنى باشلاپ، قوبدۇ رايونىدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ كۆچۈشكە باشلىدى. رىۋايەتلەردە ئۇلارنىڭ بۇ مۇشەققەتلىك ۋە خەتەرلىك كۆچۈشىدە قىياپىتى ئاتقا، ئاۋازى كالىغا ئوخشىشىدىغان «سايىبى» ناملىق بىر ئىلاھىي ھايۋان ئۇلارغا يول باشلىغان دېيىلىدۇ. سىيانپىلار مانا شۇ ئىلاھىي ھايۋاننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، ئېگىز تاغلار، چوڭقۇر جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، قاتمۇ قات توسۇقلارنى بۆسۈپ چىقىپ، بىر يىل دېگەندە ئاندىن كۆزلىگەن جايىغا يېتىپ، كەلگەنمىش. شۇنىڭدىن باشلاپ سىيانپىلار «سايىبى» دېگەن بۇ ئىلاھىي ھايۋانغا چوقۇنۇپ، ئۆزلىرىنى «سايىبى» دەپ ئاتايدىغان بولغانىكەن[1]. بۇ رىۋايەتكە كۆرە، «سىيانپى» دېگەن نام «سايىبى» دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى خىل قاراشنىڭ بىرىدە «سىيانپى» دېگەن نام تاغنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىلسە، يەنە بىرىدە «سىيانپى» دېگەن نام ئىلاھىي ھايۋان «سايىبى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىلىدۇ. بۇ خىل قاراشنىڭ قايسىبىرىنىڭ توغرىلىقى ھېلىغىچە ھەل بولمىدى.

سىيانپىلار مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە تەخمىنەن 300 يىل ئەتراپىدا ھونلار ئىتتىپاقىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاساسەن تۈركلىشىپ كەتكەن.

مىلادىنىڭ 48 ـ يىلىغا كېلىپ، ھونلار بۆلۈنۈپ كەتكەندە، تۈڭگۈسلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئوغانلار ئىسيان كۆتۈرۈپ ھونلار تەركىبىدىن چىقىپ كەتتى. بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن خەن سۇلالىسى سىيانپىلارنىمۇ ھونلارغا قارشى كۈشكۈرتۈپ قويدى. خەن سۇلالىسى يەنە مىلادىنىڭ 58 ـ يىلى سىيانپىلارنى ئوغانلارغىمۇ قارشى كۈشكۈرتۈپ قويدى. سىيانپى خانى بيەن خې تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئوغانلار خەن سۇلالىسىنىڭ پاناھىغا ئۆتۈپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىردى. شۇنىڭدىن باشلاپ سىيانپىلار كۆچىيىشكە باشلىدى.

مىلادىنىڭ 85 ـ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشى

(1) ماچاڭشۇ: «ئوغانلار ۋە سىيانپىلار» خەنزۇچە 173 ـ بەت.

بىلەن، تۇرالار بىلەن سىيانپىلار هونلارغا هۇجۇم قىلدى. مىلادىنىڭ 87 ـ يىلى ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا سىيانپىلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا غەربىي هونلار مەغلۇپ بولدى. سىيانپىلار غەربىي هون (شىمالىي هون) تەڭرىقۇتى ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، هونلاردىن تارىخىي ئۆچىنى ئالدى. چۈنكى مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇت تۇڭگۇسلارنى بويسۇندۇرغاندا، تۇڭگۇس خانلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تۈزلىۋەتكەنىدى. تۇڭگۇسلاردىن كېلىپ چىققان سىيانپىلار ئەنە شۇ ۋەقەنى يادىدىن چىقارمىغانىدى.

غەربىي هونلار مىلادىنىڭ 89 ـ يىلى ۋە 91 ـ يىللىرى سىيانپىلار، شەرقىي هونلار ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ بىرلەشكەن قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىدا ناهايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي هونلارنىڭ خېلى نۇرغۇن قىسمى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەتتى. كۆچمەي قالغان هونلاردىن بىر نەچچە ئون مىڭ ئائىلە (تەخمىنەن 600 مىڭ كىشى) سىيانپىلارغا تەسلىم بولدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى «سىيانپى» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ سىيانپىلار كۆچۈپ هونلارنىڭ ئورنىنى باستى.

تارىختا يۈز بەرگەن بۇ جىددىي ئۆزگىرىشنى نەزەردە تۇتقان خەن سۇلالىسى مىلادىنىڭ II ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ شەرقىي هونلار ۋە ئوغانلار بىلەن بىرلىشىپ سىيانپىلارغا قارشى تۇرۇش يولىغا ئۆتتى. مىلادى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سىيانپىلاردىن تانشىغۇي ئاتلىق بىر تالانتلىق تارىخىي شەخس مەيدانغا چىقتى. تانشىغۇي تۇغۇلۇق ئاجايىپ بىر رىۋايەت تارقالغان، مىلادى II ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى تۇرۇغۇر ئاتلىق بىر سىيانپى هونلار قوشۇنىدا ئۈچ يىل خىزمەت قىلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئايالى بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭغا تانشىغۇي دەپ ئات قويغانىكەن. تۇرۇغۇر بۇ ئەهۋالدىن غەزەپلىنىپ ئايالىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىماقچى بولىدۇ. كۈيۈسىنىڭ پەيلىنى سېزىپ قالغان ئايال دەرهال ئەقىل ئىشلىتىپ، تۇرۇغۇرغا مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت هاۋا گۈلدۈرلەپ، دەهشەتلىك چاقماقلار چاقتى، قورقۇپ كەتتىم. ئاسمانغا قاراپ ئاغزىم ئېچىلىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئاسماندىن مۆلدۈر يېغىۋاتاتتى، ئاغزىمغا بىر دانە مۆلدۈر چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنى يۇتۇۋەتتىم، بولغان ئىش شۇ! شۇنىڭدىن باشلاپ قورساق كۆتۈرۈپ قالدىم ۋە بۇ ئوغۇلنى تۇغدۇم.» تۇرۇغۇر ئايالىنىڭ ناهايىتى ئۇستىلىق بىلەن توقۇغان سىرلىق گېپىگە ئىشىنىپ، ئاچچىقىدىن

يېنىپ پەسكويغا چۈشكەنىكەن.

ئىشەنچىلىك تارىخىي پاكىتلار بويىچە ئېيتقاندا، تانشىغۇي مىلادىنىڭ 135 - يىلى تۇغۇلغان. تانشىغۇينىڭ بىر دانە مۆلدۈردىن تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ئانىنىڭ توقۇغان ھىيلىسى رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. تانشىغۇي 14 ياشقا كىرگەندىلا ناھايىتى باتۇر، ئەقىللىق بولۇپ يېتىشىدۇ. سىيانپى بەگلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ چارۋا ماللىرىنى بۇلاپ كەتكەندە، تانشىغۇي ئۆزى يالغۇز ئاتقا مىنىپ، بۇلاڭچى بەگنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، بۇلانغان ماللارنى قايتۇرۇپ كەلگەن. تانشىغۇينىڭ بۇ باتۇرلۇقىنى كۆرگەنلەر شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنى ھۆرمەتلەشكە باشلىغان. تانشىغۇي 15 ياشقا كىرگەندىلا، سىيانپىلار ئۇنى خان قىلىپ كۆتۈرگەن.

تانشىغۇي ھازىرقى جاڭجياكۇ ئەتراپىدا ئوردا گاھىنى قۇرۇپ، 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، قۇدرەتلىك سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ھازىرقى موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدا ئورۇنلاشقان سىيانپى خانلىرى ئۇنىڭغا ئارقا - ئارقىدىن بويسۇندى. تانشىغۇي (مىلادىنىڭ 135 - يىلى تۇغۇلۇپ 181 - يىلى ئۆلگەن) مىلادىنىڭ 150 - يىلىدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 170 - يىلىغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە، بايقال بويلىرىدىكى تۇرالارنى، شەرقتىكى خەلقلەرنى، ئەسكى ماكانلىرىدا قالغان ھونلارنى، غەربتىكى ئۇيسۇنلارنى بويسۇندۇردى. تانشىغۇي قۇرغان سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى توغرىسىدا جۇڭگونىڭ «ۋېي شۇ»، «كېيىنكى خەن يىلنامىسى» دېگەن قەدىمكى يىلنامىلىرىنىڭ «سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» دېگەن بابلىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇنىڭ جەنۇبىي خەن سۇلالىسى چېگرىسىغا تۇتىشىدۇ. تانشىغۇي شىمالدىكى تۇرالارغا، شەرقتىكى فىروملارغا[1] غەربتىكى ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، ھونلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىدىن غەربىگە 10 مىڭ چاقىرىم ماڭغاندا يەتكىلى بولسا، جەنۇبىدىن شىمالىغا بېرىش ئۈچۈن 7000 چاقىرىم مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ.» مانا شۇ خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، تانشىغۇي قۇرغان سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ (مىلادىنىڭ 150 - يىلىدىن 235 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقى ھازىرقى كورىيىنىڭ غەربىي چېگرىسىغىچە، شىمالى بايقال كۆلىنىڭ بويلىرىغىچە، جەنۇبىي سەددىچىن سېپىلىغىچە، غەربى ھازىرقى قازاقىستاننىڭ

(1) ھازىرقى چاۋشيەن مىللىتىنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى ئا.

شەرقىغىچە تۇتاشقان بولىدۇ. تانشىغۇي مىلادىنىڭ 156 ـ يىلىدىن تارتىپ 178 ـ يىلىغىچە بولغان 20 نەچچە يىل ئىچىدە، خەن پادىشاھلىقىغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، خېبېي، سەنشى، شەنشىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىغا، گەنسۇنىڭ جيۇچۇەن قاتارلىق جايلىرىغا بېسىپ كىرىپ، شۇ جايلاردىكى خەلقلەرگە چىدىغۇسىز بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى[1].(27) مىلادىنىڭ 166 ـ يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ پاناھلىقىدا تۇرغان ئوغانلار تانشىغۇيغا تەسلىم بولدى. ئېغىر ئەھۋالدا قالغان خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن خۇەندى ئەلچى ئەۋەتىپ، تانشىغۇيغا خەن مەلىكىسىنى ياتلىق قىلىپ ئىناق ئۆتۈشنى بىلدۈردى. تانشىغۇي خەن پادىشاھىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. باشقا ئىلاج تاپالمىغان خەن سۇلالىسى مىلادىنىڭ 177 ـ يىلى خەنزۇلاردىن ۋە ھونلاردىن بولۇپ 10 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، سيانپىلارغا ھۇجۇم قىلدى. تانشىغۇي خەن سۇلالىسىنىڭ قىلغان ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ، ھۇجۇم قىلغان قوشۇننىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قىرىپ تاشلىدى. پەقەت بىر نەچچە مىڭ كىشىلا قېچىپ قۇتۇلدى.

32 يىل ئىمپېراتور بولغان تانشىغۇي (مىلادىنىڭ 150 ـ يىلىدىن 181 ـ يىلىغىچە) مىلادىنىڭ 181 ـ يىلى 46 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

تانشىغۇي ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سيانپى شاھزادىلىرىنىڭ ئارىسىدا تەخت تالىشىش يۈز بېرىپ، بۇ ئەھۋال بۆلۈنۈش، قايتا بىرلىككە كېلىش، ئاخىر بېرىپ يەنە بۆلۈنۈش پەيدا قىلىپ، سيانپى ئىمپېرىيىسىنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىش بىلەن ئاخىرلاشتى.

تانشىغۇي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى غاران پادىشاھ بولدى. لېكىن غاران قابىلىيەت جەھەتتە ئاتىسىغا يەتمەيتتى. ئۇ، ئاچكۆز، كەيپ ـ ساپا خۇمارى، يولسىز بىر ھۆكۈمران ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن غاران ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا جىيەنى قۇيتۇ پادىشاھ بولدى. قۇيتۇ پادىشاھلىق قىلغان مەزگىلدە (مىلادى 183 ـ يىلىدىن 216 ـ يىلىغىچە) غاراننىڭ ئوغلى چىئانمان قۇيتۇدىن پادىشاھلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى. بۇ چاغدا، سيانپىلاردا بىرلىك بۇزۇلدى. مىلادىنىڭ 216 ـ يىلى قۇيتۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇكىسى بۇدۇكىن پادىشاھ بولدى. بۇ چاغدا، سيانپىلار ئىمپېرىيىسى

(1) ماچاڭشۇ: «ئوغانلار ۋەسيانپىلار» 183 ـ بەت.

قۇدرەتلىك ھالغا كەلدى. بۇدۇكۇننىڭ ۋاقتىدا (216 ـ 233) ئىچكى ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىكى ئاساسەن پارچىلىنىپ كەتمىدى. بۇدۇكىن مىلادىنىڭ 233 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلدى. ئورنىغا ئوغلى قىبەنىن ئىمپېراتور بولدى.

قىبەنىن (مىلادىنىڭ 233 ـ يىلىدىن 235 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) ھەربىي ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا سەنئىتىنى خېلى مۇكەممەل بىلىدىغان ۋە ئۇنى ئىشلىتىشكە ماھىر ھەربىي قولباشچى بولغاندىن تاشقىرى، دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىمۇ ئەقىللىق ئىدى. قىبەنىن ۋېي خانلىقىنى (مىلادىنىڭ 220 ـ يىلىدىن 265 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھەربىي جەھەتتىن بىر نەچچە قېتىم مەغلۇپ قىلدى. قىبەنىننى مىلادىنىڭ 234 ـ يىلى سەنشىننىڭ شىمالىي قىسمىدا بولغان ئۇرۇشتا ۋېي خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى تامامەن يوقىتىپ، سەنشى بىلەن شەنشىنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالدى. قىبەنىننى ۋېي خانلىقىنىڭ دۈشمىنى شۇخەن خانلىقى (مىلادىنىڭ 221 ـ يىلىدىن 263 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ ۋېي خانلىقىغا قارشى تۇردى. مىلادىنىڭ 233 ـ يىلى شۇ خەن خانلىقى (لىۇ بېي قۇرغان) نىڭ باش ۋەزىرى جۇگې لياڭ گەنسۇنىڭ غەربىدىكى خېشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا ۋېي خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى قورشىۋالغان چاغدا، قىبەنىنگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. قىبەنىننى سىيانپى قوشۇنلىرىغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، گەنسۇدىكى گاۋلىيەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا يېتىپ كېلىپ، جۇگې لياڭغا قوشۇلۇپ، ۋېي خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغان، بۇ ۋەقە، ۋېي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى چۆچۈتۈۋەتكەن. ۋېي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىر تەرەپتىن چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، سىيانپىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشقا جىددىي كىرىشكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قىبەنىننى مەخپىي ئۆلتۈرۈشنىڭ پىلانىنى تۈزگەن. بېيجىڭ ۋالىيسى ۋاڭ شۇن ئارقىلىق خەن لۇڭ ئاتلىق بىر خەنجەرۋازنى سەددىچىن سېپىلىدىن مەخپىي ئۆتكۈزۈپ قىبەنىننى مەخپىي ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەن. خەن لۇڭ مىلادىنىڭ 235 ـ يىلى قىبەنىننى قەستلەپ مەخپىي ئۆلتۈرگەن.

قىبەنىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى ئورنىغا تۇبا سىيانپىلار خانلىقى قۇرۇلدى.

تۇبا سىيانپىلار بۇرۇن «تۇبا سىيانپىلار» دەپ ئاتالماي «سىيانپىلار» دەپ

ئاتىلاتتى. سىيانپىلار مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ هونلار بىلەن يېقىنلىشىپ ياشىغاندىن باشلاپ، ئۆزئارا چېتىشىپ، ئاردىن «تۇبا سىيانپىلار» دېگەن خەلق كېلىپ چىققان.

تارىختا بىرەر خەلقنىڭ باشقا بىر خەلق بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىپ، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشى ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئاستا يۈز بېرىدىغان تارىخى جەريان. سىيانپىلارنىڭ هونلىشىپ «تۇبا سىيانپىلار» دەپ ئاتالغان يېڭى شالغۇت خەلقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى جەريان ئاساسەن مىلادىنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ تېزلىشىپ، مىلادىنىڭ 150 ـ يىللىرى ئەمەلگە ئاشتى.

تۇبا ئاتالغۇسىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا تارىخىي يىلنامىلەردە ئېنىق مەلۇمات بار. ئانىسى سىيانپى، ئاتىسى هونلاردىن توغۇلغانلارنى شىمالدىكى خەلقلەر «تۇبا» دەپ ئاتىغان[1].

ئۇچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، تۇبا سىيانپىلار تۈركلەشكەن سىيانپىلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى. تۇبا سىيانپىلار سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى مىلادىنىڭ 235 ـ يىلى تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن باش كۆتۈردى. ئۇلار چوغاي تاغلىرىنىڭ ئەتراپلىرىنى تايانچ قىلغان هالدا تۇبا سىيانپىلار خانلىقى (مىلادىنىڭ 235 ـ يىلىدىن 394 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) نى قۇردى. تۇبا سىيانپىلار خانلىقى 160 يىل هۆكۈم سۈردى. شۇ مەزگىلدە، تۇبا سىيانپىلارغا قىپان (مىلادىنىڭ 235 ـ يىلىدىن 261 ـ يىلىغىچە خان بولغان)، لىۋى (261 ـ 277)، لىخۇ، چۇ، فۇ قاتارلىق ئۈچ خان (277 ـ 297)، ئوتا (297 ـ 310)، يۈلۈ (310 ـ 316)، لوگۇۋىن (310 ـ 316) (بۇ ئىككىسى ئورتاق خان بولغان) يۈلىئۇ (316 ـ 325)، غونو (325 ـ 330)، قىئىنا (330 ـ 335)، يىغۇي (335 ـ 337)، شىكەن (338 ـ 380)، فوگىن (380 ـ 386)، قىيى (386 ـ 394) قاتارلىقلار خان بولدى.

بۇ خانلار ئىچىدىن لىۋى 80 يېشىدا خان بولۇپ 104 يېشىدا ئۆلگەن. تۇبا سىيانپىلار خانلىقى 394 ـ يىلى ئاۋارلار دەپ ئاتىلىدىغان خەلق تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى.

تۇرالار مىلادىنىڭ 150 ـ يىلىدىن 235 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىگە گاهىدا بويسۇنۇپ، گاهىدا بولسا مۇستەقىل ياشىدى. بايقال بويىدا ياشىغان تۇرالار توغرىسىدا مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن مەلۇمات

(1) لىن گەن: «هۇنلار تارىخى» 181 ـ بەت.

بېرىلگەن. مىلادىنىڭ III ئەسرىدە، يۈخۈەن «ۋېي خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربىي روڭلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا، ئېرتىش بويلىرىدىن تارتىپ بالقاش كۆلى بويلىرىغىچە بولغان جايلاردا ياشىغان تۇرالار توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، تارىختا بايقال بويلىرىدا ياشىغان تۇرالارنى شەرقىي تۇرالار، ئېرتىش بويلىرىدىن تارتىپ بالقاش كۆلى بويلىرىغىچە بولغان جايلاردا ياشىغان تۇرالارنى غەربىي تۇرالار دەپ ئاتاش رەسمىيلىشىپ قالغان.

شەرقىي تۇرالار مىلادىنىڭ III ئەسرىنىڭ ئاخىرىدا قانداقتۇر بىر سەۋەبكە كۆرە، بايقال بويلىرىدىن جەنۇبقا سىلجىپ ئورخۇن ۋادىسىغا كۆچتى.

مىلادىنىڭ 394 ـ يىلى، يۇقىرىدا تىلغان ئېلىنغان تۇبا سىيانپىلار خانلىقى ئاۋارلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. مىلادىنىڭ 386 ـ يىلىدىن باشلاپ، كېيىنچىقىشى سىيانپىلارغا باغلىق بولغان تۇبا ناملىق بىر خەلق IV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھازىرقى داتۇڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ جۇڭگو تارىخىدا شىمالىي ۋېي خانلىقى (مىلادىنىڭ 386 ـ يىلىدىن 534 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇردى. دەل شۇ مەزگىلدە ئاۋار دەپ ئاتىلىدىغان بىر خەلق ھازىرقى موڭغۇلىيىدە باش كۆتۈردى. IV ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شەرقىي تۇرالار يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن تۇبالار بىلەن ئاۋارلاردىن ئىبارەت ئىككى دۈشمەننىڭ ئارىسىدا قالدى، بۇ چاغدا، شەرقىي تۇرالار تېخى بىرلەشكەن، كۈچلۈك دۆلەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

تۇبالارنىڭ تۇنجى خانى تۇباغۇي مىلادىنىڭ 390 ـ يىلى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن شەرقىي تۇرالارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىغىچە بېسىپ باردى. شۇ چاغدا ئېگىز ھارۋىلىقلار دەپ ئاتالغان شەرقىي تۇرالار مەغلۇپ بولدى. تۇباغۇي ئۇلاردىن 200 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋا مال غەنىيمەت ئالدى. تۇباغۇي شۇ قېتىمقى يۈرۈشىدە، شەرقىي تۇرالار ئىچىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلغان[1]. تۇبالار خانى تۇباتاۋ مىلادىنىڭ 430 ـ يىلى شەرقىي تۇرالارغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىدىن بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىنى ئەسىر ئېلىپ ھازىرقى داتۇڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇردى. تۇباتاۋ شەرقىي تۇرالار ئۈستىدىن قازانغان شۇ غەلىبىسىدە 1 مىليون تۇياققا يېقىن چارۋا مال غەنىيمەت ئالدى.

(1) «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى. ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە».

توبالار مىلادىنىڭ 471 ـ يىلى پايتەختنى داتوڭ شەھرىدىن لوياڭغا يۆتكىدى. توبالار شەرقىي تۇرالارنىڭ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچلىرىدىن پايدىلىنىپ كۈچلۈك دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 498 ـ يىلى چاڭجىياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى جەنۇبىي چى خانلىقى (مىلادىنىڭ 479 ـ يىلىدىن 502 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) غا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. شۇ چاغدا شىمالى ۋېي خانلىقىنىڭ خانى شاۋ ۋېندى (مىلادىنىڭ 471 ـ يىلىدىن 499 ـ يىلىغىچە خان بولغان) شەرقىي تۇرالارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ جەنۇبىي چى خانلىقىغا قىلىدىغان ھۇجۇمىغا شەرقىي تۇرالارنىڭ كۆپ سانلىق قوشۇن بىلەن كېلىپ قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى. شەرقىي تۇرالار ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ خانى شۇقا بەگنى ئۆزلىرىگە خان قىلىپ كۆتۈرۈپ، شاۋ ۋېندىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئۆز تەلىپىنىڭ رەت قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان شاۋ ۋېندى يۈ ۋېنپۇ قوماندانلىقىدا، ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇننى شەرقىي تۇرالارغا قارشى ماڭدۇردى. شۇقا باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۇرا قوشۇنلىرى يۈ ۋېنپۇ قوماندانلىقىدىكى شىمالىي ۋېي قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. يۈ ۋېنپۇ قېچىپ كەتتى. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن شاۋ ۋېندى جاڭ فاڭۋاڭ قوماندانلىقىدا يەنە نۇرغۇن قوشۇننى شەرقىي تۇرالارغا قارشى ماڭدۇردى. شەرقىي تۇرالار شىمالى ۋېي قوشۇنلىرىنى يەنە تارمار قىلدى. شاۋ ۋېندى بۇ ئىككى قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ، شەرقىي تۇرالار خانى شۇقا ئالدىغا ھال سوراش ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ناماقۇل بولدى. شەرقىي تۇرالارنىڭ ئۇيغۇر خانى شۇقا باشچىلىقىدا بىر ياقىدىن باش چىقىرىشى كۈچلۈك دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى. شەرقىي تۇرالارنىڭ شىمالى ۋېي قوشۇنلىرىن تارمار قىلىشى جەنۇبىي چى خانلىقىنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالدى. شەرقىي تۇرالار ئۇيغۇر خانى شۇقانى ئۆزىگە خان قىلىپ كۆتۈرگەندىن باشلاپ، مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈپ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇنداق ئەھۋال مىلادىنىڭ 498 ـ يىلىدىن 550 ـ يىلىغىچە داۋام قىلدى. شۇ مەزگىلدە توبالارمۇ، ئاۋارلارمۇ شەرقىي تۇرالارنى بويسۇندۇرالمىدى. چۈنكى، توبالار بىلەن ئاۋارلار ئاجىزلىششقا باشلىغانىدى.

بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، مىلادىنىڭ 471 ـ يىلى توبا خانلىقى پايتەختىنى داتوڭدىن لوياڭغا يۆتكىگەندىن كېيىن، ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ فامىلىسىنى توبادىن «يۈەن» گە ئۆزگەرتتى. تەخمىنەن 150 ـ يىل ھۆكۈم سۈرگەن توبالار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىدىن ۋاز كېچىپ، توبا دەپ ئاتىلىدىغان فامىلىسىنى

خەنزۇچە يۇڭگە ئۆزگەرتىپ، خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، 65 يىل (مىلادىنىڭ471 ـ يىلىدىن 534 ـ يىلىغىچە) ياشىغاندىن كېيىن، خەنزۇلارغا تامامەن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى.

## ئاۋارلار ۋە ئۇيغۇرلار

مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ھازىرقى موڭغۇلىيىدە ئاۋارلار باش كۆتۈردى. ئاۋارلار قەدىمكى چاغدا قىدىرقان تاغلىرى ئەتراپىدا ياشايتتى. IV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە كۆچۈپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورخۇن ۋە تۇغلا دەريالىرىنىڭ ۋادىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان.

ئاۋارلارنى جۇڭگو خانلىرىنىڭ سارايي تارىخچىلىرى رورو (蠕蛸)، روۋرەن (柔然) دەپ يازىدۇ. بۇ ئىسىملاردىكى خەتلەرنىڭ باشتىكى يان بۆلىكى خەنزۇچە سېسىغان گۆشتە پەيدا بولغان قۇرت، لۆمشىپ تۇرىدىغان قۇرت قاتارلىق ئۇقۇملارنى بېرىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ سارايي تارىخچىلىرى ئاۋارلارغا خەنزۇچە ئات قويغاندا ئۇلارنى ھاقارەتلىگەن.

«ئاۋار» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا «قەتئىي ئىرادىلىك ئىسيانچى»[1] دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. ئاۋارلارنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار مەۋجۇت. بەزى تارىخچىلار ئاۋارلارنى ئەسلىدە توڭگۇسلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى دېسە، بەزى تارىخچىلار ئۇلارنى تۈركلەشكەن موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى دېيىشىدۇ. قانداق بولمىسۇن، ئاۋارلار باش كۆتۈرگەن چاغدا، تىل ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە ئۇيغۇرلاردىن ئانچە پەرق قىلمايتتى.

تۇبا سىيانپىلارنىڭ خانى لىۋنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 261 ـ يىلىدىن 277 ـ يىلىغىچە)، ئىسىم، فامىلىسى نائېنىق بولغان بىر گۆدەك بالىنى تۇبا سىيانپىلار تۇتۇۋېلىپ قۇل قىلىۋالغان. تۇبا سىيانپىلار بۇ بالىغا موغۇلوي (تاقىر باش مەنىسىدە) دەپ ئىسىم قويغان. موغۇلوي چوڭ بولغاندىن كېيىن، قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنىپ، ئاتلىق جەڭچى بولغان. كۆنلەرنىڭ بىرىدە موغۇلوي قوشۇندىن قېچىپ، قاچاقلاردىن يۈز نەچچە كىشىنى يىغىپ كۈچ توپلىغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى چولوغوي بىر قەبىلە تەشكىل قىلىپ، ئاۋارلارغا باش

(1) رىسونى (ۋېنگىرىيە تارىخچىسى): «دوناي كۆۋرۈكلىرى» تۈركچە.

بولغان. موغولوينىڭ ئەۋلادى ئۆزلىرىگە موغولوي نامىنى فامىلە قىلغان.

ئاۋارلار مىلادىنىڭ 394 ـ يىلى تۇبا سىيانپىلار خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. ئاۋارلار ئالىي ھۆكۈمرانىنى «قاغان» دەپ ئاتىدى. تارىختا 158 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئاۋار قاغانلىقى (مىلادىنىڭ 394 ـ يىلىدىن 552 ـ يىلىغىچە) ئۆزىنىڭ تۇنجى قاغانى تولۇنخان I نىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 394 ـ يىلىدىن 410 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) كۆچەيدى. ئاۋار قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي كورىيىگىچە، غەربىي قارا شەھەر ئەتراپلىرىغىچە، شىمالىي بايقال كۆلىنىڭ بويىغىچە، جەنۇبىي موڭغۇلىيە چۆللىگىچە تۇتاشتى.

ئاۋار قاغانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى. ئاۋارلار ھەققىدە قىسسە»، «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى. ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»، «جەنۇبىي چى سۇلالىسى يىلنامىسى. ئاۋارلار ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق تارىخى يىلنامىلەردىكى خاتىرىگە ۋە بۇنىڭدىن باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، تۆۋەندىكىچە بايان قىلىش مۇمكىن:

مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئاۋارلار باش كۆتۈرگەندە شەرقىي تۇرالار ئىككى تارماقتىن ئىبارەت 18 قەبىلىگە بۆلۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئالتە قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان بىر تارمىقى تۆۋەندىكىچە بولغان:

1. قىزىل تۇرالار[1] 原文：赤狄(狄)
2. ئۇيغۇرلار
3. خوغۇرسۇ
4. جىبىنى
5. قىرغىزلار
6. ئىل تېكىن

شەرقىي تۇرالارنىڭ 12 ئۇرۇقتىن ئىبارەت يەنە بىر تارمىقى تۆۋەندىكىچە بولغان:

1. چىپولى
2. تورا
3. ئىل جان

(1) ياۋ ۋېيەن: «شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى خۇلارنىڭ فامىلىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە» خەنزۇچە 182 ـ بەت.

4. تارلان
5. قوغا
6. تاربوقان
7. ئايرون
8. بايان
9. ئەركىن
10. بوركلى (تۇماغلىق)
11. قىئۇي
12. يۇشۇپى

ئاۋارلار شەرقىي تۇرالار ئەنە شۇنداق چوڭ ئىككى تۈركىۇم قەبىلە ـ ئۇرۇقتا بۆلۈنۈپ ياشىغان دەۋردە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. دېمەك ئۇ چاغدا شەرقىي تۇرالاردا بىرلىك يوق ئىدى.

ئاۋارلار باشتا، مىلادىنىڭ 391 ـ يىلى تۇبالار خانى تۇباغۇينىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تارمار قىلىنغان. مىلادىنىڭ 394 ـ يىلى ئاۋار قاغانى تولۇنخان I موڭغۇلىيە چۆلىنىڭ شىمالىغا قېچىپ بېرىپ، ئاۋار قاغانلىقىنى قۇردى. تولۇن قاغان I مىلادىنىڭ 402 ـ يىلى شەرقىي تۇرالارغا (بۇ چاغدا ئېگىز ھارۋىلىقلار دەپمۇ ئاتالغان) ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى بويسۇندۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاۋار قاغانلىقى كۈچەيدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاۋار قاغانلىقىنىڭ پايتەختى تۇراقسىز ئىدى. مىلادىنىڭ 402 ـ يىلى شەرقىي تۇرالار تولۇنخان I تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خوغۇرسۇ قەبىلىسى بەگقولىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاۋارلارغا بويسۇنماي دائىم ئۇرۇشۇپ تۇردى. بەگقولى ناھايىتى باتۇر خان بولۇپ، بىر نەچچە قېتىم ئاۋارلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانىدى. بەگقولى مىلادىنىڭ 430 ـ يىلى ئاۋارلار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، تۇبا خانلىقىنىڭ پاناھىغا كەتكەن. ئۇ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇبالار خانلىقىنىڭ پايتەختىدە ئالەمدىن ئۆتتى. تۇباغۇي بەگقولىغا دۆلەت بويىچە ماتەم تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەبدەبىلىك ھالدا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. شۇ چاغلاردا، شەرقىي تۇرالار بەگقولى توغرىسىدا مۇنداق بىر قوشاق توقۇغان:

«ۋاي كەلدى بەگقولى» دېگەندە ئانا،
توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇئان.

دەيدىكەن ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا،
«بولىسدى يىگىتىم بەگقولىسمان.»

بۇ قوشاق بەگقولىنىڭ باتۇر، جەڭگىۋارلىقىغا ئوقۇلغان مەدھىيە بولۇپ، قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار باتۇر، جەڭگىۋار ئوغۇللىرىنى ناھايىتى ئىززەتلەيتتى. شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر قىزلىرى قەدىمكى چاغدىن تارتىپ باتۇر، مەردانە، جەڭگىۋار خىسلەتكە ئىگە يىگىتلەرنى ئۆزگە جۈپ - جورا قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئاۋارلار تالان قاغانىنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 414 - يىلىدىن 431 - يىلىغىچە قاغان بولغان)، مىلادىنىڭ 429 - يىلى تۇبالار خانلىقىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىپ، ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەگقولى دەل شۇ چاغدا (مىلادىنىڭ 430 - يىلى) ئاۋارلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. ئاۋارلارنىڭ قاغانى ئوتىيەخان (431 - 444) مىلادىنىڭ 434 - يىلى تۇباخانىنىڭ مەلىكە قىزلىرىدىن بىرىگە ئۆيلەنىدى. دەل شۇ يىلى ئوتىيەخان سىڭلىسى تۇباخاننى تەيۇۋدىغا ياتلىق قىلدى.

شەرقىي تۇرالار مىلادىنىڭ 430 - يىلى بەگقولىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاۋارلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاۋار قاغانى ئۇتى تەرىپىدىن تارمار قىلىنىدى. شۇ چاغدا، ئىسيانغا باش بولغان بەگقولىنىڭ قەبىلىسى خوغۇرسۇلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ 80 پىرسەنتى دېگۈدەك قىرىپ تاشلاندى. بەگقولى ئەنە شۇنداق قانلىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولغاچقا تۇبالار خانلىقىغا قېچىپ كەتكەنىدى.

ئاۋارلار شەرقىي تۇرالارنى، ئالتايدىكى تۈركلەر (تۈركلەر 438 - يىلى بويسۇندۇرۇلغان) نى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچى، قورال - ياراغلىرىدىن پايدىلىنىپ (تۈركلەر ھەربىي قورال ياساشقا ئۇستا ئىدى)، ئۆز قوشۇنلىرىنى تولۇقلىدى ۋە قوراللاندۇردى. ئاۋار قاغانلىقى تالان قاغانىنىڭ ۋاقتىدا (414 - 431) ناھايىتى كۈچەيدى. شۇ چاغدا، ئاۋار قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي ئىلى ۋادىسىنىڭ تېكەس دالاسىغىچە، جەنۇبىي قومۇل، تۇرپان، قارا شەھەر، كوچا، ئاقسۇغىچە تۇتاشقانىدى.

ئاۋارلار چۇلۇك قاغان (444 - 464) ۋە يۇچىڭ قاغان (464 - 485) نىڭ

ۋاقتىدا، تارىم ۋادىسىغا بولغان كونتروللۇقىنى كۈچەيتىشكە كىرىشتى. ئاۋالار مىلادىنىڭ 460 ـ يىلى ھونلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان قۇتقۇ ھون دۆلىتى (400 ـ 460) نىڭ خانى قۇتقۇ ئارغۇنى تۇرپاندا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۇرپان خانلىقىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە بەكمۇ ئىتائەتچان بولغان كەنبەيجۈنى خان قىلىپ تەيىنلىدى. ئاۋالار مىلادىنىڭ 470 ـ يىللىرى ئۇدۇن خانلىقىغا بېسىپ بېرىپ، ئۇنىڭ پايتەختىنىڭ بوسۇغىسىغىچە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا، ئۇدۇن خانى بىر تەرەپتىن قوشۇن توپلاپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىمالىي ۋېي خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى توباخۇڭ... يولنىڭ يىراقلىقى...[1] قاتارلىق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ياردەم ئەۋەتەلمىدى. ئاۋالار ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان شارائىتتىن پايدىلىنىپ تارىم ۋادىسىدىكى خېلى نۇرغۇن جايلارنى بېسىۋالدى.

مىلادىنىڭ 480 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاۋالار ناھايىتى قېيىن بىر دەۋرگە كىردى. بۇنىڭغا ئاق ھونلارنىڭ تارىم ۋادىسىغا بېسىپ كىرىشى، شەرقىي تۈرلەرنىڭ ئاۋارلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشى سەۋەب بولدى.

ئاق ھون ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى ئىفتالانوسنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 470 ـ يىلىدىن 496 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) ئاق ھونلار قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تارىم ۋادىسىغا بېسىپ كىردى، «ئاق ھونلار ئاۋارلار بىلەن قارشىلىشىپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئاۋارلارنىڭ قولىدىن كوچا، ئاقسۇ، قەشقەر، ئۇدۇنلارنى تارتىۋالدى.»[2]

مىلادىنىڭ 487 ـ يىلى ئاۋالار قاغانى تۇلۇنخان II (مىلادىنىڭ 485 ـ يىلىدىن 492 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىدىغان چاغدا، شەرقىي تۈرلەرنىڭمۇ قوشۇن چىقىرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئاۋارلارنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قارشى ئېلىپ بارىدىغان ئۇرۇشىغا قاتنىشىشنى خالىمىغان. شەرقىي تۈرلار ئاۋارلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقا بەل باغلىدى. بۇ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە بوركلى قەبىلىسىنىڭ خانلىرى ئاكا ـ ئۇكا ئاي ئۇجرۇ بىلەن چونچى يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇلار شەرقىي تۈرلەرنىڭ 12 ئۇرۇقىنى باشلاپ، ھازىرقى موڭغۇل دالاسىدىن غەربكە

(1) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە 85 ـ بەت.

(2) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە 88 ـ بەت.

قاراپ كۆچۈپ، ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرىتاغلىرى ئارىسىدىكى هازىرقى جۇڭغار دالاسىغا كەلدى. بۇلار، 120 مىڭ ئائىلە (تەخمىنەن 600 مىڭ جان) دىن ئىبارەت ئىدى. جۇڭغار دالاسىغا كۆچكەن شەرقىي تۇرالار، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى غەربىي تۇرالارغا قوشۇلۇپ ئىخىمۇ كۆپەيدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان تولۇنخان II ۋە ئۇنىڭ تاغىسى ناغايخانلار ناهايىتى نۇرغۇن سانلىق قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، ئاي ئۇجىرۇ بىلەن جوچىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. ئاي ئۇجىرۇ جەنۇبىي ئالتايدا بولغان قانلىق بىر جەڭدە ئاۋارلار قاغانى تولۇنخاننى تارمار كەلتۈردى. تولۇنخان قېچىپ كەتتى ۋە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئاۋار خانزادىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

ئاي ئۇجىرۇ ئاۋارلار ئۇستىدىن قازانغان شۇ غەلىبىدىن كېيىن، هازىرقى ماناس ئەتراپىدا ئۆز پايتەختىنى بەرپا قىلىپ، «ئىگىز هارۋىلىقلار خانلىقى» (高车王国) دەپ نام ئالغان ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىنىڭ 487 ـ يىلىدىن 546 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) نى قۇردى. ئاي ئۇجىرۇ « ئۇلۇغ تەڭرىقۇت » چونچى بولسا «ئۇلۇغ بەگ» دەپ ئاتالدى. بۇ خانلىق خېلى كۈچلۈك دۆلەت سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. بۇ خانلىق ئاز دېگەندە 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە ئىدى. بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي ئىلى ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغىچە، شەرقىي قۇمۇلغىچە، شىمالى ئالتايغىچە، شەرقىي جەنۇبى لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىغىچە، غەربىي جەنۇبى قارا شەھەرگىچە تۇتاشقانىدى. ئاي ئۇجىرۇ ئاۋار قاغانى تولۇنخان II نى تارمار قىلىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرغاندىن كېيىنلا، تۇرپان خانلىقىنىڭ ئاۋارلارغا سادىق خانى كەنشۇگۈينى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جاڭ مىڭمىن (خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى) دېگەن كىشىنى خان قىلىپ تەيىنلىدى. ئاي ئۇجىرۇ، تۇرپان ۋە لوۋلان خانلىقلىرىنى ئاۋارلار قولىدىن تارتىۋالغاندىن كېيىن، لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى چەرچەن خانلىقىنىمۇ تۇيغۇنلار (هازىرقى چىڭخەيدە قۇرۇلغان تىبەت دۆلىتى) نىڭ قولىدىن تارتىۋالدى.

ئاي ئۇجىرۇ يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنى دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ هۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن، جىددىي، ئۈنۈملۈك هەربىي تەدبىرلەرنى كۆرگەندىن تاشقىرى، دىپلوماتىيە جەهەتتىمۇ بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

چۈنكى، يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى كۈچلۈك ئىككى دۈشمەنگە دۇچ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ بىرى ـ ئاۋار قاغانلىقى بولسا، يەنە بىرى ـ ئاق هونلار ئىدى. ئۇلۇغ ياۋچىلار ۋە هونلار نەسلىدىن بولغان ئابدىللار (ياۋروپالىقلار ئۇلارنى

ئىفتالىتلار دەپ ئاتىشىدۇ) مىلادىنىڭ V ئەسىردە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدا باش كۆتۈرگەن. ئۇلار شەرققە يۈرۈپ كۇشانلارنى تارمار قىلدى. ئادىللار VI ئەسىردە ياشىغان ۋىزانتىيە (شەرقىي روما) تارىخچىسى فروكوفى كىسارىسكىينىڭ ئەسىرىدە «ئاق هونلار» دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان. مانا شۇ ئاق هونلار مىلادىنىڭ 420 ـ يىلى ئاق سۇۋارخانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاق هون ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. ئاق هون ئىمپېرىيىسى تېررىتورىيىسىگە ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسەن ماۋرائۇننەهرى)، هازىرقى ئافغانىستان، پاكىستانلار تولۇق كىرگەن. ئاق هون ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى ماراكەنت (هازىرقى سەمەرقەنت) بولغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇلار هازىرقى بەلخ (ئافغانىستاندا) نى پايتەخت قىلغان. مانا شۇ ئاق هون ئىمپېرىيىسى مىلادىنىڭ 480 ـ يىلىدىن باشلاپ تازا كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. ئاق هونلار مىلادىنىڭ 484 ـ يىلى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 224 ـ يىلىدىن 651 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) نىڭ شاهىنشاهى فىروز (1459 ـ I484 ) نى مەغلۇپ قىلىپ، ئىراننى قارام هالغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، خوتەن، يەركەن، قەشقەر، كوچا، قارا شەهەر قاتارلىق خانلىقلارنى ئىشغال قىلدى.

يۇقىرىدىكى ئەهۋالنى هېسابقا ئالغان ئاي ئۇجىرۇ ئۇكىسى چونچىنى بىر قىسىم قوشۇنغا باش قىلىپ قارا شەهەر ئەتراپىغا ئەۋەتىپ، ئاق هونلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرىنى قوللاندى. ئۆزى بولسا نۇرغۇن سانلىق قوشۇنغا باش بولۇپ خانلىقنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن كېلىدىغان خەۋپ ئاۋارلارنىڭ هۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شىمالدا تۇردى.

ئۇيغۇر خانلىقى شىمالدا ئاۋارلار، غەربىي جەنۇبتا ئاق هونلار، جەنۇبتا تۇيغۇنلار بىلەن دۈشمەنلىك هالەتتە تۇردى. ئاي ئۇجىرۇ يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي كۈچلىرىنى تولۇقلاپ دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكەندىن كېيىن، شۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىدىلا تۇبالار خانلىقى (شىمالىي ۋېي خانلىقى) نىڭ پايتەختى لوياڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىدى. تۇبالار خانى شاۋۋېندى (471 ـ 499) ئەلچى ئارقىلىق ئەهۋالنى بىلگەندىن كېيىن دەرهال جاۋاب ئەلچىلىكى يوللاپ، ئاي ئۇجىرۇ بىلەن چونچىگە كىمخاپ تون ۋە 100 توپ شايى سوۋغا قىلدى. 487 ـ يىلى شىمالىي ۋېي خانلىقى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ئارىسىدا ئورنىتىلغان دوستانە مۇناسىۋەت ئەمەلىيەتتە ئىككى دۆلەتنىڭ ئاۋار قاغانلىقىغا قارشى تۈزۈلگەن غەربىي ئىتتىپاقى ئىدى. 488 ـ يىلى چاڭجىياڭ ۋادىسىدىكى

جەنۇبىي چى خانلىقى (479 ـ 502) نىڭ خانى شياۋزى ئاي ئۇجرۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى.

ئاۋارلار ئاي ئۇجرۇ خانلىق ھۆكمىنى يۈرگۈزگەن مەزگىلدە (487 ـ 508) ئۇيغۇر قاغانلىقىغا ھۇجۇم قىلالمىدى. چۈنكى، ئۇيغۇر خانلىقى ھەربىي كۈچ جەھەتتە قۇدرەتلىك ھالغا كەلگەن بولسا، دىپلوماتىيە جەھەتتە خېلى ئۇتۇقلۇق (شىمالىي ۋېي خانلىقى ۋە جەنۇبىي چى خانلىقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى) شەرتكە ئىگە بولغانىدى.

مىلادىنىڭ 508 ـ يىلى ئاق ھونلار كوچا تەرەپتىن بېسىپ كېلىپ، قارا شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. چونچى ئاق ھونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلدى. ئاق ھونلار چونچىنىڭ باتۇر ۋە ئېلبەگ ئاتلىق ئىككى ئوغلىنى ئەسىر قىلىپ ئەكەتتى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە، قارا شەھەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى تۇرپانغا كۆچتى، بىر قىسمى تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتۈپ جىمسا ئەتراپىغا كۆچتى. ئاق ھونلار قارا شەھەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر بەگلىرى ئاي ئۇجرۇنى ئۆلتۈرۈپ بارىيان دېگەننى خان قىلىپ كۆتۈردى. ئاي ئۇجرۇ خان بولغاندىن باشلاپ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ، رەھىمسىز زالىم خانغا ئايلىنىپ، ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى.

مىلادىنىڭ 509 ـ يىلى ئاق ھونلار ئۇيغۇر خانلىقىغا يەنە جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. ئاق ھون قوشۇنلىرى ئارىسىدا چونچىنىڭ ئوغلى باتۇرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ئۇيغۇر بەگلىرى بارىياننى ئۆلتۈرۈپ باتۇرنى قارشى ئالدى ۋە ئۇنى خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزدى. مانا شۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى (ئېگىز ھارۋىلىقلار) بىلەن ئاق ھون ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا دۈشمەنلىك تۈگەپ، دوستلۇق ئورنىتىلغان، ئاق ھونلار ئۆز ئىمپېراتورلىرى ئىفتالانوس، تورامانخان (496 ـ 502)، مېھرىكورا (502 ـ 530) قاتارلىقلارنىڭ ۋاقتىدا، تارىم ۋادىسىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغان. لېكىن، مېھرىكورانىڭ ۋاقتىدا، ئاق ھونلار مىلادىنىڭ 508 ـ يىلى ۋە 509 ـ يىلى ئىككى قېتىم ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، باتۇر خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن (مىلادىنىڭ 510 ـ يىلىدىن كېيىن) ئاق ھونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ياخشىلانغان.

باتۇرخاننىڭ ۋاقتىدا (510 ـ 516) ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن شىمالىي ۋېي خانلىقى ئارىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت تېخىمۇ كۈچەيدى. باتۇرخان مىلادىنىڭ

510 ـ يىلى شىمالىي ۋېي خانلىقىغا ئەلچى يوللاپ، شۇەن ۋۇدىغا بىر كېسەك ئالتۇن، بىر كېسەك كۈمۈش، ئىككى دانە ئالتۇن ھاسا، يەتتە تۇياق ئات، ئون باش تۆگە قاتارلىق ئېسىل سوۋغىلارنى ئەۋەتكەن. شۇەن ۋۇدى باتۇرخانغا مىننەتدارلىق ئەلچىلىكى يوللاپ، 60 توپ شايى ـ ئەتلەس سوۋغا ئەۋەتكەن.

ئۇيغۇر خانلىقى ئاق ھونلار بىلەن ياخشى خوپ بولۇۋالغاندىن كېيىن، ئاۋارلارغا قارشى كۈچ توپلاپ، جىددىي ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئاۋارلار ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق، تارتىشما جەڭلەر باشلىنىپ كەتتى.

مىلادىنىڭ 511 ـ يىلى ئاۋار قاغانى توقخان (506 ـ 511) باتۇرخانغا قارشى ئاتلاندى. ئەھۋالنى ئېنىق بايقاپ تۇرغان باتۇرخان باركۆلنىڭ شىمالىدا توقخان بىلەن ئۇچراشتى. شۇ جايدا بولغان جەڭدە، باتۇرخان مەغلۇپ بولۇپ، ئارقىغا 300 چاقىرىمچە چېكىنىپ، جىمسار ئەتراپىغا كەلدى. توقخان قوشۇنلىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا جايلىشىۋالدى. دەل شۇ چاغدا، ئۇيغۇرلار بىلەن ھەربىي ئىتتىپاقى بولغان شىمالىي ۋېي خانلىقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىرنەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇن مىڭ ۋېي ناملىق سانغۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە قومۇلغا يېتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن توقخان ئالدىراپ ـ تېنەپ قېچىشقا ئۇرۇندى. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن باتۇرخان ناھايىتى تېزلىكتە بېسىپ كېلىپ، توقخان بىلەن باركۆلنىڭ شىمالىدا جەڭ قىلدى. جەڭدە ئۇيغۇرلار غەلىبە قازاندى. باتۇرخان توقخاننى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ مىڭ ۋېي ئارقىلىق شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ خانى شۇەن ۋۇدىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى. باتۇرخان باركۆلنىڭ شىمالىدا ئاۋارلار ئۈستىدىن غەلىبە قازانغان تەنتەنىلىك كۈنلەردە، شۇەن ۋۇدىغا ئەلچى يوللاپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن، كۈمۈش، سۇسەلەرنى ۋە بەش تۇياق ئات سوۋغا قىلدى. باتۇرخاننىڭ ئەلچىلىرىنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالغان شۇەن ۋۇدى دەرھال مىننەتدارلىق ئەلچىلىكى يوللاپ، باتۇرخانغا چالغۇ ئەسۋابلىرى ياسايدىغان 80 نەپەر ئۇستا ۋە قىزىل شايىدىن ئون توپ، گۈللۈك شايىدىن 20 توپ سوۋغا ئەۋەتىپ، باتۇرخاننىڭ ئاۋارلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. باتۇرخان شۇ غەلىبىدىن ئالتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 516 ـ يىلى ئاۋار قاغانى چۇنۇخان (511 ـ 520) بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولدى. چۇنۇخان باتۇرخاننى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى ئىككى ئاتقا باغلاپ، ئاتقا سۆرىتىپ، ئۇنى ئىككى پارچە قىلىپ

تاشلىدى. ئاتىسى توقخاننىڭ ئۆچىنى باتۇرخاندىن ئالغان چۇنۇخان باتۇرخاننىڭ باش سۆڭىكىگە زەر يالىتىپ ئۇنى مەي ئىچىدىغان قەدەھ قىلىۋالدى.

مىلادىنىڭ 516 ـ يىلى، ئاۋارلار تەرىپىدىن ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئۇيغۇرلار ئۆز ئىتتىپاقدىشى بولغان ئاق ھونلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. ئاق ھونلار باتۇرخان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ئىلبەگنى ئۇيغۇرلارغا خان بولۇشقا ئەۋەتتى. ئىلبەگ خان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە (517 ـ 530) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭدى. ئىلبەگ دەرھال شىمالىي ۋېي خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ مۇناسىۋەت باغلىدى. ئاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 521 ـ يىلى، يۈرۈش قىلىپ ئاۋار قاغانى بىراھماننى تارمار قىلدى. بىراھمان ھازىرقى گەنسۇدىكى ۋۇۋېيغا قېچىپ كەتتى. مىلادىنىڭ 523 ـ يىلى شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ خانى شاۋمىڭدى ئىلبەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا خىلمۇ خىل رەڭدە سىرلانغان ئېسىل يەلپۈگۈچ، كۆنلۈك، داقا ـ دۇمباق ۋە چېدىرلارنى سوۋغا قىلدى.

ئېلبەگ مىلادىنىڭ 530 ـ يىلى ئاۋار قاغانى ئايناغاي (522 ـ 552) بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، قايتىپ كەلگەندە، ئۇكىسى يوقو (چونچىنىڭ كەنجى ئوغلى) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئېلبەگنىڭ ئاۋارلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىن ئىتتىپاقدىشى بولغان ئاق ھونلارنىڭ شۇ چاغلاردا ئاۋارلارنىڭ تەرىپىنى ئالغانلىقى بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئاۋارلار مىلادىنىڭ 520 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، ئۇيغۇرلارنى يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار دىپلوماتىك ھەرىكەتلەرنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئاۋارلار مىلادىنىڭ 520 ـ يىلى ئايناغاينىڭ قىزىنى ئاق ھون ئىمپېراتورى مىھرىكولاغا ياتلىق قىلىپ، ئاق ھونلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتىۋالدى. شۇ يىلى ئايناغاي يەنە شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ پايتەختى لوياڭغا بېرىپ زىيارەتتە بولدى. ئايناغاي مىلادىنىڭ 522 ـ يىلى ئاۋارلارغا قاغان بولغاندىن تارتىپ، 552 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە ئاق ھونلار بىلەن دوستانە ئۆتتى. ئايناغاي ئاق ھونلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىۋالغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 533 ـ يىلى شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ مەلىكىسىگە ۋە مىلادىنىڭ 538 ـ يىلى شەرقىي ۋېي خانلىقى (534 ـ 550) نىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەندى. دېمەك، ئاۋارلار شىمالىي ۋېي بىلەن شەرقىي ۋېي خانلىقلىرىنىمۇ ئۆز تەرىپىگە تارتىۋالدى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، ئاۋارلار ئايناغاي خاقانلىق قىلغان مەزگىلدە

(522 ـ 552) ئۇيغۇر خانلىقىنى يالغۇز قالدۇرۇپ، ئاساسىي كۈچلىرىنى ئۇلارغا قارشى ئاتلاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 530 ـ يىلى ئېلبەگ ئاۋارلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشلاردىمۇ ئۇيغۇرلار مەغلۇپ بولۇپ تۇردى.

يوقۇ (530 ـ 537) مىلادىنىڭ 537 ـ يىلى ئايناغاي تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا، ئېلبەگنىڭ ئوغلى بەگچى (537 ـ 541) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بەگچىمۇ ئاۋارلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى. تارىخى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بەگچىدىن كېيىن، ئۇيغۇر خانلىقىغا يوقۇنىڭ ئوغلى چوبىنىڭ خان بولغانلىقى نامەلۇم. چۈنكى، مىلادىنىڭ 537 ـ يىلى بەگچى ئاۋارلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندا، چوبىن شەرقىي ۋېي خانلىقىغا قېچىپ كەتكەن، شۇ يەردە كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇيغۇر قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 546 ـ يىلى (بۇ چاغدا كىمنىڭ خان بولغانلىقى نامەلۇم) ئاۋارلار بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، ئالتايدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان كۆك تۈركلەرنىڭ خانلىرى ئاكا ـ ئۇكا تۇمەنخان بىلەن ئىستەمىخانلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن قىلغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تارمار بولدى. تارىختا «ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى» نامى بىلەن ئاتىلىپ 60 يىل (مىلادىنىڭ 487 ـ يىلىدىن مىلادىنىڭ 546 ـ يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان كۆك تۈركلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى.

مانا شۇ ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز تارىخىدا خېلى مۇھىم روللارنى ئوينىدى. ئۇنىڭ تارىخى رولى ئىككى تەرەپتىن ئىسپاتلىنىدۇ: ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن تارتىپ خۇاڭخې ۋادىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان شىمالىي ۋېي خانلىقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇ ئىككى دۆلەت ئاۋارلارغا قارشى ئىتتىپاقچى دۆلەتلەردىن بولدى. ئۇيغۇر خانلىقى باشتىن ـ ئاخىرغىچە 60 يىل دېگۈدەك ئاۋارلار بىلەن توختىماي ئۇرۇشۇپ تۇردى. مىلادىنىڭ 400 ـ يىللىرىغا كەلگەندە تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقى كورېيىگىچە، غەربىي قازاقىستانغىچە، غەربىي جەنۇبى قارا شەھەرگىچە تۇتاشقان كۈچلۈك ئاۋار قاغانلىقى باتۇر، ئەرك سۆيەر، ئېگىز ھارۋىلىقلارنى بويسۇندۇرالمىدى. ئۇيغۇرلار ئاۋارلارنى نۇرغۇن جايلار (ئالتاي بىلەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئارىسىدىن، تۇرپان، قارا شەھەر، لولان، چەرچەن قاتارلىق جايلار) دىن ھەيدەپ چىقىرىپ ئاۋارلارغا ئەجەللىك زەربە بەردى. مىلادىنىڭ 487 ـ يىلىدىن 546 ـ يىلىغىچە بولغان 60 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزگىلدە،

ئاۋارلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن قانلىق ئۇرۇشلارغا جەلپ قىلىنغانلىقتىن، ئاۋارلار سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ خۇاڭخې ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا زادى پېتىنالمىدى. شۇڭا، بۇ مەزگىلدە، خۇۋاڭخې ۋادىسىنىڭ ئىقتىسادى گۈللەپ ياشناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋارلار بىلەن تىركىشىپ ئۇرۇشۇپ تۇرۇشى مىلادىنىڭ 440 - يىلى ئاۋارلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئالتاي تۈركلىرىنىڭ قەددىمىنى قەدەم قۇدرەتلىنىپ، ئاخىردا ئاۋارلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىگىمۇ پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

## كۆك تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار

كۆك تۈركلەر مىلادىنىڭ VI ئەسىردىن VIII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا قەدەر ئىككى ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن ئۇلۇغ قۇدرەتلىك كۆك تۈرك قاغانلىقىنى قۇردى. كۆك تۈرك قاغانلىقى تازا گۈللەپ ياشنىغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 560 - يىللىرىدىن 600 - يىللىرىغىچە)، قاغانلىقنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقى ساخالىن ئارىلىغا، غەربىي قارا دېڭىزنىڭ بويىغا، شىمالى بايقال كۆلى بويلىرى ۋە يەنسەي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىملىرىغا، جەنۇبى سەددىچىن سېپىلىغا، غەربىي جەنۇبى ھىندىستاننىڭ شىمالىغا تۇتاشقانىدى.

كۆك تۈرك قاغانلىقى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ھېسابلانغان شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 395 - يىلىدىن 1451 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئىران ساسانىيلار شاھىنشاھلىقىدىنمۇ كۈچلۈك قاغانلىق بولغانىدى. بۇ ھەقتە ئاكادېمىك بارتولد مۇنداق دەپ يازغان: «تۈرك قاغانلىقى موڭغۇللار دەۋرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ھەممە كۆچمەنچى ئىمپېرىيىلەرنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىكى ئىدى.»[1] مىلادىنىڭ 570 - يىللىرىدىن باشلاپ تۈركلەرنىڭ «تىنچ ئوكياندىمۇ، قارا دېڭىزدىكى ھەربىي كۈچلىرى بار ئىدى.»[2] كۆك تۈرك قاغانلىقى تازا كۈچەيگەن چاغدا، تۈرك ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ سانى 400 مىڭدىن كەم بولمىغان. كۆك تۈرك قاغانلىقى دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تۈركلەر دەۋرىدە، ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن ياۋروپا خەلقلىرى ئارىسىدا، سىياسىي، ئىقتىسادى،

(1) «لىياڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئىفتالىتلار ھەققىدە قىسسە».
(2) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» I توم، ئۆزبېكچە 135 - بەت.

مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى مۇناسىۋەت بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ قويۇق، تېخىمۇ كەڭ مىقياستا غۇلاچ يايدى. تۈركلەر دەۋرىدە، شەرق خەلقلىرى بىلەن غەربتىكى خەلقلەر، ھەر جەھەتتىن بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەزمۇنى مول، يېپيېڭى بىر مەدەنىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئەڭ مۇھىمى، كۆك تۈركلەر دەۋرىدە، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئويغىنىش دەۋرى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئويغىنىش ياۋروپادىكى ئويغىنىش دەۋرىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن (XI ئەسىردە) باشلانغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئۇلۇغ، ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىمۇ تۈركلەر دەۋرىدىكى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشتىن، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشتىن، ئىسلام دۇنياسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇشتۇرۇلغان قەدىمكى ياۋروپا مەدەنىيىتى (ئاساسەن يۇنان مەدەنىيىتى) نىڭ جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن بولغان.

دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىغا يېزىلغان تارىخىي ۋە ئەدەبىي يادىكارلىقلارنىڭ ئىجادچىسى بولغان كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە گۈللەپ ياشنىشىدا ئۇيغۇرلار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

«تۈرك» سۆزىنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق بىر نەچچە خىل چۈشەندۈرۈش بولسىمۇ، ئەڭ ئاساسلىقى، ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدىغىنى، دۇنيادىكى تارىخچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بىردەك ئېتىراپ قىلغىنى «تۈرك» سۆزىنىڭ مەنىسى قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، دېگەن بولىدۇ، دېگەن قاراشتۇر. بۇنىڭدىن باشقا «كۆك تۈرك» دېگەن سۆز، «ئىلاھىي تۈرك» دېگەن بولىدۇ، چۈنكى تۈركلەر كۆك ئاسماننى ئەڭ ئۇلۇغ تەڭرى تونۇيدىغان ماكان تەرىقىسىدە چۈشىنەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن «كۆك» نى رەڭ ئۇقۇمىدا ئەمەس، «تەڭرى خۇدا» دەپ بىلەتتى، دېمەك، «كۆك تۈرك» سۆزى «ئىلاھىي تۈرك» دېگەن بولىدۇ.

«تۈرك» دېگەن نام قەدىمكى چاغلاردا، مەلۇم تارىخىي شارائىتتا، مەلۇم تېررىتورىيىدە ياشىغان تۈركلەرنىڭلا نامى بولۇپ، ئېتنىك مەناغا ئىگە ئىدى. مەسىلەن: بۇ نام مىلادىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن ئېدىل (ۋولگا)، يايىق (ئورال)

دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا ياشىغان تۈركلەرنى ۋە كېيىن ئالتايدا ياشىغان تۈركلەرنىلا كۆرسىتەتتى. «تۈرك» دېگەن نامنى ئەڭ دەسلەپ يۇنان ۋە روما (رىم) تارىخچىلىرى مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ ئۆز ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىشقا باشلىغان. يۇنان تارىخچىلىرى ھىرادۇت (مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن) تۈركلەرنى «يۇركائى» دەپ يازغان. روما تارىخچىسى فىلنۇس سېچىندوس (مىلادىنىڭ 23 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 79 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ۋە فومفىنئوس (مىلادىنىڭ I ئەسىردە ياشىغان) لار «تۈركائى» دەپ يېزىشقان. ئۇلار تىلغا ئالغان تۈركلەر ئېدىل ۋە يايىق بويلىرىدا ياشىغان تۈركلەر ئىدى. جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدىن «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى» دا «تۈرك» دېگەن نام ھىرادۇتتىن 1100 يىل كېيىن (VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا) تىلغا ئېلىنغان.

تۈركلەر ئىنتايىن جەڭگىۋار، ئوۋ خۇمارى، ئاتنى بەك ياخشى كۆرىدىغان خەلق ئىدى. «تۈرك ئاتقا مىنگەندە ئاتىسىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ» دېگەن ماقال بىكارغا چىققان ئەمەس. تۈركلەر كۆك تۈرك قاغانلىقىنى قۇرغىچە ھونلارغا ۋە ئاۋارلارغا بېقىنىپ ياشىغانىدى.

كۆك تۈرك قاغانلىقى تەشكىل تاپقان چاغدا (VI ئەسىردە)، تۈرك سۆزى ساپلا ئالتايدىكى تۈركلەرنى كۆرسىتىدىغان ئېتنىك مەنىگە ئىگە بولۇشتىن قالدى. چۈنكى تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە تۈرك دېگەن نام تۈركچە تىلدا سۆزلىشىدىغان ئىرقىي ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە بىر ـ بىرىگە ئوخشاش ياكى يېقىن بولغان ئۇيغۇر، ئوغۇز، قىرغىز، قىپچاق، چىگىل، باسمىل، تۈرگەشلەر بىلەن كېيىنچە تۈركلەشكەن قىتانلارنىڭ ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئورتاق مىللەت نامى بولۇپ قالدى، يەنى مانا شۇ چاغدىن باشلاپ، تۈرك دېگەن نام تۈرك قاغانلىقى تېررىتورىيىسىدە ياشايدىغان بارلىق خەلقلەرنىڭ مىللىي ۋە سىياسىي بىرلەشمىسىنى بىلدۈرىدىغان نامغا ئايلاندى.

ئالتايدىكى تۈركلەر قەدىمكى چاغدىن تارتىپ تۆمۈر تاۋلايتتى. خىلمۇ خىل ھەربىي قوراللار (نەيزە، قىلىچ، ساۋۇت، دۇبۇلغا، قالقان، ئوقيالار) نى ياساشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالتۇندىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك سايمانلاردىن ئالتۇن تەخت، ئالتۇن تۇۋرۇك، ئالتۇن جام، ئالتۇن قاچا، ئالتۇن قەدەھ، ئالتۇن ئۈزەڭگە، ئالتۇن يۈگەن، ئالتۇن يىڭنە، ئالتۇن جۇۋالدۇز، ئالتۇن دەرەش، ئالتۇن ئەينەك، ئالتۇن چۆگۈنلەرنى، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن ئوتۇغات، ئالتۇن ساقا، ئالتۇن چىگەگۈل،

ئالتۇن ئۇزۇك، ئالتۇن بىلەزۈك قاتارلىقلارنىمۇ ياساشقا ئۇستا ئىدى. بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاۋارلار مىلادىنىڭ 440 ـ يىلى ئالتايدىكى تۈركلەرنى بويسۇندۇرۇۋالغاندىن باشلاپ، ئۇلارنى ئاۋار قوشۇنلىرىنى ھەربىي قوراللار بىلەن تەمىنلەشكە ۋە ئاۋار بەگلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى بېزەشكە كېرەك بولىدىغان ئالتۇن سايمانلار، ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلغان. ئاۋار قاغانلىرى ھەتتا ئۇلارنى «تۆمۈرچى قۇللىرىم» دەپمۇ ھاقارەتلىگەن.

ئەنە شۇنداق ئېزىلىش ۋە خورلۇقتا چىدىمىغان تۈركلەر ئۆزىگە قېرىنداش بولغان ئۇيغۇرلارنى، ئالتايدىكى سورتاردۇشلارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇش ئارقىلىق كۈچىيىپ، ئاۋارلانىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇلۇغ تۈرك قاغانلىقىنى قۇرۇشقا بەل باغلىدى.

بۇ ئۇلۇغ غايىنى مىلادىنىڭ 535 ـ يىلى قۇرۇلغان تۈرك قاغانلىقى (ئاۋارلارغا بېقىنىش شەرتى بىلەن قۇرۇلغان) نىڭ خانى تۇرۇم ئۇلۇغ يابغۇنىڭ ئوغۇللىرى تۇمەنخان بىلەن ئىستەمىخانلار ئەمەلگە ئاشۇردى.

تۇمەنخان مىلادىنىڭ 550 ـ يىلى ئاۋار خاقانى ئايناغايغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئاۋار مەلىكىسىگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئايناغاي كۆك تۈرك ئەلچىلىرىدىن تۇمەنخاننىڭ قويغان تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تۇمەنخاننى ھاقارەتلەپ: «ھە، تۆمۈرچى قۇللىرىمنىڭ بۇنداق تەلەپنى قويۇشقا نىمە ھەددى بار ئىكەن؟!» دېدى. ئايناغاينىڭ يولسىزلىقىدىن غەزەپلەنگەن تۇمەنخان بۇ جاۋابنى ئېلىپ كەلگەن ئاۋار ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئۇ مىلادىنىڭ 551 ـ يىلى غەربىي ۋېي خانلىقى (535 ـ 555) نىڭ خانى يەن باۋجۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا كۈيئوغۇل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ ئاۋارلارغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان غەربىي ۋېي خانى شۇ يىلى 6 ـ ئايدا مەلىكە چاڭ لۈنى تۇمەنخانغا ياتلىق قىلدى. تۇمەنخان ئۇيغۇرلار (تۇرالار) نىڭ قۇرامىغا يەتكەن ياشلىرىنى قوشۇنغا ئېلىپ، تۈرك قوشۇنلىرىنى كۈچەيتتى، تاشقى جەھەتتە غەربىي ۋېي خانلىقى بىلەن ئىتتىپاقلاشتى. ئۇ يۇقىرىدىكى ئىشلارنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 552 ـ يىلى كۆك تۈرك قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ ئاۋارلار ئۈستىگە ئاتلاندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئايناغاي ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ، 2 ـ ئايدا تۇمەنخان بىلەن ئۇرۇشىدىغان مەيدانغا يېتىپ كەلدى. تۇمەنخان بىلەن ئىستەمىخان قوماندانلىقىدىكى كۆك تۈرك

قوشۇنلىرى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىدىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىغا كېلىپ سەپ تارتتى. ئىككى ئوتتۇرىدا بولغان قانلىق جەڭدە تۈركلەر ئاۋار قوشۇنلىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ تاشلىدى. ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئايناغاي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئاۋارلار ئۈستىدىن غەلىبە قازانغان تۈركلەر ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقىنى قۇردى.

بەزىبىر ئاۋار خانزادىلىرى تۈركلەرگە قارشى ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، مىلادىنىڭ 553 ـ يىلىغا كەلگەندە، تۈركلەر تەرىپىدىن تامامەن يوق قىلىندى. ئاۋارلارنىڭ بىر قىسمى بايانخان يېتەكچىلىكىدە غەربكە قاراپ قاچتى. ئۇلار مىلادىنىڭ 558 ـ يىلى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. كېيىن، ياۋروپا ئاۋار قاغانلىقى (مىلادىنىڭ 565 ـ يىلىدىن 835 ـ يىلىغىچە) نى قۇرۇپ، ئۇ يەردە 330 يىل ھۆكۈم سۈردى.

تۇمەنخان مىلادىنىڭ 552 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاۋار قاغانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۆزىنى «ئېلخان» دەپ ئاتىدى. ئۇتۈكەننى كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇكىسى ئىستەمىخاننى يابغۇ ئۇنۋانىدا كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. ئىستەمىخاننىڭ ئوردىسى تېكەس دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشتى.

تۇمەنخان مىلادىنىڭ 553 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ قاراخان، مۇقانخان، تاۋارخان ئاتلىق ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى قاراخان قاغان بولدى. ئۇ بىرەر يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا تۇمەنخاننىڭ ئوتتۇرانجى ئوغلى مۇقانخان قاغان بولدى. تۇمەنخاندىن كېيىن ئۆتكەن تۈرك قاغانلىرى ئىچىدە مۇقانخان ئۆزىنىڭ كەسكىن، غەيرەتلىك، ئەقىللىق، ھوشيار ۋە ھەربىي، دىپلوماتىيە جەھەتتە ئادەتتىن تاشقىرى تەدبىرلىك ئىكەنلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ئىدى. مۇقانخان قاغانلىق تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 554 ـ يىلىدىن 574 ـ يىلىغىچە) كۆك تۈرك قاغانلىقى قۇدرەتلىك، سەلتەنەتلىك بىر دەۋرگە كىردى. مۇقانخاننى «تۈركلەرنىڭ ئاتتىلاسى» دەپ ئاتاش كېرەك. مۇقانخان، باتۇر تەڭرىقۇتتىن يەتتە ئەسىر، ئاتتىلادىن بەش ئەسىر كېيىن دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر سەركەردە ئىدى.

مۇقانخان مىلادىنىڭ 554 ـ يىلى شەرققە يۈرۈش قىلىپ،مانجۇ ۋە موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى تولۇق بويسۇندۇرۇپ، كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ شەرقىي چېگرىسىنى ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغا يەتكۈزۈپ، ساخالىن ئارىلىنى

ۋە كورىيىنىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىگىلىۋالدى. مۇقانخان شەرققە قىلغان يۈرۈشىدىن قايتقاندىن كېيىن، شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ئورخۇن، توغلا، سېلىنغا دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا، بايقال كۆلى ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنى، يەنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدا ياشايدىغان قىرغىزلارنى بويسۇندۇردى. دەل شۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىدە، ئىستەمى يابغۇ غەربىي ئۇيغۇرلارنىمۇ (تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) بويسۇندۇردى. تۈركلەر ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۈچى (ئادەم ۋە ماددىي كۈچى) دىن پايدىلىنىپ بىر نەچچە يۈز مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلدى. چۈنكى ئۇيغۇرلار تۈرك خەلقلىرى ئىچىدە سانى كۆپ، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، باتۇر، مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى. تۈركلەر ئاساسەن ئۆز تەركىبىدىكى ئۇيغۇرلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ شەرققە ۋە غەربكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ باردى.

مۇقانخان، غەربتىكى ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى يوق قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. مۇقانخان مىلادىنىڭ 554 ـ يىلى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى خىسراۋ ئانۇشىرۋانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىران بىلەن تۈركلەرنىڭ ئاق ھونلارغا قارشى ئىتتىپاقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ ئىتتىپاقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئىستەمىخاننىڭ قىزى ئاسىنا بىكەنى خىسراۋ ئانۇشىرۋانغا (531 ـ 579) ياتلىق قىلدى. ئاندىن كېيىن، غەربىي ۋېي خانلىقى (535 ـ 557) بىلەن بىرلىشىپ، كۆكنۇردىكى تۇيغۇنلار خانلىقى (مىلادىنىڭ 317 ـ يىلىدىن 663 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) غا يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى بويسۇندۇردى. تۈركلەرنىڭ تۇيغۇنلارنى بويسۇندۇرۇشى تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەربىي ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشىغا داغدام يول ئاچتى.

مۇقانخاننىڭ مىلادىنىڭ 554 ـ يىلى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ئىراننى ئاق ھونلارغا بولغان قارامىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. كۆك تۈرك قاغانلىقىدەك كۈچلۈك ئىتتىپاقچىغا ئىگە بولغان ئىران، مىلادىنىڭ 554 ـ يىلىدىن باشلاپ، ھەر يىلى ئاق ھونلارغا تۆلەيدىغان مەلۇم مىقداردىكى كۈمۈش پۇلنى تۆلەشتىن باش تارتتى. شۇ يىلى، ئىران ئاق ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئافغانىستاننى بېسىۋالدى. چۈنكى شۇ يىلى ئىستەمى يابغۇ مۇقانخاننىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن، ئاق ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تارىم ۋادىسىدىن قوغلاپ چىقارغانىدى.

مۇقانخان يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار ئىشلارنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 557 - يىلىدىن باشلاپ ئاق هونلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى تۈرك ئاتلىق قوشۇنلىرى تېكەس دالاسىدىن غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، يەتتە سۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىردى. تۈركلەر بىلەن ئاق هونلار ئارىسىدا بولغان قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ كۆپى ئافغانىستان تېررىتورىيىسىدە بولدى. مۇقانخان بەش يىل ئىچىدە (مىلادىنىڭ 557 - يىلىدىن 562 - يىلىغىچە) ئاق هونلارنى تارمار قىلىپ، ئاق هون ئىمپېرىيىسىنى يوق قىلدى. مۇقانخان مىلادىنىڭ 562 - يىلى ئاق هونلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش ۋە باشقا مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئىستەمى يابغۇغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئۆتۈكەنگە قايتىپ كەتتى.

ئىستەمى يابغۇ ئاق هونلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىپ ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى كۆك تۈرك خاقانلىقىغا قوشۇۋېلىش، ئىران بىلەن بولغان يېڭى كەسكىن مۇناسىۋەتنى (ئىرانمۇ ئاق هونلار تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالغانىدى) بىر تەرەپ قىلىش، بالقاش كۆلى بىلەن ئارال كۆللىرىنىڭ بويلىرىدىن تارتىپ، قارا دېڭىزنىڭ بويلىرىغىچە بولغان ناهايىتى كەڭ تېررىتورىيىدە ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقلەر (ئاساسەن تۈركىي خەلقلەر) نى تولۇق بويسۇندۇرۇش قاتارلىق ناهايىتى مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىنى مىلادىدىن 565 - يىلىغا قەدەر بولغان ۋاقىت ئىچىدە تولۇق ئورۇندىدى.

مىلادىنىڭ 562 - يىلى ئاق هونلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ئاساسەن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، تۈركلەر بىلەن ئىراننىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، ئىككى دۆلەت بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالدى. ئاق هونلار تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى شىمالىي هىندىستان، تارىم ۋادىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولسا، خۇراسان ئىراننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭغا تۈركلەر زادى رازى بولمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى خۇراساننى ئىگىلىۋېلىش بىلەنلا قانائەتلەنمەي، ئاق هون ئىمپېرىيىسى تېررىتورىيىسىدىن يەنە كۆپرەك جايلارنى بېسىۋېلىشقا ئىنتىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، تۈركلەر ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى دۆلەتلەردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا، هىندىستانغا ۋە جۇڭگوغا بارىدىغان ئىنتايىن مۇھىم خەلقئارا سودا يولىنى (شەرقىي رىم بىلەن كېلىشىپ) تىزگىنلىۋالغانىدى. بۇنىڭغا ئىران ئازراقمۇ يول قويۇشنى خالىمايتتى. چۈنكى بۇ يولنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىنىڭ

بىر قىسمى ئىران تېررىتورىيىسىدە ئىدى، ئىران بۇ يول ئارقىلىق بولىدىغان سودىدىن نۇرغۇن پايدا ئالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىران تۈرك قاغانلىقى دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن، غەرب بىلەن شەرق ئارىسىدىكى خەلقئارا سودا يولىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تالىشىپ، شەرقىي رىم بىلەن دائىم ئۇرۇشۇپ كەلگەنىدى. ئىران ئەمدى خەلقئارا سودا يولىنى تىزگىنلىگەن تۈركلەر بىلەن توقۇنۇشۇشقا باشلىدى. يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرگە كۆرە، بۇرۇن ئاق ھونلارغا قارشى ئىتتىپاقداش بولغان تۈركلەر بىلەن ئىران ئەمدى بىر - بىرىگە دۈشمەن بولۇپ قالدى.

باشتا، ئىستەمى يابغۇ تۈركلەر بىلەن ئىران ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يامانلاشقاندا، ئۆز ئارا ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ، ئىرانغا مانىئاخ باشچىلىقىدا ئەلچىلەر ئەۋەتتى. لېكىن، ئىران شاھىنشاھى خىسراۋ ئانۇشىرۋان ۋەزىرلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغاندىن كېيىن، تۈرك ئەلچىلىرى ئەكەلگەن يىپەك ماللارنىڭ نۇسخىلىرىنى ئوردا ئەھلى ئالدىدا ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردى. ئىراننىڭ قىلغان بۇ قوپال مۇئامىلىسىدىن نەپرەتلەنگەن تۈرك ئەلچىلىرى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قايتىپ كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئىستەمى يابغۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئىرانغا ئىككىنچى قېتىم ئەلچىلەر ئەۋەتتى. شەرقىي رىم تارىخچىسى مىنامدىرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئىككىنچى قېتىم ئىرانغا بارغان تۈرك ئەلچىلىرى چوڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغان. خىسراۋ ئانۇشىرۋان تۈرك ئەلچىلىرىنى مېھمان قىلىپ بەرگەن زىياپىتىدە، ئالدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان سۇيىقەست بويىچە ئۇلارنى زەھەر سېلىنغان يېمەك - ئىچمەكلىكلەر بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن. ئەلچىلەردىن پەقەت ئۈچ - تۆت كىشىلا ئامان قالغان. خىسراۋ ئانۇشىرۋان سۇيىقەستىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ: «تۈرك ئەلچىلىرى مۇزلۇق، قارلىق يۇرتلاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇلار سوغۇق يۇرتلىرىدىن ئايرىلسىلا ھايات كەچۈرەلمەيدىكەن. تۈرك ئەلچىلىرى ئىرانغا كەلگەندىن كېيىن، ئىراننىڭ قۇرغاق ئىسسىق ھاۋاسىغا كۆنەلمەي ئۆلۈپ كەتتى»، دەپ سۆز تارقاتقان.

ئىككى قېتىم ئىرانغا ئەۋەتىلگەن تۈرك ئەلچىلىرى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئىستەمى يابغۇ مىلادىنىڭ 568 - يىلى مانىئاخ باشچىلىقىدا شەرقىي رىم ئىمپېراتورى يوستىنىئان II (مىلادىنىڭ 565 - يىلىدىن 578 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) نىڭ ھۇزۇرىغا (كونىستانتىنپولغا ھازىرقى ئىستانبۇلغا) ئەلچىلەر ئەۋەتتى. تۈرك ئەلچىلىرى يوستىنىئان II بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىدە، ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئاساسى ۋەزىپىنى تۈركلەر بىلەن شەرقىي رىم ئارىسىدا بىۋاسىتە سودا

مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ۋەزىپىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ، شەرقىي رىمدىن قايتتى. تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئەھۋالىنى تۈرك ئەلچىلىرىدىن ۋە ئۇلۇغ قاغان مۇقانخان نامىدىن ئۆزگىچە يەنىسەي - ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان دۆلەت خېتىدىن تەپسىلىي بىلگەن شەرقىي رىم ئىمپېراتورى يوستىنئان II تۈرك ئەلچىلىرى ئۆز ئېلىگە قايتىدىغان چاغدا، ئۇلارغا شەرقىي رىمنىڭ زىمارخ باشچىلىقىدىكى جاۋاب ئەلچىلىكىنىمۇ بىللە قوشۇپ ئۇزاتتى.

تۈرك ئەلچىلىرى بىلەن بىللە ئىستەمى يابغۇنىڭ تېكەس دەرياسى بويىدىكى ئوردىسىغا كەلگەن شەرقىي رىم ئەلچىلىرى تۈركلەرنىڭ بەزىبىر ئادەتلىرى ۋە ئىستەمى يابغۇنىڭ ئوردىسىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان. ئىستەمىنىڭ ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن، سەمىمىي كۈتكەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال بولغان. زىمارخ باشچىلىقىدىكى شەرقىي رىم ئەلچىلىرى ئىستەمى يابغۇنىڭ تەنتىلا چېدىر - بارگاھى ئالدىدا شەرققە قارىتىپ تىكلەنگەن، ئوتتۇرىسىغا زەر يۆگۈرتۈلگەن بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن تۇغ چاسا، كۆك شايى بايراققا چوقۇنغان ۋە لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوت گۈلخانلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ پاكلانغان. ئاندىن كېيىن ئۇلار ئىستەمى قاغاننىڭ بارگاھىغا كىرىپ قاغان بىلەن كۆرۈشكەندە، قاغانغا تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە سالام بەرگەن ئۇلار يوستىنئان II نىڭ ئىستەمى يابغۇ يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزگەن ۋە سوۋغىلارنى تەقدىم قىلغان. شەرقىي رىم ئەلچىلىرى بارگاھ ئىچىدىكى ئاجايىپ نەرسىلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالغان. ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان تۈرلۈك تاۋاقلار، لېگەنلەر، قەدەھلەر، كوزىلار، كوۋۇلار سېلىنغان ھارۋىلار، بىر ئات تارتالايدىغان ئىككى چاقلىق ئالتۇن تەخت، ئالتۇن كارىۋات قاتارلىق نەرسىلەردىن تاشقىرى، ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر ئالتۇن تەخت ئالاھىدە كۆزگە چېلىققان. بۇ ئالتۇن تەختنىڭ تۆت پۇتى تۆز قۇشى شەكلىدە ياسالغان، ئىستەمى يابغۇ شۇ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، رىم ئەلچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەن.

ئىستەمى يابغۇ شەرقىي رىم ئەلچىلىرىنى قىزغىن ۋە سەمىمىي قوبۇل قىلىپ، تەنتەنىلىك زىياپەت بېرىپ كۈتكەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن ناھايىتى جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەن. بۇ مەسىلىلەر تۈركلەر بىلەن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك سودىسى، ئىرانغا قارشى بىرلىكتە كۈرەش ئېلىپ بېرىش، ئاۋارلار مەسىلىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. سۆھبەت ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر بويىچە بىتىمنامە تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ

مەزمۇنىدا تۈرك قاغانلىقى بىلەن شەرقىي رىم ئوتتۇرىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىرانغا قارشى ھەربىي ئىتتىپاق ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار باشلىنىپ كەتكەن.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 552 ـ يىلى ئاۋار قاغانلىقى كۆك تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئاۋارلار شەرقتىن غەربكە قاچقانىدى. ئۇلار مىلادىنىڭ 558 ـ يىلى قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا پەيدا بولدى. مانا شۇ ئاۋارلار مىلادىنىڭ 565 ـ يىلى بايانخان يېتەكچىلىكىدە ياۋروپا ئاۋار قاغانلىقى (335 ـ 865) نى قۇرغان. ياۋروپادىكى بۇ ئاۋارلار شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە پات ـ پاتلا ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. شەرقىي رىم ئەلچىلىرى ئىستەمى يابغۇ بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە، ئاۋارلار مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئىستەمى يابغۇ شەرقىي رىم بىلەن بىرلىكتە ئاۋارلارغا قارشى ھەربىكەت قىلىشنى تەكىتلەپ: «ئەگەر ئۇلار قۇش بولۇپ ئاسماننىڭ قەھرىگە ئۇچۇپ چىقسىمۇ، بېلىق بولۇپ دېڭىزنىڭ چوڭقۇر تېگىگە مۆكۈنۈۋالسىمۇ، مېنىڭ قىلىچىمدىن قۇتۇلالمايدۇ» دېگەن.

ئىستەمى يابغۇ رىم ئەلچىلىرىنى تۈركلەر يۇرتىدىن ئۇزىتىدىغان چاغدا، ئىمپېراتور يوستىنىئان II گە ۋە زىمارخ باشچىلىقىدىكى 20 نەپەر ئەلچىنىڭ ھەربىرىگە ئالاھىدە قىممەتلىك سوۋغىلارنى تەقدىم قىلغان. ئىستەمى يابغۇ زىمارخقا بەرگەن سوۋغىلىرىغا قوشۇپ قىرغىز ئاتلىق گۈزەل بىر قىزنىمۇ ھەدىيە قىلغان. تېكەس ۋادىسىدىن غەربكە قاراپ يولغا چىققان رىملىقلار تۇران گۈزىلىنى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۇنى يىراقتىكى كونىستانتىنپولغا ئەكەتكەن.

تۈركلەر شەرقىي رىم بىلەن ئىتتىپاقلىشىۋالغاندىن كېيىن ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى. ئىستەمى يابغۇ مىلادىنىڭ 569 ـ يىلى خۇراسانغا بېسىپ كىرىپ ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. ئىراننىڭ ئاق ھونلار تېررىتورىيىسى ھېسابىغا بېسىۋالغان جايلىرىنىڭ بىرنىمۇ قويماي تارتىۋالدى. ئىران سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. سۈلھى بويىچە تۈركلەر «ھەر يىلى ئىراندىن 40 مىڭ رىم تىللاسى باج ئېلىپ تۇرغان.»[1]

571 ـ يىلدىن باشلاپ، ئىران بىلەن شەرقىي رىم ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار داۋام قىلدى. بۇنداق ئەھۋال ئىراننىڭ ئاجىزلاپ، تۈركلەرنىڭ بارغانسېرى

(1) «شىنجاڭ داشۆ ئىلمى ژۇرنىلى» 1982 ـ يىل 3 ـ سان 33 ـ بەت.

كۆچىيىشىگە سەۋەب بولدى. تۈركلەر بىلەن شەرقىي رىم ئارىسىدا ئۆز ئارا ئەلچىلەر پات ـ پاتلا كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى.

تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ قاغانى مۇقان قاغان بىلەن ئىستەمى يابغۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن (بۇ ئىككىسى مىلادىنىڭ 576 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۆتكەن چوڭ قاغانلىرى تاۋار قاغان (581 ـ 576)، ساۋارلۇ باغا ئىشبارا قاغان (581 ـ 587) لارنىڭ ۋاقتىدا، ئىران بىلەن ئۇرۇش بولغان ياكى بولمىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. چورباغا قاغان (قاراچور) (587 ـ 588) نىڭ ۋاقتىدا تۈركلەر بىلەن ئىران ئارىسىدا بىر قېتىم ئۇرۇش بولغان. ئىران سەركەردىسى بەھرام چوبىن چورباغا قاغان قوماندانلىقىدىكى 300 مىڭ كىشىلىك تۈرك قوشۇنلىرىنى ھىرات بىلەن بەلخ ئارىسىدا تارمار قىلغان. بۇ ئۇرۇشتا چورباغا قاغان ئۆلگەن، بەھرام چوبىن بوخارا يېنىدىكى بايكەنت شەھىرىگە بېسىپ كېلىپ، چورباغا قاغاننىڭ ئوغلى بارمۇدا تېكىننى ئەسىر ئالغان، بايكەنت شەھىرىنىڭ خەزىنىسىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن ئېسىل بايلىقلارنى بىرنەچچە مىڭ تۆگىگە يۈكلىتىپ ئىران شاھىنشاھى ھورمۇزد ـ تۈرك زادىگە (ئىستەمى يابغۇنىڭ قىزىدىن تۇغۇلغان) ئەۋەتىپ بەرگەن. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، ئىران غەرب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان شەرقىي رىم قوشۇنلىرىنىمۇ كاۋكاز ئەتراپىدا تارمار قىلغان. تۈركلەر بىلەن شەرقىي رىم مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئىران خەلقئارا سودا يولىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىلا قولغا كەلتۈرەلمىگەن.

تۈرك قاغانلىقى تارىخىدا، تۈركلەر بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. جۇڭگو تارىخىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرگە ئايان بولغاندەك، جۇڭگودا خەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇي سۇلالىسىگىچە بولغان (مىلادىنىڭ 580 ـ يىلىغىچە) جەريان ئىچىدە قۇدرەتلىك بىر سۇلالە ۋۇجۇدقا كەلمىدى. ئەنە شۇنداق بىر ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە ئۈچ دۆلەت (ۋېي، شۇخەن، ۋۇ) دەۋرى (مىلادىنىڭ 220 ـ يىلىدىن 280 ـ يىلىغىچە)، غەربىي ۋە شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىنىڭ 265 يىلىدىن 420 ـ يىلىغىچە)، 16 بەگلىك دەۋرى (مىلادىنىڭ 304 ـ يىلىدىن 339 ـ يىلىغىچە)، جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرى (420 ـ 589)، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (386 ـ 581) دەپ ئاتىلىدىغان بىرقانچە دەۋرلەر ئۆتتى. مانا شۇ دەۋرلەردە جۇڭگونىڭ ئاساسىي تېررىتورىيىسىدە (خۇاڭخې ۋادىسى بىلەن چاڭجياڭ ۋادىسىدا) بەزىدە ئۈچ، بەزىدە ئون نەچچە دۆلەت بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇد بولۇپ، بۇ دۆلەتلەر كۆپ ۋاقىتلاردا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ

تۈردى. بۇنداق ئەھۋال جۇڭگونىڭ شىمالى (سەددىچىن سېپىلىنىڭ تېشى) دىكى قوشنىلىرى بولغان خەلقلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە، ھەتتا بەزىدە ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا ئېغىر تەھدىت سېلىشىغىمۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتىن پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. تۈرك قاغانلىقى تەشكىل بولغان چاغدىمۇ، جۇڭگودا غەربىي ۋېي خانلىقى (535 ـ 557)، شىمالىي چى خانلىقى (550 ـ 577)، چىڭ خانلىقى (557 ـ 589) قاتارلىق دۆلەتلەر بار ئىدى. مىلادىنىڭ 557 ـ يىلى غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئورنىنى شىمالىي جۇ خانلىقى (557 ـ 581) ئالدى. بۇ دۆلەتلەر بولۇپمۇ (شىمالىي چى بىلەن شىمالىي جۇ خانلىقلىرى) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. تۈرك قاغانلىقى ئۆز تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىپ، قۇدرەتلىك ھالغا كېلىشتە، شەرق (جۇڭگو) تىكى ئۆزگىچە پايدىلىق بولغان ئەنە شۇنداق شارائىتتىن پايدىلانغان.

تۈركلەر ئۆزىگە بېرەر دۆلەتنى قوشۇۋېلىشتا ھەربىي كۈچكە تايانغاندىن تاشقىرى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جىددىي، ئۈنۈملۈك بولغان دىپلوماتىيە تەدبىرلىرىنىمۇ قوللانغانىدى. تۈركلەر قەدىمكى چاغ دىپلوماتىيىسىدىكى تەدبىرلەرنىڭ بىرى بولغان قۇدىلىشىش تەدبىرىنى قوللانغان. بۇنىڭغا، تۇمەنخاننىڭ مىلادى 551 ـ يىلى غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ خان قىزى مەلىكە چاڭلۇغا ئۆيلىنىشى، مىلادى 554 ـ يىلى ئىستەمى يابغۇ قىزى ئاسىنا بىكەنىڭ ئىران شاھىنشاھى خىسراۋ ئانۇشىرۋانغا ياتلىق بولۇشى، مىلادى 558 ـ يىلى موقان قاغاننىڭ قىزى ئاسىنا بىكەنىڭ شىمالىي جۇ خانى جۇ مىڭدىغا ياتلىق بولۇشى، جۇ ۋە سۇي سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى مەلىكەلىرىنىڭ تۈرك ۋە ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق بولۇشى مىسال بولىدۇ.

قۇدىلىشىش، دۆلەتلەر بىلەن دۆلەتلەر ئارىسىدىكى دوستلۇقنى ساقلايتتى. زۆرۈر تېپىلغاندا، بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ئىتتىپاقداشلىق مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيتتى. يەنى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشاتتى. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىكى قۇدىلىشىش سىياسىي ـ دىپلوماتىيىلىك مەقسەتلەرنىلا كۆزدە تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنداق قۇدىلىشىشنى خەلقلەر بىلەن خەلقلەر ئارىسىدىكى تارىخىي دوستلۇق دەۋالغىلى بولمايدۇ. تارىخىي پاكىتلار بىزنىڭ ھۆكمىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

موقان قاغان خۇاڭخې ۋادىسىدىكى شىمالىي چى خانلىقى (550 ـ 577) بىلەن شىمالىي جۇ خانلىقى (557 ـ 581) غا نىسبەتەن ئوخشاشمىغان سىياسەت قوللانغان. موقان قاغان شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن يېقىنلىشىپ، شىمالىي چى خانلىقىنى تەھدىت ئاستىغا ئالغان. تۈركلەردىن قورقۇپ قالغان شىمالىي چى

خانلىقى مىلادىنىڭ 555 ـ يىلى 1 مىليون 800 مىڭ كىشىنى سەپەرۋەر قىلىپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ (ئۆز خانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى) 900 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى بىر بۆلىكىنى ياساپ مۇستەھكەملىگەن[1]. مىلادىنىڭ 556 ـ يىلى موقان قاغان تۈيغۇنلار خانلىقىنى بويسۇندۇرغاندا، شىمالىي چى خانلىقى تېخىمۇ قورقۇپ كەتكەن، شۇ سەۋەبكە كۆرە، شىمالىي چى خانلىقىنىڭ خانى گاۋياڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن «شىخى (جاي ئىسمى) دىن تارتىپ شەرقىدىكى دېڭىزغىچە بولغان 3000 چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ بىر بۆلىكى ياسالغان. ھەر ئون چاقىرىم جايدا ئەسكەر تۇرغۇزۇلغان. مۇھىم ئوبلاست ۋە ھەربىي بېكەتلەردە ئىككىدىن قاراۋۇلخانا ياسالغان.»[2] موقان قاغان قىزى ئاسىنا بىكەنى مىلادىنىڭ 558 ـ يىلى شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ خانىغا ياتلىق قىلغاندا، شىمالىي چى خانلىقى ئۆز دۆلىتىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سەددىچىن سېپىلىنى تۈزەشتۈرۈپ ياساپ، مۇستەھكەملەشكە كىرىشكەن..... بۇ قۇرۇلۇشتا 100 مىڭ جەڭ ئېتى ئۆلۈپ كەتكەن[3]. شىمالىي چى خانلىقىنىڭ مۇنداق ھەددى ـ ھېسابسىز ئېغىر چىقىملارغا قارىماي سەددىچىن سېپىلىنى ياساپ مۇستەھكەملىشى تۈركلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئىدى. موقان قاغان، مىلادىنىڭ 557 ـ يىلى، غەربىي ۋېي خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئالغان شىمالىي جۇ خانلىقىنى (557 ـ 581) ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، شىمالىي چى خانلىقىغا بۇرۇنقىدەكلا سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى. شىمالىي چى خانلىقى، تۈركلەرنىڭ ئاۋارلارنى تارمار قىلىشىغا ياردەم بېرىشى بوياقتا تۇرسۇن، ئاۋارلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى قوللاپ، تۈركلەرگە قارشى ھەرىكەت قىلدى. شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن شىمالىي چى خانلىقى خۇاڭخې ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىرى يەنە بىرىنى يوق قىلىشقا ئىنتىلەتتى. بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەربىرى تۈرك قاغانلىقىنىڭ ياردىمىگە ئېگە بولماقچى بولۇشاتتى. موقان قاغان بونداق ياخشى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ھەر ئىككى دۆلەت (چى بىلەن جۇ) نىڭ دۈشمەنلىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن بوغۇشۇپ تۇرۇشىنى قوللاپ، شىمالىي جۇ خانلىقىغا يېقىنلىشىپ، شىمالىي چى خانلىقىغا يامان مۇناسىۋەتتە بولدى.

موقان قاغان مىلادىنىڭ 562 ـ يىلى ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى تارمار

(1) «قامۇسنامە» 16 ـ جىلد.

(2) «قامۇسنامە» 16 ـ جىلد.

(3) «قامۇسنامە» 167 ـ بەت.

قىلىپ، غەربتىن شەرققە پايتەخت ئۆتۈكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي چى خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. مۇنداق ئۇرۇش ئىككى قېتىم بولدى، بىر قېتىملىقى مىلادىنىڭ 563 ـ يىلى بولغان بولسا، يەنە بىر قېتىملىقى مىلادىنىڭ 564 ـ يىلى بولدى. ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش تۈركلەر ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەتسىز چىقتى. چۈنكى، تۈركلەر شىمالىي چى خانلىقىنىڭ پۈتۈنلەي تارمار بولۇشىنى ئىزدىمىگەن بولسا كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ئىككى دۈشمەن دۆلەت (چى بىلەن جۇ) مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېرەتتى. بۇ تۈركلەر ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. ئەمما ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى شىمالىي چى خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، چى خانلىقى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ ئاجىزلاپ كەتتى. دەل شۇ مەزگىلدە، جۇڭگونىڭ جەنۇبىدا چېن خانلىقى دېگەن بىر دۆلەتمۇ (557 ـ 589) بار ئىدى. چېن خانلىقى جۇڭگونىڭ جەنۇبىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ شىمالىدىكى چى خانلىقى بىلەن جۇ خانلىقى بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىك ھالەتتە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگودا تۈركلەرگە قارشى تۇرغۇدەك بىرلىككە كەلگەن كۈچ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىلادىنىڭ 558 ـ يىلى شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ خانى مۇقان قاغاننىڭ قىزى ئاسىنا بىكەگە ئۆيلەنگەندىن تارتىپ، شىمالىي جۇ تۈركلەرگە «ھەر يىلى 100 مىڭ توپ تاۋار ـ دۇردۇن، كىمخاپ، يىپەك مال بېرىپ تۇرغان، شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ پايتەختى (چاڭئەن) دە تۇرىدىغان تۈركلەر ناھايىتى ھۆرمەتلىك ئىدى. ئۇلاردىن كىمخاپ تونلارنى كىيىپ، گۆش يەپ يۈرىدىغانلار ھەر دائىم نەچچە مىڭغا يېتەتتى. شىمالىي چى خانلىقىمۇ تۈركلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارغا خەزىنىدىكى بايلىقلىرىنى قويماي دېگۈدەك بېرىپ تۇراتتى.»[1]

مىلادىنىڭ 574 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ قاغانى موقان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا تۇمەنخاننىڭ كەنجى ئوغلى تاۋارخان قاغان بولدى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا (574 ـ 581) تېخىمۇ كۈچەيگەن تۈركلەر جۇڭگونى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ دەھشەتلىك ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن شىمالىي چى خانلىقى تۈركلەرگە خۇشامەت قىلاتتى. گويا قارام بىر ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ناھايىتى مەغرۇرلىنىپ كەتكەن تاۋارخان ئوردىسىدىكى بەگلەرگە: «جەنۇبتا ماڭا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان سادىق ئىككى ئوغلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق

(1) شىمالىي جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى. 50 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

ئاپەت يۈز بەرسىمۇ، دۇنيا دەپىنەمنىڭ ئۆكسۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەيمەن.» دەپ ماختانغانىدى[1]. تاۋارخاننىڭ يوقىرىدىكى سۆزىدىن، شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن شىمالىي چى خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت خانلىرىنىڭ تۈركلەرنىڭ نەزىرىدە بالا خانلار دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. جۇ بىلەن چى ئەمەلىيەتتىمۇ تۈركلەرگە بېقىندى بولۇپ قالغانىدى. جۇ خانلىقى بىلەن چى خانلىقىدىن ھەر يىلى تۈرك قاغانلىقىنىڭ پايتەختى ئۆتۈكەنگە ئەۋەتىلىدىغان نەچچە يۈز مىڭ توپ تاۋار ـ دۇردۇن، يىپەك ماللار ئەمەلىيەتتە تۈرك قاغانلىقىغا تۆلىنىۋاتقان ياساق ـ سېلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شىمالىي جۇ خانلىقى تاۋارخاننىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مەغرۇرلىنىپ بىخەستەلىك قىلىشىدىن پايدىلىنىپ، شىمالىي چى خانلىقىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. شۇ چاغدا (مىلادىنىڭ 577 ـ يىلى) شىمالىي چى خانلىقى تۈركلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەھۋالنى تاۋارخانغا مەلۇم قىلدى، لېكىن، ئۇلار كېچىككەندى. تۈرك قوشۇنلىرى ياردەم ئۈچۈن يولغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، شىمالىي چى خانلىقى شىمالىي جۇ خانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلغانىدى. شىمالىي چى خانلىقىنىڭ شاھزادىسى گاۋ شاۋيى تاۋارخاننىڭ قېشىغا قېچىپ باردى. تۈركلەر مىلادىنىڭ 577 ـ يىلىدىن تارتىپ 579 ـ يىلىغىچە گاۋ شاۋيىنى يۆلەپ شىمالىي جۇ خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. تاۋارخان شىمالىي چى خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. جۇڭگودا بىر قانچە دۆلەتنىڭ بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى تۈركلەر ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. شىمالىي جۇ خانلىقى مىلادىنىڭ 579 ـ يىلى چيەنجىن (  ) ئاتلىق مەلىكىنى تاۋارخانغا ياتلىق قىلىش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى ئۆڭشىۋالدى. بىر مەلىكە قىزنى دەپ شىمالىي چى خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىيىتىدىن يانغان تاۋارخان گاۋ شاۋيىنى شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە ئەۋەتىپ بەردى.

مىلادىنىڭ 580 ـ يىللىرىدىن تارتىپ شەرقىي ئاسىيا قورۇقلۇقىدا ناھايىتى جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. مىلادىنىڭ 581 ـ يىلى شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ ئورنىنى سۈي سۇلالىسى (581 ـ 618) ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جۇڭگودا ئۇزاق داۋام قىلغان بۆلۈنۈش ھالىتى ئاياغلىشىپ، بىرلەشكەن كۈچلۈك دۆلەت سۈي سۇلالىسى ۋۇجۇدقا كەلدى. تۈرك قاغانلىقى تومەنخاندىن تارتىپ تۇران قاغاننىڭ ۋاپاتىغىچە بولغان 50 يىل ئىچىدە (مىلادىنىڭ 550 ـ يىللىرىدىن

(1) «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى» 84 ـ جىلد.

600 - يىلىغىچە) بارغانسېرى كۈچىيىپ مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەنىدى. جۇڭگودا قۇدرەتلىك سۈي سۇلالىسى ۋۇجۇدقا كېلىپ كۈچەيگەن چاغدا (سۈي سۇلالىسى 589 - يىلى چېڭ خانلىقىنىمۇ يوقاتقانىدى)، تۈرك قاغانلىقىدا بۆلۈنۈش، ئاجىزلىشىشنىڭ سىگنالى چېلىنىشقا باشلىغانىدى. مىلادىنىڭ 581 - يىلى تۈركلەرنىڭ چوڭ قاغانى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، موقان قاغاننىڭ ئوغۇللىرى بىلەن تاۋار قاغاننىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا قاغانلىق تەختىنى تالىشىش يۈز بەردى. ئاخىر تاۋار قاغاننىڭ ئوغلى ساۋارلو قاغان بولدى. ئۇ ئېل قۇلۇق سادباغا ئىشپارا قاغان، دەپ ئاتالدى. قاغانلىق تەختىنى تالاشقان ئاپا قاغان (موقان قاغاننىڭ ئوغلى) ۋاقتىنچە تىنچىغان بولسىمۇ، يەڭ ئىچىدە خەنجەر ساقلاپ، پەيت كۈتۈپ تۇرۇش يولىنى تۇتتى.

تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە كەسكىن زىددىيەت پەيدا بولغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولغان سۈي ۋېندى (ياڭ جيەن) تۈركلەرگە يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشتىن باش تارتتى. ياڭ جيەن سەددىچىن سېپىلىنى ئېگىزلىتىشكە ۋە قوشۇن توپلاشقا كىرىشتى.

سۈي ۋېندى تۈركلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ، ئاخىرىدا بىرلا يوقىتىش تەدبىرىنى قوللىنىش قارارىغا كەلدى. مۇنداق تەدبىرنى سۈي ۋېندىغا ئۇنىڭ ناھايىتى ھىيلىگەر ۋە ئەقىللىق قوماندانى بولغان جاڭ سۈڭشىڭ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، تۈركلەرنى يىراقتىكىسى بىلەن دوستلىشىپ، يېقىندىكىلىرىگە ھۇجۇم قىلساق، كۈچلۈكلىرىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇپ، ئۇلارنى بۆلۈپ تاشلاپ، ئاجىزلىرى بىلەن بىرلەشسەك... ئون نەچچە يىلدىن كېيىن پۇرسەت تېپىپ، تۈركلەرگە يۈرۈش قىلساق، بىراقلا ھۇجۇم بىلەن ئۇلارنىڭ دۆلىتىنى يوق قىلىۋېتىمىز.»[1]

سۈي ۋېندى ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاڭ سۈڭشىڭنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىر بويىچە، تۈركلەرگە نىسبەتەن بۆلگۈنچىلىك سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئىغۋا تارقىتىپ تۈرك خانلىرىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇش، بەزىلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ ئۇلارغا مەلىكە قىزلىرىنى ياتلىق قىلىش، ئېسىل سوۋغا - سالاملارنى تەقدىم قىلىش، پۇل

(1) «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى» 51 - جىلد «جاڭ سۈڭشىڭ ھەققىدە قىسسە».

ـ مال، بايلىق بېرىپ سېتىۋېلىش، زوروْر تېپىلغانـدا، ھەربىي كـۆچ بىلـەن ھۇجـۇم قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللاندى. مەسىلەن: سۈي سۇلالىسى ساۋارلو قاغاننىڭ ئوغلى كىمـىن تۇرىخاننى يېنىغا تارتىپ، ئۇنى چوڭ قاغان توڭگا تۇران قاغانغا (588 ـ 599) قارشى ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەنيى (مىلادىنىڭ 597 ـ يىلى)، يېچىڭ ئاتلىق ئىككى مەلىكىنى ياتلىق قىلدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سەۋەبلەرگە كۆرە، مىلادىنىڭ 582 ـ يىلىدىن باشلاپ، تۈركلەر بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى.

مىلادىنىڭ 582 ـ يىلى ساۋارلو قاغان 400 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلدى. سۈي سۇلالىسى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالدى. تۈرك ئاتلىق قوشۇنلىرى چاڭئەنگە يېقىنلاپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا يۇرۇشكە قاتناشقان تاردۇ قاغان (تۈرك قاغانلىقىنىڭ غەرب تەرىپىنى باشقۇرىدىغان قاغان) چوڭ قاغان ساۋارلونىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي ئۆز قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلارنى چېكىندۇرۇپ كەتتى. قورسىقىدا ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن ئاپا خانمۇ (بۇمۇ يۇرۇشكە قاتناشقان) سۈي سۇلالىسى دىپلوماتلىرىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، چاڭئەنگە بېرىپ ياڭ جيەننى زىيارەت قىلدى. مانا شۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە، جاڭ سۇنشىڭ ساۋارلو قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى زامخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، «تۇرالار (شەرقىي ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى) ساۋارلو قاغانغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلار قاغاننىڭ ئوردىسىنى بېسىۋالماقچى»[1] دەپ يالغاندىن ئىغۋا تارقاتتى. زامخان ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن بۇ ئىغۋاغا ئىشەنگەن ساۋارلو قاغان تۈرك قوشۇنلىرىنى چېكىندۇرۇپ قايتىپ كەتتى. سۈي سۇلالىسى خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، تۈرك ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇش باشلاندى. ئاپاخان ساۋارلودىن يېڭىلىپ، تاردۇ قاغاننىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى. تاردۇ قاغاننىڭ ياردىمىگە ئېگە بولغان ئاپاخان بىلەن ساۋارلو قاغان ئارىسىدا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش بولدى.

تۈرك قاغانلىقى ساۋارلو قاغان (581 ـ 587) دىن تارتىپ چورباغا قاغان (587 ـ 588)، توڭگا تۇران قاغان(588 ـ 600) غىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە ئۆز ئارا داۋام قىلغان ئۇرۇشلار ۋە سۈي سۇلالىسىنىڭ بۆلگۈنچىلىك سىيىسىتى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاخىر شەرقىي تۈرك ۋە غەربىي تۈرك قاغانلىقلىرىغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

(1) «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى. جاڭ سۇنشىڭ ھەققىدە قىسسە».

سۈي ۋېيندى مىلادىنىڭ 600 ـ يىلى كىمىن تۆرى قاغانغا نۇرغۇن قوشۇن بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۇنى چوڭ قاغان تۇران قاغانغا قارشى كۈشكۈرتۈپ قويدى. كىمىن تۆرى قاغان تۇران قاغاننى مەغلۇپ قىلدى. شۇ چاغدا، تاردۇ قاغان ئۆزىنى چوڭ قاغان ھېسابلاپ، بىلگە تاردۇ قاغان دەپ ئاتىدى. مىلادىنىڭ 603 ـ يىلى سۈي سۇلالىسىنىڭ ياردىمىنى ئالغان كىمىن تۆرى قاغان بىلگە تاردۇ قاغاننى تارمار قىلدى. تاردۇ قاغان كۆكنۇرغا قاچتى ۋە شۇ يەردە بولغان ئۇرۇشتا ئۆلدى. كىمىن تۆرى قاغان تۈركلەرنىڭ چوڭ قاغانى بولغان يىلى (603 ـ يىلى) غەرب قاغانلىرى مۇستەقىللىق ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، شەرقتىكى چوڭ قاغانغا بويسۇنۇشتىن باش تارتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا ئاپا قاغاننىڭ ئەۋلادلىرى قاغان بولۇشقا باشلىدى. غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئىلى ۋادىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ئافغانىستانلار تەۋە بولدى. شەرقىي تۈركلەرنىڭ تېررىتورىيىسىگە ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ غەربىدىكى قوبدو رايونىدىن غەربتە ئۇلۇغ ئوكيانغىچە بولغان جايلار تەۋە بولدى. شەرقىي تۈرك قاغانلىقىغا ئۆتۈكەن، غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا مىڭبۇلاق (ھازىرقى قىرغىزىستاندا) پايتەخت بولغانىدى.

مىلادىنىڭ 600 ـ يىللىرى، تۈركلەر بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، سۈي سۇلالىسى تۈركلەرنى بىر يولى يوقىتىشقا پېتىنالمىدى.

مىلادىنىڭ 609 ـ يىلى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ (600 ـ 630) تۇنجى قاغانى كىمىن تۆرى قاغان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ سىۋارخان، چۇلۇكخان، قاراخان ئاتلىق ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. كىمىن تۆرى قاغان ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ئارقا ـ ئارقىدىن شەرقىي تۈركلەرگە قاغان بولدى.

شەرقىي تۈرك قاغانلىقى سىۋارخاننىڭ ۋاقتىدا (609 ـ 619) كۈچىيىپ، شەرقىي ئاسىيادىكى خېلى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. سىۋارخان 1 مىليوندىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلدى. سىۋارخان مىلادىنىڭ 615 ـ يىلى جۇڭگونىڭ پادىشاھى سۈي ياڭدىنىڭ سەيلە قىلىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ شىمالىي چېگرىسىغا يېقىن بولغان جايلارغا كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. سىۋارخاننىڭ مەلىكىسى يىچىڭ (تۈركلەرگە ياتلىق بولغان خەنزۇ مەلىكىسى) ئوغرىلىقچە ئادەم ئەۋەتىپ بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنى سۈي ياڭدىغا مەلۇم قىلدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان سۈي ياڭدى ئالاقزادە بولغان ھالدا ئالدىراپ ـ

تېنەپ ئارقىغا قاراپ قېچىپ، يەنمىن شەھىرىگە كېلىۋالدى. ھايال ئۆتمەي سىۋارخانمۇ يەنمىن شەھىرىگە بېسىپ كېلىپ، شەھەرنى قورشىۋالدى. يەنمىن ۋىلايىتىگە قاراشلىق 41 شەھەردىن ئوتتۇز توققۇزنى تۈركلەر بېسىۋالدى. قورشاۋدا قالغان سۈي ياڭدى نېمە قىلىشىنى بىلمەي، بوۋاق ئوغلى ياڭگاۋنى قۇچاقلاپ كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ، كۆزلىرى ئىششىپ كەتتى. ئۇ شۇنداق ئېغىر ھالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنىڭ ۋەزىرى شايۇ سىۋارخاننىڭ مەلىكىسى يىچىڭنىڭ ئالدىغا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ، مەلىكىگە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش پارا بېرىپ، ئۇنىڭغا پادىشاھ سۈي ياڭدىنى قورشاۋدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ تەدبىرىنى ئۇقتۇردى. ئىغۋاگەر ۋە ھىيلىگەر بولغان مەلىكە يىچىڭ شايۇنىڭ تەدبىرى بويىچە، سىۋارخانغا ئادەم ئەۋەتىپ، يالغاندىن ئىغۋا توقۇپ: «ھازىر ئارقا تەرىپىمىزدە (شىمال تەرەپنى دېمەكچى) جىددىي ئەھۋال تۇغۇلۇپتۇ» دېگەن. مەلىكە يىچىڭنىڭ ئىغۋاسىغا ئىشەنگەن سىۋار قاغان تۈركلەر ئېلىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئەنسىرەپ، يەنمىن قورشاۋىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ قايتىپ كەتتى. سۈي ياڭدى تۈركلەرگە ئەسىر بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالدى[1].

جۇڭگودىكى سۈي سۇلالىسى مىلادىنىڭ 618 ـ يىلى دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدا كۆمتۈرۈلۈپ غەرق بولغان قېيىقتەك، ئىچكى ئىسيانلارنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدە ئاغدۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئورنىنى تاڭ سۇلالىسى ئالدى. تەخمىنەن 300 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (618 ـ 907) نىڭ تۇنجى پادىشاھى لى يەن (681 ـ 626) تاڭ سۇلالىسىنى قۇرۇشتا سىۋار قاغاندىن ياردەم ئالغانىدى. تۈركلەر لى يەنگە چاڭئەننى بېسىۋېلىشتا ھەربىي كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەن. شەرقىي تۈركلەرنىڭ چاڭئەنگە كەلگەن ئەلچىلىرى ئۆزىنى تولىمۇ مەغرۇر تۇتۇپ، يېڭى قۇرۇلغان تاڭ سۇلالىسىنى گويا ئۆزىگە قارام دۆلەت قاتارىدا كۆرۈپ، زادى كۆزىگە ئىلمىغان، دېمىسىمۇ لى يەن باشتا ئۆزىنىڭ سىۋار قاغانغا بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مىلادىنىڭ 619 ـ يىلى سىۋار قاغان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا چۇلۇقخان قاغان بولدى. تۈرك قاغانلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇمۇ جۇڭگو مەلىكىسىگە ئۆيلەندى. مەلىكە يىچىڭ چۇلۇق قاغاننى مىلادىنىڭ 621 ـ يىلى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. چۇلۇق قاغاندىن كېيىن قاغان بولغان قاراخاننىڭ ۋاقتىدا (621 ـ 630)، جۇڭگو تۈركلەرگە يول قويۇش سىياسىتىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان تاڭ سۇلالىسى ئۆز ھاكىمىيىتىگە قارشى بۆلگۈنچى

(1) ياڭ زىجۇ: «سۈي، تاڭ، بەش سۇلالە تارىخىنىڭ تېزىسلىرى» خەنزۇچە 16 ـ بەت.

كۆچلەرنى تېخى يوقىتالمىدى. قاراخان جۇڭگونىڭ ئىچكى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ تۇردى. قاراخان مىلادىنىڭ 622 ـ يىلى بىرنەچچە يۈزمىڭ قوشۇن بىلەن جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلدى. لى يەن قاراخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ تىنچلىق بىتىمنامىسى تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. تەلەپ قوبۇل قىلىندى. تۈزۈلگەن بىتىمنامە بويىچە، جۇڭگو ھەر يىلى تۈركلەرگە كۆپ مىقداردا ماددىي نەرسىلەر(تاۋار ـ دۇردۇن، چاي قاتارلىقلار) نى بېرىپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. قاراخان ئۆز ئېلىگە قايتتى. تاڭ سۇلالىسى قاراخاننىڭ پەيلىدىن قورقۇپ، مىلادىنىڭ 624 ـ يىلى پايتەختنى چاڭئەندىن يۆتكەپ كەتمەكچىمۇ بولدى، بۇنداق تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغانلار، چاڭئەندىكى دۆلەت خەزىنىسىدە بايلىق ناھايىتى كۆپ، ئەگەر ئوردىغا ئوت قويۇپ، كۈل قىلىپ تاشلىساق، تۈركلەر چاڭئەنگە بېسىپ كىرمەيدۇ، پايتەختنى مۇۋاپىقراق بىر جايغا يۆتكەپ كېتىش كېرەك، دېيىشكەن، بۇنداق تەشەببۇسنى لى يەن قوللىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلى لى شىمىن (626 ـ 649) قارشى چىققانلىقتىن پايتەختنى يۆتكەپ كېتىش تەشەببۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان.

مىلادىنىڭ 626 ـ يىلى قاراخان بۇرۇن تۈزۈلگەن تىنچلىق بىتىمنامىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىپ، چاڭئەنگە 40 چاقىرىم كېلىدىغان جايغىچە بېسىپ كەلدى. پادىشاھ لى شىمىن قاراخانغا ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، كىمخاپ، تاۋار ـ دۇردۇن بېرىش ھېسابىغا چاڭئەننى ساقلاپ قالدى. لى شىمىن شۇ يىلى دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنمە كۈچلەرنى يوقىتىپ، جۇڭگونى ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، لى شىمىن بىر تەرەپتىن قاراخاننىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ ئۇنى ئالدىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق كۆردى.

مىلادىنىڭ 627 ـ يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركلەرنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى ئېغىر، قارا كۈنلەر باشلاندى. تەبىئىي ئاپەت ئۇدا بىر نەچچە يىل داۋام قىلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن چارۋا مال قىرىلىپ كەتتى. خەلق ئاچارچىلىقتا قېلىپ، سۆڭەك تالقىنىنى يەپ كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىسيانلار كۆتۈرۈلدى. بۇنداق ئىسياننى شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئاساسىي تايانچىسى بولغان شەرقىي ئۇيغۇرلار كۆتۈردى. شۇ چاغدا شەرقىي ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇرلار، سۇرتاردۇشلار، چىبىنلار، توبالار، قورىقانلار، تىلەنغۇتلار، بۆكۈلەر، بايىرغۇلار، توڭرالار، خۇنلار، ئىزگىللەر، فۇغۇرسۇلار،

قومۇقلار، ئادىزلار، بولسارلار (بايسارلار) قاتارلىق 15 قەبىلىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئاساسىي خەلقى ئىدى. ئۇلار شۇ چاغدا، ھازىرقى موڭغۇلىيىدە ۋە بايقال بويلىرىدا ياشايتتى.

مىلادىنىڭ 600 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، شەرقىي ئۇيغۇرلار كۈچىيىشكە باشلىغانىدى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار ئۇرۇقىدىن چىققان خانلاردىن تىكىن ئەركىن (؟ ـ 605)، پوسا (؟ ـ ؟) ئاتلىق خانلار شەرقىي تۈركلەرگە ئىتائەت قىلغانىدى. 628 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار ئىسيان كۆتۈرگەندە، شەرقىي تۈرك قاغانى قاراخان ئىسياننى باستۇرۇش ئۈچۈن سىۋارخاننىڭ ئوغلى تۇرىخان بىلەن ئۆز ئوغلى يوغۇقساد باشچىلىقىدا، 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن ماڭدۇردى. مانا شۇ تۈرك قوشۇنلىرىنى ئۇيغۇر خانى پوسا تارمار قىلدى. قاراخان ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالماي مەغلۇپ بولغان تۇرىخاننى جازالاپ، ئۇنى بىرنەچچە كۈن سولاپ قويدى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان لى شىمىن تۇرىخاننى يېنىغا تارتىپ، ئۇنى قاراخانغا قارشى ئاتلاندۇردى. دەل شۇ چاغدا (مىلادىنىڭ 628 ـ يىلى)، شەرقىي تۈرك قاغانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ غەلىبە قىلغان ئۇيغۇرلار بىلەن سىر تاردۇشلار سىر تاردۇش قاغانلىقىنى قۇردى. تاڭ سۇلالىسى يېڭى قۇرۇلغان سىر تاردۇش قاغانلىقى (628 ـ 646) نى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭ قاغانى ئىنانىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ سوۋغا ـ سالام ۋە ئۇنۋان تەقدىم قىلدى. شەرقىي تۈركلەر ئىچكى جەھەتتىن ئەنە شۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، لى شىمىن شەرقىي تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇش باشلىدى. لى جىڭ قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى 100 مىڭدىن ئارتۇق جەڭچىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو قوشۇنلىرى تۈركلەرگە تۆت يۆنىلىش بويىچە ھۇجۇم قىلىپ، تۈركلەر دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىردى. مىلادىنىڭ 629 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چوغاي تاغلىرىنىڭ باغرىدا بولغان ئۇرۇشتا قاراخان مەغلۇپ بولۇپ غەربكە نىڭشىيا تەرەپكە قاچتى.

مىلادىنىڭ 630 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، قاراخاننى ئاسىنا سۇنىش ئاتلىق بىر خائىن بەگ جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى لى چىڭغا تۇتۇپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا، جۇڭگو قوشۇنلىرى ئەر ـ ئايال بولۇپ 100 مىڭدىن ئارتۇق تۈركنى ئەسىرگە ئالدى. ئەسىرگە ئېلىنغان تۈركلەر سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىدىكى جۇڭگو تېررىتورىسىگە كۆچۈرۈلدى. قاراخان باشلىق بىر تۈركۈم تۈرك بەگچەكلىرى (ئاسىنا ئۇرۇقىنىڭ جەمەتلىرى) چاڭئەنگە ئەكىلىندى. 630 ـ يىلىدىكى بۇ

مەغلۇبىيەتتە ئەسىر چۈشمەي قالغان تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتكەن بولسا، يەنە بىر قىسمى شەرقىي ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. قاراخان مىلادىنىڭ 634 ـ يىلى چاڭئەندە ئالەمدىن ئۆتتى.

لى شىمىن 639 ـ يىلى شەرقىي تۈركلەرگە (ئەسىر چۈشكەن تۈركلەرنى ئاساس قىلىپ تۈزۈپ) ئاسىناسىربا دېگەن كىشىنى قاغان دەپ جاكارلىدى. ئۇ، خەنزۇچە لى سىما (李思靡) دېگەن ئاتنى قوبۇل قىلدى. جۇڭگوغا ئىتائەت قىلغان بۇ قورچاق ھۆكۈمدار ئاسىنا سىربانى ئەزەلدىن تارتىپ مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن تۈركلەر قاغان دەپ ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، مۇستەقىل تۈرك قاغانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، جۇڭگوغا ئەسىر بولۇپ قالغان تۈركلەرنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن مەخپىي ھالدا ھەرىكەت باشلاندى. بۇنداق مەقسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلغۇچى سۈار قاغاننىڭ كىچىك ئوغلى كورشاد ئىدى. كورشاد مىلادىنىڭ 630 ـ يىلى چاڭئەنگە مەجبۇرى كەلتۈرۈلگەن تۈرك بەگچەكلىرىدىن 40 يىگىتنى ئەتراپىغا توپلاپ بىر مەخپىي تەشكىلات قۇردى. تەشكىلاتنىڭ مەخپىي كېڭىشىدە ئۇلۇغ مەقسەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا كورشاد قاغان بولىدۇ دەپ ماقۇللاندى. لېكىن كورشاد، بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلماي، قاغان نامزاتلىقىغا ئۆز جىيەنلىرىدىن بىرىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ تەكلىپى قاراردىن ئۆتتى.

شەرقىي تۈركلەرنىڭ كورشاد باشچىلىقىدىكى ئازادلىق ھەرىكىتى مىلادىنىڭ 639 ـ يىلى 4 ـ ئايدا باشلىنىدىغان ئىدى، بۇ چاغدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لى شىمىن ئىدى. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 630 ـ يىلى تاڭ قوشۇنلىرىغا ئەسىر چۈشكەن 100 مىڭدىن ئارتۇق تۈرك شىمالىي جۇڭگودا مەھكۇملۇقتا ياشايتتى.

كورشاد باشچىلىقىدىكى ئىسيانچىلار ئەتراپلىق پۇختا كېڭەشكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى ئاساسەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. بىرىنچى باسقۇچتا، پادىشاھ لى شىمىننى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى تۈركلەر يۇرتىغا ئەكىتىپ گۆرۈگە تۇتۇۋېلىش، ئاندىن كېيىن لى شىمىننى قايتۇرۇپ بېرىش بەدىلىگە تاڭ سۇلالىسى پايتەختىدە نەزەربەند بولۇپ تۇرغان تۈرك بەگچەكلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش، ئىككىنچى باسقۇچتا بولسا، تۈركلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانلاندى. كورشاد لى شىمىننىڭ پۇقراچە ياسىنىپ كېچىسى چاڭئەن كوچىلىرىغا

چىقىپ پۇقرالار ئارىسىدىكى ئەھۋالنى تىك تىڭشايدىغان ئادىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى تۇتۇپ كەتمەكچى بولدى. لى شىمىننى تۇتۇش پىلانلانغان ئاخشىمى ھاۋا بۇزۇلۇپ بوران چىقتى. لى شىمىن ئوردىدىن چىقمىدى. بۇنىڭدىن گۇمانلانغان كورشادىن سىر مەلۇم بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، خان ئوردىسىغا بېسىپ كىرىپ، لى شىمىننى شۇ يەردىن تۇتۇپ چىقماقچى بولدى.

شۇ كېچىسى كورشاد باشچىلىقىدىكى 40 يىگىت تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بېسىپ كىردى. ئوردىدا قانلىق جەڭ يۈز بەردى. ئىسيانچىلارنىڭ ئاتقان ئوقى ۋە چاپقان قىلىچىدىن يۈزلىگەن ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرى ئۆلدى. كورشاد ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ قارا قىيانىدەك گۆركىرەپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ لى شىمىننى تۇتۇۋېلىشقا كۆزى يەتمەي، يولداشلىرىغا ئوردىدىن چېكىنىش بۇيرۇقىنى بەردى. كورشاد باشچىلىقىدىكى ئىسيانچىلار تاڭ ئوردىسىنىڭ ئاتخانىسىدىكى ئاتلارنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئاتلىنىپ ۋېيخې دەرياسىنىڭ بويىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر پۈتۈن ئارمىيە قوغلاپ كەلدى. دەريانىڭ بويىدا بولغان جەڭدە ئىسيانچىلارنىڭ بىرىمۇ يۈرەكسىزلىك قىلمىدى، ھەممىسى مەردلەرچە جەڭ قىلىپ، قىزىل قانغا بويىلىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.

كورشاد ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرىنىڭ جەسىتى ۋېيخې دەرياسىنىڭ سېرىق توپىلىق قىرغىقىدا قالدى. بىز كورشاد ھەققىدىكى بۇ مەلۇماتنى جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدىن ئالدۇق[1].

تۈركلەرنىڭ مىللىي قەھرىمانى كورشادنىڭ ئىسيانى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن شەرقىي تۈركلەر ئىچىدە ئازادلىق، مۇستەقىللىق كەيپىياتى بېسىلمىدى. شەرقىي تۈركلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسى تىك قىياغا ئۆرنى ئۇرغان دەھشەتلىك دولقۇندەك داۋالغۇشقا باشلىدى. ئالىيجاناب خىسلەتلىك، شىر يۈرەك قەھرىمان كورشادنىڭ نامى خەلق ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىقى يولىدا كۈرەش قىلغان ۋە كۈرەشۋاتقانلارنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالدى ۋە ئالغۇسى(ئىزاھتىكى تارىخىي مەلۇماتنىڭ ئەسلى خەنزۇچە نۇسخىسىنى تۆۋەندىكى تىرناق ئىچىدە بەردۇق).

原文：«初，突利可汗之弟结 社 率 入 朝， 历 位 中 郎 将。

(1) سىما گۇاڭ: «يىلنامە» 195 ـ بەت، جېڭگۇەننىڭ 13 ـ يىلى.

居 家 无 赖。怨突利 斥之，乃诬告其谋反，上由是薄之，久不进秩。结社率恐 结故部落，得四十余人，谋因普王治四鼓出宫，开门辟仗，驰入宫门，直指御帐，可有大功，甲申，拥突利之十贺逻鹘夜伏于宫外，会大风，普王来处，结 社率恐晓，遂犯行宫，踰回重幕，弓矢乱发，卫士 死者数十人，折卫孙武开等帅众奋击，久之，乃退，驰入御厩，盗马二十余匹，北走，渡渭，欲奔其部落，追获，斩之，原原贺逻鹘，投于苓表.»

## تۆتىنچى باب: ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تەشكىل تېپىشى

### تۇمىد ۋە ئۇلۇغ ئىلتەبىر

مىلادىنىڭ 639 ـ يىلى كورشادىنىڭ ئىسيانى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى شەرقىي ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىپ قورۇلغان سورتاردۇش قاغانلىقىغا (628 ـ 646) قارىتا بۇرۇنقى سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ (تاڭ سۇلالىسى بۇرۇن سورتاردۇشلارنى قاراخانغا قارشى كۆشكۈرتكەنىدى)، ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىش يولىغا ئۆتتى. بۇ مەقسەتتە، 629 ـ يىلى ئەسىر چۈشكەن 100 مىڭ تۈركنى سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىغا كۆچۈرۈپ، بىز باشتا ئېيتقاندەك 639 ـ يىلى ئاسىناسىربانى ئۇلارغا قاغان قىلدى ۋە ئۇنى سورتادۇشلارغا قارشى قىلىپ قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، تاڭ سۇلالىسى تۇرغۇزغان قورچاق قاغانلاردىن بىر نەچچىسى ئۆتتى.

تاڭ سۇلالىسى سورتاردۇش قاغانلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن، قورچاق قاغانلاردىن پايدىلانغاندىن تاشقىرى يەنە، شەرقىي ئۇيغۇرلاردىنمۇ پايدىلىنىشقا ئۇرۇندى، شۇ چاغدا، ھازىرقى كورېيە خەلقىنىڭ ئەجدادلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە ئىتتىپاقچى قىلىشقا ھەرىكەت قىلغانىدى. مىلادىنىڭ 643 ـ يىلى كورېيە خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر خانى يەنگەي سۇۋسن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بوركلى خانى ئارقىلىق سورتادۇشلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىگە قارشى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان لى شىمىن سورتاردۇش قاغانلىقىنى يوق قىلىشقا بەل باغلىدى. لى شىمىن ئۇيغۇر خانى تۇمىد ئۇلۇغ ئىلتەبىر بىلەن بىرلىشىپ، مىلادىنىڭ 646 ـ يىلى سورتاردۇش قاغانلىقىنى يوقاتتى. ئاندىن كېيىن، شەرقىي ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇش

ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. لېكىن، مىلادىنىڭ 646 - يىلى ئۇيغۇر خانى تۇمىد ئۇلۇغ ئىلتەبىر ئۆزىنى «ئۇيغۇر قاغانى» دەپ ئاتاپ تارىختا 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تارىخىنى باشلاپ بەردى. لى شىمىن ئىلاج قىلالماي، يېڭىدىن تەشكىل تاپقان بۇ ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن ئۇ چىدىماسلىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تۇنجى قاغانىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. لى شىمىن ئۆز ئادەملىرى ئارقىلىق تۇمىد قاغاننىڭ جىيەنى بولغان ئۇيغۇر ئاتلىق بىر بەگنى ئالداپ (ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاغان بولۇشىنى قوللاشقا ۋەدە بېرىپ)، ئۇنىڭ قولى بىلەن تۇمىد قاغاننى ئۆلتۈردى. ئۇيغۇر، تۇمىد قاغاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن كېچىسى بىر نەچچە ئاتلىق كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ لى شىمىننىڭ ئادىمى يەن لىچىڭنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. يەن لىچىن ئۇيغۇرلارنى ئالداش ئۈچۈن، ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈپ بۇ سىرنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇ چاغدا، بۇ سۇيىقەستتىن ئېنىق خەۋەر تاپقان ئۇيغۇرلار تۇمىد قاغاننىڭ ئوغلى بايانخاننى قاغان قىلىپ كۆتۈردى. يېڭى قاغان ۋەزىيەتنى تىزگىنلىۋالدى.

### ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

دېمەك، مىلادىنىڭ 646 - يىلى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىدە ئۇيغۇر- ئورخۇن قاغانلىقى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جەنۇبىدا، تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇلغان قورچاق تۈرك قاغانلىقىمۇ مەۋجۇد ئىدى. بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركلەر ئۆزلىرىگە تېڭىلغان قورچاق قاغانلارنى ئېتىراپ قىلماي، كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنى يوق قىلىشقا بەل باغلىغانىدى. تۈركلەر شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 679 - يىلى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاسىنا نىزوق بەگنى قاغانلىق تەختىگە چىقاردى، ئاسىنا نىزوق بەگ 680 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تۈركلەر ئۇنىڭ ئورنىغا ئاسىنا ئىناننى قاغان قىلىپ كۆتۈردى. ئاسىنا ئىنان قاغان 681 - يىلى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تىرىك قولغا چۈشۈرۈلۈپ چاڭئەندە ئۆلتۈرۈلدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاسىنا قۇتلۇق ئاتلىق تۈرك بەگچىكى مىلادىنىڭ 682 - يىلى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىدىن تەركىب

تاپقان قوشۇنلىرىنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ، شۆھرەت قازاندى. تۈركلەر ئۇنىڭغا ئىلتېرىش قۇتلۇق (ئەلنى تىرىلدۈرگۈچى قۇتلۇق) قاغان ئۇنۋانىنى بەردى. ئىلتېرىش قۇتلۇق مىلادىنىڭ 682 ـ يىلى ئىنكلىر كۆلى (كالىلار كۆلى) بويىدا ئۇيغۇرلارنى تارمار قىلىپ، ئۆتۈكەننى بېسىۋالدى. ئىلتېرىش قۇتلۇق (682 ـ 692)، قاپاغان قاغان (692 ـ 716)، بىلگە قاغان (716 ـ 734) لەرنىڭ دەۋرىدە، شەرقىي تۈرك قاغانلىقى ناھايىتى كۈچەيدى. شۇ چاغدا، ئاسىيا قىتئەسىدە، شەرقىي تۈرك قاغانلىقى (682 ـ 744)، تاڭ سۇلالىسى (618 ـ 907) ئەرەب خەلىپىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەت قەد كۆتۈرگەنىدى.

كېيىن قۇرۇلغان شەرقىي تۈرك قاغانلىقى مىلادىنىڭ 682 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنى قىسمەن ھالدا قارام ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق ھالىتىنى ئاساسەن ساقلاپ قالدى.

شەرقىي تۈركلەر مىلادىنىڭ 709 ـ يىلى ۋە مىلادىنىڭ 711 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن ئەۋەتىپ، ئەرەبلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاپ چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلدى. مانا شۇ تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ئىككى قېتىملىق يۈرۈشىگە ئىلتېرىش قۇتلۇقنىڭ كىچىك ئوغلى كۆل تېكىن قوماندانلىق قىلدى. كۆل تېكىن بۇخارا ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشتا ئەرەب سەركەردىسى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بىلەن تۇتۇشتى. تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئەرەبلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاپ چىقىرىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى.

شەرقىي ئۇيغۇرلار 682 ـ يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركلەرگە قىسمەن ھالدا قارام بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈرك قاغانلىقىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن تىنماي ئۇرۇشۇپ تۇردى. مۇنداق ئۇرۇشلار 715 ـ يىلىدىن باشلاپ كۈچەيدى. مىلادىنىڭ 716 ـ يىلى شەرقىي تۈرك قاغانى قاپاغان قاغان قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئورمانلىقتا مۆكۈنۈپ تۇرغان ئۇيغۇر قەبىلىسى بايىرغۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

قاپاغان قاغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركلەرگە قاغان بولغان بىلگە قاغان، ئاسىنا بىلگە قۇتلۇق قاغان (734 ـ 741) نىڭ ۋاقتىدا، شەرقىي تۈركلەر يەنىلا ئاسىيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قالدى. شۇ چاغدا، شەرقىي تۈرك قاغانلىقى 220 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە ئىدى. شىمالدىكى كۈچلۈك قوشنىسى بولغان شەرقىي تۈركلەردىن كېچە ـ كۈندۈز ئەنسىرەپ تۇرىدىغان تاڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 735 ـ يىللىرىمۇ تۈركلەرنىڭ

ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ شىمالىي چېگرىسىغا 400 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇن تۇرغۇزدى[1].

مىلادىنىڭ 745 ـ يىلى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

بىز يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدا، مىلادىنىڭ 600 ـ يىلى تۈركلەر شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك قاغانلىقلىرىغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن شەرقىي تۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە توختالدۇق.

تۆۋەندە، غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى (ئاساسەن ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى) توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

مىلادىنىڭ 576 ـ يىلى تۈرك قاغانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىنى چوڭ قاغانغا ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان يابغۇ ئونۋانىدىكى ئىستەمى قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئورنىغا بىلگە تاردۇ قاغان تەيىنلەنگەندى. بىلگە تاردۇ قاغان 24 يىل (مىلادىنىڭ 576 ـ يىلىدىن 600 ـ يىلىغىچە) سەلتەنەت سۈردى. مۇقان قاغاننىڭ ئوغلى ئاپاخان ئۇنىڭ بىلەن بىللە 17 يىل (576 ـ 593) ئورتاق قاغان بولدى. ئاپاخاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئىنال قاغان يەتتە يىل (593 ـ 600) بىلگە تاردۇ قاغاننىڭ يېنىدا ئورتاق غەربىي قاغان بولدى. مىلادىنىڭ 600 ـ يىلى تۈرك قاغانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا ئاپاقاغاننىڭ باللىرى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ تۇنجى قاغانى ئاپا قاغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئىنال قاغاننىڭ نەۋرىسى چۇلو قاغان (600 ـ 611) قاتارلىقلارنىڭ ۋاقتىدا، غەربىي تۈركلەر بىلەن شەرقىي تۈركلەر ئارىسىدا ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا شەرقىي تۈرك قاغانى سىۋار قاغان غەربىي تۈرك قاغانى چۇلو قاغاننى ئۆلتۈردى.

غەربىي تۈرك قاغانلىقى چۇلو قاغاننىڭ تاغىسى شىخوي قاغان (611 ـ 618) نىڭ ئوغلى تۇزيابغۇ قاغاننىڭ ۋاقتىدا (618 ـ 630) ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغانىدى. شۇ چاغدا، غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقىي شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ جەنۇبتا ئامۇ دەرياسى بىلەن ئىرانغىچە، شەرقتە باركۆلدىن تارتىپ، غەربتە كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە

(1) پەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئۇمۇمىي تارىخى» III قىسىم I بۆلۈم، خەنزۇچە، 125 ـ، 126 ـ، 275 ـ، 292 ـ بەتلەر.

تۇتاشقانىدى.

غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى شېخوي قاغاننىڭ ۋاقتىدا تۈركلەر بىلەن ئىران ئارىسىدىكى بۇرۇنقى دۈشمەنلىك تۈگەپ، دوستلۇق ئورنىتىلدى. ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى خىسراۋ پەرۋىز II (589 ـ 628) غەربىي تۈركلەر بىلەن ئورناتقان دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىنىڭ 609 ـ يىلىدىن 619 ـ يىلىغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە مىسىر، يەمەن، پەلەستىن، رودوس، ئۇسكودارلارنى (كىچىك ئاسىيادا) شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى. ئىران قوشۇنلىرىنىڭ غەلىبىلىك يۈرۈشلىرى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىگە قارشى ھالەتتە تۇرغان ئەرەبلەرنى ناھايىتى قاتتىق ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئىرانغا تارتتۇرۇپ قويغان ئىمپېراتور ھىراكلىي I (610 ـ 641) تۈركلەر بىلەن بولغان بۇرۇنقى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۆز ھالىغا كەلتۈرۈۋالدى. مىلادىنىڭ 576 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ غەربىي قاغانى بىلگە تاردۇ قاغان بىلەن رىم ئىمپېراتورىنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەندە، تۈركلەر بىلەن رومالىقلار ئۇرۇشقانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تۈركلەر بىلەن شەرقىي رىم ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق بۇزۇلغان.

تون يابغۇ قاغان تۈركلەر تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ قاغان مۇقان قاغاندىن زادى قېلىشمايدىغان ئەقىللىق، تەدبىرلىك، باتۇر، ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيە ۋە تاكتىكىسىغا ماھىر قاغان ئىدى. ئۇ تۈركلەر بىلەن شەرقىي رىم ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي تۈركلەرنىڭ پايتەختىنى يۇلتۇزدىن تالاس دەرياسىنىڭ بويىدىكى مىڭبۇلاققا يۆتكىگەن ئىدى. تون يابغۇ قاغان شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ھىراكلىي I بىلەن كېلىشىپ، مىلادىنىڭ 624 ـ يىلى شەرق (خۇراسان) تەرەپتىن ئىرانغا بېسىپ كىردى. تون يابغۇ قاغان خۇراساندا ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، تېھران ۋە ئىسپاھاننى ئالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىراننىڭ پايتەختى كتىسفۇن (ھازىرقى باغداد) قا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا، شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ھىراكلىيI غەرب (سۈرىيە) تەرەپتىن ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى. شۇ چاغدا غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا قارايدىغان ھازار قاغانلىقى (486 ـ 690) نىڭ قاغانى ئۇباچا قاغان قوماندانلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك ھازار قوشۇنلىرى ئەزەربەيجان (جەنۇبىي كاۋكاز) تەرەپتىن ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى. ئىتتىپاقداشلار (تۈركلەر بىلەن شەرقىي رىم) نىڭ قوشۇنلىرى كتىسفۇننى ئالدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ئىران

ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئەھۋالىنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن، خىسراۋ پەرۋىز II نى تەختتىن چۈشۈرۈپ قوباتII نى تەختكە چىقاردى. تون يابغۇ قاغان ئىراندىن تارتىۋالغان خۇراسانغا ئىلتەبىر، تۇدۇن قاتارلىق تۈرك بەگلىرىنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ھراكلىI بولسا، بۇرۇن ئىرانغا تارتتۇرۇپ قويغان يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، شەرقىي رىمنىڭ شان - شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇ قېتىمقى ئېغىر ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئىران ھەر جەھەتتىن ئاجىزلاپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋال ئەرەبلەرنىڭ ئىراننى ئاسانلا بېسىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. تون يابغۇ قاغان مىلادىنىڭ 624 - يىلى (بەزى مەلۇماتلاردا 628 - يىلى دېيىلىدۇ) ئىرانغا قىلغان غەلىبىلىك يۈرۈشىدىن كېيىن، شۆھرەت ۋە تەنتەنە بىلەن مىڭبۇلاققا قايتىپ كەلدى. تون يابغۇ قاغان ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي مىلادىنىڭ 630 - يىلى بىلگە تاردۇ قاغاننىڭ كىچىك ئوغلى باغاتۇر قاغان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقە ئىستەمى ئوغۇللىرىنىڭ تۇمەن قاغان ئوغۇللىرىدىن قاغانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشى ئىدى. لېكىن تون يابغۇ قاغاننىڭ ئوغلى سى يابغۇ قاغان باغاتۇر قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي تۈركلەرگە قاغان بولدى. ئۇلۇغ قاغان تون يابغۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، غەربىي تۈركلەردە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاپەتلىك يانغىنلىرى لاۋۇلداشقا باشلىدى. سى يابغۇ قاغان مىلادىنىڭ 633 - يىلى ئاپا قاغاننىڭ كىچىك ئوغلى ئۇلۇغ سادىنىڭ چوڭ ئوغلى باغاشا تۇلۇ قاغان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قاڭلىغا قېچىپ كەتتى. باغاشا تۇلۇ قاغان ئۇزۇن ئۆتمەي، 634 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۇكىسى ئىشبارا تېرىش تۇڭگا قاغان (634 - 639) تۈركلەرنىڭ ئاساسىي قەبىلىلىرىنى ئىككى چوڭ تارماققا بۆلدى. ھەربىر تارماقتا بەشتىن قەبىلە بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىر تارمىقى بەش نۇشىبى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار قىرغىزىستاندىكى چۇ دەرياسى بىلەن تالاس دەرياسىنىڭ ئارىسىدىكى جايلاردا ياشايتتى. ئىشبارا تېرىش تۇڭگا قاغان بۇ بەش قەبىلىنىڭ ھەر بىرىگە ئۇلۇغ ئەركىن ئۇنۋانىدا بىردىن خان تەيىنلىدى. يەنە بىر تارمىقى بەش تۇلىس دەپ ئاتالدى. بۇلار ئىلى دەرياسى بىلەن چۇ دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا ياشايتتى. تۈرگەشلەر مانا شۇ بەش تۇلىس دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىلەرنىڭ تەركىبىدە ئىدى. بۇ بەش قەبىلىنىڭ ھەر بىرىگە ئۇلۇغ چۇر ئۇنۋانىدا بىردىن خان تەيىنلەندى. يىغىپ ئېيتقاندا، بەش نۇشىبى قەبىلىلىرى ئىسسىقكۆلنىڭ غەربىدە، بەش تۇلىس قەبىلىلىرى ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىدە ياشىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى

قوشۇلۇپ «ئون ئوق» دەپمۇ ئاتىلاتتى.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، جۇڭگو مىلادىنىڭ 630 ـ يىلى شەرقىي تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، 680 ـ يىلى شەرقىي تۈركلەر مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگىچە بولغان 50 يىل ئىچىدە، ئۇيغۇرلاردىن ئۇنۇملۇك ھالدا پايدىلىنىپ غەربىي تۈركلەرنىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

لى شىمىن 630 ـ يىلى شەرقىي تۈرك قاغانى قاراخاننى ئەسىر ئالغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ شەرق ۋە غەربتىكى قوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىش ھازىرلىقىغا كىرىشتى. لى شىمىنىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە باھانە تېپىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ۋەزىرى ۋېي جېڭ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى: «جۇڭگو ئارامخۇدا، خاتىرجەم ياشىماقچى بولىدىكەن، ئۆز ئەتراپىدا ئۆزىدىن كۈچلۈك بىرمۇ دۆلەتنىڭ بولۇشىغا يول قويماسلىقى، ئۆزىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى يات دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇشى لازىم.»

لى شىمىن ئۆزىنىڭ ئەقىللىق ۋەزىرى ۋېي جېڭ كۆرسەتكەن بۇ ستراتېگىيە بويىچە ھەرىكەت قىلدى.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تون يابغۇ قاغان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، غەربىي تۈرك قاغانلىقىدا ئىچكى ئۇرۇش بىر نەچچە يىل داۋام قىلدى. جۇڭگو ئۆزىگە ناھايىتى پايدىلىق بولغان بۇ ياخشى شارائىتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي تۈركلەرنى يوقىتىشقا بەل باغلىدى. جۇڭگو غەربىي تۈركلەرنىڭ تۈرك قاغانلىقىنىڭ بۈيۈك سەلتەنەتلىك دەۋرىدىكى شان ـ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىنىمۇ ئىگىلىۋېلىپ، بىرلىككە كەلگەن، قۇدرەتلىك تۈرك قاغانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىدىن بەكمۇ قورقاتتى. دېمىسىمۇ، غەربىي تۈرك قاغانلىرىدا ئەنە شۇنداق مەقسەت بار ئىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزى ئۈچۈن ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولغان غەربىي تۈرك قاغانلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن، بىرىنچى قەدەمدە، غەربىي تۈركلەردىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسىنى، ئىككىنچى قەدەمدە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى تارتىۋالماقچى بولدى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بۇنداق چوڭ ۋە قىيىن ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم سىناقتىن ئۆتكەن «ياتلارنىڭ قولى بىلەن ياتلارنى بويسۇندۇرۇش

ئۇنۇملۇك تەدبىر» دېگەن ستراتېگىيىسىنى قوللاندى. لى شىمىن 630 ـ يىلى شەرقىي تۈركلەرنى تارمار قىلغاندا، ئەسىرگە چۈشكەن يۈز نەچچە مىڭ تۈركنىڭ ئىچىدىكى ئەسكەرلىككە يارايدىغانلاردىن قوشۇن تەشكىل قىلدى. بۇ ئىشنى ئۇ تاڭ سۇلالىسىگە جان ـ دىلى بىلەن خىزمەت قىلغان تۈرك بەگچىكى ئاسىناتۇر قاتارلىقلار ئارقىلىق ئورۇندىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان جېبىنلارنىڭ بەگچىكى جېبىنى ئالىپ ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردىن قوشۇن تەشكىل قىلدى. ئاسىناتۇر بىلەن جېبىنى ئالىپ قاتارلىقلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈركلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

ئاسىناتۇر غەربىي تۈرك قاغانى چۇلو قاغاننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى بولۇپ، 636 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 655 ـ يىلى ئۆزى ئۆلگەنگە قەدەر ئۇ تاڭ سۇلالىسىگە خىزمەت قىلىپ، غەربىي تۈركلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلاردا باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. جېبىنى ئالىپ بولسا مىلادىنىڭ 632 ـ يىلى ئۆز قەبىلىسىدىن بىر نەچچە مىڭ كىشىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان ئۇيغۇر ئىدى. ئۇمۇ ئۆزى ئۆلگەنگە قەدەر مىلادىنىڭ 676 ـ يىلىغىچە تاڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئەرزىگۈدەك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بەردى.

لى شىمىن مىلادىنىڭ 640 ـ يىلىدىن باشلاپ غەربىي تۈركلەرگە قارشى ئۇرۇش باشلىدى. خۇ جۇنجى قوماندانلىقىدىكى جۇڭگو قوشۇنلىرى (ئاسىناتۇر بىلەن جېبىنى ئالىپ قوماندانلىقىدىكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر قوشۇنلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ئىدى) غەربىي تۈرك قاغانلىقى زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، تۇرپان خانلىقى (460 ـ 640) نى غەربىي تۈركلەردىن تارتىۋالدى. بۇ چاغدا غەربىي تۈرك قاغانى ئېپى تۇلۇ قاغان (638 ـ 651) نىڭ بەشبالىقتىكى يابغۇسى تۇرپان خانلىقىغا ياردەم بېرىپ تاڭ قوشۇنلىرىغا قارشى چىقىش ئورنىغا خۇ جۇنجىگە تەسلىم بولدى. مىلادىنىڭ 644 ـ يىلى، جۇڭگو قوشۇنلىرى قارا شەھەرنى بېسىۋالدى. مىلادىنىڭ 648 ـ يىلى جۇڭگو قوشۇنلىرىغا باش قوماندان بولغان ئاسىناتۇر، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن (ئاساسەن تۈرك ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان قوشۇن) غا يېتەكچىلىك قىلىپ، كوچا، قەشقەر، خوتەن خانلىقلىرىنىمۇ بېسىۋالدى. مانا شۇ چاغدا، غەربىي تۈركلەر تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى قوغداپ، جۇڭگو قوشۇنلىرىنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان

بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئۈنۈم بەرمىدى. تارىم ۋادىسى مىلادىنىڭ 650 ـ يىلى غەربىي تۈركلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى.

لى شىمىن مىلادىنىڭ 640 ـ يىلىدىن باشلاپ غەربىي تۈركلەرنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تېررىتورىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان چاغنىڭ ئۆزىدىلا، شەرقتىكى كورىيىگىمۇ تاجاۋۇز قىلىشقا ھازىرلانغانىدى. بۇ ۋەقە توغرىسىدا باشتا توختالغانىدۇق.

تاڭ سۇلالىسى ئون يىل (640 ـ 650) ۋاقىت سەرپ قىلىپ تارىم ۋادىسىنى غەرب تۈركلەردىن تارتىۋالغاندىن كېيىن، جۇڭغار دالاسىنى بېسىۋېلىشقا كىرىشتى. مانا شۇ چاغدا، ئاسىنا ئالپ ئۇلۇغ ئىشبارا قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئاسىنا ئالپ مىلادى 652 ـ يىلى شەرققە يۈرۈش قىلىپ، خەلقئارا سودا يولىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتقان بەشبالىق (640 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى بېسىۋالغان) قايتۇرۇۋالدى.

بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ قاغانى بايانخاننىڭ 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن قىلغان ياردىمىنى ئاساس قىلىپ، لىياڭ جيەنفاڭ قوماندانلىقىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ماڭدۇرۇپ، غەربىي تۈرك قاغانى ئاسىنا ئالپنى مەغلۇپ قىلدى. بەشبالىق تۈركلەرنىڭ قولىدىن يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئاسىنا ئالپ مىلادىنىڭ 657 ـ يىلى قوشۇن تارتىپ كېلىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى قولدىن كەتكەن جايلارنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. ئۇنىڭ مەقسىتى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىدى. شۇ چاغدا ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانى بايانخان 50 مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، سۇدىڭفاڭ قوماندانلىقىدىكى 30 مىڭ كىشىلىك جۇڭگو قوشۇنىغا (بۇلار پىيادە قوشۇن ئىدى) ماسلىشىپ، ھازىرقى بورتالا ئەتراپىدا، ئاسىنا ئالپ قوماندانلىقىدىكى 100 مىڭ كىشىلىك تۈرك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇرۇشتا ئاسىنا ئالپ مەغلۇپ بولدى. ئۇ بىر قىسىم قوشۇنلىرىنى باشلاپ غەرب تەرەپكە چېكىندى. بايانخان، شىياۋسىي بىلەن بىللە، ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، ھازىرقى تاشكەنتنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كېش دېگەن شەھەرگىچە باردى. كېش شەھىرىنىڭ بېگى ئىنال تارقان ئۇنى يالغاندىن قارشى ئالغان بولۇپ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇنى شەھەرگە باشلاپ كىردى. ئاسىنا ئالپ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئىنال تارقان ئۇنى باغلاپ دۈشمەنگە تۇتۇپ بەردى.

تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ غەربىي تۈركلەر ئۈستىدىن قازانغان بىر قاتار غەلىبىلىرى ئاساسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز مەمۇرىيىتىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ھەرخىل نامدىكى مەھكىمىلەرنى تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭغا تۈرك بەگلىرىنى ئەمەلدار قىلىپ تەيىنلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنى ئىتائەت قىلدۇرماقچى بولدى. ئەمما ئۇ ئەمەلىيەتتە غەربىي تۈرك قاغانلىقى تېررىتورىيىسىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزەلمىدى. مىلادىنىڭ 657 ـ يىلى ئاسىنا ئالىپ ئەسىر چۈشكەندىن كېيىن قاغان بولغان غەربىي تۈرك قاغانلىرىدىن ئاسىنا مىش (657 ـ 662)، ئاسىنا بورىكىن (666 ـ 668)، ئاسىنا تۇرچى (671 ـ 679)، ئاسىنا نىزوق بەگ (679 ـ 680)، ئاسىنا يالچىن (685 ـ 693)، ئاسىنا خوجىلو (686 ـ 690)، ئاسىنا ئون ئوق قاغان (694 ـ ؟) ئاسىنا خوجىلو (2 ـ قېتىم) قاتارلىق قاغانلار غەربىي تۈركلەردىن مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى. پەقەت غەربىي تۈركلەردىن ئاسىنا قايدۇ بىلەن ئاسىنا شان قاتارلىق ئىككى قاغانلار (704 ـ يىلدىن 711 ـ يىلغىچە يەتتە يىل) تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغانىدى. 711 ـ يىلدىن باشلاپ غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانلىق ھوقۇقى ئاسىنا ئۇرۇقىدىن تۈرگەشلەر قولىغا ئۆتتى. تۈرگەش قاغانلىرى 742 ـ يىلغىچە غەربىي تۈركلەرگە قاغان بولدى. 742 ـ يىلدىن كېيىن قاغانلىق ھوقۇقى يەنە ئاسىنا ئۇرۇقىنىڭ قولىغا ئۆتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈركلەرنى ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەلمەسلىكىگە يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز تەسىرىگە ئېلىشىغا تىبەت خانلىقى (629 ـ 846) مىلادىنىڭ 682 ـ يىلى قايتىدىن قۇرۇلغان شەرقىي تۈرك (قۇتلۇق ئېلتېرىش) قاغانلىقى، مىلادىنىڭ 651 ـ يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن ئەرەبلەر يول قويمىدى. مىلادىنىڭ 670 ـ يىلى تىبەت خانلىقى قارا شەھەر، كۇچا، قەشقەر، خوتەننى بېسىۋالدى. مىلادىنىڭ 692 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قارا شەھەر، كۇچا، قەشقەر، خوتەننى تىبەتلىكلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان بولسىمۇ، ئەرەبلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىۋالغان تىبەت خانلىقى مىلادىنىڭ 720 ـ يىلدىن باشلاپ تارىم ۋادىسىنى تاڭ سۇلالىسىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. مىلادىنىڭ 751 ـ يىلى قىرغىزىستاندىكى تالاس دەرياسىنىڭ بويىدا ئەرەبلەر بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش يۈزىسىدىن ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا سالىھ ئىبنى زىياد قوماندانلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى گاۋشەنزى

قوماندانلىقىدىكى جۇڭگو قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. گاۋشەنجى ئامان قالغان 3000 كىشىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. تالاس ئۇرۇشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن، تارىم ۋادىسى ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

193 يىل ھۆكۈم سۈرگەن كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ دەۋرىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن. بىرىنچى باسقۇچ، 50 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا شۇ 50 يىل (مىلادىنىڭ 552 - يىلىدىن 600 - يىلىغىچە) كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ قۇدرەت تاپقان ئاجايىپ سەلتەنەتلىك دەۋرى ئىدى. شۇ چاغدا، كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە ساخالىن ئارىلىدىن تارتىپ غەربتە قارا دېڭىز بويلىرىغىچە، شىمالدا بايكۆل، بالقاش، ئارال كۆللىرىدىن تارتىپ جەنۇبتا ئىرانغىچە سوزۇلغانىدى، ئافغانىستان، كەشمىر، تىبەت، گەنسۇمۇ قاغانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئىدى.

كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى مىلادىنىڭ 600 - يىلىدىن كۆك تۈرك قاغانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن تارتىپ باشلىنىدۇ. بۇ باسقۇچ شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكۈچە بولغان 145 يىلنى (600 - 745) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرقىي تۈركلەر مانا شۇ 145 - يىلنىڭ 50 - يىلىدا (630 - 680) قارامىلىقتا ياشىدى. مىلادىنىڭ 682 - يىلى شەرقىي تۈرك بەگچىكى ئاسىنا قۇتلۇق شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئۆز ھالىغا كەلتۈردى. مانا شۇ ئىلتىرىش قۇتلۇق ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرى (682 - 745) كۆك تۈرك تارىخىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى بولۇپ بۇ باسقۇچ 63 يىل داۋام قىلدى.

غەربىي تۈرك قاغانلىقى (600 - 742) ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇنلىرىنى ئىتتىپاقچى قىلىۋالغان تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بىرنەچچە قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن 742 - يىلىغىچە ئاساسەن مۇستەقىل ياشىدى.

بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، تۈركلەر نېمە ئۈچۈن جۇڭگو بىلەن بولغان ئۇرۇشلارنىڭ تولىسىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى؟ بۇنىڭ بىر قانچە سەۋەبلىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى ئىككى سەۋەب بار:

بىرىنچى سەپ تۈركلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈپ كېتىشى. ئەگەر

بىر پۈتۈن كۆك تۈرك قاغانلىقى مىلادىنىڭ 600 ـ يىلى شەرقىي ۋە غەربىي قاغانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ناتايىن ئىش ئىدى. جۇڭگو خانلىرىنى (مەيلى سۈي سۇلالىسىنىڭ ياكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بولسۇن) تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىشتا، ھەربىي كۈچ ئىشلىتىشتىن كۆرە، باشقا تەدبىر ئىشلەتتى، دېگەن تۈزۈك. ئۇلار تۈركلەرنى بۆلۈپ پارچىلاپ، بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئاجىزلاشتۇردى، تۈركلەرنىڭ قولى بىلەن تۈركلەرنى يوقاتتى. بۇ تۇغرۇلۇق سۈي سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى جاڭ سۈنشىڭنىڭ مىلادىنىڭ 582 ـ يىلى سۈي ۋېندىغا كۆرسەتكەن تەدبىرىنى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىك.

كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى توغرىسىدا جۇڭگو تارىخچىسى پەن ۋېنلەن بۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەگەر تۈركلەر شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك قاغانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتمەي، بىرلىكىنى ساقلىغان بولسا، تاڭ سۇلالىسى تۈركلەرنى يوقىتالماس ئىدى. غەربىي تۈرك قاغانلىقى شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنمەي بىرلىكىنى ساقلىغان بولسا، تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنىمۇ يوقىتالماس ئىدى. غەربىي تۈركلەرنىڭ ئۆز ئىچىدە توپىلاڭ تۇغۇلغاندا، تاڭ سۇلالىسى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەتتى.»[1]

ئىككىنچى سەۋەب تاڭ سۇلالىسى، شەرقىي تۈرك قاغانلىقى بولسۇن، غەربىي تۈرك قاغانلىقى بولسۇن، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زىددىيەتلەردىن پايدىلاندى، بولۇپمۇ تۈرك قاغانلىقى تەركىبىدىن ئۇيغۇرلاردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلاندى. ئۇيغۇرلار تۈرك خەلقلىرى ئىچىدە ئەينى ۋاقىتتا سانى ئىنتايىن كۆپ، جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى ئۈستۈن بىر خەلق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركلەرنىڭ دۈشمەنلىرى تۈرلۈك چارە ـ ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇرلارنى تۈركلەرگە قارشى كۈشكۈرتتى.

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ قاغانى بايان قاغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىشىدا نېمە ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم قوشۇن چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم قىلغان؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بايان قاغاننىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي ياردەم كۆرسىتىشىدە مەلۇم مەقسىتى بار ئىدى. بايان قاغان غەربىي تۈركلەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالماقچى

(1) پەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومومىي تارىخى» III قىسىم I بۆلۈم، خەنزۇچە، 125 ـ،126 ـ، 275 ـ، 292 ـ بەتلەر.

ياكى ھېچ بولمىغاندا، غەربىي تۈرك قاغانلىقى زېمىنى ھېسابىدىن مەلۇم پايدىغا ئىگە بولماقچى ئىدى. لېكىن، ئاقىۋەتتە، غەربىي تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلغان بۇ ئىتتىپاقداشلار (جۇڭگو بىلەن ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى) نىڭ ھېچقايسىسى ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

كۆك تۈرك قاغانلىقىدا، ئۇيغۇرلار بۇ قاغانلىقنىڭ قۇدرەت تېپىپ، گۈللەپ ياشنىشىدىمۇ ھەل قىلغۇچ ئىجابىي رول ئوينىدى. شۇنىڭدەك، ئاخىر بېرىپ، ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە يوقىلىشىدىمۇ ھەل قىلغۇچ سەلبىي رول ئوينىدى.

تۈركلەر بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلارنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىمۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىككى دۆلەت ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلارنىڭ خاراكتېرى ھەرخىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ قارىسىغا ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. گاھىدا تۈركلەر سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ جۇڭگو تېررىتورىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، گاھىدا جۇڭگو قوشۇنلىرى سەددىچىن سېپىلىدىن چىقىپ، تۈركلەر تېررىتورىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن، بەلكى ئۇلارغا ھەربىي زەربە بېرىشنىلا كۆزلىمەي، ئەكسىچە يىراقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان. تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتىدە قىلىنغان ھەرقانداق ئۇرۇش ئەلۋەتتە ئادالەتلىك ئۇرۇش بولمايدۇ.

بۇ ئىككى قوشنا دۆلەتنىڭ تىنچ ئۆتكەن مەزگىللىرىدىمۇ ئۆز ئارا قىلىشقان «دوستانە» مۇئامىلىلىرىدىمۇ سەممىيەت بولمىغان.

مىلادىنىڭ 697 - يىلى شەرقىي تۈرك قاغانى قاپاغان قاغان (692 - 716) تاڭ سۇلالىسىنىڭ قىرالچىسى (ئايال پادىشاھى) ۋۇ زېتيەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ: جۇڭگوغا ئەل بولۇپ كەتكەن بىرنەچچە مىڭ ئائىلە تۈركلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى، 1000 كورە ئۇرۇقلۇق ئاشلىق، 50 مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن، 3000 مىڭ دانە دېھقانچىلىق سايمىنى، 40 مىڭ جىڭ تۆمۈر بېرىشنى تەلەپ قىلغان[1]. ۋۇ زېتيەن قاپاغان قاغاننىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئەمما، مۇئامىلىدە سەممىي بولمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قاپاغان قاغان مىلادىنىڭ 698 - يىلى ۋۇ زېنتيەنگە يوللىغان مەكتۇپىدا: «بىرىنچىدىن، ماڭا ئەۋەتىلگەن ئۇرۇقلۇق دانلارنى قورۇپ ئەۋەتىپسىلەر، يەرگە تېرىغاندىن كېيىن بىر تالمۇ ئۈنمىدى. ئىككىنچىدىن، ئەۋەتكەن ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇقلىرىڭىز جا چىقتى....

(1) سىماگۇاڭ: «يىلنامە» خەزىنىچە، 14 - جىلد، 6516 - بەت.

ئۈچىنچىدىن، تاۋار ـ دوردۇنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى قوپال، ناچار ئىكەن. تۆتىنچىدىن... بىزگە ياتلىق قىلىنغان (قاپاغاننىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىدىغان مەلىكىسى) ۋۇ جەمەتىدىن بولغان مەلىكە قىز بىزنىڭ لايىقىمىز ئەمەس ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈستىڭىزگە قوشۇن تارتىپ بارىمەن»[1] دەپ يازغان.

يۇقىرىدىكى پاكىتقا قارىغاندا، ۋۇ زېتيەندە سەممىيەت بولمىغان، قاپاغان قاغاننىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىدىغان مەلىكە قىز تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ لى فامىلىلىك خان جەمەتىدىن بولماي، بەلكى ۋۇ فامىلىلىك (ۋۇ زېتيەننىڭ تۇغقانلىرى) جەمەتىدىن بولغان.

## بەشىنچى باب: ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىسى

### قۇتلۇق بىلگە قاغان

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى قۇتلۇق بىلگە قاغاننىڭ ۋاقتىدا (747 ـ 742) قۇدرەتلىك باسقۇچقا كىردى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسى باش بولۇپ قۇرغان ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كېيىنكى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى (682 ـ 744) بىلەن چىقىشالماي دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرغانىدى. قۇتلۇق بىلگە قاغان 742 ـ يىلىدىن باشلاپ، قارلۇقلار ۋە باسمىللار بىلەن بىرلىشىپ شەرقىي تۈركلەرگە قارشى كەسكىن ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى.

قارلۇقلار تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە سانىنىڭ كۆپلۈكى، جەڭگىۋارلىقى ۋە تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى رىۋايەتكە قارىغاندا، «قارلۇق» دېگەن نامنى ئوغۇزخان قويغانىكەن. ئۇ رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ئوغۇزخان غەربكە قىلغان يۈرۈشىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ بوز ئايغىرى تاغ ئىچىگە قېچىپ كېتىدۇ. ئوغۇزنىڭ بەگلىرىدىن بىرى بۇ بوز ئايغىرنى ئىزدەپ كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنى تاغ ئىچىدىن تېپىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى بەگنىڭ ئۈستىبېشىنى قار قاپلاپ كەتكەنىكەن. بۇنى كۆرگەن ئوغۇزخان بۇ بەگكە «قارلىق بەك» دېگەن نامنى قويۇپ قويىدۇ ۋە ئۇنى شۇ يەردىكى قەبىلىگە بەگ قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ،

(1) سىماگۇاڭ «يىلنامە» خەنزۇچە 14 ـ جىلد، 6531 ـ بەت.

ئۇ بەگنىڭ قەبىلىسى ئۆزلىرىنى «قارلۇق» دەپ ئاتايدىغان بولدۇ[1]. قارلۇق دېگەن نام VIII ئەسىردە ئورنىتىلغان ئورخۇن ئابىدىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. قارلۇقلار ئۈچ قەبىلىدىن بويلا، سابەگ، تاشلى (تاشلىق) لاردىن ئىبارەت ئىدى. قارلۇقلار ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ياشايتتى. كېيىن ئۇتۈكەن تاغلىرىغىچە سىلجىپ كېلىپ، شەرقىي ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولغان. قۇتلۇق بىلگە قاغان 742 ـ يىلى قارلۇقلار ۋە باسمىللار بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي تۈرك قاغانى ئۆزمىش قاغاننى (740 ـ 742) ئۆلتۈردى. لېكىن باسمىللار ئۈستۈن كېلىپ قاغانلىق ئورنىنى ئىگىلىۋالدى. باسمىل خانى ئاسىناس قاغان بولدى. ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ خانلىرى سول ۋە ئوڭ قول يابغۇلۇق مەنسەپلىرىدە قالدى. قۇتلۇق بىلگە قاغان بۇ ئىشقا زادى رازى ئەمەس ئىدى. ئۇ باسمىللارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى يوق قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى.

باسمىللار ئەڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ئۇتۈكەن تاغلىرىدا، بايقا كۆلىنىڭ جەنۇبىدا، قىرغىزلارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ياشىغان. ئۇلار قەدىمكى چاغدا، «جەدە ئاتلار» دەپمۇ ئاتالغان. تۈرك قاغانلىقى ۋاقتىدا، تۈركلەر، تۇدۇنلارنى ئەۋەتىپ باسمىللارنى ئىدارە قىلغان. باسمىللار كېيىنكى چاغلاردا ئاستا ـ ئاستا غەربكە كۆچۈپ كەتكەن، باسمىللار ئاساسەن ھازىرقى جىمسار ئەتراپلىرىغا كۆچكەن. قۇتلۇق بىگە قاغان مىلادىنىڭ 744 ـ يىلى شەرقىي تۈرك قاغانى بولمىش قاغان (742 ـ 744) نى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى قۇتلۇق بىلگە قاغان، دەپ ئاتىدى. ئارقىدىنلا، باسمىللارىن بولغان ئاسىناس قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى ۋە باسمىللارنى تولۇق بويسۇندۇرۇۋالدى.

قۇتلۇق بىلگە قاغان 744 ـ يىلى شەرقىي تۈركلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىگە بويسۇندىغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنى ئىككى چوڭ تارماقتىن ئىبارەت 19 قەبىلىگە بۆلدى. ئۇلار ـ ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇزلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئون ئۇيغۇرلار:

1. ياغلاقار
2. قوتۇرغۇر
3. بوقاسقىر
4. ئاۋ چاغ

(1) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 404 ـ ، 405 ـ بەتلەر.

5. هازار ـ قاسار
6. خوغورسۇ
7. ياغما
8. ئاياۋىر
9. تورلام ۋىبۇر
10. ئادىز

توققۇز ئوغۇزلار:

1. ئۇيغۇر
2. بايىرغۇ
3. خون
4. بوكو
5. توڭرا
6. چىبنى
7. ئىزگىل
8. قارلۇق
9. باسمىل

ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تارىخىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ بايان قىلىش مۇمكىن:

بىرىنچى باسقۇچ مۇستەقىللىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچ تەخمىنەن 100 يىل (646 ـ 744) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مانا شۇ باسقۇچتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر يۇقىرىدا (ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بابىدا) بىر قەدەر تولۇق بايان قىلىندى.

ئىككىنچى باسقۇچ ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ قۇدرەتلىك بىر ئىمپېرىيە قىياپىتىدە شەرقىي ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدا قەد كۆتۈرگەن دەۋرى بولۇپ، بۇ باسقۇچ قۇتلۇق بىلگە قاغاندىن (مىلادىنىڭ 744 ـ يىلىدىن) تارتىپ ئالپ بىلگە تەڭرى ئۇيغۇر قاغانغىچە (825 ـ 832) بولغان 80 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا شۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچى مۇستەقىللىق باسقۇچىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇندىن 221 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇنغا كۆپەيگەنىدى. بۇ قوشۇن 17 ئاتلىق دېۋىزىيە (ھەربىر دېۋىزىيە 13 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان) دىن ئىبارەت ئىدى. ئەنە شۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە

ھازىرقى ھىنگان تاغلىرىنىڭ شەرقىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلى ۋە يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىملىرىغىچە، جەنۇبتا سەددىچىن سېپىلىغىچە، غەربىي جەنۇبتا ئالتۇنتاغقىچە، غەربتە پەرغانە ۋادىسى ۋە يەتتە سۇغىچە تۇتاشقانىدى.

شەرقىي ئۇيغۇرلار شەرقتىكى قىتان قوموقلارنى، شىمالدىكى قىرغىزلارنى، غەربتە تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى ۋە پەرغانە، يەتتە سۇدىكى تۈرك خەلقلىرىنى بويسۇندۇرغانىدى.

قۇتلۇق بىلگە قاغان 646 ـ يىلى تومىد قاغان ئورناتقان دۆلەت تەشكىلىي تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. پايتەخت قارا بالغاسۇن بولدى.

ئۈچىنچى باسقۇچ ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە ئاجىزلىشىپ، قاغانلىقنىڭ سىياسىي مەركىزىنى ئۆتۈكەندىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە يۆتكىگەن چاغدىكى ئون يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆۋەندىكى بابلاردا بۇ قاغانلىقنىڭ تارىخىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى باسقۇچلىرىدا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## ئۆگلۈك ئىسيانى

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى قۇتلۇق بىلگە قاغاندىن باشلاپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە، ئىناق ئۆتۈش يولىغا ئاساس سالدى. بۇرۇن تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۇنچىۋالا مۇقىملاشقان شەكىلدە ئەمەس ئىدى.

قۇتلۇق بىلگە قاغان 747 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا ئوغلى بايانچۇر تەڭرىدا بولمىش ئېل تۇتمىش بىلگە قاغان ئۇنۋانىدا قاغان بولدى. بايانچۇرنىڭ ۋاقتىدا (747 ـ 759) ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم قىلىپ، ئۆگلۈك ۋە سۈيگۈملەرنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

تاڭ سۇلالىسى (618 ـ 907) پادىشاھ تاڭ شۇەنزۇڭنىڭ ۋاقتىدا (712 ـ 756) تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتىن ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلدى.

تاڭ شۇەنزۇڭ مىلادىنىڭ 740 ـ يىللىرىغىچە شەرقىي تۈركلەر بىلەن تىبەت خانلىقىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمال چېگرىلىرىدا 400 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق قوشۇننى مۇداپىئەدە تۇرغۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇنى بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى تەمىنلەش تاڭ دۆلىتىگە ناھايىتى ئېغىر مالىيە

قىيىنچىلىقى پەيدا قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاڭ دۆلىتى بىلەن تىبەت خانلىقى ئارىسىدا بولغان ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلارمۇ تاڭ دۆلىتىنىڭ قىيىنچىلىقىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. تىبەت خانلىقى گەنسۇغا كۆز ئالايتىپ، مىلادىنىڭ 670 ـ يىلىدىن 730 ـ يىللىرىغىچە نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن توختىماي ئۇرۇشۇپ تۇردى.

بۇنى ئاز دېگەندەك، مىلادىنىڭ 750 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئەرەبلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن تالاس (ھازىرقى قىرغىزىستاندا) ئۇرۇشىدا گاۋ شەنزى باشچىلىقىدىكى جۇڭگو قوشۇنلىرى پاجىئەلىك ھالدا مەغلۇپ قىلىندى. گاۋ شەنزى ئامان قالغان بىرنەچچە مىڭ كىشىنىلا ئەگەشتۈرۈپ ئوتتۇرا ئاسىيادىن قېچىپ كەتتى.

جۇڭگو مىلادىنىڭ 750 ـ يىلى تالاس ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تاكى مىلادىنىڭ 1757 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىلەيچە (1000 يىل) ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاساسەن تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسەن تارىم ۋادىسى) غا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىۋالدى. چۈنكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى سۈپۈرۈپ تاشلانغانىدى.

يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرگە كۆرە، تاڭ سۇلالىسى ئاجىزلاپ، تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتىن خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ شۈەنزۇڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا تولىمۇ چىرىكلىشىپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىشى بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشىنى ياڭ گوجۇڭ ئاتلىق ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ قويدى، ئۆزى بولسا پۈتۈن ۋاقتىنى ياڭ گوجۇڭنىڭ سىڭلىسى ياڭ گۈيفېي ئاتلىق گۈزەل مەلىكە بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتتە ئۆتكۈزدى. مانا شۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەرگەندە، خېبېي بىلەن شەنشىنىڭ شىمالىي چېگرىسىدا مۇداپىئەدە تۇرىدىغان جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ئەنلۇك (كېلىپ چىقىشى تۈرك، ئەن لۇشەن) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزى خان بولۇش نىيىتىگە كەلدى. ئەنلۇك، كۆرۈنۈشكە ناھايىتى ساددا بولغان بىلەن ھىيلىگەر، تالانتلىق قوماندان ئىدى. ئۇ ياڭ گۈيفېينىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋېلىپ، پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالدى. ئەنلۇك ئۆز قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى ئاساسەن تۈرك، قوموق، قىتان، شىبە قاتارلىق خەنزۇ بولمىغان

مىللەتلەردىن تەشكىل قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن گۇمانلانغان تاڭ شۈەنزۇڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆڭلۈكتىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۆڭلۈك: «خۇلار ساددا، جەڭگىۋار كېلىدۇ. ئۇلارنى باشقۇرماق ئاسان، ئۇرۇشتا كارغا كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۆڭلۈك ئۆز قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلارنى ئوبدان قوراللاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 755 - يىلى ئىسيان كۆتۈردى. ئۆڭلۈككە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ۋالىيلىرىدىن سۆيگۈم (كېلىپ چىقىشى تۈرك) مۇ قوشۇلدى. ئۆڭلۈك 150 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ خېبېيدىن شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇ لوياڭغا كەلگۈچە، قارشىلىق كۆرسەتكەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن تارمار قىلىپ، لوياڭنى ئالدى. ئۇ سۆيگۈمنى خېبېينى ساقلاشقا قالدۇرۇپ قويدى. ئۆڭلۈك لوياڭنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئۇلۇغ يەن پادىشاھى دەپ جاكارلىدى.

لوياڭدىن چېكىنگەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى چاڭئەننىڭ شەرقىدىكى تۇڭگۇەنگە كېلىپ مۇداپىئەدە تۇردى. مانا شۇ قوشۇنلارنىڭ مەشھۇر ئىككى قوماندانى يۈن چاڭچىڭ بىلەن گاۋشەنزى پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. پادىشاھ يۈن چاڭچىڭغا «دۈشمەننىڭ كۈچىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ـشلەرنى ئەندىشىگە سالدى» دېگەن گۇناھنى قويغان بولسا، گاۋشەنزىگە «شەنشىدىكى نۇرغۇن جايلارنى قولدىن بەردى، لەشكەرلەرنىڭ ھەربىي تەمىناتىنى ـسىپ ئۆز يانچۇقىغا سالدى» دېگەن گۇناھنى قويدى. تۇڭگۇەندىكى قوشۇنلارغا قوشۇخان (كېلىپ چىقىشى قارلۇق) نى قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. ئۆڭلۈك ئارقا تەرەپلىرىدە چىققان قالايمىقانچىلىقنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، بىر نەچچە يۆنىلىش بويىچە تۇڭگۇەنگە ھۇجۇم قىلىپ، قوشۇخان قوماندانلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلدى. قوشۇخاننى بولسا ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىدىن بىرى تىرىك تۇتۇپ، ئۆڭلۈككە ئاپىرىپ بەردى. تۇڭگۇەندىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، تاڭ شۈەنزۇڭ پايتەختى چاڭئەندىن چىقىپ، سىچۈەندىكى چېڭدۇغا قاراپ قاچتى.

ئۆڭلۈك چاڭئەنگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۈچى ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى. تاڭ شۈەنزۇڭ شەنشىدىكى شىنفېڭ ناھىيىسىنىڭ غەربىگە كەلگەندە، ئۆزى بىلەن بىللە كېتىۋاتقان باش ۋەزىرى ياڭ گوجۇڭنى ئۆلتۈردى. كىشىلەر يەنە پادىشاھنى ياڭ گۈيفېينىمۇ ئۆلتۈرۈشكە قىستىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ ئىككىسىنى دۆلەتنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ئەكەلدى دەپ ھېسابلايتتى. ئىككىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن

كېيىن، تاڭ شۈەنزۇڭ بىلەن بىللە كېتىۋاتقانلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان غەزىپى پەسەيدى. پادىشاھ شۇ جايدىن چېڭدۇغا قاراپ يولغا چىققاندا، شاھزادە لى خېڭ ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، گەنسۇدىكى لىڭۋۇ دېگەن جايغا كەلدى. ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر دۆلەت ئەربابى گوزىينىڭ مەسلىھەتى ۋە قوللىشى بىلەن ئۆزىنى تاڭ سۇزۇڭ دېگەن نامدا پادىشاھ دەپ ئېلان قىلدى. دەل شۇ پەيتتە، ئىسيانچىلار ئارىسىدا جېدەل چىقىپ، ئۆڭلۆكنى ئۆز ئوغلى ئۆلتۈردى. سۆيگۈم ئۆڭلۆكنىڭ ئوغلىغا بويسۇنمىدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى تاڭ سۇزۇڭ ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. يېڭى پادىشاھ ئىسياننى باستۇرۇپ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىدىن ھەربىي ياردەم ئېلىش قارارىغا كەلدى. تاڭ سۇزۇڭ مىلادىنىڭ 757 - يىلى گوزىيى باشچىلىقىدا، تاڭ ئوردىسىدا چوڭ ئەمەلدار بولۇپ ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر بوكوقەيىن ھەمراھلىقىدا قارابالغاسۇنغا دىپلوماتىك ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. جۇڭگو ئەلچىلىرى ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانى بايانچۇر بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، تاڭ دۆلىتىگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئېغىر شەرتلەرگە ئىلاجسىز ماقۇل بولۇپ، ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشتى. تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە كۆرە، ئۇيغۇرلار چاڭئەن بىلەن لوياڭنى ئىسيانچىلاردىن قايتۇرۇۋالغاندا، شەھەردىكى زېمىن، ئىبادەتخانىلار تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولىدىغان، ئالتۇن - كۆمۈش، تاۋار - دۇردۇن، قىز - چوكانلار بولسا ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقا، تاڭ پادىشاھى ئۆزىنىڭ مەلىكە قىزلىرىدىن بىرىنى ئۇيغۇر قاغانىغا ياتلىق قىلىدىغان بولدى. چىرىكلەشكەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ بىتىمنامىدىكى مەزمۇنلارنىڭ دۆلىتىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغانلىقى ۋە خەلققە بالايىئاپەت ئەكىلىدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشمىدى.

تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە كۆرە، بايانچۇر مىلادىنىڭ 757 - يىلى ئوغلى يابغۇ تېكىن قوماندانلىقىدا 50 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى جۇڭگوغا ئەۋەتتى. ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، ئىسيانچىلارغا قارشى جەڭ قىلدى. شۇ يىلى كۈزدە، ئىتتىپاقداش قوشۇنلار چاڭئەننىڭ غەربىدە بولغان ئۇرۇشتا ئىسيانچى قوشۇنلارنى تامار قىلدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ئىسيانچىلار چاڭئەننى تاشلاپ چىقىپ تۇڭگۇەنگە چېكىندى. بىرلەشمە قوشۇن چاڭئەنگە كىرگەندىن كېيىن، يابغۇ تېكىن بىتىمنامە بويىچە ئىش كۆرمەكچى

بولدى. بۇ ۋاقىتتا تاڭ پادىشاھى ئۇنىڭغا ئەگەر چاڭئەندە بىتىمنامە بويىچە ئىش قىلىنسا، لوياڭدىكىلەرگە تەسىرى ياخشى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا، لوياڭلىقلار ئىسيانچىلار تەرىپىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، لوياڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەر ئىككى شەھەردە بىتىمنامە بويىچە ئىش كۆرسەڭلار، دەپ يالۋۇردى. بۇنىڭغا يابغۇ تېكىن ئۇنىمىدى. ئاخىر تاڭ ھۆكۈمرانلىرى يابغۇ تېكىننىڭ ئانىسىغا يالۋۇردى. يابغۇ تېكىن ئانىسىنىڭ سۆزىنى يىرالماي، بىتىمنامىنى لوياڭ ئېلىنغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىشقا ماقۇل بولدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي يابغۇ تېكىن لوياڭنى ئىسيانچىلاردىن تارتىۋالدى ۋە چاڭئەن بىلەن لوياڭدا بىتىمنامە بويىچە ئىش كۆردى.

ئىسيانچىلار چاڭئەن ۋە لوياڭدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ روھى چۈشۈپ ھەربىي ئىنتىزامى بوشىشىپ كەتتى. 759 ـ يىلى سۈيگۈم ئۆڭلۈكنىڭ ئوغلى (ئەن چىڭشۈي) نى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى تىزگىنلىۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، سۈيگۈمۇ، ئۆز ئوغلى سى چاۋيى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. سى چاۋيى ئۆزىنى «سېرىق پادىشاھ» جاكارلاپ، لوياڭنى بېسىۋالدى. تاڭ سۇلالىسى يەنە خەۋپ ئاستىدا قالدى.

بۇ چاغدا ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىدا بوگوخان قاغان بولغانىدى. چۈنكى، مىلادىنىڭ 759 ـ يىلى بايانچۇر ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئورنىغا كىچىك ئوغلى بوگوخان ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئىل تۇتمىش قوچ قولۇق بىلگە قاغان ئۇنۋانىدا قاغان بولغانىدى. بوگو خاننىڭ يەنە بىر ئىسمى ئىل تېكىن ئىدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يابغۇ تېكىن چاڭئەن بىلەن لوياڭ ئىسيانچىلاردىن تازىلانغاندىن كېيىن، ئورخۇنغا قارابالغاسۇنغا قايتىپ كەتكەن، ئۇ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن (ئېھتىمال بايانچۇرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسا كېرەك) ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

بوگوخان تاڭ سۇزۇڭنىڭ ئەركە ئوغلى تاڭ دەيزۇڭ (762 ـ 779) ئەلچى ئارقىلىق قىلغان تەكلىپىگە بىنائەن مىلادىنىڭ 762 ـ يىلى ئىسياننى باستۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلدى. بۇ چاغدا، تاڭ دەيزۇڭ ئۆزىنىڭ تۇنجى ئوغلى لى شى (كەلگۈسىدىكى پادىشاھ تاڭ دېزۇڭ) نى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا باش قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ، بىرقانچە قوماندانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، بوگوخاننى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى. بوگوخان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئادەملىرىنى كۆزگە ئىلمىدى، ناھايىتى مەغرۇرانە قىياپەتتە تۇردى. بوگوخاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن تاڭ

شاھزادىسى لى شى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، قائىدە بويىچە، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىشى كېرەك ئىدى. شۇ قائىدىگە كۆرە، تاڭ قوماندانلىرى ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىدى. لېكىن لى شى ئۇسسۇل ئوينىمىدى. بوگوخاننىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى لى شىنى ئۇسسۇل ئويناشقا قىستىغاندا، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن شاھزادە لىشى تېخى ياش، گۆدەك، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنى تېخى ئۆگىنىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن، دەپ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن ئۇيغۇر سەركەردىسى تاڭ قوماندانلىرىدىن بىر نەچچىسىنى باغلىتىپ ھاۋا تاپان قىلىپ ئېسىپ قويۇپ، ھەر بىرىگە يۈزدىن كالتەك ئۇرغۇزدى. شۇ كېچىسى تاڭ قوماندانلىرىدىن ۋۇجىۋي قاتارلىق بىر نەچچىسى كالتەك زەربىسىدىن ئۆلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قىلمىشىدىن نارازى بولغان شاھزادە لى شى ئىتتىپاقنى بۇزۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ بولدى. لېكىن، بۇنداق قىلىشنىڭ ياخشى ئاقىۋەت ئەكەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى.

مىلادىنىڭ 762 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرگەن تاڭ سۇلالىسى لوياڭنى ئىسيانچىلاردىن تارتىۋالدى. سى چاۋيى خېبېيگە قېچىپ كەتتى. ئەنلۇك - سۈيگۈم باشچىلىقىدىكى بۇ ئىسيان ئاساسەن بېسىقتۇرۇلدى. ئۇيغۇرلار لوياڭغا كىرگەندە نۇرغۇن بايلىقلارنى قولغا چۈشۈردى. لوياڭ ئىسيانچىلاردىن تازىلىنىدىغان چاغدا، شەھەرگە ئوت قويۇلدى. شەھەردىكى ئۆي - ئىمارەتلەر 20 كۈنگىچە كۆيۈپ تۇردى. بوگوخان مىلادىنىڭ 763 - يىلى جۇڭگودىن ئۆز ئېلىگە كېتىدىغان چاغدا، ناھايىتى نۇرغۇن بايلىقلارنى ئەكەتتى. بۇنداق بايلىقلار خەلقتىن يىغىۋېلىنغانىدى. ئەنلۇك - سۈيگۈم باشچىلىقىدىكى ئىسيانىنى باستۇرۇشتا، تاڭ سۇلاسىگە ياردەمگە كەلگەن ئۇيغۇرلار ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشكە يۈزلەنگەن تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى قوغداپ قالدى، جۇڭگونىڭ بىرلىكى تېزدىن ئەسلىگە كەلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئىزىغا چۈشۈپ، خەلق خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. مانا مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلار ئەنلۇك ئىسيانىنى باستۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى.

يەتتە يىل داۋام قىلغان (755 - 762) ئەنلۇك ئىسيانى خەنزۇ خەلقى ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى. ئەنلۇك ئىسيانى باشلىنىش ھارپىسىدا (مىلادىنىڭ 754 - يىلى) تاڭ سۇلالىسىدىكى ئاھالىنىڭ سانى تەخمىنەن 53 مىليون ئىدى. ئىسيان باستۇرۇلغاندا بولسا، بۇ سان 17 مىليونغا چۈشۈپ

قالـدى. يەتتـە يـىل داۋام قىلغـان ئۇرۇشـتا، ئاچارچىلىقتـا ۋە خىلمۇ خىـل يۇقۇملۇق كېسـەللەر بىلـەن 36 مىلـيـون ئـادەم ئۆلـدى.

## تىبەت خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇش

ئىسـيان باسـتۇرۇلغاندىن كېيىـن، تـاڭ سۇلالىسـى يەنـە بىـر ئېغىـر خەۋپلىـك ئەھۋالغـا دۇچ كەلـدى. تـاڭ سۇلالىسـى قوشـۇنلىرىنىڭ كـۆپ قىسـمى ئىسـيانىنى باستۇرۇشـقا سـەپەرۋەر قىلىنىغانلىقىدىـن، جۇڭگونىـڭ غەربىـي شـىمال چېگرىسـىدا مۇداپىئەدە تۇرىدىغـان قوشـۇنلىرى يۆتكـەپ كېتىلگەنىـدى. چېگـرا مۇداپىئەسـىدە قالدۇرۇلغـان قوشـۇنلارنىڭ بولسـا، سـانى ئـاز ھـەم سـۈپىتى ناچـار (قېـرى، ئاجىـز) بولـۇپ قالـدى. تىبـەت خانلىقـى مانـا شـۇنداق پۇرسـەتتىن پايدىلىنىـپ، گەنسـۇنىڭ خېشـى كارىدورىنـى بېسـىۋالدى. تىبـەت خانلىقـى مىلادىنىـڭ 763 ـ يىلـى 200 مىـڭ كىشـىدىن ئارتـۇق قوشـۇننى سـەپەرۋەر قىلىـپ، گەنسۇنىڭ لۇڭشـى ناھىيىسـىدىن شـەرققە قـاراپ يـۈرۈپ، شەنشـىگە بېسـىپ كىرىـپ، پايتەخـت چاڭئەنگـە يېقىنـلاپ كەلـدى. ئىچكـى ئۇرۇشـلاردا ھالىدىـن كەتكـەن تـاڭ سۇلالىسـى چاڭئەننـى مۇداپىئـە قىلىشـتا ئاجىـز ئىـدى. پادىشـاھ تـاڭ دەيـزوڭ پايتەختنـى تاشـلاپ چىقىـپ شـەنجۇ دېگـەن جايغـا قېچىـپ كەتتـى. تىبـەت قوشـۇنلىرى چاڭئەنگـە بېسـىپ كىرىـپ، شـەھەرگە ئـوت قويـدى. تىبەتلىكلـەر شـەھەر ئىچىدىكـى ياشـلار، قىـزلار، ھۈنەرۋەنلەرنـى ئېلىـپ ئـۆز ئېلىگـە قايتىشـقا ھازىرلىـق قىلـدى. شـۇ چاغـدا، تـاڭ سۇلالىسـى قوشـۇنلىرىنىڭ ئىچكـى ئەھۋالىنـى ئېنىـق بىلمىگـەن تىبەتلىكلـەر ئۆزىچـە ئەندىشـىگە چۈشـۈپ، چاڭئەننـى تاشـلاپ چىقىـپ، نىڭشـىيانىڭ گويـەن ناھىيىسـى، گەنسـۇنىڭ چىڭيـەن، فېڭلىيـاڭ قاتارلىـق جايلىرىغـا چېكىنىـپ، باشـقىدىن ھۇجـۇم قىلىـش پەيتىنـى كۈتـۈپ تـۇردى. دەل شـۇ چاغـدا، تـاڭ سۇلالىسـىنىڭ مەشـھۇر قوماندانلىرىدىـن بىـرى بولغـان ئۇيغـۇر بوكـو قەيىـن بىلـەن پادىشـاھ تـاڭ دەيـزوڭ ئارىسـىدا كېلىشمەسلىك يـۈز بـەردى. بوكـو قەيىـن ئىسـيانىنى باستۇرۇشـتا كۆزگـە كۆرۈنگـۈدەك خىزمـەت كۆرسـەتكەن بولسـىمۇ، پادىشـاھ تەرىپىدىـن قىلىنغـان ئىلتىپـات يېتەرلىـك بولمىغانلىقى ئۈچـۈن، ئۇ پادىشـاھقا نـارازى بولـدى. پادىشـاھ ئۇنـى پايتەختكـە چاقىرغانـدا بوكـو قەيىـن ئوردىغـا بارمـىدى. بۇ ئىشـتىن گۇمانلانغـان پادىشـاھ تـاڭ دەيـزوڭ گوزىيىنـى ئۇنىـڭ ئورنىغـا ھەربىـي ۋالـي قىلىـپ تەيىنلـىدى. بۇنـى ئاڭلىغـان بوكـو قەيىـن بىـر نەچچـە يـۈز كىشـىنى ئەگەشـتۈرۈپ نىڭشـيا ئەتراپىغـا قېچىـپ بېرىـپ، قوشـۇن توپلـىدى، ئاندىـن كېيىـن، ئۇيغـۇر

قاغانلىقنىڭمۇ ئۆزىگە ياردەم بېرىشكە چاقىردى ۋە تىبەتلىكلەر بىلەنمۇ ئالاقە باغلاپ، تاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بەل باغلىدى. ئۇيغۇر قاغانى بوگۇ قاغان بوكۇ قەيىنگە ئالپ قولۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىن قوماندانلىقىدا 10 مىڭ كىشىگە يېقىن ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇننى ياردەمگە ئەۋەتتى. مىلادىنىڭ 764 ـ يىلى بوكۇ قەيىن ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تىبەت خانلىقىدىن ياردەمگە ئالغان ۋە ئۆزى توپلىغان بولۇپ بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلدى. پايتەخت ناھايىتى جىددىي خەۋپ ئىچىدە قالدى. شۇ چاغدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوماندانى گوزيى ئالپ قولۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىننىڭ قارارگاھىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇيغۇرلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تىبەت قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئۈندىدى. بۇ ئەھۋال يۈز بەرگەندىن كېيىن، پايتەخت چاڭئەننىڭ بوسۇغىسىغىچە كەلگەن 100 مىڭ كىشىلىك تىبەت قوشۇنلىرى ئارقىغا چېكىنىپ، نىڭشيادىكى لىڭئۇ دېگەن جايغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇيغۇر سەركەردىسى ئالپ قولۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىن مىلادىنىڭ 765 ـ يىلى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ قاتتىق سوغۇقتا (1 ـ ئاي ئەتراپىدا) تىبەت قوشۇنلىرى جايلاشقان لىڭئۇ دېگەن جايغا يېقىنلاپ كەلدى. ئالپ قولۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىن دەھشەتلىك قار ـ شىۋىرغان بولۇپ تۇرغان كېچىسى تىبەت قوشۇنلىرىنىڭ چېدىرلاردا ئۇخلاۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، تاڭ ئاتقۇچە تىبەت قوشۇنلىرىدىن 50 مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغان قىسمىنى ئەسىر ئالدى. بۇ ئۇرۇشتا تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ جەڭ قىلدى. ئۇيغۇرلار تىبەتلىكلەر ئۈستىدىن قازانغان بۇ غەلىبىسىدە 1 مىليوندىن ئارتۇق چارۋا مال (تۆگە، ئات، كالا، قوي قاتارلىقلار) نى غەنىيمەت ئالدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ دەيزۇڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۇرۇشتا ياراتقان تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارغا 100 مىڭ توپ شايى ـ دۇردۇن ھەدىيە قىلدى.

تاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرگەن بوكۇ قەيىن مىلادىنىڭ 764 ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تىبەت خانلىقىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇپ، بىرنەچچە يۈزمىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ چاڭئەنگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، يولدا تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ ئۆلگەندى.

## جۇڭگو مەلىكە قىزلىرىنىڭ ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق بولۇشى

مىلادى VIII ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا، شەرقىي ئاسىيادا ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى، تاڭ سۇلالىسى، تىبەت خانلىقى قاتارلىق ئۈچ چوڭ دۆلەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى جىددىي ۋە مۇرەككەپ ئىدى. بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىنى بۇرۇنقى سەلتەنەتلىك، قۇدرەتلىك ئەھۋالىنى يوقىتىپ، ئاجىزلىشىپ قالغانىدى. ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى بولسا قۇتلۇق بىلگە قاغاننىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ (مىلادىنىڭ 744 ـ يىلىدىن) كۈچىيىشكە باشلاپ، ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر دۆلەت ھالىغا كەلگەن ئىدى. تىبەت خانلىقىمۇ بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە دۆلەت بولۇپ، ئۆز قوشنىلىرىغا، بولۇپمۇ جۇڭگوغا پات ـ پاتلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى قورقۇتۇپ تۇراتتى. جۇڭگونىڭ ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تىبەت خانلىقىغا تۇتقان مۇناسىۋىتى بىردەك ئەمەس ئىدى. تىبەت خانلىقى بولسا، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ جۇڭگونىڭ غەربىي ۋە غەربىي شىمالىدىكى تېررىتورىيىسىنى بېسىۋېلىشقا ئىنتىلەتتى. ئۇيغۇر قاغانلىقىدا بولسا، جۇڭگو تېررىتورىيىسىدىن بىرەر جاينى بېسىۋېلىش نىيىتى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ تىبەت خانلىقىغا قارشى تۇرۇش يولىنى تۇتتى.

تاڭ سۇلالىسى ئۆكتۈك ۋە سۆيگۈم ئىسيانىنى باستۇرۇشتا تىبەت خانلىقىدىن ياردەم ئالماي (تىبەت خانلىقىنىڭ قارا نىيىتىدىن قورقاتتى) ئۇيغۇر قاغانلىقىدىن ياردەم ئالغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدىكى ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى قۇدىلىشىش جەھەتتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. مىلادىنىڭ 756 ـ يىلى، ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامىدە تاڭ سۇلالىسى مەلىكە قىزلىرىنىڭ ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىنىشى بەلگىلەنگەنىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆكتۈك ئىسيانى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ھەر يىلى ئۇيغۇر قاغانلىقىغا 20 مىڭ توپ تاۋار ـ دۇردۇن ئەۋەتىپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان[1]. تاڭ سۇلالىسى بۇ مەجبۇرىيىتىنى تەخمىنەن 100 يىل (757 ـ يىلىدىن 840 ـ يىلىغىچە) ئۆتىدى. ئۇ ئۇلپانىنى جۇڭگونىڭ ساراي تارىخچىلىرى «سوۋغا ـ

(1) «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

سالام» دېگەن چىرايلىق سۆزلەر بىلەن پەردازلاپ يېزىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە بولسا ھەر يىلى ئۇيغۇر قاغانلىقىغا ئەۋەتىلىدىغان 20 مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن سېلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە كۆرە، مىلادىنىڭ 758 - يىلى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ سوزوڭ ئۆز قىزى مەلىكە نىڭگونى ئۇيغۇر قاغانى بايانچۇرغا ياتلىق قىلدى. بايانچۇر تاڭ سۇلالىسى مەلىكىسىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن يارملىق ئاتتىن ئىككى مىڭنى ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بەش ۋەزىر ئادىز باشچىلىقىدا 2000 كىشىدىن تەركىب تاپقان قارشى ئېلىش ئۆمىكىنى تەشكىللەپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. مانا شۇ ئۆمەكنىڭ تەركىبىدە، قاغان بايانچۇرنىڭ سىڭلىسى قۇتلۇق بىلگە بىكە باشچىلىقىدا 56 نەپەر بىكە قىزلار (ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ئاياللىرى، قىزلىرى) دىن تەشكىل تاپقان ئايال - قىزلار ئۆمىكىمۇ بار ئىدى.

مەلىكە نىڭگونىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە بولغاندا، ئۇ ھېچقاچان ئۆزىگە يات بولغان يىراق جايدىكى بىر دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانىغا ياتلىق بولۇشنى خالىمىغان بولاتتى. شۇڭا مەلىكە نىڭگو ئۆز ئاتىسى تاڭ سوزوڭ بىلەن خوشلىشىپ، قارابالغاسۇنغا ماڭىدىغان چاغدا، ھەسرەتلىك تىنىپ، كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ: «دۆلەت ئىشلىرى مۇھىم، ئۆلسەممۇ بۇنىڭغا ئۆكۈنمەيمەن» دېگەن. دېمەك، بۇنىڭدىن، مەلىكە نىڭگونىڭ ناھايىتى مۇھىم سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى بىلىش تەس ئەمەس. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەلىكە نىڭگو قىز بولماستىن بايانچۇرغا ياتلىق بولۇشتىن بۇرۇن ئىككى قېتىم ئەرگە تەگكەن چوكان ئىدى، بايانچۇر ئۇنىڭ ئۈچىنچى كۈيۈسى بولاتتى.

مەلىكە نىڭگو بايانچۇرغا ياتلىق بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن، مىلادىنىڭ 759 - يىلى قاغان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇيغۇرلار ئۆز قائىدىسى بويىچە، مەلىكە نىڭگونى مەرھۇم قاغان بىلەن بىللە دەپنە قىلماقچى بولدى. مەلىكە نىڭگو ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ھۆرمەت قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ سوراپ تىرىك پېتى دەپنە بولۇپ كېتىشتىن ئاران قۇتۇلۇپ قالدى. ئەمما ئۇ چېكىسىنى تىلىپ قان ئاققۇزۇپ ئېسەدەپ يىغلاپ، بايانچۇرنىڭ ۋاپاتىغا ماتەم تۇتتى. مەلىكە نىڭگو بايانچۇردىن بالا تۇغمىغانىدى. شۇڭا ئۇ جۇڭگوغا قايتۇرۇلدى.

بايانچۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى بوگوخان قاغان بولدى. بوگوخان (759 - 779) مەلىكە نىڭگو بىلەن قارابالغاسۇنغا بىللە كەلگەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ خان قىزلىرىدىن بىرى بولغان مەلىكە شاۋنىڭگوغا ئۆيلەندى.

بۇ مەلىكە قارابالغاسوندا 33 يىل (758 ـ 791) تۇردى. ئۇ شۇ مەزگىلنىڭ ئىچىدە، 20 يىل بوگوخان بىلەن ھايات كەچۈردى. 779 ـ يىلى بوگوخان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن بولسا، 13 يىل (791 ـ يىلىغىچە) تۇللۇقتا ئۆتتى. ئاخىر، 791 ـ يىلى قارا بالغا سۇندا ئالەمدىن ئۆتتى. مەلىكە شاۋنىڭگو بوگو خاندىن ئىككى بالا تۇغقانىدى. بۇ بالىلار، مىلادىنىڭ 779 ـ يىلى تون باغا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

بوگوخان قاغانلىق قىلغان ۋاقتىدا ناھايىتى مەغرۇرلىنىپ، قېرىن ـ قېرىنداش ئۇيغۇرلارنىڭ ئاددىي ـ ساددا ھايات كەچۈرىدىغان ئادەتلىرىنى تاشلاپ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئوردىلارنى سالدۇرۇپ، راھەتپەرەسلىككە بېرىلىپ كەتتى. ئۇ مىلادىنىڭ 778 ـ يىلى جۇڭگونىڭ ھازىرقى تەييۈەن شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ دەي ئوبلاستىنىڭ ۋالىيسى جاڭ گۇاڭشىن قوشۇن تارتىپ كېلىپ ئۇيغۇرلارنى چېكىندۇردى. تاڭ سۇلالىسى بوگوخاننىڭ بۇنداق يولسىزلىقىنىمۇ سۈرۈشتە قىلماي، بۇرۇنقىدەكلا ئوبدان مۇئامىلىدە بولدى. بوگوخان مىلادىنىڭ 779 ـ يىلى جۇڭگوغا يەنە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. شۇ چاغدا باش ۋەزىر تون باغا تارقان (بەزى مەلۇماتلاردا، تون باغا بوگوخاننىڭ تاغىسى دېيىلسە، بەزى مەلۇماتلاردا ئۇكىسى دېيىلىدۇ.) بوگوخانغا نەسىھەت قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستانە ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئالدىنقى يىللىرى تەييۈەنگە ھۇجۇم قىلىپ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتتى. لېكىن بوگوخان تون باغاتارقاننىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىدى. خېلى ئۇزۇندىن بېرى قاغانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەن تون باغاتارقان بوگوخاننىڭ گەپكە كىرمىگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، بوگوخاننى ھەم ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇپ 2000 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى قاغان بولدى.

تون باغا تارقان قاغان بولغاندا، ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشتى. بۇ چاغدا، جۇڭگوغا تاڭ دېزوڭ پادىشاھ بولغانىدى. تاڭ دېزوڭ (780 ـ 805) مىلادىنىڭ 762 ـ يىلى بوگوخاننىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئۇسسۇل ئويىنىمىغان شاھزادە لى شى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغدا قىلغان ئۆكتەملىكى (تاڭ قوماندانلىرىدىن بىر نەچچىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكى) نى يادىدىن چىقارمىغانىدى.

تاڭ دېزوڭمۇ، تاڭ شۈەنزوڭ ۋە تاڭ سۇزوڭ (756 ـ 779) غا ئوخشاشلا كاللىسى ئايلىنىپ قالغان ھۆكۈمران بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ۋاقتىدا، ئىچكى جەھەتتە بۆلۈنمە كۈچلەر

باش كۆتۈرۈپ ئىسيان ھەرىكەتلىرى يۈز بەردى. تاڭ دىزۇڭ تىبەت خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بەزى مۇھىم جايلارنى تىبەت خانلىقىغا ئۆتۈنۈپ بېرىش شەرتى ئاستىدا، تىبەت خانلىقىدىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلدى[1].

مىلادىنىڭ 780 - يىلى ئۇيغۇر بېگى تودۇن مىڭدىن ئارتۇق سوغدىلارنى باشلاپ چاڭئەندىن قارابالغاسۇنغا قايتتى. تودۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇ جۇڭگودىكى سودا ئىشلىرىنى تۈگىتىپ نەچچە مىڭلىغان تۆگە بىلەن ئاتقا يۈك - تاق ئارتىپ ماڭغانىدى. ئۇ دۆلەت چېگرىسىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، تاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسى جاڭ گۇاڭشېن تۆگىگە ئارتىلغان نۇرغۇنلىغان ساندۇقلارنىڭ ئىچىگە چاڭئەنلىك خەنزۇ قىزلىرىنىڭ قاچىلانغانلىقىنى سېزىپ قالدى. جاڭ گۇاڭشېن بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ، تودۇن باشلىق مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر سوغدىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرنەچچە مىڭ ئات، تۆگە، 100 مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى مۇسادىرە قىلدى. ساندۇق ئىچىگە يوشۇرۇپ ئېلىپ مېڭىلغان قىزلارنى چاڭئەنگە قايتۇرۇۋەتتى. مانا شۇ ۋەقە سەۋەبىدىن، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ دوستلۇق ئورنىنى دۈشمەنلىك ئالدى.

تاڭ دىزۇڭنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ، تىبەت خانلىقى بىلەن دوستانە ئۆتۈش سىياسىتى جۇڭگو ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالنى پەيدا قىلدى. تىبەت خانلىقى تاڭ دىزۇڭنىڭ خاتا يولىدىن پايدىلىنىپ تاڭ سۇلالىسىنى يوق قىلىشقا ئۇرۇندى. ئىچكى بۆلۈنمە كۈچلەرنىڭ كاساپىتىدىن مىلادىنىڭ 781 - يىلى پايتەخت چاڭئەندىن چىقىپ كەتكەن تاڭ دىزۇڭ مىلادىنىڭ 784 - يىلى چاڭئەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى بولغان لى مى «شىمالدىكى ئۇيغۇر قاغانلىقى، جەنۇبتىكى نەنشاۋ خانلىقى (ھازىرقى يۈننەندە)، غەربتىكى ئەرەب خەلىپىلىكى ۋە ھىندىستان دۆلىتى بىلەن بىرلىشىپ»، تىبەت خانلىقىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى[2]. تاڭ دىزۇڭ ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن دوستانە ئۆتۈشنى زادىلا خالىمايدىغان بولسىمۇ، لى مىنىڭ قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلارغا تۇتقان دۈشمەنلىك سىياسىتىدىن ۋاز كەچتى.

تاڭ دىزۇڭ مىلادىنىڭ 787 - يىلى ئۇيغۇر قاغانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتتى.

---

(1) پەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 3 - قىسىم، 1 - كىتاب خەنزۇچە 154 - بەت.

(2) پەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 3 - قىسىم، 1 - كىتاب خەنزۇچە 154 - بەت.

قاتتىق قار ياغقان پەسىلدە قارابالغاسۇنغا بارغان تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى قاغان تۇن باغا تارقاننىڭ چېدىرىنىڭ سىرتىدا قېلىن ياغقان قار ئۈستىدە خېلى ئۇزۇن ئۆرە تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاخىر تۇن باغا تارقاننىڭ ۋەزىرى قاغان نامىدىن جۇڭگو ئەلچىلىرىگە: «سىلەر تودون باشلىق مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىمىزنى ئۆلتۈردۈڭلار... ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئادەت بويىچە قاننى قان بىلەن يۇيۇش كېرەك ئىدى. لېكىن مەن بۇ قېتىم قاننى سۇ بىلەن يۇماقچى بولدۇم»[1] دېدى. ۋەزىر ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن ئۇيغۇر قاغانىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى چوڭقۇر تىنىشىپ خاتىرجەم بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتنى بۇرۇنقىدەك دوستانە مۇناسىۋەتكە ئۆزگەردى.

مىلادىنىڭ 787 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۇيغۇر قاغانى تۇن باغا تارقان بەگچۇر تارقان باشچىلىقىدا تاڭ دىرۇڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ تاڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويدى. تاڭ دىزۇڭ ئۇيغۇر قاغانىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، مەلىكە شۇەنئەننى قاغانغا ياتلىق قىلدى. ئۇيغۇرلار مەلىكىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن جۇڭگوغا 10 مىڭ ئات ئەكەلدى. تاڭ پادىشاھى مەلىكىنى ناھايىتى نۇرغۇن سەرەمجانلار بىلەن قارا بالغاسۇنغا ئۇزاتتى. مەلىكە شۇەنئەن قاغان بىلەن ئىككى يىل جاھاندارچىلىق قىلغاندىن كېيىن، تۇن باغا مىلادىنىڭ 789 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. مەلىكە شۇەنئەن ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىنغان مەلىكىلەرنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مىلادىنىڭ 808 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم. لېكىن مەلىكە جۇڭگودا ئالەمدىن ئۆتتىمۇ ياكى قارابالغاسۇندا ئالەمدىن ئۆتتىمۇ، بۇ ئانچە ئېنىق ئەمەس. تارىختا، ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان ئۇنۋانىنى ئالغان تۇن باغا تارقان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى تاراس قاغان بولدى. ئۇ تەخىردە بولمىش قۇتلۇق بىلگە قاغان ئۇنۋانىدا ئاتالدى. تاراس مىلادىنىڭ 790 ـ يىلى كىچىك بىكەسى (كىچىك خانىشى) تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇيغۇر بەگلىرى تاراسنىڭ ئوغلى ئايچۇرنى قۇتلۇق بىلگە قاغان ئۇنۋانىدا تەختكە چىقاردى. ئايچۇر گۆدەك بولغىنى ئۈچۈن، ھاكىمىيەتنى ئېل ئۆگەسى (باش ۋەزىرى) يۈرگۈزدى. ئايچۇر قاغانلىق تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە (790 ـ 795)، ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تاشقى ئەھۋالى خېلى دەرىجىدە يامانلاشتى. بۇ چاغدا، ئۇيغۇرلار تىبەت خانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئوڭۇشسىزلىققا

(1) «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

ئۇچرىدى. بۇ تەرەپتىكى ئەھۋاللار ئۆز نۆۋىتىدە سۆزلىنىدۇ.

ئايچۇر مىلادىنىڭ 795 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ باش ۋەزىرى قۇتلۇق قاغان بولدى. قۇتلۇق قاغان بولغان مەزگىلدىن باشلاپ ئۇ مىلادىنىڭ 805 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر بولغان ئون يىل ئۇيغۇر قاغانلىقىدا ھۆكۈمران ئورۇق بولغان ياغلاقارلارنىڭ تەسىرى تازىلىنىپ، ئادىزلارنىڭ (قۇتلۇق ئادىز قەبىلىسىدىن ئىدى) ھۆكۈمرانلىقى مۇستەھكەملەنگەن ئون يىل بولغان بولۇشى مۇمكىن.

805 ـ يىلى قۇتلۇق ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى قاغان بولدى. ئۇ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مىلادىنىڭ 808 ـ يىلى جۇڭگو تارىخچىلىرى بويى قاغان دەپ ئاتىغان كىشى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇچ بىلگە خاقان ئۇنۋانىنى ئالدى. بىز بۇ قاغاننى ئاي تەڭرىخان، دەپ ئاتايمىز. ئاي تەڭرىخان (808 ـ 821) ئۇيغۇر قاغانلىرى ئىچىدە ناھايىتى باتۇر، مەشھۇر قاغان بولدى. ئۇ مىلادىنىڭ 819 ـ يىلى تاڭ مەلىكىسىگە ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ شىيەنزۇڭ (806 ـ 820) مەلىكە يۇەنئەننى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولدى. لېكىن تاڭ شۈەنزۇڭ ئوردا ۋەزىرلىرى بىلەن ئۇزۇن كېڭەشكەندىن كېيىن، ئاي تەڭرىخانغا ياتلىق قىلىدىغان مەلىكە يۇەنئەننىڭ توي مۇراسىمىنى بىر نەچچە يىل كېيىن ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا قاغانغا تەكلىپ بەردى. ئاي تەڭرىخان بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى. چۈنكى، تاڭ پادىشاھى شىيەنزۇڭ ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئۇلۇغى، شۆھرەتلىكى بولغان ئاي تەڭرىخانغا ياتلىق قىلىدىغان مەلىكە يۇەنئەننى ئاي تەڭرىخاننىڭ شەنىگە مۇناسىپ كەلگۈدەك سەرەمجان، سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئۇزىتىش ئۈچۈن، دۆلەت خەزىنىسىدىكى پۇلنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقانىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسى مالىيە جەھەتتە ئېغىر قىيىنچىلىققا يولۇققانىدى. ئەپسۇسكى ئاي تەڭرىخان مىلادىنىڭ 821 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ مەلىكە يۇەنئەنگە ئۆيلىنىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئاي تەڭرىخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەلىكە يۇەنئەن تەركىدۇنيا بولۇپ، راھىبە بولۇپ كەتتى.

ئاي تەڭرىخان ۋاپاتىدىن كېيىن، جۇڭگو تارىخچىلىرى چۇڭدى قاغان دەپ يېزىشقان كىشى قاغان بولدى. بۇ كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش قۇچ كۈچلۈك

بىلگە قاغان دەپ ئاتالدى. بۇنىڭ ۋاقتىدا (821 ـ 824) تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ مىزۇڭ 821 ـ يىلى سىڭلىسى مەلىكە تەيخۇنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى. بۇ توي مۇراسىمى توغرىسىدا «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. شۇ مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، پادىشاھ تاڭ مىزۇڭ (821 ـ 824) مەلىكە تەيخۇنى چاڭئەندىن قارابالغاسۇنغا ئۇزىتىدىغان چاغدا، بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۇنى چاڭئەن شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى تۇڭخۇۋامېن دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىققان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇزلىگەن ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن چاڭجىڭ ئىبادەتخانىسى ئالدىدا ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، مەلىكە تەيخۇ بىلەن خوشلىشىش ئىشلىرى ئورۇنلانغان. تاڭ پادىشاھى مىزۇڭ چېگرىغا بارغۇچە بولغان يول بويىدىكى ئوبلاست، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىغا يارلىق چۈشۈرۈپ، مەلىكە تەيخۇ ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ 300 مىڭدىن ئەسكەر چىقىرىپ ئۇزىتىش لازىملىقىنى ئۇقتۇرغان. ئۇيغۇر قاغانى چۇڭدىخان، ئىنانچۇ، ئۇلۇغ تۇتۇق ئىزگىل، تاشقى ئىشلار تارقانى، يابغۇ، بىكە، تارقان قاتارلىق سەككىز كىشى باشلىق چوڭ ئۆمەكنى تەشكىل قىلغان جۇڭگو مەلىكىسىنى قارشى ئالىدىغان بۇ ئۆمەك مىڭدىن ئارتۇق ئات، تۆگە ۋە ھارۋا قاتارلىق قاتناش ۋاستىلىرىنى ئېلىپ، «سېرىق قومۇش بۇلىقى» (بۇ جاي ئۇيغۇر قاغانلىقى تېررىتورىيىسىدە) دېگەن جايغىچە مەلىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەن. مەلىكە تەيخۇ ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇنغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇيغۇر ئادىتى بويىچە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى «قاغان ئېگىز بىناغا چىقىپ، بىنانىڭ شەرقىي پېشايۋانىدا كۈنچىقىشقا قاراپ ئولتۇرغان. بىنانىڭ ئالدىغا كىگىز ئۆي تىكىلگەن. بۇ ئۆيدە مەلىكە ئولتۇرغۇزۇلغان. ئۇيغۇر راھىبلىرى مەلىكىگە ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرگەن. مەلىكە تەيخۇ خەنزۇچە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئۇيغۇرچە كىيىم كىيگەن. ئاندىن كېيىن، مەلىكە ياشانغان بىر ئۇيغۇر يەڭگىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىنانىڭ ئالدىغا چىقىپ، كۈنپېتىشقا قاراپ چوقۇنغان. مەلىكىنىڭ ھەرىكىتىگە قاغان ئولتۇرغان جايدىن نەزەر سالغان. مەلىكە قاغانغا باش ئېگىپ چوقۇنغاندىن كېيىن، چېدىرغا كىرىپ، بۇ ئىشنىڭ ئالدىدا كىيگەن كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، خاتۇنلۇق كىيىمىنى كىيگەن. بېشىغا خۇددى مۈڭگۈزدەك ئالدىغا

قاراپ تۇرىدىغان ئالتۇن ئوتۇغاتلىق تاج كىيگەن. ئاندىن كېيىن، بىنانىڭ ئالدىغا چىقىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ قاغانغا تەزىم قىلغان. ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ۋەزىرلىرى ئالدىن تەييارلانغان چوڭ تەختىراۋاننىڭ ئالدى تەرىپىدە ئالاھىدە راسلانغان كىچىك بىر ئورۇنغا مەلىكە تەيخۇنى ئولتۇرغۇزغان. ئۇيغۇر «توققۇز تارقانلىرى» (ئىچكى ئىشلار تارقانى ئۈچ نەپەر، تاشقى ئىشلار تارقانى ئالتە نەپەر) تەختىراۋاننى نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ، ئوردا ئىچىگە كىرىپ، كۈنچىقىشقا قاراپ، ئوڭدىن بۇرۇلۇپ، ئوردىنى توققۇز قېتىم ئايلانغان. بۇ ئىشلار ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەلىكە تەيخۇ تەختىراۋاندىن چۈشۈپ بىناغا چىققان. ئۇ كۈنچىقىشقا قاراپ قاغان بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرغان، ۋەزىرلەر مەلىكىنى تەبرىكلەشكەن[1].

چۇڭدىخان مىلادىنىڭ 824 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ مەلىكە تەيخۇ قارابالغاسۇندا 20 يىل (821 ـ 840) تۇرغان. شۇ مەزگىلدە، ئۇنىڭ چۇڭدىخاندىن باشقا ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق بولغان ـ بولمىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

جۇڭگو بىلەن ئۇيغۇر قاغانلىقى ئارىسىدىكى قۇدىلىششلارنىڭ سىياسىي رولى توغرىسىدا بىر ئاز چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. تارىختىكى قۇدىلىششلار نوقۇل سىياسىي مەقسەتتىن بولىدۇ. جۇڭگو خانلىرى ئۆز قىزلىرىنى باشقا دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ياتلىق قىلىشتا مۇنۇ ئۈچ مەقسەتنى كۆزدە تۇتقان: بىرىنچى، ئۆزى بىلەن باشقا دۆلەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش. تاڭ سۇلالىسى مەلىكىلىرىنىڭ ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىنىشى ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىبەت خانلىقىغا قارشى تۈزۈلگەن ئىتتىپاقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى نەزەردە تۇتاتتى. مىلادىنىڭ 758 ـ يىلى مەلىكە نىڭگونىڭ قارابالغاسۇنغا ماڭىدىغان چاغدا، «دۆلەت ئىشى مۇھىم، ئۆلسەممۇ ئۆكۈنمەيمەن» دەپ يىغلىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىش كېرەك. ئىككىنچى، جۇڭگو خانلىرى باشقا دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ياتلىق بولغان قىزلىرى ئارقىلىق شۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولالايدۇ. مەلىكە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بارغان تەجرىبىلىك سىياسەتچىلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. ھەتتا ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئىغۋا توقۇپ، ئەرلىرىنى ئالدايدۇ. مەسىلەن: مىلادىنىڭ 615 ـ يىلى

(1) «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» 195 ـ جىلد.

شەرقىي تۈرك قاغانى سىۋارخان سۆي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سۆي تاگدىنى يەنمىندە قورشىۋالغاندا، ئۇنىڭ ئايالى مەلىكە يىچىڭ ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا «ھازىر ئارقا تەرىپىمىزدە (شىمالىي تەرەپتە دىمەكچى) جىددىي ئەھۋال تۇغۇلۇپتۇ» دېگەن ئىغۋانى يەتكۈزىدۇ. بۇ ئىغۋاغا ئىشەنگەن سىۋارخان، تۈركلەر ئېلىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئەنسىرەپ، يەنمىن قورشاۋىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ قايتىپ كېتىدۇ. سۆي ياڭدى تۈركلەرگە ئەسىر بولۇپ قېلىشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۈچىنچى، جۇڭگونىڭ خانلىرى باشقا دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ياتلىق بولغان مەلىكە قىزلىرىدىن تۇغۇلغان بالىلىرىنىڭ ۋارىسلىقى ئارقىلىق كەلگۈسىدە شۇ دۆلەتكە ھۆكۈمران بولۇشىنى، ئۇ دۆلەتنى ئۆزىگە بېقىندىغان ھالغا چۈشۈرۈشنى نەزەردە تۇتقان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز قىزلىرىدىن تۇغۇلغان شاھزادىلەرنىڭ شۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشى توغرىسىدا دەۋا قوزغاپ، شۇ دۆلەت ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇپ، بىر پۈتۈن دۆلەتنى پارچىلاپ ئاجىزلاشتۇرۇشنى، ئاخىردا ئۇنى يوق قىلىشنى كۆزلىگەن. مەسىلەن: مىلادىدىن 100 يىل بۇرۇن ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق بولغان مەلىكە جەيۇ ئۇيسۇن خانلىقىدا 50 يىل تۇرغان مەزگىلدە، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇيسۇنلارنىڭ كۈن بەگلىرىدىن قۇنشۇمى (93 ـ 104)، ئۇنغۇمى (60 ـ 93)، نىمى (52 ـ 60) قاتارلىق ئۈچ خانغا ياتلىق بولغان. مەلىكە جەيۇ شۇ مەزگىلدە ئۆزى بىلەن بىللە بارغان ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە، خەن پادىشاھلىقى تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان سىياسىي ۋەزىپىلەرنى ساداقەت بىلەن ئورۇندىغان. ئۇنىڭ ئۇنغۇمىدىن تۇغۇلغان ئوغلى يانغۇمى مىلادىدىن 53 يىل بۇرۇن ئۇيسۇنلارنىڭ خانلىق تەختىنى تالىشىپ مەيدانغا چىققان. نەتىجىدە، بىر پۈتۈن ئۇيسۇن دۆلىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. خەنزۇ مەلىكىسىدىن تۇغۇلغان يانغۇمى چوڭ كۈن بەگ، ھون بىكەسىدىن تۇغۇلغان ئۇيغۇت كىچىك كۈن بەگ بولغان. يانغۇمىغا ئۇيسۇن ئاھالىسىدىن 60 نەچچە مىڭ ئائىلە (350 مىڭ كىشى)، ئۇيغۇتقا 50 نەچچە مىڭ ئائىلە (250 مىڭ كىشى) قارىغان. بۇ ئىككى خان ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جايلارنىڭ چېگرىسىمۇ ئېنىق ئاجرىتىلغان.

ئۇيغۇر قاغانلىرى تارىخى تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئېلىپ، جۇڭگو مەلىكىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ساقلانغان بولسا كېرەك. مەسىلەن: مىلادىنىڭ 779 ـ يىلى تون باغا تارقان بوگوخانىنى ئۆلتۈرگەندە، ئۇنىڭ جۇڭگولۇق مەلىكىسى

شاۋنىڭگودىن تۇغۇلغان ئىككى بالىسىنىمۇ ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. ئۇ بۇ بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق دەۋاسىنى قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن.

مەلىكە شاۋنىڭگودىن كېيىن ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق بولغان مەلىكە شۇنىڭەن، مەلىكە تەيخۇلار ئۇيغۇر قاغانلىرىدىن بالا تۇغمىغان. ئېھتىمال قاغانلار بالا بولماسلىقىنىڭ ئامالىلىرىنى قىلغان بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق بولغان جۇڭگو مەلىكىلىرى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىناقلىقنىڭ نىسبەتەن ئۇزاقراق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان.

**ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدا بولغان ئات ۋە يىپەك مال سودىسى**

ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئىقتىسادىدا، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئاتلىق قوشۇننى جەڭلەردە ئوينايدىغان ناھايىتى مۇھىم رولىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇيغۇر قاغانلىقى چارۋىچىلىقتا ئات ئۆستۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغانىدى. ئۇ زاماندا، ئاتلىق قوشۇن ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شەرتى ئىدى. شەرقىي ئۇيغۇرلار ئات ئۆستۈرۈشكە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇلار بىر نەچچە مىليون ئاتنىڭ ئىچىدىن جەڭگە يارامىلىق بىر نەچچە يۈمىڭ ئاتنى تاللاپ، 221 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلغانىدى. ھونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرى دېگۈدەك ئاتلىق بولۇپ، پىيادە قوشۇنلىرى يوق ھېسابىدا ئىدى. ھون، تۈرك، ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرى جەڭگە ماڭغاندا، 100 مىڭلاپ زاپاس جەڭ ئاتلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭاتتى. ئات يەنە ئىنتايىن مۇھىم قاتناش قورالىمۇ ئىدى. شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆستۈرگەن ئاتلىرىغا باسىدىغان ئايرىم تامغىلىرى ۋە ئۆز يايلاقلىرى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئاتلىرى «تامغىلىق ئاتلار» دەپ ئاتىلاتتى.

جۇڭگو خانلىرىمۇ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ شىمالىدىكى جەڭگىۋار، ئۇرۇشقاق قوشنىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلگەن، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ئاتقا ئېتىبار بېرىشى ئالاھىدە بولغان. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرى كەڭسۇدىكى لۇڭيۇ، لەنجۇ، فېڭلياڭ، تيەنشۈي قاتارلىق تۆت ۋىلايەت بىلەن خېشى كارىدورىدا ئوت، سۈيى

مول كەڭتاشا يايلاقلارنى ئىچىپ، بۇ يايلاقنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئورگان تەسىس قىلىپ، ئۇ ئورگانلارغا تەجرىبىسى مول ئەمەلدارلارنى باش قىلىپ تەيىنلىگەن[1]. بۇنىڭ بىلەن، مىلادىنىڭ 630 ـ يىلىدىن 670 ـ يىلىغىچە بولغان 40 يىل ئىچىدە بۇ يايلاقلاردا بېقىلغان ئاتلارنىڭ سانى 700 مىڭدىن ئاشقان. مىلادىنىڭ 670 ـ يىلىدىن باشلاپ تىبەت خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدا كەسكىن ئۇرۇشلار باشلاندى. بۇ ئۇرۇشلار كەڭسۇدىكى ئات ئۆستۈرۈلىدىغان يايلاقلارنىڭ ئامانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە خەۋپ يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئات ئۆستۈرۈشكە مەسئۇل بولغانلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن يايلاقلار چۆلدەرەپ، كۆپلىگەن ئاتلار ئۆلۈپ كەتتى. مىلادىنىڭ 754 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاتنىڭ سانى 320 مىڭغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭدىن كارغا كېلىدىغان ئات 200 مىڭچە بار ئىدى. مانا شۇنداق ئەھۋال ئۈستىدە، تاڭ سۇلالىسى نۇرغۇن كىشىلىك ھەربىي قوشۇننى ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن قاتناشنى ئات بىلەن تەمىنلەشتە ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. بولۇپمۇ مىلادىنىڭ 755 ـ يىلى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۆگلۈك لۇياڭ بىلەن چاڭئەننى بېسىۋېلىپ، پادىشاھ تاڭ شۈەنزۇڭ سىچۈەنگە قېچىپ كەتكەندە، جۇڭگو چوڭ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قېلىپ، پادىشاھقا قاراشلىق ئاتلار بىر نەچچە تۈمەنگىلا چۈشۈپ قالدى[2]. مىلادىنىڭ 756 ـ يىلى تاڭ سۈزۇڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەختىگە چىققاندا، تىبەت خانلىقى كەڭسۇنىڭ كۆپ قىسمىنى بېسىۋالدى. كەڭسۇدىكى ئات ئۆستۈرۈلىدىغان يايلاقلارنىڭ قولدىن كېتىشى تاڭ سۇلالىسىنى ئات مەنبەسىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قاغانلىقىدىن كۆپلەپ ئات سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى پىيادە بولۇپ، ئىسيانچىلار بولسا ئاساسەن ئاتلىق ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ياردەمگە كەلمىگەن بولسا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىسيانچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، دۆلىتىنىڭ بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىشى ناتايىن ئىدى. ئۆگلۈك ئىسيانى ۋاقتىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە كۆرە، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر قاغانلىقى ئارىسىدا ئات ۋە يىپەك مال سودىسى يولغا قويۇلدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرىغا موھتاج بولغان بولسا، ئۇيغۇرلار جۇڭگونىڭ ئېسىل يىپەكماللىرىنى قولغا چۈشۈرۈشكە قىزىقاتتى. چۈنكى ئۇيغۇرلار جۇڭگودىن ئالغان يىپەك ماللارنىڭ بىر قىسمىنى

(1) «يېڭى تاڭ يىلنامىسى. قوشۇنلار توغرىسىدا بايان».

(2) «تاڭ يارلىقلىرى توپلىمى» 72 ـ جىلد.

ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، بىر قىسمىنى خەلقئارا بازارلارغا ئاپىرىپ يۇقىرى باھادا ساتاتتى. بۇ سودىدا، ئۇيغۇرلار بىر ئاتنى جۇڭگونىڭ 50 توپ يىپەك تاۋىرىغا تېگىشەتتى. جۇڭگودا يىپەك توقۇمىچىلىقى تەرەققىي تاپقانىدى. تاڭ سۇلالىسى ئاتقا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، بۇ خىل نىسبەتتە مال تېگىشىشكە رازى بولدى.

ئۇيغۇرلار ئۆتكۈلۈك ئىسيانى باسلانغان ۋاقىتتىن باشلاپ 100 يىل ئىچىدە جۇڭگوغا ھەر يىلى دېگۈدەك ئاز دېگەندە بىر نەچچە مىڭ، كۆپ دېگەندە بىر نەچچە ئون مىڭدىن 100 مىڭغا قەدەر ئات ئەكىلىپ ساتتى. مەسىلەن: ئۇيغۇر قاغانلىقى مىلادىنىڭ 773 ـ يىلى جۇڭگوغا 10 مىڭ تۇياق، مىلادىنىڭ 782 ـ يىلى 100 مىڭ تۇياق ئات ئەكىلىپ ساتتى. بىر ئات 40 توپ يىپەك تاۋارغا تېگىشىلگەندە، مىلادىنىڭ 782 ـ يىلى سېتىۋالغان 100 مىڭ ئات ئۈچۈن جۇڭگو ئۇيغۇرلارغا 4 مىليون توپ يىپەك تاۋار تۆلىشى لازىم ئىدى. لېكىن، جۇڭگودا ئىچكى ئىسيانلار يۈز بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسى بۇ مالنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمەي، ئۇيغۇرلارغا قەرزگە بوغۇلۇپ قالدى. شۇ يىلى بۇ مال ھېسابىغا پەقەت 100 مىڭ توپ يىپەك تاۋار بىلەن 100 مىڭ سەر ئالتۇن ـ كۆمۈشلا تۆلىيەلىدى[1]. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارغا تۆلەيدىغان بۇ قەرزنى تاكى 840 ـ يىلىغا قەدەر، يەنى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ تامامەن ۋەيران بولۇپ چوڭ كۆچۈشكە مەجبۇر بولغىنىغا قەدەر تۆلەپ تۈگىتەلمىدى.

ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئات ۋە يىپەك مال سودىسىدا ئاخىرىغا بېرىپ، يەنى IX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ھەر ئىككى تەرەپتە سەممىيەت بولمىدى. سان ۋە سۈپەتكە ئېتىبار بەرمەيدىغان ساختىپەزلىك ھادىسىلىرى ئېغىر ھالدا پەيدا بولدى. مۇنداق ئەھۋالنى ئىككى دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى، ئۇيغۇرلارغا تۆلەيدىغان قەرزنى تۆلەش ئۈچۈن نوقۇل دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يىپەك توقۇمىچىلىقىغىلا تايانغان بىلەن بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇلار خەلق ئىچىگە ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ، خەلققە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلاردىن قاتتىق ـ سوقتى قىلىش يولى بىلەن كۆپ مىقداردا يىپەك مال يىغىشقا ئۇرۇندى. ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى بولسا، جۇڭگودىن ئېخىمۇ نۇرغۇن يىپەك مالغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان كېسەل، ئورۇق، يارىماس ئاتلارنىمۇ

(1) سىماگۇاڭ «يىلنامە» 227 ـ جىلد.

جۇڭگوغا ساتىدىغان ئاتلارنىڭ قاتارىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئات ئۇچۇن تۆلەيدىغان يىپەك تاۋارلىرىنىڭمۇ ئىنىي تار، بويى قىسقا، توقۇلۇشى قوپال بولۇشقا باشلىدى. ئاخىرىغا بېرىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ساتقان ئاتلىرىنىڭ 60 ـ 70 پىرسەنتى كارغا كەلمەيدىغان، ئورۇق، ئاغرىق ئاتلاردىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى بۇ سودىدا ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغۇچى تەرەپ يەنىلا تاڭ سۇلالىسى بولدى. بۇ خىل ئەھۋالنى تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر بەي جۈيى (772 ـ 846) «چوغاي يوللىرى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

شېئىرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى:

阳山道，阳山道，纥逻敦肥水泉好.

每至戍人送马时，道傍十里无纤草，

草尽泉枯马病羸， 飞麦但印骨与皮.

五十匹缣易一匹， 缣去马来无了日.

养无所用去非宜， 每岁死伤十六七，

缣丝不足女工苦， 疏织短截充匹数.

藕丝蛛纠三丈余， 回鹘诉称无用处.

咸安公主号可敦， 运 为可汗频奏论.

元和二年下新敕， 内出金帛酬马值.

仍诏江淮马价厥， 从此不令疏短织.

تەرجىمىسى:

چوغاي، يولى ـ بۇ ئۇزۇن يوللار. . . .<br>
قارا دۆڭنىڭ سۈيى ئەلۋەك، بۇلاق قاينايدۇ.<br>
ئۇيغۇر ئەھلى ئات ساتقىلى كەلسە ھەر قېتىم،<br>
بۇ يوللارنىڭ بويلىرىدا گىياھ قالماپتۇ.<br>
چۆپ تۈگەيدۇ، بۇلاق قۇرۇپ، ئاتلاردۇر كېسەل،<br>
باسقان تامغا كىرىپ كەتكەن ئۇستىخانغىچە.<br>
بىر ئات ئۈچۈن تېگىشىدۇ شايى ئەللىك توپ،<br>
قارارى يوق، كەلتۈرۈلەر ئات قاچانغىچە.<br>
باققاندىمۇ كارغا كەلمەس بۇ ئورۇق ئاتلار،

يىلغا توشماي ئۆلۈپ قالار ئۇندىن يەتتىسى.
مەشۇت كەمچىل، قىز - ئاياللار قالدى جاپادا،
شايىلارنى قول ئۈچىدا توقىدى قوپال،
توپ سانىنى توشقۇزماقنى ئويلاپ ھەممىسى،
شايىلىرى ئۇمۇچۇكنىڭ تورىدەك شالاڭ،
ئۇيغۇرلار كۆپ خاپا بولدى بۇنداق شايىغا.
قاغاننىڭ مەلىكىسى خاتۇن - شيەنئەن.
بۇ ئەھۋالنى ئۇقشاڭ دېدى جۇڭگو خانىغا،
يۈەنخېنىڭ ئىككىنجى يىلى قىلدى شاھ پەرمان،
خەزىنىدىكى كىمخاپلارنى تولدى ئاتقا.
ياخشى شايى كەلتۈرۈلدى جياڭنەن تەرەپتىن،
شايىلارنى ناچار توقۇش بولمىدى باشقا.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ 782 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئاتلىرى ئۈچۈن تۆلىگەن بىر قىسىم يىپەك تاۋارلىرىنىڭ ئېنىق ھېسابى تۆۋەندىكىچە:[1]

| ۋاقتى: | تاۋارنىڭ توپ سانى |
|---|---|
| 782 - يىلى | 100 مىڭ توپ |
| 787 - يىلى | 50 مىڭ توپ |
| 790 - يىلى | 300 مىڭ توپ |
| 792 - يىلى | 70 مىڭ توپ |
| 815 - يىلى | 167 مىڭ توپ |
| 816 - يىلى | 85 مىڭ توپ |
| 822 - يىلى | 200 مىڭ توپ |
| 827 - يىلى | 460 مىڭ توپ |
| 829 - يىلى | 230 مىڭ توپ |
| جەمئى: | 1662000 توپ. |

(1) «شىنجاڭ تارىخي تەتقىقاتى» 1985 - يىل 1 - سان خەنزۇچە 28 بەت.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگو مىلادىنىڭ 782 - يىلى ئۇيغۇرلاردىن سېتىۋالغان 100 مىڭ ئات ئۈچۈن 4 مىليون توپ يىپەك تاۋار تۆلىشى لازىم ئىدى. ئەمەلىيەتتە 100 مىڭ توپ تۆلىگەن. 821 - يىلى سېتىۋالغان 20 مىڭ ئات ئۈچۈن 800 مىڭ توپ يىپەك تاۋار تۆلىشى لازىم ئىدى. ئەمەلىيەتتە 200 مىڭ توپ تۆلىگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قاغانلىقىغا قاتمۇ قات قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان.

780 - يىلى ئۇيغۇر قاغانلىقى تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قەرزنى سۈيلىگەن، تاڭ سۇلالىسى مالىيە جەھەتتە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقنى بىلدۈرۈپ، قەرزنى كېيىن تۆلەپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن. تاڭ سۇلالىسى بىر تەرەپتىن بۇ خىل قەرزدارچىلىقنىڭ دەردىنى تارتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاڭ سۇلالىسى پايتەختىگە ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر ئەلچىلىرىگە تەقدىم قىلىدىغان سوۋغا - سالاملارنى تەييارلاشنىڭمۇ جاپاسىنى چەككەنىدى. ئۇيغۇر ئەلچىلىرى ئۆمىكى ئادەتتە ئاز دېگەندە بىر نەچچە يۈز، كۆپ دېگەندە مىڭدىن ئارتۇق كىشىدىن ئىبارەت بولاتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە كەلگەن ئۇيغۇر ئەلچىلىرىگە ۋە ئۇلار ئارقىلىق قارابالغاسۇندىكى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرىغا تەقدىم قىلىنغان سوۋغا - سالاملار بەزىدە 1000 ھارۋىغىمۇ يەتكەنىدى. مىلادىنىڭ 773 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تەقدىم قىلغان خىلمۇ خىل سوۋغىلىرى يېتەرلىك دەرىجىدە مول بولغان[1].

## ئالتىنچى باب: ئۇيغۇر قاغانلىقى ۋە تىبەت خانلىقى

### تىبەت خانلىقى بىلەن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى

سوڭزەن كانپۇ مىلادىنىڭ 630 - يىلى تىبەت بىلەن كۆكنۇر تېررىتورىيىسىدە ياشايدىغان چاڭ، دى (تىبەتلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرى) قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ تىبەت خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق 210 يىلچە (630 - 845) ھۆكۈم سۈردى. سوڭزەن كانپۇ ھازىرقى لاسانى تىبەت خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلدى. ئۇ مەمۇرى تۈزۈم ۋە ھەربىي تۈزۈمنى تۇرغۇزدى، قانۇن تۈزۈپ چىقتى. خوتەنگە ئادەم ئەۋەتىپ، خوتەن ئۇيغۇرلىرى قوللانغان يېزىقنى (ئېھتىمال سانسكرىت يېزىقى

(1) «تاڭ يارلىقلىرى توپلىمى» 72 - جىلد.

بولسا كېرەك) قوبۇل قىلىپ، دۆلەت ئىشلىرىدا يېزىق قوللاندى. تاڭ سۇلالىسى دەسلىپىدە تىبەت خانلىقىنى يېڭىنغا تارتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ باشقا دۈشمەنلىرىگە قارشى سېلىش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 641 - يىلى سوڭزەن كانپوغا مەلىكە ۋېنچېڭنى ياتلىق قىلدى. «سوڭزەن كانپو مىلادىنىڭ 650 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىبەت خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى ئانچە ياخشى بولمىدى. بولۇپمۇ تىبەت خانى ماڭزۇڭ ماڭزەننىڭ ۋاقتىدىن باشلاپ (650 - 679) تىبەت خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار باشلاندى. تىبەت خانلىقى ئۆز تېررىتورىيىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتىنىڭ يامانلىقى (تاغلىق ئىكەنلىكى، ئىقلىمىنىڭ ناچارلىقى) نى باھانە قىلىپ، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىشقا كىرىشتى. ئۇيغۇر خانلىقىدا بولسا ئەكسىچە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىۋېلىش نىيىتى يوق ئىدى. مىلادىنىڭ 830 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەركەردىسى ليۇ يەنشىڭ تىبەت سەركەردىسى شاڭ چېشىڭغا مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇيغۇرلار دۆلىتىمىزنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كەلگەندە ياردەم بېرىپ بىزنى قۇتۇلدۇردى، ئۇلاردا تاجاۋۇز قىلىپ بىر غېرىچ يەرنى بېسىۋېلىش نىيىتى يوق، شۇنداق تۇرسا، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتماي بولامدۇ!»[1]

بىز باشتا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ تىبەت خانلىقىغا قارشى تۇرۇش تەدبىرىنى قوللانغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق.

تىبەت خانلىقى مىلادىنىڭ 760 - يىلىدىن باشلاپ ناھايىتى كۈچەيدى، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، ھازىرقى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ھەممە زېمىنىنى دېگۈدەك بېسىۋالدى. تاڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 783 - يىلى تىبەت خانلىقى بىلەن تىنچلىق بىتىمنامىسى تۈزدى. بىتىمنامىگە كۆرە، چېكىنلىشىپ ئاجىزلاپ كەتكەن تاڭ سۇلالىسى تىبەت خانلىقى بېسىۋالغان زېمىندىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى ۋە تىبەت خانلىقىغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى توختاتتى. كەڭسۇنىڭ قولدىن كېتىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەرب ئەللىرى بىلەن بولىدىغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگو «ئۇيغۇرلار يولى» دەپ ئاتالغان يول ئارقىلىقلا غەرب ئەللىرى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان

(1) «كونا تاڭ يىلنامىسى» 196 - جىلد. «تىبەت ھەققىدە قىسسە».

بولـدى. تـاڭ سۇلالىسـىنىڭ ئەلچىلىـرى، سـودىگەرلىرى چاڭئەندىـن شـىمالغا قـاراپ يـۈرۈپ، سـەددىچىن سـېپىلىدىن ئۆتـۈپ، ئۇيغـۇرلار دۆلىتىنىـڭ زېمىنىغـا كىرەتتـى. ئاندىـن داۋاملىـق هالـدا شـىمالغا يـۈرۈپ قارابالغاسـۇنغا باراتتـى. ئـۇ يەردىـن غەربكـە يـۈرۈپ ئالتايدىـن هالقىـپ ئۆتـۈپ بەشبالىققا كېلەتتـى. ئاندىـن بەشـبالىقتىن غەربكـە مېڭىـپ، ئىلـى ۋادىسـى، يەتتـە سـۇ ئارقىلىـق ئوتتـۇرا ئاسـىيا ۋە غەربىي ئاسـىياغا باراتتى. مانا شـۇ يولنىـڭ ئاساسـىي تۈگۈنلىـرى ئۇيغۇر - ئورخـۇن قاغانلىقىنىـڭ تېررىتورىيىسـى ئىچىـدە بولغانلىقـى ئۈچـۈن، بـۇ يـول تارىختـا «ئۇيغـۇلار يولـى» دەپ ئاتالغـان. تىبـەت خانلىقـى 783 - يىلـى تۈزۈلگەن بىتىمنامـە ئارقىلىـق تـاڭ سۇلالىسـىنى پاسسـىپ هالغـا چۈشـۈرۈپ قويـۇپ، ئۇيغـۇر - ئورخـۇن قاغانلىقىغـا قارشـى ئـۇرۇش هەرىكەتلىرىنـى يۈرگـۈزۈش ئىمكانىيىتىگـە ئىگـە بولـدى. تىبـەت خانلىقـى 790 - يىلىغـا كەلگەنـدە، ئۇيغـۇر قاغانلىقىنىـڭ قوشـۇنلىرىغا بىرنەچچـە قېتىـم جىددىي زەربە بەردى ۋە تارىم ۋادىسـىنى بېسـىۋالدى. ئايچۇرنىـڭ ۋاقتىـدا ئۇيغـۇر قاغانلىقىنىـڭ ئەهۋالـى يامانلاشـتى. دەسـلەپتە توققـۇز ئوغـۇز دەپ ئاتىلىدىغـان ئۇيغـۇر قەبىلىلىـرى ئىچىدىكـى قارلۇقـلار 756 - يىلـى ياغلاقارلارنىـڭ بەزىبىـر يولسـىزلىقىدىن ئاغرىنىـپ، يـۈز ئـۆرۈپ غەربكـە بەشـبالىق، يەتتەسـۇ ئەتراپلىرىغـا كەتتـى. شـۇنىڭدىن باشـلاپ، قارلۇقـلار بەزىـدە ئۇيغۇرلارنىـڭ دۈشـمەنلىرى تەرىپىدىـن پايدىلىنىـپ كېتىلـدى، يەنـى تىبـەت خانلىقـى بەشـبالىق ئەتراپىدىكـى قارلۇقلارنـى ئۇيغۇرلارغا قارشـى تۇرۇشـقا كۈشـكۈرتۈپ تـوردى. مىلادىنىڭ 791 - يىلـى تىبەتلىكلـەر بەشـبالىققا هۇجـۇم قىلىـپ، شـەهەرنى ئىگىلىۋالـدى. بەشـبالىق قولدىـن كەتكەندىـن كېيىـن ئىـل ئۆگەسـى ئۇنۋانـى بىلـەن ئاتىلىدىغـان ئۇيغـۇر قاغانلىقىنىـڭ بـاش ۋەزىـرى 50 مىـڭ كىشـىلىك ئاتلىـق قوشـۇنغا ئـۆزى قومانـدان بولـۇپ، بەشـبالىقنى تىبەتلىكلـەر قولىدىـن تارتىۋېلىش ئۈچـۈن ئاتلاندى. ئۇرۇشـتا، ئۇيغـۇرلار مەغلـۇپ بولـدى. ئىـل ئۆگەسـى قارابالغاسـۇنغا قايتىـپ كېلىـپ، دۆلەتنـى باشـقۇرۇش ئىشـلىرىنى ئورۇنلاشـتۇرۇپ بولغاندىـن كېيىـن، دەرهـال يەنـە 50 مىـڭ كىشـىلىك ئاتلىـق قوشـۇننى ئاتلانـدۇرۇپ بەشـبالىققا قـاراپ يولغـا چىقتـى. بەشـبالىقنى قولدىـن بېرىـپ قويـۇش ئۇيغـۇر قاغانلىقـى ئۈچـۈن ئەمـەس، تـاڭ سۇلالىسـى ئۈچۈنمـۇ ناهايىتـى ئېغىـر ئاقىۋەتلەرنـى كەلتـۈرۈپ چىقىراتتـى. چۈنكـى بەشـبالىق غـەرب ئەللىـرى بىلـەن ئالاقـە قىلىشـىدا «ئۇيغـۇرلار يولـى» دەپ ئاتىلىدىغـان خەلقئـارا يولدىكـى ئـەڭ مۇهىـم مەركەزلەرنىـڭ بىـرى ئىـدى. ئىـل

ئۇگەسى ئىككىنچى قېتىمقى ئۇرۇشتا يەنە مەغلۇپ بولدى. بۇ ئۇرۇشتا، ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ يېرىمى دېگۇدەك ھالاك بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بەشبالىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشىغا تاڭ سۇلالىسى ئېغىزغا ئالغۇدەك دەرىجىدە بىرەر ھەربىي ياردەم بەرمىدى. چۈنكى، شۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاڭ ھۆكۈمرانلىرىدا بۇ ئىككى دۆلەت ئۇرۇش بىلەن ئاجىزلاشسا، جۇڭگو ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت تۇغۇلىدۇ، دەيدىغان قاراشمۇ بار ئىدى. مىلادىنىڭ 791 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ تىبەتلىكلەر تەرىپىدىن ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولۇشى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇردى.

## ئاي تەڭرىخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى

تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، بەشبالىق شۇ قېتىم تىبەتلىكلەرنىڭ قولىدا 17 ـ يىل (791 ـ 808) قالدى. ئاي تەڭرىدا قۇت بولمىش قۇلۇق بىلگە قاغاننىڭ ۋاقتىدا (805 ـ 808)، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ مىلادىنىڭ 808 ـ يىلى تىبەتلىكلەرنى بەشبالىقتىن قوغلاپ چىقاردى ۋە كەڭسۇدىكى ئۇۋۇنىمۇ ئىگىلىۋالدى، بولۇپمۇ جۇڭگو تارىخچىلىرى بويى قاغان (保印) دەپ ئاتىغان ئاي تەڭرىخاننىڭ ۋاقتىدا (808 ـ 821) ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى يەنە كۈچەيدى. «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدا قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغان يادىكارلىقى» ۋە «يىلنامە» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئاي تەڭرىخان (ئۇنىڭ نامىنى قىسقارتىپ شۇنداق ئاتىدۇق) تارىختا داستان بولغۇدەك غەلىبىلىك ھەربىي يۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان.

ئاي تەڭرىخان 200 مىڭ كىشىدىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىتائەتتىن باش تارتقانلارنىڭ ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ئاي تەڭرىخان مىلادىنىڭ 810 ـ يىللىرى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدا ياشايدىغان قىرغىزلار ئۈستىگە باستۇرۇپ باردى. قىرغىزلار باشتا ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىغا ئىتائەت قىلغان بولسىمۇ، كېيىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم بولۇۋالغانىدى. قىرغىزلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم بولۇۋېلىشىغا يول قويمىغان ئۇيغۇرلار ئۇلارنى قايتا ـ قايتا بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، مىلادىنىڭ 790 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلار تىبەتلىكلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، ئۇلار يەنە مۇستەقىل بولۇۋالغانىدى. ئاي تەڭرىخان يەنسەي دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ

كەلگەنىدە، جەڭگىۋار قىرغىزلارنىڭ ناھايىتى قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. لېكىن ئاي تەڭرىخان باتۇر قىرغىزلارنى ناھايىتى قاتتىق باستۇردى. نۇرغۇن قان تۆكۈلدى.

ئاي تەڭرىخان مىلادىنىڭ 815 - يىلى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسى قىسمىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەشھۇر غەربكە يۈرۈشىنى باشلىدى. ئۇ بەشبالىقنى قايتا بېسىۋالغان تىبەتلىكلەر ئۈستىگە بېسىپ كېلىپ، ھازىرقى جىمسار ئەتراپىدا تىبەت قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. ئارقىدىنلا كۇچاغا قاراپ يولغا چىقتى. شۇ چاغدا، تىبەتلىكلەر كۇچانى قورشىۋالغانىدى. كۇچا ئۇچۇن بولغان قانلىق جەڭلەردە مەغلۇپ بولغان تىبەتلىكلەر قارا شەھەرگە قاراپ قاچتى. ئاي تەڭرىخان شەرققە قاراپ قاچقان دۈشمەنىنىڭ كەينىدىن بوراندەك تېزلىكتە قوغلاپ كېلىپ، تىبەتلىكلەرنى ھازىرقى ئەشمە ياكى چەرچى ئەتراپىدا تارمار قىلىپ، ناھايىتى چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتى. بەشبالىق، كۇچا، قارا شەھەر ئەتراپلىرىدا، ئاي تەڭرىخانىنىڭ تىبەتلىكلەر ئۈستىدىن قازانغان شانلىق تارىخىي غەلىبىسى، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى خەلقئارا قاتناش يولىنىڭ ئامانلىقىنى كاپالەتلەندۈردى.

ئاي تەڭرىخان قارا شەھەر ئەتراپىدا تىبەت قوشۇنلىرىنى تولۇق تارمار قىلغاندىن كېيىن، غەربكە بۇرۇلۇپ قەشقەر ئارقىلىق پەرغانە ۋە يەتتە سۇغىچە يۈرۈش قىلدى. ئۇ پەرغانە ۋە يەتتە سۇدىكى قارلۇق، تۈرگەشلەرنى قايتىدىن بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى باشقۇرىدىغان تۇتۇق، تۇدۇنلارنى تەيىنلىدى. ئاندىن كېيىن، ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى پايتەختى قارابالغاسۇنغا شۆھرەت ۋە تەنتەنە بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى بولغان ئاي تەڭرىخان مىلادىنىڭ 818 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، جۇڭگو مەلىكىسىگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مىلادىنىڭ 819 - يىلى ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە كۆرە، تاڭ مەلىكىسى يۈەنئەن ئاي تەڭرىخانغا ياتلىق قىلىنىدىغان بولدى. بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، توي مۇراسىمىنىڭ ۋاقتى ئارقىغا سۈرۈلگەچكە، مىلادىنىڭ 821 - يىلى ئاي تەڭرىخان ئالەمدىن ئۆتۈپ بۇ قۇدىلىشىش ئەمەلگە ئاشمىدى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىنىڭ 815 - يىلىدىن تارتىپ 848 - يىلىغىچە (33 يىل) تىبەتلىكلەر ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى

تېررىتورىيىسىگە قەدەم باسالمىدى. 840 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، قاغانلىقتا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە، تىبەتلىكلەر 848 ـ يىلى بەشبالىق، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، 865 ـ يىلى بۆكۈ تېكىن تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. بۇ ئەھۋالنى ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە تەپسىلىيرەك بايان قىلىمىز. مىلادىنىڭ 821 ـ يىلى كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش قاغان دەپ ئاتالغان قاغاننىڭ ۋاقتىدا (821 ـ 825) تاڭ سۇلالىسى مەلىكە تەيخۇنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى، ئۇيغۇر قاغانى جۇڭگو مەلىكىسىنى قارابالغاسۇنغا كۆچۈرۈپ كېلىدىغان چاغدا (821 ـ يىلى) تىبەت خانلىقىنىڭ بۇزغۇنچىلىق سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كۇچا، بەشبالىق قاتارلىق شەھەرلەردە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇر قوشۇنلىرىدىن 20 مىڭ (ھەربىر شەھەردىن 10 مىڭ) كىشىلىك ئاتلىقنى يۆتكەپ، مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۈچەيتتى. بىز باشتا مەلىكە تەيخۇنىڭ قارابالغاسۇنغا كەلگەنلىكى، ئۇيغۇرلار ئوردىسىدا تەنتەنىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

شۇ قاغاننىڭ ۋاقتىدا، ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن تىبەت دۆلىتى ئارىسىدا بىر قېتىم ئۇرۇش بولدى. تىبەت قوشۇنلىرى قارابالغاسۇنغا بەش كۈنلۈك كېلىدىغان جايغىچە بېسىپ كەلدى. لېكىن ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلار تىبەت قوشۇنلىرىنى چېكىندۇردى.

ئۇيغۇر قاغانلىقى، چۇڭدى قاغان ۋە ھازار تېكىننىڭ ۋاقتىدا (821 ـ 832) ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك باسقۇچىنىڭ (744 ـ 830) ئاخىرقى كۈنلىرىگە يېقىنلاشقان، ئەمما تېخى ئاجىزلاشمىغانىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلارغا تۆلەيدىغان قەرز ھېسابىغا 822 ـ يىلى 200 مىڭ توپ، 827 ـ يىلى 460 مىڭ توپ، 829 ـ يىلى 230 مىڭ توپ يىپەك مال ئەۋەتكەنلىكى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، كۈچلۈك تىبەت خانلىقى ئاجىزلاپ كەتتى. تىبەت خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچ ـ قۇدرىتى، ئۆز قوشنىلىرى بىلەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلاردا خوراپ، تۈگەپ كېتىشكە تاس ـ تاماسلا قالغانىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، تىبەت خانلىقى مىلادىنىڭ 845 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئۆزىنىڭ ئاساسىي دۈشمەنلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ 830 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى سەۋەب بولدى.

# يەتتىنچى باب: شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى

## كۆچۈشنىڭ سەۋەبلىرى

مىلادىنىڭ 830 ـ يىلىدىن 840 ـ يىلىغىچە بولغان ئون يىل ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى تارىخىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى بولۇپ، شۇ مەزگىلدە شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، قاغانلىقنىڭ پايتەختىنى قارابالغاسۇندىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە يۆتكەپ كەتتى.

ئالپ بىلگە تەڭرى ئۇيغۇر قاغان ئۇنۋانىدا ئاتالغان هازار تېكىننىڭ ۋاقتىدا ئۇيغۇر هۆكۈمرانلىرى ئىچىدە قاغانلىق تەختىنى تالىشىش يۈز بېرىپ، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاپەتلىك يانغىنلىرى لاۋۇلداشقا باشلىدى. ئەزەلدىن تارتىپ ئۇيغۇر قاغانلىقىدا قاغانلىق تەختىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسىدىن بولغان قاغانلار ئولتۇرۇپ كەلگەنىدى. مىلادىنىڭ 795 ـ يىلى ئايچۇر ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئورنىغا ياغلاقار قەبىلىسىدىن ئەمەس، ئون ئۇيغۇرقەبىلىسىنىڭ بىرى بولغان ئادىزلار قەبىلىسىدىن بولغان قۇتلۇق قاغان بولدى. ئايچۇر ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن ئورنىغا ۋارىس تەيىنلىمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قاغان بولغان قۇتلۇق باش ۋەزىر ئىدى. قاغانلىق ئورنىنىڭ ياغلاقارلاردىن ئادىزلارنىڭ قولىغا ئۆتۈشى، ئۇيغۇرلاردىكى قەبىلە ئەنئەنىلىرى تەسىرىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر گەۋدىسىنىڭ ئاساسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مىلادىنىڭ 795 ـ يىلى ئادىزلاردىن بولغان قۇتلۇق قاغان بولغاندا، ياغلاقارلار بىلەن ئادىزلار ئارىسىدا قاغانلىق تەختىنى تالىشىش يۈزىسىدىن جېدەل بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىزلار قەبىلىسىدىن بولغان قاغانلارنىڭ ۋاقتىدا ئۇيغۇر قاغانلىقى ئۆزىنىڭ سەلتەنەتلىك، قۇدرەتلىك هالىتىنى ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز تېررىتورىيىسى (بەشبالىق، كۇچا قاتارلىق جايلار) گە بېسىپ كىرگەن تىبەتلىكلەرنى تارمار قىلدى ۋە ئىسيان كۆتۈرۈپ ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان قىرغىزلار، قارلۇقلار ۋە تۈرگەشلەرنى قايتىدىن بويسۇندۇردى.

ئادىزلاردىن بولغان قاغانلاردىن هازار تېكىن بىلەن خۇتېكىنلارنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە (824 ـ 839)، بەزىبىر ئۇيغۇر بەگلىرى قاغان بولۇش نىيىتىگە كېلىپ، ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قەبىلە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ياغلاقارلار بىلەن ئادىزلار ئارىسىدا قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب

بولدى.

مىلادىنىڭ 832 - يىلى ھازار تېكىن ئىچكى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قاغان بولغان خۇتېكىننىڭ ۋاقتىدا (832 - 839) ئىچكى ئۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى. مىلادىنىڭ 839 - يىلى ئالپ قۇلۇق بىلگە قاغان ئۇنۇۋانىدا ئاتالغان خۇتېكىننىڭ ۋەزىرى ئارچۇن ئالپ بىلەن شۇڭقار تېكىن بىرلىشىپ خۇتېكىننى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بۇنى سېزىپ قالغان خۇتېكىن ئارچۇن ئالپ بىلەن شۇڭقار تېكىننى ئۆلتۈردى. بۇنىڭدىن نارازى بولغان قارا بۇلۇق ئاتلىق تارقان (ۋەزىر) خۇتېكىنگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. قارا بۇلۇق چۆل تۈركلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇلاردىن ھەربىي ياردەم سورىدى. چۆل تۈركلىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ كۈنگەي تەرەپلىرىدە ياشايتتى. ئۇلا ر چۇمۇل ۋە چىگىل قاتارلىق ئىككى قەبىلىگە بۆلۈنەتتى. چۇمۇللار (处密) ھازىرقى ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىدىن تارتىپ قۇمۇلغىچە بولغان جايلاردا ياشايتتى. چىگىللار بولسا ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىن تارتىپ ماناسنىڭ غەربىگىچە بولغان جايلاردا ياشايتتى. قەدىمكى چاغدىكى جۇڭگو تارىخچىلىرى چۆل تۈركلىرى ياشىغان جايلارنىڭ چۆل دالادىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنى چۆل تۈركلىرى دەپ ئاتىغان، «چۆل تۈركلىرى» دېگەن نام ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا چىگىللار غەربكە سىلجىپ، يەتتە سۇ، تالاس ۋادىلىرىغا بېرىپ ماكانلاشقا، چۇمۇللار بولسا مىلادىنىڭ 790 - يىلى ھازىرقى جىمسار ئەتراپلىرىدىن كۆچۈپ گەنسۇدىكى ۋۇۋېي، نىڭشىيادىكى لىڭۋۇ دېگەن جايلارغا يۆتكىلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغانىدى. تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنىڭ خانلىرىغا لى فامىلىسىنى بەرگەن. مانا شۇ چۆل تۈركلىرى جۇڭگو تېررىتورىيىسى (خۇاڭخې ۋە چاڭجياڭ ۋادىسىدىكى بىر قىسىم جايلار) دە، «كېيىنكى تاڭ» دەپ ئاتالغان بىر دۆلەتنى قۇرغان. چۆل تۈركلىرى قۇرغان بۇ دۆلەت 14 يىل (923 - 936) ھۆكۈم سۈرگەن. چۆل تۈركلىرى كېيىن خەنزۇلارغا ئاسمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن.

مىلادىنىڭ 893 - يىلى چۆل تۈركلىرىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئىگە بولغان قارا بۇلۇق بىلەن قاغان خۇتېكىن ئارىسىدا ئۇرۇش بولۇپ، ئۇرۇشتا خۇتېكىن مەغلۇپ بولدى ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇرۇشتا غالىپ بولغان قارا بۇلۇق ئادىزلاردىن كىچىك تېكىن ئاتلىق شاھزادىنى قاغانلىق تەختىگە چىقاردى ۋە ياغلاقار قەبىلىسىدىن بولغان بىر قىسىم تېكىنلەرنى نەزەربەند قىلدى. قارا بۇلۇقنىڭ قىلمىشىدىن نارازى بولغان ھەربىي تارقان (ھەربىي ۋەزىر) قۇلۇق باغا

(ياغلاقار قەبىلىسىدىن) قاغانلىق تەختىنى تارتىۋېلىش كويىغا چۈشتى، دەل شۇ چاغدا، ئۇيغۇر قاغانلىقى تېررىتورىيىسىدە تەبىئىي ئاپەت پەيدا بولۇپ، «ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك ئىش بولدى. خەلق ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. «كونا تاڭ يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىنىڭ 839 - يىلى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ يايلاقلىرىغا ناھايىتى قېلىن قار چۈشۈپ، قاتتىق جۇدۇن بولۇپ نۇرغۇنلىغان ئات، كالا ۋە ئۇششاق ماللار مۇزلاپ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلدە ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، نۇرغۇن خەلق ئۆلدى. يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋەيران بولۇپ، ئەلنى ئاچارچىلىق قاپلىدى. خەلق ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسانلىقتا قالدى. ئىچكى ئۇرۇش، ۋابا ۋە تەبىئىي ئاپەتنىڭ زەربىسىدە خاراب بولغان خەلق دەھشەتلىك كۈنلەرگە قالدى.

ئۇيغۇر قاغانلىقى مانا شۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ياغلاقار قەبىلىسىدىن بولغان قۇلۇق باغا قىرغىزلاردىن ياردەم ئېلىپ، قاغانلىق ئورنىنى ئادىزلار قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن، 840 - يىلى يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ قېشىغا قاچتى ۋە قاغانلىقنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى قىرغىز خانىغا مەلۇم قىلدى، خېلى بۇرۇنلا ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىل بولۇۋالغان قىرغىزلارنىڭ خانى قۇلۇق باغانىڭ تەكلىپىگە جان دەپ قوشۇلۇپ، بۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قارابالغاسۇندىكى قاغان ئوردىسىنىڭ خەزىنىسىگە توپلانغان ھەددى - ھېسابسىز قىممەتلىك بايلىقلارنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولدى. قىرغىز خانى 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، ئاپا باشچىلىقىدا قارابالغاسۇنغا يولغا سالدى.

«كونا تاڭ يىلنامىسى. قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش بولغان يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ تىل ۋە يېزىقى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قىياپەت يېقىدىن چاچلىرى قىزغۇچ، كۆزلىرى كۆك، چىرايلىرى ئاق سۆزۈك كېلىدىكەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن قىرغىزلار ھونلارغا، تۈركلەرگە ۋە ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولۇپ ياشىغانىدى. ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدە، كۆپ چاغلاردا ئۇيغۇرلارغا بېقىنىپ ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما پات - پاتلا ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇرغان، ئاخىر 830 - يىللىرى ئەتراپىدا يەنە ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىل بولۇۋالغانىدى.

مىلادىنىڭ 840 - يىلى ئاپا باشچىلىقىدىكى 100 مىڭ كىشىلىك قىرغىز

ئانلىق قوشۇنى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇننى بېسىۋالدى. قىرغىزلار ئۇيغۇر قاغانى كىچىك تېكىن بىلەن قارا بۇلۇقنى ئۆلتۈردى. قاغان ئوردىسىغا ئوت قويۇپ، كۆلىنى كۆككە سورۇدى، ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ خەزىنىسىدىكى دۇنيا دەپىنىنى بۇلاپ - تالىدى. تارىختا ئاسىيانىڭ تارىخىي سەھنىسىدە ئىككى ئەسىر قەدەر كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قۇدرەتلىك ئۇيغۇر قاغانلىقى يوقىرىقىدەك ئىچكى ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت، ۋابا ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن ۋەيران بولدى. ئۇلار قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. شۇڭا، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى غەرب (تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى) كە، يەنە بىر قىسمى جەنۇب (جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىكى خېبېي بىلەن سەنشىنىڭ شىمالى) قا قاراپ كۆچتى. خائىن قۇلۇق باغا قاغان بولۇش نىيىتىگىمۇ يېتەلمىدى.

## جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى

«كونا تاڭ يىلنامىسى» نىڭ «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «لى دېۋ ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق بابلىرىدا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدا مەلۇمات بار.

ئۇيغۇر قاغانلىقى 840 - يىلى دەھشەتلىك يوسۇندا ۋەيران بولغاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن قىسمى پان تېكىن باشچىلىقىدا غەربكە قاراپ كۆچكەندى. پان تېكىن باشچىلىقىدا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش يوللىرى، ماكانلاشقان جايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى توغرىسىدا نۆۋىتى كەلگەندە توختىلىمىز.

جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىنقى قىسمى مىلادىنىڭ 840 - يىلى 8 - ئايلاردا، ھورمۇزد تېكىن باشچىلىقىدا، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ داتۇڭ شەھىرى ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى بولسا، مىلادىنىڭ 841 - يىلى ئەتىيازدا، خېبېي، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبقا كۆچكەن قىسمىغا ئادىز ئۆگى قاغان باشچىلىق قىلغانىدى، ئۇيغۇرلار پايتەخت قارا بالغاسۇن قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئۆگى تېكىننى قاغان قىلىپ كۆتۈرگەنىدى. ئۆگى قاغان ئۇيغۇرلارنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، قاغانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. ئۇ، بۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تاڭ سۇلالىسىدىن ھەربىي ياردەم ئالماقچى بولدى.

ئۇ، 11 تېكىن (شاھزادە)، سەككىز تارقان (تاشقى ئىشلار تارقانى ۋە ئىچكى ئىشلار تارقانىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، ئىككى بېگ (ئۆز بېگەسى ۋە سىڭلىسى)، ئون نەپەر سانغۇنى ئېلىپ، قارابالغاسۇنغا يېقىن جايلاردا ياشايدىغان 13 قەبىلىنى باشلاپ جەنۇبقا كەلگەنىدى. ئۆگې قاغان ئېل ئۆگەسى ئۇنۋانىدا ئاتىلىدىغان باش ۋەزىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. ئۇيغۇر ئەلچىلىرى ئۆگې قاغاننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئۇيغۇر قاغانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىدىن ھەربىي ۋە ئىقتىسادى ياردەم سورىدى. جۇڭگونىڭ پادىشاھى تاڭ ۋۇزۇڭ (841 - 846) ئۆگې قاغاننىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. پەقەت ۋەزىر لى دېيۇ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئۇ ئۇيغۇرلارغا ئوزۇق - تۈلۈك ياردەم قىلىشقا ماقۇل بولدى، بۇ ياردىمىنىمۇ تارىختىن بېرى تۆلەپ تۈگىتەلمىگەن ئات سودىسىدىكى قەرزى ھېسابىغا بېرىدىغان بولدى. ئېل ئۆگەسى باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر چاڭئەندىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا قايتتى. بۇ قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشتى. تاڭ سۇلالىسى قاغانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چوقۇم ھەربىي ياردەم بېرىدۇ، دەپ ئىشەنگەنىدى. چۈنكى، ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 756 - يىلىدىن 762 - يىلىغىچە داۋام قىلغان ئۆگلۈك - سۈيگۈم ئىسيانىنى باستۇرۇپ بېرىپ تاڭ سۇلالىسىنى ئۇزۇل - كېسىل ھالاك بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغان، ئەينى چاغدا جۇڭگوغا نۇرغۇن ھەربىي ياردەم بەرگەنىدى. تاڭ سۇلالىسى بولسا ۋاپاسىزلىق قىلىپ، چوتنى باشقىچە سوقۇپ، ئۆگې قاغاننىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك بىر ئىش بولدى.

ئۆگې قاغان باشچىلىقىدا جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 300 مىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي بىلەن تەمىنلەش ناھايىتى قىيىن مەسىلە ئىدى. تاڭ سۇلالىسى 841 - يىلى 12 - ئايدا، ئۇيغۇرلارغا ئات ئۈچۈن تۆلەيدىغان قەرزلىرى ھېسابىغا 20 مىڭ خو ئاشلىق بەردى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۆلەيدىغان قەرزى ئۈنچىۋالا ئازمۇ ئەمەس ئىدى.

ئۆگې قاغان باشچىلىقىدا جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ھەر جەھەتتىن ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادىنىڭ 841 - يىلى، ئۆگې قاغانغا بويسۇنمىغان ھورمۇزد تېكىن ئۈچ قەبىلىنى باشلاپ كېتىپ، تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. تاڭ ۋۇزۇڭ ھورمۇزد تېكىن قاتارلىق ئۇيغۇر شاھزادىلىرىگە لى

فامىلىسى ئاساسىدا تۆۋەندىكىچە ئىسىملارنى قويىدى:

هورموزد تېكىن (لى سىجۇڭ)

ئاروچى (لى سىجېن)

سارۇۋچور (لى سىخۇي)

ئاياۋىر (تارقان) (لى خۇڭشۇن)

ئۆز ئېلىدىن ۋە ئۆز خەلقىدىن يۈز ئۆرۈگەن بۇ خائىنلارنىڭ قىلمىشىغا چىدىمىغان ئۆگى قاغان مىلادىنىڭ 842 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىدىن ئۇلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن تاڭ ۋۇزۇڭ قاغانىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئۆگى قاغان هورموزد تېكىن باشلىق خائىنلارنى قاتتىق جازالىماقچى بولغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى شاھزادىلەردىن نائىل چورتېكىنمۇ ئۆگى قاغانغا بويسۇنماي، ئۆز ئارا ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۆگى قاغان نائىل چور تېكىنگە هۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار تۇرمۇش جەھەتتىن ناهايىتى قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكتىن، تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغانلارنىڭ چارۋىلىرىنى بۇلاپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا، شىمال تەرەپتىن قىرغىزلار هۇجۇم قىلدى، جەنۇب تەرەپتىن بولسا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ خېيبېي، سەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىدە تۇرغان قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ليۇكودى ۋە جاڭ جۇڭۋۇلار هۇجۇم قىلدى. قىرغىزلار 821 ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانىغا ياتلىق بولغان مەلىكە تەيخۇنى چاڭئەنگە ئۇزىتىپ كېتىۋاتقاندا، ئۆگى قاغان ئۇنى قىرغىزلاردىن ئېلىپ قالغانىدى. مەلىكە ئۆز رازىلىقى بىلەن قالغانمۇ ياكى ئۆگى قاغانغا يۈز كېلەلمەي ماقۇل بولغانمۇ، ئىشقىلىپ ئۆگى قاغانىنىڭ قېشىدا قالغانىدى. 843 ـ يىلى ليۇكوي ئۆگى قاغانغا هۇجۇم قىلغاندا، مەلىكە تەيخۇنى ئەكەتتى.

مىلادىنىڭ 846 ـ يىلى ئۆگى قاغاننى ئۇنىڭ تارقانى مەيىن ئۆلتۈردى. ئىنان تېكىن (ئۆگى قاغانىنىڭ ئۇكىسى) قاغان بولدى. لېكىن ئىنان قاغانىنىڭ تەقدىرىمۇ قورقۇنچلۇق بىر خەۋپ ئاستىدا قالدى. ئۇ ئۇيغۇر قاغانلىقىغا بېقىنغان شىرويلار ئارىسىغا بارغانىدى. شىرويلار ئۇنى دۈشمەنلىرىگە تۇتۇپ بەرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا جەنۇبقا كۆچكەن 300 مىڭ ئۇيغۇردىن ئىچكى ئۇرۇش، دۈشمەنلىرىنىڭ شىمالدىن ۋە جەنۇبتىن قىلغان هۇجۇملىرى ۋە ئاچارچىلىق قاتارلىق سەۋەبلەر نەتىجىسىدە، ئارانلا بەش يۈزچە كىشى قالغانىدى. جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ

بىر قىسمى (بىر نەچچە ئون مىڭ كىشى) تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان بولسا، يەنە بىر قىسمىنى قىرغىزلار ئەسىر قىلىپ ئەكەتكەنىدى. ئىنان قاغان مانا شۇنداق ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا شىرويلار ئارىسىغا بارغانىدى. ئۇ شىرويلارنىڭ ئۆزىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە تۇتۇپ بېرىش نىيىتىنى بايقاپ قالغاندىن كېيىن، بېكەسى قارلۇ، ئوغلى دوست تېكىن قاتارلىق توققۇز كىشىنى ئېلىپ كېچىسى خۇپىيانە ھالدا شىرويلار ئارىسىدىن چىقىپ غەربكە يۈرۈپ كەتتى. تارىخىي خاتىرىلەردە، ئىنان قاغاننىڭ كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. بەزى خاتىرىلەردە ئىنان قاغاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەندكە بارغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

ئۆگى قاغان باشچىلىقىدا جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈمىدىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تامامەن ۋەيران بولغانلىقىدا ئاساسلىق ئىككى سەۋەب بار. ئۇنىڭ بىرى، جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقلىشالماي ئۆز ئارا ئۇرۇشتى، بىر قىسمى خائىنلارغا ئەگىشىپ تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى بۆلۋەتتى. مانا مۇشۇ سەۋەب ئىنتايىن يامان رول ئوينىدى. يەنە بىرى، تاڭ سۇلالىسى ئۆگى قاغاننىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇلارغا ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بەرمىدى. ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تاڭ سۇلالىسىگە قىلغان ھەربىي ياردىمىگە ۋاپاسىزلىق قىلدى. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئېغىر ئەھۋالدا قالغاندا ئوبدان ئىتتىپاقلاشقان بولسا، تاڭ سۇلالىسى ئۇلارغا ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن بولسا، ئۇلار كۈچ توپلاپ قىرغىزلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيغۇر قاغانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە ئۆزلىرىمۇ تامامەن يوقالمىغان بولاتتى.

پان تېكىن باشچىلىقىدا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ بىر - بىرىنى قىرمىدى. ئۇلار ئامال قىلىپ ھايات قېلىشنى، دەرمان يىغىپ كۈچ توپلاشنى، ئاندىن قاغانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى نىيەت قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بەشبالىق، قارا شەھەر، كۇچا ئەتراپلىرىغا كېلىپ شۇ يەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلدى. يەنە بىر قىسمى بولسا كەڭسۇغا كۆچۈپ بېرىپ، كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى (870 ـ 1125)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى قاتارلىق دۆلەتلەرنى قۇردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى جەڭگىۋار قەبىلىسى ھېسابلانغان ياغمىلار بولسا غەربكە سىلجىپ، ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرۇشتا باشلامچىلىق قىلدى.

## سەككىزىنچى باب: ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت

### ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە دۆلەت تەشكىلى

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتىنى بەزى تارىخچىلار 100 يىل (744 ـ 845) دەپ ھېسابلىسا، بەزى تارىخچىلار 200 يىل 646 ـ 845) دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇيغۇر قاغانى بايانچورنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشتا: «... قالغان خەلق ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇزلارنى 100 يىلدىن ئوشۇقراق بىرلەر ئىدارە قىلدۇق» دەپ يېزىلغان. بايانچورنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۇ تاش مىلادىنىڭ 757 ـ يىللىرى قويۇلغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئۇيغۇر قاغانلىقى مىلادىنىڭ 646 ـ يىلى قۇرۇلغان بولىدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي يىلنامىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە («كونا تاڭ يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» ۋە باشقىلار) يېزىلغان خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر قاغانلىقى مىلادىنىڭ 646 ـ يىلى قۇرۇلغان، شۇ چاغدا، تومىد ئۇلۇغ ئىلتەبىر قاغان ئاتالغان.

ئەگەر بۇ تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىنسا، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى 200 يىل بولىدۇ.

شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىن قۇللۇق تۈزۈمىگە ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق. ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاشلا خېلى بۇرۇنلا فېئوداللىق تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنىدى. بەزى ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھونلار مىلادىدىن بۇرۇنلا ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ پاترىئار خاللىقنى ساقلىغان يېرىم فېئودال‌لىق تۈزۈمىدە بولغان. تۈركلەر بولسا مىلادىنىڭ IV ئەسىرىدىلا فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ياشايتتى، ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 744 ـ يىلى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئورنىنى باسقاندىن كېيىن، فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشكە باشلىغان.

VII ئەسىردىن باشلاپ، شەرقىي ئۇيغۇرلاردا قاغانلىقنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى، قاغانلىقنىڭ ئاتىدىن بالىغا مىراس قالدىغان بولغانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى تەرەققىياتىدا ۋە سىياسىي تەرەققىياتىدا يېڭى دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

«ئىچكى ۋە سىياسىي بىرلىكنىڭ زورۇرلۇكىنى تونۇش تەرەققىياتىدىكى مۇئەييەن بىر باسقۇچنىڭ ئىپادىسى ئۇيغۇر دېگەن يېڭى نامنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. شۈبھىسىزكى، بۇرۇنقى ئۇرۇقداشلىق ئاساسىدىكى بىرلىشمىلەر،

ۋاقىتلىق تۈزۈلگەن ئىتتىپاقلار ئۇيغۇرلار تەرەققىياتىنىڭ مۇشۇ باسقۇچتىكى مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەي قالغانىدى. يېڭى بىرلىشىش بىر قەدەم مۇستەھكەم بولغان ئېتنىك تەشكىللىنىش بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قاغانلىق پەيدا بولدى ۋە ھەممىگە ئورتاق «ئۇيغۇر» دېگەن نام قوبۇل قىلىندى. مانا بۇ ئەھۋالنى ئۇرۇق - قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىغا خەلق ئالماشتى دەپ چۈشەنسەك توغرا بولىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئورنىغا فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ دەسسىگەنلىكى ئىدى.»[1]

V ئەسىردىن باشلاپ شەرقىي تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئىتتىپاقىدا ئاساسىي رول ئويناشقا باشلىغان ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ نامى VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، شەرقىي تۇرالارنىڭ ئورتاق نامىغا ئايلاندى. چۈنكى، VIII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىكى ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتالغان ئېتنىك ۋە سىياسىي بىرلىككە كىرگەن قەبىلىلەر ئېتنىك جەھەتتىن بىر - بىرىدىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان قەبىلە - ئۇرۇقلار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ناھايىتى چاپسانلا «ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان بۇ بىر پۈتۈن گەۋدىنى تەشكىل قىلالىدى.

ئۇيغۇرلار بۇ دەۋردىكى فېئوداللىق باسقۇچتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ئاساسەن قارا بودۇن (ئاددىي ئاۋام خەلق) ۋە بەگلەردىن ئىبارەت ئىككى تەبىقىگە بۆلۈنەتتى. ئاۋام خەلق بەگلەر ئۈچۈن ئاشلىق ۋە تۇرالغۇ جاي قاتارلىق تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى تەييارلايتتى، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەربىي خىزمەت ئۆتەيتتى، ئۇرۇشقا بارىدىغان چاغلاردا، ھەربىي قورال (قىلىچ - ئوقيا، نەيزە، قالغان قاتارلىقلار) ھەم جەڭ ئاتلىرىنى تەييارلايتتى. ئۇرۇشتا قولغا چۈشۈرۈلگەن ئولجىلارنىڭ كۆپ قىسمىنى بەگلەر ئالاتتى. بەگلەر قاغانلىقتىكى ئاقسۆڭەكلەر بولۇپ، ھۆكۈمران تەبىقە ئىدى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى جۈڭگودىن كەلتۈرۈلگەن قىز دېدەكلەر ئىشلەيتتى. قاغان ئالىي ھۆكۈمران ئىدى. ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىدا، ھونلار ۋە تۈركلەر دەۋرىدىكىدەك «ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمى» بولغان بولسىمۇ، ئەمما قاغاننى قۇرۇلتاي چاقىرىپ تەيىنلەش ئەمەلدىن قالغانىدى. ئۇيغۇر قاغانلىرى ئۆزلىرى ھايات ۋاقتىدىلا ئۆز ئوغۇللىرىدىن بىرەرىنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ تەيىنلەپ قوياتتى. مۇشۇنداق بولغاندا، قاغان ۋاپاتىدىن كېيىن ئانچە كۆپ تالاش - تارتىش يۈز بەرمەيتتى.

(1) د. ئى. تىخونوف: «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى».

ئۇيغۇر قاغانلىقىدا دۆلەتنى ئىدارە قىلىش دەرىجىمۇ دەرىجە ئورنىتىلغان ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئارقىلىق بولاتتى.

ئۇيغۇر قاغانلىقىدا ئەمەلدارلىق مۇنداق دەرىجىلەرگە بۆلۈنگەنىدى:

1. قاغان

2. خاتۇن

3. ئىل ئۆگەسى (باش ۋەزىر)

4. توققۇز تارقان (ئۈچ نەپىرى ئىچكى ئىشلار تارقانى، ئالتە نەپىرى تاشقى ئىشلار تارقانى)

5. يانغۇنتار (خەلق رايىنى سىناش ئەمەلدارى)

6. تېكىن

7. تۇتۇق

8. تۇدۇن

9. ئەركىن

10. باش سانغۇن

11. بۇيرۇق (سوت ئىشلىرى تارقانى)

12. چور

13. ئىلتەبىر

14. سانغۇن

قاغاندىن قالسا، قاغاننىڭ خانىشى (خاتۇن دەپ ئاتىلاتتى) ناھايىتى چوڭ هوقۇققا ئىگە ئىدى. خاتۇنلار دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مۇھىم هوقۇقلۇق هۆكۈمران سۈپىتىدە رول ئوينايتتى. بۇنداق ئادەت ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ ئەنئەنىگە ئايلانغان ئانىغا هۆرمەت قىلىش ئادىتىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. خاتۇنلار ئۇرۇشقا بىرىپ قوماندانلىق قىلىشتىن تاشقىرى، ئۆزلىرىمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى. مىلادىنىڭ 762 ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانى بوگو ئۆگلۈك ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگوغا كەلگەندە ئۇنىڭ خانىشى بىلگە خاتۇنمۇ بىللە كەلگەن. بىلگە خاتۇن ئىسيانچىلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، ئالاهىدە قەهرىمانلىق كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر قاغانلىقىدا ئىل ئۆگەسى ئورنىدا

ئاتىلىدىغان ئاپا تارقان قاغانغا ۋاكالەتەن دۆلەتنى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى ناھايىتى مۇھىم ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئېل ئۆگەسى زۆرۈر تېپىلغاندا بىرەر دۆلەت بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا ئۆزى باراتتى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى توققۇز تارقان دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. تاشقى ئىشلار تارقانىنىڭ ئالتە نەپەر بولغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تاشقى دىپلوماتىيە ئىشلىرى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە بولغان بولسا كېرەك. تۇتۇق، تۇدۇن ئۇنۋانىدا ئاتىلىدىغان ئەمەلدار تارقانلاردىن قالسىلا ناھايىتى مۇھىم ئىشلارنى باشقۇراتتى. تۇتۇقلار كۆپىنچە ھەربىي ئىشلارنى باشقۇراتتى. تۇدۇنلار بولسا ئۇيغۇر قاغانلىقىغا بويسۇنغان يات خەلقلەرنى باشقۇراتتى. مەسىلەن: ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ شەرقتىكى (جۇڭگونىڭ ھازىرقى شەرقىي شىمالىدىكى ئۆلكىلىرىگە توغرا كېلىدۇ) قىتانلار بىلەن شىبەلەرنى ئۇيغۇر تۇدۇنلىرى (نازارەتچى ۋالىيلار) باشقۇرغانىدى. قانۇن ئىشلىرىغا مەسئۇل ۋەزىرلەر، «بۇيرۇق»، قوماندانلار، سانغۇن خاقانىنىڭ ئوغۇللىرى بولسا «تېكىن» دەپ ئاتىلاتتى. تېكىنلەر كۆپىنچە قاغانلىق ئورنىغا ۋارىس بولاتتى.

## ئىقتىساد

ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى (ھازىرقى موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇل) دا چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولسا، قاغانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى (ئوتتۇرا ئاسىيادا) دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانىدى. قاغانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاغلار (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى، خاڭگەي تاغلىرى، چوغاي تاغلىرى، شەرقىي ئالتاي تاغلىرى) ۋە يايلاقلار، دالالار، چۆللەر چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۈچۈن شارائىت يېقىدىن باب كېلەتتى. ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىقتا ئاساسەن، ئات، كالا، تۆگە ۋە قوي باقاتتى. ھەربىي يۈرۈشلەردە ۋە قاتناش ئىشلىرىدا ناھايىتى ئېھتىياجلىق بولىدىغان ئات چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە مىليون ئاتنى يايلىتىپ بېقىشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان چەكسىز كەتكەن يايلاقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنىدى. بىز باشتا ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ئات سېتىپ، جۇڭگودىن يىپەك ماللارنى ئالغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق. ئات يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىدىمۇ مۇھىم تاۋار ھېسابلىناتتى.

چارۋىچىلىق ئىگىلىكى قاغانلىقنىڭ غەربىي قىسمى (ئاساسەن تارىم ۋادىسى)

قوشۇمچە ئورۇندا تۇرغان بولسا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي (ھازىرقى جۇڭغارىيە) دا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانىدى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى تارىم ۋادىسىدا دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى، تارىم ۋادىسىدا شال، بۇغداي، ئارپا، تېرىق، قوناق، پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەر ۋە كېۋەز تېرىلاتتى. تارىم ۋادىسىدا باغۋەنچىلىك (جۈملىدىن ئۈزۈمچىلىك) دېھقانچىلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغانىدى. شۇ چاغلاردا، 20 تۈپتىن تارتىپ، ئاز بولغاندا ئون نەچچە تۈپكىچە مېۋىلىك دەرىخى بار باغلار كۆپ ئىدى. مانا شۇنداق باغلاردىن ياڭاق، ئانار، بادام، شاپتۇل، ئەنجۈر، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر ئۆستۈرۈلەتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، تارىم ۋادىسىدا يەنە ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا، كەندىر، زىغىر، كۈنجۈت، قىچا قاتارلىقلارمۇ تېرىلاتتى.

يېزا ئىگىلىكى قاغانلىقنىڭ شەرقىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي مەشغۇلاتى چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت بولسىمۇ، سېلىنغا، ئورخۇن، تۇغلا، قورۇلون قاتارلىق دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا دېھقانچىلىق ئىگىلىكىمۇ مەيدانغا كەلگەنىدى.

سوۋېت ئارخېئولوگلىرى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇن ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، خامان تېپىدىغان تاش تۇلۇق ۋە ئۇن تارتىدىغان ياغۇنچاقلارنى تاپقان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، قارابالغاسۇننىڭ ئەتراپىدىن سۇغىرىش قاناللىرى ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئىزلىرى بايقالغان.

«سۇ باشلاپ سۇغىرىدىغان دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر ھالدا بىر قىسىم كۆچمەن ئۇيغۇرلارنى ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا ئەكىرگەن. بۇنداق ئەھۋال يېزا كەنتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. شەھەرلەردە ۋە يېزا كەنتلەردە ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈش ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنى تېزلىتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا تېررىتورىيىلىك مۇناسىۋەتلەرنى دەسسەتكەن.»[1]

شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا كۆچۈپ، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

ئىچكى ئېھتىياج ۋە تاشقى سودىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، قول

(1) د. ئى. تىخونوف: «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى».

ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇر قاغانلىقى بىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن، تۆمۈرگە موھتاج ئىدى. سوۋېت ئارخېئولوگلىرى قارابالغاسۇن خارابىسىدىن تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرى، مىس - تۇچ پارچىلىرى، دېۋرقاي قاتارلىق نەرسىلەرنى تاپقان. تارىم ۋادىسى ھونلار دەۋرىدىن تارتىپلا ئاشلىق چىقىدىغان ئەڭ مۇھىم رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان بولسا، ئالتاي تېغى ۋە تەڭرىتاغلىرى تۆمۈر ۋە ئالتۇن چىقىدىغان جايلار بولغان. ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە، رۇدا قېزىپ تۆمۈر تاۋلاش، ھەربىي قوراللارنى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ۋە تۇرمۇشقا لازىملىق ئەسۋاب - جابدۇقلارنى ياساش ئىگىلىكتە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن.

قاغانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدا، گىلەمچىلىك، يىپەك توقۇمىچىلىقى (ئاساسەن خوتەندە)، زەرگەرچىلىك، پاختا يۇڭ توقۇمىچىلىقى (قەشقەر، يەكەن، خوتەن، كۇچا، تۇرپانلاردا) ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان.

ئۇيغۇر قاغانانلىقىنىڭ ئىقتىسادىدا سودا بەكمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. بىز باشتا ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى ئات ۋە يىپەك مال سودىسى توغرىسىدا توختالغاندۇق. تۆۋەندە ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تاشقى سودىسى توغرىسىدا يەنە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى كۆپىنچە سودا ئىشلىرىغا ناھايىتى ئۇستا بولغان سوغدىلىق ئۇيغۇرلار ئېلىپ باراتتى. ئۇلار قاغانلىقتا ۋاكالىتەن، چاڭئەن، لوياڭ، داتۇڭ، خېياڭ، جىڭياڭ، ياڭجۇ قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەردە سودا سارايلىرى ئېچىپ، سودا - تىجارەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئادەتتە، جۇڭگونىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى كۆپ دېگەندە بىرنەچچە مىڭ، ئاز دېگەندە بىرنەچچە يۈز كىشىدىن كەم بولمايتتى. ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى سودا ئىشلىرىدا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بىلەن خەنزۇ سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سودا قىلاتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇيغۇر قاغانلىقى بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا سودا ئىشلىرى ئاساسەن ئەلچىلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئۆز ئارا بېرىپ - كېلىپ تۇرىدىغان ئەلچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سودا ئىشلىرىنى قوشۇمچە يۈرگۈزەتتى.

ئۇيغۇرلار جۇڭگوغا ئات سېتىپ، ئۇنىڭ ھېسابىغا جۇڭگودىن ئالغان كىمخاپ، تاۋار ـ دۇردۇن، شايى ۋە چاي قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمى (ئاساسەن يىپەكماللار) نى تېھران، دېھلى، قاھىرە، باغداد، دەمەشق، كونىستانتىنپول قاتارلىق شەھەرلەرگە ئاپىرىپ ساتاتتى. ئۇيغۇرلار بۇ ماللارنى ئۇ شەھەرلەردە ئۆز باھاسىدىن بىر نەچچە ھەسسە ئارتۇق باھادا سېتىپ نۇرغۇن پايدا ئالاتتى. ئۇيغۇرلار ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگە ئاپارغان گىلەم، كىمخاپ، تاۋار ـ دۇردۇن، شايى قاتارلىق ماللارنى ئالتۇنغا ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك خىلمۇ خىل ماللار (مەرۋايىت، ياقۇت، پىل چىشى، چىنە، ئەينەك، دورا ـ دەرمان قاتارلىقلار) غا تېگىشەتتى.

## مەدەنىيەت

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار ناھايىتى يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتتى.

جۇڭگو تارىخىدىكى شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 386 ـ يىلىدىن 581 ـ يىلىغىچە) مۇزىكا مەھكىمىسى توپلاپ رەتلىگەن خەلق قوشاقلىرى توپلىمىغا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ قوشاقلىرىدىنمۇ بىر نەچچىسى تەرجىمە قىلىپ كىرگۈزۈلگەن. شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۇ زاماندا ناھايىتى نۇرغۇن قوشاقلارنى ياراتقان بولسىمۇ، يازما خاتىرە قالدۇرمىغاچقا، يوقىلىپ كەتكەن.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىرنەچچە قوشاق « شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ مۇزىكا مەھكىمىسى شېئىرلار توپلىمى» غا تەرجىمە يولى بىلەن كىرىپ قالغاچقا، ساقلىنىپ قالغان:

### قالدىم ھەسرەت ئىچىدە[1]

قەلبىم تولدى قايغۇغا، قالدىم ھەسرەت ئىچىدە،
ماڭسالىڭ ئەگەر يۇرۇشكە، ئات قامچىسى مەن بولاي.
قورغان تېمى ئۈستىدە، ساڭا يېقىن ياندىشىپ،
بىللە تۇراي يىگىتىم، بىلىكىڭ بولۇپ تۇراي.

(1) ماۋزۇنى مەن قويدۇم ـ ئاپتور.

ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپلا باتۇر، مەردانە ۋە جەڭگىۋار ئىكەنلىكىنى، مۇداپىئە قورغانلىرىنىڭ ئۈستىگە يىگىت بىلەن ياندىشىپ تۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى جەڭگە قاتنىشىدىغانلىقىنى بۇ قوشاقتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## بەگقولى ھەققىدىكى قوشاق

«شىمالىي خانلىقلار تارىخى. ئېگىز هارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلار V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۆزىنىڭ باتۇرخانى بەگقولى ھەققىدە قوشاق توقۇغان. بەگقولى شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى خوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ خانى ئىدى. مىلادىنىڭ 402 - يىلى ئاۋار قاغانى تۇلۇنخان I توبالار خانى توباغۇي (386 - 409) تەرەپتىن مەغلۇپ قىلىنغان. تۇلۇنخان موڭغۇلىيە چۆلىنىڭ شىمالىغا چېكىنىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان، بۇ ئۇرۇشتا بەگقولى ئاۋارلارنى تارمار قىلغان. كېيىن، بىخەستەلىك قىلىپ تۇلۇنخان بىلەن بولغان يەنە بىر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ۋە توبالار خانلىقىنىڭ پاناھىغا كەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ توبالار خانلىقىنىڭ پايتەختىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۆلگەندە، توبالار خانى توباغۇي، ئۇنىڭغا دۆلەت بويىچە ماتەم تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ دەبدەبىلىك دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن.

بەگقولى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا بېغىشلاپ داق بىر قوشاق توقۇغان:

ۋاي كەلدى بەگقولى دېگەندە ئانا -
توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇئان،
دېيىشەر ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا:
«بولسىدى يىگىتىم بەگقولىسىمان.»

ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى چاغدىن تارتىپ باتۇر ئەر - يىگىتنى ھۆرمەتلەش ئومۇملاشقان بىر ئادەتكە ئايلانغاندى. بۇ تاسادىپى ئەمەس. قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ھازىرغىچە، ھەرقانداق بىر خەلق ئۆز ۋەتىنىنى دۈشمەن ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىشتا، باتۇر ئەر - يىگىتلەردىن تەركىب تاپقان جەڭگىۋار قوشۇنغا تايىنىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار قەدىمكى چاغلاردا جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى ئۈستۈن

بولغان ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇلار سان جەھەتتىن ئۆزىدىن كەم دېگەندە بەش ھەسسە، ھەتتا ئون ھەسسە ئارتۇق دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۈستىگە تەپ تارتماستىن بېسىپ باراتتى ۋە ئۇلارنى تارمار قىلاتتى. مىلادىنىڭ 756 ـ يىلىدىن 762 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان ئۆكلۈك سۆيگۈم ئىسيانىنى باستۇرۇشتا، جۇڭگوغا بىرنەچچە قېتىم ياردەمگە كەلگەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ سانىنىڭ 50 مىڭدىن ئارتۇق ئەمەسلىكىنى ئەسلەش يېتەرلىك. قەدىمى چاغلاردا ئۇيغۇر قىزلىرى ئۆزلىرىگە جورا تاللاشتا ئاساسەن يىگىتنىڭ باتۇر ـ باتۇر ئەمەسلىكىنى ئۆلچەم قىلغان. بۇ جەڭگىۋار ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئادەت، ئەلۋەتتە.

## تۇرا قوشىقى

مىلادىنىڭ VI ئەسىرىدە، شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن چىققان خوغۇرسۇر ئالتۇن (مىلادىنىڭ 487 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادىنىڭ 587 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) تۇرا قوشىقى ناملىق بىر شېئىر يازغان. شېئىر مۇنداق:

چوغاي[1] نىڭ تاغلىرى باغرىدىن ئاقار،  
تۇرالار دەرياسى ئويناپ ـ دولقۇنلاپ.  
ئاسماننىڭ گۈمبىزى بەرگاھسىمان،  
تۇرىدۇ پايانسىز دالانى قاپلاپ.

شۇنچە كۆپ، غۇبارسىز ساماۋى ئاسمان،  
دالالار بىپايان، كۆرۈنمەيدۇ قاش.  
كۆرۈنۈپ قالىدۇ سانسىز چارۋا مال،  
ئەسكەندە شاماللار، ئوتلار ئەگسە باش.

«تۇرا قوشىقى» دا يايلاقتىكى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك گۈزەل مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن. چوغاي تاغلىرىنىڭ باغرىدا يايپېشىل ئېگىز ئۆسكەن ئوتلار بىلەن قاپلانغان چەكسىز كەتكەن يايلاقلارنىڭ چېتى ئۇپۇق بىلەن سۆيۈشۈپ تۇراتتى، قەدىمكى

(1) چوغاي تاغلىرى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى يىڭشەن تاغلىرىنى، قەدىمكى چاغدا ئۇيغۇرلار «چوغاي تاغلىرى» دەپ ئاتىغان.

ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپلا باتۇر، مەردانە ۋە جەڭگىۋار ئىكەنلىكىنى، مۇداپىئە قورغانلىرىنىڭ ئۈستىگە يىگىت بىلەن ياندىشىپ تۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى جەڭگە قاتنىشىدىغانلىقىنى بۇ قوشاقتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## بەگقولى ھەققىدىكى قوشاق

«شىمالىي خانلىقلار تارىخى. ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلار V ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۆزىنىڭ باتۇرخانى بەگقولى ھەققىدە قوشاق توقۇغان. بەگقولى شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى خوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ خانى ئىدى. مىلادىنىڭ 402 - يىلى ئاۋار قاغانى تۇلۇنخان I توبالار خانى توباغۇي (386 - 409) تەرەپتىن مەغلۇپ قىلىنغان. تۇلۇنخان موڭغۇلىيە چۆلىنىڭ شىمالىغا چېكىنىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان، بۇ ئۇرۇشتا بەگقولى ئاۋارلارنى تارمار قىلغان. كېيىن، بىخەستەلىك قىلىپ تۇلۇنخان بىلەن بولغان يەنە بىر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ۋە توبالار خانلىقىنىڭ پاناھىغا كەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ توبالار خانلىقىنىڭ پايتەختىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۆلگەندە، توبالار خانى توباغۇي، ئۇنىڭغا دۆلەت بويىچە ماتەم تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ دەبدەبىلىك دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن.

بەگقولى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا بېغىشلاپ مۇنداق بىر قوشاق توقۇغان:

ۋاي كەلدى بەگقولى دېگەندە ئانا -
توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇئان،
دېيىشەر ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا:
«بولسىدى يىگىتىم بەگقولىسىمان.»

ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى چاغدىن تارتىپ باتۇر ئەر - يىگىتنى ھۆرمەتلەش ئومۇملاشقان بىر ئادەتكە ئايلانغاندى. بۇ تاسادىپى ئەمەس. قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ھازىرغىچە، ھەرقانداق بىر خەلق ئۆز ۋەتىنىنى دۈشمەن ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىشتا، باتۇر ئەر - يىگىتلەردىن تەركىب تاپقان جەڭگىۋار قوشۇنغا تايىنىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار قەدىمكى چاغلاردا جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى ئۈستۈن

بولغان ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇلار سان جەھەتتىن ئۆزىدىن كەم دېگەندە بەش ھەسسە، ھەتتا ئون ھەسسە ئارتۇق دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۈستىگە تەپ تارتماستىن بېسىپ باراتتى ۋە ئۇلارنى تارمار قىلاتتى. مىلادىنىڭ 756 ـ يىلىدىن 762 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان ئۆكتۈك سۆيگۈم ئىسيانىنى باستۇرۇشتا، جۇڭگوغا بىرنەچچە قېتىم ياردەمگە كەلگەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ سانىنىڭ 50 مىڭدىن ئارتۇق ئەمەسلىكىنى ئەسلەش يېتەرلىك. قەدىمى چاغلاردا ئۇيغۇر قىزلىرى ئۆزلىرىگە جورا تاللاشتا ئاساسەن يىگىتنىڭ باتۇر ـ باتۇر ئەمەسلىكىنى ئۆلچەم قىلغان. بۇ جەڭگىۋار ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئادەت، ئەلۋەتتە.

## تۇرا قوشىقى

مىلادىنىڭ VI ئەسىرىدە، شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن چىققان خوغۇرسۇر ئالتۇن (مىلادىنىڭ 487 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادىنىڭ 587 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) تۇرا قوشىقى ناملىق بىر شېئىر يازغان. شېئىر مۇنداق:

چوغاي[1] نىڭ تاغلىرى باغرىدىن ئاقار،
تۇرالار دەرياسى ئويناپ ـ دولقۇنلاپ.
ئاسمانىنىڭ گۈمبىزى بەرگاھسىمان،
تۇرىدۇ پايانسىز دالانى قاپلاپ.

شۇنچە كۆپ، غۇبارسىز ساماۋى ئاسمان،
دالالار بىپايان، كۆرۈنمەيدۇ قاش.
كۆرۈنۈپ قالىدۇ سانسىز چارۋا مال،
ئەسكەندە شاماللار، ئوتلار ئەگسە باش.

«تۇرا قوشىقى» دا يايلاقتىكى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك گۈزەل مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن. چوغاي تاغلىرىنىڭ باغرىدا ياپيېشىل ئېگىز ئۆسكەن ئوتلار بىلەن قاپلانغان چەكسىز كەتكەن يايلاقلارنىڭ چېتى ئۇپۇق بىلەن سۆيۈشۈپ تۇراتتى، قەدىمكى

(1) چوغاي تاغلىرى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى يىگشەن تاغلىرىنى، قەدىمكى چاغدا ئۇيغۇرلار «چوغاي تاغلىرى» دەپ ئاتىغان.

چاغلاردا ئۇيغۇرلار چوغاي تاغلىرىنىڭ باغرىدىكى ئوردۇس يايلىقىدا چارۋىچىلىق قىلاتتى. ئوردۇس يايلىقى ــ شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر يايلاقلىرىدىن بىرى ئىدى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي يايلاقلىرى، سېلىنگا دەرياسى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي تارماقلىرى بولغان ئورخۇن، توغلا دەريالىرى بىلەن قورۇلۇن دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ئىدى. مانا شۇ دەريا ۋادىلىرىدا، يەر مەيدانى ناھايىتى كەڭ بولغان ئېيتىندائىي ئورمانلار، سۇيى ۋە ئوت ـ چۆپى مول يايلاقلار بار ئىدى.

خوغۇرسۇر ئالتۇن، «تۇرا قوشىقى» نى VI ئەسىردە يازغانىدى. بۇ قوشاقنى «تۇرا قوشىقى» دېگەندىن كۆرە، «ئۇيغۇر قوشىقى» دېگەن ناھايىتى مۇۋاپىق، خوغۇسۇر ئالتۇننىڭ «تۇرا» دېگىنى دەل شەرقىي ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. شائىرنىڭ ئىسمى ئالتۇن بولۇپ، فامىلىسى خوغۇرسۇ ئىدى. خوغۇرسۇ شائىر كېلىپ چىققان ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ قايسى ئۇيغۇر قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئاتا ـ بوۋىسى فامىلە قىلىپ كەلگەن ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى خوغۇرسۇ ئالتۇن دەپ ئاتىغان.

ئۇيغۇر تارىخىدىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇم بولغانىدەك، خوغۇرسۇ قەبىلىسى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن دەۋرىدىكى ئون ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ بىرى ئىدى.

«شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى. خوغۇرسۇ ئالتۇن ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، خوغۇرسۇ ئالتۇن دۆلەت ئەربابى بولغان.

خوغۇرسۇ ئالتۇن «تۇرا قوشىقى» نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا، ئېھتىمال قەدىمكى ئورخۇن يېزىقىدا يازغان بولۇپ شېئىر كېيىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ 200 يىللىق ئۇزۇن تارىخىي دەۋرىدىكى ۋەقەلىرىنى ئاساس قىلىپ، «كۆچ ـ كۆچ داستانى» نى ياراتتى. «كۆچ ـ كۆچ داستانى» نىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

«... قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان توغلا، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا «قۇملانجۇ» دېگەن جاي بار ئىكەن. شۇ جايدا بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ دەرەخ بولۇپ، بىرىنىڭ نامى قىستوق

ئىكەن. ئۇنىڭ تۇرقى قارىغايغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئارچىدەك ھەمىشە كۆپكۆك ياشىرىپ تۇرىدىكەن. قارىغايدەك پۇختا ئىكەن. دەرەخنىڭ يەنە بىرى ياۋا قارىغاي ئىكەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە مانا شۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇتلا بىر دۆڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۇ دۆڭ كۈن ئۆتكەنسېرى ئېگىزلەشكە باشلاپتۇ. دۆڭنىڭ ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇچە شامدەك بىر نەرسە يورۇپ تۇرىدىكەن. ئۇيغۇرلار دۆڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرىدىكەن. دۆڭنىڭ ئىچىدىن خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ھەر كېچىسى ئەھۋال شۇنداق بولىدىكەن. دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى يورۇق بارغانسېرى چاقناپ دۆڭدىن 30 قەدەمچە كېلىدىغان دائىرىنى يورۇتىدىغان بوپتۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە دۆڭدىن ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئىشىكتىن قارىغۇدەك بولسا، خۇددى ئۆتاۋ (يۇمىلاق كىگىز ئۆي) غا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەش ئۆي كۆرۈنۈپتۇ. ھەربىر ئۆيگە كۆمۈش سەگەنچۈكلەر ئېسىلغان، سەگەنچۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردىن ئوغۇل بالا ئولتۇرغان، بوۋاقلارنىڭ ئاغزىدا سۈت ئېمىدىغان ئېمىزگۇ بار ئىكەن. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بەگلىرى بۇ ئاجايىپ بوۋاقلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ بوۋاقلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشۈپتۇ. بەش بوۋاق ئوغۇل بالا ھاۋا بىلەن نەپەسلەنگەندىن كېيىنلا ھەرىكەتلىنىپ، بۇ ئۆيلەردىن چىقىشىپتۇ. ئۇيغۇرلار ئىنىكئانىلارنى تەيىنلەپ ئۇلارنى ئەمگۈزۈپتۇ. بالىلار تىلى چىققاندا، ئۆز ئاتا - ئانىلىرىنى سۈرۈشتە قىپتۇ. ئۇيغۇرلار بالىلارغا ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ بەش ئوغۇل دەرەخكە قاراپ چوقۇنۇپتۇ. دەرەخ ئادەمدەك تىلغا كىرىپ، ئۇلارغا ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىپتۇ ۋە ئۇلارغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپتۇ. شۇ يەردىكى كىشىلەر بۇ بەش ئوغۇلغا خۇددى خانلارغا ئىتائەت قىلغاندەك ئىتائەت قىپتۇ. بۇ بەش ئوغۇلنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى شۇڭقار تېكىن، ئىككىنچىسىنىڭ كولچۇر تېكىن، ئۈچىنچىسىنىڭ بۇقا تېكىن، تۆتىنچىسىنىڭ ئور تېكىن، بەشىنچىسىنىڭ بوگۇ تېكىن ئىكەن. ئۇيغۇرلار تەڭرى ئاتا قىلغان بۇ ئوغۇللارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى ئۆزلىرىگە قاغان قىلىشنى قارار قىلىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بوگۇ تېكىن چىرايلىق، ئەقىللىق، تالانتلىق ئوغۇل بولۇپ، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بوگۇ تېكىننى ئۆزلىرىگە قاغان قىپتۇ. بوگۇ تېكىن قاغان بولغاندىن كېيىن، دۆلەتنى ئوبدان ئىدارە قىپتۇ. دۆلەتنىڭ ئاھالىسى ئاۋۇپ كۆپىيىپتۇ. تەڭرى بوگۇ قاغانغا ئۈچ قۇش تەقدىم قىلغانىكەن. ئۇ قۇشلار نۇرغۇن ئەللەرنىڭ

تىلىنى بىلىدىكەن. بوگۇ قاغان مانا شۇ قۇشلارنى ھەر دائىم دۇنيانىڭ تۆرلۈك تەرەپلىرىگە ئەۋەتىپ دۇنيادىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوگۇ قاغان كېچىسى بارگاھ ئىچىدە ياتقاندا، بىر ئىلاھى جان ياش قىز قىياپىتىدە كۆرۈنۈش قىپتۇ. بوگۇ قاغان قورقۇپ كېتىپ، يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ، گەپ قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. ئىككىنچى كېچىسىمۇ يەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. ئۈچىنچى كېچىسى بوگۇ قاغان بۇ ئەھۋالنى باش تارقانىغا ئېيتىپ قويۇپ، ئۆزى بۇ پەرى قىزغا ئەگىشىپ «قۇتتاغ» (بەخت تېغى مەنىسىدە) دېگەن تاغنىڭ ئىچىگە بېرىپتۇ. ئۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە پەرى قىز بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر كېچە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ تۇرۇپتۇ. مۇنداق ئەھۋال يەتتە يىل ئالتە ئاي 22 كۈنگىچە داۋام قىپتۇ. بوگۇ قاغان پەرى قىز بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا، قىز مۇنداق دەپتۇ: «كۈنچىقىشتىن كۈنپاتارغىچە پۈتۈن دۇنيا ساڭا بويسۇنىدۇ. سەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداپ ئەلنى ياخشى باشقۇرغىن» پەرى قىز بۇ گەپنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، غايىپ بوپتۇ. بوگۇ قاغان قوشۇن توپلاپ، چوڭ ئاكىسى شۇڭقار تېكىنگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باش قىلىپ، موڭغۇل ۋە قىرغىزلار ئېلىگە ماڭدۇرۇپتۇ. ئىككىنچى ئاكىسى كولچور تېكىننى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باش قىلىپ، تاڭغۇتلار ئۈستىگە ماڭدۇرۇپتۇ. ئۈچىنچى ئاكىسى بوقا تېكىننى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باش قىلىپ جۇڭگوغا ماڭدۇرۇپتۇ. تۆتىنچى ئاكىسى ئور تېكىننى ئۆز ئېلىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپتۇ. يۈرۈشكە ماڭغان قوشۇنلار نۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، كۆپلىگەن ئەسىر ۋە ئولجىلارنى ئېلىپ ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىغا قايتىپ كېلىشىپتۇ، شۇ يەردە ئوردۇبالىق دېگەن بىر شەھەرنى بىنا قىلىشىپتۇ. شۇ چاغدا، بوگۇ قاغانغا كۈنچىقىشتىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى بويسۇنۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كېچىسى بوگۇ قاغان ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ چۈشىدە ئاپئاق چاپان كىيگەن، ئاق ھاسا تۇتقان ئەۋلىيا سۈپەت بىر كىشىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ كىشى بوگۇ قاغانغا بىر پارچە قاشتېشىنى تەقدىم قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «سەن مۇشۇ تاشنى مەڭگۈ ساقلىيالىساڭ، پۈتۈن دۇنيا ساڭا باش ئېگىدۇ.» بوگۇ قاغاننىڭ باش تارقانىمۇ خۇددى شۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ. ئەتىسى بوگۇ قاغان ھەربىي ھازىرلىقىنى باشلاپ، كۈنپېتىش تەرەپكە قوشۇن باشلاپ مېڭىپتۇ. بۇ قوشۇنلار تۈركىستانغا يېتىپ كەلگەندە، تۇيۇقسىزلا، بۇلاق سۈلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، سېمىز ماللار سەكرىشىپ

ئويناقلاپ يايلاپ تۇرغان بىر يايلاقنى كۆرۈشۈپتۇ. قوشۇن شۇ يەردە توختاپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە بالاساغۇن دېگەن شەھەرنى بىنا قىپتۇ. قوشۇنلار بۆلۈنۈپ تەرەپ - تەرەپلەرگە يۈرۈش قىپتۇ. 12 - يىل ئىچىدە كۆپ ئەللەرنى ئېلىپ، ياۋايى ئادەملەر ياشايدىغان جايغىچە بېرىپتۇ... نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ خانلىرى بوگۇ قاغان بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار بوگۇ قاغانغا سوۋغىلار تەقدىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ... بوگۇ قاغان ئۇلارنى ئۆز ئەللىرىگە قايتۇرۇپتۇ. چوڭ غەلىبىگە ئېرىشكەن بوگۇ قاغان بالاساغۇندىن ئۆزى تۇغۇلغان جايغا قايتىپ كەپتۇ.

بوگۇ قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى قاغان بوپتۇ... ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ ۋاقتىدا ئاجايىپ بىر ۋەقەگە دۇچ كەپتۇ. شۇ چاغدا بارلىق باقما ھايۋانلار بىلەن ياۋايى ھايۋانلاردىن ۋە بوۋاق بالىلاردىن «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇيغۇرلار باشقا جايلارغا كۆچۈپتۇ، قەيەرگىلا بارمىسۇن، يەنە شۇ ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇيغۇرلار كۆچۈپ بىر تۈزلەڭلىككە كەلگەندە، «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋاز توختاپتۇ. ئۇيغۇرلار شۇ يەرگە بەش شەھەر بىنا قىپتۇ. ئۇ شەھەرلەرگە بەشبالىق، دەپ ئات قويۇپتۇ.»

«كۆچ - كۆچ داستانى» VIII ئەسىردە ئۆتكەن ئىران تارىخچىسى ئالائىددىن ئاتامالىك جۇۋەينى ئۆزىنىڭ «دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى» (تارىخي جاھانگۇشاي) ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەپ قالدۇرغان.

«كۆچ - كۆچ داستانى» نىڭ سيۇژىتى فانتازىيە (خىيالى) خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، قەھرىمان بوگۇ قاغان ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان. بۇ قىسقىغىنا داستاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋار تارىخى بەدىئىي شەكىل بىلەن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«تاڭ يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا «كۆچ - كۆچ داستانى» ھەقىقىي، رېئال تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. داستاندىكى قەھرىمان بوگۇ قاغان ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بايانچۇرنىڭ كىچىك ئوغلى ئىدى. بوگۇ قاغاننىڭ ئەسلى ئىسمى ئېل تېكىن بولۇپ، ئۇ قاغانلىق سەلتەنىتىنى سۈرگەن ۋاقتىدا (759 - 779) ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئېل تۇتمىش ئالپ قۇلۇق بىلگە قاغان دەپ ئاتالغان.

«كۆچ - كۆچ داستانى» دا، بوگۇ قاغان «پەرى قىز بىلەن يەتتە يىل ئالتە

ئاي 22 كۈن سۆزلەشكەن...» ۋە «بالاساغۇن شەھىرىنى بىنا قىلىپ، 12 يىل ئىچىدە كۆپ ئەللەرنى ئېلىپ ...» دېگەن سۆزلەر بار. داستاندىكى يىللارنى ھېسابلىساق 20 يىل بولىدۇ. بوگۇ قاغان ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ قۇدرەتلىك باسقۇچىدا (745 830) ئۆتكەن قاغانلىرىنىڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى بولۇپ، توپتوغرا 20 يىل سەلتەنەت سۈرگەن. داستاندا بوگۇ قاغان بەش ئوغۇلنىڭ ئەڭ كىچىكى دېيىلىدۇ، ئوغۇللارنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى بايان قىلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «تاڭ يىلنامىسى» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، قاغان بايانچۇرنىڭ ھەقىقەتەن يابغۇ تېكىن، كولچۇر تېكىن، ئالپ قولۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىن، تون باغا[1]، بوگۇ تېكىنلەردىن ئىبارەت بەش ئوغلى بولغان.

ئۇلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى «تاڭ يىلنامىسى» دىكى تارىخىي پاكىتلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، «كۆچ ـ كۆچ داستانى» نىڭ ھەقىقەتەن تارىخىي ۋەقەلەر زېمىنىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 756 ـ يىلىدىن 762 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان ئۆڭلۈك ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم قىلىپ، بىر نەچچە قېتىم جۇڭگوغا قوشۇن ئەۋەتكەندى.

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە كۆرە، ئۆڭلۈك ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 757 ـ يىلى بايانچۇرنىڭ چوڭ ئوغلى يابغۇ تېكىن ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ جۇڭگوغا كەلگەن بولسا، مىلادىنىڭ 761 ـ يىلى بوگۇ قاغان ئۆزى جۇڭگوغا كېلىپ، بىرنەچچە يىل داۋام قىلغان ئۆڭلۈك ـ سۆيگۈم ئىسيانىنى ئۈزۈل ـ كېسىل باستۇرۇپ بەرگەن.

بوگۇ قاغاننىڭ يەنە بىر ئاكىسى ئالپ قولۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىن تاڭ سۇلالىسىگە غەرب تەرەپتىن تەھدىت سېلىپ تۇرغان 100 مىڭ كىشىلىك تىبەت قوشۇنلىرىنى (داستاندا، تاڭغۇتلار دېيىلگەن) ھازىرقى نىڭشىيا زېمىنىدا تارمار كەلتۈرۈپ، شانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن.

بوگۇ قاغان سەلتەنەت سۈرگەن ۋاقىتىدا، يەنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدا ياشايدىغان قىرغىزلار بويسۇندۇرۇلغان. ئېنىق پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، قىرغىزلار

(1) بەزى مەلۇماتلاردا، تون باغا بوگۇ خاننىڭ تاغىسى دېيىلگەن.

مىلادىنىڭ 758 ـ يىلى بويسۇندۇرۇلغانىكەن. قانداق بولمىسۇن، قىرغىزلار بوگۇ تېكىن قاغان بولۇش ھارپىسىدا بويسۇندۇرۇلغان.

داستاندىكى شۇڭقار تېكىن يابغۇ تېكىننى، كولچور تېكىن كولچور تېكىننى، بوقا تېكىن تون باغانى، ئور تېكىن ياغلاقار تېكىننى كۆرسەتسە كېرەك.

داستاندا، بوگۇ قاغاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ بالاساغۇن شەھرىنى بىنا قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بوگۇ قاغاننىڭ قىرغىزىستاندىكى چو دەرياسىنىڭ بويىدىكى بالاساغۇن شەھرىنى بىنا قىلغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك تارىخىي مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ قاغانى ئاي تەڭرىخاننىڭ مىلادىنىڭ 815 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىپ يەتتە سۇدىكى قارلۇقلار ۋە تۈرگەشلەرنى (بۇلار قاغانلىققا بويسۇنۇشتىن باش تارتقانىدى) قايتىدىن بويسۇندۇرغانلىقى توغرىسىدا «توققۇز ئۇيغۇر قاغانلىقى يادىكارلىقى» دا ھەقىقىي ئىشەنچلىك مەلۇمات بار. ئېھتىمال بوگۇ قاغاننىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشلىرى، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە قاغاننىڭ مىلادىنىڭ 815 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرىنى ئەسلەتسە كېرەك.

داستاندا: «تەڭرى بوگۇ قاغانغا ئۈچ قوش تەقدىم قىلغانىكەن. بۇ قۇشلار نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن....» دېگەن سۆزلەر بار. ئۈچ قوش ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تاشقى دىپلوماتىيىسىدە ئىشلەتكەن نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان دىپلوماتلارنى ياكى دۇنيانىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىگە ئەۋەتكەن جاسۇسلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك.

«كۆچ ـ كۆچ داستانى» نىڭ ئاخىرىدا، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە غەربكە كۆچكەنلىكى، بىر تۈزلەڭلىككە كېلىپ (جۇڭغارىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، بەشبالىق شەھرىنى بىنا قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

«كۆچ ـ كۆچ داستانى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ياراتقان مەنىۋى بايلىقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، تارىخى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە تەڭداشسىز قىممەتلىك مىراس ھېسابلىنىدۇ.

شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدە ياراتقان شانلىق مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان يادىكارلىقلار ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن ئىبارەت.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ XX ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغىچە بولغان 70 يىل ئىچىدە چەت ئەللىك ئالىملار تەرىپىدىن ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ

ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىن بىرمۇنچىسى تېپىلدى ۋە ئېلان قىلىندى.

ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىرىنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشلاردىن ھازىرغىچە تېپىلغانلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلاردىن پەقەت بىر نەچچىسى ئۈستىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن.

1. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» 1890 - يىلى ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ ئورخۇن دەريا بويىدىكى پايتەختى قارابالغاسۇن شەھىرىنىڭ خارابىسىدىن تېپىلدى.

2. 1909 - يىلى فىن ئالىمى رامىستىت ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سېلىنغا دەرياسى ۋە شىنى ئۇسو كۆلىنىڭ بويىدىن «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» نى تاپتى.

3. رۇس ئارخېئولوگى ب. يا. ۋىلادىمىر تىسوۋ موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي شىمالىغا قىلغان ساياھىتىدە تەس دەرياسى ۋادىسىغا (خاڭگەي تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئورمانلىق تارماقلىرى بىلەن گرانىت تاشلىق تۆپىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا) بارغان. ئۇ شۇ يەردىن ئورخۇن يېزىقىدىكى بىر تاش پۈتۈكنى تاپقان. بۇ تاش يادىكارلىقىقا «تەس مەڭگۈ تېشى» دەپ نام بېرىلگەن.

4. 1957 - يىلى موڭغۇلىيە ئارخېئولوگى س. دورجى سورون چاغاننور كۆلىگە يېقىن جايدىكى تىرخىن دەرياسى ۋادىسىدىن (خاڭگەي تاغلىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا) بىر مەڭگۈ تاش يادىكارلىقىنى تاپقان. بۇ مەڭگۈ تاش تىرخىن دەرياسىنىڭ بويىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، تىرخىن مەڭگۈ تېشى دەپ ئاتالغان.

«توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» 821 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇيغۇر قاغانى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان (بويى قاغان) نىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان. بۇ مەڭگۈ تاشتا، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر قاغانلىرىدىن بىرى بولغان ئالپ بىلگە قاغاننىڭ بەشبالىق، كۇچا، قارا شەھەر ئەتراپلىرىدا تىبەتلىكلەرنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنى ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسەن تارىم ۋادىسى بىلەن جۇڭغارىيە) دىن قوغلاپ چىقارغانلىقى، قاغاننىڭ غەربكە يۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا (پەرغانە ۋە يەتتەسۇ) غا بارغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

«بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» غا جەمئىي 49 قۇر خەت ئويۇپ يېزىلغان. بۇ مەڭگۈ تاش مىلادىنىڭ 759 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇيغۇر قاغانى بايانچۇرنىڭ

خاتىرىسىگە قويۇلغان. «تەس مەڭگۈ تېشى» بولسا، مىلادىنىڭ 761 يىلى، بايانچۇرنىڭ ئوغلى بوگو قاغان تەرىپىدىن ئاتىسىنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان. «تەس مەڭگۈ تېشى»نىڭ تۆت يۈزى (شىمالى، جەنۇب، شەرق، غەرب يۈزلىرى) گە 22 قۇر خەت ئويۇپ يېزىلغان. «تىرخىن مەڭگۈ تېشى» غا 30 قۇر خەت ئويۇپ يېزىلغان. بۇ مەڭگۈ تاش مىلادىنىڭ 754 ـ يىلى بايانچۇرنىڭ ۋارىسى بوگو قاغان تەرىپىدىن ئاتىسى بايانچۇرنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان. مەڭگۈ تاشتا، بايانچۇرنىڭ قاغانلىق تەختىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم، قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى، دۆلەت چېگرىلىرىنىڭ بەلگىلىنىشى، بايانچۇر قاغان بولغاندىن كېيىن ئىسيانكار قەبىلىلەرنىڭ بويسۇندۇرۇلغانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

«تەس مەڭگۈ تېشى» بىلەن «تىرخىن مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەرنى بوگو قاغان ئۆزى يازغان. بۇنىڭغا قارىغاندا، بوگو قاغان مەشھۇر، باتۇر قاغان بولۇپلا قالماستىن، خۇددى يۇلىغ تېكىنگە ئوخشاش تالانتلىق يازغۇچىمۇ بولغان.

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىگە ئائىت بولغان مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چاغدا ياراتقان كۆمۈش بەتلىك، ئالتۇن ھەرپلىك يازما يادىكارلىقى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى ئۇيغۇر تارىخىنى، ئەدەبىياتىنى، ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى دۆلەت تۈزۈلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا باھاسىز مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى كۆك تۈرك يېزىقى (ئورخۇن ـ يەنسەي يېزىقى) بىلەن يېزىلغان.

ئۇيغۇرلاردا ساز ـ چالغۇ ۋە ئۇسسۇل سەنئىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. قاغانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قەشقەر، كۇچا، تۇرپانلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى قاغانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىغىمۇ ئومۇمىي ھالدا تارقىلىپ، قاغان ئوردىلىرىدا دائىم چېلىنىپ تۇرۇلىدىغان بولغان. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئادەتتە ئاددىي خەلقمۇ ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى خەنزۇلارنىڭكىدىن ناھايىتى يۇقىرى تۇراتتى. شۇڭلاشقا، خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى قوبۇل قىلىشقا بەكمۇ قىزىققان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ساز ـ چالغۇ سەنئىتىنىڭ خەنزۇلارغا بولغان تەسىرى شۇنچىلىك بولغانكى، ھەتتا VII ئەسىردە جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ

ئوردىسىدا ئورۇندىلىدىغان توققۇز تۇرلۇك مۇزىكىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكىسىنى ئاساسى گەۋدە قىلىپ قۇراشتۇرغان. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ مۇزىكا ئۆمىكى ئورۇندايدىغان توققۇز تۇرلۇك مۇزىكا يەن مۇزىكىسى، غەربىي لياڭ مۇزىكىسى، ھىندى مۇزىكىسى، كورىيە مۇزىكىسى، كۇچا مۇزىكىسى، بۇخارا مۇزىكىسى، قەشقەر مۇزىكىسى، سەمەرقەند مۇزىكىسى، تۇرپان مۇزىكىسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەن مۇزىكىسى خەنزۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي مۇزىكىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھىندى، كورىيە مۇزىكىسىدىن تاشقىرى بولغان ئالتە تۇرلۇك مۇزىكا ئۇيغۇر ۋە ئۇلارغا قېرىنداش بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇزىكىلىرى ئىدى.

ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا، شۇنى ئېيتىش لازىمكى، ئۇسسۇل ئۇيغۇرلاردا سەنئەتنىڭ بىر تۇرىلا بولماستىن، بەلكى دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىدىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇراسىم ۋاستىسى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇر قاغانلىقىغا كېلىدىغان چەت ئەل ئەلچىلىرى، پادىشاھ ۋە خانلىرىنىڭ ئۇيغۇر قاغانلىرى بىلەن كۆرۈشۈشىدىن ئىلگىرى قاغان ئوردىسىنىڭ ئالدىدىكى كىمخاپ چېدىر ئالدىغا قادالغان ئالتۇن بۆرە بېشى چۇشۇرۇلگەن كۆك شايى بايراقتا چوقۇنۇشى، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىشى، تاش ئوچاقتا توتەپ تۇرغان ئىسرىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈشى شەرت بولغان. بۇ شەرتلەرنىڭ بىرى ئورۇندالمىسا، چەت ئەللىكلەر كايىشقا ئۇچرىغان. ئۇيغۇر قاغانى بوگۇنىڭ قارارگاھىغا كەلگەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ شاھزادىشى لى شى (تاڭ دىزۇڭ) ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينىمىغاندا ئاچچىقى كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سەركەردىلىرىدىن بىرنەچچىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرىنىڭ خەنزۇلارغا قانچىلىك چوڭقۇر تەسىر قىلغانلىقى توغرىسىدا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان رېئالىست شائىرلارنىڭ بىرمۇنچىسى زوق ـ شوققا تولغان ھالدا ئاجايىپ لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

مەسىلەن: ۋاڭ جيەن «لياڭجۇغا ساياھەت» شېئىرىدا:

تاڭ سەھەر ئاڭلاپ خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىنى،
شەھىرى لوياڭدا جىمى ئۆي مەشىق قىلار خۇ[1] سازىنى.

(1) خۇ ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى.

دەپ يازغان بولسا، شائىر يۈەن جېڭ بىر شېئىرىدا:

تۈن يېرىپ تاق ـ تاقچى لياڭجۇدا قىلار سەيلاسىنى،
ئاڭلىغاچ ئۇ زەن قويۇپ دەل كۇچانىڭ سازىنى.

دەپ يازغان.

يۈەن جېڭ بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى:

بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز ـ ئايالار ئادىتى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلار سىمان.

ئايال شائىر خۇا رۇي «قەسىر نەزمىسى» ناملىق شېئىرىدا، تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكى كىشىلەرنىڭ (بۇلارنىڭ ئارىسىدا گۈزەل خېنىملار كۆپ ئىدى) 12 ـ ئايدىكى چىللە بايرىمىغا ئۇيغۇرچە ياسىنىپ چىققانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

مىنگىنى ئۇيغۇر ئېتى، ئۇيغۇر لىباسى كىيگىنى،
بۇ لىباستا جىلۋە قىلدى تال چىۋىقتەك بەللىرى[1].

بۇ پاكىتتىن قارىغاندا، خەنزۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىلا قوبۇل قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك شەكىللىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان.

ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە، جەمئىيەت ئىقتىسادىدا گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى مەيدانغا كەلدى. يېزا ئىگىلىكى ۋە كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلغان سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجى سەۋەبىدىن، يېزا ـ كەنتلەر ۋە كۆلىمى چوڭ شەھەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر قاغانى بايانچۇر سېلىنغا دەرياسىنىڭ بويىغا

(1) «شىنجاڭ تارىخي تەتقىقاتى» 1985 ـ يىل 1 ـ سان خەنزۇچە 32 ـ بەت.

باپبالىق ناملىق شەھەر بىنا قىلدى. بۇ شەھەرنى قورۇشقا سەمەرقەند ئۇستىلىرى ۋە خەنزۇ بىناكارلىرى كېلىپ قاتناشتى. بوگۇ قاغاننىڭ ۋاقتىدا (759 ـ 779) ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىغا بوگۇ قاغان بالىق، ئۇيغۇر بالىق، قارابالغاسۇن قاتارلىق شەھەرلەر بىنا قىلىندى. بوگۇ قاغان ئۆز بىكەلىرى ئۈچۈنمۇ مەخسۇس ئوردىلارنى سالدۇردى. بۇ ئوردىلار گۈللۈك نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ھەشەمەتلىك ئىدى[1]. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھازىرقى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئېرسىن دەرياسىنىڭ بويىغا خاتۇنبالىق (مەلىكە شەھىرى) ناملىق شەھەرمۇ بىنا قىلىندى. خاڭگەي تاغ تىزمىلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ باغرىدىن ئاقىدىغان ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان قارابالغاسۇن شەھىرى ناھايىتى چوڭ ئىدى. سوۋېت ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، شەھەر خارابىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 25 ـ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، شەھەر سېپىلىنىڭ پۈتۈن ئايلانمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر كېلىدىكەن. قارابالغاسۇن سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى ئون مېتىردىن ئارتۇق (سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر كېلىدۇ) بولغان بولسا، قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئېگىزلىكى 13 مېتىرغا يېقىن بولغان. شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىنى ئاھالە ئولتۇراقلاشقان رايونلار ۋە يىراق ـ يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەن كەڭتاشا باغلىق رايونلارنىڭ ئوراپ تۇرغانلىقى مەلۇم بولغان. شەھەر ئىچىدىكى ئالاھىدە سېپىل بىلەن ئورالغان قورغاننىڭ مەركىزىدە ئەتراپنى كۆزىتىدىغان بايقاش مۇنارىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 14 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولغان. مانا شۇ بايقاش مۇنارىسىغا قارىغاندا، ناھايىتى يىراقتىكى چەكسىز كەتكەن يايلاقلارنىڭ مەنزىرىسىنى ئېنىق كۆرۈشكە بولىدىكەن. شەھەر كوچىلىرىنىڭ ھەم بىنالىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قالدۇق خارابىسىنىڭ ئورنىدىن ھېسابلىغاندا، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتىر كېلىدىكەن. ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ بۇ پايتەختى VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تازا ئاۋاتلاشقان شەھەر بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن قالسىلا، ئاسىيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان، شۇ چاغدا چاڭئەن شەھىرىنى ئوراپ تۇرغان سېپىلنىڭ پۈتۈن ئايلانمىسى 35 كىلومېتىر كېلەتتى.

ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇن دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. شۇڭا قارابالغاسۇن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرى

(1) سىماگۇاڭ: «بىلنامە» 226 ـ جىلد.

كېلىپ سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ باردىغان، شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ سودىگەرلىرى كېلىپ، سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى خەلقئارا قاتناشنىڭ ئاساسىي تۈگۈنلىرىدىن بىرى بولغان ھەمدە شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم كۆۋرۈك بولغان.

ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇن توغرىسىدا ئەرەب جۇغراپىيە ئالىمى ئوبۇلقاسىم ئەبەيدۇللا ئىبنى ھۇردادبېھ مىلادىنىڭ 846 - يىلى يېزىپ تاماملىغان «كىتاب ئەلمەسالىك ۋە ئەلمەمالىك» ئاتلىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇيغۇر قاغانى تۇرىدىغان شەھەرنىڭ (قارابالغاسۇننى دېمەكچى) خەلقى تۈركتۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتقا چوقۇنىدىغان مەجۇسىلەر، زىندىكلەر (مانى دىنىغا ئىشىنىدىغانلار) بار. قاغان 12 تۆمۈر دەرۋازىلىق بۈيۈك بىر شەھەردە (قارا بالغاسۇننى دېمەكچى) تۇرىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ... توققۇز ئوغۇز قاغانىنىڭ ئوردىسى (سارىيى) ئۈستىدە بەش پەرسەخ (ھەر بىر پەرسەخ تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر) يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ۋە 100 ئادەم سىغىدىغان بىر ئالتۇن چېدىر بار.»

ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ئۆزگىچە بولۇپ، شەرقىي ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا، غەربىي ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. شامان دىنى ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىرى ئىدى. شامان دىنىنىڭ ئەقىدىسىگە كۆرە، پۈتۈن ئالەمگە تەڭرى ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. تەڭرى ئاسماننىڭ يۇقىرى قەۋىتىدىكى تۆت قات ئالتۇن تاغنىڭ ئۈستىدىكى كۈمۈش سارايىنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ، ئىنسانلار بولسا يەرنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ، يامان ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن زۇلمەتلىك دوزاخقا كىرىدۇ، كىشىلەر ئاسمانغا چىقماقچى بولسا، بۇ ئىش شامان پېرىخۇنلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شامان دىنى كۆپ تەڭرىلىك دىن بولۇپ، ئەڭ ئۇلۇغ مۇقەددەس تەڭرى ــت «كۆك تەڭرى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەر، سۇ تەڭرىلىرى ۋە ئانا - بالىلار ھامىيسى بولغان ئوماي ئاتلىق ئايال تەڭرىمۇ بار. شامان ئەقىدىسىگە كۆرە، ئۇيغۇرلار ئۇرۇشقا ماڭغاندا، ئاق بوز ئاتنى قوشۇننىڭ ئالدىدا يېتىلەپ ماڭاتتى. بوز ئاتقا زەر ئالتۇندىن جىيەك تۇتۇلغان قىپقىزىل دۇخاۋا يوپۇق ئارتىلغان بولاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مانا شۇ ئاق بوز ئاتقا جەڭ تەڭرىسى سۇلدى مىنىپ ماڭار ئىمىش، بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مانىس ئاتلىق غەلىبە تەڭرىسىمۇ بولغانىكەن. شۇنىڭغا بىنائەن 840 - يىلى ئىسيان

كۆتۈرۈپ ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنى ۋەيران قىلغان قىرغىزلار شۇ غەلىبە شەرپىگە ئۆزىنىڭ خانىغا مانىس ئۇنۋانىنى بەرگەن.

مىلادىنىڭ 762 ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانى بوگۇ ئۆگلۈك ئىسيانى ئۇزۇل ـ كېسىل باستۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگودىن ئۆز ئېلىگە قايتىپ كېتىدىغان چاغدا، لوياڭدا تۆت نەپەر مانىي راھىبى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. بوگۇ قاغان ئۇلارنى ئۆز ئېلىگە ئەكەتكەن. بوگۇ قاغان ئۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن شامان دىنىنى تەرك ئېتىپ، مانىي دىنىغا كىرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مانى دىنى تارقىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭدىن بۇرۇن مانىي دىنى V ـ IV ئەسىرلەردە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمى (قەشقەر) دا تارقىلىشقا باشلىغانىدى. مانىي دىنى شەرقىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، شامان دىنى بىلەن بىر مەزگىل ئېلىشتى ۋە بوگۇ قاغانىنىڭ يار ـ يۆلەكىگە تايىنىپ، شامان دىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئاخىرى دۆلەت دىنىغا ئايلاندى.

مانىي دىنىنى III ئەسىردە ئىرانلىق مانى ئاتلىق كىشى ئىجاد قىلغان. بۇ دىن ئاتەشپەرەسلىك (زاروئاستىرو دىنى) بۇددىزم، خرىستىئان دىنى قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك دىنىنىڭ بەزى ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئارىلاشما بىر دىن ئىدى. «يورۇقلۇق» بىلەن «قاراڭغۇلۇق» تىن ئىبارەت ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بۇ دىنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تەشكىل قىلاتتى. مانىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مانىي دىنى سۈرىيە، ئىران ۋە باشقا جايلاردا تارقىلىپ، خرىستىئان دىنىنىڭ ئابرۇيىغا قاتتىق زەربە بېرىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرگەن خرىستىئانلار مىلادىنىڭ 270 ـ يىلى مانىنى كونىستانتىنپولدا دارغا ئاستى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن سىقىلىشقا ئۇچرىغان مانىي راھىبلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ قاچتى ۋە شۇ جايلاردا پاناھ تېپىپ، دىن تارقىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

V ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن «مۇقەددەس قەبرە» ناملىق قەسىدە ئۇيغۇر مانىيلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان.

مانىي دىنى شەرقىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ دۆلەت دىنىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ناھايىتى نۇرغۇنلىغان مانىي راھىبلىرى ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىگە ئايلىنىپ، دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشلىرىدا مۇھىم روللارنى ئوينىغان. مانىي راھىبلىرى سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن جۇڭگودىكى چوڭ شەھەرلەرگە كەلگەن پۇرسەتلىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە

دىن تارقىتىش ئىشلىرىنى ئىلىپ بارغان. ئۇيغۇر مانىلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيىتى خىۋاڭخى ۋادىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، ئۇلار چاڭجىياڭ ۋە جۇجىياڭ ۋادىلىرىدىمۇ دىن تارقاتقان. ئۇيغۇر مانىيلىرى چاڭئەن، لويالى، جىڭجۇ، ياڭجۇ، خۇڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەردە مانى ئىبادەتخانىلىرىنى بىنا قىلغان.

«ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. ئۇيغۇرلار چاقماق چۈشكەننى ياخشى كۆرەتتى. چاقماق چۈشكەندە، چۇقان كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئوقيا ئاتاتتى. كېيىن چاقماق چۈشكەن جاينى تاشلاپ كېتەتتى. كېلەركى يىلى كۈزدە ئات سەمرىگەندە يەنە شۇ چاقماق چۈشكەن يەرگە يىغىلاتتى. ئۇ جايغا قوي كۆمەتتى ۋە پىچاقتا ئورنىتىلغان مەشئەل يېقىشاتتى. ئايال پېرىخون دۇئا ئوقۇيتتى. ئەرلەر ئاتقا مىنىپ، چاقماق چۈشكەن يەرنى كۆپ قېتىم ئايلىناتتى. كېيىن بىر ئەر بىر تۇتام تال چىۋىقنىڭ ياكى قارا تېرەك چىۋىقنىڭ ئۇچىنى يەرگە قارىتىپ، چىۋىقنىڭ كېسىلگەن تەرىپىگە قىمىز قۇياتتى... ئاياللار چاچلىرىنى خۇددى تاج شەكلىدىكى قىممەتلىك باش كىيىمى كىيىۋالغاندەك، يۆگەپ بۇدۇرلەپ يانلىرىغا ساڭگىلىتىپ قوياتتى...»[1]

ئۇيغۇرلار ئادەم ئۆلسە، گۆرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قوياتتى. مەرھۇمنىڭ قولىغا تارتىلىق ئوقيا تۇتقۇزۇپ، بېلىگە قىلىچ، قولتۇقىغا نەيزە قىستۇرۇپ قوياتتى[2]. مەرھۇمنىڭ بالا - چاقىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى كالا، ئات ئۆلتۈرۈپ چېدىر ئالدىغا قويۇپ، ماتەم تۇتاتتى. ئەر - ئاياللار چېكىسىنى پىچاق بىلەن تىلىپ، قان چىقىرىپ يىغلىشاتتى.

شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ توي - نىكاھ ئىشلىرىمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ئىدى. مىلادىنىڭ 821 - يىلى ئۇيغۇر قاغانى جۇڭدى بىلەن جۇڭگو مەلىكىسى تەيخۇنىڭ قارابالغاسۇندا ئۇيغۇر قائىدىسى بويىچە بولۇپ ئۆتكەن توي مۇراسىمىنى ئەسكە ئېلىش لازىم. ئاددىي خەلقنىڭ توي - نىكاھ ئىشلىرى ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ توي مۇراسىملىرىدىن باشقىچىرەك بولاتتى. ئاددىي ئاۋام خەلق توي - نىكاھ ئىشلىرىدا ئۆز ئارا ئات ۋە كالىلارنى تەقدىم قىلىشاتتى. ۋەدە قىلىشقاندىن كېيىن، دەرھال توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. يىگىت تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى ئاتلارنى ھارۋىلار بىلەن ھاسىل بولغان توسۇق ئىچىگە سولاپ، قىز تەرەپنىڭ

(1) سىماگۇاڭ: «يىلنامە» 226 - جىلد.

(2) «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى. ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە».

تۇغقانلىرىغا: توسۇق ئىچىدىكى ئاتلاردىن خالىغانلىرىنى تاللىۋېلىشىنى، تاللانغان ئاتنى ئوبدان ئېگەرلەپ بولغاندىن كېيىن، ئاتقا مىنىپ توسۇق ئىچىدىن چىقىپ كېتىشىنى ئېيتاتتى. ئاتنىڭ ئىگىلىرى توسۇقنىڭ تېشىدا تۇرۇپ، ئالىقانلىرىنى چاۋاكلاپ ئاتلارنى ئۈركۈزەتتى. شۇ چاغدا، ئاتنى تاللاپ، ئېگەرلەپ مىنگەن كىشى ئاتتىن يىقىلماي توسۇقتىن چىقىپ كېتەلىسە، ئات شۇ مىنگەن كىشىنىڭ بولاتتى. ئەگەر ئاتتىن يىقىلىپ كەتسە، شۇ كىشى يەنە باشقا ئاتنى تاللايتتى. قىز تەرەپنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئاتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، بۇ قائىدە ـ يوسۇن ئاياغلىشاتتى... توي كۈنى قىز بىلەن يىگىت مېھمانلارنى قىممىز ۋە پىشۇرۇلغان ئىسسىق گۆش بىلەن كۈتەتتى. تويغا كەلگەن مېھمانلار داستىخاندا ئولتۇرۇشقاندا، يۇقىرى ـ تۆۋەن (تۆر، تۆشۈك، پەگاھ) دەپ ئايرىلمايتتى. مېھمانلار كىگىز ئۆينىڭ ئالدىدىلا، ئوتلاقتا توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئولتۇراتتى. كۈن بويى قىممىز ئىچىپ گۆش يېيىشەتتى. خالىغانلار كېچىچە كۆگۈل ئېچىشاتتى. تويىنىڭ ئىككىنچى كۈنى قىز ئۆز ئاتا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە باراتتى. يىگىتنىڭ تۇغقانلىرى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بىر ئۇيۇر يىلقا ھەيدەپ كېلەتتى. قىزنىڭ تۇغقانلىرى ئاتلارنىڭ ئىچىدىن خالىغانلىرىنى تاللىۋالاتتى. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرى، قىزنىڭ ياتلىق بولۇپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيىدىن كېتىپ قالغانلىقىغا ئېچىنىسىمۇ، ئەمما دەردىنى ئىچىدە بىلەتتى[1].

بۇ تەپسىلات شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىسمىنىڭ يازدا، يايلاقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان توي مۇراسىملىرىغا تەئەللۇق، ئەلۋەتتە.

## نەسەبنامە

## هون تەڭرىقۇتلىرى

مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللار

1. چۇڭگۇي 1800 ـ

(1) «ۋېبى سۇلالىسى يىلنامىسى. ئېگىز هارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە».

بۇ ھونلارنىڭ يازما مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن ئەڭ قەدىمكى بوۋىسى بولۇپ، ھازىرقى كۈندىن 3800 يىل بۇرۇن ياشىغان.

| | |
|---|---|
| 2. × × × تەڭرىقۇت (!؟) | 270 ـ 240 |
| بۇ تەڭرىقۇتنىڭ نامى تارىختا مەلۇم ئەمەس | |
| 3. تۈمەن تەڭرىقۇت | 240 ـ 210 |
| 4. باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) | 210 ـ 174 |
| 5. كۆكخان | 174 ـ 161 |
| 6. كۈنخان | 161 ـ 126 |
| 7. ئىل چىشى | 126 ـ 114 |
| 8. ئۇۋى | 114 ـ 105 |
| 9. ئۈيشىلار | 105 ـ 102 |
| 10. قۇلىغۇ | 102 ـ 101 |
| 11. قۇتىغۇ | 101 ـ 96 |
| 12. غۇلىقۇ | 96 ـ 85 |
| 13. غۇياندى | 85 ـ 68 |
| 14. شۇلۇي قانقۇي | 68 ـ 60 |
| 15. ئۇيانقۇتى | 60 ـ 58 |
| 16. قوغۇشار (خۇخەيىى I) | 58 ـ 31 |
| 17. قۇتىئۇش | 56 ـ 36 |
| 18. پوجۇلونۇتى | 31 ـ 20 |
| 19. شۇجۇنوتى | 20 ـ 12 |
| 20. قىيانوتى | 12 ـ 8 |
| 21. ئۇجىلونوتى (مىلادىنىڭ 13 ـ يىلىغىچە) | 13 ـ 8 |

**مىلادىدىن كېيىنكى يىللار**

| | |
|---|---|
| 22. ئۇلۇنوتى | 18 ـ 13 |

| | |
|---|---|
| 23. غۇدۇئارشى داۋگانوتى | 46 ـ 18 |
| 24. ئۇداتقۇ | 46 ـ 21 |

### شەرقىي هون تەڭرىقۇتلىرى

| | |
|---|---|
| 25. بەي (خۇخەنيى II) | 48 ـ 56 |
| 26. چۈپۈنوتى | 57 ـ 56 |
| 27. ئىلغا ئۇلۇتى | 59 ـ 57 |
| 28. شىتوڭسى سۇيغۇتى | 63 ـ 59 |
| 29. قۇچى قىلىندى | 63 ـ ؟ |
| 30. غۇشى شىسۇقۇتى | 85 ـ 63 |
| 31. ئىلتۇ ئۇلۇتى | 88 ـ 85 |
| 32. شۇلان شىسۇ قۇتى | 93 ـ 88 |
| 33. ئارقۇ | 94 ـ 93 |
| 34. تىندۇشىسۇ قۇتى | 98 ـ 94 |
| 35. ۋانچى شىسۇ قۇتى | 124 ـ 98 |
| 36. ئۇجىقۇشىسۇ قۇتى | 128 ـ 124 |
| 37. قۇتىنۇ شىسۇقۇتى | 140 ـ 128 |

قۇتىنۇشىسۇ قۇتى تەڭرىقۇت مىلادىنىڭ 140 ـ يىلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن،140 ـ يىلدىن 143 ـ يىلغىچە شەرقىي هونلارنىڭ تەختى بوش قالغان، تەڭرىقۇت تەيىنلەنمىگەن.

| | |
|---|---|
| 38. غورانىنو شىسۇ قۇتى | 147 ـ 143 |
| 39. ئىللىن شىسۇ قۇتى | 172 ـ 147 |
| 40. ئۇتىنۇ شىسۇ قۇتى | 178 ـ 172 |
| 41. غۇجىن | 179 ـ 178 |
| 42. قانقۇي | 188 ـ 179 |
| 43. قىزى شىسۇ قۇتى | 195 ـ 188 |

44. غۇچۇقان 216 ـ 195

## غەربىي هون تەڭرىقۇتلىرى

45. پانو 83 ـ 46
46. سانمولو ئوتزى 84 ـ 83
47. ئۇلۇغ 89 ـ 84
48. شىمالىي تەڭرىقۇت(بۇ ئىسىم ئەمەس) 91 ـ 89
49. ئېل تېكىن 93 ـ 91
50. پانغۇ 118 ـ 93

مۇشۇ تەڭرىقۇتتىن باشلاپ، غەربىي هون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ نامى مەلۇم ئەمەس.

## ئۇيسۇن كۈن بەگلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللار

1. ناندومى ؟ ـ 197
2. راغومى 104 ـ 197
3. قۇنشۇمى 93 ـ 104
4. ئۇنغۇمى 60 ـ 93
5. نىمى 53 ـ 60
6. ئۇيغۇت 33 ـ 53
7. يانغۇمى 51 ـ 53
(بۇ خەنزۇ مەلىكىسىدىن تۇغۇلغان)
8. شىن مى 33 ـ 51
(بۇ يانغۇمىنىڭ ئوغلى)
9. جىسومى 16 ـ 33
10. ئېل قومى (مىلادى) 16 ـ 10

# سايبىلارنىڭ نەسەبنامىسى

## A – سيانپىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانلىرى

(مىلادىدىن كېيىن)

| | |
|---|---|
| 1. تانشىغۇي | 181 ـ 148 |
| 2. غوران | 216 ـ 181 |
| 3. قۇيتۇ | 233 ـ 216 |
| (ئورتاق قاغانلار) | |
| 4. بۇدوقىن | 233 ـ 216 |
| 5. قىبەنىن | 235 ـ 233 |

## B – توبا سايىبى خانلىرى

| | |
|---|---|
| 1. قىپان | 261 ـ 235 |
| 2. لىۋى | 277 ـ 261 |
| 3. لىفۇ، چاۋ، فۇ | 297 ـ 277 |
| بۇ ئۈچ قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى 20 يىل | |
| 4. ئۇتا (يىتۇ) | 310 ـ 297 |
| 5. يىلۇ | 316 ـ 310 |
| 6. لوگۇەن | 316 ـ 310 |
| (بۇ ئورتاق قاغان) | |
| 7. يۈلۇ | 325 ـ 316 |
| 8. غونو | 330 ـ 325 |
| 9. قېقىنا | 335 ـ 330 |
| 10. يىغۇي | 337 ـ 335 |
| 11. قېقىنا (تەكرار قاغان بولغان) | 338 ـ 337 |

| | |
|---|---|
| 12. يىغۇي (تەكرار قاغان بولغان) | 338 376 |
| 13. تېكىن | 378 ـ 380 |
| 14. فۇگىن | 380 ـ 386 |
| 15. كېيى | 386 ـ 394 |

## توبا قاغانلىرى

| | |
|---|---|
| 1. توباغۇي | 386 ـ 409 |
| 2. توباسى | 409 ـ 423 |
| 3. توباتاۋ | 423 ـ 452 |
| 4. توبايۇ | 452 ـ ؟ |
| 5. توبازى | 452 465ـ |
| 6. توباخۇن | 465 ـ 471 |

## ئاۋار قاغانلىرى

مىلادىدىن كېيىن

| | |
|---|---|
| 1. تولۇن قاغان I | 394 ـ 410 |
| 2. خولىئۇ قاغان | 410 ـ 414 |
| 3. تالان قاغان | 414 ـ 429 |
| 4. ئۇتى | 429 ـ 444 |
| 5. توغاچىن | 444 ـ 464 |
| 6. ئۇچىن | 464 ـ 485 |
| 7. تولۇن II | 485 ـ 492 |
| 8. ناغاي | 492 ـ 506 |
| 9. توقخان | 506 ـ 508 |
| 10. چۇنۇ | 508 ـ 520 |
| 11. بىراھمان | 520 ـ 521 |

| | |
|---|---|
| 12. ئاي ناغاي | 552 ـ 521 |
| 13. توبا | 553 ـ 552 |
| 14. دىڭخو | 553 ـ 553 |
| 15. قۇت | 553 ـ 553 |
| 16. دىڭشۇزى | 555 ـ 553 |
| 17. يانلوچىن | ؟ ـ 553 |

**ئۇيغۇر قاغانلىرى (高车王国)**

(ئېگىز هارۋىلىقلار قاغانلىقىنىڭ قاغانلىرى)

| | |
|---|---|
| 1. ئاي ئۇجرۇ | 508 ـ 487 |
| 2. بارىيان | 510 ـ 508 |
| 3. باتۇر | 516 ـ 510 |
| 4. ئېل بەگ | 520 ـ 516 |
| 5. يۇقۇ | 557 ـ 530 |
| 6. بەگچى | 541 ـ 537 |

**تۈرك قاغانلىرى**

(مىلادىدىن كېيىن)

| | |
|---|---|
| 1. تۇمەنخان | 553 ـ 552 |
| 2. قاراخان | 554 ـ 553 |
| 3. مۇقان خان | 574 ـ 554 |
| 4. تاۋارخان | 581 ـ 574 |
| 5. ساۋارخان | 587 ـ 581 |
| 6. چور باغا قاغان | 588 ـ 587 |
| 7. تۇگا تۇران قاغان | 600 ـ 588 |
| 8. كىمىن تۇرى قاغان | 603 ـ 600 |

## شەرقىي تۈرك قاغانلىرى

1. كىمىن تۇرى قاغان 603 - 609
2. سىۋار قاغان 609 - 619
3. چۇلۇك قاغان 619 - 621
4. قاراخان 621 - 630
5. سىر باقاغان 639 - 646

(بۇ قاغاندىن باشلاپ تۇچى قاغانغىچە بولغان قاغانلار قورچاق قاغانلار ئىدى)

6. چىبى قاغان 646 - 647
7. ئىبى تولۇقاغان 647 - 653
8. چىنجۇ يابغۇ قاغان 653 - 659
9. ئاسىنا تورچى قاغان 659 - 676
10. تۇچى قاغان 676 - 678
11. ئاسىنا نىزۇق قاغان 679 - 680

(ئاسىنانىزۇق قاغان بولغاندىن تارتىپ شەرقىي تۈركلەر مۇستەقىللىقنى ئۆز ھالىغا كەلتۈرگەن)

12. ئاسىنا ئىنان قاغان 680 - 681
13. ئاسىنا قۇتلۇق قاغان 682 - 692
14. قاپاغان قاغان 692 - 716
15. بىلگە قاغان 716 - 734
16. ئاسىنا بىلگە قاغان 734 - 739
17. بىلگە قۇتلۇق قاغان 739 - 741
18. پان كۆل قاغان 742 - 774
19. سۈيىن قاغان 742 - 742
20. ئۆزمىش قاغان 742 - 744

| | |
|---|---|
| 21. بولمىش قاغان | 744 - 745 |

## غەربىي تۈرك قاغانلىقى

| | |
|---|---|
| 1. ئىستىمى قاغان | 552 - 576 |
| 2. بىلگە تاردۇ قاغان | 567 - 600 |
| 3. ئاپا قاغان (بۇ ئورتاق قاغان ئىدى) | 576 - 593 |
| 4. ئىنال قاغان | 593 - 600 |
| 5. چۇلۇ قاغان | 600 - 611 |
| 6. شىغۇي قاغان | 611 - 618 |
| 7. تون يابغۇ قاغان | 618 - 630 |
| 8. سى يابغۇ قاغان | 630 - 633 |
| 9. باغاشا تولىس قاغان | 633 - 634 |
| 10. ئىشپارا تىرىش تۇڭقا قاغان | 634 - 639 |
| 11. ئىپى تولو قاغان | 639 - 651 |
| 12. ئاسىنا ئالپ قاغان | 651 - 658 |
| 13. ئاسىنا مىش قاغان | 658 - 662 |
| 14. ئاسىنا بورىكىن | 658 - 666 |
| 15. ئاسىنا تورچى | 671 - 679 |
| 16. ئاسىنا نىزۇق بەگ | 679 - 680 |
| 17. ئاسىنا يالچىن | 686 - 693 |
| 18. ئاسىنا خۇجىلۇ (2 - قېتىم قاغان بولغان) | 686 - 690 |
| 19. ئاسىنا قەيدۇ | 699 - 704 |
| 20. ئاسىنا شان | 704 - 711 |
| 21. ئۇجىلى | 700 - 710 |
| 22. سوگى | 710 - 718 |

23. سۇلۇ خان 718 _ 738

24. ئاسىنا ئون ئوق قاغان 738 _ 742

## ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىرى

| No | قاغاننىڭ ئىسمى | ئۇنۋانى | قاغانلىق قىلغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| 1 | تېكىن ئەركىن | | 605 - ؟ |
| 2 | پۇسا | | 646 - ؟ |
| 3 | تومىد | | 646 - 648 |
| 4 | بايان | | 648 - 661 |
| 5 | بازخان | | 666 - 681 |
| 6 | توغۇچى | | 681 - 715 |
| 7 | ئۇتبەگ | | 715 - 719 |
| 8 | چىنزون | | 719 - ؟ |
| 9 | ئۇتنان | | 727 - ؟ |
| 10 | غوشۇ | | 727 - ؟ |
| 11 | ئېتمىش بىلگە | قۇتلۇق بىلگە قاغان | 742 - 747 |
| 12 | بايانچۇر | تەڭرىدا بولمىش ئېل تۇتمىش بىلگە قاغان ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش | 747 - 759 |
| 13 | ئېل تېكىن | ئېل تۇتمىش ئالپ قۇلۇق بىلگە قاغان | 759 - 779 |
| 14 | تون باغا | ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان | 779 - 785 |
| 15 | تاراس | تەڭرىدە بولمىش قۇتلۇق بىلگە قاغان | 789 - 790 |
| 16 | ئايچۇر | قۇتلۇق بىلگە قاغان | 790 - 795 |
| 17 | قۇتلۇق | ئاي تەڭرىدا ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇلۇق بىلگە قاغان | 795 - 805 |
| 18 | ئاي تەڭرىدا قۇت بولمىش قۇلۇق بىلگە قاغان | | 805 - 808 |
| 19 | ئاي تەڭرىدا قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان | | 808 - 821 |
| 20 | كۈن تەڭرىدا ئۇلۇغ بولمىش قۈچ كۈچلۈك بىلگە قاغان | | 821 - 824 |

<table>
<tr><td>21</td><td>هازار تېكىن</td><td>ئاي تەڭرىدا قۇت بولمىش قۇچ بىلگە قاغان ئاي</td><td>824 - 832</td></tr>
<tr><td>22</td><td>خۇ تېكىن</td><td>ئاي تەڭرىدا قۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە قاغان</td><td>832 - 839</td></tr>
<tr><td>23</td><td colspan="2">كىچىك تېكىن</td><td>839 - 840</td></tr>
<tr><td>24</td><td colspan="2">ئۆگې تېكىن</td><td>841 - 845</td></tr>
<tr><td>25</td><td colspan="2">ئىنان تېكىن</td><td>845 - 846</td></tr>
</table>

## II بۆلۈم

# قاراخانىيلار دۆلىتى

### كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆز تارىخىدا، 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقى، ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى، تەخمىنەن 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقى، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى قاتارلىق قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە شەرق بىلەن غەربنى ھەيرەتتە قالدۇرغانىدى. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى مىلادى IX ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن باشلاپ XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئۇزاق بىر تارىخىي مەزگىلدە يەنە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان جايلاردا ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى، ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسى قاتارلىق دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، تۈرك، پارس، ھىندى خەلقلىرىنىڭ تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر ۋە تاجىك خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى گۈللىنىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە شانلىق تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئويغىنىش دەۋرى بارلىققا كەلدى.

### توققۇزىنچى باب: ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

#### ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىي شارائىتى

ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. ئاسىيا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قىتئە بولۇپ، شەرقىي يېرىم شارنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، يەر مەيدانى 44 مىليون كىۋادرات كىلومېتىر، دۇنيا قۇرۇقلۇقىنىڭ تەخمىنەن 30

پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاسىيا قىتئەسى غەربىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا شەرقىي ئاسىيانىڭ غەربىگە، غەربىي ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىگە جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، تارىم ۋادىسى، غەربىي تۈركىستان هازىرقى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق بەش جۇمهۇرىيەتنىڭ تېررىتورىيىسى ۋە ئافغانىستاننىڭ بىر قىسمى كىرىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پۈتۈن تېررىتورىيىسى 5 مىليون 752 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ تەخمىنەن يەتتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېگىز تاغلار، دەريالار، كۆللەر، ئورمانلار، يايلاقلار، دالالار، چۆللەر خىلمۇ خىل تەبىئىي مەنزىرىلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

تارىم ۋادىسى بولسا، شىمالدىكى تەڭرىتاغلىرى، جەنۇبتىكى ئالتۇنتاغ، قارانلىق تاغلىرى، غەربىي جەنۇبتىكى قاراقورۇم تاغلىرى، غەربتىكى قىزىلىيۇرت ۋە كۆكچال تاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۇنياغا مەشهۇر بولغان تەكلىماكان قۇملۇقى بار.

تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 2500 كىلومېتىر بولۇپ، تارىم ۋادىسى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. جۇڭغارىيە ئويمانلىقى بولسا ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان. جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا ئالتاي تاغلىرى، جەنۇبىدا تەڭرىتاغلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىن جەنۇبىغىچە بولغان كەڭلىكى 250 ـ 300 كىلومېتىر كېلىدۇ. تەڭرىتاغلىرىدىكى تۆمۈر چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 7435 مېتىر ئېگىز، خانتەڭرى چوققىسى 6995 مېتىر ئېگىز كېلىدۇ. تەڭرىتاغلىرىدىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسى، چۇ دەرياسى، ئىلى دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى ۋە قارا شەھەر دەريالىرىنىڭ سۇ مەنبەسى تەڭرىتاغلىرىدىكى مۇزلۇقلاردىن ئىبارەت. تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئارىسىدا پەرغانە، قارا شەھەر، تۇرپان ئويمانلىقلىرى بىلەن ئىلى جىلغىسى بار. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي قاپتاللىرىدا ئارچا ـ قارىغاي ئورمانلىقلىرى، جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى تاغ تىزمىلىرى ئىچىدە بولسا

يايلاقلار بار. تەڭرىتاغلىرى غەربتە ھازىرقى قىرغىزىستان تېررىتورىيىسى ئىچىگە، شەرقتە بولسا گەنسۇغىچە سوزۇلىدۇ.

پەرغانە ۋادىسىنىڭ جەنۇبىنى ئالاي تاغلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. ئېگىزلىكى 7000 مېتىر كېلىدىغان بۇ تاغلار تاجىكىستان بىلەن قىرغىزىستاننىڭ ئارىسىدا، پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئۈچ تەرىپى تاغلار بىلەن ئورالغان. پەقەت غەرب تەرىپىلا ئوچۇق. پەرغانە ۋادىسىنى سىر دەرياسى قاق ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ. تاجىكىستان بىلەن قىرغىزىستان تامامەن تاغلىق. نارىن دەرياسى قىرغىزىستاننى غەربتىن شەرققىچە قاراپ ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ.

ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان، قازاقىستانلاردا ئېگىز تاغلار بار. تۈركمەنىستاننىڭ غەربىدىكى كاسپى دېڭىزىغا يېقىن جايدا، بۈيۈك بالقان تېغى بولۇپ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 1634 مېتىر ئېگىز. قازاقىستاننىڭ شەرقىدىكى تارباغاتاي تاغلىرى جۇڭغارىيىگىچە سوزۇلىدۇ.

ئالتاي تاغلىرى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ تاغلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئالتاي دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئالتۇن دېگەن بولىدۇ. ئالتاي تاغلىرى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، غەربىي شىمالدا ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەۋەسىگە قەدەر سوزۇلۇپ بارىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىر كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى قىسمىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بېلوخا بولۇپ، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتىر ئېگىز. ئالتاي تاغلىرىدا مۇزلۇقلار كۆپ، ئومۇمىي يەر مەيدانى 800 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى كاتون بىلەن چوي مۇزلۇقلىرىنىڭ دائىرىسى سەككىز - ئون كىلومېتىر كېلىدۇ. ئالتاي تاغلىرىدا، ئالتۇن، مىس، تۆمۈر، سىنىك، قوغۇشۇن قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە ئورمان بايلىقلىرى ناھايىتى كۆپ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە كەڭ ئىمكانىيەت بېرىدىغان كەڭرى، مۇنبەت يايلاقلىرى بار.

ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي جۇڭغارىيە ئويمانلىقى بىلەن قازاقىستاننى ئايرىپ تۇرىدۇ. چوڭ ئالتاي تاغلىرى غەربىي تۈركىستان بىلەن موڭغۇلىيىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. كىچىك ئالتاي تاغلىرى بولسا غەربىي تۈركىستان بىلەن سىبىرىيىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. چوڭ ئالتاينىڭ ئەڭ چوڭ قىسمى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئوۋا بولغان سىبىرىيە ئۇۋىسىنىڭ جەنۇبىغىچە سوزۇلىدۇ.

پامىر تاغلىرى (پامىر پارسچە سۆز بولۇپ، دۇنيانىڭ ئۆگزىسى دېگەن مەنىدە) ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ تاغ تىزمىلىرىدىن بىرى، ئۇ تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى، سوۋېت ئىتتىپاقى تاجىكىستانىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمى بىلەن ئافغانىستانىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان، ئۇ تەڭرىتاغلىرى، قاراقۇرۇم تاغلىرى (قارا تاشلىق تاغلار) بىلەن ھىندىقۇش تاغلىرى قاتارلىق تاغلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان چوڭ تاغ تىزمىسى، پامىرنىڭ ئېگىز چوققىلىرى قوڭۇردۆۋە بىلەن مۇز تاغ ئاتا بولۇپ، قوڭۇر دۆۋە دېڭىز يۈزىدىن 7719 مېتىر ئېگىز، مۇزتاغ ئاتا 7546 مېتىر ئېگىز. پامىر تاغلىرىنىڭ ئارىسىدا كەڭتاشا يايلاقلار ۋە ئويمانلىقلار بار، ئىقلىمى سوغۇق، تاغ چوققىلىرىدىن يىل بويى قار كەتمەيدۇ. غەربىي شىمال بۇرجىكىدىكى مۇزلۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 77 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن مۇزلۇقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى مەشھۇر دەريالىرىنىڭ بىرى تارىم دەرياسىدۇر. بۇ دەريانىڭ سۈيى قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى تاغلاردىن چىقىدۇ. بۇ سۇ تارىم ۋادىسى بىلەن كەشمىر ئارىسىغا بىر چېگرا سىزىپ تارىم ۋادىسىغا ئېقىپ كىرىدۇ. بۇ دەريا غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىدىكى لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. تارىم دەرياسىنىڭ بويلىرىدا، قەشقەر، يەكەن، خوتەندىن ئىبارەت ئۈچ شەھەر ۋە ئۈچ مۇھىم ۋادا بار. خوتەن دەرياسى قارانلىق تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. يەكەن دەرياسى بولسا تارىمنىڭ غەربىدىن توپتوغرا شەرققە قاراپ ئاقىدۇ.

جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدىكى مۇھىم دەريا قارا ئېرتىش دەرياسى بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىدا ھورۇنگو دەرياسى بار. شەرقىي شىمال تەرەپتىكى قوبدو دەرياسى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تەبىئىي چېگرا.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى مۇھىم دەريالار ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى دەريا غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ بىر ـ بىرى بىلەن ياندىشىپ ئاقىدۇ. بۇ ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىنى VII ئەسىردە ئەرەبلەر «ماۋەرائۇننەھرى» (ئىككى دەريا ئارىلىقى) دەپ ئاتىغان. سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئامۇ دەريا قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى قىزىليۇرت تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. بۇ دەريا ئافغانىستان بىلەن

تاجىكىستان ۋە ئۆزبېكىستان ئارىسىغا تەبىئىي چېگرا سىزىپ، غەربىي شىمالغا قاراپ يۆنىلىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئۆزبېكىستان بىلەن تۈركمەنىستان ئارىسىغا بىر چېگرا سىزىپ ئارال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. سىر دەريا ئالتاي تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدۇ، پەرغانە ۋادىسىنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە ئايرىپ، شەرقتىن غەربكە قاراپ ئېقىپ ۋادىدىن چىققاندىن كېيىن، غەربىي شىمالغا قاراپ بۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي شىمال بويىغا ئېقىپ كېلىپ، كۆلگە قۇيۇلىدۇ. نارىن دەرياسى كۆكچال تاغلىرىدىن چىقىدۇ ۋە قىرغىزىستاننى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئىككىگە بۆلىدۇ.

كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىغا قۇيۇلىدىغان ئېترەك دەرياسىنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىراننىڭ خۇراسان ئۆلكىسىدە قالىدۇ. بۇ دەريا تۈركمەنىستان بىلەن ئىران ئارىسىدا تەبىئىي چېگرا ھاسىل قىلىدۇ. كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا كېلىپ قۇيۇلىدىغان ئىمبا دەرياسى قازاقىستاندا، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدا دىلتا ھاسىل قىلىپ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان يايىق دەرياسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى قازاقىستاندىن ئاقىدۇ. ئورال تاغلىرىدىن چىققان بۇ دەريا ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ قىتئە چېگرا سىزىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىچكى دەريا ھېسابلانغان زەرەپشان دەرياسى (ئۆزبېكىستاندا) ئالتاي تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. سەمەرقەند بىلەن بۇخارا زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. چۇ دەرياسى ئىسسىقكۆلنىڭ بىر ئاز غەربىي جەنۇبىدىكى تاغلاردىن ئېقىپ چىقىدۇ. چالكار كۆلىگە قۇيۇلىدىغان تورغاي دەرياسى، نورا كۆلىگە قۇيۇلىدىغان نورا دەرياسى قازاقىستاننىڭ ئىچكى دەريالىرى ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك دەريالىرىدىندۇر.

ئېرتىش دەرياسى شىمالىي قازاقىستاندىكى مۇھىم دەريا ھېسابلىنىدۇ. زايسان كۆلىدىن ئېقىپ چىقىدىغان ئېرتىش دەرياسىنىڭ زايسان كۆلىنىڭ شەرقىدىن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا قاراپ ئاقىدىغان قىسمى قارا ئېرتىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئىشىم ۋە توبول دەپ ئاتىلىدىغان تارماقلىرى قازاقىستاننىڭ ئەڭ شىمالىدا قالىدۇ. ئېرتىش دەرياسى ئوب دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدا باغراش كۆلى بار، دائىرىسى 960 كۋادرات كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇقى 896 مېتىر كېلىدۇ. باغراشنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ كۆلىمى 2000 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 790

مېتىر كېلىدۇ. جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ مۇھىم كۆلى ئېبنۇر كۆلىدۇر. دېڭىز يۈزىدىن 210 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بۇ كۆل جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ئالاتاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، يەتتەسۇغا يېقىن جايدا.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرىچە پۈتۈن يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 50 مىللىمېتىر، چۆللەردە بولسا ھۆل - يېغىن يوق ھېسابىدا. تاجىكىستان بىلەن قىرغىزىستاندىكى تاغلاردا يىللىق يېغىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 70 مىللىمېتىر بولىدۇ، قازاقىستاننىڭ شىمالىدا بولسا 65 مىللىمېتىر. تارىم ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تەكلىماكان چۆلى، تۈركمەنىستاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپ تۇرىدىغان قاراقۇم چۆلى، قاراقالپاقىستاننىڭ چوڭ قىسمىنى ئىگىلەپ تۇرىدىغان ۋە بىر قىسمى قازاقىستانغا سوزۇلغان قىزىلقۇم چۆللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر چۆللەردۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ياز كۈنلىرىدىكى ئىسسىقلىق ئوتتۇرىچە C30° ئەتراپىدا، قىشتا بولسا C5° ئەتراپىدا بولىدۇ. ئىسسىقلىق دەرىجىسى جەنۇبتىن شىمالغا بارغانسېرى ئازلايدۇ. تارىم ۋادىسى بىلەن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا، يازدا C30° ئەتراپىدا ئىسسىق بولىدۇ. ئافغانىستاندا ئىسسىقلىق قىشتا 13°C، يازدا C16° بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى چۆللۈك بولۇپ، قۇرغاق چۆل ئىقلىمى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

تارىم، ئىلى، ئامۇ، سىر، چۇ دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرى دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك رايونلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىي بايلىقى ناھايىتى مول. كۆمۈر، نېفىت، تۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، گۈڭگۈرت، تۇز، قەلەي زاپاسلىرى دۇنيا بويىچە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

### ئەھمانىلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مىلادىدىن 1000 يىل بۇرۇنلا ئاممىۋى ھالدا ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا كۆچۈپ، سۇنئىي سۇغىرىشنى ئاساس قىلغان دېھقانچىلىق ئىگىلىككە ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ،

ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنى تەشكىل قىلىش دەۋرىگە كىردى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى ھېسابلانغان تارىم ۋادىسىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىلادىدىن 5000 يىل بۇرۇنلا دېھقانچىلىق قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارغا ئىگە بولدۇق. 1979 ـ يىلى قىشتا، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئەترىتى كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدىن بىر ئىپتىدائىي قەبرىستانلىقنى تاپتى. قەبرىستانلىقتىن چىققان ئىككى جەسەتنىڭ بىرى ياش ئايال، يەنە بىرى كىچىك بالا بولۇپ، نەنجىڭ داشۆسى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ كاربون 14 تەجرىبىخانىسى قەبرىستانلىقتىن چىققان ياغاچلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق جەسەتلەرنىڭ بۇنىڭدىن 6414 يىل (+117) ئىلگىرى دەپنە قىلىنغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىقتى. جەسەتلەر بىلەن قېزىۋېلىنغان ئاخىرەتلىكلەر ئىچىدە ناھايىتى نەپىس توقۇلغان چىغ سېۋەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە زىرائەت دانلىرى سېلىنغان. ئەمما بۇ دانلار چىرىپ ئۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن. بالا جەستى بىلەن بىللە كۆمۈلگەن چىغ سېۋەتتىن ئۈز پېتى ساقلانغان بۇغداي چىقتى[1]. مانا بۇ پاكىت تارىم ۋادىسىدا دېھقانچىلىقنىڭ ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردىلا بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىم ۋادىسىدا سۇنئىي سۇغىرىش ئىشلىرىنىڭ قاچاندىن تارتىپ ئومۇملاشقانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. قانداق بولمىسۇن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى بولغان تارىم ۋادىسىنىڭ مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدا پەيدا بولغان ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ يۇكسەكرەك ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئاسۇرىيە ۋە مىسىر ئارىسىدىكى سودا ئالاقىلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن بولغان تارىخىي بىلەنمۇ ئىسپاتلاش مۇمكىن، تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى بولغان نىل ۋادىسىدا قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان چاغدا، ھازىرقى ئىراقتىكى دىجلە ۋە فىرات دەريالىرى (قەدىمكى يۇنان تارىخچىلىرى بۇ جاينى مىسوپوتامىيە ئىككى دەريا

(1) 1981 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چىققان ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» گە قارالسۇن.

ئاربلىقى دەپ يېزىشقان) بويىدا ئاسورىيە دۆلىتى قۇرۇلغان. بۇ دۆلەت مىلادىدىن 4000 يىل بۇرۇن (ھازىرقى كۈندىن 6000 مىڭ يىل بۇرۇن) قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى مىسوپوتامىيىنىڭ شىمالىي قىسمى (دىجلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى) دا بولغان. مانا شۇ ئاسورىيە دۆلىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا مىلادىدىن 4000 يىل بۇرۇن سودا ئالاقىلىرى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار بار. مىسوپوتامىيىدە مىلادىدىن 4000 يىل بۇرۇن ياشىغان مەلىكە شۇباتنىڭ قەبرىسىدىن بەدەخشاننىڭ ھاۋارەڭ تېشىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار تېپىلغان. مىسىردىن تېپىلغان مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇنقى ھاۋارەڭ تاشلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مىسوپوتامىيە ۋە مىسىر ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سودا ئالاقىلىرى توغرىسىدا سۆزلەش ئۇچۇن ئىمكان بېرىدۇ.»[1] چۈنكى، ھاۋارەڭ تاشلار، پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىنلا چىقاتتى.

مىلادىدىن سەككىز ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان خەلقلەر باكتىرىيە («باكترا» — يۇنانچە سۆز بولۇپ، شەھەرلەرنىڭ ئانىسى مەنىسىدە، كېيىنچە بۇ يەر بەلخ، دەپ ئاتىلىدىغان بولدى)، خارەزىم (قۇياشلىق يەرمەنىسىدە)، سوغدى (بەزى ئالىملار، «سوغدى» سۆزى قەدىمكى تۈركچە سۆز بولۇپ، «سۇغىرىلىدىغان يەر» مەنىسىنى بېرىدۇ دەيدۇ) قاتارلىق دۆلەتلەرنى قۇردى. مانا شۇ چاغدا، تارىم ۋادىسى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا ئەجدادلىرىمىز قۇرغان دۆلەتلەر مەۋجۇت ئىدى.

مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدا كۈچلۈك ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسى قۇرۇلدى.

تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئۇبۇلقاسىم فىردەۋسى (مىلادىنىڭ 934 ـ يىلى تۇغۇلۇپ مىلادىنىڭ 1020 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) «شاھنامە» ناملىق داستانىدا، تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ تەخمىنەن 5000 يىللىق تارىخىنى (بۇ ئەپسانىۋى تارىخ بىلەن ھەقىقىي تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بەدىئىي تىل ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق بايان قىلغان. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانىدا، ئىراننىڭ پىشدادىلەر ۋە كىيانىلار سۇلالىلىرى (مىلادىدىن 3200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 780 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان 2400 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) توغرىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئۆز ئەكسىنى

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى » ئۆزبېكچە I توم 47 ـ بەت.

تاپقاندىن تاشقىرى، ئەڭ مۇھىمى، ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋرىدە، بۇ سۇلالە بىلەن ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇرانىلار دەپ ئاتالغان ئەجدادلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇناسىۋەتلەر ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

ھەقىقىي تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن سەككىز ئەسىر بۇرۇن ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمال قىسمى بىلەن ھازىرقى ئەزەربەيجان تېررىتورىيىسىدە مىدىيە ئاتلىق دۆلەت بار ئىدى. مىدىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىكباتانا (ھازىرقى ھەمىدان) ئىدى. ئۇز زامانىسىغا يارىشا خېلى كۈچلۈك بولغان مىدىيە دۆلىتى ئىران ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ياشايدىغان پارس قەبىلىلىرىنىمۇ بويسۇندۇرغان.

مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇن پارسلارنىڭ ئەھمان ئاتلىق خانى ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىدىيە دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىللىق جاكارلىغان.

ئىراندا ئەھمانىلار سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان جايلاردا تۇران دۆلىتى (يۇنانلىقلار، «سىكىف ئىمپېرىيىسى» دەپ ئاتىغان) ھۆكۈم سۈرەتتى. تۇران دۆلىتى (مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ II ئەسىرىگىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بىلەن ئىرانلىقلار ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار بولغان.

ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھەنشاھلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆز ئالايتىپ، تۇرانىلار ئۈستىگە كۆپ قېتىم بېسىپ كەلگەن. ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تۇرانىلار تۇر، پىشەڭ، ئەفراسىياپ ئارجاسىپ، تۇمارس قاتارلىق قاغانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەھمانىلار سۇلالىسىگە قارشى قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزى ئېلىپ بارماقچى بولغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى ئاساسلاش ئۈچۈن، سىرلىق، كارامەتلىك چۈشلەرنىمۇ توقۇپ چىققان. كەيخىسراۋنىڭ ئانىسى كۆنلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ: «چۈشىدە ئۇنىڭ قورسىقىدىن بىر تۈپ ئۈزۈم دەرىخى ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بۇ بىر تۈپ ئۈزۈم دەرىخى ناھايىتى چاپسان شاخلاپ، بۈك - باراقسان ھالغا كېلىپ، پۈتۈن ئاسىيانى چۈمكىۋاپتۇ.» ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بۇ چۈش ئارقىلىق ياش كەيخىسراۋ (قومبىز I) نى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم

قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، «سەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان ھۆكۈمرانى بولىسەن» دېيىشكەن.

«شاھنامە» دە تىلغا ئېلىنغان تۇران قاغانلىرىدىن تۇر ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى تىسفىس (مىلادىدىن 675 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 640 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە شاھ بولغان) بىلەن، پىشەڭ بولسا ئارىئا رامۇنىس (مىلادىدىن 640 يىل بۇرۇنقى چاغدىن 615 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە شاھىنشاھ بولغان) بىلەن ئۇرۇشقان. بۇ بايانلار تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇندەك تۇرىدۇ.

مىلادىدىن 625 ـ يىل بۇرۇن، تۇران خاقانلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرى بولغان ئەفراسىياپ ئارىئارامۇنىس بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئەزەربەيجاندا ھالاك بولغان. ئەفراسىياپ ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تۇرانلارغا قارشى يۈرگۈزگەن كۆپ قېتىملىق يۈرۈشلىرىنى تارمار قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى باسقۇنچىلاردىن ساقلاپ قالغان.

ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسى كەيخىسراۋنىڭ ۋاقتىدا كۈچىيىشكە باشلىدى. كەيخىسراۋ (529 ـ 558) باشتا مىدىيە دۆلىتىنى تارمار قىلدى، ئاندىن كېيىن كىچىك ئاسىيانى بېسىۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي فىنىكا بىلەن پەلەستىننىمۇ بېسىۋالدى. ئۇ، مىلادىنىڭ 538 ـ يىلى بابىل شەھىرىنى ئالدى. ئۇ بابىلنى ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قىلدى. ئۇنىڭ ئوغلى قومبىزا I (529 ـ 521) مىسىرنى بويسۇندۇردى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا، پۈتۈن قەدىمكى شەرق ئەھمانىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشتى.

كەيخىسراۋ مىلادىدىن 529 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەندە، تۇران ئېلىنىڭ خانى (ماساگېتلارنىڭ خانى) تۇمارىس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسى گىستاسىپ دارا I نىڭ ۋاقتىدا (مىلادىدىن 521 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 486 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە شاھىنشاھ بولغان) مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە قۇدرەت تاپتى. شۇ چاغدا، ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ دائىرىسىگە پۈتۈن ئىران، ئەزەربەيجان، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى، بەلۇجىستان، كىچىك ئاسىيا، بابىل، ئەرمەنىستان، سۈرىيە، پەلەستىن، مىسىر قاتارلىق جايلار كىرگەندى.

دارا I نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغانلىقى توغرىسىدا بېھىستۇن قىيا تېشىغا ئويۇپ يېزىلغان خاتىرىلەردە مەلۇمات بار.

مىلادىدىن 519 ـ يىل بۇرۇن دارا I ئۆزىگە بويسۇنغان خەلقلەر (ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى خاتىرىسىگە ھازىرقى ئىراننىڭ ھەمىدان شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 65 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بىھىستون تېغىدىكى قىيا تاشقا يادىكارلىق ئويدۇرغان.

بۇ يادىكارلىق تارىختا «بىھىستون يېزىقلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. مانا شۇ بىھىستون قىياسىنىڭ يېنىدىن بابىل بىلەن ئىكباتانانى تۇتاشتۇرىدىغان يول ئۆتەتتى. بىھىستون يېزىقلىرى 500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قىيا تاشقا ئويۇپ يېزىلغان. بىھىستون قىيا تېشىغا تۆرلۈك قىياپەتلەرمۇ ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن. قىيا تاشنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى ئېگىز جايغا ئاتەشپەرەسلەر (ئوتپەرەسلەر) دىنىدىكىلەرنىڭ يورۇقلۇق خۇداسى ھورمۇزدنىڭ تەسۋىرى نەقىشلەپ چۈشۈرۈلگەن. سول تەرەپتىكى ئىككىنچى چوڭ رەسىم ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى دارا I نىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇ ئوڭ قولىنى خۇدا ھورمۇزدغا قارىتىپ كۆتۈرگەن ۋە تەسلىم بولغانلارنى سول پۇتى بىلەن دەسسەپ تۇرغان ھالدا تەسۋىرلەنگەن. دارا I نىڭ ئالدىدا تۇرغان، قوللىرى باغلانغان، بوينىغا ئارغامچىدىن سىيرتماق سېلىنغان توققۇز نەپەر ئەسىرنىڭ قىياپەتلىرىمۇ ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان.

بىھىستون قىيا تېشىغا ئويۇپ يېزىلغان خاتىرىلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلاردىن ساكلار، سوغدىلار، خارەزىملىقلار تىلغا ئېلىنغان. لېكىن، ئۇلۇغ ساكلار (ماساگىتلار) تىلغا ئېلىنمىغان. بۇنىڭغا قارىغاندا، بىزنىڭ يىراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇلۇغ ساكلار مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان بولسا كېرەك.

گىستاسپ دارا I ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شۇ جايلاردا، ئىران دۆلىتىنىڭ تۈزۈمى بويىچە ساتراپ (دۆلەتنى قوغداش مەنىسىدە) تەرتىپىنى ئورنىتىپ، مۇنداق ساتراپلارغا (ئۆلكە مىقياسىدا) ساتراپلارنى تەيىنلىدى. ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسىدە ئۈچ ساتراپ (ئۈچ ئۆلكىگە تەڭ) قۇرۇلدى. «پىتولمىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، سىر دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى سوغدى قەبىلىلىرىدىن بىرى ياشىغان جايلار 12 ـ ساتراپ دېيىلىپ، بۇ ساتراپ ھەر يىلى 360 تالانت (تەخمىنەن 860 مىڭ سوم) سېلىق تۆلىگەن. ساكلار ۋە كاسپىلار ياشىغان جايلار 15 ـ ساتراپ ئاتىلىپ، بۇ ساتراپ ھەر يىلى 250 تالانت (600 مىڭ سوم ئەتراپىدا) سېلىق تۆلىگەن. پارپىيە، خارەزمى، سوغدى زېمىنلىرى 16 ـ

ساتراپ ئاتىلىپ، بۇ ساتراپقا قارايدىغان جايلار ھەر يىلى 300 تالانت (700 مىڭ سوم ئەتراپىدا) سېلىق تۆلىگەن.»[1] دېمەك، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىگە ھەر يىلى ناھايىتى چوڭ قىممەتتە پۇل تاپشۇرۇپ تۇرغان. بۇنداق سېلىق تۆلەيدىغان قاراملىق مۇناسىۋەتنى مىلادىدىن 520 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە 190 يىل داۋام قىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان چاغلاردا، ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغان. چۈنكى ئىرانغا ھەر يىلى تۆلەيدىغان سېلىقنىڭ ئېغىرلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى چىدىغۇسىز كۈلپەتكە قالدۇرغان. ئەزەلدىنلا ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقنى سۆيىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆپ قېتىملاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. گىستاسىپ دارا I بۇنداق قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ كۈچ سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. مىلادىدىن 513 يىل بۇرۇن، ئوتتۇرا ئاسىيا ساكلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. گىستاسىپ دارا I قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئۆزى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەربىي شتابىدا شىراق ئاتلىق بىر ساك پادىچى پەيدا بولغان. شىراق ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە ناكا ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تارتۇق قاپلاپ كەتكەن. بۇرنى ۋە قۇلاقلىرى كېسىپ تاشلانغان، شىراق ئۆزىنىڭ ئۇرۇقداشلىرى تەرىپىدىن شەپقەتسىزلەرچە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى جاكارلىغان ۋە ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغانلاردىن قىساس ئېلىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇ پارس قوشۇنلىرىنى ئۆزىگە تونۇش بولغان بىر چىغىر يول بىلەن باشلاپ ماڭغان. ئاخىر پارسلار ئويلاپمۇ كۆرمىگەن ھالدا ساكلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە چىقىپ قالغان. يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ دەرماندىن كەتكەن پارس قوشۇنلىرى قىلچە گىياھ ئۈنمەيدىغان بىر چۆلگە كېلىپ قالغان. شۇ چاغدىلا ئۇلار شىراقنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن. ئۇلار، شىراقنى ئۆلۈم تەھدىتى بىلەن قورقۇتقاندا، شىراق مەغرۇرانە ھالدا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «مەن غەلىبە قىلدىم، قېرىنداشلىرىمنى بالايىئاپەتتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، سىلەرنى پارسلارنى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلىدىغان يەرگە باشلاپ كەلدىم.»[2] پارسلار شىراقنىڭ بېشىنى كەسكەن، شۇنداق قىلىپ، بۇ جايدا گىستاسىپ دارا I نىڭ

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە I توم 47 ـ بەت.
(2) ب. گ. غاپۇروۋ «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىكلىرىنىڭ تارىخى» II قىسىم، III باب خەنزۇچە 36 ـ بەت.

قوشۇنلىرى ساكلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان.

ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسى ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر نەتىجىسىدە مىلادىدىن تۆت ئەسىر بۇرۇنقى چاغقا كەلگەندە ئاجىزلىشىپ كەتتى.

## يۇنان ئىستېلاچىلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا

ماكېدون يۇنان پادىشاھى فىلىپنىڭ ئوغلى ئالېكساندىر ماكېدونىيىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) ئاتىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن (ئۇنىڭ ئاتىسى ئىرانلىقلار قۇۋۋەتلىگەن سۇيىقەستتە ئۆلتۈرۈلگەن)، ئۇنىڭ شەرق ئەللىرىنى بويسۇندۇرۇش نىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى.

ئىسكەندەر مىلادىدىن 356 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان. ئۇنى ئاتىسى فىلىپ ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەپ، ھەر جەھەتتىن قابىلىيەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل (مىلادىدىن 384 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ مىلادىدىن 322 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن) دىن تەلىم ئالدۇرغان.

ئىسكەندەر ئىنتىزامچانلىقى ناھايىتى پۇختا، ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ ياخشى قوراللار بىلەن قوراللانغان جەڭگىۋار قوشۇن تەشكىل قىلدى. ئۇ مىلادىدىن 334 يىل بۇرۇن (22 يېشىدا) 30 مىڭ پىيادە، 5000 ئاتلىق قوشۇنغا باش بولۇپ، شەرققە يۈرۈش باشلىدى. ئىسكەندەر ئون يىل يۈرۈش قىلىپ مىلادىدىن 324 يىل بۇرۇنقى چاغقا كەلگەندە، كىچىك ئاسىيا، سۇرىيە، فىنىكا، مىسىر، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنى بېسىۋالدى.

ئىسكەندەر، ئىراننى بېسىۋېلىشتا، ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاھىنشاھى دارا III (مىلادىدىن 336 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە شاھىنشاھ بولغان.) بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇشتى. ئىسكەندەر كىچىك ئاسىيانى بېسىۋالغاندىن كېيىن، سۇرىيىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇ سۇرىيىدىكى ئىسس دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا دارا III نى تارمار قىلدى. دارا قېچىپ كەتتى. دارانىڭ ئائىلىسى ۋە بايلىقلىرى ئىسكەندەرنىڭ قولىغا چۈشتى. دارا III ئىسس يېڭىلىشىدىن كېيىن، ئىسكەندەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆز قىزلىرىدىن بىرنى ئىسكەندەرگە ياتلىق قىلىش ئارقىلىق ياخشىچاق بولۇشقا ئۇرۇندى. ئىسكەندەر دارا III نىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئىسكەندەر ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ غەربىي تېررىتورىيىسى (كىچىك ئاسىيا، فىنىكا، پەلەستىن، مىسىر) نى ئانچە كۆپ كۈچ

سەرپ قىلمايلا بويسۇندۇرۇۋالدى. ئىسكەندەر مىلادىدىن 331 يىل بۇرۇن دىجلى ۋە فىرات دەريالىرىدىن ئۆتۈپ ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىغا يۈرۈش باشلىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 331 ـ يىلى گاۋگامىل دېگەن يېزا (هازىرقى ئىراقنىڭ بابىل شەھىرى يېنىدا) دا ماكېدون قوشۇنلىرى بىلەن ئىران قوشۇنلىرى ئارىسىدا هەل قىلغۇچ جەڭ بولدى. ئىسكەندەر قوماندانلىقىدىكى 47 مىڭ (40 مىڭى پىيادە، يەتتە مىڭى ئاتلىق) كىشىدىن تەركىب تاپقان ماكېدون قوشۇنلىرى دارا III باشچىلىقىدىكى 92 مىڭ (سەكسەن مىڭى پىيادە، ئون ئىككى مىڭى ئاتلىق) كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. دارا III ئىراننىڭ شەرقىگە قاراپ قاچتى. دارا III يولدا كېتىۋاتقاندا، ئەھمانىلارنىڭ خانى جەمەتىدىن بولغان بىسس (ئۇ باكتىرىيىنىڭ ساتراپى ئىدى) ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئىسكەندەر مىلادىدىن 329 يىل بۇرۇن 15 كۈن داۋام قىلغان ئىنتايىن قىيىن يۈرۈشتىن كېيىن، ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، باكتىرىيىگە ھۇجۇم قىلدى. بىسس باكتىرىيىنىڭ باش شەھىرى باكتىرانى تاشلاپ چىقىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا قاراپ چېكىندى. ئىسكەندەر ئۆز قوشۇنلىرىنى بەش كۈن ئىچىدە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىسسنى ئىزىدىن قوغلاپ بېرىپ تۇتۇۋالدى. ئىسكەندەر ئەھمانىلار سۇلالىسىنى ئۆز ھالىغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە بولغانلارغا ئىبرەت بولسۇن دەپ بىسسنى ئىكباتاناغا ئەكىلىپ، مىدىيەلىكلەر ۋە پارسلارنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈردى.

ئىسكەندەر بىسسنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سەمەرقەند (ماراكەنت) قاراپ ماڭدى. قەھرىمان سەمەرقەنتلىكلەر باسقۇنچىلارغا قارشى جان تىكىپ كۆرەشتى. ئىسكەندەر ماۋەرائۇننەھرنى چوڭ كۈچ سەرپ قىلىپ بويسۇندۇردى. ئىسكەندەر شۇ قېتىمقى يۈرۈشىدە، هازىرقى تاجىكىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئارىتۆپىدە ناھايىتى قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى. ئۇ ماۋەرائۇننەھرنى بويسۇندۇرۇشتا 22 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى.

ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاساسىي قىسمى (ماۋەرائۇننەھرى بىلەن باكتىرىيە) نى بويسۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ جايلارنى ئىدارە قىلىدىغان باش ۋالىيلارنى تەيىنلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ماكېدون - يۇنان ئىستېلاچىلىرىنىڭ قىلىچ ۋە قان بىلەن ئورناتقان ھۆكۈمرانلىقىنى تەن ئالمىدى. ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ئوتتۇرا

ئاسىيا خەلقلىرى ماكېدون - يۇنان ئىستىلاچىلىرىغا قارشى ئازادلىق تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇنداق قوزغىلاڭلارنىڭ ئەڭ چوڭى سىفىتامىن باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭ ئىدى. سىفىتامىن مىلادىدىن 328 يىل بۇرۇن سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىپ، شەھەردىكى ماكېدون - يۇنان قوشۇنلىرىنىڭ كۆپىنى قىرىپ تاشلىدى، ئامان قالغان ماكېدون - يۇنان قوشۇنلىرى سەمەرقەنتتىكى قورغانغا بېكىنىۋالدى.

سەمەرقەنتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر ئاساسىي قوشۇنلىرىنى باشلاپ ماراكەنتكە قاراپ يولغا چىقتى. ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى سەمەرقەتكە يېقىنلاپ كەلگەندە، سىفىتامىن قورغان مۇھاسىرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ چېكىندى. سىفىتامىن بىر نەچچە قېتىم چۆلگە چېكىنىپ، پۇرسەت تېپىپ، كۈچلىرىنى تولۇقلاپ سەمەرقەنتكە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر ئۆز ئىچىدىن چىققان خائىنلار ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئىسكەندەرگە تەقدىم قىلدى. بەزىبىر تارىخىي مەلۇماتلاردا سىفىتامىننى ئۆز ئايالى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى ئۆز قولى بىلەن ئىسكەندەرگە ئاپىرىپ بەرگەن دېيىلىدۇ.

سىفىتامىننىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغىلاڭ تەخمىنەن ئۈچ يىل داۋام قىلىپ، مىلادىدىن 327 يىل بۇرۇن ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئاياغلاشقان. سىفىتامىن باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ساكلىرى (ماساگېتلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئاساسىي رول ئوينىغان. سىفىتامىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، چارۋىچى ساكلار ياشايدىغان دالا - چۆللەرگە چېكىنىپ، ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. چۈنكى ماكېدون - يۇنان قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دالا - چۆللەرگە بېسىپ كىرىشتىن قورقاتتى. ساكلار قوزغىلاڭ سەپىدە كۆپ بولغاندىن تاشقىرى، باسقۇنچىلارغا قارشى كۈرەشتە باتۇرلۇق كۆرسەتكەنىدى.

ئىسكەندەر مىلادىدىن 334 يىل بۇرۇن شەرققە يۈرۈش باشلاپ، مىلادىدىن 324 يىل بۇرۇنقى چاغقا كەلگەندە، غەربىي ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىن تارتىپ، شەرقىي ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەكسىز تېررىتورىيىنى ئىشغال قىلىپ، ماكېدون - يۇنان ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. بۇ ئىمپېرىيە 22 يىل (332 - 310) ھۆكۈم سۈردى.

ئىسكەندەر سىفىتامىن قوزغىلىڭىنى باستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مىلادىدىن 327 يىل بۇرۇن ھىندىستانغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ ھىندىستاننىڭ پەنجاپ ۋادىسىنىمۇ بېسىۋالدى. لېكىن ماكېدون - يۇنان قوشۇنلىرى ھىندىستاننىڭ

ئىقلىمىغا كۆنەلمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ئۇرۇشتىن زېرىكىپ، ئۆز ۋەتىنى يۇنانىستانغا قايتىپ كېتىشنىمۇ تەلەپ قىلدى. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەرگە كۆرە، ئىسكەندەر يۇنانلىقلارنى سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ھىندىستاندىن ئىرانغا قايتىشقا بۇيرۇق بەردى. ئۆزى بولسا مىلادىدىن 324 يىل بۇرۇن بابىل (تەڭرىنىڭ ئىشىكى مەنىسىدە) غا قايتىپ كەلدى. ئىسكەندەرنىڭ شەرققە قىلغان يۇرۇشى تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىدە بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئالمىشىشىنى ئالغا سۈرگەنىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ھىندىستاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن يۈكسەك، يېڭىچە بىر باسقۇچقا كىرگەنىدى.

ئىسكەندەر، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى بويسۇندۇرۇشتا ناھايىتى قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغاندا، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ساتقۇنلۇقىدىن پايدىلاندى. خەلق كۆپچىلىككە بولسا قانلىق جازا قوللاندى. ماكىدون ـ يۇنان ئىمپېرىيىسىگە كىرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى 150 يىلدىن كېيىنلا (مىلادىدىن 180 يىل بۇرۇن) بۇ يېڭى باسقۇنچىلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلالىدى. باكترىيە بولسا 180 يىلدىن كېيىن (مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇن) قۇتۇلدى.

مىلادىدىن 323 يىل بۇرۇن، ئىسكەندەر (33 يېشىدا) بابىلدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ماكىدون ـ يۇنان ئىمپېرىيىسى بۆلۈنۈپ كەتتى. ماكىدون ـ يۇنان ئىمپېرىيىسى ئورنىدا يۇنانىستان (ماكىدونىيە بىلەن يۇناننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، سىلىۋكىلار دۆلىتى (بۇنىڭ ئىچىگە سۈرىيە، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا كىرەتتى)، مىسىر قاتارلىق ئۈچ دۆلەت پەيدا بولدى. ئىسكەندەرنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان سىلىۋكقا ناھايىتى چوڭ تېررىتورىيە تەگدى. ئۇنىڭ زېمىنى ئۆز نامى بىلەن سىلىۋكىلار دۆلىتى دەپ ئاتالدى. ئوتتۇرا ئاسىيا بولسا سىلىۋكىلار دۆلىتىنىڭ تەركىبىدە قالدى. دۆلەتنىڭ پايتەختى دىجلى دەرياسىنىڭ يوقىرىقى ئېقىمىدىكى سىلىۋكىيە (يۇنانلىقلار قۇرغان) شەھىرى ئىدى. بۇ دۆلەت 248 يىل (مىلادىدىن 312 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 64 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) ھۆكۈم سۈردى. 17 پادىشاھ ئۆتتى.

مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇن، سىلىۋكىلار دۆلىتىدە ناھايىتى جىددىي ۋەقەلەر يۈز بەردى. ئىمپېراتور ئانتىئوخII (261 ـ 246) نىڭ ئوغۇللىرى سىلىۋك II (246 ـ 226) بىلەن ئۇنىڭ ئۇكىسى ئانتىئوخ ھىراكىس ئارىسىدا تەختنى تالىشىش

ئۆرۈشى باشلاندى. شۇ ۋەقەدىن پايدىلانغان باكتىرىيە بىلەن پارپىيە (ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمى) مۇستەقىللىق جاكارلىدى. باكتىرىيە باش ۋالىيسى دىئودات ئۆزىنى پادىشاھى دەپ جاكارلىدى. ئىراننىڭ شەرقىي شىمال قىسمىنى ئافغانىستاندىكى تىجەن دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان داھلار قەبىلىسىنىڭ خانى ئارشاك ئېگىللىۋالدى. ئۇ پارپىيە دۆلىتىگە ئاساس سالدى. ئارشاك قۇرغان پارپىيە دۆلىتىنى جۇڭگو تارىخچىلىرى، ئارشاكنىڭ نامى بىلەن ئەنشى(安西) دەپ يېزىشقان. «ئەنشى» «ئارشاك» سۆزىنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇزىدا يېزىلىشى ئىدى.

سىلىۋكىلار دۆلىتى مىلادىدىن 64 يىل بۇرۇن رىم ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا بولسا ئانتىئوخ III نىڭ ۋاقتىدا (223 ـ 183)، مىلادىدىن 180 يىل بۇرۇن ماكېدون ـ يۇنان ئىستېلاچىلىرى ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلغانىدى.

باكتىرىيە مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇن سىلىۋكىلار دۆلىتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل بولغان بولسىمۇ، باكتىرىيىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ئاساس سالغانلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرلىك ئاھالىسىدىن كېلىپ چىققانلاردىن بولماستىن، بەلكى سىلىۋكىلار تەرىپىدىن باكتىرىيىگە قويۇلغان يۇنانلىق باش ۋالىي ئىئودات ئىدى. 110 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇ دۆلەت تارىختا يۇنان باكتىرىيە پادىشاھلىقى (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 140 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەپ ئاتالدى.

يۇنان باكتىرىيە پادىشاھلىقى ئىئۇتىدىم (214 ـ 190) ۋە دىمىترىنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىدىن 190 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 167 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) ناھايىتى كۈچەيگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىگە ئافغانىستاننىڭ ھېرات ۋە قەندىھار ئوبلاستلىرى، سوغدىيانا، شەرقىي ئىراننىڭ خامۇن كۆلى ئەتراپلىرى (دارانفىيانا)، ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرى، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمى (سىند ئۆلكىسىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) كىرگەن.

يۇنان باكتىرىيە پادىشاھلىقى تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادى ئالاقىلەر ئورناتقان. دىمىترىنىڭ ۋاقتىدا (190 ـ 167)، يۇنان باكتىرىيە پادىشاھلىقى «ئۆز چېگرىلىرىنى سېرسلار (تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار

كـۆزدە تۇتۇلـدۇ ئـا) ۋە هونـلار مەملىكەتلىرىگىچە كېڭەيتكـەن » ئىـدى[1].

يۇنـان باكتىرىيـە پادىشـاھلىقىغا تىئـودات I (مىلادىدىـن 250 يىـل بۇرۇنقـى چاغدىـن تارتىـپ مىلادىدىـن 230 يىـل بۇرۇنقى چاغقىچە پادىشـاھ بولغـان)، تىئـودات II (220 ـ 214)، ئىۋتىدىـم دىمىتـرى ئىۋكىراتىـت (174 ـ 155)، گىلىئوكىـل (155 ـ 140) قاتارلىـق كىشـىلەر پادىشـاھ بولغـان. تىئـودات I (250 ـ 230 قوشنىسـى پارپىيـە بىلـەن كـۆپ قېتىـم ئۇرۇشـقان. پارپىيىنىـڭ تۇنجـى پادىشـاھى ئارشـاك I (مىلادىدىـن 250 يىـل بۇرۇنقـى چاغدىـن تارتىـپ مىلادىدىـن 248 يىـل بۇرۇنقـى چاغقىچـە پادىشـاھ بولغـان) يۇنـان باكتىرىيـە پادىشـاھلىقى بىلـەن بولغـان ئۇرۇشـلارنىڭ بىرىـدە ئۆلگـەن. تىئـودات I مىلادىدىنىـڭ239 يىـل بـۇرۇن سـىلىۋكىلار پادىشـاھلىقىنىڭ پادىشـاھى كاللىنـوس II (246 ـ 226) نىـڭ پارپىيىگـە قارشـى ئېلىـپ بارغـان ئۇرۇشـىغا قاتناشـقان. پارپىيـە پادىشـاھى تىرىدات (248 ـ 214) ئـۆز تېررىتورىيىسـىدىكى چارۋىچىلىـق رايونىغـا چېكىنگـەن. ئـۇ، كـۈچ توپـلاپ دۈشـمەنگە قايتۇرمـا زەربـە بەرگـەن.

تىئـوداتII (320 ـ 214) سـىلىۋكىلار پادىشـاھلىقى پارپىيىنـى بېسـىۋالىدىغان بولسـا، يۇنـان باكتىرىيـە پادىشـاھلىقىغىمۇ خـەۋپ تۇغۇلىدىغانلىقىنـى نـەزەردە تۇتـۇپ، سـىلىۋكىلار پادىشـاھلىقى بىلـەن بولغـان مۇناسـىۋەتنى ئـۈزۈپ، پارپىيـە بىلـەن ئىتتىپـاق تۈزگـەن. شـۇنىڭدىن كېيىـن، يۇنـان باكتىرىيـە پادىشـاھلىقى بىلـەن پارپىيەنىـڭ بىرلەشـكەن قوشـۇنلىرى سـىلىۋكىلەرگە قاتتىـق زەربـە بەرگـەن، پارپىيـە پادىشـاھى ئارتابـان (294 ـ 196) سـىلىۋكىلار پادىشـاھلىقىدىن مىدىيەنىـڭ كـۆپ قىسـمىنى ۋە پايتەخـت ئىكباتانانـى تارتىۋالغـان. دەل شـۇ چاغـدا، يۇنـان باكتىرىيـە پادىشـاھلىقىدا ئىچكـى ئـۇرۇش يـۈز بەرگـەن. كىچىـك ئاسـىيالىق ئىۋتىدىـم (يۇنـان نەسـلىدىن) تىئـودات II نىـڭ قولىدىـن هاكىمىيەتنـى تارتىۋالغان. ئىۋتىدىـم هاكىمىيەتنـى تارتىۋلىشـتا، سـوغدىيانانىڭ تىئـودات II گـە بولغـان نارازىلىقىدىـن پايدىلانغـان.

ئىۋتىدىمنىـڭ ۋاقتىـدا يۇنان باكتىرىيە پادىشـاھلىقى بىلەن سـىلىۋكىلار ئارىسـىدا ئـۇرۇش يـۈز بـەردى. مىلادىدىـن 208 يىـل بـۇرۇن سـىلىۋكىلار پادىشاھى ئانتىئوخ III يۇنـان باكتىرىيـە پادىشـاھلىقىغا هۇجـۇم قىلـدى ۋە باكتىرىيىنىـڭ پايتەختـى زارى ئاسـپ شـەھىرىنى قورشـىۋالدى. قورشـاۋ ئىككـى يىـل داۋام قىلـدى. «ئىۋتىدىـم،

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە I توم 85 ـ بەت.

كۆچمەنلەرنى ياردەمگە چاقىرىمەن دەپ تەھدىت سالغاندىن كېيىنلا، ئانتىئوخ III شەھەر قورشاۋىنى بىكار قىلدى.»[1] مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇن ئېۋتىدىمنىڭ ئوغلى دىمىترى ئانىسى نامىدىن ئانتىئوخ III بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن تەپ تارتماستىن دۈشمەن قارارگاھىغا كېلىدۇ. ئانتىئوخ III سۆھبەت جەريانىدا، دىمىترىنىڭ باتۇر ۋە ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى سېزىپ ھەيران قالىدۇ. شۇ يىلى ئىككى دۆلەت ئارىسىدا ئەھدىنامە تۈزۈلىدۇ. ئەھدىنامىگە بىنائەن، ئانتىئوخ III ئېۋتىدىمنىڭ پادىشاھلىق ئۇنۋانىنى تەن ئالىدۇ ۋە ئۆز قىزلىرىدىن بىرىنى دىمىترىگە ياتلىق قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ.

ئېۋتىدىمدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى دىمىترى ۋاقتىدا، يۇنان باكترىيە پادىشاھلىقىنىڭ ناھايىتى كۈچەيگەنلىكىنى باشتا يازغانىدۇق. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، مىلادىدىن 174 يىل ئىلگىرى، دىمىترىنىڭ قوشۇن باشلاپ ھىندىستانغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئېۋكىراتىت (دىمىترىنىڭ ھەربىي باشلىقلىرىدىن بىرى) ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. مىلادىدىن 174 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 167 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان يەتتە يىل ئىچىدە يۇنان باكترىيە پادىشاھلىقىغا ئىككى پادىشاھ (ھىندىستان قىسمىغا دىمىترى، ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىغا ئېۋكىراتىت) ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مىلادىدىن 167 يىل بۇرۇنقى چاغقا كەلگەندە، ئېۋكىراتىت يۇنان باكترىيە پادىشاھلىقىغا يەككە - يېگانە ھالدا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئېۋكىراتىت مىلادىدىن 155 يىل بۇرۇن ھىندىستانغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشىدىن قايتىپ كەلگەندە، ئوغلى ئاپاللودوت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئاپاللودوتنى ئۇكىسى كىلىئوكىل ئۆلتۈردى.

يۇنان باكترىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى مىلادىدىن 140 يىل بۇرۇن ئۇلۇغ ياۋچىلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. كىلىئوكىلنىڭ ۋاقتىدا يۇنان باكترىيە پادىشاھلىقى ۋە يۇنان ھىندى پادىشاھلىقىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتكە ئايرىلىپ كەتتى. ئۇلۇغ ياۋچىلار يۇنان باكترىيە دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئاجىزلاپ كەتكەن ۋاقتىدا ئافغانىستانغا بېسىپ كىرىپ، 110 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇ دۆلەتنى يوقاتتى.

ئۇلۇغ ياۋچىلار ئەڭ قەدىمكى چاغدا ھازىرقى گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدا

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە I توم 85 - بەت.

ياشايتتى. ئۇلار مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇن قۇرۇلغان ئۇلۇغ هون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ ئۇلۇغ هۆكۈمرانى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ۋاقتىدا بويسۇندۇرۇلغان.

ئۇلۇغ ياۋچىلار، هون تەڭرىقۇتلۇقىغا تەۋە بولۇشتىن بۇرۇن (مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن) مۇستەقىل خانلىق بولۇپ، 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە ئىدى. مانا شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئۇلۇغ ياۋچىلار ئاهالىسى 1 مىليونغا يېقىن بولسا كېرەك. ئۇلار ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ئۇلۇغ ياۋچىلار ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ هونلار، ئۇيسۇنلار بىلەن بىر - بىرىگە يان قوشنا بولۇپ ياشىغان. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۇيسۇنلار بىلەن خېشى كارىدورىدا ياشىغان بولسا، هونلار ئۇلارنىڭ شەرقى (هازىرقى موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇل) دا ئىدى.

ئۇلۇغ ياۋچىلار مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن ئۇيسۇنلارغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانىناندۇمىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يايلاقلىرىنى بېسىۋالغان. ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئۇيسۇنلار شەرققە قېچىپ، هونلار قانىتى ئاستىدا ئامانلىق تاپقان. هونلارغا قېچىپ بارغان ئۇيسۇن يابغۇسى تۇغۇلغىنىغا بىرنەچچە ئاي بولغان خانزادە راغومىنى (ناندۇمىنىڭ ئوغلى) مۇ بىللە ئېلىپ قاچقان. ئۇنى باتۇر تەڭرىقۇت تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان. راغومى، هونلارنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەن. باتۇر تەڭرىقۇت ئۇنى ئۇيسۇنلارغا خان قىلىپ تەيىنلەپ، پۈتۈن ئۇيسۇن ئاهالىسىنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرغان. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇيسۇنلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئارىسىدا يەنە ئۇرۇش يۈز بەرگەن. بۇ قېتىممۇ ناهايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئۇيسۇنلار ئىرتىن ۋادىسىدىن (ئىنگشىيادا) ۋە خېشى كارىدورىدىن غەربكە قاراپ كۆچۈپ ئىلى ۋادىسىغا بېرىپ ماكانلاشقان.

مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇن ئۇلۇغ ياۋچىلار هونلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 175 يىل بۇرۇن ئوغلى كۆكخان (كايۇق تەڭرىقۇت) قوماندانلىقىدا هون قوشۇنلىرىنى ياۋچىلارنى جازالاشقا ماڭدۇردى. كۆكخان قوماندانلىقىدىكى هون قوشۇنلىرى ئۇلۇغ ياۋچىلارنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانىنى ئۆلتۈردى. قانلىق جازاغا يولۇققان ئۇلۇغ ياۋچىلار مىلادىدىن 175 يىل بۇرۇن مەرهۇم خانىنىڭ مەلىكىسى باشچىلىقىدا غەربكە قاراپ كۆچۈپ، دەسلەپ كۆچاغا كەلدى. ئۇلار بۇ يەردىن ئىلى ۋادىسىغا ئۆتۈپ، ئورۇنلاشقىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئۇيسۇنلارنى ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىلى

ۋادىسىدا يەرلەشكىنىگە 25 يىل بولغاندا (مىلادىدىن 150 يىل)، هونلارنىڭ يادىمىنى ئالغان ئۇيسۇنلارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئىلى ۋادىسىدىنمۇ كۆچتى. ئۇلۇغ ياۋچىلار غەربىي جەنۇبقا سىلجىپ قەشقەرگە كەلدى. بۇ يەردە ئانچە ئۇزۇن تۇرمايلا، يۇنان باكتىرىيە پادىشاھلىقىنىڭ شىمالىي قىسمى (ئافغانىستاننىڭ شىمالىي) غا بېسىپ كىرىپ گېلوكىل هۆكۈمرانلىقىنى خەۋپ ئاستىدا قالدۇردى. تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلۇغ ياۋچىلار مىلادىدىن 140 يىل بۇرۇن يۇنان باكتىرىيە پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ، تارىختا «تۇخارىستان» دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇرغان. «توخار» سۆزىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ قانداق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھېلىغىچە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق.

مىلادىدىن 126 يىل بۇرۇن ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئالدىغا بارغان جاڭ چيەن ئۇلارنى هونلارغا قارشى تۇرۇشقا كۇشكۇرتكەن، ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن هونلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۇلاردىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلغان. ئۇلۇغ ياۋچىلار جاڭ چيەننى ئوچۇق چىراي قارشى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پادىشاھ خەن ۋۇدى نامىدىن قويغان تەلىپىنى رەت قىلغان.

## هونلار، كۇشانلار ۋە ئاق هونلار دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇن غەربكە يۈرۈش قىلىپ كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدىغا يازغان مەكتۇپىدا مۇنداق دېگەنىدى: «لولان، ئۇيسۇن خانلىقى ئوغۇزلارنى[1] ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 خانلىقنى هۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالدىم. شۇلارنىڭ ھەممىسى هونلار دۆلىتى تەركىبىگە كىردى. ئوقيا كۆتۈرگەن خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە بولۇپ بىرلەشتى.»[2]

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇن يەتتەسۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرغان. هونلارنىڭ تەڭرىقۇتلىرى ئۆز تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خانلىقلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن باتىس خان دەپ ئاتىلىدىغان هون خانىنى تەيىنلىگەن. هونلارنىڭ باتىس خانلىرىنىڭ ئوردىسى كورلا ئەتراپىدا ئىدى. ئۇلار تەڭرىقۇتقا ۋاكالىتەن ئوتتۇرا

(1) ئوغۇزلار شۇ چاغدا چۆچەك ۋە زايسان ئەتراپلىرىدا ياشايتتى ئا.

(2) بەن گۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. هۇنلار ھەققىدە قىسسە».

ئاسىيا بىلەن غەربىي ئاسىيانى باشقۇراتتى. هونلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان هۆكۈمرانلىقى ناهايىتى ئۇزۇن داۋام قىلغان. بۇنداق هۆكۈمرانلىقنىڭ ۋاقتىنى مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 200 ـ يىللىرىغىچە هېسابلاش مۇمكىن.

كوشانلار دەۋرىدە (مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 420 ـ يىللىرىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خېلى قىسمى ئۇلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانىدى.

بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئۇلۇغ ياۋچىلار قۇرغان توخارىستان دۆلىتى بەش يابغۇ تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بەش خانلىقتا بۆلۈنگەن. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ۋاهان يابغۇسى (ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا).

2. ماستۇچ يابغۇسى (شىمالىي پاكىستاندىكى ماستۇچ).

3. كوشان يابغۇسى (ۋاهاننىڭ غەربىدە).

4. فەرۋان يابغۇسى (كابۇلنىڭ شىمالىدا).

5. كابول يابغۇسى.

تەخمىنەن 100 يىلچە هۆكۈم سۈرگەن (مىلادىدىن 140 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) توخارىستان دۆلىتى مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ، بىرلەشكەن، كۈچلۈك كوشان ئىمپېرىيىسى بولۇپ قۇرۇلۇشقا باشلىدى. مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇن كوشان يابغۇسى قەنىشقا I (مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 30 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە قاغان بولغان) باشقا يابغۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، كوشان دەپ ئاتىلىدىغان يەر نامى بىلەن تارىختا يېزىلغان كوشان ئىمپېرىيىسىگە ئاساس سالدى. ئۇ پارپىيە بىلەن ئۇرۇش باشلاپ، پارپىيە قوشۇنلىرىنى هىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا، كابول رايونى ئەتراپىدا تارمار قىلدى. قەنىشقا I شۇ ئۇرۇش ئارقىلىق پارپىيە تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىنى كوشان ئىمپېرىيىسىگە قوشۇۋالدى[1].

تەخمىنەن 500 يىل هۆكۈم سۈرگەن كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخىنى قىسقىچە قىلىپ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىش مۇمكىن: قادفىس I (مىلادىنىڭ 40 ـ يىلىدىن 75 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) ۋە قادفىس II (75 ـ 95

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە I توم 105 ـ بەت.

قاتارلىق ئىمپېراتورلارنىڭ ۋاقتىدا، كوشانلارنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسى بىلەنلا چەكلەنگەنىدى. قوجۇلا قادفىس I (40 ـ 75) ۋاقتىدا، كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى، خارەزمى، سوغدىيانادىن تارتىپ ھىندىستانغىچە، پامىردىن پارپىيەگىچە سوزۇلدى. قادفىس II (75 ـ 95) ھىندىستاننى بانارىسقىچە بېسىۋالغانىدى.

كوشانلارنىڭ پايتەختى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى پىشاۋۇر ئىدى. كوشانلار قەنىشقا II (مىلادىنىڭ 110 ـ يىلىدىن 123 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىدە، ناھايىتى كۈچلۈك بىر دۆلەت ھالىغا كەلدى.

كوشان ئىمپېرىيىسى «شاھلار شاھى» نامىنى ئالغان قەنىشقا II (بەزى تارىخچىلار ئۇنى مىلادىنىڭ 78 ـ يىلىدىن 123 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان، دەپ يازىدۇ) دەۋرىدە، ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە مەدەنىيەتلىك بىر دۆلەت سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلغانىدى.

كوشان ئىمپېراتورى قەنىشقا II مىلادىنىڭ 89 ـ يىلى خەن سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، خەن مەلىكىسىگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن پادىشاھ خەن خېدى ئىران بىلەن بولغان دوستلۇققا دەخلى يېتىشتىن ئەنسىرەپ، قەنىشقا II نىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، كوشان ئەلچىلىرىنى قاماققا ئالدى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان قەنىشقا II مىلادىنىڭ 90 ـ يىلى 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى پامىر ئارقىلىق تارىم ۋادىسىغا ماڭدۇردى. شۇ چاغدا خەن سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بولغان بەن چاۋ، خوتەن، ياركەنت، قەشقەر قاتارلىق ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىغا يول كۆرسىتىپ تۇردى، بۇ قوشۇنلار كوشان قوشۇنلىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. خەن سۇلالىسى مىلادىنىڭ 103 ـ يىلى غەربىي ھونلار (شىمالىي ھونلار) نىڭ بېسىم ئىشلىتىشى بىلەن، بەن چاۋنى قەشقەردىن چاقىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا خەن سۇلالىسى بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلدى. قەنىشقا II تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خانلىقلىرى بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەر ئېلىپ باردى. ئۇ مىلادىنىڭ 120 ـ يىللىرى خوتەن، ياركەنت، قەشقەر قاتارلىق خانلىقلارنى كوشان ئىمپېرىيىسى تەركىبىگە قوشۇۋالدى.

قەنىشقا II دەۋرىدە، كوشانلار شەرق ئەللىرى بىلەنلا ئەمەس، غەرب ئەللىرى بىلەنمۇ ئالاقە ئورناتقان. مىلادىنىڭ 99 ـ يىلى كوشان ئەلچىلىرى رىمغا بېرىپ،

رىم ئىمپېرىيىسى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى. كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى بولغان جايلاردىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ناھايىتى كۆپ مىقداردا رىم ئىمپېراتورى بېرون (54 ـ 68) ۋاقتىدىكى تەڭگىلەرنىڭ تېپىلىشىمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ. كوشانلار رىم بىلەنلا ئەمەس، شەرقىي ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەنمۇ ئالاقىدە بولغان[1].

كوشانلار تارىخىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ھەققىدە يېتەرلىك، ئېنىق مەلۇمات يوق. بەزىبىر تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىنىڭ III ئەسىرگە كەلگەندە، كوشانلار ئاجىزلىشىشقا باشلىغان. شۇ چاغدا كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى تارىيىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، كابول ۋادىسى، كەشمىر، ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمى بىلەنلا چەكلەنگەن. كوشانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارا ـ بارا سۇسلاشقان (كوشانلار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا، خارەزىمى، سوغدىيانا مۇستەقىل بولۇۋالغان)، ئۇلار ھىندىستان مۇھىتىدا ياشىغانلىقتىن، كوشان ئىمپېراتورلىرى ھىندى شاھلىرىغا ئايلانغان، كوشانلار ھىندلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن.

كوشان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە (مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 420 ـ يىلىغىچە)، شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى سودا ئىشلىرى ناھايىتى راۋاجلانغان. كوشانلار غەرب مەدەنىيىتى (ئاساسەن يۇنان مەدەنىيىتى) ئاساسىدىكى مەزمۇنى مول، يۈكسەك بىر مەدەنىيەتنىڭ يارىلىشىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ تېرمىز شەھىرىگە يېقىن بولغان «ئايرتام» دىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسىدىن تېپىلغان چالغۇچىلارنىڭ تاشتىن ياسالغان ھەيكىلىدىكى تەسۋىرلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ[2].

كوشان سەنئىتى ھىندىستان مەدەنىيىتىدە (ھىندىستاندىكى تاكسىلار ۋە مادورا شەھەرلىرىنىڭ يادىكارلىقلىرى)، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە (كۇچا ۋە قەشقەردىن تېپىلغان ھەيكەللەر) ۋە شەرقىي ياۋروپا مەدەنىيىتىدە (ئالانلار مۇھىتى ئارقىلىق) چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان[3].

كوشان ئىمپېرىيىسى تەركىبىدىكى خەلقلەر ھەرخىل تىلدا (تۈركىي، پارس، ھىندى تىللىرىدا) سۆزلەشكەن. خارەزىمى يېزىقى، قاروشتى يېزىقى (بۇ يېزىقلار

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى » ئۆزبېكچە I توم 109 ـ بەت.
(2) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى » ئۆزبېكچە 114 ـ بەت.
(3) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى » ئۆزبېكچە 116 ـ بەت.

سۇرىيە يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن)، كوشان يېزىقى (بۇ يېزىق يۇنان يېزىقى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن) قاتارلىق يېزىقلارنى قوللانغان.

كوشان ئىمپېرىيىسى تەركىبىدىكى خەلقلەر ئاتەشپەرەسلىك، شامانىزىم، مانىخەي دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغاندىن تاشقىرى، بۇددا دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يەتتە سۇدىن تېپىلغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بۇنىڭدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

بىز كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ مىلادى 420 ـ يىلى ئاق هونلار تەرىپىدىن يوقىتىلغانلىقىنى، كوشان ئىمپېرىيىسىگە هۆكۈمرانلىق قىلغان توققۇز ئىمپېراتورنىڭ نامىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگىمىز. كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورلىرىنىڭ ناملىرى، ئۇلارنىڭ ئىمپېراتورلۇق تەختتە ئولتۇرغان يىللىرى تۆۋەندىكىدەك:

مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللاردا:

1. قەنىشقا II (58 ـ 31) 28 يىل ئىمپېراتور بولغان.
2. خىۋىشقا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 31 ـ يىلىدىن مىلادى 10 ـ يىلىغىچە) 40 يىل ئىمپېراتور بولغان.

مىلادىدىن كېيىنكى يىللار:

3. ۋاسودىۋا (10 ـ 40) 30 يىل ئىمپېراتور بولغان.
4. قوجولا قادفىس I (40 ـ 75) 35 يىل ئىمپېراتور بولغان.
5. ۋىما قادفىس II (75 ـ 98) 32 يىل ئىمپېراتور بولغان.
6. ۋىيىشقا (95 ـ 110) 15 يىل ئىمپېراتور بولغان.
7. قەنىشقا II (ـ110 011 129) (يەنە بەزى تارىخى مەلۇماتلاردا، قەنىشقا II مىلادىنىڭ 78 ـ يىلىدىن 123 ـ يىلىغىچە 45 يىل ئىمپېراتور بولغان دېيىلىدۇ.)
8. ۋاسودىۋا ( ـ 250).
9. كىتارا (بۇ ئىمپېراتور مىلادىنىڭ V ئەسىردە تۇغۇلغان).

كوشان ئىمپېراتورلىرىنىڭ نەسەبنامىسىنى تولۇق يېزىشقا ئىمكانىيەت

بېرىدىغان ماتېرىياللار بۇگۈنگە قەدەر تېخى تولۇق تېپىلغىنى يوق. تېپىلغانلىرى يۇقىرىقىدەك.

كوشان ئىمپېرىيىسى مىلادىنىڭ III ئەسىرگە كەلگەندە ئاجىزلاپ كەتتى. بۇ چاغدا ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 225 ـ يىلىدىن 651 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) كۈچىيىشكە باشلاپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئافغانىستاننى بېسىۋالدى. IV ئەسىرگە كەلگەندە، هىندىستاندىكى گوفتا پادىشاهلىقى (مىلادىنىڭ 320 ـ يىلىدىن 445 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) كۈچىيىپ هىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا بولغان هۆكۈمرانلىقىنى تىكلىۋالدى. كوشانلار هىندىقۇش تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى تېررىتورىيىگىلا بولغان هۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالالىدى.

مىلادى V ئەسىرنىڭ بېشىدا (مىلادىنىڭ 420 ـ يىلى) ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن كەلگەن ئاق هونلار باكترىيىنى بېسىۋېلىپ، هىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا هۇجۇم قىلىپ، كوشانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتتى.

ئاق هونلار ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايى ئاق سۈزۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، VI ئەسىردە ياشىغان شەرقىي روما تارىخچىسى فروكوفىس ئۇلارنى ئاق هونلار دەپ يازغان. V ئەسىردە ياشىغان ئەرمەن تارىخچىلىرى «كوشانلار بىلەن ئىفتالىتلار (ئاق هونلار) نى بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلمايدۇ.»[1] چۈنكى كوشانلارمۇ ئاق هونلارمۇ ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن ئىدى، بۇنى «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئىفتالىتلار هەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتمۇ ئىسپاتلايدۇ. يىلنامىدە بۇنداق دېيىلگەن: « ئىفتالىتلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن كېلىپ چىققان.»

بەزىبىر شەرق ئالىملىرىمۇ يۇقىرىدىكى قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئاق هونلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەتقىق قىلىش لازىم.

ئاق هونلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزىمى ۋە سوغدىيانادىكى هۆكۈمرانلىقىنى چىڭىتىۋالغاندىن كېيىن، كوشانلارنىڭ ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىگە تارتتۇرۇپ قويغان تېررىتورىيىسىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشقا بەل باغلىدى. شۇ

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە 118 ـ بەت.

سەۋەبتىن، ئاق هونلار بىلەن ئىران ئارىسىدا ناهايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار باشلاندى.

ئاق هونلارنىڭ تۇنجى پادىشاھى ئاق سىۋارخان (مىلادىنىڭ 420 ـ يىلىدىن 470 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) بىلەن ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى بەھرام گور (418 ـ 438) ئارىسىدا ئۇرۇش بولدى. مەرۋى شاھ جاھان يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا ئىران غەلىبە قىلدى. ئاق هونلار بىلەن ئىران ئارىسىدىكى چېگرا تالقان شەھىرى (مەرۋى شاھ جاھان بىلەن بەلخ ئارىسىدىكى شەھەر) يېنى قىلىپ بەلگىلەندى. ئاق سىۋارخان مىلادىنىڭ 457 ـ يىلى بەدەخشان، توخارىستان، چىغانىيان، گوزگان (مورغاپ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدا) نى بېسىۋالدى. ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى فىروزنىڭ ۋاقتىدا (459 ـ 484) ئاق هونلار بىلەن ئىران ئارىسىدا ئۈچ قېتىم ئۇرۇش بولدى. بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا ئاق هونلارنىڭ پادىشاھى ئاق سىۋارخان فىروزنى تارمار قىلدى. فىروز ئاق هونلارغا ئەسىرگە چۈشتى. لېكىن فىروز ئىراننىڭ ئىتتىپاقدىشى شەرقىي رىم (مىلادىنىڭ 394 ـ يىلىدىن 1451 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى زىنون تەرىپىدىن ئاق هونلارغا ئەۋەتىلگەن ئولپان هېسابىغا ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ قالدى. شۇ ئۇرۇشتىن كېيىن، ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى ئاق هونلارغا چېگرىدىكى تالقان شەھىرىنى بېرىش ۋە بەھرام گور ۋاقتىدا (418 ـ 438) بەلگىلەنگەن چېگرىدىن ئۆتمەسلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، بۇ مەجبۇرىيەتلەر ئورۇندالمىدى. مىلادىنىڭ 475 ـ يىلى فىروز شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ساسانىيلار پايتەختىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئىئۇسىۋنىڭ ھەمراھلىقىدا (شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ئىرانغا ئالتۇن ياردەم قىلىپ، ئىراننى ئاق هونلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتكەن) ئاق هونلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىفتالانوس (مىلادىنىڭ 470 ـ يىلىدىن 496 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) قوماندانلىقىدىكى ئاق هون قوشۇنلىرى ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. فىروز ئەسىرگە چۈشتى. فىروز ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئاق هونلارغا كۈمۈش دىنار (ئىران پۇلى) بىلەن تولدۇرۇلغان قاپلار يۈكلەنگەن 30 قېچىر بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. ئەمما فىروز 20 قېچىر كۈمۈش دىنارنى ئاران بېرەلىدى. شۇڭا ئۇ قوباد ئاتلىق ئوغلىنى ئاق هونلارغا كۆرۈگە قويۇپ، خىراج تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. فىروز بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئۆز سىڭلىلىرىدىن بىرىنى ئىفتالانوسقا ياتلىق

قىلىپ، ئاق هونلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە ئۇرۇندى. ئەمما فىروز ئالدامچىلىق قىلىپ، ئەفتالانوسقا ئۆز سىڭلىسىنى ئەمەس، بەلكى باشقا بىر يالغان مەلىكىنى ياتلىق قىلدى. بۇنداق ئالدامچىلىقنى ئۆز ۋاقتىدا سەزگەن ئەفتالانوس ئىراندىن كەلگەن هەربىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلتۈرۈشكە ۋە بىر قىسمىنى ئۇرۇپ ناكا قىلىۋېتىشقا بۇيرۇق بەردى[1].

ئاق هونلار فىروز بىلەن بولغان ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىراننى ئاساسەن قارام هالغا چۈشۈرۈپ قويدى. فىروز ئىككى قېتىم ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، يەنە شەرقىي رومانىڭ ياردىمىنى ئېلىپ مىلادىنىڭ 484 ـ يىلى ئاق هونلارغا قارشى ئۈچىنچى قېتىم ئۇرۇش باشلىدى. فىروز قوماندانلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرى ئاق هونلار تېررىتورىيىسىگە قەدەم قويغان هامان، ئەفتالانوسنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئۈستى نىقابلانغان چوڭقۇر ئورەكلەرگە چۈشۈپ هالاك بولدى. شۇ ئۇرۇشتا فىروز ۋە ئۇنىڭ يەتتە ئوغلىمۇ ئۆلدى. ئاق هونلار مەرۋى شاه جاهانى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن جايلارنى بېسىۋېلىپ، ئىرانغا ناهايىتى ئېغىر سېلىق سالدى. يۇقىرىدىكى غەلىبىدىن كېيىن ئەفتالانوس كابۇلنى ۋە هىندىستاننىڭ پەنجاپ ۋادىسىنى بېسىۋالدى. ئارقىدىنلا ئەفتالانوس قاراقۇرۇمدىن ئۆتۈپ، خوتەن، ياركەنت، قەشقەر، كوچا قاتارلىق ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى ئاۋارلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى[2]. ئەفتالانوسنىڭ ۋاقتىدا، ئاق هونلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىگە ئوتتۇرا ئاسىيا (تارىم ۋادىسىنىڭ بىر قىسمىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى، هىندىستاننىڭ بىر قىسمى كىردى.

ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاهىنشاهلىرى قۇباد (484 ـ 530)، نۇشىرۋان (530 ـ 580) نىڭ ۋاقتىدا، ئىران ئاق هونلارغا سېلىق تۆلەپ تۇردى. ئىران مىلادىنىڭ 459 ـ يىلىدىن باشلاپ (فىروز شاهىنشاه بولغاندىن تارتىپ) 554 ـ يىلىغىچە ئاق هونلارغا قارام بولۇپ ياشىدى. VI ئەسىردە ياشىغان ئەرمەن تارىخچىسى لازىر پاربىسكى «فىروزنىڭ ئىراننى ئەفتالىتلارغا (ئاق هونلارغا دېمەكچى) ساتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قۇللۇقتىن هېچقاچان قۇتۇلماسلىقىنى غەمكىنلىك بىلەن تەكىتلىگەن.»[3]

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى » ئۆزبېكچە 121 ـ بەت.

(2) «لياڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئەفتالىتلار هەققىدە قىسسە».

(3) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە I توم 120 ـ بەت.

ئاق ھونلارغا ئەفتالانوستىن كېيىن تورامانخان (496 ـ 510)، مېھرىكورا (510 ـ 540) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ پادىشاھ بولغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى پادىشاھى گاتپارا بولسا كېرەك.

ئاق ھونلار مېھرىكورانىڭ ۋاقتىدا (510 ـ 540)، قارا شەھەر ئەتراپىدا ئۇيغۇر خانلىقى (487 ـ 546) بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇشقان، لېكىن جۇڭگو تارىخچىلىرى «ئېگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى» (高车王国) دەپ ئاتىغان ئۇيغۇر خانلىقى كۆپ چاغلاردا ئاق ھونلارنىڭ مەدەت بېرىشىگە ئىگە بولۇپ، ئاۋارلارغا قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بارغان.

مېھرىكورا، ئاۋار قاغانلىقى (396 ـ 551) نىڭ قاغانى ئاناغاي (521 ـ 551) نىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلىنىپ، ئاۋارلار بىلەن بولغان دۈشمەنلىك ھالىتىگە خاتىمە بەرگەن. بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىشىدىن تولىراق ئاۋارلار مەنپەئەتدار ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، مېھرىكورا مىلادىنىڭ 516 ـ يىلى چاڭجياڭ ۋادىسىدىكى لياڭ سۇلالىسى (502 ـ 557) غا ئەلچى ئەۋەتىپ دوستلۇق ئورناتقان[1].

ئىران پەقەت مىلادىنىڭ 554 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاق ھونلارغا بولغان قارامىلىقتىن قۇتۇلۇپ تولۇق مۇستەقىل ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. بۇنىڭغا مىلادىنىڭ 551 ـ يىلى قۇرۇلغان كۆك تۈرك خاقانلىقى (551 ـ 744) سەۋەب بولغان. چۈنكى، كۆك تۈركلەر مىلادىنىڭ 554 ـ يىلى ئاق ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى ئېغىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى ئوڭۇشلۇق بولغان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاق ھونلارغا بولغان قارامىلىقتىن قۇتۇلۇپ چىقىش بىلەن بىرگە، توخارىستاننى ئاق ھونلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان. كۆك تۈركلەر ئىران بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مىلادىنىڭ 560 ـ يىللىرى 140 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئاق ھون دۆلىتى (420 ـ 565) نى تارمار قىلىپ ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىۋالغان.

ئاق ھونلار باشتا ماراكەنتنى پايتەخت قىلغان بولسا، مېھرىكورا پادىشاھ بولغاندىن باشلاپ (مىلادىنىڭ 510 ـ يىلى) پەنجاپ ۋادىسىدىكى ساركوت شەھىرىنى پايتەخت قىلغان.

ئاق ھونلار ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدىن كۆپ ھالدا باج ـ سېلىق ئېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى

(1) يۇتەنخېڭ (ياپون تارىخچىسى) «غەرب ئەللىرى مەدەنىيىتى تارىخى» خەنزۇچە 28 ـ بەت.

ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا يول قويغان.

ئاق هونلار تولىراق شەھەرلەردە ياشىغان. ئۇلار ئۈمىد بىلەن قورالانغان باتۇر ۋە شەپقەتسىز قوشۇنغا ئىگە ئىدى. ئاق هونلاردا ئاساسەن غەربىي هون تىلى يېتەكچى تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان. ئاق هونلار دۆلىتى تەركىبىدە تۈرلۈك خەلقلەر (تۈركىي، پارس، هىندىلار) ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار تۈرلۈك دىنلار (بۇددا، ئاتەشپەرەسلىك، مانىي دىنلىرى) غا ئېتىقاد قىلغان.

ئاق هونلار ناهايىتى يۇكسەك مەدەنىيەت ياراتقان. ئاق هونلار دەۋرىدە، جۇڭگو رەڭلىك شىشە ياساشنى ئاق هونلاردىن ئۆگەنگەن. «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى. غەرب ئەللىرى هەققىدە قىسسە» بابىنىڭ «ئۇلۇغ ياۋچىلار» تارمىقىدا بۇنداق دېيىلگەن: «ياۋچىلارنىڭ پايتەختكە (ۋېي خانلىقىنىڭ پايتەختى داتۇڭ شەھىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) كەلگەن سودىگەرلىرى، بىز تاشنى ئېرىتىپ ئۇنىڭدىن هەرخىل رەڭدىكى شىشىلەرنى ئىشلەشنى بىلىمىز، دەپ جاكارلىغان. ئۇلار تاغلاردىن رۇدا كەلتۈرۈپ پايتەختتە رەڭلىك شىشە قۇيۇش ئۇستىدە تەجرىبە قىلغاندا، نەتىجىلىك چىققان. ئۇلار ياسىغان شىشىلەر شۇنچىلىك پارقىراق چىققانكى، هەتتا غەربىي مەملىكەتلەردىن كەلتۈرۈلگەن شىشىلەردىنمۇ چىرايلىق بولغان. شۇڭا، پادىشاھ (ۋېي پادىشاھى توباتاۋ كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئۇلار ياسىغان شىشىلەردىن ئوردىدىكى تەختلەرنى ياساشتا پايدىلىنىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەردى. يۈزدىن ئارتۇق ئادەم شىشە قۇيۇشنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. شىشىلەر ناهايىتى پارقىراق بوياقلارغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، سۈزۈك چىققان. بۇنداق شىشىلەرنى كۆرگەن كىشىلەر هەيران قېلىشىپ، ئۇلارنى ئىلاهىي شىشىلەر دەپ هېسابلىغان.» بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 424 - يىلى بولغان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان غەربىي مەملىكەتلەرنىڭ شىشىلىرى رىمنىڭ ياكى سۈرىيىنىڭ شىشىلىرى بولسا كېرەك[1]. چۈنكى، شۇنىڭدىن بۇرۇن جۇڭگو رەڭلىك شىشىلەرنى روما ياكى سۈرىيىدىن ئالاتتى.

ئاق هونلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېزا ئىگىلىكى، قول هۈنەرۋەنچىلىكى، سودا ئىشلىرى ۋە مەدەنىيىتى خېلى يۇكسەك سەۋىيىگە يەتكەن.

ئاق هونلار دۆلىتىگە پادىشاھ بولغانلار تۆۋەندىكىلەر:

1. ئاق سىۋارخان 420 - 470

2. ئىفتالانوس 470 - 496

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى » ئۆزبېكچە I توم 129 - بەت.

| | |
|---|---|
| 3. تورامانخان | 496 ـ 510 |
| 4. مىھىركوراخان | 510 ـ 540 |
| 5. گاتپارا | 540 ـ 556 |

ئاق ھونلار دۆلىتىنىڭ مىلادىنىڭ 565 ـ يىلى كۆك تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغانلىقىنى يۇقىرىدا ئېيتقانىدۇق.

## ئەرەب خەلىپىلىكى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋېلىشى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن، ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئەرەبلەرنىڭ سۈرىيە، ئىراق ۋە ئىراننى بېسىۋېلىشى توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دىنى، خرىستىئان ۋە بۇددا دىنلىرى بىلەن بىر قاتاردا دۇنيادا ئەڭ كۆپ تارقالغان دىنلار قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ دىنلارنىڭ پەيدا بولۇشى خەلقلەر ھاياتىدىكى ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەرگە باغلىق ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى بۇددا دىنى ئىدى. بۇددا دىنى مىلادىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن ھىندىستاندا پەيدا بولغان. خرىستىئان دىنى بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن پەيدا بولغان، ئىسلام دىنى بولسا مىلادىنىڭ VII ئەسىرىدە پەيدا بولغان، ھازىرقى ۋاقىتتا ئىسلام دىنى ئاساسەن ئەرەب مەملىكەتلىرىدە، تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان، ھىندىستان، پاكىستان، ھىندونېزىيە، مالايشىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە ھازىرقى جۇڭگودىكى، ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بىرمۇنچە مىللەتلەر ئارىسىغا تارقالغان.

ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتىنى ئىدى. ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالدا ئىراق، سۈرىيە بىلەن جەنۇبتا ھىندى ئوكيان بىلەن، شەرقتە پارس قولتۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربتە قىزىل دېڭىز ئارقىلىق ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ يەر مەيدانى 3 مىليون كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ھازىرقى ھىندىستاننىڭ زېمىن كۆلىمىگە توغرا كېلىدۇ، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىنىڭ بولسا تەخمىنەن تۆتتىن بىرىگە باراۋەر كېلىدۇ، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ

قىسمى قۇرۇق دەشت ـ باياۋانلار ۋە يېرىم سەھرالاردىن ئىبارەت. ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ ئىقلىمى قۇرغاق، ھاۋاسى ئىسسىق، ھۆل ـ يېغىن ناھايىتى ئاز ياغقانلىقتىن، دېھقانچىلىق قىلىشقا لايىق جايلار ناھايىتى ئاز، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىدىغان جايلار كۆپرەك ئىدى. دەشت ـ باياۋانلاردا ۋە يېرىم سەھرالاردا ئوت ـ چۆپلەر خېلى مول ئۆسەتتى. خورما بىلەن تۆگە سۈتى ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان ئەرەبلەرنىڭ ئاساسىي ئوزۇقى ئىدى، سۇ بولسا ھايات ۋە پاراۋانلىقنىڭ مەنبەسى ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ تەمسىللىرىدە: «ھەممە نەرسە سۇ بىلەن تىرىك»، «سۇ يوق جايدا يەر ھەم يوق» دېيىلىدۇ.

پەقەت ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان يەمەن رايونىلا تروپىك ئۆسۈملۈكلىرىگە باي، ھوسۇلدار جاي ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ھەر يىلى ئىككى قېتىم ھۆل ـ يېغىن پەسلى بولىدۇ، يەمەندە قەدىمدە دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىمكانىيەت كەڭ بولغان. يەمەندە مىلادىيىدىن بىرنەچچە مىڭ يىل بۇرۇنلا ئولتۇراقلاشقان ئەرەبلەر دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزگىچە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان يۈكسەك ئەرەب مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ يەمەن رايونىدىن باشقا جايلىرىدا ياشايدىغان ئەرەبلەر، ئارپا، بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىغاندىن تاشقىرى، خورما دەرەخلىرىنى ئۆستۈرەتتى. ئۇلار يەنە ساپال قاچىلارنى ياساش، رەخت توقۇش (ئاساسەن تۆگە تىۋىتىدىن يۇڭ رەخت توقۇش)، مىتال ئېرىتىپ ئۇرۇش قوراللىرىنى ياساش قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئەرەبلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى چۆللەردە چېدىر تىكىپ ياشاپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، پەقەت ئەرەبلەرنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىلا دېگۈدەك مەككە، مەدىنە قاتارلىق شەھەرلىرىدە ئولتۇراقلاشقانىدى، قۇرەيشلەردىن بىر قىسىم كىشىلەر سودىگەرچىلىك قىلىپ ھايات كەچۈرەتتى. ئەرەبلەر ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن بۇتپەرەس بولۇپ، خىلمۇ خىل بۇتلارغا چوقۇناتتى، بەزىلىرى يەھۇدىي، خرىستىئان دىنلىرىغىمۇ ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتىمۇ تەكشى ئەمەس ئىدى. يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرگە كۆرە، ئەرەبلەردە مۇستەھكەم بىرلىك يوق ئىدى. بۇ ئەھۋال ئەرەبلەردە بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەتنىڭ شەكىللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلاتتى. ھەتتا قەبىلىلەر بىلەن قەبىلىلەر ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. ئەڭ

دەسلەپ دۆلەت پەيدا بولغان يەمەن رايونىدا، مىلادىنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدە بىر قانچە دۆلەت پەيدا بولۇپ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئۇرۇشلا بولۇپ تۇردى.

مىلادىنىڭ VI ئەسىرىدە، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىغا ھەبەشلەر ۋە ئىرانلىقلار ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، ھىجاز ئارقىلىق ئۆتىدىغان سودا يولى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ھەبەشلەر ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى گۈللەپ ياشنىغان شەھەرلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. كارۋان سودىسىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى ئەرەبىستان ئاھالىسىگە ناھايىتى قاتتىق زەربە بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادى تەڭلىك (كرىزىس) يۈز بېرىپ، ئەرەبلەر ئېغىر ئەھۋالدا قالدى.

ئەرەبلەرنىڭ ھىجازدىكى ئاقسۆڭەكلىرى مەملىكەتنى مۇداپىئە قىلىش، يېڭى ئۆلكىلەر ۋە يېڭى رايونلارنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن، ئەرەبلەرنى بىرلەشتۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى.

بۇ غايىنى مىلادىنىڭ VII ئەسىرىگە كەلگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەھەتتىن تارقاق، ئىقتىسادىي جەھەتتە نامرات، مەدەنىيەت جەھەتتە قالاق ھالەتتە ياشاۋاتقان ئەرەب قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ئەرەب ئىسلام دۆلىتىنى قۇردى.

دۇنيادىكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى، قۇرئان ئەقىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 570 ـ يىلى مەككىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، تاغىسى ئەبۇتالىپ (ئىمام ئەلىنىڭ ئاتىسى) نىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياش ۋاقتىدا مەككىدىكى ئەڭ باي سودىگەر خەدىچە ئاتلىق ئايالنىڭ سودا كارۋانلىرىغا ئەگىشىپ، پەلەستىن، سۇرىيە قاتارلىق جايلارغا بارغان. ئۇ دەسلەپ خەدىچەگە ئۆيلەنگەن. قۇرئان ھۆكمى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەھىيسى كەلگەندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 610 ـ يىلى (شۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 40 ياشتا ئىدى) مەككىدە ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىشقا باشلىغان. مەككىدىكى قۇرەيشلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان. شۇ سەۋەبتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتلىرى مىلادىنىڭ 622 ـ يىلى يېرىم كېچىدە مەككىدىن چىقىپ، مەدىنىگە كەتكەن. بۇ ۋەقە ئىسلام تارىخىدا، «ھىجرەت» (سەپەر مەنىسىدە) دەپ ئاتىلىپ، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ

يىلنامىسى ھىجرىيە مانا شۇ چاغ (مىلادىنىڭ 622 ـ يىلى) دىن باشلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ناھايىتى تېز كۆپەيگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابرويى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي ئورنى مۇستەھكەملىنىشكە باشلىغان. ئۇ قوشۇن باشلاپ مەككىگە يۈرۈش قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، مۇسۇلمان ئەرەبلەر بىلەن كاپىر ئەرەبلەر ئارىسىدا كۆپ قېتىم ئۇرۇش بولغان. مىلادىنىڭ 630 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىنى ئالغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى پۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 632 ـ يىلى 62 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. دەل شۇ چاغدا، پۈتۈن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى ئىسلام بايرىقى ئاستىدا بىرلىككە كەلگەنىدى.

ئىسلام تارىخىدا: «خولىفائى راشىدىن» دەۋرى دەپ ئاتىلىدىغان دەۋردىكى (مىلادىنىڭ 632 ـ يىلىدىن 661 ـ يىلىغىچە) خەلىپە ئەبۇبەكرىنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 632 ـ يىلىدىن 634 ـ يىلىغىچە خەلىپە بولغان) ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنى قوشنا ئەللەرگە تارقىتىش تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلىدى.

ئەرەبلەر خەلىپە ئۆمەرنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 634 ـ يىلىدىن 644 ـ يىلىغىچە خەلىپە بولغان) غەرب ۋە شەرقتىكى قوشۇنلىرىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلىدى.

خەلىپە ئۆمەر دەسلەپ ئۆزىنىڭ غەربتىكى قوشنىسى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىگە ھۇجۇم باشلىدى. مىلادىنىڭ 635 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، خالىد قوماندانلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى شەرقىي روما قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، دەمەشقنى بېسىۋالدى. مىلادىنىڭ 636 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، خالىد ئىئوردانىيىدىكى يامۇق دەرياسىنىڭ بويىدا، روما ئىمپېراتورى ھىراكلىنىڭ (610 ـ 641) 200 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان چوڭ قوشۇنىنى تارمار كەلتۈرۈپ، پەلەستىننى بېسىۋالدى. شەرقىي روما قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى تىئودوروس شۇ ئۇرۇشتا ئۆلدى.

خەلىپە ئۆمەر، سۈرىيە پەلەستىننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىراننى بېسىۋېلىشقا بەل باغلىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مىلادىنىڭ 628 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىران پادشاھى خىسراۋ پەرۋىزگە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلغان. خىسراۋ پەرۋىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇپىنى يىرتىپ تاشلىغانىكەن. خەلىپە ئۆمەر مىلادىنىڭ 637 ـ يىلى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپدىشى سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس قوماندانلىقىدا خىللانغان، جەڭگىۋار ئەرەب قوشۇنلىرىنى ئىرانغا ماڭدۇردى. قەدشىيە(قادىسىيە) دېگەن جايدا (ئىراقتا)، ئەرەبلەر بىلەن ئىرانلىقلا ئارىسىدا ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئىران قوشۇنلىرىدا 30 دانە جەڭ پىلى بار ئىدى. ئەرەبلەر نەيزە تىقىپ، پىللارنىڭ كۆزىنى كور قىلدى، قىلىچ بىلەن خارتۇملىرىنى كېسىپ تاشلىدى. بۇ ۋەقە ئۇرۇشنىڭ ئۇچىنچى كۈنى يۈز بەرگەنىدى. قادىسىيە ئۇرۇشىدا، ئەرەبلەر ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. شۇ ئۇرۇشتا، ئىراننىڭ مەشھۇر جەڭ بايرىقىمۇ باشقا غەلىبە غەنىيمەتلىرى قاتارىدا ئەرەبلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ جەڭ بايرىقى ئىراننىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانى تۆمۈرچى كاۋىنىڭ پەرتۇقى (پەشتامانى) بولۇپ، ئۇنىڭغا خىلمۇ خىل رەڭلىك گۆھەر، ياقۇتلار قادالغانىكەن. «شاھنامە» دىكى رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى چاغدا، تۆمۈرچى كاۋى زالىم پادىشاھ زوھاكقا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭدا، مانا شۇ پەرتۇقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنى قوزغىلاڭنىڭ بايرىقى قىلغانىكەن.

ئىران شاھىنشاھى يەزدىگىرد III (634 ـ 651) خوراسان تەرەپ (ئىراننىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى) كە قېچىپ بېرىپ، قوشۇن توپلاشقا كىرىشتى. يەزدىگىرد III ئىران شاھىنشاھى ھورموزدIV (579 ـ 590) نىڭ ئوغلى مەردان شاھ قوماندانلىقىدىكى 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى شەرققە بېسىپ كېلىۋاتقان ئەرەبلەرگە قارشى ماڭدۇردى. مىلادىنىڭ 642 ـ يىلى نىھاۋەند دېگەن جايدا ئەرەبلەر بىلەن ئىرانلىقلار ئارىسىدا ھەل قىلغۇچ ئاخىرقى جەڭ بولدى. نومان ئىبنى مۇكاۋىن قوماندانلىقىدىكى 30 مىڭ كىشىلىك ئەرەب قوشۇنى، مەردان شاھ قوماندانلىقىدىكى 150 مىڭ كىشىلىك ئىران قوشۇننى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. يەزدىگىرد III ئىراننىڭ شەرقىغە قاراپ قاچتى. نىھاۋەند جېڭىدە ئەرەبلەرنىڭ غالىب كېلىشى ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھالاك بولۇش سىگنالىنى چالدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن تەشكىل قىلىنغان قوشۇنلار مىلادىنىڭ 642 ـ يىلىدىن 644 ـ يىلىغىچە، ئىراننىڭ ئىسفاھان، تەبەرىستان، ئەرمەنىستان، پارس، كىرمان، خوراسان ۋىلايەتلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن بېسىۋالدى. ئەرەبلەر مىلادىنىڭ 651 ـ يىلى، باي ۋە مەدەنىي شەھەر مەرۋگە بېسىپ كەلدى ۋە ئۇنى ئۇرۇشسىزلا قولغا چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن 427 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئىران ساسانىيلار دۆلىتى تارىخ سەھنىسىدىن يوقالدى.

ئىران نېمە ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ قولىغا ئاسانلا چۈشۈپ كەتتى؟

ئىران مىلادىنىڭ 628 ـ يىلى غەربىي تۈرك خاقانى تون يابغۇ، شەرقىي روما ئىمپېراتورى ھىراكلى باشچىلىقىدىكى تۈرك ۋە روما قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققانىدى. تون يابغۇ قاغان ئىراننىڭ شۇ چاغدىكى پايتەختى كتىسفون (ھازىرقى باغداد) غا بېسىپ كىرىپ، خىسراۋ پەرۋىزنى تەختتىن چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا قۇباد پادىشاھ بولغانىدى. ئىران تۈركلەر بىلەن بولغان شۇ ئۇرۇشتا ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ خېلى ئاجىزلاپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋال ئەرەبلەرنىڭ ئىراننى 15 ـ يىل ئىچىدە (مىلادىنىڭ 636 ـ يىلىدىن 651 ـ يىلىغىچە) تولۇق بېسىۋېلىشىنى ئاسانلاشتۇردى.

شۇنداق قىلىپ، ئەرەبلەر خەلىپە ئۆمەرنىڭ ۋاقتىدا (634 ـ 644)، شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ پەلەستىن، ئىئوردان، لىۋان، سۈرىيە، مىسىر، بىنگازى قاتارلىق ئۆلكىلىرىنى بېسىۋالدى. ئىراننىمۇ ئاساسەن بويسۇندۇردى. ئەرەبلەر خەلىپە ئوسماننىڭ ۋاقتىدا (644 ـ 651)، ئىراننى تولۇق بويسۇندۇردى. خەلىپە ئەلىنىڭ ۋاقتىدا بولسا (651 ـ 661)، ئەرەبلەردە ئىتتىپاقسىزلىق تۇغۇلۇپ، بىرمەزگىل قالايمىقانچىلىق بىلەن ئۆتتى.

خولەفائى راشىدىن دەۋرىدىكى (632 ـ 661) خەلىپىلەر ئىچىدە، خەلىپە ئۆمەر ناھايىتى كەسكىن، باتۇر، ئەقىللىق، تالانتلىق، ئادىل كىشى بولغانىكەن.

خەلىپە ئۆمەر مىلادىنىڭ 640 ـ يىلى بابىل شەھىرىنى قورشاۋغا ئالغاندا، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان قوماندانغا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سەن ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىساڭ، ئۇ چاغدا سەن بىلەن سېنىڭ خەلقىڭ بىزگە قېرىنداش بولىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنداق قىلىشنى خالىمىساڭ، بىز سېنى زادى مەجبۇر قىلمايمىز. سەن تەسلىم بولۇپ، سېلىق تۆلەشكە رازى بولساڭلا بولىدى. سەن بىلەن سېنىڭ خەلقىڭ زادى زىيانكەشلىككە ئۇچرىمايدۇ. ئەگەر سىلەر بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىساڭلار، ئۇ چاغدا بىز بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، تەقدىرىمىزنى ئاللاھ بىر تەرەپ قىلسۇن!»

خەلىپە ئۆمەر مىلادىنىڭ 636 ـ يىلى پەلەستىننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قۇددۇستىكى يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئىبادەتخانىلىرىغا ھېچقانداق دەخلى يەتكۈزمىگەن، يەھۇدىي ۋە خرىستىئان راھىبلىرى بىلەن پوپلىرىغا خەلىپە ئۆمەر تەرىپىدىن كۆپ ئىلتىپات، ھۆرمەت كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن، خېلى مەزگىلگىچە قۇددۇستىكى ھەممە دىنلارغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىلگەن. ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەر يىلى قۇددۇسنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن

كەلگەن خرىستىئانلار ئەركىن ھالدا كېلىپ - كېتىپ تۇرالىغان.

مىلادىنىڭ 661 - يىلى خەلىپە ئەلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خەلىپىلىك ھوقۇقى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ قولىدىن ئۇمەۋىلەر قەبىلىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. خولىفائى راشىدىن دەۋرىدىكى تۆت خەلىپە قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغانىدى. ئۇمەۋىلەر دەۋرى (مىلادىنىڭ 661 - يىلىدىن 751 - يىلىغىچە) دە پايتەخت كۇپىدىن دەمەشىقكە كۆچۈرۈلىدى.

ئەرەبلەر ئۇمەۋىلەر خەلىپىلىكىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشقا جىددىي ھەرىكەت قىلدى. ئەرەبلەرنىڭ شۇنچىغىچە بولغان غەلىبىسىنى تەمىن ئەتكەن ئاساسى سەۋەب ئەرەبلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ئاجىزلىقى ۋە سىياسىي - ئىقتىسادى جەھەتتىكى تارقاقلىقى ئىدى.

ئەرەبلەر، شەرقىي روما ۋە ئىران بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرىدا ھەربىي جەھەتتىن خېلى مول تەجرىبىلەرنى توپلىغانىدى.

ئەرەبلەر ئېغىر ۋە يەڭگىل قورال‌لار بىلەن قوراللانغان ئاتلىق قوشۇن تۈزدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلاردا پىيادە قىسىملار ھەم بار ئىدى. ئېغىر قورال‌لار بىلەن قوراللانغان ئاتلىقلارنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار مىنىدىغان ئاتلارمۇ ساۋۇت ۋە باشقا خىلدىكى قوغدىنىش قورال‌لىرى بىلەن تەمىن ئېتىلگەنىدى. ئەرەب ئاتلىقلىرى ئاساسەن ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرىدىن، پىيادىلىرى بولسا كۆپىنچە بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەردىن تەشكىل قىلىناتتى. ئەرەب قوشۇنىدىكى ئاتلىقلار بىلەن پىيادىلەرنىڭ سانى باپباراۋەر ئىدى.

ئەرەبلەر مىلادىنىڭ 651 - يىلى مەرۋىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆز تىكىشكە باشلىدى. ئەرەبلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھوسۇلدار، باي يەرلىرى قىزىقتۇرغان بولسا كېرەك.

ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشنىڭ ھارپىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى.

شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئىدى. تۈرك قاغانلىقى ئىچكى ئۇرۇشلار ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ قىلغان ھۇجۇملىرى سەۋەبىدىن خېلىلا ئاجىزلاپ قالغانىدى. بولۇپمۇ مىلادىنىڭ 630 - يىلى تون يابغۇ قاغان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىچكى ئۇرۇشلار قوزغىلىپ، غەربىي تۈرك قاغانلىقىنى ھالسىزلاندۇردى. تون يابغۇ قاغاندىن كېيىن غەربىي تۈركلەرگە سى

يابغۇ (630 ـ 633)، تولۇ قاغان (633 ـ 634)، ئىشبارا تىرىش تۇڭا قاغان (634 ـ 639)، باغاتۇر ئىپى قاغان (639 ـ 640)، ئىپى تولۇ قاغان (640 ـ 653) قاتارلىق قاغانلار ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئىراننىڭ شاھىنشاھى يەزدىگىرد III مىلادىنىڭ 642 ـ يىلى نىخۋەند دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا ئەرەبلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، مەرۋىگە كېلىپ، غەربىي تۈرك قاغانى ئىپى تولۇ قاغانغا سىغىندى، لېكىن ئاجىزلاپ قالغان غەربىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ قاغانى ئىپى تولۇ قاغان يەزدىگىرد III كە ياردەم بېرىپ، ئەرەبلەرگە قارشى چىقىشقا پېتىنالمىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىلادىنىڭ 640 ـ يىلىدىن باشلاپ تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرگە بىر نەچچە يۈزلىنىش بويىچە ھۇجۇم باشلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك ياردىمىگە ئىگە بولغان تاڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 659 ـ يىلى بورتالا ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشتا غەربىي تۈرك قاغانى چىنچۇ يابغۇ قاغان (جۇڭگو تارىخچىلىرى ئاسىنا خالۇ دەپ يازغان) نى مەغلۇپ قىلدى. مانا شۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، غەربىي تۈركلەر بۇرۇنقى شان ـ شۆھرىتىنى يوقىتىشقا باشلىدى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار، ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشى ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان شارائىت يارىتىپ بەردى.

مىلادىنىڭ 674 ـ يىلى خەلىپە مۇئاۋىيە (661 ـ 680) تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەبەيدۇللاھ ئىبنى زىياد ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىردى. ئۇ بايكەنت ۋە بۇخارانى ئالدى، بۇ شەھەرلەردىن ناھايىتى نۇرغۇن بايلىق (ئالتۇن ـ كۈمۈش) ۋە ئەسىرلەرنى ئېلىپ، مەرۋىگە قايتتى.

مىلادىنىڭ 676 ـ يىلى سەئىد ئىبنى ئوسماننىڭ بۇخارا ۋە سوغدىيانانىڭ باشقا شەھەرلىرىگە قىلغان يۈرۈشلىرى ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋېلىش ئۈچۈن باسقان جىددىي قەدىمى بولدى. سەئىد ئىبنى ئوسمان بۇخارانى بېسىۋالغاندىن كېيىن، سەمەرقەندكە قاراپ ماڭدى. بۇ يۈرۈش غەلىبە بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن قىممەت باھالىق ئولجىلارنى قولغا چۈشۈرگەندىن تاشقىرى 30 مىڭ كىشىنى ئەسىر قىلىپ ئەكەتتى.

ئەرەبلەر يەزىد (680 ـ 683)، مۇئاۋىيە II (683 ـ 684)، مەرۋان I (684 ـ 685)، ئابدۇلمەلىك (685 ـ 705) قاتارلىق خەلىپىلەرنىڭ دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۇزۇل ـ كېسىل، تولۇق بېسىۋېلىشنى ئەملگە ئاشۇرالمىدى. بۇ ئىشنى ئەرەبلەرنىڭ خوراسان (ئىراننىڭ شەرقىي شىمال قىسمى) غا تەيىنلەنگەن نائىبلىرى (باش

ۋالىيلىرى) ئورۇندىشى لازىم ئىدى. رابى ئىبنى زىياد (مىلادىنىڭ 671 ـ يىلى)، ئابدۇللاھ ئىبنى ھازىم (683 ـ 691)، ئۇمەييان ئىبنى ئابدۇللاھ (692 ـ 697)، يەزىد ئىبنى مۇخالىپ (701 ـ 704) قاتارلىق نائىبلارنىڭ ھېچبىرى ئۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. بۇنىڭغا بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلاڭلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەرەبلەرگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى، شۇنىڭدەك، ئەرەبلەر ئىچىدە يۈز بەرگەن كەسكىن ئىچكى زىددىيەتلەرمۇ سەۋەب بولغانىدى.

ئەرەبلەر ۋەلىد I (705 ـ 715)، سۇلايمان (715 ـ 717)، ئۆمەر II (717 ـ 720)، يەزىد II (720 ـ 724)، ھىشام (724 ـ 743)، ۋەلىد II (743 ـ 744)، ئىبراھىم (744 )، مەرۋان III (744 ـ 750) قاتارلىق خەلىپىلەر دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 705 ـ يىلىدىن 750 ـ يىلىغىچە) تەخمىنەن 50 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇۋالدى.

ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار ئارقىلىقلا بولدى.

مىلادىنىڭ 682 ـ يىلى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى قايتىدىن ۋۇجۇدقا كەلدى. غەربىي تۈرك قاغانلىقى مىلادىنىڭ 700 ـ يىللىرىغا كەلگەندە خېلى جانلىنىپ قالدى. شەرقىي تۈرك قاغانلىقى بولسۇن، غەربىي تۈرك قاغانلىقى بولسۇن، ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋېلىشىغا يول قويمايتتى. ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەرەبلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىدىغان بولسا، تۈركلەر (بولۇپمۇ غەربىي تۈركلەر) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي ئورنى يوق بولاتتى ياكى ئۆزلىرىمۇ ئەرەبلەرگە قارام بولۇپ قالاتتى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرىگەن تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشتا ناھايىتى قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى.

خەلىپە ۋەلىد (مىلادىنىڭ 705 ـ يىلىدىن 715 ـ يىلىغىچە خەلىپە بولغان) قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنى خوراسانغا نائىپ قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ئىدى.

مىلادىنىڭ 709 ـ يىلى قۇتەيبە بوخارانى بېسىۋېلىش ئۈچۈن چوڭ قوشۇننى باشلاپ مەرۋىدىن يولغا چىقتى.

دەل شۇ چاغدا، شەرقىي تۈرك قاغانى قاپاغان (مىلادىنىڭ 692 ـ يىلىدىن 716 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، كۆل تېكىن قوماندانلىقىدىكى شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرىنى قۇتەيبەگە قارشى ماڭدۇردى.

كۆل تېكىن (مىلادىنىڭ 687 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 732 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) قۇتلۇق ئېلتېرىش قاغان (مىلادىنىڭ 682 ـ يىلىدىن 692 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) نىڭ ئوغلى، قاپاغان قاغاننىڭ جىيەنى بولۇپ، تارىختا ناھايىتى يۇقىرى شۆھرەت ۋە ئابروي قازانغان ئاتاقلىق قەھرىمان ئىدى، 22 ياشلىق كۆل تېكىن شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ يولغا چىققاندا، ئۇنىڭغا قېيىن ئاتىسى، ئاتاقلىق ھەربىي سەركەردە، شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ باش قوماندانى تونيۇقۇق ھەمراھ بولغانىدى.

كۆل تېكىن قوماندانلىقىدىكى شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرى قۇتەيبە باشچىلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى، كۆل تېكىن قايتىپ كەتتى. قۇتەيبە بۇخارانى بېسىۋالدى.

مىلادىنىڭ 712 ـ يىلى كۆل تېكىن قوماندانلىقىدىكى شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرى ئىككىنچى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلدى. بۇ چاغدا، قۇتەيبە سوغدىيانانىڭ يۈرىكى بولغان سەمەرقەندنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن يۈرۈش باشلىغانىدى. باشتا، شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرى بىلەن ئەرەبلەر ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشتا قۇتەيبە مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدى، دەل شۇ پەيتىدە، قاپاغان قاغان، كۆل تېكىننى ئوتتۇرا ئاسىيادىن چاقىرتىۋالدى. بۇ ۋەقەگە شەرقىي تۈركلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى يامانلاشقانلىقى سەۋەب بولغانىدى. كۆل تېكىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كېتىشى قۇتەيبەنىڭ سوغدىيانانى بېسىۋېلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

قۇتەيبە مىلادىنىڭ 712 ـ يىلى سوغدىلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەندنى ئالغاندىن كېيىن، پەرغانىدە ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ھەتتا قەشقەرغىچە بېسىپ باردى، لېكىن قەشقەرنى ئالالماي مەغلۇپ بولۇپ قايتتى.

قۇتەيبە مىلادىنىڭ 715 ـ يىلىغا كەلگۈچە، ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۇزۇل ـ كېسىل بېسىۋېلىشىغا ئاساس سالدى. ئەرەبلەر، ماۋەرائۇننەھرىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، زەرەپشان، قاشقا

دەريا ۋادىلىرىنى ۋە خارەزمنى بېسىۋالغانىدى.

خەلىپە ۋەلىد (705 ـ 715) ئۆلگەندىن كېيىن، خەلىپە بولغان سۇلايمان (715 ـ 717) بىلەن قۇتەيبەنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشتى. سۇلايمان ئۆزىگە قارشى بولغان ھەججاجنىڭ تەرەپدارلىرىنى يوقىتىشقا كىرىشكەنىدى. ھەججاج تەرەپدارى بولغان قۇتەيبە سۇلايمانغا بويسۇنۇشتىن باش تارتتى. لېكىن ئۇ ئۆزى مىلادىنىڭ 715 ـ يىلى پەرغانىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئەرەب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

ئەرەبلەر قۇتەيبىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، سۇلايمان (715 ـ 717)، ئۆمەر II (717 ـ 720)، يەزىد II (720 ـ 724)، ھىشام (724 ـ 743)، ۋەلىد II (743 ـ 744)، ئىبراھىم (744 ـ )، مەرۋان III (744 ـ 750) قاتارلىق كىشىلەر خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇرغان 35 يىل ئىچىدە (715 ـ 750)، غەربىي تۈركلەر باشچىلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. ئەرەبلەر ئاخىر غەلىبە قىلدى. شۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ قىسقىچە تەسۋىرى مۇنداق:

ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشتا، قىلىچ ۋە قامچىدىن ئىبارەت بولغان زورلۇق ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلانغاندىن تاشقىرى، باشقا ۋاسىتىلەرنىمۇ قوللاندى، بۇ باشقا ۋاسىتە مۇسۇلمان بولغان يەرلىك ئاھالىدىن سېلىق (بۇ جان سېلىقى بىلەن يەر سېلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئالماسلىق سىياسىتى ئىدى. بۇنداق سىياسەتنى بەزىبىر ئەرەب خەلىپىلىرى ئىجرا قىلماقچى بولسىمۇ، خوراسانغا قويۇلغان ئەرەب نائىبلىرى ئۇنى ئىجرا قىلمىدى.

ئەرەبلەرنىڭ سېلىق سىياسىتىدىن نارازى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن غەربىي تۈركلەرنىڭ قاغانى سولوخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەرەبلەرگە قارشى كەسكىن كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى.

مىلادىنىڭ 717 ـ يىلىدىن باشلاپ غەربىي تۈركلەرنىڭ داۋامى سۈپىتىدە تۈركەش قاغانلىقى قۇرۇلغانىدى. تۈركەشلەر ئەسلىدە غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئوق قەبىلىسى ئىچىدىكى بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار سېرىق تۈرگەشلەر ۋە قارا تۈرگەشلەردىن ئىبارەت ئىككى شاخقا ئايرىلاتتى. سولوخان سېرىق تۈرگەشلەردىن بولۇپ، ئۇ مىلادىنىڭ 717 ـ يىلىدىن 738 ـ يىلىغىچە غەربىي تۈركلەرگە قاغان بولغانىدى.

سولوخان قاغانلىق تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە (717 ـ 738)، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى بىرلەشكەن كۈچلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ بىرنەچچە

قېتىم غەلىبە قىلدى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋېلىشىنى نەچچە ئون يىل ئارقىغا سۈردى. بۇ ۋەقە توغرىسىدا ئىككىلا مىسال كەلتۈرۈش يېتەرلىك:

مىلادىنىڭ 728 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سولوخان يېتەكچىلىكىدىكى بىرلەشكەن كۈچلىرى ئەرەب قوشۇنلىرىنى ناھايىتى كۆپ جايلاردىن قوغلاپ چىقاردى. پەقەت سەمەرقەنت قاتارلىق جايلارلا ئەرەبلەرنىڭ قولىدا قالدى.

مىلادىنىڭ 737 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى كۈرىشى ناھايىتى كەسكىن ۋە كەڭ كۆلەمدە بولدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا خوتتاليان (ھازىرقى تاجىكىستاندا) يېنىدا بولدى. شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەرەب قوشۇنلىرىغا خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرگە ئىككىنچى قېتىم نائىب بولغان ئەسئەت ئىبنى ئابدۇللاھ يېتەكچىلىك قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بىرلەشكەن كۈچلىرىگە سولوخان يېتەكچىلىك قىلدى. سولوخان يېتەكچىلىكىدىكى قوشۇندا تۈرگەشلەر، قارلۇقلار ۋە سوغدى، تاشكەنت، خۇتتاليان خانلىرى باشچىلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بار ئىدى. باشتا سولوخان باشچىلىقىدىكى بىرلەشكەن قوشۇن ئۈستۈن كەلدى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا ئەرەبلەر غالىب كەلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشتا، غەربىي تۈرك قاغانى سولوخاننىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان ئەرەبلەرنىڭ تارىخچىلىرى، سولوخاننى «ئۈسسۈگەك، سوقۇشقاق» دەپ يېزىشقان.

ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى بويسۇندۇرۇپ مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى ئۇزۇنغا (مىلادىنىڭ 651 ـ يىلىدىن 751 ـ يىلىغىچە توپتوغرا 100 يىل) سوزۇلغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. ئەرەبلەرنىڭ غالىب كېلىشىگە ئەرەبلەرنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئارقا تىرەككە ئىگە بولالمىغانلىقى ۋە ئىتتىپاقسىزلىقى سەۋەب بولدى.

تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئەرەبلەر ئوتتۇر ئاسىياغا بېسىپ كەلگەندە، شەرقىي تۈرك قاغانلىقىمۇ، غەربىي تۈرك قاغانلىقىمۇ ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالدا قالغانىدى. بۇنداق ئەھۋالنى ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ئىتتىپاقسىزلىقى، تاشقى جەھەتتىن ئالغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرنىڭ ئىچىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەسىرلەر بويى توختىماي ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ نەتىجىسى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركلەرمۇ، غەربىي تۈركلەرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئەرەبلەرنىڭ بېسىۋېلىشىدىن

ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جىددىي ۋە ئۈنۈملۈك ھالدا كۈچ چىقىرالمىدى.

ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىنى كۈچەپ تەرغىب قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى مۇسۇلمان قىلدى.

## نەسەبنامە

### ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ نەسەبنامىسى

مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللار

| | |
|---|---|
| 1. ئەھمان | 675 ـ 700 |
| 2. تىسفىس | 640 ـ 675 |
| 3. ئارئىا رامونىس | 615 ـ 640 |
| 4. قومبىز I | 559 ـ 600 |
| 5. كەيخىسراۋ | 529 ـ 559 |
| 6. قومبىز II | 521 ـ 529 |
| 7. دارا I | 485 ـ 521 |
| 8. شۇسىس | 465 ـ 485 |
| 9. ئاتا شۇسىس I | 425 ـ 465 |
| 10. دارا II | 404 ـ 425 |
| 11. ئاتا شۇسىس II | 358 ـ 404 |
| 12. ئاتاش شۇسىس III | 338 ـ 358 |
| 13. دارا III | 330 ـ 336 |

### ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ نەسەبنامىسى

مىلادى يىللار

| | |
|---|---|
| 1. ئەردەشىر | 240 ـ 225 |

| | |
|---|---|
| 2. شاپور I | 275 ـ 240 |
| 3. بەھرام | 282 ـ 275 |
| 4. نارسىس | 337 ـ 283 |
| 5. شاپور II | 379 ـ 337 |
| 6. بەھرام IV | 399 ـ 388 |
| 7. يەزدىگەرد I | 420 ـ 399 |
| 8. بەھرام گور | 440 ـ 420 |
| 9. يەردىگەرد II | 457 ـ 440 |
| 10. فىروز | 485 ـ 458 |
| 11. كەيقۇباد I | 531 ـ 487 |
| 12. نوشىرىۋان | 579 ـ 531 |
| 13. ھورمۇزد IV | 590 ـ 579 |
| 14. خىسراۋپەرۋىز | 628 ـ 590 |
| 15. كەيقۇباد II | 634 ـ 629 |
| 16. يەزدىگەرد III | 651 ـ 634 |

**ئەرەب خەلىپىلىرى**

| | |
|---|---|
| خۇلەفائى راشىدىن دەۋرى | 661 ـ 632 |
| 1. خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇبەكرى | 634 ـ 632 |
| 2. خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر | 644 ـ 634 |
| 3. خەلىپە ھەزرىتى ئوسمان | 656 ـ 644 |
| 4. خەلىپە ھەزرىتى ئەلى | 661 ـ 656 |

**ئەرەب ئۇمەۋىلەر خەلىپىلىرى (661 ـ 750)**

| | |
|---|---|
| 1. مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان | 680 ـ 661 |
| 2. يەزىد | 683 ـ 680 |

| | |
|---|---|
| 3. مۇئاۋىيە II | 683 ـ 684 |
| 4. مەرۋان | 684 ـ 685 |
| 5. ئابدۇلمەلىك | 685 ـ 705 |
| 6. ۋەلىد | 705 ـ 715 |
| 7. سۇلايمان | 715 ـ 717 |
| 8. ئۆمەر | 717 ـ 720 |
| 9. يەزىد II | 720 ـ 724 |
| 10. ھىشام | 724 ـ 743 |
| 11. ۋەلىد II | 743 ـ 744 |
| 12. يەزىد III | 744 ـ |
| 13. ئىبراھىم | 744 ـ |
| 14. مەرۋان II | 744 ـ 750 |

## ئونىنچى باب: قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەشكىل تېپىشى

### ياغمىلار

مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇرلۇك سەۋەبلەرگە كۆرە، پان تېكىن باشچىلىقىدا غەرب (ئاساسەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى) كە كۆچكەنىدى. «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» دە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى قارلۇقلار ئارىسىغا كەتكەن، دېگەن خاتىرىلەر بار. بەزى تارىخچىلار يەنە مۇنداق خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەشكىل تېپىشىنى غەربكە كۆچكەن مۇشۇ ئۇيغۇرلارغا باغلايدۇ. مېنىڭچە بۇ خىل قاراش بەزىبىر ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلار تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. تۇرگەشلەر ھەققىدە قىسسە» دە، پان تېكىن باشچىلىقىدا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قارا شەھەر ۋە كۇچاغا بېرىپ ماكانلاشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ. پان تېكىن قارا شەھەر ۋە كۇچادا بىر مەزگىل تۇرۇپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 850 ـ يىلىدىن باشلاپ، تۇرپان، بەشبالىق قاتارلىق جايلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى

قۇرغانىدى. ئىشەنچلىك پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (مىلادىنىڭ 850 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقى (مىلادىنىڭ 870 ـ يىلىدىن 1036 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق ئىككى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەشكىل تېپىشىدا يېتەكچىلىك رول ئوينىغانىدى. بۇ توغرىدا، ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە تەپسىلىي توختىلىمىز.

كۆپچىلىك تارىخچىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان كۆز قاراش بويىچە ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنى تەشكىل قىلىشتا ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما ئاتلىق قەبىلىسى يېتەكچى رول ئوينىغان.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز تەشكىل قىلغان ھەرقانداق بىر دۆلەتكە ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى بىر قەبىلە ياكى بىر ئۇرۇقىدىن چىققان خانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى.

ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلۇقىدا لانىتى، غويان، شابو ئاتلىق ئۈچ ئۇرۇق ھون قەبىلىلىرى ئىچىدە ئېسىل ئۇرۇق ھېسابلىناتتى. ھون تەڭرىقۇتلۇقى لانىتى ئۇرۇقىغا مەنسۇپ ئىدى. يۇقىرىدىكى ئۈچ ئۇرۇق ھون تەڭرىقۇتلۇقىدا ھۆكۈمران تەبىقە ئىدى. ھون تەڭرىقۇتلىرى ئۆز ئوغۇللىرىنى غويان، شابۇ ئۇرۇقلىرىنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلەندۈرەتتى. قىزلىرىنى ئەنە شۇ ئىككى ئۇرۇقنىڭ ئوغۇللىرىغا ياتلىق قىلاتتى. باشقا قەبىلە ـ ئۇرۇقلار بىلەن زادى قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتىدە بولمايتتى. چەت ئەل ھۆكۈمرانلىرى بىلەن سىياسىي مەقسەتلەرنى ئاساس قىلغان قۇدىلىشىش ئالاھىدە بىر ئەھۋال ئىدى.

ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقى (مىلادىنىڭ 551 ـ يىلىدىن 744 ـ يىلىغىچە) نى ئالتاي تۈركلىرى ئىچىدىكى ئاسىنا ئۇرۇقى تەشكىل قىلغانىدى. 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ تەختتە ئاسىنا ئۇرۇقىدىن چىققان قاغانلار ئولتۇرغانىدى. تۈرك قاغانلىرىنىڭ فامىلىسى ئاسىنا بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئىسمىنىڭ بېشىغا «ئاسىنا» نى قوشۇپ قوللىناتتى. مەسىلەن: ئاسىنا تۇمەن، ئاسىنا مۇقان، ئاسىنا قۇتلۇق دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنى ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ياغلاقار قەبىلىسىنىڭ خانلىرى تەشكىل قىلغانىدى. مىلادىنىڭ 795 ـ يىلىدىن باشلاپ قاغانلىق قىلىش ھوقۇقى ياغلاقار قەبىلىسىدىن ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئادىز قەبىلىسىگە ئۆتكەن.




Haz. Zerrin Özden

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ 17 ـ قاغانى بولغان ئاي تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغانى ئادىز قەبىلىسىدىن قاغانلىققا ئولتۇرغان تۇنجى كىشى ئىدى. مىلادىنىڭ 795 ـ يىلىدىن باشلاپ 845 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تەختتە ئادىز قەبىلىسىدىن چىققان قاغانلار ئولتۇردى. بۇنىڭغا قارىغاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى قەبىلەۋىي ئايرىمىلىقلار ئاسسەن يوقىلىپ، ئىچكى جەھەتتىكى بىرلىك كۈچەيگەنلىكى مەلۇم. جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇنداق ئەھۋال ئىلغارلىق ئىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلارمۇ ئون ئۇيغۇر قەبىلىرى ئىچىدىكى ئادىز قەبىلىسىگە مەنسۇپ شاھزادىلەر ئىدى.

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ قاغانلىرى (ياغلاقار ۋە ئادىز قەبىلىسىدىن چىققان قاغانلار) ئوغۇللىرىنى ئۆيلەندۈرۈش، قىزلىرىنى ياتلىق قىلىشتا، توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى بۇكو قەبىلىسى بىلەن قۇدىلىشاتتى.

ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنى (870 ـ 1036) مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ياغلاقار قەبىلىسىدىن بولغان شاھزادىلەر تەشكىل قىلغانىدى. ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن ناھىيىسىدە ياشايدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئىچىدە ياغلاقار دېگەن ئادەم ئىسمى ساقلىنىپ قالغان. ئەنە شۇ پاكىت سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 840 ـ يىلى غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

تۆۋەندە، ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنى تەشكىل قىلىشتا يېتەكچى رول ئوينىغان، قاراخانىيلار دۆلىتىگە باشتىن ئاخىرغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ياغمىلار توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىمىز.

ياغمىلار ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە ناھايىتى جەڭگىۋار قەبىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن.

ياغما دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر قەبىلىسى غەربىي ھونلار (شىمالىي ھونلار) نىڭ ئەۋلادى ئىدى.

مىلادىنىڭ 90 ـ يىلىدىن باشلاپ يەتتەسۇدا ياشاشقا باشلىغان ھونلارنىڭ يۇئىبان (悦般) دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبىلىسى مىلادىنىڭ 450 ـ يىللىرىدىن باشلاپ تارىخىي يىلنامىلەردە تىلغا ئېلىنمايدۇ، يۇئىبانلار ئىلى دەرياسىدىن

تارتىپ تالاس دەرياسى، بالقاش ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىغىچە بولغان جايلاردا ياشىغانىدى.

V ئەسىردىن باشلاپ، يۇئىبانلار تارىخىي يىلنامىلەردە تىلغا ئېلىنمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ياغما دېگەن نام تىلغا ئېلىنىشقا باشلايدۇ. مىلادىنىڭ 620 ـ يىلى مانا شۇ ياغمىلارنىڭ بىر قىسمى غەربىي تۈرك قاغانى تۇن يابغۇ قاغاندىن رەنجىپ، شەرققە شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ قېشىغا (ھازىرقى موڭغۇلىيىگە) كۆچكەن، شۇنداق بولسىمۇ ياغمىلارنىڭ ئاساسى قىسمى ئىسسىقكۆلنىڭ ئەتراپلىرىدا (قەشقەرنىڭ شەرقىي قىسمىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) قالغان.

شەرقىي ياغمىلار مىلادىنىڭ 750 ـ يىللىرى ئۇرخۇن مەڭگۇ تېشىدا تىلغا ئېلىنىدۇ[1].

مىلادى X ئەسىردە ئۆتكەن نامەلۇم تارىخچى تەرىپىدىن يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» (دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ چېگرىلىرى) ناملىق ئەسەردە، X ئەسىردە (مىلادىنىڭ 960 ـ يىللىرى) ياغمىلارنىڭ يۇلتۇز، تېكەس، كۇنەس، ئىسسىقكۆل، قەشقەر ئەتراپلىرىغىچە بولغان جايلاردا ياشايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى بىلەن بىر ئۇرۇقتىن ئىكەنلىكى ئېنىق يېزىلغان.

مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى ياغمىلارنىڭ شەرقىي تارمىقى موڭغۇلىيىدىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ پان تېكىن يېتەكچىلىكىدىكى قىسمى بولماستىن، بەلكى باشقا بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇلار ئىلى ۋادىسى، يەتتەسۇدىكى غەربىي ياغمىلارغا قوشۇلغان، مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى غەربىي ياغمىلارغا قوشۇلغان شەرقىي ياغمىلار تېخىمۇ كۆچەيگەن.

ياغمىلار مىلادىنىڭ IX ئەسىردە، يەتتەسۇنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا سىلجىپ، ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبى، قەشقەرنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىگە بېرىپ ماكانلاشقان.

«ياغمىلار باشقا تۈرك قەبىلىلىرىگە قارىغاندا ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن جەڭگىۋارلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى.»[2] دېمىسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ياغما قەبىلىسى بەكمۇ ئۇرۇشقاق، باتۇر ناھايىتى قەيسەر قەبىلە ئىدى، «ياغما» دېگەن سۆزنىڭ «بۇلاڭچى» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىمۇ تاسادىپى ئەمەس.

(1) مىلادىنىڭ 754 ـ يىلى بايانچورنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» نىڭ 14 ـ، 15 ـ قۇرلىرىغا قارالسۇن.
(2) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» I توم ئۆزبېكچە 261 ـ بەت.

مانا شۇ ياغمىلار مىلادىنىڭ 850 ـ يىلى قارلۇقلار بىلەن چىگىللارنى بىرلەشتۇرۇپ، ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇردى.

## كۆل بىلگە قاراخان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تۇنجى قاغانىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا تارىخچىلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇنراق بولغان قاراش بويىچە ئېيتقاندا، تۇنجى قاغانىنىڭ كۆل بىلگە قاراخان ئىكەنلىكى مەلۇم.

كۆل بىلگە قاراخان مىلادىنىڭ 850 ـ يىلىدىن 880 ـ يىلىغىچە بولغان 30 يىل ئىچىدە، ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان تەشكىلىي ۋە ھەربىي تۈزۈملەرنى ئورناتقانىدى.

ئۇيغۇرلار يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ قاغانلىرىنى «قاراخان» دەپ ئاتىغان بولسا، دۆلەتنى «قاراخانىيلار» دەپ ئاتىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ «قاراخان» دېگەن نامنى ئەزەلدىن تارتىپ، ناھايىتى يۇقىرى ھۆرمەتلىك، ئەزىز، مۇقەددەس نام سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلگەنلىكىنىڭ ئالاھىدە سىرلىق، ئىلاھىي مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

قەدىمكى چاغدا، ئەجدادلىرىمىز شامان دەپ ئاتىلىدىغان كۆپ تەڭرىلىك دىنغا ئېتىقاد قىلغانىدى. شامان دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە باش تەڭرىنىڭ نامى «باي ئۈلكېن» (باي چوڭ) دەپ ئاتىلاتتى. «باي چوڭ» توققۇز قات ئالتۇن تاغنىڭ تۆپىسىدىكى كۆك سارايدا تۇرىدىكەن. شامان دىنىنىڭ باش تەڭرىسى «باي چوڭ» نىڭ ياشىگان، قارشىتخان، باختاگان، قاراخان، قوشخان، قاينىمخان، يايىقخان قاتارلىق يەتتە ئوغلى بار ئىكەن. بۇ ئوغۇللارنىڭ ئىچىدىكى قاراخان ئاتلىق ئوغۇل ئاتىسىنىڭ نۇر چاقناپ تۇرىدىغان سارىيىدىن قېچىپ كەتكەنىكەن. قاراخان يۇلتۇز تەڭرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى بىلەن قىياپىتى ياۋروپالىقلار «ساتۇرن»، ئەرەبلەر «زۆھەل»، تۈركلەر «سىكىندىر» دەپ ئاتايدىغان يۇلتۇزغا ئوخشىشىدىكەن. قەدىمكى چاغدا، بابىللىقلار زۆھەل يۇلتۇزىنى «قارا يۇلتۇز» دەپ ئاتىغان[1].

مانا شۇ دىنىي رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانلىرىنى «قاراخان» دەپ ئاتىشى يېڭىدىن قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى باش تەڭرى «باي چوڭ» نىڭ ئوغلى، يۇلتۇز تەڭرىسى قاراخانغا ئوخشىتىپ، ئۇلارنى

(1) ئا. دىلئاچار: «قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتى» تۈركچە، 15 ـ بەت.

ئىلاھىيلاشتۇرغانلىقتىن بولغان بولسا كېرەك.

مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇن ھونلار قاغانلىرىنى «تەڭرىقۇت» دەپ ئاتىغان، «تەڭرىقۇت» ئاتالغۇسىدىكى تەڭرى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا، «خۇدا» دەپ ئاتىلىدۇ، «قۇت» بولسا، تەڭرىنىڭ ئوغلى، تەڭرى ئاتا قىلغان بەخت ـ سائادەت، تەڭرى بەرگەن دۆلەت مەنىسىگە ئىگە ئىدى. «تەڭرىقۇت» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى يىغىنچاقلىساق «خۇدانىڭ ئوغلى، خۇدانىڭ بەختلىك، دۆلەتمەن ئوغلى» دېگەن بولىدۇ.

ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تەڭرىقۇتلىرىدىن كۆكخان (كىيۈك تەڭرىقۇت دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مىلادىدىن 162 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋېندىغا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن:

«كۆك تەڭرى بىلەن يەر تەڭرى تەرىپىدىن ھايات بېرىلگەن، كۈن تەڭرى بىلەن ئاي تەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتى خەن پادىشاھىنىڭ سالامەتلىكىنى ئېھتىرام ئىلە سورايدۇ.»

ھون تەڭرىقۇتى غولىقۇ تەڭرىقۇت مىلادىدىن 89 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدىغا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن: «جەنۇبتا ئۇلۇغ خەن، شىمالدا بولسا قۇدرەتلىك ھونلار ياشايدۇ. ھونلار تەڭرىنىڭ مەغرۇر ئوغلانلىرىدۇر.»

دېمەك، ھونلارمۇ قەدىمكى چاغدا، ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھونلار ئۆزلىرىنىڭ قاغانلىرىنى «تەڭرىقۇت» دەپ ئاتاشقان.

ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ قاغانى ساۋارلو مىلادىنىڭ 584 ـ يىلى جۇڭگودىكى سۈي سۇلالىسى (مىلادى 581 ـ يىلىدىن 618 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ پادىشاھى سۈي ۋېندىغا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن:

«تەڭرى ياراتقان ئۇلۇغ تۈركلەرنىڭ دۇنيادىكى دانىشمەن تەڭرىقۇتى (تەڭرىنىڭ ئوغلى) ئېل قۇلۇق شادباغا ساۋارلو قاغاندىن يېتىپ مەلۇم بولغاي!»

(原文:«从天生大厥天下贤圣天子伊利居虞设莫何沙钵略可汗»)

سۆڭ دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى سىماگۇاڭنىڭ «يىلنامە» سىنىڭ 176 ـ جىلدىدە خاتىرىلەنگەن مەزكۇر مەكتۇب كۆك تۈرك يېزىقىدا يېزىلغانىدى.

ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىرىنىڭ قاغانلىرىنىڭ ناملىرىمۇ «ئاي تەڭرىخان»، «كۆن تەڭرىخان» دېگەن ئىلاھىيلاشقان ئۇنۋانلار بىلەن ئاتالغانىدى.

قەدىمكى چاغدا ھونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلغاندا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ قاغانلىرىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ئۇلارنى تەڭرىنىڭ ئوغلى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئىنتايىن يۇكسەك ئورۇنغا قويۇشقان.

قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قاغانلىرىنى «قاراخان»، دۆلەتنى «قاراخانىيلار» دەپ ئاتىغانلىقىمۇ تاسادىپىي ئەمەس.

بەزى تارىخچىلار «قاراخان» دېگەن ئىسىم توغرىسىدا يۇقىرىقىدىن باشقىچىرەك چۈشەنچىلەرنىمۇ ئالغا سۈردى. مەسىلەن: ھازىرقى زاماندىكى بەزى تارىخچىلار: «ئۇيغۇرلار ئاددىي خەلقنى قارابۇدۇن» دەيتتى، «قاراخان» دېمەك «خەلقنىڭ خانى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، دېيىشىدۇ. يەنە بەزىبىر تارىخچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چاغدا «ئۇلۇغ» ئاتالغۇسىنى «قارا» سۆزى بىلەن ئىپادىلىگىنىگە قاراپ، «قاراخان» دېگەن «ئۇلۇغ خان» دېگەن ئۇقۇمغا ئىگە دېيىشىدۇ. مانا شۇ يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل قاراشنىڭ ئىككىنچىسى (خەلقنىڭ خانى)، ئۈچىنچىسى (ئۇلۇغ خان) كۆرۈنۈشىنە باشتىكى بىرىنچى خىل قاراشتىن (تەڭرىنىڭ ئوغلى دېگەن قاراشتىن) پەرقلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن ئانچە كۆپ پەرق ئەتمەيدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، «قاراخان » ئىلاھىيلاشقان مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، تەڭرىنىڭ ئوغلى، دېگەن بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار يەنە، قاراخانىيلار دۆلىتىگە كىم قاغان بولسا، ئۇنىڭ نامىنىڭ ئايىغىغا «قاراخان» دېگەن ئۇنۋاننى قوشۇپ ئاتىغاندىن تاشقىرى، «بوغرا» ۋە «ئارسلان» قاتارلىق ئۇنۋانلارنىمۇ قوشۇپ ئاتىغان. مەسىلەن: كۆل بىلگە قاراخان (بوقا قاراخان؟)، توغرۇل قاراخان، ساتۇق بۇغرا خان، ھارۇن بۇغرا خان، ئەلى ئارسلان خان، سۇلايمان ئارسلان دېگەنگە ئوخشاش. ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار قاغانلىرىنىڭ «بوغرا» ۋە «ئارسلان» ئۇنۋانلىرىنى قوشۇپ ئاتىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇرلار قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ھازىرغىچە تۆگىنىڭ ئەركىكىنى «بوغرا»، شىرنى بولسا ئارسلان دەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار قاغانلىرىنىڭ «بوغرا خان» ۋە «ئارسلانخان» دەپ ئاتىشى ئۇلارغا كۈچلۈك، باتۇرلۇق سۈپەتلىرىنى

بەرگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن تارتىپ باتۇر ئوغۇل ـ قىزلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى ھۆرمەتلەيدىغان ئەنئەنىگە ئىگە ئىدى. قەدىمدە، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتە يىگىتكە قويىدىغان بىردىنبىر شەرتى باتۇرلۇق ئىدى. چۈنكى قەدىمدىن تارتىپ باتۇر جەڭچىنىڭ ۋەتەننى قوغداشتا ياخشى رول ئوينايدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. قەدىمكى چاغدا، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ باتۇر يىگىتكە ياتلىق بولۇشنى جان دىلى بىلەن ئارزۇ قىلىشى، ناھايىتى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك خىسلىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەت ئىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار شامان دىنى ۋە بۇددا دىنىنى تەرك ئېتىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ، بالىلىرىغا ئات قويۇشتا، قەدىمكى مىللىي ئەنئەنىسىنى تاشلىمىدى. مەسىلەن: ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەسلى ئۇيغۇرچە ئىسمى ساتۇق تېكىن بولۇپ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم دەپ ئات قويۇلدى. ساتۇق بۇغراخان ئىككى ئوغلىغا ئۇيغۇرچە بايتاش (مۇسۇلمانچە نامى مۇسا)، تۇڭگا ئىلىك (مۇسۇلمانچە نامى سۇلايمان) دەپ ئات قويغان.

قاراخانىيلار قاغانلىرى ئۆز ئوغۇللىرىغا باتۇرلۇق، قەيسەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە ھايۋان ياكى قۇشلارنىڭ نامىنى قوللىنىپ، ئات قويۇشنى ياخشى كۆرەتتى. مەسىلەن: قاراخانىيلارنىڭ قاغانى يۇسۇپ قادىرخان (مىلادىنىڭ 1026 ـ يىلىدىن 1032 ـ يىلغىچە قاغان بولغان) نىڭ بۇغرا تېكىن (مۇسۇلمانچە ئىسمى سۇلايمان)، ياغان تېكىن (مۇسۇلمانچە ئىسمى مۇھەممەد)، تۇغرۇل قاراخان (مۇسۇلمانچە ئىسمى مەھمۇد) قاتارلىق ئوغۇللىرى بار ئىدى. مانا شۇ ئوغۇللارنىڭ ئۇيغۇرچە «بوغرا تېكىن»، «ياغان تېكىن»، «توغرول قاراخان» ئاتىلىشى، باتۇر، قەيسەر، كۈچلۈك دېگەن سۆيەتلەرنى بىلدۈرەتتى. «بوغرا»، «قاراخان» ئاتالغۇسى توغرىسىدا يۇقىرىدا چۈشەنچە بەرگەنىدۇق، بۇ يەردە پەقەت «ياغان»، «تېكىن»، «تۇغرۇل» قاتارلىق ئاتالغۇلار توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىمىز. ئۇيغۇرلار قەدىمكى چاغدا پىلنى ياغان دەيتتى، «تېكىن» ئەسلىدە قول مەنىسىنى بېرىدىغان سۆز بولسىمۇ، كېيىنگە كېلىپ، «شاھزادە»، «خانزادە» ئۇقۇمىنى بېرىدىغان بولدى. دېمەك «ياغان تېكىن» «پىل تېكىن» دېگەن بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغانەك پىل ناھايىتى كۈچلۈك، باتۇر ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمكى چاغدا شۇڭقارنى «توغرول» دەيتتى. «توغرول» دېمەك، شۇڭقاردەك ئالغۇر، قەيسەر، باتۇر دېمەكتۇر. دېمىسىمۇ، يىرتقۇچ قۇشلار ئىچىدە شۇڭقاردەك تېز ئۇچىدىغان،

قەيسەر، چاققان باتۇر قۇش بولمىسا كېرەك.

ئۇيغۇرلار قەشقەرنى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگىلىدى. قەشقەر شۇنىڭدىن باشلاپ «ئوردۇكەنت» دەپ ئاتالدى. قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى يازدا چۇ دەرياسىنىڭ بويىدىكى بالاساغۇنغا كېلىپ يازلايتتى. بالاساغۇنمۇ قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى ھېسابلىناتتى. لېكىن ھەقىقىي پايتەخت قەشقەر ئىدى.

ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى، دۇنياغا ئاجايىپ تالانتلىق، دانىشمەن ئوغۇللىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن قەشقەرنىڭ قاچان بىنا بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، قەشقەرنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار بار.

مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئالىپ ئەرتۇڭا (ئىران شائىرى فىردەۋسى ئۇنى ئەفراسىياپ دەپ يازغان) ھاۋاسى ئوبدان، مەنزىرىسى چىرايلىق بولغان قەشقەردە تۇرغان، دېگەن مەلۇماتنى بېرىدۇ. ئالىپ ئەرتۇڭا قەدىمكى چاغدىكى تۇران ئېلىنىڭ مەشھۇر باتۇر قاغانى بولۇپ، مىلادىدىن 625 يىل بۇرۇن (ھازىرقى كۈندىن 2600 يىل بۇرۇن) ئەزەربەيجاندا، ئىرانلىقلار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا ئۆلگەن. مانا مۇشۇ تارىخىي پاكىتقا قارىغاندا، قەشقەرنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى، ئالىپ ئەرتۇڭا تارىختا ئۆتكەن ئەڭ قەدىمكى قاغانلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى.

بەزىبىر تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قەشقەر ھونلار دەۋرىدە (مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇن) بىلاد ھون («ھون شەھىرى») دەپ ئاتالغانىكەن. مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن، (مىلادىدىن 176 ـ يىل بۇرۇن) ھون تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) ئوتتۇرا ئاسىيانى ۋە غەربىي ئاسىيانى بويسۇندۇرۇۋالغان مەزگىللەردە، قەشقەرنىڭ ھونلار تېررىتورىيىسىدىكى ئەڭ مەشھۇر شەھەر بولغانلىقى مەلۇم.

قەشقەرنىڭ ھونلار دەۋرىدە بىلاد ھون دەپ ئاتالغانلىقىنى ئېيتتۇق، ئەمما ئۇنىڭ ئالىپ ئەرتۇڭا ۋاقتىدا نېمە دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم ئەمەس. قاراخانىيلار قەشقەرنى پايتەخت قىلىشتىن بۇرۇن، قەشقەر «قاش قىيا» دەپ ئاتالغانىكەن. قەشقەرنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەھۋالى ئۇنىڭ «قاش قىيا» دەپ ئاتالغانلىقىغا ماس كېلىدۇ. قەشقەرنىڭ ھازىرقى تەبىئىي شارائىتىغا قاراپ ھۆكۈم قىلغاندا، ھەقىقەتەنمۇ قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي (ئاتۇشنىڭ جەنۇبى) دىكى تاغ ۋە

تۇمەن دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى يار ـ قىيالار، خۇددى قاشقا ئوخشىشىدۇ. دېمەك هازىرقى «قەشقەر» دېگەن سۆز، «قاش قىيا» سۆزىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان.

قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت بايرىقى تۆت چاسا قىزىل شايى بايراق ئىدى. بايراقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تەرەپتە ئالتە، بىر تەرەپتە ئۈچ شېخى بولغان ئالتۇن رەڭلىك ئارچا دەرىخى چۈشۈرۈلگەن.

قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى قاغانى كۆل بىلگە قاراخانىنىڭ ۋاقتىدا قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيىسىگە يەتتەسۇ، ئىلى ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى (قەشقەر رايونى) كىرگەن بولسا كېرەك.

بەزىبىر تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىنىڭ 880 ـ يىلى كۆل بىلگە قاراخان ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بازىرخان (بارخان؟) قاغان بولغان. هازىرقى زاماندىكى بەزىبىر تارىخچىلارمۇ بازىرخاننىڭ ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى هۆكۈمرانى بولغانلىقىنى ئىسپاتلاۋاتىدۇ. بازىرخان بىلەن بارخان بۇ ئىككىسى بىر كىشىمۇ ئەمەسمۇ، بۇمۇ تازا ئېنىق ئەمەس. ئۇيغۇر تارىخچىسى جامال قارشىنىڭ «سوراھ لۇغىتىنىڭ تولۇقلانمىسى» ناملىق ئەسىردە XI ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تارىخچىسى ئابدۇلجەببار قەشقەرىنىڭ «كاشغەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىن بەزىبىر ئۈزۈندىلەر كەلتۈرۈلگەن. مانا شۇ ئۈزۈندىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى هۆكۈمرانى بازىرخان ئىكەنلىكى بىزدە گۇمان قالدۇرمايدۇ. ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى كۈچىيىپ، تېررىتورىيىسى كېڭەيگەن چاغدا (مىلادىنىڭ 1010 ـ يىللىرى)، ئۇنىڭ شەرقىي كەشمىرگە، غەربىي خارەزمگە، شىمالى بالقاش كۆلى، ئارال كۆللىرىگە، جەنۇبى مەرۋى شاھ جاھانغا تۇتاشقان بولۇپ، يەر مەيدانى 5 مىليون كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن. دېمەك ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى هازىرقى فرانسىيە دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىدىن بەش ھەسسە چوڭ ئىدى .

جامال قارشىنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، كۆل بىلگە قاراخان (جامال قارشى، كۆل بىلگە قادىرخان، دەپ يازغان) نىڭ، بازىر ۋە ئوغۇلچاق ئاتلىق ئىككى ئوغلى بولغان. بازىرخان تەخمىنەن مىلادىنىڭ 880 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ تەختىگە چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇكىسى ئوغۇلچاق بىلەن سامانىيلار پادىشاھى ئىسمائىل سامانى (مىلادىنىڭ 874 ـ يىلىدىن 907 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئۇرۇشلار بولغان.

مىلادىنىڭ 893 ـ يىلى (3 ـ ياكى 4 ـ ئايدا)، ئىسمائىل سامانى قاراخانىيلارنىڭ يەتتەسۇدىكى مۇھىم شەھىرى بولغان تارازغا ھۇجۇم قىلغان. ئىسمائىل سامانى شەھەرنى خېلى ئۇزۇن مۇددەت قورشىۋالغان. ئاخىر بېسىۋالغان. ئۇرۇشتا غالىپ چىققان ئىسمائىل سامانى قاراخانى قوشۇنلىرىدىن 10 مىڭ جەڭچىنى ئۆلتۈرگەن، ئوغۇلچاقنىڭ بىكەسى (خاتۇنى) ۋە 15 مىڭ جەڭچىنى ئەسىر ئالغان. ئىسمائىل سامانى تاراز شەھىرىدىكى خرىستىئان ئىبادەتخانىسىنى باشقىدىن ياساپ، ئۇنى مەسجىدكە ئايلاندۇرغان. ئوغۇلچاق ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قەشقەرگە كەتكەن. ئۇ مىلادىنىڭ 907 ـ يىلى قەشقەردىن قوشۇن تارتىپ كېلىپ، سامانىلارنىڭ تېررىتورىيىسىگە ھۇجۇم قىلغان.

سامانىلارنىڭ يەتتەسۇغا بولغان ھۇجۇملىرى 840 ـ يىللىرىدىلا باشلانغانىدى. ئۇلار شۇ يىلى ئىسفىجاپنى بېسىۋالغان. بۇ چاغ ئوتتۇرا ئاسىيادا سامانىلار باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان پەيت ئىدى. سامانىلار دۆلىتىنىڭ تۇنجى پادىشاھى ناسىر ئىبنى ئەھمەد دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 865 ـ يىلىدىن 893 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) سامانىلارنىڭ قوشۇنلىرى شاۋگار شەھىرىگە بېسىپ كەلگەن. قاراخانىيلار بىلەن سامانىلار ئارىسىدىكى دەسلەپكى مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى پاكىتلار مانا شۇلاردىن ئىبارەت.

«ئەگەر يەتتەسۇدا سامانىلارنىڭ تەڭگە پۇل قۇيدۇرمىغانلىقىنى ۋە يەتتەسۇ...غا سامانى ھاكىملىرى ۋە باشقا ئەمەلدارلارنىڭ قويۇلمىغانلىقىنى ھېسابقا ئالغاندا يەتتەسۇ سامانىلارغا قارام بولمىغان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىش مۇمكىن[1]. مانا شۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، مىلادىنىڭ 893 ـ يىلى ئوغۇلچاق ئىسمائىل سامانىدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، يەتتەسۇ يەنىلا قاراخانىيلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا قالغان.

بارىز ئارسلانخان مىلادىنىڭ 910 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قاراخانىيلارنىڭ تەختىگە ئوغۇلچاق ئولتۇرغان. بۇ چاغدا، مەرھۇم بارىز ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ساتۇق تېخى كىچىك ئىدى. جىيەنىگە ۋاكالىتەن قاراخانىيلار تەختىگە چىققان ئوغۇلچاق ساتۇق تېكىننىڭ ياش تۇرۇپلا تۇل قالغان ئانىسىغا ئۆيلەنگەنىكەن، ئوغۇلچاق قاراخانىيلار تەختىگە چىقىپ ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن (مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى بولسا كېرەك) 23 ياشلىق ساتۇق

(1) فرانسىيە تېررىتورىيىسى 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر.

تېكىن ئۇنىڭدىن تەختنى تارتىۋالغان. ساتۇق تېكىن تەختنى تارتىۋېلىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانىدى.

## ساتۇق بۇغراخان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەندى. بۇ دىن، كۆپ تەڭرىچىلىك دىنى دەپمۇ ئاتىلىپ، هونلار دەۋرىدىن تارتىپ (مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا) مىلادىنىڭ X ئەسىرگىچە پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىن بولغان.

شەرقىي ئۇيغۇرلار (هازىرقى موڭغۇلىيە ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان جايلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلار) مىلادىنىڭ VIII ئەسىردە ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ قاغانى بوگۇ قاغاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن شامان دىنىدىن چىقىپ، مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان. غەربىي ئۇيغۇرلاردىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى (تارىم ۋادىسى) دا ياشىغانلىرى مىلادىنىڭ I ئەسىردىن باشلاپ شامان دىنىدىن چىقىپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان.

مىلادىنىڭ 840 - يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن قىسقا بىر مۇددەت مانىي ئېتىقادىدا قالغان بولسىمۇ (تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا كۆچكەنلىرى) غەربىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا (بولۇپمۇ تارىم ۋادىسىدا) چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىدە، مانى دىنىدىن چىقىپ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان.

مىلادىنىڭ X ئەسىردە (ساتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن) ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىك قىسمى بۇددا دىنىدا ئىدى.

بۇددا دىنى مىلادىدىن VI بۇرۇن هىندىستاندا پەيدا بولۇپ، مىلادىنىڭ II ئەسىرگە كەلگەندە ئاسىيادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرگە تارقالغان.

«بۇددا» دېگەن سۆز «ئاڭ - سېزىم، ئەس - هوش» دېگەن مەناغا ئىگە ئىمىش. بۇددا دىنىنى تارقاتقان كىشى ساكيامۇنى (ئۇ مىلادىدىن 565 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ مىلادىدىن 485 - يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن) بولۇپ، ئۇ هىمالايا تېغىنىڭ باغرىدا ياشىغان (هازىرقى نېپالدىكى) شاكى قەبىلىسىنىڭ بەگچىكى ئىدى. ساكيامۇنى ياش چېغىدىلا ئۆزىنى قىينىغان مەسىلىلەر (ئىنسانلارنىڭ

تۇغۇلۇشى، قېرىشى، ئاغرىشى، ئۆلۈشى ۋە خىلمۇ خىل دەرد - ئەلەملەرنى تارتىشى قاتارلىق مەسىلىلەر) گە توغرا جاۋاب تېپىپ، ئىنسانلارنى قانداق قىلغاندا ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلانغان. ئۇ ئاخىر، 29 ياشقا كىرگەندە، يېرىم كېچىدە ئاتقا مىنىپ باشقا بىر قەبىلىنىڭ ئورمانلىقىغا كەتكەن. ئۇ ئورمانلىقتا ئالتە يىل دەرۋىش بولۇپ ياشىغان. ئۇ بىر لىپا دەرىخىنىڭ تۈۋىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ: «ئەگەر مەن ئۇزۇل - كېسىل ئەقلى - ھوشۇمغا كەلمىسەم (ئويغانمىسام)، ئۇستىخانلىرىم پارە - پارە بولۇپ كەتسە كېتىدۇكى، ئورنۇمدىن قوپمايمەن» دەپ قەسەم ئىچكەن.

ئۇ 35 ياشقا كىرگەن يىلى، كېچىدە بىر يورۇق يۇلتۇز شەرق تەرەپتە كۆرۈنۈش بەرگەنمىش، شۇ چاغدا ئۇ تۇيۇقسىزلا ئىشنىڭ يولىنى تېپىپ، بۇددا دىنىنى ئىجاد قىلغانمىش.

شۇنىڭدىن باشلاپ ساكيامۇنى ھىندى يېرىم ئارىلىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بېرىپ بۇددا ئەقىدىلىرىنى تارقاتقان.

بۇددا دىنى ھىندىستاندىكى ماۋرىيە خانلىقىنىڭ (مىلادىدىن 230 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 185 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن) خانى ئاسوكا دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 273 - يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 237 - يىلغىچە) كەشمىر، كاندارا (ھازىرقى پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر ئۆلكىسىگە توغرا كېلىدۇ) قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. ئاسوكا ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن شىمالىي قىسمىنى ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈرگەن. ئۇ مىلادىدىن 260 يىل بۇرۇن بۇددا دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى ئارقىلىق بۇددا دىنىنى تەشۋىق قىلغان.

بۇددا دىنى كوشان ئىمپېرىيىسى (مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 420 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋرىدە، ھىندىستاندىن باشقا جايلارغا خېلى جىددىي سۈرئەتتە تارقىلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىغا بولسا، كوشان ئىمپېراتورى قەنىشقا II نىڭ ۋاقتىدا (ئۇ مىلادىنىڭ 75 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 125 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغاندەك تۇرىدۇ) ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تارقىلىشقا باشلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا قەنىشقا II بىر بۆلۈم مەشھۇر بۇددا سىرامانلىرى (راھىبلىرى) نى باشلاپ، ئۆزى خوتەنگە كەلگەنىكەن.

بۇددا دىنى مىلادىنىڭ I ئەسىرىدىن VI ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە، خوتەن،

قەشقەر، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا تارقىلىپ هۆكۈمران دىن سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان.

بۇددا دىنى ئاۋۋال خوتەنگە تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما كۇچا VI ئەسىردە بۇددىزمنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنىگە ئايلانغان. شۇ چاغدا كۇچادا يۈزلىگەن بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، 10 مىڭ راهىب ۋە راهىبە بولغان. ياپونىيە تارىخچىسى يۈشى لىياۋتى «غەربتە بۇددىزم» ناملىق ئەسىردە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كۇچادا بۇددانىڭ راۋاجلىنىپ يۈكسەك پەللىگە يېتەلىشى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ پەزىلەتلىك ئالىي مۇقام راھىبلىرىنىڭ بولغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ راھىبلارنىڭ خان تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان... قايتىپ كەلگەندە (كوماراجىۋا ھىندىستاندىن قايتىپ كەلگەندە ئا) كۇچا خانى بەگ چوڭ ئاقسۆڭەك ئاقسۇغا بېرىپ ئۇنى قارشى ئالغان. خان كوماراجىۋا ئۈچۈن شىر شەكلىدە ئالتۇن تەخت ياسىتىپ، تەخت ئۈستىنى رۇم دۇخاۋىسى بىلەن قاپلاتقان، خان كوماراجىۋانىڭ تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇشىنى ئۆتۈنگەن.»[1]

ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنى خەنزۇلارغا تونۇشتۇرۇشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. بۇنىڭدا كۇچالىق مەشھۇر بۇددىست شائىر، ئۇلۇغ تەرجىمان كوماراجىۋا (بۇ ئىسىم ھىندىچە) نىڭ مىلادىنىڭ V ئەسىردە چاڭئەنگە كېلىپ ناھايىتى نۇرغۇن بۇددا نوملىرىنى ھىندىچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغانلىقىنى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىك.

بۇددا دىنى نېمە ئۈچۈن ئاسىيادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرگە تارقىلىپ كەتتى؟ بۇنىڭ ئالاھىدە سەۋەبلىرى بار.

بۇددا دىنىدا: بۇ دۇنيادا ياخشىلىق قىلغانلار ئۇ دۇنيادا ھالاۋىتىنى كۆرىدۇ، يامانلىق قىلغانلار ئۇ دۇنيادا ئازاب - ئوقۇبەتكە قالىدۇ، دېگەن قاراش تەرغىب قىلىنغان. لېكىن بۇددا دىنى كىشىلەرنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلسىمۇ، كۈرەشنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا، ھىندىستاندىكى بولسۇن ياكى ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمران ئەزگۈچىلەر بولسۇن، تولا چاغلاردا بۇددا دىنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى چىڭىتىش ۋە ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا تىرىشقان. شۇڭا، بۇددا دىنى ئەڭ دەسلەپ ھۆكۈمران خانلار ۋە

(1) يۈشى لىياۋتى (ياپون تارىخچىسى) «غەربتە بۇددىزم» خەنزۇچە نەشرى 283 - بەت.

بەگلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇلار ئاۋام خەلقنى شۇ دىنغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن بارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللانغان.

بۇددا دىنى پەيدا بولغاندىن كېيىنلا بىرنەچچە ئېقىمغا ئايرىلغان. ئۇنىڭ بىرى ماخىيانا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۇلۇغ كولۇڭگو دەپ ئاتىلىدۇ) ئېقىمى بولسا، يەنە بىرى خىنايانا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كىچىك كولۇڭگو دەپ ئاتىلىدۇ) ئېقىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياپونىيە تارىخچىسى يوشى لىياۋتىنىڭ «غەربتە بۇددىزم» ناملىق ئەسىردىكى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ماخىيانا ئېقىمىغا ئېتىقاد قىلغانىكەن.

ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن ئېتىقاد قىلغان بۇددا دىنى توغرىسىدا ئېيتىدىغانلىرىمىز ھازىرچە شۇنچىلىك.

تۆۋەندە ساتۇق بوغراخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى توغرىسىدا توختىلىمىز.

ساتۇق بوغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلىقى توغرىسىدا بەزى رىۋايەتلەر مەۋجۇت، بۇ توغرىدا گەپ قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. بىر قەدەر ئىشەنچلىك بولغان تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ساتۇق بوغراخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدا ئەبۇ نەسر سامانى رول ئوينىغان.

ئەبۇ نەسر سامانى ئەسلىدە سامانىلار پادىشاھلىقى (مىلادىنىڭ 870 ـ يىلىدىن مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ شاھزادىسى ئىدى. ئۇ سامانى پادىشاھى ناسىر II نىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 914 ـ يىلىدىن 943 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) سامانىلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىچكى كۈرەشتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە قېچىپ كەلگەنىكەن. ئۇنى ئوغۇلچاق قانتى ئاستىغا ئېلىپ، قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاتۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. بەزى تارىخچىلار ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ قەشقەرگە كېلىشتىكى سەۋەبىنى يۇقىرىقىدەك چۈشەندۈرىدۇ.

بەزى تارىخچىلار بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەبۇ نەسر سامانىنى سامانى پادىشاھى ناسىرI ساتۇق بۇغراخاننى مۇسۇلمان قىلىش مەقسىتىدە بۇخارادىن قەشقەرگە يولغا سالغان، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرلۈك قاراشنىڭ قايسى توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىدىن

قەتئىينەزەر، ساتۇق بۇغراخاننى مۇسۇلمان قىلغان كىشى بەرىبىر ئەبۇ نەسر ساماني بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى مۇكەممەل بىلىدىغان ئەبۇ نەسر ساماني كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، ئاتۇشنىڭ ئارغۇ دېگەن يۇرتىنىڭ شىمالىدىكى تاغلارغا ئوۋغا چىققان ياش شاھزادە ساتۇق بوغراخانغا يولۇقىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشىدۇ. بۇ ئىككى شەخس ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانسېرى قويۇقلىشىدۇ، ئاخىر ساتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمان بولىدۇ. ساتۇق بوغراخان مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن، قەشقەردە ئىسلام دىنىغا كىرىپ (يوشۇرۇن ھالدا بولسا كېرەك) مۇسۇلمان بولغانلارمۇ ئانچە ئاز بولمىسا كېرەك. ساتۇق بوغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، قاتتىق كۈرەشلەردىن كېيىن تاغىسى ئوغۇلچاقنى يېڭىپ (ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن) قاراخانىيلار تەختىگە چىقىدۇ. مانا شۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 920 - يىلى يۈز بەرگەن.

ئىسلام دىنى ساتۇق بوغراخاننىڭ بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارشى توختىماي ئېلىپ بارغان قانلىق كۈرەشلىرى ئارقىلىق قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ، بالاساغۇن، بارىسخان (ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقى) قاتارلىق جايلاردا، يەتتەسۇدىكى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قارلۇقلار ئارىسىدا يىلتىز تارتىشقا باشلايدۇ.

بۇددىست ئۇيغۇرلار ساتۇق بۇغراخانغا ناھايىتى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ساتۇق بوغراخان مىلادىنىڭ 943 - يىلى بالاساغۇننى ئىسلام دىنىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن دۈشمەنلىرى قولىدىن تارتىۋالىدۇ.

ساتۇق بوغراخان مىلادىنىڭ 920 - يىلى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار بىلەن سامانىلارنىڭ مۇناسىۋىتى خېلى يېقىنچىلىق تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلغان. مىلادىنىڭ 921 - يىلى سامانىلارنىڭ خوراسان ئۆلكىسىدە كۆتۈرۈلگەن شىئەلەر ئىسيانىنى باستۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، ساتۇق بۇغراخان خوراسانغا كەلگەن[1]، قاراخانىيلاردا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە ساتۇق بوغراخاننىڭ سامانىلار ئىچىدىكى ئىسيانلارنى باستۇرۇشتا كۈچ چىقارغانلىقىدىن خۇشال بولغان سامانىلار پادىشاھلىقى ساتۇق بۇغراخانغا كۆپ جەھەتتە ياردەم قىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ماۋەرائۇننەھرى، خوراسان، ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردىن قەشقەرگە ۋە بالاساغۇنغا نۇرغۇن ئالىملار كەلدى. مانا شۇ مۇسۇلمان

(1) «تۈرك ئومۇمىي تارىخىغا كىرىش» تۈركچە 78 - بەت.

ئالىملىرى ساتۇق بۇغراخانغا «ئابدۇلكەرىم» دەپ ئات قويۇشقان. ساتۇق بۇغراخان دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 920 ـ يىلىدىن 956 ـ يىلىغىچە) قۇيدۇرۇلغان تىللا پۇلدا «قاراخان ساتۇق ئابدۇلكەرىم » دېگەن خەتلەر بار. بۇنداق تىللا پۇللار هازىر لېنىنگراد مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ساتۇق بۇغراخان نېمە ئۈچۈن بۇددا دىنىنى تەرك ئېتىپ مۇسۇلمان بولدى؟ دۇنيادا سەۋەبسىز بىرەر ئىش بولمىغاندەك، X ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدا ناهايىتى مۇهىم سەۋەبلەر بار. كۆپچىلىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر هۆكۈمرانلىرى بۇددا دىنىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ئۈستىدىكى هۆكۈمرانلىقىنى چىڭىتىش ۋە ئۇزارتىشنى ئويلىغان. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىشقا باشلىغان. چۈنكى بۇددا دىنى تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلىپ، كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلمايتتى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنىڭ بۇددا دىنىغا قارىغاندا جەڭگىۋار روهقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىغا كىرىش تۈيغۇسى ئويغاندى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر هۆكۈمرانلىرى شامان، بۇددا، زارو ئاستىرۇ، مانى، خرىستىئان قاتارلىق دىنلارغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلارنى دىنى ئېتىقاد جەهەتتىن بىرلا دىنغا ئىشىنىدىغان قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دىنىي ئايرىمچىلىق ئاساسىدا پەيدا بولغان زىددىيەتنى تۈگىتىپ، بىرلىككە كەلگەن، كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنىمۇ چوڭقۇر هېس قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنى ئاسىيادىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش ئۈچۈن، قورال كۈچى ئىشلىتىشتىن كۆرە، دىپلوماتىيە تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقىمۇ ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلگەن. VIII ئەسىردە، ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى مۇسۇلمان قىلىشقا كۈچەپلا قالماستىن، شەرقىي ئاسىيادا ياشايدىغان شەرقىي تۈركلەرنىمۇ، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىمۇ مۇسۇلمان قىلىشقا ئۇرۇندى. مەسىلەن: ئەرەب ئۇمەۋىلەر خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى هىشام (724 ـ 743) مىلادىنىڭ 730 ـ يىللىرى شەرقىي تۈركلەرنىڭ پايتەختى ئۆتۈكەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، شەرقىي تۈرك قاغانى بىلگە قاغاننى شامان دىنىدىن چىقىپ ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان بولسا، ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكى (750 ـ 1258) نىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس مىلادىنىڭ 750 ـ يىلى تەمىم ئىبنى بەهر ئەلمۇتەۋۋىنى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇنغا ئەۋەتىپ،

قاغان بايانچۇرنى مۇسۇلمان بولۇشقا ئۈندىگەن. شەرقىي تۈركلەرمۇ، شەرقىي ئۇيغۇرلارمۇ ئەرەب ئەلچىلىرىگە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە شامان دىنىنى تەرك ئېتىپ، ئىسلام دىنىغا كىرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[1].

X ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئىسلام دىنى دۇنياۋى دىنغا ئايلىنىپ، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادا ناھايىتى چوڭ تەسىر ۋە ئابرويغا ئىگە بولغانىدى.

يۇقىرىدىكى تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارغا قېرىنداش بولغان خەلقلەر شامان ۋە بۇددا دىنلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئىختىيارىي ئىسلام دىنىغا كىرىشكە بەل باغلىدى. ساتۇق تېكىن مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى مۇسۇلمان بولغاندىن تارتىپ، ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىتىش ئۈچۈن 36 يىل (مىلادىنىڭ 920 ـ يىلىدىن 956 ـ يىلىغىچە) كۈرەش قىلىپ يۈرۈپ، ئىسلام دىنىنى كەڭ تارقىتىپ كۈرەشكەن بولسا، ئىدىل بۇلغار خانلىقى (770 ـ 1400) نىڭ خانى ئالماسخان (900 ـ 925) مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى ھازار مۇسۇلمانلىرىدىن ئابدۇللاھ باشچىلىقىدا ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئۇلارنى ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ (750 ـ 1258) خەلىپىسى مۇقتەدىر (908 ـ 932) نىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە خەلىپىدىن ئىسلام ئەقىدىلىرىنى بۇلغارلارغا ئۆگىتىش ئۈچۈن ئالىملارنى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن. خەلىپە مۇقتەدىر ئالماسخاننىڭ ئەلچىلىرىنى قىزغىن ۋە خۇشال قارشى ئالغان. خەلىپە مۇقتەدىر ئىدىل بۇلغارلىرىنىڭ پايتەختى بولغار شەھىرىگە ئالماسخاننىڭ ھۇزۇرىغا سۇسۇن ئارراسىس ئاتلىق كىشىنىڭ باشچىلىقىدا ناھايىتى چوڭ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتكەن. بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بار:

«مىلادىنىڭ 922 ـ يىلى خەلىپە مۇقتەدىرنىڭ بۇلغار پادىشاھىغا ئەۋەتكەن كارۋىنى بىزگە مەلۇم بولغان سودا كارۋانلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى ئىدى. بۇ كارۋان 5000 كىشى بىلەن 3000 ئات ۋە تۆگىدىن تەركىب تاپقانىدى.» بۇ ئاددىي پاكىت ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇنداق كارۋانلار سودا جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى سىياسىي جەھەتتىنمۇ چوڭ ۋەقە ئىدى. ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ يىراقلارغا بارىدىغان كارۋانلار ئادەتتە 200 ـ 300 تۆگە ياكى ئاتلار بىلەن تەخمىنەن شۇنچىلىك كىشىلەردىن ئىبارەت بولاتتى. كارۋاننى پەقەت سودا ئۆمىكىلا دەپ قاراش ناتوغرا بولىدۇ. كارۋان تەركىبىگە سودىگەرلەر، ساقچىلار، كارۋانغا قارايدىغان كىشىلەرلا

(1) «تۈرك ئومۇمىي تارىخىغا كىرىش» تۈركچە 52 ـ بەت.

ئەمەس، بەلكى يەنە هاكىملارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ياكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن يېڭى جايغا بارىدىغان هۈنەرۋەنلەر، شۇنىڭدەك ئالىملار، رەسساملار، ئۇستىلار، ساياھەتچىلەر، دىپلوماتىك ئەلچىلەر ھەم كىرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سودىگەرلەرگە كۆپىنچە دىپلوماتىك تاپشۇرۇقلارمۇ بېرىلەتتى.»[1]

مىلادىنىڭ 922 ـ يىلى سۇسۇن ئارراسىس باشچىلىقىدا، ئىبنى پەزلاننىڭ كاتىپلىقىدا، مۇقتەدىر تەرەپتىن ئالماسخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلگەن چوڭ كارۋان، يالغۇز سودا مەقسىتى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى دىپلوماتىيە، ھەربىي تېخنىكا ۋە دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈنمۇ بۇلغار شەھىرىگە بارغانىدى.

باغداتتىن يولغا چىققان چوڭ ئەلچىلەر ئۆمىكى خوراسان، بۇخارا، خارەزمى قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، ئىدىل بۇلغارلىرىنىڭ پايتەختى بۇلغار شەھىرىگە كەلگەن.

مانا شۇ ئەرەب ئەلچىلىرى ئىدىل بۇلغارلىرىنىڭ خانى ئالماسخانغا كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تارتىپ قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغىچە بولغان جايلاردا ياشايدىغان هازارلارنىڭ (965 ـ 968) قاغانى ھارۇن II ( ـ 931) گە، ئارال كۆلى بىلەن كاسپى دېڭىزىنىڭ ئارىلىقىدا ياشايدىغان ئوغۇزلارنىڭ خانى سالجۇق بەگكە، خەلىپە مۇقتەدىر تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن مەكتۇپ ۋە ئېسىل سوۋغىلارنى ئەكەلگەن.

مىلادىنىڭ 922 ـ يىلى ئەھمەد ئىبنى پەزلان ئىدىل بۇلغار خانلىقىدىن باغداتقا قايتقاندىن كېيىن، بۇلغارلار، ھازارلار، ئوغۇزلار توغرىسىدا ياخشى مەلۇمات بېرىدىغان ساياھەتنامە يازغان. بۇ قىممەتلىك ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلغار، ھازار، ئوغۇزلار تارىخىنى ئۆگىنىشتە ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

زەكىي ۋەلىدى توغان بۇلغار خانى ئالماسخاننىڭ مۇسۇلمان بولغان ۋاقتىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازغان: «ئەرەب ئاباسىلار خەلىپىسى مۇقتەدىرنىڭ ئەلچىلىرى بۇلغار شەھىرىگە كىرىشكە بىر كۈنلۈك يول قالغاندا، ئالماسخاننىڭ ۋەزىرلىرى، ئوغۇللىرى ھەم قېرىنداشلىرى ئەلچىلەرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. ئەلچىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، تۇز ۋە تارى بىلەن مېھمان قىلدى. بۇلغار شەھىرىگە 15 چاقىرىم قالغاندا، ئالماسخان ئۆزى ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ئالماسخان ئاتتىن چۈشۈپ، ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا قاراپ سەجدە قىلدى. ئۇ يېڭىنى تۇرۇپ

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» I توم ئۆزبېكچە 225 ـ بەت.

ئۆزى ئەكەلگەن ئالتۇن ۋە كۈمۈش پۇللارنى چاچتى ۋە مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى. ئەلچىلەر ناھايىتى چوڭ شۆھرەت ۋە دەبدەبە بىلەن بۇلغار شەھىرىگە كىردى. ئالماسخان ئۇلار ئۈچۈن كىگىز ئۆي قۇرغۇزۇپ، شۇ ئۆيدە مېھمانلارغا زىياپەت بەردى. تۆت كۈن ئىچىدە بۇلغار خانلىقىنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن مۆتىۋەر كىشىلەر، ئاتاقلىق خانلارنى يىغىپ ناھايىتى چوڭ دەبدەبە بىلەن دىنىي ئىسلامنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ناھايىتى چوڭ ۋە مۇقەددەس بولغان بۇ توي ئاجايىپ قىزغىن مۇھەببەت ۋە تەنتەنە بىلەن ئۆتتى. ئالماسخان پۈتۈن مۆتىۋەر كىشىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەلچىلەر ئالدىدا ئىمان ئېيتتى. ئالماس دېگەن ئىسمىنى جەئپەرگە ئۆزگەرتتى. ئۇ، مەسجىدلەر سالدۇرۇپ، ئۆز نامىنى خۇتبىدا ئوقۇشقا ئەمر قىلدى. بۇ ۋەقە ھىجرىيىنىڭ 310 ـ يىلى 16 ـ مۇھەررەمدە (مىلادىنىڭ 922 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدە) بولغانىدى.»[1]

ئىدىل بۇلغارلىرى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئالماسخاننىڭ ئوغلى ئەھمەدخان مىلادىنىڭ 944 ـ يىلى نۇرغۇن ئېسىل ھەدىيەلەرنى ئېلىپ، ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىسى مۇتتەقى (940 ـ 944) نى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن باغدادقا بارغان. بۇلغار خانى مۇھەممەدخان مىلادىنىڭ 986 يىلى رۇس كىيىۋ دۆلىتىنىڭ مەشھۇر كېنەزى (خانى) ۋىلادىمىرغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلغان. مۇھەممەدخاننىڭ ئىسلام دىنىنى رۇسلار ئارىسىدا تارقىتىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكىتى ئۈنۈم بەرمىگەن. ۋىلادىمىر (980 ـ 1015) نىڭ شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى. ئۇ شەرقىي روما ئىمپېراتورى ۋاسىلىئوسII (986 ـ 1025)نىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەنىدى. ۋىلادىمىر خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە شەرقىي روما ئىمپېراتورىغا قېرىنداش بولۇش ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەيدۇ دەپ ئويلايتتى. ۋىلادىمىر شەرقىي رومانىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرمەي، 998 ـ يىلى خرىستىئان دىنىغا كىردى. ئۇ كىيىۋدىكى مەجۇسى دىنىنىڭ بۇتلىرىنى چېقىپ تاشلىدى. كىيىۋ ئاھالىسىنى دنېپىر دەرياسىدا چۆمۈلدۈرۈپ يۇيۇندۇرۇپ ۋە خرىستىئان دىنىغا كىرگۈزدى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، X ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ زەپەر مارشى جاراڭلاپ، دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىنى لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى.

مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن،

(1) ئەھمەد زەكىي ۋەلىدى توغان «تۈرك ـ تاتار تارىخى» تاتارچە، 17 ـ بەت.

خوتەن، كۇچا خانلىقى ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئىسيان كۆتۈرۈپ (ئۇلار كۆل بىلگە قاراخان ۋاقتىدا بويسۇندۇرۇلغان) مۇستەقىللىق جاكارلىغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئالتاي، ئىلى ئەتراپىدىكى شامان، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارمۇ ئىسيان كۆتۈرگەن. مانا شۇنداق ئېغىر ئەھۋال يۈز بەرگەندە، ساتۇق بۇغراخان قىلچە ھودۇقماي ناھايىتى سالماقلىق بىلەن ئىسياننى باستۇرۇشقا كىرىشكەن. ئۆزى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلاردىن تۈزۈلگەن قوشۇنغا باش بولۇپ خوتەنگە يۈرۈش قىلغان. ئۇ، قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، خوتەن خانىنى مەغلۇپ قىلىپ، شەھەرنى قورشىۋالغان. شەھەر ئىچىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ ماسلىشىپ ياردەم بېرىشى ئارقىلىق شەھەر ئوڭۇشلۇق ئېلىنغان. ساتۇق بۇغراخان خوتەننى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كۇچادىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرۈش قىلغان. شۇ چاغدا ھىندىستاندىن قالسىلا بۇددا دىنىنىڭ ئىككىنچى يۇرتى دەپ ئاتالغان كۇچا ناھايىتى قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ مەغلۇپ بولۇپ، باش ئېگىشكە مەجبۇر بولغان. بۇددىست ئۇيغۇر خانلىقلىرى ئىچىدە كۇچا باي، مەدەنىيەتلىك، كۈچلۈك خانلىق ئىدى. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىگە، ھازىرقى كۇچا، بۈگۈر، شايار، باي، ئاقسۇ، توقسۇ ناھىيىلىرى كىرەتتى. كۇچانى مەركەز قىلغا كۇچا خانلىقى جەنۇبتا خوتەن بىلەن غەربتە قەشقەر بىلەن (مارالبېشىدىكى تۇمشۇق چېگرا قىلىنغان)، شەرقتە قارا شەھەر بىلە چېگرىداش بولۇپ، شىمالدا تەڭرىتېغىغا يانداشقان.

ساتۇق بوغراخاننىڭ شۇ قېتىمقى يۈرۈشلىرىدە (مىلادىنىڭ 935 ـ يىللىرى بولسا كېرەك) خوتەن بىلەن كۇچا بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇسۇلمان بولماي، بۇددا دىنى ئېتىقادىدا قالغان.

ساتۇق بوغراخان خوتەن بىلەن كۇچاغا قىلغان يۈرۈشلىرىدىن قايتىپ كېلىپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقىنى بويسۇندۇرۇش تەييارلىقىنى قىلغان. ئۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، قاراخانىيلار قوشۇنلىرىنى ئىككى يۆنىلىش بويىچە شىمال (ئىلى تەرەپ) ۋە جەنۇب (قارا شەھەر تەرەپ) تەرەپتىن ئاتلاندۇرغان. بۇ چاغدا، ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقىنىڭ تەختىدە كىمنىڭ ئولتۇرغانلىقى نامەلۇم، ئەگەر ساتۇق بوغراخاننىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن ماڭدۇرغان ۋاقتى مىلادىنىڭ 940 ـ يىلىغا توغرا كېلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقىنىڭ قاغانى ئىردىمىن قاغان (مىلادىنىڭ 940 ـ يىلدىن 948 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) بولغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يولغا چىققان قاراخانىي قوشۇنلىرى بىر قانچە قېتىملىق قاتتىق ئۇرۇشلار ئارقىلىق ئىدىقۇت بۇددىستلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. لېكىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار بۇددا ئېتىقادىدا قېلىش شەرتى بىلەن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ مەركىزى قەشقەرگە بويسۇنغان.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقىنى قايتىدىن بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلاردا ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ ئوغلى ئابدۇلپەتتاھ ناھايىتى ئۈنۈملۈك خىزمەت كۆرسىتىپ، يۈكسەك شۆھرەتكە ئىگە بولغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ساتۇق بۇغراخان، ئۇنىڭغا «ئالپ تېكىن» (قەھرىمان شاھزادە) ئۇنۋانىنى بەرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشىدا ئۆمرىنى كۈرەش بىلەن ئۆتكۈزگەن، قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇدرەتلىك ھالغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسىنى سالغان، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشناپ، شانلىق بىر باسقۇچقا قەدەم قويۇشى ئۈچۈن كەڭ شارائىت يارىتىپ بەرگەن تالانتلىق ھەربىي يولباشچى، دانىشمەن سىياسەتچى، ئاتاقلىق مەرىپەتپەرۋەر قەتئىي ئىرادىلىك بولغان ساتۇق بۇغراخان مىلادىنىڭ 956 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ جەسىتى ئۆز ۋەسىيىتى بويىچە، ئۇنى مۇسۇلمان قىلغان ھۆرمەتلىك ئۇستازى ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ئاتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازىرى ساتۇق بۇغراخاننىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان جاينىڭ دەل ئۆزى. مانا شۇ ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدا ئەبۇ نەسر سامانىنىڭمۇ قەبرىسى بار.

## مۇسا بۇغراخان ۋە سۇلايمان ئارسلانخان

ساتۇق بوغراخاننىڭ بايتاش (مۇسۇلمانچە ئىسمى مۇسا)، توڭگا ئىلىك (مۇسۇلمانچە ئىسمى سۇلايمان) ئاتلىق ئىككى ئوغلى بولغان. ساتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇسا بۇغراخان قاراخانىيلارغا قاغان بولغان، مۇسا بۇغراخان (956 ـ 958) ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى.

سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ۋاقتىدا (958 ـ 970) ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر ھالدا يىلتىز تارتتى. مىلادىنىڭ 960 ـ يىلى يەتتەسۇ ۋە تارىم ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان 200 مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇر مۇسۇلمان بولدى. شۇ يىلى سۇلايمان ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى.

خۇددى شۇ مەزگىلدە خوتەن ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ئىسيان كۆتۈردى. سۇلايمان ئارسلانخان خوتەن بۇددىستلىرىنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنە ئىسيان كۆتۈردى. تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئۇرۇش مىلادىنىڭ 975 ـ يىلىدىن تارتىپ، 998 ـ يىلىغىچە (20 يىل) سوزۇلغان.

سۇلايمان ئارسلانخان مىلادىنىڭ 965 ـ يىلى قاراخانى قوشۇنلىرىنى ئالىپ تېكىن باشچىلىقىدا ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى مىڭلاق (هازىرقى غۇلجا) غا ماڭدۇرغان. ئالىپ تېكىن مىڭلاقتىكى ئۇيغۇرلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن. مانا شۇ ئۇرۇش توغرىسىدا توقۇلغان قوشاقلار ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە:

كېمە ئىچىگە ئولتۇرۇپ،
ئىلى سۇيىنى كەچتۇق بىز.
ئۇيغۇر تەرەپكە يۈزلىنىپ،
مىڭلاق ئېلىنى ئاچتۇق بىز[1].

تۇن بىلەن باستۇق،
هەر تەرەپتىن بۆكتۈرمە قويدۇق،
ئاتلىرىنىڭ كوكۇلالىرىنى كەستۇق،
مىڭلاق ئەرلىرىنى سويدۇق[2].
بەلگە تاقاپ ئاتلارغا،
ئۇيغۇردىكى تاتلارغا،
ئوغرى ياۋۇز ئىتلارغا،
خۇددى قۇشلاردەك ئۇچتۇق[3].

قاراخانىيلارنىڭ خوتەندىكى ئۇيغۇر بۇددىستلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى توغرىسىدىمۇ قوشاقلار توقۇلغان، مەسىلەن:

(1) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە III توم 324 ـ بەت.
(2) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە I توم 565 ـ بەت.
(3) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە I توم 630 ـ بەت.

كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق.
بۇتخانىنى يېقىتتۇق،
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق[1].

سۇلايمان ئارسلانخان مىلادىنىڭ 970 ـ يىلى ئالپ تېكىننى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئالپ تېكىن ئاقسۇ، كۇچادىن ئۆتۈپ قارا شەھەرنى ئىشغال قىلغان. ئاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى قاراغوجىغا ھۇجۇم قىلغان. قانلىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاقانلىقىنىڭ خاقانى ئارسلان تېكىن (مىلادىنىڭ 948 ـ يىلىدىن 980 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) مەغلۇپ بولۇپ بەشبالىققا چېكىنگەن. ئالپ تېكىن ھازىرقى تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، بەشبالىققا قاراپ يۈرۈش قىلغان. لېكىن ئارسلان تېكىن بەشبالىقنىڭ جەنۇبىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ قاراغوجىغا بارىدىغان يولدىكى تاغ ئېغىزىغا نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ، ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان. ئالپ تېكىن ئەنە شۇ جايدا بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن. ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققان قاراخانى قوشۇنلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە تاراپ كەتكەن. ئارسلان تېكىن قارا غوجا بىلەن قارا شەھەرنى قاراخانىيلاردىن تارتىۋالغان.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئالپ تېكىننىڭ جەسىتى ئۇرۇش بولغان جاي (تەڭرىتېغىنىڭ قاراغوجىغا بارىدىغان يولدىكى تاغ ئېغىزى) غا دەپنە قىلىنغان. XIV ئەسىردە، تۇرپاندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار تولۇق مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئالپ تېكىننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ھازىرقى تۇرپان ئاستانىدا «ئەلپەتتا» ناملىق مازارنى بىنا قىلغان، «ئەلپەتتا» ئالپ تېكىننىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇلپەتتاھنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان.

تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، «قاراغوجا» دېگەن ئىسىم توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت ھازىرغىچە ساقلانغان. ئېيتىلىشىچە، ئالپ تېكىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە I توم 448 ـ بەت.

قاغانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختىگە ھۇجۇم قىلغاندا، قارارگاھىنى ھازىرقى سىڭگىم ئېغىزىغا جايلاشتۇرغانىكەن. ھەركۈنى تاڭ ئاتقاندا، ئالپ تېكىن ئاتقا مىنىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن سىڭگىم ئېغىزىدىن چىققاندا، شەھەر سېپىلى ئۈستىدە تۇرغان بۇددىست ئۇيغۇرلار «قاراغۇجا كەلدى»، «قاراغۇجا كەلدى» دەپ ۋارقىرىشىدىكەن. مانا شۇ «قاراغوجا» دېگەن ئىسىم كېيىنگە كېلىپ شەھەرنىڭ ۋە شۇ شەھەر يېنىدىكى يېزىنىڭ نامى بولۇپ قالغان. ھازىر تۇرپان ئاستانىدىكى كونا شەھەرنى «ئىدىقۇت شەھىرى» ۋە «قاراغوجا» دەپ ئاتىشىدۇ. يەنە «قاراغوجا» دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى چوڭ بىر يېزىمۇ بار.

تارىختا، قەدىمكى چاغلاردا، ھازىرقى تۇرپان ئاستانىدىكى كونا شەھەرنى «ئىدىقۇت شەھىرى» دەپ ئاتىغانلىقى توغرىسىدا تازا ئېنىق مەلۇمات يوق.

نېمە ئۈچۈن، بۇددىست ئۇيغۇرلار ئالپ تېكىننى «قاراغۇجا» دېگەن؟ رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە: ئالپ تېكىن قاراخانىيلارنىڭ شاھزادىلىرى قاتارىدىكى قەھرىمان بولغانلىقى ئۈچۈن، «قاراخانىيلار» دىكى «قارا» نى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى «قاراغوجا» دەپ ئاتىغانىكەن. يەنە شۇ رىۋايەتنىڭ باشقىچىرەك خىلىمۇ بار. ئۇنىڭدا ئالپ تېكىن، ئەرەب بولغانلىقى[1] ئۈچۈن چىرايى قارا ئىكەن، شۇڭا ئۇنى «قاراغوجا» دەپ ئاتىغان، دېيىلىدۇ. بىزنىڭچە بۇ رىۋايەت ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى ئالپ تېكىن ئەرەب بولماستىن، بەلكى ئىران نەسلىگە مەنسۇپ بولغان تاجىكلاردىن كېلىپ چىققان سامانىلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى. بىز رىۋايەتنىڭ باشتىكىسىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى ئالپ تېكىننىڭ «قاراغوجا» دەپ ئاتىلىشى «قاراخانىيلار» دىكى «قارا» سۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندەك تۇرىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىرقى سىڭگىم ئېغىزىدا «ئاتلاشغوجام» دېگەن بىر جايمۇ بار، تۇرپان خەلقى ئارىسىدا ھېلىغىچە ساقلىنىپ قالغان رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە: ئالپ تېكىن تاڭ ئاتقاندا، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ماڭىدىغان چاغدا، شۇ جايدىن ئاتقا مىنىدىكەن. كىشىلەر مانا شۇ ۋەقەنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئاشۇ جايغا «ئاتلاشغوجام» دەپ نام بەرگەن.

(1) «ئەلپەتنا» مازىرىدىكى نەسەبنامىدە ئالپ تېكىننى پەيغەمبەر ئەۋلادى قىلىپ كۆرسەتكەن ئا.

# ئون بىرىنچى باب: سامانىلار ۋە قاراخانىيلار

## سامانىلار پادىشاھلىقى

مىلادىنىڭ 730 - يىللىرىدىلا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباسنىڭ ئەۋرىسى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئۇمەۋىلەرگە قارشى ھەرىكەت باشلىدى. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىۋاستە قان قېرىنداشلىقى بولمىغان ئۇمەۋىلەرگە قارىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىۋاستە قان قېرىنداشلىقى بولغان ئابباسىلار تەختنى ئىگىلەشكە تولىمۇ ھەقلىق دېگەن قاراشنى تارقىتىشتى.

ئابباسىلار ھەرىكىتىگە ئابا مۇسلىم يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالىدىغانلار چاپسانلىق بىلەن كۆپىيىپ كەتتى. مىلادىنىڭ 748 - يىلى ناسىر ئىبنى سەييار ئابا مۇسلىمگە تاقابىل تۇرالماي، خوراساننى تاشلاپ قاچتى. مىلادىنىڭ 750 - يىلى ئۇمەۋىلەرخەلىپىلىكى ئۇزۇل - كېسىل ئاغدۇرۇلدى. ئابباسىلار ئۇمەۋىلەر خاندانىنىڭ ئەزالىرىنى رەھىمسىزلەرچە جازالاپ ئۆلتۈردى.

ئاببا سىلار خەلىپىلىرىدىن سەففاھ (مىلادىنىڭ 750 - يىلىدىن 754 - يىلىغىچە خەلىپە بولغان) ۋە مەنسۇر (754 - 775)، مەھدى (775 - 785) لەرنىڭ دەۋرىدە، ئابباسىلار خەلىپىلىكى ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. 750 - يىلى شارىك بۇخارادا، 755 - يىلى سۇنباد تېھراندا، 775 - يىلى مۇقەننا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاببا سىلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇ قوزغىلاڭلار ئىچىدە مۇقەننا قوزغىلىڭى ئون يىل (مىلادىنىڭ 775 - يىلىدىن 785 - يىلىغىچە) داۋام قىلدى.

ئاببا سىلار توختىماي داۋام قىلغان قوزغىلاڭلارنىڭ زەربىسىدىن ئاجىزلاپ كەتتى. ئۇلار بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنى ئىدارە قىلغىنىدا، ئەرەبلەردىن نائىب قويغانغا قارىغاندا، يەرلىك خەلقنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىن ئۆزىگە سادىق بولغانلاردىن نائىب قويۇشنىڭ ئەۋزەللىكىنىمۇ تەجرىبىلەردىن چۈشەنگەن.

ئاببا سىلار ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىدارە قىلىشتا، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرگە يۆلىنىشكە قارار قىلدى. باشتا خۇراسانلىق خالىد ئىبنى بارماقنىڭ ئەۋلادلىرى ئاببا سىلار خەلىپىلىكى تەشكىل بولغان كۈندىن باشلاپلا يۇقىرى مەنسەپلەرنى ئىگىلىۋالغانىدى، لېكىن، ھارۇن رەشىدنىڭ ۋاقتىدا (786 - 809) بارماقىلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى ھىراتنىڭ بوشاڭ دېگەن يېرىدىن

چىققان تاھىر ئىگىلىدى، تاھىر ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغۇللىرى ئەمىن (809 ـ 813) بىلەن مۆمىن (813 ـ 833) ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە، مۆمىنگە ياردەم بەردى. ئۇ، مۆمىننىڭ باغدادنى ۋە تەختنى ئىگىلىشىدە رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 821 ـ يىلى خوراسانغا نائىب قىلىپ تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ تاھىر مۇستەقىل بولۇۋالدى. ئەسلىدە خوراسانغا نائىب بولغانلار ماۋەرائۇننەھرىگىمۇ نائىبلىق قىلاتتى. تاھىر ئىبنى ھۇسەيىن (821 ـ 822) تەلھە ئىبنى تاھىر (822 ـ 828)، ئابدۇللاھ ئىبنى تاھىر (830 ـ 844)، تاھىر ئىبنى ئابدۇللاھ (844 ـ 862) قاتارلىقلار كۈرۈنۈشتە ئابباسىلارغا بويسۇنغاندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل تاھىرىلەر دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولغانىدى.

تاھىرىلەر دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 820 ـ يىلىدىن 870 ـ يىلىغىچە) نائىبلار سۈپىتىدە تاھىرىلەرگە بويسۇنغان سامانىلار باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

سامان ئەسلىدە خوراسانلىق تاجىك بولۇپ، ئاتەشپەرەس ئىدى. ئۇ خەلىپە مۆمىننىڭ ۋاقتىدا مۇسۇلمان بولغان. ئۇ تاھىر تەرىپىدىن مەرۋىگە نائىب قىلىپ تەيىنلەنگەندىن باشلاپ، مۆمىننىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغان.

تاھىر مىلادىنىڭ 821 ـ يىلى سامانىنىڭ ئوغلى ئەسەتنىڭ ئوغۇللىرىدىن نۇھنى سەمەرقەندكە (مىلادىنىڭ 821 ـ يىلىدىن 840 ـ يىلىغىچە نائىب بولدى)، ئەھمەدنى پەرغانىگە (821 ـ 864)، يەھيانى تاشكەنتكە (821 ـ 856) نائىب قىلىپ تەيىنلىگەن.

مىلادىنىڭ 870 ـ يىلى تاھىرىلەر خاندانى يىقىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن سامانىلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمى، ئافغانىستان ۋە خوراساننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېررىتورىيىدە باش كۆتۈرۈپ سامانىلار پادىشاھلىقىنى تەشكىل قىلدى. ئۇلار بۇ يېڭى تەشكىل تاپقان دۆلەتكە بوۋىسى سامانىنىڭ نامىنى قويۇپ، ئۇنى سامانىلار پادىشاھلىقى دەپ ئاتىدى.

ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ، مۆمىن، مۇتەسىم I (833 ـ 842) ۋاسىق I (842 ـ 847)، موتىۋەككىلI (847 ـ 861)، مۇنتەسىر (861 ـ 862)، مۇستەئىن I (862 ـ 866)، مۇتىز (866 ـ 869)، مۇھتەدى (869 ـ 870) قاتارلىق خەلىپىلىرى تاھىرىلەرنىڭمۇ، سامانىلارنىڭمۇ مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە قىلچە چەك قويالمىدى. ئابباسىلار خەلىپىلىكى تەخت ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەردە ۋە بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرىنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىلىرىدە ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.

## قاراخانىيلارنىڭ سامانىلارغا قىلغان يۈرۈشلىرى

مىلادىنىڭ 970 ـ يىلى سۇلايمان ئارسلانخان ئالەمدىن ئۆتتى. قاراخانىيلارغا مۇسا بوغراخاننىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان قاغان بولدى. ئەلى ئارسلانخاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 970 ـ يىلدىن 998 ـ يىلىغىچە)، قاراخانىيلارنىڭ سامانىلار پادىشاھلىقىنى يوقىتىش ئىشىنى ئاساسەن ئورۇندىدى. سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ھارۇن بوغراخان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئورۇنباسىرى ئىدى. ھارۇن بوغراخان ئەلى ئارسلانخاننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بويسۇنۇشتىن باش تارتقان خانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇردى. شۇ دەۋردە، قاراخانىيلار دۆلىتى ئىچكى جەھەتتە تولۇق بىرلىككە كەلدى ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. ھارۇن بوغراخان سىياسىي جەھەتتە تەدبىرلىك، ھەربىي جەھەتتە ساتۇق بوغراخاندىن قېلىشمايدىغان باتۇر ئادەم ئىدى. ئۇ قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن ناھايىتى ئىنتىزاملىق، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن، قۇدرەتلىك قوشۇن تەشكىللەپ، دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كۈچەيتتى. ئۇ مانا شۇ كۈچكە تايىنىپ تۇرۇپ، سامانىلار پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى قاراخانىيلار دۆلىتىگە قوشۇۋالماقچى بولدى.

ھارۇن بوغراخاندىن بۇرۇن قاراخانىيلار بىلەن سامانىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ناسىر ئىبنى ئەھمەد (مىلادىنىڭ 865 ـ يىلىدىن 893 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان)، ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد (874 ـ 907)، ئەھمەد ئىبنى ئىسمائىل (907 ـ 914)، ناسىر(II) ئىبنى ئەھمەد (914 ـ 943)، نۇھ ئىبنى ناسىر (943 ـ 954)، ئابدۇلمالىك (954 ـ 961)، ناسىر(III) (بۇ تەختتە بىر كۈنلا ئولتۇرغانىكەن)، مەنسۇر ئىبنى نۇھ (961 ـ 976) قاتارلىق سامانى پادىشاھلىرى دەۋرىدە ھەم دۈشمەنلىك ھەم دوستانىلىق بىلەن ئۆتكەن. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد بىلەن ئوغۇلچاق ئارىسىدا ئۇرۇشلار داۋام قىلغان بولسا، ساتۇق بوغراخان ۋاقتىدىن باشلاپ قاراخانىيلار بىلەن سامانىلار دوستانە ئۆتۈشكە باشلىغان. بۇنداق مۇناسىۋەت خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغان.

سامانىلار پادىشاھلىقى نۇھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ ۋاقتىدا (976 ـ 997) ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. شۇ چاغدا، سامانىلار پادىشاھلىقى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى، يەرلىك فېئوداللارنىڭ توپىلاڭلىرى سەۋەبىدىن ھالسىراشقا باشلىغانىدى. ئىچكى توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئادەم كۈچى ۋە ماددىي

كۆچلەر كۆپلەپ سەرپ قىلىنغاندىن تاشقىرى، مالىيە جەھەتتىنمۇ ناھايىتى نۇرغۇن بايلىق سەرپ قىلىنغان ئىدى. مالىيە قىيىنچىلىقىغا يولۇققان سامانى ھۆكۈمرانلىرى پۇقرالار ئۈستىدىكى خىلمۇ خىل ئالۋان - ياساقلارنى ئېغىرلاتتى، بۇنداق قىلىش ئاممىنىڭ ئومۇميۈزلۈك نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنە بىر تەرەپتىن، سامانىلار قوشۇنىنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى تولىراق تۈركىي خەلقلەردىن بولۇپ، بۇ قىسىملار ئۇلار نىسبەتەن ئىشەنچسىز ئىدى. ھەممىدىن خەتەرلىكى سامانىلارنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوغۇزلاردىن ئىدى. ئۇلار سامانىلارنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى تىزگىنلەپ تۇراتتى. سامانىلارنىڭ خوراسان نائىبلىرىمۇ ئوغۇزلاردىن ئىدى.

ھارۇن بوغراخان ئەلى ئارسلاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سامانىلارنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىنىڭ 990 - يىلى ئىسفىجابنى سامانىلار قولىدىن تارتىۋالدى. سامانىلار مىلادىنىڭ 890 - يىلى (بۇ چاغدا ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ نائىبى ئىدى) ئىسفىجابنى بېسىۋالغانىدى.

ھارۇن بوغراخان ئىسفىجابنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، قاراخانىيلارنىڭ نۇرغۇن سانلىق قوشۇنلىرىنى يەتتەسۇغا توپلىدى. ئۇ سامانىلار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا پۇختا تەييارلىق قىلدى.

ھارۇن بۇغراخان سامانىلارنىڭ پايتەختى بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن، سامانىلارنىڭ خوراسانغا قويغان نائىبى ئەبۇ ئەلى سىمجورى (كېلىپ چىقىشى ئوغۇزلاردىن) بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئېلىپ باردى. سۆھبەت ئارقىلىق تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە كۆرە، ماۋەرائۇننەھرى قاراخانىيلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار ئەبۇ ئەلى سىمجورىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلىدىغان بولىدى.

ھارۇن بوغراخان ھەر تەرەپلىمە پۇختا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 992 - يىلى قاراخانى قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ، يەتتەسۇدىن يولغا چىقىپ، سامانىلار پادىشاھلىقىغا شىددەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. بۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالغا يولۇققان سامانىلار پادىشاھى نۇھ ئىبنى مەنسۇر ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈپ، قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى. ھارۇن بۇغراخان ناھايىتى كۆپ سانلىق قوشۇن بىلەن بۇخاراغا قاراپ ماڭدى. تارىخىي خاتىرىلەردە، قاراخانىيلارنىڭ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلىرىنىڭ ئېنىق سانى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. نۇھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك

بۇيرۇقى ئانچە ئۇنۇم بەرمىگەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سامانى قوشۇنلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھەربىي يولباشچىلار (تولىسى ئوغۇزلاردىن كېلىپ چىققان) نۇھ ئىبنى مەنسۇرنى قوللىمىدى. ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ھارۇن بوغراخان باشچىلىقىدىكى قاراخانى قوشۇنلىرى ئانچە قارشىلىققا ئۇچرىمايلا ئالغا ئىلگىرىلىدى.

ھارۇن بوغراخان بىرىنچى قەدەمدە، نۇھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ ئايانچ تېكىن باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. ئايانچ تېكىننى ئەسىر ئالدى. مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى ئاڭلىغان نۇھ ئىبنى مەنسۇر ناھايىتى غەيرەتلىك ۋە قەتئىي ئادەم بولۇشىغا قارىماي، تەمتىرەپ قالدى. بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ نۇھ ئىبنى مەنسۇر ناھايىتى قابىلىيەتلىك، لېكىن تولىمۇ ئىشەنچسىز بولغان ھەربىي يولباشچىلىرىدىن بىرى بولغان پايىق تېكىننى نۇرغۇن سانلىق قوشۇن بىلەن ھارۇن بوغراخانغا قارشى ماڭدۇردى. پايىق تېكىن بۇخارا ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشتا سامانىلارغا خائىنلىق قىلدى، سامانى قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولدى. پايىق تېكىننىڭ خائىنلىقى شۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئۇ، چاپسانلا ھارۇن بوغراخان تەرىپىدىن تىرمىز ۋە بەلخقە نائىپ قىلىپ تەيىنلەندى.

پايىق تېكىننىڭ خائىنلىق قىلىشى ۋە بۇخارا ئەتراپىدىكى مەغلۇبىيەت نۇھ ئىبنى مەنسۇرنى پايتەختنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ھارۇن بوغراخان مىلادىنىڭ 992 ـ يىلى تەنتەنىلىك ھالدا سامانىلار پادىشاھلىقىنىڭ بۇخارادىكى ئوردىسى جويمولىئانغا كىردى. لېكىن، ھارۇن بوغراخان بۇخارادا ئۇزۇن تۇرالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كېسىلى (گېموررويى كېسىلى) قوزغىلىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى گۈزەل شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان سەمەرقەندكە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ناھايىتى ھاۋالىق چىرايلىق، شاھانە بىر باغدا ئارام ئالدى. ئۇ سەمەرقەندتىمۇ ئۇزاق تۇرالمىدى. كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاشقانلىقتىن، سەمەرقەندتىن چىقىپ قەشقەرگە ماڭدى. ھارۇن بوغراخان يولدا كېتىۋېتىپ ئاتبېشى (ھازىرقى قىرغىزىستان تېررىتورىيىسىدە) دېگەن جايغا كەلگەندە ئالەمدىن ئۆتتى. جەسىتى قەشقەرگە كەلتۈرۈلۈپ، ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بەشكېرەمنىڭ قاراساقال دېگەن كەنتىگە دەپنە قىلىندى. ھازىر قەشقەر خەلقى قىلىچ بوغراخان دەپ ئاتايدىغان مازار دەل مانا شۇ ھارۇن بوغراخاننىڭ مازىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھارۇن بوغراخان بۇخارانى ئالغاندىن كېيىن، ئەلى ئارسلانخان قاراخانىيلار دۆلىتىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن «ئىلىكخان» ئۇنۋانىدا ئىككى باش ۋالىي بەلگىلىدى. ئۇنىڭ بىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە سىر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى قاراخانىيلارنىڭ قەشقەردىكى قاغانىغا ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان ئىلىكخان ئىدى. بۇنىڭ تۇرىدىغان شەھىرى بالاساغۇن قىلىپ بەلگىلەندى. ئىلىكخانلارنىڭ يەنە بىرى ماۋەرائۇننەھرنى باشقۇردى. بۇنىڭ باش شەھىرى ئۆزكەنت بولدى. ھارۇن بوغراخاننىڭ بالاساغۇنغا قاراخانىيلارنىڭ شاھزادىلىرىدىن توغانخان I نى باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ شىمالىي ئىلىكخان دەپ ئاتالدى. ئۆزكەنتكە باش ۋالىي قىلىپ ئەلى ئارسلانخان ئۆز ئوغلى ناسىرنى تەيىنلىدى. بۇ غەربىي ئىلىكخان دەپ ئاتالدى.

ھارۇن بوغراخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك بولسىمۇ نۇھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغاندەك بولدى. ھارۇن بوغراخان بۇخارانى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەبۇ ئەلى سىمجورى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يامانلاشقان ئىدى. ئەبۇ ئەلى سىمجۇرى باشتا سامانىلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھارۇن بوغراخان تەرىپىنى ئالغان، ھارۇن بوغراخان بۇخارانى ئالغاندىن كېيىن ئەبۇ ئەلى سىمجورى ھارۇن بوغراخانغا بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ (ئۇ سامانىيلار تېررىتورىيىسىنى ھارۇن بوغراخان بىلەن بۆلۈۋېلىشقا كېلىشكەنىدى) نۇھ ئىبنى مەنسۇر تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

نۇھ ئىبنى مەنسۇر ھارۇن بوغراخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى ۋە ئەبۇ ئەلى سىمجورنىڭ ياردەم بېرىشىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىنىڭ 992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدە بۇخاراغا كىردى. نۇھ ئىبنى مەنسۇر ھارۇن بوغراخاننىڭ بۇخاراغا قويغان ھاكىمى ئەزىزنى ئۆلتۈردى. ئەزىز نۇھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ ئۆز ئۇكىسى ئىدى.

نۇھ ئىبنى مەنسۇر بۇخارانى بېسىۋالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭمىدى. چۈنكى نۇھ ئىبنى مەنسۇر بۇرۇن ئۆزىگە يېقىن بولغان كىشىلەر ئىچىدىن ئىشەنچلىك ۋە قابىلىيەتلىك بولغانلىرىدىن بىرىنىمۇ تاپالمىدى. ئەبۇ ئەلى سىمجورغا ئەمدى ئىشەنچ قىلغىلى بولمايتتى. نۇھ ئىبنى مەنسۇر مىلادىنىڭ 977 ـ يىلى ئۆزىدىن رۇخسەتسىزلا غەزنەنىڭ ھاكىمى بولۇۋالغان سەبۇق تېكىندىن ياردەم ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدا سەبۇق تېكىن غەزنە ۋە ھىرات ۋىلايەتلىرىدە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ، سامانىلارغا قارشى تۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەبۇق تېكىن ئىسسىقكۆلنىڭ بويىدىكى بارسخان

شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كېلىپ چىقىشى قارلۇقلاردىن ئىدى. ئۇ مىلادىنىڭ 960 ـ يىلى مۇسۇلمان بولغان. كېلىپ چىقىشى ئوغۇزلاردىن بولغان ئالىپ تېكىن (سامانىلارنىڭ غەزنىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋالىيسى) نىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن ۋە ئالىپ تېكىنگە كۈيئوغۇل بولغانىدى. سەبۇق تېكىنىنىڭ سامانىلارنىڭ پادىشاھى نۇھ ئىبنى مەنسۇرغا ساداقەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ناتايىن ئىدى. كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلەرمۇ شۇنى ئىسپاتلىدى. نۇھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ سامانىلار پادىشاھلىقىنى ھالاك بولۇشتىن ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىدىن باشقا، ھەممىدىن يامىنى تاشقى ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكى ئىدى. ئەلى ئارسلانخاننىڭ تاپشۇرۇقىنى ئالغان غەربىي ئىلىكخانى ناسىر ئىبنى ئەلى مىلادىنىڭ 996 ـ يىلىدىن باشلاپ سامانىلار پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى تولۇق بېسىۋېلىش مەقسىتىدە جىددىي تەييارلىق باشلىدى.

## قاراخانىيلارنىڭ سامانىلار پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى

قاراخانىيلار شەرقتە خوتەن خانلىقىنى قايتىدىن تولۇق بويسۇندۇرۇشقا، غەربتە بولسا سامانىلار پادىشاھلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بەل باغلىدى.

تارىخىي ۋەقەلەر قاتارىغا كىرىدىغان بۇنداق مۇھىم ئىككى ئىش، ئەلى ئارسلانخان (مىلادىنىڭ 990 ـ يىلىدىن 998 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان) نىڭ ۋاقتىدا باشلىنىپ، ئەھمەد توغانخان (مىلادىنىڭ 998 ـ يىلىدىن 1018 يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان) نىڭ ۋاقتىدا ئورۇندالغان. ئەلى ئارسلانخاننىڭ ۋاقتىدا، خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى قايتىدىن بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن قانلىق ئۇرۇشلار باشلاندى. خوتەن بۇددىستلىرى ساتۇق بۇغراخان، مۇسا بۇغراخان، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ۋاقتىدا، بىر نەچچە قېتىم بويسۇندۇرۇلۇپ، بىرنەچچە قېتىم ئىسيان كۆتۈرۈپ، مۇستەقىل بولۇپ قالغانىدى. تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، خوتەن بۇددىستلىرى مىلادىنىڭ 970 ـ يىلى سۇلايمان ئارسلانخانغا بويسۇنماي مۇستەقىل بولۇۋالغان. خوتەن بۇددىستلىرى مىلادىنىڭ 975 ـ يىلىدىن باشلاپ مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلىغىچە بولغان 25 يىل ئىچىدە، قاراخانىيلار بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. مانا شۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشقا خوتەن خانى ياغلاقالقالۇ يېتەكچىلىك قىلغان. ئەلى ئارسلانخان مىلادىنىڭ 998 ـ يىلى ياغلاقالقالۇ بىلەن بولغان ناھايىتى كەسكىن قانلىق بىر ئۇرۇشتا قۇربان بولغان.

تارىخىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ ئۇرۇش هازىرقى يېڭىسار بىلەن يېڭىشەھەر ئارىلىقىدىكى چۆلدە بولغان. مانا شۇ ئۇرۇش بولغان چۆلدە «ئوردام» دېگەن مازار بار. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، «ئوردام» مازىرىغا ئەلى ئارسلانخاننىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان. هازىرقى قەشقەر كونا شەھەرنىڭ يېنىدىكى (تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىدا) تۆۋەنكى تاربوغۇز كەنتىدە سىيىت ئەلى ئارسلانخاننىڭ مازىرى بار. بۇ مازارغا ئەلى ئارسلانخاننىڭ بېشى دەپنە قىلىنغانىكەن.

ئۇيغۇر خەلقى هازىرغىچە ئەلى ئارسلانخاننى خاتىرىلەيدۇ. ئۇلار هەر يىلى كۈزدە «ئوردام» غا بېرىپ ئىبادەت قىلىشىدۇ. «ئوردام» غا كېلىدىغان ئۇيغۇرلار گاهى يىللىرى بىر نەچچە يۈز مىڭغا يېتىدۇ. قەشقەر تار بوغۇزدىكى سىيىت ئەلى ئارسلانخان مازىرىنى بولسا، ئەتراپ شەھەر يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلار خالىغاندا بېرىپ تاۋاپ قىلىشىدۇ.

ئەلى ئارسلانخان ۋاپاتىدىن كېيىن، قاراخانىيلارغا ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد توغانخان هۆكۈمران بولىدۇ. ئەھمەد توغانخان خوتەن بۇددىستلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى تولۇق مۇسۇلمان قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇ شۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 999 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخان باشچىلىقىدا 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى خوتەنگە يولغا سالىدۇ. يۈسۈپ قادىرخان خوتەن بۇددىستلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ ۋە ياغلاقالۇنى ئۆلتۈرىدۇ. خوتەن بۇددىستلىرى تولۇق مۇسۇلمان بولۇشقا باشلايدۇ. بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلى يۈز بەرگەن. ئەھمەد توغانخان يۈسۈپ قادىرخاننى خوتەنگە خان قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

نېمە ئۈچۈن خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ىىدىكى ئۇرۇش 25 يىل (مىلادىنىڭ 975 ـ يىلىدىن 1000 ـ يىلىغىچە) داۋام ـان؟

بۇنىڭ ئاساسلىق ئىككى سەۋەبى بار. بۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرى خوتەندە .دىزمىنىڭ ناهايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

بۇددا دىنى، خوتەندە مىلادىدىن 74 يىل بۇرۇن تارقىلىشقا باشلىغان بولسا، ىوشان ئىمپېراتورى قەنىشقا II نىڭ ۋاقتىغا (مىلادىنىڭ II ئەسىرنىڭ بېشىدا) كەلگەندە كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىغان. خوتەنگە دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن بۇددا راهىبى كەشمىرلىك بايروتشانا دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ خوتەنگە مىلادىدىن بىر ئەسىر بۇرۇن كەلگەن.

ياپونىيە تارىخچىسى يۈشى لىياۋتى «غەربتە بۇددىزم» ناملىق ئەسىرىدە، مىلادىنىڭ 400 - يىللىرى خوتەنگە كېلىپ كەتكەن جۇڭگولۇق مەشھۇر بۇددىست فاشىيەنىڭ خوتەن بۇددىستلىرى توغرىسىدا قالدۇرغان خاتىرىسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يۇرت گۈللەنگەن ئاۋات يۇرت ئىكەن. خەلقلىرى ناھايىتى مېھماندوست بولۇپ، ھەممىسى بۇدداغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. بۇددا يوسۇنى بويىچە ئويۇن - تاماشا قىلىدىكەن. راھىبلىرى نەچچە ئون مىڭغا يېتىدىكەن. ھەممىسى دېگۈدەك ئۇلۇغ كۆلۈڭگۈ (大乘字) تەرەپدارلىرى ئىكەن... گۇماتى ئىبادەتخانىسىدىكى 3000 نەپەر راھىب دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىرلا ۋاقىتتا تاماق يېيىشكە ئولتۇرىدىكەن. راھىبلار تاماقخانىغا كىرىشتە ناھايىتى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك كىرىشىدىكەن. ھەر بىر كىشى رەت تەرتىپى بويىچە كېلىپ ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرىدىكەن، پۈتۈن سورۇن ئۈن - تىنسىز جىمجىت بولۇپ قالىدىكەن...

بۇ يۇرتتا مۇشۇنداق گۇماتى ئىبادەتخانىسىدىن ئون تۆتى بار ئىكەن، كىچىكلىرى بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن شەھەر كوچىلىرىنى سۈپۈرۈپ، تازىلاپ سۇ چاچىدىكەن. ھەممە كوچىلار ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرىدىكەن. شەھەر دەرۋازىلىرىغا چوڭ پەردە - چىمىلدىقلار ئېسىلىپ، زىننەتلىنىش ئىشلىرى پۇختا ئىشلىنىدىكەن، پەردە - چىمىلدىقلار ئىچىدە، خان ۋە ئۇنىڭ خانىشى، كېنىزەكلىرى تۇرىدىكەن. گۇماتى راھىبى ئۇلۇغ كۆلۈڭگۈ تەرەپدارى بولۇپ، خانىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىكەن. شۇ راھىب ھەممىدىن ئاۋۋال بۇتنى يۇرگۈزىدىكەن (بۇت سەيلىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ئا)... خان پاكىز تازىلىنىپ يېپيېڭى كىيىنىپ، ئالتۇن تاجىنى قولىغا ئېلىپ، ئىسرىق تۇتقان ھالدا شەھەر دەرۋازىسىدىن يالىڭاياق مېڭىپ چىقىپ، بۇتنى قارشى ئالىدىكەن... بۇت (تۆت چاقلىق بۇت ھارۋىسى ئۈستىدىكى بۇت ئا) شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرگەندە، دەرۋازا بېشىدا تۇرغان خانىش ۋە كىنىزەكلەر چاچقۇ چېچىپ، ئاجايىپ گۈزەل، ھەيۋەتلىك قىياپەتتە تۆۋەنگە چۈشۈپ ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا بۇتقا ھۆرمەت بىلدۈرىدىكەن... بۇنداق بۇت سەيلىسى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلىنىپ 14 - كۈنى ئاياغلىشىدىكەن. بۇت سەيلىسى ئاياغلاشقاندىن كېيىنلا، خان ۋە خانىشلار خان سارىيىغا كىرىپ كېتىشىدىكەن.»[1]

يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن قەدىمكى چاغدا، خوتەندە بۇددىزمنىڭ ناھايىتى

(1) يۈشى لىياۋتى: «غەربتە بۇددىزم» خەنزۇچە، 218 -، 219 - بەتلەر.

چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولۇشقا ئۇنىماي ناھايىتى ئۇزۇن قارشىلىق كۆرسەتكەن.

ئۇلارنىڭ قاراخانىيلارغا بويسۇنماي ئۇزۇن مۇددەت قارشىلىق كۆرسىتەلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئىدىقۇت ئۇيغۇر بۇددىستلىرى بىلەن تىبەت بۇددىستلىرىنىڭ ئۇلارغا ئۈزلۈكسىز بەرگەن ياردىمىدىن ئىبارەت.

خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ قاراخانىيلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىدا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر بۇددىستلىرى بىلەن تىبەت بۇددىستلىرىنىڭ قوشۇنلىرى خېلى مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن.

قاراخانىيلار، خوتەننى تولۇق بويسۇندۇرۇشقا كىرىشكەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا سامانىلار پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى جىددىيلەشتۈردى.

ناسىر ئىلىكخان، ئەلى ئارسلانخاننىڭ ۋاقتىدىلا، مىلادىنىڭ 996 ـ يىلى سامانىلارغا يېڭىدىن ھۇجۇم قوزغىغانىدى. شۇ چاغدا، نۇھ ئىبنى مەنسۇر ئۆزىنىڭ خۇراساندىكى نائىبى سۇبۇق تېكىننى ياردەمگە چاقىردى. سۇبۇق تېكىن نۇھ ئىبنى مەنسۇرغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۆپ سانلىق قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى. ئۇ كىشى (شەھرى سەبىز) رايونىغا بېرىپ چېدىر تىكتى ۋە نۇھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ قوشۇنى بىلەن كېلىپ ئۆزىگە قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلدى. نۇھ ئىبنى مەنسۇر سۇبۇق تېكىننىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى ۋە بۇيرۇق ئەۋەتىپ، سۇبۇق تېكىننى بۇخاراغا چاقىرتتى. بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان سۇبۇق تېكىن ئوغلى مەھمۇد ۋە ئۇكىسى بوغراچۇق قوماندانلىقىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ماڭدۇردى. سۇبۇق تېكىننىڭ قوشۇنلىرى بۇخارانى ئالدى. سۇبۇق تېكىننىڭ ئەلچىلىرى ناسىر ئىلىكخان بىلەن سۆھبەت يۈرگۈزۈپ، سامانىيلار تېررىتورىيىسىنى بۆلۈۋېلىش توغرىسىدا بىتىمنامە تۈزۈشتى. بىتىمنامىگە بىنائەن، سىر دەريا ۋادىسىنىڭ ھەممىسى قاراخانىيلارغا، ئامۇ دەريانىڭ جەنۇبىدىكى جايلار سۇبۇق تېكىنگە ئۆتتى. ناسىر ئىلىكخان سەمەرقەندكە پايىق تېكىننى نائىب قىلىپ تەيىنلىدى. نۇھ ئىبنى مەنسۇر سۇبۇق تېكىننىڭ قىلمىشلىرىدىن ناھايىتى رەنجىدى. ئۇ مىلادىنىڭ 997 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

نۇھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئوبۇلھارىس مەنسۇر ئولتۇردى. بۇ بەختسىز شاھزادە ناھايىتى ئەقىللىق، كەسكىن، غەيرەتلىك بولسىمۇ، سامانىلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل ھالاك بولۇشتىن قۇتۇلدۇرالمىدى. مىلادىنىڭ 999

- يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، پايىق تېكىن ئوبۇلھارىس مەنسۇرنى تەختتىن چۈشۈردى ۋە ئۇنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى ئابدۇلمالىك سامانىلار تەختىگە چىقىرىلدى.

مىلادىنىڭ 999 - يىلى كۈزىنىڭ باشلىرىدا پايىق تېكىن ئۆلدى. ناسىر ئىلىكخان سامانىلارنىڭ ماۋەرائۇننەھرىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىشقا قەتئىي بەل باغلىدى. بۇ چاغدا سامانىلاردا قاراخانىيلارغا قارشىلىق قىلىدىغان كۈچ ۋە بىرەر يېتەكچىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلق يۇز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرگە زادى كۆڭۈل بۆلمىدى. بۇ توغرىدا، يەنى بۇخارانىڭ تەسلىم بولۇشى ۋە ئۇنىڭغا 999 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدا ناسىرنىڭ كەلگەن ۋاقتىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر سودىگەرنىڭ ناھايىتى قىزىق بىر ھېكايىسى بار. بۇ ھېكايىنى XI ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشىغان تارىخچى ھىلال ئاس سابى يېزىپ قالدۇرغان. «ناسىر بۇخاراغا كەلگەن چاغدا، سامانىلار سۇلالىسىنىڭ قالغان ئەزالىرى ئۆز نەسىھەتچىلىرىگە ياردەم ئۈچۈن خەلققە مۇراجىئەت قىلىشنى تاپشۇرغان. نەسىھەتچىلەر ھەقىقەتەنمۇ مەسچىد - جامەلەرنىڭ مۇنبىرىگە چىقىشىپ، پايتەخت ئاھالىسىگە، سامانىلار ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلىشقا چاقىرىپ مۇراجىئەت قىلىشقان. خەلق بۇ ھەقتە ئۆزلىرىنىڭ قانۇنشۇناسلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرگەن. قانۇنشۇناسلار بۇنداق جاۋاب بەرگەنمىش: «ئەگەر خانلار (قاراخانىيلارنى دېمەكچى ئا) سامانىلار بىلەن دىن ئۈچۈن ئېلىشىدىغان بولسا، ئۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىش مەجبۇرى ئىدى. ئەمما كۈرەش بۇ دۇنيانىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن بولىدىكەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىگە زىيان يەتكۈزۈشلىرىنىڭ ۋە ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشلىرىنىڭ لازىمى يوق...»[1]

يۇقىرىدىكى ئەھۋالغا قارىغاندا، خەلقنىڭ سامانىلارغا ياردەم بەرمىگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق.

ناسىر ئىلىكخان بۇخاراغا يېقىنلاپ كەلگەندە مۇنداق دەپ جاكارلىغان: «مەن بۇخاراغا سامانىلارنىڭ دوستى ۋە ھىمايىچىسى سۈپىتىدە كەلدىم». ناسىرنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن سامانىلارنىڭ ھەربىي يولباشچىلىرى بەگ تۇسۇن بىلەن

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» I توم ئۆزبېكچە 271 - بەت.

ئىنال تېكىن ناسىرنىڭ بارگاھىغا بارغان ۋە ناسىر تەرىپىدىن تۇتقۇت قىلىنغان. ناسىر باشچىلىقىدىكى قاراخانى قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدە قىلچە قارشىلىقسىز بۇلۇقماي بۇخاراغا كىرگەن. شۇ كۈنى، ناسىر سامانىلارنىڭ دۆلەت خەزىنىسىنى ئىگىلىۋالغان ۋە سامانىلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئابدۇلمەلىكنى ھەم پادىشاھ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇن قىلىپ ئۆزكەنتكە ماڭدۇرغان. ناسىر بۇخاراغا چاغرى تېكىننى ۋالىي قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۆزكەنتكە قايتىپ كەتكەن.

شۇنداق قىلىپ، 130 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سامانىلار پادىشاھلىقى مىلادى 1000 ـ يىلىنىڭ ھارپىسىدا قاراخانىيلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.

شۇنداق بولسىمۇ سامانىلارنىڭ شاھزادىلىرىدىن ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمائىل (ئابدۇلمەلىكنىڭ ئۇكىسى) سامانىلار پادىشاھلىقىنى ئۆز ھالىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قاراخانىيلار بىلەن بەش يىل كۆرەش ئېلىپ باردى. ئۇ مۇنتەسىر (غالىب دېگەن مەنىدە) نامىنى ئالدى.

مۇنتەسىر مىلادىنىڭ 999 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ناسىر ئىلىكخان تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ ئۆزكەنتكە ئەۋەتىلگەنىدى.

مۇنتەسىر بەش يىل (مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلدىن 1005 ـ يىلغىچە) سامانىلار پادىشاھلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قاراخانىيلار بىلەن كۆرەش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئاخىردا مەغلۇپ بولدى. مىلادىنىڭ 1004 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قاراخانى قوشۇنلىرى بۇخارا ئەتراپىدا مۇنتەسىرنى قورشىۋالدى. مۇنتەسىر بىرنەچچە كىشىنى باشلاپ مۇھاسىرىدىن چىقىپ خوراسانغا قاچتى. ئۇنىڭ ئۇكىسى ۋە تۇغقانلىرى ئەسىرگە ئېلىنىپ ئۆزكەنتكە ئەۋەتىلدى. مىلادىنىڭ 1005 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، مۇنتەسىر مەرۋى شاھ جاھان ئەتراپىدا، بىر ئەرەب قەبىلىسىنىڭ خانى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

قاراخانىيلار مىلادىنىڭ 999 ـ يىل ئۆكتەبىردە سامانىلار پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ۋە مۇنتەسىرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى تارمار قىلغان بولسىمۇ، سامانىلارنىڭ خوراسان رايونىنى بېسىۋالالمىدى. خوراساننى مىلادىنىڭ 999 ـ يىلىلا مەھمۇد غەزنەۋى بېسىۋالغانىدى. مانا شۇ خوراسان رايونى كېيىن قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدا بىرنەچچە قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى.

## يىلنامە

### تاھىرىلەر

(873 ـ 821)

| | |
|---|---|
| 1. تاھىر ئىبنى ھۈسەيىن | 822 ـ 821 |
| 2. تەلھە ئىبنى تاھىر | 828 ـ 822 |
| 3. ئابدۇللاھ ئىبنى تاھىر | 844 ـ 830 |
| 4. تاھىر ئىبنى ئابدۇللاھ | 852 ـ 844 |
| 5. مۇھەممەد ئىبنى تاھىر | 873 ـ 862 |

### سامانىلار

(1000 ـ 870)

| | |
|---|---|
| 1. ئەھمەد | 865 ـ ؟ |
| 2. ناسىر ئىبنى ئەھمەد | 893 ـ 865 |
| 3. ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد | 907 ـ 874 |
| 4. ئەھمەد ئىبنى ئىسمائىل | 914 ـ 907 |
| 5. ناسىر(II) ئىبنى ئەھمەد | 943 ـ 914 |
| (بۇ سەككىز يېشىدا تەختكە چىققان) | |
| 6. نوھ (I) ئىبنى ناسىر | 954 ـ 943 |
| 7. ئابدۇلمالىك(I) | 961 ـ 954 |
| 8. ناسىر (III) | 961 ـ 961 |
| (بۇ تەختتە بىر كۈنلا ئولتۇرغان) | |
| 9. مەنسۇر (I) ئىبنى نۇھ | 976 ـ 961 |
| 10. نوھ (II) ئىبنى مەنسۇر | 997 ـ 976 |
| 11. مەنسۇر (II) ئىبنى نۇھ | 999 ـ 997 |
| 12. ئابدۇلمالىك (II) | 999 ـ 999 |

# ئون ئىككىنچى باب: غەزنەۋىلەر ۋە قاراخانىيلار

## غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى

مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلى، سامانىلار پادىشاھلىقى تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى.

قاراخانىيلار دۆلىتى مىلادىنىڭ 850 ـ يىلى تەشكىل تاپقان بولسا، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى مىلادىنىڭ 960 ـ يىللىرى تەشكىل تېپىشقا باشلىغانىدى.

سامانىلار پادىشاھى ئابدۇلمالىكI (مىلادىنىڭ 954 ـ يىلىدىن 961 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) مىلادىنىڭ 955 ـ يىلى ئالپ تېكىننى شەرقىي خوراسانغا (ھىراتقا) ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. 961 ـ يىلى ئۇنى پۈتۈن خوراسانغا باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ئالپ تېكىن (كېلىپ چىقىشى ئوغۇزلارنىڭ قىنىق قەبىلىسىدىن) ھاياتىنى سامانىلار ئوردىسىدا ياساۋۇللۇقتىن باشلىغان، ئۇ ناھايىتى قابىلىيەتلىك بولۇپ، سامانىلار ئوردىسىدا بولغان جىددىي كېڭەشلەردە ۋە ئۇرۇشلاردا كۆزگە چېلىقىپ تونۇلغان.

ئالپ تېكىن مىلادىنىڭ 961 ـ يىلى پۈتۈن خوراسانغا باش ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، سامانىلار پادىشاھلىقىغا بويسۇنماي قويدى. ئالپ تېكىننىڭ پۈتۈن خوراسانغا ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىشىغا سامانىلار يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

سامانىلار نوھ ئىبنى ناسىر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىن باشلاپ چۈشكۈنلۈككە يۈزلەنگەنىدى. تەخت تالىشىش يۈزىسىدىن باشلانغان ئىسيانلار توختىماي داۋام قىلىپ، سامانىلار پادىشاھلىقىنى ئاجىزلاشتۇرغانىدى. سامانىلارنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىدىن پايدىلانغان ئالپ تېكىن مىلادىنىڭ 961 ـ يىلى مۇستەقىللىق جاكارلىدى. مانا بۇ ھەرىكەت غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ تەشكىل تېپىشىغا ئەكەلدى.

مىلادىنىڭ 963 ـ يىلى ئالپ تېكىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىبراھىم (963 ـ 966)، بىلگە تېكىن (966 ـ 972)، پىرى تېكىن (972 ـ 977) قاتارلىق كىشىلەر غەزنەۋىلەرگە باشچىلىق قىلدى.

مىلادىنىڭ 977 ـ يىلى سۇبۇق تېكىن غەزنەۋىلەر تەختىدە ئولتۇرغاندىن

باشلاپ، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (مىلادىنىڭ 961 ـ يىلىدىن 1187 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) كۆچىيىشكە باشلىدى. سۇبۇق تېكىن (ئەسلى كېلىپ چىقىشى قارلۇق قەبىلىسىدىن) ئالىپ تېكىنىنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ، مىلادىنىڭ 977 ـ يىلى ئالىپ تېكىنىنىڭ ۋارىسلىرىدىن هاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. سۇبۇق تېكىن كابۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۆز دۆلىتى تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالدى. ئۇ هۆكۈمران بولغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 977 ـ يىلىدىن 997 ـ يىلىغىچە) غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە پىشاۋۇرغىچە (هازىرقى پاكىستاننىڭ تېررىتورىيىسىدە)، غەربتە خوراسانغىچە سوزۇلغان.

مىلادىنىڭ 992 ـ يىلى هارۇن بوغراخان سامانىلارنىڭ پايتەختى بۇخاراغا هۇجۇم قىلغاندا، سۇبۇق تېكىن قاراخانىيلارغا ياردەم بېرىپ، بۇخارانى ئېلىشتا كۈچ چىقارغان. هارۇن بوغراخان سۇبۇق تېكىننى غەزنە شەهرىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، ئۇ بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي بۇرۇنقىدەكلا مۇستەقىللىق هالىتىنى ساقلاپ، قاراخانىيلارغا بويسۇنمىدى.

مىلادىنىڭ 997 ـ يىلى سۇبۇق تېكىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ 27 ياشلىق ئوغلى مەهمۇد (مىلادىنىڭ 970 ـ يىلى تۇغۇلغان) غەزنەۋىلەر تەختىدە ئولتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ مىلادىنىڭ 963 ـ يىلى ئالىپ تېكىن ئاساسىنى سالغان دۆلەت ئۆزىنىڭ پايتەختى غەزنە شەهرىنىڭ نامى بىلەن غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى دەپ ئاتالدى.

مەهمۇد غەزنەۋى سۇلتان بولغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 997 ـ يىلىدىن 1030 ـ يىلىغىچە) غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى كېڭىيىپ، شەرقىي هىندىستاننىڭ پەنجاپ (بەش دەريا) ۋادىسىغىچە، غەربىي ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن خارەزىمگىچە سوزۇلدى.

مىلادىنىڭ 999 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ناسىر ئىلىكخان بۇخارانى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا مەهمۇد غەزنەۋى سۇلتان ئۇنۋانىنى ئالدى. باغداد خەلىپىسى قادىر (991 ـ 1031) سۇلتان مەهمۇد غەزنەۋىگە ئۇنۋان ۋە تاج يوللاپ، ئۇنى «دۆلەتنىڭ ئوڭ قولى ۋە دىنلارنىڭ تايانچىسى» دەپ ئاتىدى. خەلىپە قادىرنىڭ سۇلتان مەهمۇد غەزنەۋىگە بۇنداق ئاتاقنى بېرىشى سۇلتاننىڭ ئابرويىنى ناهايىتى يۇكسەك دەرىجىگە كۆتۈردى.

سۇلتان مەهمۇد غەزنەۋى ئۆزىنىڭ شەرقتىكى قوشنىسى هىندىستاننىڭ باي

ۋە مەدەنىي ئوبلاستلىرىنى ئۆز دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىشنى ئۆزىگە ئاساسى مەقسەت قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، پەنجاپ، كەشمىر ۋە ھىندىستاننىڭ باشقا ئوبلاستلىرىغا 17 قېتىم يۈرۈش قىلدى. بۇنداق يۈرۈشلەر ھىندىستاندىكى بۇددىستلارغا قارشى «غازات» (ئۇرۇش) قىلىش شوئارى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن بۇرۇن، ئەڭ ئاساسى ئىككى ئىشنى ئورۇنداشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ بىرى كۈچلۈك ۋە ياخشى قوراللانغان قوشۇن تەشكىل قىلىش، يەنە بىرى ئارقا سەپنى خەۋپسىزلەندۈرۈش ئۈچۈن كۈچلۈك قوشنىسى بولغا قاراخانىيلار بىلەن ئىناق، دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىدى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى مىلادىنىڭ 1000 - يىلى ئەبۇسىيت زاھىر ئىبنى مۇھەممەد باشچىلىقىدا، ناسىر ئىلىكخان ھۇزۇرىغا ئەلچىلەر ئەۋەتتى. ئۆزكەنتكە كەلگەن غەزنەۋى ئەلچىلىرى ناسىر ئىلىكخان تەرىپىدىن ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋېلىندى. غەزنەۋى ئەلچىلىرى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ غەربىي ئىلىكخانى ناسىر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەردە، ئامۇ دەريا ئىككى دۆلەت (قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىلەر) نىڭ چېگرىسى قىلىپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ناسىر ئىلىكخاننىڭ قىزىغا ئۆيلەندى.

سۇلتان مەھمۇد ئەڭ مۇھىم ئىككى ئىش (قوشۇن تەشكىل قىلىش ۋە قاراخانىيلار بىلەن ئىناق ئۆتۈش) نى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، قوشنىلىرىغا يۈرۈش باشلىدى. سۇلتان مەھمۇد مىلادىنىڭ 1000 - يىلى پىشاۋۇرغا بېسىپ كىردى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھىندىستاندىكى ھىندۇ بۇددىستلىرىنىڭ بىر قىسمىنى مۇسۇلمان قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. سۇلتان مەھمۇد 1001 - يىلى 300 ئۇرۇش پىلى بىلەن تەمىنلەنگەن 42 مىڭ كىشىلىك ھىندى قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، پەنجاپ ۋادىسىنى بېسىۋالدى، قولغا چۈشۈرگەن نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى غەزنىگە يولغا سالدى. ئۇ 1002 - يىلى سىيىستاننى بېسىۋالدى.

مەھمۇد غەزنەۋى ھىندىستانغا قىلغان 10 - قېتىملىق يۈرۈشىدە، گانگ ۋادىسىنى بېسىۋالدى، 13 - قېتىملىق يۈرۈشىدە، 150 مىڭ كىشىلىك ھىندۇ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ھىندىستانغا قىلغان يۈرۈشلىرى ئىچىدە 16 - قېتىملىقى ناھايىتى مەشھۇر يۈرۈش ئىدى. ئۇ شۇ

قېتىمقى يۇرۇشتە، گوجارات (جەنۇبىي ھىندىستان) رايونىغا بېسىپ كىردى. شۇنداق قىلىپ، 1025 ـ يىلىغا كەلگەندە، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ھىندىستانغا قىلغان يۇرۇشلىرىدە، ناھايىتى نۇرغۇن بايلىقلار قولغا چۈشۈرۈلدى. غەزنەۋىلەر بېسىۋالغان ھىندۇ شەھەرلىرىدىكى بۇتخانىلاردىن ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان بۇتلار ۋە قاچا ـ قۇچىلارنى، شۇنىڭدەك ھىندۇ گەزلىمىلىرى، قوراللار، پىللار، چارۋا ماللار ۋە باشقا قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى غەزنىگە ئەكەتتى. يۈك بېسىلغان ھارۋىلارنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان كارۋانلىرى ھىندىستاندىن غەزنىگە ھېسابسىز بايلىقلارنى ئەكىلەتتى. مەھمۇد غەزنەۋى ھىندىستانغا قىلغان يۇرۇشلىرىنىڭ بىرىدە، ھىندىستاندىن 20 مىليون دىرھەم (كۈمۈش پۇل)، ئەڭ چىرايلىق ھىندى قىزلىرىدىن 57 مىڭنى ۋە 350 پىلنى ئەكەتكەندى. ئۇ، ھىندى قىزلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خوراساندىكى تۈركىي خەلقلەرگە چۆرە سۈپىتىدە ئىنئام قىلغان بولسا كېرەك. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋە ئايىغى ئۈزۈلمىگەن يۇرۇشلەر غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ خەزىنىسىنى بېيىتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەزنەۋىلەر قوشۇنلىرىنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنى ئاشۇرۇشقىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

سۇلتان مەھمۇدنىڭ مىلادىنىڭ 1015 ـ يىلى خارەزىم شاھى مۆمىنگە يازغان خېتىگە ئاساسلانغاندا، مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ قوشۇنى 100 مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە جەڭچىدىن، 500 جەڭ پىلىدىن تەركىب تاپقانىكەن. مەھمۇد غەزنەۋى غەزنىگە توپلانغان ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش (يېزا ئىگىلىكى، ھۈنەرۋەنچىلىك) نى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلماي، ئاجايىپ قۇرۇلۇ ئوردىلار، سارايلار، مەسجىدلەر، مەدرىسلەرنى قۇرۇشقا سەرپ قىلدى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى توغرىسىدا، «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇ تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى گىببون مۇنداق دەپ يازغانىدى: «سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خانلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ئىيسا تۇغۇلۇپ 1000 يىلدىن كېيىن، ئىراننىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمران بولغان... بۇ مۇسۇلمان قەھرىمان ئەزەلدىن تارتىپ قاتتىق سوغۇق پەسىللەردىن، ئاسمان بىلەن بويى تالىشىپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغلاردىن، كەڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان چوڭقۇر دەريالاردىن، چۆل ـ باياۋان، قۇملۇقلاردىن، دۈشمەنىنىڭ سان

- ساناقسىز قوشۇنلىرى ۋە قورقۇنچلۇق پىللىرىدىن قىلچە قورققان ئەمەس.»[1]

يۇقىرىدىكى باھا سۇلتان مەھمۇدنىڭ ناھايىتى يۈرەكلىك، باتۇر ۋە چىداملىق ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قىلغان يۈرۈشلىرىگە قارىتىلغان. راستىنى ئېيتقاندا سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ناھايىتى قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك ۋە ئۇلۇغ ئىستىبلاچى بولغان.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ دەۋرىدە ئىران ئەدەبىياتى گۈللەپ ياشنىغانىدى، ئۇ، ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا ئېتىبار بەرگەن. ئىران ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىيىتىنىڭ ئۇلۇغ دەۋرىنى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى باشلىغانىدى. «شاھنامە» داستانى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى تەرىپىدىن يېزىلغان. ئىران شېئىرىيىتى غەزنەۋىلەر دەۋرىدە گۈللىنىپ، سەلجۇقىلار دەۋرىدە تېخىمۇ يۈكسەلدى.

## قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلار

قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا بۇزۇلدى. بۇنىڭغا قاراخانىيلارنىڭ زېمىن تەلىپى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. ئەسلىدە ئافغانىستان بىلەن خوراسان سامانىلارنىڭ تېررىتورىيىسى ئىدى، قاراخانىيلار سامانىلار پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، سامانىلارنىڭ پۈتۈن تېررىتورىيىسىگە ئۆزىمىز ئىگە بولىمىز، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئافغانىستان بىلەن خوراساننى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغانىدى. قاراخانىيلار بولسا بۇنىڭغا رازى ئەمەس ئىدى. ئۇلار، ئافغانىستان بىلەن خوراساننى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىدىن تارتىۋېلىش نىيىتىدىن زادى يانمىغانىدى.

قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خانى ئەھمەد توغانخاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 998 - يىلىدىن 1018 - يىلىغىچە) قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدا ئىككى قېتىم، قاراخانىيلار بىلەن قىتانلار ئارىسىدا بىر قېتىم ئۇرۇش بولدى.

ئافغانىستان بىلەن خوراساننى بېسىۋېلىش نىيىتىدىن يانمىغان قاراخانىيلار مىلادىنىڭ 1006 - يىلى غەزنەۋىلەرگە قارشى ئۇرۇش باشلىدى. بۇ چاغدا، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ھىندىستانغا يۈرۈشكە كەتكەنىدى. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان

(1) بېش. سىكس (ئىنگلىز تارىخچىسى) «ئافغانىستان تارىخى» خەنزۇچە 307 - بەت.

قاراخانىيلارنىڭ غەربىي ئىلىكخانى ناسىرخان سۇ بېشى تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قوشۇننى خۇراسانغا، چاغرى تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قوشۇننى ئافغانىستانغا ماڭدۇردى. سۇ بېشى تېكىن باشچىلىقىدىكى قاراخانى قوشۇنلىرى خوراساننىڭ نىشاپۇر، تۇس (هازىرقى مەشھەت) قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلىرىنى بېسىۋالدى، خوراسان ئاقسۆڭەكلىرى قاراخانى قوشۇنلىرىنى ياخشى قارشى ئالدى. تۇستا ناسىر ئىلىكخاننىڭ نامى خۇتبىدە ئوقۇلدى، چاغرى تېكىن باشچىلىقىدىكى قاراخانى قوشۇنلىرى بەلخنى ئالدى. ئۇ بەلخنى ئېلىشتا قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى.

قاراخانىيلارنىڭ خوراسان ۋە ئافغانىستانغا بېسىپ كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان مەھمۇد غەزنەۋى ھىندىستاندىن (ئۇ مۇلتاندا ئىدى) غەزنىگە چاپسان قايتىپ كېلىپ، قاراخانىيلارغا قارشى قوشۇن ماڭدۇردى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ قوشۇنلىرى چاغرى تېكىننى تىرمىزغا چېكىندۈرگەن بولسا، سۇ بېشى تېكىننى ئامۇدىن ئۆتۈپ ماۋەرائۇننەھرگە كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.

ناسىر ئىلىكخاننىڭ 1006 ـ يىلى غەزنەۋىلەرگە قىلغان يۈرۈشى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە مىلادىنىڭ 1007 ـ يىلى غەزنەۋىلەرگە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇ، ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈشكە خوتەن خانى يۈسۈپ قادىرخاننى ياردەمگە چاقىردى. مىلادىنىڭ 1007 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناسىر ئىلىكخان 50 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان قاراخانى قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. بەلخ ئىشغال قىلىندى. بۇنداق جىددىي ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇننى ۋە 500 ئۇرۇش پىلىنى سەپەرۋەر قىلىپ غەزنىدىن يولغا چىقتى. مىلادىنىڭ 1008 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋى قوشۇنلىرى بەلختىن كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «كەتەر» دېگەن سايدا بىر ـ بىرىگە قارشى سەپ تارتىشتى. «كەتەر» سېيىدا بولغان ئۇرۇشتا، قاراخانىيلار مەغلۇپ بولدى. غەزنەۋىلەرنىڭ ئۇرۇش پىللىرى خېلى مۇھىم رول ئوينىغان بولسا كېرەك. ئۇرۇش جىددىيلەشكەندە، قاراخانىيلارنىڭ ئارقا سېپىدە ئېھتىياتتا تۇرغان قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ئەھمەد تۇغانخان قوشۇننى باشلاپ ئۇرۇش مەيدانىدىن قاچتى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، قاراخانى قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى مۇقەررەرلەشتى.

ناسىر ئىلىكخان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان قاراخانى قوشۇنلىرىنى بەلخقە چېكىندۈرۈپ كەتتى. ناسىر ئىلىكخان قاراخانى قوشۇنلىرىنى بەلختە توپلاپ ۋە

ئۇلارنى ئىنتىزام بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ ماۋەرائۇننەھرگە ئەكەتتى. نېمە ئۈچۈن، ھېلىگەر سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى چېكىنگەن قاراخانى قوشۇنلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىماي، «كەتەر» سېپىدىكى ئۇرۇش مەيدانىدا جىم تۇردى؟

بەزى تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قاراخانىيلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا توغانخاننىڭ قېچىشى سەۋەب بولغانىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، توغانخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئارىسىدىكى مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈش بولغانىكەن.

ئۇرۇشنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرىگەن سۇلتان مەھمۇد قەشقەردىكى قاغان ئەھمەد توغانخانغا، ناسىر ئىلىكخانغا، يۈسۈپ قادىرغانغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەلچى ئەۋەتىپ، دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى. ناسىر ئىلىكخان بىلەن يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ھۇزۇرىغا بارغان غەزنەۋىلەرنىڭ ئەلچىلىرى ئۈمىدسىز ھالدا قايتىپ كېلىشتى. ناسىر ئىلىكخان بىلەن يۈسۈپ قادىرخان سۇلتان مەھمۇدنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقانىدى. لېكىن ئەھمەد توغانخان سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەلچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، غەزنەۋىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزدى.

بۇ ۋەقەدىن غەزەپلەنگەن ناسىر ئىلىكخان ئۆزىنىڭ ئاكىسى ئەھمەد توغانخاننىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 1009 - يىلى 12 - ئايدا[1] ئۆزكەنتتىن يولغا چىقىپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ماڭدى. ناسىر ئىلىكخان بالاساغۇنغا يېقىنلاشقاندا، قاتتىق قار يېغىپ كېتىپ، يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرالماي قايتىپ كەتتى. شۇ يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ياراشتۇرۇشى ئارقىلىق قاغان ئەھمەد توغانخان بىلەن ناسىر ئىلىكخان يارىشىپ قالدى. ئەسلىدە، قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئەھمەد توغانخان ئۆكىسى ناسىرنى ئىلىكخاننىڭ غەزنەۋىلەرگە ھۇجۇم قىلىشىنى قوللىمىغانىدى. ئەھمەد توغانخان بىلەن خوتەن خانى يۈسۈپ قادىرخان ئارىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەتمۇ شۇ سەۋەبتىن بولغان. يۈسۈپ قادىرخان مىلادىنىڭ 1012 - يىلى غەربىي ئىلىكخانى ناسىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ياركەنت ۋە قەشقەرنى بېسىۋېلىپ قاغان ئەھمەد توغانخاننى بالاساغۇنغا كېتىشكە مەجبۇر قىلغان[2]. بۇنداق ئەھۋال 1015 - يىلدىن كېيىن ئۆز ھالىغا كەلگەن.

(1) بەزى تارىخچىلار مىلادىنىڭ 1012 - يىلى 12 - ئايدا دەپ يېزىشىدۇ ئا.
(2) بارتولد، «يەتتەسۇ تارىخىنىڭ ئوچېرىكى» ئۇيغۇرچە 25 - بەت.

مىلادىنىڭ 1012 ـ يىلى، قاراخانىيلارنىڭ غەربىي ئىلىكخانلىق ۋەزىپىسىگە ئەھمەد توغانخاننىڭ ئۇكىسى مەنسۇر تەيىنلەندى.

مىلادىنىڭ 1017 ـ يىلى قاغان ئەھمەد توغانخان ئاغرىپ قالدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان شەرقىي قىتان خانلىقى (مىلادىنىڭ 916 ـ يىلىدىن 1124 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ خانى يىلولۇڭشۇ (مىلادىنىڭ 983 ـ يىلىدىن 1031 ـ يىلىغىچە خان بولغان) 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قىتان قوشۇنلىرىنى قاراخانىيلارغا قارشى يولغا سالدى. بەزى تارىخىي مەلۇماتلاردا 100 مىڭ ئۆيلۈك قىتان (بۇلار تارىختا قاراختايلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ يېزىلغان. ئېھتىمال قىتانلاردىن 100 مىڭ ئۆيلۈكى غەربكە كۆچۈپ ئالتاي ئارقىلىق ئىلىگە بېسىپ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، 100 مىڭ ئۆيلۈك قىتاندىن 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن (ھەربىر ئۆيلۈكتىن بىردىن جەڭچى چىققان بولسا) تەشكىللەنگەن بولسا كېرەك. مانا شۇ قىتانلار، قاراخانىيلارنىڭ شەرق شىمالدىكى تېررىتورىيىسى ھېسابلانغان ئالتاي، ئىلى ئەتراپلىرىنى بېسىۋېلىپ، بالاساغۇنغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. مانا شۇ چاغدا، قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خانى ئەھمەد توغانخان (ئۇ مىلادىنىڭ 1015 ـ يىلى بالاساغۇندىن قەشقەرگە قايتقانىدى) قىتانلارغا قارشى ئەۋەتىلگەن قاراخانى قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىلچە چۆچۈمەي قەشقەردىن يولغا چىقىپ بالاساغۇنغا كېلىدۇ. ئاندىن بالاساغۇندىن شىمالغا يۈرۈپ، بالاساغۇننىڭ شىمالىدىن سەككىز كۈنلۈك يىراق جايدا قىتانلارنى تارمار قىلىدۇ. ئەھمەد توغانخان ئارقىغا قاچقان قىتانلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە 10 مىڭنى ئەسىر ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ناھايىتى نۇرغۇن چارۋا مال باشقا نەرسىلەر غەنىيمەت ئېلىنىدۇ. ئەھمەد توغانخاننىڭ بۇ يۈرۈشى ئۈچ ئايدەك ئارتۇق داۋام قىلغان. ئۇ قىتانلارنى ئىلى ۋە ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىپ ئۇلار ئىلىگە قوغلىۋەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ قىتانلار قاراخانىيلارغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىغان.

مىلادىنىڭ 1018 ـ يىلى قىتانلارنى تارمار قىلغان ئەھمەد توغانخان ئالەمدىن ئۆتتى. قاراخانىيلارغا ئۇنىڭ ئۇكىسى غەربىي ئىلىكخانى مەنسۇر (مەنسۇر مىلادىنىڭ 1012 ـ يىلىدىن 1018 ـ يىلىغىچە ھەربىي ئىلىكخان بولغان) ئارسلان قاغان بولدى. مەنسۇر ئارسلانخان ئۇكىسى مۇھەممەدنى غەربىي ئىلىكخانى قىلىپ تەيىنلىدى.

مەنسۇر ئاسلانخاننىڭ قاغان بولغانلىقىغا نارازى بولغان يۇسۇپ قادىرخان ئاكىسى ھەسەننىڭ ئوغلى ئەلى تېكىننى يېنىغا تارتىپ سۇلتان مەھمۇت بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ مەنسۇر ئارسلانخانغا قارشى ئۇرۇشماقچى بولىدۇ. سۇلتان مەھمۇد مىلادىنىڭ 1019 ـ يىلى يۇسۇپ قادىرخانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھرگە كېلىدۇ. لېكىن ھېلىغىچە ئېنىقلانمىغان سىرلىق بىر سەۋەبكە كۆرە، سۇلتان ئۇشتۇمتۇتلا ماۋەرائۇننەھردىن چېكىنىپ خوراسانغا قايتىپ كېتىدۇ.

بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، يۇسۇپ قادىرخان مەنسۇر ئارسلانخانغا بويسۇندى. يۇسۇپ قادىرخان ھىيلىگەر، ناھايىتى ئۇستا دىپلومات سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ناھايىتى قاتتىق ئاغرىنغانىدى. شۇڭلاشقا، يۇسۇپ قادىرخان سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 1019 ـ يىلى خوراسانغا ھۇجۇم قىلدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بەلخ ئەتراپىدا بولغان جەڭدە، يۇسۇپ قادىرخان قوماندانلىقىدىكى قاراخانى قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى. پەرىشان ھالدا ئارقىغا چېكىنگەن قاراخانى قوشۇنلىرى سىر دەرياسىدىن ئۆتىدىغان چاغدا، چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، مۇتلەق كۆپچىلىكى دەريادا غەرق بولۇپ ئۆلدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ قاراخانىيلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىگە ھېسداشلىق بىلدۈرگەن خارەزمى ھۆكۈمدارى ئالتۇن تاش سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىگە تەبرىكنامە يوللىدى.

يۇسۇپ قادىرخان مىلادىنىڭ 1019 ـ يىلى خوراسانغا قىلغان يۈرۈشىدە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە يولۇققاندىن كېيىن، روھى چۈشكەن، مەنسۇر ئارسلانخانغا قارشى چىققانلىقىغا پۇشايمان قىلغان بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇ مىلادىنىڭ 1019 ـ يىلىدىن 1025 ـ يىلىغىچە، قاراخانىيلارنىڭ چوڭ خانى بولۇشقا قايتا ئۇرۇنمىدى.

## قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىلەرنىڭ خارەزمگە بولغان مۇناسىۋىتى

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزىم شاھلىقى ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپى (ئارال كۆلى بىلەن كاسپى دېڭىزى ئارىسى) دىكى ناھايىتى مۇنبەت ۋە ھوسۇلدار تېررىتورىيىگە جايلاشقان. مىلادىدىن 1000 يىللار بۇرۇن، خارەزمدە دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق تەرەققىي تاپقانىدى.

قەدىمكى چاغلاردا، ئوتتۇرا ئاسىيادا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئولتۇراق ھاياتتا ياشىغان خەلقلەر ئادەتتە ئۆزى ياشاپ تۇرغان جايلارنىڭ نامى

بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. مەسىلەن: خارەزىملىكلەر، سوغدلار، باكتىرىيىلىكلەر دېگەنگە ئوخشاش. خارەزىم دېگەن نام ئەڭ ئاۋۋال، مىلادىدىن 520 ـ يىل بۇرۇن ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىمپېراتورى دارا I نىڭ غەلىبىلىك يۈرۈشلىرى توغرىسىدا بېھىستون قىيا تېشىغا ئويۇپ يېزىلغان زەپەر نامىدا تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭغا قارىغاندا، خارەزىمنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم. خارەزىم قۇياشلىق يەر دېگەن بولىدۇ.

مىلادىدىن 330 ـ يىل بۇرۇن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئەھمانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ئىمپېراتورى دارا III نى تارمار كەلتۈرۈپ، ئىراننى بېسىۋالىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىلادىدىن 328 يىل بۇرۇن خارەزىم شاھى پاراسمان ئىسكەندەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، دوستلۇق، ئىناقلىقتا ئۆتۈش ئارزۇسىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئىسكەندەر غەربكە قارا دېڭىز بويلىرىغا يۈرۈش قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئىسكەندەر، خارەزىم شاھى پاراسماننىڭ ئەلچىلىرىگە ناھايىتى نۇرغۇن قىممەت باھا سوۋغىلارنى بېرىپ، رەھمەت ئېيتىدۇ، ئۆزىنىڭ ھىندىستانغا يۈرۈشكە ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

خارەزىم VI ئەسىردىن باشلاپ ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ بىر تەركىبى قىسمىغا ئايلىنىدۇ. پەقەت مىلادىنىڭ 713 ـ يىلى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم خارەزىمنى بېسىۋالغاندىن تارتىپ مىلادىنىڭ 820 ـ يىلىغىچە ئەرەبلەرنىڭ خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان نائىبلىرىغا بويسۇنىدۇ. خارەزىم مىلادىنىڭ 820 ـ يىلىدىن 870 ـ يىلىغىچە تاھىرىلەرگە، 870 ـ يىلىدىن 1000 ـ يىلىغىچە سامانىلارغا قارايدۇ. خارەزىم سامانىلار دەۋرىدە يېرىم مۇستەقىل ھالەتتە ياشىغان.

خارەزىم، قاراخانىيلار سامانىلار پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، بىر مۇددەت قاراخانىيلارغىمۇ قارىغانمۇ ياكى قارىمىغانمۇ، بۇ مەسىلە ھېلىغىچە ئېنىق ئەمەس. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، قاراخانىيلار مىلادىنىڭ 1006 ـ يىلى ۋە 1008 ـ يىلى خوراسانغا قىلغان يۈرۈشلىرىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خارەزىم غەزنەۋىلەرگە يېقىنلىشىشقا باشلىغان.

خارەزىم مىلادىنىڭ 996 ـ يىلى، سامانىلار ئاغدۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان چاغدا بىرلىككە كەلگەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن، خارەزىم شىمالىي ۋە جەنۇبىي خارەزىمدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنەتتى. ئۈرگەنچ شىمالىي خارەزىمنىڭ، قىيات جەنۇبىي خارەزىمنىڭ پايتەختى ئىدى. مىلادىنىڭ 996 ـ يىلى شىمالىي خارەزىمنىڭ خانى

مۆمىن ئىبنى مۇھەممەد ئىككى خارەزىمنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇ خارەزىم شاھ ئۇنۋانىنى ئالدى ۋە ئۆرگەنچنى مەملىكەتنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگىلىدى.

مەھمۇد غەزنەۋى باي ۋە مەدەنىيەتلىك بولغان خارەزىم شاھلىقىنى ئۆزگە قارىتىۋېلىشقا ناھايىتى قىزىققانىدى. سۇلتان مەھمۇت باشتا ئۆز سىڭىللىرىنى مۆمىن ئىبنى مۇھەممەد (مىلادىنىڭ 995 ـ يىلىدىن 997 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەلى ئىبنى مۆمىن (مىلادىنىڭ 997 ـ يىلىدىن 999 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان) گە ياتلىق قىلدى. سۇلتان مەھمۇد مانا شۇنداق ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق خارەزىم شاھلىقىنى بويسۇندۇرۇشنى ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۈيئوغۇللىرى بولسا خارەزىمنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاشقا ۋە ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى.

ئەلى ئىبنى مۆمىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇكىسى مۆمىن ئىبنى مۆمىن تەختكە ئولتۇردى. مۆمىن ئىبنى مۆمىن (مىلادىنىڭ 999 ـ يىلىدىن 1017 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان) خارەزىم شاھلىقىنى كۈچلۈك ۋە مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشقا ھەرىكە قىلدى. ئۇ، بىلىملىك، ئەقىللىق بولۇشىغا قارىماي، ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە بوشاڭراق ئادەم ئىدى.

ئاباسىلار خەلىپىسى قادىر (مىلادىنىڭ 991 ـ يىلىدىن 1031 ـ يىلىغىچە خەلىپە بولغان) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار ئارىسىغا ئاداۋەت سېلىشنى ئويلىدى. ئۇ شۇ مەقسەتنى كۆزدە تۇتۇپ، مىلادىنىڭ 1014 ـ يىلى بىرونى ئاتلىق ئادەمنى ئەلچى قىلىپ، باغداتتىن ئۆرگەنچكە ئەۋەتتى. بىرونى (ئۇ ئەبۇ رەيھان بىرونى ئەمەس) خەلىپە قادىرنىڭ خارەزىم شاھى، مۆمىن ئىبنى مۆمىنگە بەرگەن «دۆلەتنىڭ كۆزى ۋە دىندارلار جامائەسىنىڭ شۆھرىتى» دېگەن ئۇنۋانىنىڭ شاھادەتنامىسىنى ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى تەقدىم قىلدى.

سۇلتان مەھمۇد خەلىپە قادىرنىڭ خارەزىم شاھى مۆمىن ئىبنى مۆمىنگە بىلدۈرگەن ئىززەت ـ ھۆرمىتىدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار بولدى. سۇلتان مەھمۇد ۋەزىرى ئوبۇلقاسىم مەيمەندىنىڭ تەدبىرى بويىچە، مۆمىن ئىبنى مۆمىننى سىناپ باقماقچى بولدى. ئۇ خارەزىم شاھنىڭ ئوردىسىدا تۇرىدىغان ئۆز ئەلچىسىگە مەخپىي يوليورۇق ئەۋەتتى. غەزنەۋى ئەلچىسى سۇلتان مەھمۇدنىڭ مەخپىي يوليورۇقى بويىچە، ئەپلىك بىر پۇرسەتنى تېپىپ، مۆمىن ئىبنى مۆمىنگە سۇلتان مەھمۇتنىڭ نامىنى خۇتبىگە قوشۇپ ئوقۇشنى تەكلىپ قىلدى. ئەلچى

بۇ تەكلىپنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسى تەكلىپى ئىكەنلىكىنىمۇ ئەسكەرتىپ قويىدى. ناھايىتى ئەقىللىق مۆمىن سىرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى دەرھال بايقىدى. ئۇ، ئەلچىنىڭ بۇ تەكلىپكە جاۋاب بېرىشتە ئىككىلىنىپ قالدى. ئەلچى تەلەپپۇزىنى قاتتىقراق قىلىپ تەكلىپىنى يەنە تەكرارلىدى. ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغان مۆمىن ئابرويلۇق كىشىلەر ۋە مەشھۇر ھەربىي يولباشچىلارنى يىغىپ مەسلىھەتلەشمەكچى بولدى. كېڭەشكە كەلگەنلەر مۆمىننى غەزنەۋىلەر ئەلچىسىنىڭ تەكلىپىگە يان باسىدۇ، دەپ گۇمانلانغانلىقىدىن، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۇنى «ئەگەر تەكلىپنى قوبۇل قىلىدىغان بولساڭ كاللاڭنى ئالىمىز» دەپ قورقۇتتى. مۆمىن تەكلىپنى قوبۇل قىلاي دېسە، ئۆز خەلقىدىن قورقتى، قوبۇل قىلماي دېسە، سۇلتان مەھمۇدتىن قورقتى.

بېشى قېتىپ نېمە قىلىشىنى بىلمىگەن مۆمىن ئاخىر قاراخانىيلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ سۇلتان مەھمۇدقا قارشى تۇرماقچى بولدى. مۆمىننىڭ قاراخانىيلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. قاراخانىيلار مۆمىننىڭ سۇلتان مەھمۇدقا قارشى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

سۇلتان مەھمۇد قاراخانىيلار بىلەن خارەزىم شاھلىقىنىڭ غەزنەۋىلەرگە قارشى ئىتتىپاق تۈزگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى ۋە قاراخانىيلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ نارازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. قاراخانىيلار غەزنەۋى ئەلچىلىرى ئارقىلىق سۇلتان مەھمۇدقا يازغان مەكتۇپىدا دىپلوماتىيە ھىيلىسى ئىشلىتىپ: زۆرۈر تېپىلسا، قاراخانىيلارنىڭ غەزنەۋىلەر بىلەن خارەزىم شاھى ئارىسىدا تۇغۇلغا ئاڭلىشىلماسلىقنى تۈگىتىپ، ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇپ قويۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. سۇلتان مەھمۇد، قاراخانىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ غەربىي ئىلىكخانى مەنسۇر ئارقىلىق غەزنەۋىلەر بىلەن خارەزىمى شاھ ئارىسىدىكى كېلىشمەسلىككە ئارىلىشىۋاتقانلىقىدىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى.

سۇلتان مەھمۇد مىلادىنىڭ 1015 ـ يىلى، ھەددىدىن تاشقىرى قىيىن ئەھۋالدا قالغان خارەزىم شاھى مۆمىنگە يازغان مەكتۇپىدا تەھدىت سېلىپ بۇنداق دېگەن: «ئارىمىزدا قانداق مەجبۇرىيەتلەر بولۇپ، شەرتنامە ۋە ئىتتىپاق تۈزۈلگەنلىكىنى بىلىسىز، خارەزىم شاھى بولغان ئۆزىڭىزنىڭ بىزگە قانچىلىك قەرزدارلىقى مەلۇم. خۇتبە توغرىسىدىكى بۇ مەسىلىدە بۇ ئىشنىڭ ئۆزىڭىز ئۈچۈن نېمە بىلەن تۈگىشىنى بىلىپ، بىزنىڭ خاھىشىمىزغا باش ئەگدىڭىز، ئەمما

ئادەملىرىڭىز سىزگە يول قويمىدى. مەن «قوغدىغۇچىلار ۋە پۇقرالار» ئىبارىسىنى ئىشلىتىشۋاتقىنىم يوق. چۈنكى ئۇلار سىزگە شاھىڭغا ئۇنى قىل - بۇنى قىلما، دەپ ئېيتىشقا جۈرئەت قىلىدىكەن. ئۇلارنى قوغدىغۇچىلار ۋە پۇقرالار دېگىلى بولمايدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ ئاجىزلىقى ۋە كۈچسىزلىكى شۇنىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ، ھەقىقەتەن ھەم شۇنداق، مەن بۇنداق ئادەملەردىن غەزەپلەندىم. بۇ يەردە، بەلكى ئۇزۇن مۇددەت بولدۇم ۋە ئۇ ئادەملىرىڭىزنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن، 100 مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەر، 500 پىلنى توپلاپ ھازىر قىلدىم. شۇنى بىلەن بىرگە، بىز ئىنىمىز ۋە كۈيئوغلىمىز بولمىش سىز ئەمىرنىمۇ ئۇيقۇدىن ئويغاتماقچىمىز. بوشاڭ ئەمىر كارغا كەلمەيدۇ.» مەكتۇپنىڭ داۋامىدا مەھمۇد غەزنەۋى خارەزىم شاھقا ئۇ تۆۋەندىكى شەرتلەردىن بىرىنى ئورۇندىسا ئۆزىنىڭ قانائەت ھاسىل قىلىپ غەزنىگە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ:

1) خارەزىم شاھ مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ نامىنى نامازدا خۇتبىگە قوشۇپ ئوقۇتىدۇ.

2) ئۇنىڭغا مەھمۇدقا ئەرزىگۇدەك سوۋغا - سالام ۋە پۇل ئەۋەتىدۇ. بۇ نەرسىلەر يوشۇرۇن ھالدا يەنە خارەزىم شاھقا قايتۇرۇلىدۇ. چۈنكى مەھمۇد شۇنچىلىك بايكى، ئۇنچىلىك پۇل ۋە سوۋغا - سالاملارنى قىلچە نەزىرىگە ئېلىپ قويمايدۇ.

3) خارەزىم شاھى مەھمۇدنىڭ ئالدىغا ئەڭ ياخشى ئەمەلدارلارنى ئۇنىڭدىن شەپقەت تىلەش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ.»[1]

مۆمىنىنىڭ بوشاڭلىقى ۋە ئارىسالدىلىقى ئاخىر خارەزىمنىڭ مۇستەقىللىقىنىمۇ ۋە مۆمىنىنىڭ ئۆزىنىمۇ ساقلاپ قالالمىدى. مۆمىنىنىڭ بوشاڭلىقى ۋە ئارىسالدىلىقىدىن نارازى بولغان ھەربىي يولباشچىلار مىلادىنىڭ 1017 - يىلى ئىسيان كۆتۈردى. ئىسيانچىلار مۆمىنىنى ئۆلتۈرۈپ، تەختكە ئۇنىڭ جىيەنى ئوبۇلھارىس مۇھەممەد ئىبنى ئەلىنى ئولتۇرغۇزدى.

خارەزىمدە كۆتۈرۈلگەن ئىسيان سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىگە ناھايىتى چوڭ باھانە بولدى. ئۇ «خارەزىم شاھى مۆمىنىنى ئۆلتۈرگەنلەرنى جازالاپ، كۈيئوغلۇم مۆمىن ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمەن» دېگەننى باھانە قىلىپ، نۇرغۇن قوشۇن بىلەن خارەزىمگە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا، قاراخانىيلارنىڭ مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ خارەزىم شاھلىقىنى بېسىۋېلىشقا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بىرەر جىددىي تەدبىر قوللانمىدى. سۇلتان مەھمۇد 1017 - يىلى 7 - ئايدا خارەزىمنى بېسىۋالدى.

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە I توم 276 -، 277 - بەتلەر.

شۇنىڭدىن باشلاپ خارەزىم مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، غەزنەۋىلەرنىڭ تەركىبى قىسمى بولۇپ قالدى. سۇلتان مەھمۇد خارەزىمگە غەزنەۋىلەر سارىيىدا باش ھاجىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئالتۇن تاش ئاتلىق ئادەمنى (قارلۇقلاردىن) ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى.

## يۈسۈپ قادىرخان ۋە سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى

مەنسۇر ئارسلانخاننىڭ ۋاقتىدا (1018 ـ 1024)، قاراخانىيلارنىڭ ھاياتىدا خېلى جىددىي ۋەقەلەر يۈز بەردى. ئۇ، قاراخانىيلار تەختىگە ئولتۇرۇشنىڭ ھارپىسىدا (مىلادى 1017 ـ يىلى) سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى خارەزىمنى بېسىۋالدى. 1019 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ خوراسانغا قىلغان يۈرۈشى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. قاراخانىيلار ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكىدىن پايدىلانغان ئەلى تېكىن (مىلادىنىڭ 1021 ـ يىلىدىن 1035 ـ يىلىغىچە ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇرغان) ئوغۇزلارنىڭ يابغۇسى ئارسلان ئىسرائىل يابغۇ (مىلادىنىڭ 990 ـ يىلىدىن 1025 ـ يىلىغىچە يابغۇ بولغان) بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مەنسۇر ئارسلانخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئەلى تېكىن مىلادىنىڭ 1020 ـ يىلى بۇخارانى بېسىۋالدى. مەنسۇر ئارسلانخان ئەلى تېكىنگە قارشى ئۇرۇشقان بولسىمۇ، ئوغۇزلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغان ئەلى تېكىندىن يېڭىلىپ قالدى. شۇ چاغلاردا شىمالىي ئىلىكخان توغان I ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلىك خان بولغان توغانخان II ئىسيان كۆتۈردى. مانا شۇنداق سەۋەبلەرگە كۆرە، مىلادىنىڭ 1024 ـ يىلى مەنسۇر ئارسلانخان تەختتىن ۋاز كېچىپ ۋە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەھمەد توغانخان II ئولتۇردى. ئەھمەد توغانخان II ھارۇن بوغراخاننىڭ نەۋرىسى (ھەسەننىڭ ئوغلى) ئىدى. ئەھمەد توغانخان II ئىسيانىنى بېسىقتۇرغىچە، مىلادىنىڭ 1025 ـ يىل ئۇنىڭ تاغىسى (ھەسەننىڭ ئۇكىسى) يۈسۈپ قادىرخان قاراخانىيلارنىڭ چوڭ خانى بولۇشقا مۇيەسسەر بولدى.

يۈسۈپ قادىرخان ئىسيان كۆتۈرگەنلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 1025 ـ يىلى قەشقەردىن يولغا چىقىپ، شىمالىي ئىلىكخان توغانخان II نىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ باردى. بالاساغۇن ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشتا يۈسۈپ قادىرخان مەغلۇپ بولدى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئەلى تېكىن تېخىمۇ روھلىنىپ، قاراخانىيلارنىڭ چوڭ خانى بولۇشقا ئىنتىلدى. ئۇ مىلادىنىڭ 1021 ـ يىلى ئوغۇزلار بىلەن بىرلىشىپ بۇخارانى بېسىۋالغان بولسا، مىلادىنىڭ 1025 ـ يىلى

ئوغۇزلارنىڭ يابغۇسى ئارسلان يابغۇ بىلەن بىرلىشىپ، يۈسۈپ قادىرخانغا قارشى يەنە ئىسيان كۆتۈردى.

ئوغۇزلار سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى «جەند» شەھىرى ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان جايلاردا ياشايتتى. ئۇ چاغلاردا، ئوغۇزلارنىڭ پائالىيىتىگە ئوغۇزلارنىڭ مەشھۇر بېگى سەلجۇق بەگنىڭ ئوغۇللىرى يېتەكچىلىك قىلاتتى.

شىمالىي ئىلىكخانى توغانخان II نىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى ۋە ئەلى تېكىننىڭ ئوغۇزلار بىلەن بىرلىشىپ قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىشى قاراخانىيلار دۆلىتىنى ئىچكى جەھەتتىن ئېغىر قورقۇنچقا سېلىپ قويىدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، غەزنەۋىلەر ئۈچۈنمۇ ئېغىر خەۋپ ئىدى. ئوغۇزلار كۈچلىنىپ كېتىمدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىلەرگە ئوخشاشلا خەۋپ سالىدىغانلىقى يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇدقا ئېنىق مەلۇم ئىدى.

ئوغۇزلار قەدىمكى چاغلاردا ئاسىيانىڭ شىمالىدا، كۆك تۈركلەرنىڭ شىمالىدا ياشايتتى. ئوغۇزلار جۇڭگونىڭ يىلنامىلىرىدىن «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە مىلادىدىن II ئەسىر ئىلگىرى، «سۇي سۇلالىسى يىلنامىسى. تۇرالار ھەققىدە قىسسە» دە مىلادىنىڭ VI ئەسىردە تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىن بىر ـ ئىككى ئەسىر بۇرۇن (VI ئەسىردە ئا يەنسەي ـ ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان بىر يادىكارلىقتا ئوغۇزلارنىڭ ناملىرى يېزىلغان. يادىكارلىقتا ئوغۇزلارنىڭ خانى ئۆرىگمەن ئالپ تۇراننىڭ كىچىكىدىنلا ۋاپات بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدە، ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلار كۆك تۈرك قاغانلىقىنى ئىلكىگە ئالغانىدى.

840 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار (ئوغۇزلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ھازىرقى موڭغۇلىيىدىن غەربكە قاراپ كۆچكەندە، ئوغۇزلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى غەربكە يۈرۈپ ئارال دېڭىزى ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەن.

موڭغۇلىيىدىن غەربكە كۆچكەن ئوغۇزلار ئىدىل، يايىق دەريالىرىنىڭ بويلىرىغىچە كېلىپ ماكانلاشقان. ئوغۇزلار بىرمەزگىل (مىلادىنىڭ 850 ـ يىلىدىن 965 ـ يىلىغىچە) ھازار قاغانلىقى (468 ـ 965) غا قارىغان.

شەرقىي ئوغۇزلارنىڭ موڭغۇلىيىدىن غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى خانلىرىدىن توقسۇرمىش ئەلچى، توغانبەگ (ئىبنى پەزلان ساياھەت خاتىرىسىدە توغانبەگنى «لوقمان بەگ» دەپ يازغان)، ئارتۇغرۇل بەگ (ئىبنى پەزلان «ئىرتىك» دەپ يازغان)، تاقاق (دۇكاك) قاتارلىقلار مەلۇم.

ئوغۇزلار مىلادىنىڭ 850 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ھازارلارغا بويسۇنغاندا، ئۇلارنىڭ قىنىق ئۇرۇقىدىن چىققان تاقاق ئاتلىق خانى ھازار قاغانلىقىدا يابغۇ بولغان. مىلادىنىڭ 903 ـ يىلى تاقاقبەگ ئۆلتۈرۈلگەن. مىلادىنىڭ 910 ـ يىلى تاقاق بەگنىڭ 25 ياشلىق ئوغلى سەلجۇقبەگ (ئۇ مىلادىنىڭ 885 ـ يىلى تۇغۇلۇپ مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلى 115 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن) سۇ بېشى بولغان. سەلجۇقبەگ ناھايىتى قابىلىيەتلىك، باتۇر، ئەقىللىق، خۇش خۇي، مەرد يىگىت ئىدى. قوشۇنلار ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇناتتى. خەلقمۇ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ، قىزغىن ھۆرمەتلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئوغۇز يابغۇسى سەلجۇق سۇ بېشىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشكەن. سەلجۇق بەگ ئۆزىگە كېلىدىغان بۇ خەۋپنى سېزىپ، مىلادىنىڭ 915 ـ يىلى 100 ئاتلىق يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا، 1500 تۆگە، 50 مىڭ قوينى ئېلىپ سىر دەريانىڭ ئاياغ ئېقىمىدىكى «جەند» رايونىغا كەلگەن ۋە شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمان بولغان.

بەزىبىر تارىخىي مەنبەلەردە، ئوغۇزلارنىڭ يابغۇلىرىنىڭ ھازار قاغانىنىڭ ئورۇنباسىرى سۈپىتىدە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكى تەكىتلىنىدۇ.

سەلجۇقبەگنىڭ ئىسرائىل، مىكائىل، داۋۇت، يۇسۇپ، مۇسا ئاتلىق ئوغۇللىرى بار ئىدى. بۇ ئىسىملاردىن قارىغاندا، ئوغۇزخانلىرى يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھازار قاغانلىرىنىڭ تەسىرىدە، شامان دىنىنى تەرك ئېتىپ، يەھۇدىي دىنىغا كىرگەن بولسا كېرەك. ئۇنداق بولغاندا، سەلجۇقبەگ مىلادىنىڭ 915 ـ يىلى ئەتراپىدا يەھۇدىي دىنىنى تەرك ئېتىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولىدۇ.

ئىبنى پەزلان ئۆز ساياھەتنامىسىدە، مىلادىنىڭ 922 ـ يىلى ئەۋەتىلگەن ئەرەب ئەلچىلىرىنىڭ خەلىپە مۇقتەدىرنىڭ مەكتۇپلىرىنى، بۇلغار، ھازار، ئوغۇزخانلىرىغا سۇنۇپ، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈتۈنگەنلىكىنى بايان قىلغان. شۇ چاغدا، ھازار قاغانلىقىدا يابغۇ ئۇنۋانىنى ئالغان ئوغۇز يابغۇسىنىڭ كىملىكى مەلۇم ئەمەس.

بىز ئۇغۇزلارنىڭ سەلجۇقتىن بۇرۇنقى خانلىرىدىن توقسۇرمىش ئەلچى، توغانبەگ، ئەرتۇغرۇلبەگ، تاقاقبەگلەرنى باشتا تىلغا ئالدۇق. سەلجۇقبەگنىڭ بەشىنچى بوۋىسى (توقسۇرمىش ئەلچىنىڭ ئاتىسى) كىراكوچى غوجا دېگەن بىر بەگنىڭ نامىنى ئىبنى پەزلان تىلغا ئالدۇ. ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇنىڭ نامى كىراكوچى غوجا بولماستىن، بەلكى كىرىگىچى ئىدى. چۈنكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ھاياتىدىكى ئۆيلىرى كىگىزدىن تىكىلگەن يۇمىلاق ئۆيلەر بولۇپ، بۇنداق ئۆيلەرگە ياغاچتىن قىلىنغان كىرىگىلەر لازىم ئىدى. دېمەك، ئۇغۇزلارنىڭ خانى كىراكوچى غوجا، ناھايىتى ئۇستا ياغاچچى بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر كىرىگىچى، دەپ ئاتىغان. ئۇ كىگىز ئۆيلەرنى قۇرۇشتا لازىم بولىدىغان كىرىگىلەرنى ياسايتتى. ئىبنى پەزلان «كىرىگىچى» سۆزىنى «كىراكوچى غوجا» دەپ خاتىرىلەپ قويغان.

سەلجۇقبەگ بىلەن ئۇغۇز يابغۇلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەت X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋام قىلدى. مىلادىنىڭ 965 ـ يىلى ھازار قاغانلىقى كىيېۋ رۇس كىنەزى سۋياتوسلاۋ (xx يىلىدىن 973 ـ يىلىغىچە كىنەز بولغان) تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇغۇزلار قاراخانىيلارغا بويسۇنغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ (X ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپ) ئۇغۇزلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولغان.

چۈنكى، بۇ چاغلاردا، قاراخانىيلار دۆلىتى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى (960 ـ يىلى) سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، شامانىزمنى تاشلىغانىدى.

مىلادىنىڭ 990 ـ يىلى سەلجۇقبەگنىڭ ئوغۇللىرى ئۇغۇزخانلىقىنى (990 ـ يىلىدىن 1040 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نى تەشكىل قىلدى. ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى يەنكەنت (يانگى كەنت) ئۇغۇز خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىدى. شۇ چاغلاردا ئۇغۇزلارنىڭ سانى مىليونغا يېتىپ، ناھايىتى جەڭگىۋار كۈچكە ئايلانغانىدى.

سەلجۇقبەگنىڭ مىكائىل بەگ (998 ـ يىلى ئۆلگەن)، ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ (مىلادىنىڭ 990 ـ يىلىدىن 1025 ـ يىلىغىچە يابغۇ بولغان، مۇسا ئىنانچ يابغۇ (1028 ـ يىلىدىن 1032 ـ يىلىغىچە يابغۇ بولغان)، يۇسۇپ ئىنال بەگ (مىلادىنىڭ 994 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) قاتارلىق تۆت ئوغلى بار ئىدى.

ئۇغۇزخانلىقىغا ئىسرائىل ئارسلان (990 ـ 1025)، يۇسۇپ ئىنانچ (1025 ـ 1028)، مۇسا ئىنانچ (1028 ـ 1032)، ئىرتاش يابغۇ (1031 ـ 1040) لار يابغۇ بولغان.

ئوغۇزلار مىلادىنىڭ 965 ـ يىلىدىن 1040 ـ يىلىغىچە گاھى قاراخانىيلارغا، گاھى غەزنەۋىلەرگە بويسۇنۇپ تۇردى، گاھىدا قارشى چىقتى.

مانا شۇ سەلجۇق ئوغۇللىرى باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلارنىڭ مىلادى 1025 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ خانلىرى بىلەن بىرلىشىپ قاراخانىيلارغا قارشى چىقىشى يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ سەلجۇق ئوغۇللىرىغا قارشى ھەرىكەت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

يۈسۈپ قادىر خان مىلادىنىڭ 1025 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد ھوزۇرىغا غەزنىگە ئەلچى ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇد قەشقەردىن غەزنىگە كەلگەن قاراخانىيلارنىڭ ئەلچىلىرىنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. يۈسۈپ قادىرخان سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئۆز ئەلچىلىرى ئارقىلىق ئەۋەتكەن تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسيانچىلارغا بىرلىكتە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ماقۇل بولغانلىقتىن خۇشال بولدى.

ئۆز ئەلچىسىدىن بۇ خۇشاللىنارلىق خەۋەرنى ئاڭلىغان يۈسۈپ قادىرخان نۇرغۇن سانلىق قاراخانى قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ قەشقەردىن سەمەرقەندگە قاراپ ماڭدى. ئەينى ۋاقىتتا سۇلتان مەھمۇدمۇ چوڭ قوشۇنغا باش بولۇپ (قوشۇن ئىچىدە 500 پىلمۇ بار ئىدى) بەلختىن يولغا چىقىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ زەنجىر بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىلغان كېمىلەردىن سېلىنغان لەيلەتمە كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، سەمەرقەندگە قاراپ ماڭدى. سەمەرقەندگە يېقىنلاپ كەلگەن يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇدتىن قورققان ئەلى تېكىن بىلەن ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ سەمەرقەند ۋە بۇخارانى تاشلاپ چىقىپ، نۇرئاتا رايونىغا قاچتى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھەربىي يولباشچىلىرىدىن بىرى بولغان بىلگە تېكىن باشچىلىقىدىكى غەزنەۋىلەر قوشۇنى ئەلى تېكىننىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى، پەقەت ئەلى تېكىننىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنىلا ئەسىرگە ئېلىپ قايتتى. سۇلتان مەھمۇد قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ئەسىرلەرگە ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى. كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەلەرنى ئالدىن سېزىدىغان ئەقىللىق سۇلتان مەھمۇد ئەلى تېكىنگە قاتتىق زەربە بېرىشنى خالىمايتتى. ئۇ قاراخانىيلار ئىچىدە يۈز بەرگەن زىددىيەتلەردىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىشنى كۆزلەيتتى. شۇڭا، سۇلتان مەھمۇد ئەلى تېكىننى ئۇزۇل ـ كېسىل بويسۇندۇرۇشقا قىزىقمىدى.

ئەلى تېكىن بىلەن ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ قاچقاندىن كېيىن، يۈسۈپ

قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد سەمەرقەند يېنىدا شاھانە تەنتەنە، كىمخابلاردىن چېدىر - بارگاھلارنى تىكتۈرۈپ، ناھايىتى جىددىي مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپ، توختامنامە تۈزۈشكە كىرىشتى. بۇ ئىككى پادىشاھ مىسلى كۆرۈلمىگەن تەنتەنە بىلەن ئۇچراشتى. پارس تارىخچىسى بەيھەقى (مىلادىنىڭ 996 - يىلى تۇغۇلۇپ 1077 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، گەردىزى (XI ئەسىردە ياشىغان) لار «تارىخىي مەسئۇدى» ۋە «زەينۇلئەخبار» ناملىق تارىخىي ئەسەرلىرىدە بۇ ئۇچرىشىش توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن.

«XI ئەسىردە ياشىغان پارس تارىخچىسى گەردىزى ئۆزىنىڭ «زەينۇلئەخبار» دېگەن ئەسىرىدە، سەمەرقەندنىڭ جەنۇبىدا بولغان بۇ ئۇچرىشىش توغرىسىدا تەسىرلىك ھېكايە قىلىدۇ. ھەر ئىككى پادىشاھ بىرىنچى سوۋغا سۇپىتىدە بىر - بىرىگە ناھايىتى قىممەت باھالىق ئېسىل تاشلارنى بېرىشىپ سالاملىشىدۇ ۋە بىر - بىرىگە ئىلتىپات قىلىشىدۇ... ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان مەھمۇد غەزنەۋى قادىرخاننى ئۆز قارارگاھىنىڭ ئارتۇق دەرىجىدىكى زىبۇ زىننەتلىكى، بايلىقى ۋە ئۆز خانىدانىنىڭ مېھماندوستلىقى بىلەن ھەيران قالدۇرماقچى بولىدۇ. ئۇ قادىرخان ئۈچۈن ئالتۇن چېدىر تىككۈزۈپ، ئۇنىڭ ئىچىنى ۋە تېشىنى بېزەشكە ۋە بولۇپمۇ خىلمۇ خىل يېمەك - ئىچمەكلەر ۋە قىممەت باھا سوۋغىلار تەييارلاشقا بۇيرۇق بەرگەن.

چېدىر ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ بېزەلگەنىدى. ئۇنىڭ بىرقانچە بۆلۈملىرى بولۇپ بىرىنچىسىدە تاماق يېيىلسە، ئىككىنچىسىدە كۆڭۈل ئېچىلاتتى. گەردىزى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ قاراخانىيلار خانىغا قىلغان سوۋغىلىرىنى بىر - بىرلەپ ساناپ ئۆتىدۇ: بۇ يەردە قىممەت باھا تاشلار، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قەدەھلەر، ئالتۇن يۈگەنلىك ئاجايىپ ئاتلار، چىشى پىللار؛ چېدىرلار، قىممەت باھالىق گىلەملەر ۋە باشقا كۆپ نەرسىلەر بار ئىدى. قادىرخان ئۆز قارارگاھىغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ بايلىقلارنى كۆردى. ئۇ شۇنداق كۆپ نەرسىلەرنى سوۋغا قىلغان قۇدرەتلىك پادىشاھ ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆزىدىكى ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى يىغىشقا بۇيرۇق بەردى. قادىرخان ناھايىتى كۆپ پۇل، ئېگەر - جابدۇقلىرى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن ئاجايىپ ئاتلار، ئالتۇن كەمەرلىك تۈرك غۇلاملىرى، سۆسەر، ئاق سۆسەر، قارا تۈلكە موينالىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنى يىغدۇردى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەھمۇد غەزنەۋىگە ئەۋەتتى.»[1]

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە I توم 273 - ، 274 - بەتلەر.

بىر نەچچە كۈن داۋام قىلغان سۆھبەتلەر ئارقىلىق يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئارىسىدا ناھايىتى مۇھىم ئىككى تۈرلۈك توختامنامە تۈزۈلدى. بىرىنچى توختامنامىدە زۆرۈر تېپىلغاندا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇن ياردەم بېرىپ جىددىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى بېكىتىلدى. ھەم ئەلى تېكىننى يوقىتىپ، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى ياغان تېكىننى غەربىي ئىلىكخانى قىلىپ تەيىنلەش ئالاھىدە تەكىتلەندى. ئىككىنچى توختامنامىدە، قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىلەر دۆلىتىنىڭ ئامانلىقىغا خەۋپ سېلىۋاتقان سەلجۇق ئوغۇللىرى باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلارنىڭ كۈچلىرىنى يوق قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنى قەشقەر، خوراسان ۋە ئىراننىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىتىۋېتىشمۇ قارار قىلىندى. مانا شۇ يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دوستلۇق ئاساسىدىكى توختامنامىلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، سۇلتان مەھمۇدنىڭ قىزى مەلىكە زەينەپنى قاراخانى شاھزادىلىرىدىن ياغان تېكىنگە، قاراخانى بېكەسى خان مەلىكە شاھ خاتۇننى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ۋارىسى سۇلتان مۇھەممەدكە ياتلىق قىلىش بەلگىلەندى.

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى سەمەرقەندكە يېقىنلاپ كەلگەندە، غەربىي ئىلىكخان ئەلى تېكىن ماۋەرائۇننەھرنى ۋاقىتىنچە تاشلاپ كېتىشكە ۋە ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقچىلىرى زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى نۇرئاتا رايونىدا كۆچۈپ يۈرگەن ئوغۇزلار ئارىسىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

سەمەرقەندتىكى ئۇچرىشىشتا، يۈسۈپ قادىرخان بىلەن مەھمۇد ئارىسىدا مۇھىم توختامنامىلەر تۈزۈلگەندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇد نۇرئاتا رايونىدىكى ئوغۇزلارغا قارشى قوشۇن ماڭدۇردى. غەزنەۋى قوشۇنلىرى سەلجۇقبەگنىڭ ئوغلى ئىسرائىل ئارسلان يابغۇنى تۇتۇپ كەلدى. سۇلتان مەھمۇد ئارسلان يابغۇنى قويۇپ بەردى ۋە ئۇنى ئۆز تەۋەلىرى بىلەن غەزنىگە كېلىشكە ئۇناتتى.

مىلادىنىڭ 1026 - يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنىگە قايتتى. دەل شۇ چاغدا، شىمالى ئىلىكخانى توغانخانII يۈسۈپ قادىرخاننىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى سوراپ، ئۇنىڭغا قايتىدىن بويسۇندى.

يۈسۈپ قادىر خان ماۋەرائۇننەھرگە كەتكەن چاغدا خوتەن خانلىقى بىلەن ئۇيغۇر - ئىدىقۇت قاغانلىقى ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىللىق جاكارلىدى. ئۇيغۇر - ئىدىقۇت قاغانلىقى مىلادىنىڭ 1027 - يىلى فېۋرال ئايلىرىدا سۇلتان مەھمۇدقا

ئەلچى ئەۋەتىپ، يۈسۈپ قادىرخانغا قارشى بىر توختامنامە تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇد ئۇيغۇر - ئىدىقۇت قاغانلىقىنىڭ ئەلچىلىرىنى سوغۇق قارشى ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى. تارىخي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شۇ چاغدا، قىتان خانلىقىمۇ ئۆز ئەلچىلىرىنى ئۇيغۇر - ئىدىقۇت ئەلچىلىرىگە ھەمراھ قىلىپ، سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھۇزۇرى (غەزنە) غا ئەۋەتكەنىكەن.

يۈسۈپ قادىر خان ماۋەرائۇننەھىردىن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى ۋە خوتەن خانلىقى بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت قاغانلىقىنىڭ ئىسيانلىرىنى باستۇرۇشقا كىرىشتى. يۈسۈپ قادىرخان مىلادىنىڭ 1026 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، خوتەن خانلىقىنىمۇ، ئىدىقۇت قاغانلىقىنىمۇ قايتىدىن بويسۇندۇردى، قىتانلارنىڭ ياردىمىنى ئالغان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، قاراخانىيلارغا بويسۇنغان بولسىمۇ، پەقەت سىلىق تۆلەش مەجبۇرىيىتىنىلا ئۈستىگە ئېلىپ، ئىچكى جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى.

يۈسۈپ قادىر خان ماۋەرائۇننەھىردىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىدىغان چاغدا، سۇلتان مەھمۇد بىلەن تۈزۈشكەن توختامنامىگە بىنائەن، ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمىنى قەشقەر ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ بېرىشقا دەۋەت قىلغانىدى. چاغرىبەگ بىلەن تۇغرۇلبەگلەر يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قىلغان سۆزلىرىگە ئىشەنمەي، قەشقەر ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ بېرىشقا ئۇنىمىدى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنىگە قايتقاندىن كېيىن، ئارسلان يابغۇغا يازغان خېتىدە ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى ۋەدىلەرنى بەردى. سۇلتان مەھمۇدقا ئىشەنگەن ئارسلان يابغۇ ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ غەزنىگە بارغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ جىيەنلىرى ئوغۇزلارنىڭ كۆپ قىسمى بىلەن ئۆز جايىدا قالدى. ئارسلان يابغۇ غەزنىگە بارغان ھامان تۇتقۇن قىلىندى. ئارسلان يابغۇ قاتارلىق بىر قىسىم ئوغۇز بەگلىرى ھىندىستاندىكى مۇستەھكەم قورغانلارنىڭ بىرى بولغان كالانجىر قورغىنىغا قامالدى. ئارسلان يابغۇ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلدى.

ئارسلان يابغۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغۇزلارغا يۈسۈپ ئىنانچ (سەلجۇقبەگنىڭ تۆتىنچى ئوغلى مۇسا ئىنانچىنىڭ ئوغلى) يابغۇ بولدى. بۇ چاغلاردا، ئوغۇزلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسەن سەلجۇقبەگنىڭ نەۋرىلىرى چاغرىبەگ بىلەن تۇغرۇلبەگلەر[1] يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلىغانىدى.

(1) بۇلار، سەلجۇقبەگنىڭ تۆتىنچى ئوغلى مىكائىلبەگنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى.

ئۆز يۇرتلىرىدا قالغان چاغرىبەگ ۋە تۇغرۇلبەگلەر تاغىسى ئارسلان يابغۇنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەدىن ساۋاق ئېلىپ، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئۇلارنى قەشقەر ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلىشىشقا قىلغان دەۋىتىگە ئۇنىمىدى.

يۇسۇپ قادىر خان قەشقەرگە كەتكەندىن كېيىن، ئەلى تېكىن قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. سەلجۇقبەگنىڭ نەۋرىلىرى تۇغرۇلبەگ بىلەن چاغرىبەگلەر ئەلى تېكىننىڭ ھەرىكىتىنى قوللىمىدى. پەقەت سەلجۇقبەگنىڭ نەۋرىسى يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇ (مىلادىنىڭ 1025 ـ يىلىدىن 1028 ـ يىلىغىچە يابغۇ بولغان) ئەلى تېكىننى قوللىدى. يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇ سەلجۇقبەگنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مۇسا ئىنانچىنىڭ ئوغلى ئىدى. يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇنىڭ ياردىمىگە ئېگە بولغان ئەلى تېكىن سەمەرقەند ۋە بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، مۇستەقىل ھالدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

يۇسۇپ قادىر خان ئەلى تېكىننى يوق قىلىش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھرگە قوشۇن ماڭدۇردى. يۇسۇپ قادىرخاننىڭ قوشۇنلىرى ئەلى تېكىن تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. يۇسۇپ قادىرخان بۇنداق جىددىي ئەھۋال تۇغۇلغاندا، ئوغلى ياغان تېكىن باشچىلىقىدا سۇلتان مەھمۇدقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەلى تېكىن ۋە يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇغا قارشى ئۇرۇشقا ئۇنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇد ھىندىستان يۈرۈشىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ياردەم بېرىدىغان بولدى. نەتىجىدە، ئەلى تېكىنگە قارشى قىلىنىدىغان جازا يۈرۈشى كېچىكتۈرۈلدى.

دەل شۇ چاغدا، سۇلتان مەھمۇد ھىندىستانغا قىلىنىدىغان 16 ـ قېتىملىق ناھايىتى مەشھۇر يۈرۈشكە ھازىرلىنىۋاتقانىدى. بۇ يۈرۈش (مىلادىنىڭ 1026 ـ يىلى) ھىندىستاننىڭ گوجارات رايونىنى بېسىۋېلىش بىلەن ئاياغلاشتى.

بۇنداق ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئەلى تېكىن يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇنى ئۆزىگە ياردەم بېرىشكە ئۇنىمىغان چاغرىبەگ بىلەن توغرۇلبەگكە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇ ئەلى تېكىننىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىمىدى، ئەكسىچە مەخپىي ھالدا، ئۆز قېرىنداشلىرى چاغرىبەگ ۋە تۇغرۇلبەگ بىلەر بىرلىشىۋالدى. بۇ ئىشنى سېزىپ قالغان ئەلى تېكىن يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇنى ئۆلتۈردى. توغرۇلبەگ بىلەن چاغرىبەگلەر، يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەلى تېكىنگە ھۇجۇم قىلدى. باشتا ئوغۇزلار غالىپ كەلدى. كېيىن

مەغلۇپ بولدى. چاغرىبەگ بىلەن توغرۇلبەگ ئەلى تېكىن تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ئوغۇزلارنى باشلاپ شەرققە يۈرۈپ قەشقەرگە كەلدى. ئۇلار يۇسۇپ قادىرخانغا بويسۇنمىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قەشقەر ئەتراپلىرىدا ماكانلاشتى. بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 1028 ـ يىلى بولغانىدى.

مىلادىنىڭ 1028 ـ يىلى ئەلى تېكىن يۇسۇپ قادىرخاندىن كەچۈرۈم سوراپ، قارخانىلارنىڭ مەركىزى قەشقەرگە بويسۇنمىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يۇسۇپ قادىر خان قەشقەر ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن ئوغۇزلارنىڭ بەگلىرى چاغرىبەگ بىلەن توغرۇلبەگلەرنى تۇتۇپ قاماقتا ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى بىرەر ئىشقا باھانە قىلىپ ئالدىغا چاقىردى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا يۇسۇپ قادىرخاننىڭ قېشىغا بارمىدى. بىرى كىرسە يەنە بىرى يۈز بېرىش ئېھتىمال بولغان جىددىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇردى. ھېچ ئىلاج قىلالمىغان يۇسۇپ قادىرخان، يالغۇز كەلگەن توغرۇلبەگنى تۇتقۇن قىلىپ قاماققا ئالدى.

بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، چاغرىبەگ ئوغۇزلارنى ئەگەشتۈرۈپ قەشقەردىن قاچتى. چاغرىبەگ يولدا كېتىۋېتىپ قاراخانىيلار جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان بىر قانچە شاھزادىلەرنىڭ ئوۋ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئەقىللىق ھەم تەدبىرلىك چاغرىبەگ قاراخانى شاھزادىلىرىنى ئەسىر قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. يۇسۇپ قادىرخان ئەسىرگە ئېلىنغان شاھزادىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، توغرۇلبەگنى قاماقتىن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغىلارنى بېرىپ، ئۇنىڭدىن قاراخانى شاھزادىلىرىنى ئامان ـ ئېسەن قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويۇشقا ۋەدە ئالدى. چاغرىبەگ قەشقەردىن قاچقانچە «جەند» رايونىغا بېرىپ توختىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بارغان توغرۇلبەگ ئەسىر قىلىنغان قاراخانى شاھزادىلىرىنى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن قەشقەرگە يولغا سېلىپ قويدى. بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 1029 ـ يىلى بولدى.

قەشقەردىن «جەند» رايونىغا كەلگەن ئوغۇزلار بۇ جايدا تۇرۇشنى ئەپ كۆرمىدى. «جەند» رايونى شىمالىي ئىلىكخانىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جاي بولۇپ، قاراخانىيلارغا قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چاغرىبەگ بىلەن توغرۇلبەگلەر خارەزىم ۋالىيسى ھارۇندىن يەر تەلەپ قىلدى، مىلادىنىڭ 1034 ـ يىلى ھارۇن ئوغۇزلارغا خارەزىم تېررىتورىيىسىدىن يېتەرلىك جاي ئاجرىتىپ بەردى.

## قاراخانىيلارنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى

مىلادىنىڭ 1030 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدە، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان مەسئۇد ئۇكىسى مۇھەممەدنى (بۇ تەخت ۋارىسى ئىدى) يېڭىپ غەزنەۋىلەرگە سۇلتان بولدى.

مىلادىنىڭ 1031 ـ يىلى سۇلتان مەسئۇد يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. قەشقەرگە كەلگەن سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن يۈسۈپ قادىرخان ئارىسىدا داۋام قىلغان سۆھبەتلەر ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى. سۆھبەتنىڭ ئاساسى مەزمۇنى مىلادىنىڭ 1026 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن يۈسۈپ قادىرخان ئارىسىدا سەمەرقەند يېنىدا تۈزۈلگەن توختامدىكى بولغۇسى تويى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىدى. سەمەرقەند يېنىدا تۈزۈلگەن توختامنامە بويىچە، سۇلتان مەھمۇدنىڭ قىزى زەينەپ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى ياغان تېكىن (مۇھەممەد بوغراخان) گە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قىزى خان مەلىكە شاھ خاتۇن (ياغان تېكىننىڭ سىڭلىسى) سۇلتان مەھمۇدنىڭ ۋارىسى سۇلتان مۇھەممەدكە ياتلىق قىلىنىشى كېرەك ئىدى. سۇلتان مەسئۇد تەختكە چىققاندىن كېيىن، خان مەلىك شاھ خاتۇن سۇلتان مۇھەممەدكە ئەمەس، سۇلتان مەسئۇدقا ياتلىق قىلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇلتان مەسئۇد ئۆزىنىڭ ئوغلى سۇلتان مەۋئۇدنى بوغرا تېكىن (سۇلايمان ئارسلانخان) نىڭ قىزىغا ئۆيلەندۈرمەكچى بولدى. قەشقەرگە بارغان غەزنەۋىلەرنىڭ ئەلچىلىرى مانا شۇ مەسىلە ئۈستىدە يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۆھبەتلىشىپ بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. يۈسۈپ قادىرخان مىلادىنىڭ 1032 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. قاراخانىيلار تەختىگە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان چىقتى.

قەشقەردە يىللاپ تۇرۇپ قالغان سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئەلچىلىرى سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلار مىلادىنىڭ 1034 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇزۇق ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئادا قىلدى. سۇلايمان ئارسلانخان ھەمشىرىسى خان مەلىك شاھ خاتۇن بىلەن ئۆزىنىڭ قىزىنى سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئەلچىلىرىگە قوشۇپ، ناھايىتى چوڭ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قەشقەردىن غەزنىگە ئۇزاتتى. بەختكە قارشى سۇلتان مەۋدۇدقا ياتلىق بولىدىغان قەشقەر گۈزىلى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قىزى يولدا كېتىۋېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. غەزنىگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كەلگەن خان مەلىك شاھ خاتۇننى سۇلتان مەسئۇد ناھايىتى چوڭ داغدۇغا بىلەن قارشى ئالدى. خان مەلىك شاھ خاتۇن كېيىن مىلادىنىڭ 1041

- يىلى سۇلتان مەسئۇد ئۆلگەندىن كېيىن، سالجۇق خاقانى ئالپ ئارسلانغا ياتلىق بولدى.

مىلادىنىڭ 1034 - يىلى سۇلايمان ئارسلانخان غەزنەۋىلەرنىڭ ئەلچىلىرىنى قەشقەردىن ئۇزىتىپ قويغان چاغدىلا، مۇھەممەد بوغراخان غەزنىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇلتان مەھمۇدنىڭ قىزى زەينەپكە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن سۇلتان مەسئۇد مۇھەممەد بوغراخاننىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. بۇنىڭدىن خاپا بولغان مۇھەممەد بوغراخان توغرۇلبەگكە مەخپىي خەت يېزىپ، ئۇنىڭ سۇلتان مەسئۇدقا قارشى ھەرىكەت قوللىنىشىنى تەلەپ قىلدى. مەخپىي خەتنى ئەكېتىۋاتقان كىشى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتقاندا غەزنەۋىلەر تەرىپىدىن تۇتۇلدى. مەخپىي خەتمۇ ئاختۇرۇلۇپ قولغا چۈشتى. خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردا بولغان سۇلتان مەسئۇد سىرنى ئاشكارىلىمىدى. خەتنى ئېلىپ ماڭغۇچىنى ھىندىستانغا يولغا سېلىپ قويدى. مەخپىي سىر سىرلىقچە قالدى. سۇلتان مەسئۇد مۇھەممەد بوغراخان بىلەنمۇ، توغرۇلبەگ بىلەنمۇ دۈشمەنلىشىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. سۇلتان مەسئۇد مىلادىنىڭ 1037 - يىلى 8 - ئايدا سۇلايمان ئارسلانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن ئۆكىسى مۇھەممەد بوغراخان بىلەن غەزنەۋىلەرنى ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى. قەشقەرگە كەلگەن غەزنەۋىلەر ئەلچىلىرى بىر يېرىم يىل چاپا - مۇشەققەت چېكىپ، مىلادىنىڭ 1039 - يىلى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ غەزنىگە قايتتى.

سۇلايمان ئارسلانخان قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خانى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 1032 - يىلىدىن 1040 - يىلىغىچە) قاراخانىيلار دۆلىتى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە ناھايىتى تىنچ ۋە خاتىرجەم بىر دەۋرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. مىلادىنىڭ 1035 - يىلى ئەلى تېكىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلايمان ئارسلاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەلى تېكىننىڭ ئوغلى يۇسۇپ ئىبنى ئەلى ئىلىكخان بولدى. يۇسۇپ ئىبنى ئەلى قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى قەشقەرگە سەمىمىيەت بىلەن بويسۇندى. ئۇ مىلادىنىڭ 1035 - يىلى توغرۇلبەگ باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلارنى ماۋەرائۇننەھىردىن قوغلىدى. ئوغۇزلار ئاساسەن خۇراسان تەرەپكە قاراپ كۆچتى.

ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي يۇسۇپ ئىبنى ئەلى (مىلادىنىڭ 1034 - يىلىدىن 1040 - يىلىغىچە ئىلىكخان بولغان) مىلادىنىڭ 1036 - يىلى غەزنەۋىلەرنىڭ سۇلتانى مەھمۇدنىڭ قېرىندىشى ناسىرنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى. ئۇنىڭ غەزنەۋىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ ئىلىكخانلىق ئورنىدا ئارامخۇدا ئولتۇرالمىدى. غەربىي ئىلىكخان ناسىرنىڭ (مىلادىنىڭ 992 -

يىلدىن 1012 ـ يىلغىچە ئىلىكخان بولغان) ئوغۇللىرى مۇھەممەد ئىبنى ناسىر، ئىبراھىم بۆرە تېكىنلەر، ماۋەرائۇننەھرىدە يۇسۇپ ئىبنى ئەلىگە قارشى ھەرىكەت قىلدى. مىلادىنىڭ 1037 ـ يىلى مۇھەممەد ئىبنى ناسىر ئۆزكەنتنى بېسىۋالدى. مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى ئىبراھىم بۆرە تېكىن بۇخارانى بېسىۋالدى. يۇسۇپ ئىبنى ئەلى پاناھ ئىزدەپ سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قېشىغا قېچىپ كەتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ناسىر (مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلىدىن 1052 ـ يىلىغىچە خان بولغان) باشتا ئۆزىنى ئىلىكخان دەپ ئاتىدى. مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇستەقىللىق جاكارلاپ، ئۆزىنى «تاۋغاچ بوغراخان» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ قاراخانىيلار دۆلىتى شەرقىي قاراخانىيلار ۋە غەربىي قاراخانىيلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. سۇلايمان ئارسلانخان شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خانى بولۇپ قالدى.

سۇلايمان ئارسلانخان غەربىي ئىلىكخانلىرى مۇھەممەد بىلەن ئىبراھىم بۆرە تېكىننىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى چەكلەشكە ئىمكانىيەت تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل شۇ چاغدا مىلادىنىڭ 1041 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ شەرقىي شىمالدىكى تېررىتورىيىسى ئىچىگە كىرىدىغان ئېرتىش ۋە بالقاش بويلىرىدا ياشايدىغان ياباقۇلار، باسمىللار، چۆمۈللەر، يەمەكلەر ئىسيان كۆتۈردى.

ئىشەنچلىك تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ياباقۇلارنىڭ خانى بوكى بوزراچ نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ (باسمىللار، چۆمۈللەر، يەمەكلەر بىلەن بىرلىشىپ) قارخانىلارنىڭ مەركىزى قەشقەرگە بويسۇنۇشتىن باش تارتقان. سۇلايمان ئارسلانخان بىكەچ ئارسلان تېكىن قوماندانلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى بوكى بوزراچ باشچىلىقىدىكى 700 مىڭ كىشىلىك ئىسيانچىلارغا (ئېھتىمال 70 مىڭ كىشى بولۇشى كېرەك) قارشى ماڭدۇرغان. ئارسلان تېكىن بوكى بوزراچنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن. ياباقۇلار سۇلايمان ئارسلانغا سادىق بولۇشقا ۋەدە بەرگەن، ئىككى ئوتتۇرىدا بىتىمنامە تۈزۈلگەن. كېيىن بىتىمنامىنى بۇزغان باسمىللار، چۆمۈللەر قايتىدىن ئىتائەتكە كەلتۈرۈلگەن. ئارسلان تېكىننىڭ مىلادىنىڭ 1041 ـ يىللىرى ياباقۇلار ئۈستىدىن قازانغان بۇ غەلىبىسىدىن كېيىن، بالقاش كۆلى بىلەن ئارال كۆلىنىڭ ئەتراپلىرى بىر مەزگىل قارخانىلارغا قارىغان.

مانا شۇ ۋەقە توغرىسىدا مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ بىرقانچە جايلىرىدا بىزگە ئىشەنچلىك ۋە قىممەتلىك بولغان مەلۇمات قالدۇرغان:

مەسىلەن:

«بوزراچ (بوكى بوزراچنى دېمەكچى) يەنە قوٗتردى،
ئوٗ باتوٗرلىرنى تاللدى،
قوشوٗنلىرنى يەنە قايردى،
كەلمەك بولوٗپ توپلىنىۋاتىدوٗ.»[1]

بوكى بوزراچ ئارسلان تېكىن بىلەن بولغان ئوٗروٗشتا باشتا مەغلوٗپ بولغان، كېيىن ئوٗ يەنە كوٗچ توپلاپ كېلىپ ئوروٗشقان.

«تاڭ ئاتقاندا ماڭايلى،
بوزراچ قېنىنى ئىستەيلى،
باسمىل بېگىنى ئۆرتەيلى،
ئەمدى يىگىتلەر توپلانسوٗن.»[2]

يوٗقىرىدىكى بىر كوٗپلېت قوشاقتا قارىغاندا، ياباقوٗلار، ئارسلان تېكىن تەرەپتىن ئۆلتوٗروٗلگەن خانى بوكى بوزراچنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا ئوٗروٗنغان، باشتا ياباقوٗلارنىڭ تەرىپىنى ئالغان باسمىللار ئوٗروٗشتا ئارسلان تېكىنگە بويسوٗنوٗپ، ئىتتىپاقچىسى بولغان ياباقوٗلاردىن ئايرىلىپ كەتكەندى. شوٗنىڭ ئوٗچوٗن، ياباقوٗلار باسمىللاردىن ئۆچ ئالماقچى بولوٗپ، ئوٗنىڭ بېگىنى ئوتتا كۆيدوٗروٗشكە بەل باغلىغان.

«ئېرتىش بويىدىكى يەمەكلەر،
بىلەكلىرىنى توٗرمەكتە،
يوٗرەكلىرىنى قىلىشىپ قاپتەك،
بىزگە قارشى كەلمەكتە.

«يەمەكلەر قىپچاقلارنىڭ بىر ئايمىقى. شېئىردا موٗنداق دېيىلگەن: ئوٗلار بىلەكلىرىنى چىڭ توٗروٗپ، قاتتىق غەزەپ بىلەن بىزنىڭ ئوٗستىمىزگە بېسىپ

(1) مەھموٗد كاشغەرى: «توٗركىي تىللار دىۋانى» I توم 196 - بەت.
(2) «توٗركىي تىللار دىۋانى » III توم 486 - بەت.

كېلىشكە توپلانماقتا.»[1]

بىز باشتا ئېيتقاندەك، ئېرتىش بويىدا ياشايدىغان يەمەكلەر، ياباقۇلار بىلەن بىرلىشىپ، قاراخانىيلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەننىدى:

«يۇتۇمنامە تۈزۈشىدۇ،
يەنە قەسەم بېرىشىدۇ،
خاندىن ياردەم تىلىشىدۇ،
ئەمدى باسمىل، چۆمۈللەر
بىزلەر بىلەن تىركىشىدۇ.

ياباقۇ جېڭىدە قاغانقا قارشى چىقماسلىقا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا قەسەم ئىچىلىپ يۇتۇمنامە تۈزۈلدى. خەلق قاغاندىن ياردەم سورىدى. باسمىل بىلەن چۆمۈللەر بىزگە قارشى توپلىنىۋىدى. قاغان يېتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، ئۆزلىرىنى ئەسىر قىلدى.»[2]

مەھمۇد كاشغەرى خاتىرىلىگەن بۇ مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ياباقۇلار ئارسلان تېكىن تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى باسمىللار بىلەن چۆمۈللەر قاراخانىيلار قاغانى سۇلايمان ئارسلانخانغا سادىق بولۇشقا قەسەم ئىچىشىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا بىتىمنامە تۈزۈلگەن. كېيىن باسمىللار بىلەن چۆمۈللەر ۋاپاسىزلىق قىلغاندا، قاغان سۇلايمان ئارسلانخان ئۆزى قوشۇن بىلەن كېلىپ ئۇلارنى تارمار قىلىپ باشقىدىن بويسۇندۇرغان:

«قىزىل بايراق كۆتۈرۈلدى،
قارا چاڭ ـ توزان ئۆرلىدى،
ئوغراقلار بىزگە كېلىپ قوشۇلدى،
ئۇرۇش بىلەن بولۇپ قېلىپ كېچىكتۇق.»

«مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن قىزىل بايراق كۆتۈرۈلدى، قارا چاڭ ـ توزان ئۆرلىدى

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم 426 ـ بەت.
(2) «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم 599 ـ 600 ـ بەتلەر.

؛ ئوغراقنىڭ ئاتلىقلىرى بىزگە كېلىپ قوشۇلدى. بىز بىرلىكتە ئۇرۇشتۇق، شۇ سەۋەبتىن كىچىكتۇق.»[1]

بىز يۇقىرىدىكى بىر كۇپلىت قوشاقتىن ئىككى مەسىلىنى ئېنىقلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىمىز. ئۇنىڭ بىرى، بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت بايرىقى ئوتتۇرىغا توقۇز شاخلىق ئالتۇن رەڭ ئارچا چۈشۈرۈلگەن توق قىزىل شايى بايراق ئىدى. قوشاقتىكى «مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن قىزىل بايراق كۆتۈرۈلدى» دېگەن قۇر، قاراخانىيلارنىڭ مۇسۇلمان دىنىغا ئىشىنىدىغان قوشۇنلىرى كۆتۈرگەن قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت بايرىقىنى كۆرسىتىدۇ. ياباقۇ، باسمىل قاتارلىق شامان دىنىغا ئىشىنىدىغان ئاھالە بىلەن بولغان بۇ ئۇرۇش مىلادىنىڭ 1041 ـ يىلى بولۇپ ئۆتكەنىدى. بۇ قوشاقتىن يەنە مىلادىنىڭ 1041 ـ يىلى بولغان بۇ ئۇرۇشتا، ئوغراقلارنىڭ قاراخانىيلارغا ياردەم بەرگەنلىكى مەلۇم.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن كەلتۈرۈلگەن يۇقىرىدىكى نەقىللەر قاراخانىيلارنىڭ ئۆز تارىخىدا بۇددىست ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت قانلىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپلا قالماي، بەلكى شامان دىنىدىكى (ياباقۇ باسمىل، چۈمۈل، يەمەكلەر شامان دىنىدا ئىدى) خەلقلەرنىمۇ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

دېمەك، سۇلايمان ئارسلانخان مىلادىنىڭ 1041 ـ يىللىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ياباقۇلار باشچىلىقىدىكى ئىسيانىنى باستۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، غەربىي ئىلىكخانلارنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى ئۈنۈملۈك ھالدا چەكلەشكە ئامال قىلالمىدى.

مۇھەممەد بىلەن ئىبراھىم بۆرە تېكىن ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۇڭۇشلۇق بولغان ئەنە شۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەقىللىق يولىغا ماڭدى. ئۇلار مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلىدىن باشلاپ غەربىي قاراخانىيلار سەمەرقەندنى پايتەخت قىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ قاراخانىيلار شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلارغا رەسمىي بۆلۈنۈپ كەتتى.

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» III توم 254 ـ بەت.

# ئون ئۈچىنچى باب: ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسى

## دەندانقان ئۇرۇشى

(1040 ـ يىلى 23 ـ ماي)

سەلجۇقبەگنىڭ نەۋرىلىرى چاغرىبەگ بىلەن توغرۇلبەگلەر مىلادىنىڭ 1029 ـ يىلى ئوغۇزلارنى باشلاپ قەشقەردىن ماۋرائۇننەھرگە قاراپ قاچقاندىن كېيىن، غەزنەۋىلەرگە ناھايىتى ئېغىر خەۋپ سېلىشقا باشلىدى.

ئوغۇزلار ماۋرائۇننەھردە 985 ـ يىلىدىن 1035 ـ يىلىغىچە توپتوغرا يېرىم ئەسىر تۇردى. ئوغۇزلار مىلادىنىڭ 1030 ـ يىلىدىن باشلاپ ماۋرائۇننەھردىن خوراسانغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار مىلادىنىڭ 1035 ـ يىلىغا كەلگەندە، ماۋرائۇننەھردىن تامامەن كېتىپ، خوراسانغا جايلىشىۋالدى.

ئوغۇزلار مىلادىنىڭ 1030 ـ يىلى خوراسانغا ھۇجۇم قىلغاندا، خوراسان ۋالىيسى ئارسلان جازىپ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىدىن يارەدەم سورىدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى خوراساننىڭ باش شەھىرى توسقا كېلىپ ئوغۇزلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئوغۇزلار خوراساننىڭ شىمالىغا قاراپ چېكىنىپ، خوراساننىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا ماكانلاشتى. ئەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىۋاتقاندا، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى تېھران، ھەمىدان، قەزۋىن قاتارلىق شەھەرلەرگە بېسىپ كىرىپ، ئوغۇزلارنى شۇ شەھەرلەردىن قوغلاپ چىقاردى.

لېكىن چاغرىبەگ بىلەن توغرۇلبەگلەر قۇدرەتلىك غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنى بويسۇندۇرۇپ دۇنيادا ناھايىتى كۈچلۈك، سەلتەنەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇشقا بەل باغلىدى.

مىلادىنىڭ 1030 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سۇلتان مەھمۇد ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغۇزلارنىڭ خوراسانغا بولغان ھۇجۇمى بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.

توغرۇلبەگنىڭ غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال خوراساننى بېسىۋېلىشى لازىم ئىدى.

خوراسان قەدىمكى زاماندا ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي قىسمى، ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمى، ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ جۇغراپىيىۋىلىك نامى بولۇپ، پارسچە «خور» (قۇياش ياكى شەرق تەرەپ) دېگەن سۆزدىن كېلىپ

چىققان. خوراسان ئىقتىسادى، سىياسىي، ھەربىي ئىستراتېگىيە قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1031 ـ يىلىدىن باشلاپ خوراسانغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم يۈرگۈزدى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسى مۇھەممەد بىلەن ئاكىسى مەسئۇد ئارىسىدا تەخت ئۈچۈن كۈرەش باشلاندى. غەزنەۋىلەر تەختىنىڭ ۋارىسى مۇھەممەد ئاكىسى مەسئۇدنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن ئەلى تېكىندىن ياردەم سورىدى. ئەلى تېكىن ياردەم قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە خوتتاليان (ھازىرقى تاجىكىستاندا) رايونىنى بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە قىلدى. لېكىن، مەسئۇد مۇھەممەدنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ تاشلىدى، مۇھەممەدنى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىنى غەزنە شەھىرىدىكى قورغانغا قاماپ، غەزنەۋىلەر تەختىگە ئۆزى چىقتى. مۇھەممەد بىلەن مەسئۇد ئارىسىدىكى كۈرەش توغرۇلبەگنىڭ خۇراساننى بېسىۋېلىشىغا يول ئاچتى. چاغرىبەگ مىلادىنىڭ 1035 ـ يىلى سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى (1030 ـ 1041) نىڭ كۆپ سانلىق قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى ۋە خوراساننىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلدى.

مىلادىنىڭ 1037 ـ يىلى، دۆلەت قۇشى سەلجۇقبەگنىڭ نەۋرىلىرى بېشىغا قونغان يىل بولدى. ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇياشى شۇ يىلى چىققانىدى. مىلادىنىڭ 1037 ـ يىلى، چاغرىبەگ خوراساننىڭ ئەڭ مەشھۇر، مەدەنىيەتلىك باي شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان مەرۋى شاھ جاھاننى بېسىۋالدى. شۇ چاغدا «مەلىكۇل مۇلك پادىشاھلار پادىشاھى» ئۇنۋانىنى ئالغا چاغرىبەگنىڭ نامى مەرۋى شاھ جاھاننىڭ مەسجىدلىرىدە خۇتبىدە ئوقۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا، يەنە ئامۇ دەرياسىنىڭ سەل جەنۇبىغا جايلاشقان بەلخ ئوغۇزلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

مىلادىنىڭ 1038 ـ يىلى نىشاپور بېسىۋېلىندى. توغرۇلبەگ «سۇلتان» ئۇنۋانىنى ئالدى. ئۇنىڭ نامى خۇتبىدە ئوقۇلدى. توغرۇلبەگنىڭ سۇلتان ئۇنۋانىنى ئېلىشى دۇنياۋى دۆلەت بولغان غەزنەۋىلەرنىڭ ھالاكىتىدىن دېرەك بېرەتتى.

غەزنەۋىلەر ئۈچۈن دەھشەتلىك خەۋپ تۇغۇلغانلىقىدىن چۆچۈگەن سۇلتان مەسئۇد ھىندىستانغا قىلىدىغان يۈرۈشلىرىنى توختاتتى. ئۇ، غەزنەۋىلەرنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن سانلىق قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ، غەربكە خوراسانغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ دەسلەپ بەلخنى ئوغۇزلاردىن تارتىۋالدى. سۇلتان مەسئۇد مىلادىنىڭ 1039 ـ يىلى ئالىي ئابات ئۇرۇشىدا چاغرىبەگنى چېكىندۇردى. سان جەھەتتىن ناھايىتى نۇرغۇن بولغان غەزنەۋى قوشۇنلىرىنى كۆرگەن چاغرىبەگ ئوغۇزلارنىڭ

مەغلۇپ بولۇشتىن ساقلاش قىلىش ئۈچۈن چېكىنگەنىدى.

مىلادىنىڭ 1039 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سۇلتان مەسئۇد ئوغۇزلار ئۈستىگە يەنە بىر قېتىم يۈرۈش قىلدى. چاغرىبەگ باشقا ئوغۇز بەگلىرىدىن ياردەم سورىدى. نىشاپۇردىن توغرۇلبەگ، مەرۋى شاھ جاھاندىن مۇسا يابغۇلار ياردەمگە كەلدى. ئوغۇزلارنىڭ كۈچلىرى سىراكىستا بىرلەشتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، غەزنەۋىلەر مەغلۇپ بولسىمۇ، ئوغۇز بەگلىرى سۈلھ تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەسئۇد تەلەپنى قوبۇل قىلدى. ئۇ غەزنىگە قايتىشقا قارار قىلدى. سۇلتان مەسئۇد غەزنىگە كېتىۋاتقاندا، ئوغۇزلار ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ، غەزنەۋىلەرگە زەربە بەردى. سۈلھكە ئىشەنگەن سۇلتان مەسئۇد ئالدانغانىدى. ئۇ ئوغۇزلارنى بىر تەرەپ قىلماي تۇرۇپ غەزنىگە قايتماسلىق، ھىندىستانغىمۇ يۈرۈش قىلماسلىق قارارىغا كەلدى.

سۇلتان مەسئۇد ئارقىسىغا يېنىپ خوراسانغا يۈرۈش قىلدى. ئۇ نىشاپورغا ئىسىپ كىردى، توغرۇلبەگنى قوغلىدى. توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى سىراكىسقا كەلدى. ئۇ، سۇلتان مەسئۇدنىڭ ناھايىتى چوڭ كۈچلۈك قوشۇننى باشلاپ نىشاپۇردىن سىراكىسقا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. توغرۇلبەگ، سۇلتان مەسئۇد كېلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن سىراكىس شەھىرىنى تاشلاپ چىقتى. سۇلتان مەسئۇد 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدە مەرۋى شاھ جاھانغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، مەرۋى شاھ جاھاننى ئوغۇزلاردىن تارتىۋېلىپ، پۈتۈن خوراساندىن سەلجۇق نەۋرىلىرىنى قوغلاپ چىقارماقچى ئىدى.

ئەھۋال شۇنداق جىددىي، خەتەرلىك باسقۇچقا يەتكەندە، ئوغۇز بەگلىرى مەرۋى شاھ جاھاندا ھەربىي كېڭەش (قۇرۇلتاي) چاقىردى. ھەربىي كېڭەشتە، ئوغۇز بەگلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى نۇتۇق سۆزلەپ، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنغا ئىگە غەزنەۋىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئوغۇزلارنىڭ كېلەچىكىگە خەۋپ يەتكۈزگەندىن كۆرە، خوراساننى تاشلاپ چىقىپ، جاپالىق، ئۇزۇن بىر يۈرۈش ئارقىلىق شىمالىي ئىراندىن ئەزەربەيجانغا ۋە كىچىك ئاسىياغا كېتىش ۋە شەرقىي روماغا قارشى ئۇرۇش قىلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندا، غەزنەۋىلەر ئىراقتىكى ئوغۇزلارغا خەۋپ يەتكۈزەلمەيدۇ، دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى[1]. چاغرىبەگ بۇنداق تەشەببۇسقا كەسكىن ھالدا قارشى چىقتى. ئۇ

(1) يىلماز ئۆزتۇنا «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى» I توم تۈركچە 382 ـ بەت.

ئەمدىلا قۇرۇلغان سەلجۇقلار دۆلىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، غەزنەۋىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش كېرەكلىكىنى، غەزنەۋىلەرنى بىرلا زەربىدە تارمار قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە ئوغۇزلارنىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمرانلىققا ئىگە بولۇشى مۇقەررەرلىكىنى قەتئىي ئىشەنچ بىلەن بايان قىلدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ئوغۇز بەگلىرى چاغرىبەگنىڭ تەشۋىببۇسىنى قوللاپ غەزنەۋىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش قارارىنى ماقۇللىدى[1]. قۇرۇلتاي يەنە توغرۇلبەگنى ئوغۇز قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانلىقىغا كۆرسەتكەندە،بۇ تەشەببۇسمۇ بىر ئېغىزدىن ماقۇللاندى.

توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1040 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدە مەرۋىدىن چىقىپ، 16 مىڭ ئاتلىقتىن تەركىب تاپقان ئوغۇز قوشۇنلىرىنى مەرۋى شاھ جاھاندىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دەندانقان مەيدانىغا ئەكەلدى. دەندانقان مەرۋى شاھ جاھان بىلەن سىراكس ئارىسىدا بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا ناھايىتى ئەپلىك جاي ئىدى. ئوغۇزلارنىڭ ئىزىنى قوغلىشىپ كېلىۋاتقان سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىمۇ 50 مىڭ (ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ) كىشىلىك قوشۇن ۋە 300 جەڭ پىلدىن تەركىب تاپقان ناھايىتى چوڭ كۈچ بىلەن دەندانقان مەيدانىغا يېتىپ كەلدى.

سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بەش قولدەك بىلىدىغان توغرۇلبەگ ئۇنى تارمار قىلىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمان قىلمايتتى. چۈنكى مەسئۇد ناھايىتى كەسكىن، قەتئىي، باتۇر سۇلتان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەركىبىدە، بۇددىست ھىندىلار، كۇردلار، ئەرەبلەر، تاجىكلار، تۈركلەر (ئوغۇزلار ۋە قارلۇقلار) بار ئىدى. بۇنداق خىلمۇ خىل دىنغا ئىشىنىدىغان ۋە مىللىي تەركىبى خىلمۇ خىل بولغان قوشۇننىڭ جەڭدە بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، غەيرەت كۆرسىتىشى ناتايىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، غەزنەۋى قوشۇنلىرى پۈتۈن ئۈمىدىنى جەڭ پىللىرىغا باغلىغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى قۇدرەتلىك قوشۇن مەرۋى شاھ جاھان بىلەن سىراكس ئارىسىدىكى دەندانقان مەيدانىدا بىر ـ بىرىگە قارشى سەپ تارتىشتى. مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدە، ئوتتۇرا ئەسىر دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر قانلىق ئۇرۇشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان دەندانقان ئۇرۇشى باشلاندى. ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا، غەزنەۋىلەر پىللىرىنى ئالدىغا سېلىپ ھۇجۇم

(1) يىلماز ئۆزتۇنا «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى» I توم تۈركچە 382 ـ بەت.

قىلدى. توغرۇلبەگ قوماندانلىقىدىكى ئوغۇزلار پىللارغا قارىتىپ ئوقيادىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئوغۇز ئوقلىرىدىن كۆزلىرى كور بولغان، بەدەنلىرى قانغا بويالغان جەڭ پىللىرى ئارقىغا يېنىپ قېچىشقا باشلىدى. پىللارنىڭ ھۇجۇمى قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، توغرۇلبەگ قوماندانلىقىدىكى ئوغۇز ئاتلىقلىرى سۇلتان مەسئۇد قوماندانلىقىدىكى غەزنەۋى قوشۇنلىرىغا ناھايىتى قاتتىق شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇش راسا قىزىغاندا، ئوغۇزلار ئۇشتۇمتۇتلا چېكىندى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىغان غەزنەۋى قوشۇنلىرى چۆلدە خېلى ئۇزۇن يۈرۈپ ئۇسسۇزلۇق دەردىگە دۇچ كېلىپ ھالىدىن كېتىشكە باشلىغاندا، ئوغۇزلار ئارقىسىغا يېنىپلا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن غەزنەۋى قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى. توغرۇلبەگنىڭ تاكتىكىسى بويىچە ئوغۇزلار يالغاندىن چېكىنىپ، غەزنەۋى قوشۇنلىرىنى ئۇسسىتىپ، ھاردۇرۇپ تۇزاققا چۈشۈرگەندى. ئۇرۇش ئەھۋالىدا ئەنە شۇنداق ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە، سۇلتان مەسئۇدنىڭ بىر قىسىم قوماندانلىرى ئوغۇزلارنىڭ دەھشەتلىك زەربىسىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى ساداقەتسىزلىكىدىنمۇ توغرۇلبەگكە تەسلىم بولدى. بىر قىسىم قوماندانلىرى ئاينىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ سۇلتان مەسئۇد قىلچە ھودۇقمىدى. ئۇ، قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئۇرۇش مەيدانىغا ئات سالدى. لېكىن ئۇنىڭ قورقۇمسىزلىقى، قەھرىمانلىقى رول ئوينىمىدى. سۇلتان مەسئۇدنىڭ تەسلىم بولمىغان قوشۇنلىرى تەرەپ - تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. سۇلتان مەسئۇد ئۇرۇش مەيدانىدىن چېقىپ ناھايىتى تەستە قېچىپ قۇتۇلدى.

دەندانقان ئۇرۇشىدا ناھايىتى نۇرغۇن قان تۆكۈلگەن بولسىمۇ، ئوغۇزلار ناھايىتى چوڭ دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە شانلىق غەلىبىگە ئېرىشتى. دەندانقان ئۇرۇشى ئاياغلاشقان ھامان، كەچتە، توغرۇلبەگ ئۇرۇش مەيدانىغا كەلتۈرۈلگەن ئالتۇن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. ئوغۇز بەگلىرى تۇغرۇلبەگنى تەبرىكلىدى.

دەندانقان ئۇرۇشىدا سۇلتان مەسئۇدنىڭ قەھرىمانلىق شان - شۆھرىتى يەر بىلەن يەكسان بولدى. دەندانقان ئۇرۇشىدا، دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلىتى ھېسابلانغان، ھىندىستان قۇرۇقلۇقىنى بويسۇندۇرغان غەزنەۋىلەر دۆلىتىنىڭ شان - شۆھرىتى ۋە قۇدرىتى تۈگىدى. غەزنەۋىلەر ئىراندىن مەھرۇم قالدى. ھىندىستان بىلەن ئافغانىستاننى ئارانلا ساقلاپ قالالىدى.

ئەڭ مۇھىم ۋەقە شۇ بولدىكى، دەندانقان ئۇرۇشىدىن كېيىن، غەزنەۋىلەرنىڭ خوراساندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھېچقانداق تەسىرى قالمىدى.

دەندانقان ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئافغانىستاندا پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا كۆزى يەتمەي، ھىندىستانغا چېكىنىشكە بەل باغلىدى. ئۇ يېڭىدىن قوشۇن توپلاپ ئاندىن ئوغۇزلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. سۇلتان مەسئۇد مانا شۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش قاتارلىق دۇنيا دەپىنىلەرنى ئېلىپ، غەزنىدىن چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇ ھىندىستاندىكى سىند ۋادىسىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى. ئۇلار سۇلتاننىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا دۇنيا ـ دەپىنىلىرىنى بۇلىدى. سۇلتان مەسئۇدنى تۇتۇپ باغلىدى. مەسئۇدنىڭ سۇلتانلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئاخىر، ئۇنىڭ ئوغلى غەزنەۋىلەر تەختىگە چىقتى. قاماقتا ئېلىنغان سۇلتان مەسئۇد 1041 ـ يىلى (دەندانقان ئۇرۇشىدىن يەتتە ئاي كېيىن) ئۆلتۈرۈلدى.

دەندانقان ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئافغانىستاندىكى گورىلار (ئافغانلار) ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىل بولۇۋالدى ۋە بارا ـ بارا كۈچىيىپ، غەزنەۋىلەرنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خەۋپ سېلىشقا باشلىدى.

دەندانقان ئۇرۇشىدا ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان غەزنەۋىلەر سەلجۇقلار ۋە گورىلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن بەرگەن قاقشاتقۇچ زەربىلىرى نەتىجىسىدە ئاجىزلاشقا باشلىدى. خوراسان بىلەن ئافغانىستاننى قولدىن بېرىپ قويغان غەزنەۋىلەر ئاخىر بېرىپ، مىلادىنىڭ 1187 ـ يىلى گورىلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

قۇدرەتلىك غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى 224 ـ يىل ھۆكۈم سۈردى.

## سۇلتان توغرۇلبەگ

(1063 - 1040)

توغرۇلبەگ توغرىسىدا،روما تارىخچىسى گىببون «روما ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇش تارىخى» دا مۇنداق دەپ يازغانىدى:

«توغرۇلبەگنىڭ قارا نىيىتى بىلەن ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى باب ـ باراۋەر كېلىدۇ... ئۇ ئەزەربەيجان بىلەن مىدىيەنى بويسۇندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، روما چېگرىسىغا يېقىنلاپ كەلدى. بۇ چوپان ئەلچى ئەۋەتىپ كونستانتىنپولنىڭ ئىمپېراتورىدىن (شەرقىي روما ئىمپېراتورى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـ ئا) سېلىق تۆلەشنى

ۋە ئۇنىڭ (توغرۇلبەگنىڭ ئا) بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلغان.»[1]

ئوغۇزلار دەندانقان ئۇرۇشىدا سۇلتان مەسئۇدنى تارمار قىلىپ، دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان شانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، دۇنيادا، تەخمىنەن 120 يىل (مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلىدىن 1157 ـ يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنى تەشكىل قىلدى. توغرۇلبەگ بىلەن چاغرىبەگلەر بۇ يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتكە چوڭ دادىسى سەلجۇقبەگنىڭ نامىنى قوللىنىپ، «سەلجۇقىلار دۆلىتى» دەپ نام قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئوغۇزلار سەلجۇقىلار دەپ ئاتىلىپ، ئۇلار قۇرغان دۆلەت «سەلجۇقىلار دۆلىتى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

ئوغۇز بەگلىرى يېڭى قۇرۇلغان ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىگە توغرۇلبەگنى سۇلتان قىلدى.

شۇ زاماندىكى تارىخچىلارنىڭ باھا بېرىشىچە، توغرۇلبەگنىڭ ئاكىسى چاغرىبەگ ئاجايىپ ئادىل ۋە توغرا، ئادەتتىن تاشقىرى جەسۇر ۋە قەھرىمان، يۇرەكلىك، غەيرەتلىك، ناھايىتى سەمىمي بىر ئىنسان بولسىمۇ، سۇلتان توغرۇلبەگ سىياسىي ـ دىپلوماتىيىگە ئۇستا، ئۇرۇش تەجرىبىسىگە باي ۋە ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيە ـ تاكتىكىسىنى ئۇستىلىق بىلەن قوللىنىشتا ناھايىتى ئەپچىل ۋە چاققان بىر قەھرىمان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى قابىلىيىتى ئاكىسى چاغرىبەگدىن ئۇستۇن بولغاچقا، ئوغۇزلار ئۇنى ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىگە چىقارغانىدى.

سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى باشتا نىشاپۇر بولدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا پايتەخت تېھرانغا كۆچۈرۈلدى.

توغرۇلبەگ سۇلتان بولغاندا 45 ياشتا (ئۇ مىلادىنىڭ 995 ـ يىلى تۇغۇلغان) ئىدى. ئۇ 23 يىل سۇلتانلىق قىلدى. توغرۇلبەگ سۇلتان بولغان چاغدىكى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر تۆۋەندىكىچە بولغان:

سۇلتان توغرۇلبەگ يېڭى قۇرۇلغان سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن جىددىي تەدبىرلەرنى قوللاندى. بۇنداق تەدبىرلەرنىڭ بىرى ئىمپېرىيە تېررىتورىيىسىنىڭ ھەربىر رايونلىرىغا باش ۋالىيلار تەيىنلەش بولسا، يەنە بىرى شەرقتە غەزنەۋىلەرگە

(1) بىش. سىكىس: «ئافغانىستان تارىخى» خەنزۇچە 336 ـ بەت.

داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن بەزى مۇھىم شەھەرلەرنى تارتىۋېلىش. غەربتە بولسا، ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكىنى بويسۇندۇرۇپ، شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىگە يۈرۈش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

مىلادىنىڭ 1041 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، چاغرىبەگ بەلخنى ئالدى. شىمالىي ئافغانىستان سەلجۇقىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. سەلجۇقىلار بىلەن غەزنەۋىلەرنىڭ چېگرىسىنى ھىندىرور دەرياسى، ۋابا تېغى ۋە ھىندۇقۇش تاغلىرى ئايرىپ تۇراتتى. چاغرىبەگنىڭ ئوغلى ئالىپ ئارسلان بەلخقە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ سەلجۇقىلارنىڭ شەرقتىكى ۋىلايەتلىرىنى غەزنەۋىلەردىن مۇداپىئە قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1045 ـ يىلى ئىشغال قىلىنغان خارەزمگە ئانوش تېكىننى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. مىلادىنىڭ 1047 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرى خوراسانغا بېسىپ كىردى. ئالىب ئارسلان قاراخانىي قوشۇنلىرىنى چېكىندۇردى. تۈزۈلگەن توختامنامىگە بىنائەن، قاراخانىيلار سەلجۇقىلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئالىب ئارسلاننىڭ قېرىندىشى قارا ئارسلان كاۋورتبەگ ئىراننىڭ جەنۇبىدا ناھايىتى مۇھىم ئىشغالىيەت ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇ بەلۇجىستان (ھازىرقى غەربىي پاكىستان) غىچە ئىشغال قىلدى. سەلجۇقىلار ئومان دېڭىزى بىلەن بەسرى قولتۇقىغىچە چىقتى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، قىزىل دېڭىز، قارادېڭىز، ئوتتۇرا دېڭىزلارغىمۇ چىقتى.

چاغرىبەگنىڭ يەنە بىر ئوغلى ياقۇتبەگ، مىلادىنىڭ 1054 ـ يىلى سىيىستان (كىرمان بىلەن خوراسان ئارىسىدىكى) مىكرانى (كىرمان بىلەن بەلۇجىستان ئارىسىدا) قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. خۇددى شۇ چاغلاردا، سۇلتان مەۋدۇد (1041 ـ 1049) بىرنەچچە قېتىم بەلخقە ھۇجۇم قىلدى. ئالىپ ئارسلان سۇلتان مەۋدۇدنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى ۋە قوماندانلىرىنى ئەسىر ئالدى. تۈزۈلگەن توختامنامە بويىچە، ھىندۇقۇش تاغلىرى چېگرا قىلىپ بەلگىلەندى.

مىلادىنىڭ 1055 ـ يىلى سۇلتان توغرۇلبەگ ئەرەب ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغدادقا قاراپ ماڭدى. باغداد ئابباسىلار خەلىپىسىنىڭ پايتەختى بولسىمۇ، ئۇ يەردە پارسلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇۋەيھىلەر سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 932 ـ يىلىدىن 1055 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھۆكۈم سۈرەتتى.

بۇۋەيھىلەر سۇلالىسىنى شىئە مەزھىبىدىكى ئەلى ئىبنى بۇۋەيھى قۇرغانىدى.

مىلادىنىڭ 932 ـ يىلى قۇرۇلغان بۇ سۇلالىنىڭ تېررىتورىيىسىگە غەربىي ئىران ۋە ئىراق كىرەتتى. ئەلى ئىبنى بۇۋەيگە ئابباسىلار خەلىپىسى قاھىر (932 ـ 934) «ئەمىرۇلئۇمەرا» (خانلارنىڭ خانى) ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئۇنىڭ ئۇكىسى ئەھمەد ئىبنى بۇۋەي مىلادىنىڭ 945 ـ يىلى باغدادقا بېسىپ كىرىپ، خەلىپە مۇستەكفى (946 ـ I944) نى ئۆلتۈرگەنىدى.

بۇۋەيلەر سۇلالىسى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ قانىتى ئاستىدىكى پارس خانلىقى بولۇپ، ئۇ مىسىردىكى پاتىمە خەلىپىلىكىنىڭ شىئە مەزھىپىنى ئىران، ئىراق قاتارلىق جايلارغا تارقىتىشقا ناھايىتى ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغانىدى.

پاتىمە خەلىپىلىكى (مىلادىنىڭ 909 ـ يىلىدىن 1171 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئىسلام دىنىدىكى شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ شىمالىي ئافرىقا (تونىستا) دا قۇرغان دۆلىتى ئىدى. پاتىمە خەلىپىلىكىنى قۇرغانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمەنىڭ (ئەلىنىڭ رەپىقىسى) ئەۋلادلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دۆلەتكە پاتىمە خەلىپىلىكى دەپ ئات قويۇلغان. پاتىمە خەلىپىلىكى مىلادىنىڭ 965 ـ يىللىرى كۆچىيىپ سۈرىيە، پەلەستىن قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيگەن. مىلادىنىڭ 973 ـ يىلى، پاتىمە خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى تونىستىن مىسىردىكى قاھىرەگە كۆچۈرۈلگەن. مىلادىنىڭ 1171 ـ يىلى پاتىمە خەلىپىلىكى سالاھىددىن ئەييۇبى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى.

مىلادىنىڭ 1055 ـ يىلى، ئابباسىلار خەلىپىسى قايىم توغرۇلبەگنىڭ باغدادقا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن قورقۇپ، باغدادتا خۇتبىدا توغرۇلبەگنىڭ نامىنى ئوقۇشنى ئەمر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خەلىپە قايىم دۇنياۋى ھاكىمىيەتتىن ۋاز كېچىپ، دىنى داھىي بولۇشقا مەجبۇر بولدى. توغرۇلبەگنى بولسا بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى دەپ تونىدى. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئون كۈندىن كېيىن، سۇلتان توغرۇلبەگ باغدادقا كىرىپ كەلدى. بۇۋەيلەر سۇلالىسى يوق قىلىندى. سۈننى مەزھىپىگە قارشى ھەرىكەتنىڭ باشلىقى (مىسىردىكى پاتىملەر سۇلالىسىنىڭ تەرەپدارى) ئارسلان بىساسىرى (كېلىپ چىقىشى ئوغۇز بولۇپ، خەلىپە قايىمنىڭ ھەربىي يولباشچىلىرىدىن بىرى ئىدى) قاماققا ئېلىندى.

خەلىپە قايىم، سۇلتان توغرۇلبەگنى تەنتەنە بىلەن قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇراسىمدا، سۇلتان توغرۇلبەگكە يەتتە قۇر شان ـ شەرەپ تونلىرى ۋە يەتتە نەپەر قۇل تەقدىم قىلدى. بۇ، خەلىپىلىكتىكى يەتتە رايوننىڭ بەلگىسى

ئىدى. مۇراسىم ئاياغلاشقان چاغدا، خەلىپە قايىم توغرۇلبەگنىڭ بەل كەمىرىگە ئەڭ ئېسىل بىر جۈپ خەنجەرنى ئېسىپ قويدى. بۇ ئىككى خەنجەر سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ شەرق ۋە غەربنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، دىنىي ھاكىمىيەت ئابباسىيلار خەلىپىسىگە، دۇنياۋى ھاكىمىيەت سۇلتان ئۇنۋانى بىلەن توغرۇلبەگكە ئۆتتى. توغرۇلبەگ باغدادنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى پايتەخت قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى غەربكە قارىتىلغانىدى.

توغرۇلبەگ باغدادقا كىرىپ، تۆت ئايدىن كېيىن خەلىپە قايىم توغرۇلبەگنىڭ قىزى خەلىچە ئارسلان خاتۇنغا ئۆيلەندى.

توغرۇلبەگ 1055 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا باغدادتىن چىقىپ، غەربكە يۈرۈش قىلدى. ئۇ مۇسۇل، دىياربەكرى ۋە باشقا رايونلارنى ئىشغال قىلدى.

توغرۇلبەگ باغدادتىن كەتكەندىن كېيىن، ئارسلان بىساسىرى قاماقتىن قاچتى. ئۇ، ئۆز ئەتراپلىرىغا شىئەلەردىن كۈچ توپلىدى ۋە باغدادقا بېسىپ كىردى. خەلىپە قايىم ئۆزىگە سادىق قوشۇنلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئارسلان بىساسىرىغا قارشى ئۇرۇشتى. خەلىپە يېڭىلدى. ئۇ باغداد يېنىدىكى بىر جايغا قامالدى. غالىب كەلگەن بىساسىرى خۇتبىدىن خەلىپە قايىم ۋە توغرۇلبەگنىڭ نامىنى چىقىرىپ تاشلىدى. شىئەلەرنىڭ تايانچى پاتىمىنىڭ نامى خۇتبىدا ئوقۇلىدىغان بولدى. ئارسلان بىساسىرى مىسىردىكى پاتىمى خەلىپىلىكىگە ساداقەت بىلدۈرۈپ، قاھىرەگە نامە يوللىدى.

سۇلتان توغرۇلبەگ باغدادتا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپتى. ئۇ باغدادتىكى ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن يولغا چىقتى. توغرۇلبەگنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئارسلان بىساسىرى باغدادتىن قاچتى.

توغرۇلبەگ باغدادقا كىرگەندىن كېيىن خەلىپە قايىم قاماقتىن ئازاد قىلىندى. سۈننىلەر تەنتەنە قىلدى. ئىسياندىن بۇرۇنقى تۈزۈم ـ قائىدىلەر ئۆز ھالىغا كەلدى. 2 ـ قېتىم باغدادقا كەلگەن توغرۇلبەگ خەلىپە قايىمنىڭ قىزى سىيىد خاتۇنغا ئۆيلەنمەكچى بولدى. بۇ ئىشتىن خەلىپە قايىم ناھايىتى قورقتى. خەلىپە ئەگەر سىيىد خاتۇن توغرۇلبەگكە ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئوغۇل تۇغۇلۇپ قالىدىغان بولسا، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ئابباسىيلارنىڭ قولىدىن سەلجۇقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

لېكىن توغرۇلبەگنىڭ خىيالى ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ئۇ، ھۆرمەت يۈزىسىدىنلا ئۇنىڭغا كۈيئوغۇل بولۇشنى ئىزدىگەنىدى. قانداق بولمىسۇن، بۇ نىكاھنىڭ مۇددىتى ئارقىغا سۈرۈلدى.

مىلادىنىڭ 1058 ـ 1059 ـ يىللىرى توغرۇلبەگ ئۈچۈن ناھايىتى خەتەرلىك يىللار بولدى. باغدادتا ئىسيان كۆتۈرگەن ئارسلان بىساسىرى توغرۇلبەگنىڭ ئانا بىر دادا باشقا ئۆگەي ئۇكىسى ئىبراھىم ئىنالنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغانىدى. خېلى بۇرۇنلا، مىكائىل بەگدىن (توغرۇلبەگنىڭ دادىسىدىن) تۇل قالغان توغرۇلبەگنىڭ ئانىسى يۈسۈپ ئىنالبەگ (مىكائىلنىڭ ئۇكىسى) كە ياتلىق بولغانىدى. ئىبراھىم ئىنال بولسا، ئەنە شۇ يۈسۈپ ئىنالدىن تۇغۇلغانىدى.

ئىبراھىم ئىنال مىلادىنىڭ 1058 ـ يىلى توغرۇلبەگكە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇ ئۇلۇغ سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىگە ئىمپېراتور بولۇشنى ئىزدەيتتى. ئۇ ھەممىداندىكى ناھايىتى كۈچلۈك قوشۇنغا قوماندان ئىدى. ئىبراھىم ئىنالنىڭ ئىسيانىنى ئۇنىڭ ئاكىسى ئەرتاش يابغۇ (مىلادىنىڭ 1013 ـ يىلىدىن 1040 ـ يىلىغىچە يابغۇ بولغان) نىڭ ئوغۇللىرى ئەھمەد بىلەن مەھمۇد قوللىدى. ناھايىتى ھوشيار، تەدبىرلىك دۆلەت ئەربابلىرى ئىچىدە ئەڭ قابىلىيەتلىك بولغان توغرۇلبەگ خوراساننىڭ باش ۋالىيسى ئالپ ئارسلانغا كىرماننىڭ باش ۋالىيسى قارا ئارسلان كاۋۇرتبەگنى شەرقىي ئانادولۇنىڭ باش ۋالىيسى ياقۇتبەگكە (بۇ ئۈچ بەگ چاغرىبەگنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى) ئەۋەتكەن بۇيرۇقىدا، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ دەرھال كېلىشىنى ئۇقتۇردى.

مىلادىنىڭ 1059 ـ يىلى تېھران يېنىدىكى ھىفتەد بىلەند دېگەن جايدا سۇلتان توغرۇلبەگ بىلەن ئىبراھىم ئىنان ئارىسىدا ناھايىتى قاتتىق بىر ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇشتا ئىبراھىم ئىنال ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئەسىر چۈشتى. ئەسىر چۈشكەن سەلجۇق بەگچەكلىرى ئوغۇزلارنىڭ قەدىمكى ئادىتى بويىچە ئۆز ئوقيالىرىنىڭ كىرىچلىرىدا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئىبراھىم ئىنالنىڭ ئىسيانى باستۇرۇلۇپ، ئىككى يىلدىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1060 ـ يىلى سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ ئاكىسى چاغرىبەگ سىراكتا 70 يېشىدا (990 ـ 1060) ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ مەرۋىگە دەپنە قىلىندى. چاغرىبەگنىڭ سەككىز ئوغلى، تۆت قىزى بار ئىدى. چاغرىبەگ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئالپ ئارسلان خوراسانغا، قارا ئارسلان كاۋۇرتبەگ كىرمانغا، ياقۇتبەگ ئەزەربەيجانغا باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلەندى. چاغرىبەگنىڭ قىزلىرىدىن بىرى

غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانىغا، يەنە بىرى ئانادولۇ سەلجۇقلىرىنىڭ ئاتىسى قۇتالمىشبەگكە (ئىسرائىل ئارسلان يابغۇنىڭ ئوغلى)، تۆتىنچىسى بوۋەيھى خانىغا ياتلىق قىلىندى.

سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ ۋاقتىدا پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى سۈننىلەرنىڭ تەسىرى ۋە ئابرۇيى كۈچەيدى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. سۇلتان توغرۇلبەگ سۇلتان مەھمۇدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىكى سۈننىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قوللىدى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە شەرت - شارائىت ھازىرلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ پۈتۈن سۈننى مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سەممىي ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىگە ئىگە بولدى.

سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ ۋاقتىدا، ئۇلۇغ سەلجۇقلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە بۈگۈنكى ئىران، ئىراق، ئەزەربەيجان ۋە ئەرمەنىستان، ئافغانىستان، تۈركمەنىستان، قارا قالپاقىستان، ئوست يۇرتى ۋە قىزىلقۇم چۆلى كىرگەن بولۇپ، يەر مەيدانى 3 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى. بۇ جايلاردىكى مەشھۇر شەھەرلەردە، ھۈنەر - سانائەت، سودا - سېتىق ئىشلىرى بەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دۇنياغا مەشھۇر ئىدى. بۇ جايلار ئىستراتېگىيە جەھەتتىمۇ ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئوتتۇرا شەرققە، ئوتتۇرا ئاسىياغا، ھىندىستانغا، غەربتە بولسا، ئوتتۇرا دېڭىز مەملىكەتلىرىگە تەھدىت سېلىپ تۇراتتى.

سۇلتان توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1063 - يىلى 68 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ تېھراندا دەپنە قىلىندى. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، سۇلتان توغرۇلبەگنىڭ ۋاپاتىدىن تۆت ئاي بۇرۇن خەلىپىنىڭ قىزى سەيد خاتۇنغا ئۆيلەنگەنلىكى مەلۇم. يەنە باشقا تارىخىي مەنبەلەردە، سۇلتان توغرۇلبەگ باغدادتىن تېھرانغا كېتىۋاتقاندا (تىوي مۇراسىمى تېھراندا ئۆتكۈزۈلىدىغان بوپتىكەن) يولدا ۋاپات بولغان، دېيىلىدۇ.

## سۇلتان ئالپ ئارسلان

(1072 - 1063)

سۇلتان توغرۇلبەگ ئالەمدىن ئۆتۈپ يەتتە ئايدىن كېيىن، سەلجۇقلارغا چاغرىبەگنىڭ ئوغلى ئالپ ئارسلان سۇلتان بولدى.

ئۇ مىلادىنىڭ 1064 - يىلى، ئىچكى جەھەتتىن خەتەرلىك بىر ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. ئالپ ئارسلان سۇلتان بولۇپ بىرنەچچە ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا،

ئۇنىڭ مەرھۇم تاغىسى ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ (مىلادىنىڭ 1025 ـ يىلى ھىندىستاندىكى كالانجىر قورغانىدا ئۆلگەن) نىڭ ئوغلى قۇتالمىشبەگ ئىسيان كۆتۈردى. قۇتالمىش بەگ شەرقىي ئانادولۇنىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا 70 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بار ئىدى. قۇتالمىش بەگنىڭ ئىسيانىغا ئەزەربايجان، ئەرمەنىستان ۋە ئىراقتىكى سەلجۇق بەگلىرى تەرەپدار ئىدى.

ناھايىتى نۇرغۇن كۈچ توپلىغان قۇتالمىش بەگ ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى تېھراننى بېسىۋېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئالىپ ئارسلان نىشاپۇردىن تېھرانغا قاراپ ماڭدى. ئالىپ ئارسلان قۇتالمىش بەگكە مەكتۇپ يوللاپ، ئىسياننىڭ دۆلەتكە ناھايىتى ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ئۇنى خەتەرلىك يولدىن قايتىشقا ئۈندىدى. قۇتالمىش ئالىپ ئارسلاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. تېھران يېنىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇشتا قۇتالمىش ئۆلدى. ئىسيان باستۇرۇلدى. قۇتالمىش بەگنىڭ ئوغۇللىرى سۇلايمان شاھ ۋە مەنسۇر بەگ بىلەن قۇتالمىشنىڭ ئۈكىسى رەسۇل تېكىنلەر ئەسىر چۈشتى. ئالىپ ئارسلان ئەسىرگە چۈشكەن سەلجۇق بەگلىرىگە ناھايىتى ئالىيجانابلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى قىلچە رەنجىتمەي، يۇقىرى مەنسەپلەرنى بەردى. نەتىجىدە، ئۇلار پۈتۈن ئانادولۇنى بېسىۋېلىشتا ياخشى خىزمەت كۆرسەتتى.

ئالىپ ئارسلان قۇتالمىشبەگنىڭ ئىسياننى باستۇرغاندىن كېيىن، ئانادولۇغا كەلدى. ئۇكىسى ياقۇتبەگ ئەرمەنىستان ۋان كۆلى بويىدىكى مۇھىم شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. ئالىپ ئارسلان گورجىستاننى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي كاۋكاز سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىندى. جەنۇبىي كاۋكازنىڭ سەلجۇقىلار قولىغا ئۆتۈپ كېتىشى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ قارا دېڭىزنىڭ شەرقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

ئالىپ ئارسلان ئانادولۇدىن قايتتى. ئۇ مىلادىنىڭ 1065 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، غەربىي قاراخانىيلار بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشقا ئاساس سالدى. كېيىن، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى شەمس ئەلمۇلۇك (1068 ـ 1080) ئالىپ ئارسلاننىڭ قىزى ئايشە خاتۇن بىلەن ئۆيلەندى. شەمس ئەلمۇلىكنىڭ ھەمشىرىسى توركان خاتۇن ئالىپ ئارسلاننىڭ ئوغلى سۇلتان مەلىك شاھ (1072 ـ 1092) غا ياتلىق بولدى.

ئالىپ ئارسلان مىلادىنىڭ 1067 ـ يىلى خارەزىمنى بىسىۋالدى. بۇ ئەھۋال غەربىي قاراخانىيلارنى دەككە ـ دۈككىگە سېلىپ قويدى. ئالىپ ئارسلان قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە (مىلادىنىڭ 1064 ـ يىلىدىن 1070 ـ يىلىغىچە) ئەرەب پاتىمە سۇلالىسىنىڭ قولىدىن مەككە بىلەن مەدىنەنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. سۇرىيە بويسۇندۇرۇلدى. ئالىپ ئارسلان مىلادىنىڭ ـ1071 يىلى مالازگىرد ئۇرۇشىدا، شەرقىي روما ئۈستىدىن غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى كېڭىيىپ ناھايىتى يىراقلارغا سوزۇلدى.

ئالىپ ئارسلان مىلادىنىڭ 1070 ـ يىلى ۋان كۆلى بويىدىكى ناھايىتى مۇستەھكەم بولغان مالازگىرد قورغىنىنى ئالدى. ئالىپ ئارسلاننىڭ پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىگە تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرىگەن شەرقىي روما ئىمپېراتورى رومان دىئوگىنىس ئۇلۇغ سەلجۇقىلارنى تارمار قىلىشقا بەل باغلىدى.

ئىمپېراتور رومان دىئوگىنىس (مىلادىنىڭ 1067 ـ يىلىدىن 1071 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) مىلادىنىڭ 1071 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدە، 200 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ناھايىتى قۇدرەتلىك قوشۇننى باشلاپ كونىستانتىنپولدىن شەرققە قاراپ يولغا چىقتى. روما قوشۇنلىرىنىڭ يۈك ـ تاقلىرى 3000 ھارۋا، بىرنەچچە ئون مىڭ تۆگە ۋە ئاتلارغا يۈكلەنگەنىدى. روما قوشۇنلىرىدا 1200 كىشى باشقۇرىدىغان ئاجايىپ قورال شەھەر سېپىللىرىغا چىقىشقا ئىشلىتىدىغان مەنجاناقمۇ بار ئىدى.

ئىمپېراتور رومان دىئوگىنىس سىۋاسقا (ھازىرقى كىچىك ئاسىيادا) كەلگەندە، ھەربىي كېڭەش چاقىردى. كېڭەشتە سەلجۇقىلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان روما قوماندانلىرىدىن نىكفور ۋە يۈزىف تراكانىئوست قاتارلىقلار ئىمپېراتور رومان دىئوگىنىسنى ئاگاھلاندۇرۇپ، سەلجۇقىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىشنى تەۋسىيە قىلدى. ئىمپېراتور ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى، يۈرۈشنى توختاتمىدى.

سەلجۇقىلار ئىمپېراتورى ئالىپ ئارسلان روما ئىمپېراتورى رومان دىئوگىنىسنىڭ شۇنداق قۇدرەتلىك چوڭ قوشۇننى باشلاپ ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا چىقتى. سۇلتان ئالىپ ئارسلان ناھايىتى جاپالىق ۋە خەتەرلىك يۈرۈشكە چىققان بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە،

ئىمپېراتور رومان دىئوگېنىسنىڭ ئالدىغا ساق تېگمەن باشچىلىقىدا ئەلچىلەر ئەۋەتتى. ئىمپېراتور رومان دىئوگېنىس ساق تېگمەن باشچىلىقىدىكى سەلجۇق ئەلچىلىرىنىڭ يارىشىش تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلدى ۋە ساق تېگمەنگە مۇنداق دېدى: «سەن بېرىپ سۇلتانىڭغا ئېيت! كېلەر يىلى سۇلھ (يارىشىش) مۇزاكىرىلىرىنى تېھراندا باشلايمەن. قوشۇنلىرىمنى ئىسفاھاندا قىشلىتىمەن. ئۇلاغ - ئۇلمەكلىرىمنى ھەمىداندا باقىمەن.»[1]

ئۆزىنى تەڭدىشى يوق ھەربىي سەركەدە دەپ ئاتىۋالغان روما ئىمپېراتورى رومان دىئوگېنىسنىڭ بەكمۇ غادايغان ھالدا قىلغان تەكەببۇرانە سۆزلىرىگە ساۋتېگمەن مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئاتلىرىڭىزنىڭ ھەمىداندا قىشلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، لېكىن سىزنىڭ قەيەردە قىشلايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن!»[2]

مىلادىنىڭ 1071 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدە، سەلجۇق قوشۇنلىرى بىلەن شەرقىي روما قوشۇنلىرى مالازگىرد مەيدانىدا بىر - بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا سەپ تارتىشقان، ئىككى قوشۇننىڭ ئارىلىقىدىكى مۇساپە يەتتە كىلومېتىر بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى ئېنىق كۆرۈشۈپ تۇرغان.

شۇ كۈنى (جۈمە كۈنى ئىكەن) نەچچە يۈزلىگەن خرىستىئان پوپلىرى كرېستىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئاۋازلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۆركىرىشىپ، روما قوشۇنلىرىنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب بولۇشىنى ئىيسادىن تىلەپ، ئىنجىلنىڭ مۇقەددەس ئايەتلىرىنى ئوقۇشقان. ئىمپېراتور رومان دىئوگېنىسنىڭ قوشۇنلىرى فرانسۇزلار، نورماندىلار، سلاۋيانلار، گىروزىنلار، ئابغازلار، ئەرمەنلەر، فېچنەكلەر (بۇلار ئوغۇز ئىدى) دىن ئىبارەت خرىستىئان دىنىغا ئىشىنىدىغانلاردىن تەركىب تاپقانىدى.

ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا، سۇلتان ئالپ ئارسلان ئات ئۈستىدە ناھايىتى خاتىرجەم، سۈرلۈك قىياپەتتە ئولتۇرۇپ، بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ تاكتىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، سەلجۇق قوشۇنلىرىنى روما قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ماقۇل ئىدى. ئىككى تەرەپتىن بىر - بىرىگە قارشى كېلىۋاتقان ئىككى چوڭ قوشۇن خۇددى دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك كۆتۈرۈلۈپ كېلىپ بىر - بىرىگە ئۆزىنى ئۇرغان. كەچ كىرىشكە ئاز قالغاندا، ئالپ ئارسلان باشچىلىقىدىكى سەلجۇق قوشۇنلىرى شەرقىي روما قوشۇنلىرى ئۈستىدىن تولۇق

(1) يىلماز ئۆزتۇنا «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى» II توم تۈركچە 418 - بەت.

(2) يىلماز ئۆزتۇنا «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى» II توم تۈركچە 418 - بەت.

غەلىبە قازانغان. ئالپ ئارسلان يارىدار بولغان رومان دىئوگېنىسنى تىرىك تۇتۇۋالغان. ئامان قالغان روما قوشۇنلىرى قورال تاشلاپ سەلجۇقلارغا تەسلىم بولغان.

بۇ ئۇرۇش دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىن 45 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان مالازگىرد قورغىنىنىڭ يېنىدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ قورغان نامىدا «مالازگىرد ئۇرۇشى» دېگەن نام بىلەن دۇنيا تارىخىغا كىرگەن.

ئالپ ئارسلان مالازگىرد ئۇرۇشىدا، ئۆز دۈشمەنلىرىنى ئالداپ تارمار قىلىش ئۈچۈن ئاجايىپ بىر تاكتىكا قوللانغان. ئۇنىڭ تاكتىكىسى بويىچە ئۇرۇش باشلىنىپ بىرەر ئىككى سائەت ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سەلجۇق قوشۇنلىرى چېكىنگەن. شەرقىي روما قوشۇنلىرى چېكىنىپ كېتىۋاتقان سەلجۇق قوشۇنلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، ئۆزىنىڭ باش قوماندانلىق قارارگاھى جايلاشقان جايدىن خېلى يىراقلاشقاندا، ئالپ ئارسلان روما قوشۇنلىرىنى قورشىۋالغان. بۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىغان روما قوشۇنلىرى گاڭگىراپ قالغان ۋە روھى چۈشۈپ كەتكەن. ئالپ ئارسلان خۇددى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، سەلجۇق ئاتلىقلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ، ئىمپېراتور رومان دىئوگېنىسقا ھۇجۇم قىلغان. ئالپ ئارسلان مالازگىرد ئۇرۇشىدا، سەلجۇق قوشۇنلىرىدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق بولغان شەرقىي روما قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشتا ئاشۇنداق تاكتىكا قوللانغان.

مانا شۇ «مالازگىرد ئۇرۇشى» تارىختا ئاز سانلىق جەڭگىۋار قوشۇننىڭ تالانتلىق قوماندانىنىڭ باشچىلىقىدا، تەكەببۇر قوماندان باشچىلىقىدىكى كۆپ سانلىق قوشۇن ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنىڭ جانلىق مىسالى سۈپىتىدىمۇ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى.

تارىختا «مالازگىرد ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان بۇ ئۇرۇشتا، سۇلتان ئالپ ئارسلاننىڭ شەرقىي روما ئىمپېراتورى رومان دىئوگېنىس باشچىلىقىدىكى روما قوشۇنلىرى ئۈستىدىن قازانغان ئالەمشۇمۇل شانلىق غەلىبىسىنىڭ خەۋەرلىرى شەرق ۋە غەرب دۇنياسىنى ھەيرەتتە قالدۇردى. بولۇپمۇ خرىستىئان دۇنياسى ۋەھىمە ئىچىدە قېلىپ، خۇددى كەچ كۈز غازاڭلىرىدەك تىترەپ كەتتى.

ئالپ ئارسلان ئەسىر چۈشكەن رومان دىئوگېنىسقا ئۆزىنىڭ مەغرۇر، مەردانە ۋە ئالىيجانابلىق خىسلەتلىرىنى نامايان قىلدى. بۇنىڭغا رومان دىئوگېنىس ھەيران

قالدى. ئالپ ئاسلان رومان دىئوگېنىسقا خۇش چىراي بىلەن سەممىي قىزغىن مۇئامىلىدە بولدى. ئالپ ئارسلان ئۇنىڭغا، قوشنا دۆلەتلەرگە ئىناق ۋە دوستانە مۇناسىۋەتتە بولمىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ جەڭدىكى كەتكۈزگەن تاكتىكا خاتالىقلىرىنى ئەسلىتىپ قويدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئوغۇزلارنىڭ دالا جېڭىدە قوللانغان تاكتىكىسىنىڭ دۈشمەن تاكتىكىسىدىن ئۈستۈن، جانلىق تاكتىكا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇزلارنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان جەڭگىۋار بىر ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. ئالپ ئارسلان رومان دىئوگېنىس بىلەن بىتىم تۈزدى. بىتىمگە بىنائەن، شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى سەلجۇقلارغا قارام دۆلەت ھالىغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى. چۈنكى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى شۇنىڭدىن باشلاپ، سەلجۇقلارغا ھەر يىلى نۇرغۇن مىقداردا ئالتۇن - كۈمۈش يوللاپ، ئالۋان - ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. كېيىن ئالپ ئارسلان رومان دىئوگېنىسنى كونستانتىنوپولغا يولغا سېلىپ قويدى. ئۆز دۈشمىنى ئالدىدا ناھايىتى خىجىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلغان رومان دىئوگېنىس، ئالپ ئارسلاندىن بۇنداق ئىلتىپاتنىڭ بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئەكسىچە ئۇ ئەسىر چۈشكەندە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىمەن دەپ ئويلىغانىدى.

ئالپ ئارسلان مالازگىرد ئۇرۇشىدىن كېيىن، 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ يولغا چىقتى. ئالپ ئارسلان ئالغا ئىلگىرىلەپ ئامۇ دەريادىن ئۆتتى. ئۇ دەريا بويىدا غەربىي قاراخانىيلارنىڭ يۈسۈپ ئاتلىق بېگىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇرۇشتا يۈسۈپبەگ مەغلۇپ بولۇپ ئەسىر چۈشتى. ئالپ ئارسلان ئەسىر چۈشكەن يۈسۈپ بەگ بىلەن گەپ تالىشىپ تاكاللىشىپ قالغاندا، يۈسۈپبەگ يېنىدا يوشۇرۇۋالغان خەنجىرىنى چىقىرىپ، ئالپ ئارسلاننىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى. سەلجۇقلار يۈسۈپبەگنى چاناپ قىيما - چىيما قىلىۋەتتى. ئالپ ئارسلان بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئۆلدى. جەسىتى مەرۋىگە كەلتۈرۈلۈپ دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ قەبرە تېشىغا مۇنداق دەپ يېزىلدى:

«سىز، ئالپ ئارسلاننىڭ بېشىنى مەغرۇر كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنسىز.

مەۋرىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ بېشىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر يەر تېگىدە ياتقانلىقىنى كۆرىسىز.»[1]

(1) بىش، سىكىس: «ئافغانىستان تارىخى» خەنزۇچە 341 - 342 - بەتلەر.

## سۇلتان مەلىك شاھ

(1092 - 1072)

ئالىپ ئارسلاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى غەربىي قاراخانىيلارنى قىسقا بىر مۇددەتكە بولسىمۇ خېلى روھلاندۇردى. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانى ناسىر ئىبنى ئىبراھىم (شەمس ئەلمۇلىك) مىلادىنىڭ 1072 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدە تىرمىز ۋە بەلخنى بېسىۋالدى. لېكىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، سەلجۇقىلار تىرمىز بىلەن بەلخنى قاراخانىيلاردىن تارتىۋالدى.

مىلادىنىڭ 1072 ـ يىلى سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختكە ئالىپ ئارسلاننىڭ 17 ياشلىق ئوغلى سۇلتان مەلىك شاھ ئولتۇردى. دەل شۇ پەيتتە، سۇلتان مەلىك شاھنىڭ تاغىسى قارا ئارسلان كاۋۇرتبەگ (ئالىپ ئارسلاننىڭ ئاكىسى) ئىسيان كۆتۈرۈپ تەختنى تارتىۋالماقچى بولدى. ئۇنىڭغا ئۇكىسى مەلىك ئوسمان ياردەملەشتى. سۇلتان مەلىك شاھ مىلادىنىڭ 1073 ـ يىلى چىگىل كەنتىدە بولغان ئۇرۇشتا، ئىسيانچى تاغىسىنى مەغلۇپ قىلدى. قارا ئارسلان كاۋۇرتبەگ ئۆلدى، ئۇنىڭ ئۇكىسى مەلىك ئوسمان ئەسىر چۈشتى.

كىرماننىڭ باش ۋالىيسى قارا ئارسلان كاۋۇرتبەگنىڭ (كىرمانغا مىلادىنىڭ 1041 ـ يىلىدىن 1073 ـ يىلىغىچە باش ۋالىي بولغان) ئىسيانى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇلتان مەلىك شاھ ئۆزىنىڭ غەربتىكى كۈچلۈك قوشۇنلىرى بولغان شەرقىي روما بىلەن مىسىردىكى ئەرەب پاتىمە سۇلالىسىگە قاراشلىق جايلارنى ئىشغال قىلىشقا بەل باغلىدى. سەلجۇقىلار مىلادىنىڭ 1076 ـ يىلى سۇرىيە بىلەن پەلەستىننى ئىشغال قىلدى. شام شەرىپ ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، پاتىمە خەلىپىسىنىڭ نامى خۇتبىدىن چىقىرىلدى. خۇتبىدە ئابباسىلار خەلىپىسى بىلەن سۇلتان مەلىك شاھنىڭ ئىسمى ئوقۇلىدىغان بولدى. سەلجۇقىلار مىلادىنىڭ 1078 ـ يىلى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىگە قاراشلىق كاۋكازىيىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى.

سۇلتان مەلىك شاھ مىلادىنىڭ 1078 ـ يىلى باغدادقا كېلىپ، قىزى مەھمىلىك خاتۇننى خەلىپە مۇقتەدىغا (مىلادىنىڭ 1075 ـ يىلىدىن 1094 ـ يىلىغىچە خەلىپە بولغان) ياتلىق قىلدى.

سەلجۇقىلار مىلادىنىڭ 1090 يىلى ھىجازغا كەلدى. مەككە بىلەن مەدىنىمۇ ئىشغال قىلىندى. مىلادىنىڭ 1092 ـ يىلى يەمەن ئىشغال قىلىنغاندىن

كېيىن، پۈتۈن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى سەلجۇقىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

سۇلتان مەلىك شاھ ئىمپېراتورلۇق تەختىدە ئولتۇرغان 20 يىل ئىچىدە سەلجۇقىلارنىڭ شەرقىي روما بىلەن ئەرەب پاتىمە خەلىپىلىكىگە قارايدىغان جايلارغا قىلغان يۈرۈشلىرىنىڭ بەزىلىرىگە سۇلتان مەلىك شاھ ئۆزى يېتەكچىلىك قىلغان بولسا، بەزىلىرىگە ئۇنىڭ بەگلىرى يېتەكچىلىك قىلدى.

ئەمما سەلجۇقىلارنىڭ قاراخانىيلارغا قىلغان يۈرۈشلىرىگە سۇلتان مەلىك شاھ ئۆزى يېتەكچىلىق قىلغان. مەسىلەن: مىلادىنىڭ 1074 ـ يىلى سۇلتان مەلىك شاھ ناھايىتى كۆپ سانلىق سەلجۇق قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئامۇدىن ئۆتۈپ ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىردى. ئۇ غەربىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەندكە قاراپ ماڭدى. سۇلتان مەلىك شاھ شەمس ئەلمۇلككە جازا بەرمەكچى ئىدى. شەمس ئەلمۇلك پايتەختنى تاشلاپ چىقتى. لېكىن سەلجۇقىلارنىڭ ئۇلۇغ، ئالىيجاناب ۋەزىرى نىزام ئەلمۇلك (پارس)نىڭ كۆچ چىقىرىشى بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلدى. ئېھتىمال تۇركان خاتون (غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى ئىبراھىم بۆرە تېكىننىڭ ھەمشىرىسى) شۇ چاغدا مەلىك شاھقا ياتلىق بولغان بولسا كېرەك. مەلىك شاھ، تىرمىزغا ئۆزىنىڭ مەشھۇر بەگلىرىدىن بىرى ساۋ تېكىننى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ماۋەرائۇننەھرىدىن قايتىپ كەتتى.

مىلادىنىڭ 1080 ـ يىلى شەمس ئەلمۇلك ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇكىسى خىزىرخان ئولتۇردى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا (1080 ـ 1081) مەدەنىيەتكە، بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەركەنىكەن. ئۇنىڭ ئۇكىسى ئەھمەدخان I نىڭ ۋاقتىدا (1081 ـ 1095)، غەربىي قاراخانىيلار دىكلىتى بىلەن سەلجۇقىلار ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. بۇنىڭغا بەلخ بىلەن تىرمىزنى تالىشىش سەۋەب بولدى.

مىلادىنىڭ 1089 ـ يىلى، سۇلتان مەلىك شاھ ماۋەراۋننەھرگە بېسىپ كىرىپ، بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋالغاندا، ئۇ شەھەرلەرگە سەلجۇق بەگلىرىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. مەلىك شاھ غەربىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەندنى بېسىۋالغاندا، ئەھمەد خان I نى ئەسىر ئالغان. ئۇنى دەرھال سەلجۇقىلارنىڭ پايتەختى ئىسفاھانغا ئەۋەتىۋەتكەن.

سۇلتان مەلىك شاھ ماۋەاۋننەھرىدىن قايتىپ كەتمەستىن، يۈرۈشنى

داۋاملاشتۇرۇپ شەرققە بۇرۇلۇپ، قەشقەرگە قاراپ ماڭغان. سۇلتان مەلىك شاھ ئۆزكەنتكە يېتىپ كەلگەندە، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ چوڭ خانى ھارۇن بوغراخانII (ئۇبۇلھەسەن) مەلىك شاھنىڭ ئالدىغا ئۆزكەنتكە كەلگەن. ھارۇن بوغراخان سۇلتان مەلىك شاھقا ئۆزىنىڭ خاھلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ نامىدا پۇل زەرب قىلىشقا، ئۇنىڭ نامىنى خۇتبىدە ئوقۇشقا ماقۇل بولغان. سۇلتان مەلىك شاھ ھارۇن بوغراخاننىڭ ئۆزىنى شۇنچىلىك ھۆرمەتلەپ قىلغان مۇئامىلىسىدىن تەسىرلىنىپ، مىلادىنىڭ 1089 - يىلى ئۆزكەنتتىن قايتىپ كەتكەن. مىلادىنىڭ 1092 - يىلى سۇلتان مەلىك شاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا غەربىي قاراخانىيلار بىلەن شەرقىي قاراخانىيلار مۇستەقىللىق ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالالىغان.

ئەھمەدخان مىلادىنىڭ 1090 - يىلى ئىسفاھاندىن سەمەرقەندكە ئۆزىتىپ قويۇلغان. چۈنكى مەلىك شاھ ئالدىدا ناھايىتى ھۆرمەت ۋە ئابرويغا ئىگە بولغان تۇركان خاتۇن (غەربىي قاراخانىيلار بېكەسى) نىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن، سۇلتان مەلىك شاھ ئەھمەدخانغا ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنىڭ غەربىي قاراخانىيلارغا داۋاملىق ھۆكۈمران بولۇشىغا قوشۇلغان. سۇلتان مەلىك شاھ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، غەربىي قاراخانىيلار بېكەلىرىدىن تۇركان خاتۇنغا (شەمس ئەلمۇلكىنىڭ سىڭلىسى) يەنە شەمس ئەلمۇلكىنىڭ تاغىسى شاھزادە ئىيسانىڭ قىزى ھىلالىيەگە ئۆيلەنگەن. سۇلتان مەلىك شاھنىڭ ۋارىسى سۇلتان مەھمۇد تۇركان خاتۇندىن تۇغۇلغانىدى.

ئەھمەدخان مىلادىنىڭ 1090 يىلى ئىسفاھاندىن سەمەرقەندكە قايتىپ كېلىپ، بەش يىلدىن كېيىن (مىلادىنىڭ 1095 - يىلى)، مەھكىمە شەرئىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مۇتەئەسسىپ، جاھىل دىنىي كۈچلەر ھەربىي باشلىقلارنى ئەھمەدخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتقان، ئىسيانچىلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان ئەھمەدخانغا ئۇلار قانداقتۇر دىنغا قارشى چىقتى دېگەن تۆھمەتنى چاپلىغان ۋە ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان.

بۇ ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن، مىلادىنىڭ 1092 - يىلى سۇلتان مەلىك شاھ 37 - يېشىدا (ئۇ، مىلادىنىڭ 1055 - يىلى تۇغۇلغانىدى) ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ جەسىتى ئىسفاھاندا دەپنە قىلىنىدى.

سۇلتان مەلىك شاھ دەۋرىدە ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسى ئەڭ سەلتەنەتلىك باسقۇچقا يەتكەنىدى. ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىگە

ئىران، ئافغانىستان، شىمالىي ھىندىستان، ماۋرائۇننەھرى، جەنۇبىي كاۋكاز، داغىستان، ئانادولۇ (كىچىك ئاسىيا) ئىراق، سۈرىيە، پەلەستىن، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى، كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىدىكى تاقىم ئاراللار كىرگەن. ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى 15 مىليون كۋادرات كىلو مېتىر كېلەتتى. ئىمپېرىيىنىڭ تېررىتورىيىسى، قارا دېڭىز، ئىگەي دېڭىزى، مەرمەر دېڭىزى، ئوتتۇرا دېڭىز، قىزىل دېڭىز، ئومان دېڭىزى، بەسرە قولتۇقى، ھىندى ئوكيانغا تۇتىشىپ تۇراتتى.

سۇلتان مەلىك شاھ تەختكە چىقىش بىلەنلا، ھەربىي قوشۇنغا مائاش بېرىش تۈزۈمىنى ئورناتقان. بۇنداق مائاش ئۈچۈن ھەر يىلىغا 700 مىڭ ئالتۇن دىنار كەتكەن. بۇنداق مائاش سەلجۇقىلارنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنلىرىغا بېرىلگەن بولسا كېرەك. مەلىك شاھ دەۋرىدە، سەلجۇقىلار زۇرۇر تېپىلىپ قالسا، 1 مىليون كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەر قىلالايدىغان ئەھۋالغا كەلگەن.

سۇلتان مەلىك شاھ، ئىلىم ـ پەنگە ناھايىتى كەڭ شەرت ـ شارائىت ياراتتى. ئۇنىڭ دەۋرىدە، كۆپلىگەن دانىشمەن پەيلاسوپلار، تارىخچىلار ۋە ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقتى.

مەلىك شاھ دۆلەتنىڭ يىللىق بۇدجىتى ھېسابىدىن (يىللىق بۇدجىت 43 مىليون دىنار ئىدى) 300 مىڭ ئالتۇن دىنارنى كەمبەغەللەر ۋە ئىلىم پەن خادىملىرى ئۈچۈن ئاجراتقانىدى.

مەلىك شاھ دەۋرىدە ئۇنىڭ باش ۋەزىرى نىزام ئەلمۇلىك نامى بىلەن «نىزامىيە مەدرىسلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان ئالىي مەكتەپلەر باغداد، ئىسفاھان بەسرە، نىشاپور، ھىرات، مەرۋى، بەلخ، ئامول، مۇسۇل قاتارلىق شەھەرلەردە قۇرۇلغانىدى... ھەربىر مەدرىسىنىڭ چوڭ كۇتۇپخانىلىرى، مۇساپىرخانىلىرى ۋە يېتەرلىك ۋەخپە يەرلىرى بار ئىدى.

نىزام ئەلمۇلىك (1092 ـ 1118) مەلىك شاھنىڭ ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنى ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلىشىدا، ئىلىم ـ پەننىڭ گۈللەپ ياشنىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ پارس تىلىدا «سىياسەتنامە» ناملىق ئۆلمەس بىر ئەسەر يازغان. نىزام ئەلمۇلىك، ئالىپ ئارسلانغا ۋە مەلىك شاھقا باش ۋەزىر بولۇپ تۇرغان چاغلاردا (مىلادىنىڭ 1064 ـ يىلىدىن 1092 ـ يىلىغىچە) ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ سەلتەنەتلىك، ئەڭ ئاۋات، ئەڭ

باي، ئەڭ مەدەنىيەتلىك بىر باسقۇچقا يەتكەنىدى. نىزام ئەلمۇلك ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام شەرقىدە ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلغانىدى. ئۇنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرىدىن («سىياستنامە» سى بويىچە) تۈرك ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى ئۈلگە ئالغان.

سۇلتان مەلىك شاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر مەزگىل (مىلادىنىڭ 1092 ـ يىلدىن 1118 ـ يىلىغىچە) تەخت تالىشىش كۈرىشى داۋام قىلدى.

سۇلتان مەلىك شاھنىڭ ئەھمەد، بەركىيارۇق، مەھمىدتاپار، سەنجەر، مەھمۇد، جەپەر، تۇغرۇل، خۇمار ئاتلىق توققۇز ئوغلى بار ئىدى. بۇلاردىن سۇلتان مەھمۇد، بەركىيارۇق، مەھمىدتاپار، سەنجەر قاتارلىق تۆت ئوغلى سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى.

مەلىك شاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى سۇلتان مەھمۇد (غەربىي قاراخانى بېكەسى تۈركان خاتۇندىن تۇغۇلغان) تەختكە چىقىرىلدى. ئەمدىلا بەش يېرىم ياشقا كىرگەن سۇلتان مەھمۇد (1092 ـ 1093) ئىككى ئايدىن كېيىن بەركىيارۇق تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلدى. بەركىيارۇق (1093 ـ 1104) ئوغلى مەلىك شاھII تەرىپىدىن، مەلىك شاھ II (1104 1105) تاغىسى مەھمىدتاپار تەرىپىدىن، مەھمىدتاپار (1105 ـ 1118) قېرىندىشى سەنجەر تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلگەن. بۇنداق ۋەقەلەر تىنچ يول بىلەن ئەمەس، قانلىق ئۇرۇشلار ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشقان. ئۇلۇغ سەلجۇقىلار تەختىگە سۇلتان سەنجەر ئولتۇرغاندىن كېيىنلا، تىنچلىق ـ بىرلىك ھالىتى بارلىققا كەلدى.

## ئون تۆتىنچى باب: قىتانلار ۋە قاراخانىيلار

### قىتانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

قاراخانىيلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، قىتانلارغا ۋە خارەزىم شاھلىقىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى.

قىتانلار قەدىمكى چاغلاردا ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدە ياشىغان خەلق ئىدى. قىتانلار توڭگۇسلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان سىيانپىلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارغا مەلۇم دەرىجىدە موڭغۇل ئېلېمېنتلىرىمۇ ئارىلاشقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ھونلار دەۋرىدە (مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادى

III ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە) هونلارغا، سىيانپىلارغا بېقىنىپ كەلگەن، قىتانلار ئاۋار قاغانلىقى دەۋرىدە، كۆك تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە شۇ قاغانلىقلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. قىتانلار شەرقىي تۈرك قاغانى قاپاغان قاغان دەۋرىدە ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ، تونيۇقۇق باشچىلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان.

قىتانلار ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى كۈچىيىشكە باشلىغان ۋاقىتتىن تارتىپ (مىلادىنىڭ 745 ـ يىلىدىن باشلاپ)، شەرقىي ئۇيغۇرلار 840 ـ يىللىرى غەربكە كۆچۈپ، سىياسىي مەركىزىنى ئۆتۈكەندىكى قارابالغاسۇندىن، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە يۆتكەپ كەتكۈچە، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىغا قارىغان.

قىتانلار مىلادىنىڭ 916 ـ يىلى، جۇڭگو تارىخچىلىرى لياۋ سۇلالىسى دەپ ئاتىغان دۆلەتنى تەشكىل قىلغان. قىتانلار دۆلىتى (مىلادىنىڭ 916 ـ يىلىدىن 1125 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) كۈچەيگەن چاغلاردا، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىگە شەرقتە ئۇلۇغ ئوكيان بويلىرىدىن تارتىپ، شىمالدا بايقال ئەتراپلىرىغىچە، غەربتە شەرقىي ئالتايغا قەدەر بولغان جايلار كىرگەن.

قىتانلار، مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى موڭغۇلىيىگە بېسىپ كىرىپ، بۇ جايدا 80 يىل ياشىغان (مىلادىنىڭ 840 ـ يىلىدىن 920 ـ يىلىغىچە) قىرغىزلارنى ئەسلى يۇرتلىرىغا قوغلىغان. قىرغىزلار مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، يەنسەي بويلىرىدىن موڭغۇلىيىگە كۆچۈپ كەلگەنىدى.

قىتانلار مىلادىنىڭ 970 ـ يىلى 40 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن جۇڭگوغا هۇجۇم باشلاپ، سۇڭ سۇلالىسىگە تەهدىت سالغان. قىتانلار مىلادىنىڭ 995 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيفىڭغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇنى مۇهاسىرىگە ئالغان. سۇڭ سۇلالىسى هۆكۈمرانلىرى قىتانلارغا يان بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، توختامنامە تۈزگەن. توختامنامە بويىچە، سۇڭ سۇلالىسى قىتانلارغا هەر يىلى 200 مىڭ توپ ئارىلاشما يىپەك رەخت، 100 مىڭ سەر كۈمۈش تۆلەپ بېرىدىغان بولغان.

مانا شۇ قىتانلار دۆلىتىنىڭ غەربىي تېررىتورىيىسى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شەرقىي تېررىتورىيىسىگە تۇتاش ئىدى. قىتانلار، XI ئەسىرگە كەلگەندە، ئاجىزلىشىشقا باشلىدى. مىلادىنىڭ 1120 ـ يىلى جۇرجىتلار ئىسيان كۆتۈردى ۋە

ئاخىر مىلادىنىڭ 1124 ـ يىلى قىتانلار دۆلىتىنى يوقاتتى.

جۇرجىتلاردىن مەغلۇپ بولغان قىتانلارنىڭ بىر قىسمى قىتان شاھزادىسى يىلوداشى باشچىلىقىدا غەربىي شىمال تەرەپكە قېچىپ، يەنسەي دەرياسىنىڭ بويىغا بارغان. قىتانلار ئۇ يەردە يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ بولاق ـ تالىڭىغا ئۇچرىغان. كېيىن، غەربىي جەنۇب تەرەپكە كۆچۈپ، قاراخانىيلاردىن پاناھ ئىزدىگەن.

## شەرقىي قاراخانىيلار ۋە قىتانلار

شەرقىي قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىگە يەتتەسۇ، ئىلى ۋادىسى، قەشقەر، يەركەن، خوتەن، پەرغانىنىڭ شەرقىي قىسمى كىرەتتى. ئۇنىڭ شەرقىي شىمالدىكى چېگرىسى كۇچانىڭ جەنۇبىغىچە سوزۇلغانىدى. كېيىن پەرغانىنىڭ غەربىي قىسمىمۇ قوشۇۋېلىنغان.

مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى قاراخانىيلار دۆلىتى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىگە سۇلايمان ئارسلانخان ھۆكۈمران بولدى. ئۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. ئۇنىڭ ئۇكىسى مۇھەممەد بوغراخان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانسىرى يامانلىشىپ كەتكەنىدى. مىلادىنىڭ 1056 ـ يىلى مۇھەممەد بوغراخان (ئۇ شۇ چاغدا تالاس ۋە ئىسفىجاب قاتارلىق جايلارغا ھاكىم ئىدى) ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخاندىن تەختنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان سۇلايمان ئارسلانخان ئەسىر چۈشتى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى. قاراخانىيلار تەختىگە ئولتۇرغان مۇھەممەد بۇغراخان 15 ئايدىن كېيىن تەختنى چوڭ ئوغلى ھۇسەيىنگە (مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئاتىسى) ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى. شۇ چاغدا مۇھەممەد بوغراخان (مەھمۇد كاشغەرىنىڭ چوڭ دادىسى) نىڭ كىچىك خوتۇنى ئۆز ئوغلى ئىبراھىم (مۇھەممەد بوغراخاننىڭ كىچىك ئوغلى) نى قاراخانىيلار تەختىگە چىقىرىشنى قەستلىدى. مانا شۇ ئىبراھىمنىڭ ئانىسى، مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ تەختنى چوڭ ئوغلى ھۇسەيىنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىدىكى زىياپەتتە مۇھەممەد بوغراخان ۋە ھۇسەيىن قاتارلىق قاراخانى ھۆكۈمرانلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. شەرقىي قاراخانىيلار تەختىگە چىققان ئىبراھىم مىلادىنىڭ 1058 ـ يىلى ئۆزىگە

بويسۇنمىغان بارسغان ھاكىمى ئىنال تېكىن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ كەنجى ئوغلى (مۇھەممەد بوغراخاننىڭ ئۇكىسى) توغرۇل قاراخان يۈسۈپ (مەھمۇدخان) تەختكە چىقتى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قانلىق ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە، مەھمۇد كاشغەرىدىن قېچىپ كەتكەن. ئۇ ئۆلتۈرۈلۈشتىن قېچىپ قۇتۇلۇپ، تۈركىي خەلقلەر ياشىغان جايلارنى ئون نەچچە يىل ئايلىنىپ يۈرۈپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىغان. كېيىن باغدادقا كېلىپ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يازغان ۋە ئۇنى مىلادىنىڭ 1074 ـ يىلى باغداد خەلىپىسى مۇقتەدى (1075 ـ 1094) غا تەقدىم قىلغان.

شەرقىي قاراخانىيلاردا يۈز بەرگەن ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى ئىبراھىمخان (ئىبراھىم بۆرە تېكىن) شەرقىي قاراخانىيلاردىن پەرغانە ۋە تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى تارتىۋالدى.

ئىبراھىمخان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شەرقىي قاراخانىيلار تەختىگە چىققان توغرۇل قاراخان دەۋرىدە (1058 ـ 1074) يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى يازدى ۋە ئۇنى مىلادىنىڭ 1069 ـ يىلى توغرۇل قاراخاننىڭ ئورۇنباسارى ئوبۇلھەسەن تابغاچ بوغراخانغا تەقدىم قىلدى. بۇ ۋەقە توغرىسىدا كېيىن يەنە توختىلىمىز.

مىلادىنىڭ 1068 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى ئىبراھىمخان ئالەمدىن ئۆتتى. دەل شۇ چاغدا، مىلادىنىڭ 1058 ـ يىلى، شەرقىي قاراخانىيلار غەربىي قاراخانىيلار بېسىۋالغان پەرغانە ۋە تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇرۇشتىن كېيىن تۈزۈلگەن توختامنامە بويىچە، سىر دەرياسىدىن تارتىپ خوجەندكىچە بولغان جايلار شەمس مۈلىككە، پۈتۈن پەرغانە شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيىسىگە تەۋە بولدى. مىلادىنىڭ 1074 ـ يىلى توغرۇل قاراخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى توغرۇل تېكىن ۋارىسلىق قىلدى. لېكىن ئىككى ئايدىن كېيىن ئوبۇلھەسەن تابغاچ بۇغراخان توغرۇل تېكىننى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزى تەختكە چىقتى.

ئوبۇلھەسەن تابغاچ بوغراخان تاغىسى توغرۇل خاقان يۈسۈپكە 16 يىل ئورۇنباسار خان بولدى (1059 ـ 1075)، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى شەرقىي قاراخانىيلارنى 27 يىل سورىدى. بۇ چاغدا (1075 ـ 1102) ئۇ تابغاچ بوغراخان دەپ ئاتالماي،

ھارۇن بوغراخان دەپ ئاتالدى. ھارۇن بوغراخاننىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئادالەت ۋە دىننىڭ ھامىيسى، دىننىڭ شان - شەۋكىتى ۋە شەرقنىڭ پادىشاھى» دېگەن ئۇنۋانىمۇ بار ئىدى.

ھارۇن بوغراخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئىلىم - پەن ئاجايىپ بىر گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغانىدى. ئۇ ئورۇنباسار بولۇپ تۇرغان چاغدا، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى مەيدانغا كەلگەن بولسا، كېيىن ئابدۇجاپپارنىڭ: «تارىخ ئەلكاشغەرى» («قەشقەر تارىخى») ناملىق ئەسىرى مەيدانغا كەلدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. شۇنداق بولسىمۇ، «قەشقەر تارىخى» دىكى مۇھىم مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ بېرىشكە يارايدىغان بىر قانچىلىگەن ئۈزۈندىلەر، XIV ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تارىخچىسى جامال قارشىنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان «سورراھ لۇغىتىنىڭ تولۇقلانمىسى» دېگەن ئەسىرىگە كىرگۈزگەن.

ھارۇن بوغراخان II مىلادىنىڭ 1102 - يىلى قوشۇن ئەۋەتىپ تىرمىزنى سەلجۇقىلاردىن تارتىۋالدى. لېكىن سۇلتان سەنجەر ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇلارنى تىرمىزدىن قوغلاپ چىقاردى.

ھارۇن بوغراخان II (ئۇبۇلھەسەن) شەرقىي قاراخانىيلارغا تابغاچ بوغراخان ئۇنۋانىدا 16 يىل ئورۇنباسار قاغان، 27 يىل چوڭ قاغان بولۇپ، مىلادىنىڭ 1103 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەھمەد ئارسلانخان ئولتۇردى. ئەھمەد ئارسلانخان (1102 - 1128) مىلادىنىڭ 1105 - يىلى مەھمۇد ئىبنى ئابدۇلجېلىل ئەلى كاشغەرى باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى باغدادتىكى ئەرەب ئابباسىيلەر خەلىپىسى مۇستازىر (1094 - 1118) نىڭ ئالدىغان ئەۋەتتى. خەلىپە مۇستازىر ئەھمەد ئارسلانغا «نۇر ئەددەۋلە - دۆلەتنىڭ نۇرى» دېگەن ئۇنۋاننى بەردى.

ئەھمەد ئارسلانخاندىن كېيىن، شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالدى.

1125 - يىلى يەنسەي بويلىرىدىن قېچىپ قاراخانىيلاردىن پاناھ ئىزدىگەن قىتانلار شىمالىي ئىلىكخاننىڭ رۇخسىتى بىلەن ئىمىل (ھازىرقى دۆربىلجىن) دا ماكانلاشقانىدى. ئۇلار شۇ چاغدا، 40 مىڭ تۈتۈن (ئائىلە) بولۇپ، ئاھالە سانى 200 مىڭچە ئىدى.

شۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار دۆلىتى ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. غەربىي

قاراخانىيلار بولسا سەلجۇقىلار سۇلتانى سەنجەر (1118 ـ 1157) نىڭ ھىمايىسىدە تۇراتتى. شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شىمالىي ئىلىك خانلىقىدىكى خانلار ۋە بەگلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

مىلادىنىڭ 1130 ـ يىلى قارلۇقلار ۋە باشقا قەبىلىلەر ئىسيان كۆتۈردى. شىمالىي ئىلىك خانى (ئىسمى نامەلۇم) يىلۇداشىنى ئىچكى ئىسيانىنى باستۇرۇشقا چاقىردى. يىلۇداشى ئىسيانىنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتتى. شۇڭا، كېيىن ئۇنىڭ بالاساغۇن ئەتراپلىرىدا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىندى. مانا شۇ چاغدا، شەرقىي قاراخانىيلارغا ئەھمەدخاننىڭ ئوغلى ئىبراھىم (1128 ـ 1158) خان ئىدى. ئۇ قابىلىيەتسىز، بىغەم ئادەم ئىدى. قىتان شاھزادىسى يىلۇداشى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئىچكى ئاجىزلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ ئايماقلىرىنى بالاساغۇن ئەتراپلىرىغا توپلىدى. ئۇ مىلادىنىڭ 1134 ـ يىلى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ، بالاساغۇنغا بېسىپ كىردى. ئۇ شىمالىي ئىلىك خان (بۇ چاغدا ئۇيۇلشىجا ئىلىكخان بولسا كېرەك) ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئەسىرگە ئالدى. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ شىمالىي ئىلىك خانغا قارايدىغان جايلارنى بېسىۋالدى. مانا شۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خانى ئىبراھىمخان قەشقەردە بەخىرامان يېتىۋەردى. يىلۇداشى مىلادىنىڭ 1136 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، ئىبراھىمخاننى باش ئەگدۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شەرقىي قاراخانىيلار قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالسىمۇ، مۇستەقىللىق ھالىتىنى يەنىلا ساقلاپ قالدى. چۈنكى، قىتانلار قاراخانىيلارنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشمايتتى.

شەرقىي قاراخانىيلارغا ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مۇھەممەدخانII (؟ ـ 1159) يۈسۈپخان (1205 ـ ؟)، مۇھەممەدخان II (1205 ـ 1210) قاتارلىق خانلار ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مۇھەممەدخاننى مىلادىنىڭ 1212 ـ يىلى ئوردا بەگلىرى ئۆلتۈردى. شۇ يىلى نايمان خانى كۈچلۈكخان قەشقەرنى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولدى.

## غەربىي قاراخانىيلار ۋە قىتانلار

مەن باشتا، مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلىدىن باشلاپ بىر پۈتۈن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىيلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلغانىدىم. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيىسىگە دەسلەپ ماۋەرائۇننەھرىلا

كىرەتتى. كېيىن پەرغانىنىڭ غەربىي قىسمىمۇ كىرگەن. غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ چېگرىسى مۇقىمسىز بولۇپ، ئۆز ئارا بولغان ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى ئىبراھىم بۆرە تېكىن ئۆزىنى «تابغاچ قاراخان» («تابغاچ» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «بويسۇنغۇچى»، «بېقىنغۇچى» مەنىسىدە) دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى قەشقەرگە بويسۇنمىدى. بۇ چاغدا، سۇلايمان ئارسلانخان (1040 ـ 1056) ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ شەرقىي قاراخانىيلاردا ئىچكى ئىسيانلار (1041 ـ يىلدىكى ياباقۇلار ئىسيانى) ۋە تەخت ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەر (1056 ـ يىلدىن 1058 ـ يىلغىچە) ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەنىدى.

مانا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئىبراھىم تابغاچ قاراخان (1052 ـ 1068) مۇستەقىللىق ھالىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتمۇالدى. ھەتتا مىلادىنىڭ 1058 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلار ئىچىدىكى ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىپ، پەرغانە ۋە تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى شەرقىي قاراخانىيلاردىن تارتىپمۇ ئالدى. بۇ ۋەقە توغرىسىدا، باشتا توختالغانىدۇق.

غەربىي قاراخانىيلارغا شەمس ئەلمۇلىك خىزىرخان (1080 ـ 1081)، ئەھمەدخانلار (1081 ـ 1095) ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا، غەربىي قاراخانىيلار بىلەن سەلجۇقلار ئارىسىدا قانداق ۋەقەلەر يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدىمۇ يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇم.

مىلادىنىڭ 1095 ـ يىلى ئەھمەدخان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، غەربىي قاراخانىيلارغا مەسئۇد (1095 ـ 1097)، سۇلايمان (1097 ـ 1097)، مەھمۇد II (1097 ـ 1099)، جەبرائىل (1099 ـ 1102)، مۇھەممەد II (1102 ـ 1132)، ئىبراھىم II (1132 ـ 1132) مەھمۇد II (1132 ـ 1141)، ئىبراھىم III (1141 ـ 1156)، ئەلى (1156 ـ 1160)، مەسئۇد II (1160 ـ 1178)، ئىبراھىم VI (1178 ـ 1204)، ئوسمان بۇغراخان (1204 ـ 1212) قاتارلىق خانلار ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

غەربىي قاراخانىيلار مۇھەممەد ئارسلانخان II نىڭ ۋاقتىدا (1102 ـ 1132) بىر مەزگىل ناھايىتى تىنچ ياشىدى. مۇھەممەد ئارسلانخان مىلادىنىڭ 1103 ـ يىلدىن مىلادىنىڭ 1110 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، خان جەمەتىدىن

چىققان بەزى بەگلەرنىڭ كۆتۈرگەن ئىسيانلىرىنى باستۇردى. ئىسيانىنى باستۇرۇشتا، ئۇنىڭغا سۇلتان سەنجەر ياردەم بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ماۋەرائۇننەھرىدىكى خەلق 20 يىل ئارامخۇدا، ئاسايىشلىقتا ياشىدى. مانا شۇ مەزگىلدە، مۇھەممەد ئارسلانخان تارىختا مەشھۇر بولغان قورۇلۇشلارنى ئېلىپ باردى. ئۇ بۇخارا ۋە سەمەرقەنتتە ناھايىتى چوڭ مەسجىدلەر ۋە ئوردىلارنى بىنا قىلدى. پەيكەنت شەھىرىنى باشقىدىن ياساپ ناھايىتى كۆركەم ھالغا كەلتۈردى. ھازىر بۇخارادا، مۇھەممەد ئارسلان مىلادىنىڭ 1127 ـ يىلى سالدۇرغان مۇنارى كالاننىڭ مۇنارىسى شۇ پېتى بۇزۇلماي قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

مىلادىنىڭ 1130 ـ يىلى مۇھەممەد ئارسلانخان بىلەن سۇلتان سەنجەرنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەد ئارسلانخان سۇلتان سەنجەرنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانىكەن. بۇنى بىلىپ قالغان سۇلتان سەنجەر سەمەرقەندنى بېسىۋېلىپ، مۇھەممەد ئارسلانخاننى بەلخكە ئەكېتىدۇ. بۇچاغدا مۇھەممەد ئارسلانخان پالەچ بولۇپ قالغانىكەن. سۇلتان سەنجەرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، مۇھەممەد ئارسلانخان قىزى تۇركان خاتۇن (سەنجەرگە ياتلىق بولغان) نىڭ قېشىدا تۇرىدۇ. مۇھەممەد ئارسلانخان مىلادىنىڭ 1132 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى مەرۋى شاھ جاھان ئىچىدىكى مەسجىدكە دەپنە قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئەھۋالغا قارىغاندا، غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى سۇلتان سەنجەرنىڭ ۋاقتىدا (1118 ـ 1157) سەلجۇقىلارغا بېقىندى بولۇپ قالغان.

مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئەھۋالى يامانلىشىشقا قاراپ ماڭىدۇ.

مىلادىنىڭ 1034 ـ يىلى قىتان شاھزادىسى يىلوداشى بالاساغۇننى پايتەخت قىلدى. ئۆزىنى بولسا، گورخان دەپ ئاتىدى. گورخان خەنزۇچە گاۋخەن ( ـ ئالىي خان) سۆزىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققانمىش. گورخان مىلادىنىڭ 1136 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋېلىشقا جىددىي تەييارلىق قىلىدۇ. قىتانلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت ۋە پەرغانىگە ھەم زەرەپشان، قاشقا دەريا ۋادىلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلايدۇ. ئاخىر، مىلادىنىڭ 1138 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى مەھمۇدخان II بىلەن گورخان ئارىسىدا، خوجەنت يېنىدا ئۇرۇش بولىدۇ.

ئۇرۇشنىڭ مول تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولغان گورخان مەھمۇدخان II نى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا يارىشىش توختامنامىسى تۈزۈلىدۇ. قىتانلار توختامنامە بويىچە، ئۇلاردىن ئولپان ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ ئارقىغا قايتىدۇ.

خوجەنتتىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1139 - يىلى خارەزىم شاھى ئاتسىز ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىپ، بۇخارانى ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي قاراخانىيلار تەركىبىدىكى قارلۇقلار ئىسيان كۆتۈردى. قارلۇقلار ئىسيانىنى گورخان قوللىدى. غەربىي قاراخانىيلار گورخانىنىڭ بۇ ئىسيانىنى قوللىغانلىقىغا قارشى تۇردى.

گورخان مىلادىنىڭ 1138 - يىلى غەربىي قاراخانىيلار بىلەن تۈزگەن يارىشىش توختامنامىسىنى بۇزۇپ، مىلادىنىڭ 1141 - يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەندكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. مەھمۇدخان II بىلەن سۇلتان سەنجەرنىڭ بىرلەشكەن قوشۇنلىرى سەمەرقەند يېنىدىكى كاتۋان چۆلىدە توپلاندى. مىلادىنىڭ 1141 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدە، قىتانلار بىلەن غەربىي قاراخانىيلار ئارىسىدا، كاتۋان چۆلىدە ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇش بولدى. كاتۋان ئۇرۇشىدا قىتانلار غالىب كەلدى. چۈنكى ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى سۇلتان سەنجەرنىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدە ئىسيان كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى گورخانىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇردى. كاتۋان ئۇرۇشىدا، قاراخانىيلار بىلەن سەلجۇقىلارنىڭ قوشۇنلىرىدىن 30 مىڭ كىشى ئۆلدى. سۇلتان سەنجەرنىڭ خانىشى (قاراخانى بېكەسى) تۈركان خاتۇن ئەسىرگە چۈشتى. مەھمۇدخان II بىلەن سۇلتان سەنجەر تىرمىزگە قېچىپ كەتتى.

كاتۋان ئۇرۇشىدىن كېيىن، غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى قىتانلارغا سېلىق تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى. قىتانلار بېسىۋالغان جايلارنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇپ، مۇستەھكەم ھالدا ئۆز قوللىرىدا تۇتۇپ تۇرمايتتى. قىتانلار جۇڭگونىڭ سېلىق تۈزۈمى بويىچە ھەربىر ئائىلىگە بىر دىنار (بەش سوم) دىن سېلىق سېلىشقا قىزىقاتتى.

كاتۋان ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەتتىن پايدىلانغان خارەزىم شاھى ئاتسىز، مىلادىنىڭ 1141 - يىلى قىشتا مەرۋنى بېسىۋالدى. 1142 - يىلى ئەتىيازدا نىشاپۇرغا يېقىنلاپ كەلدى. ئەمما سەلجۇقىلار سۇلتانى سەنجەر خارەزىمى شاھىنى

بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى، سۇلتان سەنجەر سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ شان - شەۋكىتىنى بۇرۇنقى ھالغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

قىتانلار تارىم ۋادىسىدا ۋە يەتتەسۇدا پۇت تىرەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شۇ جايلاردا ياشايدىغان ئوغۇزلارنى قوغلاپ چىقاردى. ئەنە شۇ ئوغۇزلار سۇلتان سەنجەرنىڭ رۇخسىتى بىلەن بەلخ ئەتراپىدا ماكانلاشتى. بۇلار 40 مىڭ ئائىلە بولۇپ، ھەر يىلى سۇلتانغا باج ھېسابىدا 25 مىڭ تۇياق قوي بېرەتتى. مىلادىنىڭ 1153 - يىلى، ئوغۇزلار باج ھېسابىدا تاپشۇرىدىغان قويلارنىڭ سۈپىتى مەسىلىسى ئۈستىدە جاڭجال چىقىپ ئوغۇزلار ئىسيان كۆتۈردى. بەلخنىڭ باش ۋالىيسى ئىسيانىنى باستۇرالمىدى. سۇلتان سەنجەر 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، ئىسيانچى ئوغۇزلار ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. ئۇرۇشتا سۇلتان سەنجەر مەغلۇپ بولدى ۋە ئەسىرگە چۈشتى. ئۇ مىلادىنىڭ 1157 - يىلى ئوۋ قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئەسىرلىكتىن قېچىپ قۇتۇلدى. سۇلتان سەنجەر مەرۋگە كېلىپ، شەھەرنىڭ ئوغۇزلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانلىقىنى ۋە چۆلدەرەپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ بۇ خىل ئەھۋالغا چىدىمىدى ۋە يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلدى.

مىلادىنىڭ 1157 - يىلى سۇلتان سەنجەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ سەلتەنىتى ئاياغلاشتى. شۇنداق بولسىمۇ، سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسىنىڭ داۋامى ئىراق سەلجۇقىلىرى، كىرمان سەلجۇقىلىرى، سۈرىيە سەلجۇقىلىرى، ئانادولۇ سەلجۇقىلىرى دېگەن ناملار بىلەن مىلادىنىڭ 1308 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈردى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، سەلجۇقىلار ھاكىمىيىتى 268 يىل (مىلادىنىڭ 1040 - يىلىدىن 1308 - يىلىغىچە) ھۆكۈم سۈردى.

سۇلتان سەنجەر مىلادىنىڭ 1153 - يىلىدىن 1157 - يىلىغىچە ئوغۇزلار قولىدا ئەسىرلىكتە تۇرغان مەزگىلدە، سەلجۇقىلار ئىمپېرىيەسىنى مەھمۇد II باشقۇرۇپ تۇردى. مەھمۇد II سۇلتان سەنجەرنىڭ قىزى مەلىك شاھ خاتۇندىن تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى مۇھەممەد ئارسلانخان ئىدى. مۇھەممەد ئاسلانخان سۇلتان سەنجەرنىڭ قىزى مەلىك شاھ خاتۇنغا ئۆيلەنگەنىدى.

گورخان كاتۋاندىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1142 - يىلى كۈزدە خارەزمنىمۇ بېسىۋالدى. لېكىن، خارەزىم شاھى ئىل ئارسلان مىلادىنىڭ 1146 - يىلى گورخانغا تۆلەيدىغان سېلىقنى تۆلەشتىن باش تارتتى.

گورخاننىڭ خارەزمدە تۇرىدىغان نازارەتچى ۋالىيسىنىمۇ قوغلاپ چىقاردى.

مىلادىنىڭ 1144 ـ يىلى گورخان ئۆلگەندىن كېيىن، قىتانلار دۆلىتىگە تۆت كىشى خان بولدى. بۇلاردىن ئىككىسى ئايال بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى گورخاننىڭ خانىشى تابۇيان (مىلادىنىڭ 1144 ـ يىلىدىن 1150 ـ يىلىغىچە خان بولغان)، يەنە بىرى گورخاننىڭ قىزى پۇساۋەن (مىلادىنىڭ 1164 ـ يىلىدىن 1177 ـ يىلىغىچە خان بولغان) بولۇپ، ئۇ ئۆز ئېرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئويىنىشى بىلەن يۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئېرى تەرەپدارلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، پۇساۋەن ئويىنىشىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ئامان قالدى. قىتانلار دۆلىتىگە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، گورخان يىلوداشى (1124 ـ 1143)، تابۇيان (1144 ـ 1150)، يىلۈيىلى (1151 ـ 1163) پۇساۋەن، يىلۈجىلىگو (1178 ـ 1211) قاتارلىق بەش كىشى خان بولدى.

قىتانلار بىلەن يەرلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناھايىتى قاتتىق زىددىيەت بار ئىدى. قىتانلار، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانمۇ، ياكى خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانمۇ، ھېلىغىچە ئۇ توغرۇلۇق ئېنىقلىق مەلۇمات يوق. قىتانلار دەۋرىدە، مۇسۇلمان ھاكىملار پات ـ پاتلا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

قىتان دۆلىتى يىلۈجىلىگونىڭ ۋاقتىدا (1178 ـ 1211)، ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. مىلادىنىڭ 1203 ـ يىلى ئالتايدىكى نايمانلار خانى تايانخان چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈكخان بىر قىسىم نايمانلارنى باشلاپ مىلادىنىڭ 1209 ـ يىلى يىلۈجىلىگونىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، شەرقىي ئالتايغا بېرىپ، چېچىلىپ يۈرگەن نايمانلارنى توپلاپ يەتتەسۇغا كەلدى. تارىخچىلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، كۈچلۈكخان خارەزم شاھ مۇھەممەد بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە باغلاپ، قىتانلارنى يوقىتىشنىڭ پىپىگە چۈشكەنىكەن.

قىتانلار مىلادىنىڭ 1210 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى ئوسمان بۇغراخان (1204 ـ 1212) ۋە خارەزم شاھ مۇھەممەدنىڭ بىرلەشكەن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشقاندا، بۈگۈنكى قىرغىزىستاندىكى تالاس دەرياسىنىڭ بويىدا ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە يولۇققان. شۇ مەغلۇبىيەتتە ھالىدىن كەتكەن قىتانلار دۆلىتىنى مىلادىنىڭ 1211 ـ يىلى كۈچلۈكخان يوق قىلدى. ئۇ شۇ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرنى بېسىۋالدى. قەشقەرنى نايمان خانلىقىنىڭ

پايتەختى قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى يوقالدى.

مىلادىنىڭ 1212 ـ يىلى خارەزىم شاھ مۇھەممەد ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى ئوسمان بۇغراخاننى ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقە نەتىجىسىدە غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىمۇ يوقالدى.

تارىختا 360 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ئەنە شۇنداق بولدى.

شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىدە قۇرۇلغان نايمان خانلىقى (مىلادىنىڭ 1211 ـ يىلىدىن 1218 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئانچە ئۇزۇن ياشىمىدى. نايمان خانى كۈچلۈكخان خرىستىئان بولۇپ، ئۇچىغا چىققان زالىم، سىياسىي تەدبىرنى بىلمەيدىغان يىرتقۇچ بىر ئادەم ئىدى. ئۇ خان بولغاندىن باشلاپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن زۇلۇم سالغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنى دىن (ئىسلام دىنى) دىن ۋاز كېچىپ، بۇتپەرەسلىككە ئېتىقاد قىلىشقا زورلىدى. كۈچلۈكخاننىڭ ۋەھشىيلىكى شۇ يەرگە يەتتىكى، ئۇ خوتەندە ھەزرىتى ئىمام ئالائىددىن مۇھەممەد باشلىق ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى، ئالىملىرىنى قىرىپ تاشلىدى. ئىلىم ـ پەنگە دائىر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ۋە يازما يادىكارلىقلارنى كۆيدۈردى.

كۈچلۈكخاننىڭ خەلققە سېلىۋاتقان زۇلمىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرغان چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1218 ـ يىلى جابانويۇن باشچىلىقىدا 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى كۈچلۈكخانغا قارشى ماڭدۇردى. چىڭگىزخاننىڭ ئاساسىي مەقسىتى مۇسۇلمانلارنى كۈچلۈكخاننىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىياغا خارەزىم شاھ دۆلىتىگە يۈرۈش باشلاشتىن بۇرۇن، يولدىكى چوڭ توسقۇن نايمانلار خانلىقىنى يوقىتىش ئىدى.

جابانويۇن كۈچلۈكخان ئۈستىگە يۈرۈش باشلاش بىلەن تەڭ: «بۇ جايلاردىكى ھەر بىر ئادەم ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ جاكارلىدى. مۇشۇنداق جاكارلاشنىڭ ئۆزى مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى تەقىب قىلغان ئادەملەرگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئەكەلدى[1].

(1) بار تولد: «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى» ئۇيغۇرچە 39 ـ بەت.

خەلقىنىڭ نەزىرىدىن تامامەن چۈشۈپ كەتكەن كۈچلۈكخان مىلادىنىڭ 1218 - يىلى ئىسسىقكۆلنىڭ بويىدا، جابانويۇن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا تولۇق تارمار قىلىندى. ئۇ قەشقەرگە قېچىپ كەتتى. خەلقىنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن كۆتۈرگەن قوزغىلاڭلىرى كۈچلۈكخاننى قەشقەردىنمۇ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ سېرىققۇلدا موڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشتى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.

قاراخانىيلار تارىخىدىن بىزنىڭ ئالىدىغان ئەڭ مۇھىم ئاچچىق ساۋاقلىرىمىز نېمە؟

ئالدى بىلەن ئېيتىش كېرەككى، بىرلەشكەن كۈچلۈك، مەدەنىيەتلىك بولغان قاراخانىيلار دۆلىتى مىلادى 1040 - يىلى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىلاردىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتمىگەن بولسا، كېيىن ئۆز تارىخىدا ھەرگىزمۇ بەزىدە قىتانلارغا، بەزىدە سەلجۇقىلارغا بېقىندى بولۇپ قالمىغان بولاتتى. بەلكى ئەسىرلەر بويى ياشاپ، ناھايىتى كۈچلۈك بىر دۆلەت ھالىتىدە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا چوڭ تۆھپە قوشقان بولاتتى. ئەۋلادى ئۆز زېمىنىغا ئۆزى ئىگە بولۇپ، ياشاپ بەختلىك ھايات كەچۈرگەن، خەلقىدىن تېخىمۇ كۆپ يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ۋە مەھمۇد كاشغەرىلەر مەيدانغا چىققان بولاتتى.

مىلادىنىڭ 1040 - يىلىغا كەلگەندە، غەربىي ئىلىكخان ناسىرنىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەد ئىبنى ناسىر (مىلادىنىڭ 1040 - يىلىدىن 1052 - يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان) بىلەن ئىبراھىم ئىبنى ناسىر (1052 - 1068) لار بۆلگۈنچىلىك قىلىپ، بىر پۈتۈن، كۈچلۈك قاراخانىيلار دۆلىتىنى پارچىلاپ ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. ئۇلار شۇ قىلمىشلىرى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ تارىخى ئالدىدا، ئۇلۇغ دانىشمەن، باتۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس روھى ۋە ئەۋلادىمىزنىڭ تەقدىرى ئالدىدا بەتنامغا قالدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ (مىلادىنىڭ 1040 - يىلىدىن باشلاپ)، قاراخانىيلار دۆلىتى كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىزلىققا، گۈللىنىشتىن خازان بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇڭا، شەرقىي قاراخانىيلارمۇ، غەربىي قاراخانىيلارمۇ شەرقتىن كەلگەن يات كەلگىندىلەر قىتانلارنىڭ تاجاۋۇزى ئالدىدا ئامالسىز قېلىپ، ئېغىر، پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە يولۇقتى، بېقىندى ھالغا چۈشۈپ قالدى ۋە ئاخىر بېرىپ يوقالدى.

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ بۇ خىل تارىخىي تەقدىرى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان: «ئىككى قوچقار ئۇسۇشقاندا، بۆرىنىڭ قورسىقى ئاچمىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

# قاراخانىيلارنىڭ نەسەبنامىسى

### قاراخانىيلارنىڭ چوڭ قاغانلىرى

| | |
|---|---|
| 1. كۆل بىلگە قاراخان | 880 ـ 850 |
| 2. بازىرخان | 910 ـ ؟ |
| 3. ساتۇق بۇغراخان | 956 ـ 920 |
| 4. مۇسا بۇغراخان | 958 ـ 956 |
| 5. سۇلايمان ئارسلانخان | 970 ـ 958 |
| 6. ئەلى ئارسلانخان | 998 ـ 970 |
| 7. ئەھمەد توغانخان I | 1018 ـ 998 |
| 8. مەنسۇر ئارسلانخان | 1024 ـ 1018 |
| 9. ئەھمەد توغانخان II | 1025 ـ 1024 |
| 10. يۇسۇپ قادىرخان | 1032 ـ 1025 |
| 11. سۇلايمان ئارسلانخان؟ | 1040 ـ 1032 |

### قاراخانىيلارنىڭ شەرقىي خانلىرى

| | |
|---|---|
| 1. سۇلايمان ئارسلانخان | 1056 ـ 1040 |
| 2. مۇھەممەد بۇغراخان | 1057 ـ 1056 |
| 3. ئىبراھىمخان | 1058 ـ 1057 |
| 4. مۇھەممەدخان (توغرۇل قاراخان) | 1074 ـ 1058 |
| 5. ئۆمەرخان (توغرۇل تېكىن) | 1074 ـ 1074 |
| 6. ھارۇن بوغراخان II | 1103 ـ 1074 |
| 7. ئەھمەدخان | 1129 ـ 1103 |
| 8. ئىبراھىمخان II | 1159 ـ 1129 |
| 9. مۇھەممەدخان II | ؟ ـ 1159 |
| 10. يۇسۇپخان | ؟ ـ 1205 |

| | |
|---|---|
| 11. مۇھەممەدخان III | 1205 ـ 1210 |

## قاراخانيلارنىڭ غەربىي خانلىرى

| | |
|---|---|
| 1. مۇھەممەد ئىبنى ناسىر | 1040 ـ 1052 |
| 2. ئىبراھىم ئىبنى ناسىر (بۆرە تېكىن) | 1052 ـ 1068 |
| 3. شەمس ئەل مۇلىك | 1068 ـ 1080 |
| 4. خىزىرخان | 1080 ـ 1081 |
| 5. ئەھمەدخان I | 1081 ـ 1095 |
| 6. ياقۇپخان | 1089 ـ ؟ |
| 7. مەسئۇدخان I | 1095 ـ 1097 |
| 8. سۇلايمانخان | 1097 ـ ؟ |
| 9. مەھمۇدخان I | 1097 ـ 1099 |
| 10. جەبرائىلخان | 1099 ـ 1102 |
| 11. مۇھەممەدخان II (مۇھەممەد ئارسلانخان) | 1102 ـ 1132 |
| 12. ئىبراھىمخان II | 1132 ـ ؟ |
| 13. مەھمۇدخان II | 1132 ـ 1141 |
| 14. ئىبراھىمخان III | 1141 ـ 1156 |
| 15. ئەلىخان | 1156 ـ 1160 |
| 16. مەسئۇدخان II | 1160 ـ 1178 |
| 17. ئىبراھىمخان IV | 1178 ـ 1204 |
| 18. ئوسمان بۇغراخان | 1204 ـ 1212 |

## غەزنەۋىلەر

(961 - 1187)

| | |
|---|---|
| 1. ئالپ تېكىن | 961 ـ 963 |
| 2. ئىبراھىم | 963 ـ 966 |

| | |
|---|---|
| 3. بىلگە تېكىن | 972 ـ 966 |
| 4. پىرى تېكىن | 977 ـ 972 |
| 5. سوبۇق تېكىن | 997 ـ 977 |
| 6. ئىسمائىل | 998 ـ 997 |
| 7. سۇلتان مەھمۇد | 1030 ـ 998 |
| 8. سۇلتان مۇھەممەد | 1040 ـ 1030 |
| 9. سۇلتان مەسئۇدI | 1040 ـ 1030 |
| 10. سۇلتان مەۋدۇد | 1048 ـ 1041 |
| 11. سۇلتان مەسئۇد II | 1049 ـ 1048 |
| 12. سۇلتان ئەلى | 1051 ـ 1049 |
| 13. سۇلتان ئابدۇربشىت | 1052 ـ 1051 |
| 14. سۇلتان توغرۇل (تەخت دەۋاگەرلىرى) | 1053 ـ 1052 |
| 15. سۇلتان پەررۇھزاد | 1059 ـ 1053 |
| 16. سۇلتان ئىبراھىم | 1099 ـ 1059 |
| 17 سۇلتان مەسئۇد III | 1115 ـ 1099 |
| 18. سۇلتان شىرزاد | 1116 ـ 1115 |
| 19. سۇلتان ئارسلان شاھ | 1117 ـ 1116 |
| 20. سۇلتان بەھرام شاھ | 1152 ـ 1117 |
| 21. سۇلتان خىسراۋ شاھ | 1160 ـ 1152 |
| 22. سۇلتان خىسراۋ مەلىك | 1187 ـ 1160 |

## ئۇلۇغ سەلجۇقلار

ئوغۇز سۇ باشلىرى

| | |
|---|---|
| 1. كىرىگىچى بەگ | (VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى) |
| 2. توخسۇرمىش ئەلچى | |

| | |
|---|---|
| 3. توغانبەگ | |
| 4. ئارتوغرولبەگ | |
| 5. دوقاقبەگ | 903 ـ |
| 6. سالجۇقبەگ | 903 ـ 990 |
| **ئوغۇز يابغۇلىرى** | 990 ـ 1040 |
| 1. ئىسرائىل ئارسلان يابغۇ | 990 ـ 1025 |
| 1. يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇ | 1025 ـ 1028 |
| 3. موسا ئىنانچ يابغۇ | 1028 ـ 1032 |
| 4. ئىبرتاش يابغۇ | 1032 ـ 1040 |
| **ئۇلۇغ سالجۇقلارنىڭ سۇلتانلىرى** | |
| 1. سۇلتان مەھمۇد توغرۇلبەگ | 1040 ـ 1063 |
| 2. سۇلتان مەھمۇد ئالپ ئارسلان | 1063 ـ 1072 |
| 3. سۇلتان جالائىددىن دىۋلەمەلىك | 1072 ـ 1092 |
| 4. سۇلتان مەھمۇد (ئىككى ئايلا سۇلتان بولغان) | 1092 ـ 1093 |
| 5. سۇلتان روكنىددىن بىركيارۇق | 1093 ـ 1104 |
| 6. مەلىك شاھ II (بىر ئايلا سۇلتان بولغان) | 1104 ـ 1105 |
| 7. سۇلتان مەھمۇد تاپار | 1105 ـ 1118 |
| 8. سۇلتان مۇئىززىددىن سەنجەر | 1118 ـ 1157 |
| **ئابباسىلار خەلىپىلىرى** | (750 ـ 1258) |
| 1. سەففاھ | 750 ـ 754 |
| 2. مەنسۇر | 754 ـ 775 |
| 3. مەھدى | 775 ـ 785 |
| 4. ھادى | 785 ـ 786 |
| 5. ھارۇن رەشىد | 786 ـ 809 |

| | |
|---|---|
| .6 ئىمىن | 813 ـ 809 |
| .7 مۆمىن | 833 ـ 813 |
| .8 مۇتاسىم I | 842 ـ 833 |
| .9 ۋاسىق I | 847 ـ 842 |
| .10 مۇتىۋەككىل I | 861 ـ 847 |
| .11 مۇنتەسىر | 862 ـ 861 |
| .12 مۇستائىن I | 866 ـ 862 |
| .13 مۇتىز | 869 ـ 866 |
| .14 مۇھتىدى | 870 ـ 869 |
| .15 مۇتىمىد | 892 ـ 870 |
| .16 مۇتىزىد I | 902 ـ 892 |
| .17 مۇكتىفى | 908 ـ 902 |
| .18 مۇقتىدىر | 932 ـ 908 |
| .19 قاھىر | 934 ـ 932 |
| .20 رازى | 944 ـ 940 |
| .21 مۇتتىقى | 944 ـ 940 |
| .22 مۇستىقفى I | 946 ـ 944 |
| .23 مۇتىئى | 974 ـ 946 |
| .24 تائي | 991 ـ 974 |
| .25 قادىر | 1031 ـ 991 |
| .26 قايىم I | 1075 ـ 1031 |
| .27 مۇقتىدى | 1094 ـ 1075 |
| .28 مۇستەزىر | 1118 ـ 1094 |
| .29 مۇستىرشىد | 1135 ـ 1118 |
| .30 رەشىد | 1136 ـ 1135 |

| | |
|---|---|
| 31. مۇقتەفى | 1160 ـ 1136 |
| 32. مۇستەنجىد I | 1170 ـ 1160 |
| 33. مۇستېزى | 1180 ـ 1170 |
| 34. ناسىر | 1225 ـ 1180 |
| 35. زاھىر | 1226 ـ 1225 |
| 36. مۇستەنسىر I | 1242 ـ 1226 |
| 37. مۇستەسىم | 1258 ـ 1242 |

**ئەرەب ئۇممەۋىلەر خەلىپىلىكىنىڭ خوراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قويغان نائىبلىرى**

| | |
|---|---|
| 1. رابى ئىبنى زىياد خارىس | ؟ ـ 671 |
| 2. ئابدۇللاھ ئىبنى ھازىم | 691 ـ 683 |
| 3. ئۇمەييان ئىبنى ئابدۇللاھ | 697 ـ 692 |
| 4. يېزىد ئىبنى ئابدۇللاھ | 704 ـ 701 |
| 5. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم | 715 ـ 704 |
| 6. جەرراھ ئىبنى ئابدۇللاھ | 719 ـ 717 |
| 7. سەئىد ئىبنى ئالدۇلئەزىز | 721 ـ 720 |
| 8. سەئىد ئىبنى ئامىر خارۇشى | 727 ـ 721 |
| 9. ئاسراش ئىبنى ئابدۇللاھ | 729 ـ 727 |
| 10. ئىبنى ئابدۇللاھ سۇلايمان | 734 ـ 729 |
| 11. ئاسىم ئىبنى ئابدۇللاھ | 735 ـ 734 |
| 12. ئەسئەت ئىبنى ئابدۇللاھ | 738 ـ 735 |
| 13. ناسىر ئىبنى سەييار | 748 ـ 738 |
| 14. ئابامۇسلىم | 754 ـ 748 |

**غەربىي قىتان خانلىرى**

(1211 - 1125)

1. يىلوداشى (گورخان) 1125 ـ 1143

2. تابۇيان 1143 ـ 1150

3. يىلۇيىلى 1151 ـ 1163

4. پۇساۋەن 1164 ـ 1177

5. يىلوجىلوگو 1177 ـ 1211

## نايمان خانلىرى

1. تايانخان 1203 — ؟

2. كۈچلۈكخان (1203 1218 + 1209)

## قاراخانىيلارنىڭ غەزنەۋىلەر ۋە سەلجۇقىلار بىلەن بولغان قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى

| ياتلىق بولغان قىزنىڭ ئىسمى | كىمنىڭ قىزى | كىمگە ياتلىق بولغان | قاچان | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|
| خان مەلىك شاھ خاتۇن | مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ | سۇلتان مەسئۇدقا | ملادى 1033 ـ يىلى | توي غەزنىدە بولغان. سۇلتان مەسئۇد ئۆلگەندىن كېيىن، مەلىك شاھ خاتۇن ئالپ ئارسلانغا ياتلىق بولغان. |
| .... خاتۇن | سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ | سۇلتان مەۋدۇدقا | | ملادىنىڭ 1032 ـ يىلى سۇلتان مەۋدۇدقا ياتلىق بولۇش ئۈچۈن قەشقەردىن غەزنى (ھازىرقى ئافغانىستان) غا كېتىۋاتقاندا، يولدا ۋاپات بولغان. |
| ئايشە خاتۇن | ئالپ ئارسلانخاننىڭ | شەمس ئەلمۇلككە | ملادى 1070 ـ يىللىرى | |
| تۇركان خاتۇن | ئىبراھىم بۇرە تېكىننىڭ | مەلىك شاھقا | 1085 ـ يىللىرى | سۇلتان مەلىك شاھنىڭ ۋارىسى بولغان مەھمۇد تۇركان خاتۇندىن تۇغۇلغان. ئۇ بەش يېشىدا تەختكە چىقىپ ئىككى ئايدىن كېيىن چۈشۈرۈلگەن. |
| ھىلالىيە | شەمس ئەلمۇلكنىڭ تاغىسى ئىيسانىڭ قىزى | مەلىك شاھقا | 1090 ـ يىلى | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ... خاتۇن | مەلىك شاھنىڭ | سۇلايمان خانغا (غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى) | 1095 - يىلى | |
| ... خاتۇن | سۇلتان سەنجەرنىڭ | مۇھەممەد ئارسلانخانغا | 1130 - يىلى | سۇلتان سەنجەرنىڭ قىزىدىن تۇغۇلغان مەھمۇدII 1153 - يىلىدىن 1157 - يىلغىچە سەلجۇقلار ئىمپېرىيەسىنى باشقۇرغان. شۇ چاغلاردا سەنجەر ئوغۇزلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالغانىدى. |
| ... | غەربىي ئىلىكخانى يۇسۇپ ئىبنى ئەلىنىڭ سىڭلىسى | ساپىگە (سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئوغلى) | مىلادىنىڭ 1036 - يىلى | |
| ... | ناسىرنىڭ | يۇسۇپ ئىبنى ئەلىگە | 1036 - يىلى | ناسىر - سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ جىيەنى ئىدى |
| ... | ناسىرنىڭ | سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىگە | 1000 - يىلى | ناسىر قاراخانىيلارنىڭ غەربىي ئىلىكخانى ئىدى (992 - 1112) |
| خان سۇلتان مۇھەممەد | خارەزىم شاھ ئالائىدىننىڭ | ئوسمان بۇغراخانغا | 1212 - يىلى | شۇ يىلى ئالائىددىن ئوسماننى ئۆلتۈردى |

# ئون بەشىنچى باب: قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈمى

## ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى

ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى قاغانلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئىدى.

قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىنى ياغمىلاردىن چىققان خانلار تەشكىل قىلاتتى. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر قاراخانىيلاردۆلىتىنى ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ياغما قەبىلىسى قۇرغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەخمىنەن 400 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىگە باشتىن تارتىپ ئاخىرغىچە ياغمىلاردىن چىققان خانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ياغمىلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە قېرىنداش قەبىلىلەر (قارلۇق، چىگىل، تۇقسى، ياباقۇ، باسمىل، ئوغراق، يەمەك، ئارغۇ قەبىلىلىرى) نىڭ بەگلىرى، خانلىرى ياغمىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلەت ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى.

باشتا، قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرىنىڭ، قاراخان، بوغراخان، ئارسلانخانغا ئوخشاش ئۇنۋانلار بىلەن ئاتالغانلىقى توغرىسىدا توختالغانىدىم.

ئەمدى قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ باشتا تىلغا ئېلىنمىغان ئۇنۋانلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرمەكچىمەن.

قاراخانىيلار، مىلادىنىڭ 960 - يىلى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغاندىن باشلاپ، قاراخانى قاغانلىرى بىلەن باغدادتىكى ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئالاھىدە بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. قاراخانىيلارنىڭ قاغانانلىرى ئەرەب ئاباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغدادقا پات - پاتلا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ تۇرىدىغان بولدى.

ئاباسىيلارنىڭ خەلىپىلىرى قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرىغا شەرەپلىك دىنىي ئۇنۋانلارنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ شۆھرىتىنى ئىلاھلاشتۇردى ۋە ئابرۇيىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئوبۇلھەسەن ھارۇن بوغراخانII (1075 - 1102) غا باغداد خەلىپىسى مۇقتەدى (1075 - 1094) «ئادالەت ۋە دىنىنى قوغدىغۇچى»، «دىنىنىڭ شۆھرىتى، شەرق پادىشاھى» قاتارلىق ئۇنۋانلارنى بەرگەن. ھارۇن بوغراخان II نىڭ ئوغلى ئەھمەد ئارسلان (1102 - 1128) مىلادىنىڭ 1105 - يىلى مەھمۇد ئىبنى جارۇپ كاشغەرى باشچىلىقىدا، قەشقەردىن باغدادقا ئەلچىلەر ئەۋەتكەندە، ئاباسىيلار خەلىپىسى مۇستەزىر (1094 - 1118) ئەھمەد ئارسلانغا: «دۆلەتنىڭ نۇرى» قاتارلىق ئۇنۋانلارنى تەقدىم قىلدى. قاراخانىيلار قاغانلىرىدىن بۇنداق ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەنلەر ئاز ئەمەس.

بۇنىڭدىن تاشقىرى غەزنەۋى سۇلتانلىرى بىلەن سەلجۇق ئىمپېراتورلىرىمۇ باغداد خەلىپىلىرى تەرىپىدىن ناھايىتى يۇقىرى دىنىي ئۇنۋانلارنى ئالغانىدى. مىلادىنىڭ 998 - يىلى ناسىر ئىلىكخان باشچىلىقىدىكى قاراخانىيلار قوشۇنى بۇخارانى ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلغاندا، مەھمۇد غەزنەۋى، غەزنە شەھىرىدە تەختكە چىقىپ، ئۆزىنى ئەڭ شۆھرەتلىك نام بىلەن «سۇلتان» دەپ ئاتىغانىدى. باغداد خەلىپىسى قادىر (991 - 1031) پەرمان چىقىرىپ، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنى «دۆلەتنىڭ ئوڭ قولى ۋە دىندارلارنىڭ تايانچىسى» دەپ ئاتاپ ئۇنىڭغا ئالتۇن تاج تەقدىم قىلغان.

مەلىك شاھنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1072 - يىلىدىن 1092 - يىلىغىچە)

ئۇلۇغ سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى ئۆزىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ سەلتەنەتلىك باسقۇچىغا يەتكەنىدى. شۇ چاغدا، بىنالارنىڭ تېگىشلىك جايلىرىغا «سۇلتان تەڭرىنىڭ يەردىكى سايىسى» دېگەن بېغىشلىمىلار يېزىلغانىدى.»[1]

باغداد خەلىپىلىرى تەرىپىدىن ئۇنۋان بېرىلگەن قاراخانى قاغانلىرىنىڭ نامى خۇتبىدە ئوقۇلىدىغان بولدى. شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ نامى قەشقەر، خوتەن، بالاساغۇن خۇتبىلىرىدە ئوقۇلغان بولسا، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئىبراھىم بۆرە تېكىننىڭ نامى سەمەرقەند، ئۆزكەنت، بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ خۇتبەلىرىدە ئوقۇلغانىدى. ئىبراھىم بۆرە تېكىن (1052 ـ 1068) مىلادىنىڭ 1061 ـ يىلى باغدادقا ئەلچى ئەۋەتىپ، خەلىپە قايىم بىلەن دوستلۇق ئورناتقانىدى. خەلىپە قايىم (1031 ـ 1075) ئىبراھىم بۆرە تېكىنگە «شەرق ۋە چىننىڭ پادىشاھى» ئۇنۋانىنى بەرگەن.

قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى تەختكە چىققان ھامان ئۆز نامىدا پۇل چىقىرىپ (ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن) ئۇنىڭغا خەلىپىنىڭمۇ نامىنى يازاتتى. مەسىلەن: غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئەبۇ ئىسھاق ئىبنى ناسىر (ئىبراھىم بۆرە تېكىن) (1052 ـ 1068) ئۆز نامىدا چىقارغان پۇلغا باغداد خەلىپىسى ئىل قايىم (1031 ـ 1075) نىڭ نامىنىمۇ قوشۇپ يازغان.

قاراخانىيلارنىڭ ئىلىكخانلىرى ئىچىدە «تاۋغاچ قاراخان»، «تاۋغاچ بۇغراخان» ئۇنۋانىدا ئاتالغانلىرىمۇ بار. «تاۋغاچ» سۆزىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا يېقىندىن بۇيان ھەركىم ھەر نېمە دېيىشكەن ئىش چىقىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ سۆزنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى، ئەسلى مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار.

كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن، جۇڭگونى شىمالدىكى قوشنىلىرى تۇرالار (ھونلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) «تاۋغاچ» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆز «قارام»، «بېقىندى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. جياگۇۋېندىكى(甲骨文) خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرالار ئاز ھېسابلانغاندىمۇ، مىلادىدىن 18 ئەسىر بۇرۇن (ھازىرقى كۈندىن تەخمىنەن 4000 يىل بۇرۇن) جەنۇبقا سىلجىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، مىلادىدىن تەخمىنەن سەككىز ئەسىر بۇرۇن (مىلادىدىن 770 يىل بۇرۇن) جۇڭگونىڭ شەنشى ئەترابلىرىنى بېسىۋالغان. VII ئەسىردە ياشىغان شەرقىي روما تارىخچىسى سىمۇكاتتا:

(1) گ. غايۇرۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىكلىرى تارىخى» خەنزۇچە نەشرى 236 بەت.

«تاۋغاچ بولسا ئەسلىدە تۇرانىلارنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى» دەپ يازىدۇ[1]. جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە، جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمى (شەنشى ئەتراپلىرى) ھونلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن باشلاپ، ھونلارمۇ جۇڭگونى «تاۋغاچ» دەپ ئاتىغان. جۇڭگو ئۆز تارىخلىرىنىڭ بىرمۇنچە مەزگىللىرىدە ھەقىقەتەنمۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ شىمالىدىكى ھون دۆلىتى بىلەن تۈرك دۆلەتلىرىگە بېقىندى، قارام ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. خەن سۇلالىسى مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 130 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەخمىنەن 70 يىل ھونلارغا ھەر يىلى مۇئەييەن مىقداردا، تاۋار - دۇردۇن ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ،ئولپان تۆلەپ تۇرغان. كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ قاغانلىرى موقانخان بىلەن تاۋارخاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 554 - يىلىدىن 581 - يىلىغىچە) جۇڭگو (چى سۇلالىسى بىلەن شىمالىي جۇ سۇلالىسى) تۈركلەرگە بېقىندى دۆلەت بولۇپ قالغان.

مىلادىنىڭ VIII ئەسىردىكى كۆك تۈرك يادىكارلىقىدا (بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا) جۇڭگونى «تاۋغاچ» دەپ خاتىرىلىگەن. شەرقىي روما تارىخچىسى سىمۇ كاتتا بولسا، كۆك تۈرك يادىكارلىقىدىن بۇرۇن، ئەڭ قەدىمكى چاغدىلا، تۇرالاردا تارقىلىپ كەلگەن «تاۋغاچ» ئاتالغۇسىغا ئاساسلىنىپ، جۇڭگونى ئۆز ئەسىرىدە «تاۋغاچ» دەپ يازغان.

قاراخانىيلارنىڭ ماۋەرائۇننەھرنى باشقۇرىدىغان ئېلىكخانلىرى (كىچىك خانلىرى) ئۆز ناملىرىنىڭ ئايىغىغا «بوغرا» ئۇنۋانىنى قوشۇپ ئاتاشنى تەلەپ قىلغاندا، پايتەخت قەشقەردە تۇرىدىغان چوڭ قاغانلار بۇ تەلەپنى ماقۇل كۆرمىگەنىدى. ئېلىكخانلار، ئۇنداق بولسا ئۆزىمىزنى «تاۋغاچ بوغراخان» (تەۋە بولغۇچى، بېقىنغۇچى بۇغراخان) دەپ ئاتايلى دەپ تەلەپ قىلىشقان. بۇ يەردىكى «تاۋغاچ» ئاتالغۇسىنىڭ چوڭ قاغان بىلەن ئېلىكخانلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مىلادى 1040 - يىلىغا كەلگەندە، غەربىي ئېلىكخان ناسىرنىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەد بىلەن ئىبراھىم بۆرە تېكىنلەر غەربىي ئېلىكخان يۇسۇپنى قەشقەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىپ، كۆرۈنۈشتە ئېلىكخان قىياپىتىگە كىرىۋالغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولۇۋالغانىدى. ئۇلار يالغاندىن پايتەخت قەشقەردىكى ئۇلۇغ قاغانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى «تاۋغاچ قاراخان» (بېقىنغۇچى

(1) سىن جوگمىيەن «تۈرك تارىخى توپلىمى» خەنزۇچە 1048 - بەت.

قاراخـان) دەپ ئاتاشـقان. 1068 ـ يىلـى ئىبراھىـم بـۆرە تېكىـن ۋاپات بولغاندىـن كېيىـن، غەربىـي قاراخانىيلارنىـڭ قاغانلىـرى ئـۆز ئۇنۋانلىرىـدا «تاۋغـاچ» سـۆزىنى قوللانمايدىغـان بولـدى.

قاراخانىيـلار دۆلىتىنىـڭ سىياسـىي تۈزۈمـى بويىچـە، دۆلەتكـە ئۇلـۇغ قاغاندىـن باشـقا يەنـە بىـر ئورۇنباسـار قاغانمـۇ قويۇلاتتـى.

مىلادىنىـڭ 1058 ـ يىلـى شـەرقىي قاراخانىيلارغـا يۈسـۈپ قادىرخاننىـڭ كەنجى ئوغلـى توغـرۇل قاراخـان (مۇسـۇلمانچە ئىسـمى مەھمۇدخـان) قاغـان بولغانـدا، ئۇنىڭ ئاكىسـى سـۇلايمان ئارسـلانخاننىڭ ئوغلـى ئوبۇلھەسـەن تاۋغـاچ بوغراخـان ئۇنۋانىـدا ئورۇنباسـار قاغـان بولغانـدى. ئوبۇلھەسـەن تاۋغـاچ بوغراخـان توغـرۇل قاراخانغا 16 يىـل (مىلادىنىـڭ 1058 ـ يىلىدىـن 1074 ـ يىلىغىچـە) ئورۇنباسـار قاغـان بولـدى. ئـۇ بـۇ مەزگىلـدە تاۋغـاچ بوغراخـان دەپ ئاتالـدى. كېيىـن بولسـا، مىلادىنىـڭ 1074 ـ يىلـى شـەرقىي قاراخانىيلارغـا ئىككـى ئايـلا قاغـان بولغـان توغـرۇل تېكىـن (توغـرۇل قاراخاننىـڭ ئوغلـى) نـى تەختتىـن چۈشـۈرۈپ، ئـۆزى ئۇلـۇغ قاغـان بولدى. شـۇنىڭدىن تارتىـپ تاكـى ئۆمرىنىـڭ ئاخىرىغىچـە (مىلادىنىـڭ 1075 ـ يىلىدىـن 1103 ـ يىلىغىچـە) ئـۇ ھـارۇن بوغراخـان II ئۇنۋانىـدا ئاتالـدى. چـوڭ قاغـان بولغاچقـا، بۇرۇنقـى ئۇنۋانىدىكـى «تاۋغـاچ» سـۆزىنى ئېلىـپ تاشـلىدى. بـۇ پاكىتمـۇ «تاۋغـاچ» سـۆزىنىڭ قانـداق زۆرۈرىيەتتىـن قوللىنىلغانلىقىنـى چۈشـەندۈرۈپ بېرىـدۇ.

قاراخانىيلارنىـڭ قاغانلىرىنىـڭ ئوغۇللىـرى تېكىـن دەپ ئاتىلاتتـى. «تېكىـن» ھەققىـدە مەھمـۇد كاشـغەرى مۇنـداق دەپ يازىـدۇ: «بـۇ سـۆزنىڭ ئەسـلى مەنىسـى ‹قـۇل› دېمەكتـۇر. شـۇنىڭدىن ئېلىنىـپ، رەڭگـى كۈمۈشـتەك ساپ قـۇل ‹كۈمـۈش تېكىـن›، قەھرىمـان قـۇل ‹ئالـپ تېكىـن›، ئايىغـى ياراشـقان قـۇل ‹قۇتلـۇق تېكىن› دېيىلىـدۇ. كېيىـن بـۇ سـۆز قاغـان ئائىلىسـىنىڭ بالىلىرىغىـلا خـاس بولـۇپ قالغـان. كېيىنچـە بـۇ سـۆز بىـر يىرتقـۇچ ھايۋاننىـڭ نامـى بىلـەن ياكـى باشـقا سـۆزلەر بىلـەن بىرلىكتـە قوشـۇپ ئىشـلىتىلىدىغان بولـدى. مەسـىلەن: ‹چاغـرى تېكىـن قارچۇغـا تېكىن›،‹كـۈچ تېكىـن كۈچلـۈك تېكىـن› دېگەنگـە ئوخشـاش.

بـۇ سـۆزنىڭ ئەفراسـياپنىڭ ئوغۇللىرىغا قانـداق كۆچكەنلىكىگە كەلسـەك، ئـۇلار ئـۆز ئاتىلىرىنـى كـۆپ ھۆرمەتلـەپ، ناھايىتـى چـوڭ كۆرەتتـى. شـۇنىڭ ئۈچـۈن بىـرەر ئىشـتا ئاتىسـىغا مۇراجىئـەت قىلسـا ياكـى خـەت يازسـا، ئۆزلىرىنـى تـۆۋەن تۇتـۇپ «‹قۇلىڭىـز پالانـى مۇنـداق قىلـدى، قۇلىڭىـز پوكۇنـى ئۇنـداق قىلـدى› دەيتتـى.

كېيىنچە بۇ سۆز ئۇلارغا ئات بولۇپ قالدى. باشقا قۇللاردىن ئۇلارنىڭ ئىتتىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ سۆزنىڭ يېنىغا يەنە بىرەر سۆز قوشۇپ ئىشلىتىلىدىغان بولدى.»[1]

قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى ئۆز ئوغۇللىرىغا قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىسىم قويغاندىن تاشقىرى يەنە مۇسۇلمانچە ئىسىممۇ قوياتتى. مەسىلەن: يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرى مۇنداق:

| ئۇيغۇرچە ئىسمى: | مۇسۇلمانچە ئىسمى: |
|---|---|
| 1. ياغان تېكىن (يىل تېكىن) | سۇلايمان |
| 2. بوغرا تېكىن | مۇھەممەد |
| 3. توغرۇل قاراخان | مەھمۇد |

قاراخانىيلارنىڭ مەلىكىلىرى «ئالتۇن تارىم» دەپ ئاتىلاتتى.

قاراخانىيلارنىڭ تېكىنلىرى ئۆز ئاتىسى ئورنىغا قاغان بولاتتى ياكى ئىلىكخان ئورنىدا دۆلەتنىڭ مەلۇم بۆلىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

قاراخانىيلار مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلى سامانىلار پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۆز تېررىتورىيىسىدە سامانىلارنىڭ بىرلەشكەن مەركىزى ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلماي، چوڭ ـ چوڭ رايونلارنى قاغانغا ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان ئىلىكخانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويغانىدى.

قاراخانىيلارنىڭ چوڭ قاغانلىرى كۆپىنچە قەشقەردە تۇراتتى. گاھىدا قىسقا مۇددەت بالاساغۇندىمۇ تۇراتتى. قاراخانىيلارنىڭ ئىلىكخانلىرى بولسا، بالاساغۇندا ۋە ئۆزكەنتتە تۇراتتى. سامانىلار پادىشاھلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار، شىمالىي ئىلىكخان نامىدا بالاساغۇنغا ۋە غەربىي ئىلىكخان نامىدا ئۆزكەنتكە ھۆكۈمدار قويغانلىقىنى باشتا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

مىلادىنىڭ 992 ـ يىلى ھارۇن بوغراخان سامانىلارنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئالغاندىن كېيىن، ئەلى ئارسلانخان (970 ـ 998) ئوغلى ناسىرنى غەربىي ئىلىكخانلىققا، توغانخان ئاتلىق بىر خانزادىنى شىمالىي ئىلىكخانلىققا تەيىنلىگەن. ناسىر ماۋەرائۇننەھرگە، توغانخان يەتتەسۇ، ئەلى ۋادىسى قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمراتلىق قىلغان.

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» 122 ـ بەت.

قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى دۆلەتنىڭ پۈتۈن تېررىتورىيىسىنى گويا ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مۈلكى دەپ ھېسابلايتتى. مىلادىنىڭ 1042 ـ يىللىرى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى سۇلايمان ئارسلانخان ئىچكى ئىسيانلار (ياباقۇلارنىڭ ئىسيانى) نى باستۇرۇپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيىسىنى خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان ھۆكۈمران تەبىقىدىكى شەخسىيلەرگە بۆلۈپ بەرگەن. قەشقەر بىلەن بالاساغۇن سۇلايمان ئارسلانغا (1032 ـ 1056)، تالاس بىلەن ئىسفىجاپ سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئۆكىسى بۇغرا تېكىنگە (بولغۇسى مۇھەممەد بۇغراخانغا)، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ شەرقىدىكى رايونلار سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئۆكىسى توغرۇل قاراخان (مەھمۇدخان) غا، پەرغانە ۋادىسى ئۇلارنىڭ تاغىسى ئەھمەد ئىبنى ھەسەنگە (ھارۇن I نىڭ ئوغلى) بۆلۈپ بېرىلگەن.

ئالاھىدە بولغان بىر ئەھۋال شۇكى، ئىلىكخانلار ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونلاردا، ئۆز نامىدا پۇل زەرب قىلىش، ھەتتا چەت دۆلەتلەر بىلەن بىۋاستە دىپلوماتىك ئالاقىلەرنى يولغا قويۇش، بىرەر دۆلەتكە قارشى ئۇرۇش قىلىش قاتارلىق چوڭ ئىشلارنىمۇ ئۆز ئالدىغا قارار قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە ئىدى. ئىلىكخانلار قەشقەردە تۇرىدىغان چوڭ قاغانغا بەزى چاغلاردا دېگەندەك بويسۇنۇپمۇ كەتمەيتتى.

ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىدە يۈرگۈزۈلگەن سىياسىي جەھەتتىكى قاغانلىق (چوڭ قاغان، ئورۇنباسار قاغان ۋە ئىلىكخانلىق تۈزۈمى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سۇيۇرغاللىق ئىكتا) تۈزۈمى قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى ئىچىدە تەختكە ۋە يەرگە ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە ھەر قاچان ئۆز ئارا زىددىيەت ۋە تالاش ـ تارتىشقا ھامىلدار بولۇپ، قالايمىقان ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغانىدى. بۇ تۈزۈم ئاخىر بېرىپ مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى پۈتۈن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىيلارغا بۆلۈنۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى دۆلەتنى باشقۇرۇشتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىكى تۈزۈملەرنى يۈرگۈزگەندىن تاشقىرى، مەركىزى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا خىلمۇ خىل دەرىجىدىكى ئەمەلدارلارنى بەلگىلىگەنىدى.

پايتەخت قەشقەردىكى ئوردىدا، يۇگۇرۇش دەپ ئاتىلىدىغان ۋەزىر (بۇ خان

جەمەتىدىن بولاتتى)، خاس ھاجىپ ئۇنۋانلىق سارايى ۋەزىرى بولاتتى. خاس ھاجىپلىق ۋەزىپىسىگە ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق (بولۇپمۇ ئاسترونومىيە، ئەدەبىيات، تېبابەتچىلىك ساھەسىدە كامالەتكە يەتكەن) كىشىلەرلا قويۇلاتتى. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇنۋانىدا شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ سارايى ۋەزىرى بولغانىدى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان مەسلىھەتچىلەر بولاتتى. ئۇلار ئۆگە، دەپ ئاتىلاتتى. ئۆگە توغرىسىدا مەھمۇد كاشغەرى بۇنداق دەپ يازىدۇ: « ئۆگە تەجرىبىلىك، ئەقىللىق، كاداڭ، ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان قىرىسال كىشىلەرگە بېرىلىدىغان، تېگىنىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئاتاق. بۇ سۆز مۇنداق كېلىپ چىققان، زۇلقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈركىي قاغانى ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرلەرنى ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. قاغاننىڭ ۋەزىرى: ‹سىز زۇلقەرنەيىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەرسىنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى› دېگەندە، قاغان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى ‹ئۆگە› سۆزىنى قوللىنىپ، ‹ئۆگەنمۇ؟› دەپ سورىغان. ۋەزىر ‹ھەئە› دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن قاغان ياشانغان، سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن. ئۇلار بىر كىچىسى زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغان ۋە ئۇلارنى يەڭگەن.»[1] بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز دۆلەت باشقۇرۇشتا يالغۇزلا خان جەمەتىدىكى قابىل، ئەقىللىق كىشىلەردىن پايدىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، تەجرىبىلىك كىشىلەردىنمۇ پايدىلانغان.

بۇ سۆز توغرۇلۇق بولغاندا، شەرقىي تۈرك قاغانلىرىدىن ئىلتىرىش قۇتلۇق قاپاغان قاغان بىلەن بىلگە قاغانلار ھاكىمىيىتىدە باش مەسلىھەتچى، باش قوماندان، باش ۋەزىر بولغان بىلگە تونيۇقۇقنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. قاپاغان قاغان مىلادىنىڭ 709 ـ يىلى شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ماڭدۇرغاندا، ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن باش قوماندان كۆل تېگىنگە تونيۇقۇقنى قوشۇپ ئەۋەتكەنىدى.

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» 122 ـ بەت.

قاراخانىيلار قاغانلىرىنىڭ ئوردىلىرىنىڭ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئىكەنلىكى ۋە گۈزەللىكى توغرىسىدا تارىخچىلار خېلى ئېنىق خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى شەمس ئەلمۈلك بۇخارادا شەمس ئاباد ناملىق ئوردا سالدۇرغان. شەمس ئاباد ئوردىسىدا، قاغانلار تۇرىدىغان باغلىق ھويلىدىن باشقا، جەننەت بىلەن ھۆسن تالىشىدىغان گۈزەل باغلار ۋە ھايۋانات باغچىلىرى بار ئىدى. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى مانا شۇ شەمس ئاباد ئوردىسىدا راھەت - پاراغەتتە ياشىغان.

قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت بايرىقى قىزىل بولغاندىن تاشقىرى، تۇغلىرىمۇ قىزىل ئىدى. قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرىنى «توققۇز تۇغلۇق خان» دەپ ئاتايتتى. ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن تارتىپ توققۇز ساننى خاسىيەتلىك، يارىشىملىق، مۇقەددەس سان ھېسابلايتتى. ھازىرمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «توققۇزىمىز تەل بولدى، ھېچنېمىگە ھاجىتىمىز يوق» ياكى «توققۇزۇم تەل بولمايلا ئۆتەتتى» دېگەندەك سۆزلەر ساقلىنىپ قالغان.

قوياش ئۆرلىدى، قوپتى يەردىن توزان،
توققۇز رەڭدە ھال تۇغ يېقىنلاپ ھامان[1].

قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى يايلاققا ئوۋغا ياكى ئۇرۇشقا بارسا، ئۇلار ئۈچۈن ئالاھىدە يىپەك تەتىللادىن چېدىر - بارگاھلار تىكىلەتتى. بۇنداق چېدىر - بارگاھلار قاغاننى شامال - بورانلاردىن، يامغۇر - يېشىندىن ۋە ئىسسىق - سوغۇقتىن ساقلايتتى. ئۇرۇش مەيدانلىرىدا، ئۇرۇش باشلاشتىن بۇرۇن قاغان ئۈچۈن چېدىر - بارگاھ قۇراشتۇرۇلۇپ، تۇغلار تىكىلەتتى. قاغاننىڭ چېدىر - بارگاھلىرى بارگاھ ئەتراپىغا تىكىلگەن قىزىل بايراقلار ۋە تۇغلار ئۇرۇش مەيدانىغا ئاجايىپ سۈرلۈك بىر مەنزىرە بېغىشلايتتى.

بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرى بۇنداق دەپ يازىدۇ:

خاننىڭ چېدىرى قۇرۇلدى،
تۇغ تىكىپ، دۇمباق ئۇرۇلدى.

(1) يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇرچە 1009 - بەت.

دۈشمەن ئوتتەك ئۆرۈلدى،
ئۇ نەگىلا قاچسا تۇتۇلار.

جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: «خاننىڭ قاتتىق ئىسسىقتىن ۋە قار - يامغۇردىن ساقلايدىغان يىپەك چېدىرى تىكىلدى، تۇغلار قادالدى. دۇمباقلار چېلىندى، دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئوت - چۆپتەك ئۆرۈلدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ چوڭى مەندىن قانداق قېچىپ قۇتۇلار؟!»[1]

قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى ۋە شاھزادىلىرى توق قىزىل رەڭلىك يىپەكتىن قىلىنغان كۆڭلەك ئىشلىتەتتى. «يوگۇرۇش» ئۇنۋانىدا ئاتىلىدىغان ۋەزىرلەرنىڭ كۆڭلەكلىرى قارا رەڭلىك يىپەكتىن بولاتتى.

## ھەربىي تۈزۈم

قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ھازىرغىچە، دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەتنى باشقۇرۇشتا، قانۇندىن ۋە ھەربىي كۈچتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك مۇھىم ئامىلدىن پايدىلىنىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى باشقۇرۇشى لازىملىقىنى تەكىتلىگەندىن تاشقىرى، يەنە دۆلەتنى قوراللىق كۈچ ئارقىلىق باشقۇرۇشنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن: داستاننىڭ 286 - بېتىدە:

قىلىچ بىلەن ئۆزۈپ ياۋنىڭ بويىنىنى،
ئادىل قانۇن بىلەن تۈزىسۇن ئېلىنى.

دەپ يېزىلغان.

قەدىمكى چاغدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە، دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، ئىچكى توپىلاڭلارنى باستۇرۇش ۋە تاشقى دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇنۇملۇك ھالدا تاقابىل تۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە I توم 262 -، 263 - بەتلەر.

قوراللىق كۈچكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ۋە بەرمەكتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، قارخانىلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى خېلى مۇكەممەل بولغان. قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرى ئوردا قاراۋۇللىرى، ئالاھىدە قوشۇن ۋە دۆلەتتىكى خانلارنىڭ ئىگىلىدىكى قوشۇنلاردىن تەركىب تاپقان. ئوردا قاراۋۇللىرى «تورغاق» ۋە «ياتقاق» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى قىسىمدىن ئىبارەت ئىدى. قاراخانىيلارنىڭ ئوردىلىرىدا، كۈندۈزى قاراۋۇللۇق قىلىدىغانلار «تورغاق» دەپ ئاتالسا، كېچىسى قاراۋۇللۇق قىلىدىغانلار «ياتقاق» دەپ ئاتىلاتتى. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دېيىلگەن:

قوۋۇقچى، كۆزەتچى بىلەن كۈن ۋە تۈن -
بولۇپ قىلدى خىزمەت ئۇ سادىق پۈتۈن.

ئۇرۇش ۋاقتىدا، «يۇرتۇغ» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ جىددىي بولغان ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. قاراخانىيلارنىڭ بوغرالىرى قوشۇن باشلاپ ئۇرۇشقا ماڭغاندا، ئالاھىدە قوشۇن قاغاننى ئارىغا ئېلىپ، قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت بايرىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا بايراقلار، تۇغلار ۋە ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان ئۇمۇتلارنى كۆتۈرۈشۈپ، باشتىن - ئاخىر مۇكەممەل ناھايىتى ھەيۋەتلىك ھالدا مېڭىشاتتى. بۇ ئالاھىدە قوشۇننىڭ سانى 12 مىڭ ئاتلىق جەڭچىدىن تەركىب تاپاتتى. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئالاھىدە قوشۇنى 12 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقانىكەن[1].

ئالاھىدە قوشۇن ئۇرۇش مەيدانىغا قۇرۇلغان قاغان چېدىرىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلىشاتتى. ئۇلار، باش قوماندانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قاغاننى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن تاشقىرى، ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان قوشۇنلارنىڭ بۇيرۇقسىز چېكىنىپ كەتمەسلىكى، ئىنتىزامسىزلىق قىلىپ، تارقىلىپ كەتمەسلىكىگە مەسئۇل ئىدى.

بۇ توغرىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

(1) رشات گەنچ: «قاراخانيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» تۈركچە 291 - بەت.

2586. قوماندان قورۇغداش توپى قۇرغۇلۇق،
يىغىپ ئالدى - كەينىدىن رەتكە سالغۇلۇق.
2344. قوشۇننى ساقلىسۇن، قىلسۇن مۇنتىزىم،
كېيىن ۋە ئىلگىرى يۈرمىسۇن ھېچكىم.
2587. كىچىكلەر ئۇلۇغلار ئارا كىرمىسۇن،
يىراقتا يۈرگۈچى يىقىن كەلمىسۇن.
2588. نېچۈك بولسا سارايدا قوپۇش - ئولتۇرۇش،
كېرەكتۇر بۇ يەردە ھەم شۇنداق بولۇش.

ئالاھىدە قوشۇندىن باشقا، ئىلىكخانىلار باشقۇرىدىغان قوشۇنلار بولۇپ، بۇلار زور تېپىلغاندا، قاراخانىيلار قاغانلىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، باش قوماندانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى.

قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ سۈپىتىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئۇرۇش تارىخىنىڭ ناھايىتى مول تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك مۇھىم ئامىللار ئىچىدە قوشۇننىڭ سان جەھەتتىكى كۆپلۈكى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقى، قورالىنىڭ خىللىقى، قوماندانىنىڭ تالانتى قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئالاھىدە رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

2333. قوشۇن سانى كۆپ بولسا، باشسىز بولۇر،
قوشۇن بولسا باشسىز، يۈرەكسىز بولۇر.
2336. كۆپ قوشۇن يېيىلسا ئىچى بولغىشۇر،
تۈزەپ بولماس ئۇنى يارامسىز بولۇر.

ئېھتىمال ئۇ يەنە، كۆپ سانلىق قوشۇننى تەمىنلەشتە خەلق ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىمۇ نەزەردە تۇتقان بولسا كېرەك. دېمىسىمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمى شارائىتىدا، دۆلەت ئەگەر نۇرغۇن سانلىق قوشۇن ساقلايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ قوشۇننى تەمىنلەشنىڭ يۈكى تەبىئىي خەلق ئۈستىگە چۈشەتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوشۇننىڭ سوپىتى توغرىسىدا توختالغاندا، قوشۇننىڭ جەڭگىۋار روھىنى، باتۇرلۇقىنى، جاسارىتىنى نەزەردە تۇتىدۇ. قانداق بولمىسۇن ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز ۋەتىنى، خەلق ئۈچۈن ئۇرۇشىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن جەڭچى ناھايىتى خۇشال - خۇرام ھالدا كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئۇرۇشقا بارىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، جەڭگىۋار روھ، باتۇرلۇق، جاسارەتلىككە ئوخشاش سوپەتلەرگە ئىگە بولغان جەڭچىنىڭ سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئۇرۇشقا كىرىشىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئوخشىتىش بىلەن تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

2380. كىلىن سۆيۈنچى نىكاھ - توي كۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى قوشۇننىڭ سانى ھەل قىلمايدى-غانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

2340. كۆپىدىن ئۆزى خوپ، بولسا مۇنتىزىم،
يىغىلگەن سانى كۆپ چىرىك كۆپ قېتىم.

دۇنيادا ئۆتكەن مەشھۇر ستراتېگلار بىلەن تاكتىكچىلار قوشۇننىڭ كۈچىنى، رولىنى سانى بىلەن ئەمەس، كۆپىنچە ئۇنىڭ يوشۇرۇن مەنىۋى كۈچى (جەڭگىۋار روھى) ۋە مۇنتىزىملىقى بىلەن مۆلچەرلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان.

دۇنيانىڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇرۇش تارىخى، روھى ئۈستۈن، باتۇر، مۇنتىزىم بولغان ئاز سانلىق خىل قوشۇننىڭ روھى تۆۋەن، ئىنتىزامى بوش كۆپ سانلىق قوشۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن پاكىتلارغا ئىگە. بىزنىڭ ئۇلۇغ، باتۇر، ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز خىللانغان ئاز سانلىق قوشۇن بىلەن دۈشمەننىڭ كۆپ سانلىق قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشتەك شانلىق نەمۇنىلەرنى ياراتقان. بۇ، ئۇيغۇر تارىخىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئايان.

باشتا مەن مىلادىنىڭ 1041 - يىلى قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا (ئېرتىش بويلىرىدا) ياشايدىغان ياباغۇ قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ

ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى، ئارسلان تېكىن قوماندانلىقىدىكى 40 مىڭ كىشىلىك قاراخانىي قوشۇنلىرىنىڭ بۇزراچ باشچىلىقىدىكى 700 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدىم.

مەھمۇد كاشغەرى شۇ ئۇرۇش توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«بۆكە، ئەجدىھا، يالماۋۇز، ماقالىدا مۇنداق كەلگەن: يەتتە باشلىق يالماۋۇز، ياباقۇلار ئەڭ چوڭلىرىنى ‹بۆكە بۇزراچ› دەپ ئاتىغاندەك، بەزى باتۇرلىرىنىمۇ بۇ نام بىلەن ئاتايدۇ. ‹بۆكە بۇزراچ› بىلەن بىللە بولغان كاپىرلارنىڭ (ياباقۇ قاتارلىقلار شامان دىنىدا ئىدى) سانى 700 مىڭ ئىدى. 40 مىڭ ئەسكەرگە ئىگە بولغان ئارسلان تېكىن غازىغا قارشى جەڭدە، تەڭرى ئۇلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. مەھمۇد ئېيتىدۇكى، مەن بۇ جەڭگە قاتناشقان كىشىدىن «‹كاپىرلار شۇنچە جىق تۇرۇپ نېمىشقا يېڭىلدى؟› دەپ سورىدىم. ئۇ: بىزمۇ بۇنىڭغا ئەجەپلەندۇق، مەغلۇپ بولغان كاپىرلاردىن: ‹سىلەر شۇنچە جىق تۇرۇقلۇق نېمىشقا يېڭىلدىڭلار؟› دەپ سورىساق، ئۇلار: ‹جەڭ دۇمبىقى چېلىنىپ، كاناي تارتىلغاندا، باش ئۈستىمىزدە پەلەكنى قاپلاپ كەتكەن بىر يېشىل تاغنى كۆردۇق، بۇ تاغدا سان ـ ساناقسىز ئىشىكلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇچۇق ئىدى. بۇ ئىشىكلەردىن بىزگە جەھەننەم يالقۇنلىرى ئېتىلاتتى. بىز بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتۇق. شۇنداق قىلىپ بىزنى يەڭدىڭلار، دەپ جاۋاب بەردى› دېدى.»[1]

يۇقىرىدىكى پاكىتقا قارىغاندا، بۆكە بازراچ باشچىلىقىدىكى 700 مىڭ كىشىلىك ئىسيانچى قوشۇننىڭ ئۇرۇش باشلىنىش پەيتىدە، قانداقتۇر بىر سەۋەبكە كۆرە (م. كاشغەرى بۇنداق سەۋەبنى ئىلاھىي مۆجىزە تەرىقىسىدە كۆرسەتكەن بولسىمۇ) قورقۇپ كېتىپ، روھىي چۈشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. 40 مىڭ كىشىلىك قاراخانىي قوشۇنى ناھايىتى غەيرەتلىك، باتۇر قىياپەتتە جەڭگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. نەتىجىدە ئارسلان تېكىن ئۆزىدىن تەخمىنەن 20 ھەسسە ئارتۇق بولغان دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە: قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرى ئىشلىتىدىغان قوراللار، ئوقيا، قىلىچ، پالتا، يالمانلىق نەيزە، خەنجەر، ئۇمۇت (ئەمچەكلىك چوماق)، ساۋۇت (تۆمۈر زەنجىرلىك چاپان)، قالقان، دۇلغا (دۇبۇلغا) دىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ قوراللار ئىچىدە ئوقيا، قىلىچ، پالتا، يالمانلىق نەيزە،

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» III توم، ئۇيغۇرچە 314 ـ، 315 ـ بەتلەر.

خەنجەر، ئۇمۇت ھۇجۇم قىلىش قوراللىرى قاتارىغا كىرسە، ساۋۇت، قالقان، دۇلغا مۇداپىئەلىنىش قوراللىرى قاتارىغا كىرەتتى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە، قوشۇننىڭ قوراللىرى ناھايىتى سۈپەتلىك ياسىلاتتى. قىلىچ، پالتا، نەيزە، خەنجەر قاتارلىق قوراللار سۈپىتى يۇقىرى پولاتتىن ياسىلاتتى.

بەزىبىر تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇمۇت قاراخانىي قوشۇنلىرىنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق قورالىنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇمۇت ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى قاراخانىيلار پادىشاھىنىڭ شان - شەۋكىتىنى، سەلتەنىتىنى دوست - دۈشمەن ئالدىدا كۆرەك قىلىش ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسىلىدىغان بولسا، يەنە بىر خىلى ئۇرۇشتا قوللىنىش ئۈچۈن چۆيۈندىن ياسىلىدىغان ئەمچەكلىك ئۇمۇتتىن ئىبارەت بولغان.

غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى خىزىرخان (1080 - 1081) ئۆز قوشۇنلىرى ئالدىدا پۈتۈنلەي ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان ئۇمۇت كۆتۈرگەن 700 ئاتلىق لەشكەرنى ماڭدۇرغانىكەن.

غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى شەمس ئەلمۇلك ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ داڭلىق ئىمپېراتورى مەلىك شاھ (1072 - 1092) غا ئەلچى ئارقىلىق يازغان مەكتۇبى بىلەن قوشۇپ 50 پاتمان ئېغىرلىقتىكى ئۇمۇت ۋە ئون پاتمان ئېغىرلىقتىكى بىر قىلىچ ئەۋەتكەن. ئۇ يازغان مەكتۇبىدا شاھقا تەھدىت سېلىپ: «بىز بۇ قىلىچ بىلەن ئۇرۇشمايمىز، بەلكى ئۇنى ئوينايمىز. ئۇمۇت تەگكەن ھەرقانداق ساۋۇت پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ. بىز مانا مۇشۇنداق ئۇمۇت بىلەن سوقۇشىمىز » دېگەن. شەمس ئەلمۇلكنىڭ مەكتۇبىدىن يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئوقۇغان مەلىك شاھ دەرھال ئاتقا مىنىپ، ئۇ ئۇمۇتنى بېشى ئۈستىدە يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇپ، 80 قەدەم يىراقلىققا ئىرغىتىپ تاشلىغان. ئاندىن كېيىن، مەلىك شاھ قىلىچنى بىر ئۇرۇپلا تۆگىنىڭ بوينىنى ئىككى قىلىۋەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ شەمس ئەلمۇلكنىڭ ئەلچىلىرى ئالدىغا ئوقيانى تاشلاپ: «بىزگە ئۇرۇشتا قامچا بىلەن يالا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن.

قاراخانىيلار تاشقى دۆلەت ياكى ئىچكى جەھەتتىكى قارشى كۈچلەر بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە بىر قاتار تەشكىلىي ئىشلار ۋە دىپلوماتىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باراغاندىن تاشقىرى، ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيە - تاكتىكىسىغا

دائىر جىددىي تەدبىرلەر توغرىسىدىمۇ كېڭەش ئۆتكۈزەتتى.

مىلادىنىڭ 992 ـ يىلى ھارۇن بوغراخان سامانىلار پادىشاھلىقىغا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن، سامانىلارنىڭ ھەربىي يولباشچىلىرىدىن ئەبۇئەلى سىمجورى قاتارلىقلار بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەر ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى، قاراخانى قوشۇنلىرىنى يەتتەسۇغا توپلاپ ھەربىي كېڭەش چاقىرغان.

قاراخانىيلار ھەرقانداق بىر ئۇرۇشنى قىلىشتىن بۇرۇن ھەربىي كېڭەش چاقىراتتى. بىرەر دۆلەت بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش، ئۇرۇشقۇچى دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ناھايىتى نازۇك چوڭ ۋەقە ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

2272. غايەت چوڭ ئىشتۇر قوشۇن توپلىماق،
تۈزەپ لەشكەر ياۋنى قىرىپ تاشلىماق.

شۇنىڭ ئۈچۈن قاراخانىيلار ھەربىي كېڭەش چاقىرىپ ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا ئەتىراپلىق چوڭقۇر ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلەتتى.

ئەگەر ھەربىي كېڭەشتە ئۇرۇش قىلىش قوبۇل قىلىنسا، ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان قوشۇننىڭ سانى، ئۇرۇشنى باشلاشنىڭ ئېنىق ۋاقتى، كىمنىڭ باش قوماندان بولۇشى، ئۇرۇش قىلىدىغان جاي قاتارلىق مۇھىم ئىشلار بىر تەرەپ قىلىناتتى. ھەربىي كېڭەشكە قاراخانىيلارنىڭ قاغانى، شاھزادىلەر، مەشھۇر بەگلەر، چوڭ قەبىلىلەر (قارلۇق، چىگىل، ئوغراق، توقسى قاتارلىقلار) نىڭ خانلىرى قاتنىشاتتى. بۇنداق ھەربىي كېڭەشنى ھەربىي دېموكراتىيە دېيىش مۇمكىن، مۇشۇنداق ھەربىي دېموكراتىيە ھونلار زامانىسىدىن تارتىپلا تۈركىي خەلقلەردە بار ئىدى.

كۆپ چاغلاردا، ئۇرۇشقا باش قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن ھەربىي كېڭەش چاقىرىش، ئۇيغۇرلاردىلا بولۇپ قالماستىن، ھونلاردىمۇ، تۈركلەردىمۇ بار ئىدى. 1040 ـ يىلى ئوغۇزلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدا ئۇرۇش بولۇشتىن بۇرۇن، ئوغۇز بەگلىرى مەرۋى شاھ جاھاندا ھەربىي قۇرۇلتاي ئېچىپ، مەسئۇد غەزنەۋى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ـ قىلماسلىق توغرىسىدا تالاش ـ تارتىش قىلغانلىقى توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالغانىدىم.

قاراخانىيلار ھەربىي كېڭەش چاقىرىپ ئۇرۇش قىلىش قارارىغا كەلگەندىن كېيىن، ئالاھىدە قوشۇن تەشكىل قىلىش، دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگىلەش، ئۆزىنىڭ سىرىنى ساقلاش، ئۇرۇش قىلىدىغان مەيداننى تاللاش قاتارلىق ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلاتتى. ئالاھىدە قوشۇن توغرىسىدا يۇقىرىدا چۈشەنچە بەردىم.

ھەرقانداق ئۇرۇشتا دۈشمەن ئەھۋالىنى ئەتراپلىق پۇختا ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، ئۆزىنىڭ سىرىنى ساقلاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.

ئۇنداق بولمىغاندا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولمايتتى.

قاراخانىيلار ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن تۆرلۈك يوللار (دۈشمەن ئىچىگە جاسۇس كىرگۈزۈش، دۈشمەن ئىچىدىن ساتقۇنلارنى سېتىۋېلىش) ئارقىلىق دۈشمەن ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاندىن تاشقىرى، ئۇرۇش ۋاقتىدا دۈشمەن ئەھۋالىنى ئېنىق ئېگىلەش ئۈچۈن «تۇتقاق»[1] ۋە «يەزەك»[2] دەپ ئاتىلىدىغان ئاتلىق ئالاھىدە چارلىغۇچى خەۋەرچى قىسىملارنى تەشكىل قىلاتتى.

بۇنداق قىسىم ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن دۈشمەننىڭ ئالدىنقى چارلىغۇچى قىسىملىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، «تىل» تۇتاتتى. مانا شۇ «تىل» ئارقىلىق دۈشمەن ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەيتتى. «يەزەك» بولسا دۈشمەن ئەھۋالىدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

بۇ توغرىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

2342. كېرەك چارلىغۇچى قىسىم خىللىماق،
قۇلاق ـ كۆزنى ساقلاپ، يىراق قارىماق.

2343. چارلاۋچى ئۇچراشسا تۇتقاقا ئېلىپ،
ھۇجۇمنى قىلسۇن ئۇ ئارقىدىن بېرىپ.

2351. ئەڭ ئاۋۋال ئىرىشىپ تىل ئالماق كېرەك،
بۇ تىلدىن ياۋ ھالىنى بىلمەك كېرەك.

(1) «تۇتقاق» (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) تۇتىدىغانلار.

(2) «يەزەك» (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) خەۋەرچى، چارلىغۇچى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ھەربىي سىرنى ساقلاش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

2350. قوشۇننى كۆزەتسۇن، ئۇ تىل بەرمىسۇن،
قوشۇن سانىنى ياۋ زادى بىلمىسۇن.

قاراخانىيلارنىڭ باش قوماندانلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئۇرۇش مەيدانىنى تاللاش ئىدى. 1006 ـ يىلى قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىسىدا ئۇرۇش بولغاندا، قاراخانىيلار بەلخنىڭ جەنۇبىدىكى «كەتەر» دېگەن سايغا ئۆز قوشۇنلىرىنى توپلىغانىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا قاراخانىيلار «كەتەر» دېگەن سايىنى ئۇرۇش قىلىشقا ئەپلىك جاي دەپ ھېسابلىغان بولسا كېرەك. 1040 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئوغۇزلار غەزنەۋىلەر بىلەن ئۇرۇشىدىغان جاغدا، مەرۋى شاھ جاھان بىلەن سىراكس ئارىسىدىكى دەندانقان دېگەن جاينى تاللىغانىدى.

ئۇرۇش قىلىدىغان مەيدان ئۆزىنى قوغداشقا، زۇرۇر تېپىلغاندا چېكىنىشكە ئەپلىك بولغان ئوت ـ چۆپى ۋە سۈيى مول جاي بولۇشى كېرەك ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قوماندانىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىنى تاللىشى توغرىسىدا مۇندا دېگەن:

2347. قوشۇننى چۈشۈرسۇن پۇختا جاي كۆرۈپ،
يىراق كەتمىسۇن ئۇ، تۇرسۇن توپ بولۇپ.

ئۇرۇش مەيدانى تاللانغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق بىر جايغا چېدىر تىكىلەتتى. بۇ قوماندانلىق شتابى ئىدى. قوماندانلىق شتابىنىڭ ئەتراپىدىكى ئېگىز بىر جايغا تۇغ ياسىلاتتى. مۇنداق تۇغلار زۆرۈر تېپىلغاندا كېچىسى ئوت سىگناللىرى ئارقىلىق ھەربىي سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈش رولىنى ئوينايتتى. ئەگەر كېچىسى دۈشمەن تەرەپتىن بىرەر خەۋپنىڭ شەپىسى سېزىلىپ قالسا، تۇغقا گۈلخان يېقىلاتتى. شۇ زامان قوشۇن ئاياغ ئۆرە تۇرغۇزۇلۇپ ئۇرۇشقا تەييار بولاتتى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇرۇش مەيدانىدا، كېچىسى «باش قوماندان تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن ‹ئىم› (مەخپىي پارول) قوللىنىلاتتى. بۇنداق ‹ئىم› قۇش ۋە قوراللارنىڭ ئېتى ياكى باشقا سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئىككى تۈركۈم ئەسكەر ئۇچراشقاندا بىر- بىرىنى تونۇشقا ۋە ئۇقۇشماي ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا

خىزمەت قىلاتتى. كېچىسى ئىككى كىشى ئۇچراشقاندا، بىرى يەنە بىرىدىن ئىسم سوراپتى، ئىسم سورالغان كىشى ئىسمنى بىلمىسە، ھۇجۇمغا ئۇچرايتتى.»[1]

ئەجدادلىرىمىز ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە دۈشمەنگە كېچىسى ھۇجۇم قىلىشنى كۆپ قوللىناتتى. ئەگەر كېچىلىك ھۇجۇم پۇختا تەييارلىق، باتۇرلۇق بىلەن قىلىندىغان، شىددەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن چوڭ بولاتتى.

مىلادىدىن 91 يىل بۇرۇن، ھون تەڭرىقۇتى غولىقۇ تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 96 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 85 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) دۈشمەننىڭ 70 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاتلىق قوشۇنىغا كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، پۈتۈنلەي تارمار قىلغانىدى. مىلادىنىڭ 765 - يىلى ئۇيغۇر سەركەردىسى ئالپ قۇلۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىن ھازىرقى نىڭشىيا ئەتراپىدا سانى 10 مىڭغا يېقىن قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، 100 مىڭ كىشىلىك تىبەت قوشۇنىغا كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلغانىدى.

قاراخانىيلارمۇ دۈشمەنگە كېچىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. بۇ توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

2361. تېرىش، غەپلەتتە قوي، كېچە قىل ھۇجۇم،
كېچىدە كۆپ - ئازلىق بىلىنمەس چوقۇم.

كېچىدە قىلغان ھۇجۇمدا، ئۆز بىلەن دۈشمەننى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن مەشئەل يېقىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئەنە شەرقتە قاراقۇش قوپۇپ ئۆرلىدى،
يېغى ئوت كۆتۈرگەندەك ئوت چاقنىدى.

باش قوماندان ئەگەر كۈندۈزى ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلسا، ئەڭ ئاۋۋال جەڭچىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش، ئالدىنقى سەپكە تەجرىبىلىك، ياشانغان جەڭچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشى، بىر قىسىم جەڭچىلەرنى بۆكتۈرمىگە قويۇشى،

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە I توم 54 - بەت.

جەڭدە ئۆزى ئۆلگە كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى.

بۇ توغرىدا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دېيىلگەن:

2365. ۋاقتىدا قوشۇن تۈز، ياۋ بىلەن سوقۇش،
تۆھپىكار جەڭچىگە تارات مال، كۈمۈش.

2371. يېشى چوڭ جەسۇرلەر كۆرەشچىنىنى -
سەپ ئالدى قىل، باشلاپ ماڭسۇن جەڭچىنى.

2370. بىر ئۆلۈش قوشۇننى قويغىن بۆكتۈرۈپ،
ياياق ئوقچىنى باشلىغىن ئالدىدىن يورۇپ.

2376. ئەڭ ئاۋۋال يىراقتىن ئوقنى ئاتقۇلۇق،
ياۋ كەلسە يېقىنلاپ نەيزە تىققۇلۇق.

2377. تۇتۇشقاندا پالتا، قىلىچ بىلەن چاپ،
ياقىدىن تۇت، چىشلە، تىرناقتا تاتىلاپ.

2378. چىدا، ياۋغا ئارقاڭنى بەرمىگىن تۇتۇپ،
يوقات ياۋنى ياكى يات ئۇرۇشتا ئۆلۈپ.

قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى بىرەر دۆلەت بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ قالسا، دەرھال دۇشمەن بىلەن بىتىمنامە تۈزۈپ ۋاقتىنچە بولسىمۇ تىنچلىقتا ئۆتۈشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ۋە تاكتىكىلىق قائىدىسى بويىچە يىراقنى كۆرىدىغان بىر قوماندان، ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، غەلىبە قىلىشقا ئاساس بولمىسا، ئۇرۇشتىن ساقلىنىش يولىنى تۇتۇشى لازىم ئىدى.

بۇ توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

2359. قوشۇنى كۆپ بولسا ياۋنىڭ، سېنىڭ ئاز،
سوقۇشما، تېزدىن كۆر تەدبىرىڭنى ساز.

2362. دۇشمەننى يېڭىشتە يەتمىسە كۈچۈڭ،
ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ياراشقىن ئۆزۈڭ.

2363. ئېغىزدا ئەل بولۇپ، ئۆزۈڭنى ساقلا،

سوقۇشما ياۋ بىلەن پۈرسەتنى پايلا.

ئۇرۇشتا يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەر ھەر خىل بولىدۇ. بەزىدە دۈشمەن چېكىنىدۇ. چېكىنىشمۇ ھەرخىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى دۈشمەن ھەقىقەتەن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنسە، يەنە بىرى دۈشمەن ھىيلە ئىشلىتىپ يالغاندىن چېكىنىدۇ ۋە ئۆز دۈشمىنىنى تۇزاققا چۈشۈرىدىغان جايغا ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ، مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. قولىدىن كەلسە پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چېكىنگەن دۈشمەننى قوغلاشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولمىغان قوشۇن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇقىدۇ.

ئەگەر دۈشمەن مەغلۇپ بولۇپ، راستتىن چېكىنگەن بولسا، ئۇنى مەلۇم جايغىچە قوغلاپ بېرىپ، بىر قىسمىنى ئەسىر ئېلىپ، دۈشمەن كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق قوشۇننىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، دۈشمەن ئۇشتۇمتۇت ئارقىغا يېنىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا دىققەت قىلغاندىن تاشقىرى، دۈشمەننى بەكمۇ ئۇزاق جايغىچە قوغلاپ بېرىپ ئارقا سەپتىن يىراقلىشىپ، يېتىم ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قالماسلىق كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دەيدۇ:

2390. يېغى قاچسا قوغلاپ ئۇزاپ كەتمىگىل،
ئەگەر قايتسا دۈشمەن، قاچالماسەن بىل.
2395. يېغى قاچسا بارما ئۇزاق يەرگىچە،
يىراق قوغلىغان قامچا يەر تويغىچە.

قاراخانىيلارنىڭ قوماندانلىرى ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيە ـ تاكتىكىلىرىدىكى چېكىنىش ـ قوغلاش تەدبىرلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن.

دۈشمەننى بەك ئۇزاق جايغىچە قوغلاپ بېرىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە يېقىنقى زامان ئۇرۇش تارىخىدىنمۇ مىساللار تېپىلىدۇ. 1812 ـ يىلىدىكى فرانسۇز ئىمپېراتورى ناپالېئون بوناپارتنىڭ روسىيىگە قىلغان ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمىنىڭ ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىمۇ بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدىغان كىشىنىڭ قانداق

خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىمۇ توختالغان. ئۇنىڭ قاراشلىرى قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي ئىدىيىلىرىنىڭ يىغىنچاق بايانى ئەلۋەتتە.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بايانىچە، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، دۈشمەننى يېڭىش بەكمۇ ئۇلۇغ ئىش بولۇپ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە كىشىلەر لايىق بولىدىكەن:

قوماندان راستچىل بولۇشى، تەجرىبىلىك بولۇشى، شەخسىيەتتىن خالى، ئاددىي - ساددا بولۇشى، يۈرەكلىك، باتۇر، ھىيلىگەر، تەدبىرلىك، كەمتەر، مۇلايىم، ئەقىللىق، ھوشيارلىقتا ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

2309. كېرەك بۇ قانچە ئىش قوماندان ئۈچۈن،
يۈرۈش قىلغاندا ياۋغا، تۈزەپ يول - يوسۇن.

2310. سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
تۇتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك كېرەك.

2311. توڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قۇتازدەك كۈچى.

2312. سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى،
كۆرسۇن قىيا قوزغىنىدەك يىراقنى كۆزى.

2314. قارا، بولسۇن ھەممەتتە ئۇ ئارسلان،
كېچىسى ھوقۇشتەك ئويغاق ھەر زامان.

2323. كېرەك بۇ قانچە ئىش قوماندان ئۈچۈن،
ئىشنى رەتلىسە، تۈزۈپ يول - يۇسۇن.

2324. سۆزى چىن، ئېيتقىنى راست ئولسۇن تامام،
ئۇلۇغ بولسا يالغانچى، ئىشەنمەس ئاۋام.

2335. ئىككىنچى سېخىيلىق، بېرىشتۇر ئىشى،
بېخىلغا يولىماس ئالارمەن كىشى.

2326. ئۈچىنچى يۈرەكلىك ۋە بولسۇن جەسۇر،
يۈرەكسىز ياۋنى كۆرسە ئاغرىپ ياتۇر.

2326. تۆتىنچى ئۇ بىلسۇن ھىيلە ۋە پىلان،

تۇتار ھىيلە بىلەن كىشى ئارسلان.
2329. قوماندىندا بولسا بۇ خىسلەت ئەگەر،
يېڭىپ ياۋنى ھەيۋىسىنى يوق ئېتەر.
2330. قوشۇننى باشلىسا شۇ خىل قوماندان،
قولى ئۈستۈن كېلەر دۈشمەندىن ھامان.
2331. قوشۇن باشلىقى ياۋغا بولسا دۇچار،
كۈنۇ تۈن بولغۇلۇق ئويغاق ۋە ھوشيار.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوماندانىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىمۇ توختىلىدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە قوماندانىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۇرۇشتا قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ، دۈشمەننى يېڭىشتىن تاشقىرى، يارىدار بولغانلارنى داۋالىتىش، ئەسىر چۈشۈپ كەتكەنلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش، ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىنى رازى قىلىش، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تەقدىرلەش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

2402. داۋالات يارىدار بولسا سەن كۆرۈپ،
قۇتۇلدۇر ئەسىر چۈشسە سەن قايتۇرۇپ.
2403. كۆتۈرگىن قەدرىلەپ ئۆلگەن بولسا ئەگەر،
ئوغۇل - قىزلىرى بولسا، ئاتا ھەقنى بەر.
2404. سۆيۈنگەي قوشۇنۇڭ گەر كۆرسە بۇنى،
قىلۇر ئۇ جان پىدا، جەڭ بولغان كۈنى.
2398. كىمەرسە قىلسا ئىش، ئاتا تېز مال بەرگۈلۈك،
مال بېرىپ، يۈزىنى قىزىل ئەتكۈلۈك.
2399. ئەسىر ئالسا ماختاپ تارتۇقلاش كېرەك،
بۇ تارتۇق بىلەن بولسۇن ئەر خوش يۈرەك.

قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمىدە، سۈبېشى ئۇنۋانىدا ئاتىلىدىغان باش قوماندانلار بولسىمۇ، تولا چاغلاردا ئۇرۇشتا، قاغانلار، قاغانلارنىڭ ئورۇنباسارلىرى،

ئىلىكخانىلار باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى.

قاراخانىيلار بۇرۇنقى كۆچمەن - چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى ئومۇم ئەسكەر بولىدىغان ئەھۋالغا خاتىمە بېرىپ، مۇنتىزىم قوشۇننى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. «ئەسكەرلەرنىڭ ئىسمى ۋە تەمىناتى يېزىلىدىغان دەپتەر- ئاي بىتىكى» دەپ ئاتىلاتتى[1]. قاراخانىيلاردا چاۋۇش ئۇنۋانىدا ئاتىلىدىغان ھەربىي ئەمەلدار بار ئىدى. «چاۋۇش- جەڭلەردە سەپلەرنى تۈزەيدىغان، ئۇرۇش قىلمىغان چاغلاردا ئەسكەرلەرنى خەلققە زۇلۇم سېلىشتىن چەكلەيدىغان كوماندىر» ئىدى[2].

قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمىدە، ئۇرۇشنىڭ ھەر خىل ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى ۋە قوشۇننى مەشىق قىلدۇرۇش ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلغۇچى بەگلەر بولاتتى.

## ئون ئالتىنچى باب: قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

### مەدەنىيەت ياراتقۇچى دانىشمەنلەر

تەخمىنەن 400 يىل ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان رايونلاردا ياشىغان خەلقلەر تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم دەۋر بولدى. شۇ دەۋردە سامانىلار پادىشاھلىقى (مىلادىنىڭ 870 - يىلىدىن 1000 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى، قۇدرەتلىك غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى، ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسى قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تارىخىي سەھنىسىدە ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينىدى. بولۇپمۇ شۇ دەۋردە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان شانلىق مەدەنىيەت ۋۇجۇدقا كېلىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە باھاسىز تۆھپىلەر قوشتى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئاجايىپ، ئۇلۇغ تالانتلىق دانىشمەنلەر، ئالىملار، پەيلاسوپلار، تارىخچىلار، شائىرلار ۋە تىلشۇناسلار مەيدانغا كەلدى.

شەرقنىڭ ئارستوتېلى دەپ ئاتاق ئالغان مەشھۇر پەيلاسوپ ئەبۇنەسر فارابى (مىلادىنىڭ 873 - يىلى تۇغۇلۇپ 950 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) سىر دەريا بويىدىكى فاراب شەھرىدە، ئۇيغۇر - قارلۇق ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە I توم 56 - بەت.
(2) «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم 477 - بەت.

تولـۇق ئىسـمى ئەبۇنەسـر ئىبنـى مۇھەممـەد ئىبنـى تارخـان ئىبنـى ئۇزلـۇق فارابـى ئىـدى.

فارابـى يازغـان ئەسـەرلىرىنىڭ كۆپلۈكـى بىلەنـلا ئەمـەس، بەلكـى ئۇلـۇغ پەيلاسـوپلىقى، ئىلغـار مۇتەپەككۇرلۇقـى بىلەنمـۇ تونۇلغانـدى. فارابـى يۇنـان پەيلاسـوپلىرىنىڭ ئەسـەرلىرىنى ئەسـلى نۇسخىسـى (يۇنـان تىلىـدا يېزىلغـان نۇسخىسـى) دىـن ئوقـۇپ، ئۇلارنـىڭ نۇرغۇنلىرىغـا ئىزاھـات يازغـان. مەسـىلەن: ئـۇ يۇنـان پەيلاسوپى ئارىسـتوتېل (مىلادىدىـن 384 يىـل بـۇرۇن تۇغۇلـۇپ مىلادىدىـن 322 يىـل بـۇرۇن ئالەمدىـن ئۆتكـەن) نىـڭ «مېتافىزىـكا»، «فىزىـكا»، «مىنېرالوگىيـە» سـىگە ۋە لوگىكىغـا دائىـر ئەسـەرلىرىگە، ئۇنىڭدىـن باشـقا يۇنـان ئالىملىرىنىـڭ، ئېتىـكا، پىسـخولوگىيە، تەبىئەتشۇناسـلىق توغرىسـىدىكى ئەسـەرلىرىگە ئىزاھاتـلار يـازدى، فارابـى ناھايىتـى يۇقـىرى ئىلمـىي قىممەتكـە ئىگـە بولغـان ئىزاھاتلـىرى ئارقىلىـق يۇنـان ئالىملىرىنىـڭ تەلىماتىنـى شـەرق بىلـەن ياۋروپاغـا تونۇشتۇرۇشـتا مۇھىـم رول ئوينىـدى.

فارابـى يۇنـان پەيلاسـوپلىرى ھەققىـدە «ئىككـى پەيلاسـوپ پلاتـون ۋە ئارىسـتوتېل پىكىرلىرىنىـڭ مۇقابىلـى توغرىسـىدىكى كىتـاب»، «ئارىسـتوتېل ۋە كالىـن ئوتتۇرىسـىدىكى مۇناسـىۋەت» قاتارلىـق ئەسـەرلەرنى يـازدى.

شـەرقنىڭ ئارىسـتوتېلى دەپ ئاتالغـان فارابـى ئـۆز زامانىسـىدىكى ئىلىمنىـڭ خىلمـۇ خىـل ساھەلىرىگە تېگىشـلىك بولغـان نۇرغـۇن ئەسـەرلەرنى يـازدى. فارابـى مۇزىـكا نەزەرىيىسـىگە تېگىشـلىك بولغـان «قانـۇن» ناملىـق ئەسـەر يازدى. بـۇ ئەسـەر بىـر نەچچـە ئەسـىرگىچە شـەرق دۇنياسـىدا مۇزىـكا ئۆگىنىشـتە ئاساسـلىق، مۇكەممـەل قوللانمـا سۈپىتىدە رول ئوينىـدى.

فارابـى ئۇلـۇغ پەيلاسـوپ بولغاندىـن تاشـقىرى، مەشـھۇر شـائىر، كومپوزىتـور ۋە ئاجايىـپ تالانتلىـق مۇزىكانـت ھـەم ئىـدى. ھـەر تەرەپلىمـە تالانتقـا ئىگـە بولغـان ئۇلـۇغ ئالـىم، دۇنيادىكـى مەشـھۇر تىللارنـىڭ ھەممىسـىنى دېگـۈدەك مۇكەممـەل بىلىدىغـان ئەبۇنەسـر فارابـى مىلادىنىـڭ 950 ـ يىلـى ئابباسـىيلار خەلىپىلىكىنىـڭ پايتەختـى باغدادتـا 77 ـ يېشـىدا ئالەمدىـن ئۆتتـى.

فارابىنىـڭ ئىلغـار پىكىرلـىرى ئـەڭ ئۇلـۇغ ئالىملارنـىڭ بىـرى بولغـان ئەبۇئەلـى ئىبنـى سـىنا (980 ـ 1037) نىـڭ دۇنيـا قارشـىنىڭ غايـۋى مەنبەلىرىدىـن بىـرى بولـدى.

پەلسەپە ۋە مېدىتسىنا ساھەسىدىكى قىممەتلىك ئەسەلەرنىڭ ئاپتورى بولغان ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا مىلادىنىڭ 980 ـ يىلى بۇخارا يېنىدىكى ئەپشان ناملىق يېزىدا تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ناھايىتى ئەقىللىق، تىرىشچان بولغان. ئۇ، سامانى پادىشاھى نۇھ ئىبنى مەنسۇرنى (976 ـ 997) داۋالاشتا نەتىجە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، سامانىلار ئوردىسىدىكى پادىشاھ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. مىلادىنىڭ 999 ـ يىلى بۇخارا قاراخانىيلار تەرىپىدىن ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلىنىپ، سامانىلار پادىشاھلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا بۇخارادىن خارەزىمگە كەتكەن.

مىلادىنىڭ 1017 ـ يىلى سۇلتان مۇھەممەد غەزنەۋى خارەزىمنى بېسىۋالغاندا، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا خارەزىمدىن خوراسانغا قاچقان. ئۇ خوراساندا سەرسانلىقتا يۈرۈپ، ئاخىر ھەمەدان شەھىرىنىڭ ئەمىرىنىڭ ئوردىسىدا ۋەزىر بولغان. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا مىلادىنىڭ 1037 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر، شەرق پەلسەپىسى تارىخىدا ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە بولغان ئەسەر «كىتابۇش شىپا» ۋە مېدىتسىنا ئىلمىگە بېغىشلانغان ئەسەر «تىب قانۇنلىرى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ زامانىدىشى، مەشھۇر پەيلاسوپ، تارىخ ۋە جۇغراپىيە ئىلمىدىمۇ دۇنياغا تونۇلغان ئالىم ئەبۇرەيھان بىرونىمۇ (973 ـ 1048) قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇرەيھان بىرونى مىلادىنىڭ 973 ـ يىلى خارەزىمنىڭ قەدىمكى پايتەختى قىيات شەھىرى ئەتراپىدىكى «بىرون» دېگەن يېزىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بىرونى دېگەن نامىمۇ ئۇزى تۇغۇلغان ئاشۇ يۇرتىنىڭ نامى بىلەن باغلانغان. ئەبۇرەيھان بىرونى مىلادىنىڭ 995 ـ يىلى خارەزىمنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ خوراسانغا كېلىپ، جۇرجان ئەمىرى قابۇس ئىبنى ۋاشىمگىرنىڭ ئوردىسىدا ئىشلىگەن. بۇ ئۇلۇغ ئالىم 27 ياشقا كىرگەندە، (مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلى)، «ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلاردىن قالغان يادىكارلىقلار» ناملىق مەشھۇر بىر ئەسەر يازغان. بۇ ئەسىردە «يۇنانلىقلار، رىملىقلار، پارسلار، سوغدلار، خارەزىملىقلار، يەھۇدىيلار، مىسىرلىقلار ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادلىرى توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە

ساھەسىدىكى بىلىملىرى توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلار» بەرگەن[1].

ئەبۇ رەيھان بىرونى مىلادىنىڭ 1010 - يىلى خارەزمگە كېلىپ، خارەزم شاھ مۆمىننىڭ سارىيىدا ئىشلەيدۇ. ئۇ شۇ چاغدا، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا بىلەن تونۇشىدۇ. ئەبۇ رەيھان بىرونى ئۆز تەجرىبىسىگە ۋە قەدىمكى ئىلىم ئۇتۇقلىرىغا ئاساسلىنىپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلىملەرنىڭ خىلمۇ خىل تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر يۈز ئەللىكتىن ئارتۇق ئەسەر يازىدۇ. ئۇنىڭ يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشى توغرىسىدا ئېيتقان پىكرى ئەينى ۋاقىتتا ئىلىم - پەن دۇنياسىدا چوڭ يېڭىلىق بولغانىدى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى مىلادىنىڭ 1017 - يىلى خارەزمنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئەبۇ رەيھان بىرونىنى خارەزمدىن غەزنىگە ئەكېتىدۇ. ئۇلۇغ ئالىم مىلادىنىڭ 1048 - يىلى غەزنىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ بىرى تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (مىلادىنىڭ 934 - يىلى تۇغۇلۇپ مىلادىنىڭ 1020 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) 30 يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ دۇنياغا مەشھۇر بولغان «شاھنامە» ناملىق داستاننى يازغان.

غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ مەشھۇر سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋى غەزنىدىكى ئوردىسىغا شۇ زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر پەيلاسوپلار، شائىرلار، ئاسترونوملار، يازغۇچىلارنى يىغقانىدى. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئوردىسىدىكى شائىرلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى، ئەڭ تالانتلىقى ئىدى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى مىلادىنىڭ989 - يىلى (بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتىسى سەبۇق تېكىن پادىشاھ ئىدى) ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىگە «شاھنامە» نى يېزىپ چىقىشنى تاپشۇرغان. ئۇ فىردەۋسىگە «شاھنامە» داستانىنىڭ ھەر ئىككى قۇرىغا بىر دىنار بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەرگەن. 55 ياشقا كىرىپ قالغان ئۇلۇغ شائىر فىردەۋسى 120 مىڭ مىسرا شېئىر بىلەن تاماملانغان «شاھنامە» داستانىنى 80 يېشىدا (25 يىل ۋاقىت كەتكەن) يېزىپ بولغان. بەزى سەۋەبلەرگە كۆرە، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان، فىردەۋسىگە بېرىشكە تېگىشلىك 25 مىڭ فوند - ستېرلىڭ ئالتۇن قىممىتىگە تەڭ كېلىدىغان

(1) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە I توم 297 - بەت.

ئالتۇن دىنار ئورنىغا كۈمۈش دىنار بەرگەن. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن فىردەۋسى «سۇلتان مەھمۇدقا ھەجۋىي» ناملىق بىر شېئىر يېزىپ، ئۇنى رەسۋا قىلغان. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شېئىرنى ئوقۇغان سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى تەختتە ھوشىدىن كېتىپ ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشكەنىكەن. ئۇ ھوشىغا كېلىپ، فىردەۋسىنى تۇتقان يەردە دارغا ئېسىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. لېكىن بۇ چاغدا فىردەۋسى ئىراننىڭ غەربىي قىسمىغا قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ئاللىبۇرۇن يوشۇرۇنۇپ بولغانىدى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى «شاھنامە» نى تولۇق ئوقۇپ چىققان ۋە قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، فىردەۋسىنى رازى قىلىش ئۈچۈن، بېرىشكە تېگىشلىك ئالتۇن دىنارنى ھېسابلاپ چىقىپ، ئالتۇننى تۆگىلەرگە يۈكلىتىپ، ئۇنى ئىراندىكى تۇس شەھرىگە ئەۋەتكەن. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئادەملىرى تۇسقا كەلگەندە، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (1020 ـ يىلى) نىڭ جەسىتى سېلىنغان جىنازا قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئالغانىكەن.

«شاھنامە» داستانىدا: تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ 5000 يىللىق تارىخى (ئەپسانىۋى ۋە ھەقىقىي تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بەدىئىي تىل، بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق بايان قىلىنغان.

فىردەۋسى «شاھنامە» دە، بىر تەرەپتىن، تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ (مىلادىدىن 3200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 651 ـ يىلىغىچە) تۈرلۈك خەلقلەر (تۇرانلار، يۇنانلىقلار، ئارشاكلار، ئاق ھونلار، كۆك تۈركلەر ۋە ئەرەبلەر) نىڭ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرى مەزگىلىدىكى تارىخىنى، رۇستەم قاتارلىق ئىران قەھرىمانلىرىنىڭ يات خەلقلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە زومىگەرلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنى تەسۋىرلەپ، خەلقلەرنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرگە بولغان قاراشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ غايىسى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىراننىڭ ئەھمانلار، ساسانلار قاتارلىق سۇلالىلەرنىڭ قوشنا ئەللەرگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنىمۇ بايان قىلغان.

«شاھنامە» داستانىنىڭ مەزمۇنىنى ئاساسەن ئىككى قىسمىغا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

1. ئەپسانىۋى قىسمى، مىلادىدىن 3200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ

مىلادىدىن 780 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان 2400 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«شاھنامە» نىڭ ئەپسانىۋى قىسمىدا، ئەپسانىۋى دۆلەتلەر (پىشدادىلەر، كىيانىلەر سۇلالىرى) دەۋرىدىكى چوڭ ۋەقەلەر، ئەپسانىۋى پادىشاھلاردىن، كىيامورس ئادەم، ھوشاڭ، تاخمۇراس، جەمشىد (بۇلار پىشدادىلەر سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى)، كەيقۇباد، كەيكاۋۇس، كەيخىسراۋ، لەھراسىپ، گوشتاسىپ (بۇلار كىيانىلەر سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى) لەرنىڭ ۋە ئەپسانىۋى زالىم پادىشاھ زوھاكنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى، ئەقىللىق، باتۇر تۆمۈرچى كاۋىنىڭ زوھاكقا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، باش قەھرىمان رۇستەمنىڭ باتۇرلۇقلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

«شاھنامە» دىكى تۆمۈرچى كاۋى خەلقلەرنىڭ زالىملارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ باش ۋەكىلى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىجابىي ئوبراز بولغان بولسا، ئىككى دولىسىدا ئىككى يىلان بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان زوھاك زالىم، قانخور، باسقۇنچى قارا كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان سەلبىي ئوبراز بولغان. «شاھنامە» دىكى باش قەھرىمان رۇستەم بولسا، ئىران خەلقلىرىنىڭ باسقۇنچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە مەيدانغا چىققان نۇرغۇن قەھرىمانلارنىڭ تىپى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىجابىي قەھرىماننىڭ ئوبرازى.

2. «شاھنامە» نىڭ ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر، ئەمەلىيەتتە ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىككىنچى قىسمى، 1400 يىلدىن (مىلادىدىن 870 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 651 ـ يىلىغىچە بولغان) كۆپرەك ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئىراندا ئەھمانىلار سۇلالىسى، ماكىدۇن يۇنان ھۆكۈمرانلىقى (مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە)، ئارشاكلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 224 ـ يىلىغىچە)، ساسانىلار سۇلالىسىدىن ئىبارەت تۆت سۇلالە ھۆكۈم سۈرگەن.

«شاھنامە» دە، ئەھمانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەردىن ئەجدادلىرىمىز بولغان تۇرانىلار بىلەن ئىران ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلار، ئىسكەندەرنىڭ ئىراننى بېسىۋېلىشى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. بۇ قىسىمدا بولۇپمۇ قەھرىمان بوۋىمىز ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئىران ئەھمانىلار سۇلالىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىچىك چېغىدىلا «شاھنامە» نى

پىششىق ئۆگەنگەندى، ئۇ «قۇتادغۇبىلىك داستانىدا ئالىپ ئەرتۇڭا توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازغان:

276. بۇ تۈرك بەگلىرىگە سىلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلار.
277. بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگىلىك،
توڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگىلىك.
278. ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىلەتلىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقىنىڭ خېلى.
279. ئىدى ئۇ مەردانە، زېرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زېرەكلەر بولۇر ھۆكۈمران.
280. تاجىكلار ئۇنى دەيدۇ ئەفراسىياپ،
ئەفراسىياپ تۇتتى ئەلنى يەڭ شىمايلاپ.
تاجىكلار كىتابتا پۈتۈپتۇ ئۇنى،
كىتابقا پۈتمىسە كىم ئۇققاي ئۇنى.

ئەھمانىلارنىڭ پادىشاھلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆز ئالايتىپ، تۇرانلارغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلغان. ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ئۈچۈن قەھرىمان بوۋىلىرىمىز، تۇر، پىشەڭ، ئالىپ ئەرتۇڭا، ئارجاسىپلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە باسقۇنچىلارغا قارشى قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانى دۇنيا ئەدەبىياتى، خۇسۇسەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

«شاھنامە» نى ئۆگىنىش يالغۇز تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا قوشنا بولغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تارىخىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بىلىشتە مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىنى بىلىشتىمۇ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرونى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىلەردىن باشقا، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەن ئوغلانلىرىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىلەر ھەم دۇنياغا

مەشھۇر بولدى. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئەسەر قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىگە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولدى.

## ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئەقىللىق، تالانتلىق، ئەخلاقلىق ئالىم ۋە دانىشمەنلەردىن بولغان فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرى، ئەبۇ رەيھان بىرونى، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىلەرنىڭ تۆھپىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى» نىڭ ياۋروپادىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇن ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

ياۋروپادىكى «ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى» XIV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە بولغان بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئىدى. ياۋروپادىكى ئويغىنىش ئەڭ ئاۋۋال ئىتالىيىدىن باشلاندى. كېيىن باشقا دۆلەتلەرگە كېڭەيدى. شۇ چاغدا، شەھەرلەردىكى تاۋار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا قەدەممۇ قەدەم كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى شەكىللەندى. مەدەنىيەت جەھەتتە بولسا، يېڭىدىن گۈللەنگەن بورژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن تەلەپلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپتى. يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئالىملىرى جەمئىيەتتە يۇنان بىلەن رومانىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. ئۇلار، كلاسسىك مەدەنىيەتتىن ئوزۇق ئېلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئاچتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياوروپادىكى فېئودالىزمغا قارشى ئىدىيە بىلەن سۇغىرىلغان مەدەنىيەت ھەرىكىتى «ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتى» دەپ ئاتالدى. مانا شۇ ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ئاساس سالغۇچىلار، ياۋروپالىقلارنىڭ تىلىدا «گۇمانىستلار» («گۇمانىستلار» سۆزى لاتىنچە سۆز بولۇپ، «ئىنسانپەرۋەرلەر» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالدى. «گۇنانىستلار» ئادەمنى ھۆرمەتلەش، ئادەمگە غەمخورلۇق قىلىش، «ئادەم» نى مەركەز قىلىش دەيدىغان گۇمانىزم ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇچۇق ئېيتقاندا، «گۇنانىستلار» ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى، ھېسسىياتىنى، ئەقىل - پاراستىنى خرىستىئان

ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئىلاھىيەتچىلىك ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا، «گۇمانىستلار» نىڭ روھلاندۇرۇشى ئارقىلىق، ئىتالىيىدە فېئودالىزمغا قارشى بىر تۈركۈم باتۇرلار مەيدانغا چىقتى. مەسىلەن: شائىرلاردىن فىلورونسىيىلىك دانتى (مىلادىنىڭ 1265 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1321 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) «ئىلاھ كۇيى» ناملىق مەشھۇ ئەسەرنى يازدى. «ئىلاھ كۇيى»، «پىلسىرات» (قىل كۆۋرۈك)، «دوزاخ»، «جەننەت» قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى خرىستىئان دىنىنى پاش قىلغانىدى. «ئىلاھ كۇيى» دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئۇلۇغ ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ياۋروپانىڭ «ئويغىنىش» دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىبلەردىن شائىر پېتراركا (1304 ـ 1374)، يازغۇچى بوكاچچىئو (1313 ـ 1375) لار ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇتەپەككۇر شائىر پېتراركا ئاجايىپ تەسىرلىك لىرىك شېئىرلارنىنى يازغان بولسا، يازغۇچى بوكاچچىئو ئۆزىنىڭ «دىكامىرون» («ئون كۈن» دېگەن مەنىدە) دېگەن ھېكايىلەر توپلىمىدا، خرىستىئان پوپلىرى بىلەن مۇناخلارنىڭ يۈزسىزلىكىنى ھەم ئالدامچىلىقى بىلەن ھىيلىگەرلىكىنى پاش قىلدى.

«گۇمانىستلار» دىن يەنە، رەسسام، ھەيكەلتاراش، مۇزىكانت، شائىر، ئىنژېنىر لىئوناردو داۋىنچى (1452 ـ 1519)، مىكىل ئاندژىلو، رافائىل (1475 ـ 1564) ۋە نىكولاي كوپېرنىت (1473 ـ 1543)، برونو (1548 ـ 1600)، گالىلي (1564 ـ 1646) قاتارلىق مەشھۇر ئالىملار ئۆتكەن.

ئۇلار فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كەسكىن كۈرەشلەر ئىچىدە، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يارىتىپ، يېقىنقى زاماندىكى رېئالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى. بۇ توغرىدا ئېنگېلس: «بۇ ئەزەلدىن تارتىپ ئىنسانىيەت بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان بىر قېتىملىق ئەڭ ئۇلۇغ ئىلغار ئۆزگىرىش بولدى» دېگەنىدى.

دېمەك، ياۋروپانىڭ «ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى» مىلادى XIV ئەسىردە باشلانغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەتتە ئويغىنىش دەۋرى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (XI ئەسىردە) مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇ ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى شانلىق مەدەنىيەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئاتاقلىق نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت ئاسمىنىدا بالقىپ چىققان مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ يورۇق يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ.

قاراخانىيلارنىڭ قاغانى بايتاش (مۇسا) نىڭ ۋاقتىدا بالاساغۇندىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەنىدى. بۇ دەل مىلادىنىڭ 960 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. مانا شۇ ۋەقەدىن 58 يىل كېيىن، مىلادىنىڭ 1018 ـ يىلى بالاساغۇندان يۈسۈپ دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى. يۈسۈپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنى ئوبدان تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بولدى. يۈسۈپ ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن باشلاپ تىرىشىپ ئوقۇدى. يۈسۈپ ئۆز ئانا تىلى (ئۇيغۇرچىدىن) باشقا ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى ناھايىتى پۇختا ئۆگەندى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىنى فارابىنىڭ ۋە ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنى ئوقۇدى. ئىسلام ئەقىدىلىرىگە دائىر بىلىملەرنى، ئەجدادلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن پەند ـ نەسىھەتلىرىنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، ئەپسانە ۋەرىۋايەتلەرنى، دۆلەت توغرىسىدىكى تەلىماتلارنى، پەلسەپە، بۇددىزم ئەخلاقنامىلىرىنى، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، تەبىرنامە (چۈشكە تەبىر بېرىش قوللانمىسى) لەرنى ئۆگەندى. ئوقيا ئېتىش، ئوۋچىلىق، قۇشچىلىق (ئوۋ قۇشلىرىنى ئۆگىتىش) قاتارلىق ئەمەلىي بىلىملەرنى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى شاھمات ئويناش، تەنتەربىيە تۈرلىرى قاتارلىقلارنىمۇ نەزەردىن چەتتە قويمىدى. يۈسۈپ بولۇپمۇ پەلسەپە بىلەن ئەخلاققا دائىر بىلىملەرنى ناھايىتى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئۇ فارابى، ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا قاتارلىق ئۇلۇغ ئىككى پەيلاسوپنىڭ ئىدىيىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى يۈكسەلدۈردى.

يۈسۈپ قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن دانىشمەن ئالىملار ئىچىدە ناھايىتى كەڭ، چوڭقۇر، ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە ئالىم بولغانىدى.

يۈسۈپ يالغۇزلا ئەرەب ۋە ئىران تىلىنى، مەدەنىيىتىنى بىلىپلا قالماستىن، غەربنىڭ كلاسسىك بىلىملىرىنىمۇ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈرك دۇنياسىنى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەرنىمۇ چوڭقۇر ئۆگەنگەنىدى.

يۈسۈپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى بالاساغۇندا يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، 1068 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، قەشقەردە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ داستانىنى بىر يىلدىن كېيىن (1069 ـ يىلى) يېزىپ تاماملىغان ۋە «داستان» نى شۇ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئورۇنباسار قاغانى ئۇبۇلھەسەن تاۋغاچ بوغراخانغا تەقدىم قىلغان. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئارقىلىق يۈسۈپنىڭ دانىشمەن، تالانتلىق، ئالىي پەزىلەتلىك، ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئۇبۇلھەسەن تاۋغاچ بوغراخان، ئۇنىڭغا: خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىنى بېرىپ ئۇنى ساراي ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1069 ـ يىلى ساراي ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەنگەندە، يېشى ئەللىكتىن ئۆتۈپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قېرىپ ئاجىزلاپ قالغانلىقى توغرىسىدا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

364. قىرىقتىن ئۆتسە كىمنىڭ تىرىكلىك يىلى،
ۋىدالاشتى ئۇنىڭدىن يىگىتلىك تىلى.
365. تەگكۈزدى ماڭا قولىنى ئەللىك يېشىم،
قوغۇ[1] قىلدى قوزغۇن تۈسىدەك بېشىم.
366. مېنى قىچقىرىپ ئاتمىش دەيدۇ ئۇ كەل!
بارارمەن ئەگەرچە يەتمىسە ئەجەل.
367. ئەگەر تولسا ئاتمىشقا ئادەم يېشى،
كېتىپ زەۋق ئۇنىڭ يازى، بولۇر قىشى.
371. بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭلۈمنى قىلغۇچە ئوق، بويۇم بولدى يا.
374. كىشەنسىز پۈكۈلدى، ماڭالماس پۇتۇم،
قارايدى ـ يورۇماس بولۇپ نۇر كۆزۈم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 1069 ـ يىلى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى توغرۇل قاراخان (مۇسۇلمانچە ئىسمى مەھمۇدخان) غا تەقدىم قىلماي، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى بولغان ئۇبۇلھەسەن تاۋغاچ بوغراخانغا تەقدىم

(1) قوغۇ ئاق قۇ.

قىلغانلىقىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

مىلادىنىڭ 1058 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئىبراھىم ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئۇكىسى توغرۇل قاراخان قاغان بولغاندى. سۇلايمان ئارسلانخاننى ئوغلى ئوبۇلھەسەن، «تاۋغاچ بوغراخان» ئۇنۋانىدا توغرۇل قاراخانغا 16 يىل (مىلادىنىڭ 1058 ـ يىلدىن 1074 ـ يىلغىچە) ئورۇنباسار قاغان بولدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى مىلادىنىڭ 1069 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئورۇنباسار قاغانى ئوبۇلھەسەن تاۋغاچ بوغراخانغا تەقدىم قىلىشى، ئوبۇلھەسەننىڭ ئىلىم ئەھلىنى سۆيىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان، ئادىل، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك ھۆكۈمدار بولغانلىقى، توغرۇل قاراخاننىڭ بولسا، بېيەرۋا، راھەتپەرەس، ئىلىم ئەھلىگە ئانچە ئېتىبار بەرمەيدىغان ھۆكۈمدار بولغانلىقىدىن بولغان.

توغرۇل قاراخان مىلادىنىڭ 1074 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى توغرۇل تېكىن ئىككى ئاي قاغانلىق تەختتە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغان ئوبۇلھەسەن شەرقىي قاراخانىيلارغا 30 يىل (مىلادىنىڭ 1074 ـ يىلدىن 1103 ـ يىلغىچە) چوڭ قاغان بولدى. مانا شۇ مەزگىلدە، ئۇ، تاۋغاچ بوغراخان ئۇنۋانىدا ئەمەس، ھارۇن بوغراخانII ئۇنۋانىدا ئاتالدى.

بەللىرى مۈكچىيىپ، كۆزلىرى ئاجىزلاپ، دەرمانسىزلىنىپ قالغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھارۇن بوغراخان II نىڭ ۋاقتىدا 1080 ـ يىلى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ قەشقەرنىڭ ھازىرقى پايناپ يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئالغا سۈرۈلگەن تەرەققىيپەرۋەر پىكىرلەر ئادالەت، بەخت ـ سائادەت، ئەقىل ـ پاراسەت، سەۋر ـ تاقەتنىڭ سىمۋوللىرى قىلىپ ئېلىنغان كۈن تۇغدى (پادىشاھ)، ئاي تولدى (ۋەزىر)، ئوكدۇلمىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى)، ئۇدغۇرمىش (ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى) قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ ئۆز ئارا قىلىشقان سۆھبىتى ئارقىلىق بايان قىلىنغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئىلىم ـ پەننىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل بىر قامۇس ھېسابلىنىدۇ.

دۇنيا ئەدەبىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا؛ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى تېما جەھەتتىن «نەسىھەتنامە»، «ئىلمىي ھېكمەت»، «ماقال ـ تەمسىلنامە»، «سىياسەتنامە»، «دۆلەت توغرىسىدىكى تەلىمات»، «ئوتوپىيە»، «شاھزادىلەرنىڭ

جاھاننامىسى» قاتارلىق تۈرلەرگە مەنسۇپ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا: دۆلەتنى ئەقىللىق، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك ئادەملەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە قانۇن (ئادالەتنى ئاساس قىلغان) ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلغاندىن تاشقىرى قىلىچ (ھەربىي كۈچ) ئارقىلىق باشقۇرۇشنىمۇ ئالغا سۈرىدۇ.

286. قىلىچ بىلەن كەسسۇن ياۋنىڭ بوينىنى،
قانۇن بىلەن تۈزسۇن ئېلى - خەلقىنى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، دۆلەتنى باشقۇرۇشقا ياخشى ئادەملەرنى قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، يامان ئادەملەرنى دۆلەت ئىشىغا ئارىلاشتۇرماسلىقنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، دۆلەتنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ:

1455. ئەزىزلەپ ياخشىنى كۆتۈر يۇقىرى،
يامانغا بەرمە ئىش، قىل ئەلدىن نېرى.
ئەگەر بەگ يامانىنى يېقىن يولتۇر،
ئۆز نامى ۋە دۆلەت ئىشى بۇزۇلۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخىنى، غايىۋى دۆلەت توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى، تىلىنى، دۆلەت تۈزۈلۈشىنى، ھەربىي تۈزۈمىنى، قانۇنچىلىقىنى، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى، قاراخانى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك تەبىقىلەرگە قارىتا تۇتىدىغان سىياسەتلىرىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمى بويىچە ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا تېپىلغۇسىز، ناھايىتى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ھېسابلىنىدۇ.

كىلاۋدى پىتولمى: «يەر شار شەكلىدە، يەر ئالەمنىڭ مەركىزى (ئوتتۇرىسى)، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈن ۋە يۇلتۇزلار بىلەن پىلانېتلارنىڭ ھەممىسى يەر ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ» دەپ ھېسابلايتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنە شۇنداق چۈشەنچىدە

بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇنداق كۆز قارىشى ئۇ ياشىغان زاماندىكى ئىلاھىيەتچىنىڭ كۆز قارىشىدىن ئىلغار ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەم سىستېمىسىدىكى جىسىملار توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنىڭ خېلى ئىلغارلىقىنى، ئۇنىڭ ئاي توغرىسىدا بەرگەن بايانى ئىسپاتلايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

137. بۆلاردىن تۆۋەنرەكتە يالجىق[1] تۇرۇر،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولۇر.
731. ئاي ئاۋۋال تولىمۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن - كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.
133. تولۇپ ئاي ئېگىزگە ئۆرلىگەچ كېيىن،
كېمىيىپ ئاستا، ھۆسنى كېتەر يۈزىدىن.
134. يورۇقى ئاز - ئازدىن يەنە يوقىلۇر،
تۇغۇلۇپ كىچىك ئۇ، قايتىدىن تولۇر.

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن يۇنان پەيلاسوپى پىلاتون (مىلادىدىن 429 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ، مىلادىدىن 347 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن) ئوبيېكتىپ ئىدېئالىست پەيلاسوپ بولۇپ، ئافىنادىكى دېموكراتىك ئېقىمنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى ئىدى. پىلاتوننىڭ پەلسەپىسى كېيىنكى ئەسىردە غەربتىكى بارلىق ئىدېئالىستىك پەلسەپىنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىپ قالدى. پىلاتون، «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسەر يازغانىدى. ئەسەردە ئاقسۆڭەك قۇلدارلارنىڭ دىكتاتۇرىسى ماختالغان. پىلاتون «غايىۋى دۆلەت» تە پۈتۈن ئادەملەرنى ئۈچ تەبىقىگە پەيلاسوپلار، ھەربىيلەر، ئەمگەكچىلەرگە بۆلىدۇ. پىلاتوننىڭ قارىشىچە، پەيلاسوپلار ئالتۇندىن، ھەربىيلەر كۈمۈشتىن، ئەمگەكچىلەر تۆمۈردىن يارالغان بولۇپ، پەيلاسوپلار دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا يارالغانمىش، ھەربىيلەر بولسا، پەيلاسوپلارنى قوغدىغۇچىلار، ئەمگەكچىلەر ئەمگەك قىلىپ، پەيلاسۇپلار بىلەن ھەربىيلەرنى باققۇچى قۇللاردىن ئىبارەت ئىمىش.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا دۆلەت توغرىسىدا

(1) يالچىق ئاي.

ئۇتتۇرىغا قويغان كۆز قارىشى، پىلاتوننىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى كۆز قارىشىغا تۈپ ئاساسىدىن قارىمۇ قارشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز زامانىسىغا يارىشا ناھايىتى ئىلغار، ئەقىلگە مۇۋاپىق قاراش ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ: بىلىملىك، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق، باتۇرلۇقتا ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇشى لازىملىقى، ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىلىمسىز، دۆت، ئەخلاقسىز، قورقۇنچاق، زالىملار دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان بولسا، دۆلەتنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرگەن.

يەنە بىر تەرەپتىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، ئادالەت روھى بىلەن سۇغىرىلغان قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقى، ئاشۇنداق قانۇن ئالدىدا، دۆلەتتىكى كىشىلەرنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر (پادىشاھتىن تارتىپ قۇلغىچە) باپباراۋەر ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىدىكى كۆز قارىشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى ئىدىيىسى ئۆز زامانىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولۇپلا قالماستىن، يېقىنقى زاماندىكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە ئۆتكەن گۇمانىستلاردىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. مەسىلەن: يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

1951. ئەقىللىق كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
سېخىيلىق كېرەك ھەم سىلىقلىق كېرەك.
1952. بىلىم بىلەن بەگلەر ئېلىن باشلىدى،
ئەقلى بىلەن خەلقىنىڭ ئىشىن ئىشلىدى.
1956. بەگ بولسۇن بىلىملىك، ئەقىل ۋە ئويغاق،
ئۇشتۇمتۇت تەگمىگەي دېسە بىر چاتاق.
1957. كېرەكتۇر ياخشى خۇلۇق، پەزىل مىڭ تۈمەن،
نامىغا تەگمىسۇن دېسە داغ بوياق.
1961. بەگ بولغاي خەلق ئۈچۈن جەسۇر، قەھرىمان،
بۇنىڭغا قىلىنۇر چوڭ ئىشلار ھامان.
1983. جۇدا قىلسا كىمنىڭ خۇيىنى يامان،

ئۇنى رەنجىتىۇر ئوقى بىلەن زامان.
1984. ئەگەر بولسا قايسىسى بەگ خەلقى ناچار،
سۆيۈنچى بولۇر غەم، ئىش تەتۈر ماڭار.
2033. بولاي دېسەڭ ئەلگە ئۇزۇن ھۆكۈمران،
قانۇن تۈز، يۈرگۈز، خەلقنى ئاسرا ھامان.
2034. ئەل ئارتا قانۇن بىلەن، تۈزۈلۈر جاھان،
زۇلۇم بىلەن ئازىيىپ ئەل، بۇزۇلۇر جاھان.
2036. تۈزەپ بەگ كۆڭۈلنى، يۈرگۈزسە قانۇن،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس، ياشار بەك ئۇزۇن.
2038. سۆزى چىن بولسا بەگنىڭ خۇلقى گۈزەل،
ئىشەنگەي، ياخشى كۈن كۆرۈپ ئاڭا ئەل.
3463. ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.
818. ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.
809. قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قول دەپ ھېچ كىشىن.

## مەھمۇد كاشغەرى

قاراخانىيلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ يەنە بىرى، ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى تەرىپىدىن يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، ئەخلاق، ئېتنوگرافىيە،جۇغراپىيە، ھۈنەرۋەنچىلىك، تېبابەت، ئاسترونومىيە قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى لىكسىك ئىزاھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆلمەس ئەسەر.

پەقەت «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى جۇغراپىيىگە دائىر بىرلا پاكىت توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تۈركىي خەلقلەر جايلاشقان كەڭ دىيارنى يەر يۈزىنىڭ يۇملاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە قىياسەن خەرىتە قىلىپ يېزىپ بەرگەن. ئايتورنىڭ ئۆز تىلى بويىچە دائىرە دەپ ئاتالغان بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمكى

خەرىتىسىدۇر. بۇنىڭدا، تاغلار، دېڭىز، دەريا ۋە كۆللەر ئاددىي ۋە گېئومېترىك شەكىلدە ئىپادىلەنگەن، مۇھىم شەھەرلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى كۆرسىتىلگەن.»[1]

ئىنسان بالىلىرى يەر توغرىسىدا قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ھەرخىل تەسەۋۋۇرغا ئىگە ئىدى. ئەڭ قەدىمكى زاماندا ھىندىلار يەرنى دېڭىزدىكى ناھايىتى چوڭ بېلىق كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، دەپ بىلەتتى. مۇقەددەس كىتابلاردا، يەر ياپىلاق، ئۇنى بىر كالا بىر مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، كالا يەرنى تالغان مۈڭگۈزىدىن يەنە بىر مۈڭگۈزىگە يۆتكىگەندە، يەر تەۋرەيدۇ دەپ يېزىلغان.

قەدىمكى يۇنانىستاننىڭ پەيلاسوپى ۋە ماتېماتىكى فىفاگور (مىلادىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن) تۇنجى قېتىم، «يەر يۇمىلاق» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. فىفاگوردىن كېيىن، يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل يەرنىڭ يۇمىلاقلىقى توغرىسىدا يازغانىدى.

يەرنىڭ يۇمىلاقلىقى توغرىسىدىكى ئۇقۇم ناھايىتى قەدىم زاماندىن تارتىپ پەيدا بولغان بولسىمۇ، XI ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا، ئىسلام ئەقىدىچىلىكى تازا كۈچەيگەن چاغدا، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دائىرە» دەپ ئاتىغان خەرىتىنى يەرنىڭ يۇمىلاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە سىزىشى، ئىلغارلىق بولۇپلا قالماستىن، ناھايىتى چوڭ باتۇرلۇق ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە، مۇسۇلمان روھانىيلىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار قاراخانىيلارنىڭ ئوردىلىرىدا خېلى چوڭ ھوقۇققىمۇ ئىگە ئىدى. ھەتتا، جاھىل روھانىيلار بىلەن قاراخانى قاغانلىرى ئارىسىدا كەسكىن زىددىيەتمۇ بار ئىدى. مىلادىنىڭ 1095 ـ يىلى جاھىل روھانىيلار غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئەھمەدخاننى دىنغا خىلاپلىق قىلدى، دېگەن باھانە بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى شەمس ئەلمۇلىك بولسا بۇخارالىق جاھىل روھانىيلاردىن بەزىلەرنى ئۆلتۈرگەنىدى.

ياۋروپادا، XVI ئەسىردىلا، ئۇلۇغ ئاسترونوم كوپېرنىكنىڭ (مىلادىنىڭ 1473 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1543 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) يەر يۇمىلاق، كۈننىڭ ئەتراپىدا ۋە ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى رەت قىلىپ بولمايدىغان ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىدى.

مەھمۇد كاشغەرى قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان

(1) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە I توم 21 ـ بەت.

شاھزادە ئىدى.« مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىكى، ‹تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان بۇۋىلىرىمىز...› دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.»[1]

مەھمۇد كاشغەرى، ساتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ھارۇن بوغراخان (بۇ ساتۇق بوغراخاننىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ ئوغلى بولىدۇ) ئوغلى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئەۋرىسى ئىدى. بىز يۇسۇپ قادىرخان (مىلادىنىڭ 1026 ـ يىلىدىن 1032 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) نىڭ بۇغرا تېكىن (سۇلايمان ئارسلانخان)، ياغان تېكىن (مۇھەممەد بۇغراخان)، توغرۇل قاراخان (مەھمۇدخان) قاتارلىق ئۈچ ئوغلى بارلىقىنى تىلغا ئالغانىدۇق. مەھمۇد كاشغەرى بۇۋىسى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ياغان تېكىن (مۇھەممەد بوغراخان) نىڭ چوڭ ئوغلى ھۈسەيىننىڭ بالىسى ئىدى. شۇنداق بولغاندا مەھمۇد كاشغەرى ھۈسەيىننىڭ ئاتىسى مۇھەممەد بوغراخاننىڭ نەۋرىسى، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئەۋرىسى، ھارۇن بوغراخاننىڭ چەۋرىسى، سۇلايمان ئارسلانخان (ساتۇقنىڭ ئوغلى) نىڭ پەي نەۋرىسى، ساتۇق بوغراخاننىڭ كۆكۈن نەۋرىسى بولۇپ چىقىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى مىلادىنىڭ 1030 ـ يىللىرى[2] قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە قاراشلىق ئوپال دېگەن يۇرتنىڭ ئازىغ كەنتىدە تۇغۇلۇپ، مىلادىنىڭ 1090 ـ يىللىرى 60 نەچچە يېشىدا، ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئوپالغا دەپنە قىلىنغان.

مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئوپالدىن قەشقەرگە بارىدىغان يولدا «مانىكەنت» دېگەن شەھەر بار، دەپ مەلۇمات بەرگەن، «مانىكەنت»، ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، شۇ شەھەرگە قويۇلغان نام. «مانىكەنت» نىڭ خارابىسى ھېلىغىچە توققۇزاقتا ساقلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. توققۇزاقتىكى «مەنگەن» دېگەن يېزىنىڭ نامى «مانىكەنت» سۆزىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشى بولسا كېرەك.

مەھمۇد كاشغەرى قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى، پۈتۈن شەرق دۇنياسىغا تونۇلغان مەدەنىيەت مەركىزى قەشقەرنىڭ «مەدرىسى ساجىيە» قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان. ئەينى چاغدا، بۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا دۇنياغا تونۇلغان ئۇيغۇر ئالىملىرى دەرس بېرەتتى. مەسىلەن: XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخچىسى،

---

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى » I توم، 14 ـ بەت.
(2) كېيىنكى تەتقىقاتلار مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مىلادى 1008 – يىلى تۇغۇلۇپ، 1105 يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئابدۇجاپپار كاشغەرىنىڭ ئاتىسى ئىمام زاھىت ھۈسەيىن خەلەپ ئوغلى ئۇ بىلىم يۇرتلىرىدا دەرس ئۆتكەنىدى. مەھمۇد كاشغەرى ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆز ئانا تىلىدەك مۇكەممەل بىلگەندىن تاشقىرى، گراماتىكا، لوگىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك قاتارلىقلارنىمۇ ناھايىتى پۇختا ئىگىلىگەنىدى.

مەھمۇد كاشغەرى مىلادىنىڭ 1057 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەردىكى خان ئوردىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەدە ئامان قېلىپ، قەشقەردىن قاچقان ۋە خېلى سەرسانلىقنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ئاخىر باغدادقا بارغان.

مىلادىنىڭ 1056 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلار (1210 ـ 1212) نىڭ قاغانى سۇلايمان ئارسلانخان ئۆز ئۇكىسى مۇھەممەد بوغراخان (مەھمۇد كاشغەرىنىڭ چوڭ دادىسى) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. مۇھەممەد بوغراخان قاغان بولىدۇ. 15 ئايدىن كېيىن، مۇھەممەد بوغراخان خانلىق تەختىنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن (مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دادىسى) گە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولىدۇ. تەختنى ھۈسەينگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىدىكى زىياپەتتە ھۈسەيىننىڭ ئۆگەي ئانىسى (مۇھەممەد بوغراخاننىڭ كىچىك خانىشى) مۇھەممەد بۇغراخان ۋە ھۈسەيىن قاتارلىق قاغان ۋە شاھزادىلەرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ. كىچىك خانىش ئۆز ئوغلى ئىبراھىم تېكىننى (ھۈسەيىننىڭ دادا بىر، ئانا باشقا ئۇكىسى) قاراخانىيلار تەختكە چىقىرىدۇ. بۇ ۋەقە توغرىسىدا يۇقىرىدىمۇ توختالغانىدۇق. مانا شۇ قانلىق ۋەقەدە ئامان قالغان مەھمۇد كاشغەرى قەشقەردىن قېچىپ دەسلەپ ماۋەرائۇننەھرگە غەربىي قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىگە كېلىدۇ. كېيىن باغدادقا بارىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 1057 ـ يىلىدىكى قانلىق ۋەقەدىن بۇرۇنلا تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان شەھەرلەر، يېزىلار، دالالارغا بېرىپ ماتېرىيال توپلىغان دېيىش تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى مەھمۇد كاشغەرى بۇ ۋەقەدىن بۇرۇن ئەمدىلا 30 ياشلارغا كىرگەن قىران يىگىت ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ 1030 ـ يىللىرى تۇغۇلغانلىقىنى نەزەردە تۇتساق، ئۇنى ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشتى دېگەن ۋاقىت (مىلادى 1045 ـ يىللىرى) 15 ياش ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. 15 ياشلىق بالىنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشقا ۋە ماتېرىيال توپلاشقا بەل باغلىشى مۇمكىن بولىدىغان ئىش ئەمەس. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەشقەر ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى تۈگەتكەن ۋاقتىمۇ تەخمىنەن مىلادىنىڭ 1055 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا مەھمۇد كاشغەرى، 25 ـ 26 ياشلارغا كىرگەن بولىدۇ. شۇنداقتا، ئۇ ئۆز كىتابى ئۈچۈن ماتېرىيالنى

قەشقەردىن قېچىپ باغدادقا بارغىچە بولغان مەزگىلدە (تەخمىنەن مىلادىنىڭ 1057 ـ يىلىدىن 1071 ـ يىلىغىچە بولغان 14 يىل ئىچىدە) توپلىغان بولىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزى تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك، مەھمۇد كاشغەرى باغدادقا، قەشقەردىن سەلجۇقىلار ئىمپېراتورى مەلىك شاھقا ياتلىق بولۇپ بارغان تۈركان خاتۇن بىلەن بىللە بارغان ئەمەس. ئىشەنچلىك پاكىتلارغا قارىغاندا، سەلجۇقىلار ئىمپېراتورى مەلىك شاھ (1072 ـ 1092) غا ياتلىق بولغان تۈركان خاتون شەرقىي قاراخانىيلار بىكەسى بولماستىن، بەلكى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئىبراھىم بۆرە تېكىن (مىلادىنىڭ 1052 ـ يىلىدىن 1068 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان) نىڭ قىزى، شەمس ئەلمۇلكنىڭ سىڭلىسى ئىدى. ئۇ باغدادقا قەشقەردىن ئەمەس، بەلكى سەمەرقەندتىن بارغان. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرى مىلادىنىڭ 1057 ـ يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەدە ئامان قېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا قاچقان، كېيىن باغدادقا بارغان.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ باغدادقا بېرىشى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئەرەب خەلىپىسى مۇقتەدىرغا تەقدىم قىلىشى ئۆزىنىڭ سەلجۇق ئوغۇزلىرىدىن پاناھ ئىزدىگەنلىكى ۋە ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشكە ھاجەتمەن بولۇپ قالغانلىقىدىن بولغان. مەن باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، ئۇلۇغ سەلچۇقىلارنىڭ ئىمپېراتورى توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1055 ـ يىلى باغدادقا كىرگەندىن باشلاپ، ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكى سەلجۇق ئوغۇزلىرىغا قارام بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ خەلىپە پەقەت دىنىي جەھەتتىكى رەھبەرلىك ئورنىنىلا ساقلاپ قالغان.

مانا شۇنداق سەۋەبكە كۆرە، ئەرەبلەر تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشكە موھتاج بولۇپ قالغانىدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» يالغۇزلا تۈرك تىلىنى ئەرەبلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا يېزىلغان ساپ سۆزلۈك بولماستىن، بەلكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنوگراپىيىسى، تارىخى، جايلاشقان ئورۇنلىرى ۋە لوگىكا، ئاسترونومىيە، يېزا ئىگىلىك، تېبابەتچىلىك، ئۇرۇش قائىدىلىرى شۇنىڭدەك تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل قامۇس ھەم بولۇپ سانىلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى ئۆز ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە

پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۈگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى «تۈرك» دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى. دەۋرىمىزنىڭ قاغانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى؛ ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى، ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى، ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۈپەيلى ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى. تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇش ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى. ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق.»[1]

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ XI ئەسىردە تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى بىلەن ئوغۇز - قارلۇقلار باش بولغان غەزنەۋىلەر دۆلىتى ۋە سەلجۇق ئوغۇزلىرى قۇرغان ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنى كۆزدە تۇتقانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

مەن باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، مىلادىنىڭ 1071 - يىلى ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېراتورى ئالىپ ئارسلان مالازگىرد ئۇرۇشىدا شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئىمپېراتور مەلىك شاھ مىلادىنىڭ 1075 - يىلى پۈتۈن كىچىك ئاسىيانى، شەرقىي رومانىڭ قولىدىن تارتىۋالغانىدى.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» نى ئەرەب خەلىپىسى مۇقتەدىرغە تەقدىم قىلغان يىلىمۇ دەل مىلادىنىڭ 1075 - يىلى ئىدى. شۇنداق قىلىپ XI ئەسىردە تۈركىي خەلقلەردىن بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئوغۇزلار ئوتتۇرا ئاسىيا، يېقىن شەرق، شەرقىي ياۋروپا ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى.

مەھمۇد كاشغەرى مىلادىنىڭ 1080 - يىللىرى باغدادتىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئېھتىمال مىلادىنىڭ 1090 - يىللىرى، 60 ياشلاردىن ئۆتكەندە ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك. مەھمۇد كاشغەرى قەشقەردە ئوپالغا دەپنە قىلىنغان.

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم ئۇيغۇرچە 2 - بەت (1 - بەتتىن 63 - بەتكىچە بولغان «كىرىش» قىسمىدىن كېيىن باشلانغان 2 - بەت).

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئوپالدىكى «ھەزرىتى مولـلام مازىرى» نامى بىلەن ئاتالغان قەبرىگاھى 1984 ـ يىلى قايتىدىن ياسالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئوپالدىكى قايتىدىن ياسالغان ھەيۋەتلىك قەبرىگاھى دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىن كېلىپ زىيارەت قىلىدىغانلار ئۈچۈن دۇنياۋى مەشھۇر زىيارەتگاھلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

يۇقىرىدا، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋۇجۇدقا كەلگەن «ئويغىنىش دەۋرى»نىڭ ياۋروپادىكى «ئويغىنىش دەۋرى» دىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇن بولغانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزدۈم. قاراخانىيلار دەۋرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن «ئويغىنىش دەۋرى» ياۋروپادىكى «ئويغىنىش دەۋرى» دىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇن بولغانىكەن. ئۇنداقتا ئوتتۇرا ئاسىيا كېيىن مەدەنىيەتتە نېمە ئۈچۈن ياۋروپادىن كېيىن قالدى؟ قاراخانىيلار دەۋرىدە، ياۋروپا مەدەنىيەتتە ئاسىيادىن ئارقىدا ئىدى. ئاسىيادىكى جۇڭگو، ھىندىستان دۆلەتلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئافرىقىدىكى مىسىر كىچىك ئاسىيادىكى مىسوپوتامىيلەر ئەينى دەۋرلەردە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇراتتى. ئەمما، كېيىن ياۋروپادا XVI ئەسىردىن باشلاپ، مەدەنىيەت گۈللەپ ياشناشقا باشلىدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تەبىئىي پەن ئىلمى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا، ياۋروپادىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇن ۋۇجۇدقا كەلگەن «ئويغىنىش دەۋرى» ياۋروپادىكىگە ئوخشاش، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تەبىئىي پەننىڭ ئىلمى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى تەرەققىياتىنى پەيدا قىلالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتتە ياۋروپادىن تولىمۇ ئارقىدا قالدى.

بۇنىڭ سەۋەبى مېنىڭچە مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك:

1. ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئويغىنىش دەۋرى» گەرچە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يۇسۇپ خاس ھاجىپتەك ئىنسانپەرۋەر ئالىملار، ياۋروپادىكىگە ئوخشاش كۆپلەپ مەيدانغا چىقىپ، ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى، ئەقىل ـ پاراستىنى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان خۇراپاتنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىش ئىشىنى ئورۇندىيالمىدى. ياۋروپادا بولسا، XIV ئەسىردىن باشلاپ، دانتې، پېترارىكا، بوكاچچىئو راپائىل، لىئونـاردو داۋىنچى (ئىتالىيىدىن) دەك گۇمانىستلار، نىكولاي كوپېرنىك (پولشىدىن)، دژوردا نوبرونو (ئىتالىيىدىن) دەك ئاسترونوملار، چوسېر (مىلادىنىڭ 1340 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1400 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئەنگلىيىدىن)، رابلې (1494 ـ 1553، فرانسىيىدىن)، ئەرازم روتتېر دامىسكى

(نىدىرلاندىيىدىن، 1476 ـ 1536) گە ئوخشاش گۇمانىستلار مەيدانغا چىقىپ، ئادەمنىڭ ھېسسىياتى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى خرىستىئان ئىلاھىيەتچىلىكىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامانىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە تەبىئىي پەنىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا، قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە زىت كېلىدىغان خۇراپاتلىق ئېقىمى پەيدا بولدى. ئۇنى تەرغىب قىلىدىغان جاھىل روھانىيلار باش كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋۇجۇدقا كەلگەن «ئويغىنىش دەۋرى» نى بۆشۈكىدىلا بوغۇپ قويدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە، جاھىل روھانىيلار بىلەن قاراخانىيلار قاغانلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن كۈرەشلەر بۇ خىل ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

2. XIII ئەسىرنىڭ بېشىدىلا (1220 ـ يىللىرى) چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋالدى ۋە بۇ يەرنى ھەر جەھەتتىن ۋەيران قىلدى. موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىگە ئېغىر سېلىق سېلىپ، خەلقنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇۋەتتى. بۇخارا، سەمەرقەند، ئۈرگەنجكە ئوخشاش مەدەنىيەت مەركەزلىرى چۆلدەرەپ قالدى. چۈنكى موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ مەدەنىيەتلىك، ئاۋات شەھەرلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئوت قويۇپ، كۆيدۈرگەنىدى. موڭغۇللار ئۆزلىرىگە كېرەك بولىدىغان ھۈنەرۋەنلەر بىلەن كاسىپلارنىلا ئامان قالدۇرۇپ، قالغانلارنى قىرىپ تاشلىدى. خارەزىم شاھلىقىنىڭ پايتەختى ئۈركەنجىنى سۇغا باستۇرۇپ ۋەيران قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گۈللەنگەن شەھەرلىرى، يېزىلىرى چۆلدەرەپ، ئېچىنىشلىق ۋە قايغۇلۇق خارابە مەنزىرە پەيدا بولدى.

موڭغۇللارنىڭ زۇلمى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. شۇ سەۋەبكە كۆرە، موڭغۇللار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەت تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئەسىرلەر بويىچە ياراتقان مەدەنىيەت جۇغلانمىسىمۇ دەھشەتلىك ھالدا ۋەيران بولدى.

3. XV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كارۋان بۇيۇك يولى ئۆز رولىنى ۋە ئەھمىيىتىنى

يوقاتتى.

چۈنكى ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 1299 ـ يىلىدىن 1922 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) سۇلتان مۇھەممەد II نىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1451 ـ يىلىدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 1481 ـ يىلىغىچە سۇلتان بولغان) تارىختا 1056 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (مىلادىنىڭ 394 ـ يىلىدىن 1451 ـ يىلىغىچە) شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونستانتىنپولنى ئىشغال قىلىپ، شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. تۈركلەر XV ئەسىردىن خېلى بۇرۇنلا كىچىك ئاسىيا بىلەن مېسوپوتامىيىگە ئورنىشىپ ئالغانىدى. تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىران، ئىراقتا ۋە كىچىك ئاسىيا ئارقىلىق ياۋروپاغا بارىدىغان قۇرۇقلۇق يولىنى توسۇپ قويدى. شۇ سەۋەبتىن، ياۋروپا سودىگەرلىرى غەربتىن شەرق (ھىندىستان ۋە جۇڭگو) قە بارىدىغان قۇرۇقلۇق يولىدىن ماڭالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپالىق سودىگەرلەر شەرق بىلەن بولىدىغان سودىدىن ئالىدىغان چوڭ پايدىدىن قۇرۇق قالدى. بۇ ئىش ياۋروپالىق سودىگەرلەرنىڭ ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى تېپىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىشىغا سەۋەب بولدى.

ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى تېپىش ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپ سەپەرگە چىققان ئادەم ئىتالىيىلىك خرىستوفور كولۇمبۇ دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى تاپىمەن دەپ 1492 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدە ياۋروپانىڭ غەربىي قىرغىقىدىن يولغا چىقىپ، بىرنەچچە ئاي دېڭىزدا ئۈزگەندىن كېيىن 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدە، ئامېرىكىدىكى كۇبا بىلەن گايىتى ئاراللىرىغا بېرىپ قالغان. كولۇمبۇ بۇ ئاراللارنى ھىندىستانغا يېقىن دەپ ئىشەنگەن. كولۇمبۇ كېيىن يەنە ئۈچ قېتىم دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ، ئامېرىكا قىتئەسىنى تاپقان. ئۇ تاكى ئۆلگەنگە قەدەر تېپىلغان يېڭى قىتئەنى ھىندىستان دېگەن قارشىدىن يانمىغان. كېيىن ئىتالىيىلىك ئامرىگوۋسىيۇچى دېگەن ساياھەتچى كولۇمبۇ ھىندىستان دەپ تونۇۋالغان يېڭى قىتئەنىڭ ھىندىستان ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغاندىن كېيىن، ياۋروپالىقلار يېڭى تېپىلغان بۇ قىتئەگە ئامېرىكا دەپ نام بەرگەن.

كولۇمبۇدىن كېيىن، پورتۇگالىيە ساياھەتچىسى ماگېللان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دېڭىز ـ ئوكيان ئارقىلىق دۇنيانى ئايلىنىپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى بۇرۇنقى

ئوتتۇرا ئاسىيانى ئاساسىي تۈگۈن قىلغان قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى يېڭى ئېچىلغان دېڭىز - ئوكيان يولى ئارقىلىق بولىدىغان بولغان. بۇنىڭ بىلەن غەرب بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشى زور تەسىرگە ئۇچرىغان.

## قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى سەۋەبلەر

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىقتىساد (يېزا ئىگىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئىچكى - تاشقى سودا) نىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەتمۇ گۈللەپ ياشناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق:

1. X ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە قاراخانىيلار دۆلىتى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى جەھەتتە يېتەكچى رول ئوينىغان رايونلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ۋە قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدىكى مەدەنىيەتلىك رايونلار (تارىم ۋادىسى، ماۋەرائۇننەھرى) بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان رايونلار (يەتتەسۇ قاتارلىق رايونلار) نىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. شۇ دەۋردە، قەشقەر، خوتەن، بالاساغۇن، تاشكەنت، بۇخارا، سەمەرقەنت، ئۇرگەنج، تېرمىز، مەرۋى ۋە خوراساندىكى مەشھۇر شەھەرلەر ناھايىتى ئاۋات ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغا شەھەرلەر كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاۋاتلاشتى. بۇ شەھەرلەرنىڭ كۆلىمىمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا ھەسسىلەپ كېڭەيدى.

قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەر بۇ دەۋردە مەدەنىيەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، مەشھۇر ئالىملىرى، ئاجايىپ گۈزەل - ھەيۋەتلىك سارايلىرى (ئوردىلىرى)، كارۋان سارايلىرى بىلەنمۇ دۇنياغا مەشھۇر بولغانىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئوترار شەھىرىنىڭ خارابىسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوترار شەھىرىدە، يەر ئاستىغا ئورنىتىلغان ساپال نوكەشلەر ئارقىلىق ھەر بىر ئائىلىنىڭ ھويلىسىدىكى كۆلچەككە سۇ ئەكىرىلگەن. دېمەك، يەر ئاستى نوكەشلىرى (تۇرۇبىلىرى) ئارقىلىق شەھەر ئاھالىسىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش قاراخانىيلار دەۋرىدە يولغا قويۇلغان.

شەھەرلەردە ياشايدىغان خەلق نوپۇسىنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، شەھەرلەرنىڭ كۆلىمىمۇ كېڭەيگەن. ئۇ دەۋردە،

سەمەرقەند شەھىرىدە 400 مىڭ ئاھالە ياشىغان. قاراخانىيلار، سەمەرقەند ئىچىگە قورغانلار سالدۇرۇپ، چوڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان. ئاھالە ياشايدىغان مەركەزلىك رايونلار (قول ھۈنەرۋەنچىلىك رايونلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) شەھەرنىڭ تېشىدا بولغان. سەمەرقەندتىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ۋاقتىدا بۇخارادا ناھايىتى چوڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلغان. شەھەر سېپىلى يېڭىدىن ياسالغان. شەھەرنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلگەن، نۇرغۇنلىغان ھەيۋەتلىك بىنالار (ئوردىلار، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى) سېلىنغان. ھازىر بۇخارادا مىلادىنىڭ 1127 ـ يىلى مۇھەممەد ئارسلانخان تەرىپىدىن سالدۇرۇلغان «مۇنارى كالان» (مۇنارلارنىڭ چوڭى) نامى بىلەن ئاتالغان ناھايىتى ئېگىز، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغان بىر مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى بىلەن زاماندىش بولغان تارىخچىلارنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، بۇ مۇنار ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە، بىناكارلىق مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغاندىن تاشقىرى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئالاھىدە بولغان.

2. بۇ دەۋردە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، سان ـ سۈپىتىمۇ يۇقىرى بولغان. نېپىز ـ پۇپۇقا رەڭلىك ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش (بۇ خىل ئەينەكلەر بىناكارلىقتا ئىشلىتىلەتتى)، خىلمۇ خىل گۈللەر چېكىلگەن سىرلىق قاچا ـ قوچا ۋە ئىدىشلارنى ياساش، برونزا، مىس، شىشە ۋە ساپالدىن ياسالغان بۇيۇملارغا ھەمدە تاملارغا ۋە قەغەزگە گۈللەرنىڭ ۋە ئەپسانىۋى ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش ئومۇملاشقانىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە، ھەيۋەتلىك بىنالارنى پىششىق كېسەك بىلەن سېلىشقا، ئوردا ـ ساراي، مازار، مەسجىد، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ تاملىرىنى گۈمبەزلىرىنى چىنە خىش ۋە گۈلدار سىرلانغان خىشلار بىلەن زىننەتلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. تارىم ۋادىسىدا (خوتەن بىلەن قەشقەردە) كىمخاپ، شايى، ئەتلەس، گىلەم توقۇش راۋاجلانغان بولسا، سەمەرقەند، بۇخارادا پاختا يىپ، كەندىر ۋە يىپەكتىن خىلمۇ خىل رەڭدىكى رەختلەرنى توقۇش تەرەققىي تاپقان.

3. كانچىلىق بىلەن مەدەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى قاراخانىيلار دەۋرىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇردۇ.

قاراخانىيلار ئۆز قوشۇنلىرىنى ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن تەمىنلەش، تاشقى سودا مۇئامىلىسىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان، دىنار (تىللا)، دىرھەم (كۆمۈش تەڭگە) نى كۆپلەپ قۇيۇش ۋە زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشتا ئالتۇن، كۆمۈش، مىسقا بولغان ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، خىلمۇ خىل مەدەن كانلىرىنى ئېچىشقا، مېتاللچىلىق قول سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بەكمۇ كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن.

قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئۇسروشان دېگەن يېرىدە تۆمۈر رۇدىسى قېزىپ چىقىرىلغان. بۇ رۇدىلار ئېرىتىلىپ، چىققان تۆمۈردىن ئۇرۇش قوراللىرى ۋە سايمانلار (دېھقانچىلىققا، تۇرمۇشقا لازىم بولىدىغان سايمانلار) ياسالغان. پەرغانىدە، رۇدىنى ئېرىتىپ قورال ـ سايمان ياسايدىغان ھۈنەرۋەنچىلىك ئورۇنلىرى كۆپ ئىدى.

قاراخانىيلار، تۆمۈر رۇدىسى چىقىدىغان كانلارنى ئاچقاندىن تاشقىرى نېفىت كانلىرىنىمۇ ئاچقان.

ئوتتۇرا ئاسىيادا نېفىت كانلىرىنىڭ ئېچىلغانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ئىشغال قىلىپ تۇرغان چاغدىلا (مىلادىنىڭ 750 ـ يىلدىن 870 ـ يىللىرىغىچە) مەلۇم ئىدى. پەرغانىدىكى نېفىت كانىدىن پايدىلىنىش قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنغان. قاراخانىيلار، ھەربىي ئىشتا نېفىتتىن كۆپ مىقداردا پايدىلاندى. ئۇلار شەھەرلەرنى ئېلىشتا، نېفىت تولدۇرۇلغان مەخسۇس ساپال كوزىلار (نېفىت بومبىلىرى) نى ئالاھىدە ياسالغان قوراللار ئارقىلىق ئاتقان. «قامال قىلىنغان شەھەرنى كۆيدۇرۇش ئۈچۈن يېنىپ تۇرغان نېفىتنى ئىرغىتىش تېخنىكىسى» ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشقا كۆچمەن خەلقلەر ئىچىگىمۇ تارقالغان. قىپچاقلار XII ئەسىردە رۇسلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا، شەھەرلەرنى قامال قىلغاندا بۇ تېخنىكىنى ئىشلەتكەن. بۇ ئەھۋال رۇسلارنىڭ «ئىگور جەڭنامىسى» دېگەن ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن.»[1]

تاشكەنتنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھازىرقى ئاھىنگىران (بۇرۇنقى ئىلاق)دا كۆمۈش ـ قوغۇشۇن كانلىرى ئېچىلغان. قاراخانىيلار ئاھىنگىراندىكى كۆمۈش كانلىرىدىن قېزىپ چىقىرىلغان كۆمۈشتىن قويۇلغان دىرھەمنى شەرقىي ياۋروپا بىلەن بولىدىغان سودا مۇئامىلىسىدە ناھايىتى كۆپ مىقداردا ئىشلەتكەن.

(1) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە I توم 221 ـ بەت.

شۇ چاغدا شەرقىي ياۋروپادا، بىرەرمۇ كۈمۈش ياكى قوغۇشۇن كان بولمىغاچقا، شەرقىي ياۋروپالىقلار قاراخانىيلارنىڭ دىرھەملىرىگە موھتاج بولغان. شەرقىي ياۋروپالىقلاركۈمۈشنى قاراخانىيلاردىن تەڭگە پۇل شەكلىدە ئالغان.

قاراخانىيلار ئۆزلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىدا ئوردا تۇرمۇشىدا كېرەك بولىدىغان بۇيۇملار (ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن ھاسا، ئالتۇن چوماقلار) نى، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى (ئالتۇن قاداق، ئالتۇن چىگە گۈل، ئالتۇن بىلەزۈك، ئالتۇن ئۈزۈك قاتارلىقلار) نى ياساش ھەم دىنار قويۇش ئۈچۈن بولغان ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالتۇن كانلىرىنى ئاچقان.

مەھمۇد كاشغەرى: «بارخان.... قەشقەرگە يېقىن بىر تاغنىڭ ئۈستىدىكى قورغان. بۇ تاغنىڭ ئاستىدا ئالتۇن كان بار» دەپ يازغان[1].

يېقىنقى يىللاردا كەلتۈرۈلگەن بىر قاتار پاكىتلار قاراخانىيلار دەۋرىدە، كانچىلىق، مېتاللچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

4. خەلقئارا سودا يولىنىڭ ئاساسىي تۈگۈنلىرى قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدە ئىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە بارىدىغان سودا كارۋانلىرى ۋە ئەلچىلەر خوتەن، قەشقەر، بالاساغۇن، سەمەرقەند، بۇخارا، تىرمىز قاتارلىق شەھەرلەردىن ئۆتەتتى.

قەدىمكى زاماندىن تارتىپ خەلقئارا سودا يولىغا ھونلار، تۈركلەر، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغىنىدەك، قاراخانىيلارمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. قاراخانىيلار شەرقتە جۇڭگو (سۇڭ سۇلالىسى)، قىتان خانلىقى بىلەن، غەربىي جەنۇبتا ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران بىلەن (غەزنەۋىلەر ۋە سەلجۇقىلار قاتارلىق) غەربتە، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا بىلەن سودا ئالاقىسى قىلاتتى. قاراخانىيلارنىڭ سودا كارۋانلىرى، تۆگە ۋە ئاتلارغا يۈكلەنگەن ماللارنى يىراق ئەللەرگە ئاپىرىپ ساتاتتى. ئۇلار، ھىندىستان، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىن مەرۋايىت، ياقۇت، پىل چىشى، دورا - دەرمان قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ئۇلارنى جۇڭگوغا ئاپىرىپ ساتاتتى. ئادەتتە سودا كارۋانلىرىنىڭ ئۇلاغلىرى بىرنەچچە يۈز، بىرنەچچە مىڭغا يېتەتتى. بەزى چوڭ كارۋانلاردا بەش مىڭغا يېقىن ئادەم بولاتتى. بۇنداق كارۋانلار گاھىدا

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم ئۇيغۇرچە 567 - بەت.

ئىككى يىلدا، گاھىدا بىر يىلدا بىر قېتىم سەپەرگە چىقاتتى.

5. قاراخانىيلارنىڭ دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا ئالمىشىشىنىمۇ ئالغا سۈردى. خەلقئارا سودىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، خوتەن، قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق شەھەرلەردە، يىپەك، پاختا، كەندىر ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىقى كېڭەيدى ۋە راۋاجلاندى. بۇنىڭدىن باشقا، سەمەرقەند بىلەن خوتەندە، قەغەز ئىشلەپچىقىرىش بەكمۇ تەرەققىي قىلدى. سەمەرقەند قەغىزى غەربتىكى ئەرەب خەلىپىلىكىگە، شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىگە ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىگە چىقىرىلدى.

قاراخانىيلارنىڭ شەرقتە جۇڭگو، شەرقىي قىتان خانلىقى، تاڭغۇت خانلىقى ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىمۇ ناھايىتى قويۇق ئىدى.

بۇنىڭدا سۇڭ سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 960 ـ يىلىدىن 1279 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بىلەن بولغان سودا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن ھەققىدە قىسسە» (宋史。于阗传) ۋە «سۇڭ سۇلالىسى يارلىقلىرى توپلىمى. يات ئەللەر» (宋余要辑稿。藩夷) دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، قاراخانىيلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئارىسىدا بولغان سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. بىرىنچى باسقۇچ مىلادىنىڭ 1009 ـ يىلىدىن 1025 ـ يىلىغىچە بولغان 16 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا شۇ مەزگىلدە، قاراخانىيلار تەختىدە ئەھمەد توغانخان (998 ـ 1018)، مەنسۇر ئارسلانخان (1018 ـ 1024)، ئەھمەد توغانخان II (1024 ـ 1025) قاتارلىق ئۈچ قاغان ئولتۇرغانىدى.

مىلادىنىڭ 1009 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى سودا ئەلچىلەر ئۆمىكى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيفىڭغا بارغان. بۇ ئەلچىلەرنى خوتەن خانى يۈسۈپ قادىرخان قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئەھمەد توغانخانغا ۋاكالىتەن ئەۋەتكەن بولسا كېرەك، 2 ـ قېتىم، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە مىلادىنىڭ 1024 ـ يىلى مەنسۇر ئارسلانخان ئەۋەتكەن سودا ئەلچىلىرى باردى.

ئىككىنچى باسقۇچ مىلادىنىڭ 1036 ـ يىلىدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 1097 ـ يىلىغىچە بولغان 35 ـ يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا شۇ 35 يىل ئىچىدە،

قاراخانىيلارنىڭ سودا ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىگە 24 قېتىم باردى. مانا شۇ مەزگىلدە شەرقىي قاراخانىيلارغا توغرۇل قاراخان (1074 ـ 1085) توغرۇل تېكىن (1074 ـ 1075) هارۇن بۇغراخان II (1075 ـ 1103) قاتارلىق ئۈچ قاغان هۆكۈمرانلىق قىلدى.

مىلادىنىڭ 1097 ـ يىلى هارۇن بوغراخان جۇڭگو بىلەن قاراخانىيلار ئارىسىدىكى سودا يولىغا توسقۇنلۇق قىلغان تاڭغۇتلارنى دۇڭخۇاڭ، جاڭيې، جيۇچۈەن (بۇ جايلارنىڭ هەممىسى هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدە) قاتارلىق جايلاردىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتكەن.

ئۈچىنچى باسقۇچ مىلادىنىڭ 1107 ـ يىلىدىن 1124 ـ يىلىغىچە بولغان 17 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا شۇ 17 يىل ئىچىدە شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ سودا ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىگە تۆت قېتىم باردى. بۇ ئەلچىلەرنى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئەهمەد ئارسلانخان ئەۋەتكەنىدى.

قاراخانىيلارنىڭ سودا ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىگە مەستىكىرۇمى، نۆشۇدۇر، مەرۋايىت، ياقۇت، گىلەم، ئەتلەس، قاشتېشى، سۆسەر، بۇلغۇن تېرىلىرى، تۆگە، ئات قاتارلىقلارنى ئاپىرىپ ساتاتتى.

قاراخانىيلارنىڭ سودا ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىگە 30 قېتىم بارغان بولسىمۇ، سۇڭ سۇلالىسى ئەينى ۋاقىتتا ئاجىز خانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، يولنىڭ يىراقلىقىنى باهانە قىلىپ (ئەسلىدە تاڭغۇتلاردىن قورقۇپ) قاراخانىيلارغا بىرەر قېتىممۇ سودا ئەلچىلىرى ئەۋەتمىدى.

6 . قاراخانىيلار دەۋرى ئاساسەن خېلى تىنچ، خاتىرجەم ئۆتكەن بىر دەۋر بولدى.

تۆت ئەسىر هۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر كۆپ چاغلاردا تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشىدى. قاراخانىيلار مىلادىنىڭ 992 ـ يىلىدىن مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلىغا قەدەر ئۇرۇش هەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، سامانىلار پادىشاهلىقىنى يوقاتقان. ئەمما بۇ ئۇرۇش هەرىكەتلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ۋەيران بولغۇدەك ئەهۋال كۆرۈلمىگەن.

قاراخانىيلار مىلادىنىڭ 1006 ـ 1008 ـ ۋە 1019 ـ يىللىرى بولۇپ ئۈچ قېتىم خوراسانغا يۈرۈش قىلىپ، غەزنەۋىلەر بىلەن ئۇرۇشتى. ئىل تېكىن ئىسيانى، ياباقۇلار ئىسيانى باستۇرۇلدى. تەخت تالىشىپ ئاكا ـ ئۇكا، چوڭ ـ كىچىك ئۇرۇشلار بولۇپ

ئۆتتى. ئۇلاردىن باشقا چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلار بولمىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاساسەن تىنچ ۋە خاتىرجەم بىر دەۋر بولۇشى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ياخشى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

7 . قاراخانىيلار قاغانلىقىنىڭ كۆپچىلىكى دىگۇدەك مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلار ئەقىللىق، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى بەكمۇ قەدىرلىدى. ئۇلارنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا تەيىنلىدى. فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئادەتتە ئوردىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە كۆپ ھاللاردا خان جەمەتىدىن بولمىغان كىشىلەرنىڭ تەيىنلىنىشى قىيىن ئىش ئىدى. ئۇيغۇر - ئوغۇز قاغانلىرى بولسا، يۇقىرىدىكى ئەنئەنىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي، خان جەمەتىدىن بولمىغان، ھەتتا ئۆز مىللىتىدىن بولمىغان كىشىلەرنىمۇ (ئەگەر ئۇ كىشىلەر ئەقىللىق، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك كىشىلەر بولسىلا) ئۇلارنى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپلەرگە تەيىنلىدى.

بۇنىڭ ئىسپاتى مۇنداق:

مىلادىنىڭ 1069 - يىلى ياكى 1070 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئورۇنباسار قاغانى ئەبۇ ئەلى ھەسەن تاۋغاچ بوغراخان يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ناھايىتى بىلىملىك، ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنى قەدىرلەپ ئوردا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەپ ئۇنىڭغا خاس ھاجىپ («تايانغۇ») ئۇنۋانىنى بەرگەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ دۆلەتمەن ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسىمۇ، ئەمما قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان شاھزادىلەر ئەمەس ئىدى.

ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورلىرىدىن ئالىپ ئارسلان، مەلىك شاھ (مىلادىنىڭ 1072 - يىلىدىن 1092 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) لار ۋاقتىدا ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئىسھاق (نىزامۇلمۇلك) 30 يىل (1063 - يىلىدىن 1092 - يىلىغىچە) باش ۋەزىر بولدى. مانا شۇ نىزامولمۇلك (مىلادىنىڭ 1018 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1092 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) سەلجۇق ئوغۇزلىرىدىن بولماستىن، بەلكى ئىرانلىق پارس ئىدى. نىزامۇلمۇلك ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىگە باش ۋەزىر بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە (1063 - 1092) ئۇنىڭ «سىياسەتنامە» سى بويىچە ئىدارە قىلىنغان ئۇلۇغ سەلجۇقىلار

ئىمپېرىيىسى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ سەلتەنەتلىك بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنىدى. مانا شۇ مەزگىلدە نىزامۇلمۇلكىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باغداد، ئىسفاھان، بەسرە، نىشاپور، ھىرات، مەرۋە، شاھى جاھان قاتارلىق شەھەرلەردە نۇرغۇنلىغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرى («مەدرىسلەر») قۇرۇلغان.

«تارىخىي مەسئۇدى» (30 توملۇق ئەسەر) نىڭ ئاپتورى ئەبۇل پەزلى مۇھەممەد ئىبنى ھۇسەيىن بەيھەقى (مىلادىنىڭ 996 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1077 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىدا 20 يىل تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بولدى.

ئوغۇزلار (ئالىپ تېكىندىن تارتىپ سەبۇق تېكىنگىچە) ۋە ئۇيغۇر قارلۇقلىرى (سەبۇق تېكىندىن تارتىپ غەزنەۋىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۇلتانى خىسراۋ مەلىكقىچە) دىن كېلىپ چىققان غەزنەۋى سۇلتانلىرىدىن سۇلتان مەھمۇد (مىلادىنىڭ 997 ـ يىلىدىن 1030 ـ يىلىغىچە سۇلتان بولغان) سۇلتان مەسئۇد (مىلادىنىڭ 1030 ـ يىلىدىن 1041 ـ يىلىغىچە بولغان) لار ئىرانلىق پارس بەيھەقىنى ئىززەتلەپ، ئۇنى تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىگە قويدى. بەيھەقى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھىندىستانغا قىلغان يۈرۈشلىرىگە ۋە سۇلتان مەسئۇدنىڭ سەلجۇقىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقاندىن تاشقىرى، غەزنەۋىلەرنىڭ قاراخانىيلار بىلەن ئېلىپ بارغان ناھايىتى مۇھىم دىپلوماتىك پائالىيەتلىرى (سۇلتان مەھمۇدنىڭ يۇسۇپ قادىرخان بىلەن سەمەرقەند يېنىدا ئېلىپ بارغان تارىخىي خاراكتېرلىك سۆھبىتى) گە قاتناشقان. بەيھەقى ئۆزى تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە توپلىغان ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ «تارىخىي مەسئۇدى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يازغان.

XII ئەسىردە ياشىغان تارىخچى نىزام ئارۇزى سەمەرقەندىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى خىزىرخان دانا، ئادىل كىشى بولۇپ، شائىرلارنى بەكمۇ قەدىرلىگەن. ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى قوبۇلخانىسىدا ئادەتتە تۆت پەتنۇس بار بولۇپ، ھەر بىر پەتنۇسقا 250 دىناردىن ئالتۇن پۇل قويۇلغانىكەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە خىزىرخان مانا شۇ تۆت پەتنۇستىكى 1000 دىنارنى بىر شائىرغا ئىنئام قىلغان.

نىزام ئارۇزى سەمەرقەندىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا كۆرە، مىلادىنىڭ 1080 ـ يىلى خىزىرخان سەمەرقەندتىكى ئوردىسىدا شائىرلارنىڭ شېئىر مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزگەندە، مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن: قاغان (خىزىر ئىبنى ئىبراھىم) ئاماق ئاتلىق شائىردىن: «سەن ئابدۇسەئىد رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە

قانداق پىكىردە سەن؟» دەپ سورىغان. شائىر ئاماق: «رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى راۋان ۋە ياخشى يېزىلغان، ئەمما سەل تۇزى كەمرەك!» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاردىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي شائىر رەشىدىنىڭ ئۆزى ئوردىغا كىرىپ كەلگەن. ئۇ قاغانغا تەزىم قىلىپ جايىغا كېلىپ ئولتۇرماقچى بولغاندا، قاغان ئۇنى ئالدىغا چاقىرتقان. ئۇ شائىرلارنى بەس مۇنازىرىگە سېلىپ قويماق بولۇپ، باشقا بىر شائىردىن: «رەشىدىنىڭ شېئىرلىرى قانداق؟» دەپ سورىغان. ئۇ شائىر: «ياخشى ئەمما تۇزسىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇ چاغدا خىزىر ئىبنى ئىبراھىم شائىر رەشىدىگە: «سېنىڭمۇ جاۋابەن بىر ـ ئىككى بېيىت ئېيتىشىڭغا توغرا كېلىدۇ» دېگەن. شائىر رەشىدى قاغانغا تەزىم قىلىپ، ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇنداق دەپ شېئىر ئوقۇغان:

مېنىڭ شېئىرلىرىمنىڭ تۇزى يوقلۇقتا ـ
ئەيىبكە بويرۇپسەن، بۇ راست بىگۇمان!
شېئىرلىرىم شېكەر ھەم ھەسەلگە ئوخشايدۇ،
ھەسەل ۋە شېكەرگە تۇز بولسا يامان!
سېنىڭكى چامغۇرۇڭ، ئوت ـ چۆپۈڭ ئوخشاش،
تۇز دېمەك، سەن ئۇچۇن كېرەك ئەي نادان!

شائىر رەشىدىنىڭ شېئىرى خىزىر ئىبنى ئىبراھىمغا بەكمۇ ياققان. شۇنىڭ ئۇچۇن قاغان تۆت پەتنۇستىكى 1000 دىنارنى شائىر رەشىدىگە بېرىشكە بۇيرۇغان.

شائىر رەشىدى شېئىرىدا خىزىر ئىبنى ئىبراھىمنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى ماختىغانمۇ ئەمەس، خىزىر ئىبنى ئىبراھىم شائىر رەشىدىنىڭ تالانتىغا، شېئىرىدىكى مەنتىقىي كۈچكە قايىل بولۇپ 1000 دىنارنى ئۇنىڭغا بېرىشنى قارار قىلغان.

دەھشەتلىك ئىستىلاچى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئۆمۈر بويى ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، بۇددىست ھىندىلارنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن، ناھايىتى ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ قانلىق ئۇرۇشلار بىلەن ئاۋارە بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مەشھۇر پەيلاسوپلار، تارىخچىلار، شائىرلارنى ئوردىسىغا يىغىپ، ئىلىم ـ پەن، بولۇپمۇ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا غەمخورلۇق قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئوردىسىدا نەچچە ئونلىغان مەشھۇر شائىرلار بار ئىدى. سۇلتان مەھمۇد مانا

شۇ مەشھۇر شائىرلارنىڭ بەزىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ياراتقان تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان، ئۆزىنى ئاسمان ـ پەلەككە كۆتۈرىدىغان شېئىرلارنى يازدۇرغان. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئوردىسىدىكى مەدھىيىچى شائىرلارنىڭ ئىچىدە، بەلخلىق ئوبۇلقاسىم ھەسەن ئىبنى ئەھمەد ئۇنسۇرى (مىلادىنىڭ X ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى تۇغۇلۇپ، مىلادى 1039 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) «شائىرلارنىڭ خانى» دېگەن ئۇنۋانغا ئىگە بولغان. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئۆكىسى ئەمىر ناسىرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئوردىسىغا كەلگەن شائىر ئۇنسۇرى سۇلتان مەھمۇدنىڭ نۇرغۇنلىغان ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان. ئۇ يازغان قەسىدىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى سۇلتان مەھمۇدنىڭ غەلىبىلىرىنى مەدھىيىلەشكە بېغىشلانغان.

قانداق بولمىسۇن، ئەجدادلىرىمىز قاغانلىرىنىڭ ئوردىسىغا يىغىلغان پەيلاسوپلا، تارىخچىلار، شائىرلار، ئاسترونوملار، ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ، تارىخىي ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يېزىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە باھاسىز تۆھپىلەرنى قوشقان.

8 . قاراخانىيلار دۆلىتى بىلەن دۇنيادىكى مەشھۇر، مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەر ئارىسىدا يولغا قويۇلغان ئىقتىسادى ۋە دىپلوماتىيە ئالاقىلىرىدىن تاشقىرى، يەنە مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى مەنىۋى يېقىنلىق ۋە ئالاقىلەرمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك تەسىر قىلدى.

ئەرەبلەر قەدىمكى يۇنان ئالىملىرىنىڭ يۇنان (گرېك) تىلىدىكى ئەسەرلىرى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى شۇنداق ئەسەرلەر ئارقىلىق قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرى، ئاسترونوملىرى، ماتېماتىكلىرى، گېئوگرافىكلىرى، فىزىكلىرى ۋە خىمىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلگەنلىكى ئۈچۈن، كلاسسىك غەرب مەدەنىيىتى (ئاساسەن يۇنان مەدەنىيىتى) گە دائىر ئەسەرلەرنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئۆگەندى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا، ئۇنىڭدىن پايدىلىق ئوزۇقلارنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئىلىم ـ پەننىڭ دېگۈدەك ھەممە ساھەلىرى بويىچە ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى.

9 . قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ئاساسىدا تېخىمۇ يۈكسەلگەن، تەرەققىي تاپقان ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى ئىدى.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز خېلى قەدىمكى زاماندىن تارتىپ (مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنقى زاماندىن تارتىپ IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە) يېزىق قوللىنىپ (ئورخۇن - يەنسەي يېزىقى قاتارلىقلار) ئۆز تارىخىنى يازغان. ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ خىلمۇ خىل تۈرلىرى بويىچە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. مەسىلەن: ئورخۇن ۋادىسىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلار (VIII ئەسىر ۋە IX ئەسىرگە دائىر) ئورخۇن - يەنسەي يېزىقىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. بۇ مەڭگۈ تاشلار قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن بەتلىك، كۈمۈش ھەرپلىك داستانلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى شانلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ داۋامى ۋە يېڭى شارائىتىدا، مول مەنىۋى مەزمۇنلار بىلەن بېيىغان قاراخانىيلار مەدەنىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ يىلنامىسى

(850 - 1212 يىللار)

مىلادىنىڭ 850 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان كۆل بىلگە قاراخان ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنى تەشكىل قىلدى.

870 - يىلى ئۇلۇغ پەيلاسوپ فارابى يەتتەسۇدىكى فاراب شەھرىدە دۇنياغا كەلدى.

870 - يىلى بۇخارا سامانىلار پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى بولدى.

893 - يىلى كۆل بىلگە قاراخاننىڭ ئوغلى ئوغۇلچاق ئىسمائىل سامانى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى ۋە بالاساغۇندىن قەشقەرگە كەتتى.

920 - يىلى ساتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولدى.

942 - يىلى ساتۇق بۇغراخان بالاساغۇننى قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالدى.

955 - يىلى ساتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتتى ۋە ئاتۇش مەشھەدتە دەپنە قىلىندى.

960 - يىلى يەتتە سۇدىكى ئۇيغۇر - قارلۇقلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى.

960 - 970 - يىللىرى ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى سۇلايمان ۋاقتىدا، ئىسلام

دىنى قاراخانىيلاردا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى ۋە دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەندى.

980 ـ يىلى ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا بۇخارادىكى ئەفشا يېزىسىدا دۇنياغا كەلدى.

992 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئەلى ئارسلاننىڭ ئورۇنباسارى ھارون بوغراخان سامانىلارنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئالدى.

992 ـ يىلى ھارون بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتتى.

996 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ غەربىي ئىلىكخانى ناسىر غەزنەۋىلەر ھۆكۈمرانى سەبۇق تېكىن بىلەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ تېررىتورىيىسى توغرىسىدا كېلىشىم تۈزدى. كېلىشىمگە كۆرە، سىر دەريا ۋادىسى قاراخانىيلارغا، ئامۇ دەريا ۋادىسى غەزنەۋىلەرگە قارايدىغان بولدى.

998 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئەلى ئارسلانخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئەھمەت توغانخان قاغان بولدى.

999 ـ يىلى غەربىي ئىلىكخانى ناسىر بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، سامانىلار پادىشاھلىقىنى يوق قىلدى.

1000 ـ يىللىرى قاراخانىيلار خوتەن خانلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل بويسۇندۇردى. يۇسۇپ قادىرخان خوتەنگە خان بولۇپ تەيىنلەندى.

1001 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى غەربىي ئىلىكخانى ناسىرنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى.

1006 ـ يىلى ئىلىكخان ناسىر نىشاپۇر، تۇس ۋە بەلخنى ئالدى.

1007 ـ 1008 ـ يىللىرى قاراخانىيلار خۇراسانغا يەنە يۈرۈش قىلدى، يۈرۈش مەغلۇپ بولدى.

1008 ـ يىللىرى ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى قەشقەردە دۇنياغا كەلدى.

1018 ـ يىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپى، تالانتلىق شائىرى، مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۇسۇپ خاس ھاجىپ بالاساغۇندا دۇنياغا كەلدى.

1018 ـ يىلى ئەھمەد توغانخان بالاساغۇننىڭ شىمالىدا، 100 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان شەرقىي قىتان قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى ۋە ئۇلارنى قوغلاپ ئۆزلىرىنىڭ تەۋەسىگە ھەيدىۋەتتى.

1018 ـ يىلى ئەھمەد توغانخان ئالەمدىن ئۆتتى.

1019 ـ يىلى يۇسۇپ قادىرخان خوراسانغا ھۇجۇم قىلدى.

1024 ـ يىلى مەنسۇر ئارسلانخان تەختتىن ۋاز كەچتى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەھمەد توغانخان II چىقتى.

1026 ـ يىلى يۇسۇپ قادىرخان قاراخانىيلارنىڭ قاغانى بولدى.

1026 ـ يىلى سەمەرقەندنىڭ يېنىدا يۇسۇپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئىككى دۆلەت كۆڭۈل بۆلىدىغان جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ ناھايىتى مۇھىم كېلىشىمنامە تۈزدى.

1031 ـ يىلى سۇلتان مەسئۇد قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە ئەلچى ئەۋەتتى.

1032 ـ يىلى يۇسۇپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتتى، چوڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان قاغان بولدى.

1037 ـ يىلى ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئالەمدىن ئۆتتى.

1039 ـ يىلى ئىلىك ناسىرنىڭ ئوغلى ئىبراھىم بۆرە تېكىن غەربىي ئىلىكخانى يۇسۇپنى قەشقەرگە قوغلىۋېتىپ، ماۋەرائۇننەھرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالدى.

1040 ـ يىلى قاراخانىيلار دۆلىتى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

1040 ـ يىلى مەرۋى جاھان بىلەن سىراكس ئوتتۇرىسىدا دەندانقاندا ئۇرۇش بولۇپ، توغرۇلبەگ سۇلتان مەسئۇدنى تارمار قىلدى.

1055 ـ يىلى ئۇلۇغ سەلجۇقىلارنىڭ سۇلتانى توغرۇلبەگ باغدادقا كىردى.

1056 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى مۇھەممەد بوغراخان بىلەن بىر قىسىم شاھزادىلىرى مۇھەممەد بوغراخاننىڭ كىچىك خانىشى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

1058 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارغا سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئۇكىسى توغرۇل قاراخان قاغان بولدى.

1063 ـ يىلى ئۇلۇغ سەلجۇقىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى توغرۇلبەگ

ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئاكىسى چاغرىبەگنىڭ ئوغلى ئالپ ئارسلان ئۇلۇغ سەلجۇقىلارغا سۇلتان بولدى.

1068 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئىبراھىم بۆرە تېكىن ئالەمدىن ئۆتتى.

1069 ـ يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئورۇنباسار قاغانى ئوبۇلھەسەن تاۋغاچ بوغراخانغا تەقدىم قىلدى.

1071 ـ يىلى ئالپ ئارسلان «مالازگىرد ئورۇشى» دا، شەرقىي روما ئىمپېراتورى رومان دىئوگىنىس قوماندانلىقىدىكى 200 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان روما قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى ۋە رومان دىئوگىنىسنى ئەسىر ئالدى.

1072 ـ يىلى ئالپ ئارسلان ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى مەلىك شاھ ئۇلۇغ سەلجۇقىلارغا سۇلتان بولدى.

1074 ـ يىلى مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى باغداد خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاھ مۇقتەدىغا تەقدىم قىلدى.

1074 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى توغرۇل قاراخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى توغرۇل تېكىن ئىككى ئاي قاغان بولدى.

1075ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئورۇنباسار قاغانى ئوبۇلھەسەن تاۋغاچ بوغراخان شەرقىي قاراخانىيلارغا ھارۇن بوغراخان II ئۇنۋانىدا قاغان بولدى.

1080 ـ يىللىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتتى.

1080 ـ يىللىرى باغدادتىن ئانا ۋەتىنى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن مەھمۇد كاشغەرى 1090 ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتتى، ئوپالغا دەپنە قىلىندى.

1092 ـ يىلى مەلىك شاھ ئالەمدىن ئۆتتى.

1103 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ھارۇن بوغراخان II ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا ئوغلى ئەھمەد ئارسلانخان قاغان بولدى.

1105 ـ يىلى ئەھمەد ئارسلانخان مەھمۇد ئىبنى ئابدۇلجېلىل كاشغەرىنى باغداد خەلىپىسى مۇستازىرنىڭ ھوزۇرىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى.

1135 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلار شەرقىي قىتان خانى يىلۇداشى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى.

1209 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەند خارەزىم شاھلار دۆلىتىنىڭ تەسىرىگە ئۆتتى.

1211 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى قاغانى ئوسمان بۇغراخانIII ۋاپات بولدى.

1212 ـ يىلى قاراخانىيلار دۆلىتى قىتانلار(قارا خىتايلار) تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىندى.

## III بۆلۈم

# ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى

## ئون يەتتىنچى باب: ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

### شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى

شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە توغرىدىن توغرا سەۋەب بولدى. ئەينى هالدا يەنە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ داۋامى هەم بولدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە قېرىنداشلىرى ئۆز تارىخىدا، ئاسىيادا ئۇلۇغ هون تەڭرىقۇتلۇقى (مىلادىدىن 240 بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 216 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، ئاق هونلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 420 - يىلىدىن 565 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، ياۋروپا هون ئىمپېرىيىسى، ئۇيغۇر خانلىقى (487 - 546)، ئۇلۇغ كۆك تۈرك قاغانلىقى (551 - 744)، ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن 845 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى (مىلادىنىڭ 850 - يىلىدىن 1212 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (مىلادىنىڭ 850 - يىلىدىن 1335 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، ئۇلۇغ سەلجۇقىلار سۇلتانلىقى (مىلادىنىڭ 1040 - يىلىدىن 1157 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (مىلادىنىڭ 963 - يىلىدىن 1187 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق دۇنياغا مەشھۇر بولغان دۆلەتلەرنى قۇرغان. بۇ دەۋرلەردە قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ تارىخىي سەھنىسىدە ناهايىتى مۇهىم رول ئوينىغان، بولۇپمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە مەدەنىيەت گۈللەپ - ياشناپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە قىممەتلىك تۆهپە قوشۇلغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە، 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر ئورخۇن قاغانلىقى مىلادىنىڭ 840 ـ يىلىغا كەلگەندە، تەخت تالىشىش، ئىچكى ئىسيان، دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمى، تەبىئىي ئاپەت قاتارلىق سەۋەبلەردىن ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. شۇڭا، شەرقىي ئۇيغۇرلار ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن دەرياسى بويىغا جايلاشقان پايتەختى قارابالغاسۇننى تاشلاپ چىقىپ، قاغانلىقنىڭ سىياسىي مەركىزىنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ باغرىغا يۆتكەپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

شەرقىي تۈرلارنىڭ مىلادىنىڭ 646 ـ يىلى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنى قۇرغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق، IX ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب جۇغراپىيە ئالىملىرى بۇ قاغانلىقنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇن شەھىرىنى، 12 تۆمۈر دەرۋازىلىق شەھەر بولۇپ، شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى قاغان ئوردىسىنىڭ ئۈستىدە 100 ئادەم سىغىدىغان ئالتۇن چېدىر بار. بۇ ئالتۇن چېدىر بەش فەرسەخ (35 كىلومېتىر) يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ دەپ يېزىشقانىدى. ئۇيغۇر- ئورخۇن قاغانلىقىنى باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارمىقى بىرلىشىپ قۇرغان.

ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى كۈچەيگەن مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 750 ـ يىللىرى) تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىي چېگرىسى قىدىرقان تاغلىرىنىڭ شەرقىغە، شىمالىي بايكۆل (بايقال) بىلەن يەنسەي (ئەسلى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى ئانا ساي) دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە، غەربىي چېگرىسى بالقاش كۆلىنىڭ شىمالىدىن تارتىپ، پەرغانە ۋادىسىغىچە، جەنۇبىي چوغاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىگىچە، غەربىي ـ جەنۇبىي ھىندىستاننىڭ شىمالىغىچە سوزۇلغانىدى. قاغانلىق تېررىتورىيىسىنىڭ يەر مەيدانى 5 مىليون كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ھازىرقى فرانسىيىدىن بەش ھەسسە چوڭ ئىدى. ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچلىرى مىلادىنىڭ 646 ـ يىلىدىن 740 ـ يىلىغىچە 50 مىڭ ئاتلىق قوشۇندىن ئىبارەت بولغان بولسا، مىلادىنىڭ 750 ـ يىلىدىن باشلاپ 221 مىڭ ئاتلىق قوشۇنغا (ئاتلىق قوشۇن 17 دېۋىزىيە بولۇپ، ھەر بىر دېۋىزىيىسى 13 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان) كۆپەيگەنىدى.

مانا شۇنداق ناھايىتى كۈچلۈك، مۇستەقىل بولغان ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى ئەينى ۋاقىتتا ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەتلەر بولغان تاڭ سۇلالىسى ۋە تىبەت خانلىقى بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇراتتى.

IX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، بۇ كۈچلۈك ئۈچ دۆلەت ئىچكى زىددىيەتلەر سەۋەبىدىن ئاجىزلىشىشقا قاراپ ماڭدى.

بولۇپمۇ ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى مىلادىنىڭ 830 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، قورقۇنچلۇق ئەھۋالدا قالدى. ھازار تېكىن قاغان بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇيغۇر- ئورخۇن شاھزادىلىرى ئىچىدە قاغانلىق ئورنىنى تالىشىش يۈز بېرىپ ئىچكى ئۇرۇشلار باشلاندى. بولۇپمۇ خۇ تېكىننىڭ ۋاقتىدا ئىچكى ئۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى. ئىچكى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن ھازار تېكىننىڭ تەرەپدارلىرى،خۇ تېكىننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرۈشكە بەل باغلىدى. ئەھۋالنى سېزىپ قالغان خۇ تېكىن ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلارنى ئۆلتۈردى. بۇ ئەھۋال يۈز بەرگەندە، باش تارقان قارا بولۇق مىلادىنىڭ 839 ـ يىلى بىر قىسىم قوشۇنغا تايىنىپ، خۇ تېكىنگە قارشى چىقتى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان خۇ تېكىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. قارا بولۇق كىچىك تېكىننى قاغانلىق تەختكە چىقاردى. مىلادىنىڭ 839 ـ يىلى ياغلاقارلاردىن بولغان باش تارقان قارا بولۇق ياغلاقار خانزادىسى كىچىك تېكىننى تەختكە چىقارغاندا، ئادىزلاردىن بولغان باش قوماندان قۇلۇق باغا ئىسيان كۆتۈرۈپ ئاسىيلىق يولىغا ماڭدى. مانا شۇنداق خەتەرلىك ئەھۋال يۈز بەرگەندە، ئۇيغۇر- ئورخۇن قاغانلىقى تېررىتورىيىسىدە تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋەيران بولدى. ئەلنى ئاچارچىلىق قاپلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋابا كېسىلى تارقىلىپ نۇرغۇنلىغان ئادەم ئۆلدى. قاتتىق قار يېغىپ جۇتچىلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ناھايىتى نۇرغۇن چارۋا مال توڭلاپ ئۆلدى.خەلق ئۆي ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولدى.

بۇلارنى ئاز دېگەندەك، قىرغىزلار ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا بەل باغلىدى. قىرغىزلار ئەسلىدە مىلادىنىڭ 756 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىغا بېقىنغان خانلىق ئىدى. ھازىرقى يەنسەي دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان قىرغىزلار مىلادىنىڭ 821 ـ يىلى ئۇيغۇر قاغانى ئاي تەڭرىدا قۇت بولمىش قۇچ بىلگە قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، توختىماي ئىسيان كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى.

«كونا تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش بولغان يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ تىل تېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل يېزىقى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، چاچلىرى قىزغۇچ، كۆزلىرى

كۆك، چىرايلىرى ئاق سۆزۈك ئىكەن. يەنە باشقا تارىخىي مەلۇماتلاردا، VIII ئەسىردە يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ سانى 1 مىليون بولۇپ، 100 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ئاتلىق قوشۇنى بار ئىدى، دېيىلىدۇ.

مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىدا خەتەرلىك ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قىرغىز خانى ئازى (بۇ ئىسىم ئەمەس، خانلىق ئۇنۋانى بولسا كېرەك) قارابالغاسۇنغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. دەل شۇ چاغدا، ئادىزلار قەبىلىسىدىن بولغان باش قوماندان قۇلۇق باغا قىرغىزلارنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ، ياغلاقارلاردىن قاغانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشنى كۆزلەپ، بىر قىسىم ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قىرغىزلار ئارىسىغا قاچتى ۋە ئىچكى ئەھۋالنى قىرغىز خانىغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنى قارابالغاسۇنغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن قىرغىز خانى ئاپا باشچىلىقىدا 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ (بۇ قوشۇننىڭ مەلۇم قىسمى قۇلۇق باغا باشلاپ بارغان ئۇيغۇر قوشۇنى ئىدى) ئۇلارنى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇنغا يوللىدى. قىرغىزلار قاغان كىچىك تېكىننى ۋە قارابۇلۇقنى ئۆلتۈرۈپ قاغان ئوردىسىغا ئوت قويدى. ئوردا خەزىنىسىدىكى ھەددى ـ ھېسابسىز دۇنيا دەپىنلەرنى بۇلاپ ـ تالىدى. 221 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە قۇدرەتلىك ئۇيغۇر قاغانلىقى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئوڭۇشسىزلىقلار سەۋەبىدىن، قىرغىزلارنىڭ ئىسيانىغا تاقابىل تۇرالمىدى. شۇ چاغدا بىر قىسىم ئۇيغۇر خانزادىلىرى پايتەخت قارابالغاسۇننى تاشلاپ چىقىپ، قاغانلىقنىڭ سىياسىي مەركىزىنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتىكىگە كۆچۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

خائىن قولۇق باغا مەقسىتىگە يېتەلمەي، ھەسرەت ـ نادامەتتە قالدى.

يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرگە كۆرە، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەربكە قاراپ كۆچتى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تەرەپلەرگە كۆچمەي غەربكە كۆچىشىدە مەلۇم تۈرلۈك سەۋەبلەر بار ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەزەلدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى ئىدى. بۇنىڭدىن قالسا، ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى خېلى كۆپ رايونلار (تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبى، پەرغانە ۋادىسى، يەتتەسۇ) ئۇيغۇر-ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىگە كىرەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار شەرق تەرەپكە قىتانلار ۋە شىرۋىلار قېشىغا بارماي، غەربكە ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان غەربىي ئۇيغۇرلار قېشىغا كۆچكەن. ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدە ياشايدىغان قىتانلار

ۋە شىرۋىلار ئۇيغۇر- ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار موڭغۇل - توڭگۇز نەسىللىك خەلق بولۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن قان قېرىنداش ئەمەس ئىدى. شەرقىي ئۇيغۇرلار مانا شۇ ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىپ، قىتانلار ۋە شىرۋىلارغا ئىشەنچ قىلالمىغان. كېيىن يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىك ئەھۋاللار شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئويلىغانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

مىلادىنىڭ 840 - يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆز قېرىنداشلىرى غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا كۆچتى. بىر قىسمى بولسا ئۈگە تېكىن باشچىلىقىدا جەنۇب (جۇڭگونىڭ شىمالىي چېگرىسىغا يېقىن جايلارغا) قا كۆچتى. مانا شۇ جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار 300 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، ئۈگە تېكىننى قاغان قىلىپ كۆتۈردى. لېكىن ئۇلار ئىچىنىشلىق تەقدىرگە دۇچ كەلدى؛ ئىشەنگەن قوشنىسى دۈشمەنلىك قىلدى. ئىچكى ئۇرۇشقا دۇچ كەلدى. قىتانلار بىلەن شىرۋىلار ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ دۈشمەنلىرىگە ياردەم بەردى. ئۈگە قاغان ئىچكى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۇكىسى ئىنان قاغان بولدى. ئىنان قاغان شىرۋىلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، ئۇنى دۈشمەنلىرىگە تۇتۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، ئايالى قارلۇ بىكە بىلەن ئوغلى دوست تېكىن قاتارلىق توققۇز كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، يوشۇرۇنچە غەربكە قاراپ قاچتى.

## پان تېكىن

مىلادىنىڭ 840 - يىلى ئادىز خانزادىسى پان تېكىن بىر قانچە قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇن ئەتراپىغا يېقىنراق بولغان جايلاردا ياشايدىغان قەبىلە - ئۇرۇغنى باشلاپ غەربكە كۆچتى.

پان تېكىن مۇشەققەتلىك يول يۈرۈپ، تاغ - داۋانلارنى ئېشىپ، بىرنەچچە يۈز مىڭ ئاھالىنى باشلاپ، مىليونلىغان چارۋا ماللارنى ھەيدەپ مىلادىنىڭ 841 - يىلى كۈزدە ھازىرقى جىمسارنىڭ شەرقىدىن تارتىپ ھازىرقى قۇمۇل بارىكۆل يايلىقىغىچە بولغان جايلارغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭغا دەم ئېلىش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىش يېقىنلاپ قالغانلىقتىن، چارۋا ماللارنى ئامان - ئىسەن ئەتىيازغا چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، ئوت - چۆپى مول، ئىللىق قىشلاقلارنى تېپىشقا، قىشلىق ئوت - چۆپ، يەم خەشەك تەييارلىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن قارابالغاسۇننى ۋەيران قىلغان قىرغىزلارنىڭ پان تېكىننىڭ

ئىزىدىن قوغلاپ كېلىش خەۋپىمۇ بار ئىدى.

دېگەندەك مىلادىنىڭ 842 - يىلى قىرغىزلار پان تېكىن باشچىلىقىدا غەربكە كۆچۈپ جىمسار، باركۆل ئەتراپلىرىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بەزى سىياسەتچىلىرى پان تېكىنگە ياردەم بېرىپ، قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەكلىپ باش ۋەزىر لى دېيۇ تەرىپىدىن رەت قىلىندى.

ئۆزلىرى ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق بولغان ياخشى ۋەزىيەتتىن پايدىلانغان قىرغىزلار مىلادىنىڭ 842 - يىلى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىغا بېسىپ كېلىپ، ماناس، جانبالىق، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋالدى. ئاندىن كېيىن شەرققە يۈرۈپ، بەشبالىقنى بېسىۋالدى. بۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدىن چۆچۈگەن پان تېكىن غەربىي جەنۇبقا يۈرۈپ (قۇمۇلدىن ئۆتۈپ) قارا شەھەر، كۇچا رايونلىرىغا بېرىپ ماكانلاشتى. قارا شەھەر بىلەن كۇچا ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئوبدان شارائىتقا ئىگە بولۇپ، تەڭرىتاغلىرى توسۇپ تۇراتتى. قىرغىزلار ئاسانلىقچە ھۇجۇم قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قارا شەھەر بىلەن كۇچا رايونلىرى بىرنەچچە يۈز مىڭ ئادەمنى باقالايدىغان ئىقتىسادىي ئاساسقا ۋە مىليونلىغان چارۋا ماللار يايلىغۇدەك يايلاقلارغىمۇ ئىگە ئىدى. پان تېكىن قارا شەھەر بىلەن كۇچا رايونلىرىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

ئورخۇندىن كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى ئېرسىن ۋادىسى (ھازىرقى نىڭشيادا) دىن تارتىپ كەڭسۇنىڭ جاڭيې، ۋۇ ۋېي قاتارلىق جايلىرىغا كېلىپ ماكانلاشتى. چۈنكى ئۇ جايلاردا قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەنىدى. بۇ جايلارغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ياغلاقار قەبىلىسىنى ئاساس قىلغان قەبىلە - ئۇرۇقلار ئىدى. بۇلار كەڭسۇدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ مىلادىنىڭ 870 - يىلى كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى.

پان تېكىن قارا شەھەر، كۇچا رايونلىرىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، دەرمان يىغىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى «يابغۇ» دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بار ئەلۋەتتە. 840 - يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئۆگە تېكىن باشچىلىقىدا جەنۇبقا كۆچكەن. ئۇلار تاڭ سۇلالىسىدىن ھەربىي ياردەم ئېلىپ قاغانلىقنى ئۆزلۈك - كېسەل ھالاك بولۇشتىن ساقلاپ قالالماقچىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئۆگە تېكىننى قاغان قىلىپ كۆتۈرگەن. دېمەك، پان تېكىن ئۆگە تېكىننىڭ قاغان بولغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مىلادىنىڭ 842 - يىلى ئۆزىنى

«يابغۇ» دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك. ئۆگە تېكىن ئادىز خانزادىسى ئىدى.

«تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» ۋە «قامۇسنامە» دىكى تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىنىڭ 840 - يىلى جەنۇب (جۇڭگونىڭ خېبېي، سەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي) قا كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 841 - يىلى ئۆگە تېكىننى قاغان قىلىپ كۆتۈرگەن. ساددا، غەيرەتلىك، سەمىمىي، بەختسىز قاغان ئۆگە تېكىن تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇزۇڭنى (مىلادىنىڭ 841 - يىلىدىن 846 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) بېشىغا كۈن چۈشكەن ئۇيغۇرلارغا ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ، دەپ ئىشەنگەندى. ئەمما ئۆگە تېكىننىڭ ئارزۇسى يوققا چىقتى. چۈنكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ۋۇزۇڭنىڭ ھۇزۇرى (چاڭئەن) غا ھەربىي ياردەم سوراپ بارغان ئۇنىڭ ئەلچىسى باش ۋەزىر ئىبىل ئىگەسى چاڭئەندىن ئۈمىدسىز، پەرىشان ھالدا قايتىپ كەلدى. پادىشاھ ۋۇزۇڭ ئۆگە قاغاننىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانىدى. تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشتا ناھايىتى قىينالدى. ئۇلارغا دۈشمەنلىرى ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خانزادىلەر ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. خانزادە ھورموز تېكىن باشلىق بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. 846 - يىلى باش ۋەزىر مويىنچۇر تېكىن ئۆگە قاغاننى ئۆلتۈردى. ئىنان تېكىن ئاكىسىنىڭ ئورنىغا قاغان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شىرۋىلار ئىنان قاغاننى تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ۋالىيسى جاڭ جۇنۇۋغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولدى. بۇ ئىشتىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان ئىنان قاغان بىر باشتا ئېيتىپ ئۆتكەندەك يوشۇرۇنچە غەربكە قاچتى. لېكىن ئىنان تېكىننىڭ غەربكە ئامان - ئېسەن كەلگەنلىكى ھەققىدە تارىخىي خاتىرىلەردە ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق.

پان تېكىن مىلادىنىڭ 846 - يىلى شەرق ۋە غەربتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئورتاق قاغانى بولمىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلاشقا ھازىرلاندى. چۈنكى، ئىنان قاغان، ئىزسىز يوقالغانىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى پان تېكىن مىلادىنىڭ 848 - يىلى قاغانلىق تەختكە چىقتى. پان تېكىن قاغان بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال تىبەتلىكلەرنى تۇرپاندىن قوغلىدى. ئاندىن كېيىن، بوكو تېكىن قوماندانلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرى (ماناس، ئۈرۈمچى، بەشبالىق قاتارلىق جايلار) دىن قىرغىزلارنى قوغلاپ چىقاردى. بوكو تېكىن

مىلادىنىڭ 866 - يىلى چىڭخەي ئەتراپلىرىدا تىبەتلىكلەرنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ سەردارى ساڭكۇڭ رىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. مانا شۇ غەلىبە مۇناسىۋىتى بىلەن بوكو تېكىن خەنزۇ خانلىرىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، كەڭسۇدا 100 يىل (مىلادىنىڭ 770 - يىلىدىن 866 - يىلىغىچە) تۇرغان تىبەتلىكلەرنى ئۇ جايدىن قوغلاپ چىقاردى. خېشى كارىدورىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ (بۇلارنىڭ بىر قىسمى 840 - يىلى كۆچۈپ كەلگەن) 870 - يىلى كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، پان تېكىن كەڭسۇدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن يېقىن قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت ئورناتتى.

پان تېكىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار غەلىبىلەردىن كېيىن، مىلادىنىڭ 866 - يىلى بەشبالىقنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلىپ بەلگىلىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى يازدا بەشبالىقتا يازلاپ، قىشتا ئىدىقۇت شەھىرىدە قىشلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىختا، بەشبالىقنى يازلىق پايتەخت، ئىدىقۇت شەھىرىنى بولسا قىشلىق پايتەخت دەپ ئاتايدۇ.

بەشبالىقنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ داۋامى ئىدى. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە هازىرقى جيۇچۇەنگىچە، غەربتە بۇگۇرگىچە، جەنۇبتا تەكلىماكان چۆلىگىچە، شىمالدا جەنۇبىي ئالتايغىچە سوزۇلغان. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىرى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىزلار قەبىلىسىدىن ئىدى. ئۇلار ئۆزىنى «ئىدىقۇت» ئۇنۋانى بىلەن ئاتىدى. كىم خان بولسا ئۇنىڭ نامىغا «ئىدىقۇت» ئۇنۋانى قوشۇپ ئېيتىلاتتى. مەسىلەن: ئىدىقۇت بارچۇق ئات تېكىن، ئىدىقۇت قۇچقار تېكىن دېگەنگە ئوخشاش. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئىدىقۇت» سۆزى «بەختلىك پادىشاھ» دېگەن مەنىنى بىرەتتى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان بىر تامغىسىغا خەنزۇچە يېزىق بىلەن مۇنداق سۆزلەر ئويۇلغان: «大福大回鹘国» بۇنىڭ مەنىسى «ئۇلۇغ بەخت - سائادەتلىك، ئۇلۇغ ئۇيغۇر دۆلىتى» دېگەن بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغلى پان تېكىن مىلادىنىڭ 866 - يىلى بوكو تېكىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

## ئون سەككىزىنچى باب: قاراخانىيلار ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى

قاراخانىيلار بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر تارىخىي

مەلۇماتلار يېتەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلام تارىخچىلىرى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدا تولۇق مەلۇمات قالدۇرمىغان. جۇڭگو تارىخچىلىرى بولسا قاراخانىيلار بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا تەپسىلىيرەك مەلۇمات بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان. چۈنكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە قىتان خانلىقى بىلەن تاڭغۇت خانلىقى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قاراخانىيلار ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن ھەر جەھەتتىن قويۇق مۇناسىۋەت قىلىشقا توسقۇن بولغانىدى.

بىز پەقەت بەزىبىر ئىسلام يازغۇچىلىرىنىڭ يېرىم خىيالىي بولغان تەزكىرىلىرى، تۇرپاندىكى «ئەلپەتتا» مازىرى توغرىسىدىكى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇنراق كېلىدىغان بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپلا، قاراخانىيلار بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز.

قاراخانىيلارنىڭ كۈچەيگەن دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 920 ـ يىلىدىن 1010 ـ يىلىغىچە) ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى (مىلادىنىڭ 960 ـ يىلى) دەپ جاكارلىغان قاراخانى ئۇيغۇرلىرى بىلەن بۇددا دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇش بولغان.

مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار داۋام قىلغان. ساتۇق بۇغراخاندىن تارتىپ يۈسۈپ قادىرخانغىچە قاغان بولغان قاراخانى ھۆكۈمرانلىرى (مىلادىنىڭ 920 ـ يىلىدىن 1030 ـ يىلىغىچە) بۇددا دىنى بىلەن شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا ئۇيغۇرلارنى ئىسلام ئېتىقادىغا ئىشەندۈرۈش ئارقىلىق مىللەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش باشلىغان.

ساتۇق بوغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، خوتەندىكى، كۇچادىكى ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېتىقاد قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قاراخانىيلارغا دۈشمەنلىك كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇلارغا ئۇزۇن مۇددەتكىچە قوراللىق كۈچ بىلەن قارشى تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ساتۇق بۇغراخان بۇددىست ئۇيغۇرلارنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن دىنىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتىن كۆرە، تولىراق قورال كۈچى ئىشلىتىشكە بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەنىدى.

ساتۇق بۇغراخان ئاۋۋال خوتەندىكى ۋە كۇچادىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ ئىككى خانلىقتىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا ئىلاجسىزلىقتىن بويسۇنغان بولسىمۇ، يەنىلا مۇسۇلمان بولمىدى، بۇرۇنقى بۇددا ئېتىقادىدا قالدى.

ساتۇق بۇغراخان تەخمىنەن مىلادىنىڭ 940 ـ يىلى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى يۆنىلىش بويىچە قوشۇن ماڭدۇردى. شىمالىي (ئىلى تەرەپتىن)، جەنۇبىي (قارا شەھەر تەرىپىدىن) يۆنىلىشتىن ھۇجۇم قىلغان قاراخانى قوشۇنلىرى ئىدىقۇت قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددا ئېتىقادىدا قېلىش شەرتى بىلەن قاراخانىيلارغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مىلادىنىڭ 870 ـ يىلى پان تېكىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بوكو تېكىن خان بولغانىدى. بوكو تېكىن تۆت يىل (870 ـ 873) خان بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مىلادىنىڭ 940 ـ يىلىغىچە بولغان 70 يىل (873 ـ 940) ئىچىدە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا كىملەرنىڭ خان بولغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسلام تارىخچىلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بىرەر خاتىرە قالدۇرۇشقا ئانچە كۆڭۈل بۆلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 907 ـ يىلى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگودا يۈز بەرگەن بۆلۈنۈش، ئىچكى ئۇرۇشلار سەۋەبىدىن جۇڭگو تارىخچىلىرى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدا بىرەر مەلۇماتقا ئىگە بولالمىغان. چۈنكى تاڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگودا «بەش سۇلالە» ۋە «ئون بەگلىك» دەپ ئاتىلىدىغان ھاكىمىيەتلەر مەيدانغا كەلگەن، ناھايىتى قالايمىقانچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن. مانا شۇ «بەش سۇلالە» ۋە «ئون بەگلىك» دەۋرى مىلادىنىڭ 907 ـ يىلىدىن 960 ـ يىلىغىچە (سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلغىچە) ھۆكۈم سۈرگەن. شۇ مەزگىلدە جۇڭگو بىلەن غەربتىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا ئالاقىلەر (دىپلوماتىك ئالاقە ۋە سودا ئالاقىلىرى) ئۈزۈلۈپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن «بەش سۇلالە» ۋە «ئون بەگلىك» دەۋرىدە ئۆتكەن جۇڭگو تارىخچىلىرى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى توغرىسىدا بىرەر خاتىرە قالدۇرمىغان.

بىز پەقەت قاراخانىيلارنىڭ بەزىبىر خانلىرى توغرىسىدا يېزىلغان تەزكىرىلەردىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان خاتىرىدىن مىلادىنىڭ 940 ـ يىللىرى قاراخانىيلار بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ئارىسىدا بولغان ئۇرۇش توغرىسىدىكى مەلۇماتقا ئېرىشتۇق. مىلادىنىڭ 940 ـ يىللىرى قاراخانىيلار ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا يۈرۈش قىلغان چاغدا، ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئىردىمىن ئىل تۇتمىش ئالپ ئارسلان

قۇتلۇق كۆل بىلگە قاغان ئىدى. بۇ خان توققۇز يىل (940 ـ 948) سەلتەنەت سۈرگەن. دېمەك مىلادىنىڭ 940 ـ يىلى قاراخانىيلار بىلەن ئۇرۇشقان ئىدىقۇت خانى مۇشۇ قاغان ئىدى.

بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ ئوغلى ئابدۇلپەتتا (بەزى تەزكىرىلەردە «ئالپ ئاتا» دەپ يېزىلغان) ناھايىتى چوڭ جاسارەت كۆرسەتكەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ساتۇق بۇغراخان ئۇنىڭغا «ئالپ تېكىن» («قەھرىمان شاھزادە») ئۇنۋانىنى بەرگەن.

قاراخانىيلارنىڭ مىلادىنىڭ 970 ـ يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلغانلىقى مەلۇم. چۈنكى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى مىلادىنىڭ 940 ـ يىلى قاراخانىيلارغا بېقىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە مۇستەقىل بولۇۋالغان.

ساتۇق بۇغراخان مىلادىنىڭ 956 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بايتاش (956 ـ 958)، تۇڭگا ئىلىك (958 ـ 970) لەر قاغان بولغانىدى.

مىلادىنىڭ 970 ـ يىلى تۇڭگا ئىلىك (سۇلايمان بۇغراخان) ئالپ تېكىننى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يولغا سالدى. بۇ چاغدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خانى ئارسلانخان (مىلادىنىڭ 948 ـ يىلىدىن 984 ـ يىلىغىچە خان بولغان) ئىدى. ئالپ تېكىن قوماندانلىقىدىكى قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنى ئاقسۇ، كۇچادىن ئۆتۈپ قارا شەھەرنى ئالدى. ئاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى ئىدىقۇت شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. قاتتىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئارسلانخان مەغلۇپ بولدى ۋە تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى بەشبالىققا چېكىندى. ئالپ تېكىن تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، بەشبالىققا يۈرۈش قىلدى. ئارسلانخان بەشبالىقتىن ئىدىقۇت شەھىرىگە بارىدىغان تەڭرىتېغىنى كېسىپ ئۆتكەن تاغ يولى ئېغىزى (بەزى خاتىرىلەرگە كۆرە ھازىرقى داۋانچىڭ ئەتراپى) غا نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇردى. مانا بۇ جايدا بولغان ئۇرۇشتا ئالپ تېكىن مەغلۇپ بولدى. ئۆزىمۇ ئۆلدى. ئۇرۇشتا غالىب بولغان ئارسلانخان تۇرپان، قارا شەھەر قاتارلىق شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالدى. XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مۇسۇلمان بولغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ھازىرقى ئاستانىدە، ئالپ تېكىننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن «ئەلپەتتا» (ئالپ ئاتا ياكى ئابدۇلپەتتا دېمەكچى) دەپ ئاتىلىدىغان مازارنى بىنا قىلدى. بۇ مازار 1967 ـ يىلى مەدەنىيەت

ئىنقىلابىدا ۋەيران قىلىندى.

قاراخانىيلارنىڭ مىلادى 970 ـ يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا قىلغان يۈرۈشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ئۆزۈنىچە مۇستەقىل ياشىدى. بىز ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مىلادى ـ1027 يىلى 2 ـ ئايدا غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ مەشھۇر سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قاراخانىيلارغا قارشى بىر بىتىمنامە تۈزۈشنى تەكلىپ قىلغانلىقىنى، مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئىدىقۇت بۇددىستلىرىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقىنى باشتا بايان قىلغاندۇق. بەزىبىر ئىشەنچلىك تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغان، شۇ چاغدا شەرقىي قىتان خانلىقى (907 ـ 1124) مۇ ئۆز ئەلچىلىرىنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئەلچىلىرىگە ھەمراھ قىلىپ، غەزنىگە ئەۋەتكەن. مۇشۇ پاكىتقا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا قىتانلارمۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ، غەزنەۋىلەرنى يېنىغا تارتىپ قاراخانىيلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشكە ھەرىكەت قىلغان.

بەزى تارىخچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، مىلادىنىڭ 1018 ـ يىلى شەرقىي قىتانلار قاراخانىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ، بالاساغۇن ئەتراپىغا بېسىپ كەلگەندە، قىتان قوشۇنلىرى قاتارىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت قوشۇنلىرىمۇ بولغانىكەن.

## ئون توققۇزىنچى باب: ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مىلادىنىڭ 850 ـ يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى قۇرۇلغاندا، جۇڭگودىكى تاڭ سۇلالىسى ئاجىزلاپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتقانىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى كۆرۈنۈشتە دوستانە بولغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتكۈدەك ھالدا ئەمەس ئىدى.

مىلادىنىڭ 907 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن جۇڭگو تارىخىدا «بەش سۇلالە» ۋە «ئون بەگلىك دەۋرى» دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى چوڭ بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلدى. شۇ دەۋردىكى بۆلۈنۈش جۇڭگو تارىخىدىكى «ئۈچ دۆلەت دەۋرى» (مىلادىنىڭ 220 ـ يىلىدىن 280 ـ يىلىغىچە) دەپ ئاتالغان بۆلۈنۈشكە قارىغاندا، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بۆلۈنۈش ئىدى. «بەش سۇلالە» ۋە «ئون بەگلىك دەۋرى» دە، كېيىنكى تاڭ (923 ـ 936)، كېيىنكى لياڭ (907 ـ 923)، كېيىنكى جىن (936 ـ 946)، كېيىنكى خەن (947 ـ 950)، كېيىنكى جۇ (951 ـ 960) قاتارلىق بەش سۇلالە ھۆكۈم سۈرگەندىن تاشقىرى، يەنە جۇڭگونىڭ جەنۇبىي

تېررىتورىيىسىدە ئۇششاق ئون بەگلىكمۇ ھۆكۈم سۈرگەن. مانا شۇ «بەش سۇلالە» ۋە «ئون بەگلىك» لەر بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، دەريالاپ قان تۆكتى.

مىلادىنىڭ 960 - يىلى سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ جۇڭگو ئاساسەن بىرلىككە كەلگۈچە بولغان ئۇزۇن بىر مەزگىلدە، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قېلىش ھالىتىگە كېلىپ قالغانىدى. لېكىن، كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن جۇڭگودىكى «بەش سۇلالە» ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى قىزغىن داۋام قىلدى. بولۇپمۇ سودا مۇناسىۋەتلىرى بەكمۇ راۋاجلاندى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلدى.

سۇڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 960 - يىلى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىمال تەرىپىدىكى قىتان خانلىقى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. شەرقىي قىتان خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىنى شەرقىي ياپون دېڭىزىغىچە، غەربىي ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ قوبدۇ رايونىغىچە، شىمالى ھازىرقى موڭغۇلىيىدىكى قۇرۇلۇن، ئورخۇن، سىلىنغا دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىغىچە، جەنۇبى جۇڭگونىڭ شەنشى، خېبېي، نىڭشىيا ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىغىچە سوزۇلغانىدى.

شەرقىي قىتان خانلىقى جۇڭگودا ھۆكۈم سۈرگەن «بەش سۇلالە » ۋە «ئون بەگلىك دەۋرى» دىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، تېررىتورىيىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. قۇدرەتلىنىۋالدى. شەرقىي قىتان خانلىقىنى قۇرغان ئاي بوغى (907 - 926) X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قىتان قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈردى. ئارقىدىنلا نوجىن (جۇرجىت مانجۇلارنىڭ ئەجدادى) شىرۋى قاتارلىق قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇۋالدى.

شەرقىي قىتان خانلىقى يىلودىگاننىڭ ۋاقتىدا (927 - 947) كۈچىيىشكە باشلىدى. يىلودىگان مىلادىنىڭ 936 - يىلى ھازىرقى خېبېي، سەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى 16 ئوبلاستىنى بېسىۋالدى. قىتانلار مىلادىنىڭ 946 - يىلى جەنۇبقا ھۇجۇم قىلىپ، كېيىنكى جىن بەگلىكىنى يوقىتىپ بۇ بەگلىكنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالدى.

مىلادىنىڭ 960 - يىلى قۇرۇلغان سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى سۇڭ تەيزۇڭ (976 - 997) شەرقىي قىتانلاردىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان 16 ئوبلاستىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 978 - يىلى ئۇلارغا قارشى ئاتلاندى. ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى

ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشتا قىتانلار سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى. سۇڭ تەيزۇڭ ئاران قېچىپ قۇتۇلدى. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن سۇڭ تەيزۇڭ مىلادىنىڭ 982 - يىلى قىتانلارغا يەنە قوشۇن تارتىپ باردى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىمۇ سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

شەرقىي قىتانلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، سۇڭ سۇلالىسىنى پاسسىپ مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويدى.

ئەينى ۋاقىتتا، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدا يەنە بىر دۈشمەن پەيدا بولدى. ئۇ بولسىمۇ تاڭغۇت قەبىلىلىرى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى تاڭغۇتلارنى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئالغان 20 تۈرك قەبىلىلىرى قاتارىدا ساناپ ئۆتىدۇ[1]. مەھمۇد كاشغەرى يەنە «تاڭغۇت، تۈركلەردىن بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار چىنغا يېقىن جايلاشقان» دەپ يازىدۇ[2]. لېكىن ھازىرغىچە تاڭغۇتلارنىڭ تۈركىي خەلقلەرگە ياكى تىبەت نەسىللىك خەلقلەرگە كىرىدىغانلىقى تېخى ئايدىڭلاشمىدى، بۇ ھەقتە تالاش - تارتىش بار.

تاڭغۇتلار گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمى، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمى، نىڭشيانىڭ جەنۇبىي قىسمى، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىغا قاراشلىق ئوردوس يايلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا كۆچۈپ يۈرەتتى. تاڭغۇتلار مىلادىنىڭ 1032 - يىلى رەسمىي دۆلەت قۇرۇشتىن بۇرۇنلا، سۇڭ سۇلالىسىگە خەۋپ سېلىشقا باشلىغانىدى.

مىلادىنىڭ 960 - يىلى سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپلا، قىتانلار بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ زىمىن كېڭەيتىش ئۈچۈن جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە چىداپ تۇرالمىدى.

لېكىن، سۇڭ سۇلالىسى ئۆز دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى قىتانلار ۋە تاڭغۇتلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ سىناقتىن ئۆتكەن ۋە ياخشى ئۈنۈم بەرگەن «ياتلارنىڭ قولى بىلەن ياتلارنى ئۇجۇقتۇرۇش» ئىستراتېگىيىسىنى قوللىنىشقا قارار قىلدى. شۇنىڭغا كۆرە، ئۆزى بىلەن چېگرىداش بولمىغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن

(1) مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم، 38 - بەت.
(2) «تۈركىي تىللار دىۋانى» III توم، 495 - بەت.

ئىتتىپاقلىشىپ، قىتانلار ۋە تاڭغۇتلارغا قارشى تۇرماقچى بولدى.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە كەڭسۇ، كۆكنۇردىكى تىبەت بەگلىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشقا ئانچە قىزىقمىغان. كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تىبەت بەگلىكلىرى بىرنەچچە قېتىم تەكلىپ بېرىپ، تاڭغۇتلارغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنىڭ تەشەببۇسىنى رەت قىلغانىدى. بۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى «يېقىن قوشنىلارغا ھۇجۇم قىلىش، يىراقتىكىلەر بىلەن دوستلىشىش» دېگەن كونا تەدبىرگە ئەمەل قىلغان بولسا كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنلىرىدىن ئۇنۇملۈك ھالدا پايدىلىنىشقا بولىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. لېكىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئورخۇن - ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىدەك سان جەھەتتىن كۆپ، سۈپەت جەھەتتىن جەڭگىۋار ئەمەس.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋاڭ يەندى «ئىدىقۇتقا بارغان ئەلچىنىڭ خاتىرىسى» دا، ئەھۋالنى ئېنىق بىلمەيلا خاتىرىلىگەندەك، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى تېررىتورىيىسە جەھەتتە، جەنۇبتا خوتەن بىلەن غەربتە... ئەرەبلەر ۋە ئىران چېگرىسىغىچە، غەربىي جەنۇبتا ھىندىستانغىچە سوزۇلغان چوڭ دۆلەتمۇ ئەمەس ئىدى[1].

(原文：«......高昌，即西州也，其地南距于田，西南距大食，波斯，西距西天步路.»)

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراننىڭ 980 ـ يىلىدىكى ئەھۋالىنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتسەكلا، ۋاڭ يەندىنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيەتكە زادى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى بىلىمىز.

مىلادىنىڭ 980 ـ يىللىرى قاراخانىيلار دۆلىتى شەرقتە بۇگۇرگىچە، غەربتە يەتتەسۇغىچە بولغان تېررىتورىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. سامانىلار پادىشاھلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرائۇننەھرى قىسمى بىلەن ئىراننىڭ خوراسان قىسمىغا ھۆكۈمران ئىدى. شۇ مەزگىلدە ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ئىراننىڭ غەربىي

(1) «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» خەنزۇچە 203 ـ جىلد «ۋاڭ يەندى» ۋە «ئىدىقۇتقا بارغان ئەلچىنىڭ خاتىرىسى».

قىسمى، ئىراق سۈرىيە قاتارلىق كەڭ تېررىتورىيىگە ھۆكۈمران ئىدى. دېمەك ئۇ چاغدا، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى بىر قىسىم جايلار (قۇمۇلدىن تارتىپ ماناسقىچە بولغان جايلار) بىلەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىن تارتىپ، شەرقى جەنۇبىي كەڭسۇدىكى داشاتا ئەنشىغىچە، غەربىي جەنۇبى بۇگۇرگىچە، جەنۇبى لوپنۇرغىچە بولغان جايلار كىرەتتى.

كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلەر، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە ھەربىي جەھەتتىن ئۇنۇم بەرگۇدەك ياردەم قىلالمىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

مىلادىنىڭ 1004 ـ يىلى شەرقىي قىتانلار سۇڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى. قىتان قوشۇنلىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيفېڭنىڭ شىمالىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايغا قىستاپ كەلدى. ئەھۋال شۇنداق خەتەرلىك بولۇپ قالغاندا، سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكى بەزىبىر تۇراقسىز ۋەزىرلەر پايتەختنى نەنجىنگە ياكى سىچۇەنگە يۆتكەپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئاخىر مىلادىنىڭ 1005 ـ يىلى قىتان خانى يىلۇلۇڭشۇ (983 ـ 1031) نىڭ قورقۇتۇشى (يىلۇلۇڭشۇ قىتان قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ كەلگەنىدى) بىلەن سۇڭ سۇلالىسى شەنجۇ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدىكى فۇياڭ دېگەن جاي) دېگەن جايدا ئۆزلىرى ئۈچۈن ھاقارەتلىك بولغان «شەنجۇ بىتىمنامىسى» غا قول قويدى. «شەنجۇ بىتىمنامىسى» غا كۆرە، سۇڭ سۇلالىسى قىتانلارغا ھەر يىلى 100 مىڭ سەر كۈمۈش، 200 مىڭ توپ يىپەك مال ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭغا رازى بولمىغان قىتانلار سۇڭ سۇلالىسىگە يەنە ھۇجۇم قىلىپ، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر يىلى 200 مىڭ سەر كۈمۈش، 300 مىڭ توپ يىپەك مال ياساق تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى. مانا شۇنداق ئەھۋال خېلى ئۇزۇن مۇددەتكىچە خەلقنىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيىتى (تۆلەيدىغان ئالۋان ـ ياساقلىرى) نى بەكمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى (960 ـ 1126) شەرقىي قىتانلارغا 120 يىل (مىلادىنىڭ 1005 ـ يىلىدىن 1126 ـ يىلىغىچە) ئىچىدە تەخمىنەن 24 مىليون سەر كۈمۈش، 6 مىليون توپ يىپەك مال ياساق تۆلىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، تاڭغۇتلارغىمۇ مىلادىنىڭ 1044 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى 72 مىڭ سەر كۈمۈشتىن 153 مىڭ توپ يىپەك مال، 30 مىڭ جىڭ چاي[1] ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. تاڭغۇت خانى لى يەنخاۋ (مىلادىنىڭ 1032 ـ يىلىدىن 1048 ـ يىلىغىچە خان بولغان)

---

(1) سۈي شىنيى: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرى توغرىسىدا قىسسە» خەنزۇچە 2 ـ قىسىم 91 ـ بەت.

مىلادىنىڭ 1040 ـ يىللىرى سۈڭ سۇلالىسىنى ئۈچ قېتىم ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقاندىن كېيىن، بۇ ياساقنى تۈلەشكە مەجبۇر قىلغانىدى.

ئەگەر ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى 983 ـ يىلىدىن باشلاپ سۈڭ سۇلالىسىگە ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن بولسا، سۈڭ سۇلالىسى ئېھتىمال قىتانلارغا، تاڭغۇتلارغا مۇنچىلىك دەرىجىدە بوزەك بولمىغان بولاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن شىمالىي سۈڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ۋەقەلەر خېلى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

سۈڭ سۇلالىسىنىڭ خانى سۈڭ تەيزۇڭ مىلادىنىڭ 981 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا مەشھۇر دىپلومات، تارىخچى ۋاڭ يەندى (مىلادىنىڭ 938 ـ يىلى تۇغۇلۇپ مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلى ئۆلگەن) باشچىلىقىدا، بەي شۈن ئورۇنباسارلىقىدا بىر يۈز نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى.

ۋاڭ يەندى مىلادىنىڭ 981 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يولغا چىقىپ، مىلادىنىڭ 982 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا كەلدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى رەسمىي زىيارىتىنى مىلادىنىڭ 983 ـ يىلى ئەتىيازدا ئاياغلاشتۇرۇپ كەيفېڭگە قايتتى. ۋاڭ يەندى سۈڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيفېڭگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۈڭ تەيزۇڭغا تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. ئاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلىدە، كۆرگەن ـ بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن مىلادىنىڭ 985 ـ يىلى «ئىدىقۇتقا بارغان ئەلچىنىڭ خاتىرىسى» ناملىق ئەسەر يېزىپ، سۈڭ تەيزۇڭغا تەقدىم قىلدى. بۇ ئەسەردە: ۋاڭ يەندىنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا بېرىپ ـ كېلىشىدە بېسىپ ئۆتكەن يولى، ئىدىقۇت خانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، دۆلەتنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى، تۇرپاننىڭ ھاۋا كىلىماتى، ئارسلانخاننىڭ سۈڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى قانداق قارشى ئالغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى توغرىسىدا ئېنىق، تەپسىلىي مەلۇمات بار. ئەپسۇسكى بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۈڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچىلار ئۆز ئەسىرىدە خاتىرىلەپ قالدۇرغان.

«ئىدىقۇتقا بارغان ئەلچىنىڭ خاتىرىسى» دىكى ئاساسىي مەزمۇنلار، «سۈڭ

سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 203 ـ جىلدىدىكى «ئەدەبىي ئەسەرلەر بايانى» دا، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ۋاڭ يەندى ھەققىدە قىسسە» بابىدا، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 490 ـ جىلدىدىكى «ئىدىقۇت ھەققىدە قىسسە» دېگەن بابتا خاتىرىلەنگەن.

ۋاڭ يەندى مىلادىنىڭ 981 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ جىڭشەن ناھىيىسىدىن يولغا چىقىپ، غەربىي شىمالغا قاراپ يۈرۈپ، VIII ئەسىردىكى ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا تىلغا ئېلىنغان توققۇز تاتارلار يۇرتى (موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇل دائىرىسىدىكى جايلار) دىن ئۆتىدۇ. ئۇ قىتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ناھايىتى ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، نەچچە مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ۋاڭ يەندى دەسلەپ ھازىرقى نىڭشيادىكى ئىرسىن (قارا دەريا) ۋادىسى (合罗川) دىكى قەدىمكى ئۇيغۇر شەھىرى خاتۇنبالىققا (可敦城) كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ... ئەڭ ئاخىرىدا قۇمۇلغا كېلىدۇ.

ۋاڭ يەندى مىلادىنىڭ 982 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئىدىقۇت باش ۋەزىرى ئاپائوگا (ئاپا ئاتا مەنىسىدە بولۇپ، «ئوگا» جاناب مەنىسىدە) سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ قارشى ئالىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئىدىقۇت شەھىرىگە كېلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپا ئوگا ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ.

ۋاڭ يەندى ئىدىقۇت شەھىرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇر ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ خانى ئارسلانخان پايتەخت بەشبالىقتا ئىدى. ئارسلانخان يازنى بەشبالىقتا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىدىقۇت شەھىرىدىن كەتكەن چاغدا، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا تاغىسى ئاپا ئوگا (بۇ ئىسىم ئەمەس ئۇنۋان) نى تەيىنلەپ قالدۇرغانىدى. ئارسلانخان سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى بەشبالىققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەلچىلەر بەشبالىققا كېلىپ يەتتە كۈندىن كېيىن ئارسلانخاننىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. ئارسلانخان سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنى قىزغىن، سەمىمىي ۋە ناھايىتى چوڭ دەبدەبە بىلەن قارشى ئالىدۇ. ۋاڭ يەندى شۇ چاغدىكى قوبۇل مۇراسىمى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئارسلانخان ۋە خانزادىلەر، ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى كۈنچىقىشقا قاراپ چوقۇندى (بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شامان ئەقىدىسىگە كۆرە، كۈنگە چوقۇنۇشى ئىدى). ئاندىن كېيىن ئېسىل كىيىم، قىممەتلىك سوۋغىلار (ئەلچىلەر ئەكەلگەن سوۋغىلار ئا) نى قوبۇل قىلدى. سازچىلار ھۆرمەت سازىنى چالغاندا، ئارسلانخان سازغا جور بولۇپ بېشىنى ئەگدى. ئاندىن كېيىن

ئارسلانخاننىڭ ئوغۇل - قىزلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، سوۋغىلار (سۆڭ ئەلچىلىرىگە ئا) تەقدىم قىلدى. يۇقىرىدىكى ئىشلار ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن، زىياپەت بېرىلدى. ئاخىرىدا ئويۇن كۆرسىتىلدى. ئەتىسى كۆلدە كېمە سەيلىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى زىيارەت قىلدۇردى.»[1]

（原文：«五及八子，待者，皆东向拜受赐旁有持磬者，击从节拜，八闻磬，乃拜。既而八之几女亲属，皆出罗拜以受赐，遂张乐音燕，为优戏，至暮。明日泛舟于池中，池四面作鼓乐，又明日游佛寺.»）

ئارسلانخان سۆڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە ھەمراھ بولۇپ بەشبالىقتىكى سەيلىگاھلار ۋە ئىبادەتخانىلارغا بىللە بارغان.

ۋاڭ يەندى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ناھايىتى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدا ئارسلانخان بىلەن سەممىي، دوستانە سۆھبەتلەر ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، 7 - ئايدا بەشبالىقتىن ئىدىقۇت شەھىرىگە قايتىپ كەلگەن.

ۋاڭ يەندى باشچىلىقىدىكى سۆڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئۆز ۋەزىپىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپ، مىلادىنىڭ 983 - يىلى ئۆز دۆلىتىگە قايتتى.

ۋاڭ يەندى ئۆز خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى خەلق بەگلەر (خانلار، تارقانلار) ۋە قارا بودۇن (ئاۋام خەلق) تىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار سازغا بەك ئامراق، كۆپىنچە بەرباب (پىپا)، 25 تارلىق غوڭقا (كۇڭخۇ) قاتارلىق سازلارنى چالىدۇ. چەت ئەللەرگە سۆسەر، ئاق كىگىز، زىننەت بويۇملىرى چىقىرىپ ساتىدۇ. ئەرلىرى ھەر دائىم ئات مىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. سەپەرگە چىققاندا سازنى بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. مەملىكەت ئىچىدە كەمبەغەللەر يوق دېگۈدەك، ئاشلىقى يېتىشمىگەنلەرنى دۆلەت تەمىنلەيدۇ. كىشىلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلار يوق، ئاغرىق - سىلاقلارنى داۋالاش ئوبدان يولغا قويۇلغان. بىز ئىدىقۇت شەھىرىگە بارغاندا، خان بەشبالىقتا يايلاۋدا ئىكەن... مانا شۇ جايدا ئات - يىلقا ئويۇنلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. خان، خانىش، خانزادىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قاراشلىق يىلقىلىرى بار ئىكەن. يىلقىلار رەڭگى بويىچە ئايرىم - ئايرىم بېقىلىدىكەن. ئاتلارنىڭ سانىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس، خاننىڭ ئوردىسىدا سازچىلار كۆپ، زىياپەت ۋە سۆھبەت

(1) سۈي شىنيى: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرى توغرىسىدا قىسسە» خەنزۇچە 2 - قىسىم 92 - بەت.

ئورۇنلىرىدا ساز چېلىنىپ تۇرىدىكەن. شەھەرلەردە باغلار، چوڭ بىنالار، دەم ئېلىش ئورۇنلىرى كۆپ ئىكەن. خەلق بەك ئاقكۆڭۈل، بىلىملىك، ئاق كۆڭۈل، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ئادەملەر ئىكەن. ئۇلار چاققان بولۇپ، ئىشنى چاپسان قىلىدىكەن. ئۇلار ئاتقا بەكمۇ ئامراق. ياخشى ئاتنى نۇرغۇن يىپەك مال بېرىپ سېتىۋالىدىكەن. ناچار ئاتنىڭ باھاسىمۇ ئۈچ توپ يىپەك مال ئىكەن. بايلىرى، ئادەتتىكى كىشىلىرىمۇ گۆش يەيدىكەن، گۆش ناھايىتى كۆپ، مەملىكەتنى خانلار ئىدارە قىلىدۇ. بىز بارغان چاغدىكى ئىدىقۇتنىڭ چوڭ خانى ئارسلانخان ئىكەن... ھەر بىر ئىش ئۆز تەرتىپى بويىچە ئورۇندىلىدۇ. خان دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ. باشقا ئىشلارنى تارقانلار (ۋەزىرلەر)، بەگلەر بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئىدىقۇت بەگلىرى ھەر كۈنى ئەتىگەندىلا ئوردىغا يىغىلىدىكەن.»[1]

ۋاڭ يەندىنىڭ يۇقىرىدىكى خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان ئات ئۇيۇرلىرى بەشبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يايلاقلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە بېقىلىۋاتقان ئاتلار ئىكەنلىكى ئېنىق. چۈنكى دۇنيادا يىلقا بېقىشنى تۇنجى قېتىم ياراتقان ئەجدادلىرىمىز ئاتلىق قوشۇنلىرىنى تۆت خىل رەڭ (ئاق بوز، قارا، كۆك، تورۇق رەڭ) دىكى ئاتلارغا مىندۈرگەنىدى. ئىدىقۇت خانلىرىمۇ ئۇرۇش ئاتلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە يىلقىلىرىنى رەڭگى بويىچە تۈرلەرگە بۆلگەن.

گۇجچىن ئەپەندى ۋاڭ يەندىنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا قىلغان زىيارىتىگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يازغان ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە (تۇرپاننى دېمەكچى) قار ياغمايدۇ. قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. تومۇز كۈنلىرى كىشىلەر يەر ئاستىدىكى گەمىلەردە تۇرىدۇ. ئۇچار قاناتلارمۇ سۇ بويىغا توپلىشىۋالىدۇ. ئۇچۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇچىدىغان بولسا قانىتى كۆيۈپ يىقىلىدۇ. ئۆيلەر ئاق ھاك بىلەن ئاقارتىلىدۇ... بەكمۇ ئىسسىق بولۇپ، يامغۇر ئاز ياغىدۇ. تېپىك قۇرۇقلۇق ئىقلىمى... ئالتۇنتاغدىن (تەڭرىتېغى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) كېلىدىغان سۇ شەھەرنى چۆرىدەپ ئايلىنىپ ئاقىدۇ. ئادەملىرى سازغا ئامراق. كۆپىنچە بەرباب ۋە غوڭقا قاتارلىق سازلارنى چالىدۇ. ئاق كۆڭۈل، تۈز، ھۈنەرۋەن كېلىدۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈش، مىس، تۆمۈر تاۋلايدۇ. قاچا ـ قۇچا، جابدۇقلارنى ياسايدۇ. قاشتېشىدىنمۇ بۇيۇملارنى ياسايدۇ. ئىدىقۇتتىن بولغۇن، سۆسەر، ئاق كىگىز، كەشتىلىك، گۈللۈك رەختلەر چىقىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. خوتۇن ـ

(1) «ئىدىقۇتقا بارغان ئەلچىنىڭ خاتىرىسى».

قىزلىرى چاچ سالدۇ.»[1]

يۇقىرىدىكى بايانىدا، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ھاۋا كىلىماتى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادى مەشغۇلاتى، ئەخلاقىي پەزىلىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى خېلى ئېنىق چۈشەندۇرۇلگەن.

مىلادىنىڭ 981 ـ يىلى ۋاڭ يەندى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا ئەلچى بولۇپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى سۇڭ سۇلالىسىگە ئىككى قېتىم (مىلادىنىڭ 962 ـ يىلىدىن 981 ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە) ئەلچى ئەۋەتكەن. مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسى شەرقىي قىتانلاردىن مەغلۇپ بولۇپ ئۇلارغا ناھايىتى ئېغىر سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر بولغان چاغدىمۇ، ئىدىقۇت خانلىقى سۇڭ سۇلالىسىگە ئۈچىنچى قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى.

## يىگىرمىنچى باب: ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ غەربىي قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قېلىشى

شەرقىي قىتانلار مىلادىنىڭ 979 ـ يىلى ۋە مىلادىنىڭ 982 ـ يىلى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرى ئەتراپىدىكى گاۋلىياڭخې دەرياسىنىڭ بويىدا، شىمالىي شەنشىدە ئىككى قېتىم تارمار قىلغاندىن كېيىن، ناھايىتى جانلىنىپ كەتتى. بولۇپمۇ شەرقىي قىتانلار مىلادىنىڭ 1004 ـ يىلى خېنەندىكى شەنيۈەن دېگەن جايدا تۈزۈلگەن «شەنيۈەن بىتىمنامىسى» ئارقىلىق سۇڭ سۇلالىسىنى ھەر يىلى 100 مىڭ سەر كۈمۈش، 200 مىڭ توپ يىپەك مال ياساق تۆلەشكە مەجبۇر قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ كۈرەڭلەپ كەتتى.

شەرقىي قىتانلار مىلادىنىڭ 985 ـ يىلى ھازىرقى ئامۇ (خېيلوڭجياڭ) دەرياسى ۋە سۇنغارى دەرياسى بويلىرىدا ياشايدىغان نۈجىن قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇۋالغانىدى. نۈجىن قەبىلىلىرى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان جەڭگىۋار خەلق ئىدى.

مىلادىنىڭ XI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نۈجىن قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ۋانيان قەبىلىسى، نۈجىن قەبىلىلىرىنى قەبىلە ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ نۈجىنلار كۈچەيدى. نۈجىنلار خانلىرىنى ۋانيان قەبىلىسىنىڭ خانزادىلىرىدىن تەيىنلىدى. مىلادىنىڭ 1114 ـ يىلى ۋانيان قەبىلىسىدىن

(1) گوجېچىن: «ۋاڭ يەندى» ۋە «ئىدىقۇتقا بارغان ئەلچىنىڭ خاتىرىسى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىل 4 ـ سان ئۇيغۇرچە، 143 ـ بەت).

بولغان ۋانيان ئاغۇدا قىتانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇ هازىرقى جىلىن ئۆلكىسىنىڭ فۇيۇ ناھىيىسىدە قىتانلارنى تارمار كەلتۈردى. ۋانيان ئاغۇدا، مىلادىنىڭ 1115 ـ يىلى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن تارىختا (جۇرجىت) دەپ ئاتالغان خانلىق مەيدانغا چىقتى. جۇرجىت خانى ۋانيان ئاغودا شىمالىي سۇڭ سولالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ قىتانلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. شەرقىي قىتان خانلىقى مىلادىنىڭ 1124 ـ يىلى خەلق قوزغىلاڭلىرى، هۆكۈمران تەبىقە ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر (جۇرجىتلار بىلەن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى) نىڭ هۇجۇملىرى سەۋەبىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.

تارىختا 210 يىل هۆكۈم سۈرگەن شەرقىي قىتان خانلىقى (916 ـ 1124) ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي قىتان شاھزادىسى تۇس تايغۇ يىلۇداشى (مىلادىنىڭ 1087 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1143 ـ يىلى ئۆلگەن) بىر قىسىم قىتانلارنى باشلاپ غەربكە قاچتى. تۇس تايغۇ دەسلەپ هازىرقى موڭغۇلىيىدىكى خاتۇنبالىق (بۇ ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ خېلى مۇھىم شەھەرلىرىدىن بىرى ئىدى) قا كەلدى. شۇ يەردە ئۆزىنى قىتان پادىشاھى دەپ جاكارلىدى. ئاندىن كېيىن يەنسەي دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىرغىزلار ئارىسىغا باردى. قىرغىزلارنىڭ هۇجۇمى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا ئۇچرىغان قىتانلار يەنسەي دەرياسى بويىدىن قېچىپ بەشبالىق ئەتراپىغا كېلىپ توختىدى. تۇس تايغۇ باشچىلىقىدىكى قىتانلارنىڭ ئاھالە سانى 200 مىڭ بولۇپ، 40 مىڭ تۈتۈن (چېدىر) دىن ئىبارەت ئىدى. تۇس تايغۇ مانا شۇ 40 مىڭ چېدىرلىق قىتانلاردىن 40 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىۋېلىشقا ئىمكانىيەت تاپقانىدى. ھەر جەھەتتىن خېلى مۇكەممەل تەجرىبىگە ۋە تەشكىللەش، باشقۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان تۇس تايغۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى بەشبالىق ئەتراپىدا تۇرغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەش ئۈچۈن تىمىڭ تىڭشىغۇچىلارنى ئىشقا سالدى. بۇ ئارقىلىق ئەھۋالىنى خېلى ئېنىق ئىگىلىۋالغان تۇس تايغۇ مىلادىنىڭ 1125 ـ يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانى بىلگە تېكىنگە مەكتۇپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ غەربكە بېرىشتا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىدىن ئۆتمەكچى بولغانلىقىنى، خاننىڭ بۇ ئىشتىن ئەندىشە قىلماسلىقىنى ئۇقتۇردى. بىلگە تېكىن تۇس تايغۇنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قارارگاھىغا باردى. بىلگە تېكىن تۇس تايغۇنىڭ قارارگاھىدا ئۈچ كۈن مېھمان بولدى. تۇس تايغۇ غەربكە قاراپ ماڭىدىغان چاغدا، بىلگە تېكىن ئۇنىڭغا 600 ئات، 100

تۆگە 3000 قوي يوللۇق تۆتتى. ئۇنىڭدىن باشقا باللىرى ۋە نەۋرىلىرىنى گۆرۈ سۈپىتىدە تۇس تايغۇغا قوشۇپ قويدى. بۇ ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ تۇس تايغۇغا بېقىندىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىلگە تېكىن تۇس تايغۇنى ئۆز مەملىكىتىنىڭ چېگرىسىغىچە ئۇزىتىپ راردى(1).

باشقا تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇس تايغۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىدىن غەربكە قاراپ يۈرۈپ شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ شىمالىي ئىلىكخانى باشقۇرىدىغان تېررىتورىيە ئىچىدىكى ئىمىلدا بىر مەزگىل تۇردى. تۇس تايغۇ ئىمىلدا تۇرۇش ئۈچۈن شىمالىي ئىلىكخاندىن رۇخسەت ئالغانىدى.

تۇس تايغۇ ئىمىلدا تۇرۇپ كۆچ توپلىۋالغاندىن كېيىن، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئۈستىگە بېسىپ بېرىشنىڭ پەيتىنى پايلاپ تۇردى. دەل شۇ چاغدا، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئىبراھىمخان (1128 ـ 1158) قارلۇقلار ئىسيانىنى باستۇرۇشقا تۇس تايغۇدىن ياردەم سوراپ قالدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان تۇس تايغۇ مىلادىنىڭ 1130 ـ يىلى قارلۇقلار ئىسيانىنى باستۇرۇشنى باھانە قىلىپ، بالاساغۇن بىلەن قەشقەرنى بېسىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شەرقىي قاراخانىيلارمۇ قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالدى.

تۇس تايغۇ مىلادىنىڭ 1137 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خوجەنت ئەتراپى (ئۆزبېكىستان) دا غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. مىلادىنىڭ 1141 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن قارلۇقلار قىتانلارنى ياردەمگە چاقىردى. غەربىي قاراخانىيلار بولسا سەلجۇقىلارنى ياردەمگە چاقىردى. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەرگە كۆرە، مىلادىنىڭ 1141 ـ يىلى 9 ـ ئايدا تۇس تايغۇ سەمەرقەند بىلەن بۇخارا ئارىسىدىكى «قەتۋان» چۆلىدە، غەربىي قاراخانىيلار بىلەن سەلجۇقىلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، غەربىي قاراخانىيلارمۇ قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالدى.

تۇس تايغۇ تارىختا «غەربىي قىتان خانلىقى» دەپ ئاتالغان دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. غەربىي قىتان دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خېلى كۆپ قىسمى كىرگەنىدى. غەربىي قىتانلار ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى بېقىندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشمىغان. غەربىي قىتانلار

(1) ئو. كارايېۋ: «قاراخانىيلار قاغانلىقىنىڭ تارىخى» رۇسچە 167 ـ بەت.

ئۆز ئادىتى بويىچە، ئۇلاردىن مەلۇم مىقداردا سېلىق ئېلىپ تۇرۇش بىلەنلا چەكلەنگەن. غەربىي قىتانلار سېلىقىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇلۇشىغا كاپالەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا بىر دائىمىي نازارەت ئەلچىسى ئەۋەتكەن. بىلگە تېكىندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدا ئىسەن تۆمۈر ئاتلىق خاننىڭ ئۆتكەنلىكى مەلۇم، ئۇنىڭ خانلىق ھۆكۈمىتى قانچە يىل سۈرگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

## يىگىرمە بىرىنچى باب: موڭغۇللار ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى

### چىڭگىزخان ۋە بائۇرچۇق ئارت تېكىن

XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدىكى قورۇلۇن، ئونون دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا ئۆز ئارا بىرلەشمىگەن موڭغۇل قەبىلىلىرى ياشايتتى. بايقال بويلىرىدا تاتار قەبىلىلىرى، توغلا دەرياسى بويلىرى ۋە شەرقىي ئالتايدا كېرەيلەر، نايمانلار، مەركىتلەر (بۇلار توركىي قەبىلىلەر ئىدى) ياشايتتى. مانا شۇ قەبىلىلەر، يايلاق، چارۋا مال، ئەمگەك كۈچلىرىنى تالىشىپ ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ تۇراتتى.

موڭغۇللارنىڭ دەريا ۋادىلىرىدا ياشايدىغانلىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، ئورمانلىقتا ياشايدىغانلىرى ئاساسەن ئوۋچىلىق قىلاتتى. موڭغۇللار ئۆزلىرىنى سان جەھەتتىن كۆپ ۋە ئابرۇيلۇق بولغان تاتار قەبىلىسى نامى بىلەن «تاتارلار» دەپ ئاتاشقانىدى. موڭغۇللار شۇ چاغدا پاترىئارخانلىق ئۇرۇق - قەبىلە مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلىغان فېئوداللىق جەمئىيەت باسقۇچىدا ئىدى.

قەبىلىلەر ئارا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان ئۇرۇشلار موڭغۇل خەلقلىرىنى ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەتتە قويغانىدى. موڭغۇل ئەمگەكچىلىرى، موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشكەن دۆلىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە تەقەززا ئىدى. شۇنداق بولغاندا، ئۆز ئارا ئۇرۇشلار توگەپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ ئامان - خۇدا ياشاش مۇمكىن بولاتتى.

جۇرجىت خانلىقى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ قوياتتى، ئۇلارنى بۇلاپ - تالايتتى. قۇرامىغا يەتكەن موڭغۇل

ياشلىرىنى قوشۇنغا ئالاتتى، ئۇرۇشلاردا ئۆلارنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولاتتى. موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ تۇرۇشى جۇرجىت خانلىقىنىڭ موڭغۇل قەبىلىلىرىگە قارىتا يۈرگۈزگەن ئەكسىيەتچى، ياۋايى - يىرتقۇچ سىياسىتىنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى.

موڭغۇل خەلقىنىڭ كۈچلۈك، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسىنى چىڭگىزخان ئەمەلگە ئاشۇردى.

مىلادىنىڭ 1153 - يىلى ئونون دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ قىيات بوره تېكىن ئۇرۇقىنىڭ خانى يېسۈكەي باتۇرنىڭ ئايالى بىر ئوغۇل تۇغدى. ئوغۇلغا تۆمۈرچى (موڭغۇللار تىمۇچىن، دەپ ئاتىشىدۇ) دەپ ئات قويۇشتى. تۆمۈرچى ئاجايىپ قاۋۇل، چاققان، بەكمۇ ھوشيار، كارامەت باتۇر ئوغۇل بولۇپ چىقتى. مىلادىنىڭ 1164 - يىلى تاتارخانى توغرۇلخان يېسۈكەي باتۇرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. دادىسىدىن يېتىم قالغان تۆمۈرچى پۈتنغا چىتىق سېلىنغان ھالدا، تاتارلارنىڭ تۆمۈر كېنىدا بىرنەچچە يىل قۇل ئورنىدا ئىشلىدى. تۆمۈرچى قۇللۇقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۆز قەبىلىسىگە خان بولدى. تۆمۈرچى قىلىچ چېپىپ، قان تۆكۈپ موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇردى، بىرلەشتۈردى. ئاندىن كېيىن مىلادىنىڭ 1202 - يىلى تاتارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن، تاتار قەبىلىسىنىڭ ھارۋا شوتىسىغا بويى يەتكۈدەك بالىلىرىنى ئامان قالدۇرۇپ، قالغانلىرىنىڭ بىرنىمۇ نويىماي قىرىپ تاشلىدى. تۆمۈرچى مىلادىنىڭ 1204 - يىلى نايمانلارغا ھۇجۇم قىلدى. نايمان خانى تايانخاننى ئۆلتۈردى. بىر قىسىم نايمانلار كۈچلۈكخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە يەتتەسۇغا قېچىپ كەتتى. تۆمۈرچى نايمانلارنى بويسۇندۇرغاندا، تايانخاننىڭ تامغىچىسى بولغان ئۇيغۇر تاتاتۇڭا ئاتلىق ناھايىتى بىلىملىك، تالانتلىق بىر تامغىچىسىنى قولغا چۈشۈردى. تاتاتۇڭا كېيىن چىڭگىزخان قۇرغان ئۇلۇغ ئىمپېرىيىسىدە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى.

موڭغۇللار مىلادىنىڭ 1206 - يىلى ئونون دەرياسىنىڭ بويىدا 5000 كىشى سىغىدىغان (بەزى مەلۇماتلاردا 500 كىشى سىغىدىغان دېيىلىدۇ) بىر چېدىر تىكىپ، قورۇلتاي چاقىردى. قورۇلتاي تۆمۈرچىنى «چىڭگىزخان» (مەنىسى «دېڭىزخان») ئۇنۋانىدا قاغان قىلىپ سايلىدى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1206 - يىلى يېڭى قۇرۇلغان موڭغۇل دۆلىتىگە قاغان بولغاندىن كېيىن، مۇھىم بولغان ئىككى تۈرلۈك ئىشقا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ

ئۆز دۆلىتىگە قوشنا بولغان جايلار (تولىراق غەرب) تىكى خەلقلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، تالانتلىق ئادەملىرىنى ئوردىسىغا يىغىپ، ئۇلارنى يېڭى قۇرۇلغان موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ھەربىي، مەمۇرى ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. چىڭگىزخان يەنە بىر تەرەپتىن كۆپ سانلىق، ياخشى قوراللانغان، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن بولغان، ئىنتىزاملىق قوشۇن تەشكىل قىلىشقا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلدى.

XIII ئەسىردە ياشىغان ئىران تارىخچىسى جۇۋەينى چىڭگىزخان ھەربىي قوشۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا: «ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى بولمىغان تىنچ ۋاقىتلاردا ئۆز ئىختىيارىچە چارۋا مال بېقىش بىلەن مەشغۇل بولغان بارچە موڭغۇل ئاھالىسى ئۇرۇش ۋاقتىدا، كۆچمەنچىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، ئون كىشىلىك، 100 كىشىلىك، 1000 كىشىلىك، 10 مىڭ كىشىلىك قىسىملاردىن ئىبارەت قوشۇنغا ئايلاندۇرۇلاتتى. بىرەر جايغا يېزىلمىغان ۋە لېكىن ئەمەلىيەتتە رەسمىيلىشىپ قالغان قانۇنغا كۆرە، ھەربىر جەڭچى ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۆزىگە لازىم بولىدىغان ھەممە ياراغ - ئەسلىھە ئوقيا، باشاق، قىلىچ ۋە باشقىلارنى، ئۆزى مىنىدىغان ۋە يۈك ئارتىدىغان ھايۋان تۆگە، ئات ياكى ئېشەكنى، خىلمۇ خىل جابدۇقلار چۇلۋۇر، ئارغامچا، قازان، يىڭنە، پالتا ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى ئالدىن تەييار قىلىپ قويۇشى كېرەك ئىدى. ھەربىي قىسىملارنىڭ باشلىقلىرى ئونبېشى، يۈز بېشى، مىڭبېشى، تۈمەنبېشى ۋاھاكازالار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار موڭغۇل ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرىگە مەنسۇپ كىشىلەردىن باتۇرلار، مەرگەنلەر، چېچەنلەر، نويانلاردىن تەيىنلىنەتتى. موڭغۇل قوشۇنى ناھايىتى ئىنتىزامچانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەربىي يۈرۈشلەردىكى ئادەتتىن تاشقىرى چاققانلىقى، چىدامچانلىقى ۋە جەڭ ۋاقتىدىكى مەردلىكى بىلەنمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى[1].

چىڭگىزخان يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرلۈك مۇھىم ئىشنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، سىرتقا قارىتا بىر قاتار كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1207 - يىلى چوڭ ئوغلى جوجىخان (مىلادىنىڭ 1177 - يىلى تۇغۇلۇپ 1225 - يىلى ئۆلگەن) نى سىبىرىيىدىكى خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇشقا ماڭدۇردى.

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» I توم ئۆزبېكچە 307 - 308 - بەتلەر.

جوجىخان يەنسەي دەرياسىنىڭ بويىدىكى قىرغىزلارنى، بايقال بويىدىكى بۇرياتلارنى، ئالتايدىكى ئۇيغۇرلارنى، يەنسەي بويىدىكى ئويراتلار (ئۇيغۇراتلار)، قوڭۇر ئاتلار (قوڭراتلار) نى بويسۇندۇردى.

چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى جۇرجىت خانلىقىنى تارمار كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاڭغۇت خانلىقى (1032 ـ 1227) نى تارمار كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى. تاڭغۇتلار جۇرجىتلار بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى. چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1209 ـ يىلى تاڭغۇتلار ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى ۋە ئۇلارنى تارمار قىلدى. تاڭغۇت خانى لىئەنچۈەن (1206 ـ 1211) قىزلىرىدىن بىرىنى چىڭگىزخانغا ياتلىق قىلدى. ئۆزىنىڭ چىڭگىزخانغا بېقىنغانلىقىنى تەن ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تاڭغۇتلار موڭغۇللارغا ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولدى.

ئاسىيانىڭ شەرقىدە باش كۆتۈرگەن موڭغۇللارنىڭ خانى چىڭگىزخاننىڭ داڭقى، شۆھرىتى توغرىسىدىكى مىش ـ مىش گەپلەر خۇددى قاناتلىق قۇشتەك ئۇچۇپ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگىمۇ تارقالدى. بۇ چاغدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ غەربىي قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالغىنىغا توپتوغرا 84 يىل (مىلادىنىڭ 1125 ـ يىلىدىن 1209 ـ يىلىغىچە) بولغانىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانى بائۇرچۇق ئارت تېكىن (؟ ـ 1235) يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەر (موڭغۇللارنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى، غەربىي قىتانلارنىڭ ئاجىزلىشى) نى نەزەردە تۇتۇپ، مىلادىنىڭ 1209 ـ يىلى غەربىي قىتانلارنىڭ بېقىندىلىقىدىن قۇتۇلۇش قارارىغا كەلدى.

بائۇرچۇق ئارت تېكىن بۇ توغرۇلۇق باش ۋەزىرى تارقان بىلگە بوقا بىلەن مەسلىھەتلەشتى. تارقان بىلگە بوقا قىلچە ئىككىلەنمەستىن قەتئىيلىك بىلەن غەربىي قىتانلارنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، موڭغۇللارغا بېقىنىشنى تەكلىپ قىلدى. بائۇرچۇق ئارت تېكىن ھە دېگەندىلا، تارقان بىلگە بوقانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، ئويلىنىپ كۆرۈپ، كېيىن ماقۇل بولدى. بائۇرچۇق ئارت تېكىننىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان تارقان بىلگە بوقا ئىدىقۇت شەھرىدە تۇرىدىغان قىتان ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۆزى يېتەكچىلىك قىلدى. ئىران تارىخچىسى جۇۋەينىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، غەربىي قىتان خانى چورۇق (1178 ـ 1211) تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا ئەۋەتىلگەن نازارەت ئەلچىسى شاۋكىم ئۆزى تۇرىدىغان ئۆيىگە باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن (ئۆي ئۆرۈپ تاشلانغان).

قىتان ئەلچىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن بائۇرچۇق ئارت تېكىن، ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەر ئۆمىكىنى چىڭگىزخاننىڭ قورولون دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئوردىسىغا ئەۋەتكەن. ئۇيغۇر ئەلچىلىرى بائۇرچۇق ئارت تېكىننىڭ چىڭگىزخانغا يازغان مەكتۇبى بىلەن ئىپسىل سوۋغىلارنى ئاپارغان. بائۇرچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخانغا يازغان مەكتۇبىدا، قىتان ئەلچىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، چىڭگىزخانغا بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. چىڭگىزخان، بائۇرچۇق ئارت تېكىننىڭ ئەلچىلىرىنى بەكمۇ ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قىزغىن، سەممىي كۈتۈۋالغان. ئەمما ئۇ بائۇرچۇق ئارت تېكىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەن قىتان ئەلچىسىنىڭ بېشىنى ئېلىپ، چىڭگىزخاننى زىيارەت قىلىشقا ئۆزىنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلغان.

بائۇرچۇق ئارت تېكىن مىلادىنىڭ 1211 - يىلى ئال قايا قاتارلىق بەگلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇرۇلۇن دەرياسى (ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدە) بويىدىكى ئوردىغا بېرىپ چىڭگىزخاننى زىيارەت قىلدى.

چىڭگىزخان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانى بائۇرچۇق ئارت تېكىن بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن بەكمۇ خوش بولۇپ، ئۇنى «بەشىنچى ئوغلۇم» دېگەن. قىزى ئال ئالتۇن (ئالتۇن بېكە) نى بائۇرچۇق ئارت تېكىنگە ياتلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەپسۇسكى شاھانە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگىچە، بائۇرچۇق ئات تېكىنگە ياتلىق بولىدىغان ئالتۇن بېكە ئالەمدىن ئۆتكەن.

چىڭگىزخانغا بېقىنغان بائۇرچۇق ئارت تېكىن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش قوماندانلىق قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ كۆپ قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان. ئۇ مىلادىنىڭ 1218 - يىلى جابانوباننىڭ كۈچلۈك باشچىلىقىدىكى نايمان خانلىقىغا قىلغان يۈرۈشلىرىگە، چىڭگىزخاننىڭ 1219 - يىلىدىن 1225 - يىلىغىچە غەرب (ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا) كە قىلغان يۈرۈشلىرىگە موڭغۇللارنىڭ 1227 - يىلى تاڭغۇت خانلىقىنى يوق قىلىش ئۈچۈن قىلغان يۈرۈشىگىمۇ قاتناشقان.

## موڭغۇللارنىڭ شەرققە ۋە غەربكە يۈرۈش قىلىشى

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1209 - يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى تىنچ يول بىلەن بېقىندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ناھايىتى ئەتراپلىق، پۇختا تەييارلىق قىلىپ، مىلادىنىڭ 1211- يىلى شەرقتىكى دۈشمىنى جۇرجىت خانلىقى ئۈستىگە باستۇرۇپ

باردى. ئۇ بۇ يۇرۇشنى قىساسچىلىق روھى بىلەن تەشكىللىدى. چىڭگىزخان جۇرجىتلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشتىن بۇرۇن، تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپ، بۇرۇن جۇرجىتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن تاغىلىرى ئاقسىن بارقاق بىلەن ئامباغاينىڭ قىساسىنى ئېلىشتا، تەڭرىنىڭ ياردەم بېرىشىنى تىلىدى[1]. چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلىشتىن بۇرۇنقى ئىقتىسادىي تەرىپىدىكى ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، بايلىقى مول بولغان جۇرجىت خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، كۆپلەپ ماددىي بايلىققا ئىگە بولۇشنى كۆزلىگەنىدى.

چىڭگىزخان جۇرجىتلارغا قىلغان تۇنجى قېتىملىق يۈرۈشكە 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلىدى. قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلدى. ئوغۇللىرى جوجىخان، چاغاتايخان، ئوكتايخان، تولىخان ۋە مەشھۇر موڭغۇل قوماندانلىرىدىن سۇبۇتاي باتۇر، جابانويانلارنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ ماڭدى. چىڭگىزخان قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتكەندە، جۇرجىتلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. لېكىن چىڭگىزخان قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل ئاتلىق قوشۇنلىرى ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى ۋەنچۈەن ناھىيىسى ئەتراپىدا جۇرجىتلارنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرى غوشىلا، غۇشاغۇر قوماندانلىقىدىكى 300 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان جۇرجىت قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى. بۇ ئۇرۇشتا جۇرجىت قوشۇنلىرىنىڭ سەرخىللىرى، مەشھۇر، تالانتلىق قوماندانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يوقىتىلدى. چىڭگىزخان خېبېي، خېنەن ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسمى، سەنشى، سەندۇڭ ئۆلكىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى بېسىۋالدى. جۇرجىت خانى ۋانيان يۇنچى (مىلادىنىڭ 1209 ـ يىلدىن 1213 ـ يىلغىچە خان بولغان) نى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئورنىغا تۇغقىنى ۋانيان شۇنتو خان بولدى. ۋانيان شۇنتو (1213 ـ 1223) ئەلچىسى ئارقىلىق چىڭگىزخانغا جۇرجىتلارنىڭ مەلىكە قىزلىرىدىن بىرىنى ئەۋەتتى. يەنە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، يىپەك مال، 3000 ئات سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ جۇرجىت خانلىقىنىڭ چىڭگىزخان ئالدىدا تىز پۈككەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ ـ1214 يىلى ھەددى ـ ھېسابسىز ئېسىل بايلىقلارنى ئېلىپ شىمالغا موڭغۇلىيىگە قايتىپ كەتتى.

چىڭگىزخان جۇرجىت خانلىقىغا قىلغان تۇنجى قېتىملىق يۈرۈشىدە،

---

(1) رىيىنى گرۇست: (فرانسۇز تارىخچىسى) ـ «بوزقىر ئىمپېراتورلۇقى» 224 ـ بەت.

شىمالىي جوڭگودىكى بىرقانچە مۇھىم شەھەرنى بىسىۋالدى ۋە بولاپ - تالىدى. لېكىن جۇرجىت خانلىقىنىڭ پايتەختى جوڭدۇ (ھازىرقى بېيجىڭ) گە ھوجۇم قىلمىدى. مىلادىنىڭ 1214 - يىلى چىڭگىزخان قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، جۇرجىت خانى ۋانيان شۈنتو پايتەخت جوڭدۇنى تاشلاپ چىقتى ۋە پايتەختنى كەيفېڭگە يۆتكەپ كەتتى.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1215 - يىلى جۇرجىتلار ئۈستىگە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلدى. چىڭگىزخان 5 - ئايدا جوڭدۇنى بېسىۋالدى. جوڭدۇدىكى بايلىقلارنى قولغا چۈشۈردى. ئارقىدىنلا موڭغۇللار خېنەندە ناھايىتى قاتتىق بولاڭ - تالاڭ يۈرگۈزدى. بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە موڭغۇللار، جۇرجىت قوشۇنلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جۇرجىت خانلىقىنى تولۇق بويسۇندۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەن چىڭگىزخان جۇرجىتلاردىن تارتىۋالغان تېررىتورىيىگە موڭغۇل سەركەردىسى موغالىنى خان قىلىپ تەيىنلىدى، جۇرجىت خانلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىشنى شۇنىڭغا تاپشۇردى. چىڭگىزخان مەقسىتىگە قىسمەن يەتكەندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1215 - يىلى قورۇلۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئوردىسىغا قايتىپ كەتتى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1215 - يىلى جۇرجىت خانلىقىغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈشىدە: «شىمالىي جوڭگودىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئولجىلار ئالتۇن - كۈمۈش تاۋاقلار، شايى ۋە ئەتلەسماللار، قۇللار، دېھقانلار ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئەكەتتى. ئەمما چىڭگىزخان شۇندىن كېيىن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ مۇۋەپپىقىيىتىنى تەمىنلىگەن بۇ ئۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى ئۇنىڭ خەنزۇلارنىڭ شەھەرلەرنى قامال قىلىشتىكى يۈكسەك ھەربىي تېخنىكىسى بىلەن تونۇشۇۋالغانلىقى بولدى دەپ ئېيتىش مۇمكىن. چىڭگىزخان موڭغۇللىيىگە خەنزۇلارنىڭ ئۇرغۇنلىغان قورال - ئەسلىھەلىرىنى، قامال ماشىنىلىرىنى بەلكى شۇنداق ياراغ - ئەسلىھەلەرنى ياسىيالايدىغان ۋە ئىشلىتىشنى بىلىدىغان كىشىلەرنىمۇ ئەكەتتى. چىڭگىزخان ئۇنىڭ بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆز قوشۇنلىرىنى زامانىسىنىڭ ئەڭ ياخشى قوراللىرى بىلەن تەمىنلىۋالدى.»(1)(12)

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1215 - يىلىدىكى يۈرۈشىدە، قىتان شاھزادىسى يىلۇچۇ سايدەك ئاجايىپ قابىلىيەت ئىگىسىنىمۇ قولغا چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» I توم ئۆزبېكچە 308 - بەت.

چىڭگىزخان دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئىككى يارەمچى ۋە مەسلىھەتچى ئۇيغۇر، تاتاتۇڭا بىلەن قىتان يىلۇچۇسايغا ئىگە بولدى. يىلۇچۇساي (مىلادىنىڭ 1190 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1244 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) چىڭگىزخان ۋە ئۇكتايخانغا 30 يىل باش ۋەزىر بولدى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1215 ـ يىلى شەرقتە جۇڭگوغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق يۇرۇشتىن كېيىن، غەربكە يۇرۇش قىلىشقا ھازىرلاندى.

موڭغۇللار غەربكە ئۈچ قېتىم يۇرۇش قىلدى. بىرىنچى قېتىملىق يۇرۇش مىلادىنىڭ 1219 ـ يىلىدىن 1226 ـ يىلىغىچە يەتتە يىل داۋام قىلدى. بۇ يۇرۇشكە چىڭگىزخان ئۆزى يېتەكچىلىك قىلدى.

ئىككىنچى قېتىملىق يۇرۇش قاغان ئۇكتايخاننىڭ ۋاقتىدا (1229 ـ 1241) مىلادىنىڭ 1236 ـ يىلىدىن 1241 ـ يىلىغىچە بەش يىل داۋام قىلدى. بۇ يۇرۇشكە چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇرخان يېتەكچىلىك قىلدى.

ئۈچىنچى قېتىملىق يۇرۇش قاغان موڭكى خاننىڭ ۋاقتىدا (1251 ـ 1259) مىلادىنىڭ 1254 ـ يىلىدىن 1258 ـ يىلىغىچە تۆت يىل داۋام قىلدى. بۇ يۇرۇشكە چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكۇ يېتەكچىلىك قىلدى.

تۆۋەندە، موڭغۇللارنىڭ غەربكە قىلغان ئۈچ قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىق يۇرۇشى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1209 ـ يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى بېقىندۇرۇۋالغاندىن كېيىن، غەربكە يۇرۇش قىلىش ئۈچۈن داغدام يول ئېچىلغا نىدى.

چىڭگىزخان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزىم دۆلىتىگە بارىدىغان يولدىكى توسالغۇنىڭ كۈچلۈك خان ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇنى يوقىتىش قارارىغا كەلدى. چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1218 ـ يىلى جابانويان قوماندانلىقىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق موڭغۇل قوشۇنىنى كۈچلۈكخاننى يوق قىلىشقا ماڭدۇردى. كۈچلۈكخان مىلادىنىڭ 1204 ـ يىلى ئالتايدىن يەتتەسۇغا غەربى قىتان خانى چورۇقنىڭ قېشىغا قېچىپ بارغان نايمان خانزادىسى ئىدى. كۈچلۈكخان چورۇقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىن ئالتاينىڭ شەرقىدە تارقىلىپ يۈرگەن نايمانلارنى يەتتەسۇغا كۆچۈرۈپ كەلدى، چورۇقنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى. كۈچ توپلاپ، پۇرسەت پايلاپ يۈرگەن كۈچلۈكخان 1211 ـ يىلى چورۇق خارەزىم شاھ مۇھەممەد

بىلەن غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئوسمان بوغراخان قوماندانلىقىدىكى بىرلەشمە قوشۇن تەرىپىدىن تارمار بولغاندا (تالاس دەرياسى بويىدا)، 80 نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن غەربىي قىتانلار خانلىقى (1125 ـ 1211) نى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. شۇ خانلىقنىڭ خارابىسىدە غەربىي نايمان خانلىقى (1211 ـ 1218) نى قۇردى. بۇ نايمان خانلىقى تېررىتورىيىسىگە خوتەن، ياركەنت، قەشقەر، يەتتەسۇ، پەرغانە ۋادىسى كىردى.

كۈچلۈكخان قەشقەرنى پايتەخت قىلغان غەربىي نايمان خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا ھەر جەھەتتىن ئېغىر زۇلۇم سالدى. بولۇپمۇ دىنىي جەھەتتىن بەكمۇ يولسىزلىق قىلدى. كۈچلۈكخان ئەسلىدە خرىستىئان دىنى (ناستورىئان مەزھىپى) غا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇ مىلادىنىڭ 1204 ـ يىلى قىتانلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتەسۇغا قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئېتىقادىدىن يېنىپ، بۇددا دىنىغا كىرگەنىدى. كۈچلۈكخان كۆرۈنەككە باتۇر، ھىيلىگەر بولسىمۇ، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا دۆت، قارام، تەدبىرسىز، ۋەھشىي، زالىم خان ئىدى. ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، خوتەن، ياركەنت، قەشقەر قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەردىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىدىن يېنىپ، بۇددا دىنىغا كىرىشكە زورلىدى. ھەتتا ئۆزى خوتەنگە بېرىپ ئىمام ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى باشلىق بىرنەچچە مىڭ ئۆلىمالارنى يىغىپ، ئۇلارغا ئىسلام دىنىدىن يېنىپ بۇددا دىنىغا كىرىش توغرىسىدا تەپ تارتماستىن ئۇقتۇرۇش قىلدى، شۇنداق قىلمايدىغان بولسا ئۇلارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتتى. شۇ چاغدا، ئىمام ئالائىددىن خوتەنى كۈچلۈكخان بىلەن مۇنازىرىلەشتى. ئىمام ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى كۈچلۈكخاننى مات قىلدى ۋە ھەم ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى. رەسۋا بولغانلىقىغا چىدىمىغان كۈچلۈكخان ئىمام ئالائىددىن خوتەنى باشلىق ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئۆلىما ۋە ئىماملارنى ئۆلتۈردى[1].

موڭغۇللار مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن كۈچلۈكخان ئارىسىدىكى زىددىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا تەشۋىق يۈرگۈزدى. بۇ تەدبىر كۈچلۈكخاننىڭ ھالاكىتىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈپ قويدى.

مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە يولۇققان كۈچلۈكخان ئىسسىقكۆلنىڭ بويىدا، جابانويان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، قەشقەرگە قاراپ قاچتى.

(1) موللا مىر سالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە» ئۇيغۇرچە 24 ـ، 25 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇرلار كۈچلۈكخاننىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇچرىغان يەردە ئۆلتۈردى. ئىغىر ئەھۋالدا قالغان كۈچلۈكخان قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى سېرىققولغا قاچتى. ئۇ، قوغلاپ بارغان موڭغۇللار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىدى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1218 ـ يىلى كۈچلۈكخاننى يوقاتقاندىن كېيىن، بېسىۋېلىنغان خوتەن، ياركەنت، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلارنى ئىدارە قىلىشتا، «دوغلات قەبىلىسىدىن بابداغان دوغلاتقا ماڭلاي سۇيەنى ئىنئام قىلىپ بەردى. ‹ماڭلاي سۇيە› دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدا ‹ئاپتاپ تەرەپ› (شەرقىي تەرەپ ت) دېگەن مەنىدە ئىكەن. بۇ زېمىنىنىڭ دائىرىسى شەرقتە باغراش، كورلا، شىمالى تەرەپتە مۇزتاغ، غەربتە ئالاي تاغلىرى ۋە كاتتا داۋان، جەنۇبتا لەئىلىكات، بەدەخشان ۋە قاراڭغۇ تاغدىن ئىبارەت ئىدى. ئىنئام قىلىنغان بۇ زېمىنغا باغداغاننىڭ ئەۋلادلىرى ئۇزۇن زامانغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ‹دوغلات› دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدا ‹توكۇر›، ‹ئاقساق› دېگەن مەنىدە.»[1]

ماڭلاي سۇيە دوغلات موڭغۇلىيىدىن ئۆز ئۇرۇق ـ جەمەتلىرىنى ئېلىپ تارىم ۋادىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى چىڭگىزخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇيغۇرلاشتى ۋە ئۇيغۇرلاشقان چاغاتاي ھاكىمىيىتىنى تاكى ياركەنت سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغىچە بولغان 300 يىل (مىلادىنىڭ 1218 ـ يىلىدىن 1515 ـ يىلىغىچە) داۋامىدا ئىدارە قىلدى.

چىڭگىزخان نايمان خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1219 ـ يىلى (بۇ يىلان يىلى ئىكەن) 210 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان قوشۇنغا ئۆزى قوماندان بولۇپ، غەربكە ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيا، خوراسان ۋە ئافغانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ تېررىتورىيىدە ئۇلۇغ خارەزىم شاھلار دۆلىتى بار ئىدى.

چىڭگىزخان خارەزىم شاھلار دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن، ئەتراپلىق، پۇختا تەييارلىق كۆردى. ئۇ كۈچلۈكخاننى يوقاتتى، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا خەلقلەر ئىچىدىن چىققان سودىگەرلەر ئارقىلىق خارەزىم شاھلار دۆلىتىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سانى، قوراللىنىش ۋە باشقا ئەھۋاللار توغرىسىدا ئېنىق، ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولدى.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشى بەزى تارىخچىلار ئېيتقاندەك،

(1) موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى» ئۇيغۇرچە 97 ـ بەت.

موڭغۇللارنىڭ ئىستېخبىيلىك ھەرىكىتى ياكى ئۇلۇغ خارەزىم شاھلار دۆلىتىنىڭ شاھى ئالائىددىن مۇھەممەدخاننىڭ چىڭگىزخان بىلەن ياخشى دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتمىغانلىقىدىن بولغان ۋەقە ئەمەس.

موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باش ۋەكىلى بولغان چىڭگىزخاننىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش نىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى مىلادىنىڭ 1206 ـ يىلى ئونون دەرياسىنىڭ بويىدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ئۇ (تېمۇچىن) نى «چىڭگىزخان» ئۇنۋانىدا، يېڭى قۇرۇلغان موڭغۇل دۆلىتىگە قاغان قىلىپ كۆتۈرىدىغان چاغدا، باش شامان كۆكچى سوتۇ: «ئۇلۇغ كۆك تەڭرىنىڭ چىڭگىزخانغا پۈتۈن ئالەمنىڭ قاغانلىقىنى بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلغانىدى.»[1]

خۇراپاتقا ئىشىنىدىغان موڭغۇللار باش شامان كۆكچى سوتۇنى ئاسمانغا ئاتلىق چىقىپ، كۆك تەڭرى بىلەن كۆرۈشكەن دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. كۆكچى سوتۇنىڭ قۇرۇلتايدا: كۆك تەڭرىنىڭ چىڭگىزخاننى پۈتۈن دۇنيانىڭ قاغانى قىلغانلىقى توغرىسىدا ئېيتقان سۆزى كېيىن گوياكى «ئىلاھىي تەستىق» دەك رول ئوينىغان.

دېمەك، چىڭگىزخاننىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشقا ئىنتىلىشى سىرلىق «ئىلاھىي تەستىق» بىلەنمۇ قارارلاشتۇرۇلغان.

دۇنيا تارىخىدىن ئاز ـ تولا خەۋىرى باركىشىلەرگە مەلۇم بولغانىدەك، دۇنيادا ناھايىتى مەشھۇر باسقۇنچىلار ئۆتكەن. ھازىرقى زاماندىكى بەزى غەرب تارىخچىلىرى ھون قاغانى ئاتتىلانى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىستېلاچى بويسۇندۇرغۇچى دېسە، چىڭگىزخاننى دۇنيادا ئۆتكەن بىرىنچى دەرىجىلىك باسقۇنچىلار قاتارىغا قويىدۇ.

تارىخچىلارنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مەشھۇر شەخسلەر توغرىسىدىكى ھۆكۈملىرى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتى بىلەن قىلغان يۈرۈشىگە 1218 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئوترار ۋەقەسى چوڭ باھانە بولغانىدى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1218 ـ يىلى «خارەزىم شاھلار دۆلىتىگە 450 كىشىدىن تەركىب تاپقان چوڭ سودا كارۋىنى ۋە ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. كارۋاننىڭ يۈكلىرى 500 تۆگىگە ئارتىلغانىدى. كارۋان ناھايىتى نۇرغۇن قىممەت باھالىق

(1) رېبنى گرۆست: «بوز قىر ئىمپېراتورلۇقى» 213 ـ بەت.

بۇيۇملار ۋە سوۋغىلارنى ئاپارغانىدى.»[1]

مانا شۇ كارۋان ۋە ئەلچىلەر خارەزىم شاھلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئۈرگەنجىگە قاراپ كېتىۋېتىپ، چېگرىدىكى ئوترار شەھىرىگە كەلگىنىدە چوڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. ئوترار شەھىرىنىڭ بېگى، خارەزىم شاھىنىڭ تۇغقىنى بولغان ئىنالچىق قاھىرخان چىڭگىزخاننىڭ سودا كارۋىنى بىلەن ئەلچىلىرىنى ئوترار شەھىرىدە توسۇپ قويدى. ئارقىدىنلا كارۋاننىڭ مال - مۈلكى تالاندى، ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. ئىنالچىق قاھىرخان بۇ ئىشلارنى خارەزىم شاھ مۇھەممەدنىڭ رازىلىقى بىلەن قىلغانمۇ ياكى ئۆز خاھىشى بىلەن قىلغانمۇ، تارىخىي خاتىرىلەردە بۇ توغرىدا ئېنىق مەلۇمات يوق.

ئوترار ۋەقەسىنى چوڭ باھانە قىلغان چىڭگىزخان باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 1219 - يىلى 210 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان چوڭ قوشۇنغا ئۆزى قوماندان بولۇپ غەربكە خارەزىم شاھلار دۆلىتىگە قاراپ ماڭدى.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشىدە: ئوغۇللىرى جۇجىخان، چاغاتايخان، ئوكتايخان، تولىخان ۋە مەشھۇر موڭغۇل قوماندانلىرىدىن سۇبوتاي باتۇر، جابانويانلار ھەمراھ بولدى. بۇندىن تاشقىرى يەنە ئۇنىڭغا باش ۋەزىرى قىتان شاھزادىسى يىلۈچۇساي، ئۇيغۇرلاردىن تاتاتۇڭا تۇراقايا، بولادقايا (باش ھەربىي مەسلىھەتچى) لەرمۇ ھەمراھ ئىدى.

چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن چاغاتاي بىلەن ئوكتايخان مىلادىنىڭ 1219 - يىلى 9 - ئايدا ئوترارنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئىنالچىق قاھىرخان شەھەرنى قەھرىمانلارچە مۇداپىئە قىلدى. موڭغۇللار ئوترارنى بىر ئاي مۇھاسىرە قىلغاندىن كېيىن، مىڭبىر مۇشەققەتتە ئاران ئالالىدى. ئىنالچىق قاھىرخان مەردلەرچە قۇربان بولدى.

موڭغۇللار ئوترارنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، خارەزىم شاھلار دۆلىتىگە بىرقانچە يۆنىلىش بويىچە ھۇجۇم قىلدى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1220 - يىلى 2 - ئايدا تولىخان بىلەن بىرلىكتە موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىغا قوماندانلىق قىلىپ بۇخاراغا قىستاپ كەلدى. بۇخارا 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئېلىندى. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» I توم ئۆزبېكچە 310 - بەت.

قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 1220 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە خارەزىم شاھلار دۆلىتىنىڭ مۇھىم شەھەرلىرىنى دېگۈدەك قويماي بېسىۋالدى. ئۈرگەنچ ئۇچۇن بولغان جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولدى. شەھەر ھىمايىچىلىرى موڭغۇللار بىلەن ئالتە ئاي جەڭ قىلدى. ئۈرگەنچ مىلادىنىڭ 1221 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئېلىنىدى ۋە ۋەيران قىلىنىدى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ ـ1220 يىلى 3 ـ ئايدا سەمەرقەندنى بېسىۋالغاندا (شۇ چاغدا شەھەر ئاھالىسى 600 مىڭ ئىدى) خارەزىم شاھ ئائىلىسىنىڭ نۇرغۇن ئەزالىرى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىچىدە خارەزىم شاھ مۇھەممەدنىڭ ئەقىللىق تەدبىرلىك ئانىسى تۇركان خاتۇن، مۇھەممەد شاھنىڭ قىزلىرى خان سۇلتان، تىركىن سۇلتانلار ۋە شاھزادىلەر بار ئىدى.

چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىدىغان چاغدا، تۇركان خاتۇننى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قاراقورۇمغا ئەكەتتى. تۇركان خاتۇن مىلادىنىڭ 1231 ـ يىلى قاراقورۇمدا ئالەمدىن ئۆتتى. دەسلەپ ئوسمان بوغراخانغا ياتلىق بولغان خان سۇلتان مىلادىنىڭ 1220 ـ يىلى جوجىخانغا ياتلىق بولدى، تىركىن سۇلتان بولسا چىڭگىزخاننىڭ بەگلىرىدىن بىرى بولغان ھاجىپ دانىشمەنگە ياتلىق بولدى. خارەزىم شاھزادىلىرى چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى.

موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم شەھەرلەرنى بېسىۋالغاندا، شەھەر ئاھالىسىدىن ھۈنەرۋەنلەردىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قىرىپ تاشلىدى. بولۇپمۇ موڭغۇللارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن شەھەرلەر (ئۈرگەنچ، سەمەرقەند قاتارلىق شەھەرلەر) نىڭ ئاھالىسى دېگۈدەك قىرىپ تاشلاندى.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ موڭغۇللارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە، تارىختا داستان بولغۇدەك قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن باتۇرلار مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوترار بېگى ئىنالچىق قاھىرخان، خوجەنتنى مۇداپىئە قىلغان خارەزىم قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى تۆمۈر مالىك، خارەزىم شاھ جالالىددىن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىنالچىق قاھىرخان ئۆز قوشۇنلىرىدىن ئون ھەسسە كۆپ موڭغۇللارغا قارشى ئۇرۇشۇپ ئوترارنى بىر ئاي مۇداپىئە قىلدى. چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىدىن چاغاتاي بىلەن ئوكتايخان ئىنالچىق قاھىرخاننىڭ قەھرىمانلىقىغا ھەيران قالغانىدى. خوجەنتنى مۇداپىئە قىلغان قوشۇنلارنىڭ قوماندانى تۆمۈر مالىك موڭغۇللارنى ناھايىتى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. تۆمۈر مالىك شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشتا ئامال قالمىغاندا، بىر قىسىم جەڭچىلەرنى باشلاپ سىر

دەرىيادىكى بىر ئارال (شەھەردىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا) غا چېكىنگەن. ئارالدا مۇداپىئە توسۇقلىرىنى بەرپا قىلىپ موڭغۇللار بىلەن كەسكىن جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. تۆمۈر مالىك ئەڭ ئاخىرىدا ئازغىنا جەڭچى بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ سىر دەرىيانىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا قاراپ ماڭغان. موڭغۇللار دەرىيانىڭ توغرىسىدا نەچچە قات تۆمۈر زەنجىر تارتىپ تۆمۈر مالىكنى توسقان. لېكىن، تۆمۈر مالىك زەنجىر توسۇقلارنىمۇ بۆسۈپ ئۆتۈپ ساق - سالامەت خارەزىمگە يېتىپ كەلگەن ۋە خارەزىم شاھ جالالىددىن بىلەن بىرلىشىپ موڭغۇللارغا بىرنەچچە قېتىم قاتتىق زەربە بەرگەن.

چىڭگىزخان خارەزىم شاھلار دۆلىتىگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلغاندا، خارەزىم شاھ مۇھەممەد خۇددى بەزگەك ئادەمدەك تىترەپ، ماۋەرائۇننەھىردىن خوراسانغا قاراپ قاچقان، ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي كاسپى دېڭىزىدىكى ئابىكسۇن ئارىلى (رىۋايەتكە كۆرە، ماخاۋ كېسىلىگە ئۇچرىغانلار سۈرگۈن قىلىنىدىغان ئارال) غا يوشۇرۇنغان ۋە شۇ ئارالدا ئۆلگەن. مۇھەممەد شاھ مىلادىنىڭ 1220 - يىلى 12 - ئايدا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى جالالىددىن مەڭگۇ بەردى جىسمى تۇگەپ، قۇرۇق نامى قالغان خارەزىم شاھلار دۆلىتىگە شاھ بولغان. جالالىددىن مەڭگۇ بەردى خارەزىمدە موڭغۇللار بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇشقاندىن كېيىن، ئافغانىستاندىكى غەزنىگە كەلگەن. چىڭگىزخان جالالىددىن مەڭگۇ بەردىنى تىرىك تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئوغۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئافغانىستانغا كەلگەن. چىڭگىزخان سىندى دەرياسىنىڭ بويىدا جالالىددىننى قورشىۋالغان، ئوغۇز نەسلىدىن بولغان قەھرىمان جالالىددىن مەڭگۇ بەردى ئانىسى ئايچىچەك، ئايالى ۋە سەككىز ياشلىق ئوغلىنى سىندى دەرياسىغا تاشلاپ غەرق قىلىۋەتكەن. ئاندىن كېيىن، ئۇچقۇر تۇركمەن ئېتىغا مىنگەن جالالىددىن مەڭگۇ بەردى سىندى دەرياسىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا كەتكەن. تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، جالالىددىن مىنگەن تۇركمەن ئېتى دەرىيانىڭ بۇ قېتىدىن ئۇ قېتىغا سەكرەپ ئۆتكەن. يالنى ئۇزۇن، پاكار موڭغۇل ئاتلىرىغا مىنگەن موڭغۇللار جالالىددىننى تۇتالمىغان. چۈنكى ئۇلار سىندى دەرياسىدىن ئۆتەلمىگەن. دەرىيانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ كەتكەن جالالىددىن چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئوغۇللىرىغا قىلىچىنى تەڭلىگەن ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ كۆزدىن غايىپ بولغان. جالالىددىننىڭ قەھرىمانلىقىغا تەن بەرگەن چىڭگىزخان ئوغۇللىرىغا: «ئوغۇل بالا مانا شۇنداق بولۇشى كېرەك» دېگەن.

جالالىددىن موڭغۇللار بىلەن ئون يىل (1220 - 1230) كۈرەش قىلىپ،

بىرقانچە جەڭلەردە غالىب كەلگەن بولسىمۇ، ھالاك بولغان خارەزىم شاھلار دۆلىتىنى قايتىدىن بۇرۇنقى ھالىغا كەلتۈرەلمىگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەھرىمان ئوغلى جالالىددىن مىلادىنىڭ 1231 - يىلى ئىراقتا كوردلار قولىدا ئۆلگەن.

خارەزىم شاھ مۇھەممەت مىلادىنىڭ 1220 - يىلى ماۋەرائۇننەھرىدىن خوراسانغا قاچقاندا، چىڭگىزخان سۇبوتاي باتۇر بىلەن جابانويان قوماندانلىقىدىكى 20 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننى خوراسانغا ماڭدۇردى. سۇبوتاي بىلەن جابانويانىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خارەزىم شاھ مۇھەممەدنى تىرىك تۇتۇش ئىدى. سۇبوتاي باتۇر بىلەن جابانويان خارەزىم شاھ مۇھەممەدنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغاندىن كېيىن، كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ (ئىران ئارقىلىق) كاۋكازغا ئۆتۈپ، ئەرمەن ۋە گىروزىنلارنى بويسۇندۇردى. موڭغۇللار كاۋكاز خەلقلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، بايلىقلىرىنى تالاپ - بۇلاپ بولغاندىن كېيىن، جەنۇبىي روسىيىگە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا روسىيىدە بىرلەشكەن، كۈچلۈك روس دۆلىتى يوق ئىدى. روسلار: ئايرىم - ئايرىم كۈچسىز بەگلىكلەر (كىنەزلىكلەر) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشايتتى. موڭغۇللار جەنۇبىي روسىيىگە بېسىپ كەلگەندە، دنېپىر بويلىرىدا ياشايدىغان قىپچاقلارنىڭ خانى قۇتانخان روسلار بىلەن بىرلىشىپ موڭغۇللارنى تارمار قىلىشقا بەل باغلىدى. قۇتانخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن كىيېۋدا روس كىنەزلىرىنىڭ كېڭىشى چاقىرىلدى. كېڭەشكە قاتناشقان روس كىنەزلىرى گالىچ كىنەزلىكىنىڭ كېنەزى مىستىتلاۋ ئۇداتىننى روس قوشۇنلىرىغا باش قوماندان قىلىپ سايلىدى. مىستىتلاۋ ئۇداتىننى ئۆمرىنى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزگەن، تەجرىبىلىك كىنەز ئىدى. گالىچ، كىيېۋ، چېرنىگوۋ، ۋولىن، سمولىنىسكى، سوزدال قاتارلىق كىنەزلىكلەردىن بولۇپ 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇن دنېپىرغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئالېكساندىرىۋو ئەتراپىدا توپلاندى. موڭغۇللار كۆرۈنۈشتە چېكىنگەن بولۇپ، روس ۋە قىپچاقلارنى ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى. موڭغۇللار مىلادىنىڭ 1222 - يىلى 31 - ماي كۈنى ئازوۋ دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان قالقا دەرياسىنىڭ بويىدا، ئاۋۋال قىپچاقلارنى، ئاندىن كېيىن روس قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى.

قالقا دەرياسىنىڭ بويىدا بولغان جەڭدە روسلار ۋە قىپچاقلارنى تارمار قىلغان موڭغۇللار ئون نەچچە روس كېنەزىنى تىرىك تۇتۇۋالدى. پەقەت گالىچ كىنەزى مىستىتلاۋ ئۇداتىنلا قېچىپ قۇتۇلدى.

سۇبوتاي باتۇر مىلادىنىڭ 1223 - يىلى، ئەسىرگە چۈشكەن رۇس كېنەزلىرىنىڭ

بېشىنى ۋە نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئېلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا چىڭگىزخاننىڭ تالاس دەرياسىنىڭ بويىدىكى قارارگاھىغا قايتتى.

نېمە ئۈچۈن كۈچلۈك ۋە باي بولغان خارەزىم شاھلار دۆلىتى موڭغۇللار تەرىپىدىن ئاسانلا يوقىتىلدى؟

خارەزىم شاھلار دۆلىتىنىڭ موڭغۇللار تەرىپىدىن ئاسانلا يوقىتىلىشىدا مۇنداق بىرقانچە سەۋەبلەر بار:

چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كەلگەندە، خارەزىم شاھ مۇھەممەد ئۇرۇش تەييارلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۈچ يىللىق باج ـ خىراجىتىنى ئالدىن يىغقانىدى. خەلق ئالدىن تاپشۇرۇلىدىغان ئۈچ يىللىق باج ـ خىراجىتىنى تۆلىيەلمەي دەپ زار ـ زار قاقشاپ، ئاچ ـ يالىڭاچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ سەۋەبتىن خەلقنىڭ مۇھەممەت شاھتىن كۆڭلى قالدى. مۇھەممەد شاھنىڭ 400 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان، ياخشى قوراللانغان قوشۇنى بار ئىدى. چىڭگىزخان بېسىپ كەلگەندە، مۇھەممەد شاھ قوشۇنلىرىنى بىرقانچە قىسىمغا ئاجرىتىپ، شەھەرلەرنى مۇداپىئە قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. مۇھەممەد شاھنىڭ قوشۇنلىرىنى قىسىم ـ قىسىملارغا بۆلۈۋەتكەن خاتا تاكتىكىسى، چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم شەھەرلەرنى بىر ـ بىرلەپ بېسىۋېلىشىغا ئوبدان ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇھەممەد شاھ بىلەن ئاbباسىيلار خەلىپىلىكى (751 ـ 1258) نىڭ خەلىپىسى ناسىر (1180 ـ 1225) نىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى. خارەزىم شاھ مۇھەممەد خەلىپە ناسىرنىڭ دىنىي ھوقۇقىنىمۇ تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ناسىر موڭغۇللارغا قارشى كۈرەشتە مۇھەممەد شاھنى قوللىمىدى. بىر زامانلاردا ئۆزىنى ئىككىنچى زۇلقەرنەيىن ۋە ئىككىنچى سۇلتانى سەنجەر دەپ ئاتاپ يۈرگەن خارەزىم شاھ مۇھەممەد ئۇلۇغ سەلجۇقىلارنىڭ سۇلتانلىرى توغرۇلبەگ ئالىپ ئارسلاندەك، قورقماس، قەيسەر، تالانتلىق ھەربىي ئىستراتېگ ئەمەس ئىدى. ئۇ ناھايىتى بېنىك، غەلىبىگە ئېرىشكەندە، ئادەتتىن تاشقىرى كۆرەڭلەيدىغان، بىرلا ۋاقىتتا 300 خوتۇننى نىكاھىدا ساقلاپ يۈرگەن، ئەيش ـ ئىشرەت مەستانىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن ھۆكۈمران ئىدى.

مانا شۇ يۇقىرىدىكى بىر قاتار سەۋەبلەرگە كۆرە، خارەزىم شاھلار دۆلىتى موڭغۇللار تەرىپىدىن قىسقا مۇددەت ئىچىدە يوق قىلىندى.

چىڭگىزخان ئۇلۇغ خارەزىم شاھلار دۆلىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، 1223 - يىلى يازنى تالاس دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆتكۈزگەن بولسا، 1225 - يىلىنى ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆتكۈزدى.

چىڭگىزخان بېسىۋېلىنغان خارەزىم شاھلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى (ئاساسەن ماۋەرائۇننەھرى) گە ئۆز خەلقىگە خائىنلىق قىلىپ موڭغۇللارغا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلغان سەمەرقەندلىك باي سودىگەر مەھمۇد يالۋاچنى باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1225 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن موڭغۇلىيىگە قايتىپ كېتىشتىن بۇرۇن، بورتا ئاتلىق قەدىناس ئايالىدىن تۇغۇلغان تۆت ئوغلىغا موڭغۇللار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بىپايان تېررىتورىيىنى بۆلۈپ بەردى. شەرقىي ياۋروپادىكى قىپچاق دالاسىدىن تارتىپ، شەرقتە ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە بولغان باي ئۆلكىلەرنى تۇنجى ئوغلى جوجىخانغا، ماۋەرائۇننەھرى، ئافغانىستان ۋە شىنجاڭنى ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خانغا، ھازىرقى جۇڭغارىيىنىڭ بىر قىسمىنى ئۈچىنچى ئوغلى ئوكتايخانغا، موڭغۇلىيە ۋە شىمالىي جۇڭگونى كەنجى ئوغلى تولىخانغا بۆلۈپ بەردى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1206 - يىلى قاغان بولغاندىن كېيىن، خېلى پۇختا، مۇكەممەل بولغان ھەربىي، مەمۇرىي قانۇن ۋە تۈزۈملەرنى ئورناتقانىدى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىدىغان چاغدا، ئوغۇللىرىغا قىلغان ۋەسىيىتىدە، «ياساق» (قانۇن، پەرمانلار، ۋەسىيەتلەر توپلىمى) قا سادىق بولۇشنى تاپىلىدى. چىڭگىزخان ئاخىردا ئۈچىنچى ئوغلى ئوكتايخاننى ئۆزىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئوغۇللىرىنىڭ ئوكتايخانغا بويسۇنۇشىنى، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ ئىتتىپاق ئۆتۈشىنى تاپىلاپ مۇنداق دېگەن: «بىر يىلاننىڭ بىر باشى، نەچچە قۇيرۇغى بولسە، باشى بىر تۆشۈككە كىرسە قۇيرۇقلارى كەينىدىن كىرەر. ئەگەر باش ئون، قۇيرۇغى بىر بولسا، ھەر باشى بىر تۆشۈككە كىرسە، قۇيرۇغى تاشقارى قالۇر ۋە ساۋۇقغە ھەلاك بولۇر.»[1]

يەنە بەزىبىر رىۋايەتلەرگە كۆرە، چىڭگىزخان ئوغۇللىرىغا قىلغان ۋەسىيەتتە: «سىلەر ئوقيانىڭ باشىقىغا ئوخشىشىسىلەر، تۆت تال باشاقنى جۈپلىگەندە، ئۇنى ھېچ كىشى سۇندۇرۇۋېتەلمەيدۇ. ئەگەر باشاقتىن بىرى ئېلىپ تاشلانسا ئۈچ تال باشاقنى ھەرقانداق كىشى ئىككى بېشىدىن قايرىپ سۇندۇرۇۋېتەلەيدۇ. شۇڭا،

(1) موللامىر سالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە» ئۇيغۇرچە 36 - بەت.

مەندىن كېيىن قالغانلاردا، تۆت بىر تۇغقان بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ بىرلىكتە ئۆتۈڭلار. ھەرگىز ئايرىلىپ كەتمەڭلار» دېگەن.

چىڭگىزخاننىڭ ئوكتايخاننى ۋارىس قىلغانلىقىغا جوجىخان زادى رازى بولمىدى. لېكىن ئۇ نارازىلىقىنى قانداق يول بىلەن بولمىسۇن ئاشكارىلاشقا پېتىنالمىدى. جوجىخان خېلى بۇرۇندىن تارتىپ «دادامنىڭ ۋارىسى مەن بولىمەن» دەپ يۈرگەنىدى.

بەزى تارىخىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، چىڭگىزخاننى جوجىخاننى ۋارىس قىلمىغانلىقىنىڭ سىرلىق بىر سەۋەبى بار ئىدى. چىڭگىزخان بورتاغا مىلادىنىڭ 1176 ـ يىلى ئۆيلەنگەن: شۇ كۈنى كەچتە مەركىتلەر بېسىپ كېلىپ، بورتانى بۇلاپ كەتكەن. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئون ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، چىڭگىزخانغا سادىق بىر مەكىت بېگى بورتانى قۇتۇلدۇرۇپ، چىڭگىزخانغا ئەكېلىپ بەرگەن. بورتا شۇ كۈنى كەچتە ئوغۇل تۇغقان. موڭغۇللار ئوغۇلغا جوجىخان (مېھمانخان مەنىسىدە) دەپ ئات قويغان. شۇ كۈنلا چىڭگىزخاننىڭ بەزى يېقىنلىرى گۇمانلىنىپ بالىنى مەركىتخاندىن تۆرەلگەنمىكىن، دېيىشكەن، چىڭگىزخان گۇمانلانغۇچىلارنى شۇ كېچىدىلا ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان.

شۇنىڭدىن كېيىن، چىڭگىزخان ئۆزىمۇ گۇمانلىنىپ يۈرگەن. جوجىخان يىگىتلىك قۇرامىغا يېتىپ، باتۇر، ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆپ ئۇرۇشلاردا نامايان قىلغان. چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈشكە ماڭىدىغان مەزگىلدىلا ئۆزىگە كىمنى ۋارىس قىلىشنى ئويلاپ، جوجىخاننى ئەمەس، ئوكتايخاننى تاللىۋالغان. چىڭگىزخان جوجىخاننى ۋارىس قىلغاندا، جوجىخان توغرىسىدىكى گۇماننى ئىچىدە ساقلاپ يۈرگەن بەزى ياشانغان موڭغۇل بەگلىرىنىڭ سۆز ـ چۆچەك تارقىتىپ قويۇشىدىن قورققان. ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە (چىڭگىزخان ئالەمدىن ئۆتكەندە) شۇنداق سۆز ـ چۆچەكلەر تارقىلىدىغان بولسا، موڭغۇللار جوجىخانغا ئىتائەت قىلمايتتى، ئوغۇللىرى ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق تۇغۇلۇپ، قانلىق ۋەقەلەرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

چىڭگىزخان شۇ سەۋەبكە كۆرە باتۇر، قابىلىيەتلىك، ئەقىللىق بولغان تۇنجى ئوغلى جوجىخاننى ئۆزىگە ۋارىس قىلىپ تاللىمىدى.

چىڭگىزخان غەربكە مىلادىنىڭ 1219 ـ يىلى قىلغان يۈرۈشنى مىلادىنىڭ 1225 ـ يىلى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن شەرققە موڭغۇلىيىگە قاراپ يولغا

چىقتى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىق ۋە مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئەسىرلەر (ئاساسەن قول ھۈنەرۋەنلەر) نى ئەكەتتى.

چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيادىن موڭغۇلىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1225 ـ يىلى ۋە مىلادىنىڭ 1226 ـ يىللىرى قىش ۋە يازنى ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆتكۈزدى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1226 ـ يىلى باھار پەسلىدە تاڭغۇت خانلىقىغا يۈرۈش قىلدى. تاڭغۇت خانلىقى مىلادىنىڭ 1211 ـ يىلى چىڭگىزخان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانىدى. چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1219 ـ يىلى غەربكە يۈرۈش قىلغاندا، تاڭغۇت خانى ئاشاگامبۇ (1211 ـ 1223) مۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ يۈرۈشكە قاتنىشىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئاشاگامبۇ يۈرۈشكە قاتناشقۇدەك قوشۇنى يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ بويۇن تولىغانىدى. چىڭگىزخان تاڭغۇت خانىنىڭ شۇ قىلمىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان. شۇ سەۋەبكە كۆرە چىڭگىزخان تاڭغۇت خانلىقىنى يوق قىلىش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 1226 ـ يىلى باھار پەسلىدە، ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىكتە تاڭغۇتلارغا (ھازىرقى نىڭشىيادا) يۈرۈش قىلدى. چىڭگىزخانىنىڭ ئوغۇللىرى قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 1227 ـ يىلى باھاردا تاڭغۇتلار پايتەختىنى قورشىۋالدى. سالامەتلىكى يامانلىشىپ قالغان چىڭگىزخان بولسا ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ فېڭلىياڭ رايونىدا ئارام ئالماقتا ئىدى. ئۇ مىلادىنىڭ 1227 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدە 72 ـ يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ چاغدا، تاڭغۇتلارنىڭ پايتەختى تېخى ئېلىنمىغانىدى. چىڭگىزخانىنىڭ ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە كۆرە تاڭغۇتلار ئۈزۈل ـ كېسىل تەسلىم بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن چىڭگىزخانىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. موڭغۇللار شۇ چاغدا، 196 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (1032 ـ 1227) تاڭغۇت خانلىقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى.

چىڭگىزخانىنىڭ ئوغۇللىرى دادىسىنىڭ جەسىتىنى قورۇلۇن ۋە ئونون ۋادىسىدىكى بورخان خالدۇن دېگەن مۇقەددەس جاي (ھازىرقى خاڭگاي تاغلىرىنىڭ ئەتراپى) غا دەپنە قىلدى. مىلادىنىڭ 1229 ـ يىلى دادىسى چىڭگىزخانىنىڭ ئورنىغا قاغان بولغان ئوكتايخان شۇ يىلى چىڭگىزخانىنىڭ شەرىپىگە موڭغۇل ئادىتى بويىچە ناھايىتى چوڭ قۇربانلىق ئۆتكۈزدى. راشىددىننىڭ مەلۇمات بېرىشىچە ئوكتايخان: «ئۈچ كۈنگىچە دادىسىنىڭ مۇقەددەس روھىغا يېمەك ـ ئىچمەكلىكلەر بېرىلىشىنى بۇيرۇدى. نويان ۋە قوماندانلارنىڭ ئائىلىلىرىدىن 40 نەپەر گۈزەل

قىز تاللىۋېلىنىدى. قىزلارنىڭ ھەممىسىگە ئەڭ چىرايلىق كىيىم - كېچەكلەر كىيدۈرۈلدى. قىممەتلىك، بەكمۇ ئېسىل زىبۇ زىننەت جابدۇقلىرى تاقالدى. بۇ قىزلار ئۇ دۇنيادا چىڭگىزخانغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى.»[1]

چىڭگىزخان ئۆلگەندى كېيىن، تولىخان قۇرۇلتاي چاقىرىپ ئۆكتايىخاننىڭ قاغانلىق ئورنى قارارلاشتۇرۇلغىچە موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى ئىككى يىل (1227 - 1229) باشقۇردى. موڭغۇل خانزادىلىرى ئىككى يىل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1229 - يىلى 8 - ئايدا قورۇلۇن دەرياسىنىڭ بويىدا قۇرۇلتاي چاقىردى. قۇرۇلتاي قاتناشچىلىرى چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتىگە كۆرە، ئۆكتايىخاننى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قاغان قىلدى.

موڭغۇللار ئۆكتايىخاننىڭ دەۋرىدە (1229 - 1241) غەربكە ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلدى. ئۆكتايىخان غەربكە قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈشىنى تەشكىللەشتىن بۇرۇن، كورېيىنى قايتىدىن بويسۇندۇردى. جۇرجىت خانلىقىنىمۇ ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ -1218 يىلى قوشۇن ئەۋەتىپ كورېيىنى بېسىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ كورېيە موڭغۇللارغا ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولغان. كېيىن مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. ئۆكتايىخان مىلادىنىڭ 1231 - يىلى قوشۇن ئەۋەتىپ كورېيىنى قايتىدىن بويسۇندۇردى. ئۆكتايىخان تەرىپىدىن خەنچىڭغا ئەۋەتىلگەن داروغاچى نامىدىكى ۋەكىل كورېيىگە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.

1223 - يىلى مۇۋغالى ئۆلگەندىن كېيىن، موڭغۇللار بىلەن جۇرجىتلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش توختاپ قالغانىدى. ئۆكتايىخان مىلادىنىڭ 1230 - يىلى جۇرجىتلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۆكتايىخان قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى خېنەنگە بېسىپ كىرىپ جۇرجىتلارنىڭ پايتەختى كەيفېڭغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۆكتايىخاننىڭ ئۇكىسى تولىخان قوماندانلىقىدىكى 30 مىڭ ئاتلىق موڭغۇل قوشۇنى ھازىرقى خېنەندىكى يۈنەن ناھىيىسى ئەتراپىدا 150 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان (ئاتلىق، پىيادە بولۇپ) جۇرجىت قوشۇنىنى تارمار كەلتۈردى. ئۆكتايىخان جۇرجىتلارنى بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1232 - يىلى موڭغۇلىيىگە قايتىپ كەتتى. شۇ يىلى تولىخان كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. جۇرجىتلارنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار كەلتۈرۈش

(1) رىبىنى گرۇسىت: «بوز قىر ئىمپېراتورلۇقى» 242 - بەت.

ۋەزىپىسى سۇبوتاي باتۇرنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنىدى. سۇبوتاي باتۇر مىلادىنىڭ 1234 ـ يىلى جۇرجىت خانلىقىنىڭ پايتەختى كەيفېڭنى ئالدى. جۇرجىت خانى ۋانيان شۈشۈ (1224 ـ 1234) هازىرقى خېنەندىكى رونەن ناھىيىسىگە قېچىپ كەلدى. مىلادىنىڭ 1224 ـ يىلى موڭغۇل ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى رونەن ناھىيىسىگە بېسىپ كىردى. جۇرجىت خانى ۋانيان شۈشۈ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. 119 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (1115 ـ 1234) جۇرجىت خانلىقى موڭغۇللار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. جۇرجىت خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان تېررىتورىيە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىندى.

ئۆكتايخان جۇرجىت خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 1127 ـ يىلىدىن 1279 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئىگە بولدى.

ئۆكتايخان جۇرجىت خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1235 ـ يىلى قورۇلۇن دەرياسىنىڭ بويىدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىشنى قارارلاشتۇردى. بۇ بىر باشتا ئېيتقان موڭغۇللارنىڭ غەربكە قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈشى ئىدى.

ئۆكتايخان بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە 150 مىڭ ئاتلىق جەڭچىدىن تەركىب تاپقان موڭغۇل قوشۇنىنى سەپەرۋەر قىلدى. بۇ چوڭ قوشۇنغا چىڭگىزخاننىڭ چوڭ نەۋرىسى باتوخان (مىلادىنىڭ 1209 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1256 ـ يىلى ئۆلگەن) باش قوماندان بولدى. ئەمدىلا 26 ياشقا كىرگەن باتوخانغا 60 ياشلىق سۇبوتاي باتۇر (مىلادىنىڭ 1176 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1248 ـ يىلى ئۆلگەن) باش ھەربىي مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلەندى. نامدا باتوخان باش قوماندان بولسىمۇ، ئەسلىدە باش قوماندانلىق ھوقۇقى سۇبوتاي باتۇردا ئىدى. دۇنياغا تونۇلغان موڭغۇل قوماندانلىرى ئىچىدە چىڭگىزخاندىن قالسىلا سۇبوتاي باتۇر ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئۆكتايخان باتوخانغا چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىدىن: ئوردا، بېركى، شايبانخانلار (بۇ ئۈچى باتوخاننىڭ ئۆكىلىرى ئىدى) نى گويۇك، قادانخان (بۇ ئىككىسى ئۆكتايخاننىڭ ئوغۇللىرى)، قايدۇخان (بۇ ئۆكتاينىڭ نەۋرىسى)، موڭكىخان (بۇ تىلىخاننىڭ ئوغلى)، بايدارخان (بۇ چاغاتايخاننىڭ ئوغلى) قاتارلىق خانزادىلەرنىمۇ بىللە قوشۇپ ماڭدۇردى.

باتوخاننىڭ باش قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 1236 ـ يىلى ياۋروپاغا قاراپ ماڭدى. موڭغۇللار سۇبوتاي باتۇرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە،

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خانزادىلەرنىڭ قوماندانلىقىدا، بىرنەچچە يۆنىلىشتىن شەرقىي ياۋروپاغا ھۇجۇم باشلىدى.

باتوخان ۋە سۇبوتاي قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 1236 - يىلى 4 - ئايدا ئېدىل بۇلغار خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. موڭغۇللار ئېدىل بۇلغار خانلىقى (مىلادىنىڭ 770 - يىلىدىن 1400 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ پايتەختى بۇلغار شەھىرىنى ئالدى ۋە ئۇنى بۇلاپ - تالىدى. باتوخان بۇلغار خانلىقىنى يوقاتمىدى، ياساق تۆلەشكە ماقۇل كەلتۈرگەندىن كېيىن يۈرۈپ كەتتى.

باتوخان مىلادىنىڭ 1237 - يىلى موسكۋانى ئالدى، شەھەرنى تالىدى، ۋەيران قىلدى. باتوخان شىمالغا قاراپ يۈرمەكچى بولدى. ئۇ نوۋگورود شەھىرىنى ئالماقچىدى. لېكىن نوۋگورودنىڭ تەبىئىي توسۇق (قېلىن جاڭگال ۋە سازلىق) لار بىلەن ئورالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇ يەرگە يۈرۈشتىن يالتىيىپ، ئېدىل دەرياسىنىڭ بويىدىكى دالالارغا قاراپ ماڭدى. ئۆز ئارا ئۇرۇشلاردا پارچىلىنىپ ئاجىزلاپ كەتكەن روس بەگلىكلىرى (كىنەزلىكلىرى) موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمىدى. موڭغۇللار مىلادىنىڭ 1238 - يىلى ۋلادىمىر، سوزدال قاتارلىق رۇس كىنەزلىكلىرىنىڭ ئون نەچچە شەھەرلىرىنى بېسىۋالدى. موڭغۇللار قاتتىق قارشىلىق قىلغان شەھەرلەرنىڭ خەلقىنى قىرىپ تاشلىدى.

باتوخان مىلادىنىڭ 1240 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، «روس شەھەرلىرىنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتالغان كىيېۋ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. باتوخان كىيېۋلىقلارغا «جەڭسىز تەسلىم بولۇڭلار» دېگەن بولسىمۇ، كىيېۋلىقلار تەسلىم بولمىدى. باتوخان شەھەر سېپىللىرىنى بۇزىدىغان قوراللارنى ئىشلىتىپ كىيېۋنىڭ سېپىلىنى بۇزۇپ تاشلىدى. كىيېۋ 1240 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدە ئېلىندى. شەھەر ۋەيران بولدى. كىيېۋ كىنەزى دانىئىل ۋېنگىرىيىگە قېچىپ كەتتى.

كىيېۋ ئېلىنغاندىن كېيىن، موڭغۇللار باتوخان ۋە سۇبوتاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، شەرقىي ياۋروپاغا ئىككى چوڭ يۆنىلىشتىن ھۇجۇم باشلىدى. باتوخان ۋە سۇبوتاي قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى كىيېۋدىن غەربىي جەنۇبقا بۇرۇلۇپ دوناي ۋادىسىغا قاراپ ماڭدى. بايدارخان بىلەن قايدۇرخان قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى توپتوغرا غەربكە پولشىغا قاراپ ماڭدى.

بايدارخان قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 1241 - يىلى

2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدە مۆزلىغان ۋىسلا دەرياسىدىن ئۆتۈپ كراكوۋنى ئالدى. مىلادىنىڭ 1241 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدە پولشا قىرالى ۋىلادىسلاۋ IV مۇراۋىيىگە قاچتى. بايدارخان قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى سىلىزىيىگە (گېرمانىيە تېرىتورىيىسى) بېسىپ كىردى، روتىبورگتا ئودىر دەرياسىدىن ئۆتتى. بايدارخان قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 1241 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدە، سىلىزىيىلىك ھېنرىخ قوماندانلىقىدىكى 30 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان پىدائىيلار (گېرمانلار، پولەكلەردىن تۈزۈلگەن) نى تارمار قىلدى. دېمەك، موڭغۇللار پولشىدىن ئۆتۈپ، چېخىسلوۋاكىيە، گېرمانىيىگىچە بېسىپ باردى.

باتوخان ۋە سۇبوتاي قوماندانلىقىدىكى دوناي ۋادىسىغا بېسىپ كىرگەن موڭغۇللار ئاساسىي ھۇجۇمنى ۋېنگىر دۆلىتىگە (مىلادىنىڭ 889 ـ يىلىدىن 1526 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قاراتتى. ۋېنگىر قىرالى بىلا IV (1235 ـ 1270) ھازىرقى بوداپېشت ئەتراپىغا نۇرغۇن قوشۇن توپلىدى. سۇبوتاي باتۇر مىلادىنىڭ 1241 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدە بىلا IV قوماندانلىقىدىكى ۋېنگىر قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى. موڭغۇللار بوداپېشتنى بېسىۋالدى. پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بىلا IV سىربىيە (ھازىرقى يۇگوسلاۋىيە) گە قاچتى. باتوخاننىڭ بۇيرۇقىغا كۆرە، قادانخان قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرى، بىلا IV نى قوغلاپ، ئادرىياتىك دېڭىزىنىڭ بويىغىچە كەلدى. سىربىيەگە قېچىپ كەلگەن بىلاIV قادانخاننىڭ قوغلاپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، دالماتىيە تاقىم ئاراللىرىغا قېچىپ كەتتى. قادانخان بىلاIV نىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ ئۆننىڭ قەيەرگە قاچقانلىقىنى بىلمىگەندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1242 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋېنگىرىيىگە قايتىپ كەلدى.

موڭغۇللار مىلادىنىڭ 1241 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ۋېنگىرىيىدە چوڭ غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، دوناي ۋادىسىدىكى نۇرغۇن جايلارنى بېسىۋالدى.

موڭغۇللار شەرقىي ياۋروپادا ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، موڭغۇلىيىدىن كۆڭۈلسىز جىددىي بىر خەۋەر يېتىپ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ ئۆكتايخاننىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئىدى. ئۆكتايخان مىلادىنىڭ 1241 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدە، 55 يېشىدا ئۆلگەنىدى. ئۆكتايخاننىڭ ئۆلۈشى موڭغۇللارنىڭ يۈرۈشىنى توختىتىپ ئارقىغا قايتىشىغا سەۋەب بولدى.

قاغانلىق تەختكە كىمنىڭ ئولتۇرۇشىنى بەلگىلەش موڭغۇل خانزادىلىرى

ئالدىدىكى ناھايىتى مۇھىم، بەكمۇ جىددىي مەسىلە ئىدى.

موڭغۇللارنىڭ يۇرۇشىنى توختىتىپ ئارقىغا قايتىشى ياۋروپانى قورقۇنچلۇق تەقدىردىن قۇتۇلدۇردى. ياۋروپا خەلقلىرى مىلادىنىڭ V ئەسىردە ھون قاغانى ئاتتىلادىن قورقۇپ كەتكەنىدى. باتوخاننىڭ ئاتتىلادىن سەككىز ئەسىر كېيىن ياۋروپاغا قىلغان يۇرۇشىمۇ ياۋروپالىقلارنى ئاتتىلا دەۋرىدىكىدەكلا ۋەھىمىگە سېلىپ قويىدى. ئۇلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن نىجاتلىق تىلەپ خرىستىئان ئىبادەتخانىلىرىدا يىغا ـ زار قىلىشتى. مىلادىنىڭ 1236 ـ يىلىدىن 1242 ـ يىلىغىچە ئالتە يىل داۋام قىلغان بۇ يۇرۇشتە موڭغۇل ئاتلىرىنىڭ ئىزلىرى شەرقتە ئېرتىش بويلىرىدىن تارتىپ، غەربتە دىنىستىر، دوناي دەريالىرىنىڭ بويىغىچە بولغان جايلاردا قالدى. بۇ ئىزلارنى زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بورانلار ئۇچۇرۇپ، قۇملار كۆمۈپ، يامغۇرلار يۇيۇپ، كۆكاتلار قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن موڭغۇللارنىڭ ئاسىيا، ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ قەلبىگە سالغان قانلىق ئىزلىرى تارىختا مەڭگۇ ئۆچمىدى.

موڭغۇللار XIII ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا دۇنيانى تىترىتىپ، ئاسىيانىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى، ياۋروپانىڭ يېرىمىنى بېسىۋېلىپ، چىڭگىزخان تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن قۇدرەتلىك ھالغا كەلتۈردى.

باتوخان مىلادىنىڭ 1242 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بۇلغارىيىدىن يولغا چىقىپ، قىشتا ئىدىل دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. باتوخان جوجىخاننىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادىنىڭ 1226 ـ يىلى دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا خان بولغانىدى. باتوخان شەرقىي ياۋروپادىكى قىپچاق دالاسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «ئالتۇن ئوردا خانلىقى» نى قۇردى.

ئوكتايخان ئۆلگەندىن كېيىن، موڭغۇل خانلىرى ئارىسىدا زىددىيەت كەسكىنلىشىپ كەتتى. قاغانلىق تەختىدە كىمنىڭ ئولتۇرۇشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قۇرۇلتاي چاقىرىلغىچە بەش يىل ئۆتتى. شۇ مەزگىلدە (1241 ـ 1246) موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى ئوكتايخاننىڭ خانىشى تۇراگىناخاتۇن باشقۇرۇپ تۇردى. موڭغۇل خانزادىلىرى مىلادىنىڭ 1246 ـ يىلى يازدا ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا قۇرۇلتاي چاقىردى. قۇرۇلتايغا باتوخاندىن باشقا، خانزادىلەرنىڭ ھەممىسى، موڭغۇللارغا بېقىنغان دۆلەتلەرنىڭ خانلىرى، ھەتتا باغداد خەلىپىسى مۇستەسىمنىڭ دىپلوماتىك ۋەكىلىمۇ قاتناشتى. قۇرۇلتاي قاتناشچىلىرى مىلادىنىڭ 1246 ـ

يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدە، تىراگىنا خاتۇننىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن، ئۇنىڭ ئوكتايخاندىن بولغان ئوغلى گۈيۈكخاننى قاغانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزدى. لېكىن باتوخان باشلىق بىر قىسىم خانزادىلەر گۈيۈكخاننى ئېتىراپ قىلمىدى. بىر پۈتۈن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بۆلۈنۈپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. قېيىن ئەھۋالدا قالغان گۈيۈكخان مىلادىنىڭ 1248 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئىملىغا بارىمەن دېگەن باھانە بىلەن موڭغۇلىيىدىن چىقىپ بەشبالىقنىڭ شەرقىي شىمالىغا كەلدى. ئۇنىڭ كۆشەندىسى باتوخانمۇ ئېدىل بويلىرىدىن يەتتەسۇغا كەلدى. چىڭگىزخاننىڭ بۇ ئىككى نەۋرىسى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇننى سەپەرۋەر قىلغانىدى. كۈتۈلمىگەندە، گۈيۈكخان مىلادىنىڭ 1248 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدە دەل 43 يېشىدا ئۆلدى.

موڭغۇل خانزادىلىرى قۇرۇلتاي چاقىرىپ، يېڭى قاغاننى تەختكە چىقارغۇچە، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى گۈيۈكخاننىڭ تۇل قالغان خانىشى ئويرات ياكى مەكىت قەبىلىسىدىن بولغان ئوگۇل قايمىش باشقۇرۇپ تۇردى. ئۇ «قاغانلىق تەختىنى گۈيۈكنىڭ تۇغقىنى شىرىمونغا ياكى ئۆزىنىڭ گۆدەك ئوغلى قوچاغا بەرمەكچىدى. بۇ چاغدا، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭى، ئەڭ ئابرويلۇقى بولغان باتوخان ئوكتايخاننىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى كەسكىن ھالدا بىر تەرەپ قىلىشقا بەل باغلىدى. شۇ مەقسەتتە ئۇ تولىخاننىڭ تۇل قالغان خانىشى سويۇرغاق تانى بىلەن بىرلەشتى.»[1]

باتوخان مىلادىنىڭ 1250 ـ يىلى ئالمىلىقتا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، تولىخاننىڭ چوڭ ئوغلى مونكېخاننى قاغانلىق تەختكە چىقىرىشنى تەكلىپ قىلدى. ئوكتايخان بىلەن چاغاتايخاننىڭ ئوغۇللىرى، نەۋرىلىرى قۇرۇلتايغا كەلمىدى. ئۇلار، قۇرۇلتاي چىڭگىزخان ئوغۇللىرى دۆلىتىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىدىن بەكمۇ يىراقتا ئېچىلدى، دېگەننى باھانە قىلىپ، قارشىلىق كۆرسەتتى.

باتوخان بۇ ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىپ، قۇرۇلتاينى قورۇلۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ئېچىشقا قارار قىلدى. ئوكتايخان ۋە چاغاتايخاننىڭ ۋارىسلىرىنىڭ قۇرۇلتايغا كېلىشىنى ئۇقتۇردى. باتوخاننىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن مونكېخان مىلادىنىڭ 1251 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدە قاغانلىق تەختكە چىقتى. مونكېخاننىڭ قاغان بولۇشى، قاغانلىقنىڭ ئوكتايخان ئائىلىسىدىن تولىخان ئائىلىسى قولىغان

(1) «بوز قىر ئىمپېراتورلۇقى» 266 ـ بەت.

ئۆتـۈپ كەتكەنلىكىنىـڭ ئالامىتـى ئىـدى. بۇنىڭغـا چىدىمىغـان ئوكتايخاننىـڭ ۋارىسـلىرى قوراللىـق كـۈچ بىلـەن تەختنـى تارتىۋېلىشـقا ئۇرۇنـدى. ناھايىتـى قابىلىيەتلىـك، تەدبىرلىـك بولغـان مونكىخـان بەختسـىز توغقانلىـرى (ئوكتايخـان ئـەۋلادى) غـا رەھـىم قىلمىـدى، ئۇلارنـى قىرىـپ تاشـلىدى.

مونكىخـان قاغانلىـق تەختىـدە ئولتۇرغـان مەزگىلـدە (1251 ـ 1259) موڭغۇلـلار دۇنيانـى تىترىتىدىغـان تاجاۋۇزچىلىـق ئۇرۇشـلىرىنى يەنـە باشـلىدى.

مونكىخـان چىڭگىزخانـدىن كېيىـن ئۆتكـەن موڭغـۇل قاغانلىـرى ئىچىـدە ناھايىتـى غەيرەتلىـك، ئەقىللىـق، تەدبىرلىـك، باتـۇر قاغـان ئىدىكـى، ئـۇ ئالـدى بىلـەن مەركىزىـي ھاكىمىيـەت ئورگانلىرىنـى رەتلـە سـالدى ۋە مۇسـتەھكەملىدى. ئـۇ ئوردىسـىغا ئاسـىيا ۋە ياۋروپالىقلاردىـن لاتىنچـە، روسچە، فرانسـۇزچە، ئوردۇچـە، ئىرانچـە، ھىندىچـە، تىبەتچـە، ئۇيغۇرچـە، خەنزۇچـە، تاڭغۇتچـە تىللارنـى مۇكەممـەل بىلىدىغـان، يازىدىغـان پۈتۈكچىلەرنـى ئالـدۇردى. ئۇنىـڭ ئوردىسـىغا مىلادىنىڭ 1254 ـ يىلـى 7 ـ ئاينىـڭ 13 ـ كۈنىـدە كەلگـەن فرانسـۇز راھىبـى روبروكنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسـلانغاندا، قاغـان ئوردىسـىدا، شـامان، ئىسـلام، بـۇددا، داۋ، ناسـتورىيان دىنلىرىنىـڭ كۆپلىگـەن ۋەكىللىـرى بـار ئىكـەن.

مونكىخـان ئوكتـاي ۋە چاغاتـاي ئەۋلادلىرىنىـڭ تەسـىرىنى يوقىتىـش، ھېچ بولمىغانـدا ئاجىزلىتىـش ئۈچـۈن، ئوكتـاي ئۇلۇسـىنى تولىخاننىـڭ باللىرىغـا ئۆتكـۈزۈپ بـەردى. چاغاتـاي ئۇلۇسـىغا قارايدىغـان ماۋەرائۇننەھرىنـى باتوخاننىـڭ ئىدارە قىلىشـىغا ئۆتكـۈزۈپ بـەردى. ماۋەرائۇننەھـرى مىلادىنىـڭ 1260 ـ يىلىغىچـە ئالتـۇن ئـوردا خانلىقـى ئەۋەتكـەن باسـقاقلار تەرىپىدىـن ئىـدارە قىلىنـدى. مىلادىنىـڭ 1260 ـ يىلـى چاغاتـاي خانـى ئالغوخـان ئالتـۇن ئـوردا ئەمەلدارلىرىنـى ماۋەرائۇننەھرىدىـن قوغـلاپ چىقـاردى.

مونكىخـان ناھايىتـى پۇختـا تەييارلىقتىـن كېيىـن، مىلادىنىـڭ 1253 ـ يىلـى ئورخـۇن دەرياسـىنىڭ بويىغـا قاراقـۇرۇم شـەھىرىنى بىنـا قىلـدۇردى. قاراقـۇرۇم ئۇلـۇغ موڭغـۇل ئىمپېرىيىسـىنىڭ پايتەختـى بولـدى.

مونكىخـان مىلادىنىـڭ 1253 ـ يىلـى ئونـون دەرياسـىنىڭ بويىـدا قۇرۇلتـاي چاقىرىـپ، ئىـران ۋە ئاباسـىيلار خەلىپىلىكىنـى بويسـۇندۇرۇشـنى قارارلاشـتۇردى. مونكىخـان ئۇكىسـى ھىلاكونـى (مىلادىنىـڭ 1219 ـ يىلـى تۇغۇلـۇپ مىلادىنىـڭ 1268 ـ يىلـى ئۆلگـەن) 120 مىـڭ كىشـلىك قوشـۇنغا قومانـدان قىلىـپ غەربكـە

ماڭدۇردى. بۇ موڭغۇللارنىڭ غەربكە ئۈچىنچى قېتىملىق يۈرۈشى ئىدى.

ھىلاكو مىلادىنىڭ 1254 ـ يىلى قاراقۇرۇمدىن غەربكە قاراپ يۈرۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلدى. ھىلاكو سەمەرقەندتە بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن يولغا چىقتى. ئۇ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، مىلادىنىڭ 1255 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدە ئىراندىكى مۇلاھىدىلەر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلدى. شىئە مەزھىپىدىكى بۇ خانلىقنىڭ مۇلاھىدە (ھەقىقىي يولدىن ئازغان) لار دەپ ئاتىلىشىدىمۇ مەلۇم سەۋەب بار ئىدى.

ئىراننىڭ كوھىستان رايونىدا (كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدا) قۇرۇلغان مۇلاھىدىلەر خانلىقى (1250 ـ 1256) موڭغۇللارنىڭ تەبرىزدىكى نويانلىرىغا سېلىق تۆلەيتتى. ھىلاكو 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدە مولاھىدىلەر شاھى نۇرىددىن خور شاھىنى ئەسىر ئالدى. نۇرىددىن قاراقۇرۇمغا ئەۋەتىلدى ۋە يولدا ئۆلتۈرۈلدى.

ھىلاكو مۇلاھىدىلەر خانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1257 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغدادقا قاراپ ماڭدى. موڭغۇللار باغدادنى 30 كۈن قورشىدى. باغداد مىلادىنىڭ 1258 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بېسىۋېلىندى. شەھەر بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىدى. ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە 508 يىل پايتەخت بولغان باغداد شەھىرى موڭغۇللار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىندى. ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇستەسىم (مىلادىنىڭ 1242 ـ يىلىدىن 1258 ـ يىلىغىچە خەلىپە بولغان) ئائىلىسى بىلەن ئەسىرگە ئېلىندى. موڭغۇللار ھىلاكونىڭ بويرۇقىغا كۆرە، مۇستەسىم بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئاغزىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئېرىتمىسىنى قۇيۇپ ئۆلتۈردى. ئاbباسىيلار خاندانىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ ئۆلتۈرۈلدى.

ھىلاكو مىلادىنىڭ 1259 ـ يىلى كىت بوقانويان قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل قوشۇنلىرىنى سۈرىيىنى بېسىۋېلىشقا ماڭدۇردى. موڭغۇللار مىلادىنىڭ 1260 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدە ھەلەپنى بېسىۋالدى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدە شام شەھىرىنى بېسىۋالدى.

ھىلاكونىڭ ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىكىنى يوقاتقانلىقىغا خرىستىئان دۆلەتلىرى چوڭ خۇشاللىق بىلەن تەنتەنە قىلدى. ئەمما مىسىر مەملۇكىلەر سۇلتانلىقى (1250 ـ 1517) موڭغۇللارنىڭ مۇسۇلمان ئوتتۇرا شەرقنى دەپسەندە قىلىۋاتقىنىغا چىدىماي، موڭغۇللارنى سۈرىيىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن قوشۇن

ماڭـدۇردى. مىلادىنىـڭ 1260 ـ يىلـى 7 ـ ئاينىـڭ 3 ـ كۈنـدە، مەملۇكىلـەر سۇلتانى قۇتـۇز قوماندانلىقىدىكى تـۈرك مۇسۇلمان قوشۇنلىرى پەلەستىنىدىكى ئەيـن جالـۇت ئۇرۇشـىدا كـۆپ بوقانويـان قوماندانلىقىدىكـى بىرلەشـمە قوشـۇن (موڭغـۇل، ئەرمـەن، گىروزىنلاردىـن تەركىـب تاپقـان) نـى سـۈرىيىدىن قوغـلاپ چىقـاردى.

ھىلاكـو باغدادنـى بېسـىۋالغاندىن كېيىـن، ئۆمرىنىـڭ ئاخىرغىچـە (مىلادىنىـڭ ـ1258 يىلىغىچـە) ئىلـىپ بارغـان باسقۇنچىلىق يۇرۇشـلىرىدە، ئىـران، ئىراقنـى ۋە كىچىـك ئاسـىيانى بېسـىۋالدى. مىلادىنىـڭ 1260 ـ يىلـى ھىلاكـو قۇرغـان يېڭـى دۆلـەت «ئىـل خانـلار» دەپ ئاتالـدى. بـۇ دۆلەتنىـڭ پايتەختـى تەبرىـز ئىـدى.

ئىـل خانـلار دۆلىتـى (ـ1260 1335) گـە توققـۇز خـان ھۆكۈمرانلىـق قىلـدى. ئـۇلار: ھىلاكـو (1268ـ1258)، ئاباقـا (1268 ـ 1282)، تىكـودار ئەھمەدخـان (1282 ـ 1284)، ئارغـۇن (1284 1291ـ)، كېيخاتـو (ـ1291 1295)، بايدۇخـان (1295 ـ 1295)، مۇھەممـەد خازانخـان (1304ـ1295)، خـۇدا بەنـدى ئۆلجايتۇخـان (1304 ـ 1316)، ئەبۇسـەيىدخان (1316 ـ 1335) دېگـەن خانـلار ئىـدى.

ئىـل خانـلار سـۈرىيە بىلـەن پەلەسـتىننى بېسـىۋېلىش ئۈچـۈن كـۆپ قېتىـم ئۇرۇنـۇپ مىسـىر مەملۇكىلـەر سـۇلتانلىقى تەرىپىدىـن تارمـار قىلىنـدى.

مونكىخاننىـڭ ۋاقتىـدا، موڭغۇلـلار جەنۇبىـي سـۇڭ سۇلالىسـىنى يوقىتىـش ئۈچـۈن، ئـاۋۋال سـۇڭ سۇلالىسـىنىڭ جەنۇبىدىكـى دالـى خانلىقـى (937 ـ 1253)، ۋيېتنـام خانلىقىنـى يوقىتىشـقا كىرىشـتى. مىلادىنىـڭ 1252 ـ يىلـى مونكىخاننىـڭ ئۇكىسـى قوبلايخـان (مىلادىنىـڭ 1215 ـ يىلـى تۇغۇلـۇپ، 1294 ـ يىلـى ئۆلگـەن) سۇبوتاي باتۇرنىـڭ ئوغلـى ئورانغاتاينىـڭ ھەمراھلىقىـدا، سىچۈەن ئارقىلىـق يۈننەنگە بېسـىپ كىرىـپ، دالـى خانلىقىنـى بېسـىۋالدى. ئورانغاتـاي مىلادىنىـڭ 1257 ـ يىلـى خانويگـە بېسـىپ كىرىـپ، ۋيېتنـام خانلىقىنـى بويسـۇندۇردى.

مونكىخـان مىـلادى 1258 ـ يىلـى 7 ـ ئايـدا قۇرۇلتـاي چاقىرىـپ، جەنۇبىـي سـۇڭ سۇلالىسـگە ئومۇمىيۈزلـۈك ھۇجـۇم قىلىشـنى قارارلاشـتۇردى. مونكىخاننىـڭ بۇيرۇقـى بىلـەن ئورانغاتـاي ۋيېتنامدىـن شـىمالغا قايتىـپ، جەنۇبىـي سـۇڭ سۇلالىسـىنىڭ ئۆجـۇ (ھازىرقـى خۇبېيدىكـى ۋۇچـاڭ شـەھىرى) گـە ھۇجـۇم قىلـدى. قوبلايخانمـۇ مونكىخاننىـڭ بۇيرۇقىغـا بىنائـەن، ۋۇچـاڭ شـەھىرىگە ھۇجـۇم قىلـدى. مونكىخـان قوماندانلىقىدىكـى موڭغـۇل قوشـۇنلىرى شەنشـىدىن سـىچۈەنگە بېسـىپ كىـردى، مونكىخـان جەنۇبىـي سـۇڭ سۇلالىسـىنىڭ نۇرغـۇن شـەھەرلىرىنى بېسـىۋالدى. ئـۇ

سىچۈەندىكى خاجۇ (ھازىرقى خاچەن) شەھىرىنى يېرىم يىل قورشىدى. مونكىخان شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان چاغدا، ئوق تېگىپ، ئېغىر يارىدار بولدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا (1259 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدە) ئۆلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى توختاپ قالدى.

## دوۋاخان ۋە قوجىغار تېكىن

مونكىخان (مىلادىنىڭ 1208 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1259 ـ يىلى ئۆلگەن) 51 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. مونكىخان ئۆلگەندىن كېيىن، بىر پۈتۈن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بۆلۈنۈپ كەتتى.

تولىخان (مىلادىنىڭ 1193 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1232 ـ يىلى ئۆلگەن) نىڭ مونكىخان، ھىلاكوخان، قوبلايخان، ئارىغ بۇقا قاتارلىق تۆت ئوغلى بار ئىدى. مونكىخان ئۆلگەندىن كېيىن، قوبلايخان بىلەن ئارىغ بوقا قاغانلىق تالاشتى. ئارىغ بوقا مىلادىنىڭ 1260 ـ يىلى قاراقورۇمدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قاغان بولۇشقا ئۇرۇندى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قوبلايخان خېنەندىكى كەيفېڭدا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىدى. قوبلايخان نۇرغۇن سانلىق قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ (موڭغۇل، خەنزۇ، مانجۇلاردىن تۈزۈلگەن) شىمالغا موڭغۇلىيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۇكىسى ئارىغ بوقا بىلەن بىر نەچچە يىل ئۇرۇشتى. ئارىغ بوقا مىلادىنىڭ 1264 ـ يىلى قوبلايخانغا تەسلىم بولدى. لېكىن ئوكتايخاننىڭ ئەۋرىسى قايدۇخان چاغاتاي ئوغۇللىرىنىمۇ ئۆز يېنىغا تارتىپ، قوبلايخانغا قارشى 35 يىل كۈرەشتى. قايدۇخان مىلادىنىڭ 1264 ـ يىلى تالاس دەرياسىنىڭ بويىدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، قوبلايخانغا قارشى موڭغۇل خانلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۈچلۈك ئىتتىپاق تۈزدى. قايدۇخان چاغاتاي ئۇلۇسىنى تىزگىنلىۋالدى، ئۇ قاغان ئۇنۋانىنى ئالغانىدى.

تولىخاننىڭ ئوغلى قوبلايخان مىلادىنىڭ 1260 ـ يىلى كەيفېڭدا ئۆزىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانى دەپ جاكارلىغاندا، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ئۇنى ئېتىراپ قىلغانىدى. بىز باشتا چىڭگىزخانغا زاماندىش بولغان بائۇرچۇق ئارت تېكىننى تىلغا ئالغانىدۇق. ئۇ مىلادىنىڭ 1235 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا قوسمايىن (1235 ـ 1245)، سالون تېكىن (1245 ـ 1255)، ئوغرونج تېكىن (1255 ـ 1265)، ماموراق تېكىن (1265 ـ 1266) لەر ئىدىقۇت بولغان.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانى قوجىغار تېكىن (مىلادىنىڭ 1266 ـ يىلىدىن 1275 ـ يىلىغىچە ئىدىقۇت بولغان) مىلادىنىڭ 1266 ـ يىلى قاراقورۇمغا بېرىپ قوبلايخاننى زىيارەت قىلغان. شۇ چاغدا قوبلاي گۈيۈكخاننىڭ قىزى مەلىكە باباغارنى قوجىغار تېكىنگە ياتلىق قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، قوجىغار تېكىن قوبلايخانغا تېخىمۇ ساداقەت بىلدۈرۈپ، قايدۇخانغا قارشى چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قايدۇخان بىلەن دۇۋاخانلار ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلدى، بەشبالىقنىمۇ بېسىۋالدى.

مىلادىنىڭ 1275 ـ يىلى قايدۇخان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەھشەتلىك كۈلپەتلەرنى سالدى.

قايدۇخاننىڭ ئىرادىسىگە سادىق بولغان چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ خانى دۇۋاخان مىلادىنىڭ 1275 ـ يىلى 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كېلىپ، ئىدىقۇت شەھىرىنى قورشىۋالدى. قورشاۋ ئالتە ئاي داۋام قىلدى. قوجىغار تېكىن باشچىلىقىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى شەھەرنى قەھرىمانلارچە قوغداپ، موڭغۇللارنى شەھەرگە كىرگۈزمىدى. لېكىن 120 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان موڭغۇل قوشۇنى تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا خەلقنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى، مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ تالىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئىقتىسادى ئېغىر خاراب بولدى. خەلق ھايات كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالدى. شەھەرنى ئالالمىغان دۇۋاخان شەھەر قورغىنىنىڭ ئۇستىدە تۇرغان قوجىغار تېكىنگە ۋارقىراپ: «ماڭا تاقابىل تۇرالمايسەن، كۆكتۇم ـ تالقان بولۇپ كېتىسەن، يېتىم قالغان شەھەرگە كىرىۋېلىپ ماڭا تاقابىل تۇرماقچىمۇ سەن؟» دېگەندە، قوجىغار تېكىن: «مەن بىرلا پادىشاھقا سادىق، ئىككى پادىشاھقا ساداقەتمەنلىك بىلدۈرمەيمەن. مەن مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان. ئۆلسەممۇ قەبرەم مۇشۇ شەھەردە بولىدۇ، قانداقلا بولمىسۇن، مەن ساڭا زادى باش ئەگمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىلاج قىلالمىغان دۇۋاخان ئوقيانىڭ باشىقىغا باغلاپ شەھەرگە ئاتقان خېتىدە: «مەن چىڭگىزخاننىڭ ئەۋرىسى بولىمەن. نېمە ئۈچۈن ماڭا بويسۇنمايسەن؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن بوۋامنىڭ مەلىكە قىزىغا (باباغارنى دېمەكچى) ئۆيلەنگەن. سەن مەلىكە قىزىڭنى ماڭا ياتلىق قىلىدىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا قوشۇننى قايتۇرۇپ كېتىمەن. ئۇنداق قىلمايدىغان بولساڭ، شەھەرگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىمەن» دېدى. دۇۋاخاننىڭ ئوقيا ئارقىلىق شەھەرگە ئاتقان خېتىنى قوجىغار تېكىننىڭ بەگلىرى ئوردىغا كىرىپ ئىدىقۇتقا سۇندى، دۇۋاخاننىڭ خېتىنىڭ مەزمۇنىدىن

ۋاقىپ بولغان قوجىغار تېكىن ئوردا بەگلىرى بىلەن قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەندە، ئىدىقۇت بەگلىرى، «شەھەردىكى ئاشلىق ئۆكسۈپ، تۆگەي دەپ قالدى. ماغدۇردىن كېتىپ قالدۇق. دوۋاخان شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى توختاتمايدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تىركەشكەن تەقدىردىمۇ ھالاك بولۇپ كېتىمىز» دېيىشتى. دۆلەت ۋە خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھەممىدىن ئەلا كۆرگەن ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەر قوجىغار تېكىن: «خەلقنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قىزىمنىڭ مېھرىدىن كېچىمەن!» دېدى. شۇنداق قىلىپ قوجىغار تېكىننىڭ بەگلىرى ئىدىقۇت بېكەسى ئىل ئىتمىش ئاتلىق قىزنى ئىچىگە كۆرپە ـ يېكەنداز سېلىنغان باداشقا ئولتۇرغۇزۇپ، باداشنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىغا چۈشۈرۈپ بەردى. بۇ ئىشلار ئورۇندالغاندىن كېيىن دوۋاخان شەھەر قورشاۋىنى بىكار قىلىپ، موڭغۇل قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتتى[1].

دوۋاخان قوماندانلىقىدىكى 120 جەڭچىدىن تەركىب تاپقان چوڭ قوشۇننىڭ ئىدىقۇت شەھرىنى ئالتە ئاي مۇھاسىرىگە ئالغانلىقى سەۋەبىدىن، تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭچىلىقىغا، ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا ئۇچراپ جېنىدىن جاق تويغانىدى. شۇ چاغدا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ۋۇۋېي ناھىيىسى ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. قوجىغار تېكىن تۇرپان رايونىنىڭ خاراب بولغان ئىقتىسادىي ئىگىلىكى (يېزا ئىگىلىك ۋە باشقىلار) نى ھە دېگەندىلا ئۆز ھالىغا كەلتۈرۈشكە ئامالسىز قالدى. قوجىغار تېكىن مىلادىنىڭ 1276 ـ يىلى قايدۇخانغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆلدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 1275 ـ يىلى ۋۇۋېي ئەتراپىغا كۆچۈپ كەتكەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولغان بەگلەرمۇ بار ئىدى. مانا شۇ بەگلەر موڭغۇللارنىڭ تەيىنلىشى بىلەن ۋۇۋېيغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارغا خان بولدى.

گەنسۇدىكى ۋۇۋېي ناھىيىسىنىڭ شىمالدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتىكى «ئىدىقۇت يېزىسىنىڭ مەڭگۈ تاش جىلغىسى» (高昌乡石碑沟) دېگەن جايدىن تېپىلغان خاتىرە تاشقا، تەخمىنەن 70 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەر (مىلادىنىڭ 1266 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە) ناھايىتى گۈزەل

(1) «موڭغۇل تارىخى. بائۇرچۇق ئارت تېكىن ھەققىدە قىسسە».

شېئىرىي تىل بىلەن تەسۋىرلىنىپ ئويۇپ يېزىلغان. «ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ياراتقان تۆھپىلىرى توغرىسىدىكى خاتىرە يېزىلغان مەڭگۈ تاش» دىكى شېئىر شەكلىدە يېزىلغان داستاننىڭ 10 ـ قۇرىدىن 20 ـ قۇرىغىچە بولغان خاتىرىنى كۆزدىن كەچۈرەيلى:

«گۈزەل ھۆسنىلىك، ئەقىللىق، نازلىق، قائىدە ـ يوسۇنلۇق قىزىڭىز بار ئىكەن. ئارغامچىسىنى ئۈزمەي (باداڭغا باغلانغان ئارغامچا كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، باشقىچە قىلماي، ئۆزۈمگە بەرسىڭىز، سىزگە ئوغۇل بولغان بولاتتىم.... ئاكا ـ ئۇكا بولۇشۇپ، تويلىشىپ ئىچىشىپ، مەڭگۈ ئىناق ئۆتۈشۈپ... قايتىپ كېتەي.... (دوۋاخاننىڭ قوجىغار تېكىنگە كۈيئوغۇل بولۇش ئارزۇسى بايان قىلىنغان)... تورلۇك ـ تومەن مۇشۇنداق ياخشى گەپلەرنى... ئۆز رىتى بويىچە، كەم ـ كۈتىسىز تولۇق چۈشەندۈرۈپ يازغان خېتىنى قاتلاپ، ئوقىا باغلىتىپ، زەمبىرەكلەرنى كەلتۈرۈپ شەھەرگە ئاتقۇزدى («موڭغۇل تارىخى» دا ‹ئوقيانىڭ باشىقىغا باغلاپ› دېيىلگەن). بارلىق ئەل خەلقى خەتنى ئېچىپ كۆرۈپ تولىمۇ شادلاندى. خەتنى ئېچىپ ئوقۇغان ئابرويلۇق بەگلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، ئوردىغا كىرىپ، ھۆرمەتلىك تەڭرىكەنگە (قوجىغار تېكىنگە دېمەكچى) شۇنداق دەپ ئىلتىماس قىلدى: ئالتە ئاي شەھەرگە بېكىنىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈكسىز جەڭ قىلىپ، ئوزۇقىمىز توگەي دەپ قالغاندا... ئەلنى كۆلپەتتىن خالىي قىلىش ئۈچۈن، دەرد ـ ئەلەملىك ئىلتىماسىمىزنى قوبۇل قىلسا (قوجىغار تېكىننى دېمەكچى) دەپ مۇشۇ ئىلتىماسنى (قوجىغار تېكىنگە) سۇندى... كىچىكىدىن ئەركە ئۆسكەن، بۇتساتىۋادەك (بۇددا دىنىنىڭ ئەۋلىياسىدەك دېمەكچى) ئىل ئىتمىش بېكەنى.... ئارغامچا بىلەن پەسكە چۈشۈردى، دوۋاخاننىڭ تەلىپى ئورۇندالدى، ئۇ قايتىپ كەتتى.»[1]

مانا شۇ مەڭگۈ تاشتىكى خاتىرە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (1368 ـ 1644) ياشىغان تارىخچى سۇڭ لىيەن يازغان «موڭغۇل تارىخى. بائۇرچۇق ئارت تېكىن ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرە بىلەن ئوخشاش.

قوجىغار تېكىن مىلادىنىڭ 1276 ـ يىلى قايدۇخانغا قارشى بولغان بىر چوڭ ئۇرۇشتا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نولىن تېكىن ئىدىقۇت بولغان. نولىن تېكىنمۇ (1276 ـ 1318) ئاتىسىدەكلا قوبلايخاننى قوللىغان. شۇنىڭ

(1) «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىل 1 ـ سانى، ئۇيغۇرچە 109 ـ 111 ـ بەتلەر.

ئۇچۇن قوبلايخاندىن تارتىپ ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ كۆڭلىگە قەدەر ياقىقان نولىن تېكىن بورقان، باباچا، ئوراچىن قاتارلىق موڭغۇل مەلىكىلىرىگە ئۆيلەنگەن.

ئوكتايخاننىڭ ئەۋرىسى قايدۇخان قوبلايخاننىڭ ئۇلۇغ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قاغان بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنىڭ بىلەن 34 يىل (مىلادىنىڭ 1266 ـ يىلىدىن 1302 ـ يىلىغىچە) ئۇرۇشتى، ئەڭ ئاخىرىدا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى ۋە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى چاپارخان مىلادىنىڭ 1306 ـ يىلى قوبلايخاننىڭ ئوغلى تۆمۈرگە (مىلادىنىڭ 1295 ـ يىلىدىن 1307 ـ يىلىغىچە خان بولغان) تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئوكتاي خاندانى ھۆكۈم سۈرۈشتىن قالدى. ئوكتاي ئۇلۇسىغا قاراشلىق يەرلەر چاغاتاي ئۇلۇسىغا قوشۇۋېلىندى.

قوبلايخان مىلادىنىڭ 1260 ـ يىلى ئۆزىنى ئۇلۇغ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، چىڭگىزخان قۇرغان موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىرنەچچە قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئوكتايخان (1229 ـ 1241)، گۇيۇكخان (1246 ـ 1248)، مونكىخان قاتارلىق ئۈچ قاغان ھۆكۈم سۈرگەن چاغدا (1229 ـ 1259)، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلىغانىدى. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ ـ1260 يىلى (قوبلاي قاغان بولغاندىن كېيىن) ئالتۇن ئوردا خانلىقى، چاغاتاي خانلىقى، ئوكتاي خانلىقى، ئېل خانلار دۆلىتى قاغاننىڭ توغرىدىن ـ توغرا ھۆكۈمرانلىقىدىكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىگە بويسۇنمايدىغان ئايرىم ـ ئايرىم دۆلەتلەر بولۇۋالدى. ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل سىياسەت يۈرگۈزدى. ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە قالغان قوبلايخان ئاتاقىلا قاغان ئاتىلىپ، بۆلۈنۈپ كەتكەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قورallıق كۈچ ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئامالسىز قالدى.

قوبلايخان مىلادىنىڭ 1279 ـ يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ، پۈتۈن جۇڭگونى بىسىۋالدى. ئۇ بېيجىڭنى پايتەخت قىلىپ، جۇڭگودا موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى. قوبلايخان خەنزۇلارنىڭ مىللىي روھىنى ئاجىزلىتىپ، جۇڭگوغا مەڭگۈ ھۆكۈمرانلىق قىلىش خىيالىدا، ئۆزى قۇرغان سۇلالىنى «يۈەن سۇلالىسى» دەپ ئاتىدى.

لېكىن، مىللىي، مۇستەقىل دۆلەتچىلىك روھىغا باي بولغا خەنزۇلار مىلادىنىڭ 1368 ـ يىلى موڭغۇللارنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي دۆلىتى مىڭ سۇلالىسىنى قۇردى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى جۇ يۈەنجاڭ (مىلادىنىڭ 1368 ـ يىلىدىن 1398 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) مىلادىنىڭ 1368 ـ يىلى جۇڭگوغا 88 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان موڭغۇللارنىڭ ئاخىرقى خانى بولغان توغان تۆمۈرنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقاردى.

موڭغۇللار ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خانى قوجىغار تېكىننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە (مىلادىنىڭ 1276 ـ يىلىغىچە) قوبلايخاننى قوللاپ، قايدۇخانغا قارشى تۇرغانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن ئۇرۇشتا ئۆلگەنلىكىنى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى تېررىتورىيىسىنىڭ قايدۇخانغا قارشى كۆرەشتە سىياسىي، ھەربىي، ئىستراتېگىيە جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىغا موڭغۇل مەلىكىلىرىنى ياتلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرغان.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب: ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ يوقىلىشى

بىز باشتا نولىن تېكىن (1276 ـ 1318) نىڭ موڭغۇل مەلىكىلىرىدىن بورخان، باباچا، ئوراچىن ئاتلىق ئۈچ مەلىكىگە ئۆيلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەندۇق.

نولىن تېكىن مىلادىنىڭ 1318 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ مەلىكە باباچادىن تۇغۇلغان تۆمۈر بوقا ۋە سەڭگى تېكىن ئاتلىق ئىككى ئوغلى بار ئىدى. نولىن تېكىننىڭ ئورنىغا تۆمۈر بوقا ئىدىقۇت بولدى. تۆمۈر بوقا مىلادىنىڭ 1307 ـ يىلى ئۆكتايخاننىڭ ئوغلى قۇداننىڭ قىزى تۇرچىسمانغا ئۆيلەنگەندى. تۆمۈر بۇقانىڭ ئون يىل (1318 ـ 1327) خان بولغانلىقى مەلۇم. بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە، تۆمۈر بوقا مىلادىنىڭ 1327 ـ يىلى جازاغا تارتىلغان، ئۇ خانبالىق (بېيجىڭ) دىكى موڭغۇل خانى سۈن تۆمۈر (ـ1324 1328) نىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ چاغدا تۆمۈر بوقانىڭ ئۇكىسى سەڭگى تېكىنمۇ ئۆلتۈرۈلگەن، دېيىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، تۆمۈر بوقا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سەڭگى تېكىن ئىدىقۇت بولغان دېگەن خاتىرىلەرمۇ بار. بەزى تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، سەڭگى تېكىن (1227 ـ 1331) دىن كېيىن، ئۇنىڭ ئانا باشقا ئۇكىسى تايپان ئىدىقۇت بولغاندەك تۇرىدۇ. قانداق بولمىسۇن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى مىلادىنىڭ 1335 ـ يىلى چاغاتاي خانلىرىدىن تۇنجى قېتىم مۇسۇلمان بولغان تارماشىرىننىڭ ۋاقتىدا (1320 ـ 1335) يوقىتىلغان. ئۇيغۇر ئىدىقۇت

خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى چاغاتاي خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىنغان.

بەش ئەسىر (485 يىل) ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى 275 يىل (مىلادىنىڭ 850 ـ يىلىدىن 1125 ـ يىلىغىچە) تولۇق مۇستەقىل ياشىغان بولسا، 210 يىل (مىلادىنىڭ 1125 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە) يېرىم مۇستەقىل ھالدا ياشىدى. بۇ بېقىندىلىق ھالدا ياشىغان 210 يىلنىڭ، 80 يىلى (مىلادىنىڭ 1125 ـ يىلىدىن ـ1209 يىلىغىچە) غەربىي قىتانلارغا، 136 يىلى (مىلادىنىڭ ـ1209 يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە) موڭغۇللارغا قارام بولۇپ ياشىغان مەزگىل بولدى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب: ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئوينىغان رولى

چىڭگىزخان (مىلادىنىڭ 1206 ـ يىلىدىن 1227 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئوكتايخان، گۇيۇكخان، مونكىخانلارنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1206 ـ يىلىدىن 1259 ـ يىلىغىچە) شەرقىي ئۇلۇغ ئوكياندىن تارتىپ غەربىي دوناي دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان جايىغىچە ۋە شىمالىي سىبىرىيە دالالىرىدىن تارتىپ جەنۇبىي كىچىك ئاسىياغىچە بولغان نۇرغۇنلىغان يەرلەرنى ئىگىلىگەن، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ۋۇجۇدقا كەلدى.

مانا شۇنداق ئىمپېرىيىنى قۇرغان موڭغۇللار ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا خېلىلا قالاق ئىدى. ئۇلار دەسلەپ شەرقىي ئاسىيانىڭ دالالىرىدا، ئورمانلىرىدا،چۆللىرىدە ياشىغان. موڭغۇللارنىڭ يايلاق، دالالاردا ياشىغانلىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، ئورمانلاردا ياشىغانلىرى ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن موڭغۇللار يايلاق ۋە ئورمانلىق رايونلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزى ۋە تايانچ جايى قىلىشقانىدى. مۇنداق ئەھۋال مونكىخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قاغان بولغۇچە داۋام قىلغان.

موڭغۇللار ناھايىتى قالاق بولۇشىغا قارىماي، جەڭگىۋار، باتۇر خىسلەتكە ۋە بەكمۇ پۇختا بولغان، ھەربىي ئىنتىزامغا شەرتسىز بويسۇنىدىغان ئادەتكە ئىگە ئىدى. دالادا، چۆل ـ باياۋاندا، قاتتىق تەبىئىي شارائىتتا ھايات كەچۈرۈش، چارۋا ماللارنى قىرغىنغا ئۇچرىتىدىغان، دائىما بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئاپەتلەر (قارنىڭ قېلىن يېغىشى، قۇرغاقچىلىق يىللىرى ئوت ـ چۆپنىڭ ئۈنمەسلىكى)، دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرى موڭغۇللارنى قىيىنچىلىققا چىدايدىغان،

ئىنتىزامغا بويسۇنىدىغان ئادەتكە ئۆگەتكەنىدى. موڭغۇللاردا قەبىلىۋى مۇناسىۋەت ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، موڭغۇللار چىڭگىزخاندەك ساۋاتسىز بولسىمۇ ناھايىتى ئەقىللىق، ھوشيار، بەكمۇ ھىيلىگەر، ئادەتتىن تاشقىرى تەشكىلاتچىلىق قابىلىيىتىگە ئىگە قەھرىمان يېتەكچىگە ئىگە ئىدى.

چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشقا بەل باغلىغاندىن تارتىپ، قابىلىيەتلىك، بىلىملىك، ئەقىللىق كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشكەنىدى.

دەل شۇ چاغدا، شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇرلار ئىدى. چىڭگىزخان ئالتايلىق، بەشبالىقلىق، تۇرپانلىق، قارا شەھەرلىك، قەشقەرلىك، خوتەنلىك ئۇيغۇرلاردىن يۈزلىگەن، مىڭلىغان قابىل كىشىلەرنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى - تاشقى، چوڭ، مۇھىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا جەلپ قىلغانىدى. چىڭگىزخاننىڭ قابىلىيەتلىك باش ۋەزىرى قىتان شاھزادىسى يىلۇچۇساي كۆنلەرنىڭ بىرىدە چىڭگىزخانغا مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇقيا ياساشقا ئۇستا كېرەك بولغاندەك، جاھاننى سوراشنى بىلىدىغان ئۇستا كېرەك.»[1]

ئۇيغۇرلاردىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا جەلپ قىلىنغان كىشىلەر تەجرىبىلىك سىياسەتچىلەر، ھوشيار، ئۇستا دىپلوماتلار، ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ نازۇك سىرلىرىنى بىلىدىغان ھەربىي ئىستراتېگلەر، تاكتىكچىلار، ھەربىي تېخنىكلار، چىدامىلىق، قەيسەر سەيياھلار، دېڭىزچىلار، قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى، ئىلىملىك ئالىملار، تۈرلۈك ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان تىلماچلار، شائىرلار، تارىخچىلار، خەتتاتلار، رەسساملار، مۇزىكانتلاردىن ئىبارەت ئىدى.

چىڭگىزخان بىرىنچى قەدەمدە موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ كۈچ توپلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شىمالىي (شەرقىي سىبىرىيىدىكى) ۋە غەربىدىكى (شەرقىي ئالتايدىكى) تۈركىي قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغانىدى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1204 - يىلى ئالتايدىكى نايمان خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان، نايمان خانى ئىنانچ بىلگە خاننىڭ ئوغلى تايانخان چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ چاغدا تايانخاننىڭ ئۇستازى ۋە تامغىچىسى ئۇيغۇر

(1) چىئوشۇسىڭ: «جۇڭگو تارىخىي ھېكايىلىرى» خەنزۇچە 1 - بەت.

تاتاتۇڭا چىڭگىزخاننىڭ قولىغا چۈشكەندى. بىز ئۇنى باشتا ئېيتقان.

چىڭگىزخان تاتاتۇڭانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت يېزىقى قىلىپ بېكىتتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن موڭغۇللاردا يېزىق يوق ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە باشقا موڭغۇل بەگلىرىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىشى زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. تاتاتۇڭا چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىغا ئۇستاز قىلىپ تەيىنلەندى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قانۇنلىرى، يارلىقلىرى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇل تىلىدا يېزىلدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولغان ئىلخانلار (مىلادىنىڭ 1258 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) نىڭ ئالاقىلىرى ئۇيغۇرچە، پارسچە يېزىقىدا يېزىلغان بولسا، چاغاتاي خانلىقى (1231 ـ 1370) بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقى (1227 ـ 1502) دا رەسمىي دۆلەت تىلى ئۇيغۇر تىلى، دۆلەت يېزىقى ئۇيغۇر يېزىقى بولغانىدى. چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى موڭغۇللار ئۇيغۇرلار، تاتارلار، قىپچاقلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، تۈركلىشىپ، ئېتىقاد جەھەتتىن ئىسلام دىنىغا كىردى. موڭغۇل خانلىرى ئارىسىدىكى ئورتاق تىل، موڭغۇل بەگلىرى ئارىسىدىكى ئەدەبىي تىل، رەسمىي سىياسىي ئالاقىلاردا قوللىنىدىغان تىل ئۇيغۇر تىلى بولغانىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خانى بائۇرچۇق ئارت تېكىن مىلادىنىڭ 1210 ـ يىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قورۇلۇن دەرياسى بويىدىكى ئوردىسىغا بېرىپ چىڭگىزخاننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، بەشبالىقلىق ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا جەلپ قىلىندى.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1206 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ـ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى باشلىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسىغا توپلانغان ئۇيغۇر ھەربىي ئالىملىرى چىڭگىزخاننىڭ مىلادىنىڭ 1215 ـ يىلى جۇرجىت خانلىقىغا قىلغان يۈرۈشىدە، 1219 ـ يىلىدىن 1225 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان غەربكە يۈرۈشىدە ھەربىي مەسلىھەتچىسى بولدى.

چىڭگىزخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، نەۋرىلىرىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشىغا يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار جەلپ قىلىندى.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشىگە قاتناشقان ئۇيغۇرلار ئىچىدىن

ئەڭ مەشھۇرلىرى بولغان توراقايا، بۇلادقايا، قاتارلىقلار توغرىسىدا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىش كېرەك.

توراقايا بەشبالىقلىق ئۇيغۇر بولۇپ، ھەربىي ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىنى ئۆزۈش ھەرىكەتلىرىدە قوللىنىشتا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. توراقايا چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇغ خارەزىم شاھلار دۆلىتىگە قىلغان يۈرۈشىگە قاتناشقان ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئىچىدە ناھايىتى قابىلىيەتلىك ھەربىي ئالىملاردىن بىرى ئىدى. بۇلادقايا بولسا چىڭگىزخاننىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشىگە قاتناشقان. ئۇ كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى تولىخاننىڭ ئوروۇنباسارى بولغان. بەشبالىقلىق بۇلادقايا چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1215 ـ يىلى بېسىۋالغان جۇڭدۇ (جۇرجىت خانلىقىنىڭ پايتەختى) گە ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئەلچى ۋە نازارەتچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن (مىلادىنىڭ 1215 ـ يىلىدىن 1223 ـ يىلىغىچە) جۇڭدۇدىكى باش ۋالىي موڭغۇل سەركەردىسى مۇغالى ئىدى. مۇغالى مىلادىنىڭ 1223 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، جۇڭدۇغا بۇلادقايا ئەۋەتىلگەن. بۇلادقايا جۇڭدۇدا تۇرغان مەزگىلدە، شىمالىي جۇڭگوغا موڭغۇللار نامىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇ چاغدا، جەنۇبىي جۇڭگو جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى.

موڭغۇللار مىلادىنىڭ 1279 ـ يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن تولىخاننىڭ ئوغلى قوبلايخان 87 يىل ھۆكۈم سۈرگەن يۈەن سۇلالىسىنى (1279 ـ 1368) قۇرغان، ئۇيغۇرلار مانا شۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھوقۇقلىرىنى ئىگىلىۋالغانىدى.

قوبلايخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىگىچە (1279 ـ 1368) ئۇيغۇرلاردىن لەن شىشەن (مىلادىنىڭ 1231 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1280 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن). ساڭگا (؟ ـ 1291) ئەھمەد (مىلادىنىڭ 1282 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، ئەل يىغمىش (مىلادىنىڭ 1320 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) مەڭگۇ تېكىن (XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن)، شىبان (مىلادىنىڭ 1197 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1276 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، موڭسۇز (XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن)، ئەختەرىدىن (XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن) قاتارلىق ئۇيغۇرلار خانبالىقتا ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

شۇلارنىڭ ئىچىدە ئادىللىقى، كەمتەرلىكى، خەلقپەرۋەرلىكى، قابىللىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان لەن شىشەن، موڭسۇز، مەڭگۇ تېكىن، شىبان، ئەل يىغمىش، ئەختەرىددىن قاتارلىقلار توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

لەن شىشەن مىلادىنىڭ 1231 ـ يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى بەشبالىقتا تۇغۇلغان. ئۇ قوبلايخاننىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولغان، مىلادىنىڭ 1259 ـ يىلى مونكى قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندە، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قاراقۇرۇمنى ساقلاشقا تەيىن قىلىنغان ئارىغ بوقا (قوبلايخاننىڭ ئۇكىسى) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قاراقۇرۇمدا قورۇلتاي چاقىرىپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانلىق ئورنىنى تارتىۋالماقچى بولغاندا، قوبلايخان مىلادىنىڭ 1260 ـ يىلى لەن شىشەننىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن، قاغان سايلاشتىكى ئەنئەنىگە خىلاپ ھالدا كەيفىڭدا ئۆزىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانى دەپ جاكارلىغان.

شۇنىڭدىن كېيىن قوبلايخان بىلەن ئارىغ بوقا ئارىسىدا قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەردى. قوبلايخان ئارىغ بوقانى تارمار كەلتۈرۈپ، قاراقۇرۇمنى ئىگىلىۋالدى. مىلادىنىڭ 1264 ـ يىلى ئارىغ بوقا قوبلايخانغا تەسلىم بولدى.

موڭغۇللار مىلادىنىڭ 1279 ـ يىلى پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، قوبلايخان يۈەن سۇلالىسىگە خان بولۇپ، بېيجىڭنى پايتەخت قىلدى. لەن شىشەن شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قوبلايخانغا باش ۋەزىر بولدى.

موڭسۇزمۇ قوبلايخاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى ئىدى. قوبلايخان ئۇنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەندە ئۇ باش ۋەزىرلىكنى قوبۇل قىلمىغان، موڭسۇز ناھايىتى ئەقىللىق، بىلىملىك ئادەم بولغان.

مەڭگۇ تېكىن بولسا قوبلايخاننىڭ ئۇستازى ئىدى. قوبلايخان ئۇنىڭ تەربىيىسى نەتىجىسىدە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تىبەتچە تىللارنى مۇكەممەل بىلىدىغان، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەت قىلىدىغان بىر شەخس بولۇپ يېتىشكەن.

شىبان بولسا مەشھۇر دىپلومات ئىدى. ئۇ قوبلايخان بىلەن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئارىسىنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنۇملۇك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. شىبان ئوكتايخان بىلەن قوبلايخاننىڭ ئوردىسىدا ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولغان، ئۇ مىلادىنىڭ 1276 ـ يىلى 79 ـ يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەسلى خوتەنلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى بولغان ئەخمەت قوبلايخانغا ۋەزىر بولغان. ئۇ ناھايىتى قابىل ئادەم بولۇپ باش ۋەزىرگە تەڭ ئابرويغا ئىگە ئىدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر خانلىرى قوبلايخان، تۆمۈرخان، ئىسەنخانلارنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1270 ـ يىلىدىن 1320 ـ يىلىغىچە) مەشھۇر دېڭىز

سایاھەتچىسى ۋە دىپلومات بولغان ئىبىل يىغمىش ئاتلىق ئۇيغۇر موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كېمە ئەترىتىنى باشلاپ بىرنەچچە قېتىم ھىندى ئوكيانىغا ۋە ئوكيانىيىگە بارغان. ئىبىل يىغمىش دېڭىز - ئوكيان ئارقىلىق ھازىرقى سېرىلانكا، ماۋرىيە (ھىندىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا)، ھىندىچىنى، ھىندونېزىيە قاتارلىق جايلارغا بارغان. ئۇ قايتىشىدا چەت ئەل ئەلچىلىرىنى باشلاپ كەلگەن ھەم شۇ دۆلەتلەردە چىقىدىغان دورا - دەرمانلارنى ئەكەلگەن.

قوبلايخاننىڭ ئىبىل يىغمىشنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا (ھىندىچىنىدىكى دۆلەتلەرگە ۋە ھىندىستان) غا ھىندونېزىيىلەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشى شۇ دۆلەتلەر توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئىدى. چۈنكى، قوبلايخان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ھىندونېزىيىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزۇندىن بېرى تەييارلانماقتا ئىدى.

دېگەندەك، قوبلايخان مىلادىنىڭ 1279 - يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، شەرققە ياپونىيىگە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا ھىندونېزىيىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم باشلىدى.

قوبلايخان مىلادىنىڭ 1280 - يىلى يۈزلىگەن - مىڭلىغان كېمىلەر بىلەن تەمىنلەنگەن 165 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان قۇدرەتلىك چوڭ قوشۇنىنى (بۇنىڭ 120 مىڭى خەنزۇ ۋە كورىيىلىك جەڭچىلەر ئىدى) دېڭىز ئارقىلىق ياپونىيىگە ماڭدۇردى. لېكىن بۇ چوڭ تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ ناھايىتى نۇرغۇن ئادىمى ئۇلۇغ ئوكياندا تەيفېڭ بورىنىغا ئۇچراپ غەرق بولدى. نەتىجىدە موڭغۇللارنىڭ ياپونىيىگە قىلغان يۈرۈشى ئەمەلگە ئاشمىدى.

قوبلايخان ياپونىيىگە قىلغان يۈرۈشىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، 1283 - يىلى ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىكى ۋېيتنام، مالايشىيا، بىرما، كامبودژا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئىبىل يىغمىش موڭغۇللارنىڭ ھىندىچىنىدىكى دۆلەتلەرگە قىلغان يۈرۈشىگە قاتناشتى. يەنە ئۇ موڭغۇللارنىڭ 1293 - يىلى ھىندونېزىيىگە قىلغان يۈرۈشىگىمۇ قاتناشتى. ئىبىل يىغمىش قوبلايخاننىڭ ھىندونېزىيىگە قىلغان يۈرۈشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن (موڭغۇللار ئوكيانىيىنىڭ ئىسسىق ھاۋا كىلىماتىغا ماسلىشالماي ئىچ ئۆتكۈ كېسىلىگە مۇپتىلا بولغانىكەن)، خانبالىققا قايتىپ كېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە باش ۋەزىر ئورۇنباسارى بولۇپ خىزمەت قىلدى. مىلادىنىڭ 1320 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

قوبلايخاننىڭ ۋاقتىدا، ئەختەرىددىن ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئىنژېنېر ئۆتكەنىدى. ئەختەرىددىن خان تەرىپىدىن ئوردا ۋە شەھەر قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان چادىر مەھكىمىسىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگەن.

ئەختەرىددىن هازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى لايىھىلەپ بىنا قىلغان.

بېيجىڭ جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن بىر مۇنچە سۇلالىلەرنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. بېيجىڭ جۇڭگو تارىخىدىكى «يىلنامە چۇنچيۇ دەۋرى» (مىلادىدىن 770 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 475 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە)، «ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى» (مىلادىدىن 475 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 221 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە)دىكى يەن بەگلىكىگە پايتەخت بولغانىدى. ئۇ چاغدا جىچېڭ (蓟城) دەپ ئاتىلاتتى. چىن سىخۇاڭ مىلادىدىن 221 يىل بۇرۇن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، جىچېڭ شەھىرى چىگرا مۇداپىئە بويىچە مۇھىم شەھەرگە ئايلانغان. جىچېڭ شەھىرى خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن 207 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 220 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، سۈي سۇلالىسى (581 - 618)، تاڭ سۇلالىسى (618 - 907) دەۋرىدىمۇ مۇھىم ھەربىي شەھەر بولغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە (960 - 1279)، جىچېڭ شەھىرىنى مىلادىنىڭ 960 - يىللىرى قىتانلار بېسىۋالغان. جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن جۇرجىت خانلىقى (1115 - 1234)، يۈەن سۇلالىسى (1279 - 1308)، مىڭ سۇلالىسى (1368 - 1644)، چىن سۇلالىسى (1644 - 1911) قاتارلىق تۆت سۇلالە باشتىن - ئاخىرغىچە جىچېڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلغان.

شەرقىي قىتان خانلىقى مىلادىنىڭ 1053 - يىلى جىچېڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ۋاقتىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ، بېيجىڭ 800 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولىدۇ.

تارىخى ئۇزۇن بولغان بېيجىڭ شەھىرىنىڭ نامى تۈرلۈك تارىخىي شارائىتلاردا تۈرلۈك ئاتىلىپ كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۇجۇ، قىتان خانلىقى دەۋرىدە (916 - 1125) پېيدۇ - يەنجىڭ (陪都-燕京)، جۇرجىت خانلىقى دەۋرىدە جۇڭدو (中都) دەپ ئاتالدى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خانبالىق دەپ ئاتالدى. پەقەت چىڭ سۇلالىسى (清朝) دەۋرىگە كەلگەندىلا بېيجىڭ (北京) دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئاساسى يەن بەگلىكىنىڭ پايتەختى جىچېڭ شەھىرىمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك، شەرقىي قىتان خانلىقى، جۇرجىت خانلىقى دەۋرىدىكى يەنجىڭ، جۇڭدۇ شەھەرلىرىنىڭ ئاساسىمۇ ئەمەس ئىدى. ھازىرقى بېيجىڭ پەقەت موڭغۇللار ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە بىنا قىلىنغان خانبالىق شەھىرى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ كېڭىيىپ ھازىرقى ھالىغا كەلگەن.

چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1215 ـ يىلى جۇڭگوغا ئىككىنچى قېتىم ناھايىتى چوڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، جۇرجىت خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان بۇ شەھەرنى بىسىۋالغاندا، شەھەرگە ئوت قويۇپ، ئۇنى كۇلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، جۇڭدۇ شەھىرى بىر ئايدىن ئارتۇق كۆيۈپ، قورقۇنچلۇق خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

مانا شۇ ۋەقەدىن 52 يىل ئۆتكەندىن كېيىن (مىلادىنىڭ 1268 ـ يىلى)، قوبلايخان جۇڭدۇ شەھىرىنىڭ خارابىسى ئۇستىدە يىڭى بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنى پايتەخت قىلىش قارارىغا كەلگەن.

ئەختەرىددىن قوبلايخاننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، يىڭىدىن قۇرۇلىدىغان پايتەختنىڭ غايەت چوڭ، مۇرەككەپ لايىھىسىنى ئىشلەپ چىققان ۋە شۇ لايىھە بويىچە «خانبالىق» دەپ ئاتالغان بۇ پايتەختنى بىنا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان.

ئەختەرىددىننىڭ لايىھىسى بويىچە، بىرىنچى قەدەمدە، يەرنىڭ قىيپاش شەكلىگە ئاساسەن، يەر ئاستى قانالىزاتسىيىسى ياسىلىپ، سۇ ئاقىدىغان ساپال نوكەشلەر ئورنىتىلغان. ئىككىنچى قەدەمدە، تەبىئىي مەنزىرىسى چىرايلىق جايلارغا خانلار تۇرىدىغان ئوردىلار سېلىنغان. ئەختەرىددىننىڭ لايىھىسىگە ئاساسەن، ھازىرقى جۇڭنەنخەي ۋە بېيخەي كۆللىرى بىنا قىلىنىپ خان ئوردىلىرى شۇ كۆللەرنىڭ ئىككى قىرغىقىغا سېلىنغان. ھازىرقى جۇڭشەن باغچىسى بىنا قىلىنغان[1].

خانبالىقنىڭ «كوچىلىرى چوڭ كوچا، كىچىك كوچا ۋە خۇتۇڭ دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ خىل كوچىدىن ئىبارەت بولغان.... چوڭ كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 24 قەدەم، كىچىك كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 12 قەدەم بولغان. شەھەرگە 364 چوڭ ۋە كىچىك كوچا، 2009 خۇتۇڭ ياسالغان... بۇنداق كوچىلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى

(1) لىيۇۋېيجۇن: «غەربى دىيار ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە 1 ـ كىتاب، 122 ـ بەت.

قاتناشىنىڭ ھەرخىل ئېھتىياجىغا ئاساسلانغان.»[1]

خانبالىقتىكى ئوردىلار ،كۆللەر ،باغچىلار ،كۆۋرۈكلەر، كوچىلار، شەھەر دەرۋازىلىرى، يەر ئاستى قانالىزاتسىيىسى «جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى، تارىخي تەرەققىياتىنىڭ شەرت- شارائىتلىرى ۋە يەرلىك ئەھۋالىنىڭ بەزىبىر جۇغراپىيي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن لايىھىلەنگەن.»[2]

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ھونلار دەۋرىدىن تارتىپلا ھازىرغىچە جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىگە ناھايىتى قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ بەردى. ئەختەرىددىنىنىڭ خانبالىقنى بىنا قىلىشتا ياراتقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى تارىخ ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب: ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئىقتىساد

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋردە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت خېلى تەرەققىي قىلدى.

شۇ دەۋردە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئورخۇن دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى بىرنەچچە ئەسىردىن تارتىپ، مىلادىنىڭ IX ئەسىرگىچە) دىكى قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك رول ئوينىشى، ئىدىقۇت خانلىقى تېررىتورىيىسىنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى ئۇلۇغ كارۋان يولىنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ۋە شۇ تېررىتورىيىدە ياشىغان غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقتىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا يۇقىرى ئىكەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بەشبالىق، تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچا قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن بىر تارمىقى شۇ جايلاردىكى ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىدا يېڭى بىر بۇرۇلۇش دەۋرى باشلاندى.

### دېھقانچىلىق

تۇرپان، بەشبالىق، قارا شەھەر، كۇچار رايونلىرىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنلا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ھايات

---

(1) «غەربىي دىيار ھەققىدە قىسسە» 124 ـ بەت.
(2) «غەربىي دىيار ھەققىدە قىسسە» 122 بەت.

كەچۈرگەنىدى. تۇرپاندا ئىگىلىكتە دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان بولسا، بەشبالىقتا چارۋىچىلىق ئاساسى، دېھقانچىلىق قوشۇمچە ئورۇندا تۇراتتى. قارا شەھەر بىلەن كۇچادا بولسا، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق باراۋەر ئورۇندا ئىدى.

مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەۋرىدە ئاساسەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، دېھقانچىلىق ۋە ئوۋچىلىق قوشۇمچە ئورۇندا تۇرغانىدى.

غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى قەدەممۇ قەدەم ئۆزگەرتىپ، دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان ئىگىلىككە ئۆتۈپ، ئاساسەن ئولتۇراقلاشقان ھاياتقا كۆچتى.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى ئۇياڭ شيۇ «بۇ يەرنىڭ زېمىنلىرى (ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ زېمىنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ئا) بۇغداي، ئارپا، كەندىر، پىياز، كۇدە، قاپاق، يۇمغاقسۇت قاتارلىقلارنى تېرىشقا لايىق، قوشقا تۆگە قوشۇپ يەر ھەيدىشىدۇ. شۇنداق ئۇسۇل بىلەن تېرىقچىلىق قىلىنىدۇ.»[1] دەپ يازغان.

تارىخچى توقتۇ (مىلادىنىڭ 1314 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1355 ـ يىلى ئۆلگەن): ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ «سۇيى ئالتۇنتاغدىن (تەڭرىتېغى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ئا) كېلىدۇ. ئىدىقۇت دۆلىتىدىكى شەھەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئاقىدۇ. ئېتىزلىقلار، باغلارنى سۇغىرىدۇ. تۈگمەنلەر چۆرۈلىدۇ. ئاشلىق تېرىلىدۇ. بۇ يەردە يالغۇز قارا بۇغدايلا يوق.»[2] دەپ يازغان.

توقتۇ يەنە: «كۇچا خانلىقىدا شال، بۇغداي، قوغۇن مېۋە ئۆستۈرۈلىدۇ» دەپ يازغان.

بولۇپمۇ تۇرپان رايونىنىڭ يەر شارائىتى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىككە ناھايىتى مۇۋاپىق كېلەتتى. شۇڭلاشقا، تۈرلۈك ئاشلىق زىرائەتلىرى، پۇرچاق، كېۋەز، كەندىر قاتارلىقلار، خىلمۇ خىل ئوتياش، قوغۇن ـ تاۋۇز، ئۈزۈم تۈرلىرى ۋە ئۈجمە ئۆستۈرۈلگەن.

چارۋىچىلىق بىلەن ئوۋچىلىقمۇ دېھقانچىلىقتىن قالسىلا خېلى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيتتى.

(1) ئۇياڭ شيۇ: «بەش سۇلالە تارىخى» 74 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
(2) توقتۇ: «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» خەنزۇچە «ئىدىقۇت ھەققىدە قىسسە».

## چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق

توقتو: «بەشبالىقتا ئات كۆپ بېقىلىدۇ. خان، خانىش، خانزادىلەرنىڭ ئۆز يىلقىلىرىنى باقىدىغان يايلاقلىرى بار. ئۇلارنىڭ يىلقىلىرى ئوت - چۆپى، سۈيى مول بولغان كەڭ يايلاقلاردا، رەڭگى بويىچە، ئۈيۈر - ئۈيۈر بولۇپ يايلايدۇ. يىلقىلار شۇنچىلىك كۆپكى، سانىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس، بەشبالىق تۈزلەڭلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ»دەپ يازغان[1].

قەدىمكى چاغدىن تارتىپ، ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئىچىدە قايسى دۆلەتنىڭ قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي ياكى ئاساسەن ئاتلىق بولغان بولسا، شۇ دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچى باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن بولۇپ كەلگەن.

ھونلارنىڭ ئاسىيانىڭ شەرقىدىن ياۋروپانىڭ غەربىگىچە بولغان يۈرۈشلىرىدە، ھون ئاتلىقلىرىنىڭ ھەيۋىسى، جەڭگىۋارلىقى، باتۇرلۇقى دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرغان بولسا، كۆك تۈرك ئاتلىقلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈشىدىكى سۈرئىتىنىڭ ناھايىتى تېزلىكى (ھۇجۇم ۋە چېكىنىشتە) ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشنى كاپالەتلەندۈرگەن ئامىللارنىڭ بىرى بولغان. ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەۋرىدە ئۆز ئاتلىق قوشۇنلىرى ئارقىلىق سان جەھەتتىن ئۆزىگە نىسبەتەن بىرقانچە ھەسسە كۆپ بولغان دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۈستىدىن كۆپ چاغلاردا غالىب كەلگەن. XIII ئەسىردە، چىڭگىزخاننىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاساسەن پىيادە قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدا، ئاتلىق قوشۇن ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىدىغان ئاساسىي كۈچ ئىدى. ئات ئەجدادلىرىمىز ھاياتىدا يالغۇز قاتناش قورالى بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ھەربىي جەھەتتىكى ئاساسىي قورال بولغان. ئات يەنە تاشقى سودا مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ، چەت ئەلگە چىقىرىلىدىغان مۇھىم تاۋار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھونلار، كۆك تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئات بېقىش، ئات ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغانىدى. بىرنەچچە يۈزمىڭ جەڭ ئاتلىرىنى تەييارلاش ئۈچۈن، بىرنەچچە مىليون ئات يېتىشتۈرۈش لازىم ئىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئات ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە

(1) توقتو: «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» خەنزۇچە «ئىدىقۇت ھەققىدە قىسسە».

كۆڭۈل بۆلگەندىن تاشقىرى، قوي، كالا، تۆگە قاتارلىق چارۋا ماللارنى ئۆستۈرۈشكىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن.

ئۇۋچىلىق ئۇيغۇرلار هاياتىدا ئوزۇق - تۈلۈككە بولغان بەزى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قامداشنىڭ ۋاستىسى بولۇپلا قالماستىن، تىنچ كۈنلەردە قوشۇنلارنى ھەربىي مەشىق قىلدۇرۇشنىڭ بىر ۋاستىسىمۇ بولغانىدى. ئۇيغۇرلار ئوۋغا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. مىلادىنىڭ 981 - يىلى جوڭگو (سۇڭ خانلىقى) دىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋاڭ يەندى: «ئۇيغۇرلار ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئوقيا ئېتىشقا ماھىر كېلىدۇ» دەپ يازغان. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تاغلىرى، ئورمانلىرى، يايلاق - دالالىرىدا، ياۋايى ھايۋانلار، ياۋايى يىرتقۇچ قۇشلار كۆپ ئىدى. ئۇۋچىلىقنىڭ شەرت - شارائىتلىرىمۇ ئوبدان ئىدى. ئۇياڭ شيۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇلارنىڭ زېمىنىدىن قاشتېشى، ياۋا قوتاز، قۇلان، بىر ئۆركەشلىك تۆگە (نار تۆگە)، ئاق سۆسەر، بۆكەن مۈڭگۈزى... ئالماس، قىزىل تۇز، كىگىز، ئات كۆنى چىقىدۇ.»[1]

ئۇيغۇرلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوقيا بىلەن ئوۋ قىلغاندىن تاشقىرى، قولغا ئۆگىتىلگەن يىرتقۇچ قۇشلار ئارقىلىقمۇ ئوۋ قىلاتتى. «ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىدىن شۇڭقار، بۈركۈت، لاچىن، قارچىغا چىقىدۇ.»[2]

## قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن تىنچ، ئىناق ئۆتۈشتەك ئوبدان قوشنىدارچىلىق يولىنى تۇتقانىدى. لېكىن قاراخانى ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنى ئېتىقادلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن (قاراخانى ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىغا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى) ئىككى قېرىنداش دۆلەت ئارىسىدا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇش بولغان بولسىمۇ، ئىدىقۇت خانلىقى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىدىن قوبلايخان بىلەن قايدۇخان ئارىسىدا 40 يىل داۋام قىلغان (1260 - يىلدىن 1300 - يىللىرىغىچە) ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىگىچە (850 - 1260) ئاساسەن تىنچ دەۋردە ياشىغانىدى. مانا شۇنداق ئەھۋال دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ناھايىتى ئۇچۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

(1) ئۇياڭ شيۇ: «يېڭى بەش سۇلالە تارىخى» خەنزۇچە «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

(2) تۇقتو: «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» خەنزۇچە «ئىدىقۇت ھەققىدە قىسسە». 232 - بەت.

يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىنى ئالغا سۈردى. پاختا توقۇمىچىلىقى، يىپەك توقۇمىچىلىقى، زەرگەرلىك (ئالتۇن، كۈمۈشتىن زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ياساش) مېتالچىلىق، (مىس، تۆمۈردىن ئۆرۈش قوراللىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ياساش)، كانچىلىق، دورىگەرلىك، سەرراشلىق (ئېگەر، يۈگەن، نوختا ياساش)، مەيچىلىك (ئۈزۈم شارابلىرى) قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ خىلمۇ خىل تۈرلىرى بەكمۇ تەرەققىي قىلغان.

توقتۇ مۇنداق دەپ يازغاندى: «ئۇيغۇرلار ئەقىللىق، ساغلام بولۇپ، ھۈنەرۋەن كېلىدۇ. ئۇلار، ئالتۇن - كۈمۈش، مىس - تۆمۈرلەرنى ئېرىتىپ سايمان ياساشقا ۋە قاشتېشى ھۈنىرىگە ئۇستا كېلىدۇ.»[1]

XIII ئەسىردە ياشىغان جۇڭگو تارىخچىسى خۇڭ خاۋ مۇنداق دەپ يازغاندى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياللىرى باشلىرىغا جىرىڭلاپ، تىترەپ تۇرىدىغان، چاچنى قارماپ، بىر - ئىككى ئىلىك ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئالتۇن تۇرگۈچ تاقايدۇ. ئۇيغۇرلار زەرگەرلىك ھۈنىرىگە ئۇستا بولۇپ، تىترەپ تۇرىدىغان ئالتۇن - زىرە ۋە ئالتۇن ھالقىلارنى ياسايدۇ. يىپەك تارتىپ يىپەك بېسىپ چىقىرىپ، كىمخاپ، شايى، يىپەك تورلارنى توقۇشقا ئۇستا. يەنە بەش خىل رەڭلىك يىپتىن توقۇلما تون توقۇيدۇ. بۇنداق تونلار كىس دەپ ئاتىلىدۇ، بەكمۇ چىرايلىق بولىدۇ. بۇندىن باشقا يەنە كالاۋۇتۇن (ئالتۇن يىپ) ئىشلەشكە ئۇستا. مانا شۇ كالاۋۇتۇندىن چاپانلارنىڭ دۈمبىسىگە گۈل ۋە دەرەخلەرنى كەشتىلەپ قويىدۇ.»[2]

قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىچكى بازار بىلەن تاشقى سودا ئالاقىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈنمۇ كەڭ مىقياستا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى خەلقئارا قۇرۇقلۇق سودا يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مانا شۇنداق شارائىت، ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگو ۋە غەربتىكى دۆلەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي ئالاقە قىلىشىغا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا پايدىلىق ئىدى.

قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تاغلىق قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن «سارت» دېگەن نامغا ئىگە بولۇشى ئۇلارنىڭ سودا ئىشلىرىغا ئۇستا ئىكەنلىكى،

(1) توقتۇ: «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» خەنزۇچە «ئىدىقۇت ھەققىدە قىسسە».

(2) «غەربىي دىيار ھەققىدە ئومۇمىي بايان» خەنزۇچە 1 - جىلد 9 - بەت.

سودا ئالاقىلىرىدا ساختىپەزلىك قىلمايدىغان ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «سارت» سۆزىنىڭ مەنىسى «كارۋان بېشى» دېگەن بولىدۇ.

ئۇيغۇر سودىگەرلىرى شەرقتە شىمالىي سۇڭ خانلىقى، شەرقىي قىتان خانلىقى، تاڭغۇت خانلىقى قاتارلىق دۆلەتلەرگە بېرىپ سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، غەربتە قاراخانىيلار ئارقىلىق شەرقىي روما، ئىران، ئەرەب ھىندىستانغىچە بېرىپ سودا قىلغان.

ئۇيغۇرلار چەت دۆلەتلەرگە ئات، تۆگە، ئات جابدۇقلىرى (ئاساسەن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگە) گۈللۈك يىپ رەختلەر، يىپەكماللار، ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، دورا ـ دەرمانلار، نۇشۇدۇر، مەستىكى رۇمى، ئاق سۆسەر، بۆكەن مۈڭگۈزى، ئالماس، كىگىز، كۆن قاتارلىق تاۋارلارنى چىقىراتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قاشتېشىدىن ياسالغان زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئەسۋاب ـ جابدۇقلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىن چىرايلىق، سۈپەت جەھەتتىن نەپىسلىكى دۇنيا بازىرىدىكى خېرىدارلارنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى، شەرقىي قىتان خانلىقى، جۇرجىت خانلىقى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئات، دورا ـ دەرمان، رەخت (پاختا يىپتىن توقۇلغان) قاتارلىق ماللىرى، جۇڭگونىڭ يىپەك ماللىرى ۋە مىس پۇللىرىغا ئالماشتۇرۇلاتتى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى شەرقىي قىتانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا كۆپەرەك جەڭ ئاتلىرىغا ئېھتىياجلىق ئىدى. سۇڭ سۇلالىسى جەڭ ئاتلىرىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدىن سېتىۋالغاندىن تاشقىرى، قاراخانىيلاردىن (خوتەن ئارقىلىقمۇ) سېتىۋالاتتى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 1085 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلاردىن 1 مىليون 200 مىڭ سەر كۈمۈش قىممىتىگە باراۋەر كېلىدىغان پۇلغا ئات سېتىۋالغانىدى.

## تۇرمۇش باياشاتلىقى

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى باياشات ئۆتكەن. ئۈزۈمچىلىكتا خىلمۇ خىل ئاشلىق، گۆش، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات، ئۈزۈم شارابلىرى مول بولغان. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەملىكەت ئىچىدە كەمبەغەللەر يوق دېگۈدەك ئىدى. ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ئاز ئۇچرايتتى. تۇرمۇشنىڭ باياشاتلىقى، داۋالاش ئىشلىرىنىڭ ياخشى يولغا قويۇلغانلىقتىن كىشىلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن.

كىشىلەر يېمەك ـ ئىچمەكتە باياشات، غەمسىز ياشىغاندىن تاشقىرى، ناھايىتى ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيەتتى.

«غەربىي يۇرت توغرىسىدا ئۇمۇمىي بايان» ناملىق ئەسەرنىڭ 1 ـ جىلدىدا مۇنداق يېزىلغان: «كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ ھەممىسى يۇمىلاق ياقىلىق، تار يەڭلىك بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئېتىكى سولغا، ئاياللارنىڭ ئېتىكى ئالدىغا ئېچىلىدۇ. ئىچ كۆڭلەك ۋە ئىزىنى يېپىپ تۇرىدىغان كەمزۇل كىيىشىدۇ. ئاياللار بېشىغا قىش ـ يازدا دېگۇدەك ئالدىغا ئۆكە قادالغان، بېزەلگەن تۇماق كىيىدۇ. ئەرلەر بولسا قىشتا تۇماق، يازدا كىمخاپ دوپپا ياكى كىگىز قالپاق كىيىدۇ. قالپاقلارنىڭ ئۈستى يېشىل تاۋار تاشلىق بولىدۇ. بۇنداق قالپاقلارنىڭ ئېگىزلىكى بەش ـ ئالتە سۇڭ بولۇپ، قالپاقلارنىڭ چېكىلىكىگە قادالغان ئۆكە (يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ پەيلىرى) لەرنىڭ ئۇزۇنلۇقىمۇ بەش ـ ئالتە سۇڭ كېلىدۇ. ئەرلەر قالپىقىنىڭ ئۆكەسى تىك ـ تۈز بولۇپ، ئاياللارنىڭ تۇمىقىغا قادالغان ئۆكە ئارقىغا ئېگىلىپ تۇرىدۇ. ئاياللارنىڭ تۇماقلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان چېكە گۈللەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئاجايىپ چىرايلىق كېلىدۇ. روھانىيلارنىڭ دوپپىسى يۇمىلاق جىيەكلىك بولۇپ، ئاق رەختتىن تىكىلىدۇ... پۇتىغا كالا، قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆن ئۆتۈك كىيىشىدۇ.»

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خانلىرى، بەگلىرى كىمخاپ، تەتىللا، دۇخاۋا، رەڭگى كۆك، قىزىل يىپەك تاۋارلاردىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىپ، ئالتۇن تاج تاقايتتى.

## يىگىرمە بەشىنچى باب: ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

### بىناكارلىق

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى تېررىتورىيىسىدە ئاۋات، ئاجايىپ چىرايلىق شەھەرلەر، ئوردىلار، قورغانلار، ئىبادەتخانىلار، ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

مىلادىنىڭ 981 ـ يىلى شىمالى سۇڭ سۇلالىسىدىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋاڭ يەندى: «شەھەرلىرىدە باغچىلار، ئېگىز چوڭ مۇنارلار، ئارامگاھلار كۆپ» دەپ يازغان بولسا، مەھمۇد كاشغەرى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇ شەھەرلەرنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ

ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر: سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان، قۇچۇ، جانبالىق، بەشبالىق، يېڭىبالىق.»[1]

مەھمۇد كاشغەرى XI ئەسىردە بەرگەن مەلۇماتىدا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىدا ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، «ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار» دېگەن. مەھمۇد كاشغەرى «سۇلمى» شەھىرىنى زۇلقەرنەيىننىڭ سالدۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ رىۋايەت بولسا كېرەك. چۈنكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مىلادىيىدىن 330 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرىدە تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا كەلگەن ئەمەس. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، سۇلمى شەھىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى بەشبالىق شەھىرىنىڭ قاچان بىنا بولغانلىقى، قاچاندىن تارتىپ «بەشبالىق» دەپ ئاتالغانلىقى، شەھەر قورۇلۇشى ۋە ئۇنى كۆلىمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىرنەرسە دېيىش قىيىن، لېكىن يازما تارىخىي مەلۇماتلار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن پاكىتلار بويىچە هۆكۈم قىلغاندا، بەشبالىقنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنلا باشلانغانلىقى (هون دەۋرىدە)، بولۇپمۇ بەشبالىقنىڭ كۆك تۈركلەر قاغانلىقى ۋە ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدە خېلى چوڭ كۆلەمدە ئىكەنلىكى مەلۇم. بەشبالىق ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىغا پايتەخت بولغاندا، شەھەر تاشقىرىقى ۋە ئىچكىرىكى شەھەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، شەھەر سېپىلىنىڭ هازىرقى خارابىسىگە قاراپ هۆكۈم قىلغاندا، شەھەر سېپىلى ئۇلىنىڭ توغرىسى سەككىز مېتىر، ئېگىزلىكى ئون مېتىر ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. مىلادىيىنىڭ 732 - يىلى كۆل تېكىن خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشتا بەشبالىق تىلغا ئېلىنغان. شۇ پاكىتقا قارىغاندا، بەشبالىقنىڭ بەش شەھەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئېنىق. بەشبالىقنىڭ ئىچكىرىكى شەھىرى خانلار، بەگلەر تۇرىدىغان بىنالارنى ئاساس قىلغان خان شەھىرى ئىدى. مانا شۇ خان شەھىرىدە ئىدىقۇتلار تۇرىدىغان خان ئوردىسى بار ئىدى. شەھەرنىڭ هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خارابىسىگە قاراپ هۆكۈم قىلغاندا، خان شەھىرى سېپىلىنىڭ ئەتراپىدا كىچىك كۆلگە ئوخشىشىدىغان، توغرىسى 18 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان خەندەك بولغان.

(1) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم 152 - بەت.

ئورنى ھازىرقى جىمسار ئەتراپىغا توغرا كېلىدىغان بەشبالىق شەھىرى مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنلا تارىخىي يىلنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ (ئۇ چاغلاردا باشقا نام بىلەن ئاتالغان) شەھەر قورۇلۇشىدا، پىششىق خىش، گۈللۈك خىشلار ئىشلىتىلگەن، شەھەر سېپىلى قاڭدىلىپ، توپا بىلەن قوپۇرۇلغان.

بەشبالىقنىڭ جايلاشقان ئورنى يېقىندىن قەدىمكى چاغدا، خەلقئارا قاتناش ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيە جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. بەشبالىق قەدىمكى چاغدا غەربتىن شەرققە، شەرقتىن غەربكە، شىمالدىن جەنۇبقا، جەنۇبتىن شىمالغا ئۆتىدىغان ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن يوللارنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈگۈنى ئىدى. شۇنىڭدەك، شەرقىي ئاسىيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى يۈرگۈزۈشتە چوقۇم تالىشىدىغان ئىستراتېگىيىلىك جاي ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى چاغدا، ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى، تۈركلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى، ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلىكلەر بەشبالىق ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان سان - ساناقسىز، قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

جۇڭگو مىلادىنىڭ 751 - يىلى ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى تالاس دەرياسى بويىدا، ئەرەبلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىلادىنىڭ 758 - يىللىرى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن توپىلاڭلار (ئۆڭلۈك - سۆگۈم توپىلىڭى) جۇڭگودىكى تاڭ سۇلالىسىنى ھالسىرىتىپ قويىدى. شۇ سەۋەبكە كۆرە، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي تەسىرى ئاياغلىشىپ، ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى كۈچەيدى. تىبەت خانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلاپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىنىڭ 760 - يىللىرى گەنسۇنى بېسىۋالدى. گەنسۇنىڭ قولدىن كېتىشى جۇڭگونىڭ غەرب ئەللىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. شۇ سەۋەبكە كۆرە، جۇڭگو «ئۇيغۇرلار يولى» دەپ ئاتىلىدىغان يول ئارقىلىقلا، غەرب ئەللىرى بىلەن ئالاقە قىلىدىغان بولدى. شۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى تىبەت خانلىقىغا قارشى ئىتتىپاقداش ئىدى. جۇڭگونىڭ ئەلچىلىرى، سودىگەرلىرى چاڭئەندىن شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ، سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇنغا باراتتى، ئاندىن كېيىن غەربكە بۇرۇلۇپ ئالتاي تاغلىرىدىن ھالقىپ بەشبالىققا كېلەتتى. بەشبالىقتىن غەربكە ياكى جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، تەڭرىتاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تارىم

ۋادىسى ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە باراتتى. مانا شۇ خەلقئارا يول شۇ چاغدا «ئۇيغۇرلار يولى» دەپ ئاتالغانىدى. «ئۇيغۇرلار يولى» ئۆتىدىغان ئاساسىي رايونلار (موڭغۇلىيە، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، تارىم ۋادىسى، پەرغانە) ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئىدى.

ئۇيغۇرلار شەرقتىن غەربكە بارىدىغان خەلقئارا سودا يوللىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، شەرقىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن (ئاساسەن جۇڭگو بىلەن) غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ ئۇچۇشلۇق ھالدا داۋام قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھېسابسىز قان تۆكتى.

ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار خەلقئارا قاتناش يولىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بەشبالىق ئۈچۈن، تىبەت خانلىقى بىلەن بىرنەچچە قېتىم قانلىق ئۇرۇش قىلدى. بۇنداق ئۇرۇشلار ئاخىرقى ھېسابتا ئۇيغۇرلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلىشىپ، تىبەت خانلىقىنىڭ بەشبالىقنى تارتىۋېلىش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بەشبالىقنى پايتەخت قىلغانىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە بەشبالىق كېڭەيتىلىپ، تېخىمۇ چوڭ شەھەرگە ئايلاندى. شۇ دەۋردە، بەشبالىق سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانىدى. «ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئوينىغان رولى» توغرىسىدىكى بابتا: XIII ئەسىردە چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشىدا، ناھايىتى مۇھىم (سىياسىي، ھەربىي) ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ بەشبالىقلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. مانا شۇ پاكىتنىڭ ئۆزىلا بەشبالىقنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. XIII - XIV ئەسىرلەردە بەشبالىقتا يېتىشكەن سىياسەتچىلەر، ھەربىي ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى شۇ شەھەردە ناھايىتى بىلىملىك ئالىملارنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە، خەلقنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئولتۇراق ھايات كەچۈرگەن. ئىقتىساد گۈللەپ ياشنىغان. شۇڭلاشقا، بىناكارلىق ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. خانلار، بەگلەر، ناھايىتى ئازادە، ھەشەمەتلىك ئوردا - سارايلاردا ياشىغان بولسا، خەلقلەر ئىچىدىكى ھاللىقلارمۇ ئىككى قەۋەتلىك، ئاستى گۈللۈك، تاختايلىق، روجەكلىك، ھويلىلىرى گۈل ۋە دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان

ئۆيلەردە ياشىغان.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ قىشلىق پايتەختى ھېسابلانغان قارا قۇچۇ شەھىرىنىڭ قىش پەسلىدىكى ھاۋاسىنىڭ ئۇنچىۋالا سوغۇق بولماسلىقى ئۇنىڭ خانلارنىڭ قىشلايدىغان شەھىرى بولۇشىغا سەۋەب بولغان. قارا قۇچۇ شەھىرى ئىقتىساد ۋە دىنىي مەركەز ئىدى.

## ئەدەبىيات

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە تۇرپان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. خانلىق تېررىتورىيىسى غەرب بىلەن شەرق ئارىسىدىكى خەلقئارا قاتناشنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرى ئۆتىدىغان رايون بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇرپان ۋە باشقا شەھەرلەر يۇنان، پارس، ھىندى، خەنزۇ، تىبەت مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇ سەۋەبتىن، مەزمۇنى مول، شەكلى بەكمۇ گۈزەل، ئۆزگىچە بولغان يۈكسەك ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇر ئىدىقۇت مەدەنىيىتى قەدىمكى شامان، بۇددا، مانىي، قىسمەن خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان دۇنياۋى مەدەنىيەت ئىدى. بولۇپمۇ بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق قوللانغان دەۋرىدىن ھېسابلاشقا توغرا كەلسە، بۇ دەۋر مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇن يېزىق قوللانغانىدى. ئەپسۇسكى ھېلىغىچە تېپىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى V ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇرۇن قەلەمگە ئېلىنغانلىرىدىن دېرەك بولمايۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا، كۆز ئالدىمىزغا «مۇقەددەس قەبرە» (مانىي دۇئاسى)، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئىرق پۈتۈك» (پالنامە)، «مانىي شېئىرلىرى»، «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن ياروغ»، «ئىككى تېكىن ھېكايىسى» قاتارلىق ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر كېلىدۇ.

غەربىي ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇنلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، IV ياكى V ئەسىردە قىسمەن ھالدا مانىي دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلغانىدى. 180 قۇرلۇق «مۇقەددەس قەبرە» ناملىق مانىي دۇئاسىنىڭ V ئەسىردە بوتورمىش تارقان تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى تاسادىپىي ئەمەس

ئىدى. بۇددا دىنى مىلادىنىڭ IV ئەسىردە غەربىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئاساسىي دىنغا ئايلانغان. شۇ چاغدا، بۇددا دىنى، خوتەن، قەشقەر، كۇچا خانلىقلىرىدا دۆلەت دىنى بولغان بولسا، V ئەسىرگە كەلگەندە تۇرپان رايونىدىمۇ ئاساسىي دىن بولۇپ قالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر، كۇچا، تۇرپان رايونلىرىدىمۇ مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بار ئىدى. دەل شۇ چاغدا، شەرقىي ئۇيغۇرلار شامان دىنىدا ئىدى. شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقىنىڭ قاغانى بوگوخانىنىڭ ۋاقتىدا مىلادىنىڭ 762 - يىلى شامان دىنىنى تەرك ئېتىپ، مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان.

تۇرپاندىن تېپىلغان «چىستانى ئىلىك بەگ» قىسسىسى مىلادىنىڭ V ئەسىردە ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان. بۇ قىسسە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، V ئەسىردىلا قەلەمگە ئېلىنغان. «چىستانى ئىلىك بەگ» قىسسىسىدىكى قەھرىمان چىستانى ئىلىك بەگ، ئۆز خەلقىنى بالايىئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، خەلق ئارىسىغا قورقۇنچلۇق ۋابا كېسىلىنى تارقىتىۋاتقان بەكمۇ ياۋۇز جىنلارغا قارشى جەڭ قىلىپ، ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. بۇ قىسسە ئۇيغۇر ئەپسانىسىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، كۆپتۈرۈش قاتارلىق بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى قوللىنىلغان.

VIII ئەسىردە، ئۇيغۇر - ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان «ئىرق پۈتۈك»نى ئاۋرېل ستەين داشاتادىكى بۇددا مىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىرىدىن تاپقان. «ئىرق پۈتۈك» 104 بەتلىك بولۇپ، يۈزدىن ئارتۇق چۆش ۋە تەبىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئىرق پۈتۈك» نىڭ لىكوك تەرىپىدىن تۇرپان تۇيۇقتىن تېپىلغان باشقا بىر نۇسخىسىمۇ بار.

«ئىرق پۈتۈك» ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ھالەتلىرىدىن بىرى بولغان چۈشكە ئىشىنىش، چۈشكە تەبىر بېرىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئىرق پۈتۈك» دە بەزى چۈشلەر ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ قارالسا، بەزى چۈشلەر يامانلىقنىڭ ئالامىتى دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن: كىشىلەر چۈشىدە قۇش بولۇپ ئۇچسا، ئوقيا ئاتسا، تاڭ ئاتقانلىقىنى كۆرسە، بۇ ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر كىشىلەر چۈشىدە: بىرەر جايغا ئوت كەتكەنلىكىنى، قۇشلارنىڭ تۇزاققا چۈشكەنلىكىنى كۆرسە، بۇ چوقۇم يامانلىقنىڭ ئالامىتى دەپ قارىلىدۇ.

«ئىرق پۈتۈك» دە بايان قىلىنغان چۈشلەردىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق

ئالامەتلىرىنىڭ خېلى كۆپى بوگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆز تەسىرىنى يوقاتقان ئەمەس.

مىلادىنىڭ VIII ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇر - ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان «ئىرق پۈتۈك» نى ئى. ۋ. ستىلوۋا ئەدەبىي ئەسەر سۈپىتىدە قاراپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئادەم ۋە ھايۋانلار تۇرمۇشى، ئەپسانە ۋە چۆچەك ۋەقەلىرى، تەبىئەت تەسۋىرى، ماقال - تەمسىللەردىن ئىبارەت تۆت بۆلەككە ئايرىغان.»[1]

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە، خېلى كۆپ شائىرلار، ئەدەبىي تەرجىمانلار مەيدانغا كەلگەن. شۇ دەۋردە ئۆتكەن شائىر ۋە تەرجىمانلاردىن ئىسمى ۋە ئەسەرلىرى بىزگە مەلۇم بولغانلاردىن بىرنەچچىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

«ئۇلاردىن ئاپرىنچۇر تېكىن (IX ئەسىردە ياشىغان)، كۆل تارقان، سىنقۇ سەلەي تۇتۇڭ، كەلىمە كەيشى، قىراتياشىرى، كى - كى، ئاسىغ تۇتۇڭ، چىسۇيا تۇتۇڭغا ئوخشاش ئەدىبلەر ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانىدا ئىجادىي ئىش بىلەن شۇغۇللانغان.»[2]

ئۇلار ئىچىدىن IX ئەسىردە ئۆتكەن مانىخېيست شائىر ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ تۇرپاندىن ئىككى پارچە شېئىرى تېپىلغان. شېئىرنىڭ بىرى مانىي تەڭرىسىگە بېغىشلانغان «مەدھىيە» بولۇپ، تۆتلۈك بىلەن يېزىلغان ئۈچ تاقماقتىن ئىبارەت. «مەدھىيە» نىڭ ئۈچىنچى تاقماقنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان يەشمىسىنى كۆزدىن كەچۈرەيلى:

ئەسلى نۇسخىسى:

كۈن تەڭرى يارۇقىن تەگ كۆكۈزلۈگۈم بىلگەم،
كۈن تەڭرى يارۇقىن تەگ كۆكۈزلۈگۈم بىلگەم.
كورتلە تۈزۈن تەڭرىم كۈلۈگۈم كۈزۈنچۈم،
كورتلە تۈزۈن تەڭرىم، بورقانىم بولۇنچىسۇزۇم.

يەشمىسى:

(1) «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇيغۇرچە، قازاقىستان س س س ر «نائۇكا» نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى 11 - بەت.

(2) «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 9 - بەت.

كۆڭلى كۈن تەڭرىسىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم،
كۆڭلى كۈن تەڭرىسىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم،
گۈزەل پەزىلەتلىك، شۆھرەتلىك، قوغدىغۇچى تەڭرىم.
گۈزەل پەزىلەتلىك، تەڭداشسىز بۇرھانىم تەڭرىم.

شېئىرنىڭ يەنە بىرى، ئىشقى مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان لىرىك ھېسسىياتقا تولغان ئالتىلىك شەكلىدىكى بىر تاقماقتىن ئىبارەت.

ئەسلى نۇسخىسى:

يارۇق تەڭرىلەر يارلىقازۇن،
ياۋاشىم بىرلە.
يافىشيان ئادرىل مالىم،
كۈچلۈك پەرىشتىلەر كۈچ بىرزۇن.
كۆزى قارام بىرلە
كۈلۈشۈگىن ئولۇرالىم.

يەشمىسى:

يورۇق تەڭرىلەر يار بولغاي،
يوگەچىم بىلەن
يېپىشقانچە ئايرىلمايلى،
كۈچلۈك پەرىشتىلەر كۈچ بەرسۇن،
قارا كۆزلۈكۈم بىلەن
كۈلۈشۈپ ئولتۇرايلى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شائىرلاردىن ئاپرىنچور تېكىندىن باشقىسى دېگۈدەك بۇددىست شائىرلار ئىدى. چىسۇيا تۇتۇڭ، پراتياشىرى، كى - كى، ئاسىغ تۇتۇڭلار بۇددىست شائىرلار ئىدى. پراتياشىرىنىڭ «ھېكمەت پەزىلىتى» ناملىق 293 قۇردىن ئىبارەت شېئىرى ئەسىرى بار. شائىر كى - كىنىڭ 260 قۇردىن ئىبارەت توققۇز پارچە شېئىرى بار.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن قەدىمكى

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ساپلىقىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرىمىز.

«ئوغۇزنامە» نىڭ XIII ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىمۇ تۇرپاندىن تېپىلغان.

«ئوغۇزنامە» ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن بولسىمۇ، XI ئەسىردە قاراخانىيلارنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن قەشقەردە ياكى سەمەرقەندتە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن قەلەمگە ئېلىنغان. «ئوغۇزنامە» نىڭ XIII ئەسىردە تۇرپاندا قەلەمگە ئېلىنىپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغىنى قاراخانىيلار دەۋرىدە (XI ئەسىردە)، قەلەمگە ئېلىنىپ ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ قارىشىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، قاراخانىيلار دەۋرىدە يېزىلغان مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكىدە «ئوغۇزنامە» نىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالساقلا، مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىدە، «پەن ۋە ئەدەبىيات بەكمۇ تەرەققىي قىلغانىدى. چوڭ تارىخىي ئەسەرلەر، مەسىلەن، گەردىزىنىڭ ‹زەينۇلئەخبار› (گۈزەل خەۋەرلەر) ناملىق ئەسىرى، بەيھەقىنىڭ 30 توملۇق تارىخىي كىتابى، مەجدىدىن ئەدنانىنىڭ ‹تارىخىي مۈلكى تۈركىستان› (‹تۈركىستان تارىخى›) ئەسىرى پەيدا بولدى. مۇھەممەد نارشاھىنىڭ كىتابى تەرجىمە قىلىندى. دىداكتىك ئەسەرلەردىن: نىزامۇلمولكىنىڭ ‹سىياسەتنامە› سى (‹دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدىكى كىتاب›)، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› ناملىق ئەسىرى، زەمەخشەرىنىڭ، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تىلشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلىرى، ‹ئوغۇزنامە› ۋە باشقىلار يېزىلدى.»[1] يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەر XI ۋە XII ئەسىردە يېزىلغان. دېمەك «ئوغۇزنامە»نى قاراخانىيلار دەۋرىدە، قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدە يارالغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ يادىكارلىقلار قاتارىغىمۇ كىرگۈزۈش كېرەك.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ بىر قىسمىنى بۇددا رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ قايتىدىن يېزىلغان ياكى تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر تەشكىل قىلىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى «ئالتۇن يارۇغ» دۇر.

«ئالتۇن يارۇغ» نى X ئەسىردە بەشبالىقلىق ئۇيغۇر شائىرى ۋە ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان سىنقوسەلى تۇتۇڭ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان.

(1) «ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» I توم ئۆزبېكچە 293 - بەت.

«ئالتۇن ياروغ» نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنى رۇس ئالىمى مالوۋ 1909 - يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ياشايدىغان ۋاڭشىگو يېزىسىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن تاپقان. «ئالتۇن ياروغ» 1915 - 1917 يىللىرى رادلوۋ ۋە مالوۋلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ خەلقئاراغا تونۇشتۇرۇلغان. «ئالتۇن ياروغ» نىڭ داشاتا ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىلىرى ۋە ھىند - سانسكرىتچە، تىبەتچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە نۇسخىلىرى بېرلىن ۋە لېنىنگرادتا ساقلانماقتا.

«ئالتۇن ياروغ» 730 بەتلىك چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەر، ئۇنىڭدا بۇددا رىۋايەتلىرى، ھېكايىلىرى سۆزلەنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى خېلى كۈچلۈك بولغان.

سىنقۇسەلى تۇتۇڭ VII ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر بۇددىست ۋە ئاتاقلىق تەرجىمان. «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئەركىن، بەكمۇ راۋان تەرجىمە قىلغان.

### سەنئەت

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە يالغۇز ئەدەبىياتلا تەرەققىي قىلىپ قالماستىن، ئىران (مانىي دىنى ئارقىلىق)، يۇنان (ھىندىلارنىڭ بۇددا مۇھىتى ئارقىلىق) ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە (ئوخشاشمىغان دەرىجىدە) مەيدانغا كەلگەن رەسساملىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتىراشلىقتا ئوخشاش ئۇيغۇر بۇددا سەنئىتىمۇ تەرەققىي قىلدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى تېررىتورىيىسىدە بىنا قىلىنغان مىڭئۆيلەرنىڭ تام رەسىملىرى، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى ھەيكەللەر (بۇتلار) ئۇيغۇر ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنىڭ ئىران، يۇنان، ھىندى، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە ئاساسىي ھۆكۈمران دىن بۇددا دىنى بولۇپ، مانىي، ناستورىيان دىنلىرى ئۇنچىۋالا چوڭ تەسىرگە ئىگە ئەمەس ئىدى. 840 - يىللىرى غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلار مانىي دىنىدا بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي ئۇيغۇرلاردا ئاساسىي دىن ھېسابلانغان بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. تۇرپاندىكى مانىي ئىبادەتخانىلىرى 840 - يىللىرى كۆچۈپ كەلگەن شەرقىي ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئازغىنا قىسمى XIII ئەسىردە

خرىستىئان دىنىنىڭ ناستورىيان مەزھىپىنى قوبۇل قىلغان.

## نەسەبنامە

### ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

| ئىسمى | سەلتەنەت سۈرگەن ۋاقتى |
|---|---|
| 1. پان تېكىن | 850 ـ 866 |
| 2. بوكو تېكىن | 866 ـ 871 |
| 3. ئىردىمىنخان | 940 ـ 948 |
| 4. ئارسلانخان | 948 ـ 985 |
| 5. بىلگە تېكىن | 1126 ـ ؟ |
| 6. ئىسەن تۆمۈر(بۇ بائۇرچۇق تېكىننىڭ ئاتىسى) | ؟ ـ ؟! |
| 7. بائۇرچۇق ئارت تېكىن | 1208 ـ 1235 |
| 8. قۇسمايىن | 1235 ـ 1245 |
| 9. سالۇن تېكىن | 1246 ـ 1255 |
| 10 ئوغرۇنج تېكىن | 1255 ـ 1265 |
| 11. ماموراق تېكىن | 1265 ـ 1266 |
| 12. قوجىغار تېكىن | 1266 ـ 1276 |
| 13. نولىن تېكىن | 1276 ـ 1318 |
| 14. تۆمۈر تېكىن | 1318 ـ 1327 |
| 15. سەڭگى تېكىن | 1327 ـ 1331 |
| 16. تايپان | 1331 ـ 1335 |

### موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانلىرى

| ئىسمى: | سەلتەنەت سۈرگەن ۋاقتى |
|---|---|
| 1. چىڭگىزخان | 1206 ـ 1227 |

2. ئوكتايخان 1229 ـ 1241

3. گويۇكخان 1246 ـ 1248

4. موڭكخان 1251 ـ 1259

## موڭغۇل بىكەلىرىدىن ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىغا ياتلىق بولغان قىزلار

| NO | قىزنىڭ ئىسمى | كىمنىڭ قىزى | كىمگە ياتلىق بولغان | قاچان |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ئال ئالتۇن | چىڭگىزخان | بائارچوق تېكىنگە | ئال ئالتۇن ياتلىق بولۇشتىن بۇرۇن 1210 ـ يىلى ۋاپات بولغان |
| 2 | باباقار | گويۇكخان | قوجىغار تېكىنگە | 1270 ـ يىلى |
| 3 | بۇرقان | ئوكتايخاننىڭ نەۋرىسى | نولىن تېكىنگە | 1275 ـ يىلى |
| 4 | باباچا | ئوكتايخاننىڭ نەۋرىسى | نولىن تېكىنگە | 1310 ـ يىلى |
| 5 | ئۇراچىن | ئانادار | نولىن تېكىنگە | 1310 ـ يىلى |
| 6 | تورچىسمان | موڭغۇل خانزادىسىنىڭ | تۆمۈر بوقا | 1307 ـ يىلى |

## IV بۆلۈم

# ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى

(مىلادىنىڭ 870 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 1035 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)

## يىگىرمە ئالتىنچى باب: ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ تەشكىل تېپىشى

شەرقىي ئاسىيادىكى تىبەت خانلىقى VIII ئەسىردە ئەڭ قۇدرەتلىك باسقۇچقا كىردى.

مىلادىنىڭ 630 ـ يىلى تىبەت قەبىلىلىرى ئىچىدىن سوڭزەن كانپۇ ئاتلىق بىر قەھرىمان چىقتى. ئۇ مىلادىنىڭ 630 ـ يىلى ھازىرقى تىبەت، كۆكنۇرنىڭ ئېگىز قىرلىرىدا ياشايدىغان تىبەت قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، تىبەت خانلىقىنى قۇردى. سوڭزەن كانپۇ (مىلادىنىڭ 630 ـ يىلىدىن 650 ـ يىلىغىچە خان بولغان) ھەربىي تۈزۈم ۋە قانۇنىي تۈزۈم ئورنىتىپ، تىبەت خانلىقىنى مۇستەھكەملىدى. خوتەن ئۇيغۇرلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلار قوللانغان يېزىق ئاساسىدا (ئېھتىمال سانسكرىت يېزىق بولسا كېرەك) يېڭى يېزىق ياراتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قوشنىسى تىبەت خانلىقىدىن قورقۇپ، مىلادىنىڭ 641 ـ يىلى مەلىكە ۋېنچېڭنى سوڭزەن كانپۇغا ياتلىق قىلدى. مىلادىنىڭ 710 ـ يىلى بولسا مەلىكە جىڭچېڭنى تىبەت خانى چىلى سوزەنگە ياتلىق قىلدى.

مىلادىنىڭ VIII ئەسىردە، كۈچەيگەن تىبەت خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار يۈز بەردى. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ تىبەت خانلىقىغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، تىبەت خانلىقى تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئۈستۈن چىقتى. مىلادىنىڭ 760 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى تالاس ئۇرۇشىدا (مىلادىنىڭ

751 ـ يىلى) ۋە ئۆكلۈك ئىسيانىدا ئۇگۇشسىزلىقتا ئۇچراپ ئاجىزلاپ كەتتى. تىبەت خانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتىن ئەھۋالىنىڭ يامانلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىنىڭ 760 ـ يىللىرى بوگۇنكى سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دېگۈدەك ھەممە تېررىتورىيىسىنى تاڭ سۇلالىسىدىن تارتىۋالدى.

مىلادىنىڭ 783 ـ يىلى تىبەت خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدا تىنچلىق بىتىمنامىسى تۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تىبەت خانلىقى تارىم ۋادىسىنى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. باشتا ئۇيغۇرلار مەغلۇپ بولدى، ھەتتا تىبەت خانلىقى بەشبالىقنى ئۇيغۇرلاردىن تارتىۋالدى. لېكىن، مىلادىنىڭ 800 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانلىقى بەشبالىقنى تىبەت خانلىقىدىن تارتىۋالدى. ھەتتا، مىلادىنىڭ 808 ـ يىلى ئۇيغۇرلار تىبەتلىكلەرنى گەنسۇدىكى لياڭجۇ رايونىدىنمۇ قوغلاپ چىقاردى. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن تىبەت خانلىرى بەشبالىققا، كۇچاغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، مىلادىنىڭ 812 ـ يىلى ئۇيغۇر ـ ئورخۇن قاغانى ئاي تەڭرىخان تىبەتلىكلەرنى بەشبالىق، كۇچا ئەتراپلىرىدا تارمار قىلىپ، چوڭ غەلىبە قازاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، تىبەتلىكلەر گەنسۇدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئارانلا ساقلاپ قالالايدىغان بولۇپ قالدى.

كىشىلەرگە ئايان بولغاندەك، مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى گەنسۇغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. جۇڭگو تارىخچىلىرى شۇ چاغدا گەنسۇ رايونى تىبەت خانلىقىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى تىبەتكە كەتتى» دەپ يازغان.

مىلادىنىڭ 865 ـ يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ بوكو تېكىن باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرى ھازىرقى كۆكنۇردىكى شىنىڭ شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى لىدو رايونىدا تىبەت قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. تىبەت قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى شاڭ كۇڭرىنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ كاللىسىنى ئالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ گەنسۇدا تىبەتلىكلەرنىڭ تەسىرى تۈگىدى. چۈنكى شۇ مەزگىلدە، تىبەت خانلىقى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلىنىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت قوشۇنلىرىنىڭ 865 ـ يىلى تىبەت قوشۇنلىرى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى تىبەت خانلىقىنى يىمىرىلىشكە ئەكەلگەن بولسا، يەنە بىر

تەرەپتىن گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدىكى ئۇيغۇرلارنى تىبەتلىكلەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇردى.

خېشى كارىدورىدىكى ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 870 ـ يىلى گەنجۇ (هازىرقى جاڭيې) نى پايتەخت قىلىپ دۆلەت قۇردى. جۇڭگو تارىخچىلىرى بۇ دۆلەتنى «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دۆلىتى» دەپ يېزىشقان. بىز بۇ دۆلەتنى ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، شۇ نام بىلەن ئاتىدۇق. مۇستەقىل ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى (مىلادىنىڭ 870 ـ يىلىدىن مىلادىنىڭ 1035 ـ يىلىغىچە 160 يىل هۆكۈم سۈرگەن) نىڭ تېررىتورىيىسىگە، هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇڭخۇاڭ، جاڭيې، ۋۇۋېي، ئەنشى، جيۇچۇەن، لەنجۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپلىرى ۋە هازىرقى نىڭشىيادىكى ئىرسىن ۋادىسى قاتارلىق رايونلار كىرگەن. 841 ـ يىلى خېشى كارىدورىغا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسىدىن بولغان بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇنلا (مىلادىدىن بۇرۇنقى چاغلاردىن تارتىپ) خېشى كارىدورىدا ئۇيغۇرلار ياشىغانىدى.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب: ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ كۈچىيىشى

مىلادىنىڭ 907 ـ يىلى تەخمىنەن 300 يىل هۆكۈم سۈرگەن (مىلادىنىڭ 618 ـ يىلىدىن 907 ـ يىلىغىچە) تاڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگودا «بەش سۇلالە، ئون دۆلەت» دەپ ئاتالغان پارچىلىنىش دەۋرى باشلاندى. مانا شۇ دەۋردە (مىلادىنىڭ 907 ـ يىلىدىن 979 ـ يىلىغىچە) جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىدا كېيىنكى لياڭ (مىلادىنىڭ 907 ـ يىلىدىن 923 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، كېيىنكى تاڭ (923 ـ 936)، كېيىنكى جىن (936 ـ 946)، كېيىنكى خەن (947 ـ 950) ، كېيىنكى جۇ (951 ـ 960) قاتارلىق بەش سۇلالە پەيدا بولدى. دەل شۇ مەزگىلدە، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن سەنشى رايونىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ۋۇ بەگلىكى (مىلادىنىڭ 902 ـ يىلىدىن 937 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، جەنۇبىي تاڭ (937 ـ 975)، ۋۇيۇ (907 ـ 978)، چۇ بەگلىكى (907 ـ 951)، مىن بەگلىكى (907 ـ 945)، جەنۇبىي خەن (917 ـ 971)، ئالدىنقى شۇ بەگلىكى (903 ـ 925)، كېيىنكى شۇ بەگلىكى (933 ـ 965)، نەنپىڭ بەگلىكى (924 ـ 963)، شىمالىي خەن (951 ـ 979) قاتارلىق ئون بەگلىكمۇ پەيدا بولدى. جۇڭگو تارىخچىلىرى مانا شۇ دەۋرنى «بەش سۇلالە، ئون دۆلەت دەۋرى» دەپ ئاتىدى.

«بەش سۇلالە، ئون دۆلەت دەۋرى» دە جۇڭگونىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى كۈچلۈك، بىرلەشكەن دۆلەتنىڭ يوقلۇقى ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ كۈچىيىشىگە ياخشى ئىمكانىيەت ياراتتى. بولۇپمۇ «بەش سۇلالە دەۋرى» دىكى بەگلىكلەر بىلەن ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تەڭلىك ئاساسىدا بولغانىدى. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشى «بەش سۇلالە دەۋرى» دىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەربىي كۈچ جەھەتتىن ئاجىزلىقى، ئۆمرىنىڭ قىسقىلىقى، بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، بىرىنى - بىرى يۇتۇپ كېتىشى، چېگرىلىرىنىڭ تۇراقسىزلىقى سەۋەبىدىن بولغان.

مىلادىنىڭ 960 - يىلى سۇڭ سۇلالىسى جۇڭگونى ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ، دوستانە، باراۋەرلىك ئاساسىدا بولدى.

ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى قۇرۇلغاندىن تارتىپ كەڭسۇدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ باردى.

تاڭ سۇلالىسىدىن مىلادى 872 - يىلىغىچە داشاتادا ۋالىي بولۇپ تۇرغان جاڭ يىيچاۋنىڭ ۋارىسلىرىدىن جاڭ چېڭفېن مىلادىنىڭ 905 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولماي قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، مۇستەقىل «غەربىي خەن ئالتۇنتاغ بەگلىكى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. جاڭ چېڭفېن ئۆزىنى «ئاق تونلۇق تەڭرىقۇت» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىدى. لېكىن «غەربىي خەن ئالتۇنتاغ بەگلىكى» ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمىدى. ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 906 - يىلى جاڭ چېڭفېنغا قارشى ئۇرۇش باشلىدى. بۇ ئۇرۇش مىلادىنىڭ 911 - يىلى ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاياغلاشتى. جاڭ چېڭفېن ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەن تىبەت خانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرلارنى تارمار قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇيغۇرلار جاڭ چېڭفېننى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى سوغدىلاردىن بولغان ساۋ يىجىننى تەيىنلىدى.

«بەش سۇلالە، ئون دۆلەت» دەپ ئاتالغان ئۇششاق بەگلىكلەر ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى بىلەن نورمال مۇناسىۋەت باغلىغانىدى. لېكىن مىلادىنىڭ 911 - يىلى ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ جاڭ چېڭفېن ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى، كەيفېڭنى پايتەخت قىلغان «كېيىنكى لياڭ بەگلىكى» گە ياقمىدى. شۇ سەۋەبتىن، مۇناسىۋەت ئانچە ياخشى بولمىدى. «كېيىنكى لياڭ بەگلىكى» جاڭ

چىقىشىغا ھېسداشلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا قۇدرىتى يەتمىدى.

X ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، ساندىبىل (جۇڭگو تارىخچىلىرى گەنجۇ دەپ ئاتىغان) نى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى ياغلاقارلاردىن بولغان خاقانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇستەھكەملەندى، كۈچەيدى. تېررىتورىيىسى كېڭەيدى. شۇ چاغدا ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ چېگرىسى شەرقتە لەنجۇ شەھىرىنىڭ ئەتراپىغىچە، غەربتە تەڭرىتاغلىرى (قۇمۇلنىڭ شەرقى) غىچە، جەنۇبتا چىلىيەنشەن تاغلىرىغىچە، شىمالدا ھازىرقى نىڭشىيادىكى تەڭرى قۇملۇقىغىچە تۇتاشقانىدى. ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناش يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، غەرب بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى قاتناش ئالاقىلىرىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى جۇڭگودىكى ئۇششاق بەگلىكلەرگە ھەر دائىم سودا كارۋانلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۆزئارا سودا ئېلىپ باردى.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچىلىرى بۇ سودا كارۋانلىرىنى «ئەلچى»، سودا تاۋارلىرىنى بولسا «ئولپان» دەپ خاتا يېزىشقان. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ جۇڭگودىكى بەگلىكلەر بىلەن ھېچقانداق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. ھەتتا جۇڭگو سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 960 ـ يىلىدىن 1124 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بىرلىككە كەلگەن چاغدىمۇ، ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى سۇڭ سۇلالىسىگە بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدە بولغان ئەمەس.

چۈنكى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا ھەربىي كۈچ جەھەتتە ياكى سىياسىي جەھەتتە بېسىم ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەمەلىي ئىمكانىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى باشتا شەرقىي قىتان خانلىقى، ئارقىدىنلا تاڭغۇت خانلىقىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ئېغىر ئەھۋالدا قالغان. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى سۇڭ سۇلالىسىگە ئولپان تۆلىگەن دېيىش قانداق ئەقىلگە سىغىدۇ؟ «بەش سۇلالە، ئون دۆلەت دەۋرى» دە ئۆتكەن خانلار ئۆز بەگلىكلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىغا قارىماي، ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىدا ھۆكۈمران ئالماشقان چاغدا، يېڭى قاغانغا ھۆرمەت ئۇنۋانى بېرىشنى ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ ھېسابلىغان. بۇ خۇددى ئاباسى

خەلىپىلىكىنىڭ (مىلادىنىڭ ـ 751 يىلىدىن 1258 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) خەلىپىلىرىنىڭ قاراخانىيلار قاغانلىرىغا، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىرىغا، سەلجۇقىلار ئىمپېراتورلىرىغا، «شەرق ۋە غەربنىڭ پادىشاھى» «دىنىنىڭ ھامىيسى» دېگەندەك ئۇنۋانلارنى بەرگەنلىكىگە ئوخشىشاتتى. قاراخانىيلار، غەزنەۋىلەر، سەلجۇقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاباسىيلار خەلىپىلىرىدىن ئۇنۋان ئالغانلىقى ئۇلارنىڭ ئاباسىيلار غەلىپىلىكىگە بېقىنغانلىقىنى بىلدۈرمەيتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېڭىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن، ئۆزىنى ھەممىدىن يۇقىرى ھېسابلايدىغان ئەنئەنە ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىغان ئۇنۋانلارنى كەڭسۇ ئۇيغۇر قاغانلىرىغا تەقدىم قىلىشىغا سەۋەب بولغان.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب: ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى بىلەن تاڭغۇتلار ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلار

X ـ XI ئەسىرلەردە سۇڭ سۇلالىسىگە چېگرىداش بولغان جايلاردا، دەسلەپ شەرقىي قىتان خانلىقى، تاڭغۇت خانلىقى قۇرۇلدى. كېيىن جۇرجىت خانلىقى قۇرۇلدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خانلىقلار ئىچىدىن شەرقىي قىتان خانلىقى بىلەن جۇرجىت خانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېسىپ كىرىپ «بەش سۇلالە، ئون دۆلەت دەۋرى» دىكى ئاجىز ۋە ئۆمرى قىسقا بەگلىكلەر بىلەن سۇڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۆز تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىشكە ناھايىتى جىددىي ھالدا ئۇرۇنغان بولسا، تاڭغۇتلار ئاساسەن ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى تارمار قىلىشقا ئۇرۇندى.

تاڭغۇتلار ئەسلىدە تىبەت نەسىللىك خەلق بولۇپ، قەدىمكى چاغلاردا چوغاي تاغلىرىنىڭ غەربىي ئېتەكلىرىدە ياشايتتى. ئۇلار ئۇيغۇر ـ ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر قاغانلىقىغا بېقىنىپ ياشىغان خەلقلەرنىڭ بىرى ئىدى.

تاڭغۇتلار X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا كۆچىيىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۈچىيىشىگە شەرقىي ئاسىيادا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەر سەۋەب بولدى. 840 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى، مىلادىنىڭ 860 ـ يىللىرى كۈچلۈك تىبەت خانلىقىنىڭ ئاجىزلاپ بۆلۈنۈپ كېتىشى، 907 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭگودا ئۇنىڭغان ئۇششاق دۆلەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، بولۇپمۇ، سۇڭ سۇلالىسى بىلەن شەرقىي قىتانلار، جۇرجىتلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن

ئۇرۇشۇپ تۇرۇشى تاڭغۇت قەبىلىلىرىنىڭ كۆچىيىپ، ئاخىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىغا ئىمكانىيەت ياراتقانىدى.

مىلادىنىڭ XI ئەسىرىنىڭ 30 ـ يىللىرى تاڭغۇت خانى لى يەنخاۋ ئۆزىنى خان، دەپ جاكارلاپ، 196 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (1032 ـ 1227) تاڭغۇت خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى ھازىرقى نىڭشىيادىكى يىنچۇەن شەھىرى بولدى.

تاڭغۇت خانلىقى كۈچەيگەن چاغدا، تېررىتورىيىسىگە ھازىرقى نىڭشىيا رايونى، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمى، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمى، ئىچكى موڭغۇلنىڭ بىر قىسمى كىرگەنىدى. تاڭغۇت خانلىقىنىڭ ئاھالىسىنىڭ تەركىبىدە تاڭغۇتلار، ئۇيغۇرلار، خەنزۇلار، تىبەتلەر بار ئىدى.

تاڭغۇتلار ئۆز قوشنىلىرى (ئۇيغۇرلار، شەرقىي قىتانلار، سۇڭ سۇلالىسى، جۇرجىتلار) بىلەن ئۇزۇن مۇددەت دۈشمەنلىشىپ ئۆتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى بىلەن زادىلا ئىناق بولالمىدى.

تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ تارىخىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. بىرىنچى باسقۇچ، مىلادىنىڭ 920 ـ يىلىدىن 982 ـ يىلىغىچە بولغان 60 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ، مىلادىنىڭ 982 ـ يىلىدىن 1042 ـ يىلىغىچە بولغان 50 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز تۆۋەندە ئەنە شۇ ئىككى باسقۇچتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىمىز:

تاڭغۇتلار، مىلادىنىڭ X ئەسىرىنىڭ باشلىرىدا ھازىرقى نىڭشىيا رايونى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىغا قوشنا بولغان تېررىتورىيىلەردە كۆچۈپ يۈرەتتى. تاڭغۇت قەبىلىلىرى شۇ چاغدا قەبىلە ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشقانىدى. تاڭغۇتلارنىڭ ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلارغا كېتىۋاتقان ئەلچىلەر ۋە سودا كارۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ھەرىكەتلىرى مىلادىنىڭ 920 ـ يىللىرى خېلى ئەۋج ئالغانىدى. تاڭغۇتلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېتىۋاتقان ئۇيغۇر ئەلچىلىرى ۋە سودا كارۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى بۇلاپ ـ تالايتتى ۋە ئۆلتۈرەتتى.

لېكىن ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى كېيىنكى تاڭ خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇپ، تاڭغۇت بۇلاڭچىلىرىغا قارشى جىددىي چارىلەرنى كۆرگەن. «كارۋان

مۇھاپىزەتچىلىرىنى كۆچەيتكەن، ئۇلارغا قارشى مەخسۇس قوشۇن ئەۋەتكەن، تاڭغۇتلارغا قارشى مەخسۇس جازا ئۇرۇشلىرىنى تەشكىللىگەن.»[1]

تاڭغۇتلار مىلادى X ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خېلى قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. ئۇلار شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇشقا بەل باغلىدى. تاڭغۇتلار مىلادىنىڭ 982 ـ يىلىدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 1032 ـ يىلىغىچە بولغان 50 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىر ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى بىلەن تاڭغۇتلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى ئۈچۈن ھالاكەتلىك ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

تاڭغۇت خانى لى دىمىن (مىلادىنىڭ 1004 ـ يىلىدىن 1032 ـ يىلغىچە خان بولغان) مىلادىنىڭ 1006 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى سۇڭ جىنزۇڭغا (مىلادىنىڭ 998 ـ يىلىدىن 1022 ـ يىلىغىچە خان بولغان) ئەلچى ئەۋەتىپ، تىنچلىق بىتىمنامىسى تۈزۈۋالغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1008 ـ يىلى ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىغا رەسمىي ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئۇيغۇرلار تاڭغۇت قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. تاڭغۇت قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ۋاڭ زى لى دىمىننىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، سۇڭ سۇلالىسىگە قېچىپ كەتتى.

تاڭغۇتلار مىلادىنىڭ 1009 ـ يىلى 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىغا يەنە ھۇجۇم باشلىدى. بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا شەرقىي قىتانلارنىڭ ياردىمىنى ئالغان تاڭغۇتلار ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ پايتەختى ساندىبىلنى قورشىۋالدى. ساندىبىل قورشاۋى ئون كۈن داۋام قىلدى. لېكىن ئۇيغۇر قاغانى ياغلاقار «كېچىسى شەھەردىن تۇيۇقسىز چىقىپ، شەھەرنى قورشىۋالغان تاڭغۇت قوشۇنلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى، تاڭغۇتلار قېچىپ كەتتى.»[2]

تاڭغۇتلار مىلادىنىڭ 1010 ـ يىلى ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىغا يەنە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، نەتىجە قازىنالمىدى. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى مىلادىنىڭ 1008 ـ يىلىدىن 1010 ـ يىلىغىچە تاڭغۇتلار ۋە

(1) ئا. گ. مالياۋكىن: «IX ـ XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» رۇسچە 66 ـ بەت.
(2) «IX ـ XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» رۇسچە 73 ـ بەت.

قىتانلارنىڭ ھۇجۇمىنى زەربە بىلەن قايتۇرۇپ تۇرغان.

ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى مىلادىنىڭ 1010 ـ يىلىدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 1026 ـ يىلىغىچە تاڭغۇتلار بىلەن توختىماي ئۇرۇشۇپ تۇردى. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بەزىسى كىچىك كۆلەمدە بولسىمۇ، بەزىلىرى خېلى چوڭ كۆلەمدە بولدى. ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 1026 ـ يىلىغىچە بولغان ئۇرۇشتا، لەنجۇ رايونىدىكى تىبەت بەگلىكىگە ياردەم بېرىپ، تاڭغۇتلارنى تارمار قىلدى. دەل شۇ پەيتتە، شەرقىي قىتانلار ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ پايتەختى ساندىبىلنى ئۈچ كۈن قورشىۋالدى. ئەمما مەغلۇپ بولۇپ، قايتىپ كەتتى.

تاڭغۇتلار مىلادىنىڭ 1028 ـ يىلى ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. تاڭغۇتلار مىلادىنىڭ 1028 ـ يىلى ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ پايتەختى ساندىبىلنى بېسىۋالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى ياغلاقار (مىلادىنىڭ 1025 ـ يىلىدىن ـ1028 يىلىغىچە قاغان بولغان) «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئەسىرگە چۈشۈپ كەتتى. 1036 ـ يىلى تاڭغۇتلار خېشى كارىدورىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى سۇجۇ، گاجۇ، شاجۇ (جيۇچۈەن، يۈمىن، دۇڭخۇاڭ ئا) قاتارلىق قورغان ـ شەھەرلەرنى بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، شۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلار دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تايانچلىرى قولدىن كەتتى. بۇ جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى غەرب تەرەپكە كەتتى. يەنە بىر قىسمى جەنۇب تەرەپكە يۆرۈپ تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تىبەتلەر تۇرىدىغان رايونلارغا كەتتى.»[1]

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئامان قالغانلىرىنىڭ بىر قىسمى غەربكە يۆرۈپ، ئىدىقۇت تەۋەسى (قۇمۇل ئەتراپلىرى) غا كېلىپ پاناھلانغان بولسا، بىر قىسمى تىبەتلىكلەر رايونى (كۆكنۇر ئەتراپلىرى) غا كەتكەن. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن ناھىيىسىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار بولسا، تاڭغۇتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەي ئۆز ئورنىدا تۇرۇپ قالغان قىسمىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى بىلەن تاڭغۇتلار ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلار جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچىلىرى يازغان كۆپلىگەن ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى (تولۇق بولمىسىمۇ) مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن داستان پارچىلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

(1) ئا. گ. مالياۋكىن: « IX ـ XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى » روسچە 74 ـ بەت.

«تاڭغۇت قوشۇننى ئۇششۇپ تۇرغاندا باستى،
ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى مەسخىرە قىلدى.
ئەرلىرىنى، ئاتلىرىنى غەنىيمەت ئالدى،
تاڭغۇتلار ئەسىر بولۇپ بېشىنى ئەگدى.»[1]

«تاڭغۇت خاننى ئالدىدى،
ئۆلۈم بىلەن بېشىنى ئۇردى؛
قېرىنداشلىرى تاپا قىلدى،
ئۆلۈمنى كۆرۈپ رەڭگى ئۆچتى.

تاڭغۇت خانى قاتۇن سىنى خاننى ئالدىدى. ئۆلۈم ئۇنىڭ بېشىغا ئۇردى؛ يېڭىلگەن ئادەمنى قېرىنداشلىرى ئەيىبلىدى، دۈشمەنلىرى خۇشال بولدى، ئۆلۈمنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ رەڭگى ئۆچتى.»[2]

4 - ئىزاھاتتىكى قوشاق ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭغۇتلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنى كۆرسەتسە، 5 - ئىزاھاتتىكى قوشاق مەغلۇبىيەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ، «تاڭغۇتلار قاتۇن سىنى خاننى ئالدىدى» دېگەن جۈملىدىكى «قاتۇن سىنى خانى» دېگەن سۆز بىز باشتا ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىنى ھازىرقى نىڭشىيادىن ئىرسىن ۋادىسى (ئىچىن غول) غىچە كېڭەيگەنلىكىنى ئېيتقانىدۇق. مانا شۇ ئىرسىن ۋادىسىدا ئۇيغۇر - ئورخۇن قاغانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قاتۇنبالىق ناملىق بىر شەھەر بار ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «قاتۇن سىنى» دېگىنى، ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىغا قارايدىغان قاتۇنبالىق، شەھىرىنى «خانى» ئۇيغۇر قاغانىنى كۆرسەتسە كېرەك.

قاتۇن سىنى (تاڭغۇت بىلەن چىن ئارىلىقىدىكى بىر كىچىك شەھەرنىڭ نامى) خەلقى بىلەن تاڭغۇتلار جەڭ قىلىشتى؛ تاڭغۇتلار قاتۇن سىنى خەلقنى مەغلۇپ قىلدى.»[3]

دېمەك، يۇقىرىدىكى قوشاقتا، «قاتۇن سىنى»نىڭ بىر كىچىك شەھەر

(1) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I توم ئۇيغۇرچە 404 - بەت.
(2) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» III توم 446 - بەت.
(3) «تۈركىي تىللار دىۋانى» III توم 443 - بەت.

ئىكەنلىكى ئوچۇق ئېيتىلغان.

ھازىر بەزىبىر غەرب تارىخچىلىرى ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ پايتەختى گەنجۇ ئەمەس (بىز ساندىبىل دەپ ئاتىغان شەھەر) ئېھتىمال، قاتۇن سىنى دەپ ئاتالغان (بۇرۇنقى قاتۇنبالىق) شەھىرى بولۇشى مۇمكىن دېگەن پىكىرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ مەسىلە داۋاملىق تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

تاڭغۇتلارنىڭ ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقى كىشىدە، تاڭغۇتلار نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىدى؟ دېگەن سوئالنى تۇغدۇرىدۇ.

تاڭغۇتلارنىڭ ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجىزلىقى، ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى ئىگىلەپ تۇرغان جايلاردا تاڭغۇت ۋە ئۇلارغا قېرىنداش قەبىلىلەرنىڭ بولغانلىقىغا ئوخشاش ئەھۋاللار سەۋەب بولغاندەك تۇرىدۇ، لېكىن مۇھىم سەۋەب غەرب بىلەن شەرقنى باغلاپ تۇرىدىغان بىردىنبىر سودا يولىنى تىزگىنلىۋېلىش ۋە خىتاي كاربدوربدىكى مۇنبەت يەرلەرنى بېسىۋېلىش بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى گەرچە ئاجىز بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قاراخانىيلار ۋە ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدەك قېرىنداش قوشنىلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۇنۇملۇك ياردەم بېرىپ ئۇنى قوتۇلدۇرالمىغانلىقى ناھايىتى چوشىنىكسىز بىر ئىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىغا ھەربىي كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشنى خالىمىغان. ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى مىلادىنىڭ 996 ـ يىلىلا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيفېڭگە ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭغۇتلارغا قارشى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنى تەكلىپ قىلغان، لېكىن، مىلادىنىڭ 1001 ـ يىلى كەيفېڭگە بارغان ئۇيغۇر ئەلچىلىرى بىلەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى سۇڭ جېڭزۇڭ ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆزلىشىشلەر نەتىجىسىز تاماملانغان. ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 1008 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسىدىن يەنە ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، سۇڭ جېڭزۇڭ ياردەم بېرىشنى رەت قىلغان. شۇ چاغدا سۇڭ سۇلالىسى بىلەن شەرقىي قىتانلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش ھالىتى ئاساسەن ئاياغلاشقانىدى. چۈنكى مىلادىنىڭ 1005 ـ يىلى تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە بىنائەن، سۇڭ سۇلالىسى قىتانلار بىلەن بىر مەزگىل تىنچلىقنى ئوتتۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. شۇڭلاشقا، سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى يوقىلاڭ باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، قورۇق ۋەدىلەرنى بېرىپ، قىممەتلىك سوۋغىلارنى ئەۋەتىپ، ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىغا ئەمەلىي

ھەربىي كۈچ بىلەن ياردەم بەرمىدى.

بۇنداق قىلىش سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ «يات ياۋايىلارنى يات ياۋايىلارنىڭ قولى بىلەن يوقىتىش» دېگەن، سىناقتىن ئۆتكەن كونا تاشقى سىياسەت پرىنسىپىغا ئۇيغۇن ئىدى.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب: ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ تاشقى سودا مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى، جۇڭگو بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قۇرۇقلۇق قاتناش يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلىدە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى تاشقى سودا مۇناسىۋەتلىرىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى.

«بەش سۇلالە دەۋرى» دە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى دۆلەتلەر ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىدىن ھەربىي ئىشلارغا ناھايىتى كېرەكلىك بولغان ئات، ئات جابدۇقلىرىنى سېتىۋېلىشقا بەكمۇ موھتاج بولغان. بولۇپمۇ «كېيىنكى تاڭ بەگلىكى» بىلەن كېيىنكى جىن بەگلىكى شەرقىي قىتانلارغا قارشى ئۇرۇشتا، ھەر دائىم ئۇيغۇرلاردىن ئات سېتىۋالاتتى. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىمۇ ئۇيغۇرلاردىن ئات سېتىۋالغان.

مىلادىنىڭ 965 ـ يىللىرى ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ قاغانى تەرىپىدىن سۇڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىلگەن سودا كارۋىنى «1000 تۇياق ئات، 500 تۆگە، 500 دانىدىن ئارتۇق قاشتېشى، 500 جىڭ كەھرىۋا، 40 جىڭ نۆشۈدۈر، سەككىز تىزىق مارجان، 1000 پارچە يۇڭ رەخت، قاشتېشى بىلەن بېزەلگەن كەمەر ۋە ئېگەر ـ توقۇم قاتارلىقلارنى ئېلىپ بارغان.»[1] يۇقىرىدىكى پاكىتقا ئاساسلانغاندا، سۇڭ سۇلالىسىگە بارغان سودا تاۋارلىرى ئىچىدە، ئاتنىڭ سالمىقى باشقا تاۋارلاردىن كۆپ ئۈستۈن بولغان.

ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدا ئەۋەتىلگەن ئۆزئارا سوۋغا ـ سالاملارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنىلىرى ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ قويۇق بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مىلادىنىڭ 1011 ـ يىلى، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى سۇڭ جېڭزۇڭ (مىلادىنىڭ 998 ـ يىلىدىن 1022 ـ يىلىغىچە خان بولغان) ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ

(1) «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم مەلۇماتلىرى».

قاغانى ياغلاقارغا «500 قۇر كىيىم - كېچەك، كۆمۈشتىن ياسالغان 500 قاچا - قۇچا، كىمخاپتىن تىكىلگەن كەڭ تون، ئالتۇن كەمەر، قاغاننىڭ بىكەسى (مەلىكىسى) گە 400 قۇر كىيىم - كېچەك، 300 سەر كۆمۈشتىن ياسالغان قاچا - قۇچا، قاغاننىڭ باش تارقانىغا 200 قۇر كىيىم - كېچەك، 100 سەر كۆمۈشتىن ياسالغان قاچا - قۇچا، ئۇيغۇر ئەلچىسىگە كۆمۈش لوڭقا ۋە باش كىيىمگە تاقايدىغان ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەرنى سوۋغا قىلغان.»[1]

مالىياۋكىن ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقى ئارقىلىق جۇڭگوغا بارىدىغان سودا تاۋارلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تۆۋەندىكىچە بېرىدۇ:

«قاشتېشى، ئالماس، مۇئەتتەر (خۇش پۇراق بېرىدىغان ماددا) ئەتىر، تۇر (ناترىي ئارىلاش نۇر)، تۆگە، ياۋا تۆگە،بىر لوكىلىق تۆگە، مەرۋايىت، مىس ئەينەك، رەڭگى قىزىل سىماب رۇدىسى، مارجان... ئاق شۇڭقار، چايان، دورا - دەرماننىڭ خام ماتېرىياللىرى، ئات، ياۋا ئات تېرىسى (ئات تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆن)، ياخشى ئات، يەرلىك مەھسۇلاتلار، پولات قىلىچ، مۇسكۇس بېزى، ئېپار، نۆشۇدۇر، ھەر خىل قاشتېشى، قاشتېشىدىن ياسالغان بۇيۇملار، تېرىدىن تىكىلگەن كىيىملەر، تەلىك، ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن كەمەرلەر... بۆكەن مۈڭگۈزى، ئۆتۈك، ئېگەر - توقۇم، قاشتېشى بىلەن بېزەلگەن ئېگەر، توقۇم، سۆسەر تېرىسى، ئاق سۆسەر، قارا سۆسەر، ھاۋارەڭ سۆسەر، قىزىل تۇز، پولات، گۈللۈك رەخت، ئىران رەختلىرى، يۇڭ رەخت، پاختا رەخت، پارپىيە رەختلىرى، قاشتېشى بىلەن بېزەلگەن نوختا، يۈگەن... ئۆي جابدۇقلىرى، ئەينەكتىن ياسالغان جابدۇقلار... زىننەت بۇيۇملىرى، پاختا، پارپىيە يىپىكى، قوتاز قۇيرۇقى...»[2] بۇ تاۋارلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇر كەڭسۇ خانلىقىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمىنىڭ قاراخانىيلار، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ئارقىلىق غەربتىن كەلتۈرۈلگەن مەھسۇلاتلار ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

(1) «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم مەلۇماتلىرى».

(2) مالىياۋكىن: «IX - XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» روسچە. 233 -، 234 - بەتلەر.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

ف. ئېنگېلس «ئائىلە خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى».
سۈڭزى: «ھەربىي تەدبىرلەر».
سىماچيەن: «تارىخنامە».
سىماگۇاڭ: «يىلنامە».
بەن گۇ: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى».
پەن خۇا: «كېيىنكى خەن سۇلالىسى يىلنامىسى».
چېڭ شۇ «جىن سۇلالىسى يىلنامىسى».
پاڭ شۈەنلىڭ «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى».
شېن يۆ «لياڭ سۇلالىسى يىلنامىسى».
سۇ زىشەن «لىياڭ سۇلالىسى يىلنامىسى».
ياۋسىليەن: «لىياڭ سۇلالىسى يىلنامىسى».
ياۋسىليەن: «چېن سۇلالىسى يىلنامىسى».
ۋېي شۇ: «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى».
لېي بەييۇ «شىمالىي چى سۇلالىسى يىلنامىسى».
لىڭ خۇدى «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى».
ۋەي جېڭ «سۇي سۇلالىسى يىلنامىسى».
لى يەنشۇ «جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى».
لى يەنشۇ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى».
ليۇجۇن «كونا تاڭنامە».
ئۇ ياڭ شۇ «يېڭى تاڭنامە».
شۇي جۇجىن «كونا بەش سۇلالە تارىخى».
ئۇ ياڭ شۇ: «يېڭى بەش سۇلالە تارىخى».
توقتۇ: «سۇڭ سۇلالىسى يىلنامىسى».
توقتۇ: «لياۋ سۇلالىسى يىلنامىسى».
سۇڭ لەن: «يۈەن سۇلالىسى يىلنامىسى».
ۋاڭ مىنجيې: «ئۇيسۇنلار توغرىسىدا تەتقىقات».
لىن گەن: «هونلار تارىخى».
پەن ۋېنلىيەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى».
ۋاڭ تۇڭلىڭ: «جۇڭگو مىللىي تارىخى».
ياڭ زىجۇ: «سۇي، تاڭ، بەش سۇلالە تارىخىنىڭ تېزىسلىرى».
«جۇڭگو بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناش تارىخى».
«خەن مەلىكىلىرى ئۇيسۇندا».

«هون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار».
سىن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىنىڭ توپلىمى».
«قەدىمكى چاغدا جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەر».
شاۋان: «غەربىي تۈرك تارىخى».
«تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى».
«بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى».
«كۆل تېكىن مەڭگۇ تېشى».
«بايانچۇر مەڭگۇ تېشى».
«تىرخىن مەڭگۇ تېشى».
«تەس مەڭگۇ تېشى».
«توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۇ تېشى».
يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك».
مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە I، II، III تومlar.
ئوبۇلغازى: «شەجەرەئىي تۈركىي».
«ئوغۇزنامە»
راشىددىن «تارىخلار توپلىمى».
جۇۋەينى «دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى».
يوشى لىياۋتى (ياپونىيە) «غەربتە بۇددىزم».
يوتەيخېڭ (ياپونىيە): «غەرب مەدەنىيىتى تارىخى».
ئەبىۇ جانپۇ (ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى».
بەي ياڭ: «جۇڭگو خانلىرى، خانىشلىرى، شاھزادىلىرى، مەلىكىلىرىنىڭ نەسەبنامىسى».
چاڭ رىنچا: «يىپەك يولى ۋە غەرب مەدەنىيەت ـ سەنئىتى».
ل. بولنو (فرانسۇز): «يىپەك يولى».
ر. گروسسىت (فرانسۇز): «يايلاق ئىمپېرىيىسى».
«ئۆزبېكىستان س س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە I، II توم.
گ. غافۇرۇۋ:، «تاجىك تارىخى».
«قەدىمكى دۇنيا تارىخى» رۇسچە، 1952 ـ يىل نەشرى، مۇسكۋا.
ف. ئا. كوسمىنىسكىي: «ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخى». رۇسچە 1952 ـ يىل نەشرى، موسكۋا.
ئا. ۋ. پىفمۇۋ: «يېڭى تارىخ» رۇسچە 1952 ـ يىل نەشرى، موسكۋا.
ئا. ۋ. شىستاكوۋ تەھرىرلىكىدە: «س س س ر تارىخى» رۇسچە.
مالياۋكىن: «XI ـ XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» رۇسچە.
كارايىۋ: «قاراخانىيلار قاغانلىقى تارىخى» رۇسچە.
يىلماز ئۆزتۇنا: «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى» تۈركچە I II توم.
ئا. زەكىي ۋەلىدى توغان: «تۈرك تارىخىغا كىرىش» تۈركچە.

ئا. دىل ئاچار: «قۇتادغۇ بىلىك توغرىسىدا تەتقىقات».
لاسىزلۇ. راسونى: (ۋېنگىر) «دوناي كۆۋرۈكلىرى» تۈركچە.

# قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

# ئەپسانە

ماركسنىڭ تەرىپى بويىچە ئېيتقاندا : «ئەپسانە ئىنسانلار خىيالىدا ئاڭسىز هالدا، بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي هادىسىلەرنىڭ قەدىمكى زامان كىشىلىرى ئاغزىدا ئۆملۈك هالدا بارلىققا كەلگەن ئىجادىيەت. ئۇ قەدىمكى چاغدا ئىنسانلارنىڭ كائىناتنى چۈشەندۈرۈشى، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىرادىسى ۋە غايىسى. شۇنىڭدەك ئۇ، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت»، «هەرقانداق ئەپسانە تەسەۋۋۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىدۇ، بويسۇندۇرىدۇ ۋە شەكىللەندۈرىدۇ. دېمەك، تەبىئەت كۈچلىرى هەقىقىي بويسۇندۇرۇلۇشى بىلەنلا ئەپسانىلەرمۇ يوققا چىقىدۇ»[1].

قەدىمكى زامانلاردا يارالغان ئەپسانىلەردە خىيالىي مۆجىزىلىك ۋە غەيرىي تەبىئىي ۋەقەلەر كۆپ بولىدۇ. ئەپسانىلەردىكى ۋەقەلەرگە جادىگەرلەر، يىرتقۇچ هايۋانلار، ئۇچار قۇشلار قاتنىشىدۇ، ئادەملەر هايۋان قىياپىتىگە كىرىدۇ. هايۋان ۋە قۇشلار بولسا ئىنسانغا ئوخشاش سۆزلەيدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر داستانلىرىدىن بىرى بولغان «ئوغۇزنامە»دىكى بۆرە ئادەمگە ئوخشاش سۆزلەيدۇ ۋە باشقىلار.

لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئەپسانىلەر تۇرمۇش هادىسىلىرى بىلەن باغلانغان بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئەپسانىۋى، خىيالىي ۋەقەلەر ۋاسىتىسى ئارقىلىق كۆپىنچە خەلقنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختلىك هايات توغرىسىدىكى ئارزۇ - ئۈمىدلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

(1) ماركس: «سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدىگە دائىر» دىن ئېلىندى. ئا.

## خەنزۇ خەلق ئەپسانىلىرى

جۇڭگو ئۇزاق تارىخقا ئىگە... ئۇزاق ئۆتمۈشتە ئەمگەكچان خەنزۇ خەلقى ناھايىتى قىزىق، مەزمۇنى مول، نۇرغۇن ئەپسانىلەرنى ياراتقان. ئەپسۇسكى قەدىمكى كىشىلەر بۇ ئەپسانىلەرنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، بۇ ئەپسانىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى يوقىلىپ كەتكەن. پەقەت ناھايىتى ئاز قىسمىلا «شەنخەيجىڭ»[1]، «خۇەينەنزى»[2]، «تارىخنامە، ئۈچ بەگنىڭ تەرجىمىھالى»[3] قاتارلىق كىتابلار ساقلىنىپ قالغان.

## كۇافۇنىڭ قۇياشنى قوغلىشى

«كۇافۇ قۇياشنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ، ئۇ قۇياش پاتىدىغان يەرگە كەلگەندە، ئۇسساپ كېتىپ خۇاڭخې، ۋېخې دەريالىرىدىن سۇ ئىچىپتۇ، لېكىن بۇ ئىككى دەريانىڭ سۈيىگە قانماپتۇ. چوڭ بىر كۆلدىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن شىمالغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئەمما كۆزلىگەن جايغا يېتەلمەي، يېرىم يولدا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن قالغان ھاسا شاپتۇللۇققا ئايلىنىپ كېتىپتۇ»[4].

بۇ ئەپسانە مۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەرگەندە پەيدا بولغان: يىڭ سۇلالىسى[5]، جۇ سۇلالىسى[6] دەۋردە خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ كىلىماتى ھازىرقىغا قارىغاندا خېلى دەرىجىدە ئىسسىق بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى چاغلاردا كىشىلەرنىڭ ئىسسىقلىققا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئەپسانىلەر تارالغان. ئۇ ئەپسانىلەردە قەدىمكى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشتىكى كۈچلۈك ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن. كۇافۇ قۇياش ئۈستىدىن غالىب

---

(1) «شەنخەيجىڭ» – بۇ ئەسەر «ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر» دەۋردە، (مىلادىدىن بۇرۇن 475 – 221 – يىللارغىچە) يېزىلغان، بۇنىڭدا: تاغ – دەريالارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى، دەريالار بېسىپ ئۆتىدىغان ۋادىلار، قەدىمكى زامانلارغا دائىر نۇرغۇن ئەپسانە، رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن.

(2) «خۇەينەنزى» – بۇ ئەسەرنى غەربىي خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 8 – يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋردە ياشىغان لىيۇئەن (مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن) دېگەن بىر تۆرە باشچىلىقىدا بىر توپ كىشىلەر يېزىپ چىققان. لىيۇئەن خۇەينەن دېگەن جايغا بەگ بولغان ئىكەن، شۇڭا بۇ ئەسەرگە «خۇەينەنزى» دېگەن نام قويۇلغان.

(3) «تارىخنامە، ئۈچ بەگنىڭ تەرجىمىھالى» – بۇ ئەسەرنى ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن، 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ (مىلادىدىن بۇرۇن 108 – يىلىدىن 93 – يىلىغىچە) يېزىپ چىققان.

(4) «شەنخەيجىڭ»دىن ئېلىندى.

(5) يىڭ سۇلالىسى – مىلادىدىن بۇرۇنقى 14 – ئەسىردىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 11 – ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

(6) جۇ سۇلالىسى – مىلادىدىن بۇرۇنقى 11 – ئەسىردىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 8 – ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

كېلىش ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە قۇربان بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاسىسىنىڭ شاپتۇللۇققا ئايلىنىشى، كېيىنكىلەرنىڭ شاپتۇللۇقتا سەگىدەپ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ، داۋاملىق ئالغا بېسىشى ئۈچۈن بولغان، بۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ يېڭىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## پالۋان يى نىڭ توققۇز قۇياشنى ئېتىشى

«ياۋ»[1] نىڭ زامانىدا بىرلا ۋاقىتتا ئون قۇياش بىللە چىقىپ، زىرائەتلەرنى كۆيدۈرۈپ، گىياھلارنى قۇرۇتۇپ تاشلاپتۇ، خەلققە يەپ ـ ئىچىدىغان ھېچنەرسە قالماپتۇ. ئادەم يەيدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلار، ئۇزۇن چىشلىق يالماۋۇزلار، يانغىن ۋە سۇ ئاپەتلىرىنى تۇغدۇرىدىغان بەدھەيۋەت مەخلۇقلار، ئۆي ـ ماكانلارنى خاراب قىلىدىغان بوران ـ چاپقۇن قۇشلىرى، بەد ھەيۋەت، ۋەھشىي قاۋانلار، زەھەرلىك يىلانلار خەلققە بالايىئاپەت ياغدۇرۇپتۇ. ياۋ، پالۋان يى غا... ئاسماندىكى ئون قۇياشتىن توققۇزىنى ئېتىپ چۈشۈرۈشنى ۋە يەردىكى بەدھەيۋەت مەخلۇقلارنى يوقىتىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پالۋان يى پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈپتۇ. دۇڭتىڭخۇ كۆلى بويىدىكى زەھەرلىك يىلانلارنىمۇ يوقىتىپ، ساڭلىنىڭ دېگەن يەردىكى بەدھەيۋەت ۋەھشىي قاۋانلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ ئىشتىن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن خەلق ئىنتايىن خۇشاللىنىپ، ياۋنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىپ ئاپتۇ»[2].

«پالۋان يى نىڭ توققۇز قۇياشنى ئېتىشى» ناملىق بۇ ئەپسانە «زۇجيەن»[3]، «شەنخەيجىڭ» قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ خاتىرىلەنگەن. بەزى ئەسەرلەردە پالۋان يى نى سەلبى قەھرىمان سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى پالۋان يى بولسا خەلقنى بالايىئاپەت، زىيانداشلاردىن قۇتۇلدۇرغان ئەپسانىۋى قەھرىمان. ئۇ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەبىئىي بالايىئاپەتلەرنى يېڭىدىغان، ياۋايى يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان ئىشەنچىسى بىلەن كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ سىمۋولى.

(1) ياۋ – رىۋايەت قىلىنىشىچە قەدىمكى چاغدىكى پادىشاھلارنىڭ بىرى.

(2) «خۇەينەنزى» دىن ئېلىندى.

(3) «زۇجيەن» – قەدىمكى چاغدىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەر خاتىرلەنگەن كىتاب.

# تۇتېم

خەلق ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىرىدىن بىرى بولغان «تۇتېم» ھەققىدىكى يېرىم خىيالىي، يېرىم رېئال بولغان چۆچەكلەرمۇ ئەپسانە تۈرىگە كىرىدۇ.

«تۇتېم» سۆزى ھازىرقى ئاۋستىرالىيىدە ياشايدىغان پاپائوسلار (ياۋروپالىقلار ھىندىئان دەپ ئاتىشىدۇ) تىلىدا «ئۇنىڭ ئۇرۇقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىنسانلار باشلانغۇچ جەمئىيەتتە بىرەر ھايۋان ياكى دەرەخنى نەسىل ياكى ئۇرۇق، قان سىستېمىسىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىسى قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىسى ھېسابلاپ، ئۇلارغا چوقۇنغان. مانا شۇنداق چوقۇنىدىغان نىشان ياكى بەلگە «تۇتېم» دەپ ئاتالغان.

قەدىمكى زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن بولغان كۈرەشلەردە توپلىغان تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئىگە بولغان بىلىم سەۋىيىسىمۇ ناھايىتى تۆۋەن بولغىنى ئۈچۈن، ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن، كۈننىڭ چىقىشى، پېتىشى، كۈن ۋە ئاينىڭ تۇتۇلۇشى، يۇلتۇزلارنىڭ ئېقىشى، كېچە ۋە كۈندۈز، بوران ۋە يامغۇر، مۆلدۈر ۋە قار، دەريا تاشقىنلىرى، يەر تەۋرەش، قىش ۋە باھار، ياز ۋە كۈزگە ئوخشاش تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالغان. شۇڭا قەدىمكى چاغلاردا ياشىغان ئىنسانلاردا تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن قورقۇش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش تۇيغۇلىرى پەيدا بولۇپ، بىرەر نەرسىگە ئىشىنىدىغان ۋەقەلەر كېلىپ چىققان.

تۇتېم ئەڭ بۇرۇنقى دىنىي ئېتىقادلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تەبىئىي شارائىتى خىلمۇخىل بولغان جايلاردا ياشىغان ئادەملەردە خىلمۇخىل نەرسىگە چوقۇنىدىغان تۇتېمىزم كېلىپ چىققان. مەسىلەن، ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەدىمكى چاغلاردا بۆرىنى، ھىندىلار كالىنى، خەنزۇلار ئەجدىھانى تۇتېم قىلغانغا ئوخشاش.

## بۆرە تۇتېمى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر

قەدىمكى زامانلاردا، دۇنيانىڭ تۈرلۈك جايلىرىدا ياشىغان ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشىغان جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتلىرى، بېشىدىن كەچۈرگەن تەبىئىي،

ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە قاراپ، خىلمۇخىل نەرسىلەرنى (ھايۋان، قۇش، دەرەخ، كۆل، ئاي ۋاكاھازالارنى) توتېم قىلغانلىقى ئوخشاش، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ قەدىمكى زامانلاردا بۆرىنى توتېم قىلغان.

«ئوغۇزنامە»دە ئۇيغۇر خاقانى ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە يول باشلىغان، ئوغۇزخان بىلەن ئادەمگە ئوخشاش سۆزلەشكەن كۆك يايلىلىق بۆرە توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى چاغلاردا ئەجدادلىرىمىز بىر ئۇرۇشتا يېڭىلىپ بىر تاغ قاپتىلىدا قامالدا قېلىپ، ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە ئۇچراپتۇ، شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ كۆن پېتىشتىكى بىر تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقى بايقىلىپتۇ. شۇ چاغدا خەۋپ ئاستىدا قالغان ئۇيغۇرلار، بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغان بۆرە ناھايىتى چوڭ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ مېڭىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىگە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ، قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ـ ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىغا يەتكەندە بىر ئوچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ. بۆرە، تۇيۇق بولمىغان ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىدىكى تۆشۈكتىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۈپسۈزۈك سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، تۈرلۈك قۇشلار سايراپ تۇرغان، ياپيېشىل بىر يايلاققا چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، شۇ يايلاققا چىقىپ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس ئىلاھىي مەخلۇق ھېسابلاپ ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولغان.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخى يىلنامىلىرىدىن بىرى بولغان «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۆرە توغرىسىدىكى ئەپسانىغا ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان مەلۇماتلار بار.

شىمالىي جۇ سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 557 ـ يىلىدىن 581 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ـ ئا) نىڭ يىلنامىسى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە مۇنداق دېيىلگەن: «تۈركلەر، ھونلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى، فامىلىسى ئاشىنا بولۇپ، ئالاھىدە بىر قەبىلە ئىدى. تۈركلەر بىر زامانلاردا قوشنا بىر ئەل بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن. پەقەت ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئامان قالغان. غالىب ئەلنىڭ ئەسكەرلىرى بالىنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆلتۈرمەي، ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىۋېتىپ، ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ تۇرغان بىر سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىۋەتكەن. ئۇزاق ئۆتمەي بالىنىڭ قېشىغا بىر ئۇرغاچى بۆرە پەيدا بولۇپ

قاپتۇ. بۆرە بالىنى گۆش بىلەن باقىدۇ. ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن بۆرە بىلەن بىللە يېتىپ - قوپۇپ يۈرگەن، نەتىجىدە بۆرىنىڭ قورسىقىدا قالغان. ھېلىقى غالىپ ئەلنىڭ خانى تۈركلەر نەسلىدىن بىر بالىنىڭ ئامان قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. خان دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ بالىنى ئۆلتۈرگۈزگەن. بالىنى ئۆلتۈرگەنلەر بىر بۆرىنىڭ چەتتە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، بۆرە تۇرپان خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى تاغ (تەڭرىتېغى - ئا) غا قېچىپ كەتكەن. بۇ تاغدا بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا ياپيېشىل ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان بىر جىلغا بار ئىكەن، جىلغىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن بىرنەچچە يۈز يول مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. جىلغىنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان، بۆرە مانا شۇ جىلغىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. بۆرە ئەنە شۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، سىرت بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشۇۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھامىلدار بولۇپ بالا تۇغۇشۇپتۇ. ئۇ بالىلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم فامىلىلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ فامىلىسى ئاشىنا ئىكەن، مانا شۇ فامىلىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ئاۋۇپ، ئاستا - ئاستىلاپ بىر نەچچە يۈز ئائىلىگە يېتىپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن جىلغىدىن چىقىشىپتۇ. ئاۋارلارغا بېقىندى بولۇپ قاپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇلار ئالتاي تاغلىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇراقلىشىپ ئاۋارلار ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك قىلىشىپتۇ».

شۇ يىلنامىنىڭ شۇ بابىدا يەنە باشقىچىرەك بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «تۈركلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى، سۇ، دەپ ئاتالغان ئەلدىن كېلىپ چىققان، بۇ ئەل ھونلارنىڭ شىمالىدا بولۇپ، تۈرك قەبىلىسىنىڭ بېگىنىڭ نامى ئاپا بەگ ئىدى. ئۇلار ئاكا - ئۇكا ئون يەتتە قېرىنداش ئىكەن. بىرىنىڭ نامى ئىگىلىنىساچۇر بولۇپ، بۆرىدىن تۇغۇلغان ئىكەن، ئاپا بەگ قاتارلىقلارنىڭ مىجەزلىرى غەلىتە، دۆت ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئېلى ھالاك بولۇپتۇ. ئىگىلىنىساچۇر تولىمۇ سەگەك، ئۆتكۈر بولۇپ، شامال چىقىرالايدىكەن، يامغۇر ياغدۇرالايدىكەن. ئۇ ئىككى گۈزەل قىزغا ئۆيلەنگەن، بۇ قىزلارنىڭ بىرى ياز تەڭرىسىنىڭ، يەنە بىرى قىش تەڭرىسىنىڭ قىزى ئىكەن. بۇ ئىككى قىز ھامىلدار بولۇپ، تۆت ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللارنىڭ بىرى ئاق ھاڭغۇتقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئوغۇللارنىڭ بىرىنىڭ ئېلى ئاباقان دەرياسى بىلەن قاما دەرياسىنىڭ (بۇ

ئىككى دەريا سىبىرىيىدە) ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇلارنى قىرغىز دەپ ئاتىغان. يەنە بىر ئوغۇلنىڭ ئىلى دىزياغىل دەرياسى (بۇ دەريامۇ سىبىرىيىدە ـ ئا) نىڭ بويىدا ياشايدىكەن. يەنە بىر ئوغۇلنىڭ ئىلى شەن جوجى تىغىدا ماكانلاشقان ئىكەن. بۇ، تۆت ئوغۇلنىڭ تۇنجىسى ئىكەن. مانا شۇ تاغدا ئاپا بەگنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ياشايدىكەن. ئۇلار ئوچۇقچىلىقتا مۇزلاپ، قىينىلىپ قالغاندا، تۇنجى ئوغۇل ئوت يېقىپ، ئۇلارنى ئىسسىندۇرۇپ، ئامان ساقلاپ قاپتۇ. ئۇلار ئوغۇللارنىڭ تۇنجىسىنى ھۆرمەتلەپ ئۆزلىرىگە باش قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇپتۇ. ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتاپتۇ».

«ئوغۇزنامە»، «شىمالىي جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»، «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى، ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» لەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر، باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئائىلىق باسقۇچىدا ياشىغان چاغلاردا، ئەنە شۇنداق ئەپسانىلەرنى توقۇغان. چۈنكى ئاشىنا ئاتلىق بىر ئائىلىنىڭ نامىنى تۈركلەرنىڭ ئۆزىگە فامىلە قىلغانلىقى شۇنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا تۈركلەر، ئۇيغۇرلار دۆلەت قۇرغان دەۋردە (كۆكتۈرك خاقانلىقى ۋە ئۇيغۇر ـ ئورخۇن خاقانلىقى دەۋردە ـ ئا) خاقان ئوردىسىنىڭ ئالدىدىكى تەتىللادىن تىكىلگەن بارگاھ (ناھايىتى چوڭ چېدىر ـ ئا) ئالدىغا قادالغان كۆك شايى بايراققا زەر يۇگۇرتۇلگەن بۆرە بېشى (بۆرە شەرققە قاراپ تۇرغان ھالەتتە ئىدى) چۈشۈرۈلگەن ئىدى. تۈركلەر ئۇيغۇر خاقان ئوردىسىنى ساقلايدىغان قاراۋۇللارنى «بۆرە» دەپ ئاتاشقان ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يىلنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ئەپسانىلەرگە ئاساسلانغاندا ھونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتنىك جەھەتتىن قېرىنداشلىقىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگەن. كۆل تېكىن يادىكارلىقىدىمۇ مۇنداق دېيىلگەن: «توققۇز ئوغۇزلار ئۆز خەلقىم ئىدى».

بۆرە تۇتېمى توغرىسىدىكى ئەپسانىدە ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر مەسىلە ئېغىر سالماقنى ئىگىلىگەن. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى: ھايۋان بىلەن (ئەپسانىدىكى بۆرە بىلەن) ئىنسان يېقىنچىلىق قىلىشىپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى زادى مۇمكىن ئەمەس.

بۆرە تۇتېمى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر بەدىئىي جەھەتتىن خېلى ئۈستۈن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەرنى ئادەم خۇددى ئۆڭىدا كۆرگەندەك بولىدۇ.

# سىيانپى ئەپسانىلىرى

تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان سىيانپىلار، ئۆز تارىخىدا خېلى مۇھىم ۋە تەسىرلىك ئەپسانىلەر ياراتقان. سىيانپى ئەپسانىلىرى ئىككى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، سىيانپىلارنىڭ مەشھۇر ئىمپېراتورى تانشىخۇي توغرىسىدىكى، يەنە بىرى، يارىشىملىق ئىلاھىي ھايۋان «سايىبى» توغرىسىدىكى ئەپسانىدىن ئىبارەت.

مىلادى 2 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، توروغۇر ئاتلىق بىر سىيانپى ھونلار قوشۇنىدا ئۈچ يىل خىزمەت قىلىپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئايالىنىڭ بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭغا تانشىخۇي دەپ ئات قويغانلىقىنى بىلگەن. توروغۇر بۇ ئەھۋالدىن غەزەپلىنىپ، ئايالىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىماقچى بولىدۇ. كىيۈسىنىڭ پەيلىنى سېزىپ قالغان ئايال دەرھال ئەقىل ئىشلىتىپ، بىر ئەپسانە ئويلاپ تاپىدۇ. ئۇ توروغۇرغا مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت ھاۋا گۈلدۈرلەپ، دەھشەتلىك چاقماقلار چاقتى. مەن قورقۇپ كېتىپ ئاسمانغا قاراپ ئاغزىمنى ئېچىپ قاپتۇ، شۇ چاغدا ئاسماندىن تولا (مۆلدۈر) يېغىپ، ئاغزىمغا بىر دانىسى چۈشتى، ئاغزىمغا چۈشكەن تولىنى يۇتۇۋەتتىم. بولغان ئىش شۇ، شۇندىن باشلاپ قورساق كۆتۈرۈپ ئوغۇل تۇغدۇم». ئايالىنىڭ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن توقۇغان غەلىتە، سىرلىق ئەپسانىسىغا ئىشەنگەن توروغۇر ئاچچىقىدىن يېنىپ، پەسكويىغا چۈشىدۇ.

سىيانپىلار تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان، قۇدرەتلىك سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان ئىمپېراتور تانشىخۇي ئانىسىدىن ئەنە شۇنداق تۇغۇلغانمىش.

مىلادى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان سىيانپى خانلىرىنىڭ بىرى تويان II ئوغلى قىپانغا ۋەسىيەت قىلىپ، سىيانپىلارنى باشلاپ جەنۇبقا كۆچۈپ كېتىشنى جېكىلىگەن. تويان II باشچىلىقىدىكى سىيانپىلار ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ غەربىدىكى قوبدو رايونىدا ياشىغان. چۈنكى شۇ چاغدا (مىلادى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا) تويان II تانشىخۇي قۇرغان سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىنى (موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي قىسمىنى) باشقۇرىدىغان خان ئىدى.

قىپان ئاتىسى تويان II نىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، مىلادى 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىيانپى قەبىلىلىرىنى باشلاپ تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ

شەرقىي جەنۇبىغا قاراپ كۆچۈشكە باشلىغان.

«ۋېي يىلنامىسى، خانلار تەرجىمىھالى، كىرىش خاتىرىسى»دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، قىپان سىيانپىلارنى باشلاپ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز مۇشەققەتلىك، ئاجايىپ خەتەرلىك كۆچۈش سەپىرىگە قەدەم قويغاندا، سىيانپىلارغا قىياپىتى ئاتقا، ئاۋازى كالىغا ئوخشايدىغان «سايىبى» ناملىق بىر ئىلاھىي ھايۋان يول باشلىغان. سىيانپىلار مانا شۇ ئىلاھىي ھايۋاننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، ئېگىز تاغلار، چوڭقۇر جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، قاتمۇقات توسالغۇلارنى بۆسۈپ چىقىپ، بىر يىل دېگەندە كۆزلىگەن جايغا يېتىپ كەلگەن. شۇندىن ئېتىبارەن سىيانپىلار «سايىبى» ناملىق ئىلاھىي ھايۋانغا چوقۇنىدىغان بولغان، مانا شۇ ئەپسانىغا ئاساسلانغاندا، «سىيانپى» دېگەن نام، ئىلاھىي ھايۋان «سايىبى» دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان ئىكەن.

سىيانپىلار ياراتقان ئىككى ئەپسانىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ئەنە شۇنداق. ئۇنداق بولسا سىيانپىلار زادى قانداق خەلق؟ ئۇلارنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى قانداق؟

مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇن ھون تەڭرىقۇتى ـ باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىدىن ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە سوزۇلغان تېررىتورىيىدە ياشىغان تۇڭگۇسلار (ھازىرقى مانجۇ ۋە موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى)نى بويسۇندۇرۇپ ئالغان ئىدى. تۇڭگۇسلار ئوغۇزخان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغاندا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قىدىرخان تاغلىرىنىڭ (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرىنىڭ ـ ئا) شىمالىي تىزمىسىدىكى سىيانپى تاغلىرىغا بېرىپ جايلاشقان. ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇ تاغ نامى بىلەن سىيانپى دەپ ئاتىغان. «كېيىنكى خەن يىلنامىسى، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك سىيانپى دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سىيانپى دېگەن تاغنىڭ نامىغا باغلايدۇ. شۇنداق بولغاندا، سىيانپى دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىدا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەپسانە بويىچە ۋە «كېيىنكى خەن يىلنامىسى، سىيانپىلار ھەققىدە قىسسە» بويىچە ھۆكۈم قىلغاندا ئىككى خىل قاراشنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، سىيانپى دېگەن نام، تاغنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىرى، ئىلاھىي ھايۋان «سايىبى»نىڭ نامىغا مۇناسىۋەتلىك.

بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ قايسى بىرىنىڭ توغرىلىقى ھېلىغىچە بىر يەرگە

توختىغان ئەمەس.

سىيانپىلار مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 80 ـ يىللىرىغىچە بولغان 300 يىللىق ئۇزۇن ئىچىگە ئالغان ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋردە، هون تەڭرىقۇتلۇقى تەركىبىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاساسەن تۈركلىشىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا تارىخچىلار، ئۇلارنى «سىيانپى تۈركلىرى» ياكى «سىيانپى تاتارلىرى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. يىراق شەرق تىللىرى ۋە تارىخىنىڭ ئالىمى، فرانسۇز پاۋىل فىللىئوتنىڭ هۆكۈم قىلىشىچە، سىيانپىلار تۈركىي تىلدا سۆزلەشكەن.

مىلادىنىڭ 48 ـ يىلىغا كەلگەندە قۇدرەتلىك هون تەڭرىقۇتلۇقى تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى. ئەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە، توڭگۇسلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئوغانلار ئىسيان كۆتۈرۈپ هونلار تەركىبىدىن چىقىپ كەتتى. مىلادىنىڭ 58 ـ يىلى سىيانپىلار تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئوغانلار خەن سۇلالىسىنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتۈپ، سەددىچىن سىپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىردى. شۇندىن باشلاپ سىيانپىلار كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان خەن سۇلالىسى سىيانپىلارنى هونلارغا قارشى كۈشكۈرتۈپ قويدى. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى ھەر يىلى خەلقنىڭ قان ـ ئىلكىنى شوراپ تاپقان پۇلدىن ئىككى يۈز يەتمىش مىليون سەر داچەننى سىيانپى خانلىرىغا بېرىپ، ئۇ پۇلنىڭ ھېسابىغا هونلارنىڭ بېشىنى سېتىپ ئالىدىغان بولدى[1]. بۇنداق ئەھۋال مىلادىنىڭ 58 ـ يىلىدىن 91 ـ يىلىغىچە داۋام قىلدى. دۈشمەنلەرنىڭ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشىدىن هونلار تەركىبىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلار، سىيانپىلار رەسمىي ئىسيان كۆتۈرۈپ، هونلارنى ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

هونلار مىلادىنىڭ 87 ـ يىلى ئورخون دەرياسىنىڭ بويىدا سىيانپىلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇب بولدى. سىيانپىلار، هون تەڭرىقۇتى ئۇلۇغ تەڭرىقۇتنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، هونلاردىن تارىخىي ئۆچىنى ئالدى. چۈنكى مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇن هون تەڭرىقۇتى ئوغۇزخان توڭگۇسلارنى بويسۇندۇرغاندا، توڭگۇس خانلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، تۈپتۈز قىلىۋەتكەن ئىدى. توڭگۇسلاردىن كېلىپ چىققان سىيانپىلار ئەنە شۇ ۋەقەنى يادىدىن چىقارمىغان بولسا كېرەك.

(1) پەنۇپىلىيەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 2 – قىسىم، خەنزۇچە، 181 – بەت.

ھونلار مىلادىنىڭ 89 ـ 90 ـ يىللىرى ئۆزىنىڭ تارىخىي دۈشمىنى تەرىپىدىن ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، غەربكە قاراپ كۆچۈپ كەتكەن ئىدى. كۆچمەي قالغان ھونلاردىن يۈز نەچچە مىڭ ئائىلە (ئالتە يۈز مىڭ كىشى) سىيانپىلارغا تەسلىم بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «سىيانپى» دەپ ئاتاشقا مەجبۇر بولدى. شۇندىن باشلاپ سىيانپىلار كۈچەيدى ۋە ھونلارنىڭ ئورنىنى باستى.

تارىختا يۈز بەرگەن بۇ جىددىي ۋەقەدىن چۆچىگەن خەن سۇلالىسى، 2 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، شەرقىي ھونلار (ياكى جەنۇبىي ھونلار) ئوغانلار بىلەن بىرلىشىپ، سىيانپىلارغا قارشى تۇرۇش تەرىپىگە ئۆتتى.

مىلادى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، (مىلادىنىڭ 150 ـ يىللىرى) سىيانپىلاردىن تانشىخۇي ئاتلىق، تالانتلىق بىر تارىخىي قەھرىمان تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. ئۇ باشتا سۆزلەپ ئۆتۈلگەندەك تورۇغۇر ئاتلىق بىر ھون جەڭچىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئانىسىنىڭ ئېيتىشىچە بىر تال تولىدىن (مۆلدۈرىدىن) تۆرەلگەن تانشىخۇي 14 ياشقا كىرگەندىلا ناھايىتى باتۇر، ئەقىللىق بىر بالا بولۇپ يېتىشكەن. سىيانپى بەگلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئات ـ كالىلىرىنى بۇلاپ كەتكەندە، تانشىخۇي ئۆزى يالغۇز، ئاتقا مىنىپ، بۇلاڭچى بەگنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، بۇلاپ كېتىلگەن ئات ـ كالىلارنى تارتىپ ئېلىپ قايتۇرۇپ كەلگەن. تانشىخۇينىڭ بۇنداق باتۇرلۇقىنى كۆرگەنلەر، ئۇنى شۇندىن باشلاپ ھۆرمەتلەشكە باشلىغان. سىيانپىلار تانشىخۇي ھازىرقى كالگان (جاڭجياكو ـ ئا) ئەتراپىدا قارارگاھىنى قۇرۇپ، يۈزمىڭ ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىگەن. دەسلەپىدە ئۇنىڭغا، موڭغۇلىيە (تاشقى ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە)نىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىدا ماكانلاشقان سىيانپىلارنىڭ خانلىرى بىر ـ بىرلەپ كېلىپ بويسۇنغان.

تانشىخۇي مىلادىنىڭ 147 ـ يىلىدىن 167 ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە بايقال بويلىرىدا ماكانلاشقان شەرقىي ئۇيغۇرلارنى، شەرقتىكى خەلقلەرنى، ئەسلى يۇرتلىرىدا قالغان ھونلارنى، غەربتىكى ئۇيسۇنلارنى بويسۇندۇردى. تانشىخۇي قۇرغان سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 150 ـ يىلىدىن 235 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقى ھازىرقى كورىيە (چاۋشيەن)نىڭ غەربىي چېگراسى بىلەن ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە، شىمالىي بايقال كۆلى، يەنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىنلىرىغىچە، غەربىي يەتتە سۇ (قازاقىستان)، ئوتتۇرا ئاسىياغىچە، جەنۇبىي سەددىچىن سېپىلىغىچە سوزۇلغان چەكسىز تېررىتورىيىنى

ئۆز ئېچىگە ئالغان ئىدى[1].

تانشىخۈي مىلادىنىڭ 155 ـ يىلىدىن تارتىپ 175 ـ يىلىغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە خەن سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، سەنشى، شەنشىنىڭ شىمالى قىسىملىرىغا، گەنسۇنىڭ جۇچۇەن قاتارلىق جايلىرىغا بېسىپ كىرىپ، خەنزۇ خەلقىگە چىدىغۇسىز بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى. مىلادىنىڭ 166 ـ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ پاناھلىقىدا تۇرغان ئوغانلار، تانشىخۇيغا تەسلىم بولدى. ئېغىر ئەھۋالدا قالغان خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن خۇەندى تانشىخۇيغا ئەلچى ئەۋەتىپ تانشىخۇينى كۇيئوغۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ تەلەپ رەت قىلىندى. باشقا ئىلاج تاپالمىغان خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مىلادىنىڭ 177 ـ يىلى 30 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى (بۇ قوشۇن ھون ۋە خەنزۇلاردىن تۈزۈلگەن) ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ماڭدۇرۇپ، سىيانپىلارغا ھۇجۇم قىلدى. تانشىخۇي ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تارمار قىلدى. ئۇلاردىن بىرنەچچە مىڭ كىشىلا قېچىپ قۇتۇلدى.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن خەن سۇلالىسىنىڭ شىمالى چېگراسى 30 قېتىم ھۇجۇمغا ئۇچرىدى.

تانشىخۇي گۆش مەسلىسىنى يېتەرلىك ھەل قىلىش ئۈچۈن، بېلىق تۇتۇشنى ياخشى بىلىدىغان، ۋلەرگە[2] ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلاردىن مىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنى تۇتۇپ كەلگەن. ئۇلارنى چوڭ بىر كۆلنىڭ بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بېلىق تۇتۇش ئىشلىرىغا سالغان.

سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىدە 30 يىل ئولتۇرغان تانشىخۇي مىلادىنىڭ 180 ـ يىلى 44 يېشىدا (ئۇ مىلادىنىڭ 136 ـ يىلى تۇغۇلغان) ئالەمدىن ئۆتتى.

تانشىخۇي ئۆلگەندىن كېيىن، سىيانپى شاھزادىلىرى ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش يۈز بېرىپ، بۆلۈنۈش، قايتا بىرلىككە كېلىش، ئاخىرى بېرىپ سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنى ھالاك قىلىش تەقدىرىگە ئۇچراتتى.

باشتا تانشىخۇينىڭ ئوغلى غوران خان بولدى. لېكىن ئۇ قابىلىيەت جەھەتتە ئاتىسىغا يەتمەيدىغان، ئاچكۆز، كەيپى ـ ساپادىن باش كۆتۈرمەيدىغان، يولسىز بىر ھۆكۈمران ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا سىيانپى بەگلىرى

(1) ماچاڭ شۇ: «سىيانپىلار ۋە ئوغانلار»، خەنزۇچە، 180 - 190 - بەتلەر.
(2) قەدىمكى زاماندا، شەرقىي شىمالنىڭ دېڭىز بويلىرىدا، «ۋى» دەپ ئاتالغان خەلق ياشىغان.

تەرپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا جىيەنى قويىتۇ خان بولدى. غورانىنىڭ ئوغلى قىيمان بىلەن قويىتۇ ئارىسىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى يۈز بېرىپ، قانلىق ئۇرۇشلار داۋام قىلدى. قويىتۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇكىسى بودوكىن خان بولدى. بۇنىڭ ۋاقتىدا بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى توپ پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىرى، بودوكىن توپى بولسا، يەنە بىرى، قىبەنىن توپى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇرى، باقا قاتارلىق خانلارنىڭ بىر توپى بار ئىدى.

مىلادىنىڭ 190 ـ يىلىغا كەلگەندە قىبەنىن كۈچىيىشكە باشلاپ، بارلىق سىيانپى خانلىرىنىڭ يېتەكچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. مىلادىنىڭ 218 ـ يىلى قىبەنىن (بودوكىننىڭ ئوغلى) ساۋ ساۋنى تارمار قىلدى، قىبەنىن شۇ ئۇرۇشتا ساۋ ساۋ تەرىپىنى ئالغان تاغىسى پوروغان (بودوكىننىڭ ئاكىسى)نى يېڭىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى سىيانپىلارنى بويسۇندۇردى. مىلادىنىڭ 220 ـ يىللىرى قىبەنىن بۆلۈنۈۋالغان سىيانپى خانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، سىيانپىلارنى بىرلىككە كەلتۈردى.

مىلادىنىڭ 222 ـ يىلى قىبەنىن ئاتىسى بودوكىننى ئۆلتۈرۈپ سىيانپىلارغا يېگانە ئىمپېراتور بولدى. بودوكىن (مىلادىنىڭ 205 ـ يىلىدىن 223 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىمپېراتور بولغان قىبەنىننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 223 ـ يىلىدىن 235 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى تانشىخۇي ۋاقتىدىكىدەك قۇدرەتلىك ھالغا كەلدى. ئۆزىگە پايدىسىز ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەن ۋېي پادىشاھلىقى (مىلادىنىڭ 220 ـ يىلىدىن 265 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قىبەنىنگە قارشى سىيانپى خانلىرىنى (بودوكىن تەرەپدارلىرىنى) يۆلەپ، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. قىبەنىن مىلادىنىڭ 234 ـ يىلى ھازىرقى سەنشىنىڭ شىمالىدا بولغان ئۇرۇشتا، ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى تامامەن يوقىتىپ، سەنشى، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالدى.

قىبەنىن ھەربىي ئىستراتېگىيە، تاكتىكا سەنئىتىنى خېلى مۇكەممەل بىلىدىغان ۋە ئۇنى قوللىنىشقا ئۇستا ھەربىي يولباشچى بولغاندىن تاشقىرى دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىمۇ ئەقىللىق دىپلومات ئىدى. ئۇ ۋېي پادىشاھلىقىنى ھەربىي جەھەتتە بىرنەچچە قېتىم مەغلۇپ قىلىشىدا دىپلوماتىيە ھەرىكەتلىرىنىمۇ ئېلىپ بارغان. قىبەنىن ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ دۈشمىنى شۇخەن پادىشاھلىقى (مىلادىنىڭ 221 ـ يىلىدىن 263 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت

ئورنىتىپ بىرلىكتە ۋېي پادىشاھلىقىغا قارشى تۇرغان ئىدى. مىلادىنىڭ 231 ـ يىلى شۇ خەن پادىشاھلىقىنىڭ باش ۋەزىرى جۇگىلياڭ گەنسۇنىڭ غەربىدىكى خىشەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا، ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى قورشىۋالىدىغان چاغدا، قىبەنىنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. قىبەنىن جۇگىلياڭنىڭ تەكلىپىنى دەرھال قوبۇل قىلىپ، سىيانپى قوشۇنلىرىغا ئۆزى باش بولۇپ، گەنسۇدىكى گاۋلىەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا يېتىپ كېلىپ، جۇگىلياڭغا قوشۇلۇپ، بىرلىكتە ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ ۋەقەدىن چۆچۈپ كەتكەن ۋېي پادىشاھلىقى چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، سىيانپىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشقا جىددىي كىرىشكەن. يەنە بىر تەرەپتىن قىبەنىننى ئۆلتۈرۈشكە كىرىشكەن. ئۇلار بۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بېيجىڭ ۋالىيسى ۋاڭشۇن ئارقىلىق خەنلۇڭ ئاتلىق خەنجەرۋازنى سەددىچىن سېپىلىدىن ئوغرىلىقچە سىيانپىلار يۇرتىغا چىقىرىپ، قىبەنىننى مەخپىي ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەن. ئاقىۋەت مىلادىنىڭ 235 ـ يىلى قىبەنىن خەنجەرۋاز خەنلۇڭ تەرىپىدىن مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن.

قىبەنىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 85 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى تارقىلىپ كەتتى. سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 150 ـ يىلىدىن 235 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ ھۆكۈمرانلىرى تۈركلەشكەن سىيانپىلار بولسىمۇ، ئىمپېرىيىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىكىنى ھونلار، شەرقىي ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلاتتى.

كۈچلۈك سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، سىيانپىلارنىڭ ئىچىدىكى توبا ئاتلىق بىر قەبىلە باش بولۇپ، تارىختا توبا سىيانپىلار دۆلىتى دەپ ئاتالغان بىر دۆلەتنى قۇردى. بۇ دۆلەت 160 يىل (مىلادىنىڭ 235 ـ يىلىدىن 394 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھۆكۈم سۈردى.

سىيانپىلار قەدىمكى چاغدا، قىدىرخان تاغلىرىنىڭ شىمالىي تىزمىسىدىن خۇلونبىر كۆللۈك رايونىغا (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى خەيلار ئەتراپى) كۆچكەن چاغدا (مىلادىنىڭ 60 ـ يىللىرى) ئۇلار «توبا سىيانپىلار» دەپ ئاتالماي، سىيانپى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار خۇلونبىر كۆللۈك رايونىغا كۆچكەندىن كېيىنلا، سىيانپىلار بىلەن ھونلار ئۆزئارا چېتىشىشقا باشلىدى.

تارىختا بىرەر خەلقنىڭ باشقا بىر خەلق بىلەن چېتىشىشىپ، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشى ئۇزاق مۇددەتلىك، ئاستا يۈز بېرىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە.

سىيانپىلارنىڭ بىرىنچى ئەسىردىكى پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان توپان I دىن تارتىپ (مىلادىنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن تارتىپ) توپان II يېتەكچىلىك قىلىشقا باشلىغان چاغدىلا (140 ـ يىللىرى) سىيانپىلار ھونلىشىپ توبا سىيانپىلار كېلىپ چىققان.

«توبا» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تارىخىي يىلنامىلەردە (ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسىدا) مۇنداق قاراشلار بار: (ئاتىسى سىيانپى، ئانىسى ھونلاردىن تۇغۇلغانلارنى «توبا» دەپ ئاتىغان).

مانا شۇ توبا لار سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، سىيانپىلارغا باش بولۇپ، ھازىرقى چوغاي تاغلىرى ئەتراپىدا توبا سىيانپىلار دۆلىتىنى قۇرغان. ئۇلارنىڭ مەشھۇر خانلىرى قىپان (مىلادىنىڭ 200 ـ يىللىرى قوبدۇ ئەتراپىدىن چوغاي تاغلىرى ئەتراپىغا كۆچكەن توبالارغا باش بولغان) لى ۋى (مىلادىنىڭ 261 ـ يىلىدىن 277 ـ يىلىغىچە خان بولغان) ئۇ 88 يېشىدا خان بولغان، 104 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. قىپاننىڭ خانلىق دەۋرىنى سۈرگەن ۋاقتى مىلادىنىڭ 235 ـ يىلىدىن 261 ـ يىلىغىچە بولغان 26 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لى ۋىدىن كېيىن توبا سىيانپىلارغا، لىخو، چاۋ، خۇ قاتارلىق ئۈچ كىشى خان بولغان. بۇلارنىڭ سەلتەنىتى 20 يىل (مىلادىنىڭ 277 ـ يىلىدىن 297 ـ يىلىغىچە) داۋام قىلغان. بۇلاردىن كېيىن ئوتا (297 ـ 310 ـ يىللار)، يىلو (310 ـ 316 ـ يىللار)، لوگۇەن (310 ـ 316 ـ يىللار) ـ بۇ ئىككىسى ئورتاق خان بولغان. بۇ ئورتاق خانلاردىن كېيىن، يۈلۇ (316 ـ 325 ـ يىللار)، غونۇ (325 ـ 330 ـ يىللار)، قىقىنا (330 ـ 335 ـ يىللار)، يىفوي (335 ـ 337 ـ يىللار)، شىكەن (377 ـ 380 ـ يىللار)، فۇكىن (380 ـ 386 ـ يىللار)، كىيى (386 ـ 394 ـ يىللار) قاتارلىقلار خان بولغان.

توبا سىيانپىلار دۆلىتىنى مىلادىنىڭ 394 ـ يىلى ئاۋار خاقانى تولون 1 تارمار كەلتۈرگەن.

توبا سىيانپىلار دۆلىتى مىلادىنىڭ 394 ـ يىلى يوقىتىلغان بولسىمۇ، ئەسلى كېلىپ چىقىشى سىيانپىلاردىن بولغان توبالار، مورۇنلار، دەنلەردىن ئىبارەت قەبىلە ـ ئۇرۇقلار، تارىختا شىمالىي ۋېي خانلىقى (مىلادىنىڭ 385 ـ يىلىدىن 534 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، غەربىي ۋېي خانلىقى (535 ـ 556 ـ يىللار)، شەرقىي ۋېي خانلىقى (534 ـ 550 ـ يىللار) قاتارلىق خانلىقلارنى قۇرغان.

مىلادىنىڭ 385 ـ يىلى توبا قەبىلىسىنىڭ خانى توبا تاۋ كۈچلۈك توبالار دۆلىتى («شىمالىي ۋېي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى قۇرۇپ هازىرقى داتۇڭنى پايتەخت قىلغان ئىدى. مىلادىنىڭ 481 ـ يىلى توبالار پايتەختىنى لوياڭغا يۆتكەپ، خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدا هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. شۇ يىلى هۆكۈمران گۇرۇھ «توبا» فامىلىسىنى «يۈەن»گە ئۆزگەرتتى. بۇ دۆلەت مىلادىنىڭ 385 ـ يىلىدىن 534 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرۈپ ئاخىرى خەنزۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن.

## رىۋايەت

قەدىمكى تارىخ، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، ئاتاغلىق شەخسلەرگە دائىر ۋەقەلەرنى قىسقا ۋە ئېنىق بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن بايان قىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى رىۋايەت دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىدە ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناهايىتى ئاجىز، تۆۋەن بولغان. ئۇلارنىڭ ئۇستىگە ئەتراپىدىكى تەبىئەت هادىسىلىرى هەققىدە خىيالىي تەسەۋۋۇرلاردا بولغان. ئۇلار بىر تەرەپتىن تەبىئىي هادىسىلەر بىلەن ئىجتىمائىي هادىسىلەرنى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى، هاياتقا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئىزلىگەن. رىۋايەت مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن.

لېكىن رىۋايەتلەردە ئەپسانە ئېلېمېنتلىرى بولمايدۇ دېيىلسە بۇ ئەمەلىيەتكە زادى ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا رىۋايەت بىلەن ئەپسانىنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىش كېرەك. رىۋايەتتە خىيال ۋە ئەقىلگە سىغمايدىغان توقۇلمىلار ئازراق بولۇپ، رېئال ۋەقەلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەپسانىدە بولسا خىيالىي ۋە توقۇلمىلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇنداق قارىماقلىققا ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ پەرقىنى ئاجرىتىش ئانچە ئاسان ئەمەس.

بىزگە مەلۇم بولغان رىۋايەتلەر ناهايىتى قەدىمكى زامانلاردا يارىتىلغان بولۇپ، بىر زامانلاردا نامەلۇم ئاپتورلار تەرىپىدىن توقۇلغان رىۋايەتلەر نەسىلدىن ـ نەسىلگە ئۆتۈپ تارقىلىپ، ساقلىنىپ كەلگەن.

رىۋايەتلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگىنى ئۈچۈن دائىم ئۆزگىرىپ

تۇرغـان ۋە ئۇلارغـا يېقـى مەزمۇنـلار قوشـۇلۇپ بېيىـپ كەلگـەن.

## «كۆچ» رىۋايىتى

رىۋايەتلەرگـە ئۇيغۇرلارنىـڭ «كـۆچ» رىۋايىتىنـى مـسالىغا ئېلىـش ئالاھـىدە تارىخىي ۋە بەدىئىـي قىممەتكـە ئىگـە.

13 ـ ئەسـىردە ياشـىغان ئىران تارىخچىسى جۇۋەينى «دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخـى» ناملىـق ئەسـىرىدە ئۇيغۇرلارنىـڭ «كـۆچ» رىۋايىتىنـى تەپسـىلىي يېزىـپ قالدۇرغـان. رىۋايـەت مۇنـداق:

«... قـارا قـۇرۇم تاغلىرىدىـن ئېقىـپ چىقىدىغان تۇغـلا، سېلىنگا دەريالىرىنىـڭ قوشـۇلىدىغان جايـىدا (قۇملانجـو) دېگـەن جاي بـار ئىكـەن. شـۇ جايدا بىـر ـ بىرىگـە ياندىشـىپ ئۆسـكەن ئىككى تـۈپ دەرەخ بـار ئىكـەن، بـۇ دەرەخلەرنىـڭ بىرىنىـڭ نامـى فىسـتوق بولـۇپ، تۇرقـى قارىغايغـا ئوخشـايدىكەن، ئارچـىدەك ھەمىشـە كۆكىرىـپ ياشـناپ تۇرىدىكـەن، قارىغايـىدەك مەزمـۇت ئىكـەن. دەرەخنىـڭ يەنـە بىـرى قارىغـاي ئىكـەن. كۆنلەرنىـڭ بىرىـدە مانـا شـۇ ئىككى تـۈپ دەرەخنىـڭ ئارىسـىدا ئۇشـتۇمتۇتلا بىر دۆڭ پەيدا بولۇپ قاپتۇ، دۆڭ كۈن ئۆتكەنسېرى ئېگىزلەشـكە باشلاپتۇ. ئاسـماندىن بىـر يـورۇق چۈشـۈپ، دۆڭنـى يورۇتـۇپ تۇرىدىكـەن. ئۇيغـۇرلار كېلىـپ نۇرلىنىـپ تۇرغـان دۆڭگـە ئېھتىـرام بىلـدۈرۈپ تۇرىدىكەن. مانـا شـۇ نۇرلـۇق دۆڭنىـڭ ئىچىدىن چىرايلىـق مۇزىـكا ـ ناخشـا ئـاۋازى ئاڭلىنىدىكـەن. ھـەر كېچـە ئەھـۋال شـۇنداق ئىكـەن. نۇرلـۇق دۆڭدىـن چېچىلغـان نـۇر ئوتتـۇز قەدەمچـە جايىـى يورۇتـۇپ تۇرىدىكەن. كۈنلەرنىـڭ بىرىـدە نۇرلىنىـپ تۇرىدىغان دۆڭدىن ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئىشـىك ئېچىلىپتۇ، ئېچىلغـان ئىشـىكتىن قارىغانـدا، خۇددى ئوتاۋغـا (كىگىـز ئۆيگـە) ئوخشـاپ كېتىدىغان بـەش ئـۆي كۆرۈنۈپتـۇ. ھـەر بىـر ئۆيگـە بىردىـن كۈمـۈش سـەگۈنچەك ئېسىلغان، ھـەر بىـر سـەگۈنچەكتە بىردىـن بـوۋاق ئوغـۇل بـالا ئولتۇرغـان، بوۋاقلارنىـڭ ئاغزىـدا سـۈت ئېمىدىغـان ئېمىزگـە بـار ئىكـەن. ئۇيغـۇر قەبىلىلىرىنىـڭ بەگلىـرى بـۇ ئاجايىـپ كارامەتلىـك بوۋاقلارنـى كـۆرۈپ ئۇلارغـا ھۆرمـەت ـ ئېھتىـرام بىلدۈرۈشـۈپتۇ. بـوۋاق ئوغـۇل باللار ھاۋادىـن نەپەس ئېلىـش بىلەنلا ھەرىكەتلىنىـپ ئۆيدىـن چىقىشـىپتۇ. ئۇيغـۇرلار ئىنىـك ئانىلارنـى تەيىنلـەپ، بوۋاقلارنـى ئېمىتكۈزۈپتـۇ. ئۇلارنىـڭ تىلـى چىققانـدا ئـۆز ئاتـا ـ ئانىلىرىنـى سۈرۈشـتە قىلىشـىپتۇ. كىشـىلەر ھېلىقـى ئىككـى تـۈپ دەرەخنـى كۆرسـىتىپتۇ، ئوغۇلـلار دەرەخكـە چوقۇنۇشـۇپتۇ. دەرەخ ئادەمـدەك تىلغا

كىرىپ، بالىلارنىڭ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ئۆسۈشى ھەققىدە ۋەسىيەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۇ ياشىشىنى قوغلاپتۇ. شۇ جايدىكى كىشىلەر بۇ ئوغۇللارغا خۇددى خانلارغا ئىتائەت قىلغاندەك بويسۇنۇشقان. بەش ئوغۇلنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ نامى شۇڭقارتېكىن، ئىككىنچىسىنىڭ نامى قوتچۇرتېكىن، ئۈچىنچىسىنىڭ نامى بۇقاتېكىن، تۆتىنچىسىنىڭ نامى ئۆرتېكىن، بەشىنچىسىنىڭ نامى بوگۇتېكىن ئىكەن. ئۇيغۇرلار تەڭرى مانا شۇنداق ئوغۇللارنى ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى خان قىلىشنى قارار قىلىشىپتۇ. ئوغۇللارنىڭ ئىچىدە بوگۇتېكىن چىرايلىق، ئەقىللىق، تالانتلىق بولۇپ نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بوگۇتېكىننى خان قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقان. مانا شۇ بوگۇتېكىن خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلغان. دۆلەتنىڭ ئاھالىسى ئاۋۇپ - كۆپەيگەن. تەڭرى بوگۇخانغا ئۈچ قۇش ئاتا قىلغان. بۇ قۇشلار نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. بوگۇ خان مانا شۇ قۇشلارنى ھەر دائىم دۇنيانىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىگە ئەۋەتىپ، دۇنيادا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوگۇخان چىدىر ئىچىدە ياتقاندا بىر ئىلاھىي جاننى كۆرۈپتۇ. ئىلاھىي جان گۈزەل قىز قىياپىتىدە كۆرۈنۈپتۇ. بوگۇخان قورقۇپ كېتىپ، ئويغىنىپ قالغانلىقتىن ئىلاھىي قىزغا گەپ قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. ئىككىنچى كېچىسىمۇ يەنە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. ئۈچىنچى كېچىسى بوگۇخان بۇ ئەھۋالنى باش ۋەزىرىگە ئۇختۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ھېلىقى ئىلاھىي پەرى قىزغا ئەگىشىپ، «قۇت تاغ» (بەخت تېغى) دېگەن تاغنىڭ ئىچىگە بېرىپتۇ. تاڭ ئاتقىچە قىز بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ھەر كېچە شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ تۇرۇپتۇ. بۇنداق ئەھۋال يەتتە يېرىم يىل داۋام قىلىپ، بوگۇ خاقان پەرى قىز بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا قىز مۇنداق دەپتۇ: «كۈن چىقىشتىن كۈن پاتقىچە بولغان پۈتۈن دۇنيا ساڭا بويسۇنىدۇ، سەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ، ئەلنى ياخشى باشقۇرغىن». پەرى قىز بۇ گەپنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن غايىب بوپتۇ. بوگۇ خاقان قوشۇن توپلاپ، ئاكىسى شۇڭقارتېكىنگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۈچ يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن موڭغۇل ۋە قىرغىزلار ئېلىگە ماڭغۇزۇپتۇ. ئىككىنچى ئاكىسى قوتچۇرتېكىننى يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن تاڭغۇتلار ئۈستىگە ماڭغۇزۇپتۇ. ئۈچىنچى ئاكىسى بۇقا تېكىننى يۈز مىڭ قوشۇن بىلەن جۇڭگوغا ماڭغۇزۇپتۇ. تۆتىنچى ئاكىسى ئۆرتېكىننى ئۆز ئېلىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپتۇ.

يۇرۇشكە ماڭغان قوشۇنلار نۇرغۇنلىغان ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ، كۆپلىگەن ئەسىر ۋە غەنىمەتلەرنى ئېلىپ، ئورخون دەرياسىنىڭ بويىغا قايتىپ كېلىشىپتۇ. شۇ يەردە «ئوردو بالىق» دېگەن بىر شەھەر بىنا قىلىنىپتۇ. شۇ چاغدا كۈن چىقىش تەرەپتىكى دۆلەتلەر پۈتۈنلەي بويسۇنۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوگۇخان كېچىسى ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاق چاپانلىق، ئاق ھاسا تۇتقان بىر ئەر كىشىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ بىر پارچە قاش تېشىنى بوگۇخانغا بېرىپ، مۇنداق دەپتۇ: «سەن مۇشۇ تاشنى مەڭگۇ ساقلىساڭ، پۈتۈن دۇنيا ساڭا باش ئېگىدۇ». بوگۇخاننىڭ باش ۋەزىرىمۇ خۇددى شۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ. ئەتىسى بوگۇخان ھەربىي ھازىرلىققا كىرىشىپ، كۈن پېتىش تەرەپكە قوشۇن تارتىپ مېڭىپتۇ، بۇ قوشۇن تۈركىستانغا يېتىپ كەلگەندە، تۈپتۈزلەڭ، سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان، سېمىز ماللار سەكرىشىپ ئويناپ تۇرغان بىر يايلاقنى كۆرۈشۈپتۇ. قوشۇن شۇ يەردە توختاپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە بالاساغۇن دېگەن شەھەرنى بىنا قىلىپتۇ. قوشۇنلار بۆلۈنۈپ تەرەپ - تەرەپكە يۈرۈش قىلىپتۇ. 12 يىل ئىچىدە كۆپ ئەللەرنى ئېلىپ، ياۋايى ئادەملەر ياشايدىغان جايغىچە بېرىپتۇ... نۇرغۇنلىغان ئەللەرنىڭ خانلىرىنىڭ ھەر بىرى ئېسىل سوۋغاتلارنى ئېلىپ، بوگۇخاننىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. بوگۇخان ئۇلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قوبۇل قىلىپتۇ. بوگۇخان ئۇلارنىڭ ياساق تۆلىشىنى جىكىلەپ ئۆز ئەللىرىگە قايتۇرۇپتۇ. چوڭ غەلىبىگە ئېرىشكەن بوگۇخان بالاساغۇندىن ئۆزى تۇغۇلغان ئېلىگە قايتىپ كەپتۇ.

بوگۇخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغۇللىرىدىن بىرى خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇيغۇرلار مانا شۇ خاننىڭ زامانىسىدا بارلىق ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلار بىلەن بوۋاق باللارنىڭ ئاغزىدىن: «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاشقا باشلاپتۇ. ئۇيغۇرلار «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋازغا ئەمەل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتلىرىدىن چىقىپ، باشقا جايلارغا كۆچۈپتۇ. قانداق يەرگە بارمىسۇن «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپلا تۇرۇپتۇ. ئاخىرى بىر تۈزلەڭلىككە كەلگەندىلا «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋازلار توختاپتۇ. ئۇيغۇرلار مانا شۇ تۈزلەڭلىككە بەش شەھەر بىنا قىلىپ، ئۇنىڭغا «بەش بالىق» دەپ ئات قويۇپتۇ.

## «كۆچ» رىۋايىتى ھەققىدە

بۇ رىۋايەتنىڭ سۇژېت تۈزۈلۈشى ئەپسانە رىۋايەتكە خاس فانتازىيە (خىيالىي)

خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، قەھرىمان ئىلاھلاشتۇرۇلغان. رىۋايەتتىكى ۋەقەلەر كىشىنى ئۆزىگە ماگىنىتتەك تارتىدىغان بەدىئىي شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەن. «كۆچ» رىۋايىتى نەسرى تىل بىلەن ۋەقەلىكنى سۆزىيت بويىلاپ ئۇچۇق، ئىخچىل بايان قىلىدۇ. «كۆچ» رىۋايىتىدە شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇزاق بىر دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەڭگىۋار تارىخى بەدىئىي شەكىل بىلەن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن مىلادىنىڭ 845 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) مىلادىنىڭ 840 - يىللىرىغا كەلگەندە ئىچكى ئۇرۇش (خاقانلىق تەختىنى تالىشىش) ئىچكى ئىسيان (يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدا ياشايدىغان قىرغىزلار ئىسيانى) خائىنلىق ھەرىكەتلەر (ھەربىي ۋەزىر قۇلۇق باغانىڭ قىرغىزلارغا قېچىپ بېرىپ، خاقانلىقتا يۈز بەرگەن ئىچكى قىيىنچىلىقلارنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتىشى)، تەبىئىي ئاپەتلەر (قارنىڭ قېلىن يېغىپ، چارۋا - ماللارنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈشى، دېھقانچىلىقنىڭ ۋەيران بولۇشى، ۋابا كېسىلى تارقىلىپ، ئادەملەرنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىشى) قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقى ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى قارابالغاسۇننى تاشلاپ چىقىپ، خاقانلىقنىڭ پايتەختىنى غەربتە بەرپا قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنداق جىددىي تارىخىي ۋەقە يۈز بەرگەندە شەرقىي ئۇيغۇرلار (قەدىمكى چاغلاردا بايقال كۆلىنىڭ بويلىرى، تاشقى موڭغۇلىيىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار - ئا)نىڭ كۆپ قىسمى ئەزەلدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن يۇرتلىرىدىن بىرى - ھازىرقى موڭغۇلىيىدىن غەربكە قاراپ كۆچكەن. مانا شۇ غەربكە قاراپ كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتىدىكى قان - قېرىنداشلىرى بولغان غەربىي ئۇيغۇرلار ( ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ غەربىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار - ئا) قېشىغا كۆچۈپ كېلىپ ئىدىقۇت خانلىقى (مىلادىنىڭ 850 - يىلىدىن 1335 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى (مىلادىنىڭ 850 - يىلىدىن 1212 - يىلىغىچە داۋام قىلغان) قاتارلىق دۆلەتلەرنى قۇرغان.

«تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى. ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، «كۆچ» رىۋايىتى ھەقىقىي رېئال تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا توقۇلغان. شۇ يىلنامىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا، «كۆچ» رىۋايىتىدىكى باش قەھرىمان بوگۇخان ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلانغان ۋاقتىدىكى (مىلادىنىڭ 745 - يىلىدىن 830 - يىلىغىچە) خاقانلىرىنىڭ بىرى

ئىدى. 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر ـ ئورخۇن خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 646 ـ يىلىدىن 845 ـ يىلىغىچە)نىڭ تارىخىنى ئۈچ باسقۇچقا ئايرىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچى خاقانلىقنىڭ شەكىللەنگەن مەزگىلى بولۇپ، توپتوغرا 100 يىلنى (646 ـ يىلدىن 745 ـ يىلغىچە) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خاقانلىقنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى قۇدرەتلىك دۆلەت ھالىغا كەلگەن مەزگىل بولۇپ، توپتوغرا 85 يىلنى (745 ـ يىلدىن 830 ـ يىلغىچە) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچ بولسا خاقانلىقنىڭ بېشىغا ناھايىتى ئېغىر كۈنلەر چۈشۈپ، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بۇ مەزگىل 15 يىلنى (830 ـ يىلدىن 845 ـ يىلغىچە) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

رىۋايەتتىكى باش قەھرىمان ئۇيغۇر خاقانى بايانچۇر (مىلادىنىڭ 747 ـ يىلىدىن 759 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان)نىڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ئىلتېكىن ئىدى. ئۇ ئاتىسى بايانچۇر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا خاقان بولغان. بوگۇخان توغرىسىدا «كۆچ» رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇ پەرى قىز بىلەن يەتتە يېرىم يىل سۆزلەشكەن...»، «بالاساغۇن شەھىرىنى بىنا قىلىپ 12 يىل ئىچىدە كۆپ ئەللەرنى ئالغان...» بوگۇخاننىڭ رىۋايىتىدىكى ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتىنى ھېسابلىغاندا تەخمىنەن 20 يىل خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە بوگۇخاننىڭ توپتوغرا 20 يىل (مىلادىنىڭ 759 ـ يىلىدىن 779 ـ يىلىغىچە) خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن. يىلنامىدە بوگۇخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا (بالاساغۇن ئەتراپىغا ـ ئا) يۈرۈش قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ـ ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ خاقانى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە خاقاننىڭ (808 ـ يىلدىن 821 ـ يىلغىچە خاقان بولغان) ئوتتۇرا ئاسىياغا (ھازىرقى قىرغىزىستان ئەتراپلىرىغىچە) يۈرۈش قىلغانلىقى توغرىسىدا ۋە «توققۇز ئۇيغۇر خاقانلىقى يادىكارلىقى»دا ھەقىقىي ئىشەنچىلىك مەلۇماتلار بار. ئېھتىمال بوگۇخاننىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشلىرى، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە خاقاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك. «كۆچ» رىۋايىتىدە بوگۇخاننىڭ بەش بىر تۇغقان ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ تۆت قېرىندىشىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇلارنى ناھايىتى جىددىي، ئۇلۇغ ئىشلارنى ئورۇنلاشقا تەيىن قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

يىلنامىغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلغاندا، خاقان بايانچۇرنىڭ ھەقىقەتەن

يابغۇتېكىن، كولچورتېكىن، ياغلاقارتېكىن، بوگۇتېكىن x x x تېكىندىن ئىبارەت بەش ئوغۇللىرى بولغان. «كۆچ» رىۋايىتىدە، بوگۇتېكىن بەش ئوغۇلنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، ئوغۇللارنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى بايان قىلىنغان.

بوگۇتېكىننىڭ قىرىنداشلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنى تاڭ يىلنامىسىدىكى ھەقىقىي پاكىتلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، «كۆچ» رىۋايىتىنىڭ ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا پەيدا بولغانلىقى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

«كۆچ» رىۋايىتىدە: «بوگۇخان قوشۇن تۈپلاپ چوڭ ئاكىسى شۇڭقارتېكىنگە (بۇ يابغۇتېكىن بولسا كېرەك ـ ئا) بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇنى 300 مىڭ قوشۇن بىلەن موڭغۇل ۋە قىرغىزلار ئېلىگە ماڭغۇزۇپتۇ». دېيىلگەن. يىلنامىغا ئاساسلانغاندا، خاقان بايانچۇرنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 747 ـ يىلىدىن 759 ـ يىلىغىچە) ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى كۆچىيىشكە باشلاپ، لياۋخې دەرياسى بويىدا ياشىغان (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىدە) موڭغۇل نەسىللىك قىتانلار، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدا ياشىغان قىرغىزلار بويسۇندۇرۇلغان. مانا شۇ خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇش بايانچۇرنىڭ تۇنجى ئوغلى، بوگۇخاقاننىڭ چوڭ ئاكىسى يابغۇتېكىن (رىۋايەتتە شۇڭقارتېكىن دېيىلگەن) تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

«كۆچ» رىۋايىتىدە: «بوگۇخاقان ئۈچىنچى ئاكىسى بۇقاتېكىننى 100 مىڭ قوشۇن بىلەن جۇڭگوغا ماڭغۇزۇپتۇ» دېيىلگەن.

تارىختىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇم بولغاندەك تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ شۈەنزۇڭ (مىلادىنىڭ 712 ـ يىلىدىن 756 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان)نىڭ خىببىي ئەتراپلىرىدا تۇرىدىغان ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىيسى ئەنلۇشەن (ئەسلى كېلىپ چىقىشى تۈرك ـ ئا) ئىسيان كۆتۈرۈپ نۇرغۇن قوشۇن بىلەن شىئەنگە قاراپ بېسىپ كېلىدۇ. تۇڭگۇەندە بولغان جەڭدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇب بولۇپ، ئەنلۇشەن (خەنزۇچە ئىسمى ئەنلۇشەن ـ ئا) شىئەننى بېسىپ ئالىدۇ. ئەنلۇشەن ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلايدۇ. تاڭ شۈەنزۇڭ سىچۈەنگە قېچىپ كېتىدۇ. شۇنداق جىددىي پەيتتە تاڭ سۇلالىسى شاھزادىسى تاڭ شاۋزۇڭ گەنسۇ ئەتراپىدا تۇرىدىغان تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى گوزىينىڭ قوللىشىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دەپ جاكارلاپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاش يولىغا كىردى. مىلادىنىڭ 757 ـ يىلى ئىسيانچىلار ئارىسىدا جېدەل چىقىپ، ئەنلۇكنى ئوغلى ئەنچىڭشۈي ئۆلتۈردى. ئىسيانچىلارنىڭ

يەنە بىر باشلىقى سۈيگۈن (سى سىمىن) ئەنچىڭشۈيگە بويسۇنمىدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى تاڭ شاۋزۇڭ ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. تاڭ شاۋزۇڭ ئەيشى - ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى تېزراق ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسيانىنى باستۇرۇشتا ئۇيغۇر خاقانلىقىدىن ھەربىي ياردەم ئېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ، مىلادىنىڭ 757 - يىلى گوزىيى باشچىلىقىدا، ئۇيغۇر بوكوخەيىن ھەمراھلىقىدا قارا بالغاسۇنغا بىر دىپلوماتىك ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. گوزىيى باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى ئۇيغۇر خاقانى بايانچۇر بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىدە تاڭ سۇلالىسىگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئېغىر شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ، ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ھەربىي ياردىمىگە ئېرىشتى. شەرقىي ئاسىيادىكى ئىككى كۈچلۈك دۆلەت - تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقى ئارىسىدا تۈزۈلگەن توختامدا، ئۇيغۇرلار چاڭئەن، لوياڭنى ئىسيانچىلاردىن قايتۇرۇپ ئالغاندا شەھەردىكى زېمىن، ئىبادەتخانىلار تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولىدۇ، ئالتۇن، كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن، قىز - چوكانلار ئۇيغۇرلارغا تەۋە بولىدۇ، ئۇندىن تاشقىرى تاڭ پادىشاھى ئۆزىنىڭ مەلىكە قىزلىرىدىن بىرىنى ئۇيغۇر خاقانىغا ياتلىق قىلىشى زۆرۈر دېيىلگەن. چىرىكلەشكەن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى دۆلەتنىڭ ئىززەت - ئابروينى ئاياغ ئاستى قىلىپ، چەت ئەلنىڭ ھەربىي كۈچىگە يۆلىنىپ، ئىسيانىنى باستۇرۇشتا خەلققە قانچىلىك بالايىئاپەت كېلىدىغانلىقى بىلەن كارى بولمىدى. شۇ چاغدا ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى مۇنتىزىملاشقان، جەڭگىۋارلىقى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان ئىككى يۈز 21 مىڭ ئاتلىقتىن ئىبارەت ئىدى. قوشۇن 17 ئاتلىق دىۋىزىيە بولۇپ، ھەر بىر دىۋىزىيىدە 13 مىڭدىن جەڭچى بار ئىدى.

تۈزۈلگەن توختامغا بىنائەن خاقان بايانچۇر مىلادىنىڭ 757 - يىلى چوڭ ئوغلى يابغۇتېكىن قوماندانلىقىدا بەش مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ئاتلىق قوشۇننى جۇڭگوغا ئەۋەتتى. ئۆگلۈك - سۈيگۈن ئىسيانىنى ئۇزۇل - كېسىل باستۇرۇش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 760 - يىلى خاقان بولغان (مىلادىنىڭ 759 - يىلى بايانچۇر ئالەمدىن ئۆتكەن) بوگۇخاقان ئۆزى جۇڭگوغا كېلىپ، بىر نەچچە يىل داۋام قىلغان ئىسيانىنى باستۇرغان ئىدى.

«كۈچ» رىۋايىتىدىكى بوگۇخاقان ئۈچىنچى ئاكىسى بۇقاتېكىننى 100 مىڭ قوشۇن بىلەن جۇڭگوغا ماڭغۇزغان، دېگەن بايانلار مىلادىنىڭ 757 - يىلىدىن 761 - يىلىغىچە ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ ئۆگلۈك - سۈيگۈن ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم جۇڭگوغا كەلگەنلىكىگە قارىتىلغان.

«كۆچ» رىۋايىتىدە، بوگۇخاقان ئىككىنچى ئاكىسى قۇتچۇرتېكىننى 100 مىڭ قوشۇن بىلەن تاغۇتلار ئۈستىگە ماڭغۇزۇپتۇ دېيىلگەن.

تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىدىن ھەربىي ياردەم ئېلىپ، ئۆگلۈك - سۆيگۈن ئىسيانىنى باستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر ئېغىر خەۋپلىك ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا مۇھىم ھوقۇقلارنىڭ بىرىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر بوكوخەيىن تاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 764 - يىلى ئىسيان كۆتۈردى. بوكوخەيىن كۆتۈرگەن ئىسيانىنى ئۇيغۇر خاقانلىقى، تىبەت خاقانلىقى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى، شۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرىدىن بىرى گوزىيى ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى قۇچ قۇلۇق تۇتۇق ياغلاقارتېكىن (بوگۇخاقاننىڭ قېرىندىشى) نىڭ قارارگاھىغا (باش شتابىغا) بېرىپ، ئۇنى ئىسيانىنى قوللىماسلىققا ئۈندەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسيانچىلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشكە مۇيەسسەر بولدى. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندىن كېيىن ئىتتىپاقدىشى ئۇيغۇرلاردىن ئايرىلغان تىبەت خانلىقىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى نىڭشيادىكى لىڭئۇ دېگەن جايغا چېكىندى. ئۇيغۇر سەركەردىسى قۇچ قۇلۇق تۇتۇق ياغلاقارتېكىن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ، مىلادىنىڭ 765 - يىلى قاتتىق سوغۇق قىشتا تىبەت قوشۇنلىرى («كۆچ» رىۋايىتىدە تاغۇتلار دېيىلگەن) جايلاشقان لىڭئۇ دېگەن جايغا يېقىنلاپ كەلگەن. قۇچ قۇلۇق تۇتۇق ياغلاقارتېكىن (رىۋايەتتە قۇتچۇرتېكىن دېيىلگەن) دەھشەتلىك قار - شىۋىرغان بولۇپ تۇرغان كېچىسى تىبەت قوشۇنلىرىنىڭ چېدىرلاردا ئۇخلاۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، تاڭ ئاتقىچە تىبەت قوشۇنلىرىدىن 50 مىڭنى ئۆلتۈرۈپ، قالغان قىسمىنى ئەسىر ئالغان. بۇ غەلىبىدە ئۇيغۇرلار بىر مىليوندىن ئارتۇق ئات، تۆگە، كالا، قوي ئولجا ئالغان. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارغا يۈز مىڭ توپ شايى ئەتلەس ھەدىيە قىلغان.

مىلادىنىڭ 765 - يىلى ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلىكلەر ئارىسىدا بولغان شۇ ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك قوشاقلار مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇچرايدۇ. قوشاق مۇنداق :

تاڭغۇت قوشۇننى ئۇشتۇمتۇت تۇرغاندا باستى،
ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى مەسخىرە قىلدى،

ئەرلىرىنى، ئاتلىرىنى غەنىمەت ئالدى،
تاشقۇتلار ئەسىر بولۇپ بېشىنى ئەگدى.

«كۆچ» رىۋايىتىدىكى قۇتچۇرتېكىنىنىڭ تاشقۇتلار ئۈستىگە قىلغان يۈرۈشى مىلادىنىڭ 765 - يىلى ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەر ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشنى كۆرسەتسە كېرەك.

«كۆچ» رىۋايىتىدە: «تەڭرى بوگۇخانغا ئۈچ قۇش ئاتا قىلغان، بۇ قۇشلار نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى مۇكەممەل بىلىدىكەن، بوگۇخان مانا شۇ قۇشلارنى ھەر دائىم، دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئەۋەتىپ، دۇنيادىكى ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن» دېيىلگەن.

بۇ، ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ دىپلوماتىيىسىدە ئىشلەتكەن، نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئەلچىلىرىنى ياكى دۇنيانىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىگە تۈرلۈك قىياپەتتە ئەۋەتىلگەن جاسۇسلىرىنى كۆرسەتسە كېرەك.

«كۆچ» رىۋايىتىنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يۇرتلىرىدىن بىرى بولغان جايدىن (ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدىن) غەربكە قاراپ كۆچۈپ، بەش بالىق ئەتراپلىرىغا كەلگەندىلا «كۆچ - كۆچ» دېگەن ئاۋازنىڭ توختىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. دېمەك، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىنىڭ 840 - يىلىدىكى كۆچۈشى «كۆچ» رىۋايىتىدە ئىلاھلاشتۇرۇلغان.

«كۆچ» رىۋايىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى چاغدىكى نەسرى تىل بىلەن بايان قىلىنغان ياخشى ئەدەبىي يادىكارلىقىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، تارىخى، ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتە ناھايىتى قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارنىڭ بىرىدۇر.

ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر خەلقلەرنىڭ قەدىمكى زامانلاردا بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، دىنىي ئېتىقادلىرىنى بىلىشتە ناھايىتى قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، ئۇنى داۋاملىق، ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەتقىق قىلىش لازىم.

قەدىمكى زامانلاردا پەيدا بولغان ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر كېيىنكى زامانلاردىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. چۈنكى ئەپسانە

ۋە رىۋايەتلەر رومانتىزمنىڭ بولىقى. كېيىنكى زامانلاردا چىققان ئاكتىپ، رومانتىك شائىرلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى چاغدا پەيدا بولغان ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىن نۇرغۇن ئىلھام ئالغان. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ شائىر، يازغۇچىلىرىمۇ ئۆز ئىجادىيىتىنى يۇكسەلدۈرۈشتە، ئۆز خەلقىنىڭ قىممەتلىك بايلىقلىرىدىن بىرى بولغان ئەپسانە، رىۋايەتلىرىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن مەلۇم ئوزۇق ۋە ئۈلگە ئېلىش لازىم.

## قوشاقلار

خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان قوشاقلار، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇرۇنقى تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ مەلۇم مىللەت ياكى خەلقنىڭ تارىخىنى بىلىشتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. گوركىي: «خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنى بىلمەي تۇرۇپ، مېھنەتكەش خەلقنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس»[1] دېگەن ئىدى.

قوشاقلار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن قوشاقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلىشتە، ئەلۋەتتە ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئازراق چۈشەنچە بېرىش لازىم.

ئەمگەك ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەدەبىياتىنى ياراتقان. باشلانغۇچ جەمئىيەتتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىردىنبىر شەكلى بولۇپ، ئۇ كېيىنكى چاغلاردىكى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى ئاتىسى.

ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشى، ئۇملەشكەن ھالدا بولغان. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، يالغۇز - يالغۇز ھالدا ئەمەس، ئۇملەشكەن ھالدا قىلىنغان ئەمگەك كۆپچىلىكنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشىنى، پىكىر ئالماشتۇرۇشىنى زۆرۈر تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر قەدەممۇ قەدەم ئاددىي ئاۋاز چىقىرىشتىن مۇرەككەپرەك ئاۋاز چىقىرىشقا موھتاج بولۇشقان. بۇ بولسا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تىلى ئىدى.

ئادەملەر مېڭىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تىلنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى،

(1) گوركىي: «ئەدەبىيات ھەققىدە» - ئا.

ئەدەبىياتىنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى ئادەملەر ئەمگەك قىلغان چاغلىرىدا ئەمگەكتە بىر تۇتاش ھەرىكەت قىلىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھارغىنلىقنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئەمگەكتىكى ھەرىكەت رىتىملىرىغا ئەگىشىپ، رىتىملىق ئاۋازلارنى چىقىرىشقان. بۇ خىلدىكى ئاۋاز ئەڭ دەسلەپكى ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇ توغرىدىن ـ توغرا شۇ چاغدىكى ئەمگەك ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

ئەڭ قەدىمكى چاغدا (باشلانغۇچ جەمئىيەتتە) قوشاق، ئۇسسۇل، مۇزىكىدىن ئىبارەت ئۈچىنىڭ بىر گەۋدىلىكى ئەدەبىياتنىڭ ئەمگەكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات ئەمگەك جەريانىدىكى ئاۋاز بولۇپ، ئەمگەكنىڭ ئۆزى رىتىملىق بولاتتى. ئادەملەرنىڭ رىتىملىق ھەرىكەتلىرىمۇ ئۇسسۇلنىڭ كېلىپچىقىش مەنبەسى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى چاغدىكى قوشاق، ئۇسسۇل، مۇزىكىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچىنىڭ بىر گەۋدىلىكى ئەمگەك ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا كەلگەن. قەدىمكى چاغدىكى قوشاق، ئۇسسۇل، مۇزىكىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچىنىڭ بىر گەۋدىلىكى ئەمگەكتىكى ھەرىكەت رىتىملىرىغا ماس كەلگەن. چۈنكى ئەمگەكتىكى رىتىملىق ھەرىكەت بىلەن رىتىملىق ئاۋاز بولسا بىرلا ۋاقىتتا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىياتمۇ ئەمگەك جەريانىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن.

باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسەن قوشاق بىلەن ئەپسانىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەمگەكتىكى رىتىمغا ئەگىشىپ ئېيتىلغانلىرى قوشاق، خىيالىي توقۇلغانلىرى ئەپسانە بولۇپ، بۇ ئەدەبىياتتىكى نەسرى تۈرنىڭ ئۆزى ئىدى. مانا شۇلار (قوشاق بىلەن ئەپسانە) ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن كوللېكتىپ ئىجادىيەت.

پىلىخانوۋ: «يەنە ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ سەنئىتى ھەققىدە» ناملىق بىر ماقالىسىدە قەدىمكى چاغدىكى ئوۋچىلار ئۇسسۇلىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، ئوۋ جەريانىدا ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەقلىد (دوراش) قىلىشتىن كېلىپ چىققان»، دەپ تونۇغان. بۇ ھۆكۈم شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى: ئەگەر ئەڭ قەدىمكى چاغدا ئادەملەر ئۆزى ئوۋ قىلىش ئەمگىكىگە قاتناشمىغان بولسا، ئوۋچىلار

ئۇسسۇلىنى يارىتىشى زادى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

ئىنسانلارنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھاياتىنىڭ خىلمۇخىل، مۇرەككەپلىكى، قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى ھەم تۈرلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇڭا قوشاقلار، ئەمگەك قوشاقلىرى، (ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىككە ئوخشاش)، مۇراسىم قوشاقلىرى (توي، ئۆلۈم - يېتىملەردە ئېيتىلىدىغان قوشاقلار)، جەڭ قوشاقلىرى، مەۋسۇم قوشاقلىرى، مۇھەببەت قوشاقلىرى قاتارلىق بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئەمگەك قوشاقلىرى، مۇراسىم قوشاقلىرى، جەڭ قوشاقلىرى، مەۋسۇم قوشاقلىرى بىلەن بىر قاتاردا ھەقىقىي چىن مۇھەببەت ۋە ساداقەتنى ئىپادىلەيدىغان، تەلىم - تەربىيە مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان قوشاقلارمۇ ناھايىتى كۆپ. بۇنداق قوشاقلاردا، ئىنسانىي پەزىلەت، ئار - نومۇس، مەردلىك، غەيرەت - شىجائەت، ئەدەب - ئەخلاق ۋە ئادەمگەرچىلىك تەرغىب قىلىنغان.

## ھونلار ھەققىدىكى قوشاقلار

ھونلار ھەققىدىكى قوشاقلارنى ئاساسەن ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىر خىلى خەنزۇ خەلقىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھونلار ھەققىدە توقۇغان قوشاقلار بولسا، يەنە بىر خىلى ھونلارنىڭ ئۆزلىرى توقۇغان قوشاقلار.

ھونلار جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىخىي يىلنامىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم.

ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەن (مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ياشىغان) ئۆزىنىڭ ئۆلمەس، شانلىق ئەسىرى «تارىخنامە»نىڭ «بەش خاننىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن بابىدا، خۇاڭدىنىڭ ھونلارنى شىمالغا قوغلىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. خۇاڭدى بولسا جۇڭگونىڭ باشلانغۇچ ئۇرۇقچىلىق جەمئىيىتىدە ئۆتكەن ئەپسانىۋى خان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇندىن 5000 يىل بۇرۇن ئۆتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ھونلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى قوشنىسى ئىكەنلىكى مەلۇم.

ھونلار جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن شاڭ سۇلالىسى (مىلادىدىن 17 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 11 - ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن) زامانىسىدا

كۆچىيىشكە باشلىغان بولسا، غەربىي جۇ سۇلالىسى (مىلادىدىن 11 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 771 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) دەۋرگە كەلگەندە خېلى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانغان.

«تارىخنامە، هونلار هەققىدە قىسسە»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا هونلار هەر دائىم غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا هۇجۇم قىلىپ ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن. كۇڭزىنىڭ (مىلادىدىن 551 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ، مىلادىدىن 479 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن) شاگىرتلىرى خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغدىكى قوشاقلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ قالدۇرۇپ كەتكەن «نەزمىنامە»دىكى بىر قوشاق مۇنداق:

ئۆي ـ ماكاندىن، ئائىلىدىن قالدۇق ئايرىلىپ،
دەهشەت سېلىپ كەلگەن ۋەهشىي هونلار دەستىدىن،
يۇردۇق كۆچۈپ تىنماي دائىم، تېنەپ ـ تەمتىرەپ،
دەهشەت سېلىپ كەلگەن ۋەهشىي هونلار دەستىدىن.

بۇ قوشاقنى مىلادىدىن ئون ئەسىر بۇرۇن جۇ سۇلالىسى زامانىسىدا ئۆتكەن نامەلۇم بىر شائىر توقۇغان. مىلادىدىن سەككىز ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن جوشۇەن ۋاڭ (جۇ سۇلالىسىنىڭ خانلىرىدىن بىرى ـ ئا) هونلارنىڭ هۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى چېگرانىڭ بىر يېرىگە قورغان سالدۇرغان ئىكەن، «نەزمىنامە»دە بۇ هەقتە مۇنداق بىر قوشاق بار:

چۇشۇرۇپ بۇيرۇقنى ماڭا ئۇلۇغ خان،
شىمالىي چېگراغا سالدۇردى قورغان.
ئاتاقلىق نەنجۇڭغا[1] بولدىغۇ نەسىپ،
هونلارنى قوغلاشقا بەرمەستىن ئامان.

«تارىخنامە، هونلار هەققىدە قىسسە» بابىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، هونلار دۆلىتى مىلادىدىن 1500 يىل بۇرۇن (بۇندىن 3500 يىل بۇرۇن) ۋۇجۇدقا كەلگەن.

(1) نەنجۇڭ – غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئادەم – ئا.

شۇ چاغلاردا خەنزۇ خەلقى هونلارنىڭ هۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سەددىچىن سېپىلىنى تېخى سالمىغان. سەددىچىن سېپىلى مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن سېلىنىشقا باشلىغان ئىدى. خەنزۇ خەلقى سەددىچىن سېپىلىنى سالماستىن بۇرۇن (بولۇپمۇ جۇ سۇلالىسى زامانىسىدا) ۋە سالغاندىن كېيىنمۇ بىر مەزگىلگىچە هونلارنىڭ تاجاۋۇزى ۋە بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغان. يۇقىرىدىكى ئىككى قوشاق مۇشۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇ.

خەنزۇ خەلقى توقۇغان تۆۋەندىكى قوشاق ناهايىتى خاراكتېرلىك بولۇپ، چوڭ بىر جەڭگە مۇناسىۋەتلىك.

قوشاق مۇنداق:

فىنچىڭدا[1] يۈز بەرگەن ئاجايىپ ۋەقە،
كەلتۈردى بىزلەرگە جاپا ـ مۇشەققەت.
يەتتە كۈن ئاچ قېلىپ كەتتۇق ماداردىن،
ئوقيانى ئېتىشقا يەتمىدى قۇۋۋەت.

بۇ قوشاقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تارىخىي سەۋەب مۇنداق:

مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسىدە يەتتە دۆلەت بولۇپ، بۇلار ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ تۇراتتى. شۇنداق ئەهۋالنى هېسابقا ئالغان جۇڭگو تارىخچىلىرى، يەتتە دۆلەت هۆكۈم سۈرگەن دەۋرنى «ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى» دەپ يېزىشقان. «ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى» مىلادىدىن 475 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان 254 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇ دەۋردىكى يەتتە دۆلەتتىن چى (سەندۇڭدا)، يەن (خېبېيدا)، جاۋ (سەنشىدە)، چيەن (شەنشىدە) قاتارلىق تۆت دۆلەت سېرىق دەريا ۋادىسىدا (خۇاڭخې ۋادىسىدا) بولۇپ، ئۇلار هونلارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇراتتى. خەن، چۇ، ۋېي قاتارلىق ئۈچ دۆلەت بولسا ئاساسەن چاڭجياڭ ۋادىسىدا بولۇپ، هونلار بىلەن بىۋاسىتە چېگراداش ئەمەس ئىدى. سېرىق دەريا ۋادىسىدىكى چى، يەن، جاۋ، چىن قاتارلىق دۆلەتلەر يۇقىرىدا ئېيتىقىنىمىزدەك هونلارنىڭ هۇجۇمىغا

(1) فىنچىڭ – هازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى داتۇڭ شەهرى –ئا.

پـات ـ پاتـلا ئۇچرايتتـى.

هونـلار «ئۇرۇشـقاق دۆلەتلـەر دەۋرى»دىكـى ئۆزلىرىگـە ناھايىتـى پايدىلىـق بولغـان (دۆلەتلەرنىـڭ ئۆزئـارا ئۇرۇشـلىرى) شـارائىتتا جىددىيلىـك بىلەن ھەربىي قوشـۇنلىرىنى تولۇقـلاپ، ئۇنىـڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتتـى. ئاندىـن كېيىـن ھـون ئاتلىقلىرىنـى ئـوردۇس يايلىقـى، چوغـاي تاغلىرىنىـڭ جەنۇبىـي ئېتەكلىرىگـە توپـلاپ، شـۇ يەردىـن جەنۇبتىكـى قوشـنىلىرىغا (جۇڭگوغـا) ھۇجـۇم قىلىـپ تۇراتتـى. شـۇ سـەۋەب تۈپەيلـى يۇقىرىـدا تىلغـا ئېلىنغـان تـۆت دۆلەتتىـن يـەن، جاۋ، چىـن قاتارلىـق ئـۈچ دۆلـەت مىلادىيىـن بـەش ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىـن باشـلاپ ھونلارنىـڭ ھۇجۇمىدىن سـاقلىنىش ئۈچـۈن ئـۆز تېررىتورىيىسـىنىڭ شـىمالىي چېگراسـىغا سېپىـل سېلىشـقا كىرىشـكەن. مانـا بـۇ سـەددىچىن سـېپىلىنىڭ دەسـلەپكى قۇرۇلۇشـىنىڭ باشلىنىشـى ئىـدى.

مىلادىيىـن 221 يىـل بۇرۇنقـى چاغقـا كەلگەنـدە، چىـن دۆلىتىنىـڭ خانـى يىـن جـىن (چىـن سـىخۇاڭ) ئـۆز قوشـنىلىرىغا ھۇجـۇم قىلىـپ، چـى، يـەن، چاۋ، ۋېى، چـۇ، خـەن قاتارلىـق ئالتـە دۆلەتنـى يـوق قىلىـپ جۇڭگونـى بىرلىككـە كەلتـۈردى.

چىـن سـىخۇاڭ مىلادىيىـن 215 يىـل بـۇرۇن مىـن تيـەن ئاتلىـق قوماندانىنىـڭ باشـچىلىقىدا، بىـر نەچچـە يۈزمىـڭ كىشـىدىن تەركىـب تاپقـان قوشـۇننى ھونلارغـا قارشـى ماڭـدۇردى. بـۇ چاغـدا ھـون دۆلىتىنىـڭ تەختىـدە تۇمـەن ئاتلىـق تەڭرىقـۇت ئولتـۇراتتـى.

مىـن تيـەن باشـچىلىقىدىكى جۇڭگو قوشـۇنلىرى تۇمەن تەڭرىقۇت باشـچىلىقىدىكى ھـون قوشـۇنلىرىنى مەغلـۇب قىلىـپ، ھونلاردىـن ئـوردۇس يايلىقىنـى تارتىـپ ئالـدى. چىـن سـىخۇاڭ مىـن تيەنگـە بۇيـرۇق چۈشـۈرۈپ، بۇرۇنقـى يـەن، جـاۋ، چىـن دۆلەتلىرىنىـڭ شـىمالىي چېگراسـىغا سـالدۇرغان سـېپىللەرنى بىـر ـ بىرىگـە چېتىشـقا بۇيرىـدى. مىـن تيـەن نەچچـە يـۈز مىـڭ ئادەمنـى ئىشـلىتىپ، يۇقىرىـدا تىلغـا ئېلىنغـان يـەن، جـاۋ، چىـن دۆلەتلىرىنىـڭ شـىمالىي چېگراسـىغا سـالدۇرغان سـېپىللىرىنى بىـر ـ بىرىگـە چاتتـى. مانـا بـۇ مەشـھۇر سـەددىچىن سـېپىلى ئىـدى.

چىـن سۇلالىسـى (مىلادىيىـن 221 يىـل بۇرۇنقـى چاغدىـن مىلادىيىـن 209 يىـل بۇرۇنغىچـە ھۆكـۈم سـۈرگەن)نى قۇرغـان چىـن سـىخۇاڭ مىلادىيىـن 209 يىـل بـۇرۇن ئۆلـدى. چىـن سۇلالىسـى مىلادىيىـن 207 يىـل بـۇرۇن دېھقانـلار قوزغىلىڭىنىـڭ شـىددەتلىك زەربىسـى ئاسـتىدا ئاغـدۇرۇپ تاشـلاندى. لېكىـن غەلىبـە مېۋىسـىگە ئىگـە بولغـان ليۇباڭ جۇڭگـو تارىخىـدا خـەن سۇلالىسـى (مىلادىيىـن 206 يىـل بۇرۇنقـى

چاغدىن مىلادىنىڭ 220 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇردى.

چىن سىخۇاڭ ئۆلگەن چاغدا (مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇن) تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى باتۇر تەڭرىقۇت ھونلار تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىشلارنى ئورۇنلاپ، بايقال بويىدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنى، يەنسەي بويىدىكى قىرغىزلارنى، قىدىرخان تاغلىرىنىڭ (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى) شەرقىدىكى تۇڭگۇسلارنى، كەڭسۇدىكى ئۇلۇغ ياۋچىلارنى، ئۇيسۇنلارنى، كۆكنۇر، تىبەتتىكى تىبەتلەرنى، ئالتايدىكى تۈركلەرنى، يەتتە سۇدىكى قاڭلىلارنى، كاسپى دېڭىزى بويىدىكى ئالانلارنى بويسۇندۇرۇپ، شىمالى بايقال، لىنا، يەنسەيغىچە، شەرقى ئۇلۇغ ئوكيان بويلىرىغىچە، جەنۇبىي سەددىچىنگىچە، غەربىي ـ جەنۇبىي ھىندىستاننىڭ شىمالىغىچە، غەربىي كاسپى بويلىرىغىچە سوزۇلغان ئۇلۇغ ھون ئىمپېرىيىسىنى قۇردى.

ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ كۈچىيىشى يېڭىدىن قۇرۇلغان خەن سۇلالىسىگە ناھايىتى ئېغىر خەۋپ بولۇپ قالدى. باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 201 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىردى. ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى شاۋشەن ناھىيىسىنى قورشىۋالدى. شۇ جايىنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ھەربىي ۋالىي خەن ۋاڭشىنىڭ ھونلارغا تەسلىم بولدى. ھونلار يەنە تەيىۋەن، جىڭياڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىپ ئالدى. مانا شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە خەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى ليۇباڭ (مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 195 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە پادىشاھ بولغان) ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ ۋەزىرى ليۇجىڭ ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ليۇباڭنى ئاگاھلاندۇردى. شۇ مەزگىلدە يېڭى قۇرۇلغان خەن سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادى خاراب، بۆلۈنمە كۈچلەر تېخى تۈگىتىلمىگەن بولۇپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت مۇستەھكەملىنىپ كەتمىگەن ئىدى. لېكىن ليۇباڭ، ليۇجىڭنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېتىبارغا ئالماي، ئۇنى نەزەربەنت قىلدى. ليۇباڭ ئۆزى 320 مىڭ كىشىلىك پىيادە قوشۇنغا باش بولۇپ ھونلارغا قارشى يۈرۈشكە ئاتلاندى.

بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان باتۇر تەڭرىقۇت خىللانغان 400 مىڭ ئاتلىق ھون قوشۇنلىرىنى فىنچېڭنىڭ (ھازىرقى داتۇڭ) شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى بەيدىڭ تېغىنىڭ ئىدىرلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خەن سۇلالىسى پادىشاھى ليۇباڭنىڭ كېلىشىنى پايلاپ

بۆكتۈرمىدە تۇردى. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھەربىي تاكتىكا جەھەتتە قويغان يوشۇرۇن تۇزىقىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان لىيۇباڭ خەن قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، بەيدىڭ تېغىدا پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە ئېلىندى. سىماچيەننىڭ يېزىشىچە: خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى قارا ئاتلىق، شەرقىي تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، غەرب تەرىپىنى ئاق بوز ئاتلىق، جەنۇب تەرىپىنى قىزىل تورۇق ئاتلىق ھونلار قورشىۋالغان. تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى يەتتە كېچە، يەتتە كۈندۈز قورشاۋدا قېلىپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ، توڭەپ كېتىشكە تاس - تاماس قالغان.

لىيۇجىڭنىڭ كېيىنكى گېپىگە كىرمەي، ھونلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان لىيۇباڭ نېمە قىلىشىنى بىلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ چېن فىڭ ئاتلىق ۋەزىرى قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ ئامالىنى تاپقان. چېن فىڭ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسى (چوڭ بىكەسى) ئالدىغا ئوغرىلىقچە بېرىپ، بىكەگە نۇرغۇن ئالتۇن بەرگەن، ئاندىن كېيىن بىكەدىن قورشاۋنىڭ مەلۇم جايىدىن ئازراق يوچۇق ئېچىپ قويۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ يالۋۇرغان. بىكە باتۇر تەڭرىقۇتقا، دەرھال قايتىپ كېتىشنى، ئۇنداق قىلمىغاندا كۆك تەڭرىنىڭ غەزىپىگە يولۇقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شامال تەڭرىسى بىلەن ئۇنى قورقۇتقان. باتۇر تەڭرىقۇت بىكەنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، قورشاۋنىڭ مەلۇم جايىنى ئوچۇق قالدۇرغان، لىيۇباڭ ئەنە شۇ جايدىن قېچىپ چىقىپ قۇتۇلغان.

شەرقنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن بەيدىڭ قورشاۋى ئەنە شۇنداق نەتىجە بىلەن تاماملانغان. بۇنداق قورشاۋ قەدىمكى چاغدىكى شەرق تارىخىدا بولۇپ باققان ئەمەس. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى: باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ بەيدىڭ قورشاۋىنى ئەنە شۇنداق نەتىجىسىز ئاياغلاشتۇرغانلىقى ھونلار تارىخىدا ئۇنىڭ كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

تۆۋەندە ھونلار ئۆزى توقۇغان قوشاقتىن بىرنى كۆرىمىز:

ئايرىلىپ قالغاندا تەڭرى تاغى[1]دىن،
ئاۋماس بولۇپ قالدى چارۋا - مالىمىز.

(1) تەڭرى تاغى – گەنسۇدىكى چىلەنشەن تېغى – ئا.

ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تاغى[1] دىن،
مۆڭگىنىپ، سارغايدى قىز، ئايالىمىز.

ھون قوشىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تارىخىي سەۋەب ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك.

مىلادىدىن 201 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى بەيدىڭ قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ، شىئەنگە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن، لىيۇجىڭنى نەزەربەنتتىن بوشاتقان، ئۇنىڭ ھونلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە بەرگەن تەكلىپىگە كۆنۈپ، لىيۇجىڭ باشچىلىقىدا ھونلارغا ئەلچىلەر ئەۋەتكەن. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) تەرىپىدىن قويۇلغان ئېغىر شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ، تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىتىمنامىغا قول قويغان.

تۈزۈلگەن بىتىمنامىغا بىنائەن خەن سۇلالىسى ھەر يىلى ھونلارغا بەلگىلىك مىقداردا ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇن، ئاشلىق، ھاراق ئېچىتقۇسى ئەۋەتىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇندىن تاشقىرى ھون تەڭرىقۇتلىرىغا خەن مەلىكىلىرىنى ياتلىق قىلىپ قۇدىلىشىش، قوۋۇق (سەددىچىن قوۋۇقلىرى) سودىسىنى (ھونلار بىلەن خەن سودىگەرلىرى ئارىسىدا) يولغا قويۇش ئارقىلىق ھونلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش يولىنى تۇتتى. لېكىن ھونلار خالىغاندا بىتىمنامىنى بۇزۇپ سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ، خەن سۇلالىسى تېررىتورىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى.

بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىكى قۇدىلىشىش قەدىمكى چاغدىكى دىپلوماتىيە قائىدىسىگە كۆرە بىر تۈرلۈك پاسسىپ ئۇسۇل ئىدى. ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ قالغان ئىككى دۆلەت ۋاقىتلىق بولسىمۇ تىنچ ئۆتۈش ئۈچۈن بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئۆز قىزىنى ياتلىق قىلاتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويۇشى ئىلاجىسىزلىقتىن بولۇپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ ھونلار تاجاۋۇزىغا ئۇچرىماسلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ھەر يىلى ھونلارغا بەلگىلىك مىقداردا ئەۋەتىپ تۇرىدىغان ئالتۇن، تاۋار - دۇردۇن، ئاشلىق، ھاراق ئېچىتقۇسى قاتارلىق نەرسىلەر سوۋغا - سالام بولماستىن، ئەمەلىيەتتە

(1) ئالچى تاغى – گەنسۇدىكى يەنجىشەن تېغى – ئا.

شەكلى ئۆزگەرگەن (ئولپاڭ) سىلىق تۆلەشنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇنداق ئەھۋال 70 يىل (مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 130 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) داۋام قىلدى.

خەن سۇلالىسى هونلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئۇزاق مۇددەت پۇختا تەييارلىق قىلدى. خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدى پادىشاھلىق قىلغان چاغدا (مىلادىدىن 140 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 87 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) جۇڭگو هونلارغا بولغان قارامىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، هونلارغا قارشى ئۇزاققا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى.

خەن ۋۇدى زامانىسىدا خەن سۇلالىسى هونلارغا قارشى ئۈچ قېتىم ناھايىتى دەھشەتلىك ئۇرۇش ئېلىپ باردى.

بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش مىلادىدىن 127 يىل بۇرۇن بولدى. بۇ ئۇرۇشتا خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى هونلارنى مەغلۇب قىلىپ، ئوردوس يايلىقى (خېتاۋ) نى بېسىپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن چاڭئەن (شىئەن)نىڭ هونلار خەۋپىگە ئۇچرىشى تۈگىتىلدى.

خەن ۋۇدى ئوردوس يايلىقىدا ئۆز كۆچلىرىنى جايلاشتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، هونلار بىلەن تىبەت خانلىقى (كوكنۇردىكى) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلاپ، هون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ غەربتىكى تېررىتورىيىسى (ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن غەربىي ئاسىيا)گە بارىدىغان قاتناش يولىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن كەڭسۇدىكى خېشى كارىدورىنى بېسىپ ئېلىشنى كۆزلىدى. خېشى كارىدورى (ھازىرقى گەنسۇدا)، تەڭرى تېغى (ھازىرقى چىلەنشەن تېغى) ۋە ئالچى تېغى (ھازىرقى يەن جىشەن تېغى) ئىتەكلىرىدىكى بىر پارچە مۇنبەت يايلاق ئىدى. مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ قوماندانى خوچۇبىڭ باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە يۈز مىڭ ئاتلىق، پىيادە قوشۇن هونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئىككى قېتىم كەڭسۇنىڭ شىمالىغا قوغلىۋېتىپ، خېشى كارىدورىنى بېسىپ ئالدى. خەن سۇلالىسى هونلاردىن تارتىپ ئالغان خېشى كارىدورىغا ئادەم كۆچۈرۈپ، بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىقنى يولغا قويۇپ، شۇ جايلاردا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئۇۋى، جاڭيې، جۇچۈەن، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى تەسىس قىلدى.

هونلار مانا شۇ خېشى كارىدورىدىن ئىبارەت يايلاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا

ئېچىنىپ «ھون قوشىقى»نى توقۇغان.

«ھون قوشىقى»دا، ھونلار ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان چارۋىچىلىق بىلەن رىئال ھاياتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن.

قوشاقتا «ئالچى تېغى» بىلەن «مۇڭلىنىپ سارغايدى قىز، ئايالىمىز» دېگەن قۇرنىڭ باغلىنىپ تەسۋىرلىنىشى ناھايىتى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە. چۈنكى ھونلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى قىزىل سىرىققا مايىل بىر خىل گۈلدىن ئەڭلىك ياساپ چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، يۈزىگە ئەڭلىك سۈركىشەتتى. ھونلار مانا شۇ ئەڭلىكنى «ئالچى ئەڭلىكى» (قىزىلچى ئەڭلىكى) دەپ ئاتىشاتتى. شۇنىڭدەك ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ رەسمىي بىكەسى (قەدىناس خانىشى) ئالچى دەپ ئاتىلاتتى. ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە ھازىرقى رۇس تىلىدىكى ئالى (قىزىل) سۆزى ھونلار (تۈركلەر)نىڭ ئالچى سۆزىدىن كېلىپ چىققان.

ھونلار ئالچى تېغىنىڭ قولدىن كېتىشىنى خوتۇن - قىزلىرىنىڭ گويا ئەڭلىكتىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئوخشىتىپ «بۇندىن كېيىن خوتۇن - قىزلىرىمىز چىرايى گۈزەل ئالچى بولالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى» دەپ ھەسرەتلەنگەن.

## ئالپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى قوشاقلار

مىلادىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن بولغان تۇرانلار ئالپ ئەرتۇڭا يېتەكچىلىكىدە بىر دۆلەت قۇرغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ دۆلەت مىلادىنىڭ ئىككىنچى ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

تۇران خاقانى ئاپراسىياپ (ئالپ ئەرتۇڭا) ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئەڭ بۇرۇن ئاتەشپەرەستلەر - زەرۇدىشتلەر (ئوتپەرەستلەر)نىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا»دا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپراسىياپنى تۇران پادىشاھى دەپ ئاتىغان. ئۇلۇغ پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، غەزنەۋىيلەر سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋىي (مىلادىنىڭ 997 - يىلىدىن 1013 - يىلىغىچە سۇلتان بولغان)نىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يازغان «شاھنامە»دە تۇران خاقانى ئاپراسىياپنىڭ ئىران شەھىنشاھلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ناھايىتى كۆپ جايدا تىلغا ئېلىنغان.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا ئالپ ئەرتۇڭا (ئاپراسىياپ) ھاۋاسى ناھايىتى ياخشى بولغان ئوردوكەنت (قەشقەر) دە ياشىغان. بۇ چاغدا كۈچلۈك پارس ئىمپېرىيىسى (ئەھمانىيلار سۇلالىسى) ۋۇجۇدقا

كەلگەن ئىدى.

مىلادىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن ئىران ئەھمانىيلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ شاھىنشاھى كەي خىسراۋ (مىلادىدىن 558 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 529 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە شاھىنشاھ بولغان) ئىران قىرلىرىدا ياشايدىغان قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەھمانىيلار سۇلالىسىنى قۇدرەتلىك ھالغا كەلتۈرگەن. بۇ ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى سوزا شەھىرى ئىدى.

ئالپ ئەرتۇڭا ئىران شاھىنشاھى كەي خىسراۋ بىلەن قىلغان بىر جەڭدە (جەڭ ئەزەربەيجاندا بولغان) مۆكۈپ ياتقان ئىرانلىق بىر جەڭچىنىڭ ئاتقان ئوقيا ئوقىدا ھالاك بولغان.

بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز، ئۆزىنىڭ قەيسەر خاقانى ئالپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياپ)نىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلاپ، تۆۋەندىكى قوشاقلارنى توقۇپ ماتەم تۇتۇشقان.

بۇ قوشاقلارنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئەسلىسى مۇنداق:

ئالپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئىسسىز ئاژۇن قالدىمۇ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.
ھازىرقى تىلىمىزدا:
ئالپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
يۈزسىز دۇنيا قالدىمۇ،
(ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ)،
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

ئەسلىسى:
ئۇلىشىپ ئەرەن بورلەيۇ،
يىرتىپ ياقا ئورلايۇ.

سىقىرىپ ئۈنى يورلايۇ،
سىختاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر.
ھازىرقى تىلىمىزدا:
ئەل بۆرىدەك ھۇۋلاشتى،
يىرتىپ ياقا يىغلاشتى.
پەرياد چېكىپ داتلاشتى،
كۆزلەر ياشقا قاپلىنۇر.

يۇقىرىدىكى ئىككى كۇپلېت قوشاق، ماتەم قوشاقلىرىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇ ئالىپ ئەرتۇڭا (ئاپراسىياپ) قا بېغىشلانغان. بۇ قوشاقلار ئەڭ قەدىمكى قوشاق بولۇپ، مىلادىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن توقۇلغان.

ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى قوشاقلار، ئاپراسىياپنىڭ تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

## مەلىكە قوشىقى

ئۇزاتتى يىراققا مېنى تۇغقانلار،
ياتلىق قىلىشىپ ئۇيسۇن خانىغا.
ئۆيلىرى يۇمىلاق كىگىز ئوتاۋكەن،
ئۇلارغا گۆش، قېتىق تائام ـ ئوزۇقكەن.
ئۆرلەيدۇ پىغانىم يۇرتنى ئەسلىسەم،
قۇش بولۇپ يۇرتۇمغا ئۇچۇپلا كەتسەم.

«خەن سۇلالىسى يىلنامىسى، غەرب ئەللىرى ھەققىدە قىسسە» بابىنىڭ «ئۇيسۇن تارىخى»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، «مەلىكە قوشىقى» ناملىق بۇ قوشاقنى مىلادىدىن 106 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدى تەرىپىدىن ئۇيسۇن خانى راغومىغا ياتلىق قىلىنغان مەلىكە شىجۇن توقۇغان. بۇ قوشاق ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيسۇنلار تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە خېلى كۈچلۈك خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ،

ئۇلار ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ (مىلادىدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن) كەڭسۇ (ھازىرقى گەنسۇ)نىڭ داشاتا (ھازىرقى ئاتىلىشى دۇڭخۇاڭ) ۋىلايىتىدىن تارتىپ، تەڭرى تاغلىرى (چىلەنشەن تاغلىرى)نىڭ ئېتەكلىرىدە ياشاپ كەلگەن. مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ئۇيسۇنلار بىلەن ئۇلارغا قوشنا بولغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەن. ئۇلۇغ ياۋچىلار ئۇيسۇنلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ خانى نەندۇمى (مىلادىدىن x x يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 197 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان)نى ئۆلتۈرگەن. ئۇيسۇنلار ياشاپ تۇرغان جايلارنى ئۇلۇغ ياۋچىلار بېسىۋالغان. ئۇيسۇن خانلىقىنىڭ ئاھالىسى بولسا ھونلارنىڭ يېنىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇلاردىن پاناھ تىلىگەن. شۇ چاغدا ئۇيسۇنلارنىڭ خانى نەندۇمىنىڭ بوۋاق ئوغلى راغومىنى بوجو ئاتلىق ئۇيسۇن يابغوسى ئېلىپ ھونلار قېشىغا قېچىپ بارغان. راغومى چوڭ بولغاندىن كېيىن ھون تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت ئۇنى ئۇيسۇنلارغا خان قىلىپ تەيىنلىگەن. ھونلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغان ئۇيسۇنلار ئۇلۇغ ياۋچىلار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا يەنە مەغلۇب بولۇپ، غەربكە قاراپ كۆچۈپ، ھازىرقى ئىلى ۋادىسى، ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىغا بېرىپ ماكانلاشقان.

ھونلار بىلەن چىقىشالمىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار مىلادىدىن 175 يىل بۇرۇن ھونلار تەرىپىدىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، كەڭسۇدىكى خېشى كارىدورىدىن غەربكە قاراپ كۆچۈپ، دەسلەپ كۇچاغا كەلگەن. ئاندىن ئىلى ۋادىسىغا ئۆتۈپ، ئۇيسۇنلارنى ياشاپ تۇرغان جايلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزلىرى جايلىشىۋالغان. ئۇيسۇنلار مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇن ھونلارنىڭ ياردىمىنى ئېلىپ، ئۇلۇغ ياۋچىلارنى ئىلى ۋادىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۆزلىرى شۇ جايلارغا يەنە كۆچۈپ كېلىدۇ.

ئۇلۇغ ياۋچىلار ئىلى ۋادىسىدىن كۆچۈپ، ئىسسىق كۆل تەرەپكە سىلجىپ قەشقەرگە كېلىدۇ. ئۇلار قەشقەر ئەتراپىدا ئانچە ئۇزاق تۇرماستىن ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. پايتەختىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدا بەرپا قىلغان ئۇلۇغ ياۋچىلار تارىختا «توخارىستان» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان دۆلەتنى قۇرىدۇ. «توخار» سۆزىنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ قانداق مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېلىغىچە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق.

ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ كەڭسۇدىن كۆچۈپ، ئافغانىستانغا كېلىپ، توخارىستاندا (شىمالىي ئافغانىستاندا) گىرېك ـ ماكىدون ھۆكۈمرانلىقى (ئىسكەندەر مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن ئىراننى بېسىۋالغاندىن كېيىن توخارىستاندا گىرېك ـ ماكىدون

پادىشاھلىقى قۇرۇلغان)نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، توخارىستان دۆلىتىنى (مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قۇرغىچە بولغان ھەرىكەتلىرىگە ھونلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ياۋچىلار خانىنىڭ ئايالى باشچىلىق قىلغان.

مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ئۇيسۇنلارنىڭ ئاھالىسى 630 مىڭ بولۇپ، يۈز مىڭغا يېقىن ھەربىي قوشۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇيسۇنلار خانىنى كۈنبەك دەپ ئاتايتتى. ئۇيسۇن خانلىقىنىڭ پايتەختى ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قىزىل قورغان شەھىرى ئىدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدى مىلادىدىن 133 يىل بۇرۇن ھونلارغا قارىتا قوللىنىپ كەلگەن قۇدىلىشىش سىياسىتىنى ھەربىي كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ، ھونلارغا بولغان قارامىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھونلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلغان. شۇنىڭغا بىنائەن خەن ۋۇدى جاڭچيەننىڭ تەكلىپىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇيسۇنلارغا نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ ئۇلارنى خېشى كاردورىدىكى ئەسلى ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىشكە ئۈندەش، خەن مەلىكىلىرىنى ئۇيسۇن خانلىرىغا ياتلىق قىلىپ قۇدىلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، ھونلارغا قارشى تۇرۇپ، ھونلارنىڭ ئوڭ قولىنى (ھەربىي ئىستراتېگىيە بويىچە قارىغاندا تىبەتلىكلەر ھونلارنىڭ ئوڭ قولى ھېسابلانغان) كېسىپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. خەن ۋۇدى بۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىلادىدىن 115 يىل بۇرۇن جاڭچيەننى ئۇيسۇنلارغا ئەۋەتتى. جاڭچيەن باشچىلىقىدىكى خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئۇيسۇنلارغا يېتىپ بارغاندا، ئۇلارنى ئۇيسۇن خانى راغومى (مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 104 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان) ھون تەڭرىقۇتلىرىغا خاس مەغرۇر قىياپەتتە تۇرۇپ، ئانچە ياخشى قارشى ئالمايدۇ. ھەتتا ئۇيسۇن خانى ۋە ئۇنىڭ بەگلىرى خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىنمۇ تۇرمايدۇ. شۇ چاغدا جاڭچيەن، ئەگەر ھۆرمەت بىلدۈرۈلمىسە سوۋغا - سالاملارنىڭ قايتۇرۇپ ئېلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۇيسۇن خانى ۋە ئۇنىڭ بەگلىرى رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قويىدۇ. خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى بىلەن ئۇيسۇنلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەردە جاڭچيەن تەرەپتىن قويۇلغان تەلەپلەرگە، ئۇيسۇنلار خەن سۇلالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلمىگەنلىكى، ھونلاردىن قورققانلىقى ئۈچۈن قوشۇلمايدۇ. جاڭچيەن

كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەي قايتىپ كېتىدۇ.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، خەن ئەلچىلىرىگە ھەمراھ بولۇپ چاڭئەنگە (شىئەنگە) كەلگەن ئۇيسۇن ئەلچىلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆز ئېلىگە قايتقاندىن كېيىن ئەھۋالنى كۇنبەگ راغومىغا مەلۇم قىلىدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇيسۇنلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا ئەلچىلەر ئۈزۈلمەي بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغان بولىدۇ. ئاخىرى ئۇيسۇنلار ھونلار ئىتتىپاقىدىن چىقىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولىدۇ. ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى شۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە، خەن ۋۇدى مىلادىدىن 106 يىل بۇرۇن تۇغقىنى ليۇجەننىڭ قىزى شىجۈننى ئۇيسۇن خانى راغومىغا ياتلىق قىلىدۇ. مەلىكە شىجۈننىڭ تويلىقى ئۈچۈن ئۇيسۇنلار خەن سۇلالىسىگە 1000 ئات بېرىدۇ.

خەن ۋۇدى مەلىكە شىجۈننى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن تېگىشلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇيسۇنلارغا ماڭدۇرىدۇ. دەل شۇ چاغدا ھون تەڭرىقۇتى ئۇۋۇى تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 114 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 105 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) مۇ، ھون بەگلىرىدىن بىرىنى راغومىغا ياتلىق قىلىپ يولغا سالىدۇ.

مەلىكە شىجۈن بىرقانچە ئون كۈنلەرگە سوزۇلغان ئۇزۇن مۇشەققەتلىك سەپەردىن كېيىن ئۇيسۇنلارنىڭ پايتەختى قىزىل قورغان شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. كۇنبەگ راغومى شەھەر ئەتراپىغا چىقىپ مەلىكىنى قارشى ئالىدۇ. مەلىكە شىجۈن گۈللۈك مەيدىن چۈشكەندە، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان، چاچلىرى ئاقارغان، 80 ياشتىن ئاشقان بىر بوۋايغا كۆزى چۈشىدۇ. ئەنە شۇ بوۋاي مەلىكە شىجۈن ياتلىق بولغان ئۇيسۇن خانى راغومى ئىدى. بۇ ھالنى كۆرگەن مەلىكە شىجۈننىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قېيىپ، ھوشىدىن كېتىپ، يىقىلىپ كېتىشكە تاسلا قالىدۇ. كېيىن ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بويىچە ئۆتەشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى زورمۇ زور ئۆتەيدۇ.

مەلىكە شىجۈن ئۆزىنىڭ «سىياسىي ۋەزىپىسى»نى تونۇمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلىكە شىجۈن ئۇيسۇنلارنىڭ تىلىنى بىلمىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە كۆنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ مۈڭلىنىپ، ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە قالغان. راغومى مەلىكە شىجۈننى ئىززەتلىگەن بولسىمۇ، ھون بەگەسى چوڭ مەلىكە بولۇپ، خەن مەلىكىسى توقال ئورنىدا ئىدى. مانا شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغان مەلىكە شىجۈن گويا قۇش بولۇپ، ئۆز يۇرتىغا ئۇچۇپ كېتىشنى

ئويلاپ «مەلىكە قوشىقى»نى توقۇغان.

راغومى مەلىكە شىجۈن بىلەن مەلۇم ۋاقىت جاھاندارچىلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بەكمۇ قېرىپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەلىكە شىجۈننى نەۋرىسى قونشۇمغا چېتىپ قويىدۇ. مەلىكە شىجۈن قونشۇمدىن بىر قىز تۇغىدۇ ۋە ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

مىلادىدىن 104 يىل بۇرۇن راغومىمۇ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. قونشۇمى ئۇيسۇنلارغا خان بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خەن ۋۇدى ئۇز تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭ قىزى جەيۇنى ئۇيسۇن خانى قونشۇمى (مىلادىدىن 104 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 93 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان)غا ياتلىق قىلىدۇ. 18 ياشقا ئەمدىلا كىرگەن جەيۇ ئۇيسۇنلار يۇرتىغا كېلىدۇ. ئۇ كۈنبەگ قونشۇمى بىلەن بىر نەچچە يىل تۇرمۇش ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، مىلادىدىن 93 يىل بۇرۇن قونشۇمى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ھون بىكەسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى نىمى كىچىك بولغانلىقىدىن راغومىنىڭ نەۋرىسى ئونغۇمى قارانچۇق خان بولىدۇ. مەلىكە جەيۇ كۈنبەگ ئونغۇمغا ياتلىق بولىدۇ. ئونغۇمى (مىلادىدىن 93 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان) مەلىكە جەيۇدىن ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز تاپىدۇ. ئوغۇللارنىڭ تۇنجىسىنىڭ نامى يانغۇمى ئىدى.

ھون تەڭرىقۇتى غوياندى تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 85 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 68 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) مىلادىدىن 74 يىل بۇرۇن ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇيسۇن ئاھالىسىدىن بىر قىسمىنى ھەيدەپ كېتىدۇ. غوياندى تەڭرىقۇت دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇيسۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مەلىكە جەيۇنى ھونلارغا تۇتۇپ بېرىشنى، خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە مەلىكە جەيۇ بىلەن ئونغۇمى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن شۈەندىگە (مىلادىدىن 74 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 49 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە پادىشاھ بولغان) يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن:

«ھونلار ئۇيسۇنلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن چوڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ چىيان (ئېھتىمال ھازىرقى قاراماي بولسا كېرەك)، ئۇش (غۇلجا ئەتراپلىرى بولسا كېرەك) قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنى ئەسىر قىلىپ ھەيدەپ كەتتى. ھونلار ئەلچى ئەۋەتىپ مەلىكىنى (جەيۇنى دېمەكچى) دەرھال تۇتۇپ ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، تولىمۇ يولسىزلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇيسۇنلارنىڭ

خەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلىشاتتى. ئۇيسۇنلار خىللانغان قوشۇنلىرىدىن يېرىمىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 50 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئاتلىق قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، هونلار بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىشنى خالايدۇ. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ياردەمگە قوشۇن چىقىرىپ، مەلىكە بىلەن كۈنبەگنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز»[1].

خەن سۇلالىسى مەلىكە جەيۇنىڭ ياردەم تەلەپ قىلىپ يازغان مەكتۇبىغا بىنائەن، مىلادىدىن 71 يىل بۇرۇن، 150 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، هونلار تېررىتورىيىسىگە قاراپ، بەش يۆنىلىش بويىچە هۇجۇم باشلايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيسۇن خانى ئۇنغۇمى 50 مىڭ ئاتلىق ئۇيسۇن قوشۇنىغا ئۆزى باش بولۇپ، ھەربىي مەسلىھەتچى چاڭخۇي (خەنزۇ)نىڭ ھەمرالىقىدا غەربتىن شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، هونلارنىڭ ئوڭ قول خان ئوردىسىغا قاراشلىق جايلارغا (ماناستىن تارتىپ باركۆلگىچە بولغان جايلارغا) هۇجۇم قىلىدۇ. هون تەڭرىقۇتى غويانىدى تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ بەش يۆنىلىش بويىچە هۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، هونلار تېررىتورىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى هونلار ئاھالىسىنى چارۋا - ماللارنى شىمالغا ئېلىپ كېتىدۇ. سەددىچىن سېپىلىنىڭ قوۋۇقلىرىدىن ئۆتۈپ، هونلار تېررىتورىيىسىگە خېلى ئىچكىرىلەپ كىرگەن خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى هونلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنى ئۇچرىتالماي، مەغلۇب بولۇپ، ئارقىغا قايتىدۇ. لېكىن غەرب تەرەپتىن هۇجۇم قىلغان ئۇيسۇن قوشۇنلىرى هونلارنىڭ ئوڭ قول خان ئوردىسىنى (ماناس بىلەن پوكاڭ ئارىلىقىدا) ۋەيران قىلىپ، 40 مىڭ ئادەم، 700 مىڭ چارۋا - مال (ئات، كالا، تۆگە، قوي قاتارلىق)نى ھەيدەپ كېتىدۇ. شۇ يىلى قىش پەسلىدە غويانىدى تەڭرىقۇت ئۇيسۇنلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇيسۇنلارغا هۇجۇم قىلىدۇ. ئۇرۇشتا ئۇيسۇن ئاھالىسىدىن بىر قىسمىنى ئەسىر قىلىدۇ ۋە نۇرغۇن چارۋا - ماللارنى غەنىمەت ئالىدۇ. ئەپسۇسكى غويانىدى تەڭرىقۇت غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقانىدا قاتتىق قار يېغىپ، ئەسىر ۋە چارۋا - ماللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇزلاپ ئۆلگەن.

مەلىكە جەيۇ ئۇيسۇنلار ئېلىدە 50 يىل تۇردى. ئۇ، شۇ مەزگىلدە (مىلادىدىن 102 يىل بۇرۇنقى چاغدىن، مىلادىدىن 51 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) ئۇيسۇنلارنىڭ كۈنبەگلىرىدىن قونشۇمى (مىلادىدىن 104 يىل بۇرۇنقى چاغدىن، مىلادىدىن 93 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان)، ئۇنغۇمى (مىلادىدىن 93 يىل بۇرۇنقى

(1) يۇخىلىك: «خەن سۇلالىسى قىزلىرى ئۇيسۇندا» خەنزۇچە، 37 - بەت.

چاغدىن، مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان)، نىمى (مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇنقى چاغدىن، مىلادىدىن 53 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە خان بولغان) قاتارلىق ئۈچ خانغا ياتلىق بولغان. ئۇ شۇ مەزگىلدە ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ، خەن پادىشاھلىرى تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان سىياسىي ۋەزىپىلەرنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھالدا ساداقەت بىلەن ئورۇنلىغان.

ئۇنغۇمى ئۆزىنىڭ خانلىق ئورنىغا مەلىكە جەيۇدىن تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلى يانغۇمىنى ۋارىس قىلىپ تەيىنلەش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىغا مەلىكە جەيۇ يول كۆرسەتكەن. مەلىكە جەيۇ بىلەن ئۇنغۇمى بۇ ئىشنى ۋاقتىنچە سىر تۇتۇشقا، شەرت ـ شارائىت يار بەرگەندىلا ئاشكارىلاشقا ئەھدىلەشكەن. ئۇلار بۇ ئىشنى ئۇيسۇن بەگلىرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، دەككە ـ دۈككىدە يۈرۈشكەن. چۈنكى مىلادىدىن 93 يىل بۇرۇن قونشۇمى ئالەمدىن ئۆتىدىغان چاغدا، ھون بىكەسى (مەلىكىسى)دىن تۇغۇلغان ئوغلى نىمىنىڭ گۆدەكلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇ چوڭ بولۇپ، ئەقلى ـ ھوشىنى تاپقىچە جىيەنى (تاغىسىنىڭ ئوغلى) ئۇنغۇمىنى ئۇيسۇنلارغا قارانچۇق خان بولۇپ تۇرۇشقا كۆرسەتكەن، قونشۇمى بۇ قارارنى ئۇيسۇن بەگلىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن جەيۇ بىلەن ئۇنغۇمى يوشۇرۇن ھالدا نىمىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يانغۇمىنى خان قىلىش قارارىغا كېلىشكەن. مىلادىدىن 94 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان نىمى 30 ياشقا كىرىپ قالغاندىمۇ (مىلادىدىن 64 يىل بۇرۇن) قارانچۇق خان ئۇنغۇمى نىمىغا خانلىق ئورنىنى بەرمىگەن. جەيۇ يوشۇرۇن سۈيقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا خەن پادىشاھىنىڭ كاپالىتىنى ئېلىش ئۈچۈن مىلادىدىن 64 يىل بۇرۇن چاڭخۇي ئارقىلىق ئۇنغۇمىنىڭ نامىدىن خەن شۈەندىگە مەكتۇپ يوللىغان. مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەن:

«مەن خەن سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ جىيەن نەۋرىسى مەلىكە جەيۇنىڭ تۇنجى ئوغلى يانغۇمىنى ئۇيسۇنلار تەختىگە ۋارىس قىلىپ تەيىنلەش قارارىغا كەلدىم. خانزادە يانغۇمىنىڭ خەن مەلىكىسىگە ئۆيلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن... ئەگەر پادىشاھ مېنىڭ تەلىپىمنى ماقۇل كۆرسە، ئۇيسۇن خانى مىڭ ئات، مىڭ خېچىرنى ياتلىق بولغۇسى مەلىكىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ»[1].

بۇ مەكتۇبتىن ئىنتايىن خۇشال بولغان خەن شۈەندى مەلىكە جەيۇنىڭ

(1) يۇخىڭ: «خەن سۇلالىسى قىزلىرى ئۇيسۇندا»، خەنزۇچە، 41 – 42 – بەتلەر.

ئۇكىسىنىڭ شاگىپۇ ئاتلىق قىزىنى يانغۇمىغا ياتلىق قىلماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئونغۇمى تۇلپار ئاتلاردىن مىڭ، خېچىردىن مىڭ تۇياقنى تاللاپ ئۇيسۇنلار ئېلىدىن 300 كىشىنى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن مەلىكە شاگىپۇنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە چاڭئەنگە ماڭدۇرىدۇ.

پادىشاھ خەن شۇەندى مەلىكە شاگىپۇغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇيسۇنلارغا بارىدىغان ئەمەلدارلار، مۇھاپىزەتچىلەردىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق كىشى تەييارلىغان. ئۇلارغا (مەلىكىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) چاڭئەندە ئېچىلغان مەخسۇس مەكتەپتە ئۇيسۇن تىلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۆگىتىلگەن.

مەلىكە شاگىپۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇن خىلمۇخىل ئېسىل بۇيۇملاردىن تەييارلانغان سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، مەپە ـ ھارۋىلارغا ئولتۇرۇشۇپ، ئۇلاغ ـ ئۇلمەكلەرگە مىنىشىپ داشاتا (دۇڭخۇاڭ)غا يېتىپ كەلگەندە، كۆڭۈلسىز بىر خەۋەرنى ئاڭلىغان. بۇ شۇم خەۋەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھى چۈشۈپ شۈك بولۇشۇپ كەتكەن. ئۇلار مىش ـ مىشلارغا ئاساسەن، ئونغۇمىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئۇيسۇن بەگلىرى مەرھۇم قونشۇمىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى نىمىنى خان قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان.

شۇ سەۋەبتىن مەلىكە شاگىپۇ باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ناھايىتى روھسىز ھالدا چاڭئەنگە قايتىپ كەتكەن. مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان جەيۇ ئۆزىدىن 22 ياش كىچىك نىمىغىمۇ ياتلىق بولۇشتىن باش تارتمىغان. شۇ چاغدا مەلىكە جەيۇ 56 ياشقا كىرگەن ئىدى. مەلىكە جەيۇ نىمىدىن چىمى ئاتلىق بىر ئوغۇل تۇغقان.

مەلىكە جەيۇ مىلادىدىن 53 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىدىن كەلگەن ۋى رۇي قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يانغومىنى خان قىلىش ئۈچۈن، نىمىنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. زىياپەتتىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جەيۇنىڭ نىمىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تەيىنلىگەن ئادەملىرى خەنجەرنى نىمىنىڭ ئەجەللىك يېرىگە سالالمايدۇ. مۆرىسىدىن يارىدار بولغان نىمى زىياپەت ئورنىدىن بۆسۈپ چىقىپ ئېتىغا مىنىپ قېچىپ كېتىدۇ.

سۇيىقەست مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋى رۇي ئۇيسۇن بەگلىرىگە: «بۇنداق قىلغانلىقىم خەن پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بولغان» دەيدۇ. ئىشىنىڭ تېگى

ـ تەكتىنى ئېنىق بىلمىگەن ئۇيسۇن بەگلىرى ھەيران بولىدۇ.

ئەملىگە ئاشمىغان سۇيىقەستتىن غەزەپلەنگەن شىشىنسو (نىمىنىڭ ھون بىكەسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى) قوشۇن تارتىپ كېلىپ، قىزىل قورغاندىكى مەلىكىنى ۋە سۇيىقەست پىلانلاشتا مەلىكىگە ياردەم بەرگەن ۋى رۇي رىنچاڭ قاتارلىقلارنى قورشىۋالىدۇ. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بوگۇر ئەتراپىدا بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان كۆچمەنچى ھەربىيلەرنىڭ باشلىقى جىڭ جى غەربىي رايوندىكى بىرقانچە بەگلىكلەرنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ، سۇيىقەستچىلەرنى قۇتقۇلدۇرۇپ ئالىدۇ. «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى، غەربىي رايون ھەققىدە قىسسە»دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، سۇيىقەست ۋەقەسى خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن سۈرۈشتە قىلىنىپ، ۋى رۇي، رىنچاڭ قاتارلىقلار چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، مەلىكە جەيۇ سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى بويىنىغا ئالمىغانمىش.

مىلادىدىن 53 يىل بۇرۇن ئونغۇمىنىڭ ھون بىكەسىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئۇيغۇت نىمىنى ئۆلتۈرۈپ خان بولغاندا، جەيۇنىڭ چوڭ ئوغلى يانغۇمىمۇ خانلىق تەختىنى تالىشىدۇ. ئاخىرى جەيۇ بىلەن ئۇيسۇنغا كەلگەن پىڭ لاۋ دېگەن ئايال ئۇيغۇتقا تەھدىت سېلىپ: «خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا سىز ئامان قالمايسىز» دەپ پوپوزا قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇيغۇت ھونلاردىن ياردەم كەلگىچە كۈچ توپلاپ تۇرۇش ئۈچۈن تاغقا چىقىۋالغان ئىدى. نەتىجىدە بىر پۈتۈن ئۇيسۇن دۆلىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. خەن مەلىكىسى جەيۇدىن تۇغۇلغان يانغۇمى چوڭ كۇنبەگ، ھون بىكەسىدىن تۇغۇلغان ئۇيغۇت كىچىك كۇنبەگ بولىدۇ. يانغۇمىغا ئۇيسۇن ئاھالىسىدىن 60 نەچچە مىڭ ئائىلە (350 مىڭ كىشى) ئۇيغۇتقا 50 نەچچە مىڭ ئائىلە (250 مىڭ كىشى) قارايدۇ. بۇ ئىككى خان ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جايلارنىڭ چېگراسىمۇ ئېنىق ئاجرىتىلىدۇ.

مەلىكە جەيۇ 70 ياشقا كىرىپ قالغاندا، مىلادىدىن 51 يىل بۇرۇن چاڭئەنگە قايتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلىدۇ. يانغۇمىمۇ كېسەل بولۇپ، شۇ يىلى ئۆلىدۇ.

مىلادىنىڭ 127 ـ يىلىغا كەلگەندە خەن سۇلالىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئالاقىسى تامامەن ئۈزۈلىدۇ. بۇنىڭغا غەربىي ھونلارنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلىشى، كۇشانلارنىڭ خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق خانلىقلارنى بېسىۋېلىشى سەۋەب بولغان. «ۋى سۇلالىسى يىلنامىسى»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيسۇنلار ئاۋارلارنىڭ ھوجۇمىغا بىر نەچچە قېتىم ئۇچرىغان. شۇڭا ئۇيسۇنلار پايتەختىنى پامىر تاغلىرىنىڭ

ئېچىگە كۆچۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. مىلادىنىڭ 437 - يىلى توبا خانلىقىنىڭ (385 - 534 - يىللار) خانى توبا تاۋ (مىلادى 424 - يىلىدىن 452 - يىلىغىچە خان بولغان) ئۇيسۇنلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىغان. شۇندىن كېيىن ئۇيسۇنلار تارىخىي يىلنامىلەردە تىلغا ئانچە ئېلىنمايدۇ.

## قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

جۇڭگو تارىخىدىكى شىمالىي خانلىقلار دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 386 - يىلىدىن 581 - يىلىغىچە - ئا) مۇزىكا مەھكىمىسى توپلاپ رەتلىگەن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئېچىدە، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ (قەدىمكى چاغ ۋە ئوتتۇرا چاغلاردا ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيە ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ - ئا) قوشاقلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇنداق بولۇشى قەدىمكى چاغلاردىكى ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ ئازلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئەدىبلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قوشاق توپلاملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئوتتۇرا چاغنىڭ باشلىرىدا ياشىغان خەنزۇ ئەدىبلىرى ئۇيغۇر تىلىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى توپلاپ رەتلەشتە، ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان. يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان قوشاقلار يوقىلىپ كەتكەن.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شىمالىي خانلىقلارنىڭ «مۇزىكا مەھكىمىسى شېئىرلار توپلىمى»دا ئۇيغۇر قوشاقلىرىدىن بىر نەچچىسى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدىن بىرىنىلا مىسال كەلتۈرىمەن:

تولدى قەلبىم قايغۇغا، قالدىم ھەسرەت ئىچىدە،
ماڭساڭ ئەگەر سەپەرگە، ئات قامچىسى مەن بولاي.
قورغان ئىچى ئۈستىدە، ساڭا يېقىن ياندىشىپ،
بىللە تۇراي يىگىتىم، بىلەكلىرىڭ مەن بولاي.

بۇ قوشاقتا، بىر قىزنىڭ سۆيگەن يىگىتى سەپەرگە چىقىدىغان چاغدا يالغۇز قېلىپ جىداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆيدە قالغاندىن كۆرە، يىگىتىنىڭ ئات قامچىسى بولۇشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكىنى، يەنە مۇداپىئە قورغانلىرىنىڭ ئۈستىدە يىگىتى بىلەن ياندىشىپ تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭگە

قاتنىشىدىغانلىقىنى؛ ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپلا باتۇر، مەردانە، جەڭگىۋار خىسلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار بىلەن تەسۋىرلىگەن.

## بەگ قولى ھەققىدىكى قوشاق

«شىمالىي خانلىقلار تارىخى، ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ خۇغۇرسۇر قەبىلىسىنىڭ خانى بەگ قولى ھەققىدە شەرقىي ئۇيغۇرلار 5 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا مۇنداق بىر قوشاق توقۇغان:

ۋاي كەلدى بەگ قولى دېگەندە ئانا،
توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇ ئان.
دەيدىكەن ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا،
بولسىدى يىگىتىم بەگ قولى سىمان.

3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلۇغ سىيانپىلار ئىمپېرىيىسى تارقىلىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن سىيانپىلاردىن توبا ناملىق بىر قەبىلە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى كۆكخوت شەھىرىنىڭ جەنۇبىي چوغاي تاغلىرى (ھازىرقى يىگشەن تاغلىرى ـ ئا)نىڭ ئەتراپلىرىنى ئىگىلەپ ئالىدۇ. ئۇلار 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فىنچېڭ شەھىرىنى (ھازىرقى داتۇڭ شەھىرى ـ ئا) پايتەخت قىلىپ، جۇڭگو تارىخىدا شىمالىي ۋېي خانلىقى (مىلادىنىڭ 386 ـ يىلىدىن 534 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ـ ئا) دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇرىدۇ. خۇددى شۇ مەزگىلدە، كېلىپ چىقىشى سىيانپىلاردىن بولسىمۇ، ئاساسەن تۈركلەشكەن يەنە بىر خەلق ـ جۇجانلار (ياۋروپا تارىخچىلىرى «ئاۋارلار» دەپ ئاتىشىدۇ ـ ئا) ھازىرقى موڭغۇلىيىدە باش كۆتۈرىدۇ. 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي ئۇيغۇرلار، يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن توبالار ۋە جۇجانلاردىن ئىبارەت ئىككى دۈشمەنىنىڭ ئارىسىدا قالىدۇ. بۇ چاغدا شەرقىي ئۇيغۇرلار تېخى بىرلەشكەن كۈچلۈك دۆلەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۇششاق بەگلىكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرقايسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا خانلىرى بار ئىدى. شۇڭا شەرقىي ئۇيغۇرلار،

توبالار جۇجانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ناھايىتى ئېغىر زىيانلارنى تارتىپ تۇراتتى. توبالارنىڭ تۇنجى خانى تۇباغۇي مىلادىنىڭ 390 ـ يىللىرى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن شەرقىي ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە بېسىپ باردۇ. تۇباغۇي شۇ قېتىمقى يۇرۇشتە، شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىككى يۈز مىڭدىن ئارتۇق چارۋا ـ ماللارنى غەنىمەت ئالغان.

مىلادىنىڭ 400 ـ يىللىرىغا كەلگەندە جۇجان خاقانى تولۇن 1 شەرقىي ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ ئالدۇ. شۇندىن باشلاپ جۇجانلار كۈچىيىدۇ لېكىن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ خوغۇرسۇر قەبىلىسىنىڭ خانى بەگ قولى ناھايىتى باتۇرخان بولۇپ، ئۇ جۇجانلارغىمۇ، توبالارغىمۇ بويسۇنماي، دائىم ئۇرۇشۇپ تورغان. بىر نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشتا جۇجانلار ئۇستىدىن غەلىبىمۇ قىلغان. ئۇ مىلادىنىڭ 405 ـ يىلى جۇجانلار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇپ، توبالار خانلىقىنىڭ پاناھىغا كەلگەن. ئۇزاق ئۆتمەي توبالار خانلىقىنىڭ پايتەختىدە ئالەمدىن ئۆتكەندە، توبالار خانى تۇباغۇي بەگ قولىغا دۆلەت بويىچە ماتەم تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەبدەبىلىك ھالدا دەپنە قىلغان.

يۇقىرىدىكى قوشاق مانا شۇ بەگ قولىنىڭ باتۇر، جەڭگىۋارلىقىغا ئوقۇلغان مەدھىيە بولۇپ، قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار باتۇر، جەڭگىۋار ئوغۇللىرىنى ناھايىتى ئىززەتلەيتتى.

مىلادىنىڭ 429 ـ يىلى توبالار خانى توباتاۋ جۇجانلارنى تارمار قىلغان بولسا، 430 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىدىن بىر نەچچە يۈزمىڭ كىشىنى ئەسىر قىلىپ، ھەيدەپ كەتكەن. بۇندىن تاشقىرى بىر مىليونغا يېقىن چارۋا ـ مال غەنىمەت ئالغان.

توبالار مىلادىنىڭ 471 ـ يىلى پايتەختىنى فىنچىڭدىن لوياڭغا يۆتكىگەن. ھۆكۈمران تەبىقە فامىلىسىنى توبادىن «يۈەن»گە ئۆزگەرتكەن. ئىلگىرى ـ ئاخىر 149 يىل ھۆكۈم سۈرگەن توبا خانلىقىنى قۇرغان توبالار ئاخىرى بېرىپ خەنزۇلىشىپ كەتكەن.

## تۇرا قوشىقى

چوغاينىڭ تاغلىرى باغرىدىن ئاقار،
تۇرالار دەرياسى ئويناپ، دولقۇنلاپ.

ئاسماننىڭ گۈمبىزى بارگاسىمان،
تۇردۇ پايانسىز دالىنى قاپلاپ.

شۇنچە كۆپ، غۇبارسىز، ساماۋى ئاسمان،
دالىلار بىپايان كۆرۈنمەيدۇ قاش.
كۆرۈنۈپ قالىدۇ سانسىز چارۋا ـ مال،
ئەسكەندە شامالالار ئوتلار ئەگسە باش.

«تۇرا قوشىقى»دا يايلاقتىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەر تەسۋىرلەنگەن. چوغاي تاغلىرىنىڭ باغرىدا يايپىېشىل ئېگىز ئۆسكەن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان چەكسىز يايلاقلار يىراق ـ يىراقلارغا سوزۇلغان، قەدىمكى چاغلاردا تۇرالار (ئۇيغۇرلار ـ ئا) شۇ يايلاقلاردا چارۋىچىلىق قىلىشقان، قوشاقتىكى تەسۋىردە تۆت تەرەپكە كۆز يەتمەيدىغان كەڭ يايلاق بىلەن ئاسماننىڭ چېتى تۇتىشىپ كەتكەن، كۆپكۆك ئاسمان گويا تەگدىشى يوق، ناھايىتى چوڭ، يۇپيۇمىلاق چېدىرغا ئوخشىتىلىپ، بۇ چېدىرنىڭ پۈتۈن يايلاقنى قاپلاپ تۇرغانلىقى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇشتۇمتۇتلا شامالالار ئەسكەندە (چىققاندا) يايلاق داۋالغۇپ، ئوتلار دولقۇنى ئۇپۇقنىڭ چېتىگىچە يامراپ بارىدۇ. ئوتلار دولقۇنى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسەيگەندە، پادا ـ پادا بولۇپ ئوتلاۋاتقان ئاتلار، كالىلار، قويلار كۆرۈنۈپ قالىدۇ. «تۇرا قوشىقى»نى كىشىلەر ئوقۇغاندا، كەڭ پايانسىز يايلاقتا يايلاۋاتقان سان ـ ساناقسىز ئاتلار ئۈيرىسى، كالىلار، قويلار پادىسى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرۈنگەندەك بولىدۇ. مانا بۇ سەددىچىن سېپىلىنىڭ تېشىدىكى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بولغان چارۋىچىلىق ھاياتىنىڭ جانلىق مەنزىرىسىدۇر. «تۇرا قوشىقى»دا شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ يۇرتىغا، چارۋىچىلىق ھاياتىغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى كۈيلىگەن.

«تۇرا» ئاتالغۇسى بەزىدە شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولسا، بەزىدە ئوتتۇرا چاغدا (سۇي سۇلالىسى تارىخى، «تۇرالار ھەققىدە قىسسە»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا)، شەرقتە قىدىرخان تاغلىرى (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى)دىن (6 ـ ئەسىردە) غەربتە قارا دېڭىز، دىنېپىر بويلىرىغىچە بولغان چەكسىز بىپايان زېمىندا ياشىغان پۈتكۈل تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

خوغۇرسۇر ئالتۇن (487 ـ 567 ـ يىللار) «تۇرا قوشىقى» ناملىق بۇ شېئىرنى 6

- ئەسىردە يازغان. بۇ قوشاقنى «تۇرا قوشىقى» دېگەندىن كۆرە «ئۇيغۇر قوشىقى» دېگەن ناھايىتى مۇۋاپىق. خوغۇرسۇر ئالتۇننىڭ «تۇرا» دېگىنى دەل شەرقىي ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

شائىرنىڭ ئىسمى ئالتۇن بولۇپ، فامىلىسى خوغۇرسۇر ئىدى. خوغۇرسۇر ئەسلىدە شائىر كېلىپ چىققان ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ قايسى ئۇيغۇر قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئاتا - بوۋىسى فامىلە قىلىپ كەلگەن، ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئۆزىنى خوغۇرسۇر ئالتۇن دەپ ئاتىغان.

ئۇيغۇر تارىخىدىن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، خوغۇرسۇر قەبىلىسى ئۇيغۇر خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 648 - يىلىدىن 1336 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ ئورخۇن دەۋرىدىكى (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن 845 - يىلىغىچە) ئون ئۇيغۇرنىڭ بىرى ئىدى.

شائىر خوغۇرسۇر ئالتۇن مىلادىنىڭ 487 - يىلى تۇغۇلۇپ، 567 - يىلى 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

«شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى، خوغۇرسۇر ئالتۇن ھەققىدە قىسسە»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، خوغۇرسۇر ئالتۇن، ھۆكۈمران تەبىقىسى سىياسىيلاردىن كېلىپ چىققان، شىمالىي چى سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 550 - يىلىدىن 577 - يىلىغىچە)دا مەشھۇر دۆلەت ئەربابى رولىنى ئوينىغان.

«شىمالىي خانلىقلار يىلنامىسى»نىڭ «ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»، «جۇجانلار ھەققىدە قىسسە»، «گاۋچاڭ ھەققىدە قىسسە» بابلىرىدىكى ۋە «جەنۇبىي چى سۇلالىسى تارىخى»نىڭ «جۇجانلار ھەققىدە قىسسە» بابلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شائىر خوغۇرسۇر ئالتۇن ياشىغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 487 - يىلىدىن 567 - يىلىغىچە) شەرقىي ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ناھايىتى كەسكىن، تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن.

ئىككىنچى تورلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ، 6 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 70 يىل ئىچىدە شەرقىي ئۇيغۇرلار كىچىك - كىچىك بەگلىكلەردىن بىرلەشكەن، كۈچلۈك خانلىقلارغا قاراپ تەرەققىي قىلغان. بۇنداق ئەھۋالنىڭ قىسقىچە بايانى تۆۋەندىكىچە:

4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا: «ئېگىز ھارۋىلىقلار» دەپ ئاتالغان شەرقىي تۇرالار

(شەرقىي ئۇيغۇرلار ـ ئا) ئىككى تارماقتىن ئىبارەت 18 قەبىلىگە بۆلۈنگەن ئىدى. بۇ ئىككى تارماقنىڭ بىرى ئالتە قەبىلە، يەنە بىرى 12 قەبىلىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئالتە قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان بىر تارمىقى:

1. قۇتلار　2. ئۇيغۇرلار　3. خوغۇرسۇر
4. چىبىنى　5. قىرغىزلار　6. ئىل تېكىنلار.

يەنە بىرى، 12 قەبىلىدىن ئىبارەت. تارمىقىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى مۇنداق:

1. چىپولى　2. تۆرە　3. ئىل جان
4. تارلان　5. قوما　6. تاربو
7. ئايرون　8. بايان　9. ئەركىن
10. بوركلى　11. قىئوى　12. يوشۇپى.

مىلادىنىڭ 487 ـ يىلى جۇجان خاقانلىقىنىڭ (مىلادىنىڭ 400 ـ يىلىدىن 551 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) خاقانى تولۇن خان II (مىلادىنىڭ 485 ـ يىلىدىن 488 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) توبا خانلىقى (شىمالىي ۋېي خانلىقى) غا كەڭ كۆلەمدە هۇجۇم باشلىدى. مانا شۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن شەرقىي ئۇيغۇرلار، جۇجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. بۇ ئىسيانغا يېتەكچىلىك قىلغان خان ـ بۆركلى (تۇماغلىق ـ ئا) قەبىلىسىنىڭ خانى ئاي ئۇجرو بولۇپ، ئۇ ئۇكىسى چونچى بىلەن بىرلىكتە شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ 12 قەبىلىسىدىن 120 مىڭ ئائىلىنى (ئاز دېگەندە 600 مىڭ كىشىنى) باشلاپ، غەربكە قاراپ مېڭىپ ئالتاي تاغلىرىدىن هالقىپ ئۆتۈپ، ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرى ئارىلىقىدىكى دالىغا كۆچۈپ كەلدى. بۇ هەقتە تەپسىلىرەك توختىلىشتىن بۇرۇن موڭغۇلىيە (ئىچكى ـ تاشقى موڭغۇلىيە)دە قالغان شەرقىي ئۇيغۇرلار هەققىدە بىرئاز چۈشەنچە بەرمەكچىمەن.

مىلادىنىڭ 498 ـ يىلى توبالار خانى شاۋۋېندى (مىلادىنىڭ 471 ـ يىلىدىن 499 ـ يىلىغىچە خان بولغان) چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى جەنۇبىي چى خانلىقى (مىلادىنىڭ 479 ـ يىلىدىن 502 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)غا چوڭ كۆلەمدە هۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. شاۋۋېندى شەرقىي ئۇيغۇرلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ جەنۇبىي چى خانلىقىغا قىلىدىغان هۇجۇمىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ

كۆپ سانلىق قوشۇن بىلەن كېلىپ ئۇرۇشقا قاتنىششىنى تەلەپ قىلدى. شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئالتە قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان بىر تارمىقى، ئونغۇر قەبىلىسىنىڭ خانى شۇقا ئاتلىق بەگنى ئۆزلىرىگە باش خان قىلىپ كۆتۈرۈپ، شاۋۋېندىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. توبالار خانى شاۋۋېندى تۇتۇق بەگ يۈۋېنپۇ قوماندانلىقىدا ناھايىتى نۇرغۇن سانلىق قوشۇننى شەرقىي ئۇيغۇرلارغا قارشى ماڭدۇردى. شۇقاخان باشچىلىقىدىكى بىرلەشكەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى يۈۋېنپۇ قوماندانلىقىدىكى توبا قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان يۈۋېنپۇ قېچىپ قۇتۇلدى. مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن شاۋۋېندى تۇتۇق بەگ جاڭ فاڭ ۋاڭ ئاتلىق سانغۇن قوماندانلىقىدا يەنە نۇرغۇن سانلىق قوشۇننى ئۇيغۇرلارغا قارشى ماڭدۇردى. ئۇيغۇرلار توبا قوشۇنلىرىنى يەنە مەغلۇب قىلدى. توبالارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئىككى قېتىملىق كۈرىشى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، توبا خانى، ئۇيغۇر خانى شۇقا ئالدىغا ھال سوراش ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، ناماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىشىپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىشى كۈچلۈك دۈشمەننى مەغلۇب قىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ توبالارنى مەغلۇب قىلىشى، جەنۇبىي چى خانلىقىنى شاۋۋېندىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالدى. شەرقىي ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، شۇقانى ئۆزگە خان قىلىپ كۆتۈرگەندىن باشلاپ، مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈپ، تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇنداق ئەھۋال 498 ـ يىلىدىن 550 ـ يىلىغىچە داۋام قىلدى. شۇ مەزگىلدە جۇجانلارمۇ، توبالارمۇ شەرقىي ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرالمىدى. چۈنكى توبالار، جۇجانلار ئاجىزلىششقا باشلىغان ئىدى. مىلادىنىڭ 551 ـ يىلى ئۇلۇغ كۆكتۈرك ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندا، شەرقىي ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىدە ئاساسىي كۈچ بولغان.

ئەمدى بىرئاز ئارقىغا يېنىپ 487 ـ يىلى موڭغۇلىيىدىن ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرى ئارىسىدىكى دالىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختىلىمەن.

ئاكا ـ ئۇكا ئاي ئوجرو بىلەن چۇنچى يېتەكچىلىكىدە جۇجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ھازىرقى موڭغۇلىيىدىن غەربكە قاراپ كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرى ئارىسىدىكى دالىغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇ جايدىكى غەربىي تۇرالار (غەربىي ئۇيغۇرلار ـ ئا)غا قوشۇلۇپ، تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇنىڭغا چىدىمىغان جۇجان خاقانى تولۇن خان II ۋە ئۇنىڭ تاغىسى ناغاي خانلار ناھايىتى

نۇرغۇن سانلىق جۇجان قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئاي ئوجرو بىلەن چۇنچىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. ئاي ئوجرو بىلەن چۇنچى جەنۇبىي ئالتايدا بولغان قانلىق بىر جەڭدە، جۇجان خاقانى تولۇن خاننى تارمار كەلتۈردى. تولۇن خان قېچىپ كەتتى.

ئاي ئوجرو جۇجانلار ئۈستىدىن قازانغان شۇ شانلىق غەلىبىسىدىن كېيىن، هازىرقى ماناس ئەتراپىدا ئۆز پايتەختىنى بەرپا قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىنىڭ 487 ـ يىلىدىن 546 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن ـ ئا) نى قۇردى. ئاي ئوجرو بولسا، «ئۇلۇغ تەڭرىقۇت»، چۇنچى بولسا «ئۇلۇغ بەگ» دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇيغۇر خانلىقى خېلى كۈچلۈك دۆلەت سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. بۇ خانلىقنىڭ ئاھالە سانىنى نەزەردە تۇتۇپ، هۆكۈم قىلغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى كۆپ دېگەندە ئىككى يۈزمىڭ، ئاز دېگەندە بىر يۈز ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە ئىدى. بۇ خانلىقنىڭ شەرقى قۇمۇلغىچە، شىمالى ئالتايغا، غەربى سايرام كۆلىنىڭ بويلىرىغا، شەرقى جەنۇبى لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىغا، غەربى جەنۇبى بۇگۇرگىچە سوزۇلغان ئىدى. چۇنكى ئاي ئوجرو جۇجان خاقانى تولۇن خاننى تارمار كەلتۈرۈپ، خانلىقنى قۇرغاندىن كېيىنلا، تۇرپان خانلىقى (تارىختا گاۋچاڭ خانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ ـ ئا)، قاراشەھەر خانلىقى، لولان خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنى جۇجاڭلار قولىدىن تارتىۋالدى. لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى چەرچەن خانلىقىنىمۇ تۇيغۇنلار (تىبەت خانلىقى) قولىدىن تارتىۋېلىپ ئۆز خانلىقى تەركىبىگە قوشقان ئىدى.

ئاي ئوجرو يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنى دۈشمەن دۆلەتلەرنىڭ هۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن، جىددىي، ئۈنۈملۈك ھەربىي تەدبىرلەرنى كۆرگەندىن تاشقىرى، دىپلوماتىيە جەھەتتىمۇ بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى.

چۇنكى يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى، كۈچلۈك ئىككى دۈشمەنگە دۇچ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىرى جۇجان خاقانلىقى بولسا، يەنە بىرى ئاق هونلار ـدى. قان ـ قېرىنداشلىق جەھەتتىن ئۇيغۇرلارغا تۇغقان بولغان ئۇلۇغ ياۋچىلار ـسلىدىن بولغانلار، 5 ـ ئەسىردە ئاق سىيۋارخان يېتەكچىلىكىدە، ئاق هون مپېرىيىسىنى (مىلادىنىڭ 420 ـ يىلىدىن 565 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) ۇرغان ئىدى. بۇ ئىمپېرىيە زېمىنىغا ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسەن ماۋرائۇننەھر) افغانىستان، پاكىستان تولۇقى بىلەن كىرگەن، ئاق هون ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى ماراكەنت (سەمەرقەنت) بولغان بولسىمۇ، كېيىنچە هازىرقى

بەلخ شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. مانا شۇ ئاق ھون ئىمپېرىيىسى 480 - يىلىدىن باشلاپ تازا كۈچىيىشكە باشلىدى. غەربتە ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنى قارام ھالغا چۈشۈرگەن بولسا، شەرقتە قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، خوتەن، يەركەن، ئاقسۇ، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق ئۇيغۇر خانلىقلىرىنى بېسىۋالدى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان ئاي ئوجرو ئۇكىسى چۇنچىنى خېلى نۇرغۇن قوشۇنغا باش قىلىپ، قاراشەھەرگە ئەۋەتىپ، كۇچا تەرەپتىن ئاق ھونلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىگە تاقابىل تۇرماقچى بولدى. ئۆزى بولسا نۇرغۇن سانلىق ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ، خانلىقنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن كېلىدىغان خەۋپ - جۇجانلار ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شىمالدا تۇردى.

ئۇيغۇر خانلىقى شىمالدا جۇجانلار، غەربىي جەنۇبتا ئاق ھونلار، جەنۇبتا تۇيغۇنلار بىلەن دۈشمەنلىك ھالەتتە تۇراتتى. ئاي ئوجرو يېڭى قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى تولۇقلاپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى خېلىلا كۈچەيتكەن مەزگىلنىڭ ئۆزىدىلا، توبالار خانلىقىنىڭ پايتەختى - لوياڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىدى. توبالار خانى شاۋۋېندى ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال جاۋاب ئەلچىلىكى يوللاپ، ئاي ئوجرو بىلەن چۇنچىگە كىمخاب تون، يۈز توپ شايى سوۋغا قىلدى. 487 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن توبالار ئارىسىدا ئورنىتىلغان دوستانە مۇناسىۋەت ئەمەلىيەتتە ئىككى دۆلەتنىڭ جۇجان خانلىقىغا قارشى تۈزۈلگەن ھەربىي ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىدى. 488 - يىلى چاڭجياڭ ۋادىسىدىكى جەنۇبىي چى خانلىقىنىڭ خانى شياۋزى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ مۇناسىۋەت ئورناتتى.

جۇجانلار، ئاي ئوجرو خانلىق قىلغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 487 - يىلىدىن 500 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلالمىدى. چۈنكى ئۇيغۇر خانلىقى ھەربىي كۈچ جەھەتتە قۇدرەتلىك ھالغا كەلگەن بولسا، دىپلوماتىيە جەھەتتە خېلى ئوڭۇشلۇق (توبالار خانلىقى جەنۇبىي چى خانلىقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىدى) شەرتكە ئىگە بولغان ئىدى. ئەمما، 498 - يىللىرى ئاق ھونلار كۇچا تەرەپتىن بېسىپ كىرىپ، قارا شەھەردە مۇداپىئەدە تۇرغان چۇنچى بىلەن ئۇرۇشتى. ئۇرۇشتا چۇنچى مەغلۇب بولۇپ، ئاق ھونلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئاق ھونلار چۇنچىنىڭ باتۇر، ئىل بەگ ئاتلىق ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ كەتتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، مىلادىنىڭ 500 - يىللىرى ئوردا بەگلىرى ئاي ئوجرونى

ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خان جەمەتىدىن بولغان بارىيانىى خان قىلدى. چۈنكى ئاي ئوجرو خان بولغاندىن كېيىن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، رەھىمسىز زالىمغا ئايلىنىپ، ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

مىلادىنىڭ 505 - يىلى ئاق ھونلار ئۇيغۇر خانلىقىغا جەنۇب تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئاق ھون قوشۇنلىرى ئارىسىدا، چۈنچىنىڭ ئوغلى باتۇرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ئۇيغۇرلار بارىيانىى ئۆلتۈرۈپ، باتۇرنى قارشى ئالدى ۋە ئۇنى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. مانا شۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئاق ھون ئىمپېرىيىسى ئارىسىدا دۈشمەنلىك تۈگەپ دوستلۇق ئورنىتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

باتۇرخان خان بولغان مەزگىلدىن تارتىپ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن جۇجانلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان قانلىق تارتىشما جەڭلەر باشلىنىپ كەتتى. باتۇرخان ئۇيغۇر خانلىقىغا خان بولغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 505 - يىلىدىن 516 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن توبالار خانلىقى ئارىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت تېخىمۇ كۈچەيدى. باتۇرخان مىلادىنىڭ 505 - يىلى توبالار خانلىقىغا ئەلچى يوللاپ توبالار خانى شۈەن ۋۇدىغا بىر قىش ئالتۇن، بىر قىش كۈمۈش، ئىككى دانە ئالتۇن ھاسا، يەتتە ئات، ئون تۆگە قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى. توبالار خانى جاۋاب ئەلچىلىكى يوللاپ، باتۇرخانغا 60 توپ شايى - ئەتلەس سوۋغا ئەۋەتتى.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك باتۇرخان خان بولغاندىن تارتىپ ئۇيغۇر خانلىقى ملەن جۇجان خانلىقى ئارىسىدىكى قانلىق جەڭلەر توختىماي داۋام قىلىشقا باشلىدى.

مىلادىنىڭ 508 - يىلى جۇجان خاقانى ئوقۇغان (مىلادىنىڭ 506 - يىلىدىن 508 - يىلىغىچە خان بولغان) نۇرغۇن سانلىق جۇجان قوشۇنلىرى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى ئاتلاندى. ئەھۋالنى ئېنىق بايقاپ تۇرغان ئۇيغۇر خانى باتۇرخان بارىس كۆل (ھازىرقى بارىكۆل)نىڭ بويىدا جۇجان خاقانى ئوتو بىلەن ئۇچراشتى. شۇ جايدا بولغان جەڭدە باتۇرخان مەغلۇپ بولۇپ ئارقىغا يېنىپ (غەربكە قاراپ) 300 يولچە يىراقلىققا چېكىنىپ كەتتى. خاقان ئوتۇ قومۇلنىڭ شىمالىدىكى تاغقا جايلىشىۋالدى. دەل شۇ چاغدا ئۇيغۇرلار بىلەن ھەربىي ئىتتىپاقى بولغان توبالار خانى شۈەن ۋۇدى تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن بىرنەچچە مىڭ قوشۇن مىڭۋى ئاتلىق سانغۇننىڭ يېتەكچىلىكىدە قومۇلغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالدىن

ئەنسىرىگەن جۇجان خاقانى ئوتو خان ئالدىراپ ـ تېنەپ قېچىشقا ئۇرۇندى، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن باتۇر خان بوراندەك تېزلىكتە بېسىپ كېلىپ، ئوتو خان بىلەن يەنە بارىس كۆلىنىڭ بويىدا جەڭ قىلدى. جەڭدە ئۇيغۇرلار غەلىبە قازاندى، باتۇر خان ئوتو خاننى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى كېسىپ، چېچىنى مىڭۇغا تەقدىم قىلدى. باتۇر خان مىلادىنىڭ 508 ـ يىلى بارىس كۆلىنىڭ بويىدا جۇجانلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنىڭ تەنتەنىلىك كۈنلىرىدە، توبالار خانى شۇەن ۋۇدىغا ئەلچى يوللاپ، توبالار خانىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، سۆسەر، بەش ئات قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇيغۇر ئەلچىلىرىنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالغان توبالار خانى دەرھال جاۋاب ئەلچىلىكى يوللاپ، باتۇر خانغا بىر يۈرۈش چالغۇ (مۇزىكا ئەسۋابلىرى) ئەسۋابلىرىنى ياسايدىغان 80 نەپەر ئۇستا، قىزىل شايىدىن ئون توپ، گۈللۈك شايى ـ ئەتلەستىن 210 توپ سوۋغا ئەۋەتىپ، باتۇرخاننىڭ جۇجانلار ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. باتۇرخان شۇ غەلىبىدىن سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 516 ـ يىلى جۇجان خاقانى چونۇخان (مىلادىنىڭ 508 ـ يىلىدىن 521 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇب بولدى. چونۇخان باتۇر خاننى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى ئىككى ئاتقا باغلاپ سۆرىتىپ، چېتىدىن يېرىپ تاشلىدى. دادىسى ئوتو خاننىڭ ئۆچىنى باتۇرخاندىن ئالغان چونۇخان، باتۇرخاننىڭ باش سۆڭىكىنى سىرلاپ (زەر سۇركۇتۇپ)، مەي ئىچىدىغان قەدەھ قىلىۋالغان.

516 ـ يىلى جۇجانلار تەرەپتىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلاشقان بولسىمۇ، چۈنچىنىڭ ئوغلى ئىل بەگ (باتۇر خاننىڭ ئۇكىسى) ئۇيغۇر خانلىقىغا خان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 520 ـ يىلىدىن 530 ـ يىلىغىچە) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭدى. ئىل بەگ 520 ـ يىلى جۇجانلار ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ، جۇجان خاقانى بىراھماننى (مىلادىنىڭ 521 ـ يىلىدىن 522 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) تارمار كەلتۈردى. بىراھمان ھازىرقى كەڭسۇدىكى ئۇۋۇنغا قېچىپ كەتتى. مىلادىنىڭ 523 ـ يىلى توبالار خانى شاۋمىندى ئىل بەگكە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، خىلمۇخىل رەڭدىكى سىرلار بىلەن سىرلانغان ئېسىل يەلپۈگۈچلەر، كۇنلۇكلەر، داقا ـ دۇمباقلار، چېدىر قاتارلىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى.

ئىل بەگ مىلادىنىڭ 530 ـ يىلى جۇجان خاقانى ئايناغاي (مىلادىنىڭ 521

- يىلىدىن 551 - يىلىغىچە خاقان بولغان) بىلەن بولغان جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەلگەندە، ئۆكىسى يوقۇ (چۇنچىنىڭ كەنجى ئوغلى) تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلدى. يوقۇ (مىلادىنىڭ 530 - يىلىدىن 537 - يىلىغىچە خان بولغان) مىلادىنىڭ 537 - يىلى ئايناغاي تەرەپتىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا، ئىل بەگنىڭ ئوغلى بەگچى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بەگچى (مىلادىنىڭ 537 - يىلىدىن 541 - يىلىغىچە خان بولغان) مۇ جۇجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. بەگچىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقىغا يوقۇنىڭ ئوغلى چوبىنىڭ ئەمەلىيەتتە خان بولغانلىقى نامەلۇم، چۈنكى، بەگچى 537 - يىلى جۇجانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندا، چوبىن شەرقىي ۋېي (مىلادىنىڭ 534 - يىلىدىن 550 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) خانلىقىغا قېچىپ كەتكەن. ئۇ، شۇ يەردە كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇيغۇر قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 546 - يىلى (بۇ چاغدا كىمنىڭ خان بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس) جۇجانلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا ئالتايدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان كۆكتۈركلەر (ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداشلىرى)نىڭ خانلىرى ئاكا - ئۇكا تۇمەن خان بىلەن ئىستەمى خانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان.

60 يىل ئۆمۈر سۈرگەن ئۇيغۇر خانلىقى تارىختا خېلى مۇھىم رول ئوينىغان. بۇنى ئىككى تەرەپتىن ئىسپاتلاش مۇمكىن. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان ۋاقىتتىن تارتىپ، خۇاڭخې ۋادىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان توبالار خانلىقى (شىمالىي ۋېي خانلىقى) بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن توبالار جۇجانلارغا قارشى ھەربىي ئىتتىپاقچى سۈپىتىدە ئىش كۆرۈشتى، ئۇيغۇر خانلىقى باشتىن تارتىپ ئاخىرغىچە جۇجانلار بىلەن 60 يىل دېگۈدەك توختىماي ئۇرۇشۇپ تۇرغان. مىلادىنىڭ 400 - يىلى تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقى چاۋشيەنگىچە، غەربى قازاقىستانغىچە، غەربىي جەنۇبى قارا شەھەرگىچە سوزۇلغان كۈچلۈك جۇجان خاقانلىقى باتۇر، ئەرك سۆيەر ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرالمىدى. ئۇيغۇرلار جۇجانلارنى نۇرغۇن جايلاردىن ھەيدەپ چىقىرىپ، (ئالتاي بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئارىسى، تۇرپان، قارا شەھەر، لولان، چەرچەن قاتارلىق جايلاردىن) جۇجان خاقانلىقىغا ئەجەللىك زەربىلەرنى بەردى. مىلادىنىڭ 487 - يىلىدىن 546 - يىلىغىچە بولغان 60 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزگىلدە جۇجانلارنىڭ ئاساسى ھەربىي كۈچلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان قانلىق ئۇرۇشلارغا جەلپ قىلىنغانلىقتىن، جۇجانلار سەددىچىن سېپىلىدىن ئۆتۈپ، خۇاڭخې ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلىشقا زادى ئىمكانىيەت تاپالمىدى. شۇڭا خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ ئىقتىسادى گۈللەپ ياشناش

شەرتىگە ئىگە بولدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ جوجانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرۇشى، جوجانلار تەرەپتىن بويسۇندۇرۇلغان ئالتاي تۈركلىرىنىڭ قەدەممۇ قەدەم قۇدرەتلىنىپ ئاخىرىدا جوجانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلۇغ كۆكتۈرك ئىمپېرىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىگە ئاساس يارىتىپ بەردى.

ئالتايدىكى تۈركلەر قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ پولات تاۋلاپ، خىلمۇخىل ھەربىي قوراللارنى (نەيزە، قىلىچ، ساۋۇت، دۇبۇلغا، قالقان، ئوقيا) ياساشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. ئۇندىن باشقا ئالتۇندىن تۈرمۇشقا كېرەكلىك سايمانلار (ئالتۇن تەخت، ئالتۇن تۈۋرۈك، ئالتۇن جام، ئالتۇن قاچا، ئالتۇن ئۇزەڭگە، ئالتۇن يوگەن، ئالتۇن يىگنە، ئالتۇن جوۋالدۇرۇز، ئالتۇن دەرەش، ئالتۇن ئەينەك، ئالتۇن قەدەھ، ئالتۇن چۆگۈن قاتارلىق) ۋە ئالتۇندىن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى (ئالتۇن تاج، ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن ئوتۇغات، ئالتۇن ساقا، ئالتۇن چېكە گۈل قاتارلىق)نىمۇ ياساشقا ئۇستا ئىدى. جوجانلار مىلادىنىڭ 427 - يىللىرى ئالتايدىكى تۈركلەرنى بويسۇندۇرۇپ ئالغاندىن باشلاپ، ئۇلارنى جوجان قوشۇنلىرىنى ھەربىي قوراللار بىلەن تەمىنلەشكە ۋە جوجان بەگلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىنى بېزەشكە كېرەك بولىدىغان ئالتۇن سايمانلار، ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلغان. ھەتتا جوجان خاقانلىرى تۈركلەرنى «تۆمۈرچى قۇللىرىم» دەپ ھاقارەتلىگەن.

ئەنە شۇنداق ئېزىلىش ۋە خورلۇققا چىدىمىغان تۈركلەر ئۆزىگە قېرىنداش بولغان ئۇيغۇرلارنى، ئالتايدىكى سۇر تاردۇشلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق كۈچىيىپ، جوجانلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، ئۇلۇغ تۈرك ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشقا بەل باغلىدى.

تۈركلەر بۇنداق ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يوقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، مىلادىنىڭ 546 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. ئارقىدىنلا سۇرتاردۇشلارنىمۇ بويسۇندۇرۇپ كۈچەيدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۈرك خانى تۇمەن خان جوجان خاقانى ئايناغايغا ئەلچى ئەۋەتىپ، جوجان مەلىكىلىرىدىن بىرىگە ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۇردى. تۈرك ئەلچىلىرىدىن بۇنداق تەلەپنىڭ قويۇلۇشىنى چۈشىدىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئايناغاي ناھايىتى غەزەپلىنىپ، «ھە، تۆمۈرچى قۇللىرىمنىڭ بۇنداق تەلەپنى قويۇشقا نېمە ھەددى باركەن!»

دەپ تۈرك ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

تۈرك خانى تۇمەن خان، ئايناغاينىڭ تۈرك ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 551 ـ يىلى تۈرك قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئايناغاينىڭ ئۈستىگە ئاتلاندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئايناغاي نۇرغۇن سانلىق جوجان قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ جەنۇبى قىسمىدا تۇمەنخان بىلەن بولىدىغان دەھشەتلىك ئۇرۇشقا يېتىپ كەلدى. تۇمەنخان، ئىستىمى خان يېتەكچىلىكىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى خۇددى ئالەمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان ناھايىتى دەھشەتلىك قارا بوراندەك بېسىپ كېلىپ، ئايناغاي قوشۇنلىرىنى تىرە ـ پىرەن قىلىپ تاشلىدى. ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە يولۇققان ئايناغاي ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى. بىر قىسىم جوجان بەگزادىلىرى بىر نەچچە مىڭ كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، غەربى ۋېي خانلىقىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە قېچىپ كەتتى. تۇمەن خان جوجانلار ئۈستىدىن قازانغان ئۇلۇغ تارىخىي غەلىبىدىن كېيىن، شەرقى ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغا، غەربى قارا دېڭىز بويلىرىغىچە سوزۇلغان ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك كۆكتۈرك ئىمپېرىيىسىگە ئاساس قۇردى. مانا شۇ ئۇلۇغ كۆكتۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە، مۇستەھكەملىنىپ، گۈللەپ ياشنىشىدا ئۇيغۇرلار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

******

قەدىمكى چاغدىكى ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئاتاقلىق قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازلىرى يارىتىلغان، قۇرۇلمىسى غايەت چوڭ، فانتازىيە ۋە رىۋايەتلەر بىلەن تولۇپ ـ تاشقان ئۆلمەس ئەسەرلەر داستان دېيىلىدۇ.

بىر تارىخىي دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ھالىتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ھاياتىنى بىرقەدەر مۇكەممەل بايان قىلىدىغان ئوبدان رومانلارمۇ داستان ياكى داستان خاراكتېرلىك ئەسەر دېيىلىدۇ.

داستانلار، قەدىمكى چاغلاردىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر بېشىدىن كەچۈرگەن چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. بىز قەدىمكى چاغدىكى دۇنيا ئەدەبىياتى ھەققىدە سۆز ئاچقىنىمىزدا، يۇنانلىقلارنىڭ «ئىلىيادا»، «ئودىسسا»، گېرمانلارنىڭ «نىبىلۇڭگ ھەققىدە ناخشا»، فرانسۇزلارنىڭ «رولان

ھەققىدە ناخشا»، ھىندىلارنىڭ «راميانا»، «ماخاپىراتا»، ئىرانلىقلارنىڭ «شاھنامە» داستانلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن تەڭ، يەنە قىرغىزلارنىڭ «ماناس»، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە» قاتارلىق داستانلىرىنىمۇ تىلغا ئالىمىز.

داستانلار قەدىمكى چاغدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى، قەبىلە - ئورۇقلار چوقۇنىدىغان قەھرىمانلارنىڭ كارامەتلىك ئىشلىرىنى ئاساس قىلىپ يارىتىلىدۇ.

مىلادىدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇن ياشىغان كىچىك ئاسىيالىق يۇنان شائىرى گومىر (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قارىغۇ ئىكەن) تەرىپىدىن يارىتىلغان «ئىليادا» داستانى 15 مىڭ قۇر بولغان بولسا، «ئودىسسا» داستانى 12 مىڭ قۇردىن سەل كۆپرەك بولغان.

مىلادىدىن 12 ئەسىر بۇرۇن يۇنانلىقلار بىلەن كىچىك ئاسىيادىكى تىروياللىقلار ئارىسىدا ئون يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش يۈز بەرگەن. گومىر مىلادىدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇن راۋىيانلار سۆزلەپ بەرگەن شۇ ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى، قەھرىمانلارنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلىك ئىشلىرىنى ئاساس قىلىپ، ماتېرىياللارنى توپلاپ، رەتلەپ، دۇنياغا مەشھۇر بولغان «ئىليادا»، «ئودىسسا» داستانلىرىنى ياراتقان.

تىرويا شەھىرى كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىي شىمال دېڭىز قىرغىقىدىكى خىللىس پونت بوغۇزىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئىلوس ئاتلىق شاھزادە تەڭرىدىن كەلگەن ۋەھىي بويىچە شۇ جايغا مۇستەھكەم قورغان سالدۇرغان ئىكەن. گومىرنىڭ داستانىدا ئۇ، «مۇقەددەس ئىلون» دەپ ئاتالغان. «ئىليادا» دېگەن ناممۇ ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ «ئىلون ناخشىلىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ[1].

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا[2] قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ تىروياللىقلارغا قىلغان يۈرۈشلىرى ھەققىدىكى رىۋايەت مۇنداق:

يۇنانىستاندىكى فىسساليە پادشاھى فىليە... فىتىدوي بىلەن توي قىلىدىغان چاغدا، يۇنانىستاننىڭ قەدىمكى چاغدىكى ئولومپىيە تېغىدا تۇرىدىغان خۇدالارنى تەكلىپ قىلىپتۇ. پەقەت جەڭ خۇداسى ئىرىدا ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ. جەڭ

(1) گې باۋچۈەن تۈزگەن «ماركس - ئېنگېلىش تاللانما ئەسەرلىرىدىكى يۇنان - رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر» ئۇيغۇرچە، 192 - بەت.
(2) «قەدىمكى دۇنيا تارىخى» رۇسچە، 93 - بەت.

خۇداسى ئىردا تويغا ئۆزى كېلىپ، «دۇنيادا ھەممىدىن چىرايلىق ـ گۈزەلگە» دېگەن خەت يېزىلغان ئاداۋەت ئالمىسىنى ئولتۇرغانلار ئارىسىغا تاشلاپتۇ. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە زېۋىسنىڭ خوتۇنى گېرا، ئەقىل ـ پاراسەت خۇداسى ئافىنا، گۈزەللىك خۇداسى ئافرودىتالار ئالمىنى تالىشىپ قاپتۇ. بۇلار جېدەللىشىپ، ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن زېۋىسنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. يۇنانىستاندىكى خۇدالارنىڭ سەردارى بولغان زېۋس بۇ ئىشقا ھۆكۈم قىلالماي، ئۇلارنىڭ تىرويا پادىشاھى پىرئامنىڭ ئوغلى پاروسنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. گېرا، ئەگەر پاروس ئالمىنى ئۆزىگە بۇيرۇپ بېرىدىغان بولسا، پاروسنى پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئافىنا، پاروسنى ئۇلۇغ قەھرىمان ۋە دانىشمەن قىلىشقا ۋەدە بېرىپتۇ. ئافرودىتا بولسا ئەڭ گۈزەل ئايالنى پاروسقا ئاتا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ياش پاروس ئالمىنى ئافرودىتاغا بۇيرۇپتۇ. شۇندىن باشلاپ گېرا بىلەن ئافىنا، پاروس ھەم تىرويالىقلارغا قاتتىق ئاداۋەت ساقلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئافرودىتا ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، يۇنانىستاندىكى سىپارتا دۆلىتىنىڭ پادىشاھى مىنىلايانىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئايالى يېلىنانى پاروسقا ئوغرىلاپ بېرىپتۇ.

يۇنانلىقلار بىلەن تىرويالىقلار ئارىسىدىكى ئۇرۇش «ئاداۋەت ئالمىسى» باھانىسى بىلەن باشلانغان بولسىمۇ، «يۇنانلىقلارنىڭ شۇ چاغدا تىرويالىقلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىقىمۇ دەل ئېنگېلس ئېيتقاندەك قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدا قاراقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق قىلىش يولىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئىدى»[1].

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، يۇنانلىقلارنىڭ قەھرىمانى ئودىسسا ياغاچتىن چوڭ بىر ئات ياساپ، تىرويا شەھىرى دەرۋازىسىنىڭ تاشقىرىسىدا قويغان. يۇنانلىقلار كۆرۈنۈشتە چېكىنگەن بولۇپ، كېمىگە ئولتۇرۇپ ئەتراپتىكى دېڭىز قولتۇقىغا مۆكۈنىۋالغان. ئودىسسا بىر توپ قەھرىمانلار بىلەن ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىغا كىرىۋالغان. تىرويالىقلار يۇنانلىقلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى دەپ ئويلاپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپتۇ. تىرويالىقلار شەھەر سىرتىدا تۇرغان ياغاچ ئاتنى كۆرۈپ، بۇنىڭ يۇنانلىقلارنىڭ قىلغان ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ياغاچ ئاتنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. تۈن يېرىمىدا تىرويالىقلار تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقاندا ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىغا كىرىۋالغان يۇنان قەھرىمانلىرى ياغاچ ئاتنىڭ قورسىقىدىن چىقىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەلگە بەرگەندە، دېڭىز قولتۇقىدا مۆكۈپ

(1) گې باۋچۈەن تۈزگەن «ماركس – ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرىدىكى يۇنان – رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر» (ئۇيغۇرچە)دىن ئېلىندى.

تۇرغان يۇنانلىقلار قايتىدىن قىرغاققا چىقىپ، تىرويا شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، شەھەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، نۇرغۇن ئولجىلارنى ئېلىپ، ئۇرۇش تۈگىگەندە يۇنانىستانغا قايتىپتۇ[1].

«ئىلىيادا» داستانىدا يۇنانلىقلار كىچىك ئاسىيادىكى تىرويا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئون يىل ئۇرۇشقان بولسىمۇ، شەھەرنى ئالالمىغانلىقى، ئاخىرىدا يۇنانلىقلار «ياغاچ ئات ھىيلىسىنى» ئويلاپ چىقىپ، ئاندىن تىرويا شەھىرىنى ئالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. شۇندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە دۇنيادا شەھەرنى ياكى قورغاننى ئىچىدىن ئېلىشنى «تىرويا ياغاچ ئات ھىيلىسى» دەپ ئاتايدىغان ئادەت رەسمىيلىشىپ كەتكەن.

«ئودىسسا» داستانىدا ئودىسسانىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى، ئودىسسانىڭ تىرويا ئۇرۇشى تۈگەپ، يۇنانىستانغا قايتىشىدا بېشىدىن كەچۈرگەن سەرسانلىقىنىڭ ئۆتمۈشى، ئۆيىگە سالامەت قايتىپ بارغانلىقى تەپسىلىي ھېكايە قىلىنىدۇ.

## «شاھنامە» داستانى ھەققىدە

9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم بىر دەۋر بولدى.

شۇ دەۋردە سامانىيلار پادىشاھلىقى (870 ـ 1000 ـ يىللار) ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى (850 ـ 1212 ـ يىللار) ئۇلۇغ غەزنەۋىيلەر سۇلتانلىقى (963 ـ 1187 ـ يىللار)، ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 1073 ـ يىلىدىن 1157 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تارىخىي سەھنىسىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ئىلىم ـ پەننىڭ گۈللىنىپ، مەرىپەتنىڭ كەڭ قانات يېيىشىدا، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ بېيىشىدا ئاجايىپ شانلىق تۆھپىلەرنى ياراتتى.

ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، شۇ دەۋردە ماتېماتىكىنىڭ ساھىبى ـ ئالگېبىرا ئىختىراچىسى، ئۇلۇغ ئاسترونوم گېئوگراپ مۇھەممەد ئىبنى مۇسا ئەل خارەزمى (مىلادىنىڭ 780 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 847 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن). مەشھۇر دانىشمەن پەيلاسوپ ئەبۇنەسر فارابى (مىلادىنىڭ 873 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 950 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، فىلوسوپىيە مىدىتسىنا ساھەسىدىكى قىممەتلىك

(1) «قەدىمكى دۇنيا تارىخى» (رۇسچە) 95 – بەت.

ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980 ـ 1073 ـ يىللار)، ئۇنىڭ زامانداشى، مەشھۇر پەيلاسوپ، تەڭدىشى تېپىلمايدىغان ئۇلۇغ ئاسترونوم ئەبۇ رەيھان بىرونى (973 ـ 1048 ـ يىللار)، «شاھنامە» داستانىنىڭ ئاپتورى، تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (934 ـ 1020 ـ يىللار)، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى، ئۇنىڭ زامانداشى، ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، پەيلاسوپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق دانىشمەن ئالىملار ياشىغان ئىدى.

9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋر، ئوتتۇرا ئاسىيادا «گۈللىنىش دەۋرى» ھېسابلىنىدۇ. شۇ دەۋردە ئەبۇرەيھان بىرونى بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن يەرنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسا، ياۋروپالىقلار ئۇنىڭدىن 500 يىل كېيىن (ماگىلان ساياھىتىدىن كېيىن) يەرنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. بۇنىڭدىن باشقا ئەبۇرەيھان بىرونى ياۋروپا ئالىملىرىدىن كۆپ ئەسىر بۇرۇن ئالەمنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلۇغ ئاسترونوم كوپېرنىك (1473 ـ 1543 ـ يىللار) دىن 500 يىل بۇرۇن يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كوپېرنىك ئەبۇرەيھان بىرونىدىن 500 يىل كېيىنلا ئۆزىنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى» ناملىق ئەسىرىدە، ئالەمنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ پەخرى ھېسابلانغان ئەبۇرەيھان بىرونى، ئەبۇنەسىر فارابى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەل خارەزمى، ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملار، شائىرلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان. مانا شۇ ئالىملارنىڭ دانىشمەنلىكتە كۆرسەتكەن پائالىيەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا «گۈللىنىش دەۋرى»نىڭ ياۋروپادىن 500 يىل بۇرۇن بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. «شاھنامە» داستانى ئەنە شۇ گۈللىنىش دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن.

بۇخارانى پايتەخت قىلغان باي، مەدەنىي سامانىيلار پادىشاھلىقى (870 ـ 1000 ـ يىللار)نىڭ پادىشاھى مەنسۇرنىڭ غەزنىگە (ئافغانىستانغا) قويغان ۋالىيسى بارقاتېكىننىڭ ئوغلى ئالىپ تېكىن (كېلىپ چىقىشى ئوغۇزلارنىڭ كىنىك ئۇرۇقىدىن) نىشاپور (ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شەھەر)گە ۋالىي بولغان چاغدا ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىل بولۇۋالغان. ئالىپ تېكىن 963 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئوغلى ئىجىك تېكىن خان بولغان. ئۇ 966 ـ يىلى ئالەمدىن

ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بىلايى خان بولغان. بىلايى 976 ـ يىلى ئالپ تېكىننىڭ كۈيئوغلى سەبۇق تېكىن تەرىپىدىن قوغلاندى قىلىنغان. سەبۇق تېكىن خان بولغان چاغدا (976 ـ 997 ـ يىللار) ئۇ كابۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغان.

مىلادىنىڭ 994 ـ يىلى سامانىيلار پادىشاھى نوھ II، سەبۇق تېكىندىن ئەبۇئەلى سىمجۇرنى (ئۇ ئىسيانچى ھەم غەيرىي دىندا ئىدى) خوراساندىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلغان. بۇ ۋەزىپىنى سەبۇق تېكىننىڭ ئوغلى مەھمۇد غەزنەۋى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئورۇنلىغان. سەبۇق تېكىن مەھمۇدنى خوراسانغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن. ئۆزى بولسا 997 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەھمۇد، غەزنەۋىيلەر دۆلىتىگە سۇلتان بولغان چاغدا (997 ـ 1030 ـ يىللار) غەزنەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ زېمىنى كېڭىيىپ، شەرقى ھىندىستاننىڭ پەنجاپ ۋادىسىغىچە، غەربى ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن خارەزمگىچە سوزۇلغان.

مەھمۇد غەزنەۋىي مىلادىنىڭ 1001 ـ يىلىدىن، 1008 ـ يىلىغىچە ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىپ، نۇرغۇن جايلارنى بويسۇندۇردى. شۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر ئارىسىدا ئىككى قېتىم (1006 ـ يىلى بىر قېتىم، 1008 ـ يىلى بىر قېتىم) ئۇرۇش يۈز بەرگەن. ھەر ئىككىلا قېتىمقى ئۇرۇشتا قاراخانىيلارنىڭ ئافغانىستاننى بېسىۋېلىش غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىغان. ئىككى دۆلەت ئارىسىدا سۈلھى تۈزۈلۈپ، ئامۇ دەريا چېگرا قىلىپ بەلگىلەنگەن. مەھمۇد غەزنەۋىي قاراخانىيلار بىلەن ياخشى خوپ بولۇۋالغاندىن كېيىن، 1009 ـ يىلى گورستان خانلىقىنى (غەزنە بىلەن ھىرات ئارىسىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان) 1013 ـ يىلى كابۇل خانلىقىنى، 1017 ـ يىلى خارەزم شاھلىقىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغان.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ھىندىستانغا 1018 ـ يىلى بىر قېتىم، 1024 ـ يىلىدىن 1026 ـ يىلىغىچە سوزۇلغان ئارىلىقتا يەنە بىر قېتىملىق يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق ناھايىتى نۇرغۇن بايلىقلارنى بۇلاپ كەلگەن. مەھمۇدنىڭ شۇ قېتىمقى يۈرۈشىدىن كېيىن، ئۇنىڭغا باغدات خەلىپىسى يېڭىدىن ئۇنۋانلار بېرىپ، «خوراسان، ھىندىستان، سىستان ۋە خارەزمنىڭ ھۆكۈمرانى» دەپ ئاتىغان.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ئۆز ئۆمرىدە ھىندىستانغا 17 قېتىم يۈرۈش قىلىپ، تارىختا «بۇتلارنى ۋەيران قىلغۇچى» دېگەن نامغا ئىگە بولغان. چۈنكى

ئۇ ھىندىستانغا ھەر قېتىم يۈرۈش قىلغاندا نۇرغۇنلىغان بايلىقلارنى بۇلاپ ـ تالىغاندىن تاشقىرى، ھىندىستاننىڭ مەشھۇر بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىكى بۇتلارنى پاچاقلاپ تاشلىغان.

ئۇنىڭ ھىندىستانغا قىلغان يۈرۈشلىرىدىكى ئاساسىي مۇددىئاسى بايلىق توپلاشقا قارىتىلغان. ئۇرنى ئېگىزلىككە جايلاشقان ئافغانىستان كەمبەغەل رايون ئىدى. بۇ رايون ئۆز بايلىقىغا يۆلىنىپ كۆپ سانلىق قوشۇننى (50 مىڭ پىيادە، 50 مىڭ ئاتلىق، بىر نەچچە يۈز جەڭ پىللىرىدىن تەركىب تاپقان قوشۇن بار ئىدى) باقالمايتتى. شۇڭا سۇلتان مەھمۇد ھىندىستانغا قىلغان يۈرۈشلىرىدە بايلىق توپلاش بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولغان.

ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھەر بىر جايلارغا قويغان ۋالىيلىرىنىڭ ئاچكۆزلۈك قىلىپ، خەلقنىڭ قان ـ يىلىكىنى شوراپ، بايلىق توپلاشقا كىرىشىپ كېتىشى دۆلەتنى ناھايىتى خاراب ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان، بۇنى ئاز دېگەندەك مەھمۇد سۇلتان بولغان مەزگىلدە (997 ـ 1030 ـ يىللار) سۇنئىي سۇغىرىش سىستېمىسىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشى، نۇرغۇن رايونلاردىكى تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنىڭ قاقاسلىققا ئايلىنىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. چۈمە، ۋابا كېسەللىرى تارقىلىپ مىليونلىغان ئادەملەر ئۆلگەن. شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ۋەيران بولۇشى، نامراتچىلىق ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن يامان ھالغا كېلىشى، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە سودىدىن كىرىدىغان دارامىتىنى ناھايىتى ئازايتىۋەتكەن.

مەھمۇد غەزنەۋىي دۆلەت خەزىنىسىنى تولدۇرۇش ئۈچۈنمۇ 11 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 25 يىل ئىچىدە ھىندىستانغا 17 قېتىم قىلغان يۈرۈشلىرىدە بايلىق توپلاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان.

مەھمۇد غەزنەۋىي ھەققىدە، «روما ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇش تارىخى»نىڭ ئاپتورى گىببون مۇنداق دەپ يازغان: «سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خانلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئىيسا تۇغۇلۇپ 1000 يىلدىن كېيىن ئىراننىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمران بولغان. بۇ مۇسۇلمان قەھرىمانى ئەزەلدىن تارتىپ، قاتتىق سوغۇق پەسىللىرىدىن، ئاسمان بىلەن بويى تالىشىپ تۇرغان ئېگىز تاغلاردىن، كەڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان چوڭقۇر دەريالاردىن، چۆل ـ باياۋان، قۇملۇقلاردىن، دۈشمەننىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز قوشۇنلىرى ۋە قورقۇنچلۇق

يىللىرىدىن قىلچە قورقۇپ باققان ئەمەس...»[1]

يۇقىرىدىكى باھا سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ ناھايىتى غەيرەتلىك، يۈرەكلىك، باتۇر، چىداملىقلىغا، ئۇنىڭ دۈشمەن ئۈستىگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قارىتىلغان.

مەھمۇد غەزنەۋىي ناھايىتى دەھشەتلىك ئىستىلاچى (بويسۇندۇرغۇچى) شۆھرەتلىك، بەختلىك، غالىب ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئىلىم - پەننى كۆللەندۈرۈشكە ناھايىتى قىزغىن كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرى ئۇرۇش قىلىش ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تالانتىغا ئوخشاشلا مەشھۇر بولغان. ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ پايتەختى غەزنىدە چوڭ بىر ئالىي مەكتەپ قۇرۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىقتىسادىي خىراجەت ئاجراتقان. غەزنىدىكى مەسجىدلەر، ئوردىلار، جامائەت بىنالىرى، شۇ دەۋردىكى مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. بۇندىن تاشقىرى غەزنىدە نۇرغۇنلىغان سودا سارايلىرى، سۇپسۇزۇك، كۈمۈشتەك سۇلار شىلدىرلاپ، شارقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر، فونتان - كۆللىرىمۇ بار ئىدى.

ئەڭ مۇھىمى، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي غەزنىدىكى ئوردىسىغا شۇ زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر پەيلاسوپلار، شائىرلار، ئاسترونوملار، يازغۇچىلارنى يىغقان ئىدى. ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى سۇلتان مەھمۇد ئوردىسىدىكى شائىرلارنىڭ بىرى ئىدى.

## ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ۋە «شاھنامە» داستانىنىڭ يېزىلىشى

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى مىلادىنىڭ 989 - يىلى (بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتىسى سەبۇق تېكىن سۇلتان ئىدى). ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىگە «شاھنامە» داستانىنى يېزىپ چىقىشنى تاپشۇرغان. ئۇ فىردەۋسىگە بەرگەن ۋەدىسىدە «شاھنامە» داستانىنىڭ ھەر ئىككى قۇرىغا بىر دىنار ئالتۇن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. 55 ياشقا كىرىپ قالغان ئۇلۇغ شائىر فىردەۋسى 25 يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ (989 - يىلدىن 1014 - يىلغىچە) «شاھنامە» داستانىنى يېزىپ تاماملىغان. بەزى سەۋەبلەرگە كۆرە فىردەۋسى قىممىتى 25 مىڭ فوند ستېرلىڭ ئالتۇن قىممىتىگە تەڭ تۇرىدىغان ئالتۇن دىنار ئورنىغا، كۈمۈش دەرھەم ئالغان. بۇ ئىشتىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەن فىردەۋسى (بۇ چاغدا ئۇ 80 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى)

(1) بەيش سكىس (ئەنگلىيە تارىخچىسى) «ئافغانىستان تارىخى» خەنزۇچە 1 جىلد 11 - قىسىم، 307 - بەت.

ئالغان كۈمۈش دەرھەمدىن ئېشىپ قالغان پۇلنى ھاممامدىكى چايچىغا ۋە دوغچىغا (جۇلاپچىغا) بېرىپ، «سۇلتان مەھمۇدقا ھەجۋى» ناملىق بىر شېئىرنى يېزىپ، ئۇنى ۋاستە ئارقىلىق سۇلتان مەھمۇدقا يەتكۈزۈپ بەرگەن. ئۆزى بولسا غەزنىدىن يوشۇرۇنچە چىقىپ، ئىراننىڭ غەرب تەرىپىگە قېچىپ كەتكەن. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئۆزىنى قامچىلىغان ھەجۋى شېئىرنى ئوقۇپ، ئاچچىقىنى باسالماي، فىردەۋسىنى تۇتۇپ، دارغا ئېسىشقا پەرمان چۈشۈرگەن.

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى مىلادىنىڭ 934 ـ يىلى ئىراندىكى «تۇس» ئاتلىق بىر شەھەردە ئاقسۆڭەك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، ئۇلۇغ شائىر بولۇپ يېتىشكەن چاغدىلا غەزنىگە كەلتۈرۈلگەن. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئىراندىكى «تۇس» شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ (قاچقان جايىدىن) شۇ شەھەردە ياشىغان.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى 1018 ـ يىلى ھىندىستانغا يۈرۈشكە كەتكەندە، مولتان ھاكىمى ئىسيان كۆتۈرگەن. مەھمۇد شۇ يۈرۈشتە چوڭ غەلىبىگە ئېرىشىپ، نۇرغۇن گۆھەر، ياقۇت ۋە باشقا ئېسىل قىممەت باھالىق نەرسە ۋە ئەسىرلەرنى ئېلىپ، ھىندىستاندىن غەزنىگە قايتىشىدا ئىسيان كۆتۈرگەن مولتان ھاكىمىنىڭ قورغانى يېنىدا توختاپ، ئۇنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىمەكچى بولغان. مەھمۇدنىڭ پۈتۈكچىسى مولتاننىڭ ئىسيان كۆتۈرگەن ھاكىمىغا سۇلتان مەھمۇد نامىدىن يازغان مەكتۇپىدا: «ئەگەر تەسلىم بولمىساڭ، ئافراسىياپ جەڭ مەيدانىنى، خەنجەر بىلەن قىلىچنى كۆرىسەن» دېگەن مەزمۇندىكى ئىككى قۇر شېئىرنى يازغان. مەكتۇپنى ئوقۇغان سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى شېئىرنى كىم يازغانلىقىنى سورىغاندا، پۈتۈكچى «شاھنامە»دىن ئالدىم، دېگەن. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئىسيان كۆتۈرگەن مولتان ھاكىمىنى تەسلىم قىلدۇرۇپ، غەزنىگە قايتقاندىن كېيىن «شاھنامە»نى ئوقۇپ چىققان. ئۆزىنىڭ بۇرۇن فىردەۋسىگە بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يەپ «شاھنامە» ئۈچۈن فىردەۋسىگە بەرمەكچى بولغان ھەقنى بۇرۇنقى ۋەدىسى بويىچە ئىككى قۇرغا («شاھنامە» 120 مىڭ قۇرلۇق شېئىري ئەسەر) بىر دىنار ئالتۇن ھېسابلاپ، ئالتۇننى بىرنەچچە تۆگىگە يۈكلىتىپ، فىردەۋسى ھايات كەچۈرۈۋاتقان تۇس ئاتلىق شەھەرگە ماڭدۇرغان. سۇلتان مەھمۇد نامىدىن فىردەۋسىگە ناماقۇل بولۇپ، ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن تۇس شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن ئەمەلدارلار شەھەرنىڭ مەلۇم دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىرىۋاتقاندا، ئالەمدىن ئۆتكەن فىردەۋسىنىڭ جەسىتى سېلىنغان تاۋۇت شەھەرنىڭ باشقا بىر

دەرۋازىسىدىن چىقىپ قەبرىستانلىققا يول ئالغان. ئالتۇننى فىردەۋسىنىڭ قىزىغا تاپشۇرماقچى بولغاندا، قىز قوبۇل قىلماي: «مەن ئۇنىڭغا موھتاج ئەمەس» دېگەن.

بۇ ئاجايىپ ۋەقە مىلادىنىڭ 1020 - يىلى بولغان.

### «شاھنامە» داستانىنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە

«شاھنامە» داستانىدا: تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ تەخمىنەن بەش مىڭ يىللىق تارىخى (ئەپسانىۋى ۋە ھەقىقىي تارىخى) بەدىئىي تىل ئارقىلىق ئوبرازلىق بايان قىلىنغان.

فىردەۋسى «شاھنامە» داستانىدا بىر تەرەپتىن تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ (مىلادىدىن 3200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 651 - يىلىغىچە) تۇرلۇك خەلقلەرنىڭ (تۇرانىيلار، يۇنانلىقلار، ئارشاكلار، ئاق ھونلار، كۆكتۈركلەر، ئەرەبلەر) ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرى مەزگىلىدىكى تارىخىنى، رۇستەم قاتارلىق ئىران قەھرىمانلىرىنىڭ، يات خەلقلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە زومىگەرلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق خەلقلەرنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرگە بولغان قاراشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ غايىسى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىراننىڭ ئەھمانىيلار، ساسانىيلار سۇلالىلىرىنىڭ قوشنا ئەللەرگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنىمۇ يوشۇرمىغان.

«شاھنامە»نىڭ مەزمۇنىنى ئاساسەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ بايان قىلىش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئەپسانىۋى قىسمى بولۇپ، بۇ مىلادىدىن 3200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 780 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە بولغان 2420 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«شاھنامە»نىڭ ئەپسانىۋى قىسمىدا ئەپسانىۋى دۆلەتلەر (پىشدادىلار، كىيانىلار سۇلالىلىرى) دەۋرىدىكى چوڭ ۋەقەلەر ئەپسانىۋى پادىشاھلاردىن كىيامورس ئادەم، ھۇشاڭ، تەخمۇراس، جەمشىد (بۇلار پىشدادىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى) كەيقۇبات، كەيكاۋۇس، كەيخىسراۋ، لىھراسىپ، گوستاسىپ (بۇلار كىيانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى)لارنىڭ ۋە ئەپسانىۋى زالىم، باسقۇنچى پادىشاھ

زۇھاكنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى، ئەقىللىق، باتۇر تۆمۈرچى كاۋىنىڭ زۇھاكقا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، باش قەھرىمان رۇستەمنىڭ باتۇرلۇقلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

«شاھنامە»نىڭ ئەپسانىۋى ۋەقەلەر بىلەن تولغان بىرىنچى قىسمىدىكى خېلى كۆپ شەخسلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆتكەنلىكى ناتايىن. بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك پاكىتلار يوق دېيەرلىك. ئەقىللىق، باتۇر تۆمۈرچى كاۋى خەلقنىڭ زالىملارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ باش ۋەكىلى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىجابىي ئوبراز بولغان بولسا، ئىككى دولىسىدا ئىككى يىلان باش كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان زوھاك زالىم، قانخور، باسقۇنچى قارا كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى قىلىپ يارىتىلغان سەلبىي ئوبرازلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. «شاھنامە»دىكى باش قەھرىمان رۇستەم بولسا، ئىران خەلقلىرىنىڭ باسقۇنچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە مەيدانغا چىققان نۇرغۇن قەھرىمانلارنىڭ ئۇلگىلىك ۋەكىلى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى.

«شاھنامە»نىڭ ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر، ئەمەلىيەتتە ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىككىنچى قىسمى ھەققىدە بىرقەدەر تەپسىلىرەك توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ تارىخىي ۋە ئەمەلىي ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ.

«شاھنامە»نىڭ 1400 يىلدىن (مىلادىدىن 780 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 651 ـ يىلىغىچە) كۆپرەك ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي دەۋردە، ئىراندا ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) يۇنان ماكېدونىيەلىكلەر ھۆكۈمرانلىقى (مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) ئارشاكىلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 225 ـ يىلىغىچە)، ساسانىيلار پادىشاھلىقى (225 ـ 651 ـ يىللار) دىن ئىبارەت تۆت دۆلەت ھۆكۈم سۈرگەن.

«شاھنامە»دە ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسى دەۋردە (330 ـ 700 ـ يىللار) يۈز بەرگەن مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەردىن تۇرانىيلار بىلەن ئىرانلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلار، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونسكى)نىڭ ئىراننى بېسىۋېلىشى خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ھەقىقىي تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمال

قىسمى بىلەن ئەزەربەيجان تېررىتورىيىسىدە قەدىمكى چاغدا مىدىيە ئاتلىق دۆلەت قۇرۇلغان.

مىلادىدىن سەككىز ئەسىر بۇرۇن مىدىيە پادىشاھلىقى قەدىمكى شەرقتىكى كۈچلۈك دۆلەت ئىدى. ئىكباتانا (ھازىرقى ھەمىدان) بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى بولغان. مىدىيە پادىشاھلىقى، ئىران ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ياشايدىغان پارس قەبىلىسىنىمۇ بويسۇندۇرغان. پارسلارنىڭ ئەھمان ئاتلىق يېتەكچىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىدىيە پادىشاھلىقىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇۋالغان. بۇ مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇن بولغان ۋەقە. ئەھمانىيلار نەسلىدىن بولغان كەيخىسراۋ (521 ـ 558 ـ يىللار) مىلادىدىن 558 يىل بۇرۇن مىدىيە پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئىران قىرلىرىدا ياشايدىغان پارس ۋە باشقا قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەھمان دۆلىتىنى قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە ھالىتىگە كەلتۈرگەن.

ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھىنشاھى گىستاسپ دارا (485 ـ 521 ـ يىللار) دەۋردە ئىران ناھايىتى كۈچەيدى؛ شۇ چاغدا ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ خەرىتىسىگە پۈتۈن ئىران، ئەزەربەيجان، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى، بېلوجىستان، كىچىك ئاسىيا، بابىل، ئەرمەنىستان، سۇرىيە، پەلەستىن، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەر كىرگەن.

ئىراندا ئەھمانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغان چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان جايلاردا تۇران دۆلىتى (مىلادىدىن 7 ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 2 ـ ئەسىرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھۆكۈم سۈرەتتى. «شاھنامە»دە تۇرانىيلار بىلەن ئىرانلىقلار ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەن.

ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھىنشاھلىرى ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى يۈرگۈزگەن. بۇنداق تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى تەبىئىي، ئىلاھىي بىر ھالغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن سىرلىق، كارامەتلىك چۈشلەرمۇ توقۇپ چىقىرىلغان. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كەيخىسراۋنىڭ ئانىسى مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ: «چۈشىدە ئۇنىڭ قورسىقىدىن بىر تۈپ ئۈزۈم دەرىخى ئۈنۈپ چىقىپتۇ، بۇ بىر تۈپ ئۈزۈم ناھايىتى چاپسان شاخلاپ، بۈك ـ باراقسان ھالغا كېلىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى چۈمكەپ ئاپتۇ». ئەھمانىيلار، ھۆكۈمرانلىرى بۇ چۈش ئارقىلىق ياش كەيخىسراۋنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، «سەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان

ھۆكۈمرانى بولسەن» دېيىشكەن.

ئەھمانىيلارنىڭ شاھەنشاھلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆز ئالايتىپ، تۇرانىيلار ئۈستىگە كۆپ قېتىم بېسىپ كەلگەن. ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار، تۇران خاقانلىرى، تۇر، پىشەڭ، ئاپراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا). ئارجاسپلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەھمان باسقۇنچىلىرىغا قارشى قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

«شاھنامە»دە تىلغا ئېلىنغان تۇران خاقانلىرىدىن تۇر، ئىران ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھەنشاھى تىسفىس (مىلادىدىن 675 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 640 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە ھۆكۈمران بولغان) بىلەن، پىشەڭ بولسا ئارىئارا مونىس (مىلادىدىن بۇرۇنقى 615 ـ 640 ـ يىللار) بىلەن ئۇرۇشقانلىقى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇندەك تۇرىدۇ.

بولۇپمۇ تۇران خاقانلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرى بولغان ئاپراسىياپ ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھەنشاھلىرى نوزەر (قۇمبىز 1) كەيخىسراۋ (مىلادىدىن بۇرۇن 558 ـ يىلدىن 529 ـ يىلغىچە ياشىغان) قاتارلىقلار بىلەن ئۇرۇشقان.

باسقۇنچى كەيخىسراۋ بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشقان ئاپراسىياپ مىلادىدىن 534 يىل بۇرۇن ئەزەربەيجاندا بولغان بىر ئۇرۇشتا ھالاك بولغان. ئاپراسىياپ كەيخىسراۋنىڭ تۇرانىيلارغا قىلغان كۆپ قېتىملىق ھۇجۇملىرىنى قايتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى باسقۇنچىلاردىن ساقلاپ قالغان. «شاھنامە»دە ئاپراسىياپنى باسقۇنچى، قانخور، دۆت دەپ تەسۋىرلىگەن. ئەمەلىيەتتە بولسا ئاپراسىياپ ۋەتەنپەرۋەر، باتۇر سەركەردە، مەرد ۋە ئەقىللىق مىللىي قەھرىمان ئىدى. «شاھنامە»دە كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ماختالغان كەيخىسراۋ بولسا ئاچكۆز، تويماس، قانخور باسقۇنچى ئىدى.

تۇران خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، ئەقىللىقلىقى، مەردلىكىنىڭ سىمۋولى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ سۆيۈملۈك، ئالىي پەزىلەتلىك، قەھرىمان، دانىشمەن ئانىسى بولغان تۇمارىس مىلادىدىن 520 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن دارا 1 نى ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىدا بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ كېسىلگەن بېشىنى قان تولدۇرۇلغان تۇلۇمغا سېلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەي قانخور، ھايات چېغىڭدا قانغا تويمىدىڭ، ئۆلگەندىن كېيىن بولسىمۇ قانغا تويغىن!»

تۇمارىس ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ

نەۋرىسىنىڭ قىزى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن تۇرانىيلار بېشىدا «چۇ» ئاتلىق ھۆكۈمران بار ئىدى. بۇ ئىسكەندەرگە زامانداش بولۇپ، تۇمارىسىنىڭ ئوغلى سىفارگاپىرىسىنىڭ 5 ـ ئەۋلادى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىنراق. شۇ «چۇ» ئاتلىق ھۆكۈمران مەھمۇد قەشقىرى «دىۋان»دا «شۇ» دەپ ئاتىغان تارىخىي شەخسنىڭ دەل ئۆزى.

يۇنان تارىخچىسى ھىرادوت (مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ياشىغان) ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە تومىرىست شەكلىدە يازغان بۇ ئىسىم پاۋىل ۋىتتىكىنىنىڭ قارىشىچە تۇركچە «تۆمۇر» سۆزىنىڭ بۇزۇلمىسىدۇر.

«شاھنامە»دە ئېيتىلىشىچە ئاپراسىياپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تۇرانىيلارغا ئۇنىڭ قېرىندىشى ئارجاسپىنىڭ خاقان بولغانلىقى، ئۇنىڭ گوستاسپ دارا 1 بىلەن ئۇرۇشقانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

«شاھنامە»دىكى پاكىتقا قارىغاندا شۇ قېتىم ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشقا، يېڭىدىن ئاتەشپەرەسلەر دىنىغا كىرىپ، شۇ دىننى تۇرانىيلارغا تاڭغان دارا 1 نىڭ ئارجاسپقا يازغان مەكتۇبىدا يولسىزلىق قىلغانلىقى سەۋەب بولغاندەك تۇرىدۇ. لېكىن ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا چوڭ دادىسى كەيخىسراۋنىڭ تاجاۋۇزچىلىق يولىغا ۋارىسلىق قىلغان دارا 1 نىڭ ئاتەشپەرەسلەر دىنىنى تۇرانىيلارغا تېڭىشنى بانا قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى ئاساسىي سەۋەب بولسا كېرەك.

«شاھنامە»دە ئارجاسپ باشچىلىقىدىكى تۇران قوشۇنلىرىنىڭ دارا 1 باشچىلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغانلىقى ئېيتىلغان.

«شاھنامە»دە دارا 1 نىڭ زارۇ ئاستىرو دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاتەشپەرەسلەر دىنىغا كىرگەنلىكى ئېيتىلغان.

ھەقىقەتەن ئىران خەلقلىرى ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىدىن تارتىپ، ئىراننى 651 ـ يىلى ئەرەبلەر بېسىۋېلىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىچە ئاتەشپەرەسلەر دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقان ئىدى.

تارىختا ئاتەشپەرەسلەر دىنى (ئوت پەرەسلەر دىنى) زارو ئاستىرو دىنى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ دىننى زارو ئاستىرو (تۆگە) ئاتلىق ئادەم مىلادىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن باكتىرىيە (شىمالىي ئافغانىستان)دا تارقاتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىن، شۇ دىننى تارقاتقۇچى زارو ئاستىرو نامى بىلەنمۇ ئاتالغان. بۇ دىن

مىلادىدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي دىنىي قائىدىلىرى ئاتەشپەرەسلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋىستا»دا بايان قىلىنغان. «ئاۋىستا»دا قەدىمكى چاغدىكى خەلقلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىنتايىن نۇرغۇن ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر بار. بۇ دىن دۇنيادىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدا بولىدىغان كۈرەشنى ئۆز دىنىي قائىدىسىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. ئاتەشپەرەسلەرنىڭ تونۇشىچە ئوت، يورۇقلۇق بولسا ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى. قاراڭغۇلۇق بولسا يامانلىقنىڭ ئالامىتى. ياخشىلىق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ كۈچىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئالەمنى «ياراتقۇچى» تەڭرى ھورموز بولۇپ، يامانلىق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ كۈچىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى ئەھرىمەن ئاتلىق ياۋۇز تەڭرىدۇر.

«شاھنامە»گە ئاتەشپەرەسلەر دىنىنىڭ روھى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئەجابىي ئوبرازلار ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇقنىڭ ۋەكىلى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. «شاھنامە»دا بەزىبىر ئىران پالۋانلىرىنىڭ ئەھرىمەن ئاتلىق دىۋە بىلەن ئۇرۇشقانلىقى مانا شۇنىڭ دەلىلى.

«شاھنامە»دە ئىسكەندەرنىڭ ئىران ئۈستىگە قىلغان يۈرۈشى، ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاھىنشاھى دارا III (330 ـ 336 ـ يىللار) نىڭ ئىسكەندەر تەرىپىدىن ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى، ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى، ئەھمانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ يوقىلىشى قاتارلىق جىددىي ۋەقەلەر ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ماكىدون ـ يۇنان پادىشاھى فىلىپپىنىڭ ئوغلى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) ئاتىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن (ئىرانلىقلار قۇۋۋەتلىگەن سۇيىقەستتە ئۆلتۈرۈلگەن) ئىسكەندەر فىلىپپىنىڭ شەرق ئەللىرىنى بويسۇندۇرۇش نىيىتىگە ۋارىسلىق قىلدى.

ئىسكەندەر مىلادىدىن 356 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان. ئۇنى ئاتىسى فىلىپپ ناھايىتى ياخشى تەربىيەلەپ، ھەر جەھەتتىن قابىلىيەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتىل (322 ـ 384 ـ يىللار)دىن تەلىم ئالدۇرغان.

ئىسكەندەر مىلادىدىن 334 يىل بۇرۇن (22 يېشىدا) 30 مىڭ پىيادە، بەش مىڭ ئاتلىق قوشۇنغا باش بولۇپ، شەرققە يۈرۈش باشلىغان. ئىسكەندەر ئون يىل يۈرۈش قىلىپ، مىلادىدىن 324 يىل بۇرۇنقى چاغقا كەلگەندە كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، فىنىكا، مىسىر، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان قاتارلىق

ئەللەرنى بېسىۋالدى.

ئىسكەندەر ئىراننى بويسۇندۇرۇشتا، ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھەنشاھى دارا III بىلەن قاتتىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. ئىسكەندەر كىچىك ئاسىيانى بېسىۋالغاندىن كېيىن سۇرىيىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. شۇ يەردىكى ئىس سى دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا دارا III قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى، بايلىقلىرى ئىسكەندەرنىڭ قولىغا چۈشتى. ئىس سى يېڭىلىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، دارا III ئىسكەندەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆز قىزلىرىدىن بىرنى ئىسكەندەرگە ياتلىق قىلىش ئارقىلىق، ياخشى خوپ بولۇشقا ئۇرۇندى. ئىسكەندەر دارانىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ئىسكەندەر ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىنى (كىچىك ئاسىيا، فىنىكا، پەلەستىن، مىسىر) ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا بويسۇندۇرۇۋالدى. ئىسكەندەر مىلادىدىن 337 يىل بۇرۇن دېجلى ۋە فىرات دەريالىرىدىن (ئىراقتا) ئۆتۈپ، ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىغا يۈرۈش باشلىدى. ئۇ سۇرىيىدىكى گاۋگامىل دېگەن جاينىڭ يېنىدا بولغان ئۇرۇشتا ئىران قوشۇنلىرىنى تولۇق تارمار قىلدى. دارا III يەنە قېچىپ كەتتى[1].

مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن شەرققە قاراپ قاچقان دارا III نى ئۆلتۈرۈشتە ئۇنىڭ قېرىندىشى بىسىس قاتناشقان ئىكەن[2].

يۇنانلىقلار مىلادىدىن 330 يىل بۇرۇن ئىران ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىسكەندەر غەربىي ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىن تارتىپ شەرقىي ھىندىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان تېررىتورىيىدە ماكېدون - يۇنان ئىمپېرىيىسىنى قۇردى، ئىسكەندەر غەربكە يۈرۈش قىلىپ، شىمالىي ئافرىقا ۋە ئىتالىيىنى بويسۇندۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، مىلادىدىن 324 يىل بۇرۇن ئېغىر تەپ (بەزگەك) كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، 32 يېشىدا بابىل (پايتەخت)دە ئالەمدىن ئۆتتى.

ئىسكەندەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆز قولى بىلەن قۇرغان ئىمپېرىيە ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي بىرقانچە دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇلار: يۇنان ماكېدونىيە دۆلىتى (ماكېدونىيە بىلەن يۇنانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سىلۇكىلار دۆلىتى

(1) «قەدىمكى دۇنيا تارىخى» رۇسچە، 155 – بەت.
(2) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە، 69 – بەت.

(بۇنىڭ ئىچىگە سۇرىيە، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا كىرەتتى)، مىسىر دۆلىتىدىن ئىبارەت.

ئىسكەندەرنىڭ ۋارىسلىرىدىن بىرى سىلۇك باش بولۇپ قۇرغان سىلۇكىلار دۆلىتىدە مىلادىيىدىن 250 يىل بۇرۇن كەسكىن ۋەقەلەر يۈز بەردى. شۇ چاغدا سىلۇكىلار دۆلىتىنىڭ ئىمپېراتورى ئانتىئوخ II نىڭ ئوغۇللىرى ـ كەلگۈسىدىكى سىلۇك II ئۇنىڭ ئۇكىسى ئانتىئوخ ھىراكىس ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش باشلانغان.

سترابون 1 «سترابون ـ يۇنان تارىخچىسى»نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، «تىجەن دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىنى بويلاپ يۈرگەن پەرنە دەپ ئاتىلىدىغان داخ خەلقلىرىدىن بىرىنىڭ داھىيسى، نەسلى ـ نەسەب جەھەتتىن ساك ئارشاك ئىران (پارپىيە) غا بېسىپ كىردى ۋە ئۇنى بويسۇندۇردى»[1]. ياپون تارىخچىسى يوشى لاۋتى «غەربتە بۇددىزىم» ناملىق ئەسىرىدە ئارشاكلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تۈركلەرگە ئوخشايدۇ»، دېگەن.

تارىختا ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ خەلقنى ئارشاكىلار سۇلالىسى دەپ ئاتايدۇ. جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدا بولسا «ئەنشى» (安西) دەپ يازىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى شەرق تارىخچىلىرىدىن ياپون تارىخچىسى يوشى لاۋتى «ئەنشى» ئاتالغۇسىنى «ئارشاك» سۆزىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

«شاھنامە»دە ئارشاكىلار ھەققىدە ناھايىتى ئاز مەلۇمات بېرىلگەن. پەقەت ئارشاكىلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئارتابان (مىلادىنىڭ 208 ـ يىلىدىن 225 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) ھەققىدە بىرئاز مەلۇمات بار.

«شاھنامە»دە ئەردەشىرنىڭ ئارشاكىلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 225 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نى ئاغدۇرۇپ، ساسانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغانلىقىنى، مازاداكىلار ھەرىكىتى، ئاق ھونلار، كۆكتۈركلەرنىڭ ئىرانغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، ئەرەبلەرنىڭ ئىراننى بېسىۋېلىشى قاتارلىق چوڭ تارىخي ۋەقەلەر ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن.

مىلادىنىڭ 224 ـ يىلى ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىدا (ھازىرقى پارس ئۆلكىسى) ئارشاكىلار ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. بۇ قوزغىلاڭغا پارسلار نەسلىدىن بولغان ئەردەشىر يېتەكچىلىك قىلغان. ئەردەشىر ئارشاكىلارنىڭ

(1) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» (ئۆزبېكچە) 83 ـ، 84 – بەتلەر.

ئاخىرقى پادىشاھى ئارتاباننىڭ قوشۇنلىرىنى ئىراننىڭ ھازىرقى ھوزەيىستان ئۆلكىسىدە بولغان ئۇرۇشتا تارمار قىلدى. شۇ ئۇرۇشتا ئارتابان ھالاك بولغان. مىلادىنىڭ 225 ـ يىلى ئەردەشىر ئارشاكىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كتىسفون (ھازىرقى باغدات)نى بېسىۋالدى. شۇندىن باشلاپ ئارشاكىلار سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ساسانىيلار سۇلالىسى ئالدى. ئەردەشىر (224 ـ 241 ـ يىللار) يېڭى قۇرۇلغان دۆلەت نامىنى بوۋىسى ساساننىڭ نامى بىلەن «ساسانىلار» دەپ ئاتىغان.

ساسانىيلار سۇلالىسى خۇددى ئارشاكىلار سۇلالىسىگە ئوخشاشلا شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى دۇنيا سودا يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان ئەرمىنىيە بىلەن مىسوپوتامىيەنى ئىگىلەپ ئېلىش ئۈچۈن روما ئىمپېرىيىسى بىلەن ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان.

ئەردەشىرنىڭ ئوغلى شاپۇر 1 (241 ـ 272 ـ يىللار) روما ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان تۇنجى قېتىملىق ئۇرۇشىدا (241 ـ 242 ـ يىللار) ئانتاكىيەنى بېسىۋېلىپ، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرىغىچە يېتىپ بارغان. شاپۇر 1 روما ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشىدا (256 ـ 259 ـ يىللار) شانلىق غەلىبىگە ئېرىشىپ، روما ئىمپېراتورى ۋالېريان ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى روما قوشۇنلىرىنى ئەسىر ئالغان. ساسانىيلار بىلەن روما ئىمپېرىيىسى ئارىسىدىكى ئۇرۇش 200 يىل داۋام قىلىپ، ئاخىرى بەھرام گور پادىشاھ بولغان مەزگىلدە (420 ـ 440 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 428 ـ يىلى ئەرمىنىنىڭ شەرقىي قىسمى ساسانىيلار قولىغا ئۆتكەن.

«شاھنامە»دە بايان قىلىنغان مازداكىلار ھەرىكىتى قوباد پادىشاھ بولغان مەزگىلدە (487 ـ 531 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 488 ـ يىلى قوزغالغان. مازداكىلار ھەرىكىتى ساسانىيلار دەۋرىدىكى ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان خەلق ھەرىكىتى بولۇپ، دىنىي شەكىل ئارقىلىق ئۆزىنى نىقابلىغان.

5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان قۇرغاقچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىكىدىن كەم ھوسۇل ئېلىش سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق پۈتۈن ئىراننى قاپلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇشلارنىڭ چىقىمىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ساسانى پادىشاھلىرى خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاڭ ـ ياساقنى ھەسسىلەپ كۆپەيتكەن ئىدى. ئاچارچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، ۋابا كېسىلى تارقالغان. خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەر مازاداكىلار ھەرىكىتىنىڭ قوزغىلىشىنى تېزلەتكەن.

مازداكىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى قۇللۇققا چۈشۈرۈلگەن جامائە دېھقانلىرى، قۇللار، ھۈنەرۋەنلەر، شەھەر كەمبەغەللىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

مازداك بولسا شۇ ھەرىكەتنىڭ دىن تارقاتقۇچى باش ئۇستازى، مۇتەپەككۇرى ۋە يېتەكچىسى ئىدى. بۇ ھەرىكەت مازداكنىڭ نامى بىلەن مازداكىلار ھەرىكىتى دەپ ئاتالدى. مازداكنىڭ دىنىي تەلىماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «خۇسۇسىي مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن بارلىق بالايىئاپەتلەرنىڭ ئاساسىي مەنبەسى». مازداك مۇنداق دەپ خىتاب قىلغان ئىدى: «مۈلۈككە قۇللار ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان تۈزۈمنى ئورنىتىش لازىم». مازداكچىلار ئىنسانىيەتنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە باراۋەرلىككە ئېرىشتۈرۈشنى خىيال قىلىشقان.

مىلادىنىڭ 488 ـ يىلى قوزغالغان مازداكىلار ھەرىكىتىنىڭ قاتناشچىلىرى ئەڭ ئاۋۋال پايتەختتىكى پادشاھ ۋە ئېسىلزادىلەرنىڭ ئامبارلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىغان. مازداكىلار ھەرىكىتى تېز ئارىدا پۈتۈن ئىراننى قاپلىغان. مازداك قوزغىلاڭچىلىرى تۆرە زادىلەرنىڭ يەرلىرىنى، سۇ ئىنشائاتلىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى بېسىۋالغان. تۆرەزادىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، دېھقان جامائەلىرىنى (دېھقان كوممۇنالىرىنى) باشقىدىن قۇرغان. پادشاھ قوباد قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن خەلقنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ناھايىتى كۈچلۈك بولغان فېئودال، تۆرە زادىلەرنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، باشتا مازداكىلەر تەرىپىدە تۇرغان. بۇنىڭدىن چۆچۈپ كەتكەن ساسانى ھۆكۈمران تەبىقىسى قوبادنى ئاق ھونلار دۆلىتىگە سۈرگۈن قىلغان. ئەمما قوباد مىلادىنىڭ 499 ـ يىللىرى ئىرانغا قايتۇرۇلۇپ، ئاق ھونلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىرانغا يەنە پادشاھ بولغان.

قوباد باشلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرمۇ مۇستەھكەملىنىۋالغاندىن كېيىن، مازداكچىلارنى شەپقەتسىز ھالدا باستۇرۇشقا كىرىشكەن. مىلادىنىڭ 529 ـ يىللىرى مازداك باشلىق، مازداكچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەن. پۈتۈن ئىراننى قاپلىغان تېررورلۇق نەتىجىسىدە مازداكچىلاردىن 80 مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن.

گەرچە مازداكچىلار ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ ھەرىكەت ئىران تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، مازداكچىلار ھەرىكىتى ئىراندىكى تۆرە زادىلەر بىلەن راھىب تۆرەزادىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى قاتتىق ۋەيران قىلغان.

«شاھنامە»دە كۆكتۈرك خاقانلىقى (551 ـ 744 ـ يىللار) بىلەن ئىران ساسانىيلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار ئەسلىتىپ ئۆتۈلگەن. فىردەۋسى تۈرك خاقانى قارا چور («شاھنامە»دە چاچا دەپ يېزىلغان)نىڭ ئىران بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ھەقىقىي تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، كۆكتۈرك خاقانلىقى بىلەن ئىران ئارىسىدا بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇش بولغان.

مىلادىنىڭ 565 ـ يىلى كۆكتۈركلەر ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنى (420 ـ 565 ـ يىللار) تارمار قىلىشتا ئىران بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇنىڭ ياردىمىنى ئالغان. ئاق ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىنى بۆلۈپ ئېلىش، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى خەلقئارا سودا يولىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى تالىشىش قاتارلىق مەسىلىلەر يۈزىسىدىن كۆكتۈركلەر بىلەن ئىران ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولغان.

مانا شۇ ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان كۆكتۈركلەر شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرانغا قارشى تۇرماقچى بولغان. شۇنىڭغا بىنائەن مىلادىنىڭ 568 ـ يىلى كۆكتۈرك ئەلچىلىرى، ئىستىمى يابغونىڭ ئۇلۇغ تۈرك خاقانى موقان خانغا ۋاكالىتەن روما ئىمپېراتورى يوستىنىئان II گە يازغان مەكتۇبىنى ۋە قىممەت باھالىق سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ، ئىلىدىكى تېكەس يايلىقىدىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ، ئۇزۇن يول يۈرۈپ، كونىستانتىن پولغا (ھازىرقى ئىستانبۇلغا) بارغان. ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاپ تېكەس يايلىقى (ئىستىمى يابغونىڭ ئوردىسى تېكەستە ئىدى)غا قايتقان. تۈرك ئەلچىلىرىگە ھەمراھ بولۇپ يولغا چىققان زىمارخ باشچىلىقىدىكى روما ئەلچىلىرى مىلادىنىڭ 568 ـ يىلى ئىستىمى يابغونىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن. ئىستىمى يابغو تەرىپىدىن سەمىمىي ۋە قىزغىن قارشى ئېلىنغان شەرقىي روما ئەلچىلىرىمۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىپ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارغا ئېرىشىپ، ئۆز دۆلىتىگە قايتىشىدا شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىدەك قۇدرەتلىك ئىتتىپاقچىغا ئىگە بولغان كۆكتۈرك خاقانلىقىنىڭ غەربىي تېررىتورىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىستىمى يابغونىڭ ناھايىتى نۇرغۇن، جەڭگىۋار، تۈرك ئاتلىق قوشۇنلىرىغا باش بولۇپ ئىرانغا قارشى قىلغان يۈرۈشىدە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن.

ئىستىمى يابغو مىلادىنىڭ 568 ـ يىلى خوراساندا بولغان ئۇرۇشتا ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى نوشىرۋان (531 ـ 579 ـ يىللار) تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن سىمبات قوماندانلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ غەلىبە قازانغان.

«شاھنامە»دە تىلغا ئېلىنغان تۈرك خاقانى چاچاخان (قاراچۇر)نىڭ ئىرانغا قارشى قىلغان يۈرۈشى مىلادىنىڭ 588 ـ يىلى يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇشتا تۈرك خاقانى قاراچۇر ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى ھورمۇز (579 ـ 590 ـ يىللار)نىڭ مەشھۇر سەركەردىسى بەھرام چۇبىن قوماندانلىقىدىكى ئىران قوشۇنلىرى تەرىپىدىن خوراساندا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۆزى ئۆلگەن، بەھرام چۇبىن خاقانىنىڭ ئوغلى بارمودا تېكىننى بايكەنتتە بولغان ئۇرۇشتا تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئەسىر ئالغان.

مانا شۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئۇلۇغ كۆكتۈرك خاقانىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى تېخىمۇ تېزلەشكەن. دېگەندەك تۈرك خاقانلىقى مىلادىنىڭ 600 ـ يىلىغا كەلگەندە رەسمىي ھالدا شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خاقانلىقلىرىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن.

غەربىي تۈرك خاقانى تون يابغۇنىڭ ۋاقتىدا (619 ـ 628 ـ يىللار) كۆكتۈركلەر بىلەن ئىران ئارىسىدا ئىككى قېتىم ئۇرۇش بولغان، بۇ چاغدىكى ساسانىيلار شاھىنشاھى خۇسراۋ پەرۋىز (590 ـ 628 ـ يىللار) كۆكتۈرك خاقانى تون يابغۇ بىلەن دۈشمەنلىشىپ، ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان. غەربىي تۈرك خاقانى تون يابغۇ مىلادىنىڭ 620 ـ يىلى ئىرانغا ھۇجۇم قىلىپ، نىشاپۇر، راي شەھەرلىرىنى بېسىۋالغان. خان بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىشقا ئىلتەبىر (ۋالىي) تەيىنلىگەن. غەربىي تۈرك خاقانى تون يابغۇ كۆكتۈركلەرنىڭ شەرقىي روما ئىمپېراتورى ھىرەقلى بىلەن تۈزگەن بىتىمنامىگە بىنائەن 628 ـ يىلى 40 مىڭ ئاتلىق تۈرك قوشۇنىغا ئۆزى باش بولۇپ، تالاس ۋادىسى (قىرغىزىستاندا)دىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ كاۋكازداراسى ئارقىلىق ئىران ساسانىيلار تېررىتورىيىسىگە بېسىپ كىرگەن. غەرب تەرەپتىن ھىرەقلى باشچىلىقىدىكى شەرقىي روما قوشۇنلىرى ئىرانغا ھۇجۇم قىلغان، شۇ يىلى تۈرك ۋە روما قوشۇنلىرى ئىراننىڭ پايتەختى كتېسفون (باغدات)غا بېسىپ كىرگەن. بۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ساسانىيلارنىڭ ئوردىسىدا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، خۇسراۋ پەرۋىز تەختتىن چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئوغلى قوباد II تەختتە ئولتۇرغان. قوباد II بىلەن ئىتتىپاقچىلار (كۆكتۈركلەر، رومالىقلار) بىلەن تۈزۈلگەن بىتىمنامىگە بىنائەن ئىران قوشۇنلىرى مىسىر، سۈرىيە، ئەرمىنىيە ۋە غەربتە ئىران بېسىۋالغان باشقا دۆلەتلەردىن چېكىنىپ چىقماقچى بولغان. شۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ، تەنتەنە بىلەن تالاس ۋادىسىنىڭ مىڭ بۇلاق دېگەن جايىدىكى

ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەن تون يابغو خاقان مىلادىنىڭ 628 ـ يىلى كولچور باغاتارقان ئاتلىق ۋەزىرى تەرىپىدىن (زەھەر بېرىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەن.

ئىران ۋەتەنپەرۋەرى فىردەۋسى «شاھنامە»دە ئىراننى ئىستىمى يابغونىڭ بىر قېتىم، تون يابغو خاقاننىڭ ئىككى قېتىم مەغلۇپ قىلغانلىقىنى يوشۇرۇپ، پەقەت تۈرك خاقانى قاراچورنىڭ ئىران تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا مەغلۇپ بولغانلىقىنىلا يازغان.

«شاھنامە» داستانىنىڭ ئاخىرىدا، ئىراننىڭ ئەرەبلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىشى غەمكىنلىك بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 630 ـ يىللىرى شەرقىي روما ئىمپېراتورى ھىرەقلىگە ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھىنشاھى كەيقۇباد II گە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تاڭ تەيزۇڭغا (لىشىمىنگە) مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان. بۇ ئۈچ پادىشاھتىن تاڭ تەيزۇڭ بىلەن ھىرەقلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى ئېلىپ كەلگەن ئەرەب ئەلچىلىرىنى ئوبدان قارشى ئېلىپ، ئۆز لايىقىدا ئۆزرەخالىق ئېيتىپ جاۋاب قايتۇرغان. پەقەت ئىران شاھىنشاھى كەيقۇباد II مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن نامىنى يىرتىپ تاشلىغان.

بۇ ۋەقەنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئىران ساسانىيلار ھۆكۈمرانلىرىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن خەلىپە ئۆمەر مىلادىنىڭ 637 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپدىشى سەئد ئىبنى ئابۇۋەققاس قوماندانلىقىدا خىللانغان، جەڭگىۋار ئەرەب قوشۇنلىرىنى ئىرانغا ماڭدۇرغان. قەدىشە دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا ئەرەب قوشۇنلىرى ساسانىيلار شاھىنشاھى يەزدىگىر III (634 ـ 651 ـ يىللار)نىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرگەن. قەدىشە ئۇرۇشىدا ئىراننىڭ مەشھۇر جەڭ بايرىقىمۇ باشقا غەلىبە غەنىمەتلىرى بىلەن بىللە ئەرەبلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. بۇ جەڭ بايرىقى ئىراننىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانى ـ تۆمۈرچى كاۋىنىڭ پەرتۇقى (پەشتامانى) بولۇپ، ئۇنىڭغا خىلمۇخىل رەڭلىك گۆھەر، ياقۇتلار قادالغان ئىكەن، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى چاغدا تۆمۈرچى كاۋى، زالىم پادىشاھ زوھاكقا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭدا مانا شۇ پەرتۇقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنى قوزغىلاڭنىڭ بايرىقى قىلغان ئىكەن. مىلادىنىڭ 642 ـ يىلى ئەرەبلەر نىھاۋەندى دېگەن جايدا بولغان ئۇرۇشتا ئىران قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. يەزدىگىر III ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىغا قاراپ قاچتى. ئۇ ئون يىل سەرسان بولۇپ يۈرۈپ،

ئاخىرى 651 ـ يىلى مەرۋى شاھى جاھاننىڭ يېنىدا ئۆلتۈرۈلدى. شۇندىن باشلاپ ئىران، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئىران تۈركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا (بولۇپمۇ 628 ـ يىلى بولغان ئۇرۇشتا) ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئەرەبلەر ئىراننى ئاسانلا تارمار قىلىپ، 500 يىلچە ھۆكۈم سۈرگەن ساسانىيلار سۇلالىسىنى يوقاتتى.

فىردەۋسى «شاھنامە» داستانىدا بايان قىلغان ئەپسانىۋى ۋەقەلەر (مىلادىدىن 3200 يىل بۇرۇنقى چاغدىن، مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) بىلەن ھەقىقىي تارىخىي ۋەقەلەر (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 651 ـ يىلىغىچە) نىڭ مەزمۇنى ۋە باشقا جەھەتلىرى ھەققىدە يۇقىرىدا قىسقىچە توختالدىم.

فىردەۋسى «شاھنامە»دە ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەرغىپ قىلىپ، ئىراننى يات ئەللەرنىڭ بولۇپمۇ تۈركلەرنىڭ پۈتۈنلەي بېسىۋېلىشىدىن، شەرق قىسمىنى ئوغۇز نەسلىدىن بولغان غەزنەۋىيلەرنىڭ بېسىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ ئىران ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى ئاساس قىلىپ، تۇرانىيلارغا مەنسۇپ بولغان شەخسلەرنى (مەسىلەن، ئافراسىياپنى) خۇنۇك قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق.

فىردەۋسى 10 ـ ۋە 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ۋە مۇتەپەككۇر، ئاجايىپ تالانتلىق شائىر، تەگدىشى ئاز ئۇچرايدىغان تارىخچى بولغىنى ئۈچۈن ئىران، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان چاغدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى (850 ـ 1212 ـ يىللار) تازا كۈچىيىپ، ھۆكۈمران تەبىقىسى شائىر فىردەۋسىگە قانداش بولغان تاجىك سامانىيلار دۆلىتى (870 ـ 1000 ـ يىللار)نى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغان بولسا، ئوغۇزلارنىڭ كىنىك (قىنىق) ئۇرۇقى قۇرغان غەزنەۋىيلەر سۇلتانلىقى (963 ـ 1186 ـ يىللار) ئىراننىڭ خۇراسان رايونىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئوغۇزلاردىن سەلجۇقىيلار بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئىرانغا خەۋپ سېلىش ئېھتىمالى كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بورجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكىنىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى ‹تۈرك› دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى. دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى، ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى، ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەشكەنلەرنى ئەزىز

قىلدى، تۈركلەر تۇپەيلىدىن، ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۇرۇپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن ساقلىدى»[1].

تارىخىي پاكىتلار فىردەۋسىنىڭ ئىران ئۇچۇن تۈركلەرنىڭ (بولۇپمۇ تۈرك ئۇغۇزلىرىنىڭ) خەۋپ ئىكەنلىكىنى ئالدىن بايقاپ، قاتتىق ئەنسىرىگەنلىكىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىغان.

فىردەۋسى مىلادىنىڭ 1020 ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن (1040 ـ يىلى) ئۇغۇزلارخانى سەلجۇقنىڭ نەۋرىسى توغرۇلبەگ يېتەكچىلىكىدىكى ئۇغۇزلار نىشاپور، مەرۋى شاھى جاھاننى ئىگىلەپ تۇرۇپ، كۈچلۈك سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. خوراسان ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى دەندانقاندا بولغان جەڭدە غەزنەۋىيلەر سۇلتانى مەسئۇدنى تارمار كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىرانغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ، راي شەھرىنى بېسىۋالدى ۋە ئۇنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى. توغرۇلبەگ 1055 ـ يىلى باغداتقا بېسىپ كىرىپ، ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى (751 ـ يىلدىن 1250 ـ يىلغىچە) قورچاق ھالغا چۈشۈردى. ئەرەب خەلىپىسى توغرۇلبەگنىڭ نامىنى خۇتبەدە ئوقۇشقا ئەمر قىلدى.

11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سەلجۇقىيلار نۇرغۇن جايلارنى بېسىۋالدى. سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ خەرىتىسىگە كىچىك ئاسىيا، سۇرىيە، پەلەستىن، ئەرەبىستان، مېسوپوتامىيە، ئىران، ئافغانىستان، بېلوجىستان، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى كىرگەن.

توغرۇلبەگ ئىمپېراتور بولغان چاغدا (1040 ـ 1063 ـ يىللار) سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۆزىنىڭ ئەخلاقى، پەزىلىتىنىڭ ساپلىقى، ئالىيلىقى، باتۇر، مەردلىكى، ئەقىللىقلىقى بىلەن مۇسۇلمان شەرقىنىڭ تەبئىي ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان توغرۇلبەگ مىلادىنىڭ 1063 ـ يىلى سۇرىيىنى بويسۇندۇرۇپ، باغداتقا قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدا ئۇ، ئەرەب خەلىپىسىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، ئەرەب خەلىپىسى ئۇنىڭ ئارزۇسىغا ناھايىتى خۇشاللىق بىلدۈرگەن. توي مۇراسىمى راي شەھرىدە (كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا) ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان. شۇڭا توغرۇلبەگ باغداتتىن رايغا كېلىۋاتقاندا، يولدا ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتكەن.

(1) مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە) 1 ـ، 2 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىگە ئالپ ئارسلان (توغرولبەگنىڭ ئاكىسى ـ چاغرى بەگنىڭ ئوغلى) ئىمپېراتور بولغان چاغدا (1063 ـ 1072 ـ يىللار) ئۇ، 1071 ـ يىلى 26 ـ ئاۋغۇست كۈنى هازىرقى ئەرمەنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مالازگىرد دالىسىدا شەرقىي روما ئىمپېراتورى رومان دىئوگىنىس باشچىلىقىدىكى ناهايىتى كۈچلۈك روما قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ، رومان دىئوگىنىسنى تىرىك تۇتۇۋالغان. شۇندىن باشلاپ روما ئىمپېرىيىسى سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىگە سېلىق (ئولپان) تۆلەيدىغان قارام دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغان. سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى (1040 ـ 1157 ـ يىللار) مەلىك شاھ ئىمپېراتور بولغان چاغدا (1072 ـ 1092 ـ يىللار) ناهايىتى قۇدرەتلىك، گۈللەنگەن بىر دۆلەتكە ئايلانغان. مەلىك شاھنىڭ ئەقىللىق، تەدبىرلىك ۋەزىرى نىزامۇل مۇلكنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇ زامانىسىدىكى مەشھۇر پەنلەر سارىيى بولغان «نىزامىيە» ئالىي مەكتىپى ئېچىلغان. ئۇنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق ئۇلۇغ ئەسىرى مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان. مەلىك شاھتىن كېيىن، سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىگە سۇلتان سەنجەر (1117 ـ 1157 ـ يىللار) ئىمپېراتور بولغان.

فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستانى دۇنيا ئەدەبىياتى، خۇسۇسەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناهايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

«شاھنامە»نى ئۆگىنىش يالغۇز تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تارىخىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى بىلىشتە مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىنى بىلىشتىمۇ ناهايىتى چوڭ ئەهمىيەتكە ئىگە.

بىزنىڭ ئەدىب ـ شائىرلىرىمىز «شاھنامە»نى هازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ تەنقىدىي ئۆگىنىپ، ئەسەر يېزىشتا ئۇنىڭدىن ئۆلگە ۋە ئوزۇق ئېلىشى لازىم.

11 ـ ئەسىردە بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز مەھمۇد قەشقىرى (قەشقەرلىك مەھمۇد)، يۈسۈپ خاس هاجىپلار «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» قاتارلىق دۇنياۋى ئەهمىيەتكە ئىگە بولغان ئۆلمەس، شانلىق ئەسەرلەرنى يازغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، زامانىمىزدا ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەتنىڭ يېڭى باهارىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ئاجايىپ ياخشى شارائىت ۋە كەڭ ئىمكانىيەتلەر يارىتىلغان تۇرسا، ئۆلمەس، ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يازالماسمۇ؟ بىزنىڭ هازىرقى ئەدىب ـ شائىرلىرىمىز ئىچىدىن ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى،

مەزمۇنىنىڭ موللىقى، بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، تارىخىي قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، خەلقپەرۋەرلىكى جەھەتلىرىدە دۇنيادىكى مەشھۇر كىلاسسىك داستانلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۇيغۇر «شاھنامە» سىنى يېزىپ چىقالايدىغان ئۇيغۇر فىردەۋسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى خەلقىم ئارزۇ قىلىۋاتقاندەك مەنمۇ تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتىمەن.

يېقىن كەلگۈسىدە (ھېچ بولمىغاندا 21 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا) ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىدىن تارتىپ يېقىنقى چاغقىچە بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي دەۋرنى ئەدەبىي تىل، بەدىئىي ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق تەسۋىرلەيدىغان ئۇيغۇر «شاھنامە»سىنى يېزىپ چىقالايدىغان ئۇيغۇر فىردەۋسى دۇنياغا كەلسىدى، ئۇ چاغدا تارىخ ئالدىدا، ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمىغان بولاتتۇق.

## قوشۇمچە: نەسەبنامىلەر

### 1 ) ئىران ئەھمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ نەسەبنامىسى

مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللار

| | |
|---|---|
| 1. ئەھمان | 675 ـ 700 |
| 2. تىسفىس | 640 ـ 675 |
| 3. ئارئارا مونىس | 615 ـ 640 |
| 4. قومبىز 1 | 559 ـ 600 |
| 5. كەيخىسراۋ | 529 ـ 558 |
| 6. قومبىز | 521 ـ 529 |
| 7. دارا I | 485 ـ 152 |
| 8. شۇسىس | 465 ـ 485 |
| 9. ئاتا شۇسىس I | 425 ـ 465 |
| 10. دارا II | 404 ـ 425 |
| 11. ئاتا شۇسىس II | 358 ـ 404 |

| | |
|---|---|
| 12. ئاتا شۇسس | 338 ـ 358 |
| 13. دارا III | 330 ـ 336 |

## 2 ) ئىران ساسانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ نەسەبنامىسى

(225 ـ 651 ـ يىللار) مىلادى يىللىرى

| | |
|---|---|
| 1. ئەردەشىر | 240 ـ 225 |
| 2. شاپۇر I | 275 ـ 240 |
| 3. بەھرام | 282 ـ 275 |
| 4. نارسىس | 337 ـ 283 |
| 5. شاپۇر II | 379 ـ 233 |
| 6. بەھرام IV | 399 ـ 388 |
| 7. يەزدىگىر I | 420 ـ 399 |
| 8. بەھرام گور | 440 ـ 420 |
| 9. يەزدىگىر II | 457 ـ 440 |
| 10. پىروز | 485 ـ 458 |
| 11. كەيقۇباد I | 531 ـ 487 |
| 12. نوشىرۋان | 579 ـ 531 |
| 13. ھورموزد IV | 590 ـ 579 |
| 14. خىسراۋ پەرۋىز | 628 ـ 590 |
| 15. كەيقۇباد II | 634 ـ 629 |
| 16. يەزدىگىر III | 651 ـ 634 |

## 3 ) ئۇلۇغ سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ نەسەبنامىسى

مىلادى يىللىرى

| | |
|---|---|
| 1. توغرۇلبەگ | 1063 ـ 1040 |

| | |
|---|---|
| 2. ئالپ ئارسلان | 1072 ـ 1063 |
| 3. مەلىكشاھ | 1092 ـ 1072 |
| 4. سۇلتان سەنجەر | 1158 ـ 1117 |

مەلىك شاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش ئۇرۇشلىرى باشلىنىپ، 25 يىلدىن كېيىن 1117 ـ يىلى سۇلتان سەنجەر ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان.

## «ئوغۇزنامە» داستانى ھەققىدە

«ئوغۇزنامە» داستانى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدە كەڭ تارقالغان، ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، قەھرىمانلىق ھەققىدىكى تارىخىي داستان بولۇپ، قەدىمكى چاغدىن تارتىپ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، يېزىقلاردا خاتىرىلىنىپ كىتاب بولۇپ كەلگەن.

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان بىر نەچچە نۇسخىسى بار. بىرى ئىران تارىخچىسى رەشىدىددىن (13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن)نىڭ «جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىنىڭ 11 جىلدىدە بايان قىلىنغان نۇسخىسى. يەنە بىرى ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ (17 ـ ئەسىردە ئۆتكەن) «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن نۇسخىسى، مېنىڭ مۇلاھىزە قىلىدىغىنىم، ھازىر بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى يازما نۇسخىسى بولۇپ، نۇسخا 13 ـ ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا، تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن. «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ مانا شۇ نۇسخىسى ھازىر پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

«ئوغۇزنامە» داستانى نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەقەلەرنى خەلق داستانلىرىغا خاس بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن تەسۋىرلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى، تۇرمۇشتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن.

بۇ داستان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىخىنى، ئېتنوگرافىيىسىنى تەكشۈرۈش، ئەدەبىيات تارىخىمىزنى، ئەنئەنىمىزنى تەكشۈرۈپ ئۆگىنىش، شۇ زاماندىكى تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىشىمىز، ھازىرقى زاماندىكى ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي

قىلىدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئېلىشىمىزدا ناھايىتى قىممەتلىك رول ئوينايدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە موللىقى، بەدىئىيلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تىل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى، بەدىئىي تۈزۈلۈشىنىڭ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلارلىقى، بەدىئىي ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى، شېئىرىي خۇسۇسىيەتىنىڭ يىغىنچاق، يەڭگىل، راۋان، ئوبرازلىقلىقىغا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خېلى بۇرۇنلا تۈركشۇناس ئالىملارنىڭ ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. 1815 - يىلى گېرمان ئالىمى دىيتس بىرىنچى قېتىم «ئوغۇزنامە» داستانىدىن پارچىلارنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. خۇددى شۇ مەزگىلدە رادلوۋ بۇ ئەسەرنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى، ترانسكرىپسىيىسى ۋە نېمىس تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى نەشر قىلىپ دۇنياغا ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بىرقانچە يېڭى نەشرلىرى مەيدانغا كەلگەن. يېقىنقى يىللاردا «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ يېڭى تەرجىمىلىرى مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. 1959 - يىلى ئا. م. شىرباك «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ سىلاۋيانچە ترانسكرىپسىيىسى ۋە رۇسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى. 1972 - يىلى ئىستانبولدا توغان تەرىپىدىن تەييارلانغان تۈركچە تەرجىمىسى نەشردىن چىقتى.

## «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ مەزمۇنى

«ئوغۇزنامە» داستانى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چاغدىكى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادلىرى، بولۇپمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇلارنىڭ تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىسى خاراكتېرلىككى «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخاننىڭ ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان، مۇشەققەتلىك، غەلىبىلىك ھەربىي يۈرۈشلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بېشىدىلا ئوغۇزخاننىڭ تاشقى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. ئارقىدىنلا خەلققە ھەمىشە ئاپەت سېلىپ تۇرغان ئورمانلىقتىكى «قىيات» ناملىق ۋەھشىي ھايۋاننى ياش ئوغۇزخاننىڭ ئۆلتۈرۈپ نام چىقارغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. «قىيات» ناملىق ياۋايى، ۋەھشىي ھايۋاننىڭ تۇمشۇقىدا مۈڭگۈزى بار ئىكەن. بۇ ھازىرقى زاماندا نەسلى ساقلىنىپ قالغان، نېپال ۋە ئافرىقىدا ياشايدىغان بىر

مۈڭگۈزلۈك (نىپالدىكىسى) ۋە ئىككى مۈڭگۈزلۈك (ئافرىقىدىكىسى) كەركىداننىڭ دەل ئۆزى.

ئوغۇزخان يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەندە، كۈنلەرنىڭ بىرى تەڭرىگە سىغىنىپتۇ، شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشۈپتۇ، شۇ نۇر ئىچىدىن ئاجايىپ بىر گۈزەل قىز چىقىپتۇ، ئوغۇزخان ئۇنىڭغا ئۆيلىنىپتۇ، ئۇ قىز ئۈچ ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئوغۇللارنىڭ تۇنجىسىغا كۈنخان، ئوتتۇرانجىسىغا ئايخان، كەنجىسىگە يۇلتۇزخان دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

ئوغۇزخان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىققاندا، بىر كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توپ دەرەخنى كۆردى، شۇ دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتارغان بىر قىز كۆزگە چېلىقتى. قىز يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك، چېچى دەريا ئېقىنىدەك، چىشلىرى خۇددى ئۈنچىدەك ئىدى... ئوغۇزخان ئۇنى كۆرۈپ ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى. ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئوغۇزخان بۇ قىزغىمۇ ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل تاپىدۇ. ئوغۇللارنىڭ تۇنجىسىغا كۆكخان، ئوتتۇرانجىسىغا تاغخان، كەنجىسىگە دېڭىزخان دەپ ئىسىم قويىدى.

ئوغۇزخاننىڭ ئىلاھىي سىرلار يوشۇرۇنغان ئىككى قىزغا ئۆيلىنىشى «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دىكى ئاجايىپ بىر ئەپسانىنى كىشىنىڭ يادىغا سالىدۇ. بۇ ئەپسانىدە مۇنداق دېيىلگەن: «... تۈركلەرنىڭ ئاتا - بوۋىسى سۇ دەپ ئاتىلىدىغان ئەلدىن (يەنسەي ۋادىسىدا - ئا) بولۇپ، بۇ ئەل ھونلارنىڭ شىمالىدا ئىدى. شۇ ئەلنىڭ خانىنىڭ ئىسمى ئاپا بەگ (؟) بولۇپ، ئون يەتتە بىر تۇغقان ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ نامى ئىگىلىنىساچۇر بولۇپ، ئۇ بۆرىدىن تۇغۇلغان ئىكەن، ئىگىلىنىساچۇر ناھايىتى ھوشيار، ئاجايىپ غەيرەتلىك ئىكەن. ئۇ خالىسا شامال چىقىرالايدىغان، يامغۇر ياغدۇرالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەن. ئۇ ئىككى قىزغا ئۆيلەنگەن، قىزلارنىڭ بىرى ياز ئىلاھىسىنىڭ، يەنە بىرى قىش ئىلاھىسىنىڭ قىزى ئىكەن».

تۈركلەرنىڭ ئاتا - بوۋىسى ھەققىدىكى بۇ ئەپسانە «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇشى مۇمكىن.

داستاندىكى ۋەقەلەرنىڭ تىزمىسىدا ئوغۇزخان غەربكە يۈرۈش قىلىش تەييارلىقىنى كۆرگەندە: «كۆك بۆرە جەڭ بەلگىمىز بولسۇن، تۆمۈر نەيزىلەر

خـۇددى بىـر ئورمـان بولسـۇن، ئەتراپتـا قۇلانـلار يۈرسـۇن، يەنـە دېڭىـز - دەريـالار ئېقىـپ تۇرسـۇن، كـۈن بىرگـە تـوغ بولسـۇن، ئاسـمان چېدىرىمىـز بولسـۇن» دەيـدۇ.

ئوغۇزخـان مۇشـۇنداق چاقىرىقنـى قىلىـپ، غەربتىكـى (ۋولـگا دەرياسـىنىڭ بويىدىكـى - ئـا) ئورۇمخـان ئاتلىـق خاننىـڭ ئۈسـتىگە قوشـۇن تارتىـپ ماڭىـدۇ. ئوغۇزخـان يۈرۈشـكە ماڭغانـدا ئۇنىڭغـا كـۆك يايلىلىـق بىـر ئەركـەك بـۆرە يـول باشـلاپ ماڭىـدۇ. ئوغۇزخـان ناهايىتـى ئـۇزۇن يـول يـۈرۈپ، ۋولـگا بويىغـا يېتىـپ كېلىـدۇ. ئورۇمخـان بىلـەن ئۇرۇشـۇپ، ئۇنـى مەغلـۇب قىلىـدۇ. ئورۇمخاننىـڭ جىيەنـى (ئـورۇس بەگنىـڭ ئوغلـى - ئـا) تـاغ ئۈسـتىدىكى ئـۆزى مۇداپىئـە قىلىـپ تۇرغـان مۇسـتەهكەم شـەهەرنى ئوغۇزخانغـا تاپشـۇرۇپ بېرىـدۇ. شـەهەردە ناهايىتـى نۇرغـۇن ئالتـۇن، كۈمـۈش بـار ئىكـەن. ئوغۇزخـان بـۇ شـەهەرنى تاپشـۇرغان ئـورۇس بەگنىـڭ ئوغلىغـا «سـاقلاپ» دەپ ئـات قويىـدۇ.

ئوغۇزخـان يۈرۈشـنى داۋاملاشـتۇرۇپ، ئىدىـل (ۋولـگا دەرياسـى)دىن ئۆتىدىغـان چاغـدا، «ئۇلـۇغ ئـورۇ» دېگـەن بىـر بـەگ، دەرەخلـەرنى كېسىـپ، سـال ياسـاپ، سـالغا قوشـۇننى چىقىرىـپ، ئىدىلنىـڭ ئـۇ قېتىغـا ئۆتكۈزىـدۇ. بۇنىڭدىـن خۇشـال بولغـان ئوغۇزخـان ئاشـۇ بەگكـە: «سـەن بـۇ يـەردە بـەگ بـول، قىپچـاق دېگـەن بـەگ سـەن بولغىـن» دېگـەن.

ئوغۇزخـان غەربتىـن شـەرققە قايتىـپ كېلىۋېتىـپ، مـۇز تاغقـا كەلگەنـدە ئۇنىـڭ جەڭـدە مىنىدىغـان بـوز ئېتـى قېچىـپ، مـۇز تـاغ ئىچىگـە كىرىـپ كېتىـدۇ. ئوغۇزخاننىـڭ بـۇ ۋەقەدىـن قايغۇغـا چۆشـكەنلىكىنى كۆرگـەن باتـۇر بىـر بـەگ مـۇز تـاغ ئىچىگـە بېرىـپ، توققـۇز كۈنـدىن كېيىـن بـوز ئاتنـى تېپىـپ كېلىـدۇ. بـۇ بەگنىـڭ ئۈسـتىبېشـىغا قـار، مـۇز يېپىشـىپ كەتكـەن. بەگنىـڭ بـوز ئاتنـى تېپىـپ كەلگەنلىكىدىـن خۇشـال بولغـان ئوغۇزخـان، بەگنىـڭ ئۈسـتىبېشـىغا قـاراپ، ئۇنىڭغـا «قارلىـق» دەپ ئـات قويـۇپ، ئۇنـى شـۇ يەرگـە بـەگ قىلىـپ تەيىنلىگـەن.

ئوغۇزخـان يولـدا كېلىۋېتىـپ يوغـان بىـر ئۆينـى كۆرىـدۇ، «ئۆينىـڭ تاملىـرى ئالتۇندىـن ئىـدى، دېرىزىلىـرى كۈمۈشـتىن، ئىشـىكلىرى تۆمۈردىـن ئىـدى. ئـۆي قۇلۇپلاقلىـق بولـۇپ، ئاچقۇچـى يـوق ئىـدى». ئوغۇزخـان تۆمـۈر دوقاغـول دېگـەن بەگكـە: «سـەن شـۇ يـەردە قـال، ئۆينـى ئـاچ» دېگـەن، ئۇنىڭغـا «قـالاچ» دەپ ئـات قويغـان.

داسـتاندىكى ۋەقەلـەر ئىچىـدە، هارۋىنىـڭ ياسىلىشـى ئالاهىـدە ئەهمىيەتكە ئىگە.

ئوغۇزخان ئىبلىگە قايتىشىدا جورجىت دېگەن ئەل بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى يېڭىپ خانىنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەددى ـ ھېسابسىز ئولجىلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ مېڭىشقا ئۇلاق يېتىشمەيدۇ. شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە بارماقلىق جوسۇن بىلىگە ئاتلىق ئادەم ھارۋا ياسىغان، باشقىلار ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، ھارۋىلارنى ياساپ، ئۇنىڭغا ھايۋانلارنى قوشۇپ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى يۈكلىگەن. ھارۋىلار ماڭغاندا «قانقا ـ قانقا» دېگەن ئاۋاز چىققان. بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇزخان، ھارۋىنى ياسىغان بارماقلىق جوسۇن بىلىگە دېگەن ئادەمگە: «ساڭا قانقالۇق دەپ ئات قويۇلسۇن، بۇ ئات، ھارۋىنى ئەسلەتسۇن» دېگەن.

ئوغۇزخان ئەڭ ئاخىرىدا جەنۇبقا يۈزلىنىپ، ھىندى، تىبەت ئەللىرىنى بويسۇندۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەڭ جەنۇبتىكى باراقا دېگەن ئەلنىڭ مالىسار دېگەن خانىنى يېڭىپ ئۆز ئىبلىگە قايتقان.

ئوغۇزخان ئۆز ئىبلىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئوۋغا چىقىدۇ. ئوۋدىن قايتىپلا ناھايىتى چوڭ يىغىن چاقىرىدۇ. قىرىق كېچە ـ كۈندۈز تويى ـ تاماشا ئۆتكۈزىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا... شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان ئوغۇللىرىغا مەملىكەتنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ ۋە شۇنداق دەيدۇ: ‹ھەي ئوغۇللىرىم، مەن كۆپ ياشىدىم، نۇرغۇن ئۇرۇشلارنى كۆردۈم، نەيزە ۋە ئوقلارنى كۆپ ئاتتىم، ئايغىر بىلەن كۆپ يول يۈردۈم، دۈشمەنلىرىمنى يىغلاتقۇزدۇم، دوستلىرىمنى كۈلدۈردۈم، كۆك تەڭرى ئالدىدا بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم، ئەمدى مەملىكەتنى سىلەرگە بېرىمەن›».

بۇنىڭدىن باشقا «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى مۇراسىم، رەسمىيەتلەردىكى موما ياغاچنىڭ بېشىغا قوندۇرۇلغان ئالتۇن، كۈمۈش توخۇ، موما ياغاچنىڭ تۈۋىدىكى ئاق، قارا قويلار، ھون، ئۇيغۇر، تۈرك خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادى بولغان شامان دىنىدىكى كۆك، قىزىل، ئاق، قارا رەڭدىكى نەرسىلەرگە بولغان ئەقىدىسىگە مۇناسىۋەتلىك.

## ئوغۇزخاننىڭ كىملىكى ھەققىدە

«ئوغۇزنامە» داستانىدىكى باش قەھرىمان ئوغۇزخان ھەققىدە ھېلىغىچە تالاش ـ تارتىشتا تۇرۇۋاتقان بىرقانچە خىل قاراشلار بار.

بەزى تارىخچىلار ئوغۇزخاننى تۈرك خەلقلىرى تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر تارىخىي شەخسلەردىن بىرى ـ ھون تەڭرىقۇتى ـ باتۇر تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 174 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان)نى

ئوغۇزخاننىڭ دەل ئۆزى دېيىشسە، يەنە بەزى تارىخچىلار ھېچقانداق بىر ئاساسقا تايانماستىن خىيالىي قىياس بىلەن ئىسكەندەرنى ئوغۇزخانغا ئوخشىتىدۇ. يەنە بەزى تارىخچىلار چىڭگىزخاننىمۇ ئوغۇزخانغا تاقاسلايدۇ، بۇندىن باشقا يەنە بەزىلەر ئوغۇزخاننى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر بىر شەخسنىڭ ئوبرازى ئەمەس، ئۇ توقۇلغان بەدىئىي ئوبراز دېيىشىدۇ.

خىۋەخانى ئوبۇلغازى باھادىرخان (مىلادىنىڭ 1603 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1663 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «شەجەرەئىي تۈرك» دە ئوغۇزخان ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىدە، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن تۈرك خەلقلىرىنىڭ بىر قىسمىغا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى بەرگەن دەيدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا ئوغۇزخاننىڭ مىلادىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلىكى ئېنىق. چۈنكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردا (مىلادىدىن بۇرۇن) تارىخقا مەلۇم بولغان ئىدى. لېكىن ئوبۇلغازى تىلغا ئالغان ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ ئەمەلىي پاكىتقا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن، رىۋايەت رېئاللىقنى ئاساس قىلىپ يارىتىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا خىيالىي توقۇلمىلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ بىر تارمىقى (قەدىمكى چاغدا) بولغان ئوغۇزلار ھەققىدە توختالغاندا ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ قىنىق، قايىغ، بايىندىر، ئىۋا، سالغۇر، ئابشار، بەگ تىلى، بوكدۇز، بايات، قارا بولۇق... دىن ئىبارەت يىگىرمە ئىككى ئۇرۇقتا بۆلۈنگەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، «بۇ ناملار ئۇ قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى بابىلىرىنىڭ ئىسمىدۇر» دەيدۇ.

مەن باشتا ئوغۇزخاننىڭ ئىككى ئايالىدىن ئالتە ئوغۇل (ھەر بىر ئايالى ئۈچتىن ئوغۇل تۇغقان) تاپقانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىدىم. ئىران تارىخچىسى رەشىدىددىننىڭ مەلۇماتىدا، ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ 24 ئۇرۇقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، بۇ ئۇرۇقلار ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ (ھەر بىر ئوغلىنىڭ تۆتتىن ئوغلى بار ئىدى) ئوغۇللىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا، ئوغۇزخاننىڭ كۈن، ئاي، يۇلتۇز ئاتلىق ئۈچ ئوغلى شەرق تەرەپكە بېرىپ ئوۋ ئوۋلىغاندا بىر ئالتۇن يانى تېپىۋالغان. ئۇنى ئاتىسىغا بەرگەن، ئوغۇزخان ئالتۇن يانى ئۈچكە بۆلۈپ، كۈن خان، ئاي خان، يۇلتۇزخانغا بەرگەن. بۇ ئوغۇللارنىڭ 12 ئوغلىغا «بۇز ئوقلار» دەپ نام بېرىلگەن. چۈنكى ئوغۇزخان يانى ئۈچكە پارچىلاپ (بۇزۇپ) ئۈچ ئوغلىغا بەرگەن ئىدى. ئوغۇزخاننىڭ

كۆك، تاغ، دېڭىز ئاتلىق ئۈچ ئوغلىمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىققاندا، يولدا ئۈچ كۈمۈش ئوق تېپىۋالىدى. ئوقلارنى دادىسىغا ئەكىلىپ بەردى. ئوغۇزخان ئۈچ كۈمۈش ئوقنى كۆك خان، تاغ خان، دېڭىزخانغا بىردىن بەردى. بۇ ئوغۇللارنىڭ 12 ئوغلىغا «ئۈچ ئوقلار» دەپ نام بېرىلگەن. داستاندا ئوغۇزخان قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلغاندا، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بۇز ئوقلار، سول تەرىپىدە ئۈچ ئوقلار ئولتۇرغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

رەشىدىددىنىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ 24 ئۇرۇقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى تۆۋەندىكىچە كۆرىمىز:

بۇز ئوقلار:

1. كۆكخاننىڭ ئوغۇللىرى: 1) قاي (مەھكەم)، 2) بايات (دۆلەتلىك)، 3) ئالقا ئىۋلى (ھەممە يەردە غەلىبە قىلىدۇ)، 4) قارا ئىۋلى (قورۇقلۇقتا راۋان ماڭىدۇ).

2. ئايخاننىڭ ئوغۇللىرى: 1) يازىر (كۆپ جايلارغا ھۆكۈمران بولىدۇ)، 2) دوكىر (ياشاش ئۈچۈن بىر يەرگە توپلىنىدۇ)، 3) دو - دورغا (يۇرت ئالىدۇ ۋە تەرتىپكە سالىدۇ)، 4) ياپارلو (بۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ياغما ئىدى، ئۇنى جازالاش ئۈچۈن، شامالنى توسا، دېدى).

3. يۇلتۇزخاننىڭ ئوغۇللىرى: 1) ئاۋشار (ئىشقا چاققان، ئوۋچى)، 2) قىزىق (كۈچلۈك، ئۇرۇشقا ماھىر)، 3) بىگدىلى (ئۇلۇغلارغا ئوخشاش ئەزىز)، 4) قارقىن (ئاشلىقى كۆپ ۋە خەلقنى تويغۇزغۇچى).

ئۈچ ئوقلار:

1. كۆكخاننىڭ ئوغۇللىرى: 1) بايىندىر (دائىم باياشات ياشايدۇ)، 2) بىچىنە (ياخشى، غەيرەتلىك)، 3) چاۋۇلدۇر (كىشىلەرگە ياردەم بېرىدىغان، جەڭگىۋار)، 4) جېپنى (دۈشمەن بولسىلا ئۇرۇشىدىغان).

2. تاغخاننىڭ ئوغۇللىرى: 1) سالور (قىلىچ، چوماق بىلەن ئۇرۇشىدىغانلار)، 2) ئەيمۇر (ئەسكىرى كۆپ، باي)، 3) ئالا يونتلى (چارۋا - ماللىرى كۆپ)، 4) يورىگىر (ھەمىشە ياخشى ئىش قىلغۇچى).

3. دېڭىزخاننىڭ ئوغۇللىرى: 1) يىكدىر (ياخشى ۋە چوڭ)، 2) بوگدوز (ھەممە كىشىگە يارىغۇدەك خىزمەت قىلغۇچى)، 3) ئىۋا (ئارغىماق مىنىدىغان، ھۈنەرگە ماھىر)، 4) قىنىق (ھەممە يەردە ئەزىز) جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدىن

«تارىخنامە» بىلەن «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى»دىكى «ھونلار ھەققىدە قىسسە» بابلىرىدا ئوغۇزلار («تارىخنامە»دە، خۇجې (乌揭) «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى»دا ۋۇجيې (乌纥) دەپ يېزىلغان) تىلغا ئېلىنىدۇ. پروفېسسور ماچاڭشۇ بىلەن سېن جۇڭمىيەن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مانا شۇ ئوغۇزلار مىلادىدىن بۇرۇن تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدا (ھازىرقى جۇڭغار دالىسىدا) ياشىغان. دېمەك، جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوغۇزلار، شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ (بايقال، تاشقى موڭغۇلىيىدە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ) بىر تارمىقى ئىدى.

پروفېسسور ماچاڭشۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئوخۇ (乌护) (ياكى ئوخې 乌纥) ئەسلىدە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا ياشىغان ئوغۇزلارنىڭ ئۆزى، ئۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇجى دەپ ئاتالغان بولسا، سۇي سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (907 ـ 618 ـ يىللار) ئوخۇ ياكى ئوخې دەپ ئاتالغان».

«سۇي سۇلالىسى يىلنامىسى، تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بابىدا: 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقتە قىدىرقان تاغلىرى (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى ـ ئا) بايقال كۆلى، سېلىنگا، ئورخۇن، توغلا دەريالىرىنىڭ بويلىرىدىن تارتىپ غەربتە دنېپىر دەرياسى بىلەن قارا دېڭىزنىڭ شىمالىغىچە بولغان چەكسىز زېمىندا ياشاپ تۇرغان قىرىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نامى، جايلاشقان ئورۇنلىرى ھەققىدە ئېنىق، ئەتىراپلىق مەلۇمات بېرىلگەن. شۇنىڭدا: «... قۇمۇلنىڭ غەربىدىن تارتىپ، قارا شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئاق تاغ (تەڭرى تېغى ـ ئا) ئەتراپلىرىدا... ئوغۇزلار ياشايدۇ» دېيىلگەن.

8 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر ـ ئورخۇن خاقانى قۇتلۇق بىلگە خاقان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بايانچۇرنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشنىڭ شىمالى يۈزىدىكى 3 ـ قۇردا، بىلگە خاقاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. يەنە شۇ مەڭگۈتاشنىڭ يۈزىدىكى 5 ـ قۇردا «مەن ئۆز خەلقىم توققۇز ئوغۇزلارنى توپلىدىم» دېيىلگەن.

جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى (618 ـ 907 ـ يىللار) نىڭ يىلنامىسى «يېڭى تاڭ يىلنامىسى، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بىلەن «تاڭ يارلىقلىرى توپلىمى» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ـ ئورخۇن خاقانلىقىدىكى (مىلادىنىڭ 646 ـ يىلىدىن 845 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز نامى بىلەن ئاتالغان قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى تۆۋەندىكىچە:

### ئون ئۇيغۇر

| | |
|---|---|
| 1. ياغلا قار (خاقان چىقىدىغان قەبىلە) | 药罗葛 |
| 2. تورلام ۋىيىور | 咄罗勿 |
| 3. بوقاسىقىر | 貊歌息讫 |
| 4. قۇتۇرغۇر | 胡咄葛 |

(ياۋروپا ھونلىرىنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ نامىمۇ شۇنداق ئىدى)

| | |
|---|---|
| 5. ئاۋچاغ | 阿勿嘀 |
| 6. ھازار | 葛萨 |
| 7. خوغۇرسۇ | 斛唱素 |
| 8. ياغما(؟) | 药勿葛 |
| 9. ئاياۋىر | 奚耶勿 |
| 10. ئادىز | 阿跌 |

### توققۇز ئوغۇز

| | |
|---|---|
| 1. ئۇيغۇر | 回纥 |
| 2. خۇن | 浑 |
| 3. تۇڭرا | 同罗 |
| 4. بوگۇ (ئىسىل قەبىلە) | 仆固 |
| 5. بايىرغو | 拔野古 |
| 6. ئىسكە | 思结 |
| 7. جىيبىنى | 契苾 |
| 8. قارلۇق | 葛逻禄 |
| 9. باسمىل | 拔悉蜜 |

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن بىر قاتار پاكىتلارغا قارىغاندا قانداق بولمىسۇن

ئوغۇزخان دېگەن شەخسنىڭ مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا تارىختا ئۆتكەنلىكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆز ئادىتى بويىچە (مەھمۇد قەشقىرى ئېيتقاندەك) ئۆز قەبىلە ئۇرۇقلىرىغا قەدىمكى مەشھۇر بابىلىرىنىڭ نامىنى قويىدىغانلىقىغا گۇمان قىلمىسىمۇ بولىدۇ.

ئاندىن قالسا قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر شەخسلەردىن كىمنى ئوغۇزخان دەپ ئېيتىش مۇمكىن؟

مېنىڭچە، ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلار بويىچە قۇدرەتلىك ھون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ (مىلادىدىن 240 يىل بۇرۇن قۇرۇلۇپ مىلادىنىڭ 216 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) تەڭرىقۇتلىرىدىن باتۇر تەڭرىقۇتنى (مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 174 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) ئوغۇزخاننىڭ ئۆزى دېيىشكە بولىدۇ.

مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ھازىرقى شەرقىي شىمال (قارا مورەن ۋە لياۋخې ۋادىلىرىدا موڭغۇل ۋە مانجۇ خەلقلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى بولغان توڭگۇسلار (东胡) نىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى بار ئىدى. شۇ مەزگىلدە بايقال كۆلىنىڭ غەربىي ۋە سىبىرىيىدە ۋادىسىدا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ (جۇڭگو تارىخچىلىرى «تۇرا» (丁零 、铁勒) دەپ يېزىشقان ـ ئا) قەبىلە ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان دۆلىتى بار ئىدى. چوغاي تاغلىرىنىڭ (ھازىرقى داچىڭشەن تاغلىرىنىڭ ـ ئا) شىمالى ۋە جەنۇبىدا (ھازىرقى ئوردوس ياپلىقىدا) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان ھونلارنىڭ دۆلىتى بار ئىدى.

ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە : «ھون» سۆزى «كۈن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان. قەدىمكى زاماندا پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، «كۈن تەڭرىسى»گە ئېتىقاد قىلىش ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان. شۇنىڭغا بىنائەن «ھونلار» ئۆزلىرىنى «كۈنلەر» دەپ ئاتاشقان. مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن ھون تەڭرىقۇتلىرى جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىغا يازغان مەكتۇبىدا: «كۆك تەڭرىسى بىلەن يەر تەڭرىسى تەرىپىدىن ھايات بېرىلگەن، كۈن تەڭرىسى بىلەن ئاي تەڭرىسى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتى، خەن پادىشاھىنىڭ سالامەتلىكىنى كامال ئېھتىرام بىلەن سورايدۇ...» دېيىلگەن. مانا شۇ پاكىتقا قارىغاندا، ھونلار «كۈن تەڭرىسى»گە ئالاھىدە چوقۇنغان. دېمەك «كۈن» سۆزىنىڭ «ھون» سۆزىگە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنسەك بولىدۇ.

ھونلار مىلادىدىن 240 يىل بۇرۇن ناھايىتى قۇدرەتلىك ھون تەڭرىقۇتلۇقىغا ئاساس سالغان بولسا، تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ (مىلادىدىن 240 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) ئوغلى باتۇر تەڭرىقۇت (تەڭرىقۇت خۇدانىڭ ئوغلى، خۇدا بەرگەن بەخت دېگەن مەنىدە)نىڭ زامانىسىدا (مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 174 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) ھون تەڭرىقۇتلۇقى ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر دۆلەتكە ئايلانغان ئىدى. شۇ مەزگىلدە ھونلار ئاسىيانىڭ دۆلەت سەھنىسىدە شىردەك ھۆكۈرەپ تۇراتتى.

جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدە (‹تارىخنامە› ۋە ‹خەننامىسى›دە) مودۇن دەپ يېزىلغان (‹باتۇر› سۆزى ‹مودۇن› دەپ يېزىلغان) ياۋروپا تارىخچىلىرى «مودۇن» سۆزىنى خاتا تەلەپپۇز قىلىپ، «مىتە» دەپ تىلغا ئالغان. ھون تەڭرىقۇتى ـ باتۇر تەڭرىقۇت، تۇمەن تەڭرىقۇتنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. تۇمەن تەڭرىقۇت دەسلەپ باتۇرنى ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىپ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، كېيىن كىچىك بىكەسى (خانىشى، ئالچىسى ـ ئا) دىن تۇغۇلغان كىچىك ئوغلىنى ۋارىس قىلىش نىيىتىگە كەلگەن. شۇڭا تۇمەن تەڭرىقۇت قەدىمكى زامان دىپلوماتىيىسىنىڭ قائىدىسىگە بىنائەن، باتۇرنى مىلادىدىن 220 يىل بۇرۇن كەڭسۇدا ياشايدىغان ئۇلۇغ ياۋچىلار خانلىقىغا گۆرۈگە ئەۋەتىپ بەرگەن. بۇ ئىشقا باتۇر قاتتىق نارازى بولغان.

تارىخىي پاكىتلار بويىچە ھۆكۈم قىلغاندا، گۆرۈگە ئەۋەتىلگەن خانزادىلەرنىڭ ھاياتى پاجىئەلىك تەقدىرگە ئۇچرايتتى. ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىلەرنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا كاپالەت قىلىش ئۈچۈن دۆلەتلەر ئۆزئارا خانزادىلەرنى بىر ـ بىرىگە گۆرۈگە ئەۋەتەتتى. تولا چاغلاردا ئىككى دۆلەت ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىلەر بۇزۇلاتتى. شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە گۆرۈگە ئەۋەتىلگەن خانزادىلەر ئۆلتۈرۈلەتتى. باتۇر ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك ئەھۋالنىڭ تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ھونلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار مۇناسىۋىتىدىكى ئەھۋالنىڭ يۈزلىنىشىنى تىڭ ـ تىڭلاپ، ئەھدىنامىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇرۇش بولۇشقا يېقىنلاشقان ھامان ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن قېچىپ كېتىشكە تەييارلىنىپ تۇرغان.

تارىخچى سىماچيەننىڭ مەلۇمات بېرىشىچە: خۇددى باتۇر مۆلچەرلىگەندەك، ھونلار بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامە بۇزۇلىدۇ. تۇمەن

تەڭرىقۇت ئۇلۇغ ياۋچىلارنى تارمار كەلتۈرۈش ئۈچۈن قوشۇن ماڭدۇرىدۇ. باتۇر، هون قوشۇنلىرى بېسىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ خانى مىنىدىغان تۇلپار ئاتنى مىنىپ ئۇلۇغ ياۋچىلاردىن قاچىدۇ. ئۇ، ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ كەڭسۇ (هازىرقى گەنسۇ)دىكى پايتەختى ساندىبىلدىن (هازىرقى جاڭيې ئەتراپىدا) چىقىپ، سۇسىز چۆل، خەتەرلىك داليدىن ئۆتۈپ، ساق ـ سالامەت هونلارنىڭ پايتەختىگە (هازىرقى كۆكخوتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان تەڭرى بالىققا) يېتىپ كېلىدۇ.

تۇمەن تەڭرىقۇت ئوغلىنىڭ ئاجايىپ هوشيار، باتۇر، قەتئىيلىكىگە هەيران قېلىپ، هون ئاتلىقلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا بۇيرۇيدۇ. باتۇر ئۆزى يېتىشتۈرگەن بىر قىسىم ئاتلىق قوشۇنغا تايىنىپ، ئەپلىك بىر پەيتتە (ئېھتىمال ئوۋغا چىققان پەيت بولسا كېرەك) ئاتىسىنى، ئۆگەي ئانىسىنى، ئۆگەي ئۇكىسىنى، ئۆزىگە ياقمايدىغان هون بەگلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. باتۇر مىلادىدىن 209 يىل بۇرۇن تەڭرىقۇت بولىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇت 10 يىل ئىچىدە (مىلادىدىن بۇرۇن 209 ـ 200 توڭگۇسلارنى، كەڭسۇدىكى هازىرقى «گەنسۇ» ئاتالغۇسى «كەڭسۇ» ئاتالغۇسىدىن كېلىپ چىققان) ئۇلۇغ ياۋچىلارنى، بايقال كۆلىنىڭ غەربى، سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئاياق ئېقىنىدا ياشايدىغان شەرقىي ئۇيغۇرلارنى، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدا ياشايدىغان قىرغىزلارنى ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنى بويسۇندۇرىدۇ. شۇ مەزگىلنىڭ ئاخىرىدا (مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن) خەن سۇلالىسىنىڭ (مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 220 يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) تۇنجى پادىشاهى خەن گاۋزۇ (ليۇباڭ) باشچىلىقىدىكى بىرنەچچە يۈزمىڭ قوشۇننى داتۇڭ شەهىرىنىڭ (ئىچكى موڭغۇلىيىدە) شەرقىدىن 17 يول يىراقلىقتىكى جايدا قورشىۋالىدۇ. قورشاۋ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلىدۇ. هونلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ كېتىشكە تاس ـ تاماس قالغان خەن گاۋزۇ، ۋەزىرى چېڭ پىڭنىڭ مەسلىھەتى بويىچە باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئالچىسىغا (قەدىناس بىكەسىگە) مەخپىي هالدا نۇرغۇن ئالتۇننى پارا بېرىپ، هون بىكەسىنىڭ ياردىمى بىلەن قورشاۋدىن ئوغرىلىقچە چىقىپ، قېچىپ كېتىدۇ. خەن گاۋزۇ چاڭئەنگە يېتىپ كېلىپلا دەرهال باتۇر تەڭرىقۇتقا ئەلچى ئەۋەتىپ، هونلار تەرىپىدىن قويۇلغان ئېغىر شەرتلەرگە ماقۇل بولۇپ ئەهدىنامە تۈزىدۇ. ئەهدىنامىگە بىنائەن خەن پادىشاهى ماۋچۇن ئاتلىق خەنزۇ مەلىكىسىنى باتۇر تەڭرىقۇتقا ياتلىق قىلىدۇ. بۇندىن تاشقىرى خەن سۇلالىسى هونلارغا هەر يىلى بەلگىلەنگەن مىقداردا ئالتۇن، تاۋار ـ دۇردۇن، ئاشلىق، ئېچىتقۇ (هاراق

ئىچىتقۇسى) قاتارلىق نەرسىلەر ئارقىلىق ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولىدۇ.

باتۇر تەڭرىقۇت يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان غەلىبىلىك يۈرۈشلىرىدىن كېيىن قۇدرەتلىك هونلار دۆلىتىنى هەر جەھەتتىن مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش ئىشلىرىغا بەل باغلىدى. باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن 177 يىل بۇرۇن پۇختا تەييارلىقتىن كېيىن غەربكە يۈرۈش باشلىدى. ئۇ، يۈرۈشلىرىدە يەتتە سۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇپ، كاسپىي دېڭىزنىڭ بويلىرىغىچە باردى.

باتۇر تەڭرىقۇت غەربكە قىلغان غەلىبىلىك هەربىي يۈرۈشىدىن قايتىپ كېلىپ، مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋىندى (مىلادىدىن 176 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 157 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە پادىشاھ بولغان)غا يازغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن:

«لولان (پىچان خانلىقى - ئا) ئۇيسۇن خانلىقى، ئوغۇزلار (بۇ شۇ چاغدا، چۆچەك ۋە زايسان ئەتراپىدا ياشايتتى - ئا)نى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 دۆلەتنى هۆكۈمرانلىقىم ئاستىغا ئالدىم. ئۇلارنىڭ هەممىسى هونلار دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە كىردى. ئوقىيا كۆتۈرگەن خەلقلەرنىڭ هەممىسى بىر ئائىلە بولۇپ بىرلەشتى»[1]. مانا شۇ چاغدا ئۇلۇغ هون دۆلىتى ناهايىتى قۇدرەتلىك بىر باسقۇچقا يەتكەن تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقى ئۇلۇغ ئوكيان قىرغاقلىرىغا، غەربى كاسپىي دېڭىزنىڭ بويلىرىغىچە بارغان ئىدى. دېمەك، تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشهۇر شەخسلەرنىڭ بىرى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تارىخ سەهنىسىدە ئوينىغان ئۇلۇغ رولىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى ئوغۇزخاننىڭ پائالىيەت دائىرىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

بەزى تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ چىرايى ئاق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئوغۇزخان دەپ ئاتىغان دېيىشىدۇ. جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدە هونلارنىڭ بوي تۇرقى ھەققىدە ئاز - تولا مەلۇمات بېرىلگەن بولسىمۇ،(«خەننامە، جىڭمىدى ھەققىدە قىسسە») چىرايىنىڭ قانداقلىقى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات بېرىلمىگەن. لېكىن «كونا تاڭ يىلنامىسى، قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە» دە يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدا ياشىغان قىرغىزلارنى: «يېزىق، تىل جەھەتتىن ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش، ئۇلارنىڭ چاچلىرى قىزىل، كۆزلىرى كۆك، چىرايى ئاق» دەپ خاتىرىلەنگەن.

(1) «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى، هونلار ھەققىدە قىسسە»گە قارالسۇن - ئا.

8 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شائىر لى رۇەن: ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئوينىغان ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللىرىنى ئەسلىتىپ يازغان شېئىرلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ چىراي ـ ئۆڭلىرىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

لياڭجۇنىڭ ئۇيغۇرلىرى قايناپ ئۇسسۇل ئوينىغان،
بۇرنى ئىلمەك، ئەتلىرى ئاپئاق قاش تېشى سىمان.

يۇقىرىدا كەلتۈرگەن ئىككى مىسالدىن، هونلار بىلەن قانداشلىقى بولغان قىرغىز، ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايىنىڭ ئاقلىقى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، قەدىمكى هونلارنىڭمۇ چىرايى ئاق بولغان. بۇنىڭغا يەنە بىر مىسال كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ: مىلادىنىڭ 5 ـ ئەسىرىنىڭ بېشىدا (420 ـ يىلى) ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن كەلگەن هونلار (ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ بىر قىسمىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) باكتىرىيىنى بېسىۋالغان. هىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا هۇجۇم قىلىپ، كۇشانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتقان. 6 ـ ئەسىردە ياشىغان روما تارىخچىسى فىروكوفىس ئەنە شۇ هونلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ ئاق سۈزۈكلۈكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇلارنى ئاق هونلار دەپ يازغان. مانا شۇ ئاق هونلار تارىختا ئېپتالىتلار دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇرغان. مانا شۇ پاكىتلارغا قارىغاندا باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ چىرايىنىڭ ئاق بولغانلىقىدىن، ئۇنى ئوغۇزخان دەپ ئاتىغانلىقى ئېهتىمالغا ناهايىتى يېقىن.

ئوغۇزخان توقۇلغان ئوبراز دېگەن مەسىلە ھەققىدە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تارىخىي پاكىتلار بويىچە هۆكۈم قىلغاندا، ئوغۇزخان دېگەن شەخس ئۆتكەن. ئۇ توقۇلغان ئوبراز ئەمەس.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزى تارىخچىلار چىڭگىزخاننى، يەنە بەزى تارىخچىلار ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەرنى ئوغۇزخانغا تاقاسلايدۇ. چۈنكى نۇرغۇن تۈرك قەبىلىلىرىگە ئات قويغان ئوغۇزخان ئىكەنلىكى «ئوغۇزنامە» داستانىدا بايان قىلىنغان. شۇڭا ئوغۇزخان تەرىپىدىن «ئۇيغۇر»، «قارلۇق»، «قىپچاق»، «قالاچ» دەپ قويۇلغان ناملارنىڭ بەزىسى مىلادىدىن بۇرۇن، بەزىسى مىلادىنىڭ 7 ـ ئەسىردە تىلغا ئېلىنىدۇ. چىڭگىزخان 13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شەخسقۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئوغۇزنامە» داستانىدا تۈرك خەلقلىرىنىڭ تۈتىم ئېتىقادلىرى، ئۆرپ ـ

ئادەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان. چىڭگىزخان زامانىسىدىكى موڭغۇللار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىسىمۇ، ئۇلار بۆرىنى توتېم قىلغان ئەمەس.

ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەرنى ئوغۇزخانغا ئوخشىتىش ناھايىتى كۈلكىلىك، ئەخمىقانە بىر ئىش.

ھازىر دۇنيادىكى كۆپلىگەن تارىخچىلار باتۇر تەڭرىقۇتنى ئوغۇزخاننىڭ ئۆزى دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

## ئوغۇزخاننىڭ يۈرۈشلىرىگە يول باشلىغان بۆرە

«ئوغۇزنامە» داستانىدىكى كۆك يايلىلىق بۆرىنىڭ ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە يول باشلىشى قەدىمكى چاغلاردا ئۇيغۇر، تۈركلەرنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى، ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»دە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئاجايىپ بىر ئەپسانە خاتىرىلەنگەن: «ئېگىز ھارۋىلىقلار قەدىمكى قىزىل تۇرالارنىڭ نەسلىدىن ئىدى...» ھون تەڭرىقۇتىنىڭ بىكەسى (خانىشى ـ ئا) ئىككى قىز تۇغقان، بۇ قىزلار ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. ھونلار ئېلىدىكى كىشىلەر ئۇ قىزلارنى پەرىزات دېيىشىدىكەن. ھون تەڭرىقۇتى: «قىزلىرىم قانداق كىشىلەر بىلەن جۈر بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇلار تەڭرى بىلەن جورلاشسا بولىدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ھون تەڭرىقۇتى ھونلار ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم قەدىمى يەتمىگەن جايغا تاملىرى ئېگىز بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ. قىزلارنى قورغانغا جايلاشتۇرۇپ، «قىزلارنى تەڭرىنىڭ ئۆزى كېلىپ قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپتۇ. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قىزلارنىڭ ئانىسى ئۇلارنى سېغىنىپ كەتكەنلىكىدىن قىزلىرىنى كۆرمەكچى بوپتۇ. تەڭرىقۇت: «بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن» دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتكەندە، بىر قېرى ئەركەك بۆرە پەيدا بولۇپ، قورغاننى ياقىلاپ ھۇۋلايدىغان بوپتۇ، بۆرە قورغان تېمىنىڭ تۈۋىنى كولاپ ئۇۋا ياساپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ، بۆرە كەتمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى ئاچىسىغا: «دادام بىزنى مۇشۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپ قويغاندا، تەڭرى بىلەن جۈر بولۇشىمىزنى ئارزۇ قىلغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۆرە پەيدا بولدى. ئۇ بىر ئىلاھىي مەخلۇق ياكى بۆرە قىياپىتىدە كەلگەن تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر» دەيدۇ ۋە قورغاندىن چىقىپ بۆرىگە جۈر بولماقچى بولىدۇ. سىڭلىسىدىن

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئاچىسى قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ: «بۇ هايۋان تۇرسا ئۇنىڭغا جور بولىمەن دېيىش ئاتا - ئانىمىزغا قىلىنغان هاقارەت!» دەيدۇ. سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي بۆرىنى شۇ قىياپەتتە كەلگەن تەڭرى دەپ تونۇپ، قورغاندىن چىقىدۇ. بۆرىگە جور بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بالا تۇغىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادى كۆپىيىپ، بىر دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ».

بۇ ئەپسانىدە تىلغا ئېلىنغان ئېگىز هارۋىلىقلار شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئۇلار ئېگىز چاقلىق هارۋىلاردا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن 6 - ئەسىردىكى تارىخچىلار ئۇيغۇرلارنى ئېگىز هارۋىلىقلار دەپ يېزىشقان.

ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىكى باشلانغۇچ دىنىي ئېتىقادلىرىنىڭ بىرى بولغان تۆتىم، باشلانغۇچ ئۆملۈك (كوممۇنا) دەۋردە ياشىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىدە بولغان، لېكىن دۇنيادىكى جايلارنىڭ يەر شارائىتى، (چۆللۈك، تاغلىق، ئورمانلىق، تۇرلەڭلىك) ھەرخىل بولغانلىقتىن، ھەرخىل تارىخىي، تەبىئىي ھادىسىلەرنىڭ تەسىر قىلىشىدىن، ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئېتىقاد قىلغان تۆتىملىرىمۇ ھەرخىل بولغان. مەسىلەن، ھىندىلارنىڭ كالا، پارسلارنىڭ شىر، خەنزۇلارنىڭ ئەجدىھا بولغىنىغا ئوخشاش.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەپسانىنىڭ يەنە باشقىچىرەك بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ ئىككى قىزنىڭ بۆرىگە جور بولغانلىقى، بىرىدىن ئون ئۇيغۇر، يەنە بىرىدىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تۆرەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئەپسانە بىر تەرەپتىن هونلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قان - قېرىنداشلىقىنى ئىلاهىيلاشقان بىر ۋەقە بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر، تۈركلەرنىڭ بۆرىنى تۆتەم قىلىپ، كۆكتۈرك خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 551 - يىلىدىن 744 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر - ئورخۇن خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 647 - يىلىدىن 845 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) دەۋردە شۇ خاقانلىقلارنىڭ ئالتۇن ھەل بىلەن، بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن، كۆك شايى بايراقنى دۆلەت بايرىقى قىلىشى، ئوردىنى قوغدايدىغان قاراۋۇللارنى «بۆرە» دەپ ئاتىشى، بۇ تەسادىپىي ئەھۋال ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى بەزىبىر ناملار

ئوغۇزخان ئىدىل (ھازىرقى ۋولگا دەرياسى)دا ئۇرۇمخاننى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇس بەگنىڭ ئوغلىغا «ساقلاپ» دەپ نام بەرگەن. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، رۇسلارنىڭ ئەجدادى بولغان سىلاۋيانلارنىڭ نامى «ساقلاپ» دېگەن

نامدىن كېلىپ چىققانمىش. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزگەن خەرىتىسىدە: يۇملاق دائىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان قەبىلىلەر تىزىمىنى بەرگەندە، رۇس ساقلابە («رۇس سەقالىبە») دېگەن بىر قەبىلىنىمۇ يازىدۇ.

ئوغۇزخان ئىدىل دەرياسىدىن ئۆتۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەن ئۇلۇغ ئورو دېگەن بىر بەگكە «قىپچاق» دەپ ئات قويغان. قىپچاق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى.

«شەجەرەئىي تۈرك»تە، «قىپچاق» ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇزخان سىر دەريا بويىدا بولغان بىر جەڭدىن قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ باتۇر بەگلىرىدىن بىرىنىڭ ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغان خوتۇنىنىڭ ئىزسىز يوقالغانلىقىنى بىلىدۇ. ئوغۇزخان يوقالغان خوتۇنىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن جەڭ بولغان جايغا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئوغۇزخان ئەۋەتكەن ئادەملەر سىر دەريا (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر دەريا ـ ئا)نىڭ بويىدىكى قېلىن ئورمانلىقتىن يوقالغان خوتۇنىنى تاپىدۇ. ئېغىر ئاياغ خوتۇن ئىچى كاۋاك بىر چوڭ دەرەخنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئوغۇل تۇغقان. خوتۇننى شۇنداق ئەھۋالدا تاپقان ئادەملەر ئۇنى بوۋاق ئوغلى بىلەن بىللە ئوغۇزخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئوغۇزخان يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئوغلىغا «قىپچاق» دەپ ئات قويغان. «قىپچاق» سۆزى «قىسىلچاق» مەنىسىنى بېرىدىغان سۆز بولۇپ، ئىچى كاۋاك دەرەخنىڭ قىسىلچىقىدا تۇغۇلغان ئوغۇلغا شۇنداق ئات قويۇلغان.

قىپچاق چوڭ بولۇپ، دادىسى خانلىق قىلغان چوڭ قەبىلىگە بەگ بولغان. مانا شۇ قەبىلە ئۆزىنى، ئۆز خانىنىڭ نامى بىلەن قىپچاق دەپ ئاتىغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «قىپچاق» ئاتالغۇسىنىڭ ئىچى كاۋاك مەنىسى ھەققىدە سۆز يوق، لېكىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قىپچاقلارنىڭ يۇرتىدا ياشايدىغان بىر ھايۋان توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. شۇ مەلۇماتقا قارىغاندا، قىپچاقلارنىڭ يۇرتىدا گەۋدىسى چوڭ «بۇلان» دېگەن ھايۋان ياشايدىكەن. بۇ ھايۋاننىڭ ئۈچى ئاسمانغا قارايدىغان، ئىچى كاۋاك بىر مۈڭگۈزى بار ئىكەن، قار، يامغۇر سۇلىرى ئۇنىڭغا يىغىلىپ قالىدىكەن. بۇلانلار، بىر ـ بىرىنىڭ مۈڭگۈزىدىن سۇ ئىچىدىكەن. قىپچاق سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى قىياسلار شۇ ھادىسە بىلەن باغلىق بولسا كېرەك[1].

(1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۆزبېكچە 496 ـ بەت ـ ئا.

قىپچاق سۆزىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار شۇنىڭدىن ئىبارەت. بۇ مەلۇماتلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزلىنىش كېرەك.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخان قارلۇق دېگەن نامنى ئۆزىنىڭ بوز ئايغىرىنى قارلىق تاغ ئىچىدىن تېپىپ كەلگەن باتۇر بىر بەگكە قويغانلىقى، ئۇنى شۇ يەرگە بەگ قىلغانلىقى ئېيتىلغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا قارلۇق خان بولغان قەبىلە ئۆزلىرىنى قارلۇقلار دەپ ئاتىغانلىقى ئېنىق.

«يېڭى تاڭ يىلنامىسى، قارلۇقلار ھەققىدە قىسسە»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، قارلۇقلار ئەڭ بۇرۇنقى چاغدا ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدە (تارباغاتاي ئەتراپلىرىدا ـ ئا) ياشىغان. ئۇلار، سابەگ، بويلا، كاشالدىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلە ئىدى. قارلۇقلار 6 ـ ئەسىردىن باشلاپ كۆكتۈرك خاقانلىقىغا قارىغان. «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى مۇز تاغ، ئالتاي تاغلىرى بولسا كېرەك. مىلادىنىڭ 744 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ھاكىمىيەتنى كۆكتۈركلەردىن تارتىپ ئالغاندا قارلۇقلارمۇ كۆچ چىقارغان. ئۇلار شۇندىن باشلاپ شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ بىر تارمىقى بولغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قەبىلە ئىدى. قارلۇقلار 8 ـ ئەسىردە ئورخۇن بويلىرىدىن تارتىپ يەتتە سۇغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ياشىغان.

قارلۇقلارنىڭ خانلىرى مىلادىنىڭ 665 ـ يىلىدىن باشلاپ «يابغۇ» ئۇنۋانىدا ئاتىلىدىغان بولدى. قارلۇقلارخانى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ (551 ـ 744 ـ يىللار) ئوڭ قول يابغۇسى بولغان بولسا، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ (646 ـ 845 ـ يىللار) سول قول يابغۇسى ئىدى. قارلۇقلار مىلادىنىڭ 751 ـ يىلى قىرغىزىستاندىكى تالاس دەرياسىنىڭ بويىدا جۇڭگو قوشۇنلىرى بىلەن ئەرەب قوشۇنلىرى ئارىسىدا بولغان قانلىق جەڭدە ئەرەبلەرگە ياردەم بەرگەن. زىياد ئىبنى سالىھ قوماندانلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى، گاۋشەنزى قوماندانلىقىدىكى 60 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرگەن. گاۋشەنزى بىرنەچچە مىڭ كىشى بىلەن قېچىپ ئاران قۇتۇلغان. تالاس ئۇرۇشى جۇڭگونىڭ ئەرەبلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاش ئۈچۈن قىلغان نىيىتىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. لېكىن بۇ نىيەت قارلۇقلارنىڭ ئەرەبلەرگە ئاكتىپ ھالدا بەرگەن ياردىمى نەتىجىسىدە ئەمەلگە ئاشمىدى.

قارلۇقلار ئۇيغۇر ـ ئورخۇن خاقانلىقىدىكى ھۆكۈمران قەبىلە ياغلاقارلارنىڭ (بۇ، ئۇن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى) بەزىبىر يولسىزلىقلىرىدىن نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن، مىلادىنىڭ 766 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ بىر

تارمىقى بولغان توققۇز ئوغۇز تەركىبىدىن چىقىپ كەتكەن. شۇندىن باشلاپ قارلۇقلار ئارسلان ئىل تىرگۈگ ئاتلىق خاننىڭ يېتەكچىلىكىدە غەربىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ داۋامى بولغان تۈرگەشلەر خانلىقىنىڭ (700 ـ 766 ـ يىللار) خاقانى تەڭرى بولمىش خاقاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، قارلۇق يابغۇلىقى (766 ـ 850 ـ يىللار)نى قۇرغان. قارلۇقلارنىڭ پايتەختى قىرغىزىستاندىكى چۇ دەرياسىنىڭ بويىدىكى بالاساغۇن شەھىرى ئىدى. قارلۇقلار مىلادىنىڭ 820 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىغا قايتىدىن بويسۇنغان ئىدى. چۈنكى ئۇيغۇر خاقانلىرى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالىپ بىلگە خاقان (808 ـ 821 ـ يىللار)، تەڭرىقۇت بولمىش كۈچلۈك بىلگە خاقان (821 ـ 825 ـ يىللار) لارنىڭ زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمى، بالقاش كۆلىنىڭ بويلىرى ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قارىغان ئىدى.

840 ـ يىلى ئىچكى ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت، تاشقى ھۇجۇم سەۋەبىدىن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى غەربكە كۆچۈپ، ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ پايتەختىنى قارابالاساغۇندىن بەش بالىققا يۆتكەپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بەش بالىقنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (مىلادىنىڭ 850 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ داۋامى ئىدى. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى يەتتە سۇ تەرەپكە بېرىپ، ئۇيغۇر قەبىلىسى ياغمىلار (بۇ ئۇيغۇر قەبىلىرىنىڭ بىرى ئىدى)نىڭ باشچىلىقىدا قاراخانىيلار دۆلىتى (مىلادىنىڭ 850 يىلىدىن 1212 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نى قۇرغان ئىدى. قارلۇقلار قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەركىبىدە تۇردى.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخان ھارۋىنى ياسىغان كىشىگە «قانقىل» دېگەن نامنى قويغان. تۈرك خەلقلىرىنىڭ مەشھۇر قەبىلىرىدىن بىرى بولغان «قاڭقىل ـ قاڭلى» لەرنىڭ نامى ئوغۇزخان قويغان نامدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك.

«قاڭقىل ـ قاڭلى» قوسۇ مىلادىدىن بۇرۇنلا مەلۇم ئىدى. ئۇلار يەتتە سۇدا ياشايتتى. ئاكادېمىك رادلوۋ مىلادىدىن بۇرۇنقى قوسۇ (车师) بەگلىكىنى (جىمسار، تۇرپان بەگلىكلىرى) قاڭقىل دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇنى ئاز دېگەندەك يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ھەۋەس قىلغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ۋە تارىختىن ئانچە خەۋىرى بولمىغان بەزىبىر تەرجىمانلار: «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى»دە خاتىرىلەنگەن «چې شى» ئاتالغۇسىنى ھازىرقى زاماندىكى ئوقۇلۇشى

بويىچە چۈشىنىپ «قاڭقىل» (هارۋىنى ياسىغۇچى ئۇستا) دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە «- چى» خېتى قەدىمكى زاماندا «گۇ - » ئوقۇلىدىكەن. شۇڭا جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى، چې شى (车师) نى گۇشى (姑师) دەپمۇ يازغان. مىلادىدىن بۇرۇن قۇرۇلغان ئالدى قوسۇ بەگلىكى - 前车师口 (تۇرپان) ۋە ئارقا قوسۇ بەگلىكى - 后车师口 (جىمسار ئەتراپىدا) نى «قاڭقىل - قاڭلى» دېيىش پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى مىلادىدىن بۇرۇن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەگلىكلەرنى «گۇشى» ئاتالغۇسى ئۇيغۇرچە «قوسۇ» ئاتالغۇسىنىڭ خەنزۇچە تەلەپپۇز قىلىنىشى) ئۆز ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا يەتتە سۇدا ياشاپ تۇرغان قاڭلىلارنى «كانجۇ - 康居 » دەپ ئېنىق خاتىرىلىگەن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى تىلشۇناسلار تۇرپاندىكى «قانقا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەھەللىنىڭ شۇنامىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، مۇشۇ «قانقا» ئاتالغۇسى قەدىمكى چاغدىكى گۇشى بەگلىكىنىڭ قاڭقىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، دېگەن قاراشنىمۇ ئالغا سۈردى. مەن يېقىندا تۇرپانغا بېرىپ مۇشۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم. مەلۇم بولۇشىچە «قانقا» مەھەللىسىنىڭ نامى يېقىنقى زاماندىلا يۈز بەرگەن كىچىككىنە بىر ئېچىنىشلىق تارىخىي ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن «قان ئاققان» «قان ئاقار» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان ئىكەن.

### «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى بەزىبىر ئۆرپ - ئادەتلەر ھەققىدە

«ئوغۇزنامە» داستانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋەقەلەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. خۇسۇسەن داستاننىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى قىرىق غۇلاچ كېلىدىغان ئىككى موما ياغاچ تىكىلىپ، موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش توخۇلار قوندۇرۇلۇپ، موما ياغاچنىڭ تۈۋىگە ئاق ۋە قارا قويلارنىڭ باغلىنىشى، شۇ دەۋرگە باغلىق بولغان بىر خىل ئۆرپ - ئادەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋەقە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادلىرىدىن بىرى بولغان شامان دىنىدىكى بەزىبىر ئەقىدىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىخىي يىلنامىلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن سەككىز ئەسىر بۇرۇن، جۇڭگو تارىخچىلىرى شەرقىي ئۇيغۇرلارنى «ئاق تۇرا»، (白狄) «قىزىل تۇرا» (赤狄) دەپ ئاتىغان. شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلار شامان دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە تۆت تۈرلۈك رەڭ ئارقىلىق، شەرق،

غەرب، شىمال، جەنۇبتىن ئىبارەت تۆت تەرەپنى بەلگىلەيتتى. ياكى شامان ئەقىدىسى بويىچە تۆت تۈرلۈك رەڭ شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب تەرەپلەرنىڭ ئالامىتى ئىدى. مەسىلەن:

كۆك رەڭ ـ شەرق تەرەپنى، ئاق رەڭ ـ غەرب تەرەپنى، قارا رەڭ ـ شىمال تەرەپنى، قىزىل رەڭ ـ جەنۇب تەرەپنى كۆرسىتەتتى.

بۇ خىلدىكى باشلانغۇچ دىنىي ئېتىقاد كېيىنكى كېلىپ، ئادەملەرنىڭ مەلۇم رەڭگە بولغان ئامراقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ خىلدىكى ئامراقلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ چېدىرلىرى، بايراقلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، ئات جابدۇقلىرىنىڭ رەڭگىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

كۆكتۈرك خاقانلىقى بىلەن ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ زەر يۇگۈرتۈلگەن بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن دۆلەت بايراقلىرى كۆك شايىدىن ئىدى. قەدىمكى شەرقىي ئۇيغۇرلارمۇ كۆپىنچە ئاق ياكى قىزىل چاپان كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى.

شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۇلۇغ تارىخچى سىماچيەننىڭ «تارىخنامە، هونلار هەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا هون تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ تەڭرىقۇتى باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن گاۋزۇنى هازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيىدىكى داتۇڭ شەهىرىنىڭ شەرقىدە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز قورشاۋغا ئالغان. خەن گاۋزۇ باشلىق بىرنەچچە يۈز مىڭ قوشۇننىڭ شەرق تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، غەرب تەرىپىنى ئاق ئاتلىق، شىمال تەرىپىنى قارا ئاتلىق، جەنۇب تەرىپىنى قىزىل تورۇق ئاتلىقلاردىن ئىبارەت 400 مىڭ هون ئاتلىقلىرى قورشىۋالغان.

«ئوغۇزنامە» داستانىدىكى موما ياغاچ تۈۋىگە باغلانغان ئاق ۋە قارا قويلارمۇ شامان ئۆرپ ـ ئادىتىدىكى، غەربنىڭ (ئاق قوي) شىمالنىڭ (قارا قوي) ئالامىتىدىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك. موما ياغاچنىڭ بېشىغا قوندۇرۇلغان ئالتۇن توخۇنى جەنۇبنىڭ، كۈمۈش توخۇنى شەرقنىڭ ئالامىتى دېيىش مۇمكىن.

دېمەك، ئالتۇن ۋە كۈمۈش توخۇلار، ئاق ۋە قارا قويلار شامان دىنىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە: كۈمۈش توخۇ ـ شەرق، ئالتۇن توخۇ ـ جەنۇب، ئاق قوي غەرب، قارا قوي ـ شىمالنىڭ ئالامىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ تارىخىي ئېتنوگرافىك تىل تەرەپلىرىنى ئۆگەنگەندىن تاشقىرى ئۇنىڭدىكى ئەدەبىي ئىستىلنى ئىجادىي هالدا ئۆگىنىپ، هازىرقى زامان

ئەدەبىياتىمىزنى يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈشتە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىز لازىم. چۈنكى، «ئوغۇزنامە» داستانى ئۆزىگە خاس يىغىنچاق، ئۇقۇملۇق، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار بىلەن يېزىلغان.

## ئورخۇن يادىكارلىقى

### (كۆكتۈرك قىسمى)

ئورخۇن يادىكارلىقى ــ تۈرك تارىخى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىقى، شۇنىڭدەك، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىنىڭمۇ كۈمۈش بەتلىك، ئالتۇن ھەرپلىك يادىكارلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئورخۇن يادىكارلىقى توغرىسىدا بىرقەدەر ئېنىقراق مەلۇمات بېرىش ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇنداق مۇھىم ئىلمىي ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا مۇشۇ ماقالەمدە تارىخشۇناسلارنىڭ بۇ توغرىدا ياراتقان قىممەتلىك تۆھپىلىرىنىڭ مىڭدىن بىرىگە تەڭ كەلگۈدەك ئەجىر سىڭدۈرسەم، ئۆزەمنى بەختلىك ھېسابلايتتىم.

مىلادى 8 ــ ئەسىرنىڭ 30 ــ يىللىرىدا، كولتېكىن، بىلگە خاقان، تونيوقۇقلارنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشلار (ئورخۇن يادىكارلىقى) توغرىسىدا خېلى بۇرۇنلا مەلۇمات بېرىلىشكە باشلىغان. 13 ــ ئەسىردە ئۆتكەن ئىران تارىخچىسى جۇۋەينى موڭغۇللار تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «تارىخىي جاھان كۇشا» (دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ تارىخى) ناملىق ئەسىرىدە، ئورخۇن يادىكارلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن ئىدى. ئەينى چاغدا چىڭگىزخاننىڭ ئەقىللىق، بىلىملىك ۋەزىرى قىتان شاھزادىسى يىلوچۇسايىنىڭ ئوغلى يىلو شۇ كولتېكىن مازىرىنى كۆرگەنلىكى توغرىسىدا شېئىر يازغان ئىدى.

مىلادىنىڭ 1709 ــ يىلى 27 ــ ئىيۇلدا، جەنۇبىي ئوكرائىنىدىكى پولتاۋا شەھىرىنىڭ يېنىدا شۋېتسىيە بىلەن رۇسىيە ئارىسىدا ئۇرۇش بولغان. پولتاۋا ئۇرۇشىدا رۇسىيە ئىمپېراتورى پېتېر 1 شۋېتسىيە قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ شۋېتسىيە پادىشاھى كارل XII نىمۇ ئەسىر ئالغان ئىدى. ئەسىر چۈشكەنلەر قاتارىدا شۋېتسىيىلىك نېمىس ئوفىتسېرى جۇئان ۋون ستىراھلېنبېرگمۇ بار ئىدى. پېتېر 1 تەرىپىدىن سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىپ، 13 يىل سەرگەردان

بولۇپ يۈرگەن ستىراھلىنبىرگ 1722 ـ يىلى سىبىرىيەدىن شىۋېتسىيىگە قايتىپ كېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. ئۇ، يىراق يوللارنى بېسىپ شىۋېتسىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن «ئورخۇن يادىكارلىقى» توغرىسىدا كىتاب يازغان. ئۇنىڭ كىتابى ياۋروپادا ئاجايىپ چوڭ قىزىقىش پەيدا قىلغان. چۈنكى، كىتابتا دۇنياغا سىرلىق كۆرۈنگەن «ئورخۇن يادىكارلىقى»دىن پارچىلار بېرىلگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇس ساياھەتچىسى پاللاس، 1822 ـ يىلى پېتېربورگ (ھازىرقى لېنىنگراد)دا نەشىر قىلىنغان كىتابىدا، كۆكتۈرك يېزىقىدا يېزىلغان يىگىرمە ئىككى يادىكارلىقنىڭ نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان. پاللاستىن كېيىن ياۋروپادىكى نۇرغۇنلىغان ئالىملار، «ئورخۇن يادىكارلىقى» توغرىسىدا مۇھىم ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلغان بولسىمۇ، كۆكتۈرك يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلارنى ئوقۇپ چىقىشقا ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان، ئۇنىڭ قانداق يېزىق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمىگەن.

بىز «ئورخۇن يادىكارلىقى» دەپ ئاتىغان كۆكتۈرك يادىكارلىقلىرىدىن كولتېكىن مەڭگۈ تېشى 1889 ـ يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كوكشىن ئورخۇن دېگەن دەريا ۋادىسىدىكى خوشوت ـ سايدامدىن تېپىلغان بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى، كولتېكىن مەڭگۈ تېشى تېپىلغان جايدىن بىرلا ۋاقىتتا تېپىلغان. تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى بولسا مىلادىنىڭ 1897 ـ يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇلانباتۇر شەھىرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بايىن چوكتو دېگەن جايدىن تېپىلغان.

بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئىچىدە كولتېكىن بىلەن بىلگە خاقاننىڭ مەڭگۈ تېشىغا ئويۇپ يېزىلغان خەتلەر تولۇق دېگۈدەك ساقلانغان بولۇپ، بەزىبىر قۇرلىرى ئانچە ـ مۇنچە ئۆچۈپ كەتكەن. قەدىمكى كۆكتۈرك يېزىقىدا يېزىلغان كولتېكىن مەڭگۈ تېشىدىكى خاتىرىلەر چوڭ ـ كىچىك ئىككى پارچە مەرمەر تاشقا ئويۇلغان. چوڭ مەرمەر تاشنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر يەتمىش بەش سانتىمېتىر بولۇپ، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر 32 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە شەكلى كولتېكىن مەڭگۈ تېشى بىلەن ئوخشاش، مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى تۆت بۇرجەكلىك شەكىلدە بولۇپ، شىمال، جەنۇب، شەرق، غەربكە قاراشلىق تۆت يۈزى بار. كولتېكىن مەڭگۈ تېشىدىكى خاتىرىلەر 66 قۇر بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا چوڭ مەرمەر تاشنىڭ شىمالىي تەرىپىگە (ئارقا تەرەپكە) 13 قۇر خەنزۇچە خەت يېزىلغان. بۇ خەنزۇچە خەتلەر تاڭ سۇلالىسى

(618 ـ 907 ـ يىللار) پادىشاھى شۈەنزۇڭ (مىلادىنىڭ 712 ـ يىلىدىن 756 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان)نىڭ مىلادىنىڭ 731 ـ يىلى كولتېكىن ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يېزىپ بەرگەن تەزىيەنامە. بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشىدا قەدىمكى كۆكتۈرك يېزىقىدا يېزىلغان 80 قۇر خەت بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر بېتىدە خەنزۇچە خەتمۇ بار.

تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى يۇقىرىدىكى ئىككى مەڭگۈ تاشتىن كىچىك بولۇپ جەمئىي 62 قۇر خەت بار.

## ئورخۇن يادىكارلىقىنىڭ ئوقۇلۇشى

يۇقىرىدىكى ئۈچ مەڭگۈ تاشنىڭ ئەسلى تېكىستى ئۆز ئەينى بويىچە دۇنياغا ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ «ئورخۇن يادىكارلىقى»نى تەتقىق قىلىش ياۋروپادىكى مەشھۇر تۈركشۇناسلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قوزغىغان. كۆكتۈرك يېزىقى بىلەن يېزىلغان «ئورخۇن يادىكارلىقى»نى ئوقۇپ چىقىش، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىش ياۋروپادىكى تۈركشۇناس ئالىملارنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ قىيىن مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، گويا ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىرگىلى بولمايدىغان سىرلىق تىلسىمات بولۇپ تۇيۇلغان ئىدى. ئاخىرى بۇ مۇشكۈل سىرلىق تىلسىماتنىڭ ئىشىكىنى دانىيىلىك تومسون ئاچتى.

دانىيە پادىشاھلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەئىسى، كوفېنھاگېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋىلھېلىم لىيۇدۋىگ پىتېر تومسۇن (1842 ـ 1927 ـ يىللار) 1893 ـ يىلى كۆكتۈرك يېزىقىدىكى «ئورخۇن يادىكارلىقى»نى ئوقۇپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى تولۇق يەشتى. بۇ تۈركشۇناسلىقتا يۈز بەرگەن ئىنقىلاب ئىدى. شۇندىن كېيىن «ئورخۇن يادىكارلىقى»نىڭ تۈركچە ئەسلى نۇسخىسى نېمىس، فرانسۇز تىللىرىغا قىلىنغان تەرجىمىلىرى بىلەن بىرگە نەشر قىلىندى. نېمىسچە تەرجىمىسىنى ئۇلۇغ تۈركشۇناس رادلوۋ قىلدى.

تۈركشۇناسلىقتا ياراتقان ئۇلۇغ مۆجىزىلىك تۆھپىلەرنىڭ قەدرىگە يېتىپ ھۆرمەتلەشكە توغرا كەلسە، تۈركىي خەلقلەردىن بىرەرسى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار، يېقىندا تۇرغۇزۇلغۇسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مەرمەر ھەيكەللىرى قاتارىدا تومسوننىڭ ھەيكىلىنىمۇ تۇرغۇزسا، ئاجايىپ ئۇلۇغ ۋە ئەجدادلار روھى خۇش بولىدىغان، ئەۋلادلار مەڭگۈ رەھمەت ئوقۇيدىغان بىر شانلىق تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلىغان بولاتتى. تومسون گەرچە ئېرقىي جەھەتتىن نېمىس

بولۇپ، دانىيىللىك ئالىم بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، مەڭگۈ خاتىرىلەيدىغان ئۇلۇغ ئالىمى بولۇشقا مۇناسىپ.

## ئورخۇن يادىكارلىقنىڭ مەزمۇنى

يادىكارلىقنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى چوڭ تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كولتېكىن يادىكارلىقىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭغۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلغان، ئىنسان بالىلىرى ئۈستىدە ئاتا - بوۋام بومىن خاقان (تۇمەن خاقان كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، ئىستەمى خاقانلار ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ تۈرك خەلقىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا تۆت ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەن. بابىلىرىم قوشۇن تارتىپ تۆت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپتۇ. ئۇلارنى باش ئەگدۈرۈپتۇ، تىزلاندۇرۇپتۇ».

بۇ، ئۇلۇغ كۆكتۈرك خاقانلىقىنىڭ، تۇمەن خاقان ۋە ئىستەمى خاقانلارنىڭ ۋارىسلىرى موقان خاقان، تاۋار خاقان، ساۋارلوخاقان قاتارلىقلارنىڭ دەۋرىدە، ئەڭ قۇدرەتلىك بىر دۆلەت سۈپىتىدە ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنىڭ ناھايىتى يىغىنچاق بەدىئىي تەسۋىرى. شۇ مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 551 - يىلىدىن تارتىپ 600 - يىلىغىچە) ئۇلۇغ تۈرك خاقانلىقىنىڭ شەرقى ئۇلۇغ ئوكيان، غەربىي چېگراسى قارا دېڭىزنىڭ بويلىرىغىچە سوزۇلغان ئىدى.

كولتېكىن يادىكارلىقىدا ئۇلۇغ كۆكتۈرك خاقانلىقىنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر نەتىجىسىدە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى، ئاخىرىدا تۈركلەرنىڭ ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى چوڭقۇر قايغۇ - ئەلەم بىلەن بايان قىلىنغان:

«ئۇلار، ئەنە شۇنداق داڭلىق خاقانلاردىن بولغان ئىكەن، ئاندىن كېيىن ئىنىلىرى خاقان بوپتۇ، ئوغۇللىرىمۇ خاقان بوپتۇ. كېيىن ئىنىسى ئاكىسىنى دورىماپتۇ، ئوغلى ئاتىسىنى دورىماپتۇ، بىلىمسىز خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بۇيرۇقلىرىمۇ ئىھتىمال بىلىمسىزلەردىن، بوزۇقلاردىن بولسا كېرەك. بەگلىرىدە، خەلقىدە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆكتىسى بىلەن ئاكىسىنى ئۆچمەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلىتىدىن مەھرۇم

بولۇپتۇ. خاقان دەپ ئاتالغان خاقاندىن ئايرىلىپ قاپتۇ... تۈرك بەگلىرى تۈرك دېگەن نامدىن ۋاز كېچىپ، تابغاچپەرەس بەگلەر تابغاچ ناملىرىنى قوللىنىپ تابغاچ خاقانىغا بېقىنىپتۇ. ئۇلار ئۇچۇن (تابغاچ ئۇچۇن دېمەكچى) 50 يىل كۈچ چىقىرىپ ئىشلەپتۇ... تۈرك، ئوغۇز بەگلىرى، خەلقى ئاڭلاڭلار، ئۈستىمىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسە، ئاستىمىزدىكى يەر يېرىلىپ كەتمىسە، دۆلىتىڭلارنى ۋە قانۇن - تۈزۈمىڭلارنى كىم بىتچىت قىلالايدۇ؟ تۈرك خەلقى سىلەر ئۆكۈنۈڭلەر. سىلەر باش باشتاقلىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن ئۆزەڭلەرنى بېقىۋاتقان دانا خاقانىڭلار ۋە ئەركىن، ياخشى دۆلىتىڭلار ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭلەر، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردىڭلار، ئۇنداق بولمىسا، قوراللىقلار نەدىن كېلىپ سىلەرنى ھەيدىۋېتىدۇ؟ نەيزىلىكلەر نەدىن كېلىپ سىلەرنى سۈرۈپ - توقاي قىلىۋېتىدۇ؟ مۇقەددەس ئۆتۈكەن تېغىدىكى خەلقلەر كەتتىڭلار، شەرققە باردىغىنىڭلار شەرققە كەتتىڭلار، غەربكە باردىغىنىڭلار غەربكە كەتتىڭلار، سىلەرنىڭ بارغان يېرىڭلاردا كۆرگەن كۈنۈڭلەر مۇنداق بولدى: قېنىڭلار سۇدەك ئاقتى، سۆڭىكىڭلەر تاغدەك دۆۋىلەندى، بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل بولدى. پاك، خانىش بولىدىغان قىزلىرىڭلار دېدەك بولدى».

مىلادىنىڭ 600 - يىلىغا كەلگەندە بىر پۈتۈن كۆكتۈرك خاقانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي خاقانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، شەرقىي تۈرك خاقانلىقى مىلادىنىڭ 630 - يىلى تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندا، 100 مىڭ تۈرك ئەسىرگە چۈشكەن. شۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە، تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆز ئورنىدا قالغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتكەن. ئەسىرگە چۈشكەن تۈركلەر سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، ھازىرقى سەنشى، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مانا شۇ تۈركلەرنىڭ بەگلىرىدىن شەرقىي تۈرك خاقانى چولۇكخان (مىلادىنىڭ 619 - يىلىدىن 621 - يىلىغىچە خاقان بولغان)نىڭ كىچىك ئوغلى كورشاد مىلادىنىڭ 636 - يىلى شىئەندە ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۈرك خاقانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 39 سەپدىشى بىلەن جەڭدە قۇربان بولغان. ئاسىناتۇر ئۆز خەلقىدىن يۈز ئۆرۈپ، تاڭ سۇلالىسىگە 20 يىلچە خىزمەت قىلغان. تاڭ سۇلالىسى مىلادىنىڭ 630 - يىلى شەرقىي تۈرك ئاھالىسىدىن 100 مىڭ كىشىنى ئەسىر قىلىپ، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈپ كىرگەندىن باشلاپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى قوشنىلىرىغا ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلىرىغا قاتناشتۇرغان.

ئاسىناتۇرنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلىرىغا باش قوماندانلىق قىلغان چاغلىرىمۇ بولغان. چۈنكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ 640 ـ يىلىدىن تارتىپ غەربتىكى قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغان قوشۇنلىرىنىڭ تەركىبىدە تۈرك، ئۇيغۇرلاردىن تۈزۈلگەن قىسىملار ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.

مىلادىنىڭ 630 ـ يىلى جۇڭگونىڭ شىمالى تېررىتورىيىسىدىكى بەزى جايلارغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن تۈركلەر 679 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىسيان كۆتۈرۈپ تۈرك خاقانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەل باغلىغان. باشتا تۈركلەرنىڭ ئېسىل قەبىلىسى ھېسابلىنىدىغان ئاشىدىر ئائىلىسىدىن چىققان ئونبۇ، پانچى قاتارلىقلار ئىسيان كۆتۈرۈپ سەددىچىن سېپىلىدىن چىقىپ شىمالغا (تۈركلەر يۇرتىغا) قاراپ ماڭغان. ئىسيان كۆتۈرگەن تۈركلەر ئاشىنا ئۇرۇقىدىن (خاقان چىقىدىغان ئۇرۇق) بولغان ئاشىنانىش ئاتلىق بەگنى خاقان قىلىپ كۆتۈرگەن. بۇ چوڭ ۋەقە مىلادىنىڭ 679 ـ يىلى يۈز بەرگەندە، نۇرغۇنلىغان تۈرك بەگلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاشىنانىش خاقاننى قوللىدى. تاڭ سۇلالىسى شاۋسىيە، خۇاداجى، لى جىنجيا قاتارلىق قوماندانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نۇرغۇنلىغان قوشۇننى ئاشىنانىش خاقانغا قارشى ماڭدۇردى. ئاشىنانىش خاقان قوماندانلىقىدىكى تۈركلەر ھازىرقى چوغاي تاغلىرى (ئىچكى موڭغۇلىيىدە)نىڭ ئېتەكلىرىدە بولغان جەڭدە تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. تۈركلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. مەشھۇر قوماندان شاۋسىيە جەڭدە ئۆلدى. بۇ مەغلۇبىيەتتىن غەزەپلەنگەن پادىشاھ گاۋزۇڭ (مىلادىنىڭ 650 ـ يىلىدىن 683 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) ئۇرۇشتا مەغلۇب بولغان قوماندانلىرى خۇاداجى، لى جىنجيا قاتارلىقلارنى جازالاپ، ئەمەلىدىن ئېلىپ تاشلىدى. مىلادىنىڭ 680 ـ يىلى باھاردا فى شىڭجيەن قوماندانلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قارا تاغدا (ئىچكى موڭغۇلىيىدە) تۈركلەرنى تارمار كەلتۈردى. ئاشىدىر پانچى بەگ ئەسىر چۈشتى. ئاشىنانىش خاقاننى قول ئاستىدىكىلىرى ئۆلتۈردى. مەغلۇبىيەتتىن ھوشىنى يوقاتمىغان تۈركلەر ئاشىنائىنەن ئاتلىق بەگنى خاقان قىلىپ كۆتۈردى ۋە دەرھال قوشۇن توپلىدى. شۇنداق بولسىمۇ تۈركلەر يەنە مەغلۇب بولدى. خاقان ئاشىنائىنەن بىلەن ئاشىدىر ئونبو ئەسىرگە چۈشتى.

مىلادىنىڭ 682 ـ يىلى قىشتا ئاشىنا قۇتلۇق دېگەن بەگ مۇستەقىللىك ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

تۈركلەر ئاشىنا قۇتلۇقا «ئىلتىرىش» (دۆلەتنى تىرىلدۈرگۈچى) ئۇنۋانىنى بەردى.

تۈركلەرنىڭ 680 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى قايتىدىن قۇرغانلىقى توغرىسىدا كولتېكىن يادىكارلىقىدا مۇنداق دېيىلگەن: «كۆك تەڭرىسى تۈركلەرنىڭ بۇنداق ھالىغا ئىچىنىپ تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن، ئۇلار بۇرۇنقىدەك جاھاندا دەۋران سۈرۈپ ئۆتسۇن دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتام ئىلتىرىش خاقاننى، ئانام ئىل بىلگە خاتۇننى (خانىشنى) تۈركلەرنىڭ خاقانى قىلدى... تەڭرى كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام خاقاننىڭ قوشۇنلىرى بۆرىدەك، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ قوشۇنى قويدەك ئىدى. دۈشمەن قوشۇنى بۆرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان قويدەك تارقىلىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئاتام خاقان شەرقتىن غەربكىچە يۈرۈش قىلىپ، تۈرك خەلقىنى توپلىدى، تۈرك دۆلىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى».

كولتېكىن يادىكارلىقىدا بىلگە خاقان تىلىدىن ئىلتىرىش خاقاننىڭ چوڭ ئوغلى بىلگە خاقان خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان چاغدىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللار توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئەي خەلقىم! سەن شۇنى بىلگىنكى، مەن باي ۋە روناق تاپقان خەلققە خاقان بولمىدىم، بەلكى ئاجىز، كەمبەغەل بىچارە خەلقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. ئۇكام كولتېكىن ۋە تۇغقانلىرىمدىن بولغان ئىككى بەگزادە بىلەن سۆزلەشتىم. ئاتام، تاغام (قاپاغان خاقان كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ھايات چېغىدا قولغا كەلتۈرگەن خەلقنىڭ شان ـ شۆھرىتى ئۈچۈن كۆچىمىزنىڭ يېتىشىچە كۈرەشتۇق. تۈرك خەلقىنىڭ شان ـ شۆھرىتى ئۈچۈن كېچىلىرى خاتىرجەم ئۇخلىمىدىم، كۈندۈزلىرى ئولتۇرمىدىم، ئۆلە ـ تىرىلىشىمگە قارىماي تىرىشتىم... تەڭرى ياردەم قىلغانلىقى، بەخت ـ تەلىيىم ئوڭدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم، ئاز خەلقنى ئاۋۇتتۇم، خەلقىمنى كۈچلۈك دۆلىتى بار، باتۇر خاقانى بار خەلقلەردىنمۇ ئۈستۈن خەلققە ئايلاندۇردۇم».

ئىلتىرىش قۇتلۇق خاقان (مىلادىنىڭ 682 ـ يىلىدىن 692 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) ئەسلىگە كەلگەن شەرقىي تۈرك خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 682 ـ يىلىدىن 744 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئىلتىرىش ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىدىن ئۇكىسى قاپاغان خاقان (مىلادىنىڭ 692 ـ يىلىدىن 716 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) ئوغلى بىلگە خاقان (مىلادىنىڭ 716 ـ يىلىدىن 734 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) نىڭ دەۋرىدە بىر مەزگىل خېلى قۇدرەت تاپقان ئىدى. شۇ مەزگىلدە شەرقىي

تۈرك قوشۇنلىرى 230 مىڭ ئاتلىق جەڭچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ئاسىيادىكى كۈچلۈك قوشۇنلار قاتارىغا كىرەتتى. شۇ مەزگىلدە شەرقىي تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كەلگەن ئەرەبلەرنى ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 709 - يىلى ۋە 712 - يىلى بولۇپ، ئىككى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن ماڭدۇرغان ئىدى. بۇ قوشۇنغا قوماندان بولغان كولتېكىن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بىلەن ئۇرۇشقان ئىدى.

ئورخۇن يادىكارلىقىدىن تونيوقۇق مەڭگۈ تېشىدا شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۈنچە[1] دەرياسىدىن ئۆتۈپ... تاكى تۆمۈر قاپىغىغىچە[2] باردۇق... تەزىك[3] ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئاسۇق باشچىلىقىدىكى سوغداق خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى».

ئىشەنچىلىك تارىخىي مەلۇماتقا قارىغاندا شەرقىي تۈرك شاھزادىسى كولتېكىن مىلادىنىڭ 709 - يىلى بۇخارا ئەتراپىدا، ئەرەب ئۇمەۋىلەر خەلىپىلىكى (مىلادىنىڭ 661 - يىلىدىن 750 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ خەلىپىسى ۋەلىد 1 نىڭ (مىلادىنىڭ 705 - يىلىدىن 715 - يىلىغىچە خەلىپە بولغان) خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرگە قويغان باش ۋالىيسى (نائىبى) قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم (مىلادىنىڭ 708 - يىلىدىن 717 - يىلىغىچە باش ۋالىي بولغان) بىلەن ئۇرۇشقان بولسا، ئۇ مىلادىنىڭ 712 - يىلى يەنە بىر قېتىم سەمەرقەنت ئەتراپىدا قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بىلەن ئۇرۇشقان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تونيوقۇق يادىكارلىقىدىكى خاتىرىلەر كولتېكىننىڭ ئىككىنچى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، سەمەرقەنت ئەتراپىدا قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بىلەن ئۇرۇشقان ۋاقتىدىكى ئەھۋالغا قارىتىلغان. تونيوقۇق يادىكارلىقىدا ئېيتىلغان «ئۈنچە دەرياسىدىن ئۆتۈپ... تاكى تۆمۈر قاپىغىغىچە باردۇق» جۈملىسىدىكى ۋەقەنى ئىزاھلىغاندا ئەھۋال مۇنداق: مىلادىنىڭ 712 - يىلى كولتېكىن باشتا قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنى مەغلۇب قىلىپ، ئۇنى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئافغانىستانغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان بولسىمۇ، قاپاغان خاقاندىن ئۇشتۇمتۇت بۇيرۇق كېلىپ كولتېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتقان، قۇتەيبە بۇ ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ غەلىبە قازانغان. «ئۈنچە دەرياسى» - سىر دەرياسى، «تۆمۈر قاپىغ» ھازىرقى

(1) ئۈنچە دەرياسى – ھازىرقى سىر دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ، ئا.
(2) قاپىغ – تۆمۈر قاپىغ سەمەرقەنت بىلەن ئافغانىستاندىكى بەلخ ئارىسىدىكى بوزغالا تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم تاغ ئۆتكىلى - ئا.
(3) تەزىك – ئەسلىدە بۇ سۆز تاجىكلارنى كۆرسەتسىمۇ، تۈركلەر ئەرەبلەرنى تاجىك دەپ ئاتىغان.

سەمەرقەنت بىلەن ئافغانىستاندىكى بەلخ ئارىسىدىكى بوز قالا تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم تاغ ئۆتكىلى بولۇپ، تۈركلەر ئۇنى «تۆمۈر قاپىغ» (تۆمۈر دەرۋازا) دەپ ئاتىغان، ھەممىدىن مۇھىمى تونيوقۇق يادىكارلىقىدا ئىشلىتىلگەن «تەزىك» دېگەن سۆز.

تارىختا كولتېكىننىڭ ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشقانلىقى ئېنىق پاكىت تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئورخۇن يادىكارلىقىدا «ئەرەب» ئاتالغۇسى ئۇچرىمايدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: ياپون تارىخچىسى يۇتەنخىڭ ئۆزىنىڭ «غەربىي دىيار مەدەنىيىتى تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ئىسلام مۇرتلىرى (ئەرەبلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ - ئا) تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن چاغدا، بۇخارا ۋە سوغدىيانادىكى شەھەرلەردە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دىنغا (زارۇ ئاستىرو - ئوت پەرەسلەر دىنىغا - ئا) ئېتىقاد قىلاتتى، بۇنداق ئەھۋالنى ئىسلام دىنى توغرىسىدا يېزىلغان بىر قانچە تۈرلۈك خاتىرىلەردىن كۆرگىلى بولىدۇ. يەنە 7 - ئەسىردىكى بۇخارا ۋە خارەزمى تەڭگىلىرىگە تاج كىيگەن ئادەم سۈرىتى بىلەن مۇقەددەس ئوت يېنىپ تۇرغان ئەزىز - چىراغ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، بۇ پاكىت شۇ جايلاردا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ئاتەشپەرەس دىنىغا چوقۇنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئەھۋال جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى خاتىرىلەر بىلەن ئوخشاش، مانا شۇ خىلدىكى باش كىيىم تاج دەپ ئاتىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتەشپەرەسلەر شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى تاجىك دەپ ئاتاشقان. ئەرەبلەر ئىراننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئەرەبلەر بىلەن تاجىكلارنى ئاتاشتا بىر - بىرىنىڭ نامىنى پەرقلەندۈرمەيلا قارا - قويۇقلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەرنىمۇ تاجىك دەپ ئاتايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى، شۇ چاغلاردا جۇڭگومۇ شۇ نامنى قوللىنىپ ئەرەبلەرنى تاجىك (داشى - 大食、大石) دەپ ئاتايدىغان بولغان»[1].

مەلۇم بولۇشىچە، ئورخۇن يادىكارلىقىدىكى «تەزىك» سۆزى ئەسلىدە تاجىكلارنى كۆرسەتسىمۇ، 7 - ئەسىردىكى جۇڭگو تارىخچىلىرى ئەرەبلەرنى داشى (تاجىك - 大食、大石) دەپ يازغاندەك، تۈركلەرمۇ ئەرەبلەرنى «تەزىك» (تاجىك) دەپ يېزىشقانمۇ - قانداق؟ بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش لازىم.

(1) يۇتەنخىڭ - (ياپون تارىخچىسى) «غەربىي دىيار مەدەنىيىتى» خەنزۇچە 66 - بەت.

## ئورخۇن يادىكارلىقىنىڭ ئەھمىيىتى

تۈرك، ئۇيغۇر تارىخىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن كۆكتۈركلەرگە ئائىت «ئورخۇن يادىكارلىقى» قاراخانىيلار دەۋردە ياشىغان ئۇيغۇر تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇلۇغ، دانىشمەن پەيلاسوپ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى، ئىسمى نامەلۇم يازغۇچى تەرىپىدىن يېزىلغان «دەدە قورقۇت داستانى»غا ئوخشاش ئەڭ مۇھىم ئۆلمەس ئەسەرلەر تۈرك، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتى، پەلسەپىسىنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك يادىكارلىقى.

بۇلارنىڭ ئىچىدىن «ئورخۇن يادىكارلىقى»نىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا بىرئاز چۈشەنچە بەرمەكچىمەن.

«ئورخۇن يادىكارلىقى»نىڭ ئەھمىيىتىنى تۈرك تارىخى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە يېزىلغان مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. 8 ـ ئەسىردە ۋۇجۇدقا كەلگەن «ئورخۇن يادىكارلىقى» شېئىرىي تىل، قىسقا جۈملىلەر بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بەدىئىيلىكىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقى، ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىكلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، مەدەنىيەت جەھەتتە بۇنداق يۇقىرى سەۋىيىنىڭ بولۇشى قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە مەيدانغا كەلمەيدۇ. دېمەك، «ئورخۇن يادىكارلىقى» تۈركلەرنىڭ قەدىمكى يۈكسەك مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاساسىدا يارالغان. بۇ بىزگە تۈركلەرنىڭ «ئورخۇن يادىكارلىقى»دىن بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرى خېلى يۈكسەك سەۋىيىگە ئىگە يازما يادىكارلىقلارنى ياراتقانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، تۈركلەرنىڭ «ئورخۇن يادىكارلىقى»دىن بۇرۇن ياراتقان يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر نەتىجىسىدە يوقىلىپ كەتكەنلىكتىن، بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدا مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن ھونلارنىڭ ياراتقان شېئىرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ساقلىنىپ قالغان، ئېھتىمال تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا ياراتقان يازما شېئىرلىرىمۇ تېپىلىپ قالار.

«ئورخۇن يادىكارلىقى»نىڭ ئەڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. 1) «ئورخۇن يادىكارلىقى»دا: نادان، ئەخلاقسىز، قابىلىيەتسىز كىشىلەر دۆلەتكە باشلىق بولىدىغان بولسا، دۆلەتنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقى، بۇنىڭ ئەكسىچە، دۆلەتكە ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە ئەخلاقلىق،

باتۇر كىشىلەر باش بولسا، دۆلەتنىڭ گۈللەپ ياشنايدىغانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. 2) دۆلەتنى باشقۇرغۇچىلار (خاقانلار، خانلار) بىلەن خەلق ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقى، ئىناقسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ دۆلەتكە، خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغانلىقى كەسكىن خىتاب بىلەن بايان قىلىنغان. 3) شۇنىسى ناھايىتى خاراكتېرلىككى، كولتېكىن يادىكارلىقىدا يات دۆلەتلەرنىڭ ھىيلىگەر، قارانىيەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يالغان - ياۋىداق شېرىن سۆزلىرىگە، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك سوۋغا - سالاملىرىغا ئالدىنىپ توزاققا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىشنىڭ لازىملىقى تەكىتلەنگەن. 4) «ئورخۇن يادىكارلىقى»نىڭ ھەربىر قۇرىغا خەلقپەرۋەرلىك، ھۆرىيەت - ئەركىنلىك، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش روھى سىڭدۈرۈلگەن.

بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن كولتېكىن، بىلگەخاقان، تونيوقۇقلارنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان ئۈچ مەڭگۈ تاشلار كۆكتۈرك خاقانلىقىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ سەلتەنەتلىك باسقۇچىدا (مىلادىنىڭ 552 - يىلىدىن 600 - يىللارغىچە) ئۆتكەن خاقانلارنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشلار ئەمەس. مىلادىنىڭ 600 - يىلىغا كەلگەندە دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلىرى (شەرقىي روما، ئىران، جۇڭگو) ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىكى ھېسابلانغان كۆكتۈرك خاقانلىقى تۈرلۈك سەۋەبلەر نەتىجىسىدە شەرقىي ۋە غەربىي خاقانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. شەرقىي تۈرك خاقانلىقى بولسا (600 - 630 - يىللار) مىلادىنىڭ 630 - يىلى تارمار بولۇپ، 50 يىلدىن كېيىن (مىلادىنىڭ 680 - يىلى) ئاشىنا قۇتلۇق (ئىلتېرىش قۇتلۇق)نىڭ شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. تۈركلەر بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن شەرقىي تۈركلەرمۇ، غەربىي تۈركلەرمۇ تۈرك خاقانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇرۇنقى قۇدرەتلىك، سەلتەنەتلىك دەۋرنى سۈرەلمىدى. بۇ، ھەممىسىگە مەلۇم. ئەپسۇسكى، ئۇلۇغ تۈرك خاقانلىقىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ سەلتەنەتلىك باسقۇچىدا (مىلادىنىڭ 552 - يىلىدىن 600 - يىلىغىچە) ئۆتكەن مەشھۇر ئۇلۇغ خاقانلاردىن تۇمەن خاقان (مىلادىنىڭ 552 - 553 - يىلىغىچە خاقان بولغان)، مۇقان خاقان (553 - 576 - يىللار)، ئىستىمى خاقان (552 - 576 - يىللار)، تاۋار خاقان (576 - 581 - يىللار)، توڭا توران خاقان (588 - 600 - يىللار)، بىلگە تاردۇ خاقان (600 - 603 - يىللار) قاتارلىق خاقانلارنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان مەڭگۈ تاشلار ھېلىغىچە تېپىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز زامانىسىدا غەرب بىلەن شەرق دۇنياسىنى زىلزىلىگە

كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت ئالىمىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان پائالىيەتلىرى يېزىلغان مەڭگۈ تاشلار ئېھتىمال ئۆتوكەن تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ مەلۇم جايلىرىدا ھازىرغىچە ئۆزىنى دۇنياغا كۆرسەتمەي يوشۇرۇنۇپ ياتقاندۇ؟! ئەگەر شۇ خاقانلارنىڭ مەڭگۇ تاشلىرى تېپىلغاندا تۈرك ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنە ـ خەزىنە گۆھەرلەرگە بەرگۈسىز يادىكارلىقلىرى گويا مەدەنىيەت ئاسمىنىغا چىققان يېڭى قۇياشتەك نۇر چېچىپ، ئىنسانىيەت ئالىمىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان بولاتتى! ھېلىمۇ كۆكتۈرك تارىخى ۋە ئەدەبىياتىغا ئائىت ئۈچ مەڭگۇ تاشنىڭ تېپىلغانلىقى ناھايىتى چوڭ مۆجىزە.

شەرقىي تۈرك خاقانلىقىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر توغرىسىدا ئەڭ ئاخىرىدا بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئېيتماقچىمەن.

ئىلتېرىش قۇتلۇق ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋردە (مىلادىنىڭ 682 ـ يىلىدىن 744 ـ يىلىغىچە) شەرقىي تۈركلەردە دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر مەيدانغا كەلدى.

ئىلتېرىش قۇتلۇق شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەردى. ئۆزى خاقانلىق تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 682 ـ يىلىدىن 692 ـ يىلىغىچە) يىگىرمە نەچچە قېتىم قانلىق ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنى دۇنياغا تونۇتقان ئىدى.

ئىلتېرىشنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇكىسى بەگ چور (قاپاغان خاقان) خاقان بولدى. قاپاغان خاقاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 692 ـ يىلىدىن 716 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) شەرقىي تۈرك خاقانلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇ مەزگىلدە شەرقتىكى قىتانلار، شىمالدىكى قىرغىزلار (يەنسەي بويىدىكى)، غەربتىكى تۈركەشلەر، قارلۇقلار بويسۇندۇرۇلدى، ئەرەبلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن كولتېكىن قوماندانلىقىدىكى شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرى ئىككى قېتىم (مىلادىنىڭ 709 ـ يىلى ۋە مىلادىنىڭ 712 ـ يىلى) بۇخارا ۋە سەمەرقەنت ئەتراپلىرىدا ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشتى.

مىلادىنىڭ 696 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قىرالچىسى (ئايال پادىشاھ) ۋۇزەيتەن قاپاغان خاقاننى ھۆرمەتلەپ «ئىلتېرىش ئۇلۇغ تەڭرىقۇت» دەپ ئاتىدى[1].

(1) سىماگۇاڭ «يىلنامە» 14 – كىتاب، خەنزۇچە 65 10 – بەت.

شەرقىي تۈرك خاقانلىقى قاپاغان خاقان (692 ـ 716 ـ يىللار)، بىلگە خاقان (716 ـ 734 ـ يىللار) لارنىڭ ۋاقتىدا قۇدرەتلىك شانلىق باسقۇچقا كىرگەن ئىدى.

شەرقىي تۈرك خاقانلىقىدا ئىلتىرىش قۇتلۇق قاپاغان خاقان، بىلگە خاقانلاردىن باشقا يەنە بىر قانچە مەشھۇر شەخسلەر ئۆتتى. ئۇلارنىڭ بىرى بىلگە تونيوقۇق (مىلادىنىڭ 648 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 725 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) بولۇپ، 78 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۇنۋانلىق نامى بىلگە تونيوقۇق بويىلا باغا تارقان ئىدى، تونيوقۇق ناھايىتى ئەقىللىق ۋە تالانتلىق ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك ئىدى، ئۇ بىر قېتىم ئىلتىرىش قۇتلۇققا تەكلىپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «تابغاچ، ئوغۇز، قىتان بۇ ئۈچى بىرلىشىۋالسا بىز تايانچىسىز قالىمىز، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن دۈشمەنگە تۇتۇلىمىز، يۇپقا نەرسىنى ئىگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشمۇ ئوڭاي، يۇپقا نەرسە قېلىن بولۇپ كەتسە ئۇنى ئىگىش تەسكە چۈشىدۇ، ئىنچىكە توم بولۇپ كەتسە ئۇنى سۇندۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ»[1]. تونيوقۇق دۈشمەنلەر ئۆزئارا بىرلىشىۋېلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ يوقىتىش كېرەك دېمەكچى بولىدۇ. ئۇ مىلادىنىڭ 682 ـ يىلىدىن 707 ـ يىلىغىچە ئىلتىرىش قۇتلۇق بىلەن قاپاغان خاقانلارنىڭ ۋاقتىدا (682 ـ 716 ـ يىللار) شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرىغا 25 يىل باش قوماندان بولغان. تونيوقۇق مىلادىنىڭ 707 ـ يىلىدىن 725 ـ يىلىغىچە قاپاغان خاقان بىلەن بىلگە خاقانغا 18 يىل باش ۋەزىر بولغان.

مىلادىنىڭ 707 ـ يىلىدىن 731 ـ يىلىغىچە (24 يىل) شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانلىقىنى ئىلتىرىش قۇتلۇقنىڭ كىچىك ئوغلى كولتېكىن ئۆتىدى. كولتېكىن مىلادىنىڭ 685 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادىنىڭ 731 ـ يىلى ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا، 47 يېشىدا ئۆلگەن. ئۇ تۈرك تارىخىدا ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر قەھرىمان، ئاجايىپ تالانتلىق ھەربىي ئىستراتېگىك، ئادەتتىن تاشقىرى غەيرەتلىك، يۈرەكلىك باتۇر ئىدى. كولتېكىن مىلادىنىڭ 707 ـ يىلى شەرقىي تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەندە ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن ياش يىگىت ئىدى. كولتېكىن قوماندانلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلارنىڭ تولىسىدا دۈشمەن قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. كولتېكىن قوماندانلىقىدىكى تۈرك قوشۇنلىرى شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ پايتەختى ئۆتۈكەنگە قەدەر بېسىپ

(1) «تونيوقۇق مەڭگۈ تېشى»نىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى 12 – 14 – قۇرلارغا قارالسۇن.

كەلگەن دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ 300 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان چوڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، شەرقنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئىدى.

كولتېكىن مىلادىنىڭ 731 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا جۇڭگودىن، تىبەتتىن، ئىراندىن، تۈرك خاقانلىقى تەركىبىدىكى خانلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن ماتەم ئەلچىلىرى كەلگەن ئىدى. بۇ ئەلچىلەر كولتېكىننىڭ مازىرى ئۈچۈن يېتەرلىك ھەدىيەلەر ئېلىپ كەلگەن. جۇڭگودىن كەلگەن ماتەم ئەلچىلىرى قاتارىدا «ئىمارەت ياسايدىغان ئۇستىلار، نەققاشلار، پۈتۈكتاش ياسايدىغان ئۇستىلار»[1]مۇ كەلگەن. كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ بەزىلىرى كۆرۈنۈشتە ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى كولتېكىننىڭ ئۆلگىنىگە خۇش بولۇپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى، كولتېكىن ئۆزى قاتناشقان ئۇرۇشلارنىڭ تولىسىدا غالىب كېلىپ كۈچلۈك، ھاكاۋۇر قوشنىلىرىنى باش ئېگىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. كولتېكىننىڭ ئىككى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن تارتىپ بېرىپ، ئەرەبلەر بىلەن ئۇرۇشقانلىقىنى باشتا تىلغا ئالغان ئىدۇق. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ قەھرىمانلىق شۆھرىتى دۇنياغا مەلۇم بولغان ئىدى.

بىلگە خاقان ئىلتېرىش قۇتلۇقنىڭ چوڭ ئوغلى، كولتېكىننىڭ ئاكىسى ئىدى، ئۇ مىلادىنىڭ 683 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 734 ـ يىلى 51 يېشىدا زەھەرلىنىپ (سۇيىقەست بىلەن) ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ خاقانلىق تەختىگە ئولتۇرغان يىل (مىلادىنىڭ 716 ـ يىلى) قاپاغاننىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىنال بوگۇ خان بىلەن ئىنىسى خانلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، خاقانلىق تەختىنى تالاشقان بولسىمۇ، بىر نەچچە ئاي ئىچىدە تارمار قىلىنىپ، ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەن. بىلگە خاقان 18 يىل خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان چاغدا (716 ـ 734 ـ يىللار) ۋە ئۇندىن كېيىنمۇ شەرقىي تۈرك خاقانلىقى يەنىلا ئاسىيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىكى ئورنىنى ساقلاپ قالدى. شۇ چاغدا شەرقىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچلىرى 230 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ئاتلىق قوشۇندىن ئىبارەت ئىدى، شىمالدىكى كۈچلۈك، بەڭباش قوشنىسى ـ شەرقىي تۈركلەرنىڭ قۇدرىتىدىن كېچە ـ كۈندۈز ئەنسىرەپ تۇرىدىغان تاڭ سۇلالىسى (618 ـ يىلى 907) مىلادىنىڭ 735 ـ يىللىرى تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن جۇڭگونىڭ شىمالىي چېگراسىغا 400 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن تۇرغۇزغان ئىدى.

(1) «كولتېكىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى 13 – قۇرغا قارالسۇن.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شەرقىي تۈرك خاقانلىقىدا (ئىلتېرىش قۇتلۇق خاقانلىقىدا) ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەردىن تونيوقۇق، كولتېكىن، بىلگە خاقانلارنىڭ خاتىرىسىگە قويۇلغان ئۈچ مەڭگۈ تاشنىڭ ئىچىدىن تونيوقۇق مەڭگۈ تېشىغا يېزىلغان خاتىرىنى تونيوقۇق ھايات ۋاقتىدىلا ئۆزى يازغان ئىكەن، ئۇندىن باشقا كولتېكىن بىلەن بىلگە خاقاننىڭ مەڭگۈ تېشىغا يېزىلغان خاتىرىنى ئۇلارنىڭ جىيەنى (قاپاغان خاقاننىڭ ئوغلى) يوللۇغ تېكىن يازغان. يوللۇغ تېكىن تۈرك، ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرى، دانىشمەن پەيلاسوپ يۇسۇپ خاس ھاجىپلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئۇلۇغ، تالانتلىق يازغۇچى، ئۇنىڭ قەلىمى ئارقىلىق «ئورخۇن يادىكارلىقى»دىكى مەڭگۈ تاشلارغا يېزىلغان خاتىرىلەر تارىخ ۋە ئەدەبىيات يادىكارلىقى جەھەتتىمۇ، بەدىئىيلىكىنىڭ يۈكسەكلىكى جەھەتتىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك. بىز يوللۇغ تېكىندەك تالانتلىق يازغۇچى ئارقىلىق 8 ـ ئەسىردىكى تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

## قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

### 1

مىلادىنىڭ 840 ـ يىلىغا كەلگەندە، توپتوغرا 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى (646 ـ يىلىدىن 846 ـ يىلىغىچە) ئۆز ئىچىدىن دەھشەتلىك كۈنلەرنى كەچۈرۈشكە باشلىدى.

ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە خاقان (ھازار تېكىن) ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 825 ـ يىلىدىن 832 ـ يىلىغىچە) ئۇيغۇر ئورخۇن شاھزادىلىرى ئىچىدە خاقانلىق تەختىنى تالىشىش يۈز بېرىپ، ئىچكى ئۇرۇشلارنىڭ ئاپەتلىك يانغىنلىرى لاۋۇلداشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ قۇتلۇق بىلگە خاقان (خۇتېكىن)نىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 832 ـ يىلىدىن 839 ـ يىلىغىچە) ئىچكى ئۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى. باش ۋەزىر قارابولۇق بىلەن خۇتېكىن ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشتا خاقان مەغلۇب بولدى، خۇتېكىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان قارا بولۇق، كىچىك تېكىن (قوزا تېكىن؟)نى خاقانلىق تەختىگە چىقاردى. شۇ يىلى ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا (ھازىرقى

تاشقى ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىدە) تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ يېزا ئىگىلىكى ۋەيران بولدى. ئەلنى ئاچارچىلىق قاپلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋابا كېسەللىكى تارقىلىپ نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. قار ناھايىتى قېلىن ياغدى. نۇرغۇنلىغان ئات، كالا، قوي مۇزلاپ ئۆلدى. خەلق ئۆي ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولدى.

بۇلارنى ئاز دېگەندەك قىرغىزلار ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇنغا ھۇجۇم قىلدى. قىرغىزلار ئەسلىدە، مىلادىنىڭ 758 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىغا بېقىنغان خانلىق بولسىمۇ، مىلادىنىڭ 821 ـ يىلى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇچ بىلگە خاقان (جۇڭگو تارىخچىلىرى بويى خان دەپ يېزىشقان) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، خاقانلىق تەركىبىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەن ئىدى.

«كونا تاڭ يىلنامىسى، قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە»، «يېڭى تاڭ يىلنامىسى، قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە» بابلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش بولغان يەنسەي (ئانا ساي مەنىسىدە) قىرغىزلىرىنىڭ تىل ـ يېزىقى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ يېزىقى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ چاچلىرى قىزغۇچ، كۆزلىرى كۆك، چىرايلىرى ئاق سۆزۈك ئىدى. 8 ـ ئەسىردە يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ ئاھالە سانى بىر مىليونغا يېقىن بولۇپ، 100 مىڭ ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە ئىدى. مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىدا يۈز بەرگەن ئېغىر ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قىرغىز خانى ئازى (بۇ ئىسىم ئەمەس، قىرغىز خانلىرىنىڭ لەقىمى) ئۇيغۇر خاقانلىقىغا قارشى قوشۇن تارتىشقا بەل باغلىغان. دەل شۇ پەيتتە خۇتبىكىننىڭ تەرەپدارى بولغان ئۇيغۇر ھەربىي سەركەردىسى قۇلۇق باغا قىرغىزلار ئارىسىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇيغۇر خاقانلىقىدا يۈز بەرگەن بەختسىز ئەھۋالنى قىرغىز خانى ئازىغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنى ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ. قۇلۇق باغا قىرغىزلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ قارا بولۇق قوللىغان خاقان كىچىك تېكىن (قوزى تېكىن؟!)نى ئۆلتۈرۈپ، ئۆز ئۇرۇقىدىن بولغان بىر شاھزادىنى خاقان قىلىپ كۆتۈرمەكچى ئىدى. لېكىن ئەھۋالنىڭ يۈزلىنىشى قۇلۇق باغانىڭ نىيىتىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولدى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن قىرغىز خانى، ئاپا ئاتلىق سەركەردىسىنىڭ قوماندانلىقىدا 100 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى يولغا سېلىپ (بۇ قوشۇننىڭ بىر قىسمى قۇلۇقباغا باشلاپ كەتكەن ئۇيغۇر قوشۇنى بولۇشى مۇمكىن) ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ پايتەختى قارا بالغاسۇنغا ھۇجۇم قىلدى. قىرغىزلار كىچىك تېكىن ۋە قارا بولۇقنى ئۆلتۈرۈپ

خاقان ئوردىسىغا ئوت قويدى. ئوردا خەزىنىسىدىكى ھەددى - ھېسابسىز دۇنيا دەپنەلەرنى بۇلاپ - تالىدى. 221 مىڭ دائىمىي مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە (بۇ ئاتلىق قوشۇن 17 دېۋىزىيە بولۇپ، ھەر بىر دېۋىزىيىسى 13 مىڭ جەڭچىدىن تۈزۈلگەن) قۇدرەتلىك ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان (ئىچكى ئۆرۈش، تەبىئىي ئاپەت قاتارلىق) تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن قىرغىزلار ئىسيانىغا تاقابىل تۇرالمىدى. شۇڭا ئۇيغۇر ئورخۇن شاھزادىلىرى پايتەخت قارا بالغاسۇننى تاشلاپ چىقىپ، خاقانلىقنىڭ سىياسىي مەركىزىنى ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ باغرىدىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە كۆچۈرۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەھشەتلىك ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن شەرقىي ئۇيغۇرلار (ھازىرقى تاشقى ۋە ئىچكى موڭغۇلىيىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار)نىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا كۆچۈپ كەتكەن. شاھزادە پان تېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە غەربكە قاراپ كۆچۈپ بەش بالىق (ھازىرقى جىمسار، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى ئەتراپلىرى) تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، شۇ جايلاردا ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان قان قېرىنداشلىرى غەربىي ئۇيغۇرلارغا قوشۇلغان. ئۇلار تېزلىكتە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، بىر مەزگىل كۇچانى قارارگاھ قىلغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 865 - يىلى بەش بالىقنى پايتەخت قىلدى. مانا شۇ ئۇيغۇرلار پان تېكىن، بوكوتېكىن باشچىلىقىدا ھەرىكەت قىلىپ، مىلادىنىڭ 860 - يىللىرىغا كەلگەندە تىبەتلىكلەرنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقاردى.

بەش بالىقنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى، ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە جۇچۈۋەنگىچە، غەربتە كۇچانىڭ شەرقىگىچە، جەنۇبتا تەكلىماكان قۇملۇقىغىچە، شىمالدا جەنۇبىي ئالتايغىچە سوزۇلغان. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى بەش بالىق بولسىمۇ، خاقان ۋە ئۇنىڭ بەگلىرى قىشتا تۇرپاندىكى قارا قوچۇ (ھازىرقى ئىدىقۇت) شەھىرىگە بېرىپ قىشلايتتى. شۇڭا تارىختا بەش بالىقنى يازلىق پايتەخت، ئىدىقۇت شەھىرىنى قىشلىق پايتەخت دەپمۇ ئاتىغان.

تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئەمەلىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ دەۋرىنى ئىككى باسقۇچقا ئايرىش مۇۋاپىق. ئوچۇقراق ئېيتقاندا قارابالغاسۇن پايتەخت بولغان چاغنى ئورخۇن دەۋرى (مىلادىنىڭ 646 - يىلىدىن 840 - يىلىغىچە). بەش بالىق پايتەخت بولغان چاغنى ئىدىقۇت دەۋرى (مىلادىنىڭ

850 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە) دېيىش كېرەك. چۈنكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ تەختىدە، ئورخۇندىن غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىز قەبىلىسىدىن چىققان شاھزادىلەر ئولتۇرغان ئىدى.

مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى ئورخۇن بويلىرىدىن غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى يەتتەسۇ، قەشقەر ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ باردى. ئۇلار شۇ جايلاردىكى قەۋمى ـ قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىدا نام چىقارغان قەبىلىسى ياغمالارنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى (مىلادىنىڭ 850 ـ يىلىدىن 1212 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نى قۇردى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا تەخمىنەن تۆت ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن، مەدەنىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەپ ـ ياشنىغان قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تارىخىنى ئۈچ دەۋرگە بۆلۈپ قىسقىچە بايان قىلىمىز.

## دەسلەپكى دەۋرى

بۇ دەۋر مىلادىنىڭ 850 ـ يىلىدىن 920 ـ يىلىغىچە بولغان 70 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى ئورخۇن بويىدىن يەتتەسۇ، قەشقەر ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن شەرقىي ئۇيغۇرلار باشتا يەتتە سۇدىكى قارلۇق يابغۇلىقىنى بويسۇندۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن مىلادىنىڭ 850 ـ يىلى قەشقەر خانلىقىنى ئاساس گەۋدە قىلغان ھالدا تارىختا مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلار يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتكە قاراخانىيلار دۆلىتى دەپ ئات قويدى.

ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتكە قاراخانىيلار دۆلىتى دەپ ئات قويدى؟

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ كۆپ تەڭرىلىك دىنلارنىڭ بىرى بولغان قامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. قامان ئەقىدىسى بويىچە ئەڭ چوڭ تەڭرى ـ كۆك تەڭرى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى باي ئۈلكەن (باي چوڭ) ئىدى. باي ئۈلكەن ئاسماندىكى توققۇز قات ئالتۇن تاغنىڭ تۆپىسىدىكى نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كۈمۈش سارايدا ياشايدىكەنمىش. مانا شۇ باي ئۈلكەننىڭ يەتتە ئوغلى بولۇپ، شۇ ئوغۇللارنىڭ بىرىنىڭ نامى قاراخان ئىكەن. ئالتاي رىۋايىتىگە ئاساسەن قاراخاننىڭ سىياقى، سۈپەتلىرى زۇھەل (ساتۇرن) يۇلتۇزىغا ئوخشايدىكەن. ئاتا ـ

بۇۋىلىرىمىز ئەڭ قەدىمكى چاغلىرىدا زۇھەل يۇلتۇزىنى «قارا يۇلتۇز» دەپ ئاتىغان ئىدى. ئەنە شۇ كۆك تەڭرىسى باي ئۇلكىنىنىڭ قاراخان ئاتلىق ئوغلى يۇلتۇز تەڭرىسى ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى قۇرۇلغان دۆلىتىنىڭ خانلىرىغا قاراخان ئۇنۋانىنى بېرىپ، دۆلەتنى قاراخانىيلار دۆلىتى دەپ ئاتىشى، قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ ئوغلى قاراخانغا ئوخشىتىپ، ئىلاھىي قىياپەت بەرگەنلىكىدىن بولغان. ئوغۇزخاننىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىمۇ قاراخان ئىدى. قاراخان دېمەك، ئۇلۇغ ئىلاھىي تۈس ئالغان نام بولۇپ «قاراخانىيلار» ـ ئۇلۇغلار مەنىسىگە ئىگە ئىدى. ھونلارمۇ ئۆز خاقانلىرىنى تەڭرىقۇت (خۇدا بەرگەن بەخت، دۆلەت، خۇدانىڭ ئوغلى مەنىسىدە) دەپ ئاتىغان ئىدى.

يۇقىرىدىكى سەۋەبكە ئاساسلىنىپ دۆلەتكە كىم ھۆكۈمران بولسا ئۇنىڭ نامىنىڭ ئالدىغا «قاراخان»، «بۇغراخان»، «ئارسلانخان» ئۇنۋانى قوشۇلاتتى. مەسىلەن، ساتۇق بۇغراخان، ئەلى ئارسلانخان، توغرول قاراخان دېگەندەك ئوخشاش. ئۇيغۇرلار تۆگىنىڭ ئەركىكىنى «بۇغرا» دەيتتى. «بۇغرا» سۆزى كۈچلۈك، باتۇر مەنىسىدە قوللىنىلاتتى. ئارسلانمۇ يىرتقۇچ ھايۋان بولۇپ، ئۇمۇ ناھايىتى قەيسەر، باتۇر خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى.

مىلادىنىڭ 850 ـ يىلى قۇرۇلغان ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تۇنجى خاقانىنىڭ كىملىكى تارىخىي خاتىرىلەردە تازا ئېنىق ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى خاقانىنىڭ بىلگە قاراخان ياكى بۇقا قاراخان ئاتلىق كىشى ئىكەنلىكىگە خېلى ئىشەنچلىك ئاساسلار بار. قاراخانىيلار قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ بەلگىلىدى. مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇن «بىلادى ھون» (ھون شەھىرى) «قاش ـ قىيا» دەپ ئاتالغان قەشقەر («قەشقەر» سۆزى ‹قاش ـ قىيا›نىڭ باشقىچە ئېيتىلىشى) «ئوردوكەنت» دەپ ئاتالدى. قاراخانىيلارنىڭ خانلىرى يازدا ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى چۇ دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بالاساغۇن شەھىرىگە كېلىپ يازلايتتى. بالاساغونمۇ قاراخانىيلارنىڭ يازلىق پايتەختى ئىدى. لېكىن ئاساسى پايتەخت يەنىلا قەشقەر ئىدى.

بىلگە قاراخاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 850 ـ يىلىدىن 880 ـ يىلىغىچە) دۆلەتنىڭ زېمىنى بىرقەدەر كېڭەيدى. مىلادىنىڭ 870 ـ يىلى خۇراسان، ئافغانىستان، ماۋەرائۇننەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سامانىيلار دۆلىتى تەشكىل تاپتى. قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىگە يەتتە سۇ، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرى كىرەتتى. بىلگە قاراخاننىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ئانچە ئېنىق

ئەمەس. بەزى تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلگە قاراخاننىڭ بازىر ۋە ئوغۇلچاق ئاتلىق ئىككى ئوغلى بولغانلىقى مەلۇم. بىلگە قاراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا بازىر (بارخان) خاقان بولغان. بازىرخان قەشقەردە، ئۇكىسى ئوغۇلچاق بالاساغۇندا تۇرغان، بازىر خاقاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 880 ـ يىلىدىن 890 ـ يىلىغىچە) قاراخانىيلار بىلەن سامانىلار ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. بۇ ئۇرۇش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن سامانىيلار دۆلىتىنىڭ (مىلادىنىڭ 807 ـ يىلىدىن 900 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) پادىشاھى ناسىر ئىبنى ئەھمەد (مىلادىنىڭ 865 ـ يىلىدىن 892 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) قاراخانىيلارنى زەئىپلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزى قوشۇنغا باش بولۇپ، يەتتە سۇدىكى شاۋگار (ھازىرقى تۈركىستان شەھىرىنىڭ يېنىدا) شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا قايسى تەرەپنىڭ مەغلۇب بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

سامانىيلارنىڭ پادىشاھى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد (مىلادىنىڭ 874 ـ يىلىدىن 907 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) مىلادىنىڭ 893 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ يەتتە سۇدىكى تالاس شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد باشچىلىقىدىكى سامانى قوشۇنلىرى ئوغۇلچاق باشچىلىقىدىكى قاراخانىي قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد ئوغۇلچاقنىڭ خانىشىنى ۋە 15 مىڭ ئەسكىرىنى ئەسىر ئالدى ۋە تالاس شەھىرىنى بىسىۋالدى. ئوغۇلچاق قەشقەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد تالاستىكى خرىستىيان بۇتخانىسىنى مەسجىدكە ئايلاندۇردى. تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، يەتتە سۇ سامانىيلار قولىدا ئانچە تۇرمىغان. قاراخانىيلار يەتتە سۇدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئۆز ھالىغا كەلتۈرۈۋالغان.

تەخمىنەن مىلادىنىڭ 890 ـ يىلى بازىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قاراخانىيلارنىڭ تەختىگە ئۇنىڭ ئۇكىسى ئوغۇلچاق ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. دىنىي روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان بەزىبىر تەزكىرىلەردىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، بازىرخان ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ساتۇق تېكىن ئاتلىق ئوغلى كىچىك بولغانلىقتىن تاغىسى ئوغۇلچاق، ساتۇق تېكىننىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ئىشىنى ۋاكالىتەن قولىغا ئالغان ئىكەن. ئوغۇلچاق ساتۇق تېكىننىڭ تۇل قالغان ياش ئانىسىغىمۇ ئۆيلەنگەن.

قاراخانىيلار تارىخىنىڭ دەسلەپكى دەۋردە (مىلادىنىڭ 850 ـ يىلىدىن 920 ـ يىلىغىچە) بىلگە قاراخان (850 ـ 880 ـ يىللار)، بازىرخان (880 ـ 890 ـ يىللار)،

ئوغۇلچاق (890 ـ 920 ـ يىللار) قاتارلىق ئۈچ خاقان ئۆتكەن.

## كۆچەيگەن دەۋرى

قاراخانىيلار تارىخىنىڭ كۆچەيگەن دەۋرى مىلادىنىڭ 920 ـ يىلىدىن 1040 ـ يىلىغىچە بولغان 120 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى كېڭەيگەن. دۆلەت كۈچەيگەن، مەدەنىيەت گۈللەپ ياشناشقا باشلىغان ئىدى.

قاراخانىيلار تارىخىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىچە (مىلادىنىڭ 850 ـ يىلىدىن 920 ـ يىلىغىچە) ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارغا قېرىنداش بولغان خەلقلەر قامان، بۇددا، مانى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇيغۇرلار ياشىغان بەزى جايلاردا (كۇچا، خوتەن، ئىدىقۇت خانلىقلىرىدا) بۇددا دىنى ئاساسىي ھۆكۈمران دىن ئىدى. ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولۇپ، تەختنى تاغىسى ئوغۇلچاقتىن تارتىپ ئالغاندىن باشلاپ مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىغان.

ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان ئىسلام دىنى ئەڭ بۇرۇن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان ئەرەبلەر ئارىسىدا تارقالغان.

دۇنيادىكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى ـ ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 570 ـ يىلى مەككىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىككىدىنلا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، تاغىسى ئەبۇ تالىپ (ئەلىنىڭ ئاتىسى)نىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ياش ۋاقتىدا مەككىدىكى ئەڭ باي ئايال خەدىچە كۇبرانىڭ سودا كارۋانلىرى بىلەن پەلەستىن، سۇرىيە قاتارلىق جايلارغا بارغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىك ۋەھى كەلگەندىن باشلاپ، مىلادىنىڭ 610 ـ يىلى (40 يېشىدا) مەككىدە ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلىشقا كىرىشكەن. مەككىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ تۆرە زادىلىرى دەسلەپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنغان. شۇ سەۋەبتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۇممەتلىرى مىلادىنىڭ 622 ـ يىلى يېرىم كېچىدە مەككىدىن چىقىپ، مەدىنىگە كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ۋەقە ئىسلام تارىخىدا «ھىجرەت» (سەپەر قىلىش) دەپ ئاتىلىپ، دۇنيادىكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ يىلنامىسى ـ ھىجرىيە مانا شۇ چاغدىن

(مىلادىنىڭ 622 ـ يىلىدىن) باشلانغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ناھايىتى تېز كۆپىيىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ئورنى مۇستەھكەملەنگەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قوشۇن باشلاپ مەككىگە يۈرۈش قىلغان. مۇسۇلمان ئەرەبلەر بىلەن كاپىر ئەرەبلەر ئارىسىدا كۆپ قېتىم ئۇرۇش بولغان. مىلادىنىڭ 630 ـ يىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن ئىسلام دىنى پۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىنىڭ 632 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا پۈتۈن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى بىرلىككە كەلگەن ئىدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېقىن سەپدىشى ۋە قېيىن ئاتىسى ئابۇ بەكرى خەلىپە (ھەربىي، مەمۇرىي، دىنىي ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى خەلىپىنىڭ قولىدا بولاتتى) بولدى. ئۇ خەلىپىلىك ئورنىدا تۇرغان مەزگىلدە (632 ـ 634 ـ يىللار) ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنى قوشنا ئەللەرگە تارقىتىشنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلىگەن ئىدى.

خەلىپە ئۆمەر زامانىسىدا (634 ـ 644 ـ يىللار) ئەرەبلەر غەرب ۋە شەرق تەرەپتىكى قوشنىلىرىغا ناھايىتى شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلىدى. خەلىپە ئۆمەر مىلادىنىڭ 636 ـ يىلى شەرقىي رومانىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈرۈپ دەمەشىقنى (ھازىرقى سۈرىيىنىڭ پايتەختى) پەلەستىنىنى، 640 ـ يىلى سۈرىيىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالدى.

ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنى يوق قىلىش خەلىپە ئۆمەرنىڭ ۋاقتىدا ئاساسەن ئاياغلاشقان ئىدى.

ئەرەبلەر ئىراننى تولۇق بېسىۋالغاندىن كېيىن، مىلادىنىڭ 651 ـ يىلى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن. ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭلەرنى ئېلىپ باردى. ئەرەب ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىكى (مىلادىنىڭ 651 ـ يىلىدىن 750 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا تەيىنلەنگەن نائىبلەردىن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم (مىلادىنىڭ 708 ـ يىلىدىن 717 ـ يىلىغىچە نائىب بولغان) ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ئىشىنى ئاساسەن ئورۇنلىغان. شەرقىي تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئەرەبلەرنىڭ بېسىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ مىلادىنىڭ 709 ـ يىلىدىن تارتىپ 740 ـ يىلىغىچە

ئەرەبلەر بىلەن بىرنەچچە قېتىم قانلىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۈركلەرگە قىلغان ھۇجۇملىرى ئۈزۈلۈپ قالمىغاچقا، ئۇنىڭ ئەرەبلەرگە ياردىمى تېگىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئەرەبلەرنىڭ بېسىۋېلىشىنى ئۇخلايلاشتۇردى.

ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. مىلادىنىڭ 751 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش يۈزىسىدىن ئەرەبلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئارىسىدا تالاس دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇرۇش بولدى. سالىھ ئىبنى زىياد قوماندانلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرى گاۋ شيەنزى قوماندانلىقىدىكى كۆپ سانلىق تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى تارمار كەلتۈردى. تالاس ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى مۇقىملاشتى.

ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكى (مىلادىنىڭ 750 ـ يىلىدىن 1258 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئوتتۇرا ئاسىيا، خۇراسان قاتارلىق جايلارغا يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىلىرىدىن نائىب تەيىنلىدى. سامان ئەسلىدە خۇراسانلىق تاجىك بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، ئورنى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىرى سامانىنىڭ ئوغۇللىرىنى خۇراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا نائىب قىلىپ تەيىنلىدى. مانا شۇ سامان ئوغۇللىرىدىن نائىپ بولغانلار مىلادىنىڭ 870 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداتقا بويسۇنماي مۇستەقىل بولۇۋالدى. ئۇلار خۇراسان، ئافغانىستان ۋە ماۋەرائۇننەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ تېررىتورىيىدە سامانىيلار دۆلىتىنى قۇردى. سامانىنىڭ ئوغۇللىرى ئۆزلىرى ھۆكۈمران بولغان دۆلەتكە بوۋىسى سامانىنىڭ نامىنى قويۇپ، سامانىيلار دەپ ئاتىدى.

بۇخارانى پايتەخت قىلغان سامانىيلار دۆلىتىدە (مىلادىنىڭ 870 ـ يىلىدىن 1000 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ناسىر II نىڭ زامانىسىدا (مىلادىنىڭ 914 ـ يىلىدىن 943 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىسيانلار كۆتۈرۈلدى. بۇنداق ئىسيانلار ئاساسەن ناسىر ئىبنى ئەھمەد بىلەن ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى تەخت تالىشىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. مانا شۇنداق ئىسيانلارنىڭ تەرىپىنى ئالغان سامانىيلار شاھزادىلىرىدىن بىرى ئەبۇ نەسر سامانىي، ئىسيان باستۇرۇلغاندا (ناسىر II تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندا) قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن

ئىدى. قاراخانى هۆكۈمرانى ئوغۇلچاق تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغان ئەبۇ نەسر سامانىي مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى ساتۇق تېكىننى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇشتا ئاساسىي رول ئوينىدى. ساتۇق تېكىن ئەبۇ نەسر سامانىينىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. ساتۇق تېكىن مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن قەشقەردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، مۇسۇلمان بولغانلارمۇ ئانچە ئاز بولمىسا كېرەك. ساتۇق تېكىن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن تاغىسى ئوغۇلچاقنى يېڭىپ (ئېهتىمال ئۆلتۈرۈپ) قاراخانىيلار تەختىگە چىقتى. مانا شۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئىدى.

مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخان قاراخانىيلارنىڭ خاقانى بولغاندىن باشلاپ قاراخانىيلار تارىخىنىڭ كۆچەيگەن دەۋرى باشلاندى، بۇ دەۋردە (920 ـ 1040 ـ يىللار) قاراخانىيلار دۆلىتى قۇدرەتلىك، مەدەنىيەتلىك، باي بىر دۆلەت سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلغان ئىدى.

ئىسلام دىنى ساتۇق بۇغراخاننىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، بالاساغۇن، بارسخان (ئىسسىق كۆلنىڭ بويىدا) قاتارلىق جايلاردا، ئېلى ئەتراپلىرىدا ناهايىتى تېز تارقىلىپ يىلتىز تارتتى. بۇنداق ئەھۋالدىن خۇشال بولغان سامانىيلار بۇغراخانغا كۆپ تەرەپتىن ياردەم قىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ماۋەرائۇننەھرى، خۇراسان، ئافغانىستان قاتارلىق جايلاردىن قەشقەرگە ۋە بالاساغۇنغا نۇرغۇن ئالىملار كەلدى. مانا شۇ مۇسۇلمان ئالىملار ساتۇق بۇغراخانغا «ئابدۇلكەرىم» دەپ ئات قويۇشتى. ساتۇق بۇغراخان زامانىسىدا (مىلادىنىڭ 920 ـ يىلىدىن 956 ـ يىلىغىچە) ئۇنىڭ نامىدا قويدۇرۇلغان تىللا پۇلدا «قاراخان ساتۇق ئابدۇلكەرىم»دېگەن سۆزلەر بار. بۇنداق تىللا پۇللار هازىر لېنىنگراتتىكى مۇزېيدا ساقلانماقتا.

ساتۇق بۇغراخان قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى بولغاندىن باشلاپ، قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەر مەدەنىيەت، سودا ـ سانائەت ئەڭ گۈللىگەن دۇنياۋى ئەهمىيەتكە ئىگە شەهەرگە ئايلاندى.

ساتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن خوتەن، كۇچا، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق هالىتىنى ساقلاپ، قاراخانىيلارغا بويسۇنۇشتىن باش تارتقان ئىدى. ساتۇق بۇغراخان يۇقىرىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ، مۇسۇلمان قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئاۋۋال ئۆزى قوشۇنغا باش بولۇپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. ساتۇق بۇغراخان خوتەننى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن

كېيىن، كۇچاغا يۈرۈش قىلدى. بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان كۇچا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، كېيىن مەغلۇپ بولۇپ باش ئەگدى. خوتەن بىلەن كۇچا بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئاھالىنىڭ دېگۈدەك كۆپچىلىكى يەنىلا مۇسۇلمان بولماي بۇددا دىنى ئېتىقادىدا قالدى.

ساتۇق بۇغراخان خوتەن بىلەن كۇچانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن تەخمىنەن مىلادىنىڭ 950 ـ يىللىرى شىمال (ئىلى تەرەپ)، جەنۇب (قارا شەھەر تەرەپ) يۆنىلىشىدىن قوشۇن ماڭدۇردى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى بۇددا دىنىدا قېلىش شەرتى بىلەن قاراخانىيلارغا بويسۇنغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنداق بويسۇنۇش كۆرۈنۈشكىلا، ناھايىتى قىسقا مۇددەتكىلا بولغان ئىدى.

بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان جەڭلەردە ئەبۇ نەسر سامانىينىڭ ئوغلى ئابدۇلپەتتاھ ناھايىتى ئوبدان جاسارەت كۆرسەتكەن ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ساتۇق بۇغراخان ئۇنىڭغا «ئالپ تېكىن» (قەھرىمان شاھزادە) ئۇنۋانىنى بەردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، مۇسۇلمان بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان، ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ ـ ياشناپ، تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ شانلىق بىر باسقۇچقا قەدەم قويۇشى ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي كۈرەشكەن ئۇلۇغ مەرىپەتپەرۋەر، تالانتلىق ھەربىي سەركەردە، دانىشمەن، سىياسىيون، قەتئىي، غەيرەتلىك، سۇنماس ئىرادىلىك ساتۇق بۇغراخان مىلادىنىڭ 956 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جەسىتى ئۆز ۋەسىيىتى بويىچە، ئۆزىنى مۇسۇلمان قىلغان ئۇستازى ئەبۇ نەسر سامانىينىڭ قەبرىگاھىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. ئۇيغۇرلار تاۋاپ قىلىپ تۇرىدىغان، ئاتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازىرى ئۇلۇغ بوۋىمىز ساتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىگاھى بولىدۇ.

ساتۇق بۇغراخاننىڭ بايتاش (مۇسا)، تۇڭگا ئىلىك (سۇلايمان) ئاتلىق ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ساتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن چوڭ ئوغلى بايتاش بۇغراخان ئۇنۋانىدا خاقان بولدى. مۇسا بۇغراخان قىسقا مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن. (956 ـ 958 ـ يىللار) دىن كېيىن ۋاپات بولدى. ئۇكىسى سۇلايمان ئارسلانخان خاقان بولدى. سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 958 ـ يىلىدىن 978 ـ يىلىغىچە) قاراخانىيلار تارىخىدا جىددىي، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر يۈز بەردى. مىلادىنىڭ 960 ـ يىلى يەتتە سۇ ۋە قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان غەيرى دىندىكى (قامان، بۇددا) ئۇيغۇرلاردىن 200 مىڭ چېدىرلىق ئاھالە (تەخمىنەن بىر

مىليون كىشى) ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. سۇلايمان ئارسلانخان مانا شۇ چوڭ ۋەقەنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىدى. ئاندىن كېيىن سۇلايمان ئارسلانخان خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ، مۇسۇلمان قىلىش ئۇچۇن قاراخانىيلار قوشۇنىغا ئۆزى باش بولۇپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. سۇلايمان ئارسلانخان خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى سۇندۇرۇپ، ئۇلارنى قايتىدىن بويسۇندۇردى، لېكىن خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار تولۇق مۇسۇلمان بولماي يەنىلا بۇددا ئېتىقادىدا قالدى. سۇلايمان ئارسلانخان خوتەندىن غەلىبە بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالپ تېكىن (ئابدۇلپەتتاھ) باشچىلىقىدىكى چوڭ بىر قوشۇننى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى مىڭلاق (ھازىرقى غۇلجا)قا ماڭدۇردى. ئالپ تېكىن باشچىلىقىدىكى قاراخانىيلار قوشۇنى مىڭلاقتىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، بۇددىست ئۇيغۇرلارنى ئۇ جايلاردىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ماكانلىرىغا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى جايلاشتۇردى. مانا مۇشۇ يۈرۈش توغرىسىدا مۇنداق بىر قوشاق توقۇلغان:

كېمە ئىچىگە ئولتۇرۇپ،
ئىلى سۈيىنى كەچتۇق بىز.
ئۇيغۇر تەرەپكە يۈزلىنىپ،
مىڭلاق ئېلىنى ئاچتۇق بىز[1].

تۈن بىلەن بېسىپ ئالدۇق،
ھەر تەرەپتىن بۇكتۇرمە قويدۇق.
ئاتلىرىنىڭ كوكۇلىرىنى كەستۇق،
مىڭلاق (غۇلجا) ئەرلىرىنى سويدۇق[2].

سۇلايمان ئارسلانخان ئىلى ئەتراپىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن تەخمىنەن مىلادىنىڭ 970 ـ يىللىرى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۇچۇن بەل باغلىدى. ئۇ مانا شۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن

(1) مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 1 – توم، 565 – بەت.
(2) مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 3 – توم، 324 – بەت.

ئالـپ تېكىـن (ئابدۇلپەتتاھ)نـى نۇرغـۇن قوشـۇنغا بـاش قىلىـپ، ئۇيغـۇر ئىدىقـۇت خانلىقىنى بـاش ئەگدۇرۇشكە ماڭدۇردى. ئالـپ تېكىـن باشچىلىقىدىكى قاراخانىيلار قوشـۇنى ئاقسـۇ، كۇچادىـن ئۆتـۈپ قاراشـەھەرنى ئالـدى. ئاندىـن كېيىـن ئۇيغـۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىـڭ قىشلىق پايتەختى قـارا قوجـۇ (ئىدىقـۇت شـەھىرى)غا ھۇجـۇم قىلـدى. قانلىـق جەڭلەردىـن كېيىـن ئۇيغـۇر ئىدىقـۇت خانـى ئارسـلانخان (مىلادىنىـڭ 948 ـ يىلىدىــن 990 ـ يىلىغىچـە خـان بولغـان) مەغلـۇب بولـۇپ، تەڭرىتېغىنىـڭ شــىمالىدىكى بــەش بالــق (ھازىرقـى جىمسـار ئەتراپلىرى)قـا چېكىنـدى، ئالـپ تېكىـن تۇرپـان ۋە ئۇنىـڭ ئەتراپىدىكى جايلارنـى ئىگىلـەپ ئالغاندىـن كېيىـن، بـەش بالىققـا قـاراپ يـۈرۈش قىلـدى. ئۇيغـۇر ئىدىقـۇت خانـى ئارسـلانخان بـەش بالىقنىـڭ جەنۇبىدىكـى تەڭرىتېغىنىـڭ ئىدىقـۇت شـەھىرىگە بارىدىغـان تـاغ ئېغىزىغـا نۇرغـۇن قوشـۇن توپلاپ، ھـەل قىلغـۇچ قانلىـق جەڭگـە تەييارلىنىـپ تـۇردى. قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىــرى توغرىســىدا يېزىلغــان بەزىبىــر تەزكىرىلەردىكـى خاتىرىگـە ئاساسـلانغاندا، ئالـپ تېكىـن بىلـەن ئارسـلانخان ئارىسـىدىكى ئـۇرۇش ھازىرقـى داۋانچىڭنىـڭ شـىمال تەرىپىدىكـى پارچـا سـايغاندا بولغـان. بـۇ ئۇرۇشـتا ئالـپ تېكىـن مەغلـۇپ بولـۇب، ئـۆزى ئۆلگـەن. ئۇرۇشـتا غالـىب بولغـان ئارسـلانخان تۇرپـان، قـارا شـەھەر قاتارلىـق شـەھەرلەرنى قاراخانىيلارنـىڭ قولىدىـن تارتىۋالغـان. تۇرپاندىكـى بۇددىسـت ئۇيغـۇرلار مۇسـۇلمان بولغاندىـن كېيىـن (17 ـ ئەسـردە) ھازىرقـى ئاسـتانىدا ئالـپ تېكىننـى خاتىرىلـەش يۈزىسـىدىن «ئەلپەتـا» دەپ ئاتىلىدىغـان مازارنـى بىنـا قىلغـان.

سـۇلايمان ئارسـلانخاننىڭ 970 ـ يىلـى ئۇيغـۇر ئىدىقـۇت خانلىقىغـا قىلغـان يۈرۈشـى (ئالـپ تېكىـن ئارقىلىـق) مەغلـۇب بولغاندىـن كېيىـن، خوتەندىكـى ئۇيغـۇرلار ئىسـيان كۆتـۈرۈپ، مىلادىنىـڭ 975 ـ يىلىدىـن تارتىـپ مىلادىنىـڭ 1000 ـ يىلىغىچە قاراخانىيـلار بىلـەن 25 يىـل ئۇرۇشـتى.

مۇسـا بۇغراخـان، سـۇلايمان ئارسـلانخان قاتارلىـق ئىككـى خاقاننىـڭ ۋاقتىـدا (مىلادىنىــڭ 956 ـ يىلىدىــن 978 ـ يىلىغىچــە) قاراخانىيلارنىــڭ تېررىتورىيىســى بىرقــەدەر كېڭەيگــەن بولســىمۇ، خوتــەن بۇددىســتلىرىنى، ئۇيغــۇر ئىدىقــۇت بۇددىســتلىرىنى بويسـۇندۇرالمىدى.

باشـتا ئېيتىـپ ئۆتكىنىمىـزدەك، خوتـەن بۇددىسـتلىرى 25 يىـل (مىلادىنىـڭ 975 ـ يىلىدىـن 1000 ـ يىلىغىچـە) قاراخانىيـلار بىلـەن ئۇرۇشـتى. ئۇلارنىـڭ بۇنـداق ئـۇزاق مۇددەتكىچـە قارشـىلىق كۆرسىتىشـىدە ئىككـى تۈرلـۈك سـەۋەب بـار ئىـدى. ئۇنىـڭ بىـرى، خوتەنـدە بۇددىـزم چوڭقـۇر يىلتىـز تارتقـان بولسـا، يەنـە بىـر سـەۋەب،

خوتەن بۇددىستلىرىغا تىبەت بۇددىستلىرى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت بۇددىستلىرى ھەر جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز ياردەم قىلىپ تۇرغان ئىدى.

سۇلايمان ئارسلانخان مىلادىنىڭ 978 ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مۇسا بۇغراخاننىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان خاقان بولدى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا (978 ـ 998 ـ يىللار) قاراخانىيلار كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى. سۇلايمان (مۇسانىڭ ئۇكىسى)نىڭ ئوغلى ھارۇن بۇغراخان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئورۇنباسارى بولدى. ھارۇن بۇغراخان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ۋاقتىدا چوڭ رول ئوينىدى. ھارۇن بۇغراخان سىياسىي ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ئۇستا، ناھايىتى تەدبىرلىك، ھەربىي جەھەتتە ساتۇق بۇغراخاندىن زادى قېلىشمايدىغان، ئىستراتېگىلىك، ئاجايىپ غەيرەتلىك، باتۇر ئادەم بولۇپ، ئىتائەتتىن باش تارتقان بەڭباشلارنى تېزلىكتە بويسۇندۇردى. قاراخانىيلار دۆلىتى ئىچكى جەھەتتە تولۇق تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. ئەلى ئارسلانخان قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى مۇسۇلمان ۋە غەيرىي دىندىكى (قامان، بۇددا، مانى قاتارلىق دىنلاردىكى) ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان، ناھايىتى كۈچلۈك، ئىنتىزاملىق، جەڭگىۋارلىقى ئۇستۈن قوشۇن تەشكىللەپ، دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئاشۇردى. ئۇ مانا شۇ كۈچكە تايىنىپ تۇرۇپ، خۇراسان (شەرقىي ئىران)، ئافغانىستان، ماۋەرائۇننەھرى قاتارلىق چوڭ تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، باي، مەدەنىيەتلىك، كۈچلۈك سامانىيلار دۆلىتىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋېلىشقا بەل باغلىدى.

ئەلى ئارسلانخان مانا شۇ ئۇلۇغ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم قوشۇننى خوتەن ۋە ئىدىقۇت بۇددىستلىرىنىڭ ئېھتىمالدىن يىراق بولمىغان ھۇجۇملىرىنى قايتۇرۇپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن كېيىن ئۇ مىلادىنىڭ 990 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قوشۇن ئەۋەتىپ يەتتە سۇدىكى ئىسفىجاپ شەھىرىنى سامانىيلار قولىدىن تارتىۋالدى. سامانىيلار مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى (بۇ چاغدا ئۇلار ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ نائىبى ئىدى) ئىسفىجاپنى بېسىۋالغان ئىدى. ئەلى ئارسلانخاننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ھارۇن بۇغراخان ئىسفىجاپنى سامانىيلار قولىدىن تارتىپ ئالغاندىن كېيىن، بالاساغۇن ئەتراپىغا نۇرغۇن قوشۇن توپلىدى. بۇندىن تاشقىرى سامانىيلارنىڭ ئوغۇزلاردىن كېلىپ چىققان ھەربىي سەركەردىلىرى بىلەن مەخپىي مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ سامانىيلاردىن يۈز ئۆرۈپ، قاراخانىيلار تەرەپكە ئۆتۈشىنى قولغا كەلتۈردى.

سامانىيلار دۆلىتى ئەلى ئارسلانخان قاراخانىيلار تەختىگە چىققان مەزگىلدىن باشلاپ، ئىچكى جەھەتتە ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالغا يولۇققان ئىدى. شۇ چاغدا سامانىيلار ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى، يەرلىك فېئوداللارنىڭ توپىلاڭلىرى سەۋەبىدىن ھالسىراشقا باشلىغان ئىدى. ئىچكى ئىسيانلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچلەر كۆپلەپ سەرپ قىلىنغاندىن تاشقىرى، مالىيە جەھەتتىمۇ ناھايىتى نۇرغۇن بايلىق سەرپ قىلىنغان ئىدى. مالىيە قىيىنچىلىقىغا يولۇققان سامانىي ھۆكۈمرانلىرى خەلق ئۈستىدىكى تۈرلۈك ئالۋاڭ ـ ياساقلارنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. بۇنداق قىلىش خەلق ئاممىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىلادىنىڭ 960 ـ يىللىرى سامانىيلارنىڭ خوراساندىكى نائىبى (باش ۋالىيسى) ئالپتېكىن (كېيىن چىقىشى ئوغۇزلاردىن) مەركىزىي ھاكىمىيەتكە بويسۇنماي خوراسان، ئافغانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېررىتورىيىدە غەزنەۋىيلەر سۇلتانلىقىغا (مىلادىنىڭ 963 ـ يىلىدىن 1187 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئاساس سېلىپ مۇستەقىل بولۇۋالدى. سامانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ماۋەرائۇننەھرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. ھارۇن بۇغراخان سامانىيلارنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئۆز ۋاقتىدىلا بايقاپ تۇرغان ئىدى.

ھارۇن بۇغراخان سامانىيلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشنىڭ شەرت ـ شارائىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېسابقا ئېلىپ، مىلادىنىڭ 992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا يەتتە سۇدىن غەربكە ـ ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش باشلىدى. ھارۇن بۇغراخاننىڭ سامانىيلار دۆلىتىگە شىددەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغانلىقىدىن چۆچۈپ كەتكەن سامانىيلارنىڭ پادىشاھى نوھ ئىبنى مەنسۇر (مىلادىنىڭ 976 ـ يىلىدىن 997 ـ يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك يۈرگۈزۈپ، قوراللىق كۈچ بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى. بۇ ئەھۋالغا قارىغاندا ھارۇن بۇغراخان كۆپ سانلىق كۈچلۈك قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قوزغىغانلىقى مەلۇم. لېكىن تارىخىي خاتىرىلەردە قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ ئېنىق سانى ھەققىدە ئۇچۇق مەلۇمات يوق. نوھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى يارلىقى ئانچىۋالا دېگۈدەك رول ئوينىمىغان. چۈنكى نوھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ تالانتلىق، مەشھۇر ھەربىي سەركەردىلىرىنىڭ تولىسى ئۇيغۇرلارغا قېرىنداش بولغان ئوغۇزلاردىن ئىدى. ئۇلار نوھ ئىبنى مەنسۇرنى قوللىمىدى. ئەنە شۇنداق شارائىت ئاستىدا قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرى ئانچە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىمايلا

ئالغا ئىلگىرىلەۋەردى. ئوغۇزلاردىن بولغان ئايانچ تېكىن باشچىلىقىدىكى سامانى قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. ئايانچ تېكىن ئەسىر چۈشتى. نوھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ فايىق تېكىن ئاتلىق سەركەردىسى هارۇن بۇغراخان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان نوھ ئىبنى مەنسۇر پايتەخت بۇخارانى تاشلاپ قاچتى. هارۇن بۇغراخان فايىق تېكىننىڭ قارشى ئېلىشى بىلەن مىلادىنىڭ 992 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تەنتەنىلىك هالدا بۇخارادىكى جويىمولىئان ئوردىسىغا كىردى. هارۇن بۇغراخان فايىق تېكىننى تىرمىزغا نائىب قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ چاغدا هارۇن بۇغراخان سامانىيلارنىڭ خوراساندىكى نائىبى ئەبۇئەلى سىمجورىدىن ئۆزىگە شەرتسىز بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلغاندا ئەبۇئەلى باشتا هارۇن بۇغراخانغا بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىپ (ئۇ سامانىيلار تېررىتورىيىسىنى هارۇن بۇغراخان بىلەن بۆلۈشىپ ئېلىشقا كېلىشكەن ئىدى) نوھ ئىبنى مەنسۇر تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

قاراخانىيلار ماۋەرائۇننەھرىنى سامانىيلار قولىدىن تارتىپ ئالغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ تېررىتورىيىسى ناهايىتى كېڭىيىپ كەتتى. قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى شىمالدا بالقاشتىن تارتىپ، جەنۇبتا كەشمىرگىچە، شەرقتە كۇچانىڭ غەربىدىن تارتىپ، غەربتە خارەزمگىچە سوزۇلدى. مانا شۇ بىپايان، چەكسىز تېررىتورىيە ئۈچ مىليون كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، هازىرقى فرانسىيەدەك ئالتە فرانسىيە زېمىنىغا تەڭ ئىدى.

قاراخانىيلار بالاساغۇنغا ۋە ئۆزكەنتكە «ئىلىك خان» ئۇنۋانىدا ئىككى باش ۋالىي تەيىنلىدى. بالاساغۇنغا تەيىنلەنگەن باش ۋالىي شىمالىي ئىلىك خان دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە سىر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى ئىدارە قىلاتتى. شىمالىي ئىلىك خاننىڭ مەركىزى بالاساغۇن ئىدى. ئۆزكەنتكە تەيىنلەنگەن باش ۋالىي غەربىي ئىلىك خان دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ئاساسەن ماۋەرائۇننەھرىنى ئىدارە قىلاتتى. شىمالىي ئىلىك خانلىققا قاراخانى شاھزادىلىرىدىن بىرى تەيىنلەندى. غەربىي ئىلىك خانلىق ۋەزىپىسىگە ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ناسىر تەيىنلەنگەن ئىدى.

هارۇن بۇغراخان بۇخاراغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كېسىلى (سوك قاناش ـ گېمورويى) ئېغىرلىشىپ، سەمەرقەنتكە كەتتى. لېكىن ئۇ يەردىمۇ ئانچە ئۇزاق تۇرماي، قەشقەرگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئاتباشقا كەلگەندە ئالەمدىن ئۆتتى. جەسىتى قەشقەرگە كەلتۈرۈلۈپ، هازىرقى بەشكېرەمنىڭ قاراساقال كەنتىگە دەپنە قىلىنغانلىقى مەلۇم. مانا شۇنداق ئەھۋالدىن پايدىلانغان نوھ

ئىبنى مەنسۇر مىلادىنىڭ 992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بۇخارانى بېسىۋالدى. ھارۇن بۇغراخان تەرىپىدىن بۇخاراغا قويۇلغان ھاكىم ئابدۇلئەزىز (نوھنىڭ ئۇكىسى) ئۆلتۈرۈلدى.

ئەلى ئارسلانخان ھارۇن بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن غەربىي ئىلىك خانى ناسىرغا (ئوغلىغا) يارلىق چۈشۈرۈپ، سامانىيلارنى ئۈزۈل ـ كېسىل تارمار قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ناسىر ئىلىك خان سامانىيلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆردى.

مىلادىنىڭ 997 ـ يىلى 23 ـ ئىيۇلدا سامانى پادىشاھى نوھ ئىبنى مەنسۇر ئالەمدىن ئۆتتى. ئورنىغا ئوغلى ئوبۇل ھارىس مەنسۇر پادىشاھ بولدى. بۇ ئەقىللىق، تەمكىن ئادەم بولسىمۇ، سامانىيلار پادىشاھلىقىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تارمار بولۇشتىن قۇتۇلدۇرالمىدى. ئوبۇل ھارىس مەنسۇر پادىشاھ بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن مىلادىنىڭ 998 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئەلى ئارسلانخان ئالەمدىن ئۆتتى. مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئەلى ئارسلانخان خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قۇربان بولغان. بۇ ئۇرۇش مىلادىنىڭ 998 ـ يىلى يەكەن بىلەن يېڭىسار ئوتتۇرىسىدىكى چۆلدە (ھازىرقى ئوردام مازىرى ئەتراپىدا) بولغان. ئەلى ئارسلانخاننىڭ جەسىتى قەشقەر تۆۋەنكى تاربوغوزغا (تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىغا) دەپنە قىلىنغان.

ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئەھمەد، ناسىر، مۇھەممەد، مەنسۇر قاتارلىق تۆت ئوغلى بار ئىدى. ئەلى ئارسلانخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى ئەھمەد توغان خان خاقان بولدى. ئەھمەد توغان خاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 998 ـ يىلىدىن 1018 ـ يىلىغىچە) سامانىيلار پادىشاھلىقى ئاغدۇرۇلۇپ تاشلاندى. خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار تولۇق بويسۇندۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. غەزنەۋىيلەر بىلەن ئىككى قېتىم، شەرقىي قىتانلار بىلەن بىر قېتىم ئۇرۇش بولدى.

ئەھمەد توغان خان مىلادىنىڭ 999 ـ يىلى (تاغىسى ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوغلى يۇسۇپ قادىرخاننى 40 مىڭ قوشۇنغا باش قىلىپ، خوتەن خانلىقىنى ئۈزۈل ـ كېسىل بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى. يۇسۇپ قادىرخان باشچىلىقىدىكى قاراخانىي قوشۇنلىرى خوتەن بۇددىستلىرىنى مەغلۇب قىلىپ ياغلاقالۇنى ئۆلتۈردى. مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلى تولۇق بويسۇندۇرۇلغان خوتەن خانلىقىغا يۇسۇپ قادىرخان خان قىلىپ تەيىنلەندى.

ئەھمەد توغان خان مىلادىنىڭ 999 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخاننى خوتەن بۇددىستلىرىنى بويسۇندۇرۇشقا ماڭدۇرغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا، غەربىي ئىلىك خانى ناسىرغا بۇيرۇق بېرىپ، سامانىيلار ھۆكۈمرانلىقىنى تامامەن ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى تاپىلىدى. غەربىي ئىلىك خان ناسىر مىلادىنىڭ 999 ـ يىلى 23 ـ ئۆكتەبىردە بۇخاراغا كىردى. ئۇ، جويىمولىئان ئوردىسىدىكى سامانىيلار خەزىنىسىگە توپلانغان ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىقلارنى ۋە سامانىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى نەزەربەنت قىلىپ، ئۆز كەنتىگە ماڭدۇردى. ئىلىك ناسىر بۇخاراغا باش ۋالىي قويغاندىن كېيىن ئۆزكەنتكە قايتىپ كەتتى. تەخمىنەن 130 يىل (870 ـ 1000 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن سامانىيلار پادىشاھلىقى يوق قىلىندى. ئۆزكەنتكە نەزەربەنت قىلىپ ئەۋەتىلگەن سامانىي شاھزادىلىرىدىن بىرى ـ ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمائىل ئاياللچە ياسىنىپ ئۆزكەنتتىن قاچتى. ئۇ، مۇنتەسىر (غالىپ) نامىنى ئېلىپ، سامانىيلار پادىشاھلىقىنى ئۆز ھالىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرنەچچە يىل (مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلىدىن 1005 ـ يىلىغىچە) كۈرەش قىلدى. لېكىن مۇنتەسىرنىڭ قاراخانىيلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەربىكىتى ئاخىرىدا مەغلۇب بولدى. ئۆزى، مەرۋە شاھجاھان ئەتراپىدا بىر ئەرەب قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

سامانىيلار پادىشاھلىقى قاراخانىيلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەر خىل شەكىلدە تۈس ئالدى.

ئەسلىدە بۇخارانى پايتەخت قىلغان سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ غەزنە شەھىرىگە قويغان باش ۋالىيسى بارقا تېكىن (كېلىپ چىقىشى ئوغۇزلاردىن)نىڭ ئوغلى ئالپ تېكىن نىشاپورغا ۋالىي بولغان چاغدا، ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇستەقىل بولۇۋالغان ئىدى. ئالپ تېكىن مىلادىنىڭ 963 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندە ئوغلى ئىجىك تېكىن خان بولدى. مىلادىنىڭ 966 ـ يىلى ئىجىك تېكىن ئالەمدىن ئۆتكەندە ئورنىغا بىلايى خان بولغان بولسىمۇ، لېكىن سەبۇق تېكىن (ئالپ تېكىننىڭ ئاسراندى ئوغلى) تەرىپىدىن 976 ـ يىلى قوغلاندى. سەبۇق تېكىن خان بولغان مەزگىلدىن تارتىپ غەزنە شەھىرىنى ئۆزىگە پايتەخت قىلغان ئالپ تېكىننىڭ ۋارىسلىرى بۇ يېڭى دۆلەتكە «غەزنەۋىيلەر» دەپ ئات قويغان ئىدى.

سەبۇق تېكىننىڭ ئوغلى مەھمۇد غەزنەۋىي غەزنەۋىيلەر دۆلىتىگە سۇلتان بولغان چاغدا (997 ـ 1030 ـ يىللار) غەزنەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسى

كېڭىيىپ، شەرقى ھىندىستاننىڭ پەنجاپ ۋادىسىغىچە، غەربى ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن خارەزمگىچە سوزۇلغان ئىدى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ھەققىدە «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇش تارىخى»نىڭ ئاپتورى گىببون مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

«سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خانلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئىيسا تۇغۇلۇپ 1000 يىلدىن كېيىن ئىراننىڭ شەرقىدىكى ئۆلكىلەرگە ھۆكۈمران بولغان... بۇ مۇسۇلمان قەھرىمان ئەزەلدىن تارتىپ قاتتىق سوغۇق پەسىللەردىن، ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغلاردىن، كەڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان چوڭقۇر دەريالاردىن، چۆل - باياۋان، قۇملۇقلاردىن، دۈشمەنىنىڭ ھەددى - ھېسابسىز قوشۇنلىرى ۋە قورقۇنچلۇق جەڭ پىللىرىدىن قىلچە قورقۇپ باققان ئەمەس»[1].

يۇقىرىدىكى باھا سۇلتان مەھمۇدنىڭ ناھايىتى يۈرەكلىك، باتۇر ۋە چىداملىق ئىكەنلىكىنى قاتتىق ئىپادىلەپ بىرىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قارىتىلغان. ھەقىقەتەنمۇ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي دۈشمەنگە نىسبەتەن ناھايىتى قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك، ئۇلۇغ ئىستىلاچى ئىدى.

مەھمۇد غەزنەۋىي مىلادىنىڭ 999 - يىلى قاراخانىيلارنىڭ غەربىي ئىلىك خانى ناسىر بۇخارانى ئالغاندا ئۆزىنى ئەڭ شۆھرەتلىك نام بىلەن «سۇلتان» دەپ ئاتىغان ئىدى. باغدات خەلىپىسى قادىر (991 - 1031 - يىللار) پەرمان چىقىرىپ، سۇلتان مەھمۇدنى: «دۆلەتنىڭ ئوڭ قولى ۋە دىندارلارنىڭ تايانچىسى» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن تاج ۋە پەخرى ناملارنى بەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە خوراسان، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا كۈچلۈك ئىككى دۆلەت ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ ئىككى دۆلەت (قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر) ئامۇ دەرياسىنى چېگرا قىلغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئوغۇزلار باش بولۇپ قۇرغان قېرىنداش دۆلەتلەر ئىدى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ھىندىستاننى تولۇق بويسۇندۇرۇپ بۇددىست ھىندىلارنى مۇسۇلمان قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ، بۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، قاراخانىيلار بىلەن دوستانە، ئىناق ئۆتۈشى، كۈچلۈك، جەڭگىۋار قوشۇن تەشكىل قىلىشى لازىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتان مەھمۇد

(1) گىببون (ئىنگلىز تارىخچىسى) «ئافغانىستان تارىخى» خەنزۇچە، 278 - بەت.

غەزنەۋىي مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلى غەزنەۋىيلەر ئەلچىلىرىنى غەربىي ئىلىك خانى ناسىرنىڭ قارارگاھى ئۆزكەنتكە ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن ناسىر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇزاكىرىلەر نەتىجىسىدە قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەرنىڭ چېگراسى ئامۇ دەريا قىلىپ بەلگىلەندى. ناسىرنىڭ قىزى سۇلتان مەھمۇدقا ياتلىق قىلىندى. غەزنەۋىيلەرنىڭ ئەلچىلىرى قايتىدىغان چاغدا، ناسىر سۇلتان مەھمۇدقا قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي قاراخانىيلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىۋالغاندىن كېيىن، 100 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان كۈچلۈك قوشۇن تەشكىل قىلدى. قوشۇننىڭ 50 مىڭى ئاتلىق، 50 مىڭى پىيادە ئىدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي يۇقىرىدىكى ئىككى مۇھىم ئىشنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش باشلىدى. تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ھىندىستانغا 17 قېتىم يۈرۈش قىلغان ئىدى.

قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر ئارىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت ئانچە ئۇزاققا بارمايلا بۇزۇلدى. بۇنىڭغا قاراخانىيلارنىڭ زېمىن تەلپىيى سەۋەب بولدى. ئەسلىدە ئافغانىستان بىلەن خوراسان سامانىيلارنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. قاراخانىيلار سامانىيلارنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، سامانىيلارنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئۆزىمىز ئىگە بولىمىز دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، سامانىيلارنىڭ ئافغانىستان بىلەن خوراسان قىسمىنى سۇلتان مەھمۇد ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋالغان ئىدى. قاراخانىيلار بولسا بۇنىڭغا نارازى ئىدى. شۇ سەۋەبكە ئاساسەن، سۇلتان مەھمۇد ھىندىستانغا قوشۇن تارتىپ كەتكەندە، قاراخانىيلارنىڭ غەربىي ئىلىك خانى ناسىر ئىبنى ئەلى (ئەلى ئارسلانخان) جەپەر تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قوشۇننى ئافغانىستانغا، سۇ بېشى تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم قوشۇننى خوراسانغا ماڭدۇردى.

جەپەر تېكىن بەلخ ۋە ھىندىقۇش تاغلىرى ئەتراپىغىچە بېسىپ باردى. سۇ بېشى تېكىن بولسا، مەرۋە شاھجاھان، ھىرات ۋە خوراساندىكى نىشاپور، تۇس قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋالدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ھىندىستاندىن ناھايىتى تېزلىكتە قايتىپ كېلىپ، قاراخانىيلارغا قارشى قوشۇن ماڭدۇردى. سۇلتان مەھمۇد ئەۋەتكەن قوشۇنلار جەپەر تېكىننى تېرمىزغا چېكىندۇرگەن بولسا، سۇ بېشى تېكىننى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ،

ماۋەرائۇننەھرگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. غەربىي ئىلىك خانى ناسىر ئىبنى ئەلى مىلادىنىڭ 1008 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم غەزنەۋىيلەرگە قارشى يۈرۈش باشلىدى. ناسىر ئىبنى ئەلىنىڭ غەزنەۋىيلەرگە قارشى يۈرۈش قىلىشىغا ئۇلۇغ خاقان ئەھمەد توغان خان قوشۇلمىغان ئىدى. ناسىر ئىبنى ئەلى ئاكىسى ئەھمەد توغان خاننىڭ نارازىلىقىغا قارىماي ئىككىنچى قېتىمقى يۈرۈشكە خوتەن خانى يۈسۈپ قادىرخاننى ياردەمگە چاقىردى. قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئەھمەد توغان خان بىلەن زىددىيىتى بولغان (تەختنى تارتىۋېلىش نىيىتى بار ئىدى) يۈسۈپ قادىرخان ناسىر ئىبنى ئەلىنى قوللاپ، غەزنەۋىيلەرگە قارشى يۈرۈشكە قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە غەربىي ئىلىك خانى ئەھمەد توغان خانمۇ قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن. قاراخانىيلارنىڭ غەزنەۋىيلەرگە قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈشىگە 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن سەپەرۋەر قىلىندى. يۈرۈشنىڭ تەشەببۇسكارى ۋە ئۇيۇشتۇرغۇچىسى ناسىر ئىبنى ئەلى قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. قاراخانىي قوشۇنلىرى بەلخنى بېسىۋالدى. بۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇننى باشلاپ غەزنىدىن يولغا چىقتى. غەزنەۋىيلەرنىڭ قوشۇنىدا 500 جەڭ پىللىرىمۇ بار ئىدى. قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەرنىڭ قوشۇنلىرى مىلادىنىڭ 1008 ـ يىلى 4 ـ يانۋاردا بەلختىن 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «كەتەر» دېگەن سايدا بىر ـ بىرىگە قارشى سەپ تارتىشتى. يۈسۈپ قادىرخان قاراخانىي قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، ناسىر ئىبنى ئەلى قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتىغا، جەپەر تېكىن سول قانىتىغا باش بولۇپ تۇردى. ئەھمەد توغان خان بولسا قاراخانىي قوشۇنلىرىنىڭ ئېھتىياتتا تۇرغان قىسمىغا باش بولۇپ، سەپنىڭ ئارقىسىدا تۇردى. ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى بىلەن سۇلتان مەھمۇدنىڭ جەڭ پىللىرى ھۇجۇمغا ئۆتتى. قاراخانىي قوشۇنلىرى جەڭ پىللىرىنى ئارقىغا يېنىپ، قېچىشقا مەجبۇر قىلىپ، غەزنەۋىيلەر قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا قاتتىق زەربە بەردى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ قوشۇنلىرى قالايمىقان ھالدا چېكىنىشكە باشلىدى. لېكىن سەپ ئارقىسىدا ئېھتىياتتا تۇرغان قوشۇنلارغا باش بولۇپ تۇرغان سۇلتان مەھمۇد ناھايىتى تەسىرلىك، قىسقا، يالقۇنلۇق بىر نۇتۇق سۆزلەپ، قوشۇنلىرىنى روھلاندۇرۇپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا ماڭدۇردى. قاتتىق جەڭدىن كېيىن قاراخانىي قوشۇنلىرى چېكىندۇرۈلدى. كەچ كىرگەندە سۇلتان مەھمۇد پۈتۈن قوشۇنلىرىنى توپلاپ ۋە جەڭ پىللىرىنى سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ

ئوتتۇرا قىسمىغا ھۇجۇم قىلدى. دەل شۇ چاغدا قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ ئارقا سېپىدە ئېھتىياتتا تۇرغان ئەھمەد توغان خان ئارقىغا قاراپ قاچتى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرگەن قاراخانىيلار قوشۇنى تەرتىپسىز ھالدا چېكىندى. ناسىر ئىبنى ئەلى قاراخانىيلار قوشۇنىنى بەلخكە چېكىندۈرۈپ كەتتى. مەھمۇد غەزنەۋىي بولسا، ئالدىراش چېكىنىپ كېتىۋاتقان قاراخانىي قوشۇنلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلىماي «كەتەر» سېپىدا تۇردى. ناسىر ئىبنى ئەلى بەلخكە چېكىنىپ كەلگەن قاراخانىي قوشۇنلىرىنى رەتكە سېلىپ، ئىنتىزام بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ماۋەرائۇننەھرگە ئېلىپ كەتتى.

بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتە ئەھمەد توغان خاننىڭ قېچىشى سەۋەب بولدى. بەزى تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە ئەھمەد توغان خان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇرىسىدا مەخپىي تىل بىرىكتۈرۈش بار ئىكەن.

شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ قاراخانىي ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتكە باھا بەرگەندە ئەھۋال مۇنداق ئىدى:

ناسىر ئىبنى ئەلى مىلادىنىڭ 999 ـ يىلى سامانىيلارنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، مىلادىنىڭ 1004 ـ يىلى سامانىيلار دۆلىتىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقاتقاندىن كېيىن، ناسىر ئىبنى ئەلىنىڭ ئابرويى ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ناسىر ئىبنى ئەلى قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئەھمەد توغانغا ئانچىۋالا ھۆرمەت قىلماي، ئۆز ئالدىغىلا غەزنەۋىيلەرگە قارشى ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىشقا پېتىنغان ئىدى. ئەگەر ناسىر ئىبنى ئەلى غەزنەۋىيلەرگە قىلغان يۈرۈشىدە غەلىبە قىلىدىغان بولسا ئۆز ئاكىسى ئەھمەد توغاندىن تەختىنى تارتىۋېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. مانا شۇ سەۋەبتىن ئەھمەد توغان خان ئۇكىسى ناسىر ئىبنى ئەلىنىڭ سۇلتان مەھمۇد ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمەد تۇغانخان ناسىرنى قوللىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدىن قېچىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى. ئېھتىمال ئۇنىڭ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي بىلەن مەخپىي ھالدا تىل بىرىكتۈرگەنلىكىمۇ راست بولسا كېرەك. ئۇرۇشتىن كېيىنكى ۋەقەلەرمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇرۇشنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئەھمەد توغان خانغا (قەشقەرگە)، غەربىي ئىلىك خانى ناسىر ئىبنى ئەلىگە (ئۆزكەنتكە)، خوتەن خانى يۈسۈپ قادىرخانغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەلچىلەر

ئەۋەتىپ، دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەھمەد توغان خان سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ ئەلچىلىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، غەزنەۋىيلەر بىلەن تىنچلىق، دوستلۇق بىتىمنامىسى تۈزدى. لېكىن ناسىر ئىبنى ئەلى بىلەن يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ھۇزۇرىغا بارغان غەزنەۋىيلەرنىڭ ئەلچىلىرى ئۈمىدسىز ھالدا غەزنىگە قايتىپ كېلىشتى. چۈنكى ناسىر ئىبنى ئەلى بىلەن يۇسۇپ قادىرخان سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقان ئىدى.

ناسىر ئىبنى ئەلى ئاكىسى ئەھمەد توغان خاننىڭ ئۆزىنى قوللىمىغانلىقىدىن غەزەپلىنىپ، مىلادىنىڭ 1009 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئەھمەد توغان خانغا قارشى يۈرۈش قىلدى. ناسىر ئىبنى ئەلى باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار ئۆز كەنتتىن يولغا چىقىپ بالاساغۇنغا قاراپ كېتىۋاتقاندا قاتتىق قار يېغىپ كەتتى. يۈرۈش توختىدى. ناسىر ئىبنى ئەلىنىڭ ئەھمەد توغان خاننىڭ ئەدىبىنى بېرىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. ناسىر ئىبنى ئەلى ئۆزكەنتكە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي قەشقەرگە (ئەھمەد توغان خانغا)، ئۆزكەنتكە (ناسىر ئىبنى ئەلىگە) ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننى (ئەھمەد بىلەن ناسىرنى) ياراشتۇرۇپ قويدى. شۇندىن باشلاپ قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر ئوتتۇرىسىدا دوستانە، ئىناق ۋە قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت قايتىدىن تىكلەندى.

مىلادىنىڭ 1012 ـ يىلى غەربىي ئىلىك خانى ناسىر ئىبنى ئەلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئەھمەد توغان خان ئۆز ئۇكىسى مەنسۇر ئىبنى ئەلىنى مەرھۇم ئۇكىسى ناسىر ئىبنى ئەلىنىڭ ئورنىغا غەربىي ئىلىك خانى قىلىپ تەيىنلىدى.

مىلادىنىڭ 1016 ـ يىلى ئەھمەد توغان خان ئاغرىپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى غەنىمەت بىلگەن غەربىي ئىلىك خانى مەنسۇر ئىبنى ئەلى، تالاس، تاشكەنت، پەرغانە، ئۆزكەنت، خوجەنت، بۇخارا قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمران بولۇۋالدى. مەنسۇر ئىبنى ئەلىنىڭ ئۇكىسى مۇھەممەد ئاكىسىنى قوللىدى. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئەھمەد توغان خان، خوتەن ھاكىمى يۇسۇپ قادىرخان، ئەلى تېكىن بىلەن بىرلىشىپ ئۇكىسى مەنسۇر ئىبنى ئەلىگە قارشى ئۇرۇشتى. ھارۇن بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى (ھەسەننىڭ ئوغلى) ئەلى تېكىننىڭ مەنسۇر ئىبنى ئەلىگە ئەسىر چۈشكىنىگە قارىغاندا ئۇرۇشتا ئەھمەد توغان خان يېڭىلگەن.

ئەھمەد توغان خاننىڭ ئاغرىپ قېلىشى قاراخانىي ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدىكى

ھاكىمىيەت تالىشىشىنىڭ يۈز بېرىشى قاتارلىق ئەھۋالدىن پايدىلانغان شەرقىي قىتان خانلىقى (مىلادىنىڭ 916 ـ يىلىدىن 1125 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ خانى يىلولوڭشۈي (مىلادىنىڭ 983 ـ يىلىدىن 1031 ـ يىلىغىچە خان بولغان) 100 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى قاراخانىيلارغا قارشى ئاتلاندۇردى. قىتان قوشۇنلىرى ئالتاي ۋە ئىلى قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىپ، بالاساغۇنغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئەھمەد توغان خان قىتانلارغا قارشى قوشۇن ماڭدۇردى. قاراخانىي قوشۇنلىرى قىتانلار تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. ئەھمەد توغان خان بۇ چاغدا ساقايغان ئىدى. بۇ مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ قىلچە ئەندىشە قىلماي قىتانلارغا قارشى ئۆزى ماڭدى. قىتانلار ئەھمەد توغان خاننىڭ نۇرغۇن قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بالاساغۇننىڭ شىمالىدىن سەككىز كۈنلۈك يىراق جايدا توختىدى. ئەھمەد توغان خان شۇ جايدا قىتانلارنى تارمار كەلتۈردى. ئەھمەد توغان خان ئارقىغا چېكىنىپ قاچقان قىتانلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ قاتتىق زەربە بەردى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى قىرىپ تاشلىدى. بىر تۈمەن قىتاننى ئەسىر ئالدى. نۇرغۇن چارۋا ـ مالنىمۇ قولغا چۈشۈردى. ئەھمەد توغان خاننىڭ قىتانلارغا قارشى يۈرۈشى ئۈچ ئاي داۋام قىلدى. قىتانلار ئىلى ۋە ئالتايدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، ئۆز دۆلىتى تېررىتورىيىسىگە ھەيدىۋېتىلدى.

مىلادىنىڭ 1018 ـ يىلى قىتانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئەھمەد توغان خان ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتتى. ئاكىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، غەربىي ئىلىك خانى مەنسۇر ئىبنى ئەلى (مىلادىنىڭ 1012 ـ يىلىدىن 1018 ـ يىلىغىچە ئىلىك خان بولغان) قاراخانىيلارغا خاقان بولدى. مەنسۇر ئارسلانخان ئۆكىسى مۇھەممەد ئىبنى ئەلىنى غەربىي ئىلىك خانى قىلىپ تەيىنلىدى.

مەنسۇر ئارسلانخاننىڭ چوڭ خاقان بولغىنىغا نارازى بولغا يۈسۈپ قادىرخان غەزنىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مەنسۇر ئارسلانخاندىن خاقانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشقا بەل باغلىدى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي يۈسۈپ قادىرخانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھرگە قوشۇن تارتىپ كەلدى. لېكىن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي چۈشىنىپ بولمايدىغان سىرلىق بىر سەۋەبكە ئاساسەن ئۇشتۇمتۇتلا ئارقىغا يېنىپ، غەزنىگە قايتىپ كەتتى. بۇ ۋەقەدىن ھەيران قالغان ۋە ناھايىتى خاپا بولغان يۈسۈپ قادىرخان، مىلادىنىڭ 1019 ـ يىلى مەنسۇر ئارسلانخان بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىيگە قارشى ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلدى. يۈسۈپ قادىرخان سۇلتان

مەھمۇد غەزنەۋىيدىن خۇراساننى تارتىۋالماقچى بولدى.

شۇنداق سەۋەبلەرگە ئاساسەن، مىلادىنىڭ 1019 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخان باشچىلىقىدىكى قاراخانىي قوشۇنلىرى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خۇراسانغا بېسىپ كىردى. لېكىن سۇلتان مەھمۇد بەلخ ئەتراپىدا قاراخانىي قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى. ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇققان يۈسۈپ قادىرخان پەرىشان ھالدا ماۋەرائۇننەھرگە چېكىندى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش قاراخانىيلار ئۈچۈن ناھايىتى پاجىئەلىك ئۇرۇش بولدى. چۈنكى قاراخانىي قوشۇنلىرى خۇراساندىن چېكىنىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتىدىغان چاغدا ناھايىتى نۇرغۇن جەڭچى سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى، مانا شۇ قانلىق ۋەقە يۈز بېرىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي غەزنەۋىيلەرنىڭ خارەزمدىكى باش ۋالىيسى ئالتۇن تاشتىن سۇلتان مەھمۇدنىڭ غەلىبىسىگە مەدھىيە ئوقۇغان تەبرىكنامە ئالدى. سۇلتان مەھمۇد ئالتۇن تاشقا مەكتۇپ يوللاپ، بۇ ۋەقەنى قانداق بىلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئالتۇن تاش: «ئامۇ دەرياسى ئارقىلىق خارەزمگىچە ئېقىپ بارغان قاراخانىيلارنىڭ دەريادا غەرق بولۇپ ئۆلگەن قوشۇنلىرىنىڭ باش كىيىملىرىدىن بىلدۇق» دېگەن.

قاراخانىيلارنىڭ سۇلتان مەھمۇدتىن مەغلۇپ بولغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ ئەلى تېكىن ئىسيان كۆتۈردى. ئەلى تېكىن، ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوغلى ئىدى. ئەلى تېكىن، مىلادىنىڭ 1021 ـ يىلى ئوغۇزلارنىڭ يابغۇسى ئارسلان يابغۇ بىلەن بىرلىشىپ بۇخارانى بېسىۋالدى. ئەلى تېكىن ئىسيانىدىن باشلاپ غەربىي ئىلىك خان مۇھەممەدنىڭ ئەھۋالى ئېغىرلاشتى. چۈنكى ئەلى تېكىن بىلەن ئارسلان يابغۇنىڭ بىرلەشكەن قوشۇنلىرى مۇھەممەدنى تارمار كەلتۈرگەن ئىدى. شۇنداق بولغاندا، مۇھەممەد غەربىي ئىلىك خانلىق ۋەزىپىسىدە ئۈچ يىللا (مىلادىنىڭ 1018 ـ يىلىدىن 1021 ـ يىلىغىچە) تۇرغان ئىدى. مىلادىنىڭ 1021 ـ يىلىدىن 1035 ـ يىلىغىچە (ئەلى تېكىن ئۆلگىچە) بولغان 15 يىل ئىچىدە ماۋەرائۇننەھرىدە مۇقىم ئىلىك خانلار بولمىدى.

ئەلى تېكىننىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ مەنسۇر ئارسلان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تۇراقسىزلىقى (گاھىدا بىرلىشىپ، گاھىدا قارشى چىقىشى)دىن مىلادىنىڭ 1024 ـ يىلى قاراخانىيلار خاقانى مەنسۇر ئارسلانخان تەختتىن ۋاز كەچتى. قاراخانىيلار تەختىگە ئەلى تېكىننىڭ قېرىندىشى ئەھمەد تۇغان خان II (ھارۇننىڭ ئوغلى) چىقتى. ئەھمەد تۇغان خان II نىڭ خاقان

بولۇشىغا يۈسۈپ قادىرخان قارشى چىقتى. ئەھمەد توغان خان II بالاساغۇن، خوجەنت، پەرغانىنى ئىگىلەپ ئالدى.

ئەنە شۇنداق ئەھۋال تۇغۇلغاندا يۈسۈپ قادىرخان سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى ئەھمەد توغان خان II نىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1024 - يىلىدىن 1026 - يىلىغىچە) ۋە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1026 - يىلىدىن 1032 - يىلىغىچە) ئىچكى ئىسيانلار كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ۋاقتىدا ئىچكى ئىسيانلار ئەۋجىگە چىقتى.

مىلادىنىڭ 1026 - يىلى ئەھمەد توغان خان II نىڭ خاقانلىق ئورنى يۈسۈپ قادىرخان تەرىپىدىن ئىگىلەندى. ئەلى تېكىن يۈسۈپ قادىرخاننى يوقىتىپ، ئۆزى قاراخانىيلارنىڭ خاقانى بولۇش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. ئەلى تېكىن بۇ نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى «جەند» ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان جايلاردا ياشاۋاتقان ئوغۇزلارنىڭ يابغۇسى مۇسا ئىنانچ ئارسلانبەك بىلەن بىرلىشىپ يۈسۈپ قادىرخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى.

شىمالىي ئىلەك خان - توغان بىلەن ئەلى تېكىننىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ ئوغۇزلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى قاراخانىيلارنى ئىچكى جەھەتتىن ناھايىتى ئېغىر قورقۇنچقا سېلىپ قويدى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى غەزنەۋىيلەر ئۈچۈنمۇ ئېغىر خەۋپ ئىدى. ئەگەر ئوغۇزلار كۈچلىنىپ كېتىدىغان بولسا ھەر ئىككى دۆلەتكە خەۋپ سېلىشى، يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇدقا ئېنىق مەلۇم ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ بىر تارمىقى بولغان ئوغۇزلار ئەزەلدىن تارتىپ شىمالى ئاسىيادا، كۆكتۈركلەرنىڭ شىمالىدا ياشايتتى. ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدىن بىر - ئىككى ئەسىر بۇرۇن (مىلادىنىڭ 6 - ئەسىردە) يەنسەي - ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان تۈركچە بىر يادىكارلىقتا ئوغۇزلارنىڭ ناملىرى يېزىلغان. يادىكارلىقتا ئوغۇزلارنىڭ خانى ئۈزتېكىن ئالىپ تۇراننىڭ كىچىكىدىلا ۋاپات بولغانلىقى يېزىلغان. جۇڭگونىڭ تارىخىي يىلنامىلىرىدە ئوغۇزلار مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇنلا تىلغا ئېلىنغان. «خەن يىلنامىسى، ھونلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا، ئوغۇزلار ( )نىڭ ياشىغان جايىنى ھازىرقى چۆچەك ئەتراپىدا كۆرسەتكەن. بەنگونىڭ بەرگەن شۇ مەلۇماتى يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن يەنسەي - ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان تۈركچە يادىكارلىقتىكى (ئوغۇزلارنىڭ ياشىغان جايلىرى توغرىسىدىكى)

مەلۇماتقا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئوغۇزلار مىلادىنىڭ 7 ـ 8 ـ ئەسىرلىرىدە سىبىرنىڭ دەرياسىنىڭ بويلىرىدا ياشايتتى. 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوغۇزلارنىڭ بازخان ئاتلىق خانى بار ئىدى. بۇ خان «تاڭ يىلنامىسى، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» بابىدىكى ئۇيغۇر خاقانى بازخان (مىلادىنىڭ 663 ـ يىلىدىن 681 ـ يىلىغىچە خان بولغان)نىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

تەخمىنەن 700 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 646 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە) نىڭ ئورخۇن دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 646 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە) ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلار مىلادىنىڭ 744 ـ يىلى كۆكتۈركلەرنى بويسۇندۇرغان ئىدى.

مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار (ئوغۇزلار بۇنىڭ ئىچىدە) ھازىرقى موڭغۇلىيىدىن غەربكە قاراپ كۆچكەندە، ئوغۇزلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى غەربكە يۈرۈپ، ئارال كۆلى ۋە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىغا بېرىپ ماكانلاشقان.

موڭغۇلىيىدىن كۆچكەن ئوغۇزلار بىر مەزگىل ھازار خاقانلىقى (468 ـ يىلىدىن 965 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)غا بويسۇنغان ئىدى.

9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ھازار خاقانلىقىغا بويسۇنغان ئوغۇزلار سۇ بېشى ئۇنۋانىدىكى خانلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىدى. بىز ئوغۇز سۇ بېشىلىرىدىن كىرىكچى (ئاق ئۆينىڭ كىرىگەلىرىنى ياسىغۇچى مەنىسىدە) توقسورمىش ئىلچى، ئالپ توغان بەگ، (ئىبنى پەزلان لوقمان بەگ دەپ يازغان)، ئارپ تۇغرولبەگ، دوقاق بەگ، سالجۇق بەگ قاتارلىقلارنى بىلىمىز. بۇلاردىن ئوغۇزلارنىڭ قىنىق ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققان دوقاق بەگ مىلادىنىڭ 903 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا مىلادىنىڭ 910 ـ يىلى 25 ياشلىق سالچۇق بەگ (مىلادىنىڭ 885 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1000 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) سۇ بېشى بولغان. دوقاق بەگنىڭ ئوغلى سالجۇق بەگ ناھايىتى قابىلىيەتلىك، باتۇر، ئەقىللىق، خۇشخۇي، مەرد يىگىت ئىدى. قوشۇنلار ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇناتتى. خەلقمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى. مىلادىنىڭ 915 ـ يىلىغا كەلگەندە، ھازار خاقانى ھارۇن II (!؟ ـ 931) بىلەن چىقىشالماي قالدى. خاقان ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇنداق خەۋپلىك ئىشنى سېزىپ قالغان سالجۇق سۇ بېشى مىلادىنىڭ 915 ـ يىلى 100 ئاتلىق جەڭچىنى باشلاپ 1500 تۆگە، 50 مىڭ

قويىنى ھەيدەپ، سىر دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى «جەند» شەھىرى ئەتراپىغا كېلىپ يەرلەشكەن. سالجۇق بەگ شۇ يىلى مۇسۇلمان بولغان. سالجۇق بەگ بىلەن ھازار خاقانلىقى ئارىسىدىكى زىددىيەت 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغان. شۇندىن باشلاپ ئوغۇزلارنىڭ سانى ئاۋۇپ، ئۇلارنىڭ ئاھالە سانى بىر مىليونغا يەتكەن بولۇپ، خېلىلا جەڭگىۋار كۈچكە ئايلانغان. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئوغۇزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇسۇلمان بولدى. چۈنكى شۇ چاغدا مىلادىنىڭ 960 ـ يىللىرى قاراخانىيلار دۆلىتى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، كۆك تەڭرى دىنىنى تاشلىغان ئىدى. ئوغۇزلار قامان دىنىدا بولسىمۇ، يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھازار خاقانلىرىنىڭ تەسىرىدە، بىر مەزگىل يەھۇدىي دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىنىڭ 990 ـ يىلىغا كەلگەندە سالجۇقنىڭ ئوغۇللىرى ئوغۇزخانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى ئارال كۆلىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يەنىكەنت (يانگى كەنت) ئىدى. ئوغۇز خانلىقىنىڭ خانلىرى يابغۇ ئۇنۋانىدا بولۇپ، قاراخانىيلارغا بېقىناتتى.

سالجۇق بەگنىڭ مىكائىل بەگ (918 ـ يىلى ئۆلگەن)، ئىسرائىل بەگ (990 ـ يىلىدىن 1025 ـ يىلىغىچە يابغۇ بولغان)، ئىرتاش يابغۇ (مىلادىنىڭ 1031 ـ يىلىدىن 1040 ـ يىلىغىچە يابغۇ بولغان) قاتارلىق ئوغۇللىرى بار ئىدى. بۇلار 990 ـ يىلىدىن 1040 ـ يىلىغا كەلگىچە گاھى قاراخانىيلارغا، گاھى غەزنەۋىيلەرگە بويسۇنۇپ كەلگەن بولسا، گاھىدا قارشى چىقىپمۇ تۇردى.

مانا شۇ سالجۇق بەگنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلارنىڭ مىلادىنىڭ 1025 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ شىمالىي ئىلىك خانى توغان بىلەن، ئەلى تېكىننىڭ ئىسيانىنى قوللاپ، قاراخانىيلارغا قارشى چىقىشى، يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، سالجۇق ئوغۇللىرىغا قارشى ھەرىكەت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

يۈسۈپ قادىرخان مىلادىنىڭ 1026 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد ھوزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇد قەشقەردىن غەزنىگە كەلگەن قاراخانىيلارنىڭ ئەلچىسىنى ناھايىتى قىزغىن، سەمىمىي قارشى ئالدى. سۇلتان مەھمۇد يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۆز ئەلچىسى ئارقىلىق قويغان تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسيانچىلار (ئەلى تېكىن بىلەن سالجۇق ئوغۇللىرى)غا بىرلىكتە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ماقۇل بولدى. جازا يۈرۈشىنىڭ ۋاقتىمۇ بەلگىلەندى.

ئۆز ئەلچىسىدىن زوقلانغۇدەك خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان يۈسۈپ قادىرخان قاراخانىيلار قوشۇنىغا ئۆزى باش بولۇپ، قەشقەردىن يولغا چىقىپ ماۋەرائۇننەھرىگە قاراپ ماڭدى. ئەينى ۋاقىتتا سۇلتان مەھمۇدمۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ بەلختىن يولغا چىقىپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ زەنجىر بىلەن بىر - بىرىگە چېتىلغان كېمىلىرىدىن ياسالغان لەيلەتمە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ماۋەرائۇننەھرىگە قاراپ ماڭدى. خارەزمى ۋالىيسى ئالتۇن تاشمۇ سۇلتان مەھمۇدقا قوشۇلدى. مىلادىنىڭ 1017 - يىلى سۇلتان مەھمۇد خارەزمى شاھى مۆمىننى ئىسيانچىلار ئۆلتۈرگەندە، كۈيئوغلۇم مۆمىننىڭ ئۆچىنى ئالىمەن دېگەن بانا بىلەن بېسىپ كېلىپ، خارەزمنى غەزنەۋىيلەر دۆلىتىگە قوشۇۋالغان ئىدى. سۇلتان مەھمۇد خارەزمدىن قايتىپ كېتىدىغان چاغدا، ئالتۇن تاشنى خارەزمگە باش ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى.

يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇدتىن قورققان ئەلى تېكىن بىلەن ئارسلانبەگ سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى تاشلاپ چىقىپ، قىزىل قۇم چۆلىگە قاراپ قاچتى. شۇ جايدىكى بۇك - باراقسان ئورمانلىقتا مۆكۈندى.

ئەلى تېكىن بىلەن ئارسلانبەگ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد سەمەرقەنت يېنىدا، تەنتىلادىن شاھانە چېدىر - بارگاھلارنى تىكتۈرۈپ، ناھايىتى جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلىشىپ بىتىمنامە تۈزۈشكە كىرىشتى. بۇ ئىككى پادىشاھ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەنتەنە بىلەن ئۇچراشتى. غەزنەۋىيلەر تارىخچىسى بەيھەقى (مىلادىنىڭ 990 - يىلى تۇغۇلۇپ 1077 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، گەردىزى (11 - ئەسىردە ياشىغان) لەر ئۆز ئەسەرلىرىدە «تارىخىي مەسئۇدى» ۋە «زەينۇل ئەخبار» بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئىنتايىن تەنتەنىلىك بولغانلىقى، ئىككى پادىشاھنىڭ ئۆزئارا تەقدىم قىلىشقان سوۋغاتلىرىنىڭ كۆپلۈكى، كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك نەپىس - گۈزەللىكى، قىممىتىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يۇقىرىلىقى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن.

بىرقانچە كۈن داۋام قىلغان سۆھبەتلەر ئارقىلىق يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇرىسىدا ئىككى تۈرلۈك مۇھىم بىتىمنامە تۈزۈلگەن. بىرىنچى بىتىمنامىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئىككى تەرەپ ھەربىي كۈچ ئارقىلىق ماۋەرائۇننەھرنى ئەلى تېكىننىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ياغان تېكىن (مۇھەممەد بۇغراخان)نى ماۋەرائۇننەھرگە خان

قىلىپ تەيىنلەش، ئىككىنچى بىتىمنامىدە، قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ ئامانلىقىغا خەۋپ سېلىۋاتقان سالجۇق ئوغۇللىرىنىڭ كۆچىنى يوق قىلىش، ئۇلار باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلارنى قەشقەر، خوراسان قاتارلىق جايلارغا تارقىتىۋېتىش تەكىتلەنگەن. مانا مۇشۇ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىتىمنامىلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى ياغان تېكىنگە سۇلتان مەھمۇدنىڭ قىزى مەلىكە زەينەپ، سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئوغلى شاھزادە مۇھەممەدكە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قىزى خان مەلىك شاھ خاتۇن ياتلىق قىلىنىدىغان بولدى. يۇقىرىدىكى مۇھىم ئىشلار ئادا بولغاندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي بىلگەتېكىن قوماندانلىقىدىكى قوشۇنلىرىنى ئەلى تېكىننىڭ ئىتتىپاقچىسى ئارسلانبەگ باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلارغا قارشى ماڭدۇردى. بىلگەتېكىن ئارسلانبەگكە ھۇجۇم قىلىپ، ئوغۇزلارنى تارمار كەلتۈردى. ئارسلانبەگ ئەسىر چۈشتى. ئارسلانبەگ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ ئىلتىپاتى بىلەن قويۇپ بېرىلدى. بىلگەتېكىن ئەلى تېكىنگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئانچە كۆپ نەتىجە قازىنالمىدى. پەقەت ئەلى تېكىننىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئەسىر ئېلىپ قايتتى. سۇلتان مەھمۇد قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان بۇ ئەسىرلەرگە ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

مىلادىنىڭ 1026 - يىلى 5 - ئايدا شىمالىي ئىلىك خان توغان خان، يۈسۈپ قادىرخاندىن كەچۈرۈم سوراپ قايتىدىن باش ئەگدى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي كۆرۈنۈشتە يۈسۈپ قادىرخان بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىشكە كۆڭۈل بۆلگەندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قاراخانىيلارنىڭ كۈچىيىشىگە تىلەكداش ئەمەس ئىدى. چۈنكى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي قاراخانىيلارنىڭ ئىچكى زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ ماۋەرائۇننەھرىنى غەزنەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ تەركىبىگە قوشۇۋېلىشنى ئويلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، مىلادىنىڭ 1026 - يىلى ئەلى تېكىننىڭ ئىسيانىنى ئۆزۈل - كېسىل باستۇرۇشقا كۆزى قىيمىغان ئىدى. سۇلتان مەھمۇد ئوغۇز يابغۇسى ئارسلانبەگنى ئەسىر ئالغاندىن كېيىنلا ماۋەرائۇننەھرىدىن غەزنىگە قايتىپ كەتتى.

شۇ يىلى يۈسۈپ قادىرخان ماۋەرائۇننەھرگە كەتكەن چاغدا خوتەن خانلىقى ئىسيان كۆتۈردى. مىلادىنىڭ 1027 - يىلى 2 - ئايدا ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىيگە ئەلچى ئەۋەتىپ، يۈسۈپ قادىرخانغا قارشى بىر

توختامنامە تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئەلچىلىرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. شۇ چاغدا قىتان خانلىقىمۇ ئۆز ئەلچىلىرىنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئەلچىلىرىگە ھەمراھ قىلىپ غەزنىگە ئەۋەتكەن.

يۈسۈپ قادىرخان ئىسيان كۆتۈرگەن خوتەن خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھرىدىن 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى يولغا سالدى. بۇ قوشۇن قەشقەرگە كېلىپ، ناھايىتى تېزلىكتە خوتەنگە يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ جەڭدە مەغلۇپ بولدى.

بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن يۈسۈپ قادىرخان ماۋەرائۇننەھرىدىن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى، ئۆزى قوشۇن باشلاپ خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. خوتەن خانلىقى بويسۇندۇرۇلدى. بەزى تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، قىتانلار ياردىمىگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىمۇ قاراخانىيلارغا باج تۆلەش شەرتى بىلەن ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالدى.

يۈسۈپ قادىرخان ماۋەرائۇننەھرىدىن قەشقەرگە قايتىپ كېتىدىغان چاغدا، سۇلتان مەھمۇد بىلەن تۈزۈشكەن بىتىمنامىغا بىنائەن ئوغۇزلارنىڭ «جەند» رايونىدا قالغان قىسمىنى قەشقەر ئەتراپىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلىشىشقا دەۋەت قىلدى. «جەند» رايونىدىكى ئوغۇزلارنىڭ خانلىرى توغرولبەگ بىلەن چاغرى بەگلەر يۈسۈپ قادىرخاننىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىدى، نېمە ئۈچۈن سالچۇق بەگنىڭ نەۋرىلىرى بولغان توغرولبەگ بىلەن چاغرى بەگلەر يۈسۈپ قادىرخاننىڭ دەۋىتىنى قوبۇل كۆرمىگەن؟ چۈنكى مىلادىنىڭ 1026 - يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ئوغۇز يابغۇسى ئارسلانبەگنى ئەسىر ئالغان بولسىمۇ، ئۇنى قويۇپ بەرگەن. سۇلتان مەھمۇد غەزنىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئارسلانبەگكە يازغان خېتىدە، ناھايىتى ياخشى ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئارسلانبەگنى ئۆز باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلارنى باشلاپ غەزنىگە كېلىشىنى تاپىلغان ناھايىتى ھىيلىگەر، ئۇستا دىپلومات سۇلتان مەھمۇدنىڭ يالغاندىن بەرگەن ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ئارسلان يابغۇ ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمىنى باشلاپ غەزنىگە بارغان، سۇلتان مەھمۇد ئارسلان يابغۇ باشلىق بىر قىسىم ئوغۇز بەگلىرىنى دەرھال تۇتۇپ، ئەسىر قىلىپ، ئۇلارنى ھىندىستاندىكى كالانچىر ناملىق قورغانغا ئەۋەتىپ قاماققا ئالغان. غەزنىگە كەلگەن ئوغۇزلار خۇراسانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۆز يۇرتلىرىدا قالغان توغرولبەگ بىلەن چاغرى بەگلەر ئارسلان يابغۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ياجىئەدىن ساۋاق ئېلىپ، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۇلارنى قەشقەر ئەتراپىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلىشىشقا قىلغان

دەۋتىگە ئۇنىمىغان.

يۇسۇپ قادىرخان ماۋەرائۇننەھردىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئىچكى ئىسيانچىلارنى بېسىقتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان چاغدا، ئەلى تېكىن قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. توغرۇلبەگلەر بىلەن چاغرى بەگلەر ئەلى تېكىننىڭ ھەرىكىتىنى قوللىدى. پەقەت سالجۇق بەگنىڭ باشقا بىر نەۋرىسى يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇ (مىلادىنىڭ 1026 ـ يىلىدىن 1028 ـ يىلىغىچە يابغۇ بولغان) ئەلى تېكىننى قوللىدى. ئەلى تېكىن سەمەرقەنت ۋە بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، مۇستەقىل ھالدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

يۇسۇپ قادىرخان ئەلى تېكىننى يوقىتىش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھرگە قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئەلى تېكىن تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. يۇسۇپ قادىرخان ئوغلى ياغان تېكىن باشچىلىقىدا سۇلتان مەھمۇدقا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەلى تېكىنگە قارشى مەدەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇد ھىندىستانغا قىلىدىغان يۈرۈشىدىن قايتىپ كەلگەندىلا، ئاندىن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. نەتىجىدە ئەلى تېكىنگە قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان جازا يۈرۈشى كېچىكتۈرۈلدى.

بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئەلى تېكىن، يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇنى ئۆزىگە ياردەم بېرىشكە ئۈنىمىغان توغرۇلبەگ بىلەن چاغرى بەگلەرگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى. يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇ ئەلى تېكىننىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلىماي، مەخپىي ھالدا ئۆز قېرىنداشلىرى توغرۇلبەگ ۋە چاغرى بەگلەر بىلەن بىرلىشىۋالدى. بۇنى سېزىپ قالغان ئەلى تېكىن يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇنى ئۆلتۈردى. توغرۇلبەگ بىلەن چاغرى بەگ يۇسۇپ ئىنانچ يابغۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەلى تېكىنگە ھۇجۇم قىلدى. جەڭدە ئوغۇزلار مەغلۇب بولدى. ئەلى تېكىن تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان توغرۇلبەگ ئوغۇزلارنى باشلاپ، «جەند» رايونىدىن شەرققە قاراپ يولغا چىقىپ، قەشقەرگە كەلدى ۋە يۇسۇپ قادىرخانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قەشقەر ئەتراپىدا يەرلەشتى. بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 1028 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئىدى.

يۇسۇپ قادىرخان قەشقەر ئەتراپىدا يەرلەشكەن ئوغۇزلارنىڭ خانلىرى توغرۇلبەگ، چاغرى بەگلەرنى تۇتۇپ قاماققا ئېلىش ئۈچۈن بىرەر ئىشقا باھانە ئىزدەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھەر ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا يۇسۇپ قادىرخان ئوردىسىغا كىرىشكە ئۇنىمىدى. بىرسى كىرسە يەنە بىرى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان جىددىي، خەتەرلىك ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىنىپ

تۇرغـان. بىـر كۈنـى يۈسـۈپ قادىرنـىڭ ئوردىسـىغا يالغـۇز كىرگـەن توغرولبـەگ قاماققا ئېلىنغـان. بۇ ئىشـتىن ئـۆز ۋاقتـىدا خـەۋەر تاپقـان چاغـرى بـەگ، پۈتـۈن ئوغۇزلارنـى باشـلاپ، غەربكـە قـاراپ يـۈرۈپ، قەشـقەردىن يىراقـلاپ كەتكـەن. چاغـرى بـەگ يولـدا كېتىۋېتىـپ قاراخانىيلارنىـڭ خـان جەمەتىدىـن ئوۋغـا چىققـان بىرقانچـە شـاھزادىلەرگە يولۇقـۇپ قالغـان. ئەقىـل ـ پاراسـەتلىك ۋە تەدبىرلىـك چاغـرى بـەگ قاراخانىي شـاھزادىلىرىنى ئەسـىرگە ئېلىـپ، ئـۆزى بىلـەن بىللـە ئېلىـپ ماڭغـان. يۈسـۈپ قادىرخـان ئەسـىرگە ئېلىنغـان شـاھزادىلەرنى قۇتۇلـدۇرۇپ قىلىـش ئۈچـۈن توغرولبەگنـى ئازادلىققا چىقىرىـپ، ئۇنىڭغـا ئۆزرىخاھلىـق ئېيتىـپ، نۇرغـۇن سـوۋغا ـ سـالاملارنى بېرىـپ، شـاھزادىلەرنى ئامـان ـ ئېسـەن قەشـقەرگە يولغـا سـېلىپ قويۇشـقا ۋەدە ئېلىـپ، توغرولبەگنـى ئۇزىتىـپ قويغـان. چاغـرى بـەگ بولسـا قەشـقەر رايونىدىـن غەربكـە قـاراپ يۈرگەنچـە «جەنـد» رايونىغـا بارغـان. توغرولبـەگ ئاكىسـى چاغـرى بەگنىـڭ ئارقىسـىدىن يېتىـپ بېرىـپ، ئەسـىرگە ئېلىنغـان شـاھزادىلەرنى قەشـقەرگە يولغـا سـېلىپ قويغـان. بۇ ۋەقـە مىلادىنىـڭ 1029 ـ يىلـى يـۈز بەرگـەن.

قەشـقەر رايونىدىـن «جەند»گـە قېچىـپ كەلگـەن ئوغـۇزلار بـۇ جايـدا تـۇرۇشـنى ئـەپ كۆرمىـدى. چۈنكـى «جەنـد» رايونـى قاراخانىيلارنىـڭ شـىمالىي ئىلىـك خانىنىـڭ باشقۇرىشـىدىكى جـاي ئىـدى. شـۇنىڭ ئۈچـۈن توغرولبـەگ بىلـەن چاغـرى بەگلـەر خارەزمـى ۋالىيسـى ھارۇنىدىـن پانـاھ ئىزلـەپ ئۇنىڭدىـن زېمىـن سـورىغان. ھـارۇن ئوغۇزلارغـا خارەزمـى يايلاقلىرىدىـن يېتەرلىـك يـەر بەرگـەن. كېيىـن ئوغـۇزلار ئەلـى تېكىنىدىـن بۇخـارا ئەتراپىدىكـى «نـۇر ئاتـا» دېگـەن جايغـا كۆچـۈپ بېرىشـنى تەلـەپ قىلغـان. ئەلـى تېكىـن ئوغۇزلارنىـڭ تەلىپىگـە ماقـۇل بولغـان.

مىلادىنىـڭ 1030 ـ يىلـى 4 ـ ئاينىـڭ 30 ـ كۈنـى سـۇلتان مەھمـۇد غەزنەۋىـي ئالەمدىـن ئۆتتـى. كىچىـك ئوغلـى مۇھەممـەد سـۇلتان بولـدى. لېكىـن ئانچـە ئـۇزاق ئۆتمـەي ئۇنىـڭ ئاكىسـى مەسـئۇد سىياسـىي ئۆزگىرىـش قىلىـپ، مۇھەممەدتىـن تەختنـى تارتىۋالـدى.

مىلادىنىـڭ 1032 ـ يىلـى يۈسـۈپ قادىرخـان ئالەمدىـن ئۆتتـى. ئۇنىـڭ بۇغـرا تېكىـن، ياغـان تېكىـن، توغـرول قاراخـان ئاتلىـق ئـۈچ ئوغلـى بـار ئىـدى. يۈسـۈپ قادىرخانىنىـڭ ۋاپاتىدىـن كېيىـن ئۇنىـڭ تۇنجـى ئوغلـى بۇغـرا تېكىـن (سـۇلايمان ئارسـلانخان) قاراخانىيلارنىـڭ خاقانـى بولـدى. سۇلايمان ئارسـلانخان خاقـان بولـۇپ تۇرغـان چاغـلار (مىلادىنىـڭ 1032 ـ يىلىدىـن 1056 ـ يىلىغىچە)نىـڭ دەسـلەپكى چاغلىرىـدا قاراخانىيـلار دۆلىتـى ئىچكـى ۋە تاشـقى جەھەتتـە ناھايىتـى تىنـچ ۋە

خاتىرجەم بىر مەزگىلنى بېشىدىن كەچۈردى.

سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىي (مىلادىنىڭ 1030 - يىلىدىن 1041 - يىلىغىچە سۇلتان بولغان) مىلادىنىڭ 1031 - يىلى باھاردا ئۇبۇلقاسىم ئىبراھىم ئىبنى ئۇبۇل داداخ ھۇسەيىن بىلەن غازى ئۇبۇل تاھىر ئۇبۇل داداخ ئىبنى ئەھمەد تەيبانى باشچىلىقىدا قەشقەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتتى. سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىينىڭ ئەلچىلىرى سۇلتان مەسئۇدنىڭ تەختكە چىققانلىقى ۋە دوستانىلىقىنى بىلدۈرۈپ، سۇلتان مەسئۇدنىڭ يۇسۇپ قادىرخاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش نىيىتى بارلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن يۇسۇپ قادىرخان بىلەن مەسئۇد غەزنەۋىي ئەلچىلىرى ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەر ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. چۈنكى يۇسۇپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي مىلادىنىڭ 1026 - يىلى تۈزگەن بىتىمنامىسىدە، مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ قىزى زەينەپ ياغان تېكىنگە، خان مىلىك شاھ خاتۇن سۇلتان مەھمۇدنىڭ ۋارىسى مۇھەممەدكە ياتلىق قىلىنىدىغان بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسئۇد غەزنەۋىينىڭ ئەلچىلىرى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ تەخت ۋارىسى بۇغرا تېكىن (سۇلايمان ئارسىلانخان)نىڭ قىزىنى مەسئۇد غەزنەۋىينىڭ تەخت ۋارىسى مەۋدۇدەگە ياتلىق قىلىشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. مەسئۇد غەزنەۋىينىڭ ئەلچىلىرى قەشقەردە بىرنەچچە يىل تۇرۇپ قالدى. مىلادىنىڭ 1032 - يىلى يۇسۇپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى بۇغرا تېكىن (سۇلايمان ئارسىلانخان) خاقان بولغاندىن كېيىنلا سۆھبەت ئۇڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى. غەزنەۋىيلەرنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن قاراخانىيلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتلەردە يۇسۇپ قادىرخاننىڭ قىزى خان مىلىك شاھ خاتۇن سۇلتان مەسئۇدقا، سۇلايمان ئارسىلانخان (بۇغرا تېكىن)نىڭ قىزى سۇلتان مەسئۇدنىڭ ۋارىسى مەۋدۇدەگە ياتلىق قىلىنىدىغان بولدى. خان مىلىك شاھ خاتۇننىڭ تويلۇقى ئۈچۈن 50 مىڭ تىللا (دىنار)، بۇغرا تېكىننىڭ قىزىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن 30 مىڭ تىللا (دىنار) بەلگىلەندى. غەزنەۋىيلەرنىڭ ئەلچىلىرى مىلادىنىڭ 1034 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ قەشقەردىن غەزنىگە قايتتى. سۇلايمان ئارسىلانخان سىڭلىسى خان مىلىك شاھ خاتۇن بىلەن ئۆز قىزى x x x نى ناھايىتى چوڭ ئىززەت - ھۆرمەت، شاھانە دەبدەبە بىلەن قەشقەردىن غەزنىگە ئۇزىتىپ قويدى. بەختكە قارشى سۇلايمان ئارسىلانخاننىڭ قىزى - قەشقەر گۈزىلى غەزنىگە كېتىۋېتىپ، يولدا ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. خان مىلىك شاھ خاتۇن ئامان - ئېسەن غەزنىگە يېتىپ

باردى. ئۇ ئاجايىپ تەنتەنىلىك ھالدا قارشى ئېلىنىدى. سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىي قەشقەردىن خان مىلىك شاھ خاتۇن باشلىق كەلگەن ئەزىز مېھمانلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى نامايان قىلىشنى ئويلاپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن تەنتەنە ۋە دەبدەبىلىك مۇراسىم ئۇيۇشتۇردى.

تويى كېچىسى خان مىلىك شاھ خاتۇن سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىينى ئايىغى بىلەن چىماق سېلىپ ئۆرۈپ تاشلىغان ئىكەن.

مانا شۇ ۋەقە توغرىسىدا ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىر ماقال پەيدا بولغان:

قىز بىلەن چېلىشما،
ياش بايتال بىلەن چېپىشما.

«بۇ ماقال، ـ دەپ يازىدۇ مەھمۇد قەشقىرى، ـ خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرى نىكاھ كېچىسى كىيوسى سۇلتان مەسئۇدنى ئايىغى بىلەن چىماق سېلىپ يىقىتقاندىن كېيىن خاقانلاردا پەيدا بولغان.»[1]

سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىي تەختنى ئۇكىسى مۇھەممەدتىن تارتىۋالىدىغان چاغدا ئەلى تېكىنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەگەر ئەلى تېكىن سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئۇكىسى مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇشۇپ قالىدىغان ۋەقە يۈز بەرگەندە، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە خوتتاليان (ھازىرقى تاجىكىستاندا)نى بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان.

ياغان تېكىن سىڭلىسى خان مىلىك شاھ خاتۇن سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىيگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن مىلادىنىڭ 1034 ـ يىلى 9 ـ ئايدا غەزنىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇلتاننىڭ سىڭلىسى زەينەپ بىلەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەسئۇد ئەگەر ياغان تېكىن (مۇھەممەد بۇغراخان) زەينەپكە ئۆيلىنىدىغان بولسا، ئۇنىڭ نامىدىن (زەينەپنىڭ نامىدىن) مەرھۇم ئاتىسى سۇلتان مەھمۇدتىن قالغان مىراسنى تەلەپ قىلىدۇ دەپ ئويلاپ ياغان تېكىننىڭ ئەلچىلىرىنى قايتۇردى. ئەينى ۋاقىتتا مەسئۇد غەزنەۋىي سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئۇكىسى ياغان تېكىننىڭ تەلىپى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇغرا تېكىن (سۇلايمان ئارسلانخان) ئۇكىسىدىن خاپا بولدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن سۇلايمان

(1) مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئارسلانخان ئۆكسى ياغان تېكىننى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭدىن ئاغرىندى، ياغان تېكىنمۇ ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخانغا نەپرەت بىلدۈرۈپ، سالچۇق ئوغۇللىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى. ياغان تېكىن ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 1037 ـ يىلى توغرولبەگكە مەخپىي خەت ئەۋەتىپ، زورور تېپىلغاندا توغرولبەگكە جان ـ دىلى بىلەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. خەتنى ئېلىپ بارغۇچى (خەتنى ئۆتۈكىنىڭ پېتىكىنىڭ ئاستىغا يوشۇرغان) ئامۇ دەرياسىنىڭ كېچىكىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، غەزنەۋىي ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، مەخپىي خەت قولغا چۈشۈرۈلدى، مەسئۇد غەزنەۋىي ئىككى تەرەپ بىلەن (ياغان تېكىن ۋە توغرولبەگ بىلەن) جەڭ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بۇ ۋەقەنى مەخپىي تۇتۇشقا قارار قىلدى. خەتنى ئېلىپ بارغۇچىغا 100 تىللا (دىنار) بېرىپ، مەخپىي ھالدا ھىندىستانغا ئەۋەتىۋەتتى. شۇ يىلى سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىي ئىمام ئەبۇسادىق تەببانى باشچىلىقىدا قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. غەزنەۋىيلەرنىڭ ئەلچىلىرى سۇلايمان ئارسلانخانغا قىممىتى 10 مىڭ تىللا (دىنار)غا باراۋەر كېلىدىغان ئېسىل سوۋغىلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. غەزنەۋىي ئەلچىلىرى سۇلايمان ئارسلانخاندىن ئۆكسى ياغان تېكىن بىلەن سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىي ئارىسىدىكى سوغۇقچىلىقنى تۈگىتىپ، ئىككىيلەننى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنى، بىر تىنچلىق بىتىمنامىسى تۈزۈشنى ئۆتۈنگەن ئىدى. غەزنەۋىيلەرنىڭ ئەلچىلىرى مىلادىنىڭ 1037 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇستتا غەزنىدىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان بولسىمۇ، بىر يېرىم يىل ئاۋارە بولۇپ، ئاخىرى تارىخىي ۋەزىيەتنى ئورۇنلاپ غەزنىگە قايتقان.

سۇلتان مەسئۇد سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ تەختنى ئۆكسى مۇھەممەدتىن تارتىۋالغاندىن كېيىن، بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك خوتتالىياننى ئەلى تېكىنگە بېرىش ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان. ئەلى تېكىن بۇنىڭغا ئىنتايىن قاتتىق نارازى بولغان ئىدى. مانا شۇ ئەلى تېكىن، مىلادىنىڭ 1035 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەلى تېكىننىڭ ئوغلى يۇسۇپ ئىبنى ئەلى غەربىي ئىلىك خان بولۇپ تەيىنلەندى. يۇسۇپ ئىلىك خان قاراخانىيلار مەركىزى ئوردوكەنت (قەشقەر)گە سەممىيەت بىلەن بويسۇندى. ئۇ مىلادىنىڭ 1035 ـ يىلى توغرولبەگ باشچىلىقىدىكى ئوغۇزلارنى ماۋەرائۇننەھرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئوغۇزلار خارەزمى ۋە خۇراسان تەرەپلەرگە كۆچتى.

يۇقىرىدا قاراخانىيلار تارىخىنىڭ 120 يىلىنى (مىلادىنىڭ 920 ـ يىلىدىن

1040 ـ يىلىغىچە) ئۈز ئىچىگە ئالغان كۆچەيگەن دەۋرىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەر قىسقىچە بايان قىلىنىدى.

مانا شۇ كۆچەيگەن دەۋردە (مىلادىنىڭ 920 ـ يىلىدىن 1040 ـ يىلىغىچە) ساتۇق بۇغراخان (920 ـ 956 ـ يىللار)، مۇسا بۇغراخان (956 ـ 958 ـ يىللار)، سۇلايمان ئارسلانخان (958 ـ 978 ـ يىللار)، ئەلى ئارسلانخان (978 ـ 998 ـ يىللار)، ئەھمەد توغان خان 1 (998 ـ 1018 ـ يىللار)، مەنسۇر ئارسلانخان (1018 ـ 1024 ـ يىللار)، ئەھمەد توغان خان 1026 ـ 1024) II ـ يىللار)، يۇسۇپ قادىرخان (1026 ـ 1032 ـ يىللار)، سۇلايمان ئارسلانخان (1032 ـ 1056 ـ يىللار) قاتارلىق توققۇز خاقان سەلتەنەت يۈرگۈزدى.

## ئاخىرقى دەۋرى

قاراخانىيلار تارىخىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى 170 يىلنى (مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلىدىن 1212 ـ يىلىغىچە) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مانا شۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ناھايىتى جىددىي دەۋر بۆلگۈچ ۋەقەلەر يۈز بەردى.

مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى بىر پۈتۈن قۇدرەتلىك قاراخانىيلار دۆلىتى ئىككىگە ـ شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسا، سالجۇق بەگىنىڭ نەۋرىلىرى توغرولبەگ بىلەن چاغرى بەگلەر دەندەنەقان ئۇرۇشىدا سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىينى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنى قۇردى.

مىلادىنىڭ 1032 ـ يىلى يۇسۇپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى بۇغرا تېكىن ـ سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قاراخانىيلارغا خاقان بولغانلىقىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

مىلادىنىڭ 1035 ـ يىلى ئەلى تېكىن ئالەمدىن ئۆتكەندە سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەلى تېكىننىڭ ئوغلى يۇسۇپ غەربىي ئىلىك خانى بولغان ئىدى. يۇسۇپ ئىبنى ئەلى بىر تەرەپتىن قاراخانىيلارنىڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخانغا ساداقەت بىلەن بويسۇنۇپ، ماۋەرائۇننەھرىنى ئىدارە قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خارەزمى شاھ بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ غەزنەۋىيلەرگە قارشى ئۇرۇش باشلىدى. يۇسۇپ ئىلىك خاننىڭ قوشۇنلىرى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئەندىھوتنىڭ ئەتراپىدا خارەزمى شاھ ھارۇننىڭ قوشۇنلىرىغا قوشۇلدى.

يۈسۈپ ئىلىك خاننىڭ قوشۇنلىرى تىرمىزنى قورشىۋالغاندا، ھارۇننىڭ غەزنەۋىيلەرگە سېتىلغانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن يۈسۈپ ئىلىك خان خۇراساندىن چېكىنىپ سەمەرقەنتكە قايتىپ كەتتى. 1035 ـ يىلى يازدا سالچۇقىيلار خۇراساندا غەزنەۋىيلەر بىلەن بولغان جەڭدە ناھايىتى چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇنىڭدىن روھلانغان يۈسۈپ ئىلىك خان خۇراساندىكى چاغانىيانغا قوشۇن تارتتى. لېكىن يۈسۈپ ئىلىك خان سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىينىڭ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ناھايىتى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۈرۈشتىن توختىدى.

يۈسۈپ ئىلىك خان بەلخكە ئەلچى ئەۋەتىپ، سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىيدىن كەچۈرۈم سورىدى. سۇلتان، يۈسۈپنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆردى.

يۈسۈپ ئىلىك خان مىلادىنىڭ 1036 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئالىپ تېكىن ۋە ئەبۇ تاراكى پارسى يېتەكچىلىكىدە سۇلتان مەسئۇدقا ئەلچىلەر ئەۋەتتى. سۇلتان مەسئۇد يۈسۈپ ئىلىك خاننىڭ ئەلچىلىرىنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالدى. نەتىجىدە يۈسۈپ ئىلىك خاننىڭ ئەلچىلىرى بىلەن سۇلتان مەسئۇد ئارىسىدا بولغان سۆھبەتتە، سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىيلەرنىڭ مەلىكىلىرىدىن بىرىنى يۈسۈپ ئىلىك خانغا ياتلىق قىلىشقا رازى بولغان. بۇنىڭ بەدىلىگە يۈسۈپ ئىلىك خان خوتتالىيانغا بولغان زېمىن تەلىپىدىن ۋاز كېچىشى شەرت قىلىپ قويۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈسۈپ ئىلىك خان غەزنەۋىيلەرنىڭ سالجۇق ئوغۇزلىرىغا قارشى كۈرىشىگە ياردەم بېرىشىمۇ تەكىتلەنگەن. يۈسۈپ ئىلىك خان سۇلتان مەسئۇدنىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولغان. ئۇ مىلادىنىڭ 1036 ـ يىلى سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئىنىسى ناسىرنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن. شۇندىن باشلاپ يۈسۈپ ئىلىك خان بىلەن غەزنەۋىيلەرنىڭ مۇناسىۋىتى دوستانە، ئىناق بىر ھالەتكە كىرگەن.

يۈسۈپ ئىلىك خان غەزنەۋىيلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھالى ئىچكى جەھەتتىن يامانلىشىشقا باشلىدى. چۈنكى مەرھۇم ناسىر ئىلىك خاننىڭ ئوغۇللىرى ـ مۇھەممەد ئىبنى ناسىر يۈسۈپ ئىلىك خانغا قارشى باش كۆتۈردى. مۇھەممەد ئىبنى ناسىر مىلادىنىڭ 1037 ـ يىلى غەربىي ئىلىك خانلارنىڭ پايتەختى ئۆزكەنتنى بېسىۋالدى. ناسىر ئىلىك خاننىڭ يەنە بىر ئوغلى ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم (بۆرى تېكىن) 1038 ـ يىلى يۈسۈپ ئىلىك خاننىڭ قاماقخانىسىدىن قاچتى. ئىبراھىم بۆرى تېكىن ناھايىتى چاپسانلىق بىلەن قوشۇن توپلاپ ماۋەرائۇننەھرىنى ئەلى تېكىننىڭ ئوغلى يۈسۈپنىڭ

قولىدىن تارتىۋېلىشقا بەل باغلىدى. ئىبراھىم بۆرى تېكىن مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى بۇخارانى بېسىۋالدى. ناسىر ئىلىك خاننىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەد بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېكىن تەرىپىدىن بىرنەچچە قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان يۈسۈپ ئىلىك خان ماۋەرائۇننەھرنى تاشلاپ قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە (ئوردوكەنتكە) قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

مۇھەممەد ئىبنى ناسىر بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېكىنلەر غەربىي ئىلىك خان تۇرىدىغان ئۆزكەنتتىن سەمەرقەنتكە يۆتكەلدى. ئۇلار كۆرۈنۈشتە قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەردىكى خاقان سۇلايمان ئارسلانغا بويسۇنغاندەك قىلىشىمۇ ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل بولۇۋالدى. سۇلايمان ئارسلانخان مۇھەممەد ناسىر بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېكىننىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە چەك قويماقچى بولسىمۇ مىلادىنىڭ 1041 ـ يىلى ئېرتىش، بالقاش بويلىرىدا ياشايدىغان ياباقۇلار ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن مۇھەممەد ئىبنى ناسىر بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېكىنگە قارشى قوشۇن تارتىپ بېرىشقا ئىمكانىيەت تاپالمىدى. مانا شۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن مۇھەممەد ئىبنى ناسىر بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېكىن ماۋەرائۇننەھرگە ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋالدى، شۇندىن باشلاپ قاراخانىيلار دۆلىتى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى.

قويۇلغان پۇلغا (دىنار، دىرھەم) دائىر پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇھەممەد ناسىر تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلدى، ئۇ پۈتۈنلەي مۇستەقىل سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئوردوكەنت (قەشقەر) گە بويسۇنمىدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلغان غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى ۋۇجۇدقا كەلدى.

غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىگە دەسلەپ يالغۇز ماۋەرائۇننەھرلا كىرگەن بولسا، كېيىن پەرغانە ۋادىسىنىڭ غەربىي قىسمى قوشۇۋېلىندى.

شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تېررىتورىيىسىگە يەتتە سۇ، ئىلى ۋادىسى، قەشقەر، خوتەن، پەرغانىنىڭ شەرقى قىسمى كىرەتتى. شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شەرقىي چېگراسى كۇچانىڭ غەربىگە تۇتىشاتتى. ئۇنىڭ پايتەختى ئوردوكەنت (قەشقەر) ئىدى.

غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى بىلەن شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ چېگراسىنى خوجەنت دەرياسى ئايرىپ تۇراتتى.

شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىمۇ، غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىمۇ 170 يىل (1040 ـ 1210 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈردى. شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىگە سۇلايمان ئارسلانخان (مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلىدىن 1056 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان)، مۇھەممەد بۇغراخان (1056 ـ 1057 ـ يىللار)، ئىبراھىم خان (1057 ـ 1058 ـ يىللار). توغرول قاراخان (1058 ـ 1075 ـ يىللار)، توغرول تېكىن (1075 ـ 1075 ـ ؟)، ھارۇن بۇغراخان 1102 ـ 1075) II ـ يىللار)، ئەھمەد ئارسلانخان (ـ1102 1128 ـ يىللار)، ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەد (1128 ـ 1158 ـ يىللار)، مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم (1158 ـ ؟)، ئوبۇل مۇزەپپەر يۇسۇپ ئىبنى مۇھەممەد (1204 ـ 1205 ـ يىللار)، ئوبۇل پەتتا مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇپ (1205 ـ 1210 ـ يىللار) قاتارلىق 11 خاقان ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

غەربىي قاراخانىيلارغا بولسا مۇھەممەد ناسىر (مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلىدىن 1052 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان)، ئىبراھىم بۆرى تېكىن (1052 ـ 1068 ـ يىللار)، ناسىر ئىبنى ئىبراھىم (1068 ـ 1080 ـ يىللار)، خىزىر ئىبنى ئىبراھىم (1080 ـ 1081 ـ يىللار)، ئەھمەد ئىبنى خىزىر (1081 ـ 1095 ـ يىللار)، مەسئۇد ئىبنى مۇھەممەد (1095 ـ 1097 ـ يىللار)، سۇلايمان ئىبنى داۋۇد (1097 ـ 1097 ـ يىل)، مۇھەممەد تېكىن (1097 ـ 1099 ـ يىللار)، ھارۇن ئىبنى ئۆمەر (1099 ـ 1102 ـ يىللار)، مۇھەممەد ئارسلانخان (1102 ـ 1130 ـ يىللار)، ئىبراھىم ئىبنى سۇلايمان (1130 ـ 1130 ـ يىل)، ھەسەن ئىبنى ئەلى (1130 ـ 1132 ـ يىللار)، مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد (1132 ـ 1141 ـ يىللار)، ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد (1141 ـ 1156 ـ يىللار)، جالالىدىن ئەلى ئىبنى ھەسەن (1156 ـ 1168 ـ يىللار)، مەسئۇد ئىبنى ھەسەن (1162 ـ 1168 ـ يىللار)، ناسىر ئىبنى ھۈسەيىن (1168 ـ 1172 ـ يىللار)، مۇھەممەد ئىبنى مەسئۇد (1172 ـ 1178 ـ يىللار)، ئىبراھىم ئىبنى ھۈسەيىن (1178 ـ ؟)، ئوسمان ئىبنى ئىبراھىم (1200 ـ 1212 ـ يىللار) قاتارلىق 19 خاقان ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى قاراخانىيلار دۆلىتى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولسا، دەل شۇ يىلى سالچۇق بەگنىڭ نەۋرىلىرى توغرولبەگ بىلەن چاغرى بەگلەر دەندەنەقان ئۇرۇشىدا سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىينى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنى (1040 ـ 1157 ـ يىللار) قۇرغان ئىدى.

ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىپ، قۇدرەتلىك ۋە مەدەنىي

بىر دۆلەتكە ئايلىنىشىنىڭ قىسقىچە جەريانى مۇنداق:

سالجۇق ئوغۇزلىرى مىلادىنىڭ 1035 ـ يىلى غەربىي ئىلىك خانى يۈسۈپ ئىبنى ئەلى تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ماۋەرائۇننەھردىن خۇراسانغا قاراپ كۆچكەندىن تارتىپ سالجۇقىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت كەسكىنلىشىپ كەتتى.

چاغرى بەگ مىلادىنىڭ 1037 ـ يىلى خۇراساننىڭ ئەڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان مەرۋە شاھىجاھاننى بېسىۋالدى. شۇ يىلى بەلخمۇ، خۇراساننىڭ شەرقىي قىسمىمۇ سالجۇق ئوغۇزلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. توغرولبەگ مىلادىنىڭ 1038 ـ يىلى ھىرات، نىشاپور قاتارلىق شەھەرلەرنى غەزنەۋىيلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى.

خۇراسان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولغان توغرولبەگ مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى مەرۋە شاھىجاھان بىلەن سىراكس ئارىسىدىكى دەندەنەقان ئۇرۇشىدا سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىينىڭ قوماندانلىقىدىكى 50 مىڭ جەڭچى بىلەن 300 جەڭ پىلىدىن تەركىب تاپقان قۇدرەتلىك قوشۇننى تارمار كەلتۈردى. سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىي ئازغىنا جەڭچى بىلەن بەلخكە قاراپ قاچتى. شۇ كۈنى كەچتە (مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى 22 ـ مايدا) توغرولبەگ جەڭ مەيدانىدا تەختكە چىقىپ، ئوغۇز بەگلىرىنىڭ تەبرىكىنى قوبۇل قىلدى. ئارقىدىنلا ئىراندىكى رەي (تېھران) شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ، يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتكە بوۋىسى سالجۇقنىڭ نامىنى بېرىپ «سالجۇقىيلار دۆلىتى» دەپ ئاتىدى. توغرولبەگ مىلادىنىڭ 1055 ـ يىلى باغداتنى ئېلىپ ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى (مىلادىنىڭ 750 ـ يىلىدىن تارتىپ، 1258 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) قورچاق ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئەرەب خەلىپىسى قايىم I (مىلادىنىڭ 1031 ـ يىلىدىن 1075 ـ يىلىغىچە خەلىپە بولغان) توغرولبەگنىڭ نامىنى پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىدا خۇتبىدە ئوقۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇنجى ئىمپېراتورى سۇلتان مەسئۇد توغرولبەگ (مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلىدىن 1063 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھەربىي جەھەتتىمۇ ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىسىنى قوللىنىشقا ناھايىتى ماھىر بولۇپلا قالماستىن، ئادەتتىن تاشقىرى سۈزمەن، غەيرەتلىك، كارامەت باتۇر بىر قەھرىمان ئىدى. توغرولبەگ مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى 22 ـ مايدا يۈز بەرگەن دەندەنەقان ئۇرۇشىدا 16 مىڭ كىشىلىك ئوغۇز جەڭچىلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، سۇلتان

مەسئۇد قوماندانلىقىدىكى 50 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى تارمار كەلتۈرگەن ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىر ئۇرۇشىدا ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولغان جەڭ پىللىرىغا تاقابىل تۇرۇش بەكمۇ قىيىن ئىدى. دەندەنەقان ئۇرۇشىدا توغرولبەگنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئوغۇز ئوقچىلىرى ئوقيادىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىينىڭ جەڭ پىللىرىنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ تاشلىدى. ئاندىن كېيىن توغرولبەگ باشچىلىقىدىكى ئوغۇز ئاتلىقلىرى سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋىينىڭ قوشۇنلىرىغا ناھايىتى قاتتىق شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، شانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن ئىدى.

توغرولبەگنىڭ ۋاقتىدا (1040 ـ 1063 ـ يىللار) سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۆزىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە باتۇر، مەردلىكى بىلەن مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغان توغرولبەگ مىلادىنىڭ 1063 ـ يىلى سۈرىيىنى باش ئەگدۈرۈپ، باغداتقا قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇ چاغدىلا خەلىپىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش نىيىتى بارلىقىنى بىلدۈردى. توي مۇراسىمى رەي (تېھران) شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. توغرولبەگ باغداتتىن تېھرانغا كېلىۋېتىپ، يولدا ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتتى.

توغرولبەگ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىگە چاغرى بەگنىڭ ئوغلى ئالپ ئارسلان ئىمپېراتور بولدى. ئۇ ئىمپېراتورلۇق قىلغان مەزگىلدە (1063 ـ 1072 ـ يىللار) سالجۇقىيلار بىلەن شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى (395 ـ 1451 ـ يىللار) ئارىسىدا دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ئالغان مەشھۇر «مالازگىرد جېڭى» يۈز بەردى.

مىلادىنىڭ 1071 ـ يىلى شەرقىي روما ئىمپېراتورى رومەن دىككىنىس سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىۋېلىشقا بەل باغلىدى. ئۆزىنى تەڭدىشى يوق ھەربىي قولباشچى دەپ ئاتايدىغان رومەن دىككىنىس مىلادىنىڭ 1071 ـ يىلى 13 ـ مارتتا 200 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان چوڭ قوشۇننى باشلاپ كونىستانتىنپول (ھازىرقى ئىستانبول)دىن شەرققە قاراپ يولغا چىقتى. شەرقىي روما قوشۇنلىرىنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى ئۈچ مىڭ ھارۋا، نەچچە تۈمەن تۆگە، ئاتلار ئېلىپ ماڭغان. رومالىقلاردا 1200 كىشى باشقۇرىدىغان، ناھايىتى ھەيۋەتلىك مەنجانىق (شەھەر سېپىلىغا چىقىشتا ئىشلىتىلىدىغان قورال) بار ئىدى.

ئالپ ئارسلان ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ساۋتېكىن باشچىلىقىدا رومەن

دىككىنىسكە ئەلچىلەر ئەۋەتتى. ساۋتېكىن رومەن دىككىنىسكە تىنچلىق بىتىمنامە تۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ قويغاندا رومەن دىككىنىس تەكەببۇرانە قىياپەتتە تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

«سۇلتانىڭغا بېرىپ ئېيت! مۇزاكىرىنى رەي (تېھراندا) باشلايمەن. ئۇلاقلىرىمنى ھەمەداندا قىشلىتىمەن». بۇنىڭغا جاۋابەن ساۋتېكىن: «ئۇلاقلىرىڭىزنىڭ ھەمەداندا قىشلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئۆزىڭىزنىڭ نەدە قىشلايدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن» دېگەن.

رومەن دىككىنىس مىلادىنىڭ 1071 - يىلى ئاۋغۇستتا ھازىرقى ئەرمىنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان مالازگىرد قورغىنىنىڭ ئالدىدىكى دالىغا يېتىپ كەلگەن.

ئالپ ئارسلان رومەن دىككىنىسنىڭ چوڭ قوشۇننى باشلاپ، ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 50 مىڭ كىشىلىك (ئاتلىق ۋە پىيادە) قوشۇننى باشلاپ، مالازگىرد دالىسىغا يېتىپ كېلىپ، روما قوشۇنلىرىنىڭ ئۇدۇلىدا سەپ تارتقان. مالازگىرد قورغىنىنىڭ نامى بىلەن «مالازگىرد جېڭى» نامىدا ئاتالغان جەڭ 26 - ئاۋغۇستتا بولغان. ئۇرۇش بولغان كۈنى (جۈمە كۈنى ئىكەن) نەچچە يۈزلىگەن خىرىستىيان پوپلىرى كىرىستنى كۆتۈرۈشۈپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ھۆركىرىشىپ، روما قوشۇنلىرىنىڭ ئۆز دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب بولۇشىنى ئەيسادىن تىلەپ، ئىنجىلدىن مۇقەددەس ئايەتلەرنى ئوقۇشقان.

ئالپ ئارسلان جەڭ باشلىنىش ئالدىدا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، بولغۇسى دەھشەتلىك جەڭنىڭ تاكتىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاق كىيىم كىيگەن، قولىغا قىلىچ ۋە قالقان ئالغان. بۇ ئۇنىڭ جەڭدە قۇربان بولسا شۇ ئاق كىيىم بىلەن دەپنە قىلىنىشىغا ئىشارەت ئىدى. ئالپ ئارسلان قوماندانلىرى ۋە جەڭچىلىرىگە خىتاب قىلىپ، ئەگەر ئۆزى جەڭدە قۇربان بولۇپ كەتسە، ئۇلارنى، ياش ئوغلى مىلىك شاھقا بويسۇنۇشىنى ۋەسىيەت قىلغان.

يۇقىرىدىكى ئىشلار ئورۇنلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئالپ ئارسلان سالجۇق قوشۇنلىرىنى روما قوشۇنلىرىغا قارشى ئېلىپ ماڭغان. ئىككى تەرەپتىن بىر - بىرىگە قارشى ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قوشۇنلار (ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى سەپ تارتىپ تۇرغان چاغدا ئارىلىقتىكى مۇساپە يەتتە

كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىكەن) خۇددى دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك كۆتۈرۈلۈپ كېلىپ، بىر - بىرىگە ئۆزلىرىنى ئۇرغان. كەچ كىرىشكە ئاز قالغاندا، ئالپ ئارسلان باشچىلىقىدىكى سالجۇق قوشۇنلىرى روما قوشۇنلىرى ئۈستىدىن تولۇق غەلىبە قازانغان. ئالپ ئارسلان ياردار بولغان، رومەن دىككىنىسنى ئەسىر ئالغان، روما قوشۇنلىرىدىن ئۆلمەي قالغانلىرى قورallىرىنى تاشلاپ، ئالپ ئارسلانغا باش ئەگكەن.

«مالازگىرد جېڭى»دە سالجۇقىيلارنىڭ شەرقىي روما ئۈستىدىن قازانغان شانلىق غەلىبىسىنىڭ چاقماق تېزلىكىدە تارقالغان قاناتلىق خەۋەرلىرى شەرق ۋە غەرب دۇنياسىنى ھەيرەتتە قالدۇردى. بولۇپمۇ خىرىستىيانلار دۇنياسى ۋەھىمە ئىچىدە قېلىپ، خۇددى كەچ كۈزدە سارغىيىپ تۆكۈلگەن غازاڭدەك تىترىگەن.

ئالپ ئارسلان ئەسىر چۈشكەن رومەن دىككىنىسقا ئۆزىنىڭ مەغرۇر، مەردانە ۋە ئالىيجانابلىقىنى كۆرسەتكەن. ئالپ ئارسلان رومەن دىككىنىسكە خۇش چىراي بىلەن قىزغىن، سەممىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭغا قوشنا دۆلەتلەرگە ئىناق، دوستانە مۇناسىۋەتتە بولمىغانلىقى ۋە جەڭدىكى تاكتىكا خاتالىقلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن. ئوغۇزلارنىڭ جەڭدە قوللانغان تۇران تاكتىكىسىنىڭ دۈشمەن تاكتىكىسىدىن ئۈستۈن، جانلىق تاكتىكا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنداق تاكتىكىنىڭ ئوغۇزلارنىڭ ئەجدادىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان جەڭگىۋار، جانلىق ئەنئەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەسلەتكەن. ئالپ ئارسلان رومەن دىككىنىس بىلەن بىتىم تۈزگەن. بىتىمگە ئاساسەن شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى سالجۇقىيلارغا قارام بولۇپ قالغان. چۈنكى شۇندىن باشلاپ شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى سالجۇقىيلارغا ھەر يىلى نۇرغۇن مىقداردا ئالتۇن، كۈمۈش يوللاپ، ياساق تۆلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان. ئالپ ئارسلان رومەن دىككىنىسنىڭ كونىستانتىنىپولغا ئامان - ئېسەن قايتىپ كېتىشىگە يول قويغان. ئۆز دۈشمىنى ئالدىدا ناھايىتى خىجىل بولۇپ، قىلمىشلىرىغا پۇشايمان يېگەن رومەن دىككىنىس ئالپ ئارسلاندىن بۇنداق ئىلتىپاتلارنىڭ بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ئەسىر چۈشكەندە ئالپ ئارسلاننىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇلىمەن دەپ ئويلىغان ئىدى.

سالجۇقلار ئىمپېرىيىسى مىلىك شاھنىڭ ۋاقتىدا (1072 - 1092 - يىللار) ناھايىتى قۇدرەتلىك، مەدەنىيەت ئاجايىپ گۈللىگەن بىر دۆلەتكە ئايلانغان. شۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىچىك ئاسىيا، سۈرىيە، پەلەستىن،

ئەرەبىستان، مېسوپوتامىيە (ئىراق)، ئىران، ئافغانىستان، بېلوجىستان (ھازىرقى پاكىستاننىڭ بېلوجىستان ئۆلكىسى) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمى قاتارلىق جايلار كىرگەن.

ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى بىلەن قاراخانىيلار (غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىيلار)نىڭ مۇناسىۋىتى ھەرخىل ھالەتتە بولدى.

ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇرغان ئىمپېراتورى ئالپ ئارسلان مىلادىنىڭ 1072 ـ يىلى كۈزدە غەربىي قاراخانىيلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن 200 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان چوڭ قوشۇننى باشلاپ ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى. ئالپ ئارسلان ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەندە قاراخانىيلارنىڭ يۇسۇپ ئاتلىق بېگى بىلەن ئۇرۇشتى. يۇسۇپ بەگ ئەسىر چۈشتى، ئالپ ئارسلان ئەسىر چۈشكەن يۇسۇپ بەگ بىلەن گەپ تاكاللىشىپ قالغاندا، يۇسۇپ بەگ يېنىغا تىقىۋالغان خەنجىرىنى چىقىرىپ، ئالپ ئارسلاننىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىدى. سالجۇقىيلار يۇسۇپ بەگنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى. ئالپ ئارسلاننىڭ جەستى مەرۋە شاھجاھانغا كەلتۈرۈلۈپ دەپنە قىلىندى. ئالپ ئارسلاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن سالجۇقىيلار ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ قايتىپ كەتتى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ناسىر ئىبنى ئىبراھىم ـ شەمسۇل مۇلك (1068 ـ 1080 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 1072 ـ يىلى 16 ـ دېكابىردا تىرمىزنى بېسىۋالدى. ئارقىدىنلا بەلخنىمۇ بېسىۋالدى.

ئالپ ئارسلاننىڭ ئوغلى سالجۇقىيلارنىڭ ئىمپېراتورى مەلىك شاھ (1072 ـ 1092 ـ يىللار) ناسىر ئىبنى ئىبراھىمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 1074 ـ يىلى چوڭ قوشۇننى باشلاپ، ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىپ، سەمەرقەنتكە قاراپ ماڭدى. ناسىر ئىبنى ئىبراھىم سەمەرقەنتنى تاشلاپ چىققاندا، مەلىك شاھنىڭ ئەقىللىق، ئالىيجاناب ۋەزىرى نىزامۇل مۇلكنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلدى. تىرمىز بىلەن بەلخ سالجۇقىيلار تەۋەلىكىگە ئۆتتى. مەلىك شاھ ئۇ جايلارغا ئۆز بەگلىرىدىن ھاكىم تەيىنلەپ قايتىپ كەتتى.

مىلادىنىڭ 1080 ـ يىلى ناسىر ئىبنى ئىبراھىم ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇكىسى خىزىرخان ئولتۇردى. خىزىرخانمۇ مىلادىنىڭ 1081 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەھمەد ئىبنى خىزىر خاقان بولدى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا (1081 ـ 1095 ـ يىللار) قاراخانىيلار بىلەن سالجۇقىيلار ئارىسىدا ئۇرۇش

يۈز بەردى. مىلادىنىڭ 1089 ـ يىلى مەلىك شاھ ناھايىتى كۆپ سانلىق قوشۇننى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىردى. ئۇ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ بۇخارانى ئالدى. ئارقىدىنلا غەربىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتنى ئالدى ۋە ئەھمەد ئىبنى خىزىرنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئۇنى ئىسفىھانغا ئەۋەتىۋەتتى، ئاندىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلارغا قاراپ ماڭغاندا، ھارۇن بۇغراخان II قەشقەردىن ئۆزكەنتكە كېلىپ، مەلىك شاھ بىلەن كۆرۈشتى. ھارۇن بۇغراخان 1102 ـ 1075) II ـ يىللار) ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ مەلىك شاھنى كەينىگە قايتىپ كېتىشكە ئۇناتتى، مەلىك شاھ ھارۇن بۇغراخان II نىڭ خۇتبىدە مەلىك شاھنىڭ نامىنى ئوقۇشقا ۋە پۇللارغا مەلىك شاھنىڭ نامىنى يېزىشقا ماقۇل بولغانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلىپ، قەشقەرگە بېسىپ بېرىشتىن ۋاز كەچكەن ئىدى.

مەلىك شاھ غەربىي قاراخانىيلارنىڭ بىكەسى تۇركان خاتۇنغا ئۆيلەنگەن ئىدى. ناھايىتى چوڭ ئابرويغا ئىگە بولغان تۇركان خاتۇن مىلادىنىڭ 1090 ـ يىلى ئارىغا چۈشۈپ مەلىك شاھنى، ئەھمەد ئىبنى خىزىرنى سەمەرقەنتكە قايتۇرۇۋېتىشكە كۆندۈردى. ئەھمەد ئىبنى خىزىر مىلادىنىڭ 1090 ـ يىلىدىن باشلاپ قايتىدىن غەربىي قاراخانىيلارغا خاقان بولدى. لېكىن مەلۇم دەرىجىدە سالجۇقىيلارغا بېقىندى ئىدى. مىلادىنىڭ 1095 ـ يىلى سەمەرقەنتتىكى دىنىي مۇتەئەسسىپلەر كاسان شەھىرىنىڭ ھاكىمى توغرول يىناق بەگنى ئەھمەد ئىبنى خىزىرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگۈزدى. ئەھمەد ئىبنى خىزىر كاسان بېگى توغرول يىناقنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن كاسان شەھىرىگە يېقىنلاپ كەلگەندە بەگلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ ئەھمەدنى قاماققا ئالدى. ئىسيان كۆتۈرگەن بەگلەر ئەھمەدنى سەمەرقەنتكە ئېلىپ بېرىپ دىنىي سوتقا تاپشۇردى. مەھكىمە شەرئى ئەھمەدنى دىنغا قارشى ھەرىكەتتە بولغان دەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئەھمەد ئۆزىدە قىلچە گۇناھ يوقلۇقىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، ئوغۇزلار ئادىتى بويىچە ئۇز ئوقياسىنىڭ كىرىچىدا بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئەھمەدخان مىلادىنىڭ 1092 ـ يىلى مەلىك شاھ ئۆلگەندىن كېيىن، مەلىك شاھنىڭ سەمەرقەنتتىكى بەگلىرىنى قوغلاپ چىقارغان ئىدى.

مەلىك شاھ ۋاپاتىدىن كېيىن سالجۇقىيلاردا تەخت تالىشىش كۈرىشى 25 يىل (مىلادىنىڭ 1092 ـ يىلىدىن 1117 ـ يىلىغىچە) داۋام قىلدى. ئاخىرى مەلىك شاھنىڭ كىچىك ئوغلى سۇلتان سەنجەر ئىمپېراتور بولغاندىلا تەخت ئۈچۈن كۈرەش ئاياغلاشتى.

سۇلتان سەنجەرنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1117 ـ يىلىدىن 1157 ـ يىلىغىچە) قاراخانىيلار دۆلىتى غەربىي قىسىملارغا قارام بولۇپ قالدى.

شەرقىي قاراخانىيلار (1040 ـ 1210 ـ يىللار) نىڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخان (1040 ـ 1056 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 1056 ـ يىلى ئۇكىسى مۇھەممەد بۇغراخان (ياغان تېكىن) بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىر چۈشتى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. مۇھەممەد بۇغراخان مىلادىنىڭ 1057 ـ يىلى تەختىنى چوڭ ئوغلى ھۇسەيىن (مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دادىسى)گە ئۆتكۈزۈپ بىرىش مۇراسىمىدا كىچىك بىكەسى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا كىچىك بىكەسىدىن بولغان ئوغلى ئىبراھىم خاقان بولدى. ئىبراھىم مىلادىنىڭ 1058 ـ يىلى ئۆزگە بويسۇنمىغان بارسخان ھاكىمى ئىنال تېكىن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلدى. ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلارغا يۈسۈپ قادىرخاننىڭ كەنجى ئوغلى توغرول قاراخان خاقان بولدى. ئۇنىڭغا ئاكىسى سۇلايمان بۇغراخاننىڭ ئوغلى ئوبۇل ھەسەن ئورۇنباسار خاقان بولدى. مىلادىنىڭ 1068 ـ يىلى ئىبراھىم بۆرى تېكىن ئۆلگەندە، توغرول قاراخان بىلەن ئوبۇل ھەسەن پەرغانە ۋادىسىنىڭ غەربىي قىسمىنى غەربىي قاراخانىيلاردىن تارتىۋالدى. ئىبراھىم بۆرى تېكىن مىلادىنىڭ 1056 ـ يىلى سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن مۇھەممەد بۇغراخان ئارىسىدا ئۇرۇش بولغاندا پەرغانىنىڭ غەربىي قىسمىنى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان ئىدى. توغرول قاراخان (1058 ـ 1075 ـ يىللار) ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغلى توغرول تېكىن شەرقىي قاراخانىيلارغا ئىككى ئايلا خاقان بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا توغرول قاراخاننىڭ ئورۇنباسارى ئوبۇل ھەسەن (ھارۇن بۇغراخان II) خاقان بولدى. ھارۇن بۇغراخان II نىڭ ۋاقتىدا (1075 ـ 1102 ـ يىللار) شەرقىي قاراخانىيلار قۇدرەتلىك، ناھايىتى مەدەنىيەتلىك بىر باسقۇچقا كىرگەن ئىدى. شەرقىي قاراخانىيلار تەختىدە 27 يىل ئولتۇرغان ھارۇن بۇغراخان II مىلادىنىڭ 1102 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەھمەد ئارسلانخان ئولتۇردى. ئەھمەد ئارسلانخان (1102 ـ 1128 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 1105 ـ يىلى مەھمۇد ئىبنى ئابدۇلجېلىل قەشقىرىنى باغداتتىكى ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇستەنسىر (1094 ـ 1118 ـ يىللار) نىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. خەلىپە مۇستەنسىر ئەھمەد ئارسلانخانغا «دۆلەتنىڭ نۇرى» ئۇنۋانىنى بەردى.

شەرقىي قاراخانىيلار ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەدنىڭ ۋاقتىدا (1128 ـ 1158 ـ

يىلـلار) غەربىي قىتانلارغا قارام بولۇپ قالـدى.

قىتانلار ئەسلىدە هازىرقى شەرقىي شىمالدىكى لىياۋنىڭ ئۆلكىسىدە ياشىغان موڭغۇل نەسىللىك خەلق ئىدى. ئۇلار هونلار دەۋرىدە (مىلادىيىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ) هونلارغا، سىيانپىلارغا بېقىنىپ كەلگەن. قىتانلار هونلار دەۋرىدىن باشلاپ پەيدىنپەي تۈركلىشىپ كەتكەن. قىتانلار ئاۋار خاقانلىقى (395 ـ 551 ـ يىللار) ۋە كۆكتۈرك خاقانلىقى (551 ـ 744 ـ يىللار) دەۋرىدە شۇ خاقانلىقلارغا بېقىنىپ ياشىغان. ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ كۈچەيگەن دەۋرىدىن (745 ـ يىلىدىن) تارتىپ 840 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىغا بېقىنىپ ياشىغان. قىتانلار مىلادىيىنىڭ 920 ـ يىلى ئورخۇندا 80 يىل (840 ـ يىلىدىن 920 ـ يىلىغىچە) هۆكۈمران بولغان قىرغىزلارنى ئەسلى يۇرتى يەنسەي دەرياسىنىڭ بويىغا قوغلىۋەتكەن، قىتانلار ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى شەهەرنى پايتەخت قىلغان.

قىتانلار خانلىقى (مىلادىيىنىڭ 916 ـ يىلىدىن 1125 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) هازىرقى موڭغۇلىيىنى ۋە هازىرقى شەرقىي شىمال ئۈچ ئۆلكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز هاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغان.

قىتانلار مىلادىيىنىڭ 907 ـ يىلى 40 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن جۇڭگوغا هۇجۇم قىلغان. مىلادىيىنىڭ 993 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسىگە (مىلادىيىنىڭ 960 ـ يىلىدىن 1279 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) هۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ پايتەختى كەيپىڭ شەهىرىنى قورشىۋالغان. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىرى قىتانلار بىلەن بىتىمنامە تۈزۈپ، هەر يىلى قىتانلارغا كۆپ مىقداردا (كۈمۈش ۋە تاۋار ئارقىلىق) ياساق تۆلەپ تۇرۇش بەدىلىگە دۆلىتىنى ساقلاپ قالغان.

قىتانلار خانلىقىنىڭ غەربىي چېگراسى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىسمىغا تۇتاش ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك قىتانلار مىلادىيىنىڭ 1018 ـ يىلى 100 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن شەرقتىن قاراخانىيلارغا هۇجۇم قىلىپ، ئالتاي، چۆچەك، ئىلى قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغاندا ئەهمەد توغان خان 1 (998 ـ 1018 ـ يىللار) بالاساغۇننىڭ شىمالىدىن سەككىز كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جايدا بولغان جەڭدە قىتانلارنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئامان قالغانلىرىنى قوغلاپ، ئۆز دۆلىتىگە سۈرۈپ توقاي قىلىۋەتكەن. مىلادىيىنىڭ 1120 ـ يىلى جورجىتلار (مانجۇلارنىڭ ئەجدادلىرى) ئىسيان كۆتۈرۈپ 1124 ـ يىلىغا كەلگەندە قىتانلار خانلىقىنى يوقاتقان.

جورجىتلارغا باش ئەگمىگەن قىتان شاھزادىسى يىلوداشى بىر قىسىم قىتانلارنى باشلاپ غەربىي شىمالغا قاراپ قېچىپ يەنسەي دەرياسىنىڭ بويلىرىغا كەلگەن. يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ بولاق ـ تالىشىغا يولۇققان قىتانلار يەنە باشقا جايغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. قىتانلار غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ كۆچۈپ، قاراخانىيلاردىن پاناھ تىلىگەن. شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ شىمالىي ئىلىك خانى ئوبۇل شىجاھ ئۇلارغا ئىمىل (ھازىرقى دۆربىلجىن)دا تۇرۇشقا يول قويغان. ئىمىلغا كېلىپ ماكانلاشقان قىتانلارنىڭ سانى 40 مىڭ تۈتۈن (ئائىلە) بولۇپ، ئاھالىسى 200 مىڭغا يېتەتتى.

شۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار دۆلىتى ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى سالجۇقىيلار ئىمپېراتورى سۇلتان سەنجەر (مىلادىنىڭ 1117 ـ يىلىدىن 1157 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) نىڭ ھىمايىسى ئاستىدا تۇراتتى. شەرقىي قاراخانىيلاردىكى قارلۇقلار ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

مىلادىنىڭ 1130 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلاردىكى قارلۇقلار ۋە باشقا قەبىلىلەر ئىسيان كۆتۈردى. شىمالىي ئىلىك خانى ئوبۇل شىجاھ يىلوداشىنى ئىچكى ئىسياننى باستۇرۇشقا بۇيرىدى. يىلوداشى ئىمىلدىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، بالاساغۇن ئەتراپىدا قارلۇقلارنىڭ ئىسياننى باستۇردى. ئوبۇل شىجاھ يىلوداشىنىڭ ئىسياننى باستۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتىنى تەقدىرلەپ، قىتانلارنى بالاساغۇندا تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. بۇ چاغلاردا شەرقىي قاراخانىيلارغا ئەھمەد ئارسىلانخاننىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەد خاقان ئىدى. ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەد (1128 ـ 1158 ـ يىللار) قابىلىيەتسىز، بەكمۇ بىغەم ئادەم ئىدى. قىتان شاھزادىسى يىلوداشى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئىچكى ئاجىزلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ ئايماقلىرىنى بالاساغۇنغا توپلىدى. يىلوداشى مىلادىنىڭ 1134 ـ يىلى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ، ئوبۇل شىجاھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى ئەسىرگە ئالدى. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا شىمالىي ئىلىك خانىغا قارايدىغان جايلارنى بېسىۋالدى. يىلوداشى 1136 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەدنى باش ئەگدۈردى. شۇندىن باشلاپ شەرقىي قاراخانىيلار قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالدى.

قىتانلار ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەدنى بېقىندى ھالغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن، بالاساغۇننى پايتەخت قىلىپ، تارىختا «غەربىي قىتانلار دۆلىتى» دەپ نام ئالغان دۆلەت ۋۇجۇدقا كەلدى. غەربىي قىتانلار دۆلىتى (مىلادىنىڭ 1124 ـ يىلىدىن

1210 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) يەنە گورخانىيلار دۆلىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شەرق تارىخچىلىرى غەربىي قىتان خانلىرىنى «گورخان» دەپ يېزىشقان. «گورخان» سۆزى خەنزۇچىدىكى «گاۋخەن» (ئالىي خان ـ 高汗) سۆزىنىڭ ئۆزگەرتىپ ئېيتىلىشى بولسا كېرەك. «گورخانىيلار» دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەنە شۇنداق.

غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى (1040 ـ 1210 ـ يىللار) مۇ مىلادىنىڭ 1102 ـ يىلىدىن باشلاپ قايتىدىن سالجۇقىيلارغا قىسمەن ھالدا قارام بولۇپ قالدى. مىلادىنىڭ 1103 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغا ساغۇنبەگ، مۇھەممەد ئارسلانخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ كۈيئوغلى سۇلتان سەنجەرنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن ئىسيان تىنچىدى. لېكىن ساغۇنبەگ مىلادىنىڭ 1109 ـ يىلى يەنە ئىسيان كۆتۈردى. بۇ قېتىم سۇلتان سەنجەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن مۇھەممەد ئارسلانخان (مىلادىنىڭ 1102 ـ يىلىدىن 1130 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) ئىسيانىنى قاتتىق باستۇردى. شۇندىن باشلاپ خېلى ئۇزاققىچە ماۋەرائۇننەھرىدە تىنچلىق، ئاسايىشلىق هۆكۈم سۈردى.

غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى مۇھەممەد ئارسلانخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا پالەچ بولۇپ قالدى. شۇڭا ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇشقا چوڭ ئوغلى ناسىرنى تەيىنلىدى. مانا شۇ چاغدا ئەشرەپ ئىبنى مۇھەممەد سەمەرقەندى ئاتلىق قازى سۇيىقەست ئىشلىتىپ ناسىرنى ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئەھمەد (ناسىرنىڭ ئۇكىسى) سەمەرقەنتكە كېلىپ، ئەشرەپ ئىبنى مۇھەممەد سەمەرقەندىنى ئۆلتۈردى.

1130 ـ يىلىغا كەلگەندە مۇھەممەد ئارسلانخان بىلەن سالجۇقىيلار سۇلتانى سەنجەرنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ قالدى. سۇلتان سەنجەر ئوۋغا چىققان چاغدا، گۇمانلىق دەپ تونۇلغان 20 كىشىنى تۇتۇپ كېلىپ سوراق قىلدى. ئۇلار مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن سۇلتان سەنجەرنى قەست قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى بويىنىغا ئالدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن سۇلتان سەنجەر بىلەن مۇھەممەد ئارسلانخان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى يامانلىشىپ كېتىدۇ. شۇ ۋەقەدىن كېيىن سۇلتان سەنجەر سەمەرقەنتنى بېسىۋالدى. مۇھەممەد ئارسلانخان بەلخكە ئېلىپ كېتىلىدۇ، سۇلتان سەنجەرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قىزى توركان خاتۇن (سۇلتان سەنجەرنىڭ مەلىكىسى)نىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇھەممەد ئارسلانخان مىلادىنىڭ 1132 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى مەرۋە شاھىجاھاندىكى مەدرىسىگە دەپنە قىلىنىدۇ.

غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئەھۋالى مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى

مەھمۇدنىڭ ۋاقتىدا (1132 ـ 1141 ـ يىللار) بەكمۇ يامانلىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا غەربىي قىتانلار دۆلىتى كۈچىيىشكە باشلىغان ئىدى. يىلوداشى غەربكە يۈرۈش قىلىشتا تەييارلىق كۆرمەكتە ئىدى. مىلادىنىڭ 1137 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خوجەنت ئەتراپىدا، غەربىي قىتانلار خانى يىلوداشى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنىنى تارمار كەلتۈردى. مىلادىنىڭ 1139 ـ يىلى خارەزمى شاھى ئاتسىز ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىپ بۇخارانى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا قارلۇقلار ئىسيان كۆتۈردى. ئىسيانىنى يىلوداشى قوللىدى. غەربىي قىتانلارنىڭ كۈچىيىپ، غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىگىمۇ خەۋپ سېلىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرىگەن سۇلتان سەنجەر يىلوداشىغا قارشى چىقتى. مانا شۇ سەۋەبتىن يىلوداشى مىلادىنىڭ 1141 ـ يىلى قىتان قوشۇنلىرىنى باشلاپ غەربىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى سەمەرقەنتكە قاراپ ماڭدى. مىلادىنىڭ 1141 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سەمەرقەنت بىلەن بۇخارا ئارىسىدىكى قەتۋان چۆلىدە غەربىي قىتانلار بىلەن غەربىي قاراخانىيلار ئارىسىدا تارىختا مەشھۇر بولغان «قەتۋان جېڭى» يۈز بەردى. قەتۋان جېڭىدە يىلوداشى، مەھمۇد بىلەن سۇلتان سەنجەر باشچىلىقىدىكى بىرلەشكەن قوشۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. چۈنكى ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا قاراخانىيلارغا ياردەمگە كەلگەن سۇلتان سەنجەر باشچىلىقىدىكى سالجۇقىيلار قوشۇنى ئىچىدە قوزغىلاڭ يۈز بەردى. بۇنداق ۋەقە يىلوداشىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئوڭۇشلۇق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئۇرۇشتا قاراخانىيلار بىلەن سالجۇقىيلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىدىن 30 مىڭ كىشى ئۆلدى. سۇلتان سەنجەرنىڭ خانىشى توركان خاتۇن (مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ قىزى) بىلەن بىرگە مەشھۇر بەگلەر، يىلوداشىغا ئەسىر چۈشۈپ كەتتى. قەتۋان جېڭىدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان سۇلتان سەنجەر بىلەن مەھمۇدخان تىرمىزغا قېچىپ كەتتى. يىلوداشى سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى بېسىۋالدى. لېكىن قىتانلار بېسىۋالغان جايلارنى ئۆز دۆلىتى تەركىبىگە قوشۇۋالماس ئىدى. ئۇلار ياساق ئېلىش بىلەنلا چەكلىنەر ئىدى. قىتانلار بېسىۋالغان جايلاردىكى ئاھالىدىن ئائىلە بېشىغا بىر دىنار ياساق يىغىپ ئېلىشنىلا ئەۋزەل كۆرەتتى. شۇ سەۋەبكە ئاساسەن غەربىي قاراخانىيلارمۇ، شەرقىي قاراخانىيلارمۇ قىتانلارغا ياساق تۆلەش شەرتى ئاستىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ قالدى.

قىتانلارنىڭ (قاراخىتايلارنىڭ) غەلىبىسى ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى، قەتۋان جېڭىدە يۈز بەرگەن ۋەقەدىن غەيرەتلىنىپ خارەزمى شاھ ئاتسىز كۈرەك پايدىلاندى. ئۇ مىلادىنىڭ 1141 ـ يىلى قىشتا

مەرۋە شاھجاھاننى بېسىۋالدى. 1142 ـ يىلى نىشاپۇر (ھازىرقى ھەمەدان شەھىرى)غا يېقىنلاپ كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاتسىز كۈچ جەھەتتە يەنە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان سۇلتان سەنجەرگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. يىلوداشى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك مىلادىنىڭ 1141 ـ يىلى «قەتۋان جېڭى»دە ئۇ غەربىي قاراخانىيلارنى مەغلۇب قىلغان بولسا، مىلادىنىڭ 1142 ـ يىلى (ئاتسىز نىشاپورغا يۈرۈش قىلغاندا) خارەزمگە ھۇجۇم قىلدى. خارەزمى شاھلىقىمۇ قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالدى. لېكىن مىلادىنىڭ 1143 ـ يىلى يىلوداشى ئۆلگەندىن كېيىن خارەزمى شاھ ئەلى ئارسلان قىتانلارغا ياساق تۆلەشتىن باش تارتتى ۋە قىتانلارنىڭ خارەزمدە تۇرۇشلۇق ۋالىيسىنىمۇ قوغلاپ چىقاردى.

يىلوداشى ئۆلگەندىن كېيىن غەربىي قىتانلارغا تۆت كىشى خان بولدى. غەربىي قىتانلار دۆلىتى (1124 ـ 1210 ـ يىللار) يىلوداشىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئاجىزلىششقا قاراپ ماڭغان ئىدى. قىتان خانلىرى: يىلوداشى (مىلادىنىڭ 1124 ـ يىلىدىن 1143 ـ يىلىغىچە خان بولغان)، تابويان (1144 ـ 1150 ـ يىللار)، يىلوبىلى (1151 ـ 1163 ـ يىللار)، پوساۋەن (1164 ـ 1177 ـ يىللار)، يىلوجىلىگو (1178 ـ 1211 ـ يىللار) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولغان. تابويان يىلوداشىنىڭ خانىشى ئىدى. پوساۋەن بولسا قىزى ئىدى.

شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئوبۇل پەتتاھ مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپنى مىلادىنىڭ 1210 ـ يىلى ئوردا بەگلىرى ئۆلتۈردى. شۇندىن باشلاپ شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولدى.

غەربىي قاراخانىيلار خاقانى ئوسمان بۇغراخان خارەزمى شاھى مۇھەممەد ئالائىددىننىڭ كۈيئوغلى ئىدى. ئۇ مىلادىنىڭ 1212 ـ يىلى مۇھەممەد ئالائىددىنغا قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىمۇ يوقالدى.

90 يىل ياشىغان (مىلادىنىڭ 1125 ـ يىلىدىن 1210 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) غەربىي قىتانلار دۆلىتى (قارا خىتايلار دۆلىتى)مۇ مىلادىنىڭ 1210 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئوسمان بۇغراخان بىلەن خارەزمى شاھى مۇھەممەد ئالائىددىن باشچىلىقىدىكى بىرلەشمە قوشۇن (قاراخانى ۋە خارەزمى قوشۇنلىرى) تەرىپىدىن قىرغىزىستاندىكى تالاس دەرياسى بويىدا بولغان جەڭدە ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. شۇ مەغلۇبىيەتتە ھالىدىن كېتىپ قالغان غەربىي قىتانلارنى مىلادىنىڭ 1211 ـ يىلى نايمان خانى كۈچلۈكخان يوقاتتى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلىغا كەلگەندە بىرلەشكەن، قۇدرەتلىك، يۇقىرى مەدەنىيەتلىك قاراخانىيلار دۆلىتى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىگە بۆلۈنۈپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ تارىخىدا بەزىدە غەربىي قىتالارغا، سالجۇقىيلارغا ۋە بەزىدە خارەزمى شاھلىقىغا بېقىندى بولۇپ قالمىغان بولاتتى. بەلكى ناھايىتى كۆپ ئەسىرلەر سەلتەنەت سۈرۈپ، تېخىمۇ قۇدرەتلىك دۇنياۋى ئىمپېرىيە ھالىغا كېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىپ، ئەۋلادلار بەختىيار ھايات كەچۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ، ئاجايىپ تالانتلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنى، مەھمۇد قەشقىرىلەرنى مەيدانغا چىقارغان بولاتتى.

مىلادىنىڭ 1036 ـ يىلىغا كەلگەندە غەربىي ئىلىك خان ناسىر ئىبنى ئەلى (مىلادىنىڭ 992 ـ يىلىدىن 1012 ـ يىلىغىچە ئىلىك خان بولغان)نىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەد بىلەن ئىبراھىم بۆرى تېكىنلەر غەربىي ئىلىك خانى يۈسۈپكە بويسۇنماي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى باشلاپ، ئاخىرى مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى بىر پۈتۈن قاراخانىيلار دۆلىتىنى پارچىلاپ ئىككىگە ـــ غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىگە بۆلۈۋەتتى. ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرى بىلەن تارىخ ئالدىدا ئۇلۇغ، دانىشمەن، باتۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ئەزىز روھلىرى ئالدىدا، كېيىنكى ئەۋلادلار ئالدىدا كەچۈرگۈسىز جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدىمۇ ـ قانداق!؟

مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلىدىن باشلاپ قاراخانىيلار دۆلىتى كۈچلۈك ھالىتىدىن ئاجىزلىققا، گۈللىنىشتىن خازان بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇڭا شەرقىي قاراخانىيلارمۇ، غەربىي قاراخانىيلارمۇ غەربىي قىتالارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماي، ئېغىر پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، بېقىندى ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئاخىرى بىرىپ يوقالدى.

## 2

ئازغىنا كەم 400 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (850 ـ 1212 ـ يىللار) قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان رايونلاردا مەدەنىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. شۇ دەۋردە ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى (850 ـ 1212 ـ يىللار)، سامانىيلار پادىشاھلىقى (870 ـ 1000 ـ يىللار)، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى (850 ـ 1335 ـ يىللار)، غەزنەۋىيلەر سۇلتانلىقى (963 ـ 1187 ـ يىللار)، ئۇلۇغ



يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1018 - 1085)

سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى (1140 ـ 1157 ـ يىللار) قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ تارىخ سەھنىسىدە دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئاجايىپ مۇھىم روللارنى ئوينىدى. بولۇپمۇ شۇ دەۋردە مەدەنىيەت يۈكسەك دەرىجىدە گۈللەپ ياشنىدى.

دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە باھاسىز شانلىق تۆھپىلەر قوشۇلدى.

دۇنياغا ئايان بولغان شۇ دەۋردە (قاراخانىيلار دەۋرىدە) مەشھۇر ئالىم، دانىشمەن پەيلاسوپ ئەبۇنەسىر فارابى (873 ـ 950 ـ يىللار)، پەلسەپە ۋە مېدىتسىنا ساھەسىدىكى قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا (980 ـ 1037 ـ يىللار)، ئۇنىڭ زامانداشى مەشھۇر پەيلاسوپ ئەبۇرەيھان بىرۇنى (973 ـ 1048 ـ يىللار)، شاھنامە داستانىنىڭ ئاپتورى، تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (934 ـ 1020 ـ يىللار)، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەن ئوغۇللىرىدىن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، تالانتلىق شائىر، مەشھۇر دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1018 ـ 1085 ـ يىللار)، ئۇلۇغ تىلشۇناس، تارىخچى مەھمۇد قەشقىرى (1030 1090ـ ـ يىللار)، «قەشقەر تارىخى»نىڭ ئاپتورى ئابدۇجاپپار قەشقىرى (12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن) قاتارلىق ئۇلۇغ پەيلاسوپلار، شائىرلار، تارىخچىلارنىڭ ئىلمىي ئىجادى، دانىشمەنلىكتە ياراتقان تۆھپىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئويغىنىش دەۋرى»نىڭ ياۋروپادىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇن ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

ياۋروپادىكى «ئويغىنىش دەۋرى» (ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 14 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى ئىدىيە بىلەن سۇغۇرۇلغان مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن ئىبارەت ئىدى. ياۋروپادىكى «ئويغىنىش» ئەڭ ئاۋۋال ئىتالىيىدىن باشلاندى. كېيىن ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە كېڭەيدى. شۇ چاغدا شەھەرلەردىكى تاۋار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا قەدەممۇ قەدەملەپ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋۇجۇدقا كەلدى. مەدەنىيەت جەھەتتە بولسا يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن تەلەپلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپتى. يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئالىملىرى جەمئىيەتتە يۇنان، رومانىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. ئۇلار كلاسسىك مەدەنىيەتتىن ئوزۇق ئېلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئاچتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋروپادىكى فېئودالىزمغا قارشى ئىدىيە بىلەن سۇغۇرۇلغان مەدەنىيەت ھەرىكىتى «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتى» دەپ ئاتالدى. ئۇنداق ھەرىكەت ياۋروپالىقلارنىڭ تىلىدا گۇمانىزىم دەپ ئاتالدى. «گۇمانىزم» ـ ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەن مەنىنى بىرەتتى. مانا شۇنداق ئىدىيىنى تەرغىپ قىلغۇچىلار «گۇمانىست»

(بۇ لاتىنچە سۆز بولۇپ «ئادەمگەرچىلىك» دېگەن بولىدۇ) دەپ ئاتالدى. گۇمانىستلار ئادەمنى ھۆرمەتلەش، ئادەمگە غەمخورلۇق قىلىش، ئادەمنى مەركەز قىلىش دەيدىغان گۇمانىزم ئىدىيىسىنى تەشەببۇس قىلدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى، ھېسسىياتىنى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى خىرىستىيان بۇتخانىلىرىنىڭ ئىلاھىيەتچىلىك ئاسارىتىدىن ئازاد قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا، گۇمانىستلارنىڭ روھلاندۇرۇشى ئارقىلىق ئىتالىيىدىن فېئودالىزمغا قارشى بىر تۈركۈم باتۇرلار مەيدانغا چىقتى. شائىرلاردىن فىلورونسىيىلىك دانتې (1265 ـ 1321 ـ يىللار) «ئىلاھىي كومېدىيە» ناملىق ئەسەرنى يازدى. بۇ ئەسەر «پىلىسرات» (قىل كۆۋرۈك)، «دوزاخ»، «جەننەت» قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى خىرىستىيانلىقنى پاش قىلغان ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي دانتې كونا خىرىستىيان بۇتخانا مەدەنىيىتى بىلەن يېڭى گۇمانىستىك مەدەنىيەت ئارىسىدا ياشىدى. «ئىلاھىي كومېدىيە» دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ياۋروپادا «ئويغىنىش» دەۋرىدە ئۆتكەن گۇمانىستلاردىن شائىر پېتراركا (1304 ـ 1374 ـ يىللار)، يازغۇچى بوكاچىئو (1313 ـ 1375 ـ يىللار) لەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. گۇمانىست شائىرلار، يازغۇچىلار ئەسەر يازغاندا ماتېرىيالنى چېركاۋ ھېكايىلىرىدىكى ۋەقەلەردىن ئالماي، ئۆز ئەتراپىدىكى ھاياتتىن ئالدى. ئۇلار جانلىق ئادەملەرنى تەسۋىرلىدى. مۇتەپەككۇر شائىر پېتراركا ئاجايىپ تەسىرلىك لىرىك شېئىرلارنى يازدى. يازغۇچى بوكاچىئو «دېكامىرون» (بۇ يۇنان تىلىدا «ئون كۈن» دېگەن بولىدۇ) ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدا خىرىستىيان پوپلىرى بىلەن مۇناخلارنىڭ يۈزسىزلىكىنى ۋە ھارامزادىلىكىنى پاش قىلغان.

«ئويغىنىش دەۋرى»دىكى گۇمانىستلاردىن يەنە رەسسام، ھەيكەلتاراش، مۇزىكانت، شائىر، ئىنژېنېر لېئوناردو داۋىنچى (1452 ـ 1519 ـ يىللار)، مىكىل ئانجېلو (1475 ـ 1564 ـ يىللار)، راپائىل (1483 ـ 1520 ـ يىللار)، پەن ئالىملىرىدىن ئۇلۇغ پولەك ئاسترونومى كوپېرنىك (1473 ـ 1543 ـ يىللار)، ئىتالىيىلىك دوژوردانوبرونو (1548 ـ 1600 ـ يىللار)، گالىلېي (1564 ـ 1642 ـ يىللار) قاتارلىقلار ئۆتكەن.

ئۇلار فېئودال تۈزۈمگە قارشى كەسكىن كۈرەشلەر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى يارىتىپ، يېقىنقى زاماندىكى رېئالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك ئاساس سالغان ئىدى. بۇ ھەقتە

ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «بۇ ئەزەلدىن تارتىپ ئىنسانىيەت بېشىدىن كەچۈرمىگەن بىر قېتىملىق ئەڭ ئۇلۇغ، ئىلغار ئۆزگىرىش ئىدى».

ياۋروپادىكى «ئويغىنىش دەۋرى» 14 ـ ئەسىردە باشلانغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادا، قاراخانىيلار دەۋرىدە (11 ـ ئەسىردىلا) مەدەنىيەتتە ئويغىنىش دەۋرى مەيدانغا كەلگەن ئىدى. بۇنىڭغا يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى... قاتارلىق ئالىم، شائىر، تىلشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىلغار ئىدىيىلەر جاۋاب بېرىدۇ.

## يۇسۇپ خاس ھاجىپ

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مىلادىنىڭ 1018 ـ يىلى بالاساغۇندا تۇغۇلغان. يۇسۇپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنى ئوبدان تەربىيەلەشكە كۆڭۈل بۆلدى. يۇسۇپ ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن باشلاپ تىرىشىپ ئوقۇدى. ئۇ ئۆز ئانا تىلىنى پۇختا ئىگىلىگەندىن تاشقىرى ئەرەب، پارس تىللىرىنى ناھايىتى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىنى، ئەبۇنەسىر فارابىنىڭ، ئەبۇئەلى ئىبنى سىنانىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ مۇتالىئە قىلدى. ئىسلام ئەقىدىلىرىگە دائىر بىلىملەرنى، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن پەندى ـ نەسىھەتلەرنى، دۆلەت تۇغرىسىدىكى تەلىماتلارنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى، پەلسەپە، بۇددىزىم، ئەخلاقنامىلەرنى، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، تەبىرنامە (چۈشكە تەبىر بېرىش قوللانمىسى)، ئوقيا ئېتىش، ئوۋچىلىق، قۇشچىلىق (ئوۋ قۇشلىرىنى ئوۋغا سېلىش ھۈنىرى) قاتارلىق بىلىم ۋە ھۈنەر ـ سەنئەتنى ئۆگەندى. بۇلاردىن تاشقىرى شاھمات ئويناش، تەنتەربىيە قاتارلىق ئويۇنلاردىنمۇ چەتتە قالمىدى. يۇسۇپ، بولۇپمۇ پەلسەپە بىلەن ئەخلاققا دائىر بىلىملەرنى ناھايىتى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئۇ، ئۇلۇغ پەيلاسوپ فارابى، ئەبۇئەلى ئىبنى سىنانىڭ ئىدىيىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى يۇقىرى كۆتۈردى.

يۇسۇپ غەربنىڭ كىلاسسىك بىلىملىرىنىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەرنىمۇ چوڭقۇر ئۆگەندى. شۇڭا ئۆز زامانىسىدىكى دانىشمەن ئالىملار ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە، ھەر

تەرەپلىمە بىلىمنى ناھايىتى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئىگىلىگەن ئالىم بولۇپ قالدى.

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى قۇدرەتلىك قاراخانىيلار دۆلىتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندە، يۇسۇپ 22 ياشقا كىرگەن ئىدى. يۇسۇپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى مىلادىنىڭ 1068 ـ يىلى (50 ياشقا كىرگەندە) بالاساغۇندا يېزىشقا باشلىغان. ئۇ شۇ يىلى قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ قەشقەردە يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر يىلدىن كېيىن تاماملىغان. يۇسۇپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى 1069 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئورۇنباسار خاقانى ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئارقىلىق يۇسۇپنىڭ دانىشمەن، تالانتلىق، ئالىي پەزىلەتلىك، ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان ئۇنىڭغا «تايانغۇ»، «خاس ھاجىپ»لىق ئۇنۋانىنى بېرىپ، ساراي ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىگەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى توغرول قاراخانغا (1058 ـ 1075 ـ يىللار) تەقدىم قىلماي، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلىشى، ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخانىنىڭ ئىلىم ئەھلىنى سۆيىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان، ئادىل، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

مىلادىنىڭ 1075 ـ يىلى ئوبۇل ھەسەن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى بولغان چاغدا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ 57 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپ شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ساراي ۋەزىرلىكىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە (مىلادىنىڭ 1085 ـ يىلىغىچە) ئۆتىگەنمۇ ياكى سالامەتلىكى يامانلىشىپ قالغاندا ۋەزىپىسىدىن سورانغانمۇ؟ بۇ تازا ئېنىق ئەمەس.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوبۇل ھەسەن (ھارۇن بۇغراخان II) نىڭ ۋاقتىدا (1075 ـ 1102 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 1085 ـ يىلى 67 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ جەسىتى دەسلەپ تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بارگاھ يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇيغۇر ياركەنت خانلىقىنىڭ خانى سۇلتان ئابدۇرىشىتخانىنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1533 ـ يىلىدىن 1556 ـ يىلىغىچە خان بولغان) تۈمەن دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەندە، سۇلتان ئابدۇرىشىتخانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ جەسىتى ئەسلى قەبرىگاھىدىن كۆچۈرۈلۈپ، ھازىرقى پايناپ

يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى مەزمۇنىنىڭ موللىقى، چوڭقۇرلۇقى، ئۆز زامانىسىغا يارىشا ئىلغار پىكىرلەر (ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن ساھەسى بويىچە)نى ئالغا سۈرگەنلىكى جەھەتتىن بولسۇن، ناھايىتى چوڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز قەدىمكى چاغدىكى دۇنيا ئەدەبىياتى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا يۇنانلىقلارنىڭ مىلادىدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇن ياشىغان شائىر گومىر تەرىپىدىن يارىتىلغان «ئىلىيادا»، «ئودىسسا»سى، گېرمانلارنىڭ «نىبىلۇ لۇڭگ ھەققىدە ناخشا»، فرانسۇزلارنىڭ «رولان ھەققىدە ناخشا»، ھىندىلارنىڭ «رامىيانا»، «ماخاپىراتا»، ئىرانلىقلارنىڭ «شاھنامە»سى قاتارلىق داستانلىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن تەڭ، شۇ قاتاردا يەنە قىرغىزلارنىڭ داستانى «ماناس»نىمۇ تىلغا ئالىمىز. مانا شۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان داستانلارنىڭ ھېچبىرى تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى جەھەتتىن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ مۇمكىن ئەمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەلسەپە نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا ئىدېئالىست بولسىمۇ، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا ماتېرىيالىستىك يۆزلىنىشنىڭ ئالامەتلىرىنى يوق دېيىشكە ئاساسىمىز يوق. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئاسترونومىيىگە دائىر بايانلىرى ئۇنىڭ تەبىئەت توغرىسىدىكى كۆزقارىشىدا ئۆزى بولارلىق (ئىستىخىيىلىك) ماتېرىيالىستىك خاراكتېردىكى پىكىرلەرنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 8 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام تەسىرى كۈچەيگەن فېئوداللىزم شارائىتىدا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئىلمىي نۇقتىئىنەزەردىن قاراپ، يۇنان جۇغراپىيە ئالىمى كىلادى پىتولىمى (مىلادىنىڭ 2 ـ ئەسىردە ياشىغان)نىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسترونوملىرى فارابى، بىرونىلارنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان.

مىلادىنىڭ 2 ـ ئەسىردە يۇنان ئالىمى پىتولىمىنىڭ ئالەم توغرىسىدىكى كۆزقارىشىدا: ئالەم بوشلۇقىدىكى پلانېتلار يەر ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ دېگەن چۈشەنچە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنە شۇنداق چۈشەنچىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق كۆزقارىشى، ئۇ ياشىغان زاماندىكى ئىلاھىيەتچىل كۆزقاراشلاردىن ئىلغار ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەم سىستېمىسىدىكى جىسىملار توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنىڭ خېلى ئىلغارلىقىنى ئۇنىڭ ئاي توغرىسىدا بەرگەن بايانى ئىسپاتلايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

137. بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق[1] تۇرۇر،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولۇر.

731. ئاي ئاۋۋال تولىمۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن - كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.

733. تولۇپ ئاي ئېگىزگە ئۆرلىگەچ كېيىن،
كېمىيىپ ئاستا، ھۆسنى كېتەر يۈزىدىن.

734. يورۇقى ئاز - ئازدىن يەنە يوقىلۇر،
تۇغۇلۇپ كىچىك ئۇ، قايتىدىن تولۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىدىكى بايانىدا: ئاينىڭ شەكلىنىڭ يۇملاقلىقى، ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقارمايدىغان پەقەت قۇياشنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن يورۇپ تۇرىدىغان، ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلانغاندىن تاشقىرى يەر ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان جىسىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن.

ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئالەمنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يەنە قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئۇلۇغ ئاسترونوم نىكولاي كوفىرنىك (1473 - 1543) ئۆزىنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى» ناملىق ئەسىرىدە، 16 - ئەسىردىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ، پىتولمىنىڭ: ئالەم بوشلۇقىدىكى پلانېتلار يەر ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ دەيدىغان كۆزقارىشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئىلىم - پەننىڭ دېگۈدەك پۈتۈن تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇسنامە (بىلىملەر بۇلىقى) ھېسابلىنىدۇ. كونكرېتراق ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى «نەسىھەتنامە»، «ماقال - تەمسىلنامە»، «سىياسەتنامە»، «دۆلەتنامە»، «ئۇتوپىيە» دىن ئىبارەت.

(1) يالچىق – ئاي.

بولۇپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى تەلىماتى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن يۇنان پەيلاسوپى پىلاتون (مىلادىدىن 429 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ، 347 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن) ئوبيېكتىپ ئىدېئالىست بولۇپ، ئافىنادىكى دېموكراتىك ئېقىمنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. پىلاتون پەلسەپىسى كېيىنكى ئەسىردە غەربتىكى بارلىق ئىدېئالىستىك پەلسەپىنىڭ ئاساسىغا ئايلىنىپ قالغان.

پىلاتون «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەردە ئاقسۆڭەك قۇلدارلار دىكتاتۇرىسى تەرغىپ قىلىنغان. پىلاتون «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسىرىدە ئادەملەرنى ئۈچ تەبىقىگە ـ پەيلاسوپلار، ھەربىيلەر، ئەمگەكچىلەر (قۇللار)گە بۆلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە: پەيلاسوپلار ئالتۇندىن، ھەربىيلەر كۈمۈشتىن، ئەمگەكچى قۇللار تۆمۈردىن يارالغان بولۇپ، پەيلاسوپلار دۆلەتنى ئىدارە قىلىدۇ، ھەربىيلەر بولسا ئۇلارنى (پەيلاسوپلارنى) قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئەمگەكچىلەر بولسا، ئەمگەك قىلىپ، پەيلاسوپلار بىلەن ھەربىيلەرنى باققۇچى قۇللاردىن ئىبارەت ئىمىش.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا دۆلەت توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقارىشى، پىلاتوننىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى ئەكسىيەتچىل كۆزقارىشىغا تۈپ ئاساسىدىن ئوخشىمايدىلا ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئىلغار، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت توغرىسىدا تەشەببۇس قىلغان تەدبىرلىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى بىرنەچچە جەھەتتىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ بىلىملىك، ئەقىللىق، تالانتلىق، ئەخلاقلىق، باتۇرلۇققا ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەرگە ئىگە بولۇشى لازىملىقى، بۇنىڭ ئەكسىچە بىلىمسىز، دۆت، قابىلىيەتسىز، ئەخلاقسىز، بۇزۇق، زالىم، قورقۇنچاقلار دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان بولسا، دۆلەتنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى، ئادالەت روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقى، ئاشۇنداق قانۇن ئالدىدا دۆلەتتىكى كىشىلەرنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر (پادىشاھتىن تارتىپ قۇلغىچە) باراۋەر ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. مانا شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى، ئۆز زامانىسىدىكى

ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەردىن يۈكسەك دەرىجىدە ئىلغار بولۇپلا قالماستىن، يېقىنقى زاماندىكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دەۋرىدە ئۆتكەن گۇمانىستلارنىڭ كۆزقارىشىدىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. مەسىلەن:

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

1951. ئەقىللىق كېرەك ھەم بىلىملىك كېرەك،
سېخىلىق كېرەك ھەم سىلىقلىق كېرەك.

1952. بىلىم بىلەن بەگلەر ئەلنى باشلىدى،
ئەقىل بىلەن خەلقنىڭ ئىشىنى ئىشلىدى.

1956. بەگ بولسۇن بىلىملىك، ئاقىل ۋە ئويغاق،
ئۇشتۇمتۇت چىقمىغاي دېسە بىر چاتاق.

1957. كېرەكتۇر ياخشى خۇلق، مىڭ تۈمەن خىسلەت،
نامىمغا تەگمىسۇن دېسە داغ - بوياق.

1961. بەگ بولغاي خەلق ئۈچۈن جەسۇر قەھرىمان،
شۇ بىلەن قىلىنۇر چوڭ ئىشلار ھامان.

1983. خۇدا قىلسا بىراۋنىڭ خۇيىنى يامان،
ئۇنى رەنجىتكەي ئوقى بىلەن زامان.

1984. ئەگەر بولسا بىرەر بەگنىڭ خۇلقى ناچار،
سۆيۈنچى بولۇر غەم، ئىش تەتۈر ماڭار.

2033. بولاي دېسەڭ ئەلگە ئۇزاق ھۆكۈمران،
قانۇن تۈز، يۈرگۈز، خەلقىڭنى ئاسرىغىن ھامان.

2034. ئەل يۈكسىلەر قانۇن بىلەن، تۈزۈلۈر جاھان،

زۇلۇم بىلەن ئەل خاراب، بۇزۇلۇر جاھان.

2036. تۈزەپ بەگ كۆڭۈلنى، يۇرگۈزسە قانۇن،
بۇ بەگلىك بۇزۇلماس، ياشار بەك ئۇزۇن.

1038. سۆزى راست بولسا بەگنىڭ، خۇلقى گۈزەل،
ئىشەنگەي، ياخشى كۈن كۆرۈپ، ئاڭا ئەل.

3463. ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئىرۇر،
ئۇ قانۇن بۇزۇلسا ئاسمان يىقىلۇر.

818. ماڭا تەڭ ھەممىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن، ھۆكۈم ۋاقتىدا.

809. قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ئىشنى ھەل،
دېمەيمەن كىشىنى بەگ، قۇل، كەمبەغەل.

يۇقىرىدا «قۇتادغۇ بىلىك» تىن كەلتۈرۈلگەن بىر قاتار پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، غەربنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زاماندىكى گۇمانىستلىرى بىلەن قانۇنشۇناسلىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا سېلىشتۇرۇش ئورۇنسىز. چۈنكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 ـ ئەسىردىلا ئادالەت پرىنسىپلىرى ئاساسىدا تۈزۈلگەن قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن مەسىلىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ھەربىي تەدبىرلەر توغرىسىدا

### قوشۇننىڭ تەركىبى

قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن دۆلەتلەر بىلەن ھازىرقى زاماندىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىچكى توپىلاڭنى باستۇرۇش، تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىپ، دۆلەتنىڭ

مۇستەقىللىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى تەشكىل قىلىش، كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە بۆلمەكتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرى: ساراي (ئوردا) مۇھاپىزەتچىلىرى، ئالاھىدە قوشۇن، خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان بەگلەر باشقۇرىدىغان قوشۇنلار، دۆلەتكە قارايدىغان قەبىلىلەرنىڭ خانلىرى باشقۇرىدىغان قوشۇنلاردىن تەركىب تاپقان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ساراي مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە سارايىنى كۈندۈزى مۇھاپىزەت قىلىدىغان قاراۋۇللار «تۇرغاق» (قوۋۇقچى)، كېچىسى مۇھاپىزەت قىلىدىغان قاراۋۇللار «ياتقاق» (كۆزەتچى) دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دېيىلگەن[1]:

608. قوۋۇقچى، كۆزەتچى بىلەن كۈن ۋە تۈن،
بولۇپ قىلدى خىزمەت ئۇ سادىق پۈتۈن.

بۇندىن تاشقىرى ئۇرۇش ۋاقتىدا قاراخانىيلار خاقانى (بۇغراسى ياكى ئارسىلانى) نىڭ قاراگاھىنىڭ ئەتراپىنى قوغدايدىغان، قوماندانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قوشۇنلارنىڭ چېچىلىپ - تارقىلىپ كەتمەسلىكى، بۇيرۇقسىز چېكىنىپ كەتمەسلىكىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان «يورتۇغ» (قوغداش قىسمى) دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە قوشۇن تەشكىل قىلىناتتى. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

2586. قوماندان قوغداش تورى قۇرغۇلۇق،
يىغىپ ئالدى - كەينىن[2] رەتكە سالغۇلۇق.

2587. كىچىكلەر ئۇلۇغلار ئارا كىرمىسۇن،
يىراقتا يۈرگۈچى يېقىن كەلمىسۇن.

(1) مىسالغا ئېلىنغان بېيتلار «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قىلىنغان يەشمە نۇسخىسىدىن ئېلىندى.
(2) قوشۇننىڭ.

2588. نېچۆك بولسا سارايدا قوپۇش ـ ئولتۇرۇش،
كېرەكتۇر بۇ يەردە ھەم شۇنداق بولۇش.

ئالاھىدە قوشۇننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرىنى قوغداش ئىدى. بۇنداق قوشۇننىڭ سانى 12 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپىدىغانلىقى مەلۇم. غەربىي قاراخانىيلار (1040 ـ 1212 ـ يىللار)نىڭ خاقانى مۇھەممەد ئارسىلانخان (مىلادىنىڭ 1102 ـ يىلىدىن 1130 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان)نىڭ ئالاھىدە قوشۇنى 12 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان ئىكەن.

قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغانلار بىلەن بەگلەر باشقۇرىدىغان قوشۇنلار، قەبىلەخانلىرى باشقۇرىدىغان قوشۇنلار ئەھۋالغا قاراپ، خاقاننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشاتتى. گاھىدا خاقاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۆز ئالدىغا ئۇرۇشقا باراتتى.

خان جەمەتىگە مەنسۇپ شاھزادىلار كۆپىنچە ئىلىك خانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، دۆلەتنىڭ مەلۇم رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئىلىك خانلار بەزىدە ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونغا چەتتىن ھۇجۇم بولۇپ قالغاندا، ياكى ئىسيان پەيدا بولغاندا، ئۆزى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان قوشۇن بىلەنلا دۈشمەنگە تاقابىل تۇراتتى. مىلادىنىڭ، 998 ـ يىلى قاراخانىيلار سامانىيلار قولىدىن ماۋەرائۇننەھرنى تولۇق تارتىۋالغاندىن باشلاپ ماۋەرائۇننەھرگە ناسىر ئىبنى ئەلى (مىلادىنىڭ 998 ـ يىلىدىن 1012 ـ يىلىغىچە)، مەنسۇر ئىبنى ئەلى (1012 ـ 1018 ـ يىللار). مۇھەممەد ئىبنى ئەلى (1018 ـ 1021 ـ يىللار)، يۇسۇپ (1035 ـ 1040 ـ يىللار) قاتارلىق قاراخانىي شاھزادىلىرى ئىلىك خان نامىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقان. بۇ ئىلىك خانلار غەربىي ئىلىك خانلار دەپ ئاتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوردىسى ئۆزكەنتتە ئىدى. شىمالىي ئىلىك خانلارنىڭ ئوردىسى بالاساغۇندا ئىدى. مانا شۇ ئىلىك خانلار زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزى باشقۇرۇپ تۇرغان قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى.

## قوشۇننىڭ سان - سۈپىتى ۋە قوراللىرى

### 1) قوشۇننىڭ سان ـ سۈپىتى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئۇرۇش تارىخىنىڭ

ناھايىتى مول، باي تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىللار ئىچىدە قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى، قوشۇننىڭ سانى ئەمەس سۈپىتى، قوراللارنىڭ خىللىقى، قوماندانىنىڭ تالانتى قاتارلىق ئامىللارنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويغان.

ئۇ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

2333. قوشۇن سانى كۆپ بولسا باشسىز بولۇپ،
قوشۇن بولسا باشسىز يۈرەكسىز بولۇپ.

2336. كۆپ ئەسكەر يىيىلسا ئىچى بۆلغۇشۇر،
تۈزەپ بولماس ئۇنى، يارامسىز بولۇر.

ئېهتىمال ئۇ يەنە كۆپ سانلىق قوشۇننى تەمىنلەشتە خەلق ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىمۇ كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك، ئەگەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتە هۆكۈم سۈرگەن خانلىق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر قوشۇننىڭ سۈپىتىگە ئېتىبار بەرمەي، يالغۇزلا سانىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، نۇرغۇن سانلىق قوشۇن ساقلايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا قوشۇننى تەمىنلەشتە خەلق ئۈستىدىكى يۈك تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ قوشۇننىڭ سۈپىتى توغرىسىدا توختالغاندا، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى، باتۇرلۇقىنى، جاسارىتىنى نەزەردە تۇتىدۇ. قانداق بولمىسۇن ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز ۋەتىنى، خەلقى ئۈچۈن ئۇرۇشىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن جەڭچى ناهايىتى خۇشال - خۇرام، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئۇرۇشقا بارىدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ مانا شۇنداق باتۇر جەڭچىنىڭ سۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئۇرۇشقا كىرىدىغانلىقىنى ناهايىتى ئوبرازلىق ئوخشىتىش بىلەن تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ:

2380. كېلىن قىز سۆيۈنچى نىگاھ توي كۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى.

يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى قوشۇننىڭ كۆپلۈكى ئەمەس، بەلكى سانى ئاز بولسىمۇ خىل (جەڭگىۋار، باتۇر، قوراللىرى ساز) قوشۇننىڭ هەل قىلىدىغانلىقىنى كەسكىن هالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

2340. كۆپىدىن ئېزى خوپ، بولسا مۇنتىزىم،
يېڭىلغان سانى كۆپ چېرىك كۆپ قېتىم.

دۇنيادا ئۆتكەن مەشهۇر ئىستراتېگىيىلىك تاكتىكىلار قوشۇننىڭ كۆچىنى سانى بىلەن ئەمەس، ئۇنىڭ مەنىۋىي كۈچى (جەڭگىۋار روهى) ۋە مۇنتىزىملىقى بىلەن مۆلچەرلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان.

دۇنيانىڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ هازىرغىچە بولغان ئۇرۇش تارىخى، روهى ئۈستۈن، مۇنتىزىم، باتۇر، ئاز سانلىق خىل قوشۇننىڭ، روهى تۆۋەن، ئىنتىزامى بوش، كۆپ سانلىق قوشۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى توغرىسىدا كۆپ پاكىتلارغا ئىگە.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز خىللانغان ئاز سانلىق قوشۇن بىلەن دۈشمەننىڭ كۆپ سانلىق قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشتەك شانلىق نەمۇنىلەر ياراتقان.

مىلادىنىڭ 757 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ خېبېيدە تۇرۇشلۇق چېگرا مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرى ئۆگلۈك بىلەن سويگۈن (هەر ئىككىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى تۈرك) ئىسيان كۆتۈرگەن. ئۇلار بىرنەچچە يۈز مىڭ قوشۇننى باشلاپ خېبېيدىن غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، لوياڭ، شىئەننى بېسىۋېلىپ تاڭ سۇلالىسىنى (618 ـ 907 ـ يىللار) ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تاس ـ تاماس قالغان. شۇنداق پەيتتە تاڭ سۇلالىسى پادشاهى سۇزوڭ، ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقى (مىلادىنىڭ 646 ـ يىلىدىن 846 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)نىڭ خاقانى بايانچۇر (مىلادىنىڭ 747 ـ يىلىدىن 758 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) نىڭ هۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىسيانىنى باستۇرۇشقا هەربىي جەهەتتىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان. تاڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرى بايانچۇر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېغىر شەرتلەرگە ماقۇل بولغاندىن كېيىنلا، ئۇيغۇرلار ئۈچ قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ ئىسيانىنى باستۇرغان. شۇ چاغدا ئورخۇندىن هەر قېتىم كەلگەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى 5000 بولۇپ، ناهايىتى كۆپ سانلىق تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ ئىسيانىنى باستۇرۇشتا هەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. مانا

شۇ 5000 كىشىلىك ئاتلىق ئۇيغۇر قوشۇنى ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ دائىمىي مۇنتىزىم قوشۇنلىرىنىڭ ئىككى يېرىم پىرسەنتىگە ئاران تەڭ كېلەتتى. چۈنكى ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى 221 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان 17 ئاتلىق دىۋىزىيە (ھەر بىر دىۋىزىيىدە 13 مىڭ جەڭچى بار ئىدى)دىن ئىبارەت ئىدى.

قەدىمكى چاغلاردا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق دۈشمەن ئۈستىگە تەپ تارتماستىن بېسىپ بېرىپ، غەلىبە قىلىدىغان ئاجايىپ جەڭگىۋار ئەنئەنىگە ئىگە ئىدى.

ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىگە چاغرى بەگنىڭ ئوغلى ئالپ ئارسلان (سالجۇق بەگنىڭ ئەۋرىسى) ئىمپېراتور بولۇپ تۇرغان چاغلاردا (1063 ـ 1072 ـ يىللار) سالجۇقىيلار بىلەن شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى (394 ـ 1451 ـ يىللار) ئارىسىدا دۇنيا تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ئالغان «مالازگىرد ئۇرۇشى» يۈز بەرگەن.

مىلادىنىڭ 1071 ـ يىلى ئۆزىنى تەڭدىشى يوق ھەربىي سەركەردە دەپ ئاتىغان روما ئىمپېراتورى رومەن دىككىنىس سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 1037 ـ يىلىدىن 1157 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نى يوقىتىپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىنى بېسىۋېلىشقا بەل باغلىغان. ناھايىتى كۆرەڭ، مەغرۇر رومەن دىككىنىس مانا شۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1071 ـ يىلى 13 ـ مارتتا 200 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان شەرقىي روما (تارىختا ۋىزانتىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قوشۇنلىرىنى باشلاپ كونىستانتىنپولدىن (ھازىرقى ئىستانبولدىن) شەرققە قاراپ يولغا چىقىپ، 26 ـ ئاۋغۇستتا ھازىرقى ئەرمىنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مالازگىرد قورغىنىنىڭ يېنىدىكى دالىغا يېتىپ كەلگەن. روما قوشۇنلىرىنىڭ يۈكلىرى 3000 ھارۋا، بىرنەچچە تۆمەن تۆگە، ئاتلارغا يۈكلەنگەن. روما قوشۇنلىرىدا 1200 كىشى باشقۇرىدىغان ئاجايىپ قورال ـ شەھەر سېپىللىرىگە چىقىشتا ئىشلىتىدىغان مەنجانىقمۇ بار ئىدى.

سالجۇق ئىمپېراتورى ئالپ ئارسلان رومەن دىككىنىسنىڭ شۇنداق چوڭ قوشۇننى باشلاپ ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 50 مىڭ ئاتلىق، پىيادە قوشۇننى ئېلىپ مالازگىرد دالىسىغا يېتىپ كېلىپ، روما قوشۇنلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سەپ تارتقان.

ئۇرۇش بولىدىغان كۈنى (بۇ جۈمە كۈنى ئىكەن) نەچچە يۈزلىگەن خىرىستىيان پوپلىرى كىرىستنى كۆتۈرۈشۈپ، ئاۋازلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھۆركىرىشىپ، روما قوشۇنلىرىنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب بولۇشىنى ئەيسادىن تىلەپ، ئىنجىلدىن مۇقەددەس ئايەتلەرنى ئوقۇشقان.

ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا ئالىپ ئارسىلان ئات ئۈستىدە ناھايىتى خاتىرجەم، سۈرلۈك قىياپەتتە تۇرۇپ، بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ تاكتىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، سالچۇق قوشۇنلىرىنى روما قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدۇرغان. ئىككى تەرەپتىن بىر - بىرىگە قارشى كېلىۋاتقان ئىككى چوڭ قوشۇن خۇددى دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك كۆتۈرۈلۈپ كېلىپ بىر ـ بىرلىرىگە ئۆزلىرىنى ئۇرغان. كەچ كىرىشكە ئاز قالغاندا، ئالىپ ئارسىلان باشچىلىقىدىكى سالجۇق قوشۇنلىرى رومالىقلار ئۈستىدىن تولۇق غەلىبە قازانغان. ئالىپ ئارسىلان يارىدار بولغان، رومەن دىئوگىنىسنى تىرىك تۇتۇۋالغان. ئامان قالغان روما قوشۇنلىرى قورال تاشلاپ سالجۇقىيلارغا تەسلىم بولغان.

تارىختا مالازگىرد قورغىنىنىڭ نامى بىلەن «مالازگىرد ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان شۇ ئۇرۇشتا ئالىپ ئارسىلاننىڭ شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى ئۈستىدىن قازانغان ئالەمشۇمۇل شانلىق غەلىبىسىنىڭ خەۋەرلىرى شەرق ۋە غەرب دۇنياسىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان. بولۇپمۇ خىرىستىيان دۇنياسى ۋەھىمە ئىچىدە قېلىپ، خۇددى كەچ كۈزدە سارغىيىپ تۆكۈلگەن دەرەخ يوپۇرمىقىدەك تىترىگەن.

مانا شۇ «مالازگىرد ئۇرۇشى» ئاز سانلىق جەڭگىۋار قوشۇننىڭ كۆپ سانلىق قوشۇن ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنىڭ جانلىق مىسالى.

**2) قوشۇننىڭ قورالى**

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، قوشۇننى ناھايىتى خىل قوراللار بىلەن قوراللاندۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئۇنى تۆۋەندىكى بېيىتىدە بايان قىلىدۇ:

2332. كېرەكمەس كۆپ چېرىك، چېرىك خىل كېرەك،
چېرىككە خىللانغان خىل قورال كېرەك.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنلىرى ئىشلىتىدىغان قوراللار: ئوقيا، پالتا، نەيزە، خەنجەر، قىلىچ، ئومۇت، ساۋۇت، قالقان، دوبۇلغا (باش كىيىم)دىن ئىبارەت بولغان. بۇ قوراللارنىڭ ئىچىدىن ئوقيا، قىلىچ، پالتا، نەيزە، خەنجەر، ئومۇت (چوماق) ھۇجۇم قىلىش قوراللىرى بولۇپ، ساۋۇت (زەنجىر چاپان)، قالقان، دوبۇلغا قاتارلىق قوراللار مۇداپىئە قىلىش قوراللىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە، قوشۇننىڭ قوراللىرىنى ناھايىتى سۈپەتلىك قىلىپ ياسايتتى. قىلىچ، پالتا، خەنجەر قاتارلىق قوراللار سۈپىتى يۇقىرى پولاتتىن ياسىلاتتى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئومۇت قاراخانىيلار قوشۇنلىرىنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشتا ئىشلىتىدىغان ئاساسلىق قورالى ئىكەن.

ئومۇت (چوماق) ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى قاراخانىيلار بۇغرالىرىنىڭ شان - شەۋكىتىنى، سەلتەنىتىنى دوست - دۈشمەن ئالدىدا نامايان قىلىش ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسىلاتتى. يەنە بىر خىلى بولسا ئۇرۇشتا قوللىنىدىغان ئەمچەكلىك چۆيۈن ئومۇت (چوماق) دىن ئىبارەت بولغان.

قاراخانىيلار ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتتا، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ بۇغراسى خىزىر تاۋغاچ بۇغراخان (1080 - 1081 - يىللار) قوشۇنلىرى ئالدىدا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن قويۇلغان 700 ئومۇتلۇق (چوماقلىق) ئاتلىق قىسمىنى ماڭدۇرغان ئىكەن[1].

غەربىي قاراخانىيلارنىڭ بۇغراسى ناسىر II تاۋغاچ بۇغراخان (شەمسۇل مۇلك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۇلۇغ سالچۇقىيلارنىڭ ئىمپېراتورى مەلىك شاھ (مىلادىنىڭ 1072 - يىلىدىن 1029 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان)غا ئەلچى ئارقىلىق يازغان مەكتۇبى بىلەن قوشۇپ 50 پاتمان ئېغىرلىقتىكى بىر ئومۇت، ئۇن پاتمان ئېغىرلىقتىكى بىر قىلىچنى ئەۋەتىپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ قىلىچ بىلەن ئۇرۇشمايمىز، ئوينايمىز، بۇ ئومۇت تەگكەن ھەرقانداق ساۋۇت پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ. بىز مانا شۇ ئومۇت بىلەن سوقۇشىمىز»[2] مەلىك شاھ (سالجۇق بەگنىڭ چەۋرىسى) ناسىر تاۋغاچ بۇغراخاننىڭ تەھدىت سېلىپ يازغان مەكتۇبىدىن

(1) رىشات گەنچ «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» تۈركچە، 333 - بەت.
(2) رىشات گەنچ «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» تۈركچە 333 - بەت.

يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، دەرھال ئاتقا مىنىپ، ئومۇتنى باش ئۈستىدە يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى 100 قەدەم يىراقلىققا تاشلىۋەتكەن. قىلىچنى بىر ئۇرۇپلا توگىنىنىڭ بويىنىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەن. ئۇ يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ناسىر تاۋغاچ بۇغراخان (مىلادىنىڭ 1068 ـ يىلىدىن 1080 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمران بولغان)نىڭ ئەلچىلىرى ئالدىغا ئوقيانى تاشلاپ، «بىزگە ئۇرۇشتا قامچا بىلەن يا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن.

يۇقىرىدىكى پاكىتلارغا قارىغاندا، ئومۇت قاراخانىيلارنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش قورالى ئىكەنلىكى مەلۇم.

### 3) ئۇرۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇرۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا سۆزلىگەندە، بىر قاتار تەشكىلىي ئىشلار ۋە ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيە، تاكتىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك جىددىي تەدبىرلەر توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان. بۇنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

#### (1) ھەربىي كېڭەش چاقىرىش

قاراخانىيلار ھەرقانداق بىر ئۇرۇشنى قىلىشتىن بۇرۇن ھەربىي كېڭەش چاقىراتتى. بىرەر دۆلەت بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش، ئۇرۇشقۇچى دۆلەتلەرنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ناھايىتى خەتەرلىك چوڭ ۋەقە ئىدى. بۇ ھەقتە يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

2272. ناھايەت چوڭ ئىشتۇر قوشۇن باشلىماق،
تۈزەپ لەشكىرىنى، ياۋنى قىرىپ تاشلىماق.

شۇڭا قاراخانىيلار ھەربىي كېڭەش چاقىرىپ، ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلەتتى.

ئەگەر ھەربىي كېڭەشتە ئۇرۇش قىلىش قوبۇل قىلىنسا، ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان قوشۇنلارنىڭ سانى، ئۇرۇشنى باشلاشنىڭ ۋاقتى، كىمنىڭ باش قوماندان بولۇشى قاتارلىق مۇھىم ئىشلار بىر تەرەپ قىلىناتتى.

ھەربىي كېڭەشكە قاراخانىيلارنىڭ بۇغراسى، شاھزادىلەر، مەشھۇر بەگلەر، چوڭ قەبىلە (قارلۇق، چىگىل، ئوغراق، توقسى قاتارلىق قەبىلىلەر) نىڭ خانلىرى قاتنىشاتتى.

كۆپ چاغلاردا ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى قاراخانىيلارنىڭ بۇغراسى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى.

(2) ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن تەشكىل قىلىش

ئۇرۇشتا قاراخانىيلارنىڭ بۇغراسىنى قوغداش ۋە قوشۇنلارنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامىنى ساقلاش ئۈچۈن ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن تەشكىل قىلىناتتى. بۇنداق قوشۇن «يورتۇغ» (قورۇغداش) دەپ ئاتىلاتتى.

قاراخانىيلارنىڭ بۇغرالىرى قوشۇن باشلاپ ئۇرۇشقا ماڭغاندا، قوشۇننىڭ ئالدىدا ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن بۇغراخاننى ئارىغا ئېلىپ ماڭاتتى.

ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇن قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت بايرىقىنى - ئوتتۇرىسىغا بىر تەرىپىدە ئالتە، بىر تەرىپىدە ئۈچ شېخى بار ئالتۇن رەڭلىك ئارچا چۈشۈرۈلگەن توق قىزىل شايى بايراقنى، بۇندىن باشقا بايراقلار، تۇغلار، ئالتۇن - كۈمۈشتىن قۇيۇلغان ئوموتلار (چوماقلار)نى كۆتۈرۈشۈپ تولۇق قوراللانغان پېتى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ھالدا مېڭىشاتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ ئۈستىگە ئالغان ئېغىر، مۇھىم مەسئۇلىيەتنى تۆۋەندىكى بېيىتلەردە ئېنىق چۈشەندۈرگەن.

2344. قوشۇننى ساقلىسۇن، قىلسۇن مۇنتىزىم،
كېيىن ۋە ئىلگىرى يۈرمىسۇن ھېچكىم.

2374. ئىشەنچىلىك كىشىنى قوي ئالدىن كېيىن،
بېكىت ئوڭ - سولۇڭغا يەنە باشقىدىن.

2586. قوماندان قورۇغداش توپى قۇرغۇلۇق،
يىغىپ ئالدى - كەينىدىن رەتكە سالغۇلۇق.

2587. كىچىكلەر ئۇلۇغلار ئارا كىرمىسۇن،
يىراقتا يۇرۇپ يېقىن كەلمىسۇن.
2588. نېچۇك بولسا سارايدا قوپۇش - ئولتۇرۇش،
كېرەكتۇر بۇ يەردە ھەم شۇنداق بولۇش.

(3) دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىش ۋە ئۆزىنىڭ سىرىنى چىڭ ساقلاش

ھەرقانداق ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى پۇختا، راست ئىگىلىگەندىن تاشقىرى، ئۆزىنىڭ سىرىنى چىڭ ساقلاشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

قاراخانىيلار ئۇرۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن تۈرلۈك يوللار (دۈشمەن ئىچىگە ئەۋەتكەن جاسۇسلار، دۈشمەن ئىچىدىن سېتىۋېلىنغانلار) ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاندىن تاشقىرى، ئۇرۇشقا كىرىشىدىغان ئالدىنقى كۈنلەردە دۈشمەن ئەھۋالىنى ئېنىق ئىگىلەش ئۈچۈن «تۇتقاق»[1] ۋە «يەزەك»[2] دەپ ئاتىلىدىغان ئاتلىق چارلىغۇچى، خەۋەرچى قىسىملار تەشكىل قىلىناتتى.

بۇنداق قىسىم ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن دۈشمەننىڭ ئالدىنقى چارلىغۇچى قىسىملىرىنى ئىزلەپ تېپىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، قاچسا شىددەت بىلەن قوغلاپ «تىل»[3] تۇتۇپ كېلەتتى. «تىل» ئارقىلىق دۈشمەن ئەھۋالى ئىگىلىنەتتى. «تىل» تۇتۇپ كېلىدىغانلار «تۇتقاق» دەپ ئاتالسا، دۈشمەن ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلار «يەزەك» دەپ ئاتىلاتتى.

بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆۋەندىكى بېيىتلەردە مەلۇمات بېرىدۇ:

2342. كېرەك چارلىغۇچى قىسىم خىللىماق،
قولاق، كۆزنى ساقلاپ يىراق قارىماق.

(1) تۇتقاق – دۈشمەندىن ئەسىر تۇتۇپ كېلىدىغان قىسىملار.
(2) يەزەك – دۈشمەن ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر.
(3) تىل – ئەسىر – خەۋەر مەنىسىدە.

2343. چارلاۋچى ئۇچراشسا تۇتغاققا يېتىپ،
هۇجۇمنى قىلسۇن ئۇ ئارقىدىن بېرىپ.

2351. ئەڭ ئاۋۋال تىرىشىپ تىل ئالماق كېرەك،
بۇ تىلدىن ياۋ هالىنى بىلمەك كېرەك.

يۇسۇپ خاس هاجىپ سىر ساقلاش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

2350. قوشۇننى كۆزەتسۇن، ئۇ تىل بەرمىسۇن،
قوشۇن ئازمۇ - كۆپ ياۋ ئۇنى بىلمىسۇن.

(4) ئۇرۇشىدىغان جاينى تاللاش

ئەزەلدىن تارتىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغۇچىنىڭ ناهايىتى مۇهىم بىر ۋەزىپىسى ئۇرۇشىدىغان جاينى تاللاش ئىدى.

يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇرۇشىدىغان جاي مۇداپىئەلىنىشكە، چېكىنىشكە ئەپلىك، ئوت - چۆپ، سۇيى مول بولۇش شەرت.

ئۇرۇشىدىغان جاي تاللانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇۋاپىق بىر يېرىگە قارارگاھ (قوماندانلىق شتابى) جايلاشتۇرۇلۇشى، قوماندانلىق شتابىغا يېقىنىراق بولغان ئېگىز بىر جايغا مۇنار ياسىلىشى لازىم ئىدى. ئەگەر كېچىسى دۈشمەن تەرىپىدىن بىرەر خەۋپ سېزىلىپ قالسا دەرهال مۇنار ئۈستىگە مەشئەل يېقىلىپ پۈتۈن قوشۇن ئاياغ ئۆرە تۇرغۇزۇلاتتى.

بۇندىن باشقا كېچىسى پارول قوللىنىلاتتى. ئەگەر كېچىسى قوشۇن چۈشۈرۈلگەن ۋە قارارگاھ ئورۇنلاشقان جايلارنىڭ ئەتراپىدا ئىككى كىشى ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلاردىن بىرى پارولنى بىلمىسە، شۇ ئۆلتۈرۈلەتتى.

(5) كېچىدە قىلىنىدىغان هۇجۇم

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۇرۇش هەرىكەتلىرىدە، دۈشمەنگە كېچىسى تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىشقا ناهايىتى ئەهمىيەت بەرگەن. كېچىسى قىلىنىدىغان هۇجۇم

ئىشەنچىلىك، باتۇرلۇق بىلەن قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۇنۇمى ناھايىتى يۇقىرى بولاتتى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، دۇشمەنگە كېچىسى ھۇجۇم قىلىشنى دۇشمەننى يوقىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى تەدبىرى سۈپىتىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

2361. تىرىش، غەپلەتتە قوي، كېچە قىل ھۇجۇم،
كېچىدە كۆپ ـ ئازلىق بىلىنمەس چوقۇم.

دۇشمەنگە كېچىسى ھۇجۇم قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئوبدان ئۇنۇم بېرىدىغانلىقىغا بىر ـ ئىككى مىسال كەلتۈرىمىز.

بىرىنچى مىسال : مىلادىدىن 91 يىل بۇرۇن ھون تەڭرىقۇتى غولىقۇ تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 96 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 85 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە تەڭرىقۇت بولغان) ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى توغلا دەرياسىنىڭ (ئورخۇن دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى) جەنۇبىي قىرغىقىدا بولغان بىر ئۇرۇشتا قارشى تەرەپنىڭ 70 مىڭ ئاتلىق قوشۇنىغا كېچىسى 50 مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تولۇق تارمار قىلغان، قارشى تەرەپنىڭ باش قوماندانىنى تىرىك تۇتۇۋالغان. بۇ ئۇرۇش قەدىمكى چاغنىڭ ئۇرۇش تارىخىدا ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىككىنچى مىسال: مىلادىنىڭ 765 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىدىن بىرى ـ بۆكۈقەيىن (ئۇيغۇر ـ ئا) ئىسيان كۆتۈرۈپ، تىبەت خانلىقىنى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈشكۈرتۈپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ، بىرنەچچە 100 مىڭ قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ شىئەنگە ھۇجۇم قىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان.

باشتا بۇ ئىسياننى قوللىغان ئۇيغۇر ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ خاقانى بوگۇ تېكىننىڭ قېرىندىشى قۇچ قۇلۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىن ئىسيانچىلاردىن ئايرىلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىدۇ. شۇ چاغدا قۇچ قولۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىن 10 مىڭغا يەتمەيدىغان ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ تىبەت قوشۇنلىرىغا قارشى ماڭىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگەن تىبەت قوشۇنلىرى ھازىرقى نىڭشىياغا چېكىنىپ كېتىدۇ. 100 مىڭ ئاتلىق تىبەت قوشۇنلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن قۇچ قۇلۇق تۇتۇق ياغلاقار تېكىن قار، بوران ئارىلاش چىقىۋاتقان شىۋىرغانلىق

سوغۇق كېچىدە چېدىرلىرىدا ئۇخلاپ ياتقان تىبەت قوشۇنلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار تاڭ ئاتقىچە تىبەت قوشۇنلىرىدىن 50 مىڭنى ئۆلتۈرۈپ، قالغان قىسمىنى تولۇق ئەسىر ئالىدۇ. بۇندىن باشقا بىر مىليوندىن ئارتۇق چارۋا - مال (ئات، تۆگە، كالا، قوي قاتارلىق) نىمۇ قولغا چۈشۈرىدۇ.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۇرۇشتىكى غەلىبىسى بەدىلىگە 100 مىڭ توپ تاۋار - دۇردۇن ھەدىيە قىلغان.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ئىككى مىسال، ئوبدان ئۇيۇشتۇرۇلغان كېچىدىكى ھۇجۇمنىڭ ياخشى ئۈلگىسى.

### (6) كۈندۈزى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشلار

كۈندۈزى ئۇرۇش قىلىش قارارىغا كەلگەن قوماندان ئەڭ ئاۋۋال قوشۇندىكى جەڭچىلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش، ھۇجۇمغا ماڭىدىغان قىسىملارنىڭ ئالدىغا ياشانغان، تەجرىبىلىك جەڭچىلەرنى قويۇش، بىر قىسىم قوشۇننى مۆكتۈرۈپ قويۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇشتا ئۆزى باش بولۇپ ئۈلگە كۆرسىتىپ، جەڭچىلەرنى ناھايىتى يۇقىرى جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دەيدۇ:

2365. ئىشىڭنى ئۇزارتماي قوشۇن تۈز، سوقۇش،
ئاتاپ ماختا ئەرنى، تارات مال، كۈمۈش.

2371. يېشى چوڭ، جەسۇرلار كۆرەشچىنىنى،
سەپ ئالدى قىل، باشلاپ ماڭسۇن جەڭچىنى.

2372. ساقال - چاچ ئاقارغان كۆرەشچى بولۇر،
كۆرەشچى بولۇر ھەم كۆپ ئىشنى بىلۇر.

2337. كىچىك، ياش يىگىتلەر بولۇر بەكمۇ تېز،
ئەگەر ئۆرىسە يۈز، ئۆچەر ئوتى تېز.

.2370 چىرىكتىن بىر قىسمىنى قوي مۆكتۈرۈپ،
ياياق ئۇقچىنى سال سەن ئالدىن يۈرۈپ.

.2376 ئەڭ ئاۋۋال يىراقتىن ئوقىن ئاتقۇلۇق،
يېقىنلاشسا نەيزە بىلەن تىققۇلۇق.

.2377 كىرىشكەندە پالتا، قىلىچ بىلەن چاپ،
ياقادىن تۇت، چىشلە، تىرناقتا تاتلاپ.

.2378 چىدا، ياۋغا ئارقاڭنى بەرمە تۇتۇپ،
يوقات ياۋ ياكى يات ئۇرۇشتا ئۆلۈپ.

(7) ئىشەنچىسىز سوقۇشتىن ساقلىنىش

ھەرقانداق ئۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىسى، تاكتىكىسىدىكى مۇھىم بىر ئىش، ئەقىللىق، يىراقنى كۆرەلەيدىغان قوماندان ئەھۋالنى ئېنىق ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىسى بولمىسا ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنىش، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ياكى مۇنقەرز بولۇشى ئۇرۇشتا غالىب بولۇش، ياكى مەغلۇب بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولىدىغان بولسا، ئۇنداق ئۇرۇشنى قىلىش - قىلماسلىققا قەتئىي دىققەت قىلىش لازىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىشەنچىسىز ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ، دۈشمەن بىلەن ئېغىزدا بولسىمۇ ۋاقىتلىق يارىشىپ، پەيتنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ.

بۇنى تۆۋەندىكى بېيىتلەردە كۆرىمىز:

.2359 قوشۇنى كۆپ بولسا ياۋنىڭ، سېنىڭ ئاز،
سوقۇش قىلما، تېزدىن كۆر تەدبىرنى ساز.

.2362 يېڭىشقا ئەگەرچە يەتمىسە كۈچۈڭ،
ئەۋەتكىن ئەلچىلەر، ياراشقىن ئۆزۈڭ.

2363. تىلىڭ بىرلە ئەل بول، ئۆزۈڭنى كۆزەت،
سوقۇشماققا ئالدىرىما، سۆزنى بەس ئەت.

(8) دۇشمەنني قوغلاش

ئۇرۇشتا يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەر ھەرخىل، مۇرەككەپ بولىدۇ. بەزىدە دۇشمەن چېكىنىدۇ، چېكىنىشمۇ ھەرخىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى دۇشمەن ھەقىقەتەن مەغلۇب بولغاندا يۈز بەرسە، يەنە بىرى دۇشمەن ھىيلە ئىشلىتىپ، يالغاندىن چېكىنگەن بولۇپ، ئۆز دۇشمىنىنى تۇزاققا چۈشۈرىدىغان جايغا ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ، مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. قولدىن كەلسە يوقىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چېكىنگەن دۇشمەنني قوغلاشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولمىسا، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇقىدۇ.

ئەگەر دۇشمەن مەغلۇب بولۇپ، راستتىن چېكىنگەن بولسا، ئۇنى مەلۇم جايغىچە قوغلاپ بېرىپ، بىر قىسمىنى ئەسىر ئېلىپ، دۇشمەن كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ شۇ ئارقىلىق قوشۇنىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا دۇشمەن ئۇشتۇمتۇت ئارقىسىغا يېنىپ ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا دىققەت قىلغاندىن تاشقىرى، دۇشمەننى بەكمۇ ئۇزاق جايغىچە قوغلاپ بېرىپ ئارقا سەپتىن يىراقلىشىپ، يېتىم ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتىن ساقلىنىشقىمۇ دىققەت قىلىش لازىم.

بولۇپمۇ يالغاندىن چېكىنىپ تۇزاققا چۈشۈرىدىغان دۇشمەننىڭ ھىيلىسىگە ئالدىنىپ، دۇشمەننى قوغلىغاندا، ناھايىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇش مۇمكىن.

بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇنداق دەيدۇ:

2390. يېغى قاچسا قوغلاپ ئۇزاپ كەتمىگىل،
ئەگەر قايتسا دۇشمەن، قاچالمايسەن، بىل.

2395. يېغى قاچسا بارما ئۇزاق يەرگىچە،
يىراق قوغلىغان قامچا يەر تويغىچە.

دۈشمەننى بەك ئۇزاق يەرگىچە قوغلاپ بېرىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە يېقىنقى زامان ئۇرۇش تارىخىدىن مىسال ئېلىش توغرا كەلسە، بۇنىڭغا 1812 - يىلى فرانسۇز ئىمپېراتورى ناپالېئون 1 نىڭ رۇسىيىگە قىلغان پۈتۈن يۈزلۈك ھۇجۇمىدا ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىش يېتەرلىك.

ناپالېئون 1799 - يىلى فرانسىيىدە ھاكىمىيەت تۆپىسىگە چىققاندىن باشلاپ ئون نەچچە يىل باسقۇنچىلىق ئۇرۇشلىرىنى يۈرگۈزۈپ، پۈتۈن ياۋروپانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئالدى. ئۇ 1811 - يىلى سىنتەبىردە كۆرەڭلىگەن ھالدا: «يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن دۇنيانىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىمەن، ھازىر رۇسىيىلا قالدى، لېكىن ئۇنى جەزمەن مەغلۇپ قىلىمەن» دېگەن.

ناپالېئون شۇ نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 1812 - يىل 6 - ئايدا، 500 مىڭدىن ئارتۇق «ئۇلۇغ ئارمىيە»نى باشلاپ رۇسىيىگە بېسىپ كىردى. رۇسىيىنىڭ غەربىي چېگراسىدا مۇداپىئەدە تۇرغان 180 مىڭ كىشىلىك ئىككى ئارمىيىسى باركلاي، باگراتئوننىڭ يېتەكچىلىكىدە دەرھال ئارقىغا يېنىپ چېكىندى. ناپالېئون بۇ ئىككى ئارمىيىنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلۇۋېلىشىدىن بۇرۇن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تارمار قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەدبىرلەر كۆرگەن بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، كېچە - كۈندۈز توختىماي چېكىنگەن ئىككى رۇس ئارمىيىسى 8 - ئايدا سمولېنىسكىدا بىر - بىرى بىلەن قوشۇلىدۇ. ئۇلار سمولېنىسكىدىنمۇ چېكىنىپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئالېكساندىر 1 كوتوزوۋنى رۇس ئارمىيىسىگە باش قوماندان قىلىپ تەيىنلەيدۇ. كوتوزوۋ، سۇۋوروۋنىڭ باھاسى بويىچە: «ناھايىتى ھىيلىگەر، بەكمۇ ئەقىللىق ئادەم، ھېچكىم ئۇنى ئالدىيالمايدۇ». كوتوزوۋ چېكىنىش تاكتىكىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، موسكۋادىن 112 چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىرودىنو قىشلىقىنىڭ يېنىدا فرانسۇزلارغا قاتتىق بىر زەربە بەرگەندىن كېيىن موسكۋاغا قاراپ چېكىنىدۇ. كوتوزوۋ 1 - سىنتەبىردە چاقىرغان ھەربىي كېڭەشتە موسكۋانى تاشلاپ چىقىش قارارىغا كېلىدۇ. كوتوزوۋ رۇس ئارمىيىسىنى يېڭى كۈچلەر بىلەن تولدۇرۇپ، ھەل قىلغۇچ جەڭلەرگە تەييارلىنىش نىيىتىدە موسكۋانى تاشلاپ چىقىپ، موسكۋانىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە كېتىدۇ.

ناپالېئون ئۆز مەملىكىتى فرانسىيىدىن بىرنەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى موسكۋاغا كىرگەندە، شەھەردە ھاراقتىن باشقا يەيدىغان - ئىچىدىغان نەرسە قالمىغان ئىدى.

ناپالېئون ئارمىيىسى ئارقا سەپتىن ئايرىلدى. تەمىناتسىز قالدى. رۇس پارتىزانلىرىنىڭ توختىماي قىلىپ تۇرغان ھۇجۇملىرى ئۇلارغا بالايىئاپەت كەلتۈردى. ناپالېئون ئارمىيىسى ئاچارچىلىق ئىچىدە قالدى، تەرتىپ ـ ئىنتىزام تۈگىدى. مانا شۇنداق ئەھۋالدا قالغان ناپالېئون ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى سېزىپ، 6 ـ ئۆكتەبىر كۈنى موسكۋادىن چېكىندى.

كوتوزوۋ يېڭى كۈچلەر بىلەن تولۇقلانغان رۇس ئارمىيىسىنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىرنەچچە جايدا فرانسۇزلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىلدى. رۇسىيىدىن قاچقان ناپالېئون 1812 ـ يىلى دېكابىردا كۆپ مۇشەققەت بىلەن رۇسىيە چېگراسىدىن چىقىپ كېتىشكە ئىمكانىيەت تاپقان چاغدا ئۇنىڭ 500 مىڭدىن ئارتۇق «ئۇلۇغ ئارمىيىسى»دىن ئاران 30 مىڭ كىشى قالغان ئىدى.

رۇسىيىگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيىتى ناپالېئون ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشىدىن زاۋاللىققا يۈزلىنىشتىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى.

ناپالېئوننىڭ رۇسىيىدىن يېڭىلىشى بىرنەچچە سەۋەبلەرگە باغلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ چېكىنگەن رۇس ئارمىيىسىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، ئۆز ئارقا سېپىدىن (تەمىنات، ۋە يېڭى كۈچلەردىن) ئايرىلىپ، ياردەمسىز قالغانلىقى كەچۈرۈپ بولمايدىغان تاكتىكا خاتالىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

### 4) قوماندان توغرىسىدا

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدىغان كىشىنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە بەرگەن.

#### (1) قوماندانىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، دۈشمەننى يېڭىش بەكمۇ ئۇلۇغ ئىش بولۇپ، ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە كىشىنىڭ لايىقلىقىنى كۆرسەتكەن. قوماندان بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرنى قىسقىچە تەرىپلىگەندە مۇنداق دەيدۇ:

قوماندان راستچىل، تەجرىبىلىك، شەخسىيەتتىن خالىي، ئاددىي ـ

سادداا، يۇرەكلىك، باتۇر، ھىيلىگەر، تەدبىرلىك، كەمتەر، مۇلايىم، ئەقىللىق، ھوشيارلىقتا ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى شەرت[1].

(2) قوماندانىنىڭ ۋەزىپىلىرى

يۇسۇپ خاس ھاجىپ قوماندانىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىمۇ توختىلىدۇ. ئۇنىڭچە قوماندانىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۇرۇشتا قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ دۈشمەننى يېڭىشتىن تاشقىرى، يارىدار بولغانلارنى داۋالىتىش، ئەسىر چۈشۈپ كەتكەنلەرنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش، ئۇرۇشتا ئۆلگەنلەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىنى رازى قىلىش، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[2].

*****

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي تەدبىرلەردە قەدىمكى زاماندىكى ئۇرۇش تارىخىنىڭ تەجرىبىلىرىگە، قاراخانىيلارنىڭ مەۋجۇد ھەربىي تۈزۈمىگە ئاساسلىنىپ، ئۆزىنىڭ يىراقنى كۆرىدىغان تەپەككۇرى ئارقىلىق ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىنىڭ ئۇسۇل، شەكىللىرىنى تېخىمۇ جانلىق بايان قىلغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي تەدبىرلەر ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە يېتىشكەن ھەربىي ئالىم ئىكەنلىكىنىمۇ شۈبھىسىز ئىسپاتلايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەزگىلىدە مەنىۋىي مەدەنىيەت يارىتىشىمىز ئۈچۈن رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇسۇپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ، دانىشمەن پەيلاسوپ، تالانتلىق شائىر ئەجدادىمىزنىڭ ئۆتكەنلىكى بىلەن پەخىرلەنگەندىن كۆرە، ھازىرقى پەيتتە ئىلىم - پەننىڭ گۈللىنىشىگە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىمكانىيەت، تولۇق شەرت - شارائىت يارىتىلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز.

ئىلىم ساھەسىدىكى ۋە ئالىي مائارىپ ئورۇنلىرىدىكى ئۇستازلىرىمىز شەرت -

---

(1) يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قىلىنغان يەشمە نۇسخىسى 2324، 2325، 2326، 2371، 2374، 2375، 2377، 2378، 2381 – بېيىتلەرگە قارالسۇن.

(2) يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قىلىنغان يەشمە نۇسخىسى 2398، 2399، 2402، 2403 – بېيىتلەرگە قارالسۇن.

شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدىكى شەرەپلىك ۋەزىپىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، قابىلىيەتلىك، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، ساغلام بولغان ئىلمىي كۆچلەرنى يېتىشتۈرۈشكە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلاپ، يېقىن كەلگۈسىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئالىملارنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان مۆجىزىلەرنى يارىتالىسا، ئۇ چاغدا خەلقىمىز قىن ـ قېنىغا پاتماي خۇشاللىنىپ، مەڭگۈ پەخىرلىنىشكە ھەقلىق بولغان بولاتتى.

ئەگەر بىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ۋە ئالىي مائارىپ ئورۇنلىرىدىكى ئۇستازلىرىمىز ۋاقتىنى، ئىمكانىيەتنى، شەرت ـ شارائىتنى قولدىن بېرىپ، ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە كىرىشمىسە ياكى دېگەندەك ئۆتىمىسە، ئۇ چاغدا تاڭ دەۋرىدە ياشىغان شائىر يىگزىئاڭ (661 ـ 702) نىڭ:

ئالدىمدا كۆرمىدىم قەدىمكىلەرنى،
كەينىمگە قارىسام كېلەر ئادەم يوق.
ئويلىسام بەركەتلىك چەكسىز دۇنيانى،
يىغلايمەن ئۆرلەيدۇ ھەممىدىن ئارتۇق.
دېگەندەك ھالغا چۈشۈپ قالمايمىزمۇ؟

ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئەجدادلىرىمىز، ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ، ئانىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن تاتلىق، جان بېغىشلىغۇچى سۈتىنىڭ بىر تامچىسىنىمۇ ئاقلىيالمايمىز. دۇنيادا بۇندىن ئارتۇق نومۇس بولامدۇ؟!

## مەھمۇد قەشقەرى

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرى مىلادىنىڭ 1030 ـ يىللىرى قەشقەردە تۇغۇلغان. مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد بۇغراخان، ئانىسى رابىيە كىچىكىدىن باشلاپ ئۇنى ناھايىتى ياخشى تەربىيەلىدى. مەھمۇد ئوتتۇرا ۋە ئالىي بىلىمنى قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەردە ئالدى. قەشقەر ئەڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى خەلقئارا قاتناش يولىدىكى ناھايىتى مۇھىم تۈگۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. قەشقەرگە

تۇرلۇك ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى، ئەلچىلىرى، سەيياھلىرى، جاسۇسلىرى كېلىپ ـ كېتىپلا قالماستىن قامان، بۇددا، ئوتپەرەس، مانى، خىرىستىيان قاتارلىق دىنلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ تۇركۇملەپ كېلىپ، دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باراتتى. ئۇلار دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن غەرب ۋە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىنىمۇ ئالغا سۈرگەن ئىدى. قەشقەر ـ يۇنان، ئىران، ھىندى، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. بولۇپمۇ قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەندىن كېيىن ئەرەب، پارس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان يۇنان مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەرلەر (پەلسەپە، ماتېماتىكا، تارىخ، ئاسترونومىيە، تېبابەت) كۆپلەپ ئۆگىنىلدى ۋە تەتقىق قىلىندى. قاراخانىيلار پايتەختى قەشقەر سىياسىي مەركەز بولۇپلا قالماستىن ئەڭ مەشھۇر مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. قەشقەردە ناھايىتى چوڭ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بار ئىدى.

مەھمۇد قەشقىرى قەشقەردىكى «ساجىيە مەدرىسىسى» (ساجىيە ئالىي مەكتىپى)دە ئوقۇدى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ (مىلادىنىڭ 1093 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) شەيخ، ئىمام ۋە زاھىد بىر كىشى بولۇپ، ئۇ تارىخچى ۋە دىنىي ئالىم ئىدى. مەشھۇر تارىخچى ئابدۇجاپپار قەشقىرى ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ئىدى. ئابدۇجاپپار قەشقىرى «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسەر يازغان.

مەھمۇد قەشقىرى قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەردە ناھايىتى يۇقىرى بىلىمگە ئىگە ئالىملار قولىدا تەربىيەلىنىپ، ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. مەھمۇد قەشقىرى مىلادىنىڭ 1057 ـ يىلى 27 ياشقا كىرگەن چېغىدا قەشقەردىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى.

چۈنكى مىلادىنىڭ 1056 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن ئۇكىسى مۇھەممەد بۇغراخان (ياغان تېكىن) ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. ئۇرۇشتا سۇلايمان ئارسلانخان ئەسىر چۈشتى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. شەرقىي قاراخانىيلارغا مۇھەممەد بۇغراخان خاقان بولدى. مۇھەممەد بۇغراخان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى بولۇپ، ئۇ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ چوڭ دادىسى ئىدى. مۇھەممەد بۇغراخان خاقان بولۇپ 18 ئايدىن كېيىن، مىلادىنىڭ 1057 ـ يىلى تەختىنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىنگە (بۇ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دادىسى) ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان بولغان. مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ كىچىك خانىشى تەختنى

ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىدىكى زىياپەتتىن پايدىلىنىپ، مۇھەممەد بۇغراخان باشلىق بىر قىسىم قاراخانىي شاھزادىلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دادىسى ھۈسەيىنمۇ بار ئىدى. سۈيىقەستنى ئەمەلگە ئاشۇرغان خانىش، ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە چىقاردى. لېكىن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ بەگلىرى قانۇنسىز خاقان ئىبراھىمغا بويسۇنمىدى. ئىبراھىم ئانىسىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بارسخان ھاكىمى ئىنال تېكىنگە قارشى قوشۇن تارتىپ باردى. ئۇرۇشتا ئىبراھىم ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلارغا مۇھەممەد بۇغراخانىڭ ئۆكىسى (يۈسۈپ قادىرخانىڭ كەنجى ئوغلى) مەھمۇدخان توغرۇل قاراخان ئۇنۋانىدا خاقان بولدى. ئۇنىڭ ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخانىڭ ئوغلى ئوبۇل ھەسەن ئورۇنباسار خاقان بولدى. بۇ ۋەقە مىلادىنىڭ 1058 ـ يىلى بولغان ئىدى. شۇندىن باشلاپ شەرقىي قاراخانىيلاردا ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ، خاتىرجەملىك ئورنىدى.

مەھمۇد قەشقىرى مىلادىنىڭ 1057 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئوردىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەدە ئامان قالغان ۋە قەشقەردىن غەربىي قاراخانىيلارنىڭ پاناھىغا قاچقان. ئۇ ماۋەرائۇننەھرگە كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ياشىغان جايلارغا بولغان ساياھىتىنى باشلاپ، 15 يىلچە (1057 ـ يىلدىن 1072 ـ يىلغىچە) ۋاقىت سەرپ قىلىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىش ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىغان. مەھمۇد مىلادىنىڭ 1072 ـ يىلى ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ھىمايىسىدىكى ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغداتقا بارغان. مەھمۇد قەشقىرى باغداتقا كەلگەندىن كېيىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشقا كىرىشىپ، مىلادىنىڭ 1075 ـ يىلى تاماملاپ، ئەسەرنى خەلىپە مۇقتەدى (مىلادى 1075 ـ 1094 ـ يىلىغىچە خەلىپە بولغان)گە تەقدىم قىلغان.

مەھمۇد قەشقىرى بەزىبىر خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، باغداتتىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، مىلادىنىڭ 1090 ـ يىللىرى ئوپالدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «تۈركىي خەلقلەر جايلاشقان كەڭ دىيارنى يەر يۈزىنىڭ يۇملاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە قىياسەن خەرىتە قىلىپ سىزىپ بەرگەن. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۆز تىلى بويىچە «دائىرە» دەپ ئاتالغان بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمكى خەرىتىسى. بۇنىڭدا تاغلار، دېڭىز، دەريا ۋە كۆللەر ئاددىي ۋە گېئومېترىك شەكىلدە ئىپادىلەنگەن.

مۇھىم شەھەرلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى كۆرسىتىلگەن»[1].

مەھمۇد قەشقىرى 11 ـ ئەسىردە يەرنىڭ يۇمىلاقلىقى توغرىسىدا مەلۇم ئۇقۇمغا ئىگە بولغان بولسا، ئىتالىيىلىك پەيلاسوپ، ئاسترونوم دژوردانوبرونو (1548 ـ 1600 ـ يىللار)، فىزىكا ئالىمى ۋە ئاسترونوم گالىلېي (1564 ـ 1642 ـ يىللار) قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار 16 ـ ئەسىردىلا يەرنىڭ يۇمىلاقلىقىنى (ماگېلان ساياھىتىدىن كېيىن) ئوزۇل ـ كېسىل ئىسپاتلاپ، خرىستىيان ئىلاھىيەتچىلىرىنىڭ ياۋۇزلارچە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. ئىتالىيىدىكى كاتولىك چىركاۋى دژوردانوبرونونى «خرىستىيان دىنىغا ئاسىيلىق قىلدى» دەپ ئەيىبلەپ، چەت ئەلگە كېتىشكە مەجبۇر قىلغان. برونو مىلادىنىڭ 1592 ـ يىلى ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دىنىي سوتقا بېرىلىپ يەتتە يىل قاماقخانىدا ياتتى. لېكىن برونو ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدىن (يەر يۇمىلاق دېگەن ئېتىقادىدىن) يانمىغانلىقى ئۈچۈن كاتولىك پوپلىرى تەرىپىدىن رىمدىكى گۈللۈك مەيدانىدا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى. برونو باغلانغان تۈۋرۈكتە كۆيۈۋاتقان چېغىدا مەغرۇرانە قىياپەتتە، تەنتەنىلىك ھالدا: «كۆيدۈرۈش ـ رەت قىلىش ئەمەستۇر» دەپ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلغان ئىدى.

گالىلېيمۇ مىلادىنىڭ 1633 ـ يىلى دىنىي سوت تەرىپىدىن سوراققا تارتىلىپ، ئەڭ ئاخىرى 1642 ـ يىلى قاماقخانىدا ئۆلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى قاتارلىق ئالىم، شائىر، تارىخچىلىرىمىز قاراخانىيلار دەۋرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋۇجۇدقا كەلگەن «ئويغىنىش دەۋرى»نىڭ ئۇلۇغ نامايەندىلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراخانىيلار دەۋردە مەدەنىيەتتە «ئويغىنىش دەۋرى» يۈز بەرگەن، دېگەن قارىشىمىز مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولسىمۇ، قاراخانىيلار دەۋردىكى ئويغىنىشنىڭ، ياۋروپادىكى «ئويغىنىش دەۋرى»نىڭ يېقىنقى زاماندىكى پەننىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدەك، تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى ناتايىن، بۇنىڭغا بىرقانچە سەۋەبنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

بىرىنچى، قاراخانىيلار دەۋردە مەدەنىيەتتە ئويغىنىش يۈز بەرگەن بولسىمۇ ئىنسانىنىڭ ھېسسىياتى، ئەقىل ـ پاراسىتى ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە قارشى كېلىدىغان، تولىمۇ ئەكسىيەتچىل بولغان خۇراپاتنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد

(1) مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، 1 – توم، 21 – بەت.

بولالمىغان ئىدى.

ئىككىنچى، 13 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەت قاراخانىيلار دەۋرىدىكىدەك گۈللەپ ياشنايدىغان ئىمكانىيەتتىن مەھرۇم بولدى. چۈنكى موڭغۇللار ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان خەلقلەرگە قارىغاندا مەدەنىيەتتە بەكمۇ ئارقىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا تەشەببۇسكارلىق كۆرسىتىشى تەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىي شەھەرلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ ۋەيران قىلغان ئىدى، ئوچۇق ئېيتقاندا موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران بىلەن ھىندىستاننىڭ بەزى رايونلىرىنى ۋەيران قىلىپ، مەدەنىيەتكە قاخشاتقۇچ زەربە بەرگەن ئىدى.

ئۈچىنچى، خىرىستوفور كولومبو بىلەن ماگېلاننىڭ دۇنيانىڭ قاتناش تارىخىدا غەرب بىلەن شەرق، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز ـ ئوكيان قاتناش يولىنى كەشىپ قىلغانلىقى، قەدىمكى زاماندىن تارتىپ، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناشتا مۇھىم رول ئوينىغان قۇرۇقلۇق يولىنىڭ (ئوتتۇرا ئاسىيا كارۋان يولىنىڭ) دۇنياۋى قاتناش يولى بولۇشتىن قالغانلىقىمۇ، قاراخانىيلار دەۋرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن «ئويغىنىش»نىڭ يېقىنقى زامانىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەنلىكىگە مەلۇم جەھەتتىن سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 1231 ـ 1922 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ تازا كۈچەيگەن دەۋردە (15 ـ ئەسىردە) تۈركلەر ئۆزلىرى ئىگىلەپ ئالغان جايلاردىن ياۋروپا سودىگەرلىرىنى ئۆتكۈزمىدى. نەتىجىدە ياۋروپا سودىگەرلىرى خەلقئارا سودىدىن تاپىدىغان نۇرغۇن پايدىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدى. ياۋروپا سودىگەرلىرى ۋە دېڭىزچىلارنىڭ ھىندىستانغا بارىدىغان دېڭىز يولىنى تېپىش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنۇشلىرىغا سەۋەب شۇ ئىدى.

ياۋروپالىقلارنىڭ ئەنە شۇنداق (دېڭىز يولى تېپىش) ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 1492 ـ يىلى ئىسپانىيە دېڭىز پىلوتىدا خىزمەت قىلىدىغان ئىتالىيىلىك خىرىستوفور كولومبو بىر گۇرۇپپا ئىسپان كېمىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىسپانىيىدىن غەربكە قاراپ ئۈزۈپ كەتكەن. ئۇ ئۈچ ئاي دېڭىزدا ئۈزۈپ ئاخىرى ئىنسانىيەتكە مەلۇم بولمىغان، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ كوبا، گايىتى ئاراللىرىنى تاپقان. كولومبو بۇ ئاراللارنى ھىندىستانغا يېقىن دەپ

ئويـلاپ، ھىندىسـتانغا بارىدىغـان دېڭىـز يولى تېپىلـدى دەپ ئىشـەنگەن. كولومبـو يەنـە ئـۈچ قېتىـم دېڭىـز سـاياھىتىگە چىقىـپ، جەنۇبىـي ئامېرىـكا قىتئەسـىنى تاپقـان. ئـۇ جەنۇبىـي ئامېرىكىنىمۇ، جەنۇبىـي غەربىـي ئاسـىياغا قاراشـلىق جايـلار دەپ ئويلىغـان.

كولومبودىــن كېيىــن پورتاغــال ساياھەتچىســى ماگــلان يېتەكچىلىكىدىكـى دېڭىزچىــلار مىلادىنىــڭ 1519 ـ يىلىدىــن 1522 ـ يىلىغىچـە سـۇ يولـى بىلـەن دۇنيانـى ئايلىنىـپ چىققـان. ئـۇلار ئاسـىيا بىلـەن ئامېرىـكا ئوتتۇرىسـىدا ناھايىتـى چـوڭ ئوكيـان بارلىقىغـا ئىشـەنگەن. شـۇندىن باشـلاپ، دېڭىـز ـ ئوكيـان يولـى دۇنيانىــڭ قاتنــاش مۇناســىۋىتىدە ئاساســي ئورۇنغــا ئۆتكــەن.

دېڭىـز يولىنىـڭ كەشـپ قىلىنىشـى، ئوتتـۇرا ئاسـىيادىن ئۆتىدىغـان قۇرۇقلـۇق قاتنـاش يولىنىـڭ رولىنى دېگـۈدەك يوققـا چىقارغـان. نەتىجـدە غـەرب بىلـەن شـەرق ئارىسـىدا سىياسـىي، ئىقتىسـادىيي، مەدەنىـي مۇناسـىۋەتلەر ئوتتـۇرا ئاسـىيا قۇرۇقلـۇق يولـى بىلـەن ئەمـەس، دېڭىـز يولـى بىلـەن بولىدىغـان بولغـان.

بۇنـداق ئەھۋالنىـڭ يـۈز بېرىشـى ئوتتـۇرا ئاسـىيانىڭ چۆلـدەرەپ، ئىقتىسـاد ۋە مەدەنىيەتتـە ئارقىـدا قېلىشـىغا مەلـۇم دەرىجىـدە سـەۋەب بولغـان بولسـا كېـرەك.

يۇقىرىدىكـى سـەۋەبلەرگە ئاسـاسەن، قاراخانىيـلار دەۋردە، 11 ـ ئەسـىردىلا ۋۇجۇدقـا كەلگـەن ئويغىنىــش دەۋرى (ياۋروپادىــن بىرنەچچـە ئەسـىر بۇرۇن)دىكـى دانىشـمەنلەر ياراتقـان ئەسـەرلەر، ياۋروپادىكـى ئويغىنىـش دەۋردە يارالغـان نۇرغۇنلىغـان ئەسـەرلەرگە ئوخشـاش يېقىنقـى زاماندىكـى رېئالىسـتىك ئەدەبىيـات ـ سـەنئەت ۋە تەبىئـي پەننىڭ تەرەققىياتـى ئۈچـۈن كۈچلـۈك ئاساس يارىتالمىـدى.

ياۋروپـادا بولسـا بىـز يۇقىرىـدا ئېيتىـپ ئۆتكىنىمىـزدەك 14 ـ ئەسـىردە باشـلانغان «ئويغىنىــش دەۋرى»دە مەيدانغـا چىققـان گۇمانىـزم ئىدىيىسـىنىڭ ۋەكىللىـرى فېئودالىزمغـا، خىرىسـتىيان ئىلاھىيەتچىلىكىگـە قارشـى كەسـكىن كۆرەشـلەرنى ئېلىـپ بېرىـپ، ئىنسـان ئىدىيىسـىنى، ھېسسـىياتىنى، ئەقىـل ـ پاراسـىتىنى خىرىسـتىيان ئىلاھىيەتچىلىكىدىــن ئـازاد قىلغـان ئىـدى.

شـۇنىمۇ ئەسـكەرتىپ قويـۇش كېرەككـى، قاراخانىيـلار دەۋردە مەدەنىيەتتـە ئويغىنىـش ۋۇجۇدقـا كەلگەنلىكـى ۋە ئويغىنىشـنىڭ ياۋروپادىكـى ئويغىنىشـقا ئوخشـاش يېقىنقـى زاماندىكـى ئەدەبىيـات ـ سـەنئەت ۋە تەبىئـي پەننىـڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك ئاسـاس سـالالمىغانلىقىدىكى سـەۋەبلەر توغرىسـىدا داۋاملىـق ئىزلىنىـپ، ئاندىـن

ئۇزۇل ـ كېسىل بىر خۇلاسىگە كېلىش لازىم. بەلكىم مېنىڭ قاراخانىيلار دەۋردە «ئويغىنىش» ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە بۇ «ئويغىنىش»نىڭ ياۋروپادىكى «ئويغىنىش»قا ئوخشاش رول ئوينىيالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىم تارىخىي ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن بولماي قېلىشى مۇمكىن.

## مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بىرنەچچە تۈرلۈك ئامىللار سەۋەب بولغان.

1) قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى (مىلادىدىن بۇرۇنقى تارىم ۋە ماۋەرائۇننەھرى مەدەنىيىتى) ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى (8 ـ ئەسىردىكى) ئورخون مەدەنىيىتى (ئاساسەن ئورخون يادىكارلىقلىرى)نىڭ ئۇلى ئاساسىدا تەرەققى قىلدى.

ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار بىلەن تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسەن تارىم ۋادىسى بىلەن ماۋەرائۇننەھرى) دۇنيادىكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بۆشۈكلىرى ھېسابلانغان مىسىر، مىسوپوتامىيىگە ئوخشاش مەدەنىيەت بۆشۈكى ئىدى.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە شۆبىسى 1979 ـ يىلى لوپنۇردىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى كۆنچى ۋادىسىدىن ئەڭ قەدىمكى بىر قەبرىستانلىقنى تاپتى. قەبرىستانلىقتىن چىققان جەسەتلەر ئىچىدە بىر ئايالنىڭ جەسىتى تارىخىمىز، ئېتنىك كېلىپ چىقىشىمىز، مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ ئايال جەسىتىنىڭ بۈگۈندىن 6400 يىللار بۇرۇنقى جەسەت ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. ئايالنىڭ بېشىغا كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن، ئۈستى يۇڭدىن توقۇلغان پالاس بىلەن ئورالغان. ئايال قاڭشارلىق، قىزغۇچ چاچ، ئاغزى ئويماقتەك، بەكمۇ چىرايلىق، ئايال جەسىتى تېپىلغان قەبرىنىڭ يېنىدىكى بىر قەبرىدىن كىچىك بالىنىڭ جەسىتى تېپىلغان. قەبرىگە جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەر ئىچىدە چىغدىن توقۇلغان سېۋەتلەردە بۇغداي دانلىرى بار[1].

لوپنۇر رايونىنىڭ ھاۋارايى قۇرغاق بولغانلىقتىن، جەسەتلەر قۇرۇق جەسەتكە

---

(1) «خەلق گېزىتى»نىڭ 1981 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانىدىن.

ئايلانغان. قەبرىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى چىرىمىگەن.

مانا شۇ يۇقىرىدىكى پاكىتقا قارىغاندا ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن 7000 يىل بۇرۇن تارىم ۋادىسىدا چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ ياشىغاندىن تاشقىرى، دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

خەن سۇلالىسىنىڭ (مىلادىدىن 206 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 220 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) تارىخىي يىلنامىلىرىدە «غەربىي دىيار» دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا (ئاساسەن تارىم ۋادىسى)غا مىلادىدىن 127 يىل بۇرۇن كەلگەن جاڭچيەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىپ كېتىدىغان چاغدا بېدە ئۇرۇغى، ئۈزۈم، ئانار، ياڭاق، پۇرچاق قاتارلىق ناباتاتلارنىڭ كۆچىتىنى جۇڭگوغا ئېلىپ كەتكەن. شۇندىن باشلاپ جۇڭگودا بېدە تېرىلىشقا باشلىغان. ئۈزۈم، ئانار، ياڭاق قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن. پۇرچاق تېرىش يولغا قويۇلغان. مانا شۇ يۇقىرىدىكى پاكىتلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن يەنسەي ـ ئورخۇن يېزىقىنى قوللانغان. سوۋېت ئارخېئولوگلىرى يېقىنقى يىللاردا قىرغىزىستاندىكى ئىسسىق كۆلنىڭ بويىدىن تاپقان بىر قورغان خارابىسىدىكى قەبرىدىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر كۈمۈش تاۋاقمۇ بار ئىكەن. مانا شۇ كۈمۈش تاۋاقتا يەنسەي ـ ئورخۇن يېزىقىنىڭ دەسلەپكى شەكلى بىلەن يېزىلغان خەتلەر بايقالغان.

8 ـ ئەسىردىكى ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى يەنسەي ـ ئورخۇن يېزىقى بىلەن يېزىلغان. بۇ ئۇيغۇر تارىخ ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم يادىكارلىقىدۇر.

ئەگەر ئۇيغۇرلاردا ئەڭ قەدىمكى چاغدىن تارتىپ تەرەققىي قىلغان يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى بولمىغان بولسا قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (11 ـ ئەسىردە) مەدەنىيەت گۈللەپ ياشناپ «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئوغۇزنامە»، «قەشقەر تارىخى» قاتارلىق ئۆلمەس ئەسەرلەر مەيدانغا كەلمىگەن بولاتتى.

2 ) قاراخانىيلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە يېتەكچى رول ئوينىغان رايونلار (تارىم ۋادىسى ۋە ماۋەرائۇننەھرى) مەدەنىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدىكى مەدەنىي رايونلار بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس

قىلغان رايونلار (يەتتە سۇ، ئالتاي قاتارلىق رايونلار)نىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. شۇ دەۋردە قەشقەر، خوتەن، بالاساغۇن، تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا، ئۆزگەنج، تىرمىز، مەرۋە ـ شاھىجاھان ۋە خۇراساندىكى مەشھۇر شەھەرلەر ناھايىتى ئاۋات ئىدى. مانا شۇ شەھەرلەردە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق، بىناكارلىق ئىشلىرى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، سان ـ سۈپىتىمۇ يۇقىرى ئىدى. نېپىز يۇپقا رەڭلىك ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش (رەڭلىك ئەينەكلەر بىناكارلىقتا ئىشلىتىلەتتى)، خىلمۇخىل گۈللەر چېكىلگەن سىرلىق قاچىلار، ئىدىشلارنى ياساش، بىرونزا، مىس، شىشە ۋە ساپالدىن ياسالغان بۇيۇملارغا، تاملارغا گۈللەر ۋە دۇنيادا بولمىغان، ئاجايىپ ئەپسانىۋى ھايۋانلارنىڭ بەدىئىي سۈرەتلىرىنى سىزىش ئومۇملاشقان ئىدى.

قاراخانىيلار دەۋردە ھەيۋەتلىك بىنالارنى سېلىشتا ئوردا ـ ساراي، قەبرىگاھ ـ مازار، مەسجىد، مەدرىسىلەرنىڭ مۇھىم تاملىرى، گۈمبەزلىرىنى چىنە خىش (فار ـ فۇر خىش) گۈللۈك، سىرلىق خىشلاردىن قوپۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. تارىم ۋادىسىدا مىلادىدىن بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان يىپەكچىلىك ھۈنەرۋەنچىلىكى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، خوتەن، قەشقەردە كىمخاب، شايى ـ ئەتلەس توقۇش بەكمۇ جانلىنىپ كەتتى. سەمەرقەنت، بۇخارادا بولسا پاختا يىپ، كەندىر، يىپەكتىن خىلمۇخىل، رەڭمۇرەڭ گەزلىمە رەختلەر توقۇلدى.

3) خەلقئارا سودا يولىنىڭ ئاساسىي تۈگۈنلىرى قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدە ئىدى.

قاراخانىيلارمۇ ھونلار، تۈركلەر، ئورخون ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاشلا، خەلقئارا قۇرۇقلۇق يولىنىڭ خوجايىنى بولۇپلا قالماستىن، شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

قاراخانىيلار دەۋردە شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە بارىدىغان سودا كارۋانلىرى خوتەن، قەشقەر، بالاساغۇن، بۇخارا، سەمەرقەنت، تىرمىز قاتارلىق شەھەرلەردىن ئۆتەتتى.

قاراخانىيلار شەرقتە جۇڭگو (سۇڭ سۇلالىسى، قىتانلار خانلىقى)، غەربىي جەنۇبتا غەزنەۋىيلەر، سالجۇقىيلار ئارقىلىق ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران

بىلەن، غەربتە غەربىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا بىلەن سودا ئالاقە قىلاتتى. قاراخانىيلارنىڭ سودا كارۋانلىرى تۆگە، ئاتلارغا يۈكلەنگەن ماللارنى يىراقتىكى ئەللەرگە ئېلىپ باراتتى. ئۇلار ھىندىستان، شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلاردىن مەرۋايىت، ياقۇت، پىل چىشى، دورا ـ دەرمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ جۇڭگوغا ساتاتتى. سودا كارۋانلىرىدىكى ئۇلاغلار (تۆگە، ئاتلار) بىر نەچچە يۈز، بىرنەچچە مىڭدىن ئىبارەت بولاتتى. چوڭ كارۋانلاردا بولسا بىرنەچچە مىڭ ئادەم بولاتتى. بۇنداق كارۋانلارنىڭ بىر قېتىم بېرىپ كېلىشى ئۈچۈن گاھىدا ئىككى يىل، گاھىدا بىر يىل كېتەتتى.

4 ) خەلقئارا سودىنىڭ ناھايىتى كەڭ غۇلاچ يېيىشى قاراخانىيلارنىڭ دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان سودا ئالاقىسىنىڭ ئېھتىياجىمۇ، ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈردى. قاراخانىيلار ئۆز دۆلىتىدىكى ئىچكى بازارلارنىڭ ۋە خەلقئارا سودىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن قەشقەر، خوتەن، بۇخارا، سەمەرقەنتتە يىپەك، پاختا، يۇڭ، كەندىردىن توقۇلىدىغان رەختلەرنى بەكمۇ سۈپەتلىك، كۆپ مىقداردا ئىشلەپ چىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلدى. بۇنىڭدىن باشقا سەمەرقەنتتە قەغەز ئىشلەپچىقىرىش بەكمۇ تەرەققىي قىلدى. سەمەرقەنت قەغىزى غەربتىكى ئەرەب خەلىپىلىكى، شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگە چىقىرىلاتتى.

ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، مىلادىنىڭ 751 ـ يىلى قىرغىزىستاندىكى تالاس (تالاسۇ) دەرياسىنىڭ بويىدا جۇڭگو قوشۇنلىرى بىلەن ئەرەب قوشۇنلىرى ئارىسىدا بولغان قانلىق جەڭدە ئەرەبلەرگە ئەسىر چۈشكەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىچىدىكى قەغەز ياساش ھۈنىرىنى بىلىدىغانلاردىن پايدىلانغان ئەرەبلەر ئۆز ۋاقتىدىلا سەمەرقەنتتە قەغەز ياساشنى يولغا قويغان ئىدى.

قاراخانىيلارنىڭ جۇڭگودىكى سۇڭ سۇلالىسى (960 ـ 1279 ـ يىللار) بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق بولغان ئىدى.

«سۇڭ سۇلالىسى يىلنامىسى، ئۇدۇن ھەققىدە قىسسە»، «سۇڭ سۇلالىسى يارلىقلىرى توپلىمى» قاتارلىق تارىخىي خاتىرىلەردىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، قاراخانىيلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

بىرىنچى باسقۇچ مىلادىنىڭ 1009 ـ يىلىدىن 1025 ـ يىلىغىچە بولغان 16

يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا شۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار تەختىدە ئەھمەد توغان خان (مىلادىنىڭ 998 ـ يىلىدىن 1018 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان). مەنسۇر ئارسلانخان (1018 ـ 1024 ـ يىللار)، ئەھمەد توغان خان 2 (1024 ـ 1026 ـ يىللار) قاتارلىق ئۈچ خاقان ئولتۇرغان ئىدى.

مىلادىنىڭ 1009 ـ يىلى تۇنجى قېتىم قاراخانىيلارنىڭ ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيپىڭگە بارغان. بۇ سودا ئەلچىلىرىنى خوتەن خانى يۇسۇپ قادىرخان قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئەھمەد توغان خانغا (998 ـ 1018 ـ يىللار) ۋاكالىتەن ئەۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، مىلادىنىڭ 1024 ـ يىلى مەنسۇر ئارسلانخان سودا ئەلچىلىرىنى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە ئەۋەتكەن.

ئىككىنچى باسقۇچ مىلادىنىڭ 1063 ـ يىلىدىن تارتىپ 1097 ـ يىلىغىچە بولغان 34 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ چاغ قاراخانىيلار ئاللىقاچان (مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى) شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلارغا بۆلۈنۈپ كەتكىنىگە 23 يىل بولغان ئىدى. مانا شۇ 35 يىل ئىچىدە شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ سودا ئەلچىلىرى 24 قېتىم سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە بارغان. مانا شۇ باسقۇچتا شەرقىي قاراخانىيلاردا توغرول قاراخان (مىلادىنىڭ 1058 ـ 1074 ـ يىللىرى)، توغرول تېكىن (1074 ـ 1075 ـ يىللار)، ھارۇن بۇغراخان II (1075 ـ 1102 ـ يىللار) قاتارلىق ئۈچ خاقان ئۆتكەن ئىدى.

شەرقىي قاراخانىيلار جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ناھايىتى ئوبدان كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. ھارۇن بۇغراخان II (1075 ـ 1102 ـ يىللار) ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى سودا يولىنىڭ ئامانلىقىنى تەمىنلەش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 1097 ـ يىللىرى ھەربىي قوشۇن ئەۋەتىپ شەرقىي قاراخانىيلار بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتكە توسقۇنلۇق قىلغان تاڭغۇتلارنى گەنجۇ (ھازىرقى جياڭشى)، ساجۇ (دۇڭخۇاڭ) بىلەن سۇجۇ (جۇچۈەن)دىن قوغلاپ چىقاردى. تاڭغۇت خانلىقى (مىلادىنىڭ 1032 ـ يىلىدىن 1227 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) يۇقىرىدىكى مۇھىم شەھەرلەرنى بېسىۋېلىپ، قاراخانىيلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئارىسىدىكى قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان ئىدى. قاراخانىيلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئىككى دۆلەت (قاراخانىيلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسى) ئارىسىدىكى قاتناش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ئۈچىنچى باسقۇچ مىلادىنىڭ 1107 ـ يىلىدىن 1124 ـ يىلىغىچە بولغان 17 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مانا شۇ 17 يىل ئىچىدە شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ سودا ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيفىڭگە تۆت قېتىم بارغان. شۇ مەزگىلدە شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئەھمەد ئارسىلانخان ئىدى.

شەرقىي قارخانىلارنىڭ سودا ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىگە ئات، تۆگە، ئات جابدۇقلىرى، گىلەم، ئەتلەس، قاشتېشى، سۆسەر، بولغۇن مويىزلىرى، مەستىكى رومى، نۆشىدىل، مەرۋايىت، ياقۇت قاتارلىق تاۋارلارنى ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى. جۇڭگودىن بولسا يىپەك ماللار، چاي، كىيىم - كېچەك، كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا - قۇچىلارنى ئېلىپ كېلەتتى.

قاراخانىيلار بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت سىياسىي جەھەتتە دوستانە، بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا بولغان ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە بولسا ناھايىتى قويۇق، بىر - بىرىگە پايدا يەتكۈزۈش ئاساسىدا بولدى.

قاراخانىيلار مىلادىنىڭ 1009 - يىلىدىن تارتىپ 1124 - يىلىغىچە بولغان 115 يىل ئىچىدە سۇڭ سۇلالىسىگە 30 قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، سۇڭ سۇلالىسى يولنىڭ يىراقلىقىنى باھانە قىلىپ، قاراخانىيلارغا بىرەر قېتىممۇ ئەلچى ئەۋەتكەن ئەمەس، ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە سۇڭ سۇلالىسى قىتانلار، تاڭغۇتلارنىڭ ھۇجۇمى نەتىجىسىدە ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىلىرىنىڭ قىتانلار، تاڭغۇتلار تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن قورقۇپ، قاراخانىيلارغا ئەلچى ئەۋەتىشكە جۈرئەت قىلالمىغان.

قاراخانىيلار بىلەن قىتان خانلىقى (907 - 1125 - يىللار) ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇردۇ.

قاراخانىيلار مىلادىنىڭ 933 - يىلىدىن 940 - يىلىغىچە بولغان سەككىز يىل ئىچىدە قىتان خانلىقىغا ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. ساتۇق بۇغراخان (مىلادىنىڭ 920 - يىلىدىن 956 - يىلىغىچە خاقان بولغان) تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى قېتىملىق ئەلچىلەردىن 940 - يىلى ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر قىتان خانى يىلودىگان (مىلادىنىڭ 927 - يىلىدىن 947 - يىلىغىچە خان بولغان) تەرىپىدىن ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىنغان.

قاراخانىيلار مىلادىنىڭ 956 - يىلىدىن تارتىپ 996 - يىلىغىچە قىتانلارغا سەككىز قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. مانا شۇ مەزگىلدە قاراخانىيلارغا مۇسا بۇغراخان، سۇلايمان ئارسىلانخان، ئەلى ئارسىلانخان قاتارلىق ئۈچ خاقان ھۆكۈمرانلىق

قىلغان ئىدى.

مىلادىنىڭ 996 ـ يىلى ئەلى ئارسلانخان (978 ـ 998 ـ يىللار) قىتان خانى يىلولۇڭشۇيگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆز ئوغلىنى قىتان مەلىكىسىگە ئۆيلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. قىتانلار مەلىكە قىزلىرىنى چەتكە ياتلىق قىلىش ئادىتى بولمىغانلىقىنى بانا قىلىپ ئەلى ئارسلان ئىبنى مۇسانىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىغان. لېكىن كېيىن قىتان خانلىرى مەلىكە قىزلىرىنى چەت ئەلگە ياتلىق قىلمايدىغان ئادەتنى ئۆزگەرتكەن. «لياۋ تارىخى، بېقىندى ئەللەر جەدۋىلى»دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخان مىلادىنىڭ 1047 ـ يىلى قىتان خانى يىلوزوڭچىنغا (1031 ـ 1055 ـ يىللار) ئەلچى ئەۋەتىپ، شەرقىي قاراخانىيلار خانىغا ياتلىق بولغان قىتان مەلىكىسىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىنى خەۋەر قىلغان.

قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئەھمەد توغان خان (998 ـ 1018 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 1005 ـ يىلىدىن 1015 ـ يىلىغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە قىتان خانلىقىغا ئۈچ قېتىم سودا ئەلچىلىرى ئەۋەتكەن. شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخان (1032 ـ 1056 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 1045 ـ يىلىدىن 1053 ـ يىلىغىچە بولغان سەككىز يىل ئىچىدە قىتان خانلىقىغا تۆت قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى توغرول قاراخان (1058 ـ 1074 ـ يىللار) مىلادىنىڭ 1068 ـ يىلى قىتان خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتكەن.

قاراخانىيلار مىلادىنىڭ 933 ـ يىلىدىن تارتىپ 1068 ـ يىلىغىچە بولغان 135 يىل ئىچىدە، قىتان خانلىقىغا 17 قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن. مانا بۇنىڭغا قارىغاندا قاراخانىيلار بىلەن قىتان خانلىقى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئاساسەن دوستانە ھالدا بولغان.

قاراخانىيلار بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە تاڭغۇت خانلىقى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئانچە ياخشى بولمىغان. ئىدىقۇتتىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار گاھىدا قىسقا مۇددەت قاراخانىيلارغا بويسۇنغان بولسىمۇ، پەيت تاپقاندىلا مۇستەقىللىق جاكارلاپ ئۆز ئالدىغا بولۇۋالغان ئىدى. تاڭغۇتلار بولسا سۇڭ سۇلالىسى بىلەن قاراخانىيلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن كەڭسۇ (گەنسۇ) ئارقىلىق سۇڭ سۇلالىسىگە بارىدىغان يولغا ھۇجۇم قىلىپ، ئالاقىنى ئۈزۈپ تۇراتتى.

قاراخانىيلار دەۋردە ئىچكى ۋە تاشقى سودا ئۇبورۇتىدا دىنار (تىللا)، دىرھەم

(كۈمۈش تەڭگە)نىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشىمۇ قاراخانىيلارنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى كەڭ مىقياستا غۇلاچ يېيىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋردە قوشۇننى ئۇرۇش قوراللىرى (ئوقيا، نەيزە، قىلىچ، پالتا، ئومۇت ـ چوماق، قالقان، دوبۇلغا، ساۋۇت ـ زەنجىر چاپان) بىلەن قوراللاندۇرۇش ۋە ئىچكى ـ تاشقى سودىدا ناھايىتى مۇھىم بولغان دىنار، دىرھەم ئۈچۈن تۆمۈر، ئالتۇن، مىسقا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى چوڭ ئىدى. شۇڭا ئۈچۈن كانچىلىق (ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، نېفىت كانلىرىنى ئېچىش) ۋە مېتال ئېرىتىپ، ئۇرۇش قوراللىرىنى ياساش ۋە دىنار، دىرھەم قاتارلىق ئالتۇن، كۈمۈش پۇللارنى كۆپ مىقداردا قۇيۇش يولغا قويۇلدى.

5) قاراخانىيلار دەۋرى تارىختا خېلى تىنچ، خاتىرجەم بىر دەۋر بولدى.

تۆت ئەسىر (370 يىل) ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار دەۋردە قەشقەرىيە، يەتتە سۇ، ماۋەرائۇننەھرىدىكى خەلقلەر ئاساسەن تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشىدى. قاراخانىيلار دەۋردە يۈز بەرگەن مۇھىم ۋەقەلەرنى ئەسكە ئالغاندا، قاراخانىيلار بىلەن قوشنا دۆلەتلەر (ئاساسەن غەزنەۋىيلەر بىلەن سالجۇقىيلار) ئارىسىدا ئىقتىسادىي ئىگىلىكنى (دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، سودا قاتارلىق ئىگىلىكنى) ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن ئەمەس. مىلادىنىڭ 992 ـ يىلىدىن 1000 ـ يىلىغىچە بولغان توققۇز يىل ئىچىدە قاراخانىيلار ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا سامانىيلار دۆلىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى.

مىلادىنىڭ 1006 ـ يىلى، مىلادىنىڭ 1008 ـ يىلى ۋە مىلادىنىڭ 1019 ـ يىلى قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر ئارىسىدا ئۈچ قېتىم ئۇرۇش بولغاندىن باشقا، ئۇزاققا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەرمىگەن. قاراخانىيلار بىلەن ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئارىسىدىمۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزگۈدەك ئۇرۇشلار بولغان ئەمەس. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر ۋە ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئاساسەن ئىناق، دوستانە، قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن.

قاراخانىيلار دەۋردە يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇشلار توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا ئەلى تېكىن ئىسيانى (مىلادىنىڭ 1025 ـ يىلىدىن 1030 ـ يىلىغىچە) يابا قۇلارنىڭ

ئىسيانى (مىلادىنىڭ 1041 - يىلى) ۋە تەخت ئۈچۈن بولغان ئانچە - مۇنچە كۈرەشلەردىن باشقا، ئۇزاققا سوزۇلغان ۋە كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇشلار بولغان ئەمەس.

قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاساسەن تىنچ، خاتىرجەم بىر دەۋر بولۇشى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا ياخشى ئىمكانىيەت ياراتقان.

6) قاراخانىي خاقانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى دىگۈدەك مەدەنىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇلار ئەقىللىق، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، ئەخلاقلىق كىشىلەرنى بەكمۇ قەدىرلىگەن. دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ بىلىملىك (بولۇپمۇ ئاسترونومىيە، تىبابەت، ئەدەبىيات جەھەتلىرىدە)ئەڭ ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ناھايىتى يۇقىرى مەنسەپلەرگە تەيىنلىگەن.

قەدىمكى چاغدىكى فېئوداللىق دۆلەتنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئوردىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە خان جەمەتىدىن بولمىغان كىشىلەرنىڭ تەيىنلىنىشى قىيىن ئىدى. ئۇيغۇر، ئوغۇز خاقانلىرى بولسا يۇقىرىدىكى ئەنئەنىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي خان جەمەتىدىن بولمىغان، ھەتتا باشقا مىللەتتىن كېلىپ چىققان كىشىلەرنىمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك بولسىلا ئەڭ يۇقىرى ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن.

ئۇيغۇر، ئوغۇز خاقانلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ياخشى خىسلىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر نەچچە مىسال كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مىلادىنىڭ 1069 - يىلى ياكى 1070 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئورۇنباسار خاقانى ئەبۇ ئەلى ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ئۆزىگە تەقدىم قىلىنغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئارقىلىق يۇسۇپنىڭ ناھايىتى بىلىملىك، ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇنى دەرھال قەدىرلەپ، قاراخانىي خاقانلىرىغا ئەڭ ئىشەنچلىك، ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان ئوردا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن. ئۇنىڭغا يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ (يۇسۇپ ئۇلۇغ تايانغۇ) ئۇنۋانىنى بەرگەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ دۆلەتمەن ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئۆسكەن بولسىمۇ، قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان شاھزادىلەردىن ئەمەس ئىدى.

شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ھارۇن بۇغراخان II نىڭ ۋاقتىدا (1075 - 1102

ـ يىللار) مەدەنىيەت ناھايىتى گۈللەنگەن ئىدى. ھارۇن بۇغراخان II (ئەبۇ ئەلى ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان) ناھايىتى قابىلىيەتلىك خاقان بولۇپ، ئۇ، «ئادالەت ۋە دىننى قوغدىغۇچى»، «دىننىڭ شان ـ شەرىپى»، «شەرق پادىشاھى» دېگەن ئۇنۋانلارنى ئالغان ئىدى، ئۇنىڭ ۋاقتىدا قەشقەر مەدەنىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەپ ـ ياشنىغان شەھەرگە ئايلانغان.

ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورلىرى ئالپ ئارسلان (مىلادىنىڭ 1063 ـ يىلىدىن 1072 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) مىلىك شاھلارنىڭ باش ۋەزىرى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئىسھاق (نىزامۇلمۇلك) سالجۇق ئوغۇزلىرىدىن بولماستىن خۇراسانلىق پارس ئىدى. نىزامۇلمۇلك (1018 ـ 1092 ـ يىللار) ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىدە 30 يىل (مىلادىنىڭ 1063 ـ يىلىدىن 1092 ـ يىلىغىچە) باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدە ئۇنىڭ «سىياسەتنامىسى» بويىچە ئىدارە قىلىنغان ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسى ئەڭ قۇدرەتلىك، ئەڭ سەلتەنەتلىك بىر باسقۇچقا كىرگەن ئىدى. نىزامۇلمۇلكنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باغدات، ئىسپىھان، بەسرە، نىشاپور، تېھران، مەرۋە شاھجاھان قاتارلىق شەھەرلەردە نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپلەر (مەدرىسىلەر) قۇرۇلغان.

«تارىخىي مەسئۇدى» (30 توملۇق ئەسەر)نىڭ ئاپتورى ئوبۇل پەزلى مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەيىن بەيھەقى (مىلادىنىڭ 996 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1077 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) غەزنەۋىيلەر سۇلتانلىقىدا (مىلادىنىڭ 963 ـ يىلىدىن 1187 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) 20 يىل (مىلادىنىڭ 1021 ـ يىلىدىن تارتىپ 1041 ـ يىلىغىچە) تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بولغان.

ئوغۇزلار (ئالپ تېكىندىن تارتىپ سەبۇق تېكىنگىچە) ۋە قارلۇقلار (سەبۇق تېكىندىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى غەزنەۋىي سۇلتانى خىسراۋ مىلىكغىچە)دىن كېلىپ چىققان غەزنەۋىي سۇلتانلىرىدىن سۇلتان مەھمۇد (مىلادىنىڭ 997 ـ يىلىدىن 1030 ـ يىلىغىچە سۇلتان بولغان)، سۇلتان مەسئۇد (مىلادىنىڭ 1030 ـ يىلىدىن 1041 ـ يىلىغىچە سۇلتان بولغان)لار ئىرانلىق پارس بەيھەقىنى ناھايىتى ئىززەتلەپ ۋە ھۆرمەتلەپ، تاشقى ئىشلار ۋەزىرلىكىگە قويغان.

12 ـ ئەسىردە ياشىغان تارىخچى نىزام ئارۇز سەمەرقەندىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى خىزىرخان (مىلادىنىڭ 1080 ـ يىلىدىن 1081 ـ يىلىغىچە خاقان بولغان) دانا، ئادىل ۋە شائىرلارنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان خان ئىكەن. ئۇنىڭ ئوردىسىدىكى قوبۇلخانىغا تۆت پەتنۇس قويۇلغان.

ھەربىر پەتنۇسقا 250 دىنار (تىللا) قويۇلغان. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مانا شۇ تۆت پەتنۇستىكى 1000 دىنارنى بىر شائىرنىڭ يازغان شېئىرى ياراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن شائىرغا ئىنئام قىلغان. خىزىرخاننىڭ شائىرغا 1000 دىنارنى ئىنئام قىلغانلىقى قاراخانىي خاقانلىرىنىڭ شېئىرىي سەنئەت ئەھلى بولغان شائىرلارنى قەدىرلىگەنلىكىنىڭ مىسالى.

ئۇيغۇر، ئوغۇز خاقانلىرى ئەزەلدىن تارتىپ ئۆز ئوردىسىغا ئەڭ مەشھۇر تارىخچىلار، پەيلاسوپلار، ئاسترونوملار، تېۋىپلار، شائىرلارنى جەلپ قىلىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتى ھەرقايسىنىڭ ھەرخىل بولغان. بەزىلىرى ئىلىم - پەننى تەرەققى قىلدۇرۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بولسا، بەزىلىرى شائىرلارنىڭ يازغان شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «تۆھپە» لىرىنى مەدھىيەلىتىپ، نامى، شۆھرىتى، ئابرۇيىنى كۆككە كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

غەزنەۋىيلەرنىڭ مەشھۇر سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ ئۆز ئوردىسىغا يىغىلغان مەشھۇر شائىرلار ئارقىلىق ئۆزىنى مەدھىيەلەيدىغان شائىرلارغا ناھايىتى يۇقىرى ئىنئام بەرگەن ۋە مەدھىيەچى شائىرلارغىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئۇنۋانلارنى بەرگەن.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ دەۋرىدە بەلخلىق ئوبۇلقاسىم ھەسەن ئىبنى ئەھمەد ئۇنسۇرى (10 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى تۇغۇلۇپ 1039 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) «شائىرلارنىڭ خانى» دېگەن ئۇنۋان ئالغان ئىدى.

ئۇيغۇر، ئوغۇز خاقانلىرى ئۆز ئوردىسىغا يىغقان تارىخچىلار، ئاسترونوملار، پەيلاسوپلار، تېۋىپلار، شائىرلارنى ھەربىي يۈرۈشتە بىللە ئېلىپ يۈرەتتى. مانا شۇنداق ئالىملار يۈز بەرگەن جەڭلەرنى، دىپلوماتىك سۆھبەتلەرنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ تۇراتتى. ئوچۇق ئېيتقاندا يۈرۈشكە ماڭغان ئۇيغۇر، ئوغۇز خاقانلىرى زۇرۇر تېپىلغاندا پەيلاسوپلاردىن مەسلىھەت سورىسا، ئاسترونوملار ئارقىلىق كېچىنىڭ قاراڭغۇ ياكى ئايدىڭ بولىدىغانلىقىنى، ھاۋا رايىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئۆزگىرىشلەردىن تەخمىنەن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. تېۋىپلار بولسا خاقان، سۇلتانلارنىڭ سالامەتلىكىگە غەمخورلۇق قىلاتتى. تارىخچىلار جەڭ توغرىسىدا يازسا، شائىرلار جەڭچىلەرنى روھلاندۇرىدىغان، خاقان، سۇلتانلارنى مەدھىيەلەيدىغان شېئىرلارنى يازاتتى.

قاراخانىي خاقانلىرى ناھايىتى ھەيۋەتلىك، ئاجايىپ گۈزەل بىنالارنى قۇردۇرۇشقىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن.

11 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغان. قاراخانىي خاقانلىرىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى نەتىجىسىدە سەمەرقەنت شەھىرى بەكمۇ ئاۋات، مەدەنىيەتلىك شەھەرگە ئايلانغان. شۇ چاغدا سەمەرقەنت ئاھالىسى 400 مىڭغا يەتكەن. ناھايىتى چوڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇشلار بىنا بولغان. سودا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك رايونلىرى (شەھەر ئىچىدە) مەيدانغا كەلگەن.

غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئىبراھىم بۆرى تېكىن مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى بىر پۈتۈن قاراخانىيلار دۆلىتىنى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلارغا بۆلۈپ تاشلاشتا كەچۈرگىسىز يامان روللارنى ئوينىغان بولسىمۇ، ئۇ غەربىي قاراخانىيلارغا خاقان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە (مىلادىنىڭ 1052 ـ يىلىدىن 1068 ـ يىلىغىچە) قاراخانىيلار مەدەنىيىتىگە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان.

تارىختا «دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، خەلىپىلىكنىڭ تاجى، ئاللاھنىڭ خەنجىرى» ئۇنۋانىدا ئاتالغان تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئىسھاق ئىبنى ناسىر (ئىبراھىم بۆرى تېكىن) سەمەرقەنتتە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ئوردا سالدۇردى. ئۇ گەرچە دىنغا ئىخلاسمەن بولسىمۇ دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ دۆلەت ئىشىغا ئارىلىشىپ جاھىلانە بەڭباشلىق قىلىشىغا يول قويمىغان. ئىبراھىم بۆرى تېكىن مەشھۇر شەيخ ئىمام ئوبۇلقاسىم سەمەرقەندىنى ئۆلتۈرگەن.

ئىبراھىم بۆرى تېكىن خەلق تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن ئوغرى ـ قاراقچىلارغا قاتتىق جازا بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ سودىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، پۇل ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان. دىرھەمنىڭ قىممىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن پۇلدىكى (تەڭگىدىكى) كۈمۈش مىقدارىنى كۆپەيتكەن. ئۇنىڭ ۋاقتىدا قويۇلغان دىرھەم (تەڭگە) پۇلدىكى كۈمۈش مىقدارى 30% نى تەشكىل قىلاتتى.

ئىبراھىم بۆرى تېكىن يولغا قويغان بەزىبىر تەدبىرلەر ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگەن. خەلق تۇرمۇشىنىڭ خاتىرجەملىكىگە پايدىلىق بولغان.

ئىبراھىم بۆرى تېكىننىڭ ئوغلى ناسىر ئىبنى ئىبراھىمنىڭ ۋاقتىدا (1068

ـ 1080 ـ يىللار) بۇخارادا ئاجايىپ ئېگىز بىر مۇنار سېلىندى. بۇ مۇنار ھازىر «مۇنارى كالان» دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن بىر قاتار مىساللاردىن قاراخانىيلار خاقانلىرىنىڭ مەدەنىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا ئوينىغان ئىجابىي رولىنى كۆرۈش مۇمكىن.

7) ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى بىلەن دۇنيادىكى مەشھۇر دۆلەتلەر ئارىسىدا يولغا قويۇلغان ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىيە تەرەپلەردىكى ئالاقىلەردىن تاشقىرى ئۆزئارا ناھايىتى كەڭ قانات يايغان مەدەنىيەت تەرەپتىكى ئالاقىلەرمۇ ئالاھىدە ئورۇننى ئالغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى بىلەن مۇسۇلمان شەرقى ئارىسىدىكى قىزغىن ۋە ئۈزلۈكسىز ھالدا كۈچىيىپ بارغان مەنىۋىي يېقىنلىق ئاساسىدىكى مەدەنىيەت تەرەپتىكى ئالاقىلەر قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى.

ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەرەبلەر ئارقىلىق قەدىمكى يۇناننىڭ داڭلىق پەيلاسوپلىرىنىڭ، ئاسترونوملىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. چۈنكى بۇنداق ئەسەرلەر قەدىمكى يۇنان تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىدى. قاراخانىي ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق تەبىقىسى ئەرەب، پارس تىللىرىنى ناھايىتى مۇكەممەل بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، قەدىمكى يۇناننىڭ تۈرلۈك ئىلىم ـ پەنگە دائىر ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئۇنىڭغا شەرھى يېزىش بىلەنمۇ شۇغۇللاندى.

قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەر شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى خەلقئارا قاتناش يولىنىڭ مۇھىم ئالاقە تۈگۈنى بولۇپلا قالماستىن، مەدەنىيەت مەركىزىمۇ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار دەۋرىدە قەدىمكى يۇنان ئالىملىرىنىڭ ئىلغار كۆزقاراشلىرىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تۈركىي خەلقلەر جايلاشقان دىيارنى يەر يۈزىنىڭ يۇملاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە قىياسەن خەرىتە قىلىپ سىزىشى تاسادىپەن ئەھۋال ئەمەس ئىدى.

ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا پەن تەرەققىياتى ناھايىتى ئاجىز، باشلانغۇچ باسقۇچتا بولغان دەۋردە ياشىغان كىشىلەر يەرنى ياپىلاق دائىرىگە ئوخشاش ۋە ئۇنىڭ بىر چېتىدىن قۇياش چىقىپ، ئىككىنچى تەرەپكە پاتىدۇ دېگەن تەسەۋۋۇرغا ئىگە ئىدى. لېكىن يۇنان ئالىمى پىپاگور (مىلادىدىن 460 يىل بۇرۇن ياشىغان) يەر يۇمىلاق شەكىلگە ئىگە دەپ قىياس قىلغان. قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى

ئارستوتىل (مىلادىدىن 384 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ 322 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن) تۇنجى قېتىم يەرنىڭ شارغا ئوخشاش يۇمىلاق شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. ئاينىڭ يۈزىگە چۈشكەن يەرنىڭ سايىسىمۇ ئۇنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «دائىرە» دەپ ئاتالغان خەرىتىنى يەر يۈزىنىڭ يۇمىلاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە سىزغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ئاساسىدا تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى ئىدى.

يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن بىرقانچە سەۋەبلەر قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يۇكسەك بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئويغىنىش دەۋرى» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، شانلىق بىر مەنزىرە ياراتقان.

## 3

### قاراخانىيلار تارىخىدا يۈز بەرگەن چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى (850 - 1212 - يىللار)

مىلادىنىڭ 850 ـ يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيىدىن غەربكە كۆچكەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى يەتتە سۇ ۋە قەشقەر ئەتراپلىرىغا كېلىپ، شۇ جايلاردىكى غەربىي ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرۇشى.

مىلادىنىڭ 840 ـ يىلى سامانىيلاردىن نوھ ئىبنى ئەسئەدنىڭ قوشۇن تارتىپ كېلىپ ئىسفىجابنى بېسۋېلىشى.

9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۆل بىلگە قاراخان (بۇقا قاراخان)نىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بازىرخاننىڭ خاقان بولۇشى، كىچىك ئوغلى ئوغۇلچاقنىڭ تالاس رايونىنى باشقۇرۇشى.

مىلادىنىڭ 870 ـ يىلى ئۇلۇغ پەيلاسوپ فارابىنىڭ فاراب شەھىرىدە دۇنياغا كېلىشى.

مىلادىنىڭ 870 ـ يىللىرى سامانىيلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى.

مىلادىنىڭ 893 ـ يىلى سامانىيلارنىڭ پادشاھى ئىسمايىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ

تالاسنى بېسىۋېلىشى، ئوغۇلچاقنىڭ قەشقەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولۇشى.

مىلادىنىڭ 904 ـ يىلى ئوغۇلچاقنىڭ سامانىيلارنىڭ چېگرالىرىغا ھۇجۇم قىلىشى.

مىلادىنىڭ 920 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى. شۇ يىللىرى تاغىسى ئوغۇلچاقنى تارمار كەلتۈرۈپ، قەشقەرنى بېسىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 930 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخاننىڭ تالاسنى سامانىيلار قولىدىن تارتىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 933 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ قىتان خانلىقىغا ئەلچىلەر ئەۋەتىشى.

مىلادىنىڭ 940 ـ يىلى قىتانلارنىڭ قاراخانىيلارغا كەلگەن ئەلچىلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ قايتىپ كېتىشى.

مىلادىنىڭ 942 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخاننىڭ بالاساغۇننى ئۆزىگە بويسۇنمىغان قاراخانىي شاھزادىلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 950 ـ يىلى ئۇلۇغ پەيلاسوپ فارابىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 950 ـ يىللىرى قاراخانىيلارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشى، ئىدىقۇتتىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىدا قېلىش شەرتى بىلەن قاراخانىيلارغا بويسۇنۇشى.

مىلادىنىڭ 956 ـ يىلى ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى، ئاتۇشتىكى مەشھەتكە دەپنە قىلىنىشى.

مىلادىنىڭ 960 ـ يىلى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىشى. شۇ يىلى 200 مىڭ ئۆيلۈك ئۇيغۇر ـ قارلۇقلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى.

مىلادىنىڭ 970 ـ يىلى قاراخانىيلار بىلەن خوتەن خانلىقى ئارىسىدا ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىشى.

مىلادىنىڭ 980 ـ يىلى ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئەبۇئەلى ئىبنى سىنانىڭ بۇخارادىكى ئەپشان يېزىسىدا دۇنياغا كېلىشى.

مىلادىنىڭ 990 ـ يىلى ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئىسفىجابىنى سامانىيلار قولىدىن تارتىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 992 ـ يىلى ھارۇن بۇغراخاننىڭ ماۋەرائۇننەھرىگە يۈرۈش قىلىپ، سامانىيلارنىڭ پايتەختى بۇخارا ۋە سەمەرقەنتنى ئېلىشى، ئۇزاق ئۆتمەي كېسەللى قوزغىلىپ قېلىپ، قەشقەرگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا يولدا ۋاپات بولۇشى.

مىلادىنىڭ 998 ـ يىلى ئەلى ئارسلاننىڭ جەڭدە ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 999 ـ يىلى غەربىي ئىلىك خانى ناسىرنىڭ بۇخارانى ئېلىپ، سامانىيلار دۆلىتىنى يوق قىلىشى.

مىلادىنىڭ 1000 ـ يىلى خوتەن خانلىقىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسەل بويسۇندۇرۇلۇشى، خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى... يۇسۇپ قادىرخاننىڭ خوتەنگە خان بولۇشى.

مىلادىنىڭ 1001 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ناسىر ئىلىك خاننىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشى.

مىلادىنىڭ 1006 ـ يىلى ناسىر ئىلىك خاننىڭ غەزنەۋىيلەرگە يۈرۈش قىلىپ، نىشاپور، تۇس، بەلخنى بېسىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 1008 ـ يىلى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قەشقەردە دۇنياغا كېلىشى.

مىلادىنىڭ 1008 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ غەزنەۋىيلەرگە قىلغان يۈرۈشىنىڭ مەغلۇب بولۇشى.

مىلادىنىڭ 1009 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ جۇڭگودىكى سۇڭ سۇلالىسى پايتەختىگە ئەلچى ئەۋەتىشى.

مىلادىنىڭ 1012 ـ يىلى ناسىر ئىلىك خاننىڭ خاقان ئەھمەد توغانغا قارشى باش كۆتۈرۈپ، قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشى، يولدا قاتتىق قار يېغىپ كەتكەنلىكتىن ناسىر ئىلىكنىڭ ئۆز كەنتىگە قايتىشى.

مىلادىنىڭ 1017 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇدنىڭ خارەزمنى بېسىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 1018 ـ يىلى يۇسۇپنىڭ بالاساغۇندا تۇغۇلۇشى.

مىلادىنىڭ 1018 ـ يىلى ئەھمەد توغان خاننىڭ قىتانلارنى يەتتە سۇدا تارمار قىلىشى.

مىلادىنىڭ 1026 ـ يىلى يۇسۇپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ سەمەرقەنت يېنىدا مۇھىم ئىشلار توغرىسىدا بىتىم تۈزۈشى.

مىلادىنىڭ 1030 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 1031 ـ يىلى سۇلتان مەسئۇت غەزنەۋىينىڭ قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە ئەلچى ئەۋەتىشى.

مىلادىنىڭ 1032 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 1032 ـ يىلى ئەلى تېكىننىڭ يەنە ئىسيان كۆتۈرۈپ تاۋغاچ بۇغراخان ئۇنۋانىنى ئېلىشى.

مىلادىنىڭ 1035 ـ يىلى ئەلى تېكىننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 1036 ـ يىلى غەربىي ئىلىك خانى يۈسۈپ ئىبنى ئەلىنىڭ غەزنەۋىيلەر مەلىكىسىگە ئۆيلىنىشى.

مىلادىنىڭ 1037 ـ يىلى ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 1037 ـ يىلى مۇھەممەد بۇغراخان (ياغان تېكىن) بىلەن توغرولبەگنىڭ غەزنەۋىيلەرگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشى.

مىلادىنىڭ 1037 ـ يىلى ناسىر ئىلىك خاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىبنى ناسىرنىڭ غەربىي ئىلىك خان يۈسۈپتىن ئۆز كەنتىنى تارتىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى ئىبراھىم بۆرى تېكىننىڭ غەربىي ئىلىك خانى يۈسۈپنى تارمار قىلىشى. يۈسۈپنىڭ قەشقەرگە قېچىپ كېتىشى.

مىلادىنىڭ 1040 ـ يىلى دەندەنەقان جېڭىدە سالجۇق بەگنىڭ نەۋرىسى توغرولبەگنىڭ سۇلتان مەسئۇدنى تارمار قىلىشى. ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تەشكىل بولۇشى.

مىلادىنىڭ 1041 ـ يىلى ناسىر ئىلىك خاننىڭ ئوغلى مۇھەممەدنىڭ «تاۋغاچ بۇغرا قاراخان» ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلىشى. ئۇنىڭ پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنى ئىگىلىۋېلىشى، غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى.

مىلادىنىڭ 1041 ـ يىلى بىر پۈتۈن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىگە بۆلۈنۈپ كېتىشى.

مىلادىنىڭ 1041 ـ يىلى ئېرتىش، بالقاش بويلىرىدا ياشايدىغان ياباقۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى، شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئارسلان تېكىن باشچىلىقىدا 40 مىڭ مۇسۇلمان چەكچىلەرنى ئەۋەتىپ 700 مىڭ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىسيانچىلارنى باستۇرۇشى.

مىلادىنىڭ 1047 ـ يىلى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ قىتان خانى يىلوزۇڭچىنغا

ئەلچى ئەۋەتىپ، قاراخانىيلارغا ياتلىق قىلىنغان قىتان مەلىكىسىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقىنى مەلۇم قىلىشى.

مىلادىنىڭ 1055 ـ يىلى توغرولبەگنىڭ باغداتقا كىرىشى.

مىلادىنىڭ 1056 ـ يىلى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ مۇھەممەد بۇغراخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى.

مىلادىنىڭ 1057 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى مۇھەممەد بۇغراخان باشلىق بىر قىسىم قاراخانى شاھزادىلىرىنىڭ مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ كىچىك خانىشى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قەشقەردىن قېچىپ ماۋەرائۇننەھرگە كېلىشى.

مىلادىنىڭ 1058 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئىبراھىم بۆرى تېكىننىڭ پەرغانىنىڭ غەربىي قىسمىنى بېسىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 1058 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئىبراھىمنىڭ بارىسخان بېگى ئىنال تېكىن بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلتۈرۈلۈشى.

مىلادىنىڭ 1063 ـ يىلى توغرولبەگنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 1063 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى توغرول قاراخاننىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىشى.

مىلادىنىڭ 1068 ـ يىلى ئىبراھىم بۆرى تېكىننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى. توغرول قاراخاننىڭ پەرغانىنى غەربىي قاراخانىيلاردىن قايتۇرۇۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 1068 ـ يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بالاساغۇندىن قەشقەرگە كېلىشى.

مىلادىنىڭ 1069 ـ يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئوردىباسار خاقانى ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلىشى.

مىلادىنىڭ 1071 ـ يىلى 26 ـ ئاۋغۇستتا ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېراتورى ئالپ ئارسلاننىڭ «مالازگىرد جېڭى»دە شەرقىي روما ئىمپېراتورى رومەن دىككىنسىنى ئەسىر ئېلىشى.

مىلادىنىڭ 1072 ـ يىلى كۈزدە ئالپ ئارسلاننىڭ 200 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان قوشۇننى باشلاپ، ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىشى ۋە غەربىي قاراخانى بېگى يۈسۈپ بەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى.

مىلادىنىڭ 1072 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ تىرمىز ۋە بەلخنى بېسىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 1074 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى توغرول قاراخان (مەھمۇد بۇغراخان)نىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 1074 ـ يىلى سالجۇقىيلار ئىمپېراتورى مىلىك شاھنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىشى. غەربىي قاراخانىيلار بىلەن بىتىمنامە تۈزۈشى. غەربىي قاراخانىيلار بىلەن شەرقىي قاراخانىيلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇش. پەرغانىنىڭ شەرقىي قاراخانىيلارغا تەۋە ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىتىمنامىنىڭ تۈزۈلۈشى.

مىلادىنىڭ 1075 ـ يىلى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى باغداتتىكى ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىسى موقتەدىگە تەقدىم قىلىشى.

مىلادىنىڭ 1087 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئەھمەد خاننى سەنجەرنىڭ تۇتۇپ كېتىشى.

1090 ـ يىلى ئەھمەد خاننىڭ سەمەرقەنتكە قايتىپ كېلىشى.

مىلادىنىڭ 1095 ـ يىلى دىنىي سوتنىڭ ئەھمەد خاننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشى.

مىلادىنىڭ 1097 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ھارۇن بۇغراخان II نىڭ قاراخانىيلار بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئارىسىدىكى سودا يولىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن گەنسۇغا قوشۇن ئەۋەتىپ، تاڭغۇتلار بېسىۋالغان جاكيى، جۇچۇەن، دۇڭخۇاڭدىن ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشى.

مىلادىنىڭ 1102 ـ يىلى ھارۇن بۇغراخان II نىڭ قوشۇن ئەۋەتىپ تىرمىزنى بېسىۋالغاندا سۇلتان سەنجەر تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇشى.

مىلادىنىڭ 1102 ـ يىلى ھارۇن بۇغراخان II نىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 1103 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ساغۇنبەگ غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى مۇھەممەد ئارسلانخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە، سالجۇق سۇلتانىنىڭ كېلىشتۈرۈپ قويۇشى.

مىلادىنىڭ 1105 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئەھمەد ئارسلانخاننىڭ مەھمۇد ئىبنى ئابدۇلجېلىل قەشقىرىنى باغدات خەلىپىسى مۇستەنسىرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشى.

مىلادىنىڭ 1109 ـ يىلى ساغۇنبەگ ئىككىنچى قېتىم ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ مەغلۇب بولۇشى.

مىلادىنىڭ 1120 ـ يىللىرى مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ ناھايىتى چوڭ قۇرۇلۇشلارنى سالدۇرۇشى.

مىلادىنىڭ 1124 ـ يىلى قىتان شاھزادىسىنىڭ ئىرسىن ۋادىسىدىكى خاتۇن بالىق (ئورخۇن خاقانلىقىنىڭ شەھەرلىرىدىن بىرى)نى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، غەربىي قىتان خانلىقىغا ئاساس سېلىشى.

مىلادىنىڭ 1130 ـ يىللىرى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ غەربىي قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قېلىشى.

مىلادىنىڭ 1137 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يىلوداشىنىڭ خوجەنت ئەتراپىدا غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانى مەھمۇد خاننى تارمار كەلتۈرۈشى.

مىلادىنىڭ 1139 ـ يىلى خارەزمى شاھى ئاتسىزنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىرىپ، بۇخارانى بېسىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 1141 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يىلوداشىنىڭ سەمەرقەنت بىلەن بۇخارا ئارىسىدىكى «قەتۋان جىگى»دە غەربىي قاراخانىيلار بىلەن سالجۇقىيلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلىشى. شۇندىن باشلاپ غەربىي قاراخانىيلارنىڭ غەربىي قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قېلىشى.

مىلادىنىڭ 1209 ـ يىلى سەمەرقەنتنى خارەزمى شاھىنىڭ بېسىۋېلىشى.

مىلادىنىڭ 1211 ـ يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى خاقانى مەھمۇد خان IV نىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 1212 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى خاقانى ئوسمان بۇغراخاننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى.

مىلادىنىڭ 1212 ـ يىلى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ يوقىلىشى.

## قاراخانىيلار خاقانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

| **1) قاراخانىيلارنىڭ چوڭ خاقانلىرى** | **ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى** |
|---|---|
| 1 ـ كول بىلگە قاراخان | 880 ـ 850 |
| 2 ـ بازىرخان (بارخان) | 890 ـ 880 |
| 3 ـ ئوغۇلچاق | 920 ـ 890 |

| | |
|---|---|
| 4 ـ ساتۇق بۇغراخان | 956 ـ 920 |
| 5 ـ مۇسا بۇغراخان | 958 ـ 956 |
| 6 ـ سۇلايمان ئارسلانخان | 970 ـ 958 |
| 7 ـ ئەلى ئارسلانخان | 998 ـ 970 |
| 8 ـ ئەھمەد توغان خانI | 1018 ـ 1998 |
| 9 ـ مەنسۇر ئارسلانخان | 1024 ـ 1018 |
| 10 ـ ئەھمەد توغان خان II | 1026 ـ 1024 |
| 11 ـ يۇسۇپ قادىرخان | 1032 ـ 1026 |
| 12 ـ سۇلايمان ئارسلانخان | 1056 ـ 1032 |

**2 ) شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرى**

| | |
|---|---|
| 1 ـ سۇلايمان ئارسلانخان | 1056 ـ 1040 |
| 2 ـ مۇھەممەد بۇغراخان | 1057 ـ 1056 |
| 3 ـ ئىبراھىمخان | 1058 ـ 1057 |
| 4 ـ توغرول قاراخان (مەھمۇدخان) | 1074 ـ 1058 |
| 5 ـ توغرول تېكىن (ئىككى ئاي خاقان بولغان) | 1075 ـ 1074 |
| 6 ـ ھارۇن بۇغراخان II (ئوبۇل ھەسەن ھارۇن) | 1102 ـ 1075 |
| 7 ـ ئەھمەد ئارسلانخان | 1128 ـ 1102 |
| 8 ـ ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەدخان | 1158 ـ 1128 |
| 9 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم | ؟ ـ 1158 |
| 10 ـ يۇسۇپ ئىبنى مۇھەممەد | 1205 ـ 1204 |
| 11 ـ ئوبۇل پەتتاھ مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇپ | 1210 ـ 1205 |

**3) غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرى**

| | |
|---|---|
| 1 ـ مۇھەممەد ئىبنى ناسىر | 1052 ـ 1040 |

| | |
|---|---|
| 2 ـ ئىبراھىم ئىبنى ناسىر | 1052 ـ 1068 |
| (بۇ ئىككىسى بىر مەزگىل ئورتاق خان بولغان) | |
| 3 ـ شەمسۇل مۇلىك (ناسىر ئىبنى ئىبراھىم) | 1068 ـ 1080 |
| 4 ـ خىزىرخان | 1080 ـ 1081 |
| 5 ـ ئەھمەدخان | 1081 ـ 1095 |
| 6 ـ مەسئۇدخان | 1095 ـ 1097 |
| 7 ـ سۇلايمان خان | 1097 ـ 1097 |
| 8 ـ مۇھەممەد تېكىن | 1097 ـ 1099 |
| 9 ـ ھارۇن ئىبنى ئۆمەر | 1099 ـ 1102 |
| 10 ـ مۇھەممەد ئارسلانخان | 1102 ـ 1130 |
| 11 ـ ئىبراھىم ئىبنى سۇلايمان | 1130 ـ 1130 |
| 12 ـ ھەسەن ئىبنى ئەلى | 1130 ـ 1132 |
| 13 ـ مەھمۇد ئىبنى مۇھەممەد | 1132 ـ 1141 |
| 14 ـ ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد | 1141 ـ 1156 |
| 15 ـ ئەلى ئىبنى ھەسەن | 1156 ـ 1162 |
| 16 ـ مەسئۇد ئىبنى ھەسەن | 1162 ـ 1168 |
| 17 ـ ناسىر ئىبنى ھۆسەيىن | 1168 ـ 1172 |
| 18 ـ مۇھەممەد ئىبنى مەسئۇد | 1172 ـ 1178 |
| 19 ـ ئىبراھىم ئىبنى ھۆسەيىن | 1178 ـ ؟ |
| 20 ـ ئوسمان بۇغراخان | 1200 ـ 1212 |

تۇرغۇن ئالماس

# ماقالىلەر

# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇلاھىزە

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن تارىخشۇناسلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا قاچاندىن بۇيان ماكانلاشقانلىقى ۋە ئەسلى كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مۇنداق ئىككى خىل كۆز قاراش بار.

بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ بىرىنچى خىلى: ئۇيغۇرلار مىلادىنىڭ 845 - يىلى موڭغۇلىيە دالىسىدىن غەربكە كۆچۈپ، شىنجاڭدا ماكانلاشقان دەپ قارىسا، ئىككىنچى خىلدىكىلىرى: ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىدىكى ھىنگان تاغلىرى (قىدىرقان تاغلىرى) دىن غەربتە بالقاش كۆلىنىڭ بويىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا (شىنجاڭ بۇنىڭ ئىچىدە) ئولتۇراقلاشقان قەدىمكى خەلق دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قاراش بار. بىرىنچى خىلى: ئۇيغۇرلار بىلەن ھونلار ۋە تۈركلەر قان قېرىنداش دەپ قارىسا، ئىككىنچى خىلدىكىلىرى: ھونلار، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر قان قېرىنداشلىق جەھەتتە بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتى يوق دەپ قارايدۇ.

مەن بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، يۇقىرىدىكى ئىككى خىل كۆز قاراشلار ھەققىدە ئۆز مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1 ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ماكانلىرى ھەققىدە

ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بىر تارمىقى بولۇپ، تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئەمگەكچانلىقى، كۈرەشچانلىقى بىلەن شانلىق مەدەنىيەت يارىتىپ، جۇڭگو ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشقان مىللەت.

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن خېلى كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى «تۇرالار» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي كىتابلىرىدا پەقەت مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنلا تىلغا ئېلىنغان. ئۇلار شەرقتە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ غەربتە ئېرتىش دەرياسى، بالقاش كۆلىنىڭ بويلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق بىپايان تېررىتورىيىدە ياشاپ بۇ جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى ھېسابقا ئېلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ھازىرقى زاماندىكى غەرب بۇرژۇئا تارىخچىلىرىنىڭ بىر قىسمى، شىنجاڭدا قەدىمكى زاماندا ياشىغان خەلقلەر ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان، ئېرقى جەھەتتىن ئارىئان نەسلىگە (ئىرانلىقلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) مەنسۇپ بولغانلار ئىدى، دېيىشىدۇ. مەسىلەن: چاررۇسسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ چوڭ جاسۇسى گ. گارزىمايلو بۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەڭ قەدىمكى دەۋردە پامىردىن تارتىپ ئۇنىڭ شەرقىغە (تارىم ئويمانلىقىنى دېمەكچى ـ ت) ئىرانلىقلار كېلىپ جايلاشقان. يەنە مەلۇم بىر مەزگىلگە كەلگەندە جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدىن خەنزۇلار بۇ يەرگە زورمۇ زو كەلگەن.»[1]

ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۇرپاننىڭ دەسلەپكى ئاھالىسى ئىرانلىقلار ئىدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، ئۇلارنى كېلىپ چىقىشى تۈركلەرگە مەنسۇپ بولغان خىلمۇ خىل ئاھالە شەرق تەرەپتىن كېلىپ قىستاپ قويىدى. نەتىجىدە تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقان ئىرانلىقلارنىڭ بىر قىسمى كېيىن كەلگەنلەر تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا كەتتى. بىر قىسمى ئۇلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، مۇشۇ خىلدىكى دەرىجىگە يېتىپ، تىلى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىرقى پەرقلىرىنىڭ ھەممىسىنى يوقاتتى.»[2]

(1) گ. گارزىمايلو: «جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا ساياھەت خاتىرىسى» دىكى «ئۇرۇمچى ھەققىدە» دېگەن بابىدىن ئېلىندى.
(2) گ. گارزىمايلو: «جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا ساياھەت خاتىرىسى» دىكى «تۇرپان ھەققىدە» دېگەن بابىدىن ئېلىندى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، شىنجاڭ ۋە دونخۇاڭغا كېلىپ، قەدىمكى زاماندىن ئوتتۇرا ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلار ياراتقان شانلىق مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئېسىل يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن لىكوك، ستەيىن قاتارلىق غەرب بورژۇئا ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشى گ. گاررىمايلو بىلەن ئوخشاش. قەدىمكى زاماندا تارىم ئويمانلىقىدا بارلىققا كەلگەن شانلىق مەدەنىيەتنى ئۇيغۇرلار ياراتقان بولماستىن، ئارىئان نەسلىگە مەنسۇپ بولغان خەلقلەر ياراتقان دېمەكچى بولىدۇ.

كىشىنى ئەجەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىزدىكى بەزىبىر تارىخشۇناسلارمۇ يۇقىرىقىلارنىڭ سەپسەتىسىنى قۇۋۋەتلەپ، تارىخىي پاكىتلارغا خىلاپ هالدا مۇنداق دېيىشىدۇ: «(تارىم ئويمانلىقى) مىلادىدىن كېيىنكى بىرىنچى مىڭ يىللىقنىڭ ئالدىنقى يېرىم مەزگىلى بىلەن ئۇنىڭدىن سەل كېيىن، بۇ يەردە ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان (قەشقەردىن خوتەن ئەتراپلىرىغىچە) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا هىندى ـ ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشىدىغان («توخار تىلى» دەپ ئاتىلىدىغان) ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر (ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەهەر، تۇرپان ئەتراپلىرىدا ياشىغان، بۇندىن تاشقىرى يەنە هىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى زاماندىكى فىشامشان دۆلىتى، نىيەدىن تارتىپ لوپنۇر ئەتراپلىرىغىچە) مىللەتلەر، شۇنىڭ بىلەن بىللە تىبەت تىلىدا سۆزلىشىدىغان تىبەت قاتارلىق مىللەتلەر ياشىغان. تۈرك مىللىتى (قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئېھتىمال 7 ـ 8 ـ ئەسىردىن كېيىن شىمالدىن بۇ يەرگە كەلگەن. بەلكى قەدەممۇ قەدەملەپ شۇ يەرنىڭ هۆكۈمرانىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئاخىرى باشقا قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تىلىنى يېڭىپ هۆكۈمران ئورۇننى ئىگەللىگەن.»(1)

غەرب بورژۇئا ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىغا ماسلىشىدىغان يۇقىرىدىكى هۆكۈملەر توغرا ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئاساسلىنىدىغىنى كۇچا، قارا شەهەر رايونلىرىدىن تېپىلغان زور مىقداردىكى سانسكرىت يېزىقى، قارۇشتى يېزىقى، (بۇ يېزىقلارنى قەدىمكى زاماندا هىندىلار قوللانغان) بىلەن هىندى تىلىدا يېزىلغان بۇددا تەلىماتىغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردىن ئىبارەت.

سانسكرىت يېزىقىدا بۇددا نامىلەرنىڭ قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

(1) «قەدىمكى دەۋردىكى تۈرك يازما هۆججەتلىرى توپلىمى» 1978 ـ يىلى مەركىزى مىللەتلەر شۆيەنى مىللەتلەر تىل پاكولتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن.

ئۇنداق ماتېرىياللار بۇ يەردە ياشىغان خەلقلەرنىڭ ھىندى - ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئارىئان نەسلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. مىلادىنىڭ بىرىنچى ئەسىردىن باشلاپ ھىندىستان ئارقىلىق بۇددا دىنى تارىم ئويمانلىقىدىكى خوتەن، كۇچا، قەشقەر، كېيىنرەك تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئايلانغان. شۇ چاغدىن باشلاپ، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا نوملىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا بۇددا راھىپلىرى سانسكرىت يېزىقى بىلەن ھىندى تىلىدا يېزىلغان بۇددا نوملىرىنى ئوقۇغان، بۇنى خەلق چۈشەنمەيتتى، بۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دەستۇرى بولغان قۇران ۋە باشقا ئەقىدىلەر يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلار ئەرەب، پارس تىلىدا بولۇپ، بۇنى ئاز ساندىكى دىنىي ئەرباپلار چۈشىنىدىغان بولسىمۇ، ئاددى خەلق بىۋاسىتە ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدىغانلىقىغا ئوخشاش بىر ئەھۋال ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي ئۆلىمالارنىڭ مەسجىد، مەدرىسىلەردە ئەرەب، پارس تىلىدىكى ئىسلام ئەقىدىلىرىدە ۋەز ئېيتقانلىقى ۋە تالىپلارغا دەرس ئۆتۈپ بەرگەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنى ئەرەب دېيىشكە بولمىغىنىدەك، قەدىمكى زاماندىكى ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنى ئىبادەتخانىلاردا سانسكرىت يېزىقى بىلەن يېزىلغان ھىندى تىلىدىكى بۇددا نوملاردىن ئەمرىمەرۇپ قىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىمۇ ھىندى دېگىلى بولمايدۇ.

7 - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر بۇددىست ۋە تەرجىمان شۈەن زۇاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ قەشقەر، خوتەن، كۇچا ئەتراپلىرىدا قوللىنىۋاتقان يېزىق ھىندى يېزىقى بولۇپ، تىلى ھىندى تىلى ئەمەس، دەپ كۆرسەتكەن.

ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ تارىم ئويمانلىقىدا ياشاپ كەلگەنلىكىگە دائىر تارىخىي پاكىتلار ئۈستىدە توختىلىمەن. 1981 - يىل 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۇيغۇرچە شىنجاڭ گېزىتىنىڭ بېتىدە بىر تارىخىي ماقالە بېسىلغان. ماقالىدە 1979 - يىلى قىشتا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر ئېپتىدائىي قەۋرىستانلىقتىن ئىككى جەسەتنى تاپقانلىقى ئېيتىلغان. ماقالىدە بۇ جەسەتلەرنىڭ بىرى ياش ئايال، يەنە بىرى كىچىك بالا بولۇپ، نەنجىڭ داشۆ جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ كاربون 14 تەجرىبىخانىسى، قەۋرىستانلىقتىن

قېزىپ ئېلىنغان ياغاچلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق جەسەتلەرنىڭ بۈنىڭدىن 6412 يىل (+_117) بۇرۇنقى جەسەت ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىقىلغانلىقى خەۋەر قىلىنغان. بۇ ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىز ۋە مەملىكەت بويىچە تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى جەسەت ئۆلگىسى. شۇنداقلا دۇنيا بويىچىمۇ ھازىرغىچە تېپىلغان قەدىمكى جەسەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقى جەسەت ئۆلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قەدىمكى جەسەتنىڭ تېپىلغانلىقى، شىنجاڭ رايونىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە شۇ زاماندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە بۇ رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، ھۈنەر سەنئىتى، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بۇ جەسەتلەر يەر يۈزىدىن ئىگىزرەك قۇرغاق قۇم دۆۋىسىدىن قېزىپ ئېلىنغان..... گۆرنىڭ ئىككى بېشىغا بىردىن ياغاچ قويۇلغان بولۇپ، يەر ئۈستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. گۆر تىك قىلىپ قېزىلغان، جەسەتلەر گۆردە ئوڭدىسىغا قىلىپ ياتقۇزۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچ تاختاي ۋە تاختايلارنىڭ ئۈستىگە قوي تېرىسى بىلەن چىغ توقۇلما يېپىلغان، جەسەت ناھايىتى قوپال توقۇلغان رەختكە ئورالغان بولۇپ، ئايال جەسەتنىڭ بېشىغا كىگىز تەلپەك كىيگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ سېرىق ئۇزۇن چاچلىرى دولىسىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ، كۆزلىرى يوغان، كىرپىكلىرى ئۇزۇن، قاڭشالىق..... بۇ قەدىمكى جەسەتلەر بىلەن بىللە قېزىپ ئېلىنغان ئاخىرەتلىكلەر ئىچىدە ناھايىتى نەپىس توقۇلغان چىغ سىۋەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە زىرائەت دانلىرى سېلىنغان، ئەمما بۇ دانلار چىرىپ ئۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن. بالا جەسىتى بىلەن بىللە كۆمۈلگەن چىغ سىۋەتتىن ئۈز پېتى ساقلانغان بۇغداي چىقتى.....»

يۇقىرىقى ئىككى جەسەت ھەققىدىكى مەلۇمات كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلى ئانا يۇرتى، ئىرقى كېلىپ چىقىشى، مەدەنىيىتى قاتارلىق جىددى مەسىلىلەرگە كىشىنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاپ بېرىدۇ. لوپنۇردىن چىققان ئىككى جەسەتنىڭ بۈندىن 6412 يىل ئىلگىرى دەپنە قىلىنغان قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان تارىم ئويمانلىقىدا، ئارىئانلار ئەمەس، ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

«قەدىمكى دۇنيا تارىخى» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، بۈنىڭدىن 4000 يىل

بۇرۇن هازىرقى ھىندىستاندا، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان، تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئارىئان(ئارىلار) نەسلىگە مەنسۇپ بولغان ھازىرقى ھىندىلارنىڭ ئەجدادى ئەمەس، بەلكى باشقا ئىرققا مەنسۇپ دىراۋىدلار ياشىغان ئىدى، 4000 يىل بۇرۇن ئىراندا ئارىئانلار ھىندىستانغا بېسىپ كىرىپ دىراۋىدلارنى جەنۇبى قىسىمغا سۈرۈۋەتكەن.

ھازىر جەنۇبى ھىندىستاندا ياشايدىغان ئاشۇ دىراۋىدلارنىڭ سانى 50 مىليونغا يېتىدۇ. ئەگەر ئارىئانلارنىڭ ئىراندىن ھىندىستانغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھىندىستانغا چېگراداش بولغان جەنۇبى شىنجاڭ (تارىم ئويمانلىقى)غا ئارىئانلار ھىندىستان ئارقىلىق ئۆتكەن دېيىلسە، بۇ پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى سېرىق چاچ، قاڭشالىق، بېشىغا كىگىز تەلپەك كىيگەن ئايال جەسىتىنىڭ 6412 يىل ئىلگىرى لوپنۇر ئەتراپىدا دەپنە قىلىنىشى، ئارىئانلار ئىراندىن ھىندىستانغا بېسىپ كىرىشتىن 2500 يىل بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا ياشاپ تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

مانا شۇ پاكىت، بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ «ئۇيغۇرلار 845 ـ يىلى موڭغۇلىيە دائىرىسىدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار يوق ئىدى» دېگەن قاراشلىرىنىمۇ رەت قىلىدۇ.

لوپنۇردىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنغان ۋاقتى، جەسەتنىڭ يۇڭ توقۇلما رەخت بىلەن ئورالغانلىقى، گۆردىن ياغاچ تاختايلار، چىغ سېۋەت، ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان بۇغدايلارنىڭ چىقىشى، تارىم ۋادىسىدا مەدەنىيەتنىڭ ناھايىتى قەدىمكى چاغدىن باشلىنىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

لوپنۇردىن تېپىلغان جەسەدلەر ۋە باشقا بويۇملار، تارىخچى مورگاننىڭ «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەرياسى تۈزلەڭلىكى ئاستىدا كۆمۈلگەندۇر. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى مەلۇم بولغۇسىدۇر.»[1] دېگەن كارامەتلىك ھۆكمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

تارىم ۋادىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ سىرىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئېچىش، ئانتروپولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ جىددى ۋە شەرەپلىك ۋەزىپە.

(1) «تۈرك تارىخىنىڭ ئانا خەتلىرى» نىڭ بىرىنچى بېتىگە قارالسۇن.

بۇ يەردە بىرئاز يىراقتىن گەپ ئاچقىنىمىزدا مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

مىلادىنىڭ 2 ـ ئەسىردە ياشىغان يۇنان ئالىمى پىتولومىي ئۆزىنىڭ ئۇن توملۇق «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدىكى «سېرىسلار دۆلىتى» (يىپەك دۆلىتى) بابىدا ھازىرقى تارىم دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاساسىي يەرلىك خەلقنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ يىلە بېقىپ، يىپەكتىن نەپىس شايى ـ ئەتلەسلەرنى توقۇيدىغانلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ تەبىئىي شارائىتلىرى (تاغلىرى، دەريالىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ھەققىدە خېلى تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن.

«ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا[1]، 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھازىرقى موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدا، ئەسلى كېلىپ چىقىشى تۇنگۇس نەسلىدىن بولسىمۇ، خېلى دەرىجىدە تۈركلەشكەن، ياۋروپالىقلار «ئاۋارلار» دەپ ئاتىغان، جۇرجانلار باش كۆتۈردى. مانا شۇ جۇرجان تۈركلىرىنىڭ قاغانى شىرون (مىلادىنىڭ 400 ـ يىلىدىن 411 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) مىلادىنىڭ 400 ـ يىللىرى موڭغۇلىيەدىكى ئۇيغۇرلار، ئالتايدىكى تۈركلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن خېلى كۈچەيدى. ئۇيغۇرلار جۇرجان قاغانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىدا ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە مەجبۇر قىلىنغان بولسا ئالتايدىكى تۈركلەر جۇرجانلار ئۈچۈن ھەربىي قورال ياساپ بېرىشكە مەجبۇر قىلىنغان. چۈنكى، ئالتاي تۈركلىرى مىتال ئېرىتىپ تۈرلۈك قوراللارنى ياساشقا ناھايىتى ماھىر ئىدى.

جۇرجان قاغانلىقى تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى ھازىرقى قارا شەھەرگىچە، غەربىي ئىلى ۋادىسىغىچە، شەرقى چاۋشىيەنىنىڭ غەربىگىچە، شىمالى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىغىچە، جەنۇبى ئىچكى موڭغۇلىيەنىڭ جەنۇبىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، پايتەختى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭيې ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا ئىدى.

مىلادىنىڭ 487 ـ يىلى موڭغۇلىيە دالىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بۆركلى(تۇماغلىق) قەبىلىسىنىڭ خانى ئاي ئوجرونىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇرجانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىغا (ھازىرقى جۇڭغار دالىسىغا) كۆچكەن. شۇ قېتىم ئالتاي ئارقىلىق شىنجاڭغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 600 مىڭ بولۇپ، 120 مىڭ ئائىلىدىن ئىبارەت ئىدى.

جۇرجان قاغانى تۇلۇن (487 ـ 492 يىللىرى) نۇرغۇن قوشۇنلىرىنى باشلاپ،

(1) ۋېيشۇ: «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى «جۇرجانلار ھەققىدە قىسسە» بابلىرىغا قارالسۇن.

ئۇيغۇرلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. جەنۇبىي ئالتايدا بولغان ئۇرۇشتا ئۇيغۇر خانى ئاي ئوجرو جورجان قاغانى تولۇن قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى، ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېچىپ كەتكەن تولۇن قاغاننى جورجان ھۆكۈمرانلىرى ئۆلتۈرۈپ ئورنىغا ناغاينى قاغان قىلدى. ئۇيغۇرلار 487 ـ يىلى جورجانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، تارىختا «ئىگىز ھارۋىلىقلار خانلىقى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. 60 يىل ھۆكۈم سۈرگەن (مىلادىنىڭ 487 ـ يىلىدىن 546 ـ يىلىغىچە) بۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ماناس ئەتراپلىرىدا بولۇپ، تېررىتورىيىسى شىمالدا ئالتاي، شەرقتە قۇمۇل، غەربتە سايرام كۆلى بويىغىچە، جەنۇبتا قاراشەھەر، لوپنۇر ئەتراپلىرىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، شىمالدا جورجانلار بىلەن، قاراشەھەر ئەتراپلىرىدا ئاق ھونلار بىلەن، لوپنۇر ئەتراپلىرىدا تۇيغۇنلار (تىبەت خانلىقى) بىلەن دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان. «تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى ماتېرىياللاردا[1] ئۇيغۇرلارنىڭ 845 ـ يىلى موڭغۇلىيە دالىسىدىن غەربكە كۆچۈشلىرىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدىكى ئەھۋاللار تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان.

200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر قاغانلىقى 646 ـ يىلىدىن 845 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىچكى ئۇرۇشلار، قىرغىزلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى قاتارلىق ھەربىكەتلەر (ھەربىي ۋەزىر تولۇق باغانىڭ قىرغىزلارنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتىشى) قارنىڭ قاتتىق يېغىپ، چارۋا ماللارنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىشى، ۋابا كېسىلىنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئادەملەرنىڭ نابۇت بولۇشى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەت، سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۆلەت ھالاكەتكە قاراپ يۈزلەندى. مانا مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىر نەچچە يۆنىلىشكە تاراپ موڭغۇل دالىسىدىن كۆچۈشكە باشلىدى.

ئوكى تېگىن، ئىنەن تېگىن باشچىلىقىدىكى جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن ئۇيغۇرلار خېبىي، سەنشى، شەنشى ئۆلكىلىرىنىڭ شىمالىغا يېقىنلاپ كېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمىنى ئالغاندىن كېيىن يەنە شىمالغا قايتىپ ئۆز قاغانلىقىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ ئۈمىدى يوققا چىققاندىن كېيىن ھالاك بولدى. بۇلار 300 مىڭ كىشى ئۈپچۈرىسىدە ئىدى.

غەربكە قاراپ كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى يەتتە سۇ ۋە ھازىرقى

(1) «يېڭى تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسى» 217 – جىلد «ئۇيغۇر ھەققىدە قىسسە» بابىغا قارالسۇن.

قىرغىزىستان رايونلىرىغا بېرىپ ماكانلىشىپ، ئۆز قېرىندىشى بولغان قارلۇقلارغا قوشۇلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىغا كېلىپ، خانلىق قۇردى. بۇ خانلىق 870 ـ يىلىدىن1031 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرۈپ، تاڭغۇت خانلىقى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. كېيىن ئۇلار (سانى 200 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى) تاڭغۇتلار (تىبەت) ۋە خەنزۇلاردىن سان جەھەتتىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن بارا ـ بارا ئۇلارغا سىڭىپ كەتتى. غەربكە قاراپ كۆچكەن يەنە بىر تارمىقى 15 ياشلىق ئورخۇن شاھزادىسى پان تېگىن يېتەكچىلىكىدە ئالتاي بىلەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئارىسىغا كېلىپ ماكانلىشىپ، ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ سىياسىي مەركىزىنى بەشبالىق قىلىپ بەلگىلىدى. پان تېگىننىڭ تالانتلىق ھەربىي سەركەدىسى بۆكۈقۇن باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تىبەتلىكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلارنى دەسلەپ شىمالى شىنجاڭدىن، كېيىن تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن قوغلاپ چىقاردى. شاھزادە پان تېگىن شۇ غەلىبە ئاساسىدا، ئۇيغۇر سەركەدىسى بۆكۈقۇننىڭ ساداقەت بىلەن يار ـ يۆلەكتە بولۇشىغا تايىنىپ مىلادىنىڭ 850 ـ يىلى مەشھۇر ئىدىقۇت خانلىقىنى (850 ـ 1250 ـ يىللار ھۆكۈم سۈرگەن) ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ خانلىقنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىق، قىشلىق پايتەختى تۇرپان قاراغوجىدىكى ئىدىقۇت شەھىرى ئىدى.

شاھزادە پان تېگىن باشچىلىقىدىكى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردىن كۆپ دېگەندە، 200 مىڭ كىشى تارىم ئويمانلىقىغا كېلىپ ماكانلاشقان. ئىككى خەن يىلنامىسىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، دەل شۇ چاغدا تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭغا يانداش بولغان جايلاردىكى ئاھالىنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. موڭغۇلىيە دالىسىدىن كۆچكەن ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەر ئارقىدا بولۇپ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى.

ئەگەر غەرب بورژۇئا تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشى بويىچە 845 ـ يىلى موڭغۇلىيە دالىسىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىشىدىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئۇيغۇر يوق ئىدى دېيىلىدىغان بولسا موڭغۇلىيە دالىسىدىن كۆچكەن ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىگە قارىغاندا، سان جەھەتتىن بىر نەچچە ھەسسە ئاز، مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەر تۆۋەن، دىنىي ئېتىقادى باشقا تۇرۇغلۇق، قانداق قىلىپ ئۇلارنى (شىنجاڭدىكى ئاھالىنى) ئۇيغۇرلاشتۇرۇپ كېتەلەيدۇ؟

شۇنىسى ئېنىقكى، موڭغۇلىيەدىن كۆچكەن ئۇيغۇرلار شىنجاڭغا كېلىپ، ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلغانلىقى ئۈچۈنلا قۇدرەتلىنىپ، تېز ئارىدىلا تىبەتلىكلەرنى شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئىدىقۇت خانلىقىنى قۇرالىغان.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن ئىشەنچلىك پاكىتلار ئۇيغۇرلار شىنجاڭنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەسلى خەلقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك بولسا كېرەك.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە

ئۇيغۇرلار كېلىپچىقىش جەھەتتىن تۇرالارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ھونلار، تۈركلەر بىلەن قان قېرىنداش ئىدى. ئۇلار تىل جەھەتتىن ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈرك تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

قەدىمكى چاغلاردا ھون ياكى تۈرك دەپ ئاتالغان خەلقلەر ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدا ياشىغان ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار نەتىجىسىدە ئالتاي تاغلىرىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى چاغلارغا دائىر نۇرغۇن قەبرىلەر تېپىلغان. بۇ قەبرىلەردىن چىققان ھونلار ۋە تۈركلەرنىڭ جەسەتلىرى ناھايىتى ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل ئۇستىخانلىق ئادەملەردىن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسكىلىتلىرى بىلەن ئوخشاش، ئۇلار قاڭشالىق، يۈزلىرى ئاق سۆزۈك، قاۋۇل ئىدى.

ھونلارنىڭ ئېگىز بويى، قاۋۇللىقى، چىرايى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرنى قەدىمكى جۇڭگو تارىخىدىكى مەلۇماتلارمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«خەن يىلنامىسى» دىكى «جىڭمىدي ھەققىدە قىسسە» بابىدا، ھون شاھزادىسى جىڭمىدىنىڭ بويى سەككىز چى ئىككى سۇڭ. بۇنى ھازىرقى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمىدىكى مېتىرغا سۇندۇرغاندا، ئىككى مېتىر سەكسەن سانتىمېتىر بولىدۇ. بۇ پاكىت ئالتاي تاغلىرىدىكى ھون قەبرىلىرىدىن تېپىلغان ھون جەسەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئېگىز بويى، قاۋۇل ئادەملەر ئىكەنلىكىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن 1955 ـ 1957 ـ يىللىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ھازىرقى شىئەن شەھىرى ئەتراپىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت شاڭلىڭفەن دېگەن جايدىن 140 ـ نومۇرلۇق

ئالاھىدە بىر قەبرە تېپىلغان. بۇ قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئۆلۈك بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك نەرسىلەر ئىچىدىن ئىككى پارچە تۆت چاسا مىس تاختاي چىققان. مىس تاختايغا ئىككى نەپەر ئادەم، ئىككى ئاتنىڭ سۈرەتلىرى نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈلگەن. ئىككى ئادەم بىر - بىرىنىڭ بېلى ھەم پاقالچىقىدىن تۇتۇشۇپ، چېلىشىۋاتقان قىياپەتتە تۇرۇشقان. ئۇلار قاڭشالىق، يايما چاچ بولۇپ، پاقالچەكلىرى ئورالغان ئىشتان كىيىشكەن[1]. ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى بۇ قەبرىدىن چىققان كىشىلەرنى ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ياكى ئەلچىنىڭ ھەمراھلىرى دەپ بېكىتكەن. بۇ قەبرىدىن تېپىلغان نەرسىلەر ھونلارنىڭ چاچ قويۇش شەكلى، كىيىنىشلىرى، چىرايى، چېلىشىش ئادەتلىرى بىلەن قىياپەتلىرىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.

1972 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى تۇرپان ناھىيىسىدىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن بەشىنچى ئەسىردىكى تۇرپان ۋالىيسى، ھون شاھزادىسى قۇتقۇپانتاينىڭ قەبرىسىنى تاپقان.

مىلادىنىڭ 445 - يىلى قۇتقۇ پانتاي دەپنە قىلىنغان قەبرىدىن لايدىن ياسالغان تۆت بۇت تېپىلغان، بۇتلار پىچاق بىلەن قىرىپ ياسالغان بولۇپ، ئاددىي، جانلىق. بۇتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، يۈزلىرى سوزۇنچاقراق، قاڭشالىق يايما چاچ[2]. مۇشۇ لاي بۇتلارمۇ ھونلارنىڭ قىياپىتىدىكى خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، شىئەن ئەتراپىدىكى شاڭلىڭفەن دېگەن جايدىن تېپىلغان مىس تاختايغا چۈشۈرۈلگەن ھونلارنىڭ قىياپەتلىرى بىلەن ئوخشاش. قۇتقۇ پانتاي گەنسۇدا قۇرۇلغان ھون خانلىقى (مىلادىنىڭ 397 - يىلىدىن 460 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ مەشھۇر خانى قۇتقۇمونسۇننىڭ ئوغلى ئىدى. قۇتقۇمونسۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا (مىلادىنىڭ 400 - يىلىدىن 432 - يىلىغىچە) ھون خانلىقى تازا كۈچەيگەن بولۇپ، خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى دائىرىسىگە گەنسۇنىڭ غەربىي كارىدورى، كۆكنۇرنىڭ (چىڭخەي) بىر قىسمى، شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمى (تۇرپانمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) مۇ كىرگەن ئىدى.

---

(1) 1954 - يىلىدىكى «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلىنىڭ 10 - ساندىكى «1955 - يىلى ۋە 1957 - يىلى شەنشىنىڭ گاڭئەن ئەتراپىدىكى پۇنشى دېگەن جايدا ئېلىپ بېرىلغان قېزىشلار ھەققىدە قىسقىچە خەۋەر» ناملىق ماقالە بىلەن 1962 - يىلى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «پۇنشى دېگەن جايدا ئېلىپ بېرىلغان قېزىشلار ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابنىڭ 138 - بېتىدىن 140 - بېتىگىچە قارالسۇن.

(2) 1977 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلغان «شىنجاڭ تارىخى توغرىسىدىكى ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتابنىڭ 47 - بېتىگە قارالسۇن.

ۋېي سۇلالىسى (مىلادى 385 ـ يىلىدىن 534 ـ يىلىغىچە) نىڭ تارىخى بولغان «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى «ئېگىز هارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا، «ئېگىز هارۋىلىقلار (ئۇيغۇرلار) قەدىكى چاغدىكى قىزىل تۇرالارنىڭ (تۇرا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ نامى ئىدى) نەسلىدىن ئىدى. باشتا ئۇلار ‹تۇرالار› دەپ ئاتالغان، شىماللىقلار (شىمالىي سۇلالىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئۇلارنى ئېگىز هارۋىلىق تۇرالار دەپ ئاتاشقان، ئۇلارنىڭ تىلى هونلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بەزىدە ئازراق پەرقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى هونلارنىڭ جىيەنى ئىدى»[1]. دېيىلگەن.

قەدىمكى زامانلاردا، ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيە دالىسىنىڭ ئالاھىدە بولغان جۇغراپىيە شارائىتىنى (يايلاق، دالا، چۆل، قۇملۇق) ھېسابقا ئېلىپ ئېگىز چاقلىق هارۋىلارنى ئىشلەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى تارىخچىلار «ئېگىز هارۋىلىقلار» دەپ ئاتاشقان.

مىلادىنىڭ 90 ـ يىللىرى ئۇزۇن ئارا داۋام قىلغان ئىچكى ئۇرۇشلار، دۈشمەن ئەللەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىلغان هۇجۇملىرى نەتىجىسىدە، ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان هونلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى موڭغۇلىيە دالىسىدىن غەربكە قاراپ كۆچۈپ، غەربىي ئاسىيا تەرەپكە كەتكەن. شۇ چاغدا هازىرقى كۇچانىڭ شىمالىدىكى (توققۇز تارا، تىكەس ئەتراپلىرى) جايلاردا، غەربكە كۆچكەن هونلارنىڭ بىر قىسمى ئولتۇراقلىشىپ قالغان، مانا شۇ هونلار مىلادىنىڭ بەشىنچى، ئالتىنچى ئەسىردە زابىندىرلار دۆلىتى دەپ ئاتالغان بىر كىچىك دۆلەت قۇرغان. شىمالىي سۇلالىلار تارىخىنىڭ «غەرب ئەللىرى ھەققىدە قىسسە» بابىدا «بۇ دۆلەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، تىلى ئېگىز هارۋىلىقلار بىلەن ئوخشاش ئىدى»[2] دېيىلگەن.

سۈي سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 581 ـ 618 ـ يىللار) نىڭ تارىخى بولغان «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى» دا هونلارنىڭ ئەۋلادى بولغان تۇرالارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ) 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، جايلاشقان ئورۇنلىرى، نامىلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە خېلى ئېنىق تەپسىلى مەلۇمات بار. «تۇرالارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى هونلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتلىرى ناھايىتى

(1) ۋېيشۇ: «ۋېي سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى «ئىگىز هارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» بابىغا قارالسۇن.
(2) ماچاڭشۇ: «شىمالى تۇرالار ۋە هونلار» خەنزۇچە 47 – بەتكە قارالسۇن.

نۇرغۇن.»[1] تۇرالارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى نامىلىرىنى «سۈي يىلنامىسى»غا ئاساسلىنىپ مۇنداق بايان قىلىشقا بولىدۇ.

1. بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا، توبا قەبىلىسى ياشايدۇ؛ 2. مۇڭغۇلىيىدىكى توغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا بوكو، توڭرا، ئۇيغۇر بايىرقۇ، بوركلى، ئەركىن، مۇنچىن، تۆرە، ئىزگۈل، قۇن، خوغۇرسۇر قاتارلىق قەبىلىلەر ياشايدۇ؛ 3. قۇمۇلنىڭ غەربىدىن تارتىپ، قاراشەھەرنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغلىرى ئەتراپىدا، قالپاقلار، يورجىلار، ئازىيلار، سىغىناقلار، ئوغۇزلار، قىرغىزلار، ئونخورلار ياشايدۇ؛ 4. ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، سۇر تاردۇشلار، جەرۇقلار، زابىندىرلار، تۇرگەشلەر ياشايدۇ؛ 5. قاڭلىنىڭ شىمالىدا، (هازىرقى قازاقىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا) ئىدىل (ۋولگا) دەرياسىنىڭ بويلىرىدا، ئادىزلار، هازارلار، بۇلغارلار، قىچىنەكلەر، قىپچاقلار، سىۋارلار، بورتاسلار ياشايدۇ؛ 6. كاسپى دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىدە، سارىغۇرلار، سانسۇيانلار، مۇكشالار، چىركەسلەر ياشايدۇ. شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىدە ئوغۇزلار، ئالانلار، باشقۇردلار ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتىلىشى هەر خىل بولسىمۇ ئورتاق نامى تۇرالار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار جايلاشقان ئورۇنلىرىغا قاراپ، شەرقتىكىلىرى شەرقىي تۇركلەرگە، غەربتىكىلىرى غەربىي تۇركلەرگە قارايدۇ[2].

مانا بۇ مەلۇماتقا قارىغاندا، تۇرالارنىڭ تارقىلىپ ياشىغان جايلىرى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، غەربتە كاسپى دېڭىزىنىڭ غەربىدىن تارتىپ شەرقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق مۇڭغۇلىيە ۋە بايقال كۆللىرىنىڭ بويلىرىغىچە سوزۇلغان.

يۇقىرىدىكى پاكىتلار يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار بىلەن هونلار ۋە تۇركلەرنىڭ قان قېرىنداشلىقىنى ئىسپاتلاشتا ناهايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

«كونا تاڭ سۇلالىسى يىلنامىسىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىسى هونلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى، كېيىن ۋېي سۇلالىسى زامانىسىدا، تۇرالار دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن[3]. مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىدىن قارىغاندا قان سىستېمىسى جەھەتتىن ئۆزئارا يېقىن كېلىدىغان ئورۇقلار بىرلىشىپ قەبىلىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن بولسا، يەنە قان سىستېمىسى تىلى، ئۆرپ - ئادەتلىرى جەھەتتىن ئۆزئارا بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدىغان قەبىلىلەر بىرلىشىپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ۋۇجۇتقا

(1) «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بابى، خەنزۇچە 601 – 602 – بەتكە قارالسۇن.
(2) «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى «تۇرالار ھەققىدە قىسسە» بابى، خەنزۇچە 601 – 602 – بەتكە قارالسۇن.
(3) «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بابى، خەنزۇچە 257 – بەتكە قارالسۇن.

كەلتۈرگەن. ئەگەر شۇنىڭ ئىچىدە، مەلۇم بىر قەبىلە كۈچلۈك بولسا (سان جەھەتتىن كۆپ، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن بولسا) قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. شۇ قەبىلىنىڭ نامى باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق نامىغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا سان جەھەتتىن ئىنتايىن كۆپ، ئىنتايىن جەڭگىۋار بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ نامى، شەرقىي ۋە غەربىي تۈرالارنىڭ ئورتاق نامى بولغىنى تەسادىپىي ئەمەس. مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردىن تارتىپ، مىلادىنىڭ 6 ـ ئەسىرگىچە ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى ۋە موڭغۇلىيەدە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ نامى تۈرالار دەپ يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن بولسا، 7 ـ ئەسىردە موڭغۇلىيەدىكى شەرقىي تۈرالار بىلەن تەڭرىتاغلىرى ئەتراپلىرى ۋە ئۇنىڭ غەربىدە ياشىغان غەربىي تۈرالارنىڭ نامى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

جۇ سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 557 ـ يىلىدىن 587 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) تارىخى بولغان «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى» دە «تۈركلەر ھونلارنىڭ ئالاھىدە بىر نەسلى ئىدى»[1] دېيىلگەن.

مىلادىنىڭ 735 ـ يىلى قۇتلۇق ئىلتېرىش قاغانلىقىنىڭ (مىلادىنىڭ 681 ـ يىلىدىن مىلادىنىڭ 743 ـ يىلىغىچە) قاغانى بىلگە قاغان (مىلادىنىڭ 716 ـ يىلىدىن 735 ـ يىلىغىچە) خاتىرىسىگە ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىغا مەرمەر تاشتىن قويۇلغان يادىكارلىقىدا «توققۇز ئوغۇزلار مەن بىلەن نەسىلداش ئىدى»[2] دېيىلگەن. يادىكارلىقتا ئېيتىلغان «توققۇز ئۇغۇزلار» دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 646 ـ يىلىدىن 845 ـ يىلىغىچە) شەرقىي ئۇيغۇرلار «توققۇز ئوغۇز»، «توققۇز ئۇيغۇر» دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈنەتتى.

يۇنان تارىخچىسى ھېرادوت مىلادىدىن بەش ئەسىر ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ساياھىتىدە ئۇ يەردە كۆرگەن بىر ئىرقنى «تۈرك» دەپ يازغان[3]. كېيىنكى تارىخ ئالىملىرى ھېرادوتنىڭ شۇ سۆزىنى توغرا دەپ ھېسابلىغان. مىلادىنىڭ بىرىنچى ئەسىردە ياشىغان روما تارىخچىسى ئاتتالاتا «سىكىلەر بىلەن تۈركلەر بىر ئىرقتۇر»[4] دېگەن.

مىلادىدىن بىرىنچى ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان يۇنان تارىخچىلىرى غەربتە

(1) «جۇ سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» بابى، خەنزۇچە 257 – بەتكە قارالسۇن.
(2) ماچاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك قاغانلىقى» خەنزۇچە 5 – بەتكە قارالسۇ.
(3) «تۈرك تارىخىنىڭ ئانا خەتلىرى» ئۇيغۇرچە 20 – 21 – بەتلەر.
(4) «تۈرك تارىخىنىڭ ئانا خەتلىرى» ئۇيغۇرچە 20 – 21 – بەتلەر.

قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىن تارتىپ شەرقتە ئالتاي تاغلىرىغىچە بولغان چەكسىز تېررىتورىيەدە ياشىغان خەلقلەرنى «سىفىكلەر» دەپ ئاتىغان.

«تارىخنامە»، «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى» دىكى غەرب ئەللىرىگە بېرىلگەن مەلۇماتتىمۇ، هونلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، قاڭلىلار، ئالانلار(كاسپى دېڭىزنىڭ شىمالىدا)نىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ئېيتىلغان.

مانا مۇشۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خەلقلەر قەدىمكى زاماندا، قان قېرىنداشلىقى، تىل، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى جەھەتلىرىدىن بىر ـ بىرى بىلەن ناهايىتى يېقىن بولۇپ، هازىرقى زاماندىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە ناهايىتى مۇهىم رول ئوينىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ هونلار، تۈركلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. تۈركىي خەلقلىرىدە كىشى ئۆلسە چىكىسىنى تىلىپ، قان چىقىرىپ پەريات چېكىش، مەرهۇمنىڭ ئايالىنى، مىنگەن ئېتىنى بىللە قوشۇپ دەپنە قىلىش، مەرهۇم هايات ۋاقتىدا، قانچە دۈشمەن ئۆلتۈرگەن بولسا شۇنچە تاش قويۇش ئادەتلىرى بار ئىدى.

مىلادىنىڭ 570 ـ يىلى، كونستانتىنپولدىن ئىلىدىكى تىكەس يايلىقىغا كەلگەن شەرقىي روما ئىمپېرىيەسىنىڭ ئەلچىلىرى قاغان ئىستېمىي خاننىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بۇ ھەقتە 6 ـ ئەسىردە ياشىغان شەرقىي روما تارىخچىسى مىناندىرنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، «مەرهۇم ئىستېمىي قاغاننىڭ ئوغلى تاردۇخان بىر نەچچە ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ دادىسى بىلەن بىللە كۆمۈشتىن ئىلگىرى، دادىسىغا يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ئەسىرلەرنىڭ قولىغا ئېمىدۇ بىر ئېمىلەرنى پىچىرلىغان ئىكەن» دېيىلگەن[1].

757 ـ يىلى تاڭ پادىشاسى تاڭ شاۋزۇڭنىڭ كىچىك قىزى مەلىكە نىڭگۇ، ئۇيغۇر قاغانى ئىلخان (مىلادىنىڭ 747 ـ يىلىدىن 759 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) غا ياتلىق قىلىنغان. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپلا 759 ـ يىلى ئىلخان ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇيغۇرلار ئىلخاننى دەپنە قىلىدىغان چاغدا، ئۆز ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە، مەلىكە نىڭگۇنى ئىلخان بىلەن بىللە كۆمۈشكە ئۇرۇنغان. تاڭ مەلىكىسى نىڭگۇ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئۇيغۇر قاغانىغا ياتلىق بولغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ خەنزۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە هۆرمەت قىلىشى لازىملىقىنى ئېيتىپ، تىرىكلا

(1) «ئۆزبېكىستان س س ر تارىخى» ئۆزبېكچە 144 – بەتكە قارالسۇن.

كۆمۈلۈپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالغان. لېكىن مەلىكە نىڭگۇ چىكىسىنى تىلىپ، قان ئاققۇزۇپ، ئىسەكەپ يىغلاپ، ئۇيغۇر قاغانى ئىلخانغا ماتەم تۇتقان.

تۈركى خەلقلەردە باتۇرلۇقنى ھۆرمەتلەش ئومۇملاشقان ئادەت بولۇپ، مەسىلەن: ھونلار ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شۇڭقارنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلەرنى جەڭچى ھېسابلىغان بولسا، ئۇيغۇرلار، تۇركلەر بوراندەك ئۇچقۇر ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، ئوقيانى نىشانغا تەككۈزەلىگەنلەرنى جەڭچى ھېسابلىغان. ئۇچار قۇشلار ئىچىدە ناھايىتى تېز ئۇچىدىغان قاناتلىق شۇڭقار بولۇپ، ئۇنى ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا ئېتىش ناھايىتى قىيىن بولسىمۇ، بۇ ئىشلار ھونلار ئۈچۈن ئاددەتتىكى ئىش ئىدى. باتۇرلۇقنى ھۆرمەتلەش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، تۈركى خەلقلەر قىزلىرى باتۇر يىگىتلەرنى ئۆزىگە جۇرا قىلىشنى ئىشقى مۇھەببەتنىڭ، بىرەر يىگىتكە ياتلىق بولۇشنىڭ ئاساسىي شەرتى ھېسابلىغان.

ھونلار، ئۇيغۇرلار، تۇركلەر دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن شامانىزمغا ئېتىقاد قىلىشاتتى. شۇنداقلا بۆرىنى مۇقەددەس ھېسابلاپ، ئۇنى بەختىنىڭ ئالامىتى دەيدىغان تۇتېمىزمغا ئىشىنەتتى. «ئوغۇز داستانى»، «ئېگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»، «ئەرگىنە قۇن» داستانى قاتارلىق يىلنامە، داستانلاردىكى بۆرە ھاققىدە ئەپسانىلەر، مانا شۇ بۆرە تۇتېمى ھەققىدىكى ئېتىقادنى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىدا ھون، ئۇيغۇر، تۇركلەرنىڭ نەسلى خۇسۇسىيەتلىرى، تىلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، تۇتېم ۋە دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاشلىقى ھەققىدە كەلتۈرگەن پاكىتلار، ئۇلارنىڭ قان قېرىنداشلىقىنى، ئېرقىي جەھەتتىن سېرىق تەنلىك ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشقا بولسا كېرەك.

بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىنى بىر خىل قان سىستېمىسىغا باغلاپ چۈشەندۈرمەكچى بولۇش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ رەسمىي بىر مىللەت بولۇپ شەكىللەنگىچە، شەرقتىكى موڭغۇل، مانجۇ نەسىللىك خەلقلەردىن سىيانپىلار، جۇرجانلار، كىدانلار (مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن كېيىنكى 6 ـ ئەسىرگىچە) بىلەن گەنسۇ ئەتراپلىرى ۋە تارىم ۋادىسىدا (7 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە) تارىخىي سەۋەبلەرگە بىنائەن تىبەت، خەنزۇلار بىلەن، 13 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە موڭغۇللار بىلەن ئارىلىشىپ چېتىشىپ كەتكەن. لېكىن كونكرېت تارىخىي شارائىتتا، مەلۇم رايونلاردا سىيانپىلار، جۇرجانلار، كىدانلار، تىبەتلەر، موڭغۇللار ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن سان جەھەتتىن

ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئاسسىملياتسىيە بولۇپ كەتكەن. ئۇيغۇرلار سېرىق تەنلىكلەرگە مەنسۇپ بولغانلار بىلەن قان سىستېمىسى جەھەتتىن چېتىشقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىغا خاس بولغان خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان.

قان قېرىنداشلىق جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولغان هونلار، ئۇلۇغ ياۋچىلار، ئۇيسۇنلار، قاڭلىلار، ئالانلار، ئۇيغۇرلار، تۈركلەرنىڭ شەرقتىكى موڭغۇل نەسلىگە مەنسۇپ بولغان خەلقلەر بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئارىئان نەسلىگە مەنسۇپ بولغان خەلقلەر بىلەن ئۆزئارا چېتىشىپ سىڭىشىپ كېتىشتىن، تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان، قان قېرىنداشلىقى جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىدىغان نۇرغۇن تۈركى مىللەتلەر كېلىپ چىققان.

مەسىلەن: ئۇلار شەرقىي سىبىرىيىدىكى لىنا دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان خاكاسلار (قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ ئەۋلادى) گەنسۇدىكى سالالار، سېرىق ئۇيغۇرلار، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار، قازاقلار، قىرغىزلار، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېكلەر، باشقۇردلار، تاتارلار، قازاقلار، قىرغىزلار، تۈركمەنلەر، مورداۋالار، چۇۋاشلار، ئۇكرائىنادىكى قالاچلار، كاۋكازدىكى چېركەسلەر، داغان تاتارلىرى، كاۋكاز ـ ئىران، ئىراقتىكى ئەزەربەيجانلار، ئىراندىكى قالاچلار، ئافغانىستاندىكى ئۆزبېكلەر، تۈركمەنلەر، موغۇللار، تۈركىيە تۈركلىرىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈركىي خەلقلەر ئاسىيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ياشىسىمۇ، جۇغراپىيە جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ياشىغان تېررىتورىيىسى، ئاسىيانىڭ شەرقىدىن غەربىگە ۋە غەربىي جەنۇبىغا قاراپ، بىر تۇتاش هالدا سوزۇلۇپ كەتكەن.

مەنبە: «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1982 يىل 2 سان.

# ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە ئوينىغان رولى

چىڭگىزخان (مىلادىنىڭ 1206 ـ يىلىدىن 1227 ـ يىلىغىچە قاغان بولغان) ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئوكتاي خان (1228 ـ 1241 ـ يىللار)، گويۇك خان (1246 ـ 1248 ـ يىللار) مۇنكى خان (1251 ـ 1259 ـ يىللار) نىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1206 ـ يىلىدىن 1259 ـ يىلىغىچە) شەرقتە تىنچ ئوكياندىن تارتىپ غەربتە دوناي دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان جايغىچە ۋە شىمالدا سىبىرىيە دالالىرىدىن تارتىپ جەنۇبتا كىچىك ئاسىياغىچە بولغان نۇرغۇنلىغان يەرلەرنى ئىگىلەپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

مانا شۇنداق ئۇلۇغ ئىمپېرىيىنى قۇرغان موڭغۇللار خېلىلا قالاق ئىدى. ئۇلار دەسلەپ شەرقىي ئاسىيانىڭ دالالىرىدا، ئورمانلىقلىرىدا، چۆللىرىدە ياشايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يايلاق ۋە ئورمانلىق رايونلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزى ۋە تايانچ جايى قىلىشقانىدى. مۇنداق ئەھۋال مونكى خان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە قاغان بولغىچە (1251 ـ يىلىغىچە) داۋام قىلىدى.

موڭغۇللار ناھايىتى قالاق بولۇشىغا قارىماي جەڭگىۋار، باتۇر خىسلەتكە ۋە بەكمۇ چىڭ ھەربىي ئىنتىزامغا شەرتسىز بويسۇنىدىغان ئادەتكە ئىگە ئىدى. دالىدا، چۆل باياۋاندا، قاتتىق تەبىئىي شارائىتتا ھايات كەچۈرۈش، چارۋا ماللارنى قىرغىنغا ئۇچرىتىدىغان، دائىم بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئاپەتلەر (قارنىڭ قېلىن يېغىشى، قۇرغاقچىلىق يىللىرى، ئوت چۆپنىڭ ئۈنمەسلىكى)، دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇملىرى موڭغۇللارنى قىيىنچىلىققا چىدايدىغان، ئىنتىزامغا بويسۇنىدىغان ئادەتكە ئۆگەتكەنىدى. موڭغۇللاردا قەبىلىۋىي مۇناسىۋەت ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە موڭغۇللار چىڭگىزخاندەك ساۋاتسىز بولسىمۇ، ناھايىتى ئەقىللىق، ھوشيار، بەكمۇ ھىلىگەر، ئادەتتىن تاشقىرى تەشكىلاتچىلىق

قابىلىيىتىگە ئىگە، كارامەت قەھرىماننىڭ يېتەكچىلىكىگە ئىگە ئىدى.

چىڭگىزخان موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇلۇغ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇشقا بەل باغلىغاندىن تارتىپ، قابىلىيەتلىك، بىلىملىك، ئەقىللىق كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشكەنىدى.

دەل شۇ چاغدا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇرلار ئىدى. چىڭگىزخان ئالتايلىق، بەشبالىقلىق، تۇرپانلىق، قاراشەھەرلىك، قەشقەرلىك، خوتەنلىك ئۇيغۇرلاردىن يۈزلىگەن، مىڭلىغان قابىل كىشىلەرنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى، تاشقى چوڭ، مۇھىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا جەلپ قىلغانىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ قابىلىيەتلىك باش ۋەزىرى قىتان شاھزادىسى يىلوچۇساي كۆنلەرنىڭ بىرىدە چىڭگىزخانغا مۇنداق دېگەنىدى: «ئوقيا ياسايدىغان ئۇستا كېرەك بولغاندەك جاھاننى سوراشنى بىلىدىغان ئۇستا كېرەك»[1].

ئۇيغۇرلاردىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا جەلپ قىلىنغان كىشىلەر تەجرىبىلىك سىياسىيونلار، ھۇشيار، ئۇستا دىپلوماتلار، ئۇرۇش سەنئىتىنىڭ ئەڭ نازۇك سىرلىرىنى بىلىدىغان ھەربىي ئىستراتېگىيىلەر، تاكتىكىلەر، ھەربىي تېخنىكلار، چىداملىق، قەيسەر سەيياھلار، دېڭىزچىلار، قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى، ئىلىم پەنگە تونۇشۇق ئالىملار، تۈرلۈك ئەللەرنىڭ تىللىرىنى بىلىدىغان تىلماچىلا، شائىرلار، تارىخچىلار، خەتتاتلار، رەسساملار، مۇزىكانتلاردىن ئىبارەت ئىدى.

چىڭگىزخان بىرىنچى قەدەمدە موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ كۈچ توپلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شىمال (شەرقىي سىبىرىيە) ۋە غەرب (شەرقىي ئالتاي) دىكى تۈركى قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغانىدى.

چىڭگىزخان مىلادى 1204 ـ يىلى ئالتايدىكى نايمان خانلىقىغا ھۇجۇم قىلغان، نايمان خانى ئىنانچ بىلگە خاننىڭ ئوغلى تايانخان چىڭگىزخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ چاغدا تايانخاننىڭ ئۇستازى ۋە تامغىچىسى ئۇيغۇر تاتاتۇڭا چىڭگىزخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن.

چىڭگىزخان تاتا تۇڭانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت يېزىقى قىلىپ بېكىتتى. ئۇندىن بۇرۇن موڭغۇللاردا

(1) جىيوشۇسىڭ: «جۇڭگو تارىخى ھېكايىلىرى» خەنزۇچە 11 – بەت.

يېزىق يوق ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە باشقا موڭغۇل بەگلىرىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىشى زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. تاتا تۇڭا چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىغا ئۇستاز بولۇپ تەيىنلەندى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قانۇنلىرى، يارلىقلىرى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇل تىلىدا يېزىلدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئىلخانىيلار (مىلادىنىڭ 1258 - يىلىدىن 1335 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) نىڭ ئالاقىلىرى ئۇيغۇر، پارسچە يېزىقتا يېزىلغان بولسا، چاغاتاي خانلىقى (1231 - 1370 - يىللار) بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقى (1227 - 1502 - يىللار) دا بولسا رەسمىي دۆلەت تىلى، يېزىقى ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر يېزىقى ئىدى. چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى موڭغۇللار، ئۇيغۇرلار، تاتارلار، قىپچاقلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، تۈركلىشىپ، ئېتىقاد جەھەتتىن ئىسلام دىنىغا كىرگەنىدى. موڭغۇل خانلىرى ئارىسىدىكى ئورتاق تىل، موڭغۇل بەگلىرى ئارىسىدىكى ئەدەبىي تىل، رەسمىي سىياسىي ئالاقىلەردە قوللىنىلىدىغان تىل ئۇيغۇر تىلى ئىدى.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خانى بارچۇق ئارتتېكىن مىلادىنىڭ 1210 - يىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرۇلۇن دەرياسى بويىدىكى ئوردىسىغا بېرىپ چىڭگىزخاننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، بەشبالىقلىق (هازىرقى جىمسار ئەتراپىدا) ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا جەلپ قىلىندى.

چىڭگىزخان مىلادى 1206 - يىلى قاغان بولغاندىن باشلاپ سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى باشلىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسىغا توپلانغان ئۇيغۇر هەربىي ئالىملىرى چىڭگىزخاننىڭ مىلادى 1215 - يىلى جورجىت خانلىقى (1115 - 1234 - يىللار) غا قىلغان يۇرۇشلىرىدە هەربىي مەسلىهەتچى سۈپىتىدە قاتناشقاندىن تاشقىرى، چىڭگىزخاننىڭ مىلادى 1219 - يىلىدىن 1225 - يىلىغىچە داۋام قىلغان غەرب ۋە شەرققە قىلغان يۇرۇشلىرىگىمۇ هەربىي مەسلىهەتچى بولۇپ بارغانىدى.

چىڭگىزخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، نەۋرىلىرىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشىغا يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار جەلپ قىلىندى.

چىڭگىزخاننىڭ غەربكە قىلغان هەربىي يۇرۇشىگە قاتناشقان ئۇيغۇرلار ئىچىدىن ئەڭ مەشھۇرلىرى بولغان توراقايا، بۇلادقايا قاتارلىقلار توغرىسىدا بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىش يېتەرلىك.

تۇراقايا بەشبالىقلىق ئۇيغۇر بولۇپ، ھەربىي ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىنى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە قوللىنىشتا ناھايىتى ئۇستا ئىدى. تۇراقايا چىڭگىزخاننىڭ ئۇلۇغ خارزىم شاھ دۆلىتىگە قىلغان يۈرۈشىگە قاتناشقان ھەربىي مەسلىھەتچىلەر ئىچىدە ناھايىتى قابىلىيەتلىك ھەربىي ئالىملاردىن ئىدى. بولادقايا بولسا چىڭگىزخاننىڭ غەربكە قىلغان يۈرۈشىگە قاتناشقان. ئۇ كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى تولىخاننىڭ ئورۇنباسارى بولغان. بەشبالىقلىق بولادقايا، چىڭگىزخان مىلادىنىڭ 1215 ـ يىلى بېيىۋالغان خۇڭدو (جورجىت خانلىقىنىڭ پايتەختى) غا ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئەلچى ۋە نازارەتچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن (مىلادىنىڭ 1215 ـ يىلىدىن ـ1223 يىلىغىچە) جۇڭدودىكى باش ۋالىي موڭغۇل سەركەردىسى موغالى ئىدى. موغالى مىلادىنىڭ 1223 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، جوڭدوغا بولادقايا ئەۋەتىلگەن. بولادقايا جوڭدودا تۇرغان مەزگىلىدە شىمالىي جۇڭگوغا موڭغۇللار نامىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇ چاغدا جەنۇبىي جۇڭگو جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (1227 1279ـ ـ يىللار) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى.

موڭغۇللار مىلادى 1279 ـ يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، تولىخاننىڭ ئوغلى قوبلايخان 87 يىل ھۆكۈم سۈرگەن يۈەن سۇلالىسى (1279 ـ 1368 ـ يىللار)نى قۇرغان، ئۇيغۇرلار مانا شۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھوقۇقلىرىنى ئىگىلەپ ئالغان.

قوبلايخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى دەۋرىگىچە (1279 ـ 1368 ـ يىللار) ئۇيغۇرلاردىن لەنشىشەن (مىلادىنىڭ 1231 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1280 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، ساڭگا(؟ ـ 1291)، ئەھمەد (مىلادىنىڭ 1282 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، (ئەل يىغمىش (مىلادىنىڭ 1320 ـ ئالەمدىن ئۆتكەن)، مەڭگوتىكىن (13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن)، شىيبان (مىلادىنىڭ 1197 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1276 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، موڭسۇر (13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن)، ئەختەرىدىن (13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكەن) قاتارلىق ئۇيغۇرلار خان بالىقتا (ھازىرقى بېيجىڭدا) ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاددىيلىقى، كەمتەرلىكى، خەلقپەرۋەرلىكى، قابىللىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان لەنشىشەن، موڭسۇر، مەڭگوتېكىن، شىيبان، ئەل يىغمىش، ئەختەرىدىن قاتارلىقلار توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىش كېرەك.

لەنشىشەن مىلادىنىڭ 1231 ـ يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى بەشبالىقتا تۇغۇلغان. ئۇ قوبلايخاننىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولغان، مىلادىنىڭ

1259 ـ يىلى مونكى قاغان ئالەمدىن ئۆتكەن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قارا قۇرۇمنى ساقلاشقا تەيىن قىلىنغا ئارىغ بوقا (قوبلەيخاننىڭ ئۇكىسى) پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قارا قۇرۇمدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانلىق ئورنىنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق جىددىيلەشكەندە، قوبلايخان مىلادىنىڭ 1260 ـ يىلى لەنشىشەننىڭ كۆرسەتمىسىگە بىنائەن قاغان سايلاشتىكى ئەنئەنىسىگە خىلاپ ھالدا كەيفىڭدە ئۆزىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانى دەپ جاكارلايدۇ.

شۇندىن باشلاپ قوبلايخان بىلەن ئارىغ بوقا ئارىسىدا قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بېرىدۇ. قوبلايخان ئارىغ بوقانى تارمار كەلتۈرۈپ، قارا قۇرۇمنى ئىگىلەپ ئالىدۇ، مىلادىنىڭ 1264 ـ يىلى ئارىغ بوقا قوبلايخانغا تەسلىم بولىدۇ.

موڭغۇللار مىلادى 1279 ـ يىلى پۈتۈن جۇڭگونى بېسىۋالغاندىن كېيىن، قوبلايخان يۈەن سۇلالىسىگە خان بولۇپ، بېيجىڭنى پايتەخت قىلىدۇ. لەنشىشەن شۇندىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قوبلايخانغا باش ۋەزىر بولىدۇ.

مەڭسۇر قوبلايخاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى ئىدى. قوبلايخان ئۇنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەندە، باش ۋەزىرلىكنى قوبۇل قىلمىغان. مەڭسۇر ناھايىتى ئەقىللىق، بەكمۇ بىلىملىك ئادەم ئىدى.

مەڭگۈتېكىن بولسا قوبلايخاننىڭ ئۇستازى ئىدى، قوبلايخان ئۇنىڭ تەربىيەسى نەتىجىسىدە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تىبەتچە تىللارنى مۇكەممەل بىلىدىغان، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەت قىلىدىغان شەخس بولۇپ يېتىشكەن.

شىيبان بولسا مەشھۇر، ئۇستا دىپلومات ئىدى. ئۇ قوبلايخاننى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن كېلىشتۈرۈش جەھەتتە ئۇنۇملۇك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان، شىيبان ئوكتايخان بىلەن قوبلايخاننىڭ ئوردىسىدا ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەردە بولغان، ئۇ مىلادى 1276 ـ يىلى 79 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەسلى خوتەنلىك ئۇيغۇرنىڭ ئەۋلادى بولغان ئەھمەد قوبلايخانغا ۋەزىر بولغان. ئۇ ناھايىتى قابىل بولۇپ، باش ۋەزىرگە تەڭ ئابرويغا ئىگە ئىدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر خانلىرى قوبلايخان، تۆمۈرخان، ئىسەنخانلارنىڭ ۋاقتىدا (مىلادى 1270 ـ يىلىدىن 1320 ـ يىلىغىچە) مەشھۇر دېڭىز ساياھەتچىسى، دىپلومات ئەل يىغمىش ئاتلىق ئۇيغۇر بىر نەچچە قېتىم ھىندى ئوكيان ۋە ئوكيانىيىگە بارغان. ئەل يىغمىش مىلادى 1272 ـ يىلىدىن باشلاپ ھىندى

ئوكيان ۋە ئوكيانىيىدىكى دۆلەتلەرگە ئەلچى بولۇپ بارغان. ئەل يىغمىش دېڭىز ئوكيان ئارقىلىق ھازىرقى سېرىلانكا، ماۋرىيە (ھىندىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا)، ھىندى چىنى، ھىندونوزىيە قاتارلىق جايلارغا بارغان. ئۇ قايتىشىدا چەت ئەل ئەلچىلىرىنى باشلاپ ۋە شۇ دۆلەتلەردە چىقىدىغان دورا دەرمەكلەرنى ئېلىپ كەلگەن.

قوبلايخاننىڭ ئەل يىغمىشنى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا (ھىندىچىنىدىكى دۆلەتلەرگە ۋە ھىندىستانغا)، ھىندونوزىيىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشى شۇ دۆلەتلەر توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئىدى. چۈنكى قوبلايخان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ھىندونوزىيىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزۈندىن بېرى تەييارلانماقتا ئىدى.

دېگەندەك قوبلايخان مىلادى 1279 ـ يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، شەرقتە ـــ ياپونىيىگە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا، ھىندونوزىيىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى.

قوبلايخان مىلادى 1280 ـ يىلى يۈزلىگەن، مىڭلىغان كېمىلەر بىلەن تەمىنلەنگەن، 165 مىڭ جەڭچىدىن تەركىب تاپقان قۇدرەتلىك چوڭ قوشۇننى (بۇننىڭ 120 مىڭى خەنزۇ ۋە كورىيىلىك جەڭچى) دېڭىز ئارقىلىق ياپونىيىگە ماڭدۇردى. لېكىن بۇ چوڭ تاجاۋۇزچى قوشۇندىن ناھايىتى نۇرغۇنى تىنچ ئوكياندا بورانغا ئۇچراپ غەرق بولغان، نەتىجىدە موڭغۇللارنىڭ ياپونىيىگە قىلغان يۈرۈشى مەغلۇب بولغان.

قوبلايخان ياپونىيىگە قىلغان يۈرۈشىدە مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، 1283 ـ يىلى ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىكى ۋېيتنام، مالايىيا، بىرما، كامبودژا قاتارلىق دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلغان، ئەل يىغمىش موڭغۇللارنىڭ ھىندىچىنىدىكى دۆلەتلەرگە قىلغان يۈرۈشىگە قاتناشقان، ئۇ يەنە موڭغۇللارنىڭ 1293 ـ يىلى ھىندونوزىيىگە قىلغان يۈرۈشىگىمۇ قاتناشقان. ئەل يىغمىش قوبلايىنىڭ ھىندونوزىيىگە قىلغان يۈرۈشى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن (موڭغۇللار ئوكيانىيىنىڭ ئىسسىق ھاۋا كېلىماتىغا ماسلىشالماي ئىچ ئۆتكۈ كېسىلىگە مۇپتىلا بولغانىكەن) خان بالىققا قايتىپ كېلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە باش ۋەزىر ئورۇنباسارى بولغان. مىلادى 1320 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

قوبلايخاننىڭ ۋاقتىدا، ئەختەرىدىن ئاتلىق ئۇيغۇر ئىنژېنېر ئۆتكەنىدى.

ئەختەرىدىن ئۇردا ۋە شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنى باشقۇرىدىغان چادىر مەھكىمىسىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەنگەن.

ئەختەرىدىنىڭ شەرق تارىخىدىكى تۆھپىسى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى لايىھەلەپ بىنا قىلىشىدا.

بېيجىڭ جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن سۇلالىلەرنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. بېيجىڭ جۇڭگو تارىخىدىكى ــ «يىلنامە دەۋرى» (مىلادىدىن 770 ـ يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 475 ـ يىل بۇرۇنقى چاغقىچە)، «ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى» (مىلادىدىن 475 ـ يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 221 ـ يىل بۇرۇنقى چاغقىچە) دىكى يەن بەگلىكىگە پايتەخت بولغان، ئۇ چاغدا (جىچىڭ    ) دەپ ئاتىلاتتى. چىن سىخۇاڭ مىلادىدىن 221 يىل بۇرۇن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن جىچىڭ شەھىرى چېگرا مۇداپىئەسىدىكى مۇھىم شەھەرگە ئايلانغان. جىچىڭ شەھىرى خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن 207 بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادى 220 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، سۈي سۇلالىسى (581 ـ 618 ـ يىللار)، تاڭ سۇلالىسى (618 ـ 907 ـ يىللار) دەۋرلىرىدىمۇ مۇھىم ھەربىي شەھەر بولغان. سۇڭ سۇلالىسى دۋەرىگە كەلگەندە (960 ـ 1279 ـ يىللار) جىچىڭ شەھىرىنى مىلادى 960 ـ يىللىرى قىتانلار بېسىۋالغان. جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن جورجىت خانلىقى (1115 ـ 1234 ـ يىللار)، يۈەن سۇلالىسى (1279 ـ 1368 ـ يىللار)، مىڭ سۇلالىسى (1368 ـ1644 ـ يىللار)، چىڭ سۇلالىسى (1644 ـ 1911 ـ يىللار) قاتارلىق تۆت سۇلالە جىچىڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلغان.

شەرقىي قىتان خانلىقى (916 ـ 1125 ـ يىللار) مىلادى 1053 ـ يىلى جىچىڭ شەھىرىنى پايتەخت قىلغان ۋاقىتىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ بېيجىڭ 800 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە.

تارىخى ئۇزۇن بولغان بېيجىڭ نامى تۈرلۈك تارىخىي شارائىتتا ھەر خىل ئاتىلىپ كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە (168 ـ 907 ـ يىللار) يۇجۇ، قىتان خانلىقى دەۋرىدە (916 ـ 1125 ـ يىللار) پىدۇ، يەنجىڭ (  ـ  ) جورجىت خانلىقى دەۋردە (1115 ـ 1234 ـ يىللار) جۇڭدۇ(  ) دەپ ئاتالغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋردە (1279 ـ 1368 ـ يىللار) خان بالىق دەپ ئاتالغان. پەقەت چىڭ سۇلالىسى دەرۋدىلا (1644 ـ 1911 ـ يىللار) بېيجىڭ(  ) دەپ ئاتالغان.

ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئاساسىي يەن بەگلىكى (مىلادىدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇن) نىڭ پايتەختى جىچىڭ شەھىرىمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك شەرقىي قىتان خانلىقى، جورجىت خانلىقى دەۋرىدىكى يەنچىڭ، جۇڭدۇ شەھىرىنىڭ ئاساسىمۇ ئەمەس. بېيجىڭ پەقەت موڭغۇللار بىنا قىلغان خان بالىق شەھىرى ئاساسىدا تەرەققى قىلىپ، ھازىرقى ھالغا كەلگەن.

چىڭگىزخان مىلادى 1251 - يىلى جۇڭگوغا 2 - قېتىم ناھايىتى چوڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، جورجىت خانلىقىنىڭ پايتەختى جۇڭدۇنى بېسىۋالغاندا، شەھەرگە ئوت قويۇپ كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، جۇڭدۇ شەھىرى بىر ئايدىن ئارتۇق كۆيۈپ، قورقۇنچلۇق بىر خارابىزارلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.

مانا شۇ ۋەقەدىن 52 يىل ئۆتكەندىن كېيىن (مىلادىنىڭ 1268 - يىلى) قوبلايخان جۇڭدۇ شەھىرىنىڭ خارابىسى ئۈستىدە، يېڭى بىر شەھەر بىنا قىلىپ، پايتەخت قىلىش قارارىغا كەلگەن.

ئەختەرىددىن قوبلايخاننىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان پايتەختنىڭ غايەت چوڭ، مۇرەككەپ لايىھەسىنى ئىشلەپ چىققان ۋە شۇ لايىھە بويىچە «خان بالىق» دەپ ئاتالغان پايتەختنى بىنا قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلغان.

موڭغۇللار قۇرغان يەن سۇلالىسى (1279 - 1368 - يىللار) نىڭ تۇنجى خانى قوبلايخاننىڭ زامانىسىدا خان بالىقنىڭ بىنا قىلىنىشى تارىختا بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك يادىكارلىقى ھېسابلىنىدۇ.

«ئەختەرىددىننىڭ لايىھەسى بويىچە، بىرىنچى قەدەمدە يەرنىڭ قىيپاش شەكلىگە ئاساسەن، يەر ئاستى قانالىزاتسىيىسى ياسىلىپ سۇ ئاقىدىغان ساپال نوكەشلەر ئورنىتىلغان، ئىككىنچى قەدەمدە، خانلار تۇرىدىغان ئوردىلار تەبىئىي مەنزىرىسى چىرايلىق جايلارغا سېلىنغان. ئەختەرىددىننىڭ لايىھەسىگە ئاساسەن، ھازىرقى جۇڭنەنخەي ۋە بېيخەي كۆللىرى بىنا قىلىنىپ، خان ئوردىلىرى شۇ كۆللەرنىڭ ئىككى قىرغىقىغا سېلىنغان. ھازىرقى جىڭشەن باغچىسىنىڭ ئەتراپىغا خان ئائىلىسىنىڭ ھايۋاناتلار باغچىسى بىنا قىلىنغان»[1].

خان بالىقنىڭ «كوچىلىرى چوڭ كوچا، كىچىك كوچا ۋە خوتۇڭ دەپ

---

(1) لىيۇۋېجون: «غەربىي دىيار ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە، 1 - كىتاب 122 - بەت.

ئاتىلىدىغان ئۈچ خىل كوچىدىن ئىبارەت بولغان... چوڭ كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 24 قەدەم، كىچىك كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 12 قەدەم ئىدى. شەھەرگە 364 چوڭ ۋە كىچىك كوچا، 2009 خوتۇڭ ياسالدى... بۇنداق كوچىلارنىڭ چوڭ كىچىكلىكى قاتناشنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجىغا ئاساسلىنىپ، تار قىلىپ ياسالغان. كوچىلارنىڭ كەڭلىكىنى ھازىرقى ئۆلچەمگە سېلىشتۇرغاندا، چوڭ كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 40 مېتىر، كىچىك كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 20 مېتىر كېلىدۇ»[1].

خان بالىقتىكى ئوردىلار، كۆللەر، باغچىلار، كۆۋرۈكلەر، كوچىلار، شەھەر دەرۋازىلىرى، يەر ئاستى قانالىزاتسىيىسى «جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى، تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ شەرت شارائىتلىرى ۋە يەر ئەھۋالىنىڭ بەزىبىرى جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ياسالغان»[2].

ئەجدادلىرىمىز ھونلار دەۋرىدىن تارتىپ (بۇندىن 5000 يىللار بۇرۇن) ھازىرغىچە جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىگە ناھايىتى قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ئەختەرىدىننىڭ خان بالىقنى (بېيجىڭنى) بىنا قىلىشتا ياراتقان ئۇلۇغ، شانلىق تۆھپىسى تارىختا مەڭگۇ ئۇنتۇلغۇسىز مۆجىزە.

مەنبە: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1988 يىل 4 سان

(1) لىيۇۋيجۇن: «غەربىي ديار ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە، 7 – كىتاب 124 – بەت.
(2) لىيۇۋيجۇن: «غەربىي ديار ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە، 7 – كىتاب 122 – بەت.

# يىپەك يولى ۋە خوتەن يىپىكى توغرىسىدا

## 1. يىپەك يولى

19 ـ ئەسىردىلا ياۋروپا ئالىملىرى تەرىپىدىن «يىپەك يولى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان، ھازىر شۇنداق دەپ ئاتىلىش ئادەتكە ئايلانغان، قەدىمكى چاغدا ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئارىسىدىكى قۇرۇقلۇق قاتناش يولى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مانا شۇ يول توغرىسىدا قەدىمكى چاغدىلا جۇڭگو تارىخچىلىرى ۋە يۇنان، روما ئالىملىرى مەلۇمات بەرگەن.

سىماچيەن (مىلادىدىن 145 ـ يىل بۇرۇن تۇغۇلغان) «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىنىڭ «پەرغانە ھەققىدە قىسسە» ۋە سەنگو (مىلادىنىڭ 32 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 92 ـ يىلى ئۆلگەن) «خەن سۇلالىسى يىلنامىسى. غەربىي رايون ھەققىدە قىسسە» بابلىرىنى يازغاندا مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن غەربىي رايونغا ئىككى قېتىم كېلىپ كەتكەن (مىلادىدىن 130 يىل بىر قېتىم، مىلادىدىن 115 يىل بۇرۇن بىر قېتىم) مەشھۇر سەيياھ ۋە دىپلومات جاڭ چيەننىڭ خەن سۇلالىسىنىڭ (مىلادىدىن 207 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 220 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) پادىشاھى خەن ۋۇدىغا (مىلادىدىن 140 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىدىن 87 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە پادىشاھ بولغان) غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىدىن پايدىلانغان.

جۇڭگونىڭ ئەنە شۇ قەدىمكى تارىخىي يىلنامىلىرىغا ئاساسلانغاندا، دۇنيانىڭ شەرقىدىن غەربىگە بارىدىغان خەلقئارا قۇرۇقلۇق قاتناش يولى جەنۇبىي ۋە شىمالىي يول دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. قەدىمكى چاغدا شەرقىي ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغان جۇڭگونىڭ پايتەختى چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن)دىن غەربتىكى روما ئىمپېرىيىسىگە بارىدىغان يول گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى ئارقىلىق داشاتا (دۇڭخۇاڭ) غا ئېلىپ كېلىدۇ. داشاتادىن غەربكە قاراپ

ماڭغانـدا، يـول ئىككـى ئاچـغا بۆلۈنـىدۇ. بـۇ ئاچـا يولنـىڭ بـىرى داشـاتانىڭ غەربـىي شــىمالىدىكى لــولان ئارقىلــىق لوپنورغــا ئۆتــۈپ قــارا قــورۇم تىزمىلىرىنــى بويــلاپ خوتەنگــە بارىدۇ. خوتەندىــن چىقىــپ غەربــىي شــىمالغا قــاراپ ماڭغانــدا ياركەندكــە بارىــدۇ. ئاندىــن كېيىــن پامىــر تاغلىرىدىــن ئېشــىپ ئافغانىســتاندىكى بەدەخشــان ئارقىلــىق ئامۇ ۋادىسىغا بارىدۇ. بـۇ يەردىـن غەربكـە قـاراپ ماڭغانـدا ئىـران، ئىـراق ئارقىلــىق يۇنانىســتانغا بارغىلى بولىــدۇ. مانــا شــۇ يــول جەنۇبــى يــول دەپ ئاتىلىــدۇ.

داشـاتادىن غەربكـە قـاراپ ماڭغانـدا ئىككـى ئاچـغا بۆلۈنگـەن يولنـىڭ يەنـە بـىرى لولاننىــڭ شــىمالىدىن ئۆتــۈپ قۇمۇلغــا ئېلىــپ بارىــدۇ. ئاندىــن كېيىــن قۇمۇلدىــن تۇرپانغــا ئۆتــۈپ تەڭــرى تاغلىرىنــىڭ جەنۇبــىي تىزمىســىنى بويــلاپ غەربكــە ماڭغانــدا قــارا شــەھەر، كۇچــا، ئاقســۇ ئارقىلــىق قەشــقەرگە بارىــدۇ. قەشــقەردىن چىقىــپ غەربكـە ماڭغانـدا پامىـر تاغلىرىدىـن ئېشـىپ پەرغانـە، سـوغدى، خارەزمـى (ھازىرقـى ئۆزبېكىســتان جۇمھۇرىيىتىــدە) ئارقىلــىق ئالانــلار مەملىكىتىگــە (كاسپــى دېڭىزىنىــڭ غەربـىي شـىمالىدا) بارىـدۇ. ئۇنىڭدىـن كېيىـن، جەنۇبقـا قـاراپ مېڭىـپ ئىرانغـا ئۆتـۈپ غەربكــە بۇرۇلــۇپ ماڭغانــدا مىســوپوتامىيە (ئىراقتىكــى دىجلــى ۋە فــرات ۋادىســى) ئارقىلــىق يۇنانىســتانغا بارىــدۇ. بــۇ يــول ـ شــىمالى يــول دەپ ئاتىلىــدۇ.

مانـا شـۇ يۇقىرىـدا تىلغـا ئېلىنغـان يوللارنـىڭ ئاساسـى تۈگـۈنلىرى ھونـلار دەۋردىن تارتىـپ (مىلادىدىــن بىرنەچچــە ئەســىر بــۇرۇن) ئۇيغــۇرلار ۋە ئۇلارنــىڭ قېرىنداشــلىرى ياشـايدىغان رايونـلاردا (تارىـم ئويمانلىقـى ۋە ئوتتـۇرا ئاسـىيا، غەربـىي ئاسـىيادا) ئىـدى. ئوچۇقــراق ئېيتقانــدا، ئاســىيانىڭ شــەرقىدىكى دۆلەتلــەر (چاۋشــيەن، جۇڭگــو) بىلــەن ياۋروپـا ئارىسـىدىكى مۇناسـىۋەتلەرنى (ئىقتىسـادىي، مەدەنىـي، سىياسـىي ئالاقىلەرنـى) باغلايدىغــان خەلقئــارا ســودا يولىغــا ھونــلار، تۈركلــەر، ئۇيغــۇرلار ھۆكــۈمــران بولــۇپ كەلگــەن. خەلقئــارا ســودا يولىنىــڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچـۈن جۇڭگـو بىلــەن ھونــلار ئارىســىدا، تۈركلــەر بىلــەن ئىــران ئارىســىدا، ئۇيغــۇرلار بىلــەن تىبــەت خانلىقـى ئارىسـىدا ئۇرۇشـلار يـۈز بەرگـەن.

چۈنكــى ئاســىيا بىلــەن ياۋروپــا ئارىســىدىكى قاتنــاش يولىغــا قايســى دۆلــەت ھۆكـۈمـران بولسـا شـۇ دۆلـەت خەلقئـارا سـودىدىن نۇرغـۇن پايدىنـى قولغـا كىرگۈزگەندىن تاشــقىرى، سياســىي جەھەتتىمــۇ ئۆزىنىــڭ تەســىرىنى ئاســىيا بىلــەن ياۋروپاغــا ئۆتكۈزۈشــتە شــۇ خەلقئــارا يــول ئارقىلــىق ئــۆز مەقســىتىگە يېتەتتــى.

يۇنـان يازغۇچىلىـرى ئاسـىيا بىلـەن ياۋروپـا ئارىسـىدىكى خەلقئـارا قۇرۇقلـۇق يولـى توغرىســىدا مەلۇمـات بېرىشـكە ئەھمىيـەت بەرگـەن. شـۇ خەلقئـارا يـول ئارقىلىـق ئـەڭ

قەدىمكى چاغدىن باشلاپ خوتەننىڭ يىپەك ماللىرى (مىلادىدىن 4 ئەسىر بۇرۇن) ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىقىدىغان يىپەك ماللار (مىلادىدىن بىر ئەسىر بۇرۇن) يۇنانىستانغا، روماغا ئېلىپ بېرىلاتتى. رومالىقلار بارغانسېرى يىپەك ماللارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىدىغان بولدى.

شۇ سەۋەبتىن مىلادىنىڭ بىرىنچى ئەسىردە ياشىغان يۇنانلىق چوڭ سودىگەر مائىسنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىقلاردىن يالاپ ئالغان سودا گۇماشتىلىرى خەلقئارا سودا يولىنى تەكشۈرۈپ چىققان.

يۇنان يازغۇچىسى مارتىيۇس (مىلادىنىڭ بىرىنچى ئەسىردە ياشىغان) يازغان ئەسىرىدە مائىس ئىگىلىگەن ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئارىسىدىكى خەلقئارا سودا يولىنى تونۇشتۇرغان. يۇناننىڭ مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى كىلاۋدى پىتولمى (مىلادىنىڭ 2 ـ ئەسىردە ياشىغان) مارتىيوس بەرگەن مەلۇماتقا ئاساسلىنىپ ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئارىسىدىكى خەلقئارا سودا يولىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسەتكەندى: پىتولمىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ يول ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن باشلىنىپ سۈرىيە، ئىراق (مېسوپوتامىيە ۋادىسى) ئىران، ئافغانىستانغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شىمالغا بۇرۇلۇپ تاش مۇنار (بۇ تاش مۇنار تاغلاردىن ئالاي ۋادىسىغا چىقىش جايىدا بولسا كېرەك) دىن ئۆتۈپ سىرىسلەر ئېلى (يۇنانچە سۆز بولۇپ، يىپەك ئېلى دېگەن بولىدۇ) گە (تارىم ئويمانلىقى) ئېلىپ بارىدۇ. يۇنان ئالىمى پىتولمىنىڭ مەلۇماتى جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ «جەنۇبىي يول» دەپ ئاتىغان يولغا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدىكى مەلۇماتلار هونلار دەۋرىدە (مىلادىدىن 240 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 216 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان) جۇڭگو ۋە يۇنان يازغۇچىلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتى.

تۈرك خانلىقى دەۋرىدە (مىلادىنىڭ 552 ـ يىلىدىن 745 ـ يىلىغىچە) شەرقتىن غەربكە بارىدىغان خەلقئارا سودا يولى توغرىسىدا جۇڭگونىڭ «سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى، پېيجۈي ھەققىدە قىسسە» دىمۇ مەلۇمات بېرىلگەن. شۇ يىلنامىغا كۆرە دۇنيانىڭ شەرقىدىن غەربىگە بارىدىغان يول ئۈچ تارماقتىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە يىلنامىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن:

«سۈي سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 504 ـ يىلىدىن 612 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ پادىشاھى ياڭدىنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 605 ـ يىلىدىن 618 ـ يىلىغىچە) غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ سودا ئەلچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى هازىرقى گەنسۇدىكى چاڭيېغا كېلىپ جۇڭگو بىلەن سودا ئىشلىرىنى يۈرگۈزگەن.

مانا شۇ مۇھىم ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان ياڭدې پېجۇي ئاتلىق كىشىنى جۇڭگو تەرەپنىڭ سودا ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىن قىلغان. پېجۇي جاڭيىغا كەلگەن چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدىن پايدىلىنىپ غەربىي رايوندىكى (تار مەنىدىن ئالغاندا ئوتتۇرا ئاسىيانى، كەڭ مەنىدىن ئالغاندا شەرقىي تۈركىستاندىن تارتىپ ياۋروپاغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دۆلەتلەردە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۇلارنىڭ دۆلىتىدىكى يوللار، تاغلار، دەريالار، خەتەرلىك ئۆتكەللەر (يول ئۆتكەللىرى) توغرىسىدا مەلۇمات توپلىغان. پېجۇي توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ «غەربىي رايوندىكى دۆلەتلەرنىڭ خەرىتىسى» ناملىق ئۈچ جىلدلىق ئەسەر يازغان. مانا شۇ ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «داشاتادىن غەربكە قاراپ مېڭىپ كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويىغا كىرىشتە ئۈچ يول بار... بۇ يوللارنىڭ بىرى شىمالىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يول قۇمۇل، بارىكۆل، تۇرالار (ئۇيغۇرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئا) ياشايدىغان جايلار (قۇمۇلنىڭ غەربىدىن تارتىپ ئىلى ۋادىسىغىچە بولغان جايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئا) ئارقىلىق تۈرك خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا (غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ تالاس دەرياسى بويىدىكى ئوردىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئا) ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن غەربكە قاراپ ماڭغاندا چۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىگە، كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويىغا بارىدۇ. يوللارنىڭ يەنە بىرى ئوتتۇرا يول دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يول - تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا، قەشقەر ئارقىلىق ئۆتىدۇ. قەشقەردىن چىقىپ غەربكە قاراپ ماڭغاندا پامىر تاغلىرىدىن ئېشىپ پەرغانە، تاشكەنت، سەمەرقەنت، كىبۇد، بۇخارا، مەرۋىدىن ئۆتۈپ ئىران ئارقىلىق كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويىغا بارىدۇ. يوللارنىڭ يەنە بىرى جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يول پىچان، خوتەن، قاغىلىق، تاشقورغاندىن ئۆتۈپ پامىر تاغلىرىدىن ئېشىپ ۋاخان (ئافغانىستاندا) توخارىستان (ئافغانىستان)، ئىپتالىت (ھازىرقى پاكىستان، شىمالىي ھىندىستان)، بامىيان (ئافغانىستاندا)، كىبود (سەمەرقەنتنىڭ غەربىي شىمالىدا) ئارقىلىق شىمالىي ھىندىستانغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يەردىن غەربكە قاراپ يۈرگەندە كاسپىي دېڭىزىنىڭ بويىغا بارغىلى بولىدۇ. بۇ ئۈچ يول بويىدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزلىرى ماڭىدىغان يوللىرى بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا قاتنايدۇ...... قۇمۇل، تۇرپان، پىچان غەربىي رايونغا بارىدىغان يوللارنىڭ دەرۋازىسى بولۇپ، داشاتا بولسا ناھايىتى مۇھىم ئۆتكەل»[1].

(1) سۈي سۇلالىسى يىلنامىسى. پېجۇي ھەققىدە قىسسە.

پېجۇي تەسۋىرلىگەن يوللار، تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى (552 ـ 745 ـ يىللار) خەلقئارا سودا يوللىرى بولۇپ، بۇ يوللار غەربتە شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونستانتىنپول (ھازىرقى ئىستانبۇل) دىن تارتىپ شەرقتە كورىيىگىچە (ھازىرقى چاۋشيەنگىچە) باردىغان يول ئىدى.

پېجۇينىڭ «غەربىي رايوندا يېڭى دۆلەتلەرنىڭ خەرىتىسى» ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن شىمالى، ئوتتۇرا، جەنۇبى يول دەپ ئاتالغان ئۈچ يولنىڭ ئاساسى لىنىيىسى ۋە تۈگۈنلىرى بولغان رايونلار (كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي قىرغاقلىرىدىكى جايلار، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى) تۈرك خاقانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە بولۇپ، شۇ چاغدىلا تۈركلەر خەلقئارا سودا يولىنىڭ خوجايىنى ئىدى.

## 2 . شەرق مەلىكىسى توغرىسىدا

يېقىنقى يىللاردىن بېرى بەزى ئالىملار (چەت ئەل ئالىملىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) قەدىمكى خوتەننىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە تارىخىي ئەمەلىيەتكە زادى ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئاتالمىش «شەرق مەلىكىسى» دەيدىغان رىۋايەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خوتەنگە پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇقىنى شەرق مەلىكىسى (جۇڭگو مەلىكىسى)نىڭ ئېلىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن خوتەندە پىلىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ رىۋايەتلەرنى راستىقا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلار رەت قىلغىلى بولمايدىغان تارىخىي پاكىتلاردىن كۆز يۇمۇپ، خوتەنگە پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇقىنى مىلادىنىڭ 440 ـ يىللىرى خوتەن خاقانى ۋىجايا جاۋا (بۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددىست ھىندىچە ئىسمى بولسا كېرەك) غا ياتلىق بولغان جۇڭگو مەلىكىسى ئېلىپ كەلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن خوتەندە يىپەك توقۇمىچىلىقى پەيدا بولغان دېيىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئاساسلىنىدىغان دەسمايىسى، جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر بۇددىست شۈەنجاڭ (مىلادىنىڭ 602 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 667 ـ يىلى ئۆلگەن) نىڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدىكى شەرق مەلىكىسى توغرىسىدىكى رىۋايەت.

شۈەنجاڭ ھىندو بۇددىزمىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ھىندىستانغا

بىرىپ 19 يىل (مىلادىنىڭ 627 ـ يىلىدىن 645 ـ يىلىغىچە) تۇرغان. ئۇ لوياڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستاندا كۆرگەن ـ بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسلىنىپ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن ئەسەرنى بىيەنجى دېگەن كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن تۈزۈپ چىققان.

«ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسەرگە شۈەنجاڭنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بويىچە (ھىندى، تىبەت رىۋايەتلىرى ئاساسىدا) خوتەن خانى ۋىيجايا جاۋاغا ياتلىق بولغان شەرق مەلىكىسى (جوڭگو مەلىكىسى) خوتەنگە كېلىدىغان چاغدا باش كىيىمىنىڭ ئىچىگە پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇغىنى يوشۇرۇپ چېگرادىن ئۆتكەنمىش. چېگرادىكىلەر مەلىكىنىڭ باش كىيىمىنى تەكشۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان. مەلىكە خوتەنگە كەلگەندىن كېيىن پىلىنى ئۆستۈرگەن. بۇنى كۆرگەن ۋەزىرلەر خوتەن خانىغا: بۇ قۇرۇتلارنى كۆيدۈرۈۋېتەيلى، بولمىسا ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىشى مۇمكىن، دەيدۇ. ئەمما مەلىكە پىلە قۇرۇتىنى يوشۇرۇن ھالدا بېقىپ ئۆستۈرۈپ ئۇنىڭدىن چىققان يىپەكتىن شايى ـ دۇردۇن توقۇپ، كىيىم ـ كېچەك تىكىپ كىيىپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوتەن خانى پىلە قۇرۇتىنى ئۆستۈرۈشكە يول قويۇپتۇ[1].

بۇ رىۋايەتنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە زادى ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مىلادىنىڭ 440 ـ يىلى خوتەن خانىغا ياتلىق قىلىنغان (بولغان) شەرق مەلىكىسى (جوڭگو مەلىكىسى) پىلە قۇرۇتىنى خوتەنگە ئېلىپ كېلىشتىن ئاز دېگەندە 800 يىل بۇرۇن (مىلادىدىن 4 ئەسىر بۇرۇن) خوتەندە يىپەك توقۇمىچىلىقىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ياۋروپادىكى رىماليقلارنىڭ خوتەندە توقۇلغان يىپەك ماللارنى ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭدىن كىيىم ـ كېچەك كىيگەنلىكىنى، شۇ چاغلاردا تېخى جوڭگودىن چىقىدىغان يىپەك ماللارنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق «خوتەنگە پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇغىنى شەرق مەلىكىسى ئېلىپ كەلگەن» دېگەن رىۋايەتنى رەت قىلىش لازىم.

ئاتالمىش «شەرق مەلىكىسى» توغرىسىدىكى يالغان رىۋايەتنى رەت قىلىش ئۈچۈن قەدىمكى چاغلاردا رىماليقلارنىڭ جوڭگونىڭ يىپەك ماللىرىنى تېخى بىلمىگەن ۋە ئۇنى كۆرمىگەن چاغدا، ئەڭ دەسلەپ قايسى خەلقلەر توقىغان يىپەك

(1) «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» خەنزۇچە 301 – 302 – بەتلەر.

مالالارنى بىلىدىغانلىقى ۋە ئۇ مالالاردىن كىيىم ـ كېچەك كىيگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىش ناھايىتى مۇھىم مەسىلە.

قەدىمكى چاغدىكى يۇنان ۋە روما ئالىملىرىدىن كىتىئاس (مىلادىدىن 400 يىل بۇرۇن ئۆتكەن)، سىترا بون (مىلادىدىن 54 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ، مىلادىنىڭ 24 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، خوبلىئۇس ۋىيگىلى مارۇ (مىلادىنىڭ 50 ـ يىللىرى ئۆتكەن)، روما تارىخچىسى فىلوروس (مىلادىنىڭ 50 ـ يىللىرى ئۆتكەن)، فىلىينى (مىلادىنىڭ 23 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 79 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، كىلاۋدى پىتولمى (مىلادىنىڭ 2 ـ ئەسىرلىرىدە ئۆتكەن) قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىنى (خوتەننى ئاساس قىلغان) يۇنان تىلىدا «سىرىسلار دۆلىتى» (يىپەك دۆلىتى) دەپ يېزىشقان.

ياۋروپالىقلاردىن تۇنجى قېتىم يىپەك دۆلىتى (سىرىسلار دۆلىتى) توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن يۇنان ئالىمى كىتىئاس بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن 400 يىل بۇرۇن «سىرىسلار دۆلىتى» دېگەن نامنى تىلغا ئالغان.

يۇنان ئالىملىرىدىن سىترابون «ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىنى يازغاندا (مىلادىدىن بىر ئەسىر بۇرۇن) ئۇلۇغ ئىستىلاچى ئالىكساندىر ماكىدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن)نىڭ مىلادىدىن 328 يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر سەركەردىسى ئۇنىسكىر يىتوسنىڭ خاتىرىسىدىن پايدىلانغان. ھىندىستانغا كەلگەن ئۇنىسكىر يىتوس ئۆزى يازغان خاتىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى بولغان تارىم ئويمانلىقىنى «سىرىسلار دۆلىتى» (يىپەك دۆلىتى) دەپ يازغان.

«سىرىسلار دۆلىتى» (يىپەك دۆلىتى) توغرىسىدا يۇنان ۋە روما يازغۇچىلىرى ئىچىدىن مىلا، فىلىينى، مارىسىللىنوس، پىتولمى قاتارلىقلارنىڭ بەرگەن مەلۇماتى بىرقەدەر تەپسىلىرەك ۋە ئېنىقراق.

روما يازغۇچىسى مىلا (مىلادىنىڭ 50 ـ يىللىرى ئۆتكەن)، «ئاسىيانىڭ شەرقىدە ھىندىلار، سىرىسلىقلار، سىتىسىلىكلەر[1] ياشايدۇ. ھىندىلار بولسا جەنۇبتا، سىتىسىلىكلەر بولسا ئەڭ شىمالدا، سىرىسلار بولسا مانا شۇ ئىككىسىنىڭ (سىتىسىلىكلەر بىلەن ھىندىلار ـ ئا) ئوتتۇرا قىسمىدا ياشايدۇ... سىرىسلىقلار دۇنيادا تەڭدىشى تېپىلمايدىغان سەمىمىي، سادىق ئادەملەر، ئۇلار سودا ئىشلىرىغا ئۇستا بولۇپ، سودا قىلغاندا يۇزمۇيۇز تۇرۇپ سۆزلەشمەيدۇ. ماللىرىنى قۇملۇقتا

(1) قەدىمكى چاغدا، رومالىقلار ئاسىيانىڭ شىمالىدا ياشىغان خەلقلەرنى شۇنداق دەپ ئاتىغان.

قويۇپ ـ قويۇپ كەينىنى قىلىپ تۇرىدۇ»[1] دەپ يازىدۇ.

مىلانىڭ سىرىسلىقلار توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتى ئەمەلىيەتكە دەلمۇدەل ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇنىڭدا، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئۈچ مۇھىم نۇقتا بار.

(1) مىلا ئېيتقاندەك، سىرىسلىقلار (ئۇيغۇرلار ـ ئا)نىڭ يۇرتى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. (2) مىلا: «سىرىسلىقلار سودا قىلغاندا، يۈزمۇيۈز تۇرۇپ سۆزلەشمەيدۇ. مالنى قۇملۇقتا قويۇپ قويۇپ، كەينىنى قىلىپ تۇرىدۇ» دەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال قەدىمكى چاغلاردا تۈركى خەلقلىرىدە ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن «تىلسىز سودا»نى كۆرسىتىدۇ. (3) مىلا «سىرىسلىقلار مالنى قۇملۇققا قويىدۇ» دەيدۇ. مىلا ئېيتقان قۇملۇق تارىم ئويمانلىقىدىكى قۇملۇق ـ چۆلنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگونىڭ ئاساسى تېررىتورىيىسى بولغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇملۇق چۆل يوق. بۇنى جۇغراپىيىدىن ئاددى ساۋادى بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.

تەبىئەتشۇناس رىم يازغۇچىسى فىلىينى «تەبىئەت تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە «سىرىس دۆلىتى» (يىپەك دۆلىتى) توغرىسىدا مەزمۇنى مىلا بەرگەن مەلۇماتقا ئوخشايدىغان مەلۇمات بېرىدۇ. فىلىينى مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سىرىسلىقلارنىڭ ئورمانلىرىدىن يىپەك چىقىدۇ. دۇنياغا مەشھۇر.... ئۇلار كىمخاپ، تاۋا ـ دۇردۇن توقۇپ روماغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدۇ..... سىرىسلىقلار مۇلايىم، تارتىنچاق كېلىدۇ.»[2]. فىلىينى يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سىرىسلىقلار، بوي ـ تۇرقى جەھەتتە ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئېگىز، چاچلىرى قىزىل، كۆزلىرى كۆك، ئاۋازلىرى جاراڭلىق كېلىدۇ. چەتتىن بارغانلار، ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشەلمەيدۇ. چەتتىن بارغانلار، ماللىرىنى مەلۇم دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىغا ئېلىپ بېرىپ، سىرىسلىقلارنىڭ ماللىرىنىڭ يېنىغا قويىدۇ. ئەسلىدە بېكىتىلگەن باھا بويىچە مال ئالماشتۇرۇلىدۇ.»[3] فىلىينىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، سىرىسلىقلارنىڭ يىپەك ماللىرى روماغا ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىلىينىنىڭ، سىرىسلىقلارنىڭ ئىرقى خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتى ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق تەنلىك ئىرققا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

(1) «جۇڭگو بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناش تارىخى» خەنزۇچە، 30 – 31 – بەتلەر.
(2) «جۇڭگو بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناش تارىخى» خەنزۇچە، 32 – بەت.
(3) «جۇڭگو بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناش تارىخى» خەنزۇچە، 33 – بەت.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرىمۇ، ئېرقى جەھەتتىن ئۇيغۇرلارغا بەكمۇ يېقىن بولغان ئۇيسۇنلارنى «كۆك كۆز، قىزىل چاچ»[1] دەپ يازغان بولسا، قىرغىزلارنى «چىرايى ئاق سۇزۇك، قىزىل چاچ، كۆزلىرى كۆك»[2] دەپ يازغان. فىلىينى، رىم ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ئەيشى - ئىشرەت، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ تۇرمۇشتا چىرىكلىشىپ، بايلىقلارنى ھەددىدىن ئارتۇق بۇزۇپ - چېچىپ، ئەخلاقىي جەھەتتە بەكمۇ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ كىيىدىغان كىيىملىرىنىڭ سىرىسلەر دۆلىتىدىن كېلىدىغان كىمخاپ تاۋار - دۇردۇنلاردىن تىكىلىدىغانلىقى، سىرىسلار دۆلىتىدىن سېتىۋالىدىغان يىپەك ماللار ئۈچۈن رىم تىللالىرىنىڭ (ئالتۇن پۇللىرىنىڭ - ئا) سىرىسلىقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ھەسرەتلىنىپ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «دۆلىتىمىنىڭ تىللالىرىدىن ھىندىستان سىرىسلار دۆلىتى ۋە ئەرەپ يېرىم ئارىلى قاتارلىق ئۈچ دۆلەتكە ھەر يىلى ئاز دېگەندە يۈز مىليون سېستىر كىيىس (رىم تىللاسى) ئېقىپ كېتىدۇ. مانا مۇشۇ پۇللار، دۆلىتىمىدىكى ئەرلەر بىلەن ئاياللار (ئاق سۆڭەكلەرنى دېمەكچى)نىڭ بۇزۇپ - چېچىپ خەجلىشى ئۈچۈن كېتىدۇ.»[3] فىلىينىنىڭ «تەبىئەت تارىخى»دىكى مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، روما ئاق سۆڭەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەيشى - ئىشرەت، كەيپ - ساپالىق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا لازىم بولىدىغان يىپەك ماللارنى سىرىسلىقلاردىن ئالغان بولسا، دورا - دەرمەك، ئۈنچە - ياقۇتلارنى ھىندىستاندىن، مەرۋايىتلارنى ئەرەبىستاندىن ئالغان.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ھەر يىلى روما پۇلىدىن يۈز مىليون سىيستىركىيس (رىم تىللاسى) روما ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن سىرىسلىقلاردىن سېتىۋالىدىغان يىپەك ماللار، ھىندىستاندىن ۋە ئەرەبىستاندىن ئالىدىغان دورا - دەرمەك، ئۈنچە - ياقۇت، مەرۋايىتلار ئۈچۈن سەرپ بولغان.

يونان ئالىمى كىلاۋدى پىتولمى «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدە، سىرىسلار دۆلىتى (يىپەك دۆلىتى) نىڭ تەبىئىي شارائىتى، قانداق خەلقلەر ياشايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سىرىسلار دۆلىتىنىڭ غەربىي چېگراسى سىستىيە بولۇپ، ئۇ ئىماۋس[4] تېغىنىڭ سىرتىدا، شىمالى چېگراسى نامسىز يەر...... شەرقىي چېگراسىمۇ نامسىز يەر... جەنۇبىي بولسا، ھىندىستاندىكى

(1) «كېيىنكى خەن يىلنامىسى. ئۇسۇنلار ھەققىدە قىسسە».
(2) «تاڭ يىلنامىسى. قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە».
(3) «جۇڭگو بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناش تارىخى» خەنزۇچە، 34 - بەت.
(4) ئىماۋس تېغى ــــ ھازىرقى پامىر تېغىنى كۆرسىتىدۇ.

گانگېي دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى بىلەن چېگرالىنىدۇ.»[1] پىتولىمى، سىرىسلار دۆلىتىنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدىغان تاغلار توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سىرىسلار دۆلىتىنىڭ تۆت ئەترىپىنى.... تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئىككى چوڭ دەريا ئاقىدۇ. ئۇ دەريالارنىڭ بىرىنچىسى ئۇيغۇرداس (oechozdas) دەرياسى بولۇپ، ئۇ ئاۋشاتىئان ۋە ئاسمىران (Asmiraen) تېغىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەدىن باشلىنىدۇ. دەريالارنىڭ ئىككىنچىسى باۋتىس دەرياسى بولۇپ، ئۇكاسىيان (kasyan) ۋە ئوتتۇرۇ كورخۇس (otturo corkus) تېغىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەدىن باشلىنىدۇ[2]. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى دەريانىڭ ئالدىنقىسى ئاقسۇ ياكى قەشقەر دەرياسى، كېيىنكىسى ياركەنت (زەرەپشان) ياكى قاراقاش دەرياسىدىن باشقا دەريا ئەمەس.

پىتولمى ئۇيغۇرداس دەرياسىنىڭ بويىدا ئۇيغۇرداس دۆلىتى بار دېگەن. پىتولمىنىڭ ئۇيغۇرداس دېگىنى، دەل ئۇيغۇرلارنىڭ يۇنان تەلەپپۇزىدا ئېيتىلىشى، خالاس.

يۇنان ئالىمى مارسىللىنوس (مىلادىنىڭ 380 ـ يىلى ياشىغان) «تارىخنامە» ئاتلىق كىتابىدا: «شەرقتە سىرىسلەر ئېلى بار، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ تاغلار بىر تۇتاش سوزۇلۇپ تەبىئىي توسۇقنى شەكىللەندۇرىدۇ. سىرىسلىقلار شۇنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ يېرى تەكشى، كەڭتاشا ۋە باي. غەربتە سىبستىيە بىلەن چېگرالىنىدۇ. شەرقى بىلەن شىمالىدىن ئىبارەت ئىككى تەرىپى چۆللۈك، تاغلىرىنىڭ ئۈستى (تەڭرىتاغلىرى بىلەن پامىر تاغلىرى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك) يىل بويى قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. جەنۇبى چېگراسى هىندى ۋە گانگېي دەرياسىغىچە بارىدۇ.... تاغلىرىنىڭ ھەممىسى ئېگىز، يوللىرى تىك قىيالىق ئەگرى ـ بۈگرى كېلىدۇ. تاغلارنىڭ ئارىسى تۈزلەڭلىك، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئۇيغۇرداس ۋە باۋتىس دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى دەريا ئاقىدۇ... سىرىسلەر تىنچ ياشايدۇ. ھەربىي قورال ـ ياراق تۇتمايدۇ. زادى ئۇرۇش قىلمايدۇ. مۇلايىم، ياۋاش، قوشنا دۆلەتلەرنى پاراكەندە قىلمايدۇ. ئىقلىمى مۆتىدىل، ھاۋاسى ساپ، پاكىز، ئاسماندا بۇلۇت كۆپ بولمايدۇ. قاتتىق بوران چىقمايدۇ. ئورمانلىق ئىنتايىن كۆپ، ئورمانلىقتا ماڭسا ئاسماننى كۆرگىلى

(1) «جۇڭگو بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناش تارىخى» خەنزۇچە، 54 ـ بەت.
(2) «جۇڭگو بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناش تارىخى» خەنزۇچە، 54 ـ بەت.

بولمايدۇ.»[1] مارسىللىنوس يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «سىرىسلىقلار ئاددى ـ ساددا ياشاشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلار خالىي جايدا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇپ كۈن ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىشىلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىشنى ئانچە ياقتۇرمايدۇ. چەت ئەللىكلەر چېگرادىكى دەريادىن ئۆتۈپ، ئۇ يەرگە يىپەك ياكى باشقا مال ئالغىلى بارسا، كۆزلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە بېقىشىپلا باھاسىنى توختىتىدۇ. گەپلەشمەيدۇ، ئۇلارنىڭ يەر بايلىقى مول، باشقىلارغا ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ.»[2]

يۇقىرىدا، يۇنان ۋە رىم ئالىملىرىنىڭ خاتىرىلىرىدىن كەلتۈرگەن پاكىتلاردىن تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقىرىش مۇمكىن:

(1) مىلادىدىن 400 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتتىن تارتىپ ياۋروپالىقلار (يۇنان ۋە رىم) تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئېلىنى يىپەك ئېلى (سىرىسلەر ئېلى) دەپ تونۇغان.

(2) يۇنان ۋە رىم ئالىملىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ تەبىئى شارائىتى (تاغلىرى، دەريالىرى، ئورمانلىرى، چۆللىرى، ئېقلىمى) ئۇنىڭغا چېگرالىنىدىغان دۆلەتلەر ھەققىدە ئاساسەن توغرا مەلۇمات بەرگەن.

(3) يۇنان ۋە رىم ئالىملىرى ئەڭ قەدىمكى چاغلىرىدىن تارتىپ ياۋروپالىقلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك ماللىرىنى ئىستېمال قىلغانلىقىنى كۈچلۈك پاكىتلار ئارقىلىق ئېنىق ۋە تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن.

(4) يۇنان ۋە رىم ئالىملىرى تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان خەلقنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ئۆز نامى بىلەن (ئۇيغۇرداس) دەپ ئاتىغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ئېرقى جەھەتتىن قايسى ئېرققا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلاپ بەرگەن.

(5) ئەگەر، سىرىس ئېلى دەپ ئاتالغان تارىم ئويمانلىقىدا يىپەكچىلىك سانائىتى ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ (مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن) تەرەققى قىلمىغان بولسا، «جاھاننىڭ مەرمەر شەھىرى» دەپ ئاتالغان رىمدىكى روما ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك يىپەك ماللارغا بولغان ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغان بولاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى چاغلاردا، يىپەك توقۇمىچىلىقىدا يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار ئاز ئەمەس.

---

(1) «جۇڭگو بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناش تارىخى» خەنزۇچە، 69 ـ 70 – بەتلەر.

(2) «جۇڭگو بىلەن غەرب ئارىسىدىكى قاتناش تارىخى» خەنزۇچە، 70 – بەتلەر.

ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خەنزۇلار يىپەك توقۇمىچىلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ توقۇمىچىلىقتىكى ئارتۇقچىلىقىدىن ئۆگەنگەنلىكى بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 6 - ئەسىردە ئىچكى ئۆلكىلەردە توقۇلغان يىپەك توقۇلمىلار قېزىۋېلىنىدى. بۇنداق يىپەك توقۇلمىلاردىكى «نىسبەتەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تەرەققىيات شۇ بولغانكى، شۇ چاغلاردا تۈز يوللۇق كىمخاپلاردىن تاشقىرى يەنە قىيپاش گۈللۈك ئارقىغىدىن گۈل چىقىرىلغان كىمخاپلارمۇ مەيدانغا كەلگەن، ئارقىغىتىن بۇ خىل گۈل چىقىرىش ئۇسۇلىنى خەن سۇلالىسى ۋاقتىدىلا (مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇن) شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەر يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنىرىدە قوللانغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى يىپەك توقۇمىچىلىقتا قوللانغان بۇ خىل توقۇش ئۇسۇلىنى (كىمخاپلارنىڭ ئارقىغىدىن گۈل چىقىرىش ئۇسۇلىنى - ئا) شىنجاڭدىن ئۆگەنگەن بولسا كېرەك.»[1] مانا شۇ پاكىت قەدىمكى چاغلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىقى ياكى يۇڭ توقۇمىچىلىقىدا بولسۇن يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، مىلادىنىڭ 440 - يىللىرى، شەرق مەلىكىسى پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇقىنى خوتەنگە ئېلىپ كەلگەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن شىنجاڭ رايونىدا «يىپەك يوق ئىدى» دېگەن رىۋايەتنى رەت قىلىدىغان مۇنداق بىر پاكىتمۇ بار:

يېقىنقى يىللاردا تۇرپان رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلەر ئارقىلىق «قېزىۋېلىنغان قول يازمىلار ئىچىدە.... مىلادىنىڭ 418 - يىلىدا پىلە قۇرۇتىنى ۋە ئۈژمە دەرىخىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىسىدا يېزىلغان ھۆججەت ئۇچرىدى.» (يادىكارلىق 40 - بەت).

مانا بۇ پاكىت، يىپەك مەلىكىسى (شەرق مەلىكىسى) مىلادىنىڭ 440 - يىللىرى پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇقىنى خوتەنگە ئېلىپ كەلگەن دېگەن رىۋايەتنى رەت قىلىدۇ. قەدىمكى چاغدا خوتەندىلا ئەمەس، ھەتتا تۇرپان رايونىدىمۇ يىپەكچىلىك تەرەققىي قىلغانىدى.

(6) يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن چىقىرىلغان ئەڭ ئاساسلىق ۋە مۇھىم خۇلاسە ئاتالمىش «يىپەك مەلىكىسى» رىۋايىتىدىكى مىلادىنىڭ 440 - يىلى جۇڭگودىن خوتەن خانىغا ياتلىق بولغان مەلىكىنىڭ پىلە قۇرۇتى ئۇرۇقىنى خوتەنگە ئېلىپ

(1) «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلار» خەنزۇچە 33 - بەت.

كېلىشىدىن بۇرۇن خوتەندە يىپەك توقۇمىچىلىق سانائىتى يوق ئىدى دېگەن يالغان رىۋايەتنىڭ ئۈزۈل - كېسىل رەت قىلىنىشى، خالاس.

شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، قەدىمكى چاغلاردا جۇڭگودىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا ياتلىق بولغان مەلىكىلەرنىڭ ئىسىملىرى جۇڭگونىڭ تارىخى يىلنامىلىرىغا، ئۇيسۇن خانلىرىغا ياتلىق بولغان جۇڭگو مەلىكىلىرىنىڭ ئىسىملىرى جۇڭگو تارىخى يىلنامىلىرىغا يېزىلغان. ئەپسۇسكى مىلادىنىڭ 5 - ئەسىردە خوتەن خانىغا ياتلىق بولغان مەلىكىنىڭ ئىسمى جۇڭگونىڭ تارىخى يىلنامىلىرىدە ئۇچرىمايدۇ.

تارىخىي پاكىتلارنىڭ راستلىقىغا ھۆرمەت قىلىنىدىغان بولسا، تارىخىي پاكىتلار بويىچە ئىسپاتلانمىغان رىۋايەتنىڭ يالغانلىقى ئېتىراپ قىلىنسا، خوتەنگە پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇقىنى، خوتەن خانىغا ياتلىق بولغان جۇڭگو مەلىكىسى ئېلىپ كەلگەن دېگەن رىۋايەتنىڭ تامامەن يالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىققا ھېچقانداق بانا - سەۋەب يوق. ھونلارنىڭ ئاسىيا بىلەن ياۋروپاغا بارىدىغان خەلقئارا قاتناش يولىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى، جۇڭگو بىلەن غەرب ئەللىرى ئارىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا توسقۇن بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى خەلقئارا قاتناش يولى جۇڭگوغا نىسبەتەن گاھى تاقىلىپ، گاھى ئېچىلىپ تۇراتتى.

مىلادىنىڭ 87 - يىلى ۋە مىلادىنىڭ 101 - يىلى، ئىران ئەلچىلىرى جۇڭگوغا كەلگەن بولسا، مىلادىنىڭ 97 - يىلى جۇڭگو ئەلچىسى گەن يىڭ (بۇنى بەنچاۋ ئەۋەتكەن) ئىرانغا بارغان. جۇڭگو بىلەن ئىران ئارىسىدا سودا مۇئامىلىسى توغرىسىدا بېتىم تۈزۈلگەن.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا مىلادىنىڭ 120 - يىلى رومالىق بىر سېھىرگەر دېڭىز يولى بىلەن ھىندىچىنىغا كېلىپ، بىرما ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلگەن. مىلادىنىڭ 166 - يىلى روما ئىمپېراتورى ماركۇس ئاۋرېل (مىلادىنىڭ 161 - يىلىدىن 166 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) دېڭىز يولى ئارقىلىق جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتكەن. روما ئەلچىسى دېڭىزدىن ھىندىچىنىغا چىقىپ ۋېيتنام ئارقىلىق جۇڭگوغا كەلگەن. ئەلچى جۇڭگو پادىشاھى خەن خۇئاندى (مىلادىنىڭ 147 - يىلىدىن 167 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان )غا پىل چىشى، كەركە مۈڭگۈزى، ياقۇت قاتارلىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ كەلگەن.

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ئىراننىڭ جۇڭگو بىلەن ئورناتقان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى رىماللىقلارنىڭ سىرىسلەر ئېلى (يىپەك ئېلى) دەپ ئاتىغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئورناتقان يىپەك سودىسى مۇناسىۋىتى (بۇنداق مۇناسىۋەت مىلادىدىن 400 يىل بۇرۇن باشلانغان)دىن ئاز دېگەندە ئۈچ ئەسىر (مىلادىدىن 105 يىل بۇرۇن) كېيىن باشلانغان. رىماللىقلارنىڭ جۇڭگو بىلەن ئورناتقان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى (ئەگەر شۇنداق مۇناسىۋەت مىلادىنىڭ 166 - يىلىدىن باشلانغان بولسا) رىماللىقلارنىڭ سىرىسلەر ئېلى بىلەن ئورناتقان يىپەك سودىسى مۇناسىۋىتىدىن تەخمىنەن 600 يىل كېيىن باشلانغان.

## 3. يىپەك قۇرتى ئۇرۇقىنىڭ ياۋروپاغا تارقىلىشى

قەدىمكى رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن) يىپەكتىن توقۇلغان كىمخاپ، شايى، تاۋار - دۇردۇنلارنىڭ ياۋروپاغا (ئاساسەن روماغا) تارىم ئويمانلىقىدىكى يىپەك ئېلى (سىرىسلەر ئېلى)دىن بارغانلىقى، ئاتالمىش «يىپەك مەلىكىسى» رىۋايىتىنىڭ يالغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم.

تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە ئىچكى ۋە تاشقى (خەلقئارا) سودا ئىشلىرى ئەھۋالىنىڭ ئاساسى مەشغۇلاتلىرىدىن بىرى ئىدى. بولۇپمۇ بۇ دەۋردە خەلقئارا سودا ناھايىتى كەڭ مىقياستا قانات يايغان ئىدى. مىلادىنىڭ 624 - يىلى تۇرپان خانلىقى (مىلادىنىڭ 460 - يىلىدىن 640 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ خانى كۈي ۋىنتاي غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانى تۇن يابغۇ خاقانىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ جۇڭگودىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لى يەن (مىلادىنىڭ 618 - يىلىدىن 627 - يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) گە ئەۋەتكەن سوۋغا - سالاملىرى ئىچىدە شەرقىي رىمادىن كەلتۈرۈلگەن كۈچۈكلار، قارا تۈلكە موينىسى قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا تۈركلەر روما بىلەن قىلغان سودىلىرىدا رومانىڭ نەسىللىك ئىتلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلگەن.

تۈرك خاقانلىرى دەۋرىدىمۇ، بۇرۇنقى چاغلارغا ئوخشاشلا ئاسىيادىن ياۋروپاغا ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا ماللىرىدىن يىپەك رەختلەر، دورا - دەرمەكلەر، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، تېرىدىن ئىشلەنگەن ماللار ئاساسى سالماقنى ئىگىلەيتتى.

تۈركلەر يالغۇزلا ياۋروپا بىلەن سودا قىلىپ قالماستىن، جۇڭگو بىلەنمۇ ناھايىتى كەڭ ھالدا سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. تۈرك خانلىقى تەركىبىدىكى ئوتتۇرا

ئاسىيانىڭ مۇھىم خانلىقلىرىدىن سەمەرقەنت خانلىقى، بۇخارا خانلىقى قاتارلىق خانلىقلار مىلادىنىڭ 627 - يىلىدىن 647 - يىلىغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە جۇڭگوغا توققۇز قېتىم سودا ئەلچىلىرى ئەۋەتكەن. تۈرك خاقانلىقى تەركىبىگە كىرگەن خانلىقلار يېرىم مۇستەقىل ھالدا بولۇپ بەزى خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى چوڭ ئىشلارنى قىلىشتا تۈرك خاقانىنىڭ رۇخسىتىنى ئالاتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركلەر بىلەن ئىران ساسانىيلار سۇلالىسى ئارىسىدا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىشى خەلقئارا سودا يولىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى تالىشىش ۋە خەلقئارا يىپەك سودىسىدىن كېلىدىغان پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولغان بۇ كۈرەشتە شەرقىي روما بىلەن ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتقان تۈركلەر ئۈستۈن چىققان.

ھەر يىلى دېگۈدەك نەچچە ئون مىليونلىغان رىم تىللاسىغا سىرىسلەر ئېلىدىن يىپەك ماللارنى سېتىۋېلىشقا خېلىدىن بېرى چىدىمىغان رىم ھۆكۈمرانلىرى (ئېمپېراتورلىرى) يىلىدىن يىپەك چىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا لازىم بولىدىغان كىمخاپ، شايى، تاۋار - دوردۇن قاتارلىق يىپەك ماللارنى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشقان ئىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئەمەلگە ئاشتى.

بۇ توغرىدا يۇنان ئالىملىرى مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان يۇنان ئالىمى زوناراس (zonaras) «تارىخنامە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «بۇرۇن رومالىقلار يىپەك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى بىلمەيتتى. يىپەكنى پىلە قۇرۇتىنىڭ قۇسىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى».

6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان يۇنان ئالىمى تېئوخانۇس ئىسمى نامەلۇم بىر ئىرانلىقنىڭ پىلە قۇرۇتى ئۇرۇقىنى قاچان، نەدىن، قانداق ھىيلە بىلەن ئوغۇرلۇقچە شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ (مىلادىنىڭ 395 - يىلىدىن 1451 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ئېمپېراتورى ئۇلۇغ پوستىئاننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 527 - يىلىدىن 565 - يىلىغىچە ئېمپېراتور بولغان) شەرقىي روماغا ئېلىپ بارغانلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي رومالىقلار پىلە قۇرۇتىنى بېقىپ، يىپەك ماللارنى ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. تېئوفانىس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئېمپېراتور پوستىئاننىڭ ۋاقتىدا ئىرانلىق مەلۇم

بىر ئادەم شەرقىي روماغا يىلە بىقىپ يىپەك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتكەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن شەرقىي رومالىقلار پىلە بىقىشنى بىلمەيتتى. ھېلىقى ئىسمى نامەلۇم ئىرانلىق سىرىسلەر ئېلىدە (يىپەك ئېلىدە) ئۇزۇن تۇرغان. ئۇ سىرىسلەر ئېلىدىن قايتىپ كېتىدىغان چاغدا پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇقىنى يول ماڭغاندا ئىچى كاۋاك ھاسىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇن جايلاشتۇرغان. ئاندىن كېيىن پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇقىنى ئاشۇنداق ئۇستىلىق بىلەن شەرقىي روماغا ئېلىپ كەلگەن. بۇ ئىرانلىق باھار كېلىش بىلەنلا پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇقىنى ئۈژمە يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستىگە قويغان، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن پىلە قۇرۇتى يوپۇرماقنى يەپ چوڭ بولۇپ، بىر جۈپ قانات چىقارغان، ئۇچىدىغان بولغان، رومالىقلار پىلە بىقىپ، يىپەك چىقىرىشنى ئۆگەنگەندىن كېيىن پوستىئان تۈركلەرگە (كونىستانتىنپولغا ـ ئىستانبۇلغا كەلگەن تۈرك ئەلچىلىرىگە ئاپتور) رومالىقلارنىڭ پىلە بىقىپ يىپەك چىقىرىش ئۇسۇلىنى كۆرسەتكەندە تۈركلەر ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ چۆچۈپ كەتكەن».

تۈركلەر بىلەن شەرقىي روما ئارىسىدىكى سودىدا تۈركلەر ئارقىلىق شەرقىي روماغا ئېلىپ بېرىلىدىغان ماللارنىڭ ئىچىدە ئاساسى سالماقنى يىپەك توقۇلمىلىرى ئىگەللەيدىغانلىقى، خوتەننى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر يىپەكچىلىكىنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن تارتىپ دۇنياغا مەشھۇرلىقى، پىلە قۇرۇتى ئۇرۇقىنىڭ «يىپەك مەلىكىسى» توغرىسىدىكى رىۋايەت بويىچە مىلادىنىڭ 440 ـ يىلى جۇڭگودىن خوتەنگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ يالغانلىقى، پىلە قۇرۇتى ئۇرۇقىنىڭ سىرىسلەر ئېلى (ئاساسەن خوتەن) دىن شەرقىي روماغا ئىسمى نامەلۇم بىر ئىرانلىق راھىب تەرىپىدىن مىلادىنىڭ 550 ـ يىللىرى ئوغۇرلۇقچە ئېلىپ بېرىلغانلىقى توغرىسىدىكى پاكىتلارنى يۇقىرىدا بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ ئۆتتۇم. مېنىڭچە شۇ پاكىتلار يېتەرلىك بولسا كېرەك.

## ئاخىرقى سۆز

قەدىمكى چاغدىكى ئاسىيادىن ياۋروپاغا بارىدىغان خەلقئارا سودا يولى يالغۇزلا ئاسىيادىكى خەلقلەر بىلەن ياۋروپادىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە قىممەتلىك تاۋارلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى مەدەنىيەت جەھەتتە ئاسىيادىكى خەلقلەر بىلەن ياۋروپادىكى خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ شانلىق مەدەنىيەت يارىتىشتىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك تۈرتكىلىك روللارنى ئوينىغان.

خەلقئارا سودا يولىدا سودا كارۋانلىرى، ئەلچىلەر، سەيياھلار غەربتىن شەرققە، شەرقتىن غەربكە موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بەزىدە بولسا تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتى بىلەن سەپەرۋەر قىلىنغان تۈمەنلىگەن قوشۇنلارمۇ، سودا ئەلچىسى ياكى ئاددىي سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان جاسۇسلارمۇ قاتناپ تۇراتتى. غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق تووار ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى يۈرگۈزگەندىن تاشقىرى، مەخپىي ئاخبارات يىغىش ئىشلىرىنى قىلاتتى. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك مىلادىنىڭ 550 ـ يىللىرى ئىسمى نامەلۇم بىر ئىرانلىقنىڭ ئۇيغۇرلار يۇرتىدىن پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇغىنى ئوغرىلاپ مەخپىي ھالدا شەرقىي روماغا يەتكۈزۈپ بېرىپ يىپەك ئىشلەپ چىقىرىشتا ھۆكۈم سۈرگەن نەچچە مىڭ يىللىق سىرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ تاشلىغان. شۇ ئىرانلىق پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇغىنى شەرقىي روماغا يەتكۈزۈپ بېرىشتىن بۇرۇن شەرقىي روما ئىمپېراتورى ئۇلۇغ پوستىئان (مىلادىنىڭ 527 ـ يىلىدىن 565 ـ يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان) بىلەن شۇ مەسىلە توغرىسىدا سۆزلەشكەن. پوستىئان ئەگەر ئىرانلىق راھىپ پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇغىنى سىرىسلەر ئېلىدىن ئوغرىلاپ ئېلىپ كېلەلىسە ئۇنىڭغا ناھايىتى قىممەت باھالىق ئىنئام (مۇكاپات) بېرىدىغان بولغان.

ئېھتىمال ئىرانلىق راھىب خىرىستىيان مۇرىدى بولغانلىقى، پوستىئاندىن ئالىدىغان قىممەت باھالىق ئىنئامغا قىزىققانلىقى ئۈچۈن، سىرىسلەر ئېلىدىن پىلە قۇرۇتىنىڭ ئۇرۇغىنى ئوغرىلاپ شەرقىي روماغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. مانا مۇشۇ ۋەقەدىن تەخمىنەن 140 يىل بۇرۇن (مىلادىنىڭ 424 ـ يىلى) غەربنىڭ سۆزۈك، رەڭلىك شىشە ياساشتىكى مەخپىي سىرىنى ئاق ھون سودىگەرلىرى (ئۇلۇغ ياۋچىلار) جۇڭگوغا بىلدۈرۈپ قويغان، ئۇنىڭدىن بۇرۇن خەنزۇلار رەڭلىك شىشە ياساشنى بىلمەيتتى. ئۇلار رەڭلىك شىشىنى ناھايىتى يۇقىرى باھادا غەربتىن (سۈرىيەدىن) سېتىۋېلىشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەنزۇلار ئۆزۈندىن بېرى رەڭلىك شىشە ياساشنىڭ سىرىنى غەربتىن بىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەنىدى. بۇنداق ئۇرۇنۇش مىلادىنىڭ 424 ـ يىلى ياۋچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشتى.

بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي پاكىتلار مۇنداق:

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا شىمالىي ۋېي خانلىقى (مىلادىنىڭ 386 ـ يىلىدىن 534 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ خانى تۇباتاۋنىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 424 ـ يىلىدىن 452 ـ يىلىغىچە خان بولغان) مىلادىنىڭ

424 ـ يىلى ئۇنىڭ پايتەختىگە كەلگەن ئاق ھون سودىگەرلىرى (ئۇلۇغ ياۋچىلار) تاغدىن دورا ئېلىپ كېلىپ ئۇنى ئېرىتىپ رەڭلىك شىشە ياسىغان. بۇ كىشىلەر غەربنىڭ رەڭلىك شىشىلىرىدىنمۇ پارقىراق، چىرايلىق چىققان. بۇنداق رەڭلىك شىشىنى كۆرگەنلەر ھەيران قېلىشىپ ئىلاھىي شىشىلەر دېيىشكەن. ئاق ھون سودىگەرلىرى رەڭلىك شىشە ياساشنى خەنزۇلارغا ئۆگەتكەن.

شۇنىڭدىن باشلاپ سۈرىيە، يۇنانلىقلارنىڭ رەڭلىك شىشىنى مونوپولىيە قىلىۋېلىش ھوقۇقى پاچاقلىنىپ كەتكەن. قەدىمكى تارىخىي پاكىتلار بويىچە ھۆكۈم قىلغاندا بىرەر مىللەت ياكى خەلقنىڭ ئىجاد قىلغان بىر خىل تېخنىكىسى غەرب ئەللىرىدە پۈتۈنلەي قەتئىي مەخپىي ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا تۇباتاۋ شىمالى ۋېي خاندانلىقىنىڭ پايتەختى داتۇڭغا كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ رەڭلىك شىشە ياساش تېخنىكىسىنى بىلىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغان بولسا كېرەك. ئەگەر ئەھۋال بىزنىڭ قىياسىمىزدىكىدەك بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا تۇباتاۋ ئاق ھون سودىگەرلىرىگە نىسبەتەن بېسىم كۈچ ئىشلىتىپ ئۇلارنى رەڭلىك شىشە ياساش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىشكە مەجبۇرلىغان ياكى ناھايىتى يۇقىرى باھالىق بەدەل بېرىشكە ۋەدە قىلىپ ئالدىغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىرانلىق راھىپ بىلەن ئاق ھون (مىلادىنىڭ 420 ـ يىلىدىن 565 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) سودىگەرلىرى ماددىي مەدەنىيەت ئىچىدە ناھايىتى ئېسىل قىممەتلىك بولغان يىپەك بىلەن رەڭلىك شىشىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سىرلىرىنى بىلمەيدىغانلارغا مەلۇم قىلىپ قويغان مەدەنىيەت ئۇغرىلىرى، جاسۇسلىرى بولسىمۇ، مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا ئۇلار شەرقىي روما بىلەن جۇڭگونىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

خەنزۇلار ئۇيغۇرلاردىن ۋە ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەتكە دائىر نۇرغۇن ئېسىل قىممەتلىك بايلىقلارغا ئىگە بولغان. جاڭ چيەن مىلادىدىن 115 يىل بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىككىنچى قېتىم كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۇيغۇرلار يۇرتىدىن ئۈزۈم ۋە بېدە ئېلىپ كەتكەن. ئۈزۈم بىلەن بېدە پادىشاھ خەنۋۇدىنىڭ ناھايىتى قەدرلەپ، ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشكەن. پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئەتراپىدا ئۈزۈملۈك باغلار، بېدىلىكلەر پەيدا بولغان. بولۇپمۇ بېدە ئاتنىڭ ئاساسلىق يەم ـ خەشەكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئات بېقىشتا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. شۇ چاغلاردا خەنۋۇدى ھونلار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشلاردا

ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئۇ جەڭ ئاتلىرىنى كۆپلەپ ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىدى.

جاڭ چيەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىشىدا ئۈزۈم بىلەن بىدىدىن باشقا يەنە زىغىر، قارامۇچ، پىياز، تۇرۇپ، قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇغىنىمۇ ئېلىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاشۇ نەرسىلەر جۇڭگودا تېرىلىشقا باشلىغان. دەل شۇ چاغدا ياڭاق بىلەن ئانار كۆچىتىمۇ ئۇيغۇرلار يۇرتىدىن ئىچكىرىگە كەلتۈرۈلگەن.

خەنزۇلار مىلادىنىڭ 5 ـ ئەسىرگىچە پاختىدىن رەخ ئىشلەپ چىقىرىشنى بىلمەيتتى. پەقەت 5 ـ ئەسىردىلا كېۋەز ئۇرۇغى (چىگىت) تۇرپاندىن ئىچكىرىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنلا پاختا رەخت ئىشلەپچىقىرىش باشلانغان. ئۇنىڭغىچە خەنزۇلار پاختا رەختلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ۋە باشقا مەملىكەتلەردىن ئېلىپ كېلەتتى. قەدىمكى چاغلاردا قۇنقاۋ، پىپا، بالابان قاتارلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرى ئىراندىن جۇڭگوغا كىرگەن بولسا، داپ، نەي، سۇناي قاتارلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن (ئۇيغۇرلاردىن) كىرگەن. بولۇپمۇ سۈي سۇلالىسى (581 ـ 618 ـ يىللار)، تاڭ سۇلالىسى (618 ـ 907 ـ يىللار) دەۋرىدە ئۇيغۇرلار جۇڭگو مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. مىلادىنىڭ 579 ـ يىلى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ بىكە (مەلىكە) لىرىدىن ئاسىنا بىكە، شىمالى جۇ سۇلالىسى (557 ـ 581 ـ يىللار) نىڭ خانى جۇشۈەندىغا ياتلىق قىلىنغاندا، تۈرك خاقانلىقىنىڭ پايتەختى ئۆتۈكەندىن چاڭئەنگە (شىئەنگە) ئاسىنا بىكە بىلەن بىللە سۇ جاۋا ئاتلىق مەشھۇر مۇزىكا ئۇستازىمۇ كەلگەن. ئۇ كۇچالىق بولۇپ، سۈي سۇلالىسى ۋاقتىدا (581 ـ 618 ـ يىللار) چاڭئەندە ئۇزۇن مۇددەت تۇرغان. سۇجاۋا شۇ مەزگىلدە، جۇڭگو مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بەكمۇ تۆۋەن، نامراتلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش، ئۇنىڭ سەنئىتىنى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مۇكەممەل بولغان توققۇز يۈرۈش مۇزىكا سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان. ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

1. كۇچا مۇزىكىسى، 2. قەشقەر مۇزىكىسى، 3. بۇخارا مۇزىكىسى، 4. سەمەرقەنت مۇزىكىسى، 5. غەربىي لياۋ مۇزىكىسى، 6. ھىندى مۇزىكىسى، 7. كۇرىيە مۇزىكىسى، 8. چىڭ مۇزىكىسى، 9. لى خۇا مۇزىكىسى. بۇنىڭ ئىچىدە چىڭ مۇزىكىسى بىلەن لى خۇا مۇزىكىسى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىسى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەتتە خىل مۇزىكىنىڭ ئىچىدىن ھىندى مۇزىكىسى

بىلەن كورىيە مۇزىكىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان بەش خىل مۇزىكا كۇچا مۇزىكىسىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئىدى.

سۇجاۋا پىيبا چېلىشقا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، شۇ چاغدا جۇڭگودىن ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك بىرەر مۇزىكانت چىققان ئەمەس. شۇڭا ئۇ مۇزىكا ئۇستازى دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا ئىگە بولغان.

جۇڭگو تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە (618 ـ 907 ـ يىللار) سۇجاۋا يارتىپ بەرگەن توققۇز يۇرۇش مۇزىكا سىستېمىسى ئاساسىدا 640 ـ يىلى 10 يۇرۇش مۇزىكا سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. بۇلار تۆۋەندىكىچە: 1. كۇچا مۇزىكىسى، 2. قەشقەر مۇزىكىسى، 3. تۇرپان مۇزىكىسى، 4. غەربىي لياڭ مۇزىكىسى، 5. بۇخارا مۇزىكىسى، 6. سەمەرقەنت مۇزىكىسى، 7. كامبودژا مۇزىكىسى، 8. كورىيە مۇزىكىسى، 9. يەن مۇزىكىسى، 10. چىڭ شاڭ مۇزىكىسى. مانا شۇ ئون يۇرۇش مۇزىكا سىستېمىسى ئىچىدە ئالتە خىل مۇزىكا (بۇنىڭغا تۇرپان مۇزىكىسى قوشۇلغان) كۇچا مۇزىكىسىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى غەربىي لياڭ مۇزىكىسىمۇ مەلۇم دەرىجىدە خەنزۇ مۇزىكىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان خون مۇزىكىسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئىدى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى كۇچا ئۇسۇلىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر ئۇسسۇل ـ سەنئىتىمۇ، ئۇيغۇر مىللىي ھەيكەلتاراشلىقى بىلەن رەسساملىقنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاساس قىلغان بۇددا سەنئىتىمۇ (ئاساسەن ھەيكەلتاراشلىق ۋە رەسساملىق) خەنزۇلارنىڭ ھەيكەلتاراشلىق ۋە رەسساملىق سەنئىتىگىمۇ كۈچلۈك تەسىر قىلغان. بۇنىڭغا دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆيىدىكى ھەيكەللەر، تام سىزما رەسىملىرى ئىسپات بولىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەنلىك ئۇيغۇر رەسسامى يۈچىيزىڭ تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى لى شىمىننىڭ (627 ـ 649 ـ يىللار) تەكلىپىگە بىنائەن شىئەنگە كېلىپ ساكيامۇنىنىڭ تىپىك سۈرىتىنى سىزىپ بەرگەن. جۇڭگو رەسساملىرى بۇددا رەسساملىقىدىكى رەسىم سىزىش سەنئىتىنى ۋە غەرب ئەللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ رەسىمىنى سىزىش سەنئىتىنى ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن. چۈنكى يۈچىيزىڭ رەسساملىقتا (غەرب ئۇسلۇبىدىكى رەسساملىقتا) تەڭدىشى يوق رەسسام ئىدى.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى چاغدىكى مەنىۋىي مەدەنىيەتنىڭ (پەلسەپە بىلەن ئەدەبىياتنىڭ) بېيىشى ۋە يۈكسىلىشىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قوشقان ئۆچمەس

تۆھپىسىدىن ئاجرىتىپ قاراش تولىمۇ بىمەنىلىك بولىدۇ.

بۇددا دىنى ئەڭ دەسلەپ جۇڭگوغا تارقىلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يىلتىز تارتقان ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر بۇددىست، راھىبلار 3 ـ ئەسىردىن باشلاپ بۇددا دىنىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇشقا كىرىشكەن. بۇنىڭغا كۇچالىق ئۇلۇغ بۇددىست پەيلاسوپ ۋە مەشھۇر تەرجىمان، شائىر كوماراجىۋانى مىسال كەلتۈرۈش يېتەرلىك.

كوماراجىۋا (مىلادىنىڭ 344 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 431 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) كىچىك ۋاقتىدا دادىسىغا ئەگىشىپ ھىندىستانغا بارغان. ئۇ ھىندىستاندا كۆپ يىللار تۇرۇپ بۇددىزىم ئەقىدىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. شۇ چاغلاردا بۇددىزىم تەلىماتىدا ماخىيانا ۋە خىنيايانا دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ ئىككى مەزھەپ، ئىككى ئېقىم بار ئىدى. كوماراجىۋا بۇ ئىككى چوڭ مەزھەپ ئىچىدىن خىنيايانا مەزھىپىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ ھىندىستاندىن قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدا قەشقەردە شورى ئاساما ئاتلىق بۇددا راھىبىغا يولۇققان ۋە ئۇنىڭدىن ماخىيانا مەزھىپىنى ئۆگىنىپ بۇرۇن قوبۇل قىلغان خىنيايانا مەزھىپىدىن ۋاز كەچكەن. كوماراجىۋا قەشقەردىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا كەلگەندە ئاجايىپ بىر راھىبقا يولۇققان، ئۇ راھىب ئۆزىنى دۇنيادا تەڭداشسىز راھىب ھېسابلاپ ھەمىشە ماختىنىپ: «ئەگەر بۇددا ئەقىدىلىرى بويىچە بىرەر كىشى مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىپ مېنى يېڭىدىغان بولسا ئۇنداق كىشىگە بېشىمنى كېسىپ بېرىمەن» دەيدىكەن. كوماراجىۋا شۇ راھىب بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئۇنى يېڭىپ قويىدۇ. بۇ ۋەقە غەربتىكى بۇددا دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. كوماراجىۋانىڭ داڭقى غەرب ئەللىرىگە تارقىلىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كۇچا خانى ناھايىتى چوڭ پەخىرلىنىش ھېس قىلىپ كوماراجىۋانىڭ ئالدىغا ـ ئاقسۇغا كېلىپ ئۇنى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن كۇچاغا ئېلىپ كېتىدۇ. كوماراجىۋانى كۇچا دۆلىتىنىڭ پىر ئۇستازى دەپ جاكارلايدۇ.

تارىختىن خەۋىرى بار كىشىلەرگە مەلۇم بولغانىدەك كوماراجىۋا مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن مىلادىنىڭ 385 ـ يىلى ھازىرقى گەنسۇنىڭ ئۇۋېيغا كەلگەن. ئۇ شۇ جايدا 15 يىل تۇرغان. كوماراجىۋا شۇ مەزگىلدە خەنزۇ يېزىقىنى (تىلىنى) پۇختا، مۇكەممەل، چوڭقۇر ئۆگەنگەن.

شۇ چاغدىكى جۇڭگو تارىخىدا «ئىككى جىن سۇلالىسى» بىلەن «شىمالى ۋە جەنۇبى سۇلالىلەر دەۋرى» دەپ ئاتالغان ناھايىتى قالايمىقان (ئاساسەن ئۇرۇش

قالايمىقانچىلىقى) بىر دەۋر ئىدى. جۇڭگودىكى بەزى خانلىقلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرى بۇددا دىنىنىڭ نادان، ساددا خەلقلەرنى ئاسانلا ئالداپ كېتەلەيدىغان پاسسىپ ئىدىيىسىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى بىخۇتلاشتۇرۇپ ئۆزلىرىگە قارشى چىقمايدىغان يۇۋاش پۇقرالارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە قارىماي بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بۇددا دىنىنى تەشەببۇس قىلىشقا ئىدى. بۇددا دىنىغا كۈچلۈك تەرەپدار بولغان كېيىنكى چىن خانلىقى (384 - 417 - يىللار) نىڭ خانى ياۋشىيىن (مىلادىنىڭ 394 - يىلىدىن 415 - يىلىغىچە خان بولغان) مىلادىنىڭ 401 - يىلى كوماراجىۋانى تەكلىپ قىلىپ شىئەنگە ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇنى دۆلەتنىڭ پىر ئۇستازى دەپ جاكارلىغان. ياۋشىيىننىڭ يارتىپ بەرگەن كەڭ ئىمكانىيەتتىن پايدىلانغان كوماراجىۋا شىئەندىكى مەشھۇر بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بىرىدە 3000 شاگىرتقا بۇددا ئەقىدىلىرىدىن دەرس بەرگەن. ياۋشىيىن دائىم ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرقانچىسى «دانىشمەن - ئەۋلىيا» دېگەن نامغا ئىگە بولغان.

كوماراجىۋا شىئەندە بۇددا ئەقىدىلىرىدىن دەرس ئۆتكەندىن تاشقىرى بۇددا نوملاردىن 384 جىلدلىق 74 پارچە كىتابنى قەدىمكى ھىندى تىلىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا بەدىئىيلىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بۇددا رىۋايەتلىرىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قەدىمكى ھىندى تىلىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ قولىدىن چىققان تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تىلى بەكمۇ راۋان، مەزمۇنى چوڭقۇر بولسىمۇ، چۈشىنىشلىك بولغان.

كوماراجىۋانىڭ دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پائالىيىتى جۇڭگو بۇددىزىم پەلسەپىسىنىڭ ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ، ئۇلۇغ بۇددىست، پەيلاسوپ، داڭلىق تەرجىمان، تالانتلىق شائىر دېگەن نامغا ئىگە بولغان.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى چاغدىن تارتىپ 15 - ئەسىرگىچە (ئۇلۇغ ساياھەتچى ماگېللان غەرب بىلەن شەرق ۋە شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى دېڭىز، ئوكيان يولىنى ئاچقۇچى) ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئارىسىدىكى خەلقئارا قاتناش يولى (ئاتالمىش يىپەك يولى) يالغۇزلا غەرب بىلەن شەرق ئەللىرى ئارا سودا ئارقىلىق ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش يولى بولۇپلا قالماستىن، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋي مىللىي

مەدەنىيىتى ئاساسىدا شانلىق، يۈكسەك مەدەنىيەت يارىتىشىدا ئالتۇن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. بولۇپمۇ بۇ ئۇلۇغ تارىخىي مۆجىزىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئاساسى (ئۆگىتىش ۋە تونۇشتۇرۇش جەھەتتە) رولىنى ئوينىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۆز تارىخىنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغان قەدىمكى باسقۇچلىرىدا ئىران ئەھمانىيلار سۇلالىسى (مىلادىدىن 700 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 328 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە هۆكۈم سۈرگەن)، گىرىك باكتىرىيە پادىشاھلىقى (مىلادىدىن 250 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە هۆكۈم سۈرگەن)، ياۋچىلار دۆلىتى بولغان توخارىستان (مىلادىدىن 150 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغقىچە هۆكۈم سۈرگەن)، كوشان ئىمپېرىيىسى (مىلادىدىن 50 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىنىڭ 420 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، ئاق هون ئىمپېرىيىسى (مىلادىنىڭ 420 ـ يىلىدىن 565 ـ يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قەدىمكى چاغدىكى شانلىق مەدەنىيىتىنى يارىتىشىغا قاتناشقان بولسا، تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى (552 ـ 745 ـ يىللار) ناھايىتى يۈكسەك مەدەنىيەتنى ياراتقۇچىلار قاتارىدىن ئۈستۈن ئورۇن ئالغان ئىدى.

مەنبە: «خوتەن سىفەن ئىلمىي ژۇرنىلى 1986 – يىل 1 – سان.

9 786054 944125